
مىخايىل شولوخوۋ
تىنچ دون
(4)



مىخايىل شولوخوۋ

# تىنچ دون

(4 - كىتاب)

تەرجىمە قىلغۇچى: رەخمەتۇللا جارى
مەسئۇل مۇھەررىرى: غوجاخۇن خۇداۋەردى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

بۇ كىتاب خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1957 - يىل 11 - ئايدا
نەشىر قىلىنغان 1 - نەشرى، 5 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.

本书根据人民文学出版社一九五七年十一月第一版第五次印刷本翻
译。

مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبراھىم مۆمىن

قىنچ دون (4)

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشىر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 26.25
1986 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1987 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 - 5371 - 0075 - 6/I - 20
كىتاب نومۇرى: M10124·235
سانى: 1 — 7,150
باھاسى: 2.75 يۈەن

# يەتتىنچى قىسىم

# 1

يۇقىرىقى دون قوزغىلىڭى قىزىل ئەسكەرلەر قوشۇنلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى جەنۇبىي فرونتتىن ئۆزىگە تارتىپ، بەنت قىلىپ تۇرغانىدى، بۇھال دون ئارمىيىسى قوماندانلىقىغا نوۋوچېركاسسكىنى ھىمايە قىلىپ تۇرغان فرونتتىكى ئۆز كۈچلىرىنى ئەركىن - ئازادە يېڭىباشتىن گۇرۇپپىلارغا ئايرىش ئىمكانىيىتىنى بېرىپلا قالماستىن، بەلكى كامېنسكايا ۋە ئۇست-بېلوكالىتۋېنسكايا يېزا بازارلىرى رايونىدا ئەڭ ماتانەتلىك ۋە تەجرىبىلىك ئاق گۋاردىيە پولكلىرىدىن، ئاساسەن، تۆۋەنكى دون پولكلىرى بىلەن قالماق پولكلىرىدىن كۈچلۈك، زەربىدار بىر گۇرۇپپىنى توپلاش ئىمكانىيىتىنىمۇ بەرگەنىدى، بۇ گۇرۇپپىنىڭ ۋەزىپىسىگە مۇنۇلار كىرەتتى: مۇۋاپىق پەيتتە، گېنېرال فىتسخالائۇرووۋنىڭ قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ، 8 - قىزىل ئارمىيىنىڭ بىرقىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان 12 - دىۋىزىيىسىنى سۈرۈپ توقاي قىلىش، ئۇنىڭ بىلەن 13 - دىۋىزىيىنىڭ ۋە ئۇرال دىۋىزىيىسىنىڭ يان قانىتى بىلەن ئارقا تەرىپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، شىمالغا يېرىپ ئۆتۈش. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن يۇقىرىقى دونلۇقلارغا قوشۇلۇۋېلىش.

دون ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى گېنېرال دېنىسوف بىلەن شتاب باشلىقى گېنېرال پولياكوف ئۆز ۋاقتىدا تۈزۈپ چىققان زەربىدار گۇرۇپپىنى توپلاش پىلانى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرىدا

پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ بولدى. گامېنسكاياغا 36 توپ ۋە 140 پىلىموتى بار 1600 گە يېقىن مىلتىق ۋە قىلىچ بىلەن قوراللانغان ئەسكەر يۆتكەپ كېلىندى؛ 1918 - يىلى يازدا ئەسكەر يىغىشقا توشقان ياش كازاكلاردىن تەشكىل قىلىنغان ياشلار ئارمىيىسى دەپ ئاتالغان ئارمىيىنىڭ ئاخىرقى ئاتلىق قىسىملىرى ۋە خىللانغان پولكلىرى كەلتۈرۈلۈۋاتاتتى.

دەل شۇ چاغدا تۆت تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىنغان قوزغىلاڭچىلار قىزىل ئارمىيە جازا قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇۋاتاتتى. جەنۇبتا، دوننىڭ سول قىرغىقىدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىككى دىۋىزىيىسى خەندەكلەرگە مەھكەم بېكىنىۋالغان بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن ئۇرۇش سەپلىرىدە نۇرغۇنلىغان قىزىل ئارمىيە باتارېيىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئۈزلۈكسىز ۋە دەھشەتلىك ئوت ئېچىپ تۇرغانلىقىغا قارىماستىن، دۈشمەننىڭ دوندىن ئۆتۈشىگە ئىمكان بەرمەيۋاتاتتى؛ قالغان ئۈچ دىۋىزىيە غەرب، شىمال ۋە شەرق تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلار تېررىتورىيىسىنى قوغداپ تۇراتتى، ئۇلار غايەت زور چىقىمغا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ شەرقىي شىمال ئۇچاستكىدا تالاپەت ئېغىر بولدى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار زادىلا چېكىنمەستىن، ھەممە ۋاقىت بەرداشلىق كۆرسىتىپ، خوپېر ئوكرۇگىنىڭ چېگرىسىدىن چىقمىدى.

ئۆز يېزىسىنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان ۋە مەجبۇرىي بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ كەتكەن تاتارىسكىي يېزىسىنىڭ يۈزلۈك بۆلۈنمىسى بىركۈنى توساتتىن قىزىل ئەسكەرلەرگە ۋەھىمە سالدى: ئۆز ئىختىيارىي بىلەن چاقىرىلغان كازاكلار قاراڭغۇ كېچىدە ئۈن - تىۋىش چىقارماستىن، چوڭ قېيىقلارغا ئولتۇرۇپ، دوننىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۈزۈپ ئۆتۈپ، قىزىل ئەسكەرلەر قاراۋۇلخانىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى - دە، تۆت قىزىل ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، بىر پىلىموتنى قولغا چۈشۈردى. ئەتىسى قىزىللار ۋېشېنسكايانىڭ

ۋېشىدىن باتارېيە يۆتكەپ كەلدى، بۇ باتارېيە كازاكلارنىڭ خەندەكلىرىگە نېرىدىن بېرى ئوت ئاچتى. ئورمانغا شىراپنېل تاراقلاپ چۈشۈش بىلەنلا، بۆلۈنمە ئالدىراش خەندەكلەرنى تاشلاپ، دون قىرغىقىدىن يىراق يەرگە — ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە چېكىندى. بىر سوتكىدىن كېيىن قىزىللار ئۆز باتارېيىسىنى كەينىگە چاقىرىپ ئەكەتتى - دە، تاتارىسكى كازاكلىرى ئۆزلىرىنىڭ تاشلاپ كەتكەن پوزىتسىيىلىرىگە قايتىپ كېلىپ قايتا ئورۇنلاشتى. زەمبىرەك ئوقلىرىدىن بۆلۈنمە چىقىمغا ئۇچرىدى: يېقىندا تولۇق-لاندۇرۇشقا كەلگەن ئەسكەرلەردىن ئىككى ئۆسمۈر كازاك سىنارەت پارچىلىرى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى ۋە مۇشۇ ۋەقە ئالدىدىلا ۋېشېنسكا-يادىن كەلگەن بۆلۈنمە كوماندىرىنىڭ چاپارمىنى يارىدار بولدى.

ئۇندىن كېيىن بىر قەدەر جىمجىتلىق ئورناشتى - دە، خەندەكلەردىكى تۇرمۇش بۇرۇنقى قېلىپىغا چۈشتى. خوتۇنلار خەندەكلەرگە پات - پات كېلىشىپ، كېچىلىرى نان بىلەن سامۇگون ئەكىلىشەتتى، كازاكلار ئاش - تاماقتا موھتاجلىق تارتمايتتى؛ ئېزىپ كېلىپ قالغان ئىككى موزايىنى سويۇشتى، بۇنىڭدىن باش-قا ھەركۈنى كۆللەردە بېلىق تۇتۇشاتتى. خرىستونە باش بېلىقچى بولۇپ سانىلاتتى. ئۇنىڭ ئىختىيارىدا ئون سارجىندەك يايما تور بولۇپ، بۇ تورنى چېكىنگۈچىلەردىن بىرى قىرغاقتا تاشلاپ كەتكەن يېرىدىن بۆلۈنمە تېپىۋالغانىدى، خرىستونە شۇ تورنى سۆرەپ يۈرۈپ، دائىم «چوڭقۇرلۇقتىن» بېلىق تۇتاتتى، بۇ ئوتلاقتا مەن كېچىپ ئۆتمىگەن بىرمۇ كۆل يوق دەپ ماختىناتتى ئۇ. ئۇ بىر ھەپتە ھارماي - تالماي بېلىق تۇتقان-دىن كېيىن كۆكلەك - شالۋۇرلىرىغا يۇسىمۇ چىقمايدىغان بېلىقنىڭ نەم پۇرىقى شۇنچىلىك سىڭىپ كەتتىكى، ئانىكۇشكا ئاخىر بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىر گەمىدە يېتىشقا قەتئىي ئۇنىمىدى، ئۇ مۇنداق دېدى:

— سەندىن خۇددى هارام بولۇپ قالغان لاقىتا بېلىقنىڭ پۇرىقىدەك بىر سېسىق پۇراق پۇراپ تۇرىدۇ! سەن بىلەن بۇيەردە يەنە بىر سوتكا بىللە تۇرىدىغان بولسام، بۇندىن كېيىن ئۆمۈربويى كۆڭلۈم بېلىقنى تارتمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

شۇچاغدىن تارتىپ ئانىكۇشكا، پاشا چاققانغا قارىماستىن، گەمىنىڭ تېشىدا ئۇخلايدىغان بولدى. ئۇ، ئۇخلاش ئالدىدىن چىرايىنى سەت پۈرۈشتۈرۈپ، قۇم ئۇستىدە چېچىلىپ قالغان بېلىق قاسىرىقىنى ۋە بەدبۇي ئىچ - قارنىنى سۈپۈرگە بىلەن تازىلاپ تۇراتتى، ئەمما خرىستونە ھەرئەتىگىنى بېلىق تۇتۇشتىن قايتىپ كەلگەندە، گەمىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىغەملىك بىلەن ئالىپتە ئولتۇرۇپ، تۇتۇپ كەلگەن كاراس بېلىقلارنىڭ قارنىنى يېرىپ، يەنە تازىلاشقا كىرىشەتتى. ئۇنىڭ قېشىدا كۆك چىۋىنلار توپ - توپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى، ياۋۇز سېرىق چۈمۈلىلەر بۇلۇتتەك ئۆمىلەپ يۈرۈشەتتى، كېيىن ئانىكۇشكا هاسىرىغان پېتى يۈگۈرۈپ كېلىپ، يىراقتىنلا ۋارقىرايتتى:

— ساڭا باشقا يەر يوقمۇ؟ سەن ساراڭنىڭ گېلىڭغا ياكى بېلىقنىڭ قىلتىرىقى تۇرۇپ قالمايدىكەن! سەن بۇيەردىن نېرى كەت، خۇدا ھەققى! بۇ مېنىڭ ياتىدىغان يېرىم تۇرسا، سەن بۇ يەرگە بېلىقنىڭ ئۈچەي - باغرىنى تۆكۈپ، پۈتۈن ئوكرۇكتىكى چۈمۈلىلەرنى يىغىپ ئەكەلدىڭ، ئاستراخاندىكىدەك سېسىقچىلىق پەيدا قىلدىڭ!

خرىستونە ئۆزى ياسىۋالغان پىچىقنى ئىشتىنىغا ئېرتىپ، ئانىكۇشكىنىڭ غەزەپلەنگەن كوسا يۈزىگە ئويچانلىق بىلەن ئۇزاق قاراپ تۇراتتى - دە، ۋەزمىنلىك بىلەن مۇنداق دەيتتى:

— دېمەك، ئانىكەي، بېلىقنىڭ پۇرىقىغا چىداپ تۇرالمىغىنىڭغا قارىغاندا، ئىچىڭدە مەددە قۇرت بار ئوخشايدۇ، ئاچ قورساققا سامساق يېسەڭ قانداق؟

ئانىكۇشكا ئاغزىغا كەلگەننى تىللاپ، يەرگە تۈكۈرۈپ، كېتىپ قالاتتى.

بۇ جاڭجال كۈنمۇ كۈن داۋام قىلاتتى. ئەمما ئومۇمەن ئېيتقاندا بۆلۈنمە تىنىچ كۈن ئۆتكۈزەتتى، ستېپان ئاستاخوۋنى ھېسابقا ئالمىغاندا، توق تۇرمۇشتىن ھەممە كازاكلارنىڭ كۆڭلى خۇش ئىدى.

ستېپان ئاكسىنىيىنىڭ ۋېشېنسكايادا گرىگورىي بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى يېزىلىق كازاكلاردىن بىلىۋالدىمۇ ياكى يۈرىكى تۇيدىمۇ، ھەر ھالدا تۇساتتىن ئۇنىڭدا سېغىنىش پەيدا بولدى، يوقىلاڭ ئىش بىلەن ۋىزۋوت كوماندىرى بىلەن تىللىشىپ، قاراۋۇللۇق خىزمىتىگە چىقىشتىن قەتئىي باش تارتتى.

ئۇ گەمىدە قاراپوستەكىنىڭ ئۈستىدە مىدىرلىماي ياتاتتى، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، پات - پات ئۇھ تارتاتتى، ئۆزى ياسىۋالغان ئاچچىق تاماكىنى چاڭقاقلىق بىلەن چېكەتتى. كېيىن ئۇ بۆلۈنمە كوماندىرىنىڭ ئانىكۇشكىنى ۋېشېنسكاياغا ئوق - دورا ئەكىلىشكە ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئىككى سوتكا مابەينىدە بىرىنچى قېتىم گەمىدىن تاشقىرىغا چىقتى. نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇيقۇسىزلىقتىن ئىششىغان، ياشاڭغىراپ قالغان كۆزلىرىنى پىرىلدىتىپ، تەۋرىنىپ تۇرغان دەرەخلەرنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان نىبۆك - باراقسان ياپراقلىرىغا، شامالدا تۇزغىپ تۇرغان ئاق يايلىلىق بۇلۇتلارغا ئىشەنچسىزلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتتى، غۇۋۇلداپ تۇرغان ئورماننىڭ نالە - زارىسىغا قۇلاق سېلىپ، گەمە ئۆيلەرنىڭ يېنىسى بىلەن ئانىكۇشكىنى تاپقىلى كەتتى.

كازاكلارنىڭ ئالدىدا گەپ - سۆز قىلماستىن، ئانىكۇشكىنى بىر چەتكە چاقىرىپ، ئۆتۈنۈش قىلدى:

— ۋېشكىدا ئاكسىنىيىنى تېپىپ، سۆزۈمنى يەتكۈزۈپ قويغىن، مېنى كۆرگەلى كەلسۇن. مېنى پىتلاپ كېتىپتۇ دېگىن، كۆڭلەك - تامباللىرىم يۇيۇقسىز قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېيتىپ قويغىنكى... — ستېپان بىرلەھزە شۈك بولۇپ قېلىپ، مېيىقىدىكى خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرىشىنى يوشۇرۇپ، سۆزىنى تۈگەتتى: — قاتتىق سېغىنىپتۇ، كېلىشىگە بەكمۇ ئىنتىزاركەن، دەپ ئېيتىپ قويارسەن.

ئانىكۇشكا كېچىلەپ ۋېشېنىسكاياغا كەلدى، ئاكسىنىيە چۈشكەن ئۆينى تاپتى. ئاكسىنىيە گرىگورىي بىلەن گەپ تەگىشىپ قالغاندىن كېيىن ئاۋۋالقىدەكلا ھامماسىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. ئانىكۇشكا ستېپاننىڭ ئېيتقانلىرىنى تەپسىلىي يەتكۈزدى، ئەمما ئايالغا گەپ كۆچلۈكرەك تەسىر قىلسۇن ئۈچۈن ئۆز تەرىپىدىن سۆز قوشتى: ئەگەر ئاكسىنىيە بۆلۈنمە تۇرغان يەرگە كەلمەيدىغان بولسا، ۋېشېنىسكاياغا ئۆزۈم بارىمەن، دېدى ستېپان.

ئاكسىنىيە بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەييارلىنىشقا باشلىدى. ھامماسى ئالدىراش خېمىر تۇتۇپ، بوغۇرساق پىشۇردى، ئىككى سائەتتىن كېيىن بۇ ئىتائەتچان خوتۇن ئاكسىنىيە ئانىكۇشكا بىلەن بىللە تاتارىسكىي بۆلۈنمىسى تۇرۇۋاتقان يەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

ستېپان ئايالنى ئىچكى ھاياجىنىنى بىلىندۈرمەي قارشى ئالدى. ئۇ ئايالنىڭ ياداپ كەتكەن يۈزىگە سىنچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھال - ئەھۋال سورىدى، ئەمما ئۇنىڭ گرىگورىينى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكى توغرۇلۇق بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. پەقەت بىر قېتىم سۆز ئارىسىدا يەرگە قاراپ تۇرۇپ، سەل ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ سورىدى:

— نېمىشقا سەن ۋېشكىغا ئوڭ تەرەپ بىلەن كەلدىڭ؟ نېمىشقا يېزىنىڭ ئۇدۇلىدىن دەريانى كېسىپ ئۆتمىدىڭ؟

ئاكسىنىيە قۇرۇقلا جاۋاب بېرىپ، يات ئادەملەر بىلەن بىللە ئۆتۈش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقىنى، مېلىخوفلاردىن ئىلتىماس قىلىشنى خالىمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن بۇ گەپتىن گويا مېلىخوفلار ئۇنىڭغا يات ئادەم ئەمەس، بەلكى ئۆز كىشىسىدەك بولۇپ چىققانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ستېپان سۆزۈمنى ئاشۇنداق چۈشەنگەنمىدۇ دەپ ئويلاپ كەتتى. ستېپان ئاشۇنداق چۈشەنگەنمۇ بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ قاپىقى دىرىلداپ، يۈزىدە سايىسى ئەكس ئەتكەندەك بولدى.

ئۇ ئاكسىنىيىگە سوئال نەزەرى بىلەن كۆز تىكتى، ئاكسىنىيە بولسا، بۇ ئۈن - تىۋشسىز سوئالنى چۈشىنىپ، ئۇيات ۋە ئەپسۇس - پۇشايماندىن قىزىرىپ كەتتى.

ستېپان، ئايالىغا رەھىم كېلىپ، ھېچنېمىنى سەزمىگەن كىشى بولۇۋالدى - دە، گەپنى ئائىلە ئىشلىرىغا يۆتكەپ، ئۆيدىن كېتىش ئالدىدا مال - مۈلۈكلەرنى يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلىدىڭمۇ، ئوبدانراق يوشۇردۇڭمۇ، دەپ سۈرۈشتۈرگەن بولدى.

ئاكسىنىيە ئېرىنىڭ ئۆزىگە كەڭ قورساقلىق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب بەردى، ئەمما دائىم ئىچى تىت - تىت بولۇپ، ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇردى، شۇڭا ئۆز ئارىلىرىدا بىكاردىن - بىكار ئۇقۇشۇلماسلىق پەيدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئىچكى ھاياجىنىنى سەزدۈرمەسلىك ئۈچۈن، سۆزىنى ئەتەي ئاستىلىتىپ، گېپىنى ئەپلەپ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن تۇرغاقلا سۆزلىدى.

ئۇلار گەمىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ سۆزلەشتى. كازاكلار بۇ ئىككىسىنىڭ سۆزىگە كاشىلا بولۇپ تۇردى، بىر دەم بىرى كىرسە، بىر دەم يەنە بىرى كىرەتتى، خىرىستونە كېلىپ، دەرھاللا شۇيەردە يېتىپ ئۇخلىماقچى بولدى. ستېپان، بىگانە

ئادەملەرنىڭ ئالدىدا سۆزلىشىشكە بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئائىلاج پاراڭنى توختاتتى.

ئاكسىنىيە ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلغانلىقىغا خۇش بولۇپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، دەرھال تۈگۈنچەكنى يېشىپ، ۋېشېنسكايادىن ئەكەلگەن بوغۇرساقلار بىلەن ئېرىنى مېھمان قىلدى ۋە ستېپاننىڭ سەپەر سومكىسىدىن كىر - قاتلىرىنى ئېلىپ، ئۇنى يېقىن بىر يەردىكى كۆلدە يۇغىلى ئاچىقىپ كەتتى.

ئورماننىڭ ئۈستىنى تاڭ ئالدىدىكى سۈكۈنات بىلەن ھاۋارەڭ تۇمان قاپلىغانىدى. شەبنەم بىلەن ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئوت - چۆپلەر يەرگە ئېگىلىشىپ تۇراتتى. كۆللەردە پاقىلار بەس - بەستە كوركىرىشاتتى، نەدىدۇر، يېقىنلا بىر يەردە، گەمىنىڭ قىشىدىكى بۆك - باراقسان ئۆسكەن ئېرەن كۆچىتىنىڭ ئارقىسىدا قىزىل ئاياغ قۇش چىرىلدايتتى.

ئاكسىنىيە شۇ كۆچەتنىڭ يېنى بىلەن ئۆتتى. بۇ كۆچەتنىڭ غولىغا باشتىن - ئاياغ پۈتۈنلەي ئوت - چۆپ پەلەكلىرى چىرماشقان بولۇپ، ئۆمۈچۈكلەر تور توقۇغانىدى. ئۆمۈچۈك تورلىرى يېپىغا تىزىلغان شەبنەم تامچىلىرى مەرۋايىتتەك پارقىرايتتى. قىزىل ئاياغ قۇش بىر مىنۇت جىمجىت قالدى، ئۇندىن كېيىن ئاكسىنىيىنىڭ يالىڭاياق پۇتى ئاستىدا چەيلەنگەن مايسا بېشىنى كۆتۈرۈپ رۇسلىنىپ بولماستىنلا يەنە سايراشقا باشلىدى، كۆلدىن ئۇچۇپ چىققان قىزغىش ئۇنىڭغا مۇڭلۇق ئۈن بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

ئاكسىنىيە كوفتىسىنى ۋە ھەرىكەتلىنىشىگە تاقىشىپ تۇرغان لىپتىكىنى يېشىپ تاشلىدى، كۆلنىڭ ھورلىنىپ تۇرغان ئىللىق سۈيىگە تىزىغىچە كىرىپ، كىرنى يۇيۇشقا كىرىشتى. بېشى ئۈستىدە ئۇششاق كۆمۈتلار قايناپ، پاشىلار غوڭۇلدايتتى. ئۇ، جەينى-

كىدىن پۈكۈلگەن سىمىزگىنە قاراقۇمچاق بىلىكى بىلەن پاشىنى قورۇپ، ھەدېسە يۈزىنى سىيپايتتى. ھەردائىم گرىگورىينى ئويلايتتى، بۆلۈنمىگە كېلىشتىن ئىلگىرى يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئارازلىششنى ئەسلەيتتى:

«ئېھتىمال، ئۇ ھازىر مېنى ئىزلەۋاتقاندۇ؟ بۈگۈن كەچ كىرىش بىلەنلا ۋېشكىغا قايتىمەن!» — دەپ قەتئىي قارارغا كەلدى، ئاكسىنىيە ۋە گرىگورىي بىلەن قانداق ئۇچرىشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن قانداق يارىشىدىغانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، كۈلۈپ قويدى.

ئەجەب بىر ھال: كېيىنكى چاغدا ئۇ گرىگورىينى ئويلىغاندا، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھازىرقىدەك گەۋدىلىك، ئەر يۈرەك، كۆپنى كۆرگەن، نۇرغۇن ئىشنى باشتىن كەچۈرگەن، كۆزلىرى ھارغىنلىق بىلەن قىسىلىپ تۇرىدىغان، قارا بۇرۇتىنىڭ ئۇچلىرى سارغۇچ تۈسكە كىرگەن، ۋاقىتسىز ئىككى چېكىسىگە ئاق سانجىغان، پېشانىسىدە — ئۇرۇش يىللىرىدا تارتقان ئازابلىرىنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى بولمىش رەھىمسىز قورۇق پەيدا بولغان كازاك گرىگورىي ئەمەس، بەلكى مۇئامىلىدە ئۆسمۈرلەرچە خام ۋە قوپال، بويىنى ياش يىگىتكە خاس يۇمىلاق ۋە ئىنچىكە، بىغەم ئىسكەتتىكى لەۋلىرى ھەمىشەم كۈلۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ بۇرۇنقى گرىشكا مېلېخوف نامايان بولاتتى.

شۇڭا ئاكسىنىيىنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ بارغانسېرى ئۆسۈپ بېرىشى ۋە دېيەرلىك ئانىلىق مېھرىبانلىقتەك بىر تۇيغۇنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى ئەنە شۇنىڭدىن ئىدى.

مانا شۇ تاپتىمۇ ئاكسىنىيە گرىگورىينىڭ چەكسىز قەدىردان چېھرىسىنىڭ سىماسىنى ئوچۇق ئېسىگە كەلتۈرۈپ، ئېغىر نەپەس

ئېلىشقا، كۆلۈمسىرەشكە باشلىدى، ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، ئېرىنىڭ چالا يۇيۇلغان كۆڭلىكىنى ئايىغىنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قويدى ۋە توساتتىن قاپساپ كەلگەن شېرىن ھۆكرەشنىڭ ئىسسىق يۇمىلاق نەرسىدەك گېلىدا تۇرۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، پىچىرلىدى:

— سەن لەنىتى ئۆمۈر بويى خاتىرەمدە قالدىڭ!

كۆزيېشى ئاكسىنىيېنى يېنىكلەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇندىن كېيىن ئەتراپىنى قاپلاپ تۇرغان ئەتىگەنكى ھاۋارەڭ دۇنيانىڭ تۈسى ئۆزگەندەك بولدى. ئۇ ئىككى مەڭزىنى قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن سۈرتتى، نەملەشكەن ماڭلىيىدىن چاچلىرىنى ئارقىسىغا قايرىدى ۋە كىچىككىنە سۇر بېلىقنىڭ سۇ ئۈستىدە پىلتىڭلاپ، شامالدا كۆپۈكلەشكەن تۇماننىڭ ھال رەڭ تور جىمىكى ئىچىدە غايىپ بولغانلىقىغا خىرەلەشكەن كۆزلىرىنى تىكىپ، پىكىر - خىيالسىز ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى.

كىرنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى كۆچەتنىڭ شاخلىرىغا يېيىپ قويۇپ، گەمىگە كىردى.

ئۇيقۇدىن ئويغانغان خىرىستونە ئىشىكنىڭ تۈۋىدە ئولتۇراتتى، ئۇ پۇتىنىڭ تۈگۈلۈپ قالغان ئەگرى - بۈگرى بارماقلىرىنى بىر - بىرلەپ ئايرىپ، ستېپاننى گەپكە سېلىشقا قاتتىق ئۇرۇناتتى، ستېپان تېرە پوستەكنىڭ ئۈستىدە يېتىپ، ئۈنچىقماي تاماكا چېكەتتى، خىرىستونەنىڭ سوئاللىرىغا زادىلا جاۋاب بەرمەيتتى.

— دېمەك، سېنىڭچە، قىزىللار دەريانىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتمەسمۇ؟ ئۈنچىقمايسەنغۇ؟ بوپتۇ، ئۈنچىقماي قوي. مېنىڭچە، ئۇلار تېيىز كېچىكلەردىن ئۆتۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ... چوقۇم تېيىز كېچىكلەردىن ئۆتىدۇ، باشقىچە بولمايدۇ! ئۇلارغا باشقا ئۆتىدىغان يەر يوق. ياكى سەن ئۇلارنىڭ ئاتلىقلىرى ئات بىلەن

ئۇزۇپ ئۆتىدۇ دەپ ئويلامسەن. نېمىشقا گەپ قىلمايسەن، ستېپان؟ دېمەك، ھازىر ئىش ئاياغلىشاي دەپ قالدى، ئەمما سەن بۇ يەردە كۆتەكتەك بىخەم ياتىسەن.

ستېپان چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، ئاچچىقى بىلەن جاۋاب بەردى:

— سەن نېمانچە يېپىشىۋالىسەن؟ ئاجايىپ مەخلۇق! بىراۋ-نىڭ ئايالى ھال سوراپ كەلسە، سەن خەقلەردىن خالى بول-غىلى بولمايدۇ... مەنىسى يوق ئەخمىقانە گەپ بىلەن ئاۋارە قىلىپ، خوتۇنى بىلەن بىرەر ئېغىز مۇڭداشقىلى قويمايدۇ!

— پاراڭلىشىدىغان ئادەم تاپتىم دەپ ئويلاپتىكەنمەن...— خرىستونە نارازى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، يالىڭاياق پۇتىغا مىجىقى چىققان چورۇقىنى كىيەى، بېشىنى ئىشىكنىڭ ماڭلىيىغا قاتتىق ئۇرىۋېلىپ تاشقىرىغا چىقتى.

— بىزگە بۇ يەردە سۆزلىشىشكە ئارامىلىق بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ، يۈر، ئورمانىنىڭ ئىچىگە بارايلى،— دېدى ستېپان.

شۇنىڭ بىلەن ئايالىنىڭ ماقۇللۇقىنى كۈتمەستىن، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئاكسىنيە ئىتائەتچانلىق بىلەن ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

ئۇلار گەمىگە چۈش بولغاندا قايتىپ كېلىشتى. ئۇلخا دەرەخزارلىقىنىڭ سايە سالقىنىدا ياتقان ئىككىنچى بۆلۈنمە كازاكلىرى ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، ئويناۋاتقان قارتىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، جىم بولۇشتى، ئاندىن مەنىلىك كۆز قىسىشىپ، كۈلۈشۈپ، مۇغەمبەرلىك بىلەن ئۇھ ـ ئۇھلاشتى.

ئاكسىنيە بېشىدىكى يۆرلىشىپ كەتكەن تورجىيەكلىك ئاق رومىلىنى مېڭىپ كېتىۋېتىپ تۈزەپ، لەۋلىرىنى نەپرەت بىلەن قىسايتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار ئاكسىنيىنى ئۈنچىقماي ئۆتكۈزۈۋەتتى، ئەمما ئارقىدىن ماڭغان ستېپان كا-

زاكلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئانكۇشكا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ،
قاتارلىشىپ ياتقان توپ ئىچىدىن ئايرىلىپ چىقتى. ئۇ هارام-
زادىلىك بىلەن ستېپانغا بېلىگىچە ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، بار
ئاۋازى بىلەن:

— هېيتىڭلار مۇبارەك بولسۇن... ئىپتار قىلغان ئوخشاي-
سىلەر! — دېدى.

ستېپان مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئايالى بىلەن
ئورمان ئىچىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى كازاكلارنىڭ كۆرگەن-
لىكىگە بەك خۇش ئىدى. چۈنكى بۇ ئىش ئەر - ئايال
ئىككىسى ئىناق ئۆتمەيدىكەن، دېگەن هەر خىل مىش - مىش
گەپلەرنىڭ ئازىيىشىغا مەلۇم دەرىجىدە پايدىسى بار ئىدى.
ستېپان هەتتا ياش يىگىتلەرچە ئىككى مۈرىسىنى
ئۇچۇرۇپ قويدى.

ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن جانلىنىپ كەتكەن كازاكلار قاقاقلاپ
كۈلۈشۈپ، قىزغىن گەپ باشلىشىۋەتتى:

— ياپىرەي، ئاغىنىلەر، يامان خوتۇن ئوخشايدۇ، جۇمۇ!
ستېپاننىڭ ئىسسىتىدىكى كۆڭلەكنى مىجىقلىۋېتىپتۇ... تاغىقىغا
مەھكەم يېپىشىۋالغان ئوخشايدۇ!

— ئۇ ئېرىنى تازا ئىشقا سالغان ئوخشايدۇ، پۈتۈن
ئەزايىنى تەرلىتىۋېتىپتۇ...

ئاكسىنىيە گەمىنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغۇچە ئارقىسىدىن
زوقلىنىپ كۆزىنىڭ خۇنى كەتكۈچە قاراپ تۇرغان بىر ياش
يىگىت ئېسىنى يوقىتىپ مۇنداق دەۋەتتى:

— ئون سەككىزىمنىڭ ئالەمدە مۇنداق گۈزەل جانانىنى تا-
پالمايسەن جۇمۇ، راست گەپ!

ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئانكۇشكا،

— سەن ئۆزۈڭ ئىزلەپ باقتىڭمۇ؟ — دەپ ئورۇنلۇق جاۋاب بەردى.

ئاكسىنىيە، ئەدەبسىز سۆزلەرنى ئاڭلاپ، رەڭگى ئۆڭدى. بايىقى ئېرى بىلەن يېقىنلاشقان ئىشلارنى ئەسكە ئېلىشى بىلەنلا يىرگىنىپ ۋە ئېرىنىڭ يولداشلىرىنىڭ ئۇياتسىز سۆزلىرىدىن چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ گەمىگە كىردى. ستېپان بىر قاراپلا ئۇنىڭ كەيپىياتىنى بىلدى - دە، كۆڭلىنى يالاپ مۇنداق دېدى:

— كىسيوشا، بۇ ئايغىرلارغا ئاچچىقىڭ كەلمىسۇن. ئۇلار ئىچ پۇشۇقىدىن شۇنداق گەپلەرنى قىلىشىدۇ.

— مېنىڭ ھېچكىمگە ئاچچىقىم كەلمەيدۇ، — ئاكسىنىيە پەس ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى - دە، ئۆزىنىڭ ماتا خالتىسىنى كولاشتۇرۇپ، ئىچىدىن ئېرىگە ئەكەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدىراشلىق بىلەن ئالدى. ئاندىن تېخىمۇ ئاستا سۆزلەپ، — مەن ئۆزۈمگە ئاچچىقلانسام بولاتتى، ئەمما ھېچ ئاچچىقىم كەلمەيۋاتىدۇ...، — دېدى.

بۇلارنىڭ پارىڭى نېمىشقىدۇر، قولاشمايتتى. ئون مىنۇتتىن كېيىن ئاكسىنىيە ئورنىدىن قوپتى. ئۇنىڭغا ۋېشكىغا بارىدىغانلىقىمنى ھازىرلا ئېيتاي، دەپ ئويلىدىيۇ، ئەمما ستېپاننىڭ قۇرۇپ قالغان كىر - قاتلىرىنى تېخى يىغىۋالمىغانلىقى دەرھال ئېسىگە چۈشتى.

ئۇ گەمىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئېرىنىڭ تەردىن چىرىپ كەتكەن كۆڭلەك - تامباللىرىنى ئۇزاققىچە يامىدى، ئۇ چۈشتىن ئېغىپ كېتىۋاتقان كۈنگە پات - پات قاراپ قويياتتى.

... شۇ كۈنى ئاكسىنىيە ئاخىر كېتەلمىدى. جاسارىتى يەتمىگەنىدى. شۇڭا ئەتىسى ئەتىگەن كۈنچىقىش بىلەنلا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. ستېپان ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇ-

نۇپ باقتى، يەنە بىر كۈن مېھمان بول دەپ ئۆتۈندى، ئەمما
ئاكسىنىيە قاتتىق تۇرۇپ ئۇنىمىغاندىن كېيىن ئۇ يالۋۇرۇشنى
قويۇپ، خوشلىشىش ئالدىدا پەقەت شۇنىلا سورىدى:
— سەن ۋېشكىدا تۇرماقچىمۇ؟
— ھازىرچە ۋېشكىدا.
— مېنىڭ قېشىمدا قالساڭ بولمامدۇ؟
— مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇمغا زادىلا بولمايدۇ... كا-
زاكلار ئارىسىدا...
— ئۇغۇ شۇنداق...— دەپ قوشۇلدى ستېپان، ئەمما
سوغۇقلا خوشلاشتى.
كۆچلۈك شەرقىي جەنۇب شامىلى چىقىۋاتاتتى. ئۇ يىراق
يەردىن ئەسكەچكە، كېچىچە چىقىۋېرىپ ھېرىپ قالغانىدى. شۇن-
داق بولسىمۇ ھەر ھالدا تاڭ ئاتارغا يېقىن كاسپىي دېڭىزىنىڭ
نېرىقى تەرىپىدىكى چۆللەرنىڭ چوغدەك ئىسسىقىنى ئە-
كەلدى - دە، سول قىرغاقنىڭ ئوت - چۆپ پىچانزارلىقىغا
يېپىلىشىپ، شەبنەملەرنى قۇرۇتىۋەتتى، تۇماننى تۇزغىتتى، دون
بويىدىكى تاغلارنىڭ گەج تىزمىلىرىنى قىزغۇچ تۇنجۇق چاڭ -
توزان بىلەن يۆركىدى.
ئاكسىنىيە چوروقىنى سېلىپ تاشلىدى - دە، سول قولى
بىلەن يوپكىسىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ (ئورمانىدىكى ئوت -
چۆپ ئۈستىدە تېخىچە شەبنەم بار ئىدى)، تاشلاندۇق ئورمان
يولى بىلەن يېنىك قەدەم تاشلاپ ماڭدى. يالىڭاياق پۇتلىرى
نەم يەردىن سالقىنداپ، ھوزۇرلىناتتى، ئەمما قۇرغاق شامال
ئۇنىڭ يالىڭاچ سېمىز پاقالچاقلىرىنى ۋە بويىنىنى ئىسسىق لەۋلىرى
بىلەن سۆيۈپ تۇراتتى.
ئاكسىنىيە ئوچۇق چىمەنزارلىقتا، چېچەك ئاچقان ئازغان
چاتقاللىقى يېنىدا ھاردۇق ئېلىشقا ئولتۇردى. سۈيى قۇرۇمىغان

گۈلچەكىنىڭ يېقىنلا بىر يېرىدە قومۇشنىڭ ئارىسىدا ياۋا
ئۆردەكلەر شىرىقلىشاتتى، يېشىل بويۇن ئەركەك ئۆردەك ئۆز
جۈپتىنى چاقىرىپ خىرقىلدايتتى. دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدە
ئاندا ـ ساندا، لېكىن توختاپ قالماستىن پىلىموتلار تاتاتلاپ
تۇراتتى، بىرەربىر توپ ئوقلىرى گۈلدۈرلەيتتى. بۇ تەرەپتە
بولسا سىنارەتنىڭ پارتلاشلىرى ئەكس سادادەك، گۈمبۈرلەپ
ئەتراپقا ياڭراپ كېتەتتى.

كېيىن مىلتىق ئوقى ئېتىلىشقا باشلايتتى ـ دە، ئاكسىنيىگە
دۇنيا ئۆزىنىڭ خىلمۇ خىل ئاۋازغا تولغان خەزىنىسىنىڭ
ئاغزىنى ئاچاتتى: مەجنۇنتالنىڭ تېگى ئاق يېشىل ياپراقلىرى
بىلەن ئەمەن دەرەخلىرىنىڭ قويما نەقىشدار ياپراقلىرى شامالدا
ئىزتىراپ بىلەن شىلدىرلايتتى؛ ياش تاغتېرەك چاتقاللىقى ئارى-
سىدىن بىر تۇتاش غۇۋۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى؛ يىراق ـ
يىراقتا كاككۇك غۇۋا، مۇڭلۇق سايراپ، كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ
قانچە يىل ئۆمرى قالغانلىقىنى سانايتتى؛ كۆلچەكنىڭ ئۈستىدىن
ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تاجىلىق قىزغىش: «سىلەر كىمنىڭكى، سىلەر
كىمنىڭكى؟» ـ دەپ ماتانەت بىلەن سورايتتى؛ ئاكسىنيىدىن ئىككى
قەدەم نېرىدا كىچىككىنە بىر كۆل رەڭ سۇندۇك بېشىنى ئارقىغا
ئېگىپ، كۆزىنى لەززەت بىلەن يۇمۇپ يولدىكى چاق ئىزى قال-
دۇرغان ئېرىقچىدىن سۇ ئىچەتتى؛ تۆكلىرى مەخمەلدەك ھەرىلەر
غوڭۇلدايتتى؛ ئوتلاق گۈللىرىنىڭ تاجلىرىدا قوڭۇر ياۋا ھەرىلەر
تەۋرىنەتتى. ئۇلار دۈررىدە كۆتۈرۈلۈپ، دەرەخنىڭ سايە ـ سال-
قىنلىق كاۋاكلىرىغا خۇش بوي «گۈل ـ چېچەك چېڭى» نى
توشۇماقتا. تېرەك شاخلىرىدىن شېرنە ـ شەربەت تامماتتى.
دولانا شاخلىرىنىڭ تۆۋىدىن بۇلتۇرقى چىرىگەن ياپراقلارنىڭ
چۈچۈمەل پۇرىقى ئاڭقىيتتى.

مىدىرلىماي ئولتۇرغان ئاكسىنيە ئورماننىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن

پۇراقلىرىنى مەززە قىلىپ سۈمۈرەتتى. خىلمۇخىل، ئاجايىپ نەغمە ـ ناۋاغا تولغان ئورمان ئىپتىدائىي دەۋرىدىكى قۇدرەتلىك ھايات بىلەن ئۆمۈر سۈرەتتى. باھار نەملىكىگە راسا تويۇنغان ئوتلاقنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى شۇ قەدەر باي، خىلمۇ خىل گىياھلارنى ئۆستۈرۈپ ۋايىغا يەتكۈزۈپتۇكى، ئاشۇ گۈل ـ گىياھ-لارنىڭ مۆجىزاتتەك توقۇلمىلىرى ئىچىدە ئاكسىنىيىنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ قالدى.

ئۇ، كۈلۈمسىرەپ ۋە ئۈنسىز لەۋلىرىنى پىچىرلىتىپ، نامسىز ھاۋا رەڭ ئاددىي گۈللەردىن ئاۋايلاپ دەستە تۈزدى، ئۇندىن كېيىن بۇ گۈل دەستىنى پۇرىماقچى بولۇپ، تولۇشقان قامىتىنى ئەگكەنىدى، بىردىنلا مەرۋايىت گۈلىنىڭ خۇش بۇي، يېقىم-لىق ھىدىنى بايقاپ قالدى. ئاكسىنىيە گىياھلارنى قولى بىلەن بىر ـ بىرلەپ ئاختۇرۇپ ئاخىر ئۇنى تاپتى. ئۇ شۇ يەردىلا، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان كۆلەڭگىلىك چاتقال تۈۋىدە ئۆسكەنىكەن. بېشىغا قاردەك ئاپئاق تاج كىيگەن، چېچەك كاسىلىرى پەسكە ئېگىلىپ تۇرغان پاكار، ئەگمەچ غولىنى بۇرۇنقى ياپېشىل، چوڭ ـ چوڭ ياپراقلىرى ھامان كۈن نۇرىدىن قىزغىنىپ قوغ-داپ تۇراتتى. ئەمما شەبنەم قاپلىغان سارغۇچ دات باسقان ياپراقلار ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. گۈلنىڭ ئۆزىگىمۇ ئەجەلنىڭ چىرىتكۈچ قولى سوزۇلغان: تۆۋەنكى ئىككى چىنىسى پۈرلىشىپ قارىداپ كېتىپتۇ، پەقەت پارقىراپ تۇرغان شەبنەم تامچىلىرى باسقان يۇقىرىقى ئۈچى تۇيۇقسىز كۈن نۇرىدا كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك ئاقلىقى بىلەن ۋالىلداپ كەتتى.

نېمىشقىدۇر مانا شۇ قىسقىغىنا لەھزە ئىچىدە ئاكسىنىيە مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆز يېشى بىلەن گۈلگە قاراپ، ئۇنىڭ مەھزۇن پۇرىقىنى ئىچىگە سۈمۈرۈپ ئولتۇرغاندا، ئۆزىنىڭ ياش-لىق چاغلىرىنى، شاد ـ خۇراملىقى ئاز بولغان ئۇزۇن ھاياتىنى

ئېسىگە چۈشۈردى. نېمە چارە، قارىغاندا، ئاكسىنيىنىڭ ئۆزىمۇ
قېرىپ قالغان ئوخشايدۇ... تاسادىپىي خاتىرە يۈرەكنى سىقىقاندا
ياش تۆكۈپ يىغلاش ئايال كىشىگە ياشلىقىدىنلا ئادەتمىكىن؟

شۇنداق قىلىپ، ئۇ، يۇم - يۇم ياش تۆكۈپ، ئاخىردا
كۆز يېشى بىلەن يۇيۇلغان يۈزىنى قولى بىلەن ئېتىۋېلىپ،
ئىششىپ كەتكەن ھۆل مەڭزىگە يوملانغان ياغلىقىنى بېسىپ
دۇملا ياتتى - دە، ئۇيقۇغا كەتتى.

شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ، تېرەك ۋە سۆگەتلەرنىڭ
باشلىرىنى غەرب تەرەپكە ئېگەتتى. ئاق موم دەرەخنىڭ ئېقىش
غولى قەھرىلىك شامال گىرداۋىدا بىزاۋىتا بولۇپ، غۇۋۇلداپ
تۇرغان ئاق ياپراقلار بىلەن پۈركەنگەن بولۇپ، تىنىمسىز
چايقىلاتتى. شامال تۆۋەنلەپ چىقىپ، چېچىكى ئېچىلىپ بولغان
ئازغاننىڭ شاخلىرى ئۈستىگە يېپىلدى، ئاكسىنيە شۇ ئازغاننىڭ
تۈۋىدە ئۇخلاۋاتاتتى، شۇ ئاردا، ئۇنىڭ ياپراقلىرى گويا
ئۈركۈپ ئۇچقان بىر توپ ئاجايىپ يېشىل قۇشلاردەك سىلكىنىپ،
ھال رەڭ بەرگلىرىنى تۆكۈپ، ۋەھىمىلىك شىلدىرلاپ، ھاۋادا
ئۇچاتتى. ئاكسىنيە، ئۈستىگە ئازغاننىڭ سولغان بەرگلىرى
سېپىلگەن ھالدا ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ نە چىرايى تۇتۇلغان ئور-
ماننىڭ ۋاۋقۇنىنى، نە دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدە يېڭىدىن پارلاپ
ئېتىلىشقا باشلىغان مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىمايتتى، قۇياش تىك
ئۈستىدىن قادىلىپ، ئوچۇق قالغان بېشىنى كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنىمۇ
تۇيمايتتى. ئۈستىدە بىر ئادەمنىڭ سۆزلىگىنى ۋە ئاتنىڭ
پىشقىرغىنى قۇلىقىغا كىرىپ، ئويغىنىپ كەتتى - دە، ئالدىراش
بېشىنى كۆتۈردى.

قارىسا، ئاق سېرىق بۇرۇتلۇق، چىشلىرى ئاپئاق بىر ياش
كازاك ئىنگەرلەنگەن ئاق تۇمشۇق ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ،
ئالدىدىلا تۇرۇپتۇ. كازاك ئاغزىنى كالاچتەك قىلىپ كۈلدى،

مۇرىسىنى لىكىلدىتىپ، بىر ئورۇندا تۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى، خىرقىراق، ئەمما يېقىملىق ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن كۆكۈللۈك بىر ناخشىنىڭ بىرنەچچە بېيىتىنى ئېيتتى:

غۇلاپ چۈشۈپ ياتتىم مەن،
ئەتراپىمغا باقتىم مەن.
بىر ئۆيياققا قارايمەن،
بىر بۇيياققا قارايمەن،
يار - يۆلەككە ھېچ جان يوق،
تۇرغۇزۇشقا ئىنسان يوق!
قايرىلسامەن شۇ ئاندا —
كازاك باركەن ئارقامدا...

— مەن ئۆزۈممۇ ئورنۇمدىن تۇرالايمەن! — ئاكسىنىيە كۈلۈپ دەسلا قوپۇپ كەتتى - دە، پۈرلەشكەن يوپكىسىنى تۈزەشتۈردى.

— سالامەت تۇردۇڭمۇ، سۆيۈملۈكۈم؟ ھېچ دەسسىيەلمەيسەنغۇ ياكى ماڭغۇڭ كەلمەيۋاتامدۇ؟ — دەپ سالاملاشتى خۇش چاقچاق كازاك.

— ئۆيقۇ ئېزىپ قويۇپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئاكسىنىيە ئىنزا تارتىپ.

— ۋېشكىغا كېتىۋاتامسەن؟

— ۋېشكىغا.

— مەن ئاپىرىپ قويايمۇ؟

— نېمە بىلەن؟

— سەن ئاتقا مىن، مەن پىيادە ماڭىمەن. ئەمما مېنىمۇ رازى قىلىسەن...، — كازاك مەنىلىك چاقچاق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— ياق، يوۇلۇك بولسۇن، كېتەۋەر، مەن ئۆزۈم يېتىپ بارالايمەن.

ئەمما كازاك ئىشىق - مۇھەببەتتە تەجرىبىلىك ۋە قەيسەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇ ئاكسىنىيىنىڭ رومال چىگىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، قىسقا، ئەمما كۈچلۈك قولى بىلەن ئۇنى قۇچاقلىۋالدى - دە، ئۆزىگە بىرلا تارتىپ سۆيمەكچى بولدى.

— ئەسكىلىك قىلما! — ئاكسىنىيە قاتتىق ۋارقىرىدى - دە، جەينىكى بىلەن ئۇنىڭ قاڭشىرىغا بىرنى سالدى.

— مەن بىلەن ئېلىشمەن دېمە، قوزىچىقىم! ئەتراپىڭغا قارا، نېمىدېگەن ھۇزۇر، راھەت... ھەممە جانىۋارلار جۈپلەشمەكتە... كەل، بىزمۇ بىر گۇناھقا پاتساق قانداق؟...، — كازاك كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى سۈزۈپ، بۇرۇتىنى ئاكسىنىيىنىڭ مەڭزىگە تەگكۈزۈپ، پىچىرلىدى.

ئاكسىنىيە قولىنى بوشىتىۋېلىپ، كازاكنىڭ بۇزۇرۇپ، تەرلەپ كەتكەن يۈزىگە ئىككى قولىنى قاتتىق تىرەپ، ئاچچىقلانماستىن، قۇتۇلۇپ چىقىشقا ھەرىكەت قىلىپ باقتى، ئەمما كازاك ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋالدى.

— ئەخمەق! مەن قاتتىق ئاغرىپ تۇرىمەن! قويۇۋەت! — دەپ ئۆتۈندى ئايال ھاسىراپ، ئۇ شۇنداق دېسەم بۇ ئاۋارىچىلىكتىن ئاسانلا قۇتۇلۇپ كېتىمەن دەپ ئويلىغانىدى.

— شۇمۇ؟... قېنى، قايسىمىزنىڭ ئاغرىقى ئېغىرراق! — كازاك سۆزىنى چايناپ غودۇڭشىپ قويدى - دە، تۇيۇقسىز ئاكسىنىيىنى بېلىدىن كۆتۈرۈۋالدى.

شۇ چاغدا ئايال چاقچاقنىڭ ئاياغلىشىپ، ئىشنىڭ يامانغا ئايلانغانلىقىنى سېزىپ، كازاكنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن تۇمشۇقىغا كەلتۈرۈپ بىر مۇشت سالدى - دە، ئۆزىنى قاتتىق ئۇشلاپ تۇرغان قولىدىن ئاجرىلىپ چىقتى.

— مەن گرىگورىي مېلېخوفنىڭ ئايالى! قېنى، يېقىن كېلىپ باققىنا، ئېتىڭ بالىسى!... ئۇنىڭغا ھەممىنى ئېيتىمەن، ئۇ سېنى شۇنداق...

ئاكسىنىيە شۇنداقتىمۇ بۇ سۆزلىرىنىڭ كارغا كېلمىدىغانلىقىغا ئىشەنمەستىن، قولىغا قۇرۇپ قالغان يوغان بىر تاياقنى ئالدى، ئەمما كازاك سۇ سەپكەندەك لاسسىدە بولۇپ قالدى. ئىككى بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتكەنلىكتىن، بۇرۇتىدىن ماش رەڭ كۆڭلىكىگە ئاققان قاننى يېڭى بىلەن ئېرتىپ، دىلسىيا بولۇپ دېدى:

— ئەخمەق! ھەي، ئەخمەق خوتۇن! نېمىشقا سەن بالدۇرراق دېمىدىڭ؟ قارىغىنا، قانىنىڭ ئېقىۋاتقانلىقىنى... بىز دۈشمەن بىلەن بولغان جەڭدە ئاز قان تۆكۈۋاتقاندەك، بۇ يەردە تېخى ئۆز نەسلىمىزدىن بولغان خوتۇنلارمۇ قان ئاققۇزۇشقا باشلاۋاتىدۇ...

كازاكنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلۇپ يېقىمسىز بولۇپ قالدى. ئۇ يول ياقىسىدىكى يىغىلىپ قالغان سۇ بىلەن يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ بولغۇچە، ئاكسىنىيە يولدىن شارتلا بۇرۇلدى-دە، ئالدىراش ئۇچۇقچىلىقتىن ئۆتۈپ كەتتى. بەش مىنۇتتىن كېيىن كازاك ئۇنى قوغلاپ يېتىپ، ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئاكسىنىيەگە كۆز قىرى بىلەن قاراپ، ئۇنچىقماي كۈلۈپ قويدى، مورىسىدىن تارتىلغان مىلتىق تاسمىسىنى جىددىي قىياپەتتە تۈزەپ قويۇپ، ئېتىنى تېز يورغىغا سېلىپ چاپتۇرۇپ كەتتى.

## 2

شۇ كۈنى كېچىسى قىزىل ئەسكەرلەر پولكى گىچىك گرومچېنوك يېزىسىنىڭ قېشىدا تاختاي ۋە خادا ياغاچلاردىن

سال ياساپ دوندىن ئۆتتى.

گرومۇك بۆلۈنمىسى غەيلەتتە قالغانىدى، چۈنكى كازاكلارنىڭ كۆپچىلىكى شۇ كېچىسى سەيرە - تاماشادا ئىدى. ئاخشامدىن باشلاپ بۆلۈنمە جايلاشقان يەرگە ھەربىي خىزمەتتىن كىلگەنلەرنىڭ ئايالىلىرى ئەرلىرىنى يوقلاپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئاش - تاماق، كوزا ۋە چېلەكلەردە ساموگون ئالغاچ كېلىشكەنىدى. يېرىم كېچە بولغاندا ئىچە - ئىچە ھەممىسى مەست بولۇپ قېلىشتى. گەمە ئۆيلەردە ناخشا ئاۋازى، مەست ئايالىلارنىڭ قىيا - چىياسى، ئەرلەرنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشى. ئىسقىرتىشى ئۆينى باشقا كىيگەنىدى. قاراۋۇللۇقتا تۇرغان 20 كازاكمۇ پىلىموتنىڭ يېنىدا ئىككى پىلىموتچى بىلەن بىر چېلەك ساموگوننى قالدۇرۇپ، ئىچكىلىككە قاتناشقانىدى.

قىزىل ئەسكەرلەر چۈشكەن ساللار دوننىڭ ئوڭ قىرغىقىدىن جىمغىنا ئۈزۈپ كەتتى. قىزىل ئەسكەرلەر دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن كەڭ سەپ يېيىپ، دوندىن 50 سارجىن يىراقلىقتا جايلاشقان گەمە ئۆيلەرگە قاراپ ئۈنچىقماستىن مېڭىشتى.

سالچى ئىسسىملار قىرغاقتا كۈتۈشۈپ تۇرغان بىر تۈركۈم قىزىل ئەسكەرلەرنى ئەكىلىش ئۈچۈن دەرھال ساللىرىنى ھەيدەپ كېتىشتى.

سول قىرغاقتا، بەش مىنۇتچە كازاكلارنىڭ قولاشمىغان ناخشىلىرىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمىدى، شۇندىن كېيىن قول گراناتلىرى بوك - بوك يېرىلغىلى تۇردى، پىلىموتلار تاتاتلاشقا باشلىدى، مىلتىق ئاۋازى ئاق بالداق ئىتىلغانىدەك پاراسلاپ كەتتى، ئۈزلۈكسىز توۋلانغان «ھۇر - را! ھۇررا - ا! ھۇررا - ا - ا!» ئاۋازلىرى يىراق - يىراققا تارقالدى.

گروموك بۆلۈنمىسىنىڭ بىتچىتى چىققىنى، پەقەت ھېچنېمىنى كۆرۈپ بولمايدىغان تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇلارنى قوغلاش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئارقىسىدىلا بۇ بۆلۈنمە ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىلىشتىن ئامان قالدى.

گروموك كازاكلىرى ئازغىنا چىقىمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن خوتۇنلىرى بىلەن بىللە ۋېشېنسكاياغا قاراپ ئوتلاق ئىچى بىلەن ۋەھىمە ئىچىدە تۇم - تاراقاي قېچىشقا يۈز تۇتتى. بۇ چاغدا ساللار ئوڭ قىرغاقتىن قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ يېڭى تۈركۈملىرىنى ئەكېلىپ تۇردى ھەمدە 111 - پولكنىڭ بىرىنچى باتالىئونىنىڭ ئىككى قول پىلىموتى بار يېرىم روتا ئەسكىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ بازكى بۆلۈنمىسىنىڭ يان قانىتىنى بويلاپ ھۇجۇمغا كىرىشتى.

ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلەر يېرىپ ئۆتۈلگەن ئوچۇق يەرگە شىددەت بىلەن تاشلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئالغا سىلجىشى ئىنتايىن قىيىنغا چۈشەتتى، چۈنكى قىزىل ئەسكەرلەردىن ھېچكىم يەر شارائىتىنى بىلمەيتتى، قىسىملارنىڭ يول باشلىغۇچىلىرى يوق ئىدى، شۇ سەۋەبتىن پايىپاسلاپ يۈرۈپ، كۆلگە ۋە قاراڭغۇدا كېچىپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان تاشقىن سۇ بىلەن تولغان ئېقىنلارغا دۇچ كېلەتتى.

ھۇجۇمغا رەھبەرلىك قىلغان بىرىگادا كوماندىرى رېزىرېف كېچىلەرنى ئەتە ئەتىگەنگە قەدەر يۆتكەپ كېلىپ، ۋېشېنسكايانىڭ قېشىغا بەتكوزوۋېلىش ئۈچۈن ۋە مۇندىن كېيىنكى ھۇجۇمنى ئارتىللېرىيە تەييارلىقى يۆتكەندىن كېيىن باشلاش ئۈچۈن تاڭ يورۇغىچە كازاكلارنى قوغلاشنى توختىتىپ تۇرۇشقا قارار قىلدى.

ئەمما ۋېشېنسكايادا يېرىپ ئۆتۈشنى بىكار قىلىش ئۈچۈن ئالدىراش چارە - تەدبىر كۆرۈشكە كىرىشىلگەنىدى. بىر چاپارمەن قىزىللارنىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكى توغ-

رولۇق خەۋەر ئەكېلىش بىلەنلا شتاب نۆۋەتچىسى دەرھال كودنوف بىلەن مېلېخوفقا ئادەم ئەۋەتتى. چېرنى، گوروخوفكا ۋە دوبروفكا يېزىلىرىدىن كارگىنىسكى يولىنىڭ بۆلۈنمىلىرى چاقىرتىلدى. ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنىڭ ئومۇمىي رەھبەرلىكىنى گرىگورىي مېلېخوف ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇ يېرىنىسكى يېزىسىغا 300 ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن مەقسەت، مۇبادا دۈشمەن ۋېشېنىسكايانى شەرقتىن ئورۇپ ۋېلىشقا كىرىشىدىغان بولسا، ئاشۇ 300 ئاتلىق ئەسكەر سول قاناتنى مۇستەھكەملەپ تاتارسكىي ۋە لىبەژىنىسكى بۆلۈنمىلىرىنىڭ دۈشمەن ھۇجۇمىنى توختىتىپ تۇرۇشىغا ياردەم بېرەتتى؛ ۋېشېنىسكايانىڭ «ياقا شەھەرلىك» خەلق ئەسكەرلىرىنى ۋە چىرالىقلاردىن تەركىب تاپقان بىر پىيادىلەر بۆلۈنمىسىنى غەربتىن يولغا سالدى. بۇلار دون ئېقىنى بويلاپ پەسكە چۈشۈپ، بازكوۋسكى بۆلۈنمىسىگە ياردەم بېرىشى كېرەك ئىدى؛ خەتەرلىك ئۇچاستكىلارغا سەككىز پىلموت ئورۇنلاشتۇردى، گرىگورىينىڭ ئۆزى ئىككى ئاتلىق بۆلۈنمە بىلەن — تەخمىنەن كېچە سائەت ئىككىدە — كۆيۈك ئورمان ياقىسىغا ئورۇنلاشتى، ئۇ بۇ يەردە تاڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ، سۈبھى يورۇش بىلەنلا ئاتلىق سەپ بولۇپ، قىزىل ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلماقچىدى.

تېخى ئاسماندا ئۈكەر ئۆچمەي تۇرۇپلا ۋېشېنىسكايانىڭ «ياقا شەھەرلىك» خەلق ئەسكەرلىرى ئورمان ئىچى بىلەن ئۆتۈپ، بازكى دەرياسىنىڭ بۇرۇلۇشىدىن قايرىلغاندا، ئۇ تەرەپتىن چېكىنىۋاتقان بازكى بۆلۈنمىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى - دە، ئۇلارنى دۈشمەن دەپ ئويلاپ ئېتىشىپ قالدى ۋە قىسقىلا ئېتىشىشتىن كېيىن ئارقىغا قاچتى. بۇلار ئالدىراشلىقتا كېيىم - كېچەك ۋە ئاياغلىرىنى قىرغاقتا سېلىپ تاشلاپ،

ۋېشېنسكايانى ئايلانمىدىن ئايرىپ تۇرغان چوڭ كۆلدىن ئۈزۈپ ئۆتۈشتى. خاتالىق تېزلا ئاشكارىلاندى، ئەمما قىزىللار ۋېشېنسكاياغا يېقىنلىشىپ قاپتۇ، دېگەن خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە تارىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پودۋاللاردا تىقىلىشىپ ياتقان قاچقۇنلار ۋېشېنسكايادىن شىمالغا ئېقىشقا باشلاپ، ھەممە يەردە گويا قىزىللار دوندىن ئۆتۈپتۇ، فرونتنى يېرىپ ئۆتۈپ، ۋېشېنسكاياغا ھۇجۇم باشلاپتۇ... دېگەن مىش-مىشلەرنى تارىتىشتى.

تاڭ يورۇي دېگەن چاغدا، گرىگورىي «ياقا شەھەرلىك» خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قاچقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال دونغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كەتتى. خەلق ئەسكەرلىرى يۈز بەرگەن ئۇقۇشماسلىقنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈشۈپ، ئالىقاچان ئاكوپلارغا قايتىپ كېلىشكەنىدى. گرىگورىي بىر توپ ئادەمگە يېقىنلىشىپ، مازاق قىلىپ سورىدى:

— كۆلدىن ئۈزۈپ ئۆتكەندە خېلى جىقىڭلار غەرق بولغانسىلەر؟

ھەممە يېرى چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن، كۆڭلىكىنى سىقىپ كېلىۋاتقان بىر مەرگەن ئىزا تارتىپ جاۋاب بەردى:

— چورتان بېلىقتەك ئۈزدۇق! چۆكۈپ كېتىش دېگەن نەدىكى گەپ...

— بۇنداق خىجىلچىلىق كىمنىڭ بېشىغا كەلمەيدۇ، — دېدى ئىشتانچاق كېلىۋاتقان ئىككىنچى بىرى ئاقلانە سۆزلەپ، — مانا بىزنىڭ ۋزۋوت كوماندىرىمىز راستىنلا سۇغا چۆكۈپ كېتىشكە تاس قالدى. پاقالچاق ئورىغۇچنى ئېلىپ تاشلاشقا ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ دەپ، ئايىغىنى سېلىشنى خالىماي، شۇنداق ئۈزگەنىدى، پاقالچاق ئورىغۇچ سۇدا چۇۋۇلۇپ

گېتىپ، پۇتىغا چىرمىشىپ قالدى... ئۇ شۇنداق دەھشەت بىلەن ھايھاي سالدى! بەلكى، ئاۋازى يېلاناغا ئاڭلانغاندۇ!

گرىگورىي، خەلق ئەسكەرلىرى ئەترىتىنىڭ كوماندىرى كرامىسكوفنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مەرگەنلىرىنى ئورماننىڭ چېتىگە ئاچىق. ئۇلارنى شۇنداق جايلاشتۇرغىنكى، لازىم تېپىلغاندا قىزىل ئەسكەرلەر سېپىنى يان قاناتتىن ئوققا تۇتۇش مۇمكىن بولسۇن، دەپ بۇيرۇق بەردى - دە، ئۆزى بۆلۈنمىلىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

يېرىم يولدا ئۇنىڭغا شتاب چاپارمىنى يولۇقتى. چاپارمەن ئىككى يانپېشىنى ئاران - ئاران كۆتۈرۈپ كەلگەن ئېتىنى توختىتىپ، يېنىكلا دېمىنى ئالدى:

— سىزنى تەسلىكتە تاپتىم!

— نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟

— تاتارسكى بۆلۈنمىسى ئاكوپلارنى تاشلاپ كېتىپتۇ، شتابتىن شۇنى يەتكۈزۈپ قوي دەپ بۇيرۇغانىدى. ئۇلارنىڭ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىش خەۋپى بار ئىكەن، ئۇلار قوملۇققا قاراپ چېكىنىۋاتقان ئوخشايدۇ... كودىنوف، سىزنى دەرھاللا شۇلارنىڭ قېشىغا بارسۇن، دەپ ئېنىقچە بۇيرۇق قىلدى.

گرىگورىي ئەڭ ئۇچقۇر ئاتلىرى بار كازاكلاردىن يېرىم ۋىزۋوت ئادەمنى ئېلىپ، ئورمان ئىچى بىلەن يولغا چىقتى. ئۇلار 20 مىنۇت چاپقاندىن كېيىن تاقىر ئېلمېن كۆلىگە يېتىپ كېلىشتى. ۋەھىمىگە چۈشكەن تاتارسكىلىقلار ئۇلارنىڭ سول تەرىپىدىن ئوتلاق بىلەن توم - تاراقاي قېچىپ كېلىۋاتاتتى. فرونتچىلار ۋە كۆپنى كۆرگەن كازاكلار كۆلنىڭ قېشىدىن نېرى سىلجىماي، قىرغاق بويىدىكى يېكەنلىكنىڭ ئىچى بىلەن ئالدىرىماي چېقىپ كېلىۋاتاتتى؛ قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە ئورمانغا تېزرەك يېتىۋالساق دەيدىغان بىر خاھىش بولسا

گېرەك، ئاندا ـ ساندا ئېتىلىۋاتقان پىلىموت ئوقلىرىغا پەرۋا قىلماستىن، ئۇدۇللا ئالغا ساجىپ كېلىۋاتاتتى.

— ئۇلارغا قوغلاپ يەت! قامچا بىلەن سال! — گىرىگورىي غەزەپتىن كۆزلىرىنى ئالايتىپ ۋارقىرىدى ـ دە، ئۆزى بىرىنچى بولۇپ، يېزىداشلىرىنىڭ ئىزىغا چۈشتى.

ھەممىنىڭ ئارقىسىدا ئاقساقلاپ، ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك غەلىتە بىر يۈرۈش بىلەن خرىستونە كېلىۋاتاتتى. بۇندىن بىر كۈن بۇرۇن بېلىق تۇتۇپ يۈرگەندە ئۇنىڭ تاپىنىنى قومۇش تىلىپ تاشلىغانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ شادىپاچاقلىرىغا خاس بولغان تېزلىك بىلەن يۈگۈرەلمىگەنىدى. گرىگورىي قامچىسىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوغلاپ كەلدى. خرىستونە ئاتنىڭ دۈپۈلدىشىنى ئاڭلاپ، ئارقىسىغا بىرلا قايرىلىپ قارىدى ـ دە، يۈرۈشىنى تېزلەتتى.

— نەگە بارىسەن؟ توختا!... توختا دەۋاتىمەن ساڭا!...— دېدى گىرىگورىي بىھۇدە ۋارقىراپ.

ئەمما خرىستونە توختاشنى ئويلاپمۇ قويمىدى. ئۇ تۆگىدەك لوكۇلداپ، سەكرەپ چېپىپ، تېخىمۇ تېز قېچىشقا يۈز تۇتتى.

بۇ چاغدا غەزىپى ئۆرلىگەن گرىگورىي خىرقىراپ قاتتىق تىللاشقا كىرىشتى ـ دە، ئېتىغا دەم بېرىپ، تەڭلىشىۋالدى، ئاندىن تەرگە پىشقان خرىستونەنىڭ دۈمبىسىگە قامچىسى بىلەن خۇماردىن چىققۇدەك ساۋىلىدى. خرىستونە قامچىنىڭ زەربىدىن تولغىنىپ، خۇددى توشقان ئۇرغىغانىدەك ئۇرغىپ، چەتكە كارامەت بىر سەكرىدى ـ دە، ئولتۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئالدىرىماستىن، دۈمبىسىنى ئوبدانلا سىيلاشقا باشلىدى.

گرىگورىي بىللە كەلگەن كازاكلار قاچقۇنلارنىڭ

ئالدىغا ئۆتتۈۋېلىپ، ئۇلارنى توختىتىۋالدى، ئەمما قامچىنى ئىشقا سالمىدى.

— قامچىلا ئۇلارنى!... قامچىلا!...، — گرىگورىي ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك قامچىسىنى ھەيۋە قىلىپ، خىرقىراپ ۋارقىرىدى.

ئاستىدىكى ئات چۆرگىلەپ، ئالدى پۇتىنى كۆتۈرۈپ تىك تۇرۇۋېلىپ، ھەرگىز ئالدىغا سىلجىشنى خالىمىدى. گرىگورىي ئۇنى مىڭ تەسلىكتە ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ، ئەڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلارغا قاراپ چېپىپ كەتتى، ئۇ چېپىپ كېتىۋېتىپ، چاتقالنىڭ يېنىدا توختاپ تۇرغان سىتېپان ئاستاخوفقا لىپپىدە كۆزى چۈشتى، ئاستاخوف ئۈنچىقماستىن ھىجىيىپ تۇراتتى؛ ئۇ يەنە كۈلكىدىن تېلىقىپ، تىزى پۈكۈلۈپ قالغان ئانىكۇشكىنىمۇ كۆردى، ئانىكۇشكا ئىككى قولىنى كاناي قىلىپ، چىرقىراق ئايال ئۈنى بىلەن چاقىلدايتتى:

— بۇرادەرلەر! ئەمدى قۇتۇلۇپ بېقىڭلارچۇ! كىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ! قىزىللار!... ئاله كىش - كىش!... تۇت ئۇلارنى!...

گرىگورىي پاختىلىق چاپان كىيگەن، ھارماستىن تېز يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان يەنە بىر يېزىلىقنى قوغلاپ يەتتى، ئۇنىڭ مۈكچەيگەن گەۋدىسى ئاجايىپ تونۇش ئىدى، ئەمما ئۇنى ئېنىق بىلىۋېلىشقا ۋاقىت يوق ئىدى، شۇڭا گرىگورىي يىراقتىنلا ۋارقىراشقا باشلىدى:

— توختا، ئىتنىڭ بالىسى!... توختا، چېپىپ تاشلايمەن!... شۇ چاغدا پاختىلىق چاپان كىيگەن ئادەم يۈگۈرۈشنى ئاستىلىتىپ، توختاپ قالدى ۋە شۇ ئاندا ئۇ، گرىگورىيغا بالىلىق چاغلىرىدىن تونۇش بولغان قىلىق ۋە ھەرىكەتلىرىنى يۈكسەك ھاياجان ئىچىدە ئىپادىلەپ، شۇنداق قايرىلغانىدى، گرىگورىي ھاڭ - تاڭ بولۇپ، ئۇنىڭ يۈز - چىرايىنى كۆرمەستىنلا ئۆز ئاتىسىنى تونۇدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ ئىككى مەڭزى دىر - دىر تىترەپ كەتتى.

— مەن ئۆز ئاتاڭغۇ، ئىتنىڭ بالىسى؟ ئاتاڭنى چېپىپ تاشلايمەن، دەپ قورقۇتامسەن؟ — دەپ قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى چال. ئاتىسىنىڭ ئاشۇ تونۇش قاتتىق قەھىر - غەزەپكە تولغان كۆزلىرى شۇنچىلىك ئۇچقۇنداپ كەتتىكى، گرىگورىينىڭ ئاچچىقى بىردىنلا بېسىلدى - دە، ئېتىنىڭ بېشىنى كۈچ بىلەن تارتىپ، ۋارقىرىدى:

— ئارقاڭدىن تونۇماپتىمەن! نېمە چالۋاقايسەن، دادا؟

— تونۇمىغىنىڭ قانداق گەپ؟ ئاتاڭنىمۇ تونۇمىدىڭمۇ؟!

چالنىڭ بۇنداق كايىپ كېتىشى شۇنچىلىك بىھۇدە ۋە ئورۇنسىز ئىدىكى، گرىگورىي ئەمدى كۈلۈپ تۇرۇپ ئاتىسىغا تەڭلىشىۋالدى - دە، مۇرەسسە ئاھاڭى بىلەن دېدى:

— دادا، ئاچچىقىڭ كەلمىسۇن! ئۇچاڭدىكى سېيۇرتۇكىڭنى مەن كۆرمىگەنىكەنمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈڭمۇ بەيگە ئېتىدەك ئۇچۇپ كېتىۋاتىسەن، ھەتتا ئاقساشلىرىڭمۇ نەلەرگە يوقىلىپ كەتكەن! ئۇ ھالدا قانداق تونۇيمەن سېنى؟

ئىلگىرى، ھەمىشە ئائىلە ھاياتىدا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئادىتى بويىچە، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، بۇ قېتىممۇ تېزلا تىنچىپ قالدى - دە، ھامان ھاسىراپ تۇرۇپ، ئەمما بىرئاز يايۋىشىپ، ماقۇلغا كەلدى:

— راست دەيسەن، ئۈستۈمدىكى سېيۇرتۇك يېڭى، ئۇنى مەن جۇۋا بىلەن تېگىشكەنىدىم — جۇۋا كىيسەك ئېغىر كېلىدۇ — ئاقساشنى دەمسەن... بۇنداق چاغدا ئاقساش دېگەن نەدە؟ بۇنداق چاغدا، بۇرادەر ئەزىز، ئاقساشمۇ خىيالىڭغا كەلمەيدۇ!... كۆز ئالدىڭدا ئەجەل تۇرسا، سەن تېخى ئاياغ توغرۇلۇق سۆز ئاچىسەن...

— ھەي، ئەجەل تېخى يىراق - يىراقتا. ئارقاڭغا يان، دادا! ئوق - دورىلىرىڭنى تاشلاپ كەلمىگەنسەن؟

— نەگە قايتىدىكەنمەن، — چالنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

ئەمما گرىگورىي ئەمدىلىكتە ئاۋازىنى كۆتۈردى؛ ھەربىر سۆزىنى دانىمۇدانە چىقىرىپ، كوماندا بەردى:

— قايتىشقا بۇيرۇق قىلىمەن! ئۇرۇش شارائىتىدا كوماندىرنىڭ بۇيرۇقىغا قۇلاق سالمىغاندا، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ھەربىي نىزام بويىچە قانداق بولىدۇ؟

بۇ گەپلەر ئۈنۈم بەردى: پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۆشنىسىدىكى مىلتىقنى تۈزەپ، خالار - خالىماس ئارقىسىغا ياندى. ئۇ، ئۆزىدىنمۇ ئاستىراق چامداپ، ئارقىسىغا قايتقان بىر چال بىلەن تەڭلىشىپ ماڭغاندىن كېيىن خۇرسىنىپ دېدى:

— ھازىرقى بالىلىرىمىزنىڭ مۇئامىلىسى مانا شۇنداق! ئاتىسىغا ھۆرمەت قىلىش ياكى ئېيتقاندا، جەڭدىن بوشتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ... نەق شۇنداق بولۇۋاتىدۇ... ياق، مەرھۇم پېترو، جايى جەننەتتە بولسۇن، ئۇنىڭدىن ياخشىراق ئىدى! مىجەزى ۋەزمىن ئىدى، مۇنۇ گرىشكا دېگەن تەنتەك، مەيلى خىزمەت كۆرسەتكەن دىۋىزىيە كوماندىرى بولسا بولسۇن، پېترودەك ئەمەس. خۇدى قىلىنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندەك، زادىلا تەگكىلى بولمايدۇ. قېرىغان چېغىمدا، بۇ مېنى بىگىز بىلەن سانجىپ، مەشنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىغان ئوخشايدۇ!

تاتارسكىلىقلار ئاسانلا گەپكە كىردى...

بىر ئازدىن كېيىن گرىگورىي پۈتۈن پولكىنى يىغىپ، بىر پاناھ جايغا ئاپاردى؛ ئۇ ئاتتىن چۈشمەستىن، قىسقىچە چۈشەنچە بەردى:

— قىزىللار دەريادىن ئۆتتى، ئۇلار ۋېشكىنى بېسىۋېلىشقا

ئۇرۇنماقتا. ھازىر دون بويىدا جەڭ باشلاندى. بۇ چاقچاق ئىش ئەمەس. قېچىشقا ھەرگىز مەسلىھەت بەرمەيمەن، ئەگەر يەنە قاچىدىغان بولساڭلار — ئاۋۇ يېرىنىسكىدا تۇرغان ئاتلىقلارغا بۇيرۇق قىلىمەن، سىلەرنى خائىن سۈپىتىدە چېپىپ تاشلايدۇ! — گرىگورىي رەڭگارەڭ كىيىم كىيگەن يېزىلىق ئالامانغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، سۆزىنى ئوچۇق نەپرەت بىلەن ئاياغلاشتۇردى، — سىلەرنىڭ بۆلۈنمىدە ھەرخىل ئەبلەخلەر تولۇپ يېتىپتۇ، ۋەھىمە تارتقانمۇ شۇلار. ئۇلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ، ئىشتانلىرىغا قويۇۋېتىپتۇ، پالۋانلار! ئۆزلىرىنى كازاك مەن دەپ ئاتىشىدۇ تېخى! بولۇپمۇ، بوۋايلار، سىلەرماڭا قاراڭلار! ئۇرۇشقا كىرىشكەن ئىكەنمىز، باشلىرىڭلارنى چاتىرىقىڭلارغا تىقىپ جان ساقلاشنىڭ ھاجىتى يوق! خوش، ھازىرلا ۋىزۋوت - ۋىزۋوت بولۇپ، ئاۋۇ چېگىرىغا قاراپ يولغا چىقىڭلار — چاتقاللىقتىن دون قىرغىقىغا بېرىڭلار. دون بويى بىلەن مېڭىپ، سېمېنوۋسكايا بۆلۈنمىسىگە قوشۇلۇڭلار. بۇ بۆلۈنمە بىلەن بىللە قىزىللارنىڭ يان قانىتىغا ھۇجۇم قىلىڭلار. مارش! چاپسان!

تاتارىسكىلىقلار ئۈنچىقماستىن سۆزگە قۇلاق سېلىشتى - دە، يەنىلا ئۈنچىقمىغان پېتى چاتقاللىققا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. قېرىلار بېشى قېتىپ، ئاھ - ئۇھ قىلىشىپ، قۇيۇندەك ئات چاپتۇرۇپ كەتكەن گرىگورىيغا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا قارىشىپ قالدى. پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ بىلەن قاتارلىشىپ ماڭغان ئوبنىزوف دېگەن چال زوق بىلەن دېدى:

— ھەي، ساڭا پەرۋەردىگارىم قەھرىمان ئوغۇل بەرگەنىكەن! ھەقىقىي بۈركۈت! ئۇ خرىستونەنىڭ ئۇچىسىغا قامچا بىلەن شۇنداق سالدىكى، ھەش - پەش دېگۈچە ھەممىنى تەرتىپكە سېلىۋەتتى!

ئاتلىق ھېسسىياتى بىلەن مەمنۇن بولغان پانتېلېي پرو-

كوفېيېۋىچ بۇ سۆزگە جان دەپ قوشۇلدى:

— بۇنى بىر دېمە! بۇنداق ئوغۇلنى دۇنيادا ئىزدەپ تاپالمايسەن! مەيدىسى كرېست ئوردېنى بىلەن لىق تولغان. بىر چاقچاق گەپمۇ؟ مانا مەرھۇم پېترو، جايى جەننەتتە بولسۇن، تۇنجى ئوغلۇم بولسىمۇ، بۇ ئۇنىڭدەك ئەمەس! ناھايىتى يۇۋاش ئىدى، كىم بىلسۇن، چالا يارالغان نەرسە ئىدى، ئۇنىڭ جېنى ئاياللارنىڭ ئېغى ئاستىدا تۇرغاندەكلا ئىدى! ئەمما مۇنۇسى ماڭا تارتقان! قەيسەرلىكى مەندىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ!

× ×

گرىگورىي ئۆزىنىڭ يېرىم ۋىزۋوت ئادىمى بىلەن قالماق كېچىكمىگە يېقىنلاپ كەلدى. ئۇلار ئورمانغا يەتكەندىن كېيىن ئۆزلىرىنى بىخەتەر يەرگە كەلدۇق دەپ ھېسابلاشقانىدى، ئەمما ئۇلارنى دوننىڭ نېرىقى ياقىسىدىكى كۆزەتچىلەر پونكىتىدىن كۆرۈپ قېلىپ، توپچىلار ۋىزۋوتى ئۇلارنى ئوققا تۇتتى. دەسلەپكى سىنارەت سۆگەتلەرنىڭ ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ، يېرىلماستىن بىر سازلىققا چۈشتى. ئىككىنچىسى، يولنىڭ قېشىدىكى يىلتىزلىرى ئېچىلىپ قالغان بىر قارا تېرەككە سوقۇلدى - دە، ئەتراپىغا ئوت چېچىلدى، كازاكلار ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈشتى، قارا تۇپراق يەرنىڭ چالمىلىرى ۋە كۇكۇم - تالقان بولغان پور دەرەخلەرنىڭ پارچىلىرى ھاۋادا ئۇچتى.

قۇلىقى پۈتۈپ گاڭگىراپ قالغان گرىگورىي بىئىختىيار قولىنى كۆزىگە ئاپاردى - دە، ئاتنىڭ ساغرىسىغا پاقىلدىغان ھۆل شاپىلاق تەگكەندەك بىر ئاۋازنى سېزىپ، ئىگەرنىڭ قېشىغا دۈم بولۇۋالدى.

سىنارەتنىڭ پارتلىشى يەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەندە كا-
زاكلارنىڭ ئاتلىرى گويا كوماندا بىرلىگەندەك، تىزلىرىنى پۈ-
كۈپ، ئالغا ئېتىلدى؛ گرىگورىينىڭ ئاستىدىكى ئات بار ئېغىرلىقى
بىلەن تىك كۆتۈرۈلۈپ، كەينىگە داجىدى، ئاندىن ئاستا يېنىچە
يىقىلىشقا باشلىدى. گرىگورىي دەرھال سەكرەپ چۈشۈپ، ئات-
نىڭ جاۋغىيىدىن تۇتۇۋالدى. يەنە ئىككى سىنارەت ئۇچۇپ ئۆت-
تى - دە، شۇندىن كېيىن ئورماننىڭ ياقىسى تىپتىنچ بولۇپ قالدى.
ئوت - چۆپلەر ئۈستىگە ئوق - دورىنىڭ ئىس - تۈتەكى قوندى. يېڭى
كۆككۆم-تالقان قىلىنغان يەرنىڭ، تارىشلارنىڭ، چالا چىرىگەن دەرەخ-
لەرنىڭ پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلاتتى؛ يىراقتىكى جاڭگاللىق ئىچىدە
سېغىزخانلار شاراقلايتتى.

گرىگورىينىڭ ئېتى خىرىلداپ، دىر - دىر تىترەپ تۇرغان
ئارقا پۇتلىرىنى ئېگىشكە باشلىدى. ساپسېرىق چىش مىلى-
كى ئازاب ئىچىدە ھىجىيىپ قالدى، بويىنى سوزۇلۇپ كەتتى.
مەخمەلدەك يۇمران سۈر تۇمشۇقىدا قىزغۇچ كۆپۈك بۇژۇلدايتتى،
ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى، تورۇقنىڭ تۈكلى-
رى ئاستىدا سەكرات دولقۇنلىرى غىلدىرلايتتى.

— ئېتىڭ تەييار بولۇپ قالدىمۇ؟ — دەپ جاراڭلىق
ئۈن بىلەن سورىدى ئات چېپىپ كەلگەن بىر كازاك.

گرىگورىي جاۋاب بەرمەستىن، ئاتنىڭ خىرەلەشكەن كۆزلى-
رىگە قارىدى. ئۇ ھەتتا يارىسىغىمۇ كۆز سالماستىن، سەل چەت-
كە سۈرۈلدى، بۇ چاغدا ئېتى ئىشەنچسىزلىك بىلەن ھولۇقۇپ،
بىر رۇسلاندىيۇ، گويا ئىگىسىدىن ئەپۇ سورىغاندەك، بېشى-
نى تۆۋەن ئېگىپ، تىزىچە كۆپپىدە يىقىلدى. ئات بوغۇق ئىڭ-
راش بىلەن يېنىچە ياتاتتى، بېشىنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باقتى،
ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرقى مادارى قۇرۇغاندەك قىلاتتى: تىترەك

بارغانسېرى ئازايدى، كۆزلىرى جانسىزلاندى، بويندا تەر پەيدا بولدى.

پەقەت پۇتىنىڭ تويۇقلىرىدا، تۇياق بوغۇنلىرىدا جان تالىشىشنىڭ ئاخىرقى مىدىرلاشلىرى بار ئىدى. ئىگەرنىڭ سۆمەل بولۇپ كەتكەن قانتىمۇ دىرىلدايتتى.

گرىگورىي ئاتنىڭ سول چاتىرىقىغا كۆز قىرى بىلەن قاراپ، تىتما - كاتاك بولۇپ كەتكەن يارىسىنى ۋە ئۇنىڭدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان قاپقارا ئىسسىق قاننى كۆرگەندىن كېيىن ئاتتىن چۈشكەن كازاككا دۇدۇقۇپ كۆز يېشىنى سۈرتمەستىنلا:

— بىر ئوق بىلەنلا ئېتىپ تاشلا ئۇنى! — دېدى - دە، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ماۋزۇرىنى بەردى.

شۇندىن كېيىن كازاكنىڭ ئېتىغا مىنىپ، ئۆز بۆلۈمىسى قېپقالغان يەرگە ئات چاپتۇرۇپ كەتتى. ئۇ يەردە جەڭ باشلىنىپ قالغانىدى.

تاڭ ئېتىش بىلەنلا قىزىل ئەسكەرلەر ھۇجۇم قىلىشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ سەپلىرى قات - قات تۇمان ئىچىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى - دە، ئۈنچىقماستىن ۋېشېنسكايا تەرەپكە قاراپ يۈردى. ئوڭ قاناتتا، سۇغا تولغان سايلىقنىڭ قېشىدا بىرئاز ھايال بولۇپ تۇرۇشتى - دە، ئاندىن ئوقدانلىرى بىلەن مىلتىقلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆكرىكىگىچە سۇ كېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن دون بويىدىكى تاغنىڭ ئۈستىدىن تۆت باتارېيە بىرلىكتە ھەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلەشكە باشلىدى. سىنارەتلەر ئورماندا يەلپۈگۈچ شەكلىدە چۈشۈش بىلەنلا قوزغىلاڭچىلار ئوت ئېچىشتى. قىزىل ئەسكەرلەر ئەمدى ئاستا يۈرۈشنى قويۇپ، مىلتىقلىرىنى ئالدىغا قارىتىپ يۈگۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدە، يېرىم چاقىرىم يەردىكى ئورمان ئىچىـ

دە بىر دانە شىراپنېل پاق قىلىپ يېرىلدى. سىنارەتلەر ئەبجىقى-
نى چىقارغان دەرەخلەر گۈسۈلدەپ يىقىلغىلى تۇردى، پاغا -
پاغا ئاق تۈتۈنلەر كۆتۈرۈلدى. كازاكلارنىڭ ئىككى پىلىموتى
قىسقا - قىسقا نۆۋەت بىلەن ئېتىلىشقا باشلىدى. بىرىنچى سەپ-
تە قىزىل ئەسكەرلەر يىقىلغىلى تۇردى. ئوقلار سەپنىڭ بىر
ئۇ يېرىدە، بىر بۇ يېرىدە شىنېل كىيگەن ئادەملەرنى بارغانسېرى
كۆپرەك ئۇچۇرۇپ تۇردى، ئۇلارنى دۈم ياكى ئوڭدىسىغا يىقىتىپ
چۈشۈرەتتى، ئەمما قالغانلىرى يېتىۋالمىدى، ئۇلار بىلەن ئورمان
ئارىلىقىدىكى مۇساپە بارغانسېرى قىسقىراشقا باشلىدى.

ئىككىنچى سەپنىڭ ئالدىدا، شىنېلىنىڭ ئىككى پېشىنى بېلىگە
قىستۇرۇۋالغان، سەل ئالدىغا مۈكچەيگەن ئۇزۇن بويلۇق يالاڭباش
كوماندىر چوڭ - چوڭ، يېنىك قەدەم تاشلاپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. سەپ بىر سېكۇنتتەك ھەرىكىتىنى ئاستىلاتقان
بولسىمۇ، ئەمما كوماندىر يۈگۈرگەن پېتى ئارقىسىغا قايرىلىپ،
بىرنېمە دەپ ۋارقىرىغانىدى، ئادەملەر يەنە يۈگۈرۈشتى، بوغۇق
ئاۋاز بىلەن چىققان دەھشەتلىك «ھۇر - را - ا - ا!» ئاۋازى
يەنىمۇ قاتتىقراق ياڭراشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا كازاكلارنىڭ ھەممە پىلىموتلىرى تىلغا كىردى،
ئورمان ياقىلىرىدا مىلتىق ئوقلىرى تىنىمسىز ئۈستى - ئۈستىگە ياغقىلى
تۇردى... ئورمان ئېغىزىدا بۆلۈنمىلەر بىلەن بىللە تۇرغان
گىرىگورىي ئارقا بىر يەردە بازكى بۆلۈنمىسىنىڭ ستانوكلۇق
پىلىموتىدىن ئۇزاق - ئۇزاق تاتىلدىتىپ ئوق ياغدۇرۇشقا باش-
لىدى. بىسىپ كېلىۋاتقان سەپ بوشىشىپ، يەرگە يېتىۋېلىپ،
ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. جەڭ بىر يېرىم سائەتكە سوزۇلدى،
نىشاننى توغرىلىۋالغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوقلىرى شۇنداق يېپ
يېلىپ چۈشۈشكە باشلىدىكى، ئىككىنچى سەپ بەرداشلىق بېرەلمەي،
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئۈچىنچى

پى سەپ بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى... كۆپ ئۆتمەي، كەڭ ئوت-
لاقتا تەرتىپسىز رەۋىشتە ئارقىسىغا قاچقان قىزىل ئەسكەرلەر
چېچىلىپ كەتتى. شۇ چاغدا گرىگورىي ئۆز بۆلۈنمىلىرىنى ئورمان-
دىن تېز ئاچىقىپ، سەپكە تىزدى-دە، ئۇلارنى قىزىل-
لارنى قوغلاشقا سالدى. تاراقلاپ تېز چېپىپ كېلىۋاتقان چېنر
بۆلۈنمىسى چېكىنىۋاتقانلارنىڭ سالغا بارىدىغان يولىنى كېسىپ
قويدى. دون بويىدىكى ئورمان ئالدىدا، نەق قىرغاقتا قىلىچ-
نەيزىۋازلىق جېڭى باشلىنىپ كەتتى. سالنىڭ قېشىغا پەقەت
قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمىلا يېرىپ ئۆتەلىدى. ئۇلار سال-
لارغا لىقمۇلىق چۈشۈپ، قىرغاقتىن يىراقلاپ كېتىشتى. قال-
غانلىرى دونغا زىچ قىستىلىپ قالغان پېتى جان-جەھلى بىلەن
ئۇرۇشتى.

گرىگورىي ئۆز بۆلۈنمىلىرىنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئات با-
قارلارغا ئورماندىن چىقماسلىققا بۇيرۇق بەردى-دە، كازاك-
لارنى قىرغاققا قاراپ باشلاپ ماڭدى. كازاكلار دەرەختىن
دەرەخكە يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، بارغانسېرى دون قىرغىقىغا يېقىنلا-
شىپ كەلدى. قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ 150 ئادىمى قول
بومبىسى ئېتىپ ۋە پىلىموتتىن ئوق ياغدۇرۇپ، بېسىپ كەلگەن
قوزغىلاڭچىلار پىيادىلىرىنى ئارقىغا چېكىندۈردى. ئۇندىن كېيىن
يەنە سول قىرغاققا قاراپ جۆنەشكەنىدى، ئەمما بازكى قىسىم-
لىرى مىلتىقلاردىن ئوق ياغدۇرۇپ پالاقچىلارنىڭ دېيەرلىك
ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى. بۇ تەرەپتە قالغانلارنىڭ قىسمىتى
ئالدىن ھەل قىلىنغانىدى. بۇلارنىڭ روھى چۈشۈپ، مىلتىقلىرىنى
تاشلاپ، ئۈزۈپ ئۆتۈشكە كىرىشكەنىدى. بۇلارنى دەريانىڭ قول-
تۇقى يېنىدا ياتقان قوزغىلاڭچىلار ئوققا تۇتتى. ئۇرغۇن قىزىل
ئەسكەرلەر دوننىڭ تېز ئېقىنىنى كېسىپ ئۆتۈشكە دەرمانى يەت-
مەي، غەرق بولۇپ كەتتى. پەقەت ئىككىسى نېرىقى قىرغاققا

سالامەت چىقىۋالدى؛ بىرى بالداق يوللۇق ماتروس كۆڭلىكىنى كىيگەن بولۇپ، قارىغاندا، سۇ ئۈزۈشكە ماھىر بولسا كېرەك، تىك قىرغاقتىن بېشىنى تۆۋەن قىلىپ سەكرىگەن پېتى سۇنىڭ تېگىدە شۇڭغۇپ، دوننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بىر يەردىن بىراقلا چىقتى.

گرىگورىي شاخ - يوپۇرماقلىرى باراقسان سۆگەتنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ، ماتروسنىڭ كەڭ غۇلاچ تاشلاپ، قىرغاقنىڭ نېرىقى تەرىپىگە بېرىۋالغانلىقىنى كۆردى؛ يەنە بىرسىمۇ ئامانئېسەن ئۈزۈپ ئۆتتى. ئۇ كۆكرىكىگىچە سۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، ھەممە ئوقىنى ئېتىپ بولدى؛ بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ، كازاكلار تەرەپكە مۇشتىنى تەڭلەپ، قىيپاش غۇلاچ ئېتىپ ئۈزۈپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئوقلار چوكۇلداپ سۇغا چۈشۈپ تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ بەختلىك كىشىگە بىرمۇ ئوق تەگمىدى. قاچانلاردۇر مال قوتىنى تۇرغان بىر يەردە ئۇ سۇدىن چىقتى - دە، بىر سىلكىنىپ، ئالدىرىماستىن، يارنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، قاتار ھويلىلىق تەرەپكە ماڭدى.

قېپقالغانلار دوننىڭ قېشىدىكى بىر قۇملۇق دۆڭنىڭ ئارقىسىدا يېتىۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ پىلىموتى تاكى سالقىنلاتقۇچىنىڭ ئىچىدىكى سۇ قاينىغانغا قەدەر توختىماستىن تاتاتلاپ تۇردى.

— ئارقامدىن ئەگىشىڭلار! — دەپ ئاستا كوماندا بەردى گرىگورىي، پىلىموت جىمىقىش بىلەنلا، ئاندىن قىلىچنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ، دۆڭگە قاراپ يۈگۈردى.

كازاكلار ئېغىر نەپەس ئېلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن گۈسۈلدەپ مېڭىشتى.

قىزىل ئەسكەرلەر تۇرغان يەرگىچە 50 سارجىندىن ئوشۇق مۇساپە قالمىغانىدى. بىر يولى - بىر يولى ئۈچ قېتىم

ئوق ئاتقاندىن كېيىن قۇملۇق دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزۇن بويلۇق، چىرايى قارىراق، قارا بۇرۇت كوماندىر دەس ئورنىدىن تۇردى. خۇرۇم چاپان كىيگەن بىر ئايال ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى. كوماندىر يارىدار بولغانىدى. ئۇ ئۈزۈلگەن پۇتىنى سۆرەپ دۆڭدىن چۈشتى، قولىدىكى ئىشتىكلىك مىلتىقنى ئوڭشاپ خىرىلداپ كوماندا بەردى:

— يولداشلار، ئالغا! ئۇر ئاقلارنى!

بىر توپ باتۇرلار «ئىنتېرناتسىئونال» نى ياڭرىتىپ، قايتۇرما ئاتاكىغا ئۆتتى. ئۆلۈمگە كۆكرەكنى ئاچتى.

دون ياقىسىدا ئەڭ ئاخىردا قۇربان بولغان 116 كىشىنىڭ ھەممىسى ئىنتېرناتسىئونال روتىسىنىڭ كوممۇنىستلىرى ئىدى.

## 3

گرىگورىي شتابتىن تۇرار جايىغا يېرىم كېچىدە كەلدى، پروخور زىكوف ئۇنى يان ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇراتتى.

— ئاكسىنىيەدىن خەۋەر يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي پاسىما بىپەرۋالىق ئاھاڭدا.

— ياق، نەگە يوقالدىكىن، — پروخور ئەسنەپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى-دە، شۇئانلا ئەرۋاھى ئۇچۇپ ئويلىدى: خۇدا كۆرسەتمىسۇن، ئۇنى تېپىپ كەل، دەپ قىستارمۇ... ماڭىلا قاراشلىق تۇرغانىكەن، شەيتانلار!

— سۇ ئەكەل، يۇيۇنۇۋالاي، ھەممە ئەزايىم تەرلەپ كەتتى. قېنى، چاققان بول! — دېدى گرىگورىي جىلە بولۇپ.

پروخور ئۆيدىن سۇ ئاچىقىپ، كۇرۇشكىدىن گرىگورىينىڭ چاڭگىلىغا ئۇزاققىچە سۇ قۇيۇپ بەردى. گرىگورىي راھەتلىنىپ يۇيۇندى. تەر يۇراپ تۇرغان گىمناستوركىسىنى سىيلىپ تاشلاپ:

— سۇنى دۈمبەمدىن بىر قۇيۇۋەتسەڭچۇ، — دەپ ئۆتۈندى.

تەرلىگەن دۈمبىسىگە سوغۇق سۇ تېگىش بىلەنلا ئەندىكىپ ئۇھلىۋەتتى، پىشقىردى، تاسما پاتقان مۈرىلىرىنى ۋە موي باسقان مەيدىسىنى ئۇزاققىچە قاتتىق ئىشقىلىدى. بەدىنىنى ئات يوپۇقى بىلەن پاكىز ئېرتىپ تۇرۇپ، خۇش ئاھاڭ بىلەن پروخورغا بۇيرۇق قىلدى:

— ئەتە ماڭا ئات ئەكىلىشىدۇ، تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۈستىنى تازىلا، بوغۇز تاپ، ئۆزۈم ئويغانمىغىچە، مېنى ئويغاتما. پەقەت شتابتىن بىرەرى كېلىپ قالسا — ئويغاتقىن. چۈشەندىڭمۇ؟

گرىگورىي سارايىنىڭ پېشايۋىنى ئاستىغا كەتتى. ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ياتتى - دە، دەرھاللا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. تاڭ ئاتقاندا توڭۇپ، پۇتلىرىنى يىغدى، شەبنەمدىن ھۆل بولغان شىنېلىنى ئۈستىگە تارتتى. كۈن چىققاندىن كېيىن يەنە ئۇگدەشكە باشلىدى ۋە سائەت يەتتە ئۆپچۆرىسىدە قاتتىق ياڭرىغان توپ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. چوڭ يېزا ئۈستىدە، كۆپكۆك سۈزۈك ئاسماندا، خىرە پارقىرىغان بىر ئايروپىلان ئايلىنىپ يۈرەتتى. دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىن توپ ۋە پىلىموتلار ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق چىقىراتتى.

— ئۇنى ئېتىپ چۈشۈرۈشكە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ جۇمۇ! — دېدى پروخور قوزۇققا باغلاقلىق ئېگىز جەرەن ئايغىرنى چوتكا بىلەن كۈچىنىپ قاشلاپ تۇرۇپ، — قارىغىنا، پانتېلېيېۋىچ، مېنىڭ ئۈچۈن ساڭا قانداق بىر شەيتاننى ئەۋەتىشكەن!

گرىگورىي ئايغىرغا نېرىدىن بېرى كۆز يۈگۈرتۈپ، مەمنۇنلۇق بىلەن سورىدى:

— ئۇنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى پەرق قىلالمىدىم. ئالتە ياشتا بارمىكىن؟

— ئالتە ياش.

— ئوھوي، ياخشىكەن! پۇتلىرى يىكچى قىرغانىدەك ۋە ھەممىسى ئالىپاچاق. چىرايلىق ئات ئىكەن، قېنى، ئىگەرلىگىنە، ئايروپىلاندا كىم كەلدىكىن، بېرىپ كۆرۈپ باقاي.

— ئاتنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. چېپىشى قانداقراقتۇ؟ تۇرقىدىن قارىغاندا، چاپقۇر بولۇشى مۇمكىن،— دېدى پروخور تۆشىنى تارتىپ تۇرۇپ.

ئايروپىلاننىڭ ئەتراپىدا يەنە بىر شىراپنېل پارتىلىدى-دە، ئاپئاق بۇلۇتتەك تۈتۈن پەيدا بولدى.

ئۇچقۇچى قونۇشقا يەر تاللىغاندىن كېيىن تېز تۆۋەنلەشكە باشلىدى. گرىگورىي يان ئىشىكتىن چىقىپ، چوڭ ئاتخانا تەرەپكە چېپىپ كەتتى، ئايروپىلان شۇ ئاتخانىنىڭ نېرىسىغا قونغانىدى.

بۇ يەردىكى ئايغىرلارغا ئاتاپ سېلىنغان ئاتخانا تاشتىن ياسالغان ئۇزۇن بىر بىنا بولۇپ، يېزىنىڭ چېتىدە ئىدى، بۇ يەرگە ئەسىرگە چۈشكەن 800 دىن ئارتۇق قىزىل ئەسكەرلەر لىق تولغانىدى. كۆزەتچىلەر ئۇلارنى تاشقىرىغا تەرەتكە چىقارمايتتى. بىنانىڭ ئىچىدە تەرەتخانا يوق ئىدى. ئادەم گەندىلىرى ئاتخانىنىڭ ئەتراپىدا تامدەك دۆۋىلەنگەن بولۇپ، سىيىقچىلىققا تۇرۇپ بولمايتتى. ئىشىكنىڭ ئاستىدىن بەدبۇي سۈيدۈك ئېقىپ چىقاتتى؛ بۇلارنىڭ ئۈستىدە يېشىل چىۋىنلار غۇژ-غۇژ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى...

بۇ مەھكۇملار سولانغان تۈرمىدە كېچە-كۈندۈز نالە-زار، ئىڭراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يۈزلىگەن ئەسىرلەر جۇدەش-ئاجىز-

ئىشىشتىن، ئۆز ئارىسىدا كەڭ تارقالغان كېزىك ۋە دىزېنتېرىيە كېسەللىرىدىن ئۆلۈپ تۇراتتى. ئۆلگەنلەرنى بەزىدە نەچچە كېچە-كۈندۈزگىچە ئەكەتمەيتتى.

گرىگورىي ئات ئېغىلىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاتتىن چۈشمەكچى بولۇۋىدى، دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىن يەنە گۈلدۈرلەپ توپ ئېتىلدى. يېقىنلىشىپ كەلگەن سنارەتنىڭ ۋىژىلدىغان ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىپ، گۈمبۈرلىگەن پارتلاش بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

ئۈچقۇچى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن بىر ئوفىتسېر كابىنكىدىن چۈشۈشى بىلەنلا، ئۇلارنى كازاكلار ئورىۋېلىشتى. شۇ چاغدا تاغنىڭ ئۈستىدە ھەممە باتارېيەلەر تىللىغا كىردى. سنارەتلەر ئاتخانىنىڭ ئەتراپىغا چاققانلىق بىلەن چۈشكىلى تۇردى.

ئۈچقۇچى دەرھال كابىنكىسىغا كىرىۋالدى، ئەمما ماتور ئىشلىمىدى.

— قولۇڭلار بىلەن ئىتتىرىڭلار! — دەپ ۋارقىراپ كوماندا بەردى نېرىقى تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن ئوفىتسېر ۋە ئۆزى بىرىنچى بولۇپ ئايروپىلاننىڭ قانىتىدىن تۇتتى.

ئايروپىلان بىر تەۋرىنىپ، قارىغايلار تەرەپكە يېنىككىلا سىلجىدى. باتارېيە ئايروپىلانغا ئارقا - ئارقىدىن ئوق ياغدۇردى. سنارەتنىڭ بىرى ئەسىرلەر لىق تولغان ئاتخانىسىغا چۈشتى. قويۇق تۈتۈن ۋە پۇرقىراپ ھاۋاغا ئۇچقان ھاكىنىڭ چاڭ - توزانى ئىچىدە ئات ئېغىلىنىڭ بىر بۇرجىكى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ۋۇجۇدىنى دەھشەت قاپلىغان قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ قىيا - چىيا ۋارقىراشلىرىدىن ئاتخانا زىلزىلىگە كەلدى. تامنىڭ ئۆرۈلگەن يېرىدىن ئۈچ ئەسىر ئېتىلىپ چىقتى، كازاكلار تەرەپ - تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، ئۇلارنى يېقىندىن ئوققا تۇتۇپ، ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتتى.

گرىگورىي ئېتىنى چاپتۇرۇپ بىر چەتكىرەك باردى.

— ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ! قارىغايلارنىڭ ئىچىگە كىرىۋال! — دەپ ۋارقىرىدى چىرايىدا قان قالمىغان ۋە كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولغان بىركازاك ئۇنىڭ يېنىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ.

دەرۋەقە، كېلىشمەسلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەرگىز ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس! دەپ ئويلىسىدى گىرىگورىي ۋە ئالدىرىماستىن ئۆي تەرەپكە بۇرۇلدى.

شۇ كۈنى كودىنوف مېلېخوفنى چاقىرماستىنلا، شتابتا ئىنتايىن مەخپىي بىر كېڭەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئايروپىلان بىلەن كەلگەن ئوفىتسېر بۇ يەردىكىلەرنى خەۋەردار قىلىپ، كامېنسكايانىڭ قېشىغا توپلانغان زەربىدار گۇرۇپپىنىڭ تىسمەلىرى قىزىللار فرونتىنى بۆگۈن - ئەتىلا يېرىپ ئۆتىدىغانلىقىنى، دون ئارمىيىسىنىڭ ئاتلىق دىۋىزىيىسى گېنېرال سېكرېتېۋ قوماندانلىقى ئاستىدا ئالغا ئىلگىرىلەپ، قوزغىلاڭچىلار بىلەن قوشۇلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئوفىتسېر، تېز تۇتۇش قىلىپ دەريادىن ئۆتۈش ۋاستىلىرىنى تەييارلاش كېرەك، چۈنكى قوزغىلاڭچىلار سېكرېتېۋ دىۋىزىيىسىگە قوشۇلۇش بىلەنلا دەرھاللا ئاتلىق پولكلىرىنى دوننىڭ ئوڭ تەرىپىگە يۆتكىيەلەيدىغان بولسۇن، دېگەن تەكلىپنى بەردى؛ رېزېرۋ قىسىملارنى دونغا يېقىنراق ئەكىلىشكە مەسلىھەت بەردى ۋە كېڭەش ئاخىرلاشقاندا، دۈشمەننى قوغلىغۇچى قىسىملارنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ، ئالغا ئىلگىرىلەش پىلانى تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئوفىتسېر سوراپ قالدى:

— سىزلەرنىڭ ئەسىرلىرىڭلار نېمىشقا ۋېشېنسكايادا تۇرىدۇ؟

— ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرىدىغان باشقا يەر بولمىسا، يېزىلاردا بىنا يوق، — دەپ جاۋاب بەردى شتاب خادىملىرىدىن بىرى.

ئوفىتسېر پاكىز قىرىلغان، تەرگە پىشقان بېشىنى قول ياغلىقى بىلەن ئاۋايلاپ ئېرتتى؛ ماش رەڭ كىتىلىنىڭ ياقىسىنى يەشتى، ئاندىن خۇرسىنىپ سورىدى:

— ئۇلارنى كازانىسكاياغا ماڭغۇزۇڭلار.

كودىنوف ئەجەبلىنىپ قېشىنى كۆتۈردى.

— ئۇندىن كېيىنچۇ؟

— ئۇ يەردىن يەنە ۋېشېنىسكاياغا...، — ئوفىتسېر مۇزدەك كۆك كۆزلىرىنى قىسىپ، تەكەببۇرلۇق بىلەن چۈشەندۈردى، شۇندىن كېيىن لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلەپ، قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن سۆزنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇردى، — مەن بىلمەيۋاتىمەن، جانابلار، سىلەر نېمىشقا ئۇلارغا تەكەللۇپچانلىق قىلىسىلەر؟ هازىر مۇنداق قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس، ھەر خىل جىسمانىي ۋە ئىجتىمائىي كېسەللەرنىڭ مەنبەسى بولغان بۇ ئەبلەخلەرنى قىرىپ تاشلاش لازىم، ئۇلارنى باقىمىز دەپ ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق! مەن سىلەرنىڭ ئورنۇڭلاردا بولسام خۇددى شۇنداق قىلاتتىم.

ئەتىسى ئەسىرلەرنىڭ 200 كىشىدىن ئىبارەت بىرىنچى تۈركۈمىنى قوغلۇقتا ئاپاردى. دەرمانىدىن كەتكەن، يۈزلىرى كۆكۈش، سولغۇن، پۈتلىرىنى ئاران سۆرەپ ماڭغان قىزىل ئەسكەرلەر خۇددى ئەرۋاھتەك كېتىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تەرتىپسىز چاھداپ كېتىۋاتقان توپىنى ئاتلىق مۇھاپىزەتچىلەر زەنجىردا قورشىغان... ۋېشېنىسكايادىن دوبروفكا يېزىسىغىچە بولغان ئون چاقىرىملىق مۇساپىدە 200 كىشى بىرى قالماستىن چېپىپ تاشلاندى. ئىككىنچى تۈركۈمنى كەچكە يېقىن ھەيدەپ چىقتى. مۇھاپىزەتچىلەرگە: ئارقىدا قالغانلار چېپىپ تاشلانسۇن، پەقەت زۆرۈر تېپىلغاندىلا ئېتىلسۇن، دەپ قەتئىي

بۇيرۇق بېرىلگەنىدى. 150 كىشىدىن ئاران 18 ئادەم كا-
زانىسكاياغا يېتىپ بارالىدى... ئۇلارنىڭ ئىچىدىن
سىگنان چىراي ياش بىر قىزىل ئەسكەر يولدا ئەقلى-
دىن ئاداشتى. ئۇ يول بويى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ
ماڭدى ۋە بىر تال خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكنىڭ چېچىكىنى
مەيدىسىگە يېقىپ ھۆكىرەپ يىغلايتتى. قىزىپ كەتكەن قۇمغا
پات - پات يۈزىچە يىقىلاتتى، ئۇنىڭ كىر، جۇلدۇر - جۇل-
دۇر ماتا كۆڭلىكىنى شامال ئۇچۇراتتى، مانا شۇ چاغدىلا
تېرىسى تارتىلىپ داق سۆڭەك بولۇپ قالغان دۈمبىسى ۋە
كېرىلىپ تۇرغان ئىككى پۇتىنىڭ قاپقارا تىلىم - تىلىم يې-
رىلغان تاپانلىرى مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقاتتى.
ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، سۇدانىدىن يۈزىگە سۇ پۈركۈيتتى،
شۇندىن كېيىن ئۇ پارقىراپ تۇرغان تەنتەك قارا كۆزلىرىنى
ئېچىپ، ئاستا كۈلەتتى - دە، ئىككى تەرەپكە دەلدەڭشىپ
يەنە مېڭىپ كېتەتتى.

يولدىكى يېزىلارنىڭ بىرىدە رەھىمدىل خوتۇنلار
مۇھاپىزەتچىلەرنى ئورىۋېلىشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سالاپەت-
لىك ۋە بەستلىك بىر موماي مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقىغا
قەتئىيلىك بىلەن دېدى:

— سەن مۇنۇ قارا چاچ بالىنى قويۇۋەتكىن، ئۇ
ئەقلىدىن ئېزىپتۇ، خۇداغا يېقىنلىشىپ قاپتۇ، مۇنداق جاننى
ھالاك قىلساڭلار گۇناھى كەبىرگە لايىق بولسىلەر.

مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى — سېرىق بۇرۇت جەسۇر
مۇئاۋىن خورۇنجى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى:

— چوڭ ئانا، كۆڭلىمىزدە ئوشۇقچە گۇماندىن ئەندىشىمىز
يوق. بىزدىن بەربىر تەقۋادارلار چىقمايدۇ!

— ئۇنداق دېمەي، قويۇۋەتكىن ئۇنى، — دەپ قاتتىق

تۇرۇۋالدى موماي، — ھەربىرىڭلارنىڭ ئۇستىدىمۇ ئەجەل قانات قېقىپ تۇرۇپتۇ...

خوتۇنلار مومايىنىڭ سۆزىنى يەكدىللىك بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلەشتى - دە، مۇئاۋىن خورۇنجى ماقۇل بولدى.

— بوپتۇ، ئاياپ نېمە قىلىمەن، ئەكىتىڭلار. ئۇ ھازىر زىيانلىق ئەمەس، ئەمما بىزنىڭ ياخشىلىقىمىز ئۈچۈن — بىزگە يۈزىدىكى قايمىقى ئېلىنمىغان سۈتتىن كىشى بېشىغا بىر ئاپقۇردىن ئەكىلىڭلار.

موماي ساراڭ ئەسىرنى ئۆيىگە ئەكەتتى، قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئىچكىرىدىكى ئۆيىگە جاي سېلىپ بەردى. ئۇ بىر كېچە - كۈندۈز باش كۆتۈرمەستىن ئۇخلاپ كەتتى، كېيىن ئويغىنىپ، دېرىزىگە ئارقىسىنى قىلىپ، ئاستا ناخشا ئېيتىشقا چۈشتى. موماي بۇ كىچىككىنە ئۆيگە كىرىپ، ساندۇقنىڭ ئۇستىگە ئولتۇردى، ئالقىنى بىلەن مەڭزىنى تىرەپ، ياش يىگىتنىڭ ياداڭغۇ يۈزىگە ئۇزاققىچە قاراپ ئولتۇردى، ئاندىن يوغان ئاۋاز بىلەن دېدى:

— ئاڭلىشىمىزچە، سىزلەرنىڭ ئادەملەرمۇ يىراق يەردە ئەمەس ئوخشايدۇ...

ساراڭ يىگىت بىر سېكۇنتچە سۈكۈتكە چۆمۈپ، يەنە دەرھاللا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى، ئەمما ئاستىراق ئېيتتى.

بۇ چاغدا موماي قەتئىيلىك بىلەن سۆز باشلىدى:

— بالام، سەن ناخشا ئېيتىشنى قوي، مۇغەمبەرلىك قىلما، كاللامنى ئايلاندۇرما. مەن بىر ئۆمۈرنى باشتىن ئۆتكۈزگەنمەن، مېنى ئالدىيالمايسەن، مەن ئەخمەق ئەمەس! بىلىمەن، سېنىڭ ئەقلىڭ ساغلام... چۈشۈڭدە نېمىدېگەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم. يەنە كېلىپ سۆزۈڭ شۇنداق ئوڭلۇق!

قىزىل ئەسكەر ناخشىنى ئېيتىۋەردى، ئەمما

ناخشىسى بارغانسېرى ئاستىلىدى. موماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن مەندىن قورقما، مەن ساڭا يامانلىق تىلىمەيمەن. مېنىڭ ئىككى ئوغلۇمنى گېرمان ئۇرۇشىدا هالاك قىلىشتى، كەنجىسى چېركاسسىكىدا مۇشۇ ئۇرۇشتا ئۆلدى. مەن شۇلارنىڭ هەممىسىنى ئون ئاي قورساقتا كۆتۈرگەن... ئەمگۈزدۇم، باقتىم، ياش چېغىمدا كېچىلىرى ئۇخلىمىدىم... مانا شۇ سەۋەبتىن مېنىڭ هەربىي خىزمەتتىكى هەممە ياش ئۆسمۈرلەرگە، سوقۇشتا جەڭ قىلىۋاتقان يىگىتلەرگە ئىچىم ئاغرىيدۇ...، — موماي بىرئاز ئۈنچىقمىدى.

قىزىل ئەسكەرمۇ جىمىپ قالدى. ئۇ كۆزىنى يۇمدى، شۇ زامان ئۇنىڭ قارامتۇل ياڭاق سۆڭەكلىرىگە سېزىلەرلىك قىزىللىق يۈگۈردى، ئىنچىكە ياداڭغۇ بويىنىدا كۆك تومۇرلىرى قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى.

ئۇ ئۈنچىقماستىن بىر مىنۇتچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاندىن قارا كۆزلىرىنى قىيا ئاچتى. ئەمدى ئۇنىڭ قاراشلىرى مەنىلىك تۈس ئالدى ۋە شۇنداق ئىنتىزارلىق ئوتى بىلەن ياندىكى، موماي پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

— شۇملىنىسكايانىڭ يولىنى بىلەمسەن؟

- ياق، چوڭ ئانا، — دەپ پىچىرلاپ جاۋاب بەردى قىزىل ئەسكەر.

— ئۇنداق بولسا، قانداق كېتسەن؟

— بىلمەيمەن...

— مانا خالاس! ئەمدى مەن سېنى قانداق قىلىمەن؟

موماي ئۇزاق ۋاقىت جاۋاب كۈتتى، ئۇندىن كېيىن سورىدى:

— ئۆزۈڭ ماڭالامسەن؟

— بىر ئىلاج قىلىپ ماڭارمەن.

— ساڭا ھازىربىر ئىلاج قىلىپ مېڭىش مۇمكىن ئەمەس. كېچىسى مېڭىش لازىم ۋە گۇس - گۇس چامداپ مېڭىش كېرەك! بىر كۈننى ئۆتكۈز، ئاندىن مەن ساڭا ئوزۇق - تۈلۈك بېرەي، نەۋرەمنى ئېلىۋال، ئۇ ساڭا يول كۆرسىتىدۇ، ئاقىۋول بولسۇن! سىلەرنىڭ ئادەملىرىڭلار، قىزىللار شۇملىنىسكايانىڭ نېرىسىدا تۇرىدۇ، ئېنىق بىلمەن. شۇنداق قىلىپ سەن ئۇلارغا يېتىۋالىسەن. سىلەرگە چوڭ يولدا مېڭىشقا بولمايدۇ، چۆل دالا بىلەن، سايلىق ۋە ئورماننىڭ ئىچى بىلەن، چىغىر يول بىلەن مېڭىش لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا كازاكلارغا ئۇچراپ قېلىپ، بالا - قازاغا يولۇقىسىلەر. مانا شۇنداق بولسۇن، بالام!

ئەتىسى قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا، موماي يولغا چىقىشقا تەييارلانغان 12 ياشلىق نەۋرىسى بىلەن كازاكچە چەكمەن كىيگەن قىزىل ئەسكەرنى چوقۇندۇرغاندىن كېيىن، قاتتىق جېكىلىدى:

— خۇداغا ئامانەت! قاراپ مېڭىڭلار، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماڭلار!... ئامان بولۇڭلار، بالىلىرىم، ئامان بولۇڭلار! ماڭا ئەمەس، مۇقەددەس تەڭرىگە تازىم قىل! مۇنداقلار يالغۇز بىر مەنمۇ، بىز ئانىلارنىڭ ھەممىسى ياخشى... بىز سەن شۇمىتەكلەرگە ئۆلگۈدەك ئىچ ئاغرىتىمىز! خوش، قېنى مېڭىڭلار، خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! — شۇندىن كېيىن موماي ئۆينىڭ سىرتىق گىل بىلەن سىرلانغان قىڭغىر ئىشىكىنى جالاقىدە ياپتى.

## 4

ئىلگىرىنچىنا ھەر كۈنى تاڭ يورۇش بىلەنلا ئويغىناتتى - دە، ئىنەكنى سېغىپ، تاماق ئېتىشكە باشلايتتى.

ئۆيدىكى مەشكە ئوت ياقمايتتى، يازلىق ئاشخانىغا ئوت يېقىپ، تاماقنى شۇ يەردە پىشۇراتتى، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، باللارغا قارايتتى.

ناتالىيە كېزىكتىن كېيىن ئاستا - ئاستا ساقىيىشقا باشلىدى. ترويتسا بايرىمىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئۇ دەسسەپ قىلىپ تۆشەكتىن تۇردى - دە، ياداپ دەرمانى قۇرۇغان ئاياغلىرىنى تەسلىكتە بېسىپ، ئۆيلەرنى ئارىلاپ چىقتى، باللىرىنىڭ باشلىرىنى ئۇزاقىچە باقتى ۋە ھەتتا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ باللىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ كۆردى.

ئۇنىڭ يادىغۇ يۈزىدىن ھەممىشە كۈلكە كەتمەيتتى، ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرگەن، كېسەللىكتىن چوڭكىيىپ قالغان كۆزلىرى گويا تۇغۇتتىن كېيىن ئىللىق ھاياجاندا شادلىقتا چۆمگەندەك چاقناپ تۇراتتى.

— پولىيوشكا، ئوماق قىزىم! مەن ئاغرىق چاغدا، مىشاتكا سېنى بوزەك ئەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ زەئىپ ئاۋاز بىلەن ھەربىر سۆزنى ئاران - ئاراندا تەلەپپۇز قىلىپ، قىزىنىڭ قارا چاچ بېشىنى سىيلاپ.

— ياق، ئاپا! مىشكا مېنى بىر قېتىملا ئۇردى، ئۇنىڭدىن باشقا بىز ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان ئوينىدۇق، — دەپ پىچىرلاپ جاۋاب بەردى قىزى ۋە شۇ زامان يۈزىنى ئانىسىنىڭ تىزىغا قويدى.

— موماكچۇ، موماك سىلەرگە كۆيۈنەمدۇ؟ — دەپ ناتالىيە كۈلۈپ تۇرۇپ سوراپ باقتى.

— ئوبدان قارايدۇ!

— يات ئادەملەرچۇ، قىزىل سولداتلار سىلەرگە تەگمىدىمۇ؟

— ئۇلار بىزنىڭ مىزايىنى سويۇپ يېيىشتى، لەنتى لەر! — دېدى ئاتىسىغا ھەيران قالغۇدەك ئوخشايدىغان ممشاتكا يوغان ئاۋاز بىلەن.

— مىشىنكا ئادەم تىللاشقا بولمايدۇ! قارىغىنا، سەن خوجايىندەك بولۇپ قاپسەنغۇ! چوڭلارنى يامان سۆز بىلەن ھاقارەتلەشكە بولمايدۇ! — دېدى ناتالىيە نەسىھەت ئاھاڭىدا، كۈلكىسىنى بېسىپ.

— موھام ئۇلارنى ئاشۇنداق تىللىدى، ئىشەنمىسەڭ، پولكىدىن سورا، — دەپ قاپىقىنى تۈرۈپ كىچىككىنە مىلېخوف ئۆزىنى ئاقلاپ.

— راست، ئاپا، ئۇلار بىزنىڭ ھەممە توخۇلىرىمىزنى پاك - پاكىز سويۇۋەتتى!

پولىيوشكا جانلىنىپ كەتتى: كىچىككىنە قارا كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، ھويلىغا قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى، توخۇ ۋە ئۆردەكلەرنى تۇتقانلىقىنى، موممىسى ئىلتىماسچانىڭ ئۇلاردىن تاجى توڭلاپ كەتكەن قىزىل خورازنى ئۇرۇقلۇققا قالدۇرۇپ كېتىڭلار، دەپ ئۆتۈنگەنلىكىنى ۋە بىر خۇش چاقچاق قىزىل ئەسكەرنىڭ موممىسىغا خورازنى پۇلاڭشىتىپ تۇرۇپ: «بۇ خوراز، چوڭ ئانا، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى قىچقاردى، شۇڭا بىز ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدۇق! مەيلى يىلىنسالىڭ يىلىن، بىز ئۇنى ئۇگرە ئاشقا توغرايمىز، بۇنىڭ بەدىلىگە ساڭا بىر كونا پىيمىنى تاشلاپ كېتىمىز» — دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن پولىيوشكا قوللىرىنى ئىككى تەرەپكە يېيىپ:

— مانا مونداق پىيما قالدۇردى! شۇنداق كومشا، ھەممە

يېرى تۆشۈك! ــ دېدى.

ناتالىيە بىر كۆلۈپ، بىر يىغلاپ بالىلىرىنى ئەركىلەتتى ۋە زوقلانغان كۆزلىرىنى قىزىدىن ئالماي، خۇشاللىق بىلەن پىچىرلىدى:

ــ ئاھ، مېنىڭ گرىگورىيېۋنام! ھەقىقىي گرىگورىينىڭ قىزى! سەن قۇيۇپ قويغاندەك داداڭغا ئوخشايسەن.

ــ مەنچۇ، مەنمۇ ئوخشامدىمەن؟ ــ دەپ قىزغانچۇقلۇق بىلەن سورىدى مىشاتكا ۋە تارتىنىپراق ئاپىسىغا يۆلەندى.

ــ سەنمۇ ئوخشايسەن. ماڭا قارا: چوڭ بولغاندا ــ داداڭغا ئوخشاش ئازغۇن بولما...

ــ ئۇ ئازغۇنمۇ، ئاپا؟ قانداق ئازغۇن؟ ــ دېدى پولىيوشكا قىزىقىپ.

ناتالىيىنىڭ يۈزىدە قايغۇ ئالامىتى پەيدا بولدى. ناتالىيە ئۈنچىقماستىن، ئورۇندۇقتىن تەسلىكتە قوپتى.

بۇ گەپ - سۆزلەرنىڭ ئۈستىدە بولغان ئىلىئىنچنا نارازى بولۇپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. ناتالىيە ئەمدى بالىلىرىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماستىن، دېرىزىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئاستاخوفنىڭ ئۆيىنىڭ يېپىقلىق تۇرغان دېرىزە قاپقاقلىرىغا ئۇزاققىچە كۆز تىكتى، ھەدەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، كونا، ئۆڭۈپ كەتكەن كوفتىسىنىڭ بۇرمىلىرىنى بىئارام بولۇپ تىتكىلەيتتى...

ئەتىسى ناتالىيە تاڭ يورۇش بىلەنلا ئويغاندى، بالىلىرىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاستا ئورنىدىن تۇردى، يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، ساندۇقتىن پاكىز يوپكىسىنى، كوفتىسىنى ۋە ئاپئاق ياغلىقىنى ئالدى. ئۇ سېزىلەرلىك پەرىشان ھالدا ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ كىيىنگەنلىكىگە، مەيۈس ۋە چوڭقۇر سوكۇتتە چۆمگەنلىكىگە قاراپ، ئىلىئىنچنا كېلىنىنىڭ گرىشاكا بوۋا قەبرىسىگە بارىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى.

— نېمىگە جابدۇندۇڭ؟ — دەپ سورىدى ئىلئىنىچنا ئۆز پەرەزلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىش ئۈچۈن.

— چوڭ دادامنىڭ قەبرىسىنى كۆرۈپ كېلىشكە بارىمەن، — دېدى ناتالىيە، يىغلاپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرمەستىن.

ئۇ گىرىشاكا بوۋىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ۋە قورۇ-جايلىرىنى كوششىۋوينىڭ كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلگەنىدى.

— تېنىڭ زەئىپلىشىپ كەتكەن، يېتىپ بارالمايسەن.

— يولدا پات-پات دەم ئېلىپ، يېتىپ بارىمەن، بالىلارنىڭ تامىقىنى بېرىپ قويارسىز، بەلكى ئۇ يەردە ئۇزاقراق ھايال بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن.

— سېنىڭ ئۇ يەردە نېمىشقا ھايال بولۇپ قالىدىغانلىقىڭنى كىم بىلىدۇ! بۇنداق يامان چاغدا ئاشۇ شەيتانلارغا يولۇقۇپ قالمىساڭ بولاتتى، خۇدايا كەچۈر بەندەڭنى. بارمىساڭچۇ، ناتالىيوشكا!

— ياق، بارىمەن، — ناتالىيە قاپىقىنى تۈرۈپ ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتتى.

— ھەي، توختاپ تۇر، ئاچ قورساق يولغا چىقامسەن؟ ئازراق قېتىق قۇيۇپ بېرەيمۇ؟

— ياق، ئاپا، ئېيسامەسىھ رەھمەت قىلسۇن، ھېچ نەرسە ئىچكۈم يوق... قايتىپ كەلگەندە، تاماق يەيمەن.

ئىلئىنىچنا كېلىنىنىڭ قەتئىي بېرىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، مەسلىھەت بەردى:

— دون بويىنى ياقىلاپ، باغچىلارنىڭ ئىچى بىلەن يۈرگىنىڭ ياخشىراق. شۇ يەر بىلەن ماڭساڭ سېنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ.

دوننىڭ ئۈستىنى تۇمان قاپلىۋالغانىدى. كۈن تېخى چىقـ

مىغان بولسىمۇ، ئەمما شەرقتە ئاق تېرەكلەر تۇسۇپ تۇرغان ئۇپۇق تاڭ شەپىقى بىلەن لاۋۇلداپ تۇراتتى. بولۇتنىڭ ئاستىدىن سەھەرنىڭ سالقىن شامىلى چىقىشقا باشلىغانىدى.

ناتالىيە، يىقىلىپ چۈشكەن، ھەشقىپىچەك چىرماشقان قاشادىن ئارتىلىپ، ئۆزىنىڭ بېغىغا كىردى. قولىنى يۈرىكىگە بېسىپ، يېڭى توپا دۆۋىلەنگەن دۇمبەلچەكنىڭ يېنىدا توختىدى.

باغنىڭ ئىچىنى قويۇق ئۆسكەن قىچىشقاق ئوت بىلەن شۇۋاق بېسىپ كەتكەنىدى، شەبنەمدە ھۆل بولغان بەش قۇلاق ئوت، نەم توپا ۋە تۇماننىڭ ھىدى كېلەتتى. يانغىندىن كېيىن قۇرۇپ قالغان قېرى ئالما دەرىخىنىڭ ئۈستىدە ھۇرپىيىپ تۇرغان بىر قارىغۇچا يالغۇز ئولتۇراتتى. قەبرە دۇمبەلچىكى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن. بەزىبىر قۇرۇپ قالغان چالمىلارنىڭ ئارىلىقلىرىدا ئۈستىگە يېرىپ چىققان ئوت - چۆپلەرنىڭ ياپيېشىل مايسىلىرى كۆكىرىپ تۇراتتى.

ئۆتكەن خاتىرىلەر ئېسىگە كېلىۋېرىپ، ئىزتىراپقا چۈشكەن ناتالىيە ئۈنچىقماستىن تىزلىنىپ ئولتۇردى - دە، چىرىگەن جەسەتنىڭ مەڭگۈ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان مېھرىسىز تۇپراققا يۈزىچە يىقىلدى....

بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ يوشۇرۇنچە باغدىن چىقتى - دە، بىر زامانلار ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى گۈللەپ ياشنىغان ماكانىغا يۈرىكى قىسىلىپ ئاغرىغان ھالدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قايرىلىپ قارىغانىدى — بوپبوش قالغان ھويلىنىڭ ئىچى مەيۈس ھالەتتە بولۇپ، قاپقارا كۆمۈرگە ئايلانغان ساراي تۈۋرۈكلىرى بىلەن، كۆيۈپ كەتكەن مەش ۋە تاملارنىڭ ئۇل خارابىلىرى بىلەن قارىيىپ تۇراتتى، — شۇندىن كېيىن ئۇ ئاستا تار كوچا بىلەن مېڭىپ كەتتى.

× ×

ناتالىيە كۈندىن - كۈنگە ئوبدانلا ساقىيىشقا باشلىدى. پۇتلىرىغا جان كىردى، مۈرىلىرى يۇمىلاقلىشىپ، بەدىنى تولۇپ، سالامەتلىكى كۈچەيدى. كۆپ ئۆتمەي قېيىن ئانىسىنىڭ ئاش - تامىقىغا ياردەملىشىدىغان بولدى. بۇ ئىككىيلەن مەش ئالدىدا كۆيۈپ - پىشىپ، ئۇزاق - ئۇزاق پاراڭلىشاتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەن ناتالىيە ئاچچىقى بىلەن مۇنداق دېدى:

— قاچانمۇ تۈگەر بۇ ئىشلار؟ جېنىم قاقشاپ كەتتىغۇ!

— قاراپ تۇر، بىزنىڭكىلەر دوننىڭ نېرىسىدىن پات ئارىدا ئۆزۈپ ئۆتىدۇ، — دېدى ئىلىنىچنا ئىشەنچ بىلەن.

— سىز بۇنى نەدىن بىلىسىز، ئاپا؟

— يۈرىكىم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ.

— ئىگەكىم بىزنىڭ كازاكلىرىمىز ئامان - ئېسەن قايتسا ئوبدان بولاتتى. بىرەرسىنىڭ ئۆلۈش ياكى يارىدار بولۇشىنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن. بىزنىڭ گىرىشا ناھايىتى قارام، — دەپ ناتالىيە بىر ئۇھ تارتتى.

— بەلكى، ئۇلارغا ھېچ ئىش بولماس، خۇدا رەھىم - شەپقەتتىن خالىي ئەمەس، بىزنىڭ چال بۇياققا يەنە ئۆتۈپ، بىزنى يوقلاپ كەتمەكچىدى، قورققان ئوخشايدۇ. ئۇ كەلگەن بولسا — سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز ئادەملىرىمىز-نىڭ قېشىغا كەتكەن بولساڭ، باش ئاغرىقىدىن نېرى بولاتتىڭ. بىزنىڭ يېزىلىقلار نەق يېزىنىڭ ئۇدۇلىدا يېتىشىپ مۇداپىئەدە تۇرماقتا، ئاۋۇ كۈنى سەن ھوشسىز ياتقان چېغىڭدا مەن سەھەر-دە دون بويىغا بېرىپ سۇ ئېلىۋاتسام، قۇلىقىمغا دوننىڭ نېرىقى

ئەرپىدىن ئانىكيۇشكىنىڭ: «سالامەتمۇ سەن، موما! چالىدىن سالام!» — دېگەن ۋارقىرىشى ئاڭلىنىپ قالدى.

— گىرىشا قەيەردىدۇ؟ — دەپ سورىدى ناتالىيە ئېھتىيات بىلەن.

— ئۇ يىراقتا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قوماندانلىق قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئىلئىنىچنا ساددا دىللىق بىلەن.

— ئۇ نەدە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىدىكەن؟

— ۋېشكىدا بولۇشى مۇمكىن، باشقا يەر يوق قوماندان-لىق قىلىشقا.

ناتالىيە ئۇزاققىچە جىمىپ كەتتى. ئىلئىنىچنا ئۇنىڭغا لىپپىدە قاراپ، چۆچۈپ سورىدى:

— ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىشقا يىغلايسەن؟

ناتالىيە جاۋاب بەرمەستىن، كىر پەرتۇقنى يۈزىگە تۇتۇپ، ئاستا پىخىلداشقا باشلىدى.

— يىغلىما، ناتالىيوشكا. بۇ ئىشقا كۆز يېشىڭ ياردىمى تەگمەيدۇ، خۇدا نېسىپ قىلسا، ئۇلارنى ساق - سالامەت كۆرەر-مىز. سەن ئۆزۈڭگە پەخەس بولۇپ يۈر، ھويلىغا تولا چىقما، چۈنكى ئاۋۇ دىنسىزلار كۆرۈپ قالسا، ساڭا تىكىلىشىپ قالىدۇ...

ئاشخانىنىڭ ئىچى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. دېرىزىنىڭ سىرتىدىن بىرىنىڭ كۆلەڭگىسى چۈشتى. ئىلئىنىچنا دېرىزە تەرەپكە قايرىلىپ، ئۇھ - ئۇھلاشقا باشلىدى:

— ئاشۇلار! قىزىللار! ناتالىيوشكا! تېز بول، كارىۋاتقا يېتىۋال، كېسەل كىشى بولۇۋال... تاسادىپىي بىر ئىش بولۇپ قالمىسۇن... مۇنۇ كاناپ ئەديالنى يېپىنىۋال!

ناتالىيە قورقۇنچىدىن تىترەپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاش بى-لەنلا ئىشىكنىڭ لوكا تۆمۈرى جىرىڭلاپ، ئاشخانىغا ئۇزۇن بويلۇق بىر قىزىل ئەسكەر ئېڭىشىپ كىرىپ كەلدى. بالىلار چىرايى

ئاتىرىپ كەتكەن ئەلئىنچىنانىڭ ئىتىكىگە يېپىشتى. ئەلئىنچىنا مەش-نىڭ ئالدىدا تۇرغان پېتى ھودۇقۇپ، بىر ئاپقۇر پېشۇرۇلغان سۈتنى ئۆرۈپ، ئۇزۇن تاختاي ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ قالدى.

قىزىل ئەسكەر ئاشخانىغا تېز كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ياڭ-راق ئاۋاز بىلەن دېدى:

— قورقماڭلار، ھېچ نەرسە يېمەيمىز، سالام سىزلەرگە!

ناتالىيە ئانچىكىملا ئىڭراپ، بېشىنى كاناپ ئەدىيال بىلەن پۈركىۋالدى، مىشاتكا مېھمانغا سىنچىلاپ قاراپ، خۇشاللىق بىلەن دېدى:

— موما، بىزنىڭ خورازنى سويغان ئاشۇ ئادەم! ئېسىڭىزدىمۇ؟

قىزىل ئەسكەر بېشىدىن ماش رەڭ فۇراژكىسىنى ئالدى-دە، تىلىنى چوكۇلدىتىپ، كۈلدى.

— تونۇۋالدىڭ، مۇتىھەم! سېنىڭ ئەس - يادىڭ شۇ خوراز بىلەن بولۇپ قالدىمۇ؟ ئەمما، چوڭ ئانا، مۇنداق بىر ئىش بار: سەن بىزگە نان پىشۇرۇپ بېرەلەمسەن؟ ئۇنىمىز بار!

— بولىدۇ... ماقۇل... پىشۇرۇپ بېرەي.... — دېدى ئەلئىنچىنا دەرھاللا جاۋاب بېرىپ، مېھمانغا قارىماستىن، ئورۇن-دۇققا تۆكۈلگەن سۈتنى ئېرتىپ تۇرۇپ.

قىزىل ئەسكەر ئىشىكنىڭ قېشىغا ئولتۇردى، يانچۇقىدىن تاماكا خالتىسىنى ئېلىپ، قەغەزگە ئورىغاچ پاراڭغا كىرىشتى:

— كەچ كىرگۈچە پىشۇرۇپ بېرەلەمسەن؟

— ئەگەر بەك ئالدىرىساڭلار، كەچ كىرگۈچە پىشۇرۇپ بېرىشىم مۇمكىن.

— ئورۇش ۋاقتىدا، چوڭ ئانا، ھەممىشەم ئالدىراشچىلىق بولىدۇ، ئەمما خوراز ئۈچۈن سىز خاپا بولماڭ.

— ياق، خاپا بولمايمىز! — دېدى ئەلئىنچىنا قورقۇپ

كېتىپ، — مۇنۇ بالا تەنتەك... لازىمى يوق نەرسىنى ئەسكە ئېلىپ يۈرىدۇ!

— ئەمما، سەن يىگىتچەك، تازا پىخسىق ئىكەنسەن جۇمۇ...، — سۆزگە ئامراق مېھمان ئاق كۆكۈللۈك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى مىشاتكىغا قاراپ، — نېمە بۆرىدەك قارايسەن؟ بېرى كەلگىنە، سېنىڭ خورىزىڭ توغرۇلۇق ئوبدان بىر سۆزلىشۋالايلى.

— يۈگۈر، بالام! — دەپ پىچىرلىدى ئىلىئىنچنا نەۋرىسىنى تىزى بىلەن ئىتتىرىپ.

ئەمما بالا مومىسىنىڭ ئېتىكىدىن ئاجرىلىپلا، ئاشخانىدىن ئاستا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئىشىك تەرەپكە يېنىچە بىر شۇڭغۇۋىدى، قىزىل ئەسكەر كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىپ، ئۇزۇن قولى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ سورىدى:

— ئاچچىقىڭ كېلىپ قالدىمۇ؟

— ياق، — دېدى مىشاتكا پىچىرلاپ.

— ئۇنداق بولسا، ناھايىتى ياخشى. خورازىڭ كارى چاغلىق. ئاتاڭ نەدە؟ دونىڭ نېرىقى تەرىپىدىمۇ؟

— دونىڭ نېرىقى تەرىپىدە.

— دېمەك، بىز بىلەن سوقۇشۇۋېتىپتۇ-دە؟

ئۇنىڭ ئىللىق، يۇمشاق مۇئامىلىسىدىن كۆڭلى ئېرىگەن مىشاتكا مەمنۇنلۇق بىلەن خەۋەرلەندۈرۈپ قويدى.

— ئۇ ھەممە كازاكلارغا قوماندانلىق قىلىدۇ!

— ھەي، يالغان سۆزلەيسەنغۇ دەيمەن، شاكىچىك!

— ئىشەنمىسەڭ، ئەنە مومامدىن سورا.

نەۋرىسىنىڭ گەپدانلىقىدىن قاتتىق تەشۋىشكە چۈشكەن مومىسى قوللىرىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ، ۋاي-ۋايلاپ كەتتى.

— ھەممىگە قوماندانلىق قىلامدۇ؟ — دەپ قايتا سورىدى

ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالغان قىزىل ئەسكەر.

— بەلكى، ھەممىگە ئەمەستۇر ....، — ئەمدىلىكتە مومىسىنىڭ ئالىيىپ قارىغانلىقىدىن لاسىدە بولۇپ قالغان مىشاتكا ئىشەنچسىزلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

قىزىل ئەسكەر بىرئاز ئۈنچىقماي ئولتۇردى، ئۇندىن كېيىن ناتالىيىگە كۆز قىرى بىلەن قاراپ، سورىدى:

— كىچىنچەك ئاغرىپ قالدىمۇ، نېمە؟

— كېزىك بولۇپ قالدى، — دەپ خالار - خالىماستىن جاۋاب بەردى ئىلئىنىچنا.

ئاشخانىغا ئىككى قىزىل ئەسكەر بىر قاپ ئۇننى ئەكىرىپ، بوسۇغىنىڭ قېشىدا قويدى.

— مەشكە ئوت ياق، ھامما ئاچا! — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى، — كەچقۇرۇن ناننى ئالغىلى كېلىمىز. كۆزۈڭگە قارا، نان ئوبدانراق پىشسۇن! ئۇنداق بولمىغاندا ساڭا ياخشى بولمايدۇ!

— قولۇمدىن كېلىشىچە ياخشى پىشۇرۇشقا تىرىشىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئىلئىنىچنا يېڭى كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ بايىقى خەتەرلىك پاراڭنى بۆلۈۋەتكەنلىكىگە ئىنتايىن خۇشال بولۇپ. شۇ ئارىدا مىشاتكا ئاشخانىدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى.

بىرى باش ئىشارىتى بىلەن ناتالىيىنى كۆرسىتىپ سورىدى:

— كېزىك ئاغرىقىمۇ؟

— ھەئە.

قىزىل ئەسكەرلەر بىرنېمە توغرۇلۇق ئاستا سۆزلىشىپ، ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىكى بىرى تېخى دوقمۇشتىن قايرىلماستىنلا — دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىن مىلتىق تارسىلداپ ئېتىلىشقا باشلىدى.

قىزىل ئەسكەرلەر ئېگىنشكەن پېتى يىرىم - يارتا ئېرۋلۇپ

چۈشكەن تاش دىۋارنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ، موككىدە
يېتىۋېلىشتى - دە، مىلتىقلىرىنىڭ قۇلۇپلىرىنى شاراقلىتىپ، ئۇ
تەرەپكە ئوق چىقىرىشقا باشلىدى.

قورقۇپ كەتكەن ئىلمىنىچنا مىشاتكىنى ئىزدەش ئۈچۈن
هويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. توسۇق دىۋارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا
ۋارقىراشتى:

— هەي، ئانىكا! ئۆيگە كىرىپ كەت! ئۇلار ئېتىپ تاشلايدۇ!

— بالىمىز قورۇدا ئىدى! مىشىنكا! جېنىم بالام! —
موماي يىغلامسىراپ ئۇنى قىچقاردى.

ئۇ هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۈگۈرۈپ بېرىشى بىلەنلا دون-
نىڭ نېرىقى تەرىپىدىن ئېتىلىۋاتقان ئوق دەرهاللا توختاپ
قالدى. دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدە تۇرغان كازاكلار مومايىنى
كۆرۈپ قالغانلىقى روشەن ئىدى. ئىلمىنىچنا يۈگۈرۈپ كەلگەن
مىشاتكىنى قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئاشخانىغا كىرىپ كېتىشى بى-
لەنلا ئېتىش يەنە باشلىنىپ، تاكى قىزىل ئەسكەرلەر مېلېخوفلار-
نىڭ هويلىسىدىن چىقىپ كەتكەنگە قەدەر داۋام قىلدى.

ئىلمىنىچنا ناتالىيە بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلەشكەچ خېمىر
تۇتۇپ قويدى، ئەمما ناننى پىشۇرۇشقا توغرا كەلمىدى.

چۈشكە يېقىن يېزىدىكى قىزىل ئەسكەرلەر تۇيۇقسىز پىلې-
موت قاراۋۇلخانىلىرىنى تاشلاپ، ئالدىراشلىق بىلەن هويلا -
هويلىلاردىن چىقىپ، پىلېموتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، يارلىقلار بىلەن
تاغنىڭ بېشىغا يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى.

تاغنىڭ ئۈستىدىكى ئاكوپلاردا ياتقان روتا سەپكە تىزى-
لىپ، تېز مارش بىلەن گېتمان يولىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى.

نېمىشقىدۇر بىردىنلا پۈتۈن دون بويىنى چوڭقۇر سۈكۈنات
قاپلاپ كەتتى. توپ - زەمبىرەك ۋە پىلېموتلار جىمىپ قالدى.
يېزىلاردىن گېتمان يولىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوت - چۆپ

باسقان يازلىق چىغىر يوللاردا باش - ئايغى يوق كاۋان هارۋىلار، باتارىيىلەر سوزۇلۇپ كېتىۋەتىدۇ؛ پىيادىلەر بىلەن ئاتلىق ئەسكەرلەر كالوننا - كالوننا بولۇپ مېڭىشقانىدى.

ئارقىدا قالغان قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ گەج قاپتاللىرى بويلاپ تاغنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ تۇرغان ئىلىئىنچنا قوللىرىنى پەشتامىغا ئېرتىپ تۇرۇپ، چىن كۆڭلىدىن چوقۇنۇۋالدى:

— خۇدا ئۆزى ئىلاجىنى قىلىدى، ناتالىيوشكا! قىزىللار كېتىشىۋاتىدۇ!

— ئۇھ، ئاپا، ئۇلار يېزىدىن تاغنىڭ ئۈستىدىكى ئاكوپلارغا كېتىشىۋاتىدۇ، كەچ بولغاندا يەنە قايتىپ كېلىشىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئۇلار نېمىشقا شۇنچە ئالدىراشلىق بىلەن يۈگۈرۈشىدۇ؟ بىزنىڭكىلەر ئۇلارنى سۈرۈپ توقاي قىلغان بولسا كېرەك! چېكىنىۋاتىدۇ لەنىتىلەر! قېچىپ كېتىۋاتىدۇ دىنسىزلار...، — ئىلىئىنچنا خۇرسەن بولدى، ئەمما خېمىرنى يېڭىباشتىن چەيلەشكە كىرىشتى.

ناتالىيە دەھلىزدىن چىقىپ، بوسۇغىنىڭ ئالدىدا توختىدى - دە، قولىنى كۆزىگە تۇتۇپ، قۇياش نۇرى ئالتۇن ھەل بەرگەن گەج تاغقا، ئاپئاپئا كۆيۈپ، قارامتۇل تۈسكە كىرگەن تاغ تىزمىلىرىغا ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى.

تاغنىڭ كەينىدىن گۈلدۈرمىما ئالدىدىكى جىمجىت سۈكۈنات ئىچىدە پاغا - پاغا ئاپئاق بۇلۇتلار تاغ چوققىلىرىدىن كۆتۈرۈلەتتى. چۈش ۋاقتىدىكى تىك كۆتۈرۈلگەن قۇياش يەرنى جەزىرىمە ئىسسىق بىلەن كۆيدۈرەتتى، يايلاقتا دالا چاشقانلىرى ئۈشقىرتاتتى، ئۇلارنىڭ مۇڭلۇق ئۈشقىرتىشى تورغايلارنىڭ خۇش ناۋا كۈيلىرى بىلەن ئاجايىپ جور بولاتتى. زەمبىرەكلەرنىڭ گۈلدۈرلەشلىرىدىن كېيىن شەكىللەنگەن سۈكۈنات ناتالىيىنىڭ

يۈرىكىگە شۇنداق ياقتىكى، ئۇ، مىدىر قىلماستىن، تورغايلارنىڭ ساددا سايراشلىرىغا، قۇدۇق بېشىدىكى بادرا ياغاچنىڭ غىچىرلىشىغا، شىۋاقنىڭ ئاچچىق ھىدىگە تويۇنغان شامالنىڭ شىۋىرلىشىغا قاتتىق ئىشتىياق بىلەن قۇلاق سالاتتى.

دالادا ئېسىدىغان بۇ ئۇچقۇر شەرق شامىلى — ھەم ئاچچىق، ھەم خۇش بۇي ئىدى. ئۇ، چوغدەك قىزىغان قارا تۇپراقنىڭ لاۋۇلدىغان ئىسسىقىنى ئەكىلەتتى، ئاپتاپتا مۆكچىيىپ كەتكەن پۈتۈن ئوت - چۆپ، گىياھلارنىڭ مەست قىلغۇچ پۇرىقىنى تارقىتاتتى. يامغۇرنىڭ شەپىسى بار ئىدى: دوندىن چۆچۈمەل نەملىك كېلىپ تۇراتتى، قارلىغاچلار يەر بېغىرلاپ ئۇچۇپ، ئۇچلۇق ئاچا قاناتلىرى بىلەن ھاۋانى تىلاتتى، يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان گۈلدۈرمامىدىن قېچىشىپ، كۆك ئاسماننىڭ قەرىگە پەرۋاز قىلاتتى.

ناتالىيە ھويلىنى كېسىپ ئۆتتى. تاش دىۋارنىڭ ئارقىسىدا چەيلەنگەن ئوت - چۆپ ئۈستىدە مىلتىق ئوقىنىڭ مىشەكلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ چېچىلىپ ياتاتتى. دېرىزە ئەينەكلىرى ۋە ئۆينىڭ ئاقارتىلغان تاملىرى ئوق تېگىپ ئۆتمەتۆشۈك بولۇپ كەتكەنىدى. ساق قالغان توخۇلارنىڭ بىرى ناتالىيىنى يىراقتىن كۆرۈپ، قاقاقلاپ ئامبارنىڭ ئۆگزىسىگە ئۇچۇپ چىقتى.

كۆكۈلگە ياقىدىغان تىنچلىق يېزىنىڭ ئۈستىدە ئۇزاققا بارمىدى. شامال چىقىشقا باشلاپ، تاشلاندۇق ئۆيلەرنىڭ دېرىزە قاپقاقلىرى ۋە ئىشىكلەر تاراقشىشقا باشلىدى. قاردەك ئاپئاق مۆلدۈر بولۇتى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كۈننى توسۇۋېلىپ، غەربكە قاراپ ئۈزەتتى.

ناتالىيە، شامال توزغۇتقان چاچلىرىنى قولى بىلەن تۇتۇۋېلىپ، يازلىق ئاشخانىنىڭ قېشىغا كەلدى، بۇ يەردىن تاغقا يەنە قارىدى. ئۇپۇقتا، خىرە - شىرە ئاچ بىنەپشە رەڭ تۇمان قويـ

ىدا ئىككى چاقلىق يېنىك هارۋىلارنىڭ گۈلدۈرلەپ تېز كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاتلىقلار يەككە - يەككە ئۇچقاندەك تېز چېپىپ كېتىۋاتاتتى. «كېتىۋاتقانلىقى راست ئىكەن!» — دېگەن پىكىرگە كەلدى ناتالىيە ئەركىن نەپەس ئېلىپ.

ئۇ دەھلىزگە كىرەي دەپ تۇرغاندا تاغنىڭ ئارقىسىدىكى يىراق بىر يەردە زەمبىرەك ئاۋازى گۈلدۈرلەشكە باشلىدى. خۇددى بۇلارغا ئاۋاز قوشقاندەك ۋېشېنسكايادىكى ئىككى چېركاۋدىن جاراڭلىغان قوڭغۇراقنىڭ خۇش ساداسى دوننىڭ ئۈستىدىن ئۈزۈپ ئۆتتى.

دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئورماننىڭ ئىچىدىن كازاكلار زىنچىرىدە تىقىلىشىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار چوڭ قېيىقلارنى سۆرەپ، ھەم قولى بىلەن كۆتۈرۈشۈپ، دونغا ئېلىپ چۈشتى. قولۋاقچىلار قېيىقنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە تۇرۇۋېلىپ، پالاقلارنى چاققانلىق بىلەن ئىشقا سېلىشقا باشلىدى. 30 دەك قېيىق مۇسابىقىگە چۈشكەندەك، ئالدىراش يېزىغا قاراپ ئۈزۈشتى.

— ناتالىيوشكا! مېھرىبانىم! بىزنىڭ ئادەملەر كېلىۋاتىدۇ!...— ئىلىنىچنا ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىققان پېتى ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى.

ناتالىيە مىشاتكىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ دەس كۆتۈردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىسسىق ياش بىلەن يالتىرايتتى. ئۇ ھاسىراپ كەتكەنلىكتىن، ئاۋازى ئۈزۈلۈپ چىقاتتى:

— جىگەر پارەم، سەن قارىغىنا، سېنىڭ كۆزۈڭ ئۆتكۈر... بەلكىم، ئاتاڭمۇ كازاكلار بىلەن كېلىۋاتقاندۇر... تونۇيالمايۋاتامسەن؟ ئالدىنقى قېيىقتا كېلىۋاتقان ئاتاڭ ئەمەسمۇ؟ ۋوي، باشقا ياققا قاراۋاتىسەنغۇ!...

پىرىستانىدا بۇلار جۇدەپ كەتكەن پانتېلېي پروكوفىيېۋىچنىڭ يالغۇز ئۆزىنىلا كۈتۈۋېلىشتى. چال ھەممىدىن بۇرۇن

ئۆكۈزلەرنىڭ، مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ، ئاشلىقلارنىڭ ئامانلىقىنى
سورىدى، ئاندىن نەۋرىلىرىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، كۆزىگە ئازراق
ياش ئالدى. جانىجان ھويلىسىغا ئاقساقلاپ ئالدىراش كىرىپ كىرىش
بىلەنلا چىرايى ئۆڭدى ـ دە، تىزىچە يىقىلىپ، قولىنى كەڭ يې-
يىپ چوقۇنۇۋالغاندىن كېيىن شەرققە قاراپ تازىم قىلدى،
ئاق چاچلىق بېشىنى چوغدەك قىزىپ كەتكەن يەردىن
ئۇزاققىچە ئالمىدى.

## 5

دون ئارمىيىسىنىڭ 3000 كىشىدىن ئىبارەت ئاتلىقلار
گورۇپپىسى ئالتە دانە ئاتلىق زەمبىرەكى ۋە 18
ئۇلاغقا ئارتىلغان پىلىموتى بىلەن بىللە گېنېرال سېكرېتېف
قوماندانلىقى ئاستىدا 10 ـ ئىيۇن كۈنى ئۇست ـ بېلوكالىتۋې-
نىسكايا يېزا بازىرىنىڭ قېشىدا فرونتنى قاخشاتقۇچ زەربە بى-
لەن يېرىپ ئۆتۈپ، كازانىسكاياغا بارىدىغان تۆمۈريول بويلاپ
ئالغا سىلجىدى.

ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە 9 ـ دون پولكىنىڭ ئوفىتسېرلار
رازۋېتكا ئەترىتى دون بويىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ دالا قارا-
ۋۇلىغا دۈچ كېلىپ قالدى. كازاكلار ئاتلىق ئەترەتنى يىراقتىن
كۆرۈپ يارنىڭ ئىچىگە قاچقانىدى، ئەمما رازۋېتچىكلار-
نىڭ باشلىقى كازاك ياساۋۇل قوزغىلاڭچىلارنى كىيىملىرىدىن
تونۇپ، دەرھال قول ياغلىقىنى قىلىچىنىڭ ئۇچىغا چىگىپ پۇ-
لاڭشىتتى ـ دە، قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ... ئۆز كىشىلەر!... قاچماڭلار، يۇرتداشلار!...

رازۋېتچىكلار ئەندىشە قىلماستىنلا يارنىڭ قېشىغا ئات

چاپتۇرۇپلا بېرىشتى. قوزغىلاڭچىلار قاراۋۇلنىڭ باشلىقى — پېچچى ئاقارغان قېرى ۋاخمىستىر شەنبەدە شىتىرلاپ تۇرغان شىنېلىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىۋېتىپ، ئالدىغا چىقتى. سەككىز ئوفىتسېر ئاتتىن چۈشتى، ياساۋۇل ۋاخمىسترنىڭ قېشىغا كېلىۋېتىپ، ئاق ئوفىتسېرلىق كاكاردىسى تاقالغان ماش رەڭ فۇراژكىسىنى بېشىدىن ئالدى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— خوش، سالامەتمۇ سىلەر، يۇرتداشلار! قېنى، ئەمسە، كونا كازاك ئادىتى بويىچە سۆيۈشەيلى، — ئۇ يېنىچە تۇرۇپ، ۋاخمىسترنى سۆيگەندىن كېيىن ياغلىقى بىلەن لەۋلىرىنى، بۇرنىنى ئېرتتى، ئاندىن ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن ئۆز يولداشلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە توختاپ - توختاپ گەپ سوردى:

— خوش، قانداق، ھوشۇڭلارغا كەلدىڭلىمۇ؟ بولشېۋىكلاردىن ئۆز كىشىڭلەر ياخشىمىكەن؟

— شۇنداق بولمامدىغان، جانابىي ئالىي! گۇناھىمىزنى يۇدۇق... ئۈچ ئاي جەڭ قىلدۇق، سىزلەرنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتتۇق!

— كىچىككەن بولساڭلارمۇ ئەقلىڭلارنى تاپقىنىڭلار ياخشى بولدى، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، «كونا ئىشنى ئەسكە ئالغاننىڭ كۆزى چىقسۇن» دېگەن ماقال بار، سىلەر قايسى رايوندىن؟

— كازانسكايادىن، جانابىي ئالىي!

— سىزلەرنىڭ قىسىملىرىڭىزلار دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىمۇ؟

— خۇددى شۇنداق!

— قىزىللار دوندىن نەگە قاراپ يول ئالدى؟

— دوننى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ كېتىشتى، ئېھتىمال، دونېتس يېزىسىغا چېكىنگەن بولۇشى مۇمكىن.

— سىزلەرنىڭ ئاتلىقلار تېخى دەريادىن ئۆتمىدىمۇ؟

— ياق.
— نېمىشقا؟
— بىلەلمىدىم، جانابىي ئالىي. ئالدى بىلەن بۇ قىرغاقتا بېزنى ئەۋەتىشتى.
— قىزىللارنىڭ بۇ يەردە ئارتىللېرىيىسى بارمىدى؟
— ئىككى باتارېيىسى بار ئىدى.
— ئۇلار بۇ يەردىن قاچان كېتىشتى؟
— تۈنۈگۈن كەچتە.
— ئارقىسىدىن قوغلاش كېرەك ئىدى! ھەي، جۇرئەت-سىز ئادەم ئىكەنسىلەر! — ياساۋۇل ئۆپكىلەپ شۇ سۆزنى دې-دى-دە، ئېتىنىڭ قېشىغا بېرىپ، دالا سومكىسىدىن خاتىرە دەپتەر بىلەن خەرىتىنى ئالدى.
ۋاخمىستر ئىككى قولىنى تۆۋەن سالغان پېتى، تىك تۇ-راتتى. ئۇنىڭدىن ئىككى قەدەم ئارقىدا كازاكلار تويلىشىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ھەم خۇشاللىقتا چۆمگەن، ھەم چۈشىنىكسىز بىئا-رام بولغان ئارىلاش تۇيغۇ بىلەن ئوفىتسېرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئۇزاق سەپەردە ئوررۇقلاپ كەتكەن نەسىلدار ئارغىماقلىرىنىڭ ئىگەر-جابدۇقلىرىغا قاراپ تۇرۇشاتتى.
بەدىنىگە تازا چىپسا كەلگەن، مۇرىسىگە ئالاھىدە پاگون تاقالغان ئىنگلىز فىرەنچى بىلەن كەڭ گەلەپى شىم كىيگەن ئوفىتسېرلار نايناقلاپ مېڭىشىپ، ئاتلىرىنىڭ قېشىدا نېرى-بېرى يۈرۈشەتتى، كازاكلارغا كۆز قىرى بىلەن قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدە، 1918-يىلىنىڭ كۆز پەسلىدىكىگە ئوخشاش قېرىنى-داش بىلەن قولدا سىزىپ قويۇلغان پاگونلار يوق ئىدى. ئاياغ كىيىم، ئىگەر-جابدۇق، ئوقدان، دۇربۇن ۋە ئىگەرگە تاسما بىلەن بېكىتىلگەن كارابىن مىلتىقلارنىڭ ھەممىسى يېپ-يېڭى بولۇپ، رۇسلار ياسىغان قوراللار ئەمەس ئىدى. پەقەت

چىرايىدىن يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بىر ئوفىتسېرلا يۈپقا كۆك موۋۇتتىن چېركەسچە چەكمەن، ئالتۇندەك سېرىق بۇخارا كاراكولىدىن كۇبانكا ۋە پۇتىغا پاشنىسىز تاغ ئۆتۈكى كىيگەنىدى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ، يېنىك قەدەم تاشلاپ، كازاكلارنىڭ قېشىغا كەلدى-دە، خەرىتە سومكىسىدىن بىلگىيە كارولى ئالبېرتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ھەشەمەتلىك پاپىروس قۇتىسىنى ئېلىپ:

— قېنى، چېكىڭلار، بۇرادەرلەر! — دەپ تەكلىپ قىلدى.

كازاكلار پاپىروسقا ئاچكۆزلۈك بىلەن ئۇمتۇلۇشتى. قالغان ئوفىتسېرلارمۇ يېقىن كېلىشتى.

— سوۋېت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قانداق تۇردۇڭلار؟ — دەپ سورىدى بېشى يوغان، كەڭ يەلكىلىك خورۇنجى.

— ئۇنچىلىك لەززەتلىك ئەمەس...، — دەپ جاۋاب بەردى كونا چەكمەن كىيگەن بىر كازاك مۇلايىملىق بىلەن، ئۇ خورۇنجىنىڭ يوغان پاقالچاقلىرىنى تىزىغىچە مەھكەم قىسىپ تۇرغان قونچلۇقىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، ھە دەپ پاپىروسنى شورايتتى.

كازاكنىڭ پۇتىدا جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن يىرتىق چورۇق ئاران-ئارانلا ئىلىنىپ تۇراتتى. كۆپ قېتىم تورلاپ يامالغان، شالۋۇرىنىڭ پاقالچىقى تىقىلىق تۇرغان ئاق يۇڭ پايپىقى جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەنىدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن كازاك پاشنىسى ئۇپرىماس، پىستانلىرى پارقىراق، كىشىنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان ئىنگلىز بەتىنكىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ قالغانىدى. ئۇ چىداپ تۇرالماي، ساددا دىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ زوقلانغانلىقىنى بىلدۈرۈپ:

— ۋاي-ۋۇي، سىزنىڭ ئاياغ كىيىمىڭىز نېمىدېگەن پۇزۇر! — دەۋەتتى.

ئەمما خورۇنجىنىڭ سىلىق سۆزلىشىشكە ئانچە خۇشتى يوق

ئىدى. ئۇ زەھەرخەندىلىك ۋە كىشىنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ئاھاڭدا مۇنداق دېدى:

— چەت ئەلنىڭ فورمىلىق ئۈستىباش كىيىم-كېچەكلىرىنى موسكۋانىڭ پاخال كەشلىرىگە تېگىشىشنى خالىغان ئۆزۈڭلار ئەمەسمۇ، ئەمدىلىكتە بىراۋنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرگە ھەسەت قىلىۋاتامسىلەر!

— سەۋەنلىك ئۆتتۈلۈپ قاپتۇ. خاتالىقىمىزنى بويىنىمىزغا ئالىمىز...، — دەپ خىجىللىق بىلەن جاۋاب بەردى كازاك، مېنى قوللىغۇچىلار بارمىكىن دېگەن نىيەت بىلەن ئۆز يولداشلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ.

خورۇنجى ھاقارەتلىك سۆز بىلەن تەنبىھ بېرىشنى داۋاملاشتۇردى:

— سىزلەرنىڭ ئەقلىڭلار ئۆكۈزنىڭ ئەقلىچىلىك ئىكەن. ئۆكۈزنىڭ ئادىتى ھەمىشە شۇنداق بولىدۇ: ئاۋۋال چامدايدۇ، كېيىن توختاپ ئويلايدۇ. سەۋەنلىك ئۆتتۈلۈپ قالدى! كۆزدە فرونتنى تاشلاپ كەتكەن چاغلىرىڭلاردا نېمىنى ئويلىغانىدىڭلار! كومىسسار بولۇشنى خالىغانىدىڭلار! ئېھ، قاراڭلار، سىلەرنى، ۋەتەن قوغدىغۇچىلار!...

ياشقىنا بىر يۈزبېشى ھەددىدىن ئاشقان خورۇنجىنىڭ قولىقىغا: «بولدى قىل، يېتەر ئەمدى!» — دەپ ئاستا پىچىرلىدى، شۇنىڭ بىلەن خورۇنجى پاپىروسنى دەسسەپ ئۆچۈردى-دە، يەرگە شارتلا بىرنى تۈكۈرۈپ، دەلدەڭشىپ، ئاتنىڭ قېشىغا ماڭدى.

ياساۋۇل ئۇنىڭغا كىچىككىنە بىر خەتنى بەردى-دە، ئۇننى ئاستا چىقىرىپ بىر نېمىلەرنى دېدى.

بەستلىك خورۇنجى كۆتۈلمىگەن چەبدەسلىك بىلەن ئېتىغا

ئىرغىپ مىندى ـ دە، تىزگىنىنى شارتتىدە بۇراپ، غەرب تەرەپكە چېپىپ كەتتى.
كازاكلار خېجىللىق ئىچىدە ئۈنچىقىشمايتتى، بۇلارغا يېقىنلىشىپ كەلگەن ياساۋۇل يوغان ياڭراق ئۈنىنى پەس چىقىرىپ، خۇرسەنلىك بىلەن سورىدى:
— بۇ يەردىن ۋارۋارنىسكى يېزىسىغىچە قانچە چاقىرىم كېلىدۇ؟
— 35، — بىرقانچە كازاك بىرلا جاۋاب بەردى.
— ياخشى، ئۇنداق بولسا، يۇرتداشلار، مۇنداق بولسۇن، سىلەر بېرىپ باشلىقىڭلارغا ئېيتىڭلار، ئاتلىق ئىسىملار بىر مىنۇتمۇ كېچىكمەستىن، بۇ تەرەپتىكى قىرغاققا ئۆتسۇن. بىزنىڭ بىر ئوفىتسېر دەريا كېچىككىچە سىلەر بىلەن بىللە بارىدۇ. ئاتلىق ئەسكەرگە شۇ قوماندانلىق قىلىدۇ، پىيادىلەر بولسا يۇرۇش تەرتىپى بىلەن كازانىسكاياغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەۋەرسۇن. چۈشەندىڭلارمۇ؟ خوش، ئۇنداق بولسا، سولغا بۇرۇلۇپ، قەدەملەپ مارش!
كازاكلار توپ ـ توپ بولۇپ، تاغ ئېتىكىگە قاراپ يۇرۇپ كەتتى. ئۇلار، تىل بىرىكتۈرۈۋالغاندەك، ئۈنچىقماستىن 100 سارجىن يول مېڭىشتى، ئۇندىن كېيىن بايىقى غەيرەتلىك خورۇنجى دەككىسىنى بەرگەن كونا چەكمەن چاپانلىق كۆرۈمسىز كازاك بېشىنى چايقاپ، غەمكىنلىك بىلەن خۇرسىندى:
— مانا قوشۇلغان بولدۇق، قېرىنداشلار!
يەنە بىرى دەرھاللا قوشۇمچە قىلىپ:
— بۇ نېمىلەر بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدۇ! بارى ئوخشاش!—
دېدى ـ دە، ئاغزىغا كەلگەننى تىللىدى.

# 6

قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى ئالدىراش چېكىنىۋېتىپتۇ دېگەن خەۋەر ۋېشېنسكاياغا مەلۇم بولۇش بىلەنلا گرىگورىي مېلېخوف دەرھال ئىككى پولك ئاتلىق ئەسكەر بىلەن دوندىن ئۆزۈپ ئۆتتى - دە، ئالدى تەرەپكە كۈچلۈك چارلىغۇچىلار ئەۋەتىپ، جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

دون بويىدىكى تاغلارنىڭ ئارقا تەرىپىدە جەڭ بولۇۋاتاتتى. زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ياڭرىغان ئاۋازى گويا يەر ئاستىدا گۈلدۈرلىگەندەك بولاتتى.

— كادېتلار سىنارەتنى ئايىماي ئېتىۋاتقاندەك قىلىشىدىغۇ! ئۈستى-ئۈستىگە ئوق ياغدۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى گرىگورىينىڭ قېشىغا يېقىنلىشىپ كەلگەن بىر كوماندىر زوقلانغان ھالدا.

گرىگورىي ئۈنچىقمىدى. ئۇ ئەتراپقا دىققەت بىلەن قاراپ، كالوننىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. دوندىن بازكى يېزىسىغىچە بولغان ئۈچ چاقىرىملىق مۇساپىدە قوزغىلاڭچىلار قالدۇرۇپ كەتكەن مىڭلىغان بىرىچكا ۋە ھارۋىلار تۇراتتى. ئورمان ئىچىنىڭ ھەممە يېرىدە مال - مۈلۈكلەر چېچىلىپ ياتاتتى: سۇنغان ساندۇقلار، ئورۇندۇقلار، كىيىم - كېچەكلەر، ھارۋا جابدۇقلىرى، تىكىش ماشىنىلىرى، قاچا - قۇچىلار، قاپ - قاپ ئاشلىق، ئىش قىلىپ، ئىگىلىرى دونغا قاراپ چېكىنگەن چاغدا تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيماي ئاچكۆزلۈك قىلىپ، ئۆزلىرى بىللە ئەكەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە بار ئىدى. بەزى يەرلەردە يول ئۈستىگە تۆكۈلۈپ قالغان ئالتۇن بۇغدايلار تىزغا چىقاتتى. يەنە شۇ يەرلەردە قورسىقى كۆپۈپ كەتكەن، چىرىپ، سېسىپ كەتكەن

ئۆكۈز ۋە ئاتلارنىڭ خۇنۇك ئۆلۈكلىرى ساي تېشىدەك چېچىلىپ ياتاتتى.

— ئوھوي، ئىگىلىكنى ئەنە شۇنداق باشقۇرۇشۇپتۇ - دە! — دەۋەتتى ئىنتايىن ھاياجانلانغان گرىگورىي، ئاندىن شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، سېسىقچىلىقتا نەپەس ئالماسلىققا تىرىشىپ، بىر ئاشلىق دۆۋىسىنىڭ يېنىدىن ئاۋايلاپ ئايلىنىپ ئۆتتى، بۇ ئاشلىق دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە كازاكچە فۇراژكىسى بار، چەكمىنى قانغا بويالغان بىر چال ئىككى غۇلىچىنى يېيىپ ئۆلۈك ھالەتتە ياتاتتى.

— بوۋاي ئۆز بايلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئاخىرغىچە قاراۋۇللۇق قىلغان ئىكەن - دە! ئەجەل ئۇنى مۇشۇيەردە قىلىشقا ئىملىغانىكەن، — دېدى كازاكلارنىڭ بىرى ئىچ ئاغرىتىپ.

— ئېھتىمال، بۇغداينى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغان...

— ھەي، قېنى، يۈرۈڭلار! يۈراپ كېتىپتۇ ئۇ — خۇدا كۆرسەتمىسۇن. قېنى، قوزغىلىڭلار!...، — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى ئارقا قاتاردىكىلەر.

شۇنىڭ بىلەن بۆلۈنمە ئاتلىرىنى يورغىغا سالدى. پارلاك بېسىقتى. پەقەت سان - ساناقسىز ئات تۇياقلىرىنىڭ تاراقلىشى ۋە قىستالغان كازاك جابدۇقلىرىنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭى ئورماندا بىر مۇقامدا سادا بېرەتتى.

...جەڭ لېستىنىتسكىلەر قورغىنىنىڭ يېقىن بىر يېرىدە بولۇۋاتاتتى، ياگودنوينىڭ بىر چېتىدىكى ئويمانلىقتا قىزىل ئەسكەرلەر توپ - توپ بولۇپ قېچىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ باش ئۈستىلىرىدە شىراپنېل پارتلايتتى، ئارقىسىدىن پىلىموت ئوقى ياغاتتى، دۆڭلۈكتە چېكىنگۈچىلەرنىڭ يولى كېسىلگەن بولۇپ، قالماق پولكىنىڭ چاچما سېپى سەلدەك ئاقاتتى.

جەڭ ئاخىرلىشىپ قالغان چاغدا گرىگورىي ئۆز پولكلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ۋېشېنسكايانىڭ داۋىنى بويلاپ چېكىنگەن 14-

دۈشمەننىڭ تارقاق قىسىملىرى بىلەن ھارۋا ـ ئۇلاغلىرىنى قوغداپ تۇرغان ئىككى روتا قىزىل ئەسكەرنى 3 ـ قالماق پولكى بىتچىت قىلىپ، پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. گرىگورىي دۆڭنىڭ ئۈستىدىلا قوماندانلىقنى يېرماكوفقا تاپشۇرۇپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ يەردە ئىش بىزسىزمۇ جۆندىلىپ بوپتۇ. سەن بېرىپ ئۇلارغا قوشۇلۇۋەر. مەن بىر مىنۇت ئىچىدە قورغانغا بېرىپ كېلەي.

— نېمە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟— دەپ سورىدى يېرماكوف ئەجەبلىنىپ.

— نېمە دېسەم بولار، ياش ۋاقتىمدا مەن بۇ يەردە يىللىقچى بولۇپ ئىشلىگەنمەن، مانا شۇ كونا جايلارنى نېمىشقىدۇر، كۆرگۈم كېلىپ قالدى...

گرىگورىي پروخورنى چاقىرىپ، ياگودنويى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى، يېرىم چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان بۆلۈنمە ئۈستىدە كازاكلاردىن بىرى ئېھتىيات بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان بىر پارچە ئاق رەختىنىڭ شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

گرىگورىي، كالوننىنىڭ ئىلاجىسىزلىقتىن كېتىۋاتقاندەك، ئويمانلىققا ئاستا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ ۋە بۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن سېكرېتېف قوماندانلىقى ئاستىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئۇدۇل كۆكلەمزار بويلاپ تېز چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىغا نەزەر سېلىپ، تەشۋىش ۋە چۈشىنىپ بولمايدىغان قايغۇ- ھەسرەت بىلەن: خۇددى ئەسىرلەر تەسلىم بولۇشقا كېتىۋاتقاندەك بىر ئىش! دەپ ئويلاپ كەتتى.

ئۇ قورغاننىڭ يىقىلىپ چۈشكەن دەرۋازىسىدىن ياۋا ئوت بېسىپ كەتكەن ھويلىغا كىرگەندە، بۇ تاشلاندۇق، مۇڭغا تولغان جايدىن قاقاسلىقنىڭ ھىدى دىمىقىغا ئۇرۇلدى. ياگودنويى تونۇ-

غىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆزگەرگەنىدى. ھەممە يەردە ئى-
گىسىزلىكنىڭ، ۋەيرانچىلىقنىڭ دەھشەتلىك ئىزلىرى كۆزگە چې-
لىقاتتى. بىر چاغلاردىكى ھەشەمەتلىك ئۆي، كۆرۈمسىزلەشكەن
ۋە پاكارلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇزاق زاماندىن بۇيان
سىرلانمىغان تۈنىكە ئۆگزىنى ساپسېرىق دات باسقانىدى.
يامغۇر سۈيى چۈشىدىغان كارنايلار پارچىلانغان بولۇپ، سۇنۇقلىرى
پەلەمپەي ئالدىدا چېچىلىپ ياتاتتى، گىرەچىسىدىن يۇلۇنغان دې-
رىزە قاپقاقلىرى قىيپاش ئېسىلىپ قالغان، ئەينەكلىرى چېقىلغان
دېرىزىلەردىن شامال غۇيۇلداپ كىرەتتى - دە، ئىنىس - جىن-
دىن ئەسەر بولمىغان ئۆينىڭ ئىچىدىن قاڭسىق، زەي پۇراق
چىقاتتى.

ئۆينىڭ شەرق تەرەپتىكى بىر بۇلۇڭى ۋە پەلەمپىيى ئۈچ
دېۋىملىق زەمبىرەك ئوقى بىلەن ۋەيران قىلىنغان. سىنارەت يىقى-
تىۋەتكەن ئېرەن دەرىخنىڭ قاق ئوچى مىجىقى چىققان مەرەپ
شەكلىدىكى كارىدور دېرىزىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. بۇ
دەرەخنىڭ غولى ئۆي خارابىسىدىكى دۆۋىلىشىپ تۇرغان خىش-
لارغا تىقىلىپ قالغان پېتى ياتاتتى. ئۇنىڭ سولاشقان شاخلىرى-
غا ئالىنقاچان ياۋا قۇلماق بەرق ئۇرۇپ چىرماشقان، ئۇنىڭ پە-
لەكلىرى ساق قالغان دېرىزە ئەينەكلىرىنى جىمجىمىدار تور پەر-
دىدەك ياپقان، ھەتتا دېرىزىدىن ئېشىپ، كارنىزغىچە بويى
تارتقان.

ۋاقىت ۋە ھۆل - يېغىن ئۆز ئىشىنى قىلغان. قورۇدىكى ئىما-
رەتلەر كونىراپ، شۇنداق كۆرۈمسىز بولۇپ قاپتۇكى، گويا كۆپ
يىللاردىن بۇيان ئادەمنىڭ غەمخور قولى تەگمىگەندەك ئىدى. باھار
يامغۇرى ئات ئېغىلىنىڭ تاش تېمىنى ئاستىدىن كولاۋەرگەنلىكتىن
يىقىلىپ چۈشكەن، كارېتا - فايتون تۇرىدىغان چەللىنى بوران ئې-
چىۋەتكەن، ئۆلۈكتەك ئاقىرىپ كەتكەن، چەگە ياغاچلار ئارىلىقلى-

رىدا پەقەت يېرىم - يارتا چىرىگەن پاخال باغلاملىرى ئاندا - ساندا قېپقالغان.

خىزمەتكارلار ئۆيىنىڭ پەلەمپىيىدە ياۋايىلىشىپ كەتكەن ئۈچ ئوۋ ئىتى ياتاتتى. ئۇلار ئادەملەرنى كۆرگەندىن كېيىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇشتى - دە، غىڭشىپ دەھلىزگە غىپپىدا كىرىپ كېتىشتى. گرىكورىي هويلىنىڭ چېتىدىكى كىچىك ئۆيىنىڭ داغدام ئوچۇق تۇرغان دېرىزىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئېگەردىن ئېڭىشىپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— تىرىك ئادەم بارمۇ بۇ يەردە؟— دەپ سورىدى.

ئۆيىنىڭ ئىچىدىن ئۇزاققىچە ئۈن - تىنىش چىقمىدى، كېيىن بىر ئايال كىشىنىڭ كاركىرىغان ئۈنى ئاڭلاندى:

— توختاپ تۇرۇڭ، خۇدا ھەققى! مەن ھازىر چىقىمەن.

قېرىپ قالغان لۇكېرىيە يالىڭاياق پۇتلىرىنى شىتىرلىتىپ پېشايۋانغا چىقتى؛ كۈننىڭ تەپتىدە كۆزلىرى قىسىلىپ، گرىگورىيغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراپ قالدى.

— تونۇيالمايۋاتامسەن؟— لۇكېرىيە ئاچا؟— دەپ سورىدى گرىگورىي ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ.

مانا شۇ چاغدىلا لۇكېرىيەنىڭ چوقۇر يۈزىدە بىر نەرسە دىرىلدىغاندەك بولدى - دە، چىرايىدىكى تومپاي بىپەرۋالىقنى كۈچلۈك ھاياجان بېسىپ كەتتى. ئۇ يىغلاپ تاشلىدى - دە، ئۇزاققىچە بىرەر ئېغىز سۆز ئېيتالمىدى.

گرىگورىي ئېتىنى باغلاۋېتىپ، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇردى.

— نى - نى دەھشەت، بالا - قازانى باشتىن كەچۈردۈم. بۇنداق ئىشلار بېشىمغا ئىككىنچى كەلمىسۇن، خۇدا كۆرسەتمىسۇن...،— لۇكېرىيە كىرلىشىپ كەتكەن ماتا پەشتامىسى بىلەن يۈزىنى ئېرتىپ تۇرۇپ، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى،— ئۇلارنى يەنە

كېلىپ قالدىمىكىن، دەپ ئويلىۋىدىم... ئۇھ، گىرىشىنكا، بۇ يەردە نېمە ئىشلار بولمىدى دەيسەن... ئېيتىپ تۈگىتەلمەيسەن!.. يالغۇز مەنلا قالدىم...

— ساشكا بوۋا قېنى؟ پان غوجاملار بىلەن چېكىنىشكە بىللە كەتتىمۇ؟

— چېكىنگەن بولسا، بەلكى، تىرىك قالاتتى...

— ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟

— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتى... ئۈچ كۈن بولدى گەمىدە يېتىپتۇ... ئۇنى كۆمەلەپ قويۇش لازىم ئىدى، ئۆزۈم ئاغرىپ تۇرۇپ مەن... ئورنۇمدىن ئاران تۇردۇم... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلۈكنىڭ قېشىغا بېرىشقا يۈرىكىم چىدىمايدۇ...

— نېمىشقا ئۆلتۈردى؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي بېشىنى كۆتۈرمەستىن غۇۋا ئاۋاز بىلەن.

— بىر بايتالنى دەپ جازاغا لايىق قىلدى... بىزنىڭ پان خوجايىنلىرىمىز ئالدىراش چېكىنىشتى. پەقەت نەقدانە پۇللىرىنىلا ئەكىتىشتى، مال - مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى دېيەرلىك ماڭا قالدۇرۇپ كەتتى، — لۇكېرىيە ئەمدى پىچىرلاپ سۆزلەشكە باشلىدى، — بىر تال يىپ - يىڭنىسىگىچە ھەممىسىنى ساقلاپ قالدىم! كۆمگەن نەرسىلەر شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ئاتلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئورلوۋ نەسىللىك ئۈچ ئايغىرنى ئەكىتىشتى، قالغانلىرىنى ساشكا بوۋىغا قالدۇرغانىدى. قوزغىلاڭ باشلىنىش بىلەنلا ئاتلارنى كازاكلارمۇ ئالدى، قىزىللارمۇ ئالدى. ھېلىقى قارا ئايغىر ۋىخور، بەلكى، ئېسىڭىزدىدۇر؟ ئۇنى باش باھاردا قىزىللار ئەكەتتى. مىڭ تەسلىكتە ئېگەرلەشتى. تۇغۇلغاندىن بۇيان ئۇنىڭ ئۈچىسىغا ئېگەر چىقمىغانىدى. ئەيتاۋۇر، ئۇنىڭغا مىنىپ شادخۇرام بولۇش ئۇلارغىمۇ نېسىپ بولمىغان. بىر ھەپتىدىن كېيىن كارگىن كازاكلىرى كەلگەنىدى، شۇلار ھېكايە قىلىپ بېرىشتى.

ئۇلار دۆڭنىڭ ئۈستىدە قىزىللار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىر-
بىرىگە ئوق چىقىرىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا كازاكلارنىڭ ئادەت-
تىكى بىر بايتەللى كىشنىگەنسىكەن، ۋەخور قىزىل ئەسكەرنى
كازاكلارنىڭ قېشىغا ئېلىپ قاچمىسۇنمۇ؟ ئايغىر يەرگە تەگمەس-
تىن بايتالغا قاراپ تېز چېپىپ كېتىپتۇ، ئۈستىدىكى ھېلىقى قىزىل
ئەسكەر ئۇنى توختىتالماپتۇ، ئۇ ئايغىرنى باشقۇرالمايدىغانلىقىغا
كۆزى يەتكەندىن كېيىن چېپىپ كېتىۋاتقان پېتى ئات ئۈستىدىن
سىيرىلىپ چۈشۈشكە تىرىشقان. سىيرىلىپ چۈشۈشنى — سىيرىلىپ
چۈشۈپتۇ، ئەمما ئايغىرنى ئۈزەڭگىدىن چىقىرالماپتۇ، شۇنداق
قىلىپ، ۋەخور شامالدەك چېپىپ، قىزىل ئەسكەرنى تۈپتوغرا
كازاكلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

— تازا بابلاپتۇ-دە! — دەۋەتتى پروخور ئىنتايىن قايىل
بولۇپ.

— ھازىر بۇ ئايغىرنى كارگىنلىق مۇئاۋىن خورۇنجى مى-
نىپ يۈرىدۇ، — دېدى لۇكېرىيە سالماقلىق بىلەن سۆزلەپ، —
پان قايتىپ كېلىش بىلەنلا ۋەخورنى دەرھاللا ئۆز ئېغىلىغا قاي-
تۇرىمەن دەپ ۋەدە بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئاتلارنىڭ ھەممى-
سىنى ئەكىتىشتى، پەقەت پىرىمېر بىلەن سۇژېنادىن تۇغۇل-
غان چاپقۇر سترېلكا قالدى. ئۇ بوغاز ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇنىڭغا ھېچكىم تەگمىدى. سترېلكا يېقىندا قۇلۇنلىدى، ساشكا
بوۋا بۇ قۇلۇنغا شۇنداق ئىچ كۆيدۈرۈپ كەتتىكى، بۇنداق ئىچ
كۆيدۈرۈشنى سۆزلەپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس! دائىم قولىدا
كۆتۈرۈپ باقتى، ئېمىزگىدىن سۈت ئىچكۈزدى، تېخى پاقالچاقلىرىنى
كۈچلۈك بولسۇن دەپ، قانداقتۇر بىر دۈسۈملۈكنى قاينىتىپ ئىچكۈزۈپ
يۈردى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئۆزى ئاخىر بالاغا قالدى... ئۈچىنچى
كۈنى كەچكە يېقىن ئۈچ ئاتلىق چېپىپ كەلدى. بوۋاي باغنىڭ
ئىچىدە چۆپ چېپىۋاتاتتى. ئۇلار چالغا: «بۇ ياققا كەل، ئاقچى-

كۆكچى!» — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. چال چالغىنى تاشلاپ قويۇپ، يېقىن كەلدى، سالاملاشتى، ئەمما ئۇلار قاراپمۇ قويماستىن، سۈت ئىچىۋېتىپ، چالدىن: «ئات بارمۇ؟» — دەپ سورىدى. چال: «بىرى بار، ئەمما ئۇ ھەربىي ئىشقا يارىمايدۇ، چۈنكى بايتال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېمىپ تۇرغان قۇلۇنى بار» — دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياۋۇز بىرى: «بۇ سېنىڭ ئەقلىڭ يېتىدىغان ئىش ئەمەس! بايتالنى ئەكەل، قېرى شەيتان! ئېتىمنىڭ دۈمبىسى يېغىر، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇنى مىنىشىم كېرەك!» — دەپ چاقىلداشقا باشلىدى. چال بويسۇنۇشى ۋە شۇ بىر بايتال ئۈچۈن قاتتىق تۇرماسلىقى لازىم ئىدى، ئەمما ئۇ، ئۆزۈڭ بىلىسەن، مىجەزى تەتۈر قېرى ئىدى... ھەتتا بەزىدە پانغىمۇ گەپ ياندۇراتتى. بەلكى ئېسىڭدىدۇ؟

— شۇنداق قىلىپ، ئۇ بايتالنى بەرمىدىمۇ؟ — دەپ گەپكە ئارىلاشتى پروخور، — ھەي، ئۇ قانداقمۇ بەرمەيمەن دېيەلىسۇن؟ چال ئۇلارغا پەقەت: «سىزلەردىن بۇرۇن ئاتلىقلار تالاي كېلىپ، بار ئاتلارنى ئەكەتكەن بولسىمۇ، مۇنۇ بايتالغا رەھىم قىلىپ تەگمىگەنىدى، ئەمما سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلار...»، — دېگەنىدى، ئۇلار شۇ زامان ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ: «ھەي پاننىڭ غالچىسى، سەن ئۇنى پانغا ساقلاپ قويماقچىمۇ؟!» — دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن چالنى سۆرەشتى... بىرى بايتالنى ئاچىقىپ، ئېگەرلەشكە باشلىدى، ئەمما قۇلۇن ئانىسىنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ، يېلىنىغا مەھكەم يېپىشتى. بوۋاي: «رەھىم قىلىڭلار، ئەكەتمەڭلار! قۇلۇننى قانداق قىلىمەن؟» — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. «مانا مۇنداق قىلىسەن!» — دېدى يەنە بىرى ۋە شۇ زامان قۇلۇننى ئانىسىدىن ئايرىپ، بىر چەتكە قوغلىدى، ئاندىن مۈرىسىدىن مىلتىقىنى ئېلىپ، ئۇنى تاس قىلىپ ئېتىۋەتتى، كۆزلىرىمدىن تارام - تارام ياش كەتتى... مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلار-

غا يالۋۇرۇشقا باشلىدىم، بوۋاينى تۇتۇۋېلىپ، خېيىم - خەتەردىن نېرى ئەكىتىشكە تىرىشتىم، ئەمما بوۋاي ئۇلۇغا بىر قا- راپلا— ساقىلى تىترەپ كەتتى، چىرايى تامدەك ئاقاردى، شۇ- نىڭ بىلەن ئۇ: «ئۇنداق بولسا، مېنىمۇ ئات، ئىتنىڭ بالىسى!»— دەپ ئۇلارغا ئېتىلىپ بېرىپ، يىپىشىۋالدى، بايتالنى ئېگەرلەت- كۈزمىدى. شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، قېنى قى- زىغاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشتى. چالنى ئاتقاندا مەن ئەقلىم- دىن ئازدىم... ھازىرمۇ ئۇنى قانداق قىلىش كېرەككىن، دەپ بېشىم قېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا تاۋۇت ياساش كېرەك ئىدى، ئەمما بۇ خوتۇن كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشمۇ؟

— ئىككى گۈرجەك بىلەن بىر بۆلۈك ماتا ئاچىق، — دېدى گرىگورىي.

— ئۇنى دەپنە قىلاي دەمسەن؟— دەپ سوردى پروخور.

—ھەئە.

— سەن جاپاكەشلىككە بەك خۇمار جۇمۇ، گرىگورىي پان- تېلىيېۋىچ! مەن ھازىرلا بىرنەچچە كازاكنى چاقىرىپ كېلەي. ئۇلار تاۋۇتمۇ ياسايدۇ، مۇۋاپىق گۆرمۇ قازىدۇ...

پروخورنىڭ نەدىكى بىر قېرىنى دەپنە قىلىشقا ئاۋارە بول- غۇسى كەلمىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمما گرىگورىي ئۇنىڭ تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى.

— ئۆزىمىز گۆر كولاپ، ئۆزىمىز يەرلىكىگە قويىمىز. بۇ چال ياخشى ئادەم ئىدى. سەن باغقا كىرىپ، كۆلنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تۇر، مەن مەرھۇمنى كۆرۈپ كېلەي.

بىر چاغدا ساشكا بوۋا لەش قاپلىغان كۆلنىڭ بويىدىكى شاخلىرى باراقسان قېرى تېرەكنىڭ ئاستىغا ئاكسىنىيىنىڭ گرى- گورىيدىن بولغان قىزىنى كۆمگەنىدى، بوۋاي نەق شۇ يەر- دىن ئۆزىگىمۇ ئاخىرقى باشپاناھ تاپتى. ئۇنىڭ قاتمال جەسىتى

نى قولماق ھىدى ئاڭقىپ تۇرغان پاكىز كېپەنگە ئوراپ، لەھەتكە قويۇشتى-دە، ئۈستىنى توپا بىلەن ياپتى. كىچىككىنە قەبرىنىڭ يېنىدا ئۆتتۈك بىلەن ئوبدان چىڭدالغان، يېڭى، نەم سىغىز توپىسى پارقىراپ تۇرغان يەنە بىر دۇمبەلچەك مازار پەيدا بولدى.

بۇ يەردە ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنى ئەسكە چۈشۈرۈپ، قايغۇغا چۆمگەن گرىگورىي يۈرىكىگە ئەڭ يېقىن ۋە قەدىرلىك بولغان ئاشىق كىچىككىنە قەبرىنىڭ چېتىدىكى مايسا ئوتىنىڭ ئۈستىگە يانپاشلىدى-دە، بېشى ئۈستىدە ئۇلۇغۋار كەڭ قوچاق يايغان ماۋى ئاسمانغا ئۇزاققىچە كۆزىتىكتى. چەكسىز كەتكەن ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىنىڭ نەدىدۇر بىر يېرىدە شامال سەيرە قىلاتتى، كۈن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان سوغۇق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئەمما خۇش چاقچاق ئات باقار ۋە ئېچەرمەنساشكا بوۋىنى يېڭىلا قويىنغا ئالغان تۇپراقنىڭ ئۈستىدە ھايات بۇرۇنقىدەكلا قاينام-تاشقىنلىق ئىدى: باغقىچە يايپېشىل دولقۇنسىمان سوزۇلۇپ ياتقان كەڭ دالادا، كونا خامان چەللە بارىگىنىڭ يېنىدىكى ياۋا كەندىرزارلىقنىڭ ئىچىدە — بۆدۈنىلەرنىڭ تىنىمسىز قىيا-چىيا، جەڭگو-جېدەللىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، دالا چاشقانلىرى ئۇشقۇرتاتتى، قاپاق ھەرىلەر غوڭۇلدايتتى، شامال ئەركىلىتىپ تۇرغان مايسىلار شىۋىرلايتتى، بوز تورغايلار خىرە-شىرە چىمىرلاپ تۇرغان سەراپ ئىچىدە سايرىشاتتى، يىراق ئويمانلىقتا بىر پىلىموت تەبىئەت دۇنياسىدا ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىسپاتلاپ، ماتانەت بىلەن، شىددەتلىك ۋە غوۋا ئاۋاز بىلەن تاتاتلاپ تۇراتتى.

# 7

گېنېرال سېكرېتېۋ شتاب ئوفىتسېرلىرىنى ۋە شەخسىي كانۋوي سېپىتىدە 100 كازاكنى ئەگەشتۈرۈپ، ۋېشېنسكاياغا كەلگەندە، ئۇنى يۇرت ـ جامائەت نان ـ تۇز بىلەن قوڭغۇراق ساداسى ئاستىدا قارشى ئالدى. ھەر ئىككى چېركاۋدا كۈن بويى خۇددى پاسخا بايرىمىدىكىدەك قوڭغۇراقلار ياڭراپ تۇردى. تۆۋەنكى دون كازاكلىرى ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئورۇۋقلىغان، قورسىقى ئىچىگە كىرىشىپ كەتكەن دون نەسىللىك ئاتلارغا مىنىپ كوچىلاردا چېپىشىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ مۆرىسىدىكى كۆك پاگونلار جۇلا چېچىپ تۇراتتى. گېنېرال سېكرېتېۋ چۈشكەن سودىگەر ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا نۆكەرلەر توپلىشىۋالغانىدى. ئۇلار شىمشىكا چاقچاق، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىيىملىرى ئېسىل بازار قىزلىرىغا گەپ تاشلايتتى.

چۈش ۋاقتىدا، ئۈچ ئاتلىق قالماق ئەسىرگە چۈشكەن 15 قىزىل ئەسكەرنى گېنېرال چۈشكەن ئۆينىڭ قېشىغا ھەيدەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن دوخوۋوي مۇزىكا ئەسۋابلىرى بېسىلغان قوش ئات قوشۇلغان بىر ھارۋا كېلىۋاتاتتى. قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ كىيىملىرى ئالىپتە ئىدى؛ ئۇلار سۇر موۋۇتتىن شىم كىيگەن بولۇپ، يېڭىنىڭ قايرىلمىسىغا قىزىل جىيەك تۇتۇلغان، كۈرتكىسىمۇ سۇر موۋۇتتىن تىكىلگەنىدى. ياشانغان بىر قالماق دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىكار تۇرۇشقان نۆكەرلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ـ دە، ساپال تاماكا تۇرۇپكىسىنى يانچۇقىغا تىقتاپ سالدى.

— بىزنىڭكىلەر قىزىللارنىڭ كانايچىلىرىنى ھەيدەپ كەلدى. بىلىۋاتامسەن؟

— بۇنىڭ بىلمەيدىغان نېمىسى بار؟ — كومشا بۇرۇن بىر نۆكەر ئاپتاپپەرەس شاكىلىنى قالماقنىڭ چاك باسقان ئۆتۈكىگە تىكىلىپ تۇرۇپ خۇش ياقماسلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئەسىرلەرنى قوبۇل قىلىۋال. راسا تويۇنۇپسەن سېمىز تۇمشۇق، بىكار گەپنىڭ پايدىسى يوق.

— بولدى - بولدى! سەن تېخى ئالدىمدا سۆزلەشكە پېتىنىۋاتامسەن، سېسىق قۇيرۇق! — دېدى نۆكەرنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ، ئەمما ئەسىرلەرنى مەلۇم قىلىشقا كەتتى.

دەرۋازىدىن بېلى مەھكەم باغلانغان جىگەر رەڭ پەشمەت كىيگەن دىقماققىنا بىر ياساۋۇل چىقتى. ئۇ يوغان پاقالچاقلىرىنى كېرىپ، قوللىرىنى ئىككى بېقىنىغا تىرەپ، توپلىشىپ تۇرغان قىزىل ئەسكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بوم ئاۋاز بىلەن دېدى:

— ھە، مۇزىكا بىلەن كومىسسارلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ كەلدىڭلارمۇ، تامبوفنىڭ يالاڭتۆشلىرى! سۇر مۇندىرلەرنى نەدىن ئالدىڭلار؟ نېمىسلاردىن سالدۇرۇۋالدىڭلارمۇ؟

— ياق، ھەرگىز، — دەپ جاۋاب بەردى ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر قىزىل ئەسكەر كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ۋە شۇ زامان چۈشەندۈرۈپ كەتتى، — بىزنىڭ مىزگانچىلار كوماندىسى كېرېنسكىي ھۆكۈمىتى ۋاقتىدىلا بۇ خىل كىيىم فورمىسىنى مەخسۇس تىكتۈرگەنىدى، ئېيۇن ھۇجۇمى ئالدىدا... شۇ چاغدىن تارتىپ مانا شۇ كىيىمنى كىيىپ كېلىۋاتىمىز...

— كىيىسەن قاراپ تۇر! كىيىسەن! ھەممەڭ كىيىشىسەن! — ياساۋۇل ئۇستىرا بىلەن قىرىلغان تاقىر بېشىدىكى يارىسى پۈتمە-

گەن قىزىل تارتۇقىنى ئېچىپ، مويى پەس قىرقىلغان گۆبانگىسى-
نى گەجگىسىگە سۈرۈپ قويدى - دە، ئۇپراپ كەتكەن ئېگىز
پاشنىسى بىلەن قالماققا شارتتىدە بۇرۇلدى، — ئۇلارنى نېمىدەپ
ھەيدەپ كەلدىڭ، دىنسىز مەخلۇق؟ بېشىڭغا تاج قىلىش ئۈچۈن
ئەكەلدىڭمۇ؟ ئۇلارنى يولدا يىغىشتۇرۇپ، كۆلىنى كۆككە سورۇش
قولۇڭدىن كەلمىدىمۇ؟

قالماق سەزدۈرمەستىن ئاستا يېقىنلىشىپ كېلىپ، مايماق
پۇتلىرىنى چاققانلىق بىلەن ئالغا سىلجىتتى - دە، قولىنى ماش
رەڭ فۇراژكىسىنىڭ كوزىركىسىدىن ئالماستىن جاۋاب بەردى:

— بۆلۈنمە كوماندىرى مۇشۇ يەرگە ھەيدەپ كەل دەپ بۇيرۇدى.

— «مۇشۇ يەرگە ھەيدەپ كەل» مىش! — ئالىپتە ياساۋۇل پۇپ-
قا لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئىستىھزا بىلەن دورىدى - دە، ئىش-
شىغان ئاياغلىرى بىلەن ئېغىر چامداپ، يوغان سوڭىنى لاغايلى-
تىپ، قىزىل ئەسكەرلەرنى ئايلىنىپ چىقتى: بىدىك ئات تاللى-
غاندەك، ئۇلارغا ئۇزاققىچە سىنچىلاپ قارىدى.

نۆكەرلەر ئاستا كۈلۈشتى. ئەسىرلەرنى ئەكەلگەن
قالماقلار چىرايلىرىدىكى دائىمىي بىپەرۋالىق ئىپادىسىنى ئۆز-
گەرتمەي تۇرۇۋەردى.

— دەرۋازىنى ئېچىڭلار! مۇنۇلارنى ھويلىغا ھەيدەپ كى-
رىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ياساۋۇل.

قىزىل ئەسكەرلەر بىلەن دوخوۋوي مۇزىكا ئەسۋابلىرى
قالايمىقان بېسىلغان ھارۋا پەلەمپەي ئالدىدا توختىدى.

— دىرىژور كىم؟ — دەپ سورىدى ياساۋۇل تاماكا تۇ-
تاشتۇرۇۋېتىپ.

— دىرىژور يوق، — دەپ جاۋاب بەردى بىرنەچچە ئاۋاز
بىردىنلا.

— قېنى ئۇ؟ قېچىپ كەتتىمۇ؟

— ياق، ئۆلتۈرۈلدى.

— ئۇنىڭ يولى بولسۇن. ئۇ بولمىسىمۇ بىر نېمە قىلارسىزلەر. قېنى، ئەسۋابلىرىڭلارنى قولغا ئېلىڭلار!

قىزىل ئەسكەرلەر ھارۋىنىڭ قېشىغا كېلىشتى. ھويلىنىڭ ئىچىدە يۈرەكسىزلىك بىلەن قولاشماستىن چېلىنغان مىس كانايلارنىڭ جارقىراق ئاۋازى چېركاۋ قوڭغۇرىقىنىڭ يېقىمسىز داڭدۇڭلىرىغا قوشۇلۇپ ياڭراشقا باشلىدى.

— تەييار بولۇڭلار! «خۇدايا، پادىشاھنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا!» غا چېلىڭلار!

مىزگانچىلار ئۈنچىقماستىن بىر-بىرىگە قاراپ قېلىشتى. ھېچقايسىسى باشلىمىدى. ئېغىر سۈكۈنات بىر مىنۇتچە سوزۇلدى، ئۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پۇتى يالىڭاياق بولسىمۇ، پاقالچىقىغا ئەپچىل ئوبمۇتكا ئورىۋالغان بىرى يەرگە قاراپ تۇرۇپ دېدى:

— كونا گىمىننى بىزنىڭ ئىچىمىزدە ھېچكىم بىلمەيدۇ...

— ھېچكىم؟ قىزىق گەپ... ھەي، قايسىڭ بار ئۇ يەردە! يېرىم ۋىزۋوت نۆكەر مىلتىقلىرى بىلەن بۇ يەرگە كەلسۇن!

ياساۋۇل ئۆتۈكىنىڭ تۇمشۇقى بىلەن يەرنى بىر مۇقامدا ئاستا تاقىلداتاتتى. كارىدوردا نۆكەرلەر كارابىن مىلتىقلىرىنى جالاقلىتىپ سەپكە تىزىلىۋاتاتتى. باغچىنىڭ ئارتىدىكى باراقسان ئاكاتسىيىزارلىقتا قۇشقاچلار چۇرۇقلىشاتتى. سارايلارنىڭ ئاپتاپتا قىزىغان قاڭالتىر ئۆگزىلىرى ۋە ئادەمنىڭ ئاچچىق تەر پۇراقلىرى ھويلا ئىچىدە دىماققا ئۇرۇلاتتى. ياساۋۇل جەزىرىمە ئاپتاپتىن سايىگە بېرىپ تۇردى، شۇ چاغدا يالىڭاياق مىزگانچى يولداشلىرىغا ھەسرەت بىلەن بىر قارىۋېلىپ، ئاستا دېدى:

— جانابىي ئالىيلىرى! بىز بۇ يەردىكىلەر — ھەممىمىز ياش مىزگانچى، كونا كۈيلەرنى تېخى چېلىپ باقمىغان...

كۆپىنچە ئىنقىلابىي مارشلارغا چېلىپ كەلدۇق... ئالىي ھەزرەت!

ياساۋۇل پەرىشان ھالدا بىزەكلىك كەمىرىنىڭ ئۇچىنى ئايلاندۇرغان پېتى ئۈنچىقماي تۇرۇۋەردى.

نۆكەرلەر پەلەمپەي ئالدىدا سەپكە تىزىلىپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشتى. بۇ چاغدا يېشى چوڭراق كۆزىدە ئېقى بار بىر مىزگانچى قىزىل ئەسكەرلەرنى ئىككى ياققا ئىتتىرىپ، ئارقا قاتاردىن ئالدىغا چىقتى؛ ئۇ يۆتىلىپ قويۇپ:

— رۇخسەت قىلامسىز؟ مەن ئورۇندىيالايمەن...، — دېدى-دە، ياساۋۇلنىڭ ماقۇللۇقىنى كۈتمەستىنلا ئاپتاپتا قىزىغان فاگوتنى* تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىگە مەھكەم تاقىدى.

مۇڭ-زار بىلەن جىغىلداپ چىققان نەي ئاۋازى يەككە ھالدا سودىگەرنىڭ كەڭ ھويلىسى ئۈستىدە پەرۋاز قىلىش بىلەن ياساۋۇلنىڭ جەھلى چىقىپ، چىرايلىرىنى سەت پۈرۈشتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ قول شىلتىپ ۋارقىرىدى:

— توختات! تىلەمچى خەير سورىغاندەك... نېمە ئىڭگاڭلايسەن! مۇشۇمۇ مۇزىكا بولدىمۇ؟

دېرىزىلەردىن شتاب ئوفىتسېرلىرى بىلەن ئادىيۇتانتلارنىڭ كۈلگەن چېھرىلىرى كۆرۈندى.

— سىز ئۇلارغا دەپنە مۇراسىمىدا چالىدىغان مارشنى ئورۇنداشقا بۇيرۇڭ! — دەپ ۋارقىرىدى ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن ياشقىنا بىر بۆلۈنمە كوماندىرى دېرىزىدىن بويىنىنى سوزۇپ.

قوڭغۇراقلارنىڭ ئېغىر داڭ-دۇڭى بىر مىنۇت جىمىپ قالدى-دە، ياساۋۇل قاشلىرىنى يىمىرىپ، مۇغەمبەرلىك بىلەن سورىدى:

* فاگوت — دوخوۋوي ئوركېستىردا نەيسىمان چالغۇ ئەسۋابى.

— مەن ئىشىنىمەنكى، «ئىنتېرناتسىئونال» نىغۇ ئورۇندىيالايدىغانسىلەر؟ قېنى، چېلىڭلار! قورقماڭلار! مەن بۇيرۇغاندىن كېيىن ئورۇنداۋېرىڭلار.

شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى جىمجىت سۈكۈنات ئىچىدە چۈشنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا «ئىنتېرناتسىئونال» نىڭ كانايدىن چىققان نارازى ساداسى گويا جەڭگە چاقىرغاندەك تۇيۇقسىز ئۇلۇغۋارلىق ۋە ئويغۇنلۇق بىلەن ياڭراشقا باشلىدى.

ياساۋۇل گويا توسۇقتا دۈچ كېلىپ قالغان ئۆكۈزدەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، پۇتلىرىنى كېرىپ، قىمىرلىماي تۇراتتى. شۇ تۇرغىنىچە قۇلاق سالدى. سېمىز بويىنىغا ۋە قىسىلغان كۆزلىرىنىڭ كۆكۈچ ئېقىغا قان تەپتى.

— توخ - تا - ت!

ئوركېستىر بىردىنلا جىمىقتى. پەقەت ۋالتورنا* كېچىكىپ قالدى - دە، ئۇنىڭ تېخى تامام بولمىغان ئىھتىراسلىق نىداسى تونۇردەك لاۋۇلداپ تۇرغان ھاۋادا ئۇزاققىچە لەيلەپ تۇردى.

مىزگانچىلار قورۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاشتى، ئاغزىنى يەڭلىرى ۋە كىر قوللىرى بىلەن سۈرتتى. ئۇلارنىڭ چىرايى ھارغىن ۋە ھەپسىلىسىز ئىدى. پەقەت بىرىنىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش خائىنلىق قىلىپ، ئىششىغان يۈزىدىن يۇمىلاپ، ھۆل ئىز قالدۇرغانىدى...

دەل شۇ چاغدا گېنېرال سېكرېتېف رۇس - ياپون ئۇرۇشى ۋاقتىدىكى بىر خىزمەتدىشىنىڭ ئورۇق - تۇغقانلىرى ئۆيىدە مېھمان بولۇپ، ئۇ يەردىن بىر مەست ئاديۇتانتنىڭ قولتۇقلاپ يۆلىشى بىلەن چوڭ مەيدانغا چىقىپ كەلگەنىدى. پىژغىرىم

* ۋالتورنا — پۈۋلەپ چالىدىغان بىر خىل مۇزىكا ئەسۋابى.

ئىسسىقتا ساموگون ئۇنىڭ مېڭىسىنى گاراڭ قىلىپ قويغان، خىشتىن ياسالغان گىمنازىيە بىناسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۇرجەكتە ھالىدىن كەتكەن گېنېرال بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ كېتىپ، قىزىغان قۇمنىڭ ئۈستىگە دۈم چۈشتى. گاڭگىراپ قالغان ئادىيوتانت ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزىمەن دەپ بىكار ئاۋارە بولدى. شۇ چاغدا يېقىن يەردە تۇرغان توپنىڭ ئىچىدىن بەزى ئادەملەر ئالدىراش ياردەم بېرىشكە يۈگۈرۈپ كېلىشتى. بىر - ئىككى قېرى كازاك ئېھتىرام بىلەن گېنېرالنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇشتى، ئەمما گېنېرال شۇئاندىلا كۆڭلى ئاينىپ، خالايىقنىڭ ئالدىدا قۇسۇۋەتتى، لېكىن قۇسۇش ئارىلىقلىرىدا قېقىلىپ تۇرسىمۇ، بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ، مۇشتى بىلەن تەھدىت سېلىپ، ھۆكۈمرانلىقىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى. قېشىدىكىلەر ئۇنى ئاران كۆندۈرۈپ، ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى.

نېرىراقتا تۇرغان كازاكلار ئۇزاقىچە ئارقىسىدىن قارىشىپ، ئۆزئارا ئاستا گەپكە چۈشتى:

— ۋاي توۋا، بۇ ئاغرىق بىچارىنى ھاراق خېلى بىر يەرگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ! ئۆزىنى تۇتالمىغان ئادەم گېنېرال بولۇپ نېمە قىلىدۇ.

— ھاراق دېگەن نامۇ مەنسەپ، ئوردېن - پوردېنغا قارىمايدۇ.

— ئالدىغا قويغاننىڭ ھەممىسىنى خولۇپلىتىپ ئىچمەسلىكى كېرەك ئىدى...

— ئېھ، جېنىم قۇدام، ھەرقانداق ئادەم چىداشلىق بېرىۋەرمەيدۇ! بەزى ئادەم مەست ۋاقتىدا ئۇياتسىز ئىشلارنى تۇغدۇرۇپ قويۇپ، مەستلىكى يېشىلگەندىن كېيىن مەڭگۈ ئىچمەيمەن دەپ قەسەم ئىچىدۇ. بۇ ھال خۇددى

«بارمايمەن دېگەن يەرگە مىڭ قېتىم بېرىپتۇ» دېگەن تەمسىلگە ئوخشايدۇ...

— ھى - ھى، شۇنداق! ئاۋۇ ئۇششاق باللارغا ۋارقىراپ قوي، نېرى كەتسۇن، بالا دېگەن دۇشمەن جۇمۇ، ئۆمرىدە مەست ئادەمنى كۆرمىگەندەك ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ، قاتارلىشىپ كېلىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان.

... قوڭغۇراق چېلىنىپ تۇردى، بۇ يېزا بازىرىدا ئادەملەر قاراڭغۇ چۈشكىچە ساموگون ئىچىشتى. كەچ كىرگەندە، ئوفىتسېرلارنىڭ مەجلىسى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان چوڭ زالدا قوزغىلاڭچىلار قوماندانلىقى قايتىپ كەلگەنلەر شەرىپىگە زىياپەت ئۇيۇشتۇردى.

ئېگىز بوي، قامەتلىك سېكرېتېف كراسنوكۇتسكايا بازىرىنىڭ بىر يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تېگى - تەكتىدىن كازاك بولۇپ، ئاتقا ئىنتايىن ئىشقىۋاز، ماھىر چەۋەنداز ئىدى، قەيسەر ئاتلىق قىسىملار گېنېرالى ئىدى. ئەمما ناتىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ زىياپەتتە سۆزلىگەن نۇتقى پۈتۈنلەي مەست ئادەمنىڭ ماختانچاقلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاخىرىدا كەلگەندە ئۇ يۇقىرىقى دون قوزغىلاڭچىلىرىغا قارىتا ئوچۇقلا تەنە ۋە دوق - پوپوزىلارنى ئىشلەتتى.

زىياپەتكە قاتناشقان گرىگورىي سېكرېتېفنىڭ سۆزىگە قاتتىق دىققەت قىلىپ، غەزەپ بىلەن قۇلاق سالدى. مەستلىكى تېخى يېشىلمىگەن گېنېرال بارماقلىرىنى شىرەگە تىرەپ، ئىستاكاندىكى پۇراقلىق ساموگوننى شالداقلىتىپ چېچىپ، دەلدەڭشىپ تۇراتتى؛ ھەر بىر سۆزىنى تولىمۇ قاتتىق، قوپال تەلەپپۇزدا سۆزلىدى:

—... ياق، ياردەم بېرىش مەسىلىسىگە كەلگەندە، بىز سىلەرگە ئەمەس، سىلەر بىزگە تەشەككۇر بىلدۈرۈشۈڭلار

كېرەك! بولۇپمۇ سىلەر تەشەككۈر ئېيتىشىڭلار كېرەك، بۇنى قاتتىقراق تەكىتلەپ قوياي. بىز بولمىساق، قىزىللار سىلەرنى يوقىتىپ تاشلىغان بولاتتى. بۇنى ئۆزۈڭلارمۇ ياخشى بىلىسى- لەر. ئەمما بىز بۇ ئەبلەخلەرنى سىلەرسىزمۇ بىتچىت قىلىپ تاشلىغان بولاتتۇق. شۇنىسى ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بىز ئۇلارنى پۈتۈن روسىيىنى پاك - پاكىز تازىلاپ بولغانغا قەدەر بىتچىت قىلىمىز ۋە بىتچىت قىلىپ بارىمىز. سىلەر بۇلتۇر كۆزدە فرونتنى تاشلاپ كەتتىڭلار، كازاك تۇپرىقىغا بولشېۋىكلارنى كىرگۈزدۈڭلار... سىلەر ئۇلار بىلەن تىنچ بىللە ئۆتمەكچى بولدۇڭلار، ئەمما ئىش مۇنداق بولمىدى! شۇڭا سىلەر ئۆز مۈلكۈڭلارنى، ئۆز ھاياتىڭلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈردۈڭلار. ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزۈڭلارنىڭ تېرىسىنى ۋە ئۆكۈزلىرىڭلارنىڭ تېرىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈردۈڭلار. مېنىڭ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسكە ئالغانلىقىم سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى يۈزگە سېلىش ئۈچۈن ئەمەس... بۇ سۆزنى سىلەرنى رەنجىتىش ئۈچۈن ئېيتىۋاتقىنىم يوق، لېكىن ھەقىقەتنى ئوچۇق ئېيتىش ھېچقا- چان زىيانلىق ئەمەس. سىلەرنىڭ خائىنلىقىڭلارنى بىز ئەپۇ قىلدۇق. بېشىڭلارغا ئەڭ ئېغىر كۈن كەلگەن پەيتتە بىز ئاكا - ئۇكا ئورنىدا سىلەرگە ياردەم قولىمىزنى سوزۇش ئۈچۈن قېشىڭلارغا كەلدۇق. ئەمما سىلەر ئۆتكەنكى شەرمەندىچىلىكنى كەلگۈسىدە ئاقلىشىڭلار لازىم. چۈشىنىشلىكمۇ، ئوفىتسېر جاناب- لار؟ سىلەر ئۇنى ئۆز قەھرىمانلىقىڭلار بىلەن ۋە تىنچ دونغا راۋۇرۇس خىزمەت كۆرسىتىش ئارقىلىق يۇيۇشۇڭلار لازىم، چۈشەندىڭلارمۇ؟

— خوشە، گۇناھىمىزنى يۇيۇش ئۈچۈن! — گرىگورىيې- نىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان قوشۇن ستارشىناسى ھېچكىمگە

مۇراجىئەت قىلىپ ئولتۇرماستىن، سەل كۈلۈمسىرىگەن ھالدا شۇ سۆزنى دېدى - دە، باشقىلارنى كۈتمەستىنلا قەدەھنى بىرىنچى بولۇپ كۆتۈرۈۋەتتى.

ئۇنىڭ سەل - پەل چېچەك ئىزى بار يۈزىدىن قەھرىمانـلىق چىقىپ تۇراتتى، قوي كۆزلىرى ئىستىھزالىق باقاتتى. سېكرېتېف نۇتۇق سۆزلەۋاتقان پەيتتە ئۇنىڭ كالپۇكلىرى نەچچە قېتىم نائىپنىق جىلمىيىش بىلەن پۈرۈشتى ھەمدە ھەر قېتىم كۈلگەن چاغدا كۆزلىرى قوڭۇرلىشىپ، پۈتۈنلەي قارا كۆزدەك تۇسكە كىردى. قوشۇن ستارشىناسىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان گرىگورىي يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلدىكى، بۇ ئادەم سېكرېتېف بىلەن «سەن» لەپ سۆزلەشتى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆزىنى تولىمۇ بىمالال تۇتتى، باشقا ئوفىتسېرلارغا بولسا ۋەزمىن ۋە سالقىن مۇئامىلىدە بولدى. زىياپەتكە قاتناشقانلارنىڭ ئىچىدە يالغۇز مۇشۇ ئادەملا ماش رەڭ كەمزۇل كىيگەن بولۇپ، مۇرىسىـدىكى پاگونىمۇ ماش رەڭ ئىدى ۋە يېڭىنىڭ ئۈستىدە كورنىلوف ئارمىيىسى ئوفىتسېرلىرىغا خاس ئىككى بالداقلىق بەلگە بار ئىدى. قانداقتۇر بىر ئىدىيە ساھىبى بولسا كېرەك. پىدائىي بولۇپ چىققانلاردىن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى گرىگورىي. قوشۇن ستارشىناسى ھاراقنى ئات سۇ ئىچكەندەك ئىچتى. زاكۇسكىمۇ يېمىدى، مەستمۇ بولمىدى، پەقەت كەڭ ئىنگلىز كەمىرىنى پات - پات بوشىتىپ قويدى.

— مېنىڭ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان بۇ چوقۇر ئادەم كىمـدۇر؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي پىچىرلاپ، يېنىدا ئولتۇرغان بوگاتىرېفتىن.

— كىم بىلىدۇ ئۇنى، — دېدى شىركەيىپ بولغان بوگاـتىرېف قولىنى شىلتىپ.

كودىنوف ساموگونىنى مېهمانلارغا ئايىماستىن قويۇپ تۇردى. داستىخان ئۈستىگە نەدىندۇر ئىسپىرت پەيدا بولۇپ قالدى، سېكرېتېرمۇ سۆزىنى تەسلىكتە ئاياغلاشتۇرۇپ، ماش رەڭ سىيۇرتۇكنىڭ ئالدىنى لەڭ ئېچىۋېتىپ، ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇردى. چىراي شەكلى موڭغۇلغا ئوخشايدىغان ياشقىنا بىر يۈزبېشى كوماندىر گېنېرالغا ئېگىشىپ بىرنېمىدەپ پىچىرلىدى.

— يوقال! — دېدى سېكرېتېر قىزىرىپ كېتىپ، ئاندىن كودىنوف خۇشامەت بىلەن قويغان بىر قەدەھ ئىسپىرتنى بىر يولىلا ئىچىۋەتتى.

— ئاۋۇ ئالىغاي كۆز كىم؟ ئادىيۇتانتمۇ؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي بوگاتىرېفتىن.

ئۇ ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ياق، بۇ ئۇنىڭ ئاسراندىسى. ئۇنى كىچىك چېغىدا ياپون ئۇرۇشى ۋاقتىدا مانجۇرىيىدىن ئەكەلگەن. ئۇنى تەربىيىلەپ ئۆستۈردى، ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە بەردى. خەنزۇ بالىسىدىن خېلى تۈزۈك ئادەم يېتىشىپ چىقتى. قەيسەر نېمە ئۇ! تۈنۈگۈن ماكايېفكا قېشىدا قىزىللاردىن بىر ساندۇق پۇلنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. ئىككى مىليون ئاقچىنى بىراقلا سوققان. قارىغىنا، ئۇنىڭ ھەممە يانچۇقلىرىدىن باغلام - باغلام پۇل چوقچىيىپ چىقىپ تۇرۇپتۇ! لەنىتىنىڭ ئامتى كەلگەن! تۈگىمەس خەزىنە! ۋوي، سەن ئىچىسەڭچۇ، ئۇلارغا نېمانچە قاراپ قالدىڭ؟

كودىنوف جاۋاب نۇتقى سۆزلىدى، ئەمما ئۇنىڭ سۆزىنى دېيەرلىك ھېچكىم ئاڭلىمىدى. ئىچىش بارغانسېرى ئەۋج ئالدى. سېكرېتېر سىيۇرتوكنى سېلىپ تاشلاپ، يالاڭ كۆڭلەك بىلەن ئولتۇردى. ئۇنىڭ پاكىز قىرىلغان بېشى تەردىن پارقى-

راپ كەتتى ـ دە، كىر قونمىغان پاكىز ئاق سۇرۇپ كۆڭلىكى قىپقىزىل يۈزى بىلەن ئاپتاپتا كۆيگەن بويىنىنى تېخىمۇ بەكرەك زەيتۇن رەڭ تۇسكە كىرگۈزدى. كەۋدىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئاستا بىر نېمە دېۋىدى، ئەمما سېكرېتىپى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن، ئۆز گېپىدە قاتتىق تۇرۇپ تەكرارلاۋەردى:

— يا ـ اق! ئەپۇ قىل! بۇنى سەن ئەپۇ قىل! بىز سىلەرگە ئىشىنىمىز، ئەمما لايىقىدا... سىلەرنىڭ خائىنلىقىڭلار تېز ئۇنتۇلمايدۇ، كۆزدە قىزىللار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇنى ئېسىدە مەھكەم تۇتسۇن...

ھە، شۇنداق، بىزمۇ سىلەرگە لايىقىدا خىزمەت قىلارمىز! دەپ ئويلىدى كەيپى ئاشقان گرىگورىي ئىچ ـ ئىچىدىن جىلە بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئۇ فۇراژكىسىنى كىيمەستىن پېشايۋانغا چىقتى، پۈتۈن كۆكرىكى بىلەن يېنىك نەپەس ئېلىپ، كېچىنىڭ ساپ ھاۋاسىنى سۈمۈردى.

دون بويىدا يامغۇر ئالدىدىكىدەك پاقىلار كوركىرىشاتتى، سۇ قوڭغۇزلىرى غەمكىن غوڭۇلدايتتى. قومۇلۇق ساھىلدا غورىلايلار بىر ـ بىرىنىڭ مۇڭ ـ زارىغا جور بولۇشاتتى، يىراق بىر يەردە قىرغاق بويىدىكى ئوتلاقتا ئانىسىنى يوقىتىپ قويغان قۇلۇن ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن كىشنەيتتى. بىز قاتتىق بىر زۆرۈرىيەت سەۋەبى بىلەن سەنلەر بىلەن ھەمكارلىشىشقا مەجبۇر بولغانىدۇق، ئۇنداق بولمىغاندا، سەنلەرنىڭ بىزگە بىر چېكىم تاماكىچىلىكمۇ لازىمىڭلار يوق ئىدى. ھۇ، لەنىتى ئەبلەخلەر! بىر تېيىنلىك پىرەنكتەك دىجەزى چۇرۇك، تېخى تەنە قىلىپ كۆركىرەيدۇ. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن نەق كىكىرتەكتىن ئېلىشقا باشلايدۇ... بولغۇلۇق بولدى! نەگە

قارىمىغىن — قوزۇق قاققۇدەك يەر قالمىغان. شۇنداق بولىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم... ئۆزىمۇ شۇنداق بولماقچىدى. ئەمدى كازاكلارنىڭ ئاۋارىچىلىك تارتقىنى تارتقان. جانابلار- نىڭ ئالدىدا قولىنى شەپكىسىنىڭ كوزىركىسىغا تەگكۈزۈپ، تىك تۇرۇش ئادىتىنى ئاران تاشلىغانىدۇق، دەپ ئويلىدى گرىگورىي پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، قاراڭغۇدا يان ئىشىك تەرەپكە پايپاسلاپ كېتىۋېتىپ.

ئىسپىرت ئۇنىڭغىمۇ كۈچىنى كۆرسەتكەنىدى: بېشى ئايلى- نىپ، مېڭىشى ئېغىرلىشىپ، ئىشەنچسىزلىك بىلەن چامدايتتى. يان ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ دەلدەڭشىپ كەتتى - دە، فوراژكى- سىنى بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيىۋالدى، پۇتىنى سۆرىگەندەك دەسسەپ، كوچا بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ئاكسىنىيىنىڭ ھاممىسىنىڭ ئۆيى ئالدىدا خىيال سۈرۈپ، بىر مىنۇتچە توختاپ تۇردى، ئاندىن دادىل قەدەم تاشلاپ، پەلەمپەي تەرەپكە قاراپ ماڭدى. دەھلىزنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىكەن. گرىگورىي ئىشىكنى چەكمەستىنلا مېھمانخانا ئۆيگە كىردى - دە، ئۇدۇلدىكى شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ستېپان ئاستاخوفقا يۈزمۇ يۈز دۇچ كەلدى. ئاكسىنىيىنىڭ ھامما- سى مەشنىڭ يېنىدا پايپاسلاپ يۈرەتتى. ئاپئاق داستىخان سېلىنغان شىرەنىڭ ئۈستىدە يېرىم شىشە ساموگون، بىر تەخسى- دە قورۇتۇلغان بېلىق توغرامچىلىرى قىزىرىپ تۇراتتى.

ستېپان ئىستاكاننى يېڭىلا بوشاتقان بولۇپ، قارىغاندا، زاكۇسكا يېمەكچى بولۇپ تۇرغانىكەن، ئەمما گرىگورىينى كۆرۈش بىلەنلا تەخسىنى چەتكە سۈرۈپ قويۇپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. گرىگورىي قانچىلىك مەست بولمىسۇن، ھەرھالدا ستېپاننىڭ بەت - چىرا- يىنىڭ ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى ۋە كۆزلىرىنىڭ بۆرىدەك ئوچ- قۇنداۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بۇنداق تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قېلىشتىن

گاڭگىراپ قالغان گرىگورىي خىرىلداپ بولسىمۇ سۆزلەشنىڭ ئېپىنى تاپتى.

— كۈنىڭىز ئوبدان ئۆتتىمۇ!

— خۇداغا شۈكۈر، — دەپ چۆچۈپ جاۋاب بەردى ئۆي ئىگىسى كەمپىر، ئۇ گرىگورىيىنىڭ ئۆز جىيەنى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى سۆزسىز بىلەتتى، شۇڭا قانۇنىي ئەر بىلەن خۇشتار يىگىتنىڭ بۇنداق ئاسادىيىي ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن ھېچقانداق ياخشىلىق كۈتمەيتتى.

ستېپان سول قولى بىلەن بۇرۇتىنى سىلاپ، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى گرىگورىيدىن ئۈزمىدى.

گرىگورىي بولسا پۇتلىرىنى كېرىپ، بوسۇغىنىڭ ئالدىدا تۇرغان پېتى مىيىقىدا كۈلۈپ دېدى:

— يوقلاپ ئۆتۈپ كېتەي دەپ كىرىۋىدىم، ئەپۇ قىلىڭلار.

ستېپان ئۈنچىقمىدى. ئوڭايسىزلىقتا ئۆيىنىڭ ئىچى خېلى ۋاقىتقىچە جىمجىت بولۇپ كەتتى، ئاخىر ئۆي ئىگىسى كەمپىر گرىگورىيىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشقا جۈرئەت قىلدى.

— كىرىڭ، ئولتۇرۇڭ.

ئەمدىلىكتە گرىگورىينىڭ يوشۇرىدىغان ھېچنېمىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاكسىنىيە تۇرغان ئۆيگە كېلىشى ھەممىنى چۇشەندۈرۈپ بېرەتتى، شۇڭا گىرىگورىي تارتىنىپ تۇرماستىن كىرىۋەردى:

— ئايالىڭ قېنى؟

— سەن... ئۇنى يوقلاپ كەلگەنمىدىڭ؟ — دەپ ئاستا، ئەمما ئېنىق قىلىپ سورىدى ستېپان، ئاندىن تىترەپ تۇرغان كىرپىكلىرى بىلەن كۆزىنى ياپتى.

— ھەئە، — دەپ راستىنى ئېيتتى گرىگورىي خۇرسىنىپ. شۇ تاپتا ئۇ ستېپاندىن ھەر بالا كېلىشىنى كۈتەتتى، شۇڭا سەگەكلىشىپ،

ئۆزىنى قوغداشقا تەييارلىنىپ تۇردى. ئەمما ستېپان كۆزلىرىنى سەل ئېچىپ (ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى بايىقى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت ئۆچكەنىدى)، دېدى:

— مەن ئۇنى ھاراققا ئەۋەتتىم، ھازىر كېلىدۇ، ئولتۇر، كۈتۈپ تۇر.

ئېگىز بويلۇق، قامەتلىك كېلىشكەن ستېپان ھەتتا ئورنىدىن تۇرۇپ گرىگورىيغا ئورۇندۇقنى سۈرۈپ قويدى؛ ئاندىن ئۆي ئىگىسى كەمپىرگە قارىمايلا:

— ھامما ئاچا، پاكىز ئىستاكان بېرىڭا، — دەپ ئىلتىماس قىلدى - دە، گرىگورىيدىن، — ھاراق ئىچەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئازراق ئىچىشىم مۇمكىن.

— خوش، ئولتۇر.

گرىگورىي شىرەنىڭ يېنىغا ئولتۇردى... ستېپان شېشىدە قېپقالغان ھاراقنى ئىككى ئىستاكانغا تەڭ بۆلدى - دە، خىرە-لەشكەن كۆزلىرىنى گرىگورىيغا تىكتى.

— ئىشلىرىمىزنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن!

— سالامەت بولۇشىمىز ئۈچۈن!

ئىستاكان سوقۇشتۇرۇلدى، گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىشتى. بىرئاز ئۈندىمەي ئولتۇرۇشتى، چاشقاندەك چاققان كەمپىر مېھمانغا دەرھال تەخسە ۋە سېپى قارىيىپ كەتكەن ئەگرى - بۈگرى ۋىلكا قويدى.

— قېنى، بېلىق يەڭ! بۇ بەك تۇزلانغان ئەمەس.

— تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

— تەخسىگە سېلىپ يېيىشىڭىزچۇ، بېقىڭ، تارتىنماڭ! — خوشال-لانغان ساھىبخانا كەمپىر جان كۆيدۈرۈپ كەتتى.

مومای ئىشىنىڭ دىۋىنداق ئۇرۇش — جاڭجالسىز، قاچا — قۇچىلار چېقىلماستىن، ۋارقىراش — جارقىراش يۈز بەرمەستىن ياخشىلىقچە تارتقانلىقىدىن بەك مەمنۇن ئىدى. يامان گەپ — سۆزلەر بولۇپ قالارمىكىن دېگەن ئەندىشىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەر بولغان ئادەم ئۆز خوتۇنىنىڭ خۇشتار يىگىتى بىلەن بىر داستىخاندا تىنچ ئولتۇرۇپتۇ. ھەر ئىككىسى ئۈنچىقماستىن، بىر — بىرىگە قارىماستىن تاماق يېيىشەتتى، ھەر ئىشقا ئېپى بار كەمپىر ساندۇقتىن پاكىز لۆڭگە ئالدى — دە، گويا گرىگورىي بىلەن ستېپاننى بىر — بىرىگە چاتقاندەك، لۆڭگىنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئۇلارنىڭ تىزىغا قويۇپ قويدى.

— سەن نېمىشقا بۆلۈنمىنى تاشلاپ، سىرتتا يۈرىسەن؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي قولىدىكى بېلىقنى يەپ تۇرۇپ.

— مەنمۇ بۇلارنى يوقلاپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ستېپان بىر ئاز ئۈنچىقماي تۇرغاندىن كېيىن. ئەمما ئۇ بۇ سۆزنى راستتىنلا ئېيتىۋاتامدۇ ياكى مازاق قىلىپ دەۋاتامدۇ، بۇنى ئۇنىڭ سۆز ئاھاڭىدىن ھېچ بىلىپ بولمايتتى.

— بەلكى، بۆلۈنمىدىكىلەر ئۆيلىرىگە كەلگەندۇر؟

— ھەممىسى يېزىدا مېھمان بولۇشۇۋاتىدۇ. قېنى، ئىچىپ تۈگىتەمدۇق؟

— كەل قېنى.

— سالامەتلىك ئۈچۈن!

— ھەممە ئىشنىڭ خەيرلىك بولۇشى ئۈچۈن!

دەھلىزدىن ئىشىكنىڭ ھالقىسى جىرىڭلىدى. مەستلىكتىن پۈتۈنلەي ھوشىغا كەلگەن گرىگورىي ئىپپىدە ستېپانغا قاراپ ئۇنىڭ يۈزى يېڭىباشتىن ئاپئاق تاتىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

بېشىغا گۈلەم ئۇسخا رومال چىگكەن ئاكسىنىيە گرىگورىينى تونۇماستىن شىرەگە يېقىنلىشىپ كەلدى، يان تەرەپتىن ئۇنىڭغا نەزەرى چۈشۈش بىلەنلا قارا كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، دەھشەتتىن چاقناپ كەتتى. دېمى قىسىلىپ ئاران ـ ئاراندا:

— سالامەتمۇسىز، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ! — دېگەن سۆزنى دېيەلىدى.

ستېپاننىڭ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالغان يوغان قاداق قوللىرى تۇيۇقسىز دىر ـ دىر تىترەشكە باشلىدى ـ دە، بۇنى كۆرگەن گرىگورىي لام ـ جىم دېمەستىن، ئاكسىنىيىگە بېشىنى ئەگدى.

ئاكسىنىيە ئىككى شىشە ساموگوننى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېتىپ، يېڭىسباشتىن گرىگورىيغا لىپپىدە قارىدى، ئۇنىڭ قارىشىدا ھەم تەشۋىش، ھەم يوشۇرۇن شادلىق بار ئىدى، ئۇ بۇرۇلۇپ، مېھمانخانا ئۆينىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭى تەرەپكە كەتتى. ساندۇقنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن چېچىنى تۈزىدى. ستېپان ھاياجىنىنى بېسىپ، گېلىنى بوغۇپ تۇرغان كۆڭلەك ياقىسىنى ئېچىۋەتتى، ئىستاكانغا لىق ھاراق توشقۇزۇپ، ئايالىغا قايرىلدى:

— ئىستاكاننى ئال، شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇر.

— ئىچكۈم يوق.

— ئولتۇر!

— مەن ئۇنى ئىچمەيمەن، ستېپان!

— نەچچە قېتىم ئېيتىمەن، ساڭا؟ — ستېپاننىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

— ئولتۇر، قوشنام! — گرىگورىي مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئاكسىنىيە گرىگورىيغا يېلىنىش نەزەرى بىلەن قاراپ، دەرھال كىچىك جاۋەننىڭ قېشىغا كېلىۋالدى. تەكچىدىن بىر

تەخسە چۈشۈپ كېتىپ، جاراڭلاپ سۇندى.

— ھەي، نېمە بالا - قازا بولدى! — ساھىبخانا موماي ئېچىنىپ، قوللىرىنى ئۇرۇپ كەتتى.

ئاكسىنىيە ئۈنچىقماستىن سۇنۇقلارنى يىغىشقا كىرىشتى.

ستېپان ئايالىغا لىق بىر ئىستاكان ھاراق تۇتقۇزدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى مۇڭ - ھەسرەت ۋە ئۆچمەنلىكتىن چاقنايتتى. ئۇ:

— قېنى، ئىچەيلى...، — دەپ سۆز باشلاپ، جىم بولۇپ قالدى.

شىرەگە كېلىپ ئولتۇرغان ئاكسىنىيىنىڭ ئۆزۈپ - ئۆزۈپ قاتتىق نەپەس ئېلىشى ئۆينى قاپلىغان سۈكۈنات ئىچىدە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئىچەيلى، خوتۇن، ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن. نېمە، ئىچكۈڭ كەلمەيۋاتامدۇ؟ ئىچمەمسەن؟

— ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ...

— مەن ھازىر ھەممىنى بىلىمەن... خوپ، ئايرىلىش ئۈچۈن ئەمەس! قەدىرلىك مېھمان گرىگورىي پانتېلېيېۋىچنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن.

— مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچمەن! — دېدى ئاكسىنىيە چاڭقىلداپ ۋە ئىستاكاننى بىر يولىلا كۆتۈرۈۋەتتى.

— ھەي، سېنىڭ بۇ تەلەيسىز بېشىڭنى، — دەپ پىچىرلىدى ساھىبخانا كەمپىر ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىۋېتىپ.

موماي بىر بۇلۇڭغا بېكىنىپ، قوللىرىنى مەيدىسىگە بېسىپ، مانا ھازىر شىرە گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلىدۇ، قۇلاقنى يارغۇدەك ئوق ئاۋازى قاراسلايدۇ، دەپ كۈتۈپ تۇردى... ئەمما مېھمانخانىدا جىمجىتچىلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. پەقەت تورۇستا يورۇقتىن تەشۋىشلەنگەن چىۋىنلارنىڭ غىڭىلدىشى ۋە دېرىزىنىڭ تېشىدا پۈتۈن بازار ئىچىدە خورازلارنىڭ يېرىم كېچىنى قۇتلۇقلاپ قىچقىرىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

# 8

دوندا ئىيۇن كېچىلىرى قاراڭغۇ كېلىدۇ. قاپقارا تاش تاختا بىلەن يېپىلغاندەك تۇرغان ئاسماندا ئادەمنى بىزار قىلىدىغان سۈكۈنات ئىچىدە لاپ قىلىپ ئالتۇن شولا پەيدا بولۇپ، يۇلتۇزلار ئاقىدۇ، ئۇنىڭ يورۇقى دوننىڭ تېز ئېقىنىدا ئەكس ئېتىدۇ. قۇرغاق، ئىللىق شامال دالادىن چېچەك ئاتقان گۈل-گىياھلارنىڭ ھەسەلدەك پۇرىقىنى تۇرار جايلارغا ئەكىلىدۇ، قىرغاق بويىدىكى ئوتلاقتا بولسا ھۆل ئوت-چۆپنىڭ، پاتقاقلىقنىڭ، زەيكەشنىڭ چۈچۈمەل ھىدى ئاڭقىيدۇ، قىزىل پاقالچاق سۇ قۇشلىرى تىنىمسىز قىچقىرىشىدۇ، قىرغاقتىكى ئورمان، بەئەينى چۆچەكتىكىدەك، ياپپىسىغا كۈمۈش تۇمان پەردىسىگە پۈركىنىدۇ.

پروخور يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كەتتى. ئۆي ئىگىسىدىن:

— بىزنىڭ كومانىدىر تېخى كەلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، گېنېراللار بىلەن سەيرە-تاماشا قىلىۋاتىدۇ.

— توغرا، ئۇ يەردە، ئېھتىمال، ھاراق ئىچىۋاتقاندۇر، — پروخور قىزغانغاندەك بىر ئۇھ تارتتى-دە، ئەسنەپ قويۇپ، كىيىنىشكە باشلىدى.

— سەن نەگە باراي دەيسەن؟

— بېرىپ ئاتنى سۇغىرىمەن، ئاندىن بوغۇز بېرىمەن. پانتېلېيېۋىچ تاڭ ئېتىش بىلەنلا تاتارىسكىغا يولغا چىقىمىز دېگەنىدى. شۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ، ئاندىن ئۆز قىسىملىرىمىزغا يېتىۋېلىشىمىز كېرەك.

— تاڭ ئېتىشقا خېلى بار، بىر ئاز ئۇخلىۋالساڭمۇ بولىدۇ.

پروخور ئانچە قوشۇلمىغاندەك جاۋاب بەردى:

— بوۋا، تۇرقۇڭغا بىرلا قارىغاندا، ياشلىقىڭدىن تارتىپ ھەربىي سەپتە بولمىغاندەك كۆرۈنىسەن! بىز ھەربىي خىزمەتتىكىلەرنىڭ نىزامىدا، ئەگەر ئاتقا يەم - خەشەك بەرمىسەك، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالمىساق، بەلكى، ھايات كەچۈرۈپ تۇرالمايمىز. ئورۇق ئات بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك چاپالامسەن؟ ئاستىڭدىكى ئات قانچە ياخشى بولسا، دۈشمەندىن شۇنچە تېز قېچىپ قۇتۇلالايسەن. مەن مۇنداق ئادەم! ماڭا دۈشمەننى قوغلاشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەگەر جىددىي پەيت كېلىپ، دۈشمەن قىستاپ كېلىپ قالسا، ئۇ چاغدا مەن بىرىنچى بولۇپ ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچىمەن! پېشانەمنى ئوققا قالقان قىلغىلى نەچچە يىللار بولۇپ قالدى، بۇ ئىشتىن تويدۇم! قېنى، چىراغ ياقساڭچۇ بوۋا، ئۇنداق بولمىغاندا پايپاقلىرىمنى تاپالمايمەن. ۋاي رەھمەت! خوش، مۇنۇ بىزنىڭ گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ ئۇرۇشنىڭ تونۇرىغا بېشىنى تىقىپ، كرېست ئوردېنلىرى بىلەن يۇقىرى مەنسەپ ئېلىشنىڭلا كويىدا بولدى، ئەمما مەن ئۇنداق ئەخمەق ئەمەس. ماڭا بۇنىڭ لازىمى يوق. ھەي، ئۇ كېلىۋاتقان بولمىسۇن جۇمۇ، بەلكى، ئۇ مەستتۇر.

ئىشىكنى بىرى ئاستا قاقتى.

— كىرىڭ! — دەپ توۋلىدى پروخور.

ماشىرەڭ گىمناستىركىسىدا تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر پاگونى بار، كاكاردىلىق فۇراژكىسا كىيگەن ناتونۇش بىر كازاك كىرىپ كەلدى.

— مەن گېنېرال سېكرېتېۋ گۇرۇپپىسىنىڭ شتاب نۆكىرى بولىمەن. مېلېخوف جانابلىرىنى كۆرۈشۈمگە بولارمىكىن؟ — دەپ سورىدى ئۇ، قولىنى كوزىركىسىغا تۇتۇپ، بوسۇغا ئالدىدا تىك تۇرۇپ.

— ئۇ كىشى يوق، — دەپ جاۋاب بەردى پروخور خۇددى تەرتىپ - ئىنتىزامغا ئۆگىنىۋاتقاندەك قەددىنى تىك تۇتقان نۆكەر-

نىڭ مۇئامىلىسىگە ھاڭ - تاڭ بولۇپ، — ۋايجان، سەن تولىمۇ سوزۇلۇپ تۇرمىساڭچۇ، مەنمۇ ياش چېغىمدا ساڭا ئوخشاش ئەخمەق بولغانىدىم. مەن ئۇنىڭ چاپارمەنى بولىمەن. سەن نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟

— گېنېرال سېكرېتېفنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مېلېخوف جانابلىرى ئۈچۈن كەلگەنىدىم. بۇ كىشىنى ھازىر ئوفىتسېرلارنىڭ مەجلىسخانىسىغا كەلسۇن دەپ تاپىلىدى.

— ئۇ كەچ كىرىش بىلەنلا شۇ يەرگە كەتكەن.

— ئۇ يەرگە بارغانىدى، ئەمما كېيىن ئۇ يەردىن ئۆيىگە كەتكەن.

پروخور بىر ئىسقىرتىپ قويۇپ، كارىۋاتتا ئولتۇرغان ئۆي ئىگىسىگە كۆزىنى قىسىپ قويدى:

— چۈشەندىڭمۇ، بوۋا؟ ئۇنداق بولسا، دېمەك، ئۆزىنىڭ مەھبۇبىسى قېشىغا كەتكەنىكەن - دە... خوش، سەن ئەسكەر كىشى، مېڭىپ تۇر، مەن ئۇنى تېپىپ، ئىسسىقىدا شۇ يەرگە ئۇدۇللا ئاپىرىمەن!

پروخور چالغا ئاتنى سۇغىرىپ، بوغۇز بېرىپ قوي، دەپ تاپشۇرغاندىن كېيىن ئاكسىنيېنىڭ ھامىسىنىڭ ئۆيىگە راۋان بولدى.

بازار ھېچنېمىنى كۆرۈپ بولمايدىغان قاراڭغۇ قوينىدا ئۇيقۇغا غەرق بولغانىدى. دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئورمان ئىچىدە بۇلبۇللار بەس - بەستە سايرىشاتتى. پروخور ئالدىرىماستىن تونۇش ئۆيگە يېقىنلىشىپ كەلدى، دەھلىزگە كىرىپ، ئەمدىلا ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتقانىدى، ئۆينىڭ ئىچىدىن سېتېپاننىڭ بوم ئاۋازى ئاڭلاندى. «ئوھوي، تازا ئۇچرىشىپ قاپتىمەنغۇ! — دەپ ئويلىدى پروخور، — نېمىشقا كەلدىڭ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ چاغدا دەيدىغان ھېچنېمەم يوق. مەيلى، نېمە بولسا بولسۇن — كۆرگۈلۈكنى كۆردۈم! ساموگون سېتىۋالغىلى كەلگەنتىم، قوشنىلار مۇشۇ ئۆيدە بار، دەپ ئېيتتى، — دەرمەن.»

شۇنىڭ بىلەن جۇرئەت پەيدا قىلىپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرگەنىدى — ھەيرانلىقتىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى: گرىگورىي ئاستاخوف بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرۇپتۇ — بۇ ئۆيدە ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىدى — ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇغلانغان يېشىل ساموگوننى ئىستاكانلىرىغا سۈمۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

ستېپان پروخورغا يالت قىلىپ قاراپ، زورمۇزور كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— نېممىشقا سالاملاشماي، ئاغزىڭنى ئېچىپ ئەسنەپ تۇرىسەن؟ غەلىتە بىر نەرسە كۆرۈپ قالدىڭمۇيسە؟

— خۇددى شۇنداقراق...، — دەپ جاۋاب بەردى ھەيرانلىقتىن تېخى ئېسىگە كېلەلمىگەن پروخور ئېغىرلىقىنى بىر پۇتىدىن بىر پۇتىغا يۆتكەپ.

— خوش، قورقما، يۇقىرى ئۆت، ئولتۇر، — دېدى ستېپان تەكلىپ قىلىپ.

— مېنىڭ ئولتۇرۇشۇمغا ۋاقىت يار بەرمەيدۇ. مەن سېنى دەپ كەلگەنىدىم، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ. ھازىرلا گېنېرال سېكرېتېپنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشىڭغا بۇيرۇق كەلدى.

گرىگورىي پروخور كېلىشتىن بۇرۇن نەچچە قېتىم كېتىشكە تەمشەلگەنىدى، ئۇ ئىستاكاننى نەچچە قېتىم نېرى سۈرۈپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى، ئەمما بۇ يەردىن كېتىشىمنى ستېپان قورقانلىقنىڭ ئوچۇق بەلگىسى دەپ بىلىدۇ، دەپ، يەنە شۇ زامانىلا ئولتۇرغانىدى. ئاكسىنىيىنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ، ستېپانغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ئۇنىڭ غۇرۇرى يول قويمىغانىدى. ئۇ ساموگوننى ئىچمەۋەرگەن بولسىمۇ، ئانچىلىك تەسىر قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ، گرىگورىي ئۆز ھالىنىڭ پۈتۈنلەي تۇراقسىزلىقىنى سەگەكلىك بىلەن دەڭسەپ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈتتى، ئاكسىنىيە ئۆزىنىڭ — گرىگورىينىڭ — سالامەتلىكى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرگەندە، ستېپان

دەرھال خوتۇننى ئۆرنىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەمما ئۇ خاتالاشقانىدى: ستېپان قولىنى كۆتۈرۈپ، قاپارتۇق ئالقىنى بىلەن ئاپتاپتا كۆيگەن پېشانىسىنى ئېرتتى ـ دە، بىرئاز ئۈنچىمماي تۇرغاندىن كېيىن ئاكسىنيىگە زوقلىنىپ قاراپ: «يارايسەن، خوتۇن! باتۇرلۇقۇڭ ئۈچۈن سېنى ياخشى كۆرىمەن!» — دېگەنىدى.

شۇندىن كېيىنلا پروخور كىرىپ كەلدى.

گرىگورىي بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن ستېپاننىڭ ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئېيتىۋېلىشى ئۈچۈن كەتمەسلىككە قارار قىلدى.

— سەن ئۇ يەرگە بېرىپ، مېنى تاپالمىدىم دەپ ئېيت. چۈشەندىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ پروخورغا.

— چۈشىنىشنى چۈشەندىم، ئەمما ئۇ يەرگە بارغىنىڭ ياخشىراق بولارمىكىن، پانتېلېيېۋىچ.

— سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن! بار، يۈگۈر.

پروخور ئىشىك تەرەپكە ماڭاي دەپ تۇرۇۋېدى، ئەمما كۈتۈلمىگەندە ئاكسىنيە گەپكە ئارىلاشتى، ئۇ گرىگورىيغا قارىماستىن قۇرۇقلا مۇنداق دېدى:

— ياق، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، نېمىسى بار، سىزمۇ بىللە بېرىڭ! كىرىپ ئۆتكىنىڭىزگە، مېھمان بولۇپ، بىز بىلەن بىللە ۋاقىت ئۆتكۈزگىنىڭىزگە رەھمەت... ئەمما ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى، خورازلار ئىككىنچى قېتىم چىللىدى. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى. سۇبھى يورۇش بىلەنلا بىز ستېپان بىلەن ئۆيگە قايتىشىمىز كېرەك... ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاراقنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىچتىڭلار، شۇمۇ يېتەر!

ستېپان ئۇنى توختۇپ قېلىشقا ھەرىكەت قىلمىدى، گرىگورىي ئورنىدىن تۇردى. ستېپان خوشلىشىۋېتىپ، گويا ئاخىرقى قېتىم بىرنەرسە دېمەكچى بولغاندەك گرىگورىينىڭ قولىنى ئۆزىنىڭ سوغۇق، يىرىك قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ، بىردەم ماڭغۇزماي

تۇردى، ئەمما ھېچ نەرسە ئېيتالمىدى، ئاخىر گرىگورىي ئىشىككە يېتىپ بارغۇچە ئارقىسىدىن ئۈنچىقماستىن قاراپ تۇردى، ئۇندىن كېيىن ئالدىرىماستىن، ئىچىپ تۈگىتەلمىگەن ھاراق شىشىسىگە قولىنى ئۇزاتتى...

گرىگورىي كوچىغا چىقار - چىقماستىنلا ئۇنى دەھشەتلىك ھارغىنلىق ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئۇ پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ، دەسلەپكى تۆت كوچا ئاغزىغا يېتىۋالدى - دە، ئارقىسىدىن زىچ ئەگىشىپ ماڭغان پروخورغا ئۆتۈنۈش قىلدى:

— سەن ئاتنى ئېگەرلەپ، مۇشۇ يەرگە ئەكەلسەڭچۇ. مېنىڭ يېتىپ بارغۇدەك ھالىم يوق...

— بارىدىغانلىقىڭنى مەلۇم قىلمامدىمەن؟

— ياق.

— ئۇنداق بولسا توختاپ تۇر، مېنىڭ ئايىغىم چاققان!

ھەممىشەم ئاستا ماڭىدىغان پروخور بۇ قېتىم تۇرار جايىغا قاراپ تېز چېپىپ كەتتى.

گرىگورىي قاشانىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى. ستېپان بىلەن بولغان ئۇچرىشىشنى قايتا خىيالىغا كەلتۈرۈپ، بىپەرۋالىق بىلەن: مەيلى، بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا ئايان. پەقەت ئاكسىنيىنى ئۇرمىسىلا بولاتتىغۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇندىن كېيىن ھارغىنلىق ۋە باشتىن كەچۈرگەن ھاياجان بىلەن يانپاشلاپ يېتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۆگدەشكە باشلىدى.

كۆپ ئۆتمەي پروخور ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى.

سال بىلەن دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتىۋالغاندىن كېيىن ئاتنى چوڭ چېپىشقا قويۇۋەتتى.

تاڭ يورۇش بىلەنلا تاتارىسكىغا كىرىپ كېلىشتى. ئۆز ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسى يېنىغا كەلگەندە گرىگورىي ئاتتىن چۈشتى - دە، تىزگىننى پروخورغا تاشلاپ بېرىپ، يۈرىكى

پوكۇلدىغان هالدا ئالدىراش ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

چالا كېيىنگەن ناتاشا نېمىشقىدۇر دەھلىزگە چىقمىغانىدى. گرىگورىينى كۆرۈش بىلەنلا ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى خۇشال بولغىنىدىن شۇنداق چاقناپ كەتتىكى. گرىگورىينىڭ يۈرىكى سىيلىپ، كۆتۈلمىگەندە كۆزلىرى ياشلاندى. ناتالىيە ئۇنى چىقارماستىن ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ياخشى كۆرگەن كىشىسىنى قۇچاقلاپ، پۈتۈن تېنى بىلەن ئۇنىڭغا چاپلىشىپلا كەتتى، گرىگورىي ئۇنىڭ مۈرىلىرى دىر - دىر تىترەۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئايالىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ، قېرىلارنى ۋە كىچىكىرەكى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان بالىلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆيگەندىن كېيىن ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالدى.

— خۇش، كونۇڭلار قانداق ئۆتتى؟ ھەممە ئېسەن - ئامانمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھاياجاندىن ھاسىراپ.

— خۇداغا شۈكۈر، ئوغلۇم. قورقۇنچ، دەھشەتنىمۇ كۆرۈپ ئۆتتۇق. بىزنى بەك خاپا قىلارمىكىن دەپ قورققانىدۇق، ئۇنداق بولمىدى، — ئىلىنىچىنا ئالدىراپ جاۋاب بەردى - دە، كۆز يېشى قىلغان ناتالىيىگە قىيا قاراپ، كايىپ قويدى، — خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا مىيقىراۋاتىسەنغۇ، ئەخمەق! نېمە تۇرىسەن! مەشنى يېقىشقا ئوتۇن ئەكەل...

موماي ناتالىيە بىلەن ئالدىراش ئەتىگەنلىك تاماق تەييارلىغۇچە، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئوغلىغا ئاپتاق ئالغا ئەكىلىپ جېكىلىدى:

— يۇيۇنۇۋال، قولۇڭغا سۇ قۇيۇپ بېرەي، يۇيۇنساڭ، كالىلاڭمۇ سەگەپ قالىدۇ... سەندىن ھاراق پۇراپ تۇرۇپتۇ. نايىن، تونۇگۈن خۇشالچىلىقتا ئىچىپ قويغانسەن؟

— شۇنداق ئىش بولدى. ئەمما خۇشاللىقتىنمۇ ياكى غەم -

قايغۇدىمۇ — بۇ ھازىرچە مەلۇم ئەمەس...

— نېمىشقا ئۇنداق؟ — چال ئىنتايىن ھەيران بولدى.

— سېكرېتېف بىزگە قەھر - غەزىپىنى چېچىۋاتىدۇ.

— ھەي، بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۇ سەن بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ ئىچتىمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— ئەجەب ئىش بولۇپتىغۇ، بۇ ساڭا نېمىدېگەن شەرەپ، گرىشكا! سەن ھەقىقىي بىر گېنېرال بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپسەنغۇ! ئويلاپ باقىنا! — پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ ئوغلىغا مېھىر بىلەن قاراپ، شادلىقتىن تىلىنى چوكۇلدىتىپ كەتتى.

گرىگورىي كۇلۇپ قويدى. ئۇ چالنىڭ بۇنداق گۆدەكلەرچە خۇشال بولۇپ كېتىشىگە ئەلۋەتتە ئورتاقلاشمايتتى.

گرىگورىي مال - مۈلۈكنىڭ ئامانلىقىنى ۋە قانچىلىك ئاشلىقنىڭ نابۇت بولغانلىقىنى ۋەزمىنلىك بىلەن سوراش جەريانىدا ئاتىسىنىڭ ئىگىلىك توغرىسىدىكى گەپكە بۇرۇنقىدەك قىزىقمايدىغانلىقىنى بايقاپ قالدى. چالنىڭ ئوي - خىيالىدا ئىگىلىكتىنمۇ مۇھىمراق بىر نەرسە بارلىقى، بۇ نەرسە ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— گرىشىنكا، ئەمدى قانداق بولار؟ ھەربىي خىزمەتكە يەنە بېرىشقا توغرا كېلەرمۇ؟

— سەن كىم توغرۇلۇق سۆزلەۋاتىسەن؟

— قېرىلار توغرۇلۇق. مەسىلەن، مېنى ئالايلى.

— ھازىر تېخى مەلۇم ئەمەس.

— دېمەك، ئاتلىنىش كېرەك ئىكەن - دە؟

— سەن قالساڭمۇ بولىدۇ.

— نېمە دەۋاتىسەن! — پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ خۇشاللىقىدا ۋارقىرىۋەتتى - دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئاشخانا ئىچىدە

دىككاڭلاشقا باشلىدى.

— جايىڭدا ئۆلتۈرساڭچۇ، توكۇر شەيتان! ئۆينىڭ ئىچىنى خامانداك سورۇۋەتتىڭغۇ! خۇشاللىقىدىن قوتۇر كۈچۈكتەك تايتاڭلاپ كەتتى! — دەپ ئىلىئىنىچىنا قاتتىق ۋارقىراپ قويدى.

ئەمما چال ئۇنىڭ ۋارقىرىشىغا پىسەنت قىلىپمۇ قويمىدى. شىرەدىن مەشىنىڭ قېشىغا نەچچە قېتىم غىلدىرلاپ باردى، كۈلۈپ تۇرۇپ قوللىرىنى هە دەپ سۈرتەتتى. شۇ چاغدا كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى:

— مېنى ئازاد قىلىۋېتىش قولۇڭدىن كېلەمدۇ؟

— ئەلۋەتتە، كېلىدۇ.

— قەغەز يېزىپ بېرەمسەن؟

— يېزىپ بەرمەيچۇ!

چال جەزم قىلالماي گاڭگىراپ قالدى - دە، شۇنداق بولسىمۇ سورىدى:

— قەغەز يېزىپ بەرگىنىڭ بىلەن، تامغا بېسىلمىسا قانداق بولىدۇ ياكى سەندە تامغا بارمۇ؟

— تامغىسىزمۇ بولۇۋېرىدۇ! — دەپ كۈلۈپ قويدى گرىگورىي.

— خوش، ئۇنداق بولسا، سۆزلىمەي قويايلى! — چال قايتىدىن شادلاندى، — خۇدا سېنى سالامەت قىلسۇن! ئەمدى سەن قاچان كېتىشنى ئويلاۋاتىسەن؟

— ئەتە.

— سېنىڭ قىسىملىرىڭ ئالدىدا ماڭىدىمۇ؟ ئۇست - مېدۋېدىتساغىمۇ؟

— هەئە. دادا، سەن مەندىن ئەندىشە قىلما، بەرىبىر، تېز ئارىدا ساڭا ئوخشاش قېرىلار ئۆيلىرىگە قويۇۋېتىلىدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ هەربىي خىزمەت ئۆتەش ۋەزىپەڭلەرنى ئادا قىلىپ بولغانسىلەر.

— خۇدا شۇنداق بولۇشنى نېسىپ قىلسۇن! — پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ چوقۇنۇۋالدى. قارىغاندا پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولغاندەك قىلاتتى.

بالىلار ئويغاندى. گرىگورىي ئۇلارنى دەس كۆتۈرۈپ تىزىغا ئولتۇرغۇزدى — دە، نۆۋەت بىلەن سۆيۈپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ شادىمان ۋىچىرلاشلىرىنى ئۇزاققىچە كۈلۈمسىرەپ ئاڭلاپ ئولتۇردى.

بۇ پەرزەنتلەرنىڭ چاچلىرى نېمىدېگەن پۇراق چاچىدۇ! ئاپتاپنىڭ ھىدى، مايسا ئوتلارنىڭ ھىدى، ئىللىق ياستۇقنىڭ ھىدى ۋە يەنە قانداقتۇر چەكسىز جانىجان بىر پۇراق ئاڭقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار — ئۇنىڭ بۇ جىگەر پارىلىرى — گويا كىچىككىنە دالا قۇشلىرىنىڭ ئۆزى. ئۇلارنى قۇچاقلاپ تۇرغان ئاتىسىنىڭ يوغان قاپقارا قوللىرى قوپال، كېلەڭسىز كۆرۈنەتتى. ئۇ — ئاتنىڭ يېنىدىن پەقەت بىر سوتكىلا ئايرىلغان ئاتلىق جەڭچى بۇ ئۆينىڭ تىنچ شارائىتىدا شۇ قەدەر يات كۆرۈنەتتىكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ھەربىي يۈرۈشلەر جەريانىدا سولداتلىقنىڭ ۋە ئات تەرلىرىنىڭ قاڭسىق ھىدى، تاسما جابدۇقلارنىڭ قاڭسىق پۇرىقى سىڭىپ كەتكەنىدى.

گرىگورىينىڭ كۆزلىرىنى ياش پەردىسى قاپلىۋالدى، لەۋلىرى بۇرۇتى ئاستىدا تىترەيتتى... ئۇ ئاتىسىنىڭ سوئاللىرىغا ئۈچ قېتىم جاۋاب بەرمىدى، پەقەت ناتالىيە ئۇنىڭ گىمناستۆركىسىنىڭ يېڭىدىن تارتقاندىلا شىرەنىڭ يېنىغا كەلدى.

ياق، ياق، گرىگورىي ئەسلا بۇرۇنقى گرىگورىي ئەمەس. ئۇ ھېچقاچان مۇنداق نازۇك تەبىئەت ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەتتا بالىلىق چاغلىرىدىمۇ كەم يىغلايتتى. ئەمدى بولسا — بۇ كۆز ياشلىرى، يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇشى ۋە مۇنداق ھېسسىياتقا بېرىلىش — گويا كېكىرتىكىدە ئۈنسىز قوڭغۇراق سوقۇپ تۇر-

غاندەكلا ئىـدى... ئەمما بۇنىڭ بارى مۇشۇ ئاخشام كۆپ ئىـ
چىپ قويغانلىقى ۋە بۇ كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكى نەتىـ
جىسىدە يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن...

ئوتلاقتا ئىنەكلەرنى هەيدەپ كەتكەن دارىيە قايتىپ
كەلدى. دارىيە كۈلۈمسىرىگەن لەۋلىرىنى گرىگورىيغا تۇتقا-
نىدى، گرىگورىي چاقچاق، ئىما ـ ئىشارە بىلەن بۇرۇتىنى سىيـ
لاپ، يۈزىنى دارىيىگە يېقىن ئەكەلدى، بۇ چاغدا دارىيە
كۆزىنى يۇمدى. گرىگورىي بۇ ئايالنىڭ كىرپىكلىرى گويا شا-
مال سوقۇۋاتقاندەك دىرىلداۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە شۇ ئاندا
ئۇنىڭ سولمايدىغان ئىككى مەڭزىدىن خۇش بۇي پۇراقلى-
رى كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

مانا دارىيە بۇرۇنقىدەك ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ. قارىغاندا، ئۇ-
نى هېچقانداق قايغۇ ـ هەسرەت مۇكچەيتەلمىگەندەك قىلاتتى،
مۇكچەيتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، هەتتا قىلچە قەددىنى پۈكەلمەپتۇ.
ئۇ يوروق ئالەمدە قىزىل تال چىۋىقتەك ياشاپ كەلگەن: هەم
ئەپچىل، هەم چىرايلىق، هەم ساددا ئىدى.

— ياشناۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي.

— يول بويىدا ئۆسكەن مىنگىدىۋانىدەك*! — دەپ كۆزى-
نى قىسىپ قويدى دارىيە تۆت چىشلىق كېۋەزدەك هىجىيىپ.
شۇنىڭ بىلەن دەرهاللا رومىلىنىڭ ئاستىدىن هۆرپىيىپ چىقىپ
تۇرغان چاچلىرىنى جۆنىدەپ، قاش ـ كىرپىكلىرىنى تۈزەش
ئۈچۈن ئەينەكنىڭ ئالدىغا باردى.

دارىيە هېلىمۇ شۇ دارىيە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشقا هېچ-
قانداق چارىمۇ يوق. پېترونىڭ ئۆلۈمى ئۇنى بىرئاز ئازابلىغان-
دەكمۇ بولدى، ئەمما باشقا چۈشكەن قايغۇ ـ هەسرەتنى كېيىن
كۆڭلىدىكى جاراهەتنى ساقىيىشى بىلەنلا هاياتقا تېخىمۇ هېرىس

* مىنگىدىۋانە — دورا ياسىلىدىغان بىر تۈرلۈك زەهەرلىك گىياھ.

بولۇپ قالدى، ئۆزىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە تېخىمۇ كۆ-
ڭۈل بۆلىدىغان بولدى...

ئۇلار ئامبارلاردا ئۇخلاۋاتقان دۇناشكىنى ئويغىتىشتى. پۈتۈن ئائىلە چوقۇنۇۋېلىشقاندىن كېيىن داستىخانغا ئولتۇرۇشتى.

— ئۇھ، ئاكا، قېرىپ قاپسەنغۇ! — دېدى دۇناشكا ئېچىنىپ، — بۆرىدەك بوز رەڭگە كىرىپ قاپسەن.

گرىگورىي شىرەنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن ئۇنچىقماستىن ۋە كۈلۈمسىرىمەستىن دۇناشكىغا بىر قاراپ قويدى-دە، ئاندىن دېدى:

— مېنىڭ مۇنداق بولۇشۇم تەبىئىي. دېنىڭ قېرىيدىغان ۋاقتىم، سېنىڭ زېھنىن قويۇپ كۈيە ئىزدەيدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى ... مەن ساڭا پەقەت شۇنى ئېيتىپ قوياي: بۈگۈندىن باشلاپ مىشكا كوشىۋوينى خىيالىڭدىن چىقىرىۋەت. ئەگەر بۈگۈندىن كېيىن ئۇنىڭ دەردى ېمىراقىدا قۇرۇپ، سارغىيىپ يۈرىدىغانلىقىڭنى ئاڭلاپ قالسام — بىر ئايىغىڭنى دەسسەپ تۇرۇپ، يەنە بىر پۇتۇڭدىن تارتىپ، چېتىڭنى چار پاقىدەك يېرىپ تاشلايمەن! چۈشەندىڭمۇ؟

دۇناشكا ئانارگۈلدەك قىزىرىپ كەتتى، كۆز يېشىنى مۆلدۈرلىتىپ گرىگورىيغا قارىدى.

ئۇ دۇناشكىدىن قەھرلىك نەزەرىنى ئۈزمەيتتى، ئۇنىڭ رەھىمسىزلىك قاپلىغان يۈزىدە — بۈرۈتىنىڭ ئاستىدىن ھىجىيىپ كۆرۈنگەن چىشلىرىدا، قىسىلىپ كەتكەن كۆزلىرىدە مېلېخوفلارنىڭ نەسلى - زاتىدىن كېلىۋاتقان ياۋايى ئەسەبىيلىك تېخىمۇ روشەن ئەكس ئېتەتتى.

ئەمما دۇناشكىمۇ ئاشۇ نەسىلدىن ئىدى: ئىزا - ئەلەمسى بېسىلغاندىن كېيىن ئۇ ئاستا، ئەمما دادىللىق بىلەن دېدى:

— ئاكا، سىز بىلەمسىز؟ يۈرەككە بۇيرۇق بېرىشكە بولمايدۇ.

— سۆزۈڭگە كىرمەيدىغان يۈرەكنى يۇلۇپ تاشلاش كېرەك، — دېدى گرىگورىي سوغۇققىنا.

سەن بۇ توغرۇلۇق سۆز ئاچمىساڭمۇ بولاتتى، ئوغلۇم... دەپ ئويلىدى ئىلىئىنىچنا.

ئەمما شۇ ئەسنادا پانتېلېي پروكوفيېۋىچ گەپكە ئارىلاشتى، ئۇ شىرەنى مۇشتلاپ، ۋارقىرىدى:

— سەن قانچۇق ئاغزىڭنى يۇم! بولمىسا مەن ساڭا يۈرىكىڭنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، ئۇ چاغدا سەن بېشىڭدىكى چېچىڭنىمۇ يىغىۋالالماي قالىسەن! ھۇ، پەس! مەن ھازىرلا بېرىپ تىزگىننى ئەكىلىمەن...

— ئاتا بىزدە بىرمۇ تىزگىن قالمىدى. ھەممىسىنى ئەكىتىشتى! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى دارىيە يۇۋاش قىياپەتتە.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۇنىڭغا جەھلى بىلەن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ئاۋازىنى پەسەيتمەستىن قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىشنى داۋاملاشتۇردى:

— شوتىنىڭ تاسما بېغىنى ئەكىلىپ، — سەن شەيتانلارنى...

— تاسما باغنىمۇ قىزىللار ئاللىقاچان ئەكەتكەن! — دەپ سۆز قىستۇردى دارىيە تېخىمۇ قاتتىقراق سۆزلەپ، قېيىن ئاتىسىغا ھامان مۇلايىم كۆزلىرى بىلەن قاراپ.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بۇ سۆزگە ئەمدى تاقەت قىلالمىدى. ئۇ كېلىنىگە بىر دەقىقە تىكىلىپ، قەھر بىلەن زۇۋانى گەپكە كەلمەي قىزىرىپ كەتتى، ئۇنچىقماستىن ئاغزىنى كېرىپ ئەسنىدى (بۇ چاغدا ئۇ سۇدىن تارتىپ چىقىرىلغان ئىسلىق يېپ

شىل بېلىقتا ئوخشاپ قالغانىدى)، ئاندىن خىرىلداپ ۋارقىرىدى:
— ئاغزىڭنى يۇم، لەنتى، ئىچىگە يۈز شەيتان كىرىۋالغان ئەبلەخ! ئادەمگە سۆز بەرمەيدۇ! بۇ نېمىدېگەن گەپ؟ دۇنكا، سەن بىلىپ قوي: بۇ ئىشقا مەن ھەرگىز يول قويمايمەن! مەن ساڭا ئاتىلىق نەسىھىتىمنى قىلىۋاتىمەن! گىرىگورىي توغرا ئېيتتى: ئۇ رەزىلنى خىيالىڭغا كەلتۈرىدىغان بولساڭ سېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ! تازا بىر سېھىرگەر ھارامزادىنى تېپىپسەن! يۈرىكىڭنى كۆيدۈرگەنسىكەن ئاشۇ جاللات! شۇمۇ ئادەمسۇ؟ مەسىھلىكتىن بەزگەن مۇرتەد ماڭا كۈيئوغۇل بولماقچىمۇ؟! ئۇ ھازىر مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالسا ئۆز قولى بىلەنلا ئەجەلىگە تاپشۇرىمەن! يەنە ئى - مى دەيدىغان بولساڭ: چىۋىق ئېلىپ، سېنى شۇنداق...
— ھەي، ھويلىنى كۈندۈزدە چىراغ يېقىپ ئىزدىسەڭمۇ بىرتال چىۋىق تاپالمايسەن، — دېدى ئىلىئىنىچنا خۇرسىنىپ، — ھويلىدا تۈپتەك يۇمىلاپ ئايلانساڭ بىرتال تۇتۇرۇق تاپالمايسەن. قانداق كۈنگە قالدۇق - ھە!
پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بۇ تۇزلا ئېيتىلغان سۆزدىمۇ يامان غەرەز بار دەپ بىلدى. ئۇ قېتىپ قالغان كۆزلىرى بىلەن مومايىغا تىكىلىپ قاراپ، ساراڭ ئادەمدەك ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.
گرىگورىي قوشۇقنى تاشلاپ قويۇپ، لۆڭگە بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ، ئۈنسىز پىخىلداپ تېلىقىشقا باشلىدى. غەزىپى تارقاپ كەتتى، كۈلكىسىنى باسالمىدى، ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان بۇنچىلىك كۈلمىگەنىدى. دۇناشكىدىن باشقا ھەممەيلەن كۈلۈشتى. شىرەنىڭ قېشىدا كۆڭۈللۈك بىر جانلىنىش ھۆكۈم سۈردى. ئەمما پانتېلېي پروكوفيېۋىچ پەلەمپەيدىن ھاسىراپ چىقىش بىلەنلا ھەممەيلەننىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، چال بىر تۈپ

ئۇلغا دەرىخنىڭ ئۇزۇن غولىنى سۈرەپ بوراندەك كىرىپ كەلدى.

— مانا! مانا! سەن نىمىلەرنىڭ ھەممىسىگە، تىلى ئۇزۇن لەنىتىلەرگە يىتىدۇ! ئۇزۇن قۇيرۇق جادۇگەرلەر!... چىۋىق يوقمىكەن؟ مۇنۇ چىۋىق بولماي نىمە؟ قىرى ئالۋاستى، ساڭىمۇ يىتىدۇ! زەربىمنى تىتىپ كۆرىسىلەر!...

دەرەخنىڭ غولى ئاشخانىغا پاتمىغانلىقتىن، چال قازاننى ئۆرۈۋىتىپ، ئۇنى دەھلىزگە گۇلدۇرلىتىپ تاشلىدى، ئاندىن ئېغىر نەپەس ئېلىپ، شىرەنىڭ قىشىغا ئولتۇردى.

ئۇنىڭ كەيپى بۇزۇلغانلىقى ئوچۇقلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بۇرنىنى شىلىپلىتىپ، ئۇنچىقماستىن تاماق يىيىشكە كىرىشتى. قالغانلارمۇ شۈك بولۇشۇپ قالدى. دارىيە كۈلۈپ تاشلاشتىن قورقۇپ، شىرەدىن بېشىنى كۆتۈرمەيتتى. ئىلىنىچنا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئاڭلىنار - ئاڭلانماس پىچىرلاپ: «ھەي، پەرۋەردىگارا، جانابىي ھەق! بىزنىڭ گۇناھىمىز ئېغىر!» — دەيتتى. پەقەت دۇناشكىنىڭلا كۈلگۈدەك ھالى يوق ئىدى، چال سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغدا قانداقتۇر ئازابلىنىپ كۈلۈمسىرىگەن ناتالىيەمۇ قايتىدىن ئېسىنى يىغىپ، غەمكىن بولۇپ قالدى.

— تۇز ئەكەل! نان قوي! — دەپ پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاندا - ساندا ۋارقىراپ، تەھدىت سالاتتى ئۆي ئىچىدىكىلەرگە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

ئۆي ئىچىدىكى مۇشكۇل ئەھۋال تاسادىپىي ئاياغلاشتى. ھەممەيلەن ئۇنچىقماي ئولتۇرغاندا مىشاتكا بوۋىسىغا يېڭى بىر ئازار - ئەلەمنى يەتكۈزۈپ ھاڭ - تاڭ قىلىپ قويدى. موممىسى ئۇرۇش - تالاشتا چوڭ دادىسىنى ھەر خىل تىل بىلەن تىللىغانلىقىنى مىشاتكا تالاي قېتىم ئاڭلىغانىدى، شۇڭا ھازىر بوۋاي ھەممەيلەننى تاياق بىلەن ساۋىلايمەن دەپ ۋارقىراپ، پۇ-

تۈن ئۆينى بېشىغا كۆتۈرگەندە، ئۇنى گۆدەكلەرچە ۋەھىمە باس-
تى - دە، بۇرۇن تۆشۈكلىرى تىترەپ، تۇيۇقسىز چۇگۇلداپ
سۆزلەپ:

— نېمە غوۋغا كۆتۈرىسەن، توكۇر شەيتان! بېشىڭغا تا-
ياق بىلەن سالساق، چوڭ ئانام بىلەن بىزنى قورقۇتماس
ئىدىڭ!...، — دېدى.

— سەن مېنى... يەنى چوڭ داداڭنى... شۇنداق دېدىڭمۇ؟

— سېنى! — دەپ تەكىتلىدى مىشاتكا جەسۇرلۇق بىلەن.

— ئۆزۈڭنىڭ چوڭ داداڭغا... ئاشۇنداق سۆزلەرنى
دېسەڭ بولامدۇ؟!

— سەن نېمە غوۋغا كۆتۈرىسەن؟

— بۇ قانداق شۇمتەك؟ — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ساقىلى-
نى سىلاپ، ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا ھەممەيلەنگە كۆز يۈگۈر-
تۈپ چىقتى، — ھەممىسىنى سەندىن، سەن قېرى قاغىدىن ئاڭ-
لاپ، قۇلىقىغا سىڭدۈرۈۋالغان! سەن ئۆگىتىسەن!

— ئۇنىڭغا كىم ئۆگىتىپتۇ؟ بۇ يۈگەنسىز بەباش ساڭا ۋە
مۇنۇ دادىسىغا تارتقان! — دەپ ئاچچىقى بىلەن ئۆزىنى ئاقلىدى
ئىلىئىنىچنا.

ناتالىيە ئورنىدىن قوپۇپ، مىشاتكىنى بىرنەچچە شاپىلاق
سالدى - دە، زەردە بىلەن دېدى:

— چوڭ داداڭغا مۇنداق سۆزلەرنى قىلىشنى ئۆگەنمە،
ئۆگەنمە!

مىشاتكا يۈزىنى گرىگورىينىڭ تىزىغا تىقىۋېلىپ، ئېسەدەپ
يىغلاشقا باشلىدى. نەۋرىلىرىگە بەك كۆيۈمچان بولغان پانتې-
لېي پروكوفيېۋىچ شىرەنىڭ يېنىدىن چاچراپ تۇردى - دە،
كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، ساقىلىغا ئېقىپ چۈشكەن ياشنى
سۈرتمەستىن، شادلىق ئىچىدە ۋارقىراپ كەتتى:

— گرىشكا! ئوغلۇم! ئاناڭغا مىڭ رەھمەت! موماي راست سۆزنى قىلدى! ئۆزىمىزنىڭ مېلېخوفلارنىڭ قېنىدىن تۆرەلگەن!... مانا قاران ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتتى!... بۇ ھېچكىمگە تىل قىسىنچىلىق قىلمايدۇ!... نەۋرىچىكىم!... جىگەر پارەم!... مە، ئال، ئۇر مەن قېرى ئەخمەقنى، نېمە بىلەن ئۇرساڭ ئۇر!... ساقىلىمدىن تارت!... — چال شۇ سۆزدىن كېيىنلا مىشاتكىنى گرىنگورىينىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئۇنى بېشى ئۈستىدە ئېگىز كۆتۈردى.

ئۇلار ئەتىنگەنلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن شىرەنىڭ يېنىدىن قوپۇشتى. ئاياللار قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇشقا كىرىشتى، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ تاماكا تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن گرىگورىيغا قاراپ دېدى:

— ساڭا ئىش قىلىشىپ بەر دەپ تەلەپ قويۇش ئوڭايسىز، چۈنكى سەن بىزگە مېھمان ئورنىدىكى كىشى، ئەمما ئىلاج يوق... قاشانى تىكلەشكە، خامانىڭ چۆرىسىنى توسۇشقا ياردەملەشسەڭچۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، ھەممىسى ئاستىدىن يىقىلغىلى تۇردى، ھازىر يات ئادەملەرگە ياردەملەشكىن دېيىش تەس، چۈنكى ھەممە ئادەملەرنىڭ تاملىرى ئوخشاشلا غۇلاپ چۈشكەن.

گرىگورىي جان - دىلى بىلەن ماقۇل بولدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن ھويلىدا چۈشكىچە ئىشلەپ، ئىھاتە توسۇقلارنى تەرتىپكە سالدى.

چال باغچىدا موما ياغاچلارنى يەرگە كۆمۈۋېتىپ سورىدى:

— پىچان ئورۇش باشلاندى، نېمە قىلىشنى بىلمەيۋاتىمەن — قوشۇمچە ئوت - چۆپ سېتىۋېلىش كېرەكمۇ ياكى ئالماسلىق كېرەكمۇ؟ ئېگىلىك ئىشلىرى توغرىسىدا سېنىڭ پىكرىڭ قانداق؟ ئانچە - مۇنچە ھەرىكەت قىلىشقا ئەرزىمىدۇ ياكى بىر ئايدىن كېيىن قىزىللار كېلىپ قالسا، ئۇ چاغدا ھەم-

مە نەرسە يېڭىباشتىن جىنلارنىڭ ئوردىكام ئوينىشىغا چۈشۈپ قالارمۇ؟

— مەن بىلمەيمەن، دادا، — دەپ ئۇچۇقىنى ئېيتتى گرىگورىي، — ئىشنىڭ قايسى تەرەپكە تارتىلىدىغانلىقىنى ۋە كىمنى يېڭىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. خامپىدا ئارتۇقچە ئاشلىق ساقلىماي، قورۇدا ئۇششۇقچە مال - چارۋا تۇتماي كۈنۈڭنى ئۆتكۈزۈپ تۇر. ھازىرقى چاغدا مۇنداق نەرسىلەرنىڭ كېرىكى يوق. مانا قېيىن ئاتامنى مىسالغا ئالايلى: ئۆمۈر بويى جاپا چېكىپ، مال توپلىدى، بېيىدى، ئۆزىنىڭمۇ، باشقىلارنىڭمۇ قان تەرىنى سەرپ قىلىپ، مادارىنى قۇرۇتتى، ئاقىۋەتتە نېمىسى قالدى؟ قورۇسىدا پەقەت كۆيۈپ كۈل بولغان ئۆيىنىڭ خارابە ئىزلىرى!

— يىگىتىم، مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، — چال ئېغىر نەپەس ئېلىپ بۇ سۆزگە قوشۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئائىلە ئىشلىرى توغرۇلۇق قايتا گەپ - سۆز بولمىدى. پەقەت چۈشتىن كېيىن گرىگورىينىڭ خامان ئىشىكىنى كۆڭۈل قويۇپ ئوڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چال ئۇچۇقلا رەنجىدى:

— مۇنداقلا ياساپ قويساڭ بولمامدۇ، نېمانچە تىرىشىپ كېتىسەن؟ مەڭگۈ تۇراتتىمۇ بۇ نەرسەڭ!

قارىغاندا، چال تۇرمۇشنى كونىچە تەرتىپكە سېلىشقا كۈچ چىقىرىشنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا چۈشەنگەندەك قىلاتتى...

كۈنپېتىش ئالدىدا گرىگورىي ئىشىكنى تاشلاپ قويۇپ ئۆيگە ماڭدى. ناتالىيە ئىچكىرىكى ئۆيدە يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ بايرامدىكىدەك ياسىنىۋالغان. كۆك يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن يوپكىسى ۋە يېڭىغا تور جىيەك مانجىست تۇتۇلغان، كۆكسىگە گۈل كەشتە قىلىنغان پوپلىن ھاۋارەڭ كوفتىسى بەدىنىگە چىپپىدە

كەلگەن بولۇپ، بەكمۇ ياراشقانىدى. يۈزىگە يېيۇپقا قىزىللىق يۈگۈرگەن ھەممە يېڭىلا سوپۇنلاپ يۇغانلىقتىن سەل - پەل يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ ساندۇقتىن بىرنەرسە ئاختۇرۇۋاتاتتى، ئەمما گرىگورىينى كۆرۈش بىلەنلا ساندۇقنىڭ ئاغزىنى يېپىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا قەددىنى رۇسلىدى.

گرىگورىي ساندۇقنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردى - دە، دېدى:

— كەل، بىردەم ئولتۇر، ئەگەر ئەتە كېتىپ قالسام، سۆزلىشىۋالالماي قالمايلى.

ناتالىيە ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، سەل - پەل چۆچۈگەن كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا يان تەرەپتىن قارىدى. ئەمما گرىگورىي كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ، قولىدىن تۇتتى - دە، مېھرىبانلىق بىلەن دېدى:

— سەن ھېچبىر ئاغرىمىغاندەك بىر ئوبدان بولۇپ قاپسەنغۇ.

— ساقىيىپ قالدىم... بىز خوتۇن خەقلەر، مۈشۈككە ئوخشاش جېنى مەھكەم كېلىمىز، — دېدى ئۇ يۈرەكسىزلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ ۋە بېشىنى پەسكە ئېگىپ.

گرىگورىي ئۇنىڭ يۇمران تۈك قاپلىغان قۇلاق مونچىقىنىڭ سەل - پەل قىزىرىپ قالغانلىقىنى ۋە گەجگىسى ئۈستىدە چاچ تۇتاملىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان سارغۇچ تېرىنى كۆرۈپ قالدى - دە، سورىدى:

— چېچىڭ چۈشۈۋاتامدۇ؟

— ھەممىسى چۈشۈپ بولاي دېدى. يات ئارىدا تاقىر باش بولۇپ قالىمەن.

— چېچىڭنى ھازىرلا ئۈستىرا بىلەن چۈشۈرۈۋېتەيمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى گرىگورىي.

— ۋۇي نېمىدېگىنىڭ! — دەۋەتتى ناتالىيە چۆچۈپ،—

ئۇ چاغدا نېمىگە ئوخشاپ قالىمەن؟

— قىرىش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا چاچ چىقماي قالىدۇ.

— ئاپام قايچا بىلەن قىرقىپ قويااي دېگەنىدى، — دېدى ناتالىيە خىجىللىق بىلەن كۈلۈپ. ئاندىن شارت - شۇرتلا بېشىنى تېگى كۆك ئاق رومال بىلەن پۆركىدى.

ئۇ هازىر گرىگورىينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ، ئۆزى مانا مۇشۇ ئادەمنىڭ ئايالى ھەم مىشاتكا بىلەن پولىيوشكىنىڭ ئانىسى. ئۇ ئاشۇ ئېرىنى دەپ ياسانغان ھەم يۈزىنى ئەتىر سوپۇن بىلەن يۇغانىدى. كېسەللىكتىن كېيىن سەتلىشىپ قالغان شالاڭ چاچلىرىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇ ئالدىراش بېشىغا رومال ئوراپ، يان تەرەپكە سەل قىيسىيىپ، كۆرۈمسىز، بىچارە ھالەتتە ئولتۇرسىمۇ، ئەمما يەنىلا چىرايلىق بولۇپ، ئىچكى دۇنياسىنىڭ بىغۇبار گۈزەللىكى بىلەن نۇر چېچىپ تۇراتتى. بىر زاماندا بوينىنى سەتلەشتۈرۈپ قويغان تارتۇقىنى ئېرىدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ ھەممشەم ئېگىز ياقىلىق كىيىم كىيەتتى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئېرى ئۈچۈن ئىدى... گرىگورىينىڭ يۈرىكىنى مېھرىبانلىقنىڭ قۇدرەتلىك دولقۇنى كەلكۈندەك بېسىپ كەتتى. ئۇ ئايالىغا بىرنەچچە ئېغىز ئىللىق، شېرىن سۆز ئېيتقۇسى كەلگەنىدى، ئەمما سۆز تاپالماي قالدى - دە، ئۈنچىقماستىن ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ، ئاپئاق ياپيا پېشانىسىدىن ۋە غەمغۇسسىگە تولغان كۆزلىرىدىن سۆيدى.

ياق، ئۇ ئىلگىرى ئايالىنى ھېچقاچان مۇنچىلىك ئەركىلەتمىگەنىدى. ئاكسىنىيە ئۆمۈر بويى ئۇنى گرىگورىينىڭ خىيالىدىن چىقىرىۋەتكەنىدى. ئېرىنىڭ كۆرسەتكەن بۇ مېھرىبانلىقىدىن تەسىرلەنگەن ناتالىيە ئىزا تارتقانلىقتىن پۈتۈن ئەزايى قىزىرىپ كەتتى - دە، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، لەۋلىرىگە ئاپاردى.

ئۇلار ئۈنچىقماستىن بىر لەھزە ئولتۇرۇشتى، پېتىپ كېتىۋاتقان كۈن ئېچكىرىكى ئۆيگە قىزغۇچ شولا تۆكەتتى. پېشايۋاندا باللار شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈشەتتى. دارىيىنىڭ مەشتىن قىزىپ كەتكەن خۇمرىلارنى ئالغانلىقى، قېيىن ئانىسىغا نارازى ھالدا: «سىز، ئىنەكلەرنى ھەر كۈنى ساغمايدىغان ئوخشايسىز، نېمىشقىدۇر قېرى ئىنەكنىڭ سۈتى ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ...» — دېگەنلىكى ئاڭلىنىپ تۇردى.

ئوتلاقتىن پادىمۇ قايتىپ كەلدى. كالىلار مۆرىشەتتى، باللار قىل چۇچىلىق قامچىلىرىنى قارسىلدىتاتتى. يېزىنىڭ بۇقىسى خىرىلداپ، ئۈزۈپ - ھۆركىرەپ قوياتتى. ئۇنىڭ يېپەكتەك بويۇن سۆكسىنى ۋە سىپسىلىق، ياپىلاق دۈمبىسىنى كۆكۈيۈن چېقىپ قانىتىۋەتكەن. بۇقا ئاچچىقى بىلەن بېشىنى سىلكىيتتى؛ مېڭىپ كېلىۋېتىپ قىسقا، ئارىلىقى كەڭ مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئاستاخوفنىڭ قاشاسىنى ئىلىۋېلىپ، يىقىتىپ تاشلايتتى - دە، يەنە كېتىۋېرەتتى. ناتالىيە دېرىزىدىن قاراپ دېدى:

— بۇقىمۇ دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە چېكىنگەنىدى، ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە، يېزىدا مىلتىق ئېتىلىشقا باشلاش بىلەنلا بۇقا تۈپتۈغرا ئېغىلدىن چىققان پېتى دوندىن ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ - دە، دەريانىڭ ئايلانمىسىدا يۈرۈپ جان ساقلاپتۇ.

گرىگورىي ئۇيغا چۆمۈپ، ھېچ ئۈنچىقمايتتى، ناتالىيىنىڭ كۆزلىرى نېمىشقا مۇنداق غەمكىن؟ يەنە كېلىپ بۇ كۆزلەردە بىلىنەر - بىلىنمەس يوشۇرۇن بىر سىر گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ يوقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ خۇشال بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ غەم - غۇسسە، نادامەتتە، ئۇنىڭ قانداق جان ئىككەنلىكىنى ھېچ چۈشەنگىلى بولمايدۇ... بەلكى، ئۇ، مېنىڭ ۋېشېنسكايادا ئاكسىنىيە بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرگەنلىكىمنى ئاڭلاپ قالغانمى-

كىمن؟ ئاخىر گرىگورىي سورىدى:

— بۈگۈن نېمە سەۋەبتىن چىرايىڭ مۇنداق تۇتۇق؟ كۆڭلۈڭدە نېمە بار، ناتاشا؟ ئېيتساڭ بولامدۇ؟

ئۇ ئايالىنى كۆزىدىن ياش تۆكۈپ، تەنە سۆزلەرنى ياغدۇرۇشقا باشلايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى... ئەمما ناتالىيە چۆچۈپ جاۋاب بەردى:

— ياق، ياق، ساڭا شۇنداق كۆرۈنگەن ئوخشايمەن، مەندە ھېچ ئىش يوق... دۇرۇس، مەن تېخى ساقىيىپ كەتكىنىم يوق. بېشىم ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ئېڭىشسەم ياكى بىرنەرسىنى كۆتۈرسەم كۆزۈم قاراڭغۇلىشىدۇ.

گرىگورىي ئۇنىڭغا سىناق نەزەرى بىلەن قاراپ قويۇپ، يەنە سورىدى:

— مەنسىز بۇ يەردە ساڭا بىر ئىش بولمىغاندۇ؟... بىرەرى ساڭا تەگمىگەندۇ؟

— ياقەي، نېمە دەۋاتىسەن! مەن ھەر دائىم ئاغرىپ تۆشەكتە ئۇزاق يېتىپ قالدىم، — شۇ سۆزنى دېدى - دە، لىپپىدە گرىگورىينىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، ھەتتا سەل - پەل كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئاندىن بىر ئاز ئۈنچىقماي ئولتۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقامسەن؟

— تاڭ ئېتىش بىلەنلا.

— يەنە بىر كۈن تۇرساڭ بولامدۇ؟ — ناتالىيىنىڭ ئاۋازىدا قورقۇش ئارىلاش ئىشەنچسىز بىر ئۈمىد سېزىلەتتى.

ئەمما گرىگورىي ياق دەپ باش چايقىغاندىن كېيىن ناتالىيە خۇرسىندى:

— قانداق، ھازىرلا پاگوننى تاقىۋېلىشىڭ كېرەكمۇ؟

— شۇنداق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، كۆڭلىكىڭنى سال، يورۇق چاغدا ئۇنى قاداپ بېرەي.

گرىگورىي تامىقىنى قىرىپ قويۇپ، گىمناستيوركىسىنى سالدى. گىمناستيوركىسىنىڭ تېرى تېخى قۇرۇمىغانىدى. ئۇچىسىدا ۋە ئىككى مۈرىسىدە، تاسما باغلارنىڭ ئىزى قالغان يەردە ھۆل داغلار قارىيىپ تۇراتتى، ناتالىيە ساندۇقتىن ئاپتاپتا ئۆڭۈپ كەتكەن ماش رەڭ پاگونلارنى ئالدى - دە، سورىدى:

— مۇشۇما؟

— خۇددى ئۆزى. ساقلاپ قويغانمىدىڭ؟

— بىز ساندۇقنى كۆمۈپ قويغانىدۇق، — دەپ غۇدۇراپ قويدى ناتالىيە يىڭنىنىڭ قۇلىقىغا يىپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزى ئېرىگە سەزدۈرمەستىن، چاڭ باسقان گىمناستيوركىنى يۈزىگە ياقتى - دە، شورتاڭ تەر پۇرىقىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن سۈمۈرۈپ كەتتى...

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي ھەيران بولۇپ.

— بۇنىڭدىن سېنىڭ بۇيۇڭ كېلىدۇ...، — ناتالىيە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، شۇ سۆزنى دېدى - دە، يۈزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بېشىنى ئېڭىشتۈرۈپ، يىڭنىنى شىرت - شىرت ئىشقا سېلىشقا باشلىدى.

گرىگورىي گىمناستيوركىسىنى كىيگەندىن كېيىن قاپىقىنى تۈرۈپ، مۈرىسىنى ئۇچۇرۇپ قويدى.

— ساڭا پاگون يارىشىدۇ! — دېدى ناتالىيە خۇشاللىقىنى يوشۇرماستىن ئېرىگە قاراپ.

ئەمما گرىگورىي سول مۈرىسىگە كۆز قىرى بىلەن قاراپ، بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى:

— مۇشۇ پاگون دېگەن نەرسىنى ئۆمۈر بويى كۆرمەسەم

بولاتتى. سەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسەن.

ئۇلار ئىچكىرىكى ئۆيدە ساندۇقنىڭ ئۈستىدە قول تۇتۇشقان پېتى ئۆزلىرىنىڭ غېمىنى ئويلاپ، ئۈنچىقماستىن يەنە ئۇزاق ئولتۇرۇشتى.

كېيىن گۈگۈم چۈشۈپ، ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ قويۇق بىنەپشە رەڭ سايىسى سوۋۇغان يەرگە چۈشكەندە، ئۇلار ئاشخانىغا كەچلىك تاماققا كىرىشتى.

مانا كېچىمۇ ئۆتتى. تاڭغا قەدەر ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇردى. سۈبھى يورۇغىچە گىلاسلىق باغدا بۇلبۇللار سايراشقا باشلىدى. گرىگورىي ئويغاندى، ئەمما كۆزىنى يۇمۇپ، بۇلبۇلنىڭ يېقىملىق كۈيلىرىگە ئۇزاققىچە قۇلاق سېلىپ ياتتى، كېيىن ناتالىيىنى ئويغىتىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىپ ھويلىغا چىقتى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ جەڭ ئېتىنى بوغۇز بىلەن تويدۇرغاندىن كېيىن ئىلتىپات كۆرسىتىپ:

— قانداق، مەن بۇنى يۈرۈش ئالدىدا دەرياغا ئاپىرىپ چۆمۈلدۈرۈپ كېلەيمۇ؟ — دېدى.

— چۆمۈلدۈرمىسەڭمۇ بولار، — دېدى گرىگورىي سەھەر سالقىنىدىن دولىسىنى قورۇپ.

— ئويقۇڭغا قاندىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى چال.

— ئوبدان ئۇخلىدىم! پەقەت مۇنۇ بۇلبۇللار ئويغىتىۋەتتى. بىر بالا بولدى، ئۇلار كېچىچە سايراپ، ھالى قالمىدى دېگىنە!

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاتنىڭ بېشىدىن توربىنى ئېلىپ، كۈلۈپ قويدى.

— ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى شۇ، يىگىتچەك. بەزى چاغدا، بۇ ئىلاھىي قۇشلارغا ھەۋەسىڭ كېلىدۇ... ئۇلار نە

ئۇرۇشنى، نە خانىۋەيرانچىلىقنى بىلمەيدۇ...

دەرۋازىنىڭ قېشىغا پروخور ئاتىلىپ كەلدى. ئۇ ساقال ـ بۇرۇتىنى يېڭىلا قىرغان بولۇپ، ھەرقاچانقىسىدەك خۇشچاقچاق ۋە سۆزچان ئىدى. چۇۋۇرىنى موما ياغاچقا باغلاپ قويۇپ، گرىگورىينىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ كاناپ رەختتىن تىكىلگەن گىمناستىركىسى سىلىق دەزماللانغان، ئىككى مۈرىسىگە يېپ ـ يېڭى پاگون تاقالغانىدى.

ـــ سەنمۇ پاگونلارنى قادىۋالدىڭمۇ، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ؟ ـــ دەپ توۋلىدى ئۇ يېقىنلىشىپ كېلىپ، ـــ بۇ لەنىتىلەر ساقلىنىپ قاپتىكەن! ئەمدى ئۇلارنى بىز تاقاپ ئەسكىتەلمەيمىز! ھالاك بولۇپ تۈگەشكىنىمىزچە يېتىدۇ! مەن ئايالىمغا: «ئەخمەق، ئۇنى سەن جېنىڭنىڭ بارىچە مەھكەم قادىما! مۇندىقلا ئىلىندۇرۇپ قوي، شامال ئۇچۇرۇپ كەتمىسىلا بولدى!» ـــ دېدىم. ئۇنداق بولمىغاندا بىزنىڭ ئىشىمىز زادى قانداق؟ ئەسىرگە چۈشۈپ قالساق، پاگونىنىڭ بالداقچىسىغا قاراپ جازا بېرىدۇ، مەن ئوفىتسېر مەنسىپىدە بولمىسامىمۇ، چوڭ ئورەدىنىك دېگەن دەرىجەم بار. «ھەي، ئاقچى ـ كۆكچى، سەن ھەربىي خىزمەتنى بىلمەسەنغۇ، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن كاللاڭنى نەگە قويۇشنىمۇ بىل!» ـــ دېيىشىدۇ. پاگونلىرىمنىڭ نەگە ئىسسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردۇڭمۇ؟ قىزىق ئىشلار!

پروخورنىڭ پاگونلىرى راستىنىلا بىر قات يىپ بىلەن تىكىلگەن بولۇپ، ئارانلا ئىلىنىپ تۇراتتى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چار ساقىلىنىڭ ئارىسىدىن ۋاقىت چاڭ سالمىغان ئاپئاق چىشلىرى پارقىراپ تۇراتتى.

ـــ ئاپىرىن، سەندەك جەڭچىگە! ئېھتىمال، كىچىككىنە بىر

ئىش بولۇپ قالسا، — دەرھال پاگوننى يۇلۇپ تاشلايمەن دەپسەن - دە؟

— خۇش، سەن قانداق ئويلىغانىدىڭ؟ — دەپ كۈلۈپ قويدى پروخور.

گرىگورىي كۈلۈمسىرەپ، ئاتىسىغا دېدى:

— كۆردۈڭمۇ، دادا، ئۆزۈمگە قانداق چاپارمەن تېپىۋالغانلىقىمنى؟ مۇنداق ئادەم بىلەن بالاغا يولۇقساڭمۇ، ھەرگىز نابۇت بولمايسەن!

— گېپىڭدىن چىقتىڭ، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ... سەن بۈگۈن ئۆل، مەن ئەتە ئۆلەي دېمەكچى ئىكەنسەن - دە، — دېدى پروخور ئۆزىنى ئاقلاپ، شۇنىڭ بىلەن پاگوننى ئاسانلا يۇلۇۋېلىپ، ئۇنى شارت - شۇرتلا يانچۇقىغا تىقتى، — فرونتقا يېقىنراق بارغاندا، ئۇنى مۇرەمگە تىكىۋالساقمۇ بولىدۇ.

گرىگورىي پاتلا ناشتا قىلىۋالدى؛ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن خەيرلەشتى.

— كۆكنىڭ مەلىكىسى مەريەم ئانا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! — دەپ پىچىرلىدى ئىسىنى يوقاتقان ئىلىنىچنا ئوغلىنى سۆيۈپ تۇرۇپ، — بىزدە يالغۇز سەنلا قالدىڭ...

— بولدىلا، يىراققا ئۇزاتقاندا كۆز يېشى قىلىش ئارتۇقچە. خەير - خوش، سالامەت بولۇڭلار! — دېدى گرىگورىي تىترىگەن ئاۋاز بىلەن، ئاندىن ئېتىنىڭ قېشىغا كەلدى.

ناتالىيە بېشىغا قېيىن ئانىسىنىڭ قارا كەشنىكا رومىلىنى ئارتىپ، دەرۋازىنىڭ تېشىغا چىقتى. باللىرى ئۇنىڭ يوپكىسىنىڭ ئېتىكىدىن تۇتۇۋېلىشقانىدى. پوليۇشكا پەسلىمەستىن ۋارقىراپ يىغلاپ، كۆز يېشىدىن تېلىقىپ، ئاپىسىدىن ئۆتۈنۈپ سورايتتى:

— دادامنى قويۇۋەتمە! قويۇۋەتمىگىن، ئاپا! قويۇۋەتمىگىن، ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كېتىدۇ! دادا، ئۇياققا بارمىغىن!

مىشاتكىنىڭ لەۋلىرى تىترەيتتى، ئەمما ئۇ يىغلىمىدى. ئۇ مەردانىلىك بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، سىڭلىسىغا كايىپ:

— يوق گەپنى قىلما، ئەخمەق! ئۇ يەردە ھەممە ئادەم ئۆلۈۋەرمەيدۇ! — دېدى.

مىشاتكا چوڭ دادىسىنىڭ كازاكلار ھېچقاچاندا يىغلىمايدۇ، يىغلاش — كازاكلارغا تولىمۇ ئۇيات دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىغانىدى. ئەمما ئاتىسى ئاتنىڭ ئۈستىدە راۋۇرۇس ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇنى ئېگەرنىڭ ئۈستىگە دەس كۆتۈرۈپ ئېلىپ، يۈزىگە سۆيگەن چاغدا، دادىسىنىڭ كىرپىكلىرى نەملەنگەنلىكىنى بايقاپ ھەيران قالدى. دەل شۇ چاغدا مىشاتكىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش تامچىلىرى يۇمۇلاشقا باشلىدى! ئۇ ئاتىسىنىڭ يەلكە تاسمىلىرى ئېسىلغان كۆكسىگە بېشىنى تىقىپ، ۋارقىرىدى:

— سوقۇشقا چوڭ دادام بارسۇن! ئۇ بۇ يەردە بىزگە نېمە ئىش قىلىپ بېرىدىكەن!... سېنىڭ بېرىشىڭنى خالىمايمەن!...

گرىگورىي ئوغلىنى ئاستا پەسكە چۈشۈرۈپ قويدى - دە، قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن كۆزىنى ئېرتىپ، ئۈنچىقماستىن ئېتىنى يۈرۈتۈپ كەتتى. جەڭگىۋار ئات تالاي قېتىم بېشىنى بۇراپ، جانىجان پەلەمپەي ئالدىدا توپا چىڭىتىپ، چوڭ يوللار بىلەن ۋە يولسىز دالا ئىچى بىلەن ئۇنى فرونتقا، كازاكلارنى شىكار قىلىپ يۈرگەن قارا ئەجەلنىڭ ئاغزىغا، كازاكلارنىڭ قوشىقىدا ئېيتىلغاندەك: «ھەركۈن، ھەر سائەت مۇسىبەت - بالا ھۆكۈم سۈرگەن» يەرگە ئېلىپ ماڭغانىدى، — مانا گرىگورىي ھېچقاچان يېزىدىن بۈگۈنكى يېقىملىق سەھەردىكىدەك يۈرىكى ئازابلىنىپ، ئېغىر ئەھۋالدا كەتمىگەنىدى.

ئۇ ئېغىر، غەمۋا خىياللار بىلەن كۆڭلى غەش بولۇپ، تەشۋىش ۋە قايغۇ - ھەسرەتكە غەرق بولۇپ، تاكى ئېدىرغا

يەتكۈچە ئارقىسىغا قاراپ قويماستىن، تىزگىنىنى ئېگەرنىڭ قېشىغا ئېلىپ قويۇپ كېلىۋاتاتتى. توپا - تۇمانلىق يول شامال تۈگمىنى تەرەپكە قايرىلىدىغان بۇرۇلۇشقا كەلگەندە ئۇ ئارقىسىغا قارىدى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ناتالىيە يالغۇز تۇراتتى، سەھەرنىڭ سالقىن شامىلى ئۇنىڭ قولىدىن قارا ماتەم رومىلىنى ئۇچۇراتتى.

× ×

شامال توزغاتقان ئاپئاق كۆپۈكتەك بۇلۇتلار كۆك ئاسماننىڭ قەرىدە تىنىمسىز ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئۈپۈقنىڭ دولقۇنلىنىپ تۇرغان جىيىكى ئۈستىدە سەرراپ ئېقىمى چىمىرلاپ تۇراتتى، ئاتلار قەدەملەپ ماڭاتتى. پىروخور ئېگەردە تەۋرىنىپ، ئۈگدەيتتى. گرىگورىي چىشلىرىنى مەھكەم چىشلەپ، پات - پات ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى، باشتا ئۇ توپ - توپ يېشىل سۆگەتلەرنى، دون دەرياسىنىڭ جىمجىمىدار تولغىنىپ ئاققان كۈمۈش بەلبېغىنى، شامال تۈگمىنىنىڭ ئاستا قانات قېقىپ تۇرغان پەررەكلىرىنى كۆردى. كېيىن چوڭ يول جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، چەيلەنگەن زىرائەتلەرنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈش بىلەنلا قىرغاق بويىدىكى ئوتلاق، دون دەرياسى، شامال تۈگمىنى كۆرۈنمەي قالدى... گرىگورىي بىر ئاھاڭنى ئىسقىرتىپ، ئېتىنىڭ ئۇششاق تەر تامچىلىرى قاپلىغان ئالتۇنسىمان جىرەن بويىنغا تىكىلىپ قاراپ، ئەمدىلىكتە ئېگەر ئۈستىدە ئارقىسىغا قايرىلىپمۇ قويمىدى... ئۇرۇش دېگەن قۇرۇپ كەتسۇن! چىر دەرياسى بويىدا جەڭلەر بولدى، دون ياقىسىدىمۇ سوقۇش بولۇپ ئۆتتى، بۇندىن كېيىن خوپىر دەرياسى بويىدا، مېدۋېدىتسادا، بۇزۇلۇكتا گۈمبۈرلەشكە باشلايدۇ. ئاقىۋەتتە، دۈشمەن ئوقى ئۇنى نەدە يەرگە يىقىتسا بەرىبىر ئەمەسمۇ؟ — دېگەن خىيال كۆڭلىدىن كەچتى.

# 9

جەڭ ئۇست ـ مېدۋېدىتسا بازىرىنىڭ بوسۇغىلىرىدا بولۇۋاتاتتى. گرىگورىي يازلىق چېغىر يولدىن گېتمان يولىغا چىقىۋالغاندىن كېيىن زەمبىرەكنىڭ غۇۋا گۈلدۈرلىشىنى ئاڭلاپ قالدى.

چوڭ يولنىڭ ھەممە يېرىدە قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئالدىراش چېكىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تاشلاپ كېتىلگەن ئىككى چاقلىق هارۋا ۋە بىرىچكىلەر كۆپ ئۇچرايتتى، ماتۋېيېق يېزىسىنىڭ نېرىسىدىكى سايدا سىنارەت بىلەن چاق ئوقى سۇنغان، ليولكىسى بۇزۇلغان بىر زەمبىرەك تۇراتتى، بۇ زەمبىرەك هارۋىسىنىڭ ۋالەكلىرىدىكى تاسما قىيىشلار قىيپاش كېسىۋېتىلگەن. سايدىن يېرىم چاقىرىم نېرىدا، شورلۇقتا، ئاپتاپتا كۆيگەن پاكار ئوتلارنىڭ ئۈستىدە ماش رەڭ كۆڭلەك، ماش رەڭ ئىشتان كىيگەن، پاقالچاقلىرىغا ئوبموتكا ئورىغان، تۆمۈر نال قېقىلغان ئېغىر بەتىنكە كىيگەن جەڭچىلەرنىڭ جەسەتلىرى زىنچىدە يېتىشاتتى. بۇلار كازاكلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى قوغلاپ بېرىپ، چېپىپ تاشلىغان قىزىل ئەسكەرلەر ئىدى.

گرىگورىي بۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، غىجىم ـ غىجىم تۈرۈلگەن كۆڭلەكلەردىكى قېتىپ قالغان لەختە ـ لەختە قانغا ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ هالىتىگە قاراپ ئۇلارنى ئاسانلا تونۇدى. ئۇلار گويا چېپىلغان ئوت ـ چۆپتەك يېتىشاتتى. كازاكلار ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەپتۇ، بۇنىڭ سەۋەبى، پەقەت ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشنى توختاتمىغانلىقتىن بولسا كېرەك.

دولانا كۆچىتىنىڭ يېنىدا ئۆلتۈرۈلگەن بىر كازاك ئوڭدى-

سىغا ياتاتتى. كېرىلگەن پۇتلىرىنىڭ يانباشلىرىدا شىمىنىڭ جىيەكلىرى لانىدەك قىزىرىپ كۆرۈنەتتى. يېقىن يەردە قىزىل سىرلىق كونا ئېگەر توقۇلغان توروق ئاتنىڭ ئۆلۈكى سوزۇلۇپ ياتاتتى.

گرىگورىي بىلەن پروخورنىڭ ئاتلىرى ھېرىپ قالغانىدى، ئۇلارنى ئازراق ئوتلىتىش كېرەك ئىدى، ئەمما گرىگورىي يېڭىلا جەڭ بولۇپ ئۆتكەن يەردە توختاشنى خالىمىدى. ئۇ يەنە بىر چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن سايىنىڭ ئىچىگە چۈشتى - دە، ئېتىنى توختاتتى. يېقىنلا بىر يەردە تۇغاننىڭ ياقىسىغىچە سۇ ئېلىپ كەتكەن كۆل كۆرۈنەتتى. پروخور چەتلىرىدىكى تۈپەسى قېتىپ، يېرىلىپ كەتكەن كۆلنىڭ قېشىغا يېقىنلىشىپ كەلدى - دە، ئەمما دەرھاللا ئارقىسىغا قايتتى.

— ھە. نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي.

— ئۆزۈڭ يېقىن بېرىپ، قاراپ باققىنا.

گرىگورىي ئېتىنى تۇغانغا قاراپ ماڭغۇزدى. سۇ كولاپ كەتكەن چوڭقۇراۇقتا ئۆلتۈرۈلگەن بىر ئايال ياتاتتى. يۈزى كۆك يوپكىسىنىڭ ئېتىكى بىلەن يېپىپ قويۇلغانىدى. پاقالچاقلىرى ئاپتاپتا قارايغان، تىزلىرىدا چوڭقۇرچىقى بار سېمىز ئاپئاق پۇتلىرى ئۇياتسىزلارچە ۋە دەھشەتلىك ئىككى ياققا يېرىپ تاشلانغان، سول قولى دۈمبىسىنىڭ ئاستىغا قايرىلغان.

گرىگورىي دەرھال ئاتتىن چۈشتى. فۇراژكىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆلگەن ئايالنىڭ يوپكىسىنى تۈزەپ قويدى. قارامتۇق نەۋجۇۋان سىما ئۆلگەندىن كېيىنمۇ چىرايلىق ئىدى. چەكسىز جاپادىن ئېگىلگەن قارا كامان قاشلىرىنىڭ ئاستىدا چالا يۇمۇلغان كۆزلىرى خىرە پارقىراپ تۇراتتى. خۇش پىچىم يۇملاق ئاغزىنىڭ ئىچىدە مەھكەم قىسىلغان تەكشى چىشلىرى سەدەپتەك پارقىرايتتى. مايسا ئوتقا يېقىتلىق تۇرغان مەڭزىنى بىر تۇتام

مەيىن چىچى يېيىپ تۇرۇپتۇ. ئەجەل ئاللىقاچان زەپىرانىدەك ساپسېرىق ئۇرسىز سايىسىنى تاشلىغان ئاشۇ يۈزنىڭ ئۈستىدە چۆمۈلەر ئۆمىلىشىپ يۈرەتتى.

— ئىتنىڭ بالىلىرى نېمىدېگەن بىر ساھىبجامالنى ھالاك قىلىشقان! — دېدى پروخور ئۈنىنى ئاستا چىقىرىپ.

ئۇ بىر مىنۇتچە ئۈنچىقماي تۇردى، ئۇندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ يەرگە تۈكۈردى.

— مەن مۇنداقلارنى... مۇنداق مەممەدانىلارنى ئېتىپ تاشلىغان بولاتتىم! خۇدا ھەققى، بۇ يەردىن كېتەيلى! بۇ ئايالغا ئەمدى قارىيالمايمەن، يۈرىكىم ئارقىسىغا تارتىشىپ كېتىۋاتىدۇ!

— بەلكى، ئۇنى دەپنە قىلىپ قويارمىز؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي.

— بىزگە نېمە كەپتۇ، ھەممە ئۆلۈكلەرنى كۆمۈش بىزنىڭ زىممىمىزگە يۈكلەنگەنمىكەن؟ — دەپ تېرىكتى پروخور، — ياگودنويىدا بىر بوۋاينى كۆمۈپ قويدۇق، بۇ يەردە بۇ خوتۇننى... ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆمۈۋېرىدىغان بولساق، قولىمىزغا قاپىرىق يېتىشمەي قالار! گۆرنى نېمە بىلەن قازىمىز؟ جەزىرىمە ئىسسىقتا يەر قاغجىراپ، بىر گەزچە تاشتەك قېتىپ كېتىپتۇ، ئۇنى قىلىچ بىلەن كولىيالمايسەن، ئەزىزىم.

پروخور شۇنداق ئالدىرىدىكى، ئۆتۈكىنىڭ تۇمشۇقىنى ئۈزەڭگىگە ئارانلا ساپتى.

ئۇلار يەنە دۆڭگە چىقىشتى، بىر نەرسە توغرۇلۇق قاتتىق خىيال سۈرۈپ كېلىۋاتقان پروخور دەرھاللا سوراپ قالدى:

— بۇ قانداق گەپ، پانتېلېيېۋىچ، يەرگە شۇنچىلىك قان تۆككەنلىكىمىز كۇپايە قىلمامدىكەن؟

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

— سىنىڭ پىكرىڭ قانداق؟ بۇ ئۇرۇش تېز تامام بولارمۇ؟

— بىزنى قىرىپ تاشلاش بىلەنلا تامام بولىدۇ...

— شۇنداق قىلىپ، كۆڭۈللۈك ھايات باشلىنىدى دېگىنە، بۇنىڭدىن شەيتان خۇشال بولىدۇ! بىزنى قىرىپ تۈگەتسە، تېزرەك قىرىپ تۈگەتسە بولاتتى. گېرمان ئۇرۇشىدا بىرى ئۆز بارمىقىنى قەستەن يارىدار قىلىپ، ئۈزۈلدۈرسە، ئۇنى بىر يولىلا ئۆيىگە قايتۇراتتى، ھازىر قولۇڭنى مۈرەڭدىن ئۈزۈۋەتكىنىڭ بىلەنمۇ بەربىر ئەسكەرلىككە سالىدۇ. ھەربىي سەپكە سىڭا قول چولاقنىمۇ ئالىدۇ، توكۇرلارنىمۇ ئالىدۇ، ئالغايلارنىمۇ ئالىدۇ، بوۋاسىرنىمۇ ئالىدۇ، رەزىل، ئەبلەخلەرنىڭ بارىنى ئالىدۇ، پۈت تىرەپ تۇرالىسىلا بولدى. بۇ ئۇرۇش ئاشۇنداق شارائىتتا تامام بولامدۇ؟ ئۇلارنىڭ بارىنى جىن قىرىپ تاشلىسۇن! — پروخور ئۈمىدسىزلىك بىلەن شۇ سۆزنى دېدى-دە، چوڭ يولدىن چىقىپ، ئاتتىن چۈشتى، بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىپ، ئاتنىڭ تۆشىنى بوشىتىشقا كىرىشتى.

× ×

گرىگورىي ئۇست - مېدۋېدىتسكايانىڭ قېشىغا جايلاشقان خوۋانسكى يېزىسىغا كېچىدە يېتىپ كەلدى. يېزىنىڭ چېتىگە قويۇلغان 3 - پولك قاراۋۇللىرى ئۇنى توسۇغان بولسىمۇ، ئەمما كازاكلار ئۆزلىرىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرىنى ئاۋازىدىن تونۇغاندىن كېيىن گرىگورىينىڭ سوئالىغا: دىۋىزىيە شتابى مۇشۇ يېزىدا، شتاب باشلىقى يۈزبېشى كوپىلوف سىزنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، دەپ خەۋەر قىلىشتى. قاراۋۇللارنىڭ گەپكە ئامراق باشلىقى بىر كازاكنى ئاجرىتىپ، گرىگورىينى



دادامنى قويۇۋەتمە! قويۇۋەتمىگىن، ئاپا! ئۇلۇپ كېتىدۇ! دادا ئۇ ياققا بارمىغىن!
(124 — بەتكە)

شتابقا باشلاپ بېرىشنى تاپشۇردى؛ ئاندىن مۇنداق دېدى:

— گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، دۈشمەن قىسىملىرى مۇستەھكەم ئورۇنلىشىۋاپتۇ، شۇڭا بىز ئۈست - مېدۋېدىتسانى تېز ئالالمايدىغان ئوخشايمىز، ئەمما كىم بىلىدۇ... بىزنىڭ كۈچلىرىمىزمۇ يېتەرلىك. ئېيتىشلىرىچە، ئىنگلىز ئەسكەرلىرى موروزوۋسكايادىن كېلىۋاتقانىمىش. سىز بۇنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى گرىگورىي ئېتىنى قوزغىتىۋېتىپ.

شتاب جايلاشقان ئۆينىڭ دېرىزە قاپقاقلىرى مەھكەم يېپىقلىق ئىدى. گرىگورىي بۆلۈملەردە ھېچكىم يوق ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىۋىدى، ئەمما كارىدورغا كىرگەندىن كېيىن گۈدۈڭلىگەن قىزغىن پاراڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. مېھمانخانا ئۆينىڭ تورۇسىغا ئېسىقلىق تۇرغان چوڭ لامپىنىڭ يورۇقى تاشقىرىدىكى قاراڭغۇچىلىقتىن كىرگەن گرىگورىينىڭ كۆزىنى چاقايتىۋەتتى، بۇرنىغا موخۇركا تۈتۈنىنىڭ قويۇق ۋە ئاچچىق ئىسى ئۇرۇلدى.

— خەيرىيەت سەنمۇ كەلدىڭ! — دەپ سۆيۈنۈپ كەتتى كوپىلوف شىرەنىڭ ئۈستىنى قاپلىۋالغان سۇر تاماكا بۇلۇتىنىڭ ئارىسىدىن پەيدا بولۇپ، — سېنى تولا كۈتۈپ تاقەتىمىز تاق بولدى، بۇرادەر!

گرىگورىي ئۆيدىكىلەر بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن شىنىلىنى سېلىپ، فۇراژكىسىنى بېشىدىن ئالدى - دە، شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئوھوي، تاماكىنى تازا چېكىپسىلەر! قانداقمۇ نەپەس ئالالىسۇن كىشى! مەھكەم بېكىنىۋاپسىلەر، دېرىزىنىڭ بىرەرسىنى بولسىمۇ ئېچىۋېتىڭلار! — دېدى ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

كوپىلوف بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرغان خارلامپىي يېرماكوف كۈلۈپ:

بۇرنىمىز تاماكا ئىسىغا ئۆگىنىپ قالغان تۇرسا، بۇنى بىز

سەزمەيمىز - دە، — دېدى ۋە شۇئاندىلا جەينىكى بىلەن دېرىزىنىڭ بىر كۆزنىكىنى تۈرتۈپ، قاپقاقنى چالداققىدە ئېچىۋەتتى.

ئۆيگە كېچىنىڭ ساپ ھاۋاسى غۇيۇلداپ كىردى. لامپىنىڭ يورۇقى لاپ قىلىپ ئۆچۈپ قالدى.

— خوجايىنلىق دېگەن ماناشۇ! نېمىشقا ئەينەكنى سۇندۇردۇڭ؟ — دېدى كوپىلوف نارازى بولۇپ، قولى بىلەن شىرەنىڭ ئۈستىنى ئاختۇرۇپ، — كىمدە سەرەڭگە بار؟ بايقاڭلار، مۇنۇ يەردىكى خەرىتىنىڭ قېشىدا سىيا بار.

لامپىنى يېقىشتى، دېرىزىنىڭ بىر قانىتى يېپىپ قويۇلدى، شۇندىن كېيىن كوپىلوف ئالدىراش سۆز باشلىدى:

— يولداش مېلېخوف، فرونتتىكى ئەھۋال بۈگۈن مانا مۇنداق: قىزىللار تەخمىنەن 4000 مىلتىقلىق ئەسكەر بىلەن ئۇست - مېدۋېدىتسكايانى ئۈچ تەرەپتىن قوغداپ، قولدا تۇتۇپ تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ ئارتىللېرىيەسى بىلەن پىلىموتلىرىنىڭ سانى يېتەرلىك دەرىجىدە. ئىبادەتخانىنىڭ قېشىدا ۋە باشقا بىرقاتار جايلاردا خەندەك كولىغان. دون بويىدىكى ئېگىزلىكلەر شۇلارنىڭ قولىدا. خوش، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىلىرىگە يېقىنلىشىپ بېرىشقا بولامدۇ، دېيىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ھەرھالدا ئۇلارنى ئېگىلەش ئۈچۈن بىر تالاي قىيىنچىلىقلار بار. بىز تەرەپتىن، بۇ يەرگە گېنېرال فىتسخالائۇروۋنىڭ دىۋىزىيەسى بىلەن ئىككى ھۇجۇمچى ئوفىتسېرلار ئەترىتىدىن باشقا، بوگاتىرېۋنىڭ پۈتۈن 6 - بىرىگادىسى ۋە بىزنىڭ 1 - دىۋىزىيىمىز يېتىپ كەلدى. ئەمما بىزنىڭ دىۋىزىيىمىزنىڭ تەركىبى تولۇق ئەمەس، پىيادىلەر پولكى يوق، بۇ پولك تېخىچە ئۇست - خوپېرسكايانىڭ بىر يېرىدە ئىكەن، ئاتلىقلارنىڭ ھەممىسى كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يۈزلۈك پۈلۈن-

ھىلەرنىڭ ئادەملىرى تولۇق كېلىپ بولدى دېيىشكە بولمايدۇ،

— مەسىلەن، مېنىڭ پولكىمنىڭ 3 - بۆلۈمىدە پەقەت 38 كازاك بار، — دېدى 4 - پولكنىڭ كوماندىرى مۇئاۋىن خورۇنجى دۇدارېق.

— بۇرۇن قانچە ئىدى؟ — دەپ سورىدى يېرماكوف.

— بۇرۇن 91 ئىدى.

— سەن بۆلۈمىڭنى ئارىلاپ كېتىشكە قانداقسىگە يول قويدۇڭ؟ سەن قانداق كوماندىرسەن؟ — دېدى گرىگورىي قاپىقىنى تۈرۈپ، بارماقلىرى بىلەن شىرەنى تاكىلدىتىپ.

— ئۇلارنى كىم تۇتۇۋالالايدۇ؟ بالا - چاقىلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن يېزا - يېزىلارغا تاراپ كەتتى. ئەمما ھازىر بىر - بىرلەپ يىغىلىۋاتىدۇ. بۈگۈن ئۈچى كەلدى.

كوپىلوف خەرىتىنى گرىگورىي تەرەپكە سۈرۈپ قويدى، — قىسىملار جايلاشقان يەرنى چىمچىلىقى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز تېخى ھۇجۇمغا كىرىشكىنىمىز يوق. پەقەت بىزنىڭ 2 - پولكىمىز تۈنۈگۈن پىيادە سەپ بولۇپ مۇنۇ ئۇچاستىكىغا ھۇجۇم قىلغانىدى، ئەمما مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇپ چىقتى.

— چىقىم كۆپمۇ؟

— پولك كوماندىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، تۈنۈگۈن بۇ پولكتا ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلار بولۇپ 26 كىشى سەپتىن چىققان. كۈچلەرنىڭ نىسبىتى مانا مۇنداق: سان جەھەتتە بىز ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىمىز، ئەمما پىيادىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن پىلىموت يېتىشمەيدۇ، سنارەتلەرمۇ ئاز. ئۇلارنىڭ تەمىنات باشلىقى ئوق - دورا ئەكىلىش بىلەنلا بىزگە 400 سنارەت ۋە 150 مىڭ پاترون بەرمەكچى بولدى. ئەمما بۇ نەرسىلەر بىزگە قاچان يېتىپ

كېلىدۇ! ئەمما ھۇجۇمنى ئەتىلا باشلاش كېرەك، گېنېرال فىتسىخالائوروفنىڭ بۇيرۇقى ئەنە شۇنداق. ئۇ بىزگە ھۇجۇمچىلارنى قوللاش ئۈچۈن بىر پولك ئاجرىتىشنى تەكلىپ قىلىدۇ، ھۇجۇمچىلار تۈنۈگۈن تۆت قېتىم ئاتاكىغا ئۆتۈپ، زور تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئۇلار ئىنتايىن ماتانەت بىلەن ئېلىشتى! خوش، شۇنداق قىلىپ، فىتسىخالائوروف ئوڭ قاناتنى كۈچەيتىپ، زەربە بېرىشنىڭ مەركىزىنى مۇشۇ يەرگە يۆتكەۋالار، دەيدۇ، قارىمامسەن؟ بۇ يەردە يەر شارائىتى دۈشمەن ئاكوپلىرىغا 100 - 150 سارجىن يېقىنلىشىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. ئېيتماقچى، ئۇنىڭ ئادىيۇتانتى تېخى يېڭىلا كەتتى. ئۇ ئىككىمىزنى ئەتە ئەتىگەن سائەت ئالتىدە ئېچىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى مەسلىھەت يىغىنىغا كەلسۇن، دېگەن ئاغزاكى بۇيرۇقنى ئەكەلگەنىكەن. گېنېرال فىتسىخالائوروف ۋە ئۇنىڭ دىۋىزىيە شتابى ھازىر چوڭ سىنىن يېزىسىدا. ئومۇمىي ۋەزىيەت ھازىر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، دۈشمەنگە ئىسپېرەكوۋ ئىستانىسىدىن قوشۇمچە كۈچلەر يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى دەرھال چېكىندۈرۈپ تاشلاش. دوننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىزنىڭ ئەسكەرلەر ئىشقا ئۈنچىلىك پائال كىرىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ... 4 - دىۋىزىيە خوپېردىن كېچىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما قىزىللار كۈچلۈك قاراۋۇللارنى قويۇپ، تۆمۈريولغا بارىدىغان يولنى قاتتىق تۇرۇپ قوغدىماقتا. ھازىر ئۇلار دوننىڭ ئۈستىگە لەيلىمە كۆۋرۈك سالغان بولۇپ، ئۇست - مېدۋېتسكايادىن ئالدىراشلىق بىلەن ھەربىي ئەسلىھە ۋە ئوق - دورىلارنى توشۇپ ئەكەلمەكتە.

— كازاكلارنىڭ ۋالاقلاشلىرىغا قارىغاندا، ئىتتىپاقداشلار كېلىۋاتقانمىش، راستمۇ شۇ گەپ؟

— چېرنىشېۋسكايادىن ئىنگلىزلەرنىڭ بىرنەچچە باتارېيىسى ۋە تانكىلىرى كېلىۋېتىپتۇ، دېگەن مىش - مىشلەر بار، ئەمما

گەپ مانا مۇنۇڭدا: ئۇلار بۇ تانكىلارنى دونىدىن قانداق ئۆتكۈزىدۇ. مېنىڭچە، تانكا توغرىسىدىكى گەپ پۈتۈنلەي يالغان! بۇ گەپلەر ئۇزۇندىن بۇيان بولۇپ كېلىۋاتىدۇ...

مېھمانخانىنىڭ ئىچىنى ئۇزاققىچە جىمجىتلىق قاپلىدى.

كوپىلوف جىگەرەڭ ئوفىتسېرلىق كەمزۇلىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىپ، قوڭۇر ساقىلى تۈكچىدەك ئۆسكەن ئىڭىكىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن تىرەپ، ئۆچۈپ قالغان پاپىروسىنى خېلى ۋاقىتقىچە چايناپ ئويغا چۆمدى. كەڭ قاڭشالىق يۇمىلاق قارا كۆزلىرى ھارغىنلىقتىن قىسىلغان، چىرايلىق يۈزى ئۇيقۇسىز كېچىلەر بىلەن قورۇلۇپ كەتكەنىدى.

بىر چاغلاردا ئۇ چېركاۋغا قاراشلىق مەھەللە مەكتىپىدە مۇئەللىملىك قىلغانىدى، يەكشەنبە كۈنلىرى بازار سودىگەرلىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا باراتتى، ئايال ساھىبخانىلار بىلەن قارتا سوقاتتى، سودىگەرلەرنىڭ ئۆزلىرى بىلەنمۇ ئاز - تولا پۇل تىكىشىپ پرېفېرانس* ئوينايتتى، گىتارنى ماھىرلىق بىلەن چالاتتى، ئۆزى خۇشخۇي، چىقىشقاق، بەرنا يىگىت ئىدى؛ كېيىن ياشقىنا بىر مۇئەللىمەگە ئۆيلەندى، ئۇ يېزا بازىرىدا شۇ پېتى ھايات كەچۈرۈپ، پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر خىزمەت قىلغانمۇ بولاتتى، ئەمما جاھان ئۇرۇشى باشلانغاندا ئۇ ھەربىي خىزمەتكە چاقىرىلدى. ئۇ يۇنكېرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن غەربىي فرونتقا، كازاك پولكىلىرىنىڭ بىرىگە ئەۋەتىلدى، ئۇرۇش كوپىلوفنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ۋە قىياپىتىنى ئۆزگەرتمىدى. ئۇنىڭ تولۇشقان پاكار بوي - تۇرقىدا، مۇلايىم چېھرىسىدە، قىلىچ تاقاش ئۇسۇلىدا، ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىلىكلەر بىلەن بولغان سۆز - مۇئامىلىلەردە سىلىقلىق ۋە ئاددىي پۇقرالارغا خاس بولغان كەمتەرلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئاۋازىدا

---

* پرېفېرانس — پۇل تىكىشىپ ئوينايدىغان قارتا ئويۇنى.

كوماندا بېرىش ئاھاڭى جاراڭلىمايتتى، گەپ-سۆزلىرىدە ھەر-
بىيلەرگە خاس بولغان سوغۇق قىسقا-قىسقا ئىبارىلەر يوق
ئىدى. ئوفىتسېرلىق كىيىمى ئۇنىڭغا تازا يېپىشىپ تۇرمايتتى،
ئۇ فرونتتا ئۆتكەن ئۈچ يىللىق ھاياتىدا سەپكە تۇرغاندا
يىغىنچاق بولۇش، قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇشنى ئانچە ئۆگىنىپ
كېتەلمىدى؛ بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۇرۇشتا كەم
ئۇچرايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ ھەقىقىي
ئوفىتسېردىن كۆرە، ئوفىتسېر كىيىمىنى كىيىۋالغان سەھرايى ئادەمگە
كۆپرەك ئوخشايتتى، ئەمما شۇنىڭغا قارىماستىن، كازاكلار
ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، شتابتا ئۆتكۈزۈلگەن
كېڭەش يىغىنلىرىدا ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالاتتى ۋە قوزغى-
لاڭچىلار كوماندىرلىرى ئۇنىڭ ئەقلىي-پاراسىتىگە، كۆڭلى
يۇمشاقلىقىغا، ئۇرۇشتا تالاي قېتىم كۆرسەتكەن ھەقىقىي باتۇر-
لۇقىغا يۇقىرى باھا بېرەتتى.

كوپىلوفتىن بۇرۇن گرىگورىينىڭ شتاب باشلىقى
ساۋاتسىز ۋە كالتە پەم خورۇنجى كرۈۋىلىن ئىدى. ئۇ چىر
دەرياسى بويىدا بولغان بىر جەڭدە ئۆلگەندىن كېيىن كوپىلوف
شتاب باشلىقلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئىشنى ماھىرلىق
بىلەن، پەم-پاراسەت ۋە ئىنچىكە ھېساب بىلەن يۈرگۈزدى.
ئۇ بىر زامانلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشق دەپتەرلىرىنى تۈزەت-
كەندەك، ئۇرۇش ئوپېراتسىيە پىلانلىرىنى تۈزۈش ئىشىنى
شتابتا ئەستايىدىللىق بىلەن ئولتۇرۇپ ئىشلەيتتى، ئەمما زۆرۈر
تېپىلغاندا، گرىگورىينىڭ بۇيرۇق سۆزى ئاغزىدىن چىقىشى
بىلەنلا شتابتىكى خىزمەتنى تاشلاپ، ئاتقا مىنەتتى-دە،
پولك كوماندىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئەسكەرلەرنى جەڭگە
ئاپىراتتى.

گرىگورىي باشتا بۇ يېڭى شتاب باشلىقى توغرىسىدا خاتا

پىكىردە بولغانىدى، ئەمما ئىككى ئاي جەريانىدا ئۇنى خېلىلا ئوبدان بىلىۋالدى، بىر كۈن جەڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا تۈپ-توغرىلا مۇنداق دېدى: «كوپىلوف، مەن سېنىڭ ھەققىڭدە يامان ئويدا بولغانىدىم، ئەمدى قارايمەنكى، خاتالاشقان ئىكەنمەن، سەن مۇنداق ئىكەنسەن ئەمەسمۇ، سەن مېنى كەچۈر.» كوپىلوف كۈلۈپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى، ئەمما قوپاللراق بولسىمۇ بۇ ئىقرارىغا كۆڭلىدە مەمنۇن بولدى.

شۆھرەتپەرەسلىك ۋە مۇستەھكەم سىياسىي كۆز قاراشلاردىن خالى بولغان كوپىلوف ئۇرۇشقا قۇتۇلغۇسى بولمايدىغان بىر ئاپەت دەپ قارايتتى ۋە ئۇنىڭ تۈگىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. ئۇ مانا ھازىرمۇ ئۇست-مېدۋېدىتسكايانى ئىشغال قىلىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرىنىڭ قانداق قانات يايىدىغانلىقى توغرۇلۇق ھېچبىر ئويلاپ كۆرگىنى يوق، پەقەت ئۆي ئىچىنى، جانىجان يۇرتىنى ئېسىگە ئېلىپ، قانداق بولمىسۇن ئۆيۈمگە بىر ئايلىق ياكى بىر يېرىم ئايلىق دەم ئېلىشقا بارسام يامان بولماس ئىدى، دېگەننى ئويلايتتى...

گرىگورىي كوپىلوفقا ئۇزاقىچە قاراپ ئولتۇردى، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى.

— خوش، ئاتامانچى بۇرادەرلەر، ئەمدى تارقىلىپ، ئۇخلاڭلار. بىزگە ئۇست-مېدۋېدىتسكايانى قانداق ئېلىش توغرۇلۇق باش قاتۇرۇشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق. ھازىر بىز ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى گېنېراللار ئويلاپ، ھەل قىلىدۇ. ئەتە فىتسخالائوروفنىڭ قېشىغا بارىمىز، بىز بىچارىلەرگە ئاشۇ ئادەم ئەقىل ئۆگىتىپ قويار... 2-پولك توغرىسىدا مۇنداق پىكىردىمەن: ھازىرچە ھاكىمىيەت بىزنىڭ قولىمىزدا — پولك كوماندىرى دۇدارېفنىڭ دەرىجىسىنى ھازىردىنلا تۆۋەنلىتىپ، بارلىق مەنسەپ-ئوردېنلىرىدىن مەھرۇم قىلىش كېرەك...

— يەپ كېلىۋاتقان بىر كىشىلىك شويلىسىدىنمۇ، — دەپ سۆز قىستۇردى يېرماكوف.

— هاي، چاقچاقنى قويۇپ تۇر، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى گرىگورىي، — بۇگۈندىن باشلاپلا ئۇنى يۈزبېشى دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ، خارلامپىيىنى پولك كوماندىرى قىلىپ ئەۋەتىش كېرەك. يېرماكوف، سەن دەرھاللا شۇياققا بار، پولكنى قوبۇل قىلىۋال، ئەتە ئەتىگەن بىزنىڭ بۇيرۇقلىرىمىزنى كۈتۈپ تۇر. دۇدارېفنى ئالماشتۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى كوپىلوف هازىرلا يېزىپ بېرىدۇ، ئۇنى ئالغاچ بارىسەن. مېنىڭ قارىشىمچە، دۇدارېف باشقۇرالمايدۇ. ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا كازاكلارنى يەنە بىر قېتىم زەربە ئاستىدا قويمىسۇن دەيمەن. پىيادىلەر ئۇرۇشى — بۇ شۇنداق ئىشكى، بۇنىڭدا كوماندىر لاياقەتسىز بولسا — ئادەملەرنى ئاسانلا چىقىمغا ئۇچرىتىدۇ.

— توغرا، مەن دۇدارېفنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيمەن، — دېدى كوپىلوف.

— سەن قانداق، يېرماكوف، قارشى ئەمەستۇرسەن؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي، يېرماكوفنىڭ چىرايىدا نارازىلىق ئالامىتى بارلىقىنى سېزىپ.

— ياق، مەندە گەپ يوق. مېنىڭ قېشىمنى مىدىرلىتىشىمغۇ بولمامدىكەن؟

— ئۇنداق بولسا ياخشى. يېرماكوف قارشى ئەمەسكەن. ئۇنىڭ ئاتلىق پولكىنى هازىرچە رەبچىكوف ئېلىپ تۇرسۇن. مىخايلو گرىگورىچ، بۇيرۇقنى ياز، ئاندىن يېتىپ ئۇخلا. سائەت ئالتىدە ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، تەييار بولۇپ تۇر. ئاشۇ گېنېرالنىڭ قېشىغا بارىمىز. ئۆزۈم بىلەن تۆت نۆكەر ئېلىۋالىمەن.

كوپىلوف ئەجەبلىنىپ، قېشىنى كۆتۈردى:

— نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئادەملەرنى ئېلىۋالىسەن؟

— ھەيۋەتلىك بولسۇن ئۈچۈن! بىزمۇ ئۇنداق - مۇنداق كىشى ئەمەسقۇ، دىۋىزىيىگە قوماندانلىق قىلىۋاتىمىز، — گرىگورىي كۈلۈپ مۈرىسىنى ئۈچۈرۈپ قويىدى - دە، شىنېلىنى يەلكىسىگە تاشلاپ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

ئۇ ئاستىغا ئاتنىڭ يوپۇقىنى سېلىپ، ئاياغ كىيىمىنى ۋە شىنېلىنى سالماستىن، سارايىنىڭ پېشايۋىنىدا ياتتى. ھويلىدا نۆكەرلەر ئۇزاققىچە گۇدۇڭلاشتى، يېقىن بىر يەردە ئاتلار پىشقىرىپ، بىر ئۆلچەمدە بېدە چاينىشاتتى. قۇرۇتۇلغان تېزەكلەرنىڭ ۋە كۈندۈزكى ئىسسىقتىن سوۋۇمىغان يەرنىڭ ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى. گرىگورىي ئۆگدەپ يېتىپ، نۆكەرلەرنىڭ ئاۋازىنى ۋە كۈلكىسىنى ئاڭلاپ تۇردى. ئۇلارنىڭ بىرى — ئاۋازىدىن قارىغاندا — ياش يىگىت بولسا كېرەك — ئېتىنى ئېگەرلەۋېتىپ، خۇرسىنىش بىلەن دېدى:

— ھەي، بۇرادەرلىرىم، تازا تويدۇرۇۋەتتىغۇ! كېچىنى كېچە دېمەي، ھۆججەت خالتىسىنى ئېلىپ، يولغا چىقىسەن، نە ئۇيقۇ، نە ئاراملىق يوق... مۇنداق تۇرساڭچۇ ئىبلىس، پۇتۇڭنى تارت! پۇتۇڭنى تارت دەۋاتىمەن ساڭا!..

يەنە بىرى شامال تەگكەن غاراڭ - غۇرۇڭ بوم ئاۋاز بىلەن خىرىگايى ناخشا ئېيتاتتى:

— «ھەي ئەسكەرلىك، بىزار قىلدىڭ، زېرىكىشنى جانغا پاتقۇزدۇڭ، سەرخىل ئاتلىقلىرىمىزنى ئازابلىدىڭ، موللاق ئاتقۇزدۇڭ...» — ئۇ شۇندىن كېيىن سۆزىنى ئەپچىللىك بىلەن يالۋۇرۇشقا ئۆزگەرتىپ، تېز - تېز سۆزلەپ كەتتى، — بىر چېكىم تاماكا بەرسەڭچۇ، پىروشكا! تازا پىخسىقكەنسەنغۇ! مەن ساڭا بىلاۋىن بوسۇغىسىدا قىزىل ئەسكەر بەتىنكىسىنى بەرگەنلىكىمنى ئېسىڭدىن چىقتىمۇ؟ ئۇسال ئادەم ئىكەنسەن! مۇنداق ئاياغنى

باشقا بىرسىگە بەرگەن بولسام، ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇماس ئىدى،
سەندىن بىر چېكىم تاماكا سورىۋېلىشمۇ مۇشكۇل گەپ!

ئات ئېغىزدۇرۇقىنى چايناپ، جىرىڭشىتاتتى، ئۇ كۆكرىكىنى تولدۇرۇپ بىر نەپەس ئالدى ـ دە، تاشتەك قېتىپ كەتكەن قۇرغاق يەرنى تاقىسى بىلەن تاراقشىتىپ يۈرۈپ كەتتى. «ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ... ھەي، ئەسكەرلىك، بىزار قىلدىڭ، زېرىكىشنى جانغا پاتقۇزدۇڭ» ـــ گرىگورىي كۈلۈمسىرەپ، بۇ سۆزنى ئىچىدە تەكرارلىدى ـ دە، شۇئانلا ئۇيقۇغا كەتتى. كۆزى ئىلىنىش بىلەنلا بۇرۇنقى بىر چۈشىنى يەنە كۆردى: قىزىل ئەسكەرلەر بوز دالادا، ھوسۇلى يىغىۋېلىنغان ئېدىر بويلاپ سەپ ـ سەپ بولۇپ كېلىۋاتقانمىش. ئالدىنقى سەپ كۆز يەتكۈدەك يەرگىچە سوزۇلغان. بۇ سەپنىڭ كەينىدە يەنە ئالتە ياكى يەتتە سەپ بار. ھۇجۇم قىلغۇچىلار ئېغىر سۈكۈنات ئىچىدە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتىدۇ، ئادەمنىڭ ئۇششاق قارىلىرى بارغانسېرى ئۆسۈپ، بارغانسېرى چوڭىيىۋاتىدۇ، ئەمدى شۇنداق ئېنىق كۆرۈندىكى، ئۇلار قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ، تېز قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئوق يامغۇرىغا پىسەنت قىلماي ئالغا ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتىدۇ، قولاقچىلىق شەپكە كىيگەن ئادەملەر مىلتىقلىرىنى ئالدىغا تۇتۇپ، ئۈنچىقماستىن ئېغىزلىرىنى كالپايتىپ يۈگۈرۈپ كېلىشىۋاتىدۇ. گرىگورىي تېيىز بىر ئاكوپتا ياتقۇدەكمىش، مىلتىقىنىڭ تەپكىسىنى جان ـ جەھلى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پات ـ پات ئوق چىقىرىدۇ؛ ئۇ ئاتقان ئوقتا قىزىل ئەسكەرلەر ئوڭدىسىغا غۇلاپ چۈشىدۇ. ئۇ يەنە بىر تىزىق ئوقنى بەتلەپ، بىر سېكۇنت ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتىدۇ، شۇنداق قارىسا، ياندىكى ئاكوپلاردىن كازاكلار سەكرەپ چىقىشىۋاتىدۇ. ئۇلار ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، قېچىشىۋاتىدۇ؛ قورقۇنچىلىقتا ئۇلارنىڭ چىرايلىرى پۈرۈشكەن. گرىگورىي يۈرىكىنىڭ قاتتىق سوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ ھەمدە

ۋارقىرايدۇ: «ئۇق ئېتىڭلار! ئەبلەخلەر! نەگە قاچىسىلەر؟ توختا، قاچما!»... ئۇ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايدۇ، ئەمما ئاۋازى ناھايىتى زەئىپ، ئاران ـ ئاران ئاڭلىنىدۇ. ئۇنى ۋەھىمە باسىدۇ! ئۇمۇ چاچراپ تۇرۇپ كېتىدۇ، ئەمدى ئۆرە تۇرۇپ، ئۆز ئۈستىگە ئۈنچىقماستىن ئۇدۇل يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان چوڭ ياشلىق، چىرايى قارىراق قىزىل ئەسكەرنى ئاخىرقى قېتىم ئاتىدۇ، ئەمما ئوقنى تەگكۈزەلمىگەنلىكىنى ئېنىق بايقايدۇ. قىزىل ئەسكەرنىڭ چىرايى قورقۇمسىز، ئىنتايىن جىددىي. ئۇنىڭ ئايىغى يەرگە تەگمەستىن، يەيدەك ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ، قاشلىرى تۈرۈلگەن، شەپكىسى گەجگىسىدە، شىنېلىنىڭ ئىككى پېشىنى بېلىگە قىستۇرۇۋالغان. گرىگورىي يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە بىر لەھزە ئىچىدە سەپسېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى، يۇمران جىڭگىلەك ساقال باسقان ئاق مومدەك مەڭىزلىرىنى كۆرىدۇ، ئۆتۈكىنىڭ كەڭ، كالتا قونچلىرىنى، مىلتىقىنىڭ قارىيىپ تۇرغان ئاغزىنى ۋە يۈگۈرگەندە بېشى ئۈستىدە بىر رىتىمدا تەۋرىنىپ تۇرغان نەيزە ئۇچىنى كۆرىدۇ. گرىگورىينىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەقىلغە سىغمايدىغان بىر قورقۇنچ قاپلايدۇ. ئۇ مىلتىقىنىڭ تەپكىسىنى تارتىدۇ، ئەمما تەپكە بىر نەرسىگە ئىلىنىشىپ قالغانلىقتىن، ئەيۋەشكە كەلمەيدۇ. گرىگورىي نېمە قىلىشىنى بىلمەي، مىلتىقىنىڭ قۇلۇپىنى تىزىغا ئۇرىدۇ، ئەمما ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ! بۇ چاغدا قىزىل ئەسكەر بەش قەدەمچە يەرگە كېلىپ قالغانىدى. گرىگورىي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، قېچىشقا يۈز تۇتىدۇ. ئالدىدىكى تاقىر بوز دالا قېچىپ كېتىۋاتقان كازاكلار بىلەن ئالا-چىپار تۈسكە كىرگەن. گرىگورىي ئارقا تەرىپىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنىنىڭ ھاسىرىغىنىنى ئاڭلايدۇ، ئۆز ئايىغىنىڭ گۈرسىلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئەمما قەدىمىنى تېزلىتىشكە قۇربى يەتمەيدۇ. ئۆزىچە پۈكۈلۈپ كېتىۋاتقان

ئاياغلىرىنى تېزرەك يۈگۈرۈشكە مەجبۇر قىلىش ئۈچۈن قاتتىق كۆچىنىش كېرەك ئىدى. ئاخىر، ئۇ يېرىم ۋەيرانە قاراڭغۇ مازارلىقتا يېتىۋېلىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئەسكى تامدىن ئاتلاپ ئۆتىدۇ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قەبرىلەرنىڭ، قىيسىيىپ قالغان كرېستلەرنىڭ ۋە كىچىك مېھراپلارنىڭ ئارىسى بىلەن قاچىدۇ. ئۇ يەنە بىر كۆچمىگەن بولسا، قۇتۇلۇپ كېتەتتى. ئەمما بۇ چاغدا ئارقىسىدىكى دۈرۈكلىگەن ئاۋاز قاتتىقراق ئاڭلىنىشقا باشلايدۇ. قوغلىغۇچىنىڭ ئىسسىق تىنىقى گرىگورىينىڭ بوينىنى كۆيدۈرگەندەك بولىدۇ ۋە شۇئانلا شىنېلىنىڭ بەلبېغى بىلەن پېشىدىن تۇتۇۋالغانلىقىنى سېزىدۇ. گرىگورىي قاتتىق بىر ۋارقىرايدۇ-دە، ئويغىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ئوڭدا ياتقانىكەن. تار ئۆتۈكتە قىستالغان پۇتلىرى ئويۇشۇپ قالغان، پېشانىسىنى مۇزدەك تەر باسقان، پۈتۈن ئەزاسى كالتەك يېگەندەك ئاغرىپ تۇراتتى. «فۇ، مۇنۇ پالاكەتنى!...»— دېۋەتتى خىرىلداپ چىققان ئاۋازىغا مەمنۇنلۇق بىلەن قۇلاق سېلىپ، ئۆزىنىڭ بايا باشتىن كەچۈرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى— چۈش ئىكەنلىكىگە تېخىچە ئىشەنمەي. شۇندىن كېيىن ئۇ يانغا ئۆرۈلۈپ يېتىپ، بېشىنى شىنېلى بىلەن پۈركىدى-دە، ئىچىدە: ئۇنى يېقىن كەلتۈرۈپ، ئەدەبىنى بېرىش، مىلتىقنىڭ قوندىقى بىلەن بېشىغا سېلىش، شۇندىن كېيىنلا قېچىش لازىم ئىدى... دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككىنچى قېتىم تەكرار كۆرگەن چۈشىنى مۇلاھىزە قىلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يامان چۈش ئىكەنلىكىگە، ھەقىقەتتە بولسا ئۇنىڭغا ھېچقانداق خەۋپ-خەتەر يۈزلىنىپ تۇرمىغانلىقىغا خۇرسەن بولۇپ، بىر مىنۇتچە ھۇزۇرلاندى. ئاجايىپ ھال، چۈشىدە كۆرگەن نەرسە، ئوڭدا كۆرگىنىدىن نېمىشقا ئون ھەسسە قورقۇنچلۇق بولىدىغاندۇ؟ ئۆمرۈمدە تالاي قېتىم مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشكەن بولسام مۇ، ئەزەلدىن مۇنداق قورقۇنچنى

باشتىن كەچۈرمىگەنىدىم! دەپ ئويلىدى ئۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆيۈشۈپ قالغان پۇتلىرىنى راھەتلىنىپ سوزۇپ، ئۇيقۇغا كەتتى.

# 10

تاڭ سەھەردە ئۇنى كوپىلوف ئويغاتتى.

— قوپ، يولغا چىقىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى! سائەت ئالتىدە يېتىپ كەلسۇن دېگەن بۇيرۇق بارغۇ.

شتاب باشلىقى يېڭىلا ساقال-بۇرۇتىنى قىرىپ، ئۆتۈكىنى تازىلاپ، غىجىملانغان پاكىز كەمزۇلىنى كىيىۋالغانىدى. قارىغاندا، ئۇ تازا ئالدىرىغان: «ئىششىغان يۈزىنىڭ ئىككى يېرىنى ئۇستىرا بىلەن كېسىۋاپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ پۈتۈن تەقى-تۇرقىدا بۇرۇن ئۇنىڭغا خاس بولمىغان ئالىيتە چاققانلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

گرىگورىي ئۇنىڭغا باشتىن-ئاياغ سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئىچىدە ئويلىدى: ئالىيتە ياسىنىۋالغىنىنى قارىمامدىغان! گېنېرالنىڭ قېشىغا ئۇچىسىدا نېمە بولسا، شۇنىڭ بىلەن بارغۇسى كەلمەپتۇ!...

كوپىلوف گويا ئۇنىڭ ئوي-پىكرىنى بىلىپ تۇرغاندەك دېدى:

— ئۇنىڭ ئالدىغا جالدۇر-جۇلدۇر بېرىش ياخشى بولماس، ساڭىمۇ ئۆزۈڭنى بىر قۇر تۈزەپ بېرىشقا مەسلىھەت بېرىمەن.

— مىڭ ياسانغان بىلەنمۇ، تالاپ ۋەتۋەرىكىمىزنى چىقىرىدۇ، — دەپ غودۇڭشىپ قويدى گرىگورىي كېرىلىپ تۇرۇپ، — سائەت ئالتىدە كەلسۇن دېگەن بۇيرۇق بار دېدىڭمۇ؟ مانا سەن

بىلەن بىزگە بۇيرۇق بېرىشكە باشلاپتىغۇ؟

كوپىلوف كۈلۈپ قويۇپ، مۈرىسىنى قىستى:

— يېڭى زاماندا يېڭى ناخشا توۋلاش لازىم. دەرىجىسىنىڭ چوڭلۇقىغا قاراپ، بىز ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا مەجبۇرمىز. فىتسىخا-لائوروف بىر گېنېرال، ئۇ بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلمەيدىغۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق. تېرىساڭ ئورارسەن، تىلىسەڭ يېتەرسەن،— گرىگورىي شۇ سۆزنى دەپ، قۇدۇقنىڭ قېشىغا يۇيۇنۇشقا ماڭدى.

شۇ ئارىدا ئۆي ئىگىسى ئايال ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىپ، كەشتىلىك پاكىز لۆڭگە ئاچىقتى-دە، ئۇنى گرىگورىيغا تازىم بىلەن سۇندى. گرىگورىي سوغۇق سۇ بىلەن خىشتەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى لۆڭگىنىڭ ئۇچى بىلەن قەھر بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، قېشىغا كەلگەن كوپىلوفقا دېدى:

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما جاناب گېنېراللار مۇنۇنى ئويلاپ كۆرۈشى لازىم ئىدى: ئىنقىلاب باشلانغاندىن بۇيان خەلق باشقىچە بولۇپ قالدى، يېڭىباشتىن تۆرەلدى دېسىمۇ بولىدۇ! ئۇلار بولسا هامان كونا گەز بىلەن گەزلەيدۇ. قاراپ تۇر، ئۇلارنىڭ گېزى سۇنۇپ كېتىدۇ... ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى بەك تەس. ئۇلار مېڭىسىنى غىچىرلىماسلىق ئۈچۈن هاروا مېيى بىلەن مايلاپ قويۇشى كېرەك ئىدى!

— سەن بۇ سۆزنى نېمە توغرۇلۇق ئېيتىۋاتىسەن؟— دەپ پەرىشانلىق بىلەن سورىدى كوپىلوف يېڭىگە قونغان چاڭنى پۈدەپ تۇرۇپ.

— شۇ توغرۇلۇقكى، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشى كونا پەددىدە ماڭىدۇ. مەسىلەن، مەن گېرمان ئۇرۇشىدىن تارتىپ ئوفىتسېرلىق ئۇنۋانىغا ئىگىمەن: ئۇنى مەن قانىنىڭ بەدىلىگە ئالغان! ئەمما مەن ئوفىتسېرلار ئارىسىغا بېرىپ قالسام، ئۆيدىن يالاڭ ئىشتان بىلەن سوغۇق يەرگە چىقىپ قالغاندەك بولىمەن. ماڭا ئۇلاردىن

شۇنداق سوغۇق ئۇرۇپ تۇرىدۇكى، دۈمبەمنىڭ ھەممە يېرى چىملداپ كېتىدۇ! — گرىگورىي كۆزلىرىنى غەزەپ بىلەن پارقىرىتىپ، ئۆزىمۇ سەزمەستىن ئۈنىنى قاتتىق چىقىرىۋەتتى.

كوپىلوف نارازى ھالدا تۆت ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ پىچىرلىدى:

— ئاستىراق سۆزلە. نۆكەرلەر ئاڭلاپ قالىدۇ.

— ئېيتقىنا، بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ — گرىگورىي ئاۋازىنى بېسىپراق سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاق قاغىمەن. ئۇلاردا ئىككى قول بولسا، مەندە قول ئورنىدا كونا قاداقلاردىن ھاسىل بولغان تۇياق بار! ئۇلار پۇتلىرىنى تاراقشىتىپ ماڭالايدۇ، مەن بىر ياققا بۇرۇلاي دېسەم، ئۈچرىغانلا نەرسىلەرگە ئىلىنىپ قالىمەن. ئۇلاردىن ئەتىر سوپۇن بىلەن تۈرلۈك ئاياللار پەداز مېيىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرسا، مەندىن ئاتنىڭ سۈيدۈكى بىلەن تەرنىڭ ھىدى پۇرايدۇ. ئۇلار ھەممىنى بىلىدىغان ئالىم، مەن بولسام چىركاۋ مەكتىپىنى ئاران تۈگەتكەنمەن. مەن ئۇلارغا بېشىمدىن تاپىنىمغىچە يات ئادەممەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ ئۈچۈن! مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقسام، يۈزۈمگە ئۆمۈچۈكنىڭ تورى ئىلىنىشىپ قالغاندەك بولىدۇ: ئۆزۈمنى شۇنداق بىمەززە، شۇنداق يېقىمسىز ھېس قىلىمەن، پۈتۈنلەي تازىلانغۇم كېلىدۇ، — گرىگورىي لۆڭگىنى قۇدۇقنىڭ ياغاچ جازىسىغا تاشلاپ قويۇپ، چېچىنى سۆڭەك تاغاقنىڭ سۇنۇقى بىلەن تارىدى. قارىقۇمچاق چىرايىدا ئاپتاپ تەگمىگەن پېشانىسى بۆلەكچە ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى، — ئۇلار كونا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چوڭ ئانىسىنىڭ قېشىغا غۇلاپ چۈشكەنلىكىنى چۈشەنگۈسى كەلمەيدۇ! — دېدى گرىگورىي ئەمدى ئاستا سۆزلەپ، — ئۇلار بىزنى زۇۋۇلىسى باشقا خېمىردىن ئۈزۈلگەن، قارىتورۇك ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن چىققان، ئوقۇمىغان ئادەم، ھايۋانغا ئوخشاش ئادەم

دەپ ئويلىشىدۇ. مېنى ياكى ماڭا ئوخشاشلارنى ھەربىي ئىشنى بىزدەك ياخشى ئۇقمايدۇ، دەپ ئويلىشىدۇ. خۇش، قىزىللارنىڭ كوماندىرلىرى كىم؟ بۇدىيوننىي ئوفىتسېرمۇ؟ ئۇ كونا ئەسكەرلەرنىڭ ۋاخمىستىرى، باش شتابنىڭ گېنېراللىرىنىڭ جېنىغا تەگكەن شۇ ئەمەسمۇ؟ ئوفىتسېر پولكلىرىنىڭ ئالغا سىلجىيالماي، بىر جايدا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تۇرۇپ قېلىشى شۇ ئادەمنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەسمۇ؟ گۇسېلىشچىكوف كازاك گېنېراللىرىنىڭ ئىچىدىن چىققان ئەڭ جەڭگىۋار، شۆھرەتلىك گېنېرال: ئۇ مۇشۇ قىشتا ئۇست-خوپېرسكايادىن يالاڭ ئىچ كىيىم بىلەن قېچىپ كەتمىدىمۇ؟ بىلەمسەن، ئۇنى كىم قوغلاپ، رەسۋاسىنى چىقارغان؟ موسكۋالىق بىر سېلىسار ئىشچى — قىزىل ئارمىيىنىڭ پولك كوماندىرى. ئەسىرگە چۈشكەنلەر كېيىنرەك ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن. بۇنى چۈشىنىش كېرەك! بىز ئوقۇمىغان ئوفىتسېرلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە كازاكلارغا ياخشى باشچىلىق قىلالمىدۇقمۇ؟ گېنېراللارنىڭ بىزگە ياردىمى كۆپ بولدىمۇ؟

— قىلغان ياردىمى ئاز ئەمەس، — دەپ مەنىلىك جاۋاب بەردى كوپىلوف.

— بەلكى، كودىنوفقا ياردەم بەرگەندۇ، مەن ھېچكىمنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولماي، قىزىللارغا زەربە بېرىپ كەلدىم، باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالغىنىممۇ يوق.

— ئۇنداق بولسا، سەن ھەربىي ئىشلار ئىلمىنى ئىنكار قىلامسەن؟

— ياق، مەن پەننى ئىنكار قىلمايمەن. ئەمما، بۇرادەر، بۇ دېگەن ئۇرۇشتا ئەڭ مۇھىم نەرسە ئەمەس.

— خۇش، قايسى مۇھىم، پانتېلېيېۋىچ؟

— گەپ نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشقا بارىدىغانلىقىڭدا...

— ھەي، بۇ باشقا گەپقۇ... — دېدى كوپىلوف ئېھتىيات

بىلەن كۈلۈپ، — ئەلۋەتتە، ئۆز-ئۆزىدىن چۈشىنىشلىككى،... بۇ ئىشتا غايە — ئاساسىي ئورۇندا. پەقەت نېمە ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدىغان ئادەملا ۋە ئۆز ئىشىغا ئىشەنىدىغان ئادەملا غەلىبە قازىنالايدۇ. دۇنيا قانچىلىك قەدىمكى نەرسە بولغىنىدەك، بۇمۇ ئۇزاقتىن بۇيان كېلىۋاتقان ھەقىقەت. بۇ ھەقىقەتنى مەن كەشپ قىلدىم دېگىنىڭ بىكار. مەن كونا زامان تەرەپدارىمەن، مەن ئەزگۈ كونا زاماننى ياقلايمەن. ئۇنداق بولمىغاندا، مەن نەلەرگىدۇر سوقۇشقا بېرىش ئۈچۈن بىر تال بارمىقىمنى مىدىرلاتمىغان بولاتتىم. بىز بىلەن بىللە ماڭغانلارنىڭ ھەممىسى — ئۆزلىرىنىڭ كونا ئىمتىيازىنى قورال كۈچى بىلەن ساقلاپ قالىدىغان، توپىلاڭ چىقارغان خەلقنى باسىدىغان ئادەملەر، مانا شۇ بېسىقتۇرغۇچىلارنىڭ قاتارىغا سەن بىلەن ئىككىمىزمۇ كىرىمىز، ئەمما مەن سېنى، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، ئۇزاقتىن بۇيان سىناپ، كۆز سېلىپ يۈرسەممۇ، ھېچ چۈشىنەلمەيۋاتىمەن...

— كېيىن چۈشىنىسەن. قېنى، يولغا چىقايلى، — گرىگورىي سۆزىنى توختاتتى-دە، لاپاس تەرەپكە ماڭدى.

گرىگورىينىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئۆي ئىگىسى ئايال ئۇنىڭغا مۇلازىمەت كۆرسەتمەكچى بولۇپ:

— بەلكى، ئازراق سۈت ئىچىۋالارسىز؟ — دېدى.

— رەھمەت، ئانىكا، سۈت ئىچىشكە ۋاقتىم يوق، كېيىن ئىچەرمىز.

× ×

پروخور زىكوف لاپاسنىڭ ئالدىدا خولۇپلىتىپ كاسىدىن قېتىق ئىچىۋاتاتتى. ئۇ ئېتىنى يېشىۋاتقان گرىگورىيغا كىرپىك

قاقماستىن قاراپ تۇردى. كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ سورىدى:

— يىراققا بارامسەن؟ مەنمۇ بارامدىمەن سەن بىلەن؟

گرىگورىينىڭ زەردىسى قايناپ، قەھر بىلەن دېدى:

— ۋوي، مەرەز، سەن ئۆز خىزمىتىڭنى بىلمەمسەن؟ ئات نېمىشقا باغلاقلىق تۇرىدۇ؟ ئاتنى ماڭا كىم تەييارلاپ بېرىدۇ؟ نان قېپى! يەيسەن - يەيسەن، تويمايسەن! قېنى، قوشۇقنى تاشلا! ئىنتىزامنى بىلمەمسەن!... لەنتى!

— سەن نېمە چېچىلىسەن؟ — دەپ غودۇڭشىدى پروخور كۆڭلى رەنجىپ، ئېگەرگە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، — ۋارقىرىغىنىڭنىڭ ھەممىسى بىكار. سېنىڭ قانات قېقىشىڭمۇ چاغلىق! يولغا چىقىش ئالدىدا ئازراق نەرسە يېۋېلىشىمغا بولمامدىكەن؟ نېمانچە غوۋغا كۆتۈرىسەن؟

— غوۋغا كۆتۈرگەن بولسام، كاللامنى ئېلىۋېتەتتىڭمۇ، پوق قورساق؟ سەن مەن بىلەن قانداقىسىغا سۆزلىشىۋاتىسەن؟ ھازىر گېنېرالنىڭ قېشىغا كېتىۋاتىمىز. ئۆزۈڭگە پەخەس بول، جۇمۇ!... ئۇنداق بولمىغاندا سەن بۇرادەرچىلىككە تولىمۇ ئۆگىنىپ قالغانىدىڭ!... مەن سېنىڭ كىمىڭ بولىمەن؟ بەش قەدەم كەينىمدە ماڭ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى گرىگورىي دەرۋازىدىن چىقىۋېتىپ.

ئۇ پروخور ۋە قالغان ئۈچ نۆكەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، كوپىلوف بىلەن ياندىشىپ ماڭدى - دە، بايىقى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىستىھزا بىلەن سورىدى:

— خوش، سەن نېمىشقا چۈشەنمەيسەن ياكى مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ قويايمۇ؟

كوپىلوف گرىگورىينىڭ تەلەپپۇزىدىكى ئىستىھزانى سەزمەي، جاۋاب قايتۇردى:

— مەن سېنىڭ بۇ ئىشتىكى مەيدانىڭنى چۈشەنمەيمەن،

گەپ مانا شۇ! بىر تەرەپتىن، سەن كونىلىقنى ياقلايدىغان كۆرەشچىسەن، يەنە بىر تەرەپتىن، قانداقتۇر، سۆزۈم قوپال بولسا كەچۈر، قانداقتۇر بولشېۋىكتەك كۆرۈنىسەن.

— مېنىڭ بولشېۋىكلىقىم قېنى قەيەردە؟ — گرىگورىي قاپىقىنى تۈرۈپ، ئېگەردىن ساپچىپ كەتتى.

— مەن سېنى بولشېۋىك دەۋاتمايمەن، بولشېۋىكقا ئوخشاپ كېتىدىكەنسەن دېدىم.

— بەرىبىر، ئوخشاشلىقىم نەدە؟ ئېيتقىنا.

— سېنىڭ ئوفىتسېرلار جامائەتچىلىكى توغرىسىدىكى ۋە ئۇلارنىڭ ساڭا بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلىرىڭدە ئىپادىلىنىدۇ. سەن بۇ كىشىلەرنىڭ زادى نېمە قىلىشىنى خالايسەن؟ ئومۇمەن ئۆزۈڭ نېمە قىلىشنى خالايسەن؟ — كوپىلوف ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، قامچىسىنى ئوينىتىپ سورىدى. ئۇ ئارقىسىدا بىرنەرسە توغرۇلۇق قىزغىن پىكىرلىشىۋاتقان نۆكەرلەرگە قاراپ قويۇپ، قاتتىقراق سۆزلەشكە باشلىدى، — ئۇلارنىڭ سېنى تەڭ ھوقۇقلۇق ئادەم سۈپىتىدە ئۆز ئارىلىرىغا ئالمىغانلىقى، ساڭا تەكەببۇرلۇق بىلەن قارايدىغانلىقى ساڭا ئەلەم قىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆز نۇقتىئىنەزەرى بويىچە توغرا، بۇنى چۈشىنىش لازىم. دۇرۇس، سەن ئوفىتسېرسەن، ئەمما ئوفىتسېرلار ئارىسىدا ئىنتايىن تاسادىپىي ئۇچرايدىغان ئوفىتسېرسەن. ھەتتا ئوفىتسېرلىق پاگونىنى تاقاپ يۈرگىنىڭ بىلەنمۇ، مېنى كەچۈر، سەھرايى كازاكسەن. ئەدەبلىك مۇئامىلىلەرنى بىلمەيسەن، سۆزلەرنى توغرا ئىشلىتەلمەيسەن ھەم قوپال سۆزلەيسەن، تەربىيە كۆرگەن ئادەملەرگە خاس بولغان زۆرۈر سۈپەتلەرنىڭ ھېچقايسى سەندە يوق. مەسىلەن، مەدەنىي ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قول ياغلىق تۇتۇشنى ئادەت قىلغان بولسا، سەن بۇنىڭ ئورنىغا ئىككى بارمىقىڭ بى-

لەن بۇرنۇڭنى قاقسەن، تاماق يەۋاتقان چاغدا قولۇڭنى گاھ ئۆتۈكۈڭنىڭ قونچىغا سۈرتسەن، گاھ چېچىڭنى سىيلايسەن، يۈيۈنغاندىن كېيىن يۈزۈڭنى ئاتنىڭ يوپۇقىغا ئېرتىشتىن يېرگەنمەيسەن. تىرنىقىڭنى چىشىڭ بىلەن چىشلەپ ئالىسەن ياكى قىلىچنىڭ ئۇچى بىلەن قىرقىپ چۈشۈرىسەن. ياكى يەنىمۇ ياخشىراقى: ئېسىڭدەمۇ، قىش ۋاقتى سەن كارگىنىسكايادا ئېرىنى كازاكلار قولغا ئالغان بىر ئوقۇغان مەدەنىي ئايال بىلەن سۆزلىشۋېتىپ، ئىشتىنىڭنىڭ تۈگمىسىنى ئەتتىڭ، شۇ چاغدا مەنمۇ بار ئىدىم...

— دېمەك، ئىشتىنىمنىڭ تۈگمىسى ئېتىلمەي تۇرۇۋەرگەن بولسا ياخشى بولاتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي ئىزا تارتقان هالدا كۈلۈمسىرەپ.

ئۇلارنىڭ ئاتلىرى يانىمۇ يان قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتى، گىرىگورىي كوپىلوفنىڭ سەمىمىي چىرايىغا كۆز قىرى بىلەن نەزەر تاشلاپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئاغرىنىسمۇ، قۇلاق سېلىپ باراتتى.

— گەپ بۇنىڭدا ئەمەس! — دېدى كوپىلوف ئەپسۇسلانغان هالدا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ئومۇمەن سەن ئىشتانچاق، يالىڭاياق هالدا شۇ ئايالنى قانداقمۇ قوبۇل قىلغانسەن؟ سەن هەتتا كەمزۇلۇڭنى يەلكەڭگە تاشلاپ قويەمدىڭ، بۇ ئېسىمدە ياخشى تۇرۇپتۇ! بۇلارنىڭ هەممىسى، ئەلۋەتتە، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار، لېكىن سېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ... ساڭا نېمە دېسەم بولار...

— ئاددىيراق قىلىپ سۆزلىسەڭچۇ!

— خۇش، بۇ سېنىڭ تولىمۇ نادان ئادەم ئىكەنلىكىڭنى كۆرسىتىدۇ. قانداق سۆزلەيدىغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ دەهشەت! «كۋارتىرا» سۆزىنى «فاتېرا» دەيسەن، «ئېۋاكۇئىرووۋاتسە» سۆ-

زىنى «ئېكۇرىۋاتــسە» دەپ تەلەپپۇز قىلســەن، «ئارتىلــلېرىيە» دېيىشىنىڭ ئورنىغا «ئانــتىلىرىيە» دەيســەن. ھــەمــمــە ســاۋاتسىز كىشىلەرگە ئوخشاش، چەت ئەلنىڭ جاراڭلىق سۆزلىرىگە سەن تو- لىمۇ خۇشتار، ئۇلارنى سەن كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىۋېرىسەن، بۇزۇپ رەسۋا سۆزلەيسەن، شتــابنىڭ كېڭەشــمىلىرىــدە بــىــرى مەخسۇس ھەربىي ئاتالغۇلاردىن «دىسلوكاتسىيــە»، «فــورسىرووۋا- نىيە»، «دىسپوزىتسىيە»، «كونسېتراتسىيە» ۋە شۇنىڭغا ئوخــشــاش سۆزلەرنى ئىشلەتسە، سۆزلىگۈچىگە زوق بىلەن قاراپ قالســەن، ھەتتا ھەسەت بىلەن قارايسەن دېسەممۇ بولىدۇ.

— ئەمدى بۇ سۆزۈڭ يالغان بولۇپ قالدى!— دەپ ۋارقىرىۋەت- تى گرىگورىي، شۇنىڭ بىلەن چىرايىدىن غىل ـ پاللا بىر جان- لىنىش ئىپادىسى جىلۋىلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئېتىنىڭ قۇلاق- لىرى ئارىسىنى سىيلاپ، يايلى ئاستىدىكى يىپەكتەك يۇمشاق ئىل- لىق تېرىنى قاشلاپ تۇرۇپ، — قېنى، سۆزلەۋەر، كوماندىرىڭنىڭ ئەدەبىنى بەر! — دېدى.

— قۇلاق سال، نېمىشقا ئەدەبىڭنى بېرىدىكەنمەن؟ ساڭــا شۇ نەرسە روشەن بولسۇنكى، سەن بۇ تەرەپتىن بەك بىچارىسەن. ئاندىن كېيىن سەن ئوفتسېرلار ماڭا باراۋەر مۇئامىلــە قىلمــاي- دۇ، دەپ رەنجىيسەن، ئەدەبلىك ۋە ساۋاتلىق مــەســلــلىرــدە سەن ئاددىيسى بىر ھاماقەت! — كوپىلوف كۆتۈلمىگەندە ئاغزىغا كې- لىپ قالغان قوپال سۆزنى ئېيتىپ سالدى ـ دە، قورقۇپ كــەت- تى، ئۇ گرىگورىينىڭ غەزىپى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدى- غانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنى سەكرەپ كېتــەرمىكىن دەپ ئەن- دىشە قىلدى، ئەمما گىرىگورىيغا ئىپپىدە قاراپ، كۆڭلى جايىغا چۈشتى: چۈنكى، گرىگورىي ئېگەرنىڭ ئۈستىدە ئارقىسىغــا قاتــ- يىپ، بۇرۇتى ئاســتــىدىن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ، خــىخىلداپ كۈلۈۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، كوپىلوفقا ئۆزىنىڭ قىلىپ قــويغان

سۆزى كۆتۈلمىگەن نەتىجىنى بەرگىنىدەك، گرىگورىينىڭ كۈلكىسىمۇ شۇنداق زوق بېغىشلىدىكى، ئۇ ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى، — مانا قارا، سېنىڭ ئورنىڭدا باشقا بىر ئەقىللىق ئادەم بولغان بولسا، بۇنداق قاتتىق سۆزدىن يىغلىغان بولاتتى، ئەمما سەن كىشنەپ قويدۇڭ... ھەي، سېنى كىممۇ تەنتەك دېمەس؟

— خوش، سەن مېنى ھاماقەت دېدىڭمۇ؟ مەيلى، سىلەرمۇ ئۆز يولۇڭلار بىلەن مېڭىۋېرىڭلار! — دېدى گرىگورىي كۈلكىسى توختىغاندىن كېيىن، — سىلەرنىڭ سىلىق مۇئامىلىرىڭلارنى ۋە ئەدەبلىكىڭلارنى ئۆگىنىشنى خالىمايمەن. ماڭا ئوخشاش ئۆكۈزنىڭ يېنىدا يۈرىدىغان ئادەمگە ئەدەبلىك بولۇش، نازاكەتلىك بولۇشنىڭ كېرىكى يوق. خۇدا نېسىپ قىلسا — تىرىك بولسام — ئۆكۈزلەر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرەرمەن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا پۈتۈمنى جۈپلەپ تازىم قىلىپ: «ھەي، يېقىنراق تۇرسىڭىزكەن، سىز قاشقا باش! ئەپۇ قىلىڭ مېنى، سىز ئالىچېپار!① بويۇنتۇرۇقىڭىزنى تۈزەپ قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭ! مەرھەمەتلىك تەخسىر، ئۆكۈز جانابلىرى، تاپىنى بۇزماسلىقىڭىزنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن!» — دېيىشكە توغرا كەلمەس. ئۇلارغا قىسقىراق قىلىپ: «ھوش - كە، ھوش تاپ!» — دەپ ئېيتارمەن.» مانا بۇ ئۆكۈزلەر دىسكلوكاتسىيەسى.

— دىسكلوكاتسىيە ئەمەس، دىسلوكاتسىيە!② — دەپ تۈزىتىپ قويدى كوپىلوف.

— خوپ، دىسلوكاتسىيە بولسۇن، ئەمما مەن بىر مەسىلىدە سەن بىلەن كېلىشەلمەيمەن.

— قايسى مەسىلىدە؟

---

① قاشقاباش، ئالىچېپار — كالىنىڭ لەقىمى.

② دىسلوكاتسىيە — ئەسكەرلەرنىڭ مەلۇم جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى.

— مېنى هاماقەت دېگىنىڭگە قوشۇلالمايمەن. سىلەر مېنى ها-
ماقەت كۆرسىلەر، توختاپ تۇر، ئازراق تەخىر قىل، مەن قىزىل-
لار تەرەپكە ئۆتسەم، ئۇ يەردە ئەقىللىق بولۇپ قالىمەن. ئۇ
چاغدا ئەدەبلىك، بىلىملىك هارام تاماقلار مېنىڭ قولۇمغا چۈ-
شۈپ قالماڭلار، جۇمۇ! يۈرىكىڭنى ئۈچەي - باغرىڭ بىلەن
قوشۇپ سۇغۇرۇۋالىمەن! — دېدى گرىگورىي چاقچاق ئارى-
لاش جىددىيلىك بىلەن، ئاندىن ئېتىنى تۈرتكىلەپ، بىردىنلا چوڭ
يۈرۈشكە سالدى.

دون بويىدىكى سەھەر شۇنداق نەپىس سۈكۈنات پەردىسى-
گە ئورالغانكى، ھەتتا تىرىك قىلغان تاۋۇش شۇ سۈكۈناتنى بۇزۇپ،
ئەكس سادا بېرەتتى. دالادا يالغۇز سوپى تورغاي بىلەن
بۆدۈنىلەرلا ھۆكۈم سۈرەتتى، ئەمما چېگرىداش يېزىلاردا ئۈزلۈك-
سىز غۇۋا بىر شاۋقۇن ئاڭلىناتتى، بۇنداق شاۋقۇن ئادەتتە
يىرىك ھەربىي قىسىملار بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا يۆت-
كەلگەندە بولاتتى. كاتتا يوللاردا زەمبىرەكلەر بىلەن
ئوق - دورا ساندۇقلىرى بېسىلغان هارۋىلارنىڭ چاقلىرى
گۈلدۈرلەيتتى، قۇدۇقلارنىڭ بېشىدا ئاتلار كىشنەيتتى، يېزىلار-
دىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پىيادىلەر بۆلۈنمىلىرىنىڭ بىر تىكنس،
يۇمشاق، شىپىر - شىپىر قەدەم تاشلىشىنى ئېشىتىلەتتى، ئالدىن-
قى سەپكە قورال - ياراغ، ئوق - دورا توشۇۋاتقان پۇقرالار-
نىڭ يېنىك بىرىچكا ۋە ئېغىر يۈك هارۋىلىرى تاراقلايتتى؛ دالا
ئاشخانىسىنىڭ يېنىدىن تازا كۆپۈپ پىشقان سېۋكىنىڭ، لاۋۇر
دەرىخى ياپرىقى بىلەن پىشۇرۇلغان گۆشلۈك بوتقىنىڭ ۋە ئىسسىق
ناننىڭ مەززىلىك پۇرىقى تارىلاتتى.

ئۇست - مېدۋېدىتسكايانىڭ نەق بېقىنىدا پات - پات
مىلتىق ئوقلىرى تاراسلايتتى. ئاندا - ساندا توپ ئوقلىرى ئېرىن-

چەكلىك بىلەن بوم ـ بوم ئېتىلىپمۇ قالاتتى. جەڭ يېڭىلا باشلانغان.

گېنېرال فىتىسخالائوروف ئەتىگەنلىك تامىقىنى يەۋاتقاندا يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئازغۇن چىراي بىر مۇھاپىزەتچى كىرىپ:

— قوزغىلاڭچىلار 1 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى مېلېخوف بىلەن دىۋىزىيە شتاب باشلىقى كوپىلوف كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— مېنىڭ خانامغا كىرسۇن، — فىتىسخالائوروف تۇخۇم شاكىلىغا تولغان تەخسىسىنى تومۇرلىرى پولتىيىپ تۇرغان يوغان قولى بىلەن نېرى ئىتتىرىپ، ئالدىرىماستىن بىر ئىستاكان يېڭى سۈتنى ئىچتى ـ دە، سالفېتكىنى ئەپچىللىك بىلەن قاتلاپ، شىرەنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بويى بىر سارجىن كېلىدىغان، قېرىلىقتىن ئۆزىنى ئاران كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان خام سېمىز بۇ گېنېرال ئىشىكنىڭ ماڭلايلىرى قىيسايغان، دېرىزىلىرى گۇڭگا بۇ كىچىككىنە كازاك ئۆيىدە ئىنتايىن يوغان كېلىپ قالغانىدى. گېنېرال سۆپەتلىك تىكىلگەن مۇندىرىنىڭ تىك ياقىسىنى مېڭىپ كېتىۋېتىپ تۈزەپ، كاڭ ـ كاڭ يۆتىلىپ، ياندىكى ئۆيگە چىقتى، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان كوپىلوف بىلەن گرىگورىيغا سەلاملىشىنى ئېگىپ قويدى ـ دە، قولىنى بەرمەستىن، ئىما ـ ئىشارە بىلەن ئۇلارنى شىرەنىڭ يېنىغا تەكلىپ قىلدى.

گرىگورىي، قىلىچىنى تۇتقان پېتى ئورۇندۇقنىڭ چېتىگە ئولتۇردى ـ دە، كوپىلوفقا كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويدى.

فىتىسخالائوروف ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ۋېنا ئورۇندۇقنى غىچىرلىتىپ گۆسسىدە ئولتۇردى، ئاندىن شادىپاچاقلىرىنى پۈكتى ـ دە، يوغان قوللىرىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، پەس يوغان ئاۋاز بىلەن سۆز باشلىدى:

— جانابىي ئوفىتسېرلار، مەن سىزلەرنى بەزىبىر مەسىلىلەرنى كېلىشىۋېلىش ئۈچۈن چاقىرغانىدىم... قوزغىلاڭچىلارنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئاياغلاشتى! سىلەرنىڭ قىسىملىرىڭلار مۇستەقىل بىر پۈتۈن قوشۇن سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن توختايدۇ، ئەسلىدە ئۇلار بىر پۈتۈن قوشۇنمۇ ئەمەس ئىدى، ساختا نەرسە ئىدى. ئۇلار دون ئارمىيىسىگە قوشۇلىدۇ. بىز پىلانلىق ھۇجۇم قىلىشقا كۆچتۇق، بۇنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئالىي قوماندانلىقنىڭ بۇيرۇقلىرىغا شەرتسىز بويسۇنىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. جاۋاب بېرىڭچۇ، تۈنۈگۈن سىزنىڭ پىيادىلەر پولكى ھۇجۇمچى باتالىئونىنىڭ ھۇجۇمىغا نېمىشقا يار - يۆلەكتە بولمىدى. پولك نېمىشقا مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا پىسەنت قىلماستىن، ئاتاكىغا چىقىشتىن باش تارتتى؟ سىلەرنىڭ ئاتالمىش دىۋىزىيىڭلارنىڭ كوماندىرى كىم؟

— مەن، — دەپ جاۋاب بەردى گرىگورىي پەس ئاۋاز بىلەن.

— مالال كەلمىسە، مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ باقسىڭىزچۇ!

— مەن دىۋىزىيىگە تېخى تۈنۈگۈن كەلدىم.

— سىز نەگە بارغانىدىڭىز؟

— ئۆينى يوقلاپ كېلىشكە بارغانىدىم.

— دىۋىزىيە كوماندىرى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرى ۋاقتىدا ئۆيىدە مېھمان بولۇپ يۈرەمدۇ؟ دىۋىزىيىنىڭ ئىچى پاتا - قوچۇم بولۇپ كەتكەن! باشباشتاقلىق! ئىنتىزامسىزلىق! — گېنېرالنىڭ بوم ئاۋازى كىچىككىنە تار ئۆيدە بارغانسېرى قاتتىقراق گۈلدۈرلەپ چىقىشقا باشلىدى؛ ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا ئاديۇتانتلار پىچىرلىشىپ، كۈلۈشۈپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ يۈرۈشەتتى؛ كوپىلوفنىڭ ئىككى مەڭزى بارغانسېرى ئاقىرىپ، چىرا-

يىدا قان قالمىدى، ئەمما گرىگورىي گېنېرالنىڭ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن چىرايىغا، ئۇنىڭ قاتتىق تولغۇلىگەن مۇشتىغا قاراپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان بىر قەھر - غەزەپ ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

فىتسىخالائۇروف تۇيۇقسىز لىككىدە ئورنىدىن تۇردى، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، ۋارقىرىدى:

— سىلەر مۇنتىزىم ھەربىي قىسىم ئەمەس، قىزىل گۋاردىيىنىڭ قالدۇق قۇيرۇقلىرى!... كازاك ئەمەس، ئەسكى - تۇسكى چۆپرەندىلەر! جانابىي مېلېخوف، سىزنىڭ دىۋىزىيىگە قوماندانلىق قىلىش لاياقىتىڭىز يوق، مالاي سولدات بولسىڭىز مۇۋاپىق!... ئۆتۈك تازىلاڭ! ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ بۇيرۇق نېمىشقا ئورۇندالمىدى؟! ئەسكەرلەرنىڭ ئاممىۋى يىغىنى ئۆتكۈزۈلمىگەنلىكتىنمۇ؟ مۇھاكىمە قىلىنمىغانلىقتىنمۇ؟ ئېسىڭىزدە بولسۇن: بۇ يەردە سىزلەرنىڭ يولداش دەيدىغىنىڭىزلار يوق، بىز بولشېۋىكلارنىڭ تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا يول قويمايمىز!... يول قويمايمىز!...

— مەن سىزنىڭ ماڭا ۋارقىرىماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن! — دېدى گرىگورىي بوغۇق ئاۋاز بىلەن ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئورۇندۇقنى پۇتى بىلەن نېرى ئىتتىردى.

— نېمە دېدىڭىز؟ — فىتسىخالائۇروف شىرەنىڭ ئۇستىدىن بويىنىنى سوزۇپ، غەزەپتىن ھاسىراپ، خىرىلداپ قالدى.

— ماڭا ۋارقىرىماسلىقىڭىزنى سورايمەن! — دەپ تەكرارلىدى گرىگورىي ئۈنىنى قاتتىقراق چىقىرىپ، — سىز بىزنى بۇ يەرگە مەسىلە ھەل قىلىش ئۈچۈن چاقىردىڭىز...، — بىر سېكۇنت ئۈنچىقماي، پەسكە قارىدى - دە، فىتسىخالائۇروفنىڭ قولىدىن كۆزىنى ئۈزمەستىن، ئاۋازىنى پەسلىتىپ، دېيەرلىك پىچىرلاپ سۆزلىدى، — ئەگەر سىز، جانابىي ئالىيلىرى، ماڭا چېچىلىقىڭىزنى تەگكۈزۈشكە ئورۇنۇپ كۆرسىڭىز، ئۇ چاغدا

مەن جايىڭىزدىلا چېپىپ تاشلايمەن!
ئۆيىنىڭ ئىچى شۇنچىلىك جىمجىت بولۇپ قالدىكى،
فىتىسخالائوروفنىڭ ھاسىراپ نەپەس ئالغانلىقى ئېنىق ئاڭلىنىپ
تۇراتتى. سۈكۈنات بىر مىنۇتچە داۋام قىلدى. ئىشىك سەل - پەل
غىچىرلىدى، قورقۇپ كەتكەن ئادىيۇتانت ئۇنىڭ يوچۇقىدىن قا-
راپ قويدى. ئىشىك يەنە ئېھتىيات بىلەن يېپىلدى. گرىگورىي
قىلىچىنىڭ سېپىدىن قولىنى ئاجراتمىغان پېتى تۇراتتى، كوپىلوف-
نىڭ تىزلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس دىر - دىر تىترەيتتى، كۆز-
لىرى تامنىڭ بىر يېرىگە ئالىچەكمەن بولۇپ قاراپ قالغانىدى. فىتىس-
خالائوروف ئورۇندۇققا لاسسىدە ئولتۇردى، قېرىلارچە ئۇھ - ئۇھ-
لاپ، ۋايسىمىشقا باشلىدى:
— تولىمۇ ياخشى گەپ! — ئەمدى ئۇ پوتونلەي ئۆزىنى
بېسىۋالغانىدى، ئەمما گرىگورىيغا قارىماستىن، — ئولتۇرۇڭ،
خېلى قىزىدىڭىز، شۇمۇ يېتەر. ئەمدى مەرھەمەت قىلىپ قۇلاق
سېلىڭ: سىزگە پوتون ئاتلىق قىسىملارنى دەرھال يۆتكەشكە
بۇيرۇق بېرىمەن... قېنى، ئولتۇرسىڭىزچۇ!...
گرىگورىي ئولتۇردى، يۈزىدە تۇساتتىن پەيدا بولغان ھۆل
تەرنى يېڭى بىلەن ئېرتتى.
— ... خۇش، پوتون ئاتلىق قىسىملارنى دەرھال شەرقىي -
جەنۇبىي ئۇچاستىكىغا يۆتكەك - دە، شۇئانلا ھۇجۇمغا
ئۆتۈڭ. سىزنىڭ ئوڭ قاناتتىكى قىسىملىرىڭىز قوشۇن ستارشىنا-
سى چۇماكوفنىڭ 2 - باتالىئونى بىلەن بىر - بىرىگە تۇتاشقان
ھالدا ھەرىكەت قىلىسىز...
— دىۋىزىيىنى مەن ئۇ يەرگە ئاپارمايمەن، — دېدى
گرىگورىي ھارغىنلىق بىلەن ۋە ياغلىقنى ئېلىش ئۈچۈن
شالۋۇرىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سالدى. ناتالىيىنىڭ كەشتىلىك
ياغلىقى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى يەنە بىر قېتىم ئېرتتى -

دە، تەكرارلىدى، — دىۋىزىيىنى ئۇ يەرگە ئاپارمايمەن،

— نېمىشقا؟

— قىسىملارنى يېڭىباشتىن گۇرۇپپىلارغا ئايرىش كۆپ ۋاقىتنى ئالىدۇ...

— بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسۇن، ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنىڭ ئاقىۋىتىگە مەن جاۋاب قىلىمەن.

— ياق، كارىم بار، يالغۇز سىزلا جاۋاب قىلمايسىز...

— سىز مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى بېجىرىشتىن باش تارتامسىز؟ — دەپ سورىدى فىتىسخالائوروف خىرىلداپ، ئۆزىنى ئاران - ئاراندا بېسىپ.

— ھەئە.

— ئۇنداق بولسا، مالال كەلمىسە، دەرھال دىۋىزىيىگە قوماندانلىق قىلىشنى تاپشۇرۇپ بېرىڭ! مېنىڭ تۈنۈگۈنكى بۇيرۇقۇمنىڭ نېمىشقا ئورۇندالمىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندىم...

— بۇنى قانداق چۈشەنسىڭىز چۈشىنىڭ، ئەمما مەن دىۋىزىيىنى تاپشۇرمايمەن.

— سىزنىڭ سۆزىڭىزنى نېمىدەپ چۈشەنسەم بولار؟

— مەن نېمىدېگەن بولسام، شۇنداق چۈشىنىڭ، — گرىگورىي بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى.

— مەن سىزنى دىۋىزىيە قوماندانلىقىدىن بوشىتىمەن! — فىتىسخالائوروف ئۈنىنى بەكرەك چىقىرىۋىدى، گرىگورىي شۇ زامان ئورنىدىن تۇردى.

— مەن سىزگە بويسۇنمايمەن، جانابىي ئالىيلىرى!

— خوش، ئۇمۇمەن سىز بىرەرىگە بويسۇنامسىز؟

— ھە، بويسۇنىمەن، قوزغىلاڭچىلار قوراللىق كۈچلىرىنىڭ باش قوماندانى كودرىنوفقا بويسۇنىمەن. سىزدىن بايىقى گەپلەرنى ئاڭلاش ھەتتا ئەجەبلىنەرلىك... ھازىرچە مەن

سىز بىلەن ھوقۇقتا باراۋەر. سىز دىۋىزىيىگە قوماندانلىق قىلسىز، مەنمۇ شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ماڭا ھازىرچە گۆركىرىمەي تۇرۇڭ... مېنى بۆلۈنمە كوماندىرلىقىغا چۈشۈرۈپ قويغان چاغدىلا — مەرھەمەت. ئەمما ۋارقىراش - جارقىراش...، — گرىگورىي كىر كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى تىك تۇتۇپ تۇرۇپ، ھەم كۈلۈمسىرەپ، ھەم كۆزلىرىنى قەھر بىلەن ئالايتىپ، سۆزىنى تۈگەتتى، — ... شۇ چاغدىمۇ ۋارقىراش - جارقىراشقا يول قويمايمەن!

فىتسخالائوروف ئورنىدىن تۇرۇپ، گېلىنى بوغۇپ تۇرغان ياقىسىنى تۈزىدى، ئاندىن بېشىنى سەل ئېگىپ دېدى:

— ئەمدى بىزگە سۆزلىشىدىغان گەپ قالمىدى. خالىغىنىڭىزچە ئىش قىلىڭ. سىزنىڭ قىلمىشلىرىڭىزنى دەرھال ئارمىيە شتابىغا مەلۇم قىلىمەن، سىزنى ئىشەندۇرۇشكە جۈرئەت قىلىمەنكى، نەتىجىسى پاتلا مەلۇم بولىدۇ. بىزنىڭ ھەربىي دالا سوتىمىز تېخى ئۆز ئىشىنى توختاتقىنى يوق.

گرىگورىي كوپىلوفنىڭ غەمكىن قاراشلىرىغا ئېتىبار بەرمەستىن، فۇراژكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، ئىشىككە ماڭدى، ئۇ بوسۇغىدا توختاپ دېدى:

— نەگە مەلۇم قىلىسىڭىز قىلىڭ، ئەمما مېنى قورقۇتماڭ، مەن ئۇنداق توخۇ يۈرەكلەردىن ئەمەسمەن... يەنە بىر گەپ ماڭا ھازىرچە تەگكۈچى بولماڭ، — كىچىككىنە ئويلىنىۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — چۈنكى مېنىڭ كازاكلىرىم سىزنىڭ ئۈچەي - باغرىڭىزنى چۇۋۇپ تاشلىمىسۇن دەپ قورقىمەن...، — ئۇ ئىشىكنى بىر تېپىپ ئاچتى دە، قىلىچىنى جىرىڭلىتىپ، چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ دەھلىزگە قاراپ ماڭدى.

ھولۇقۇپ قالغان كوپىلوف پەلەمپەينىڭ بېشىدا ئۇنى قوغلاپ يەتتى.

— سەن ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ، پانتېلېيېۋىچ! — ئۇ پىچىرلاپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قوللىرىنى مىجىپ كەتتى.
— ئاتىنى ئەكەل! — دەپ ۋارقىرىدى گىرىگورىي قامچىسىنى پۇلاپ.
پروخور پەلەمپەينىڭ قېشىغا ئالىۋاستىدەك تېز يېتىپ كەلدى.
دەرۋازىنىڭ تېشىغا چىققاندىن كېيىن گىرىگورىي ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى: ئۈچ ئۆكەر پايپېتىدەك بولۇشۇپ، گېنېرال فىتسخالائۇروفنىڭ ھەشەمەتلىك ئېگەر توقۇلغان ئېگىز ئارغىماقىغا مىنىشكە ياردەملىشىۋاتاتتى...
ئۇلار ئۇنچىقماستىن يېرىم چاقىرىمچە ئات چاپتۇرۇپ مېڭىشتى. كوپىلوف گىرىگورىينىڭ گەپ - سۆزگە رايى يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ بىلەن سۆز تالىشىش ھازىر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ لام - جىم دېمەي ماڭدى. ئاخىر، گىرىگورىي چىداپ تۇرالمىدى:
— نېمىشقا لام - جىم دېمىدىڭ؟ — دەپ چورتلا سورىدى ئۇ، — سەن نېمىگە كەلگەنتىڭ؟ گۇۋاھچى بولۇشقىمۇ؟ جىمجىت تاماشا كۆرۈشكىمۇ؟
— ھەي، بۇرادەر، سەنمۇ ھۈنەر چىقاردىڭ!
— ئۇ چىقارمىدىمۇ؟
— پەرەز قىلساق، ئۇنىڭمۇ توغرا ئەمەس. ئۇنىڭ بىز بىلەن سۆزلەشكەندىكى ئاھاڭى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدۇ!
— ئۇ بىز بىلەن ئۆزى گەپلەشتىغۇ؟ گەپنىڭ بېشىدىلا ۋارقىراشقا باشلىدى، گويا قۇيرۇقىغا بىگىز سانجىغاندەك.
— ئەمما سەنمۇ قالتىس، ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەرگە بويسۇنماسلىق... ئۇرۇش شارائىتىدا، بۇ ئىش، بۇرادەر...

— بۇ ئىش دېگىنىڭ ھېچ نەرسە ئەمەس! شۇنىسى ئەپسۇسكى، ئۇ ماڭا قول كۆتۈرمىدى! مەن قىلىچ بىلەن پېشانىسىدىن تاسما تىلىپ، باش سۆڭىكىنى غىجىرلىتىۋەتكەن بولاتتىم!

— بۇنىڭسىزمۇ ساڭا ياخشىلىق يوق، — دېدى كوپىلوف نارازى ئاھاڭدا ۋە ئېتىنى قەدەملەپ ماڭغۇزدى، — ھەممە ئالامەتلەردىن قارىغاندا، ئەمدى ئۇلار ئىنتىزامنى كۈچەيتىشكە باشلايدۇ، ئامان بولساڭ كۆرسەن!

ئۇلارنىڭ ئاتلىرى پۇشقۇرۇپ، قۇيرۇقى بىلەن كۆكۈيۈنلەرنى قورۇپ، يانمۇ يان كېلىۋاتاتتى. گرىگورىي كوپىلوفقا ئىستىھزا بىلەن قاراپ قويۇپ، سورىدى:

— سەن نېمىشقا مۇنچىلىك ياسىنىپ كەلدىڭ؟ ئېھتىمال، مېنى چاي بىلەن مېھمان قىلارمىكىن دەپ ئويلىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن؟ شىرەنىڭ يېنىغا ئاپئاق قولى بىلەن قولتۇقلاپ ئەكىلىدۇ دېگەنمىدىڭ؟ ساقال - بۇرۇتۇڭنى قىرىدىڭ، كەمزۇلۇڭنى تازىلىدىڭ، ئۆتۈكۈڭنى پارقىراتتىڭ، ياغلىقىڭنى تۈكۈرۈكۈڭ بىلەن ھۆل قىلىپ، تىزىڭدىكى داغلارنى قانداق سۈرتكەنلىكىڭنى كۆرۈپ تۇردۇم!

— بولدىلا، قويساڭچۇ مەرھەمەت قىلىپ! — كوپىلوف قىزىرىپ ئۆزىنى ھىمايە قىلىشقا باشلىدى.

— ئەمگىكىڭ بىكار زايا بولۇپ كەتتى! — دەپ مەسخىرە قىلدى گرىگورىي، — باشقىسىنى قويۇپ تۇرىلى، ساڭا قولىنىمۇ ئۇزىتىپ قويمىدى.

— سەن بىلەن بىللە ماڭغاندا بۇنىڭدىن باشقىنىمۇ كۈتۈش مۇمكىن، — كوپىلوف ئالمان - تالمان غودۇڭشىدى - دە، كۆزلىرىنى قىسىپ، ئەجەبلەنگەن ھەم خۇشال بولغان ئاھاڭدا تۈۋلىۋەتتى، — ئەنە قارا! بۇ بىزنىڭكىلەر ئەمەس، ئىتتىپاقداشلار!

ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىكى تار كوچىدىن ئالتە خېچىر قوشۇلغان

بىر ھارۋا بىلەن ئىنگلىز زەمبىرەكنى ئەكىلىشىۋاتاتتى. قۇيرۇقى
كېسىلگەن ئاتقا مىنگەن بىر ئىنگلىز ئوفىتسېر ياندا ماڭ-
غان. ئالدىدا ئولتۇرغان ھارۋىكەشمۇ ئىنگلىزچە كىيىم كىيگەن،
ئەمما فۇراژكىسىغا رۇس ئوفىتسېرىنىڭ كاكاردىسى قادالغان
بولۇپ، مۈرىسىدە پوررۇچىك پاگونى بار ئىدى.

ئىنگلىز ئوفىتسېر گرىگورىينىڭ قېشىغىچە بىرنەچچە سار-
جىن يېقىن كېلەر - كەلمەستىنلا مىس قالپىقىنىڭ كوزىركىسىغا
ئىككى بارمىقىنى جۈپلەپ، باش ئىشارىسى بىلەن يول بېرىشنى
ئۆتۈندى. كوچا شۇنداق تار ئىدىكى، ئاتلارنى تاش تامغا يېقىن
تاقاپ تۇرغاندىلا ئاندىن ئالدى تەرەپتىن كەلگەنلەر بىر-
بىرى بىلەن سۈۋاشماي ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

گرىگورىينىڭ ئىككى ياڭىقىدىكى مۇدۇرچاقلار غىلدىراپ
كەتتى. ئۇ چىشىنى چىشلەپ، ئۇدۇل ئوفىتسېرنىڭ ئۈستىگە بېسىپ
كەلدى. ئوفىتسېر ئەجەبلەنگەن ھالدا قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ،
سەل - پەل چەتكە سۈرۈلدى. ئىنگلىز قونچاۋۇق تارتىلغان ئوڭ
پۇتىنى پارقىراپ تۇرغان نەسىللىك ئارغىماق باياتالنىڭ سىپ-
سىلىق ساغرىسىغا قويغاندىلا، ئۇلار تەسلىكتە ياندىشىپ ئۆتۈپ
كەتتى.

ئارتىللېرىيە خىزمەتچىلىرىدىن بىرى، تۇرقىدىن رۇس
ئوفىتسېرىدەك قىلاتتى، — گرىگورىيغا ھومىيىپ قاراپ قويدى.

— سىزنىڭ بىر چەتكە سۈرۈلۈپ تۇرۇشىڭىزغا مۇمكىن
بولاتتىغۇ! بۇ يەردىمۇ ئۆزىڭىزنىڭ مەدەنىيەتسىزلىكىڭىزنى كۆر-
سىتىش لازىممىدى؟

— ھەي، قانچۇقنىڭ ئەمچىكى، ئۈنۈڭنى چىقارماستىن ئۆتۈپ
كېتمۇەر، بولمىسا، چەتلىنىپ تۇرۇشنى مەن ساڭا كۆرسىتىپ
قويىمەن!... — دېدى گرىگورىي پەس ئاۋاز بىلەن.

ئوفىتسېر زەمبىرەك ھارۋىسىنىڭ ئالدىنقى تۆمۈرىدىن سەل

كۆتۈرۈلۈپ، ئارقىسىغا قايرىلدى - دە، ۋارقىرىدى:

— جانابلار! ئاۋۇ ئۈياتسىزنى تۇسۇڭلار!

گرىگورىي قامچىسىنى ھەيۋەت بىلەن سىلكىتىپ، تار كوچىغا قەدەممۇ قەدەم يېرىپ كىردى. ھارغىن، چاڭ - توزان باسقان توپچىلار، ياپپىسىغا بۇرۇتسىز ياش ئوفىتسېرلار، گرىگورىيغا يامان نەزەر بىلەن قارىشىپ قالدى، ئەمما ھېچقايسى توسۇشقا ھەرىكەت قىلمىدى. ئالتە زەمبىرەكلىك باتارېيە دوقمۇشتىن قايرىلىپ، كۆزدىن غايىپ بولغاندا، كوپىلوف لەۋلىرىنى چىشلەپ، گرىگو- رىينىڭ يېنىغا ئېتىنى يانداپ كەلدى.

— ئەخمەقلىق قىلما، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ! كىچىك بالىدەك قىلىقلارنى قىلىۋاتىسەن!

— نېمە، سەن مېنىڭ تەربىيىچىممۇ؟ — دېدى گرىگورىي قوپاللىق بىلەن.

— سېنىڭ فىتسىخالائۇروۋغا ئاچچىقىڭ كەلگەنلىكىنى مەن چۈشىنىمەن، — دېدى كوپىلوف مۇرىسىنى قىسىپ، — ئەمما مۇنۇ ئىنگلىزنىڭ بۇ ئىشتا نېمە ئالاقىسى بار ياكى ساڭا ئۇنىڭ تۆمۈر قالپىقى ياقمىدىمۇ؟

— ئۇنىڭ نەق مۇشۇ يەردە، ئۈست - مېدۋېدىتسا بوسۇغىسىدا تۆمۈر قالپاق بىلەن پەيدا بولۇشى دەرۋەقە ماڭا ياقماي قالدى، ئۇنى باشقا يەردە كىيسىمۇ بولاتتى... ئىككى ئىت تالاشقاندا — ئۈچىنچىسى ئارىلاشمىسۇن، بىلەمسەن؟

— شۇنداقمۇ؟ سەن چەت ئەلنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى ئىكەنسەن - دە؟ ئەمما، مېنىڭچە، كېكىردەكتىن ئېلىۋاتقان پەيتتە، ھەرقانداق ياردەمگە خۇشال بولساڭ بولىدۇ.

— ھەي، سەنلا خۇشال بولغىن، مەن بولسام بىزنىڭ تۇپرىقىمىزغا ئۇلارنىڭ بىر قەدەم ئىچكىرىلەپ كىرىشىگە يول قويمىغان بولاتتىم!

— سەن قىزىللارنىڭ ئىچىدىكى خەنزۇلارنى كۆرگەنمۇ سەن؟
— خۇش؟
— بۇنىڭ بارى ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ بۇمۇ چەت ئەللىكنىڭ ياردىمى ئەمەسمۇ؟
— بۇ گېپىڭ ئورۇنسىز! خەنزۇلار قىزىللارغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن پىدائىي بولۇپ كېلىشكەن.
— سېنىڭچە، ئىنگلىزلەرنى بۇ يەرگە مەجبۇرەن ئەكېلىشتىمۇ؟

گرىگورىي جاۋاب بېرىشكە سۆز تاپالماي قالدى، كۈچەپ ئويلىنىپ، ئۇزاق ۋاقىت ئۈنچىقماي ماڭدى، كېيىن ئەلىمىنى يوشۇرالماي، بىردىنلا سۆزلەپ كەتتى:
— مانا سىزلەر، ئوقۇغان ئادەملەر، ھەمىشە شۇنداق... قار ئۈستىدىكى توشقان ئىزىدەك زىغزىق چىقىرىسىلەر! مەن، بۇرادەر، سېنىڭ ناتوغرا سۆزلەۋاتقانلىقىڭنى سېزىپ تۇرۇپتۇمەن، ئەمما ئاغزىڭنى تۇۋاقلاپ قويالمايۋاتىمەن... ئەمدى بۇ گەپنى قويايلى. مېنى تولا ئاداشتۇرما، سەنسىزمۇ كاللام جايىدا ئەمەس!
كوپىلوف رەنجىپ ئۈنچىقماي قويدى ـ دە، ئۇلار تاكى ئۆيگە يېتىپ بارغۇچە سۆزلەشمىدى. پەقەت بىر ھەۋەس بىلەن ئازاپ چەككەن پروخور ئۇلارنى قوغلاپ يېتىپ سورىدى:
— گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، جانابىي ئالىي، ئېيتقىنا، خۇدا ھەققى، ھېلىقى كادېتلارنىڭ زەمبىرەككە قوشقىنى قانداق ھايۋان؟ تۇلاقلىرى ئېشەكنىڭكىدەك تۇرىدۇ، قالغان يېرى ئاتقا ئوخشايدۇ. مۇنداق ھايۋانغا قاراشمۇ ئوڭايسىز... بۇ قانداق نەرسە، ئەسلى زاتى قانداق، چۈشەندۈرسەڭچۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، بىز پۇل تىكىشكەنىدۇق...
ئۇ بەش مىنۇتچە ئارقىدا يۈرۈپ، جاۋاپ ئالالمىغاندىن

كېيىن كەينىدە قالدى ـ دە، قالغان نۆكەرلەر ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشىپ ماڭغاندا، پىچىرلاپ مۇنداق دېدى:

— يىگىتلەر، ئۇلار ئۈنچىقمىشماي كېلىۋاتىدۇ، قارىغاندا، ئۆزلىرىمۇ ھەيران بولۇشۇپ، يورۇق دۇنيادا مۇنداق مەخلۇقنىڭ نەدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى ھېچ بىلەلمەيۋاتقان بولسا كېرەك...

## 11

كازاك بۆلۈنمىلىرى تېيىز ئاكوپلاردىن تۆتىنچى قېتىم ئورنىدىن تۇرۇشۇپ باقتى، ئەمما قىزىللارنىڭ پىلىموتلاردىن شىددەتلىك ياغدۇرغان ئوقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قايتىدىن يېتىۋېلىشتى، سول قىرغاقتىكى ئورمانغا يوشۇرۇنغان قىزىل ئارمىيە باتارېيىلىرى كازاكلارنىڭ ئىستېھكاملىرىنى ۋە يارلىقلارنىڭ ئىچىگە توپلانغان زاپاس كۈچلەرنى تاڭ سەھەردىن باشلاپ توختاۋسىز ئوققا تۇتۇۋاتاتتى.

شىراپنېلنىڭ تېز ئېرىيدىغان سۈتتەك ئاپئاق بۇلۇتلىرى دون بويىدىكى ئېگىزلىكلەر ئۈستىدە پارتلايتتى. كازاك ئاكوپلىرىنىڭ بۇزۇلغان ئەگرى ـ بۈگرى سىزىقلىرىنىڭ ئالدى ۋە ئارقىسىدا ئوقلار كۆل رەڭ چاڭ پەيدا قىلاتتى.

چۈشكە يېقىن جەڭ قىزىپ كەتتى، غەرب شامىلى توپ-زەمبىرەكلەرنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىنى دون بويلاپ يىراقلارغا ئۇچۇرۇپ كېتەتتى.

گرىگورىي قوزغىلاڭچىلار باتارېيىسىنىڭ كۆزىتىش پونكىتىدا تۇرۇپ دۇربۇن بىلەن جەڭنىڭ بېرىشىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. ئوفىتسېرلار روتىلىرىچىقىم تارتىشقا قارىماستىن، ئۇ جاي ـ بۇ جايغا يۈگۈرۈشۈپ ئۆتۈپ، ماتانەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەنلى-

كېنى گرىگورىي كۆرۈپ تۇردى. ئوت كۈچى كۈچەيگەن چاغدا ئۇلار ئاكوپقا چۈشۈپ يېتىۋالاتتى - دە، يەنە سەكرەپ چىقىشىپ، يېڭى پەللىگە يۆتكىلىۋالاتتى؛ سولراقتا، موناستىر تەرەپتە قوزغىلاڭچىلارنىڭ پىيادە قىسىملىرى زادىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرالمىدى. گرىگورىي يېرماكوفقا كىچىككىنە خەت يېزىپ، ئۇنى ئالاقىچىدىن ئەۋەتتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن يېرماكوف كۆيۈپ - پىشىپ ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. ئۇ باتارېيىنىڭ ئات باغلايدىغان يېرىنىڭ قېشىدا ئاتتىن چۈشتى - دە، ئېغىر نەپەس ئېلىپ، كۆزەتكۈچىنىڭ ئاكوپىغا چىقتى.

— كازاكلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزالمايۋاتىمەن! ئۇلار تۇرمايۋاتىدۇ! — ئۇ يىراقتىنلا قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراپ كەلدى، — بىزدە 23 كىشى نابۇت بولدى! قىزىللارنىڭ پىلىموت بىلەن قانداق قىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتامسەن؟

— ئوفىتسېرلار ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىشىۋاتىدۇ، سەن بولساڭ ئۆز ئادەملىرىڭنى تۇرغۇزالمايۋاتامسەن؟ — دېدى گرىگورىي سۆزنى چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن سوزۇپ چىقىرىپ.

— ئۆزۈڭ قارىمامسەن، ئۇلارنىڭ ھەربىر ۋىزۋوتىدا بىردىن قول پىلىموتى بار، ئوقلىرى بۇرنىدىن ئاشىدۇ، بىزدە نېمە بار؟!

— بولدى - بولدى، سەن ماڭا چۈشەندۈرمە! ئادەملىرىڭنى ھازىرلا ئېلىپ ماڭ، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمىز!

يېرماكوف ئاغزىنى بۇزۇپ قورغاندىن يۈگۈرۈپ چۈشتى. گرىگورىيمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇ ئىككى پىيادىلەر پولكىنى ئاتاكىغا ئۆزى باشلاپ بارماقچى بولدى.

دولانا شاخلىرى بىلەن تازا ئەپچىل نىقابلانغان چەتتىكى زەمبىرەكنىڭ يېنىدا ئۇنى باتارېيە كوماندىرى توختاتتى.

— گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، ئىنگلىزلەرنىڭ ئىشىغا بىر قا-

رىغىنا. ئۇلار ھازىر كۆۋرۈكنى توققا تۇتۇشقا باشلايدۇ. قور-
غاننىڭ ئۈستىگە چىقىشاق قانداق؟

قىزىل ئارمىيە قورۇلۇش قىسىملىرى دونغا سالغان لەيلىمە
كۆۋرۈك دۈربۈندىن ئىنچىكە تاسمىدەك كۆرۈنەتتى. شۇ كۆۋرۈك-
تىن ھارۋىلار ئۈزلۈكسىز ئېقىن بولۇپ غىلدىرلاپ ئۆتۈۋاتاتتى.

ئون مىنۇتتىن كېيىن ئويماندىكى تاش قىرغاقنىڭ كەي-
نىگە ئورۇنلاشقان ئىنگلىز باتارېيىسى ئوت ئېچىشقا باشلىدى.
تۇتىنچى سىنارەت ئېتىلغاندىن كېيىن كۆۋرۈك دېيەرلىك قاپ
بەلدىن بۆزۈپ تاشلاندى. ھارۋىلار ئېقىمى توختىدى. قىزىل
ئەسكەرلەرنىڭ نېرى - بېرى يۈگۈرۈشۈپ، پاچاقلانغان ھارۋىلار
بىلەن ئاتنىڭ ئۆلۈكلىرىنى دونغا ئىرغىتىپ تاشلاۋاتقانلىقى
كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

شۇئاندىلا ئوڭ قىرغاقتىن تۆت چوڭ قېيىقتا قورۇلۇش
قىسىملىرى ئۈزۈپ كېلىشتى. ئەمما ئۇلار كۆۋرۈكنىڭ بۇزۇلغان
يېرىنى ياساپ بولماستىنلا ئىنگلىز باتارېيىسى يېڭىباشتىن
بىرقاتار سىنارەت ئاتتى. سىنارەتنىڭ بىرى سول قىرغاقتىكى
دامبا ئېغىزىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى، ئىككىنچىسى كۆرۈك-
نىڭ يېنىدىلا سۇنى يېشىل تۈۋرۈكتەك ئاسمانغا ساپچىتتى - دە،
كۆۋرۈكتە يېڭىباشتىن باشلانغان ھەرىكەت يەنە توختىدى.

— ئىتنىڭ باللىرى نېمىدېگەن دەل تەگكۈزىدۇ - ھە! —
دېدى باتارېيە كوماندىرى زوقلانغان ھالدا، — ئۇلار ئەمدى
قىزىللارنىڭ كەچ كىرگۈچە بۇ تەرەپكە ئۆتۈشىگە ئىمكان
بەرمەيدۇ. بۇ كۆۋرۈكنى ساق قويمايدۇ!

گىرىگورىي دۈربۈندىن كۆزىنى ئالماستىن سورىدى:

— خوش، سەن نېمىشقا جىم تۇرىسەن! ئۆزۈڭنىڭ پىيا-
دىلىرىڭگە مەدەت بەرسەڭ بولمامدۇ. ئەنە ئۇلار، پىلموتنىڭ
ئوقلىرى.

— مەن جان دەپ ئاتقان بولاتتىم، ئەمما بىرمۇ سىنارىيىم يوق! يېرىم سائەت بۇرۇن ئاخىرقى بىر سىنارەتنى ئېتىپ بولۇپ، روزا تۇتۇشقا باشلىدىم.
— ئۇنداق بولسا بۇ يەردە نېمە تۇرىسەن؟ زەمبىرىكىڭنى ئېلىپ ماڭ، كۆزۈمدىن يوقال!
— كادىتلاردىن سىنارەت ئەكىلىشكە ئادەم ئەۋەتتىم.
— بەرمەيدۇ، — دېدى گرىگورىي قەتئىي تۈردە.
— بىر قېتىم بەرمىگەندى، ئىككىنچى قېتىم يەنە ئەۋەتتىم، بەلكى، ئېلىنىپات قىلىپ قالار. ئەگەر بىزگە 20 دانە بەرگەن بولسا، ئاۋۇ پىلىموتلارنى بىتچىت قىلىپ تاشلىغان بولاتتۇق. 23 ئادىمىمىزنى يوق قىلىۋەتتى. بۇ ئويۇن گەپ ئەمەس. بۇندىن كېيىن نەچچىنى نابۇت قىلاركىن؟ قارا، ئۇلارنىڭ قانداق تاتاتىلىتىپ تۇرغانلىقىنى!...
گرىگورىي نەزەرىنى كازاك ئاكوپلىرى تەرەپكە يۆتكىدى — شۇ ئاكوپلارنىڭ پېشىدىكى تاغ باغرىدا ئۇزىلار ئاۋۋالقىدەكلا قۇرۇق يەرنى پۇرقىرىتىپ قېزىۋاتاتتى. ئارقىمۇ ئارقا پىلىموت ئوقلىرى ياغدۇرۇلغان يەردە چاڭ - تۇزاندىن تاسما سىزىق پەيدا بولىدىكى، گويا بىر غايىپ ئادەم ئاستا - ئاستا سىكىپ تۆگەيدىغان سىزىر بىر سىزىقنى ئاكوپ بويلاپ چاقماق تېزلىكىدە تارتقاندەك كۆرۈنەتتى. پۈتۈن كازاك ئاكوپلىرى ياقىلاپ ئىنچىكە چاڭ - توزان سىزىقچىلىرى تۆتەپ تۇراتتى.
گرىگورىي ئىنگلىز باتارېيىسىنىڭ ئوقلىرى چۈشكەن يەرنى ئەمدى كۆزەتمەي قويدى. ئۇ ئارتىللېرىيە بىلەن پىلىموتلارنىڭ تىنىمسىز ئېتىلىۋاتقانلىقىغا بىر مىنۇتچە قۇلاق سالغاندىن كېيىن قورغاندىن چۈشۈپ، يېرىماكوفنى قوغلاپ يەتتى.
— مەندىن بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالماي تۇرۇپ ئاتاكىغا ئۆتمە. ئارتىللېرىيىنىڭ ياردىمىسىز بىز ئۇلارنى كەينىگە چېكىندۈرەلمەيمىز.

— مەن بۇنى ساڭا دېمىدىممۇ؟ — دېدى يېرماكوف تەنە ئاھاڭدا ئۆزىنىڭ تولا چېپىپ تىزىپ كەتكەن ۋە ئوق ئاۋازلىرىدىن ساپچىپ تۇرغان ئېتىغا مىنىۋېتىپ.

گرىگورىي يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا پىسەنت قىلماستىن، چېپىپ كېتىۋاتقان يېرماكوفنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، تەشۋىش بىلەن ئويلىدى: جىن قوغلىغاندەك نېمىشقا ئوچۇق مەيداندا چېپىپ بارىدىغاندۇ؟ پىلىموت يېقىتىپ تاشلايدىغۇ! ئويمانغا چۈشۈپ، ساي بىلەن يۇقىرىغا چىقىپ، ئاندىن ئېدىرنىڭ ئارقىسى بىلەن ماڭغان بولسا خەتەرسىز ھالدا ئۆز ئادەملىرىنىڭ قېشىغا يېتىۋالغان بولاتتى. يېرماكوف ئېتىنى جان-جەھلى بىلەن تېز چاپتۇرۇپ، ئويمانغىچە يېتىپ بېرىۋالدى-دە، ئۇنىڭغا شۇڭغۇپ كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولدى. دېمەك، چۈشىنىدىكەن-دە! ئەمدى يېتىپ بارالايدۇ، گرىگورىي كۆڭلىدە جەزم قىلىپ، يېنىكلىشىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن قورغاننىڭ تۈۋىدە يانپاشلاپ يېتىپ، ئالدىرىماي تاماكا ئورىدى.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاجايىپ بىر بىپەرۋالىق قاپلىۋالدى. ياق، ئۇ كازاكلارنى پىلىموتلارنىڭ ئوتى ئاستىغا ئاپارمايدۇ. ھاجىتى يوق. ئاتاكىغا ھۇجۇمچى ئوفىتسېرلار روتىلىرى ئۆزى بارسۇن. ئۇست-مېدۋېدىتسكايانى ئاشۇلار ئىگىلىسۇن. گرىگورىي قورغاننىڭ تۈۋىدە يېتىپ تۇرۇپ بىرىنچى قېتىم مۇشۇ يەردە توغرىدىن-توغرا جەڭگە كىرىشتىن باش تارتتى. شۇ تاپتا ئۇنى بۇ يولغا توخۇ يۈرەكلىك، ئۆلۈمدىن قورقۇش ياكى مەقسەتسىز چىقىمغا ئۇچراش قورقۇنچى باشلاۋاتقىنى يوق. تېخى يېقىندىلا ئۇ ئۆز ھاياتىنى ۋە ئۆزىنىڭ قوماندانلىقىغا ئىشەنگەن كازاكلارنىڭ ھاياتىنى ئايىمىغانىدى. ئەمدى بولسا كۆڭلىدىكى نەرسە سۇنغاندەك بولدى... يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ پۈتۈنلەي بىھۇدىلىكىنى شۇكەمگىچە ھېچقاچان ھازىرقىدەك روشەن سەزمىگەنىدى.

ئۇنىڭدا كۈتۈلمىگەندە مۇنداق كەيپىياتنىڭ بولۇشىغا كوپىلوف بىلەن قىلىشقان پارىڭى سەۋەب بولدىمۇ ياكى فىتىسخالائوروف بىلەن بىر قەپەس ئىلىشقانلىقى سەۋەب بولدىمۇ، ئېھتىمال، بۇ ئىككى ئىش بىللە قوشۇلۇپ سەۋەب بولغاندۇر، ئەيتاۋۇر، ئۇ بۇندىن كېيىن ئوت ئىچىگە بارماسلىقىقا قارار قىلدى. ئۇ كازاكلارنى بولشېۋىكلار بىلەن ياراشتۇرالمايدىغانلىقىنى، يارىشىشقا ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى ئۇنىمايدىغانلىقىنى غۇۋا خىيالىدىن كەچۈردى، ئەمما ئۇ ئۆزىگە روھىي جەھەتتىن يات بولغان دۈشمەنلىك كەيپىياتىدىكى ئادەملەرنى، ئۆزىنى ئۆچ كۆرىدىغان، ئۆزىمۇ يامان كۆرىدىغان بارلىق فىتىسخالائوروفقا ئوخشاش ئادەملەرنى ئەمدى قوغداشنى خالىمايتتى ۋە قوغداشمۇ قولىدىن كەلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇرۇنقى قارىمۇ قارشىلىقلار ئۇنىڭ ئالدىدا يېڭىباشتىن رەھىمسىزلىك بىلەن باش كۆتۈردى. مەيلى، ئۇلار ئۇرۇشۇۋەرسۇن. بىر چەتتە تۇرۇپ كۆز تىكەمەن. دىۋىزىيىسىنى مەندىن تارتىۋېلىش بىلەنلا — ھەربىي سەپتىن بوشىنىپ، ئارقا سەپكە كېتىشكە سورىنىمەن. شۇنچىلىك خىزمەت قىلغانلىقىممۇ يېتەر! دەپ ئويلىدى ـ دە، كوپىلوف بىلەن قىلىشقان تالاش ـ تارتىشنى يەنە خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ قىزىللارنى ئاقلاش تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى ئېنىق سەزدى. «خەنزۇلار قىزىل ئارمىيىگە قۇرۇق قول بىلەن كېلىپ قاتنىشىۋاتىدۇ ۋە ئازغىنا سولداتلىق مائاشى ئۈچۈن ھەر كۈنى ئۆز ھاياتىنى خەۋپ ئاستىغا قويۇۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ بۇنىڭدا مائاش قانچىلىك گەپ؟ ئۇنىڭغا قانچىلىك نەرسە سېتىۋالغىلى بولىدۇ؟ پەقەت قارتا ئوينىغاندا ئۇتتۇرۇپ قويۇشقا يارايدۇ... دېمەك، بۇنىڭدا پايدا ـ مەنپەئەت يوق، بۇ باشقا بىر نەرسە... ئەمما ئىنتىپاقداشلار ئۆز ئوفىتسېرلىرىنى، تانكىلىرىنى، توپ ـ زەمبىرەكلىرىنى ئەۋەتىۋاتىدۇ، ھەتتا خېچىرلىرىغىچە ئەۋەتكەن! كېيىن بۇنىڭ بەدىلىگە يۇقىرى

ھەق سورايدۇ. بۇنىڭدا مانا مۇشۇنداق چوڭ پەرق بار! خوش، بۇ توغرۇلۇق كەچقۇرۇن يەنە مۇنازىرە قىلىشىمىز. شىتابقا قايتىشىم بىلەنلا ئۇ ئۇنى بىر چەتكە چاقىرىپ: «پەرقى بار ئىكەن، كوپىلوف، سەن ئەمدى مېنى تولا كولدۇرلاتما!» — دەيمەن.

ئەمما مۇنازىرىلىشىشكە توغرا كەلمىدى. كوپىلوف چۈشتىن كېيىن زاپاستىكى 4 - پولكنىڭ تۇرغان يېرىگە كەتكەنىدى، يولدا ياۋا ئوق تېگىپ ئۆلدى. گرىگورىي بۇ ئىشنى ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بىلدى...

ئەتىسى ئەتىگەن ئۇست - مېدۋېدىتسكايانى گېنېرال فىتسخالائوروۋنىڭ 5 - دىۋىزىيە قىسىملىرى جەڭ بىلەن ئىشغال قىلدى.

## 12

گرىگورىي كېتىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تاتارسكى يېزىسىغا مىتكا كورشونوف كەلدى. ئۇ يالغۇز كەلمىگەنىدى، جازالاش ئەترىتىدە بىللە خىزمەت قىلغانلاردىن ئىككى كىشى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانىدى. بۇلارنىڭ بىرى، مانىچ دېگەن يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېشى چوڭ قالماق؛ يەنە بىرى، راسپوپىنسكايا بازىرىدىن بولغان كۆرۈمسىز بىر كازاك ئىدى. مىتكا قالماقنى كەمسىتىپ «خودىيە» دەپ ئاتايتتى، راسپوپىنسكايالىق ھاراقكەش مۇغەمبىرنى بولسا سىلانتى پېتروۋىچ دەپ ھۆرمەتلەيتتى.

قارىغاندا، مىتكا جازا ئەترىتىدە ئىشلىگەندە دون ھەربىي ھۆكۈمىتىگە نۇرغۇن خىزمەت كۆرسەتكەندەك قىلاتتى: بىر قىشنىڭ ئىچىدە ئۇ ۋاخمىستىرلىققا، ئاندىن كېيىن مۇئاۋىن خورۇنجىلىققا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، يېزىغا يېڭى ئوفىتسېرلىق كىيى-

مىنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى بىلەن كەلدى. ئۇ دونىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە چېكىنگەن مەزگىلدە يامان ئەمەس تۇرمۇش كەچۈرگەن دەپ ئويلاشقا بولاتتى: مىتكىنىڭ كەڭ يەلكىلىرى يېنىك ماش رەڭ كەمزۇلىنى پومپايتىپ تۇراتتى. بويىنىنىڭ قات - قات تۈرۈلۈپ كەتكەن مايلىق تېرىسى تىك ياقىسىنى ئۈستىدىن بېسىپ كەتكەن، كۆك دىگىنال رەختتىن چاكلىرى باسۇرۇپ تىكىلگەن شىمىنىڭ ئارقىسى سۆكۈلۈپ كېتەي دەپ قاپتۇ... ئەگەر بۇ لەنەتى ئىنقىلاب بولمىغاندا، مىتكا ئۆزىنىڭ تاشقى پەزىلەتلىرىگە يارىشا لەيب — گۋاردىيە ئاتامان پو[illegible]ڭ چەكچىسى بولاتتى - دە، ئوردىدا خىزمەت قىلىپ، مۇقەددەس زات ئىمپېراتور ئالىي ھەزرەتلىرى قوغدىغان بولاتتى. ئەمما مىتكا بۇنىڭسىزمۇ تۇرمۇشىدىن زارلانمايدۇ. ئۇمۇ ئوفىتسېرلىق مەنسەپكە ئېرىشتى، ئەمما ئۇ بۇ مەنسەپنى گىرىگورىي مېلېخوفقا ئوخشاش تەۋەككۈلچىلىك بىلەن بېشىنى خەۋپ ئاستىغا قويۇپ، تەنتەكلەرچە قەھرىمانلىق بىلەن قولغا كەلتۈرگىنى يوق. جازا ئەترىتىدە خىزمەت قىلغان ئادەمدە باشقىچە ئارتۇقچىلىق بولۇش كېرەك... مىتكىدا بولسا بۇ ئارتۇقچىلىق ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى دېسەڭ بولىدۇ: ئۇ كازاكلارغا ئۇنچىلىك ئىشەنمەي، بولشېۋىزمدا گۇمانلانغان ئادەملەرنى ئېتىشقا ئۆزى ئاپىراتتى، قاچقۇن سولداتلارنى قامچا ياكى مىلتىقنىڭ سومبىسى بىلەن جازالاشنى ئۆز قولى بىلەن بېجىرىشتىن يېرگەنمەيتتى، قاماقتا ئېلىنغانلارنى سوراق قىلىش ئىشىدا پۈتۈن ئەترەتتە ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭداش بولالمايتتى، قوشۇن ستارشىناسى پرەنشىنىكوفنىڭ ئۆزىمۇ ئىككى مۇردىسىنى چىقىرىپ: «ياق، جانابلار، نېمە دېسەڭلار دەڭلار، كورشۇنوفتىن ئېشىپ چۈشۈش مۇمكىن ئەمەس! ئۇ ئىنسان ئەمەس، بىر ئەجدىھا!» دېگەنىدى. مىتكىنىڭ باشقىلاردا يوق ئاجايىپ بىر خۇسۇسىيىتى بار ئىدى:

جازالىغۇچىلار قولغا ئېلىنغان ئادەمنى ئاتالمايدىغان، ئەمما تىرىك قويۇپ بېرىشنىمۇ خالىمىغان چاغلاردا ئاشۇ مەھبۇسقا تاياق بىلەن تەن جازاسى بېرىشكە ھۆكۈم قىلاتتى - دە، بۇ ئىشنى ئىجرا قىلىشنى مىتكىنغا تاپشۇراتتى. مىتكىمۇ جان دەپ ئورۇندايتتى، شۇنداق ئورۇندايتتىكى، 50 تاياق ئۇرغاندىن كېيىن جازالانغۇچى توختاۋسىز قان قۇسۇشقا باشلايتتى، 100 تاياقتىن كېيىن ئۇ ئادەمنى، يۈرەك سوقۇشقا قۇلاق سالماستىنلا گەپ - سۆزسىز چىپتىغا يۆگەپ قوياتتى... جازالانغۇچىلارنىڭ ھېچبىرى مىتكىنىڭ قولىدىن تىرىك ئۆزىنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئەمەس. ئۇ ئۆزىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ تالاي قېتىم مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ئۆلتۈرگەن ئەر - ئايال قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ ئىشتان ۋە يوپكىلىرىنى سالدۇرۇۋېلىشقا توغرا كەلگەن بولسا، پۈتۈن تاتارىسكى يېزىسىدىكى ئادەملەر كىيىشكە يەتكەن بولاتتى!»

مىتكىنىڭ تەبىئىتىگە باللىق چاغلىرىدىن تارتىپ خاس بولغان بۇ رەھىمسىزلىك جازا ئەترىتىدە ئىشلىتىشكە باپ كېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ھېچقانداق تىزگىنلەشكە ئۇچرىمىغانلىقتىن، دەھشەتلىك رەۋىشتە ئۆسۈپ باردى. مىتكا كەسىپداشلىق بويىچە، ھەر يەر ھەر يەردىن ئەترەتكە يىغىلىپ قالغان ئوفىتسېرلارنىڭ ساقىندىلىرى بىلەن — كوكاينكەش، زوراۋان، بۇلاڭچىلار ۋە باشقا زىيالىيلار قاتلىمىدىن چىققان مۇتەھەملەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ، ئاشۇ ئەبلەخلەر ئۆگەتكەن قىزىللارغا ئۆچمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ ھەممە ئۇسۇللىرىنى جان - دىلى بىلەن، دېھقانلارغا خاس تىرىشقاقلىق بىلەن ئۆزلەشتۈرۈۋالدى ۋە ھەتتا ئۆز ئۇستازلىرىدىن بىمالال ئېشىپ چۈشتى. بەزىبىر نېرۋىسى ئاجىز ئوفىتسېرلار بەرداشلىق بېرەلمەي قان تۆكۈشتىن ۋە باشقىلارنىڭ ئازاب چېكىشىدىن بەزگەن چاغدا، مىتكا ئوت ئۇچقۇنداپ تۇرىدىغان سېرىق كۆزلىرىنى قىسىپ

تۇرۇپ، ئىشنى ئاخىرغا يەتكۈزەتتى.

كازاك قىسىملىرىدىن ئايرىلىپ، ئاسان نىشان تاپىدىغان يەرگە — قوشۇن ستارشىناسى پرەنشمىنكوفنىڭ جازا ئەترىتىگە كىرگەن مىتكا ئاشۇنداق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

ئۇ يېزىدا پەيدا بولغاندىن كېيىن، كېچىدىمۇ، يولدا ئۇچرىغان خوتۇنلارنىڭ تازىم - سالاملىرىغا بېشىنى سەل - پەل لىڭشىتىپ قويۇپ، ئېتىنى ئاستا ماڭدۇرغان پېتى ئۆز ئۆيى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. يۇچامنىپ، قارا قۇرۇم باسقان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى - دە، تىزگىنىنى قالماقچا بېرىپ، چوڭ - چوڭ چامداپ ھويلىسىغا كىردى. سىلانتىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈنچىقماستىن، ئۆيىنىڭ ئۈلىنى ئايلىنىپ چىقتى، يانغىن ۋاقتىدا ئېرىپ، پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن يالقۇتتەك پارقىراق ئەينەك سۇنۇقلىرىنى قامچىنىڭ سېپى بىلەن تىتكىلىدى، ئاندىن سەپرايى ئۆرلەپ خىرقىراق ئاۋاز بىلەن دېدى:

— كۆيدۈرۈۋېتىشتى... ھەشەمەتلىك چوڭ ئۆي ئىدى! پۈتۈن يېزىدا ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. بىر يېزىلىقىمىز مىشكا كوشىۋوي كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ چوڭ دادامنىمۇ ئۆلتۈرگەن. مانا، سىلانتى پېتروف، تۇغۇلغان جايىمنىڭ كۆلگە ئايلانغان خارابىسىنى كۆرۈشكە توغرا كەلدى...

— ئاشۇ كوشىۋويلارنىڭ ئۆيىدە ھايات قالغان بىرەر كىشىسى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى سىلانتى قىزىقىپ.

— بار بولۇشى كېرەك، بېرىپ قاراپ بېقىشىمىز مۇمكىن... ھازىر بىزنىڭ قۇدىمىزنىڭكىگە بارايلى.

مىتكا مېلېخوفلارنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ، يولدا ئۇچرىشىپ قالغان بوگاتىرېفنىڭ كېلىنىدىن سورىدى:

— ئانام دونىڭ نېرىقى تەرىپىدىن قايتىپ كەلدىمۇ؟

— تېخى قايتىپ كەلمىگەندەك قىلىدۇ، مېتىرى مىرونىچ،

— قۇدىمىز مېلېخوف ئۆيدىمۇ؟
— چالمۇ؟
— ھەئە.
— چال ئۆيدە، قىسقىسى، گىرىگورىينى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتۈن ئائىلىسى ئۆيدە. پېترونى قىشتا ئۆلتۈرۈشكەنىدى، ئاڭلىغانسىدىڭ؟

مىتكا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئېتىنى بىر سائپچىتىپ يورۇپ كەتتى.

ئۇ ئادەمسىز چۆلسىرەپ قالغان كوچا بىلەن ماڭغانىدى، ئۇنىڭ سوغۇق، بىپەرۋا، مۇشۇكنىڭكىدەك سېرىق كۆزلىرىدە بايىقى ئىزتىراپتىن ئەسەر قالمىغانىدى. مېلېخوفنىڭ ھويلىسىغا يېقىن كەلگەندە ھەمراھلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ئايرىمقاراپ قويماستىن، پەس ئاۋاز بىلەن دېدى:

— تۇغۇلغان يېزام بىزنى مۇشۇنداق قارشى ئالىدىكەن! بىر ئاز تاماق يېۋېلىپ، ئاندىن ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭكىگە بېرىشقا توغرا كېلىدۇ... توختاپ تۇر، بىز تېخى كۆچ سىناپ كۆرىمىز!...

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ لاپاسىنىڭ ئاستىدا ئورۇش ماشىنىسىنى ئوڭلاۋاتاتتى. ئاتلىقلارنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كورشونوفنى تونۇپ، دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى.

— مەرھەمەت، خۇش كېلىپسىلەر، — دېدى ئۇ ئۇچۇق چىراي بىلەن يان ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، — بىز مېھمانلاردىن خۇرسەن بولىمىز، قەدىمىڭلار مۇبارەك بولسۇن!
— سالام، قۇدا! ئىسەن - ئامانمۇ سەن؟
— خۇداغا شۈكۈر، ھازىرچە يامان ئەمەس. خۇش، ئۆزۈڭ قانداق تۇردۇڭ، ئوفىتسىر بولۇپ قالدىڭمۇ؟
— ئاق پاگون تاقاش يالغۇز مېنىڭ ئوغۇللىرىمنىڭ پېشا-

نىسىگە يۆتۆلگەن دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ — دېدى مىتكا مەغرۇرلۇق
بىلەن، تومۇرلىرى چىقىپ قالغان ئۇزۇن قولىنى چالغا ئۇزىتىۋېتىپ.

— مېنىڭ ئوغۇللىرىم پاگونغا ئۈنچىلىك خۇشتار ئەمەس
ئىدى، — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى-
دە، ئات باغلايدىغان جايىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالدىنىراق
ماڭدى.

مېھماندوست ئىلئىنىچنا مېھمانلارغا چوشلۈك غىزا تارتقان-
دىن كېيىن پاراڭ باشلىنىپ كەتتى. مىتكا ئۆز ئائىلىسىگە تە-
ئەللۇق بولغان ھەممە ئىشلارنى تەپسىلىي سوراشتۇردى، ئەمما
كۆپ گەپ قىلمىدى، نە غەزەپ، نە قايغۇ - ھەسرىتىنى بىلدۈر-
مىدى. گەپ ئارىسىدا يېزىدا مىشكا كوشېۋوينىڭ ئائىلىسىدىن
كىم قالغانلىقىنى مۇنداقلا سوراپ قويغان بولىدى - دە، مىش-
كىنىڭ ئانىسى ئۆيىدە بالىلىرى بىلەن قالغانلىقىنى بىلىۋالغان-
دىن كېيىن باشقىلارغا سەزدۈرمەي لىپ قىلىپ سىلانتىغا كۆ-
زىنى قىسىپ قويدى.

مېھمانلار كۆپ ئۆتمەي كېتىشكە ھازىرلاندى. پانتېلېي
پروكوفيېۋىچ ئۇلارنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ سورىدى:

— يېزىدا خېلى ئۇزاق مېھمان بولامسەن؟

— ئىككى - ئۈچ كۈنلا تۇرماقچىمەن.

— ئاناڭ بىلەن كۆرۈشەمسەن؟

— كۆرۈشۈشكە توغرا كېلەرمىكىن.

— خوش، ھازىر يىراق يەرگە بارامسەن؟

— ھە،... يېزىداشلاردىن ئۇ - بۇلارنى يوقلاشقا بارىمەن.
بىز تېزلا قايتىپ كېلىمىز.

مىتكا ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن مېلېخوفلارنىڭ ئۆيىگە قايتىپ
كېلىشكە ئۈلگۈرمەستىنلا يېزىدا: «كورشونوف قالماقلار بىلەن
كېلىپ، كوشېۋوينىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ!» — دېگەن

مىش - مىش خەۋەر تارقىلىپ كەتتى.

ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمىغان پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئورغاق بىلەن تۆمۈرچىنىڭ قېشىدىن يېڭىلا قايتىپ كېلىپ، ئورۇش ماشىنىسىنى ئوڭلاشقا قايتىدىن كىرىشمەكچى بولۇۋىدى، ئەمما ئۇنى ئىلىنىچنا چاقىرىپ قالدى:

— بۇياققا كەلگىنە، پروكوفيىچ! تېزرەك!

موماينىڭ ئاۋازىدىن ئوچۇقلا تەشۋىشلىنىش ئاھاڭى بار ئىدى، شۇڭا ئەجەبلەنگەن پانتېلېي پروكوفيېۋىچ دەرھاللا ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

يىغا - زارە قىلغان، رەڭگى ئۆڭگەن ناتالىيە دەشنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئىلىنىچنا ئانىكۇشكىنىڭ ئايالىنى كۆزى بىلەن كۆرسىتىپ، بوغۇق ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— يېڭىلىقنى ئاڭلىدىڭمۇ، چال؟

«ھەي، گرىگورىيغا بىر نەرسە بولغانمىدۇ، خۇدايا ئۆزۈڭ ساقلا، كەرەم قىل!» — پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ ئىچىنى بىر گۇمان كۆيدۈرەتتى، ئۇ تامدەك ئاقىرىپ كەتتى - دە، قورقۇپ ۋە ھېچكىم گەپ قىلمىغانلىقتىن جەھلى چىقىپ ۋارقىرىدى:

— تېزرەك ئېيتساڭلارچۇ، لەنىتىلەر!... خوش، نېمە ۋەقە بولدى؟ گرىگورىيغا بىر نەرسە بولۇپتۇمۇ؟ — شۇندىن كېيىن چال، ۋارقىراشتىن دەرمانى كەتكەندەك، بەندىڭگە لاسسىدە ئولتۇرۇپ، دىر - دىر تىترەۋاتقان پۇتلىرىنى سىيلاشقا باشلىدى.

دۇناشكا ئاتىسىنىڭ گرىگورىي توغرۇلۇق قارا خەۋەر بارمىكىن دەپ قورقۇۋاتقانلىقىنى بىرىنچى بولۇپ سەزدى - دە، ئالدىرىماستىن گەپنى ئاچتى:

— ياق، دادا، بۇ خەۋەر گرىشا توغرۇلۇق ئەمەس. كوشېۋويلارنى مىترىي ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

— نېمە، ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ دېدىڭمۇ؟ — پانتېلېي پرو-
كوفيېۋىچنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئورنىغا چۈشتى - دە، دۇناشكا
دېگەن گەپلەرنى تېخىچە چۈشەنمەستىن، — كوشېۋويلارنى؟
مىترىينىمۇ؟ — دەپ قايتا سورىدى.

بۇ ئۆيگە يېقىنلىق يەتكۈزىمەن دەپ يۈگۈرۈپ كەلگەن ئانىكۇشكىنىڭ ئايالى ئولۇڭ - تەتۈر سۆزلەپ، ۋەقەنى ھېكايە قىلىشقا باشلىدى:

— تاغا، مەن موزاي ئىزدەپ، شۇ تەرەپكە بارغانىدىم، كوشېۋويلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، مىترىي ۋە يەنە ئىككى ئەسكەر ھويلىغا ئاتلىق كىرىپ كەلدى - دە، ئۇدۇل ئۆي تەرەپكە ماڭدى. مەن ئويلىدىمكى، موزاي شامال تۈگمىنىنىڭ نېرىسىغا ئۆتمەيدۇ، ھازىر ئوتلاۋاتقان يېرىدە ئوخشايدۇ...

— سېنىڭ موزىيىڭنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بار! — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

—... ھە، ئۇلار ئۆيگە كىرىپ كەتتى، — ئايال ھودۇقۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن نېمە بولۇركىن دەپ كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەنىكەن، ياخشىلىق يوق، دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدە ۋارقىراش باشلاندى، ئۇرۇۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇردى. مەن ئۆلگۈدەك قورقتۇم، قاچاي دەپ، قاشادىن نېرى كېتىشىم بىلەنلا، ئارقامدىن گۈسۈلدىگەن ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى؛ قايرىلىپ قارىسام، ھېلىقى سىلەرنىڭ مىترىي موماينىڭ بوينىغا ئارغامچا بىلەن سىرتماق سېلىپتۇ، خۇددى ئىتنى سۆرىگەندەك سۆرەپ كېلىۋاتىدۇ، تۈۋۋا قىلدىم خۇدايىم، ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن! ئۇنى سۆرەپ سارايىنىڭ قېشىغا ئەكەلدى، موماينىڭ يۈرىكى ئاجىز ئىدى، پەقەت ئۈن سېلىپ ۋارقىرىغىنى يوق، ھوشىدىن كەتكەن بولۇشى مۇمكىن؛

ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن قالماق لىم ياغاچنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى... قارىسام، مىترىي سىرتماقنىڭ بىر ئۇچىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىپ: «تارت، تۆگۈن قىلىپ چىگ!» — دەپ ۋارقىرىدى. ۋاي - ۋۇي، قورقۇپ، تېنىمدە جان قالمىدى! كۆز ئالدىمدا بىچارە مومايىنى بوغۇپ ئۆلتۈردى، ئاندىن ئاتلىرىغا ئىرغىپ مىنىپ، تار كوچا بىلەن كېتىشتى، ئىدارىگە قاراپ ماڭغان بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۆيگە كىرىشتىن قورقتۇم... ئەمما دەھلىزدىن، ئىشىكنىڭ بوسۇغىسى ئاستىدىن تاكى پەلەمپەيگىچە قان ئاققانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئاللاتائالا مۇنداق دەھشەتنى ئىككىنچى باشقا سالمىسۇن ۋە كۆرسەتمىسۇن!

— خۇدايىم بىزگە ئوبدان مېھمانلارنى ئەۋەتكەنىكەن! — دېدى ئىلئىنىچنا، نېمە دەركىن دەپ چالغا كۆز تىكىپ.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ قاتتىق ھاياجان ئىچىدە ھېكايىگە قۇلاق سالدى - دە، بىر ئېغىز سۆز قىلماستىن، دەرھال دەھلىزگە چىقتى.

كۆپ ئۆتمەستىن مىتكا ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن دەرۋازىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ تېز - تېز دىككاڭلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى.

— توختاپ تۇر! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ يىراقتىنلا، — ئاتلىرىڭنى قورۇغا كىرگۈزمەي تۇر!

نېمە بولدى، قۇدا؟ — دەپ سورىدى مىتكا ھەيران بولۇپ.

— ئېتىڭنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇرا! — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ يېقىن كەلدى - دە، مىتكىنىڭ پىرىلداپ تۇرغان سېرىق كۆزلىرىگە تىكىلىپ، قەتئىيلىك بىلەن دېدى، — قۇدا، ئاچچىقلانما، مەن سېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىشىڭنى خالىمايمەن. ياخشىلىقچە كەت، نەگە بارساڭ بار.

ـ ھـ ـ ھ ـ ھ ـ ھ...ـ دەپ ئاۋازىنى سوزدى مىتكا ۋە شۇ ئاندىلا چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتتى، ـ دېمەك، ئۆيۈڭدىن قوغلامسەن؟...

ـ ئۆيۈمنى بۇلغاپ ناپاك قىلىشىڭنى خالىمايمەن! ـ دەپ قەتئىيلىك بىلەن تەكرارلىدى چال، ـ ئىككىنچى ئۆيۈمگە ئاياغ باسقۇچى بولما. بىز، مېلېخوفلار جالاتلارنىڭ خىلى ئەمەس!

ـ ئەمدى چۈشەندىم! ئەمما سەن، قۇدام، بەكمۇ رەھىمدىل بولۇپ قاپسەن!

ـ خۇش، سېنىڭ خوتۇن كىشى بىلەن ئۇششاق باللارنى ئۆلتۈرگىنىڭگە قارىغاندا، رەھىم ـ شەپقەت دېگەن سەندە يوق ئوخشايدۇ! ھەي، مىتري، سېنىڭ بۇ كەسپىڭ يارىماس كەسىپ... مەرھۇم ئاتاڭ بۇ قىلىقىڭنى كۆرگەن بولسا، سەندىن رازى بولماس ئىدى!

ـ سەن قېرى ئەخمەق، ئۇلار بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇشۇمنى خالايتتىڭمۇ؟ دادامنى ئۆلتۈردى بوۋامنى ئۆلتۈردى، ئەمدى مەن ئۇلار بىلەن خىرىستىئانلارچە سۆيۈشمەكچىمۇ؟ ماڭ، يوقال، نەگە بارىدىغىنىڭنى بىلەمسەن؟...، ـ مىتكا قەھىر بىلەن تىزگىنىنى تارتىپ، ئېتىنى دەرۋازىنىڭ يان ئىشىكىدىن تاشقىرىغا چىقاردى.

ـ تىللىما، مىتري، سەن مېنىڭ بالام دەمسەتلىكسەن. سەن بىلەن ئارىمىزدا بۆلۈشىدىغان مىراس يوق. يولۇڭغا ماڭ، خۇدا يار بولسۇن!

مىتكا بارغانسېرى تاتىرىپ، قامچىسى بىلەن پوپوزا قىلىپ، بوغۇق ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى:

ـ سەن مېنى گۇناھقا ئىتتەرمە، ئىتتەرمە! ناتالىيىگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، بولمىسا مەن سەندەك شەپقەتچىنى ... مەن سەنلەرنى بىلىمەن!

سەنلەرنىڭ قانداق نەپەس ئېلىۋاتقىنىڭلار ماڭا بەش قولىدەك مەلۇم! دونيېتسىنىڭ ئېرىقى تەرىپىگە چېكىنگەندە سىلەر بارمىدىڭلارغۇ؟ قىزىللارغا تەسلىم بولدۇڭلارغۇ؟ گەپ مانا شۇنىڭدا!... سەن ئىتىنىڭ باللىرىنى تامامەن كوشۇويلارغا ئوخشاش دارغا ئېسىش كېرەك! كەتتۇق يىگىتلەر! ھە، توكۇر ئىت، ئۆزۈڭگە ھېزى بول، قولۇمغا چۈشۈپ قالغۇچى بولما! كۆلپەتلىرىمدىن قۇتۇلالمايسەن! سېنىڭ ئاش - تۇزۇڭنى قايتۇرىمەن! سەندەك تۇغقاننىڭ كېرىكى يوق!...

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ تىترىگەن قوللىرى بىلەن يان ئىشىكنى ئېتىپ، تاقىقىنى سالدى - دە، ئۆيگە دىككاڭلاپ ماڭدى.

— ئاكاڭنى قوغلىۋەتتىم، — دېدى ئۇ ناتالىيىگە قارىمايلا.

ناتالىيە كۆڭلىدە قېيىن ئاتىسىنىڭ بۇ قىلمىشىنى ماقۇللىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۈنچىقمىدى، ئىلىئىنىچنا تېز - تېز چوقۇنۇۋېلىپ، خۇشاللانغان ھالدا دېدى:

— خۇداغا يۈز قەتل شۈكرى: بېشىمىزدىن پالاكەت كەتتى! ناتاليوشكا، يامان سۆز قىلىپ قويسام، كەچۈر، ئەمما سىلەرنىڭ مىتكا ئىنتايىن ياۋۇز ئادەم چىقىپ قالدى! ئۆزىگە ئاشۇنداق خىزمەت تاپقان: باشقا كازاكلاردەك ھالال خىزمەتتە ئەمەس، كۆردۈڭمۇ، جاللاتلار ئەترىتىگە كىرگەن! جاللاتلىق قىلىش، مومايلارنى دارغا ئېسىش، مەسۇم باللارنى قىلىچ بىلەن چېپىش — بۇ كازاكلارنىڭ ئىشىمۇ؟! موماي بىلەن باللار مىشكا ئۈچۈن جاۋابكارمىكەن؟ ئۇنداق بولغاندا قىزىللار گرىشا ئۈچۈن سەن بىلەن بىزنى، مىشاتكا بىلەن پولىيۇشكىنى چېپىپ تاشلىسا بولاتتى، ھالبۇكى، چېپىپ تاشلىمىدى، بۇلار رەھىمدىل ئىكەن! ياق، خۇدا ساقلىسۇن، مەن مۇنداق قىلىشقا رازى ئەمەس!

— مەن ئاكامنى ياقلاۋاتقىنىم يوققۇ، ئانا...، — ناتالىيە

پەقەت شۇ گەپنىلا دېيەلىدى، ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يې-
شىنى ئېرتىپ تۇرۇپ.

مىتكا يېزىدىن شۇ كۈنىلا كەتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا،
ئۇ كارگىنىسكاياغا يېقىن بىر يەردە ئۆزىنىڭ جازا ئەترىتىگە
قوشۇلغانمىش، شۇ ئەترەت بىلەن بىللە دون ئوكروگىنىڭ ئوك-
رايىن يېزىلىرىدا تەرتىپ ئورنىتىش ئۈچۈن بارغانمىش، چۈنكى
بۇ يېزىلارنىڭ ئاھالىسى يۇقىرىقى دون قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا
قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلىنىك ئىكەن.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن بىر ھەپتىگىچە يېزىدا تۈرلۈك مىش-
مىش پاراڭ بولۇپ تۇردى. كۆپچىلىك مىتكىنىڭ ئۆز بېشىم-
چىلىق بىلەن سوت يۈرگۈزۈپ، كوشىۋوي ئائىلىسى ئۈستىدە جازا
يۈرگۈزگەنلىكىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ئۆلگەنلەرنى جامائەت مەب-
لىغى خىراجىتى بىلەن دەپنە قىلىشتى؛ كوشىۋويلارنىڭ ئۆيىنى
ساتماقچى بولۇشقانىدى، ئەمما سېتىۋېلىشقا ئادەم چىقمىدى.
يېزا ئاتامانىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە دېرىزە قاپقاقلىرىنى تاختاي
بىلەن مىخلاپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ۋاقىت باللار بۇ
قورقۇنچلۇق جاينىڭ ئەتراپىدا ئوينىشتىن قورقۇپ يۈرۈشتى،
چاللار بىلەن موماي‌لار بولسا ۋارىسلىرى قالمىغان بۇ ئۆينىڭ
يېنىدىن ئۆتكەندە چوقۇنۇپ، مەرھۇملارنىڭ روھىنى دۇئا بىلەن
ياد قىلىشاتتى.

كېيىن دالادا پىچان ئورۇش باشلاندى - دە، يېقىندا بو-
لۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ئۇنتۇلۇپ قالدى.

يېزىدىكى ھايات ئاۋۋالقىدەكلا ئىش - ئەمگەك ۋە فرونت
توغرىسىدىكى مىش - مىشلەرنى ئاڭلاش بىلەن ئۆتەتتى. ئىش
ھايۋانلىرى ئامان قالغان ئۆيلەر ئات - ئۇلاغلىرى سەيسىگە
تۇتۇلغاندا ئاھ - ۋاھ قىلىشاتتى، تىل - قارغىش ياغدۇراتتى.
ھەر كۈنى دېگۈدەك ئات ۋە ئۆكۈزلىرىنى ئىشتىن ئايرىپ، يېزا

بازىرىغا ئەۋەتىشكە توغراكېلەتتى. چاللار ئاتلىرىنى ئۇرۇش مەشىنىلىرىدىن چىقىرىۋاتقاندا، ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشنى يامان سۆز بىلەن ئەسلەيدىغان بولدى، ئەمما سىنارەت، ئوق - دورا، دۆگىلەك ئورالغان تىكەنلىك سىملارنى ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى فرونتقا توشۇش لازىم ئىدى، شۇڭا توشۇپ تۇرۇشتى. شۇ كۈنلەردە پىشىپ يېتىلگەن ئوت - چۆپلەرنى، بولۇپمۇ يەم - خەشەك قىلىدىغان ئوتلارنى ۋاقتىدا ئورۇپ يىغىۋال دېگەندەك، هاۋارايى ئوبدان بولۇپ بەردى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئوت ئورۇشقا تەييارلىنىۋېتىپ، دارىيىگە ئىنتايىن غەزەپلەندى. چۈنكى ئۇ بىر جۈپ ئۆكۈز قوشۇلغان هارۋىدا ئوق - دورا ئەكەتكەن بولۇپ، داۋان ئاشقاندىن كېيىنكى دەسلەپكى پونكىتتىلا قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما بىر هەپتە ئۆتۈپ كەتتى، هېچقانداق خەۋەر بولمىدى؛ بۇ بىر جۈپ بۇرۇندىن ئىشقا كۆنگەن ئىشەنچلىك ئۆكۈز بولمىغاندا دالادا هېچبىر ئىشنى پۈتتۈرگىلى بولمايتتى.

ئەسلىدە دارىيىنى ئەۋەتمەسلىك كېرەك ئىدى... پانتېلېي پروكوفيېۋىچ كېلىنىنىڭ ئويۇن - تاماشا بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە ئامراقلىقىنى، چارۋا مالغا تۈزۈك كۆيۈنمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، كۆڭلى غەش بولغان هالدا ئۆكۈزلەرنى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تاپشۇردى، چۈنكى ئۇنىڭدىن باشقا هېچكىم تېپىلمىغانىدى. دۇنياشكىنى ئەۋەتىشكە هەرگىز بولمايتتى، بۇنىڭ سەۋەبى — ياش قازاقلار بىلەن ئۇزاق يولغا سەپەر قىلىش قىزلارنىڭ ئىشى ئەمەس؛ ناتالىيىنىڭ ئۇششاق باللىرى بار؛ بۇ لەنىتى ئوقلارنى چالنىڭ ئۆزى ئاپارسۇنمۇ؟ دارىيىنىڭ بەك بارغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇ بۇرۇنمۇ بىر يەرگە بېرىشقا تولىمۇ زوقمەن ئىدى: تۈگمەنگە، سۆك ئاقلاشقا ياكى باشقا ئېھتىياجلىق ئىشلارغا جان دەپ باراتتى، بۇنداق ئىشلارغا تەلەپكار بولۇشنىڭ سەۋەبى پە-

قەت شۇ ئىدىكى، ئۆيدىن ئايرىلىپ سىرتقا چىقسا، ئۆزىنى چەكسىز ئەركىن ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ ھەر قېتىمقى سەيرى راھەت، ھوزۇر بېغىشلايتتى. قېيىن ئانىسىنىڭ كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرۇشىدىن قۇتۇلغاندا، ئۇ خوتۇنلار بىلەن قانغۇچە غەيۋەت پاراڭلارنى توقۇپ چىقىرالايتتى ۋە ئۆزى ئېيتقاندەك، كۆڭلىگە يېقىپ قالغان بىرەر ئەپچىل كازاك بىلەن «ئات ئۈستى مۇھەببەت باغلاشقا» ئىمكانىيەت تاپالايتتى. ئۆيدە بولسا پېترو ئۆلگەندىن كېيىن قاتتىق قول ئىلئىنىچنا ئۇنىڭغا ئەرك بەرمەيگەندى، ئېھتىمال، ئېرى ھايات ۋاقتىدا بىۋاپالىق قىلىپ يۈرگەن دارىيە ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن بولسىمۇ ساداقەتلىكلىكىنى ساقلاش بۇرچى بار دېگەن بولۇشى مۇمكىن.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ چوڭ كېلىنىنىڭ ئۆكۈزلەرگە ئۆز ئىگىسىدەك جان كۆيدۈرۈپ قارىمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى، ئەمما ئىلاجسىزلىقتىن يەنە شۇ كېلىنىنى يولغا سالدى. يولغا سېلىشنى يولغا سېلىپ قويدى، بىراق بىر ھەپتىدىن بۇيان قاتتىق تەشۋىشتە قېلىپ، كۆڭلى زادىلا ئارام تاپمىدى. ئۇ يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ: ئۆكۈزلىرىم تۈگىشىدىغان بولدى! دەپ تالاي قېتىم ئويلىدى.

دارىيە 11 ـ كۈنى ئەتىگەندە قايتىپ كەلدى. پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ يېقىلا ئېتىزدىن قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ چۆپنى ئانىكۇشكىنىڭ ئايالى بىلەن شېرىكلىشىپ ئورغانىدى. دۇناشكا بىلەن ئاشۇ ئايالنى دالادا قويۇپ، ئۆزى يېزىغا سۇ بىلەن تاماق ئالغىلى كەلگەنىدى. قېرىلار بىلەن ناتالىيە ئەتىگەنلىك تامىقىنى يەۋاتقاندا يىراقتىن قۇلاققا تونۇش تورۇكلىدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، كۆپ ئۆتمەي بىرىچكىنىڭ چاقلىرى دېرىزىنىڭ يېنىدا گۈلدۈرلەشكە باشلىدى. ناتالىيە چاققانلىق بىلەن دېرىزىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ھېرىپ ـ چارچىغان، ئورۇقلاپ

گەتكەن ئۆكۈزلەرنى ھويلىغا ھەيدەپ كىرگۈۋاتقان دارىيەنى كۆرۈ-
دى، دارىيە يۈزىنى رومال بىلەن كۆزىگىچە ئورىۋالغانىدى.
— شۇمىكەن؟ — دەپ سورىدى چال، چالا چاينالغان لوقمىنى تەسلىكتە يۇتۇپ.
— دارىيە!
— ئۆكۈزلەرنى كۆرۈشتىن ئۈمىد ئۈزگەنىدىم! خۇدايا، ساڭا شۈكرى! ھۇ، لەنىتى بەتبەخت! قايتىپ كەلىمىكى ئەجەب تەس بولدى!...، — دەپ كوتۇڭشىپ قويدى چال چوقۇنۇپ تۇرۇپ ۋە راسا بىر كېكىرىپ.
دارىيە ئۆكۈزلەرنى ھارۋىدىن چىقىرىپ، ئاشخانىغا كىردى-دە، تۆت قاتلاقلىق چىپتىنى بوسۇغىنىڭ تۆۋىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۆيدىكىلەر بىلەن تىنچلىق سوراشتى.
— نېمانچە يوقاپ كېتىسەن، سۆيۈملۈكۈم! ئۆز مەيلىڭچە بولغاندا، يەنە بىر ھەپتە يۈرەتتىڭ! — دېدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاچچىقى بىلەن، دارىيەگە كۆزىنىڭ ئاستىدىن قاراپ، ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب بەرمەستىن.
— ئۆزىڭىز بارسىڭىز بوپتىكەن! — دەپ غوڭشىدى دارىيە چاڭ باسقان روملىنى بېشىدىن ئېلىۋېتىپ.
— نېمانچە ئۇزاق يۈردۈڭ؟ — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ئىلىئىنىچنا كۆرۈشەر-كۆرۈشمەستىنلا ئارىدا پەيدا بولغان سوغۇقچىلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن.
— قويۇۋەتمىدى، شۇڭا ئۇزاق يۈردۈم.
پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بۇ گەپكە ئىشەنمەستىن بېشىنى چايقاپ:
— خرىستونىيەنىڭ خوتۇنىنى دەسلەپكى مال چۈشۈرىدىغان پونكىتتىن ياندۇرۇۋېتىپتۇ-يۇ، ئەجەب سېنى ياندۇرماپتۇ-غۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مېنى قويۇۋەتمىدى! — دارىيە كۆزىنى ئالايتۇردى - دە، قوشۇپ قويدى، — ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز، بېرىپ كارۋان باشلىقىدىن سوراڭ.

— سېنىڭ ئىشىڭنى سورۇشتۇرۇشنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، ئەمما كېيىنكى قېتىمدا بارماي، ئۆيدە ئولتۇر. سېنى پەقەت ئەجەل ئۈچۈنلا ئەۋەتىش مۇمكىن.

— مېنى تولا قورقۇتماڭ! ۋايجانەي، قورقۇتۇۋاتقىنىنى! مەن ئۆزۈممۇ بارمايمەن! ئەۋەتسىڭىزمۇ بارمايمەن!

— ئۆكۈزلەر ساقمۇ؟ — چال ئەمدى مۇلايىمراق سورىدى.

— ساق. ئۆكۈزلىرىڭىز ھېچنېمە بولمىدى...، — دارىيە خالار - خالىماستىن جاۋاب قايتۇردى، چىرايى قاراڭغۇ كېچىدەك تۇتۇلغانىدى.

يولدا سۆيگەن كىشىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ياۋۇزلىشىپ قالغان، دەپ ئويلىدى ناتالىيە.

ئۇ ھەمىشە دارىيىگە ۋە ئۇنىڭ ناپاك ئىشق - مۇھەببەت ماجىرالىرىغا ئېچىنىش ھەم يىرگىنىش بىلەن قارايدىغانىدى.

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن پانتېلېي پروكوفيېۋىچ مېنىشقا تەييارلانغانىدى، ئەمما شۇ چاغدا يېزا ئاتامانى كېلىپ قالدى.

— ساڭا ئاق يول تىلەيمەن دېسەم بولاتتى، ئەمما توختاپ تۇر، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، كەتمەي تۇرغىن.

— يەنە ھارۋا ئېلىشقا پالاقلاپ كەلمىگەنسەن؟ — دەپ سورىدى چال ياسىما ئىتائەتمەنلىك بىلەن، ئەمما قەھر - غەزەپتىن دېمىنى ئالالماي قالدى.

— ياقەي، باشقا بىر ئىش بىلەن. بۈگۈن بىزنىڭ بۇ يەرگە پۈتۈن دون ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى، گېنېرال سىدورىن

كەلمەكچى، چۈشەندىڭمۇ؟ بابا چاپارمەن ئارقىلىق بازارئاتاماندىن جىددىي ئۇقتۇرۇش قەغىزى ئالدىم، ئۇقتۇرۇشتا قىرىللار بىلەن خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولسۇن دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

— ئۇلارنىڭ ئەقلى جايىدىمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، — مۇشۇنداق ئىشنىڭ قىزىغان قاتلاڭچىلىق ۋاقتىدا يىغىن ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان كىم؟ ماڭا قىشلىق ئوتچۆپنى سېنىڭ گېنېرال سىدورنىڭ يىغىپ بېرەمدۇ؟

— ئۇ ھەر ئىككىمىزگە ئوخشاش، ساڭا قانداق گېنېرال بولسا، ماڭىمۇ شۇنداق، — دېدى ئاتامان ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — ماڭا نېمىنى قىل دەپ بۇيرۇسا، مەن شۇنى قىلىمەن. ئۆكۈزلەرنى ھارۋىدىن چىقار! نان - تۇز بىلەن قارشى ئېلىش كېرەك. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىتتىپاقداشلارنىڭ گېنېراللىرىمۇ كېلەرمىش.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۈنچىقماستىن ھارۋىنىڭ قېشىدا بىردەم تۇردى - دە، بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن ئۆكۈزلەرنى چىقىرىشقا باشلىدى. ئاتامان ئۆز گېپىنىڭ تەسىر قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، شادىمان بولغان ھالدا سورىدى:

— سېنىڭ بايتىلىڭدىن پايدىلانغىلى بولماسمۇ؟

— نېمە قىلماقچىدىڭ؟

— كىرپە تىكىنى سانجىلغۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن يامان سايغا ئىككى ترويكا* ئەۋەتىلسۇن دەپ بۇيرۇق قىلىنىپتۇ. ئۇلارغا تارانتاس** نەدە تۇرۇپتۇ، ئاتلارنى نەدىن ئالسەن، ئەقلىغا سىغمايدىغان گەپ! تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ،

---

* ترويكا — ئۈچ ئات قوشۇلىدىغان رېسورلىق ئىمزۋاش.

** تارانتاس — تۆت چاقلىق ئۈستى يېپىق سىلىق ھارۋا.

يۈگۈرۈۋاتىمەن، كۆڭلىكىمنى بەش قېتىم سىقتىم، ئاران تۆت ئات تاپتىم. خەلقنىڭ ھەممىسى ئىشتا، ۋارقىراش ـ جارقىراشتىنمۇ ئىش چىقمىدى.

كۆڭلى ئېرىپ قالغان پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بايتالنى بېرىشكە ماقۇل كېلىپ قالدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ رېسورلىق كىچىك تارانتاسىنى بېرەيمۇ دېدى. قانداق بولمىسۇن، ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى چۈشىدىكەن. يەنە كېلىپ چەتئەل گېنېراللىرىمۇ بىرگە ئىكەن، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ گېنېراللارغا ھەمىشە ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن قارايدىغانىدى...

ئاتامانىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئاران بالالىقتا ئىككى ترويكا تەييارلىنىپ، ھۆرمەتلىك مېھمانلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن يامانىيارغا ئەۋەتىلدى. مەيدانغا خەلق توپلىنىۋاتاتتى. نۇرغۇن ئادەملەر ئوت ئورۇشنى تاشلاپ، دالادىن يېزىغا ئالدىراش كەلگىلى تۇردى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئىشقا قول سىلكىپ، ياسىنىشقا كىرىشتى، ئۈستىگە پاكىز كۆڭلەك، لامپاسلىق مووۇت شىم، بېشىغا بىر چاغدا گرىگورىي سوۋغاتقا ئەكەلگەن فۇراژكىسىنى كىيدى ـ دە، دۇناشكىغا سۇ بىلەن تاماقنى دارىيىدىن ئەۋەت، دەپ مومايغا بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى مەيدانغا سىپايىلىك بىلەن ئاقساقلاپ مېڭىپ كەتتى.

كۆپ ئۆتمەي چوڭ يول ئۈستىدە قويۇق چاڭ ـ توزان قۇيۇندەك پىرقىراپ كۆتۈرۈلدى ـ دە، دەرھال ئېقىم بولۇپ يېزىغا ئاقتى، چاڭ ـ توزان ئارىسىدىن مىتالدەك بىر نەرسە پارقىراپ كۆرۈندى. يىراقتىن ئاپتوموبىل گۇدۇكىنىڭ خۇش ئاھاڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مېھمانلار قارامتۇل كۆك سىرلانغان يېپ-يېڭى ئىككى ئاپتوموبىل بىلەن كېلىۋاتاتتى؛ ئۇلارنىڭ كەينىدە خېلى يىراقتا ئىككى ترويكا بوپبوش تاراقلاپ چېپىپ كې

لىۋاتاتتى، ئۇلار ئوت ئوروشتىن قايتقان ئوراقچىلاردىن ئۆزۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاتامان تەنتەنىلىك ۋەقە ئۈچۈن تاپقان پوچتا قوڭغۇراقلىرى دوگا ئاستىدا دۈڭلۈق جاراڭلايتتى. مەيدان-دىكى خەلق توپى ئىچىدە سېزىلمەرلىك بىر جانلىنىش پەيدا بولدى، گۈدۈك - گۈدۈك پاراڭ باشلاندى، بالىلارنىڭ خۇشال چۇرقىراشلىرى ئاڭلىناتتى. گاڭگىراپ قالغان ئاتامان توپ ئىچىدە ئۇيان - بۇيان يۈرۈپ، مۆتىۋەر قېرىلارنى يىغىش بىلەن ئاۋارە ئىدى، بۇ قېرىلار دېگەن بىلەن نان - تۇز تۇتۇشقا تېگىشلىك ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى پانتېلېي پروكوفيېۋىچقا چۈشۈ-كەچ، خۇشاللىقىدىن بۇ چالغا مەھكەم يېپىشتى.

— خۇدا ھەققى، بۇ ئىشتىن مېنى قۇتقۇز! كۆپنى كۆرگەن ئادەمسەن، مۇئامىلە قىلىشنىڭ يولىنى بىلىسەن... ئۇلار بىلەن قانداق كۆرۈشۈشنى، قانداق تىنچلىق سوراشنى ياخشى بىلىسەن... يەنە كېلىپ سەن ھەربىي كرۇگنىڭ ئەزاسىغۇ. ئوغلۇڭمۇ ئۇنداق - مۇنداق ئادەم ئەمەس... قېنى، مەرھەمەت قىل، نان - تۇزنى ئال، چۈنكى مۇنداق ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، قورقۇپ تۇرىمەن، تىزلىرىممۇ تىترەۋاتىدۇ.

بۇ شەرەپكە ئىنتايىن مەمنۇن بولغان پانتېلېي پروكوفيېۋىچ دەسلەپتە ئەدەب ساقلاپ، ئۇنىمىدى، كېيىن بىردىنلا بېشىنى ئىچىكە تىقىپ، چاققانلىق بىلەن چوقۇندى - دە، ئۈستىگە كەشتىلىك لۆڭگە يېپىلغان نان - تۇز قويۇلغان لېگەننى قولىغا ئالدى؛ ئىككى جەينىكى بىلەن توپنى يېرىپ، ئالدى تەرەپكە چىقتى.

ئاپتوموبىللار مەيدانغا ئۇچقاندەك تېز يېقىنلىشىپ كەلدى، بىر توپ ھەر خىل ئىتلار كاڭشىپ، ماشىنىغا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

— سەن... قانداق؟ يۈرىكىڭ پوكۇلدىمىغاندۇ؟ — دەپ ئاستا پىچىرلاپ سورىدى چىرايى ئۆڭگەن ئاتامان پانتېلېي پروكوفيېۋىچتىن. مۇنداق چوڭ باشلىقلارنى ئۇ بىرىنچى قېتىم

كۆرۈشى ئىدى، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ كۆزىنىڭ كۆكۈش ئېقىنى پارقىرىتىپ، ئۇنىڭغا قىيا باقتى ـ دە، ھاياجانىدىن خىرىلداپ سۆزلەپ:

— مە، تۇتۇپ تۇر، مەن ساقلىمىسى تارتىۋالاي، قولۇڭغا ئېلىپ تۇرغىن! — دېدى.

ئاتامان لېگەننى مەمنۇنىيەت بىلەن قولىغا ئالدى، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ساقال ـ بۇرۇتىنى سىيلاپ ـ سىيپىلاپ، ياشلارغا خاس قەددىنى رۇسلىدى ـ دە، ئاقساقاللىقنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن ھېيىپ ئايىغىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، لېگەننى قايتىدىن قولىغا ئالدى. ئەمما لېگەن قولىدا شۇنداق سىلكىنىپ كەتتىكى، ئاتامان چۆچۈپ كېتىپ:

— قولۇڭدىن چۈشۈپ كەتمىسۇن يەنە؟ ئۇھ، كۆزۈڭگە قارا! — دېدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ پەسەنت قىلمىغاندەك مۇرىسىنى چىقىرىپ قويدى. بۇ نەرسىنى ئۇ قولىدىن چۈشۈرۈپ تاشلارمىش! ئادەم دېگەن مۇنداقمۇ ئەخمىقانە گەپنى قىلىدىكەن! ئۇ ھەربىي كرۇگىنىڭ ئەزاسى تۇرۇقلۇق ۋە ناكازنوي ئاتامانىنىڭ قەسرىدە ھەممە گېنېراللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدىغان ئادەم تۇرسا، نەدىكى بىر گېنېرالدىن توساتتىن قورقۇپ كېتەرمۇ؟ مۇنۇ بىچارە يېزا ئاتامانى ئۇزۇل ـ كېسىل ئەقلىدىن ئازغان ئوخشايدۇ!

— مەن، بۇرادەر ئەزىز، ھەربىي كرۇگدىكى چېغىمدا ناكازنوي ئاتامانىنىڭ ئۆزى بىلەن چايغا قەنت سېلىپ ئىچكەن ئادەم تۇرسام...، — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ سۆز باشلىدىيۇ، شۇئاندىلا جىم بولۇپ قالدى.

ئالدىدا ماڭغان ئاپتوموبىل ئۇنىڭدىن ئون قەدەم يەردىلا توختىغانىدى. كەڭ كۆزىركىلىق فۇراژكا كىيگەن، مۇرىسىگە

رۇسلارنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان تارغىنا پاگون تاقىغان، ساقال ـ بۇرۇتى قىرىلغان شوپۇر دىككىدە سەكرەپ چۈشۈپ، ئىشىكنى ئاچتى. ئاپتوموبىلدىن ماش رەڭ كىيىم كىيگەن ئىككى ھەربىي ئادەم ئۆزىنى سىپايى تۇتقان ھالدا چۈشۈپ، خالايىق تەرەپكە يول ئالدى. ئۇلار توغرىلا پانتېلېي پروكوفيېۋىچقا قاراپ مېڭىشتى، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بولسا قەددىنى رۇسلىغان پېتى تىك قېتىپ تۇردى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە مۇنۇ ئاددىي كىيىنگەن ئادەملەر نەق گېنېراللارنىڭ ئۆزى، ئاۋۇ ئارقىدا كېلىۋاتقان ۋە كۆرۈنۈشتە چىرايلىق كىيىنگەنلەر بولسا — ئاشۇ گېنېرال-لارغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن تۆۋەن دەرىجىلىك مۇلازىملار دەپ جەزم قىلدى. چال يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان مېھمانلارغا كىرىپىك قاقماستىن قاراپ كەتتى، ئۇنىڭ قارىشىدا بارغانسېرى يوشۇرۇپ بولمايدىغان بىر ھەيرەت ئەكس ئېتەتتى. ئۇنىڭ گېنېراللىق زەرباپ پاگونلىرى قېنىدۇ؟ كالۇۋتۇن باغلىرى بىلەن ئوردېنلىرى قېنىكىن؟ ئۇلارنىڭ تۇرقىغا قارىغاندا، ئادەتتىكى سولدات كاتىپ-لاردىن ھېچقانداق پەرقى يوق تۇرسا، ئۇلارنى قانداقمۇ گېنېرال دەيسەن؟ پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ بىردەمدىلا ھەپىلىسى پۈر بولدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك تەنتەنە بىلەن قارشى ئېلىشقا تەييارلانغانلىقى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئەلەم قىلدى ۋە گې-نېرال دېگەن نامنى بۇلغايدىغان بۇ گېنېراللارغا غەزەپلەندى. ئاپلا، ئەگەر ئۇ بۇنىڭدەك گېنېراللارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، مۇنچىلىك كۆڭۈل قويۇپ كىيىنمىگەن بولاتتى، ئۇلارنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمىگەن بولاتتى، ھەر ھالدا قايسىبىر ماكتا خوتۇن چالا پىشۇرغان ناننى لېگەن بىلەن خونچىلاپ تۇتۇپ، ئەخمەق ئادەمدەك بۇ يەردە تۇرمىغان بولاتتى. ياق، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ھېچقاچان كىشىلەرگە مەسخىرە بولغان ئەمەس، مانا ھازىر كۈلكىگە قېلىۋاتىدۇ: ئۇ بىر مىنۇت ئىلگىرى

ئارقىسىدا تۇرغان بالىلارنىڭ يىغلاپ كۆلگەنلىكىنى ئۆز قۇ-
لىقى بىلەن ئاڭلاپ قالدى، ھەتتا بىر ھارامزادە: «بالىلار!
قاراڭلار، توكۇر مىلىخوفنىڭ قانداق ئېگىلگەنلىكىنى! خۇددى
قىلتىرىقلىق بېلىقنى يۇتۇۋالغاندەك!» — دەپ گېلى يىرتىلغىچە
ۋارقىرىدى. كاشكى بۇنداق مەسخىرىگە چىداشلىق بېرىشكە
ۋە تارىدەك سوزۇلۇپ، ئاغرىق پۇتۇڭنى قىيناشقا ئەرزىگۈدەك
بىر ئىش بولسىچۇ مەيلى ئىدى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ
غەزەپتىن ئىچى تىت - تىت بولۇپ كەتتى. ھەممە نەرسىگە
ئاشۇ لەنتى تۇخۇ يۈرەك يېزا ئاتامانى سەۋەب بولغان! ئۇ
كەلدى - دە، ئالدامچىلىق بىلەن ۋالاقلاپ، بايتالنى ۋە تاران-
تاسنى ئالدى، تىلىنى ساڭگىلىتىپ پۈتۈن يېزا ئىچىدە يۈگۈرۈپ
يۈردى، ترويكىلار ئۈچۈن كولدۇرما - قوڭغۇراق ئىزدىدى. دەر
ھەقىقەت ياخشىراق بىر نەرسە كۆرمىگەن ئادەم ئەسكى - تۈسكى
نەرسىگىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىدىكەن. ئۆز ئۆمرىدە پانتېلېي
پروكوفيېۋىچ مۇنداق گېنېراللارنى تالاي كۆرگەنغۇ! مەسىلەن،
ئۆز ۋاقتىدا ئىمپېراتور قاتناشقان ھەربىي كۆرەكتە بەزىبىر
گېنېرال ئۆتەتتى — مەيدىسى تامامەن كرېست، مېداللار بىلەن
تولغان، كىيىملىرىگە زەر ئۇقا تۇتۇلغان: قارىساڭ كۆڭلۈڭ
سۆيۈنىدۇ. گېنېرال ئەمەس، چىرايلىق بۈت سەنەم! مۇنۇ گېنې-
راللارچۇ — خۇددى كۆك قاغىغا ئوخشاش يېشىل چاپان
كىيگەن بىرنېمىلەر: ھەتتا بېشىدا ھەربىي فورمىغا لايىق فۇراژ-
كىسىمۇ يوق، قانداقتۇر داكىدىن سەللىگە ئوخشاش بىرنېمىنى
ئورىۋالغان، ئەپت - بەشىرىسى پاكىز قىرىلغان، چىراغ يېقىپ
ئىزدىسەڭمۇ، بىرتال تۈك تاپالمايسەن... پانتېلېي پروكوفيېۋىچ
قاپىقىنى تۈردى ۋە نەپرەتلىنىپ يەرگە بىرنى تۈكۈرمەكچىدى،
ئەمما بىسىرى دۈمبىسىدىن قاتتىق ئىتتەردى - دە، ئۈنىنى
چىقىرىپ يېچىرلىدى:

— قېنى، ماڭغىن، ئاپار!

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئالغا قاراپ قەدەم تاشلىدى. گېنېرال سىدورىن ئۆزىنىڭ بېشى ئۈستىدىن خالايىققا نېرىدىن بېرى بىر قاراپ چىقتى-دە، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن:

— سالام، جانابىي ئاتىلار! — دېدى.

— سىزگە سالامەتلىك تىلەيمىز، جانابىي ئالىيلىرى! — دەپ گۈدۈڭلاشتى يېزا ئادەملىرى مۇقەددەم-ئاخىر.

گېنېرال نان-تۇزنى پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ قولىدىن ئىلتىپات بىلەن ئېلىپ: «رەھمەت!» — دېدى-دە، لېگەننى ئاديۇتانتقا بەردى.

سىدورىننىڭ يېنىدا تۇرغان ئۇزۇنتۇرا ۋىجىك ئىنگلىز پولكوۋنىكى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان تۆمۈر قالپىقىنىڭ ئاستىدىن كازاكلارغا سوغۇق بىر قىزىقىش بىلەن قاراپ قوياتتى. بۇ ئادەم كاۋكازدىكى بىرىتانىيە ھەربىي ئۆمىكىنىڭ باشلىقى گېنېرال برىگسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يولغا چىققان بولۇپ، بولشېۋىكلاردىن تازىلانغان دون ھەربىي رايونى تۆۋرىقى بويلاپ تەپتىش سەپىرىگە چىققان گېنېرال سىدورىنغا ھەمرا بولۇپ كەلگەن ۋە شۇ جەرياندا تەرجىمان ئارقىلىق كازاكلارنىڭ كەيپىياتىنى تەپسىلىي ئۆگىنىۋاتاتتى ھەم فرونتتىكى ئەھۋال بىلەن تونۇشۇۋاتاتتى.

يولنىڭ جاپاسى، بىر خىلدىكى دالا مەنزىرىسى، زېرىكىشلىك پاراڭلار ۋە بولارغا قوشۇلۇپ بۈيۈك دۆلەتنىڭ ۋەكىلى سوپىتىدە ئۆز ئۈستىگە ئالغان بىر قاتار مۇرەككەپ ۋەزىپە پولكوۋنىكنى تازا چارچاتقانىدى، ئەمما كارول خىزمىتىنىڭ مەنپەئەتلىرى ھەممىدىن مۇھىم تۇرىدۇغۇ! شۇڭلاشقا ئۇ بازار مەركىزى ناتىقىنىڭ سۆزىگە دىققەت

بىلەن قۇلاق سېلىپ، دېيەرلىك پۈتۈن مەنىسىنى چۈشەندى، چۈنكى ئۇ رۇس تىلىنى بىلەتتى، بۇنى باشقىلاردىن يوشۇرۇپ يۈرەتتى. ئۇ بۇ يەرگە يىغىلغان ئاشۇ جەڭگىۋار دالا ئوغۇللىرىنىڭ خىلمۇ خىل قارىداق چېھرىلىرىگە ھەققىي بىرىتانىيىچە تەكەببۇرلۇق بىلەن نەزەر سېلىپ، ھەر دائىم كازاكلار توپىغا بىر قاراپلا كۆزگە چېلىقىدىغان بۇنداق ئىرقى ئارىلاشمىغا ھەيرەتتە قالدى: ئەنە مەللەرەڭ چاچ كازاك - سلاۋيانىنىڭ يېنىدا تېپىك موڭغۇل تۇرۇپتۇ، بەسلىشىشكە تامامەن مۇمكىنكى، ئاشۇ ھاسا تايىنىۋالغان، كونا مودىدىكى كازاك چەكمەنى كىيگەن روھانىينىڭ تومۇرلىرىدا كاۋكاز تاغلىقلىرىنىڭ ساپ قېنى ئاقىدىغانلىقىدا گەپ يوق ...

پولكوۋنىك تارىخنى ئاز-تولا بىلەتتى: ئۇ كازاكلارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ، ئىچىدە: يالغۇز مانا شۇ ۋارۋارلارلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ نەۋرىلىرىمۇ قانداق بولمىسۇن يېڭى بىر پلاتوفنىڭ* قوماندانلىقى ئاستىدا ھىندىستانغا قەدەم باسالماس، دەپ ئويلىدى. بولشېۋىكلار ئۈستىدىن غەلىبە قازانغاندىن كېيىن ئىچكى ئۇرۇشتا قانسىراپ ھالىدىن كەتكەن روسىيە ئۇزاق ۋاقىت چوڭ دۆلەتلەر قاتارىدىن چىقىدۇ-دە، يېقىنقى ئون يىل مابەينىدە بىرىتانىيىنىڭ شەرقتىكى ئىگىلەپ تۇرغان يەرلىرىگە ھېچقانداق تەھدىت تۇغدۇرمايدۇ. بولشېۋىكلارنى يېڭىدىغانلىقىغا پولكوۋنىكنىڭ ئىمانى كامىل. ئۇ پاراسەتلىك ئادەم بولۇپ، ئۇرۇشتىن ئىلگىرى روسىيىدە ئۇزاق تۇرغان، شۇڭا تەبىئىيكى، يېرىم

* پلاتوف (1751 — 1818) — دون كازاكلىرى قوشۇنىنىڭ ئاتامانى. ئاتلىق ئەسكەرلەر گېنېرالى. سۇۋوروفنىڭ سەپدىشى. 1812 - يىلىدىكى ۋەتەن ئۇرۇشىدا دون كازاكلىرى كورپۇسىغا قوماندانلىق قىلغان — ت.

ياۋايى مەملىكەتتە كوممۇنىزمنىڭ خىيالىي غايىسىنىڭ تەنتەنە قىلىشىغا ئۇ ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ...

گۇدۇڭ - گۇدۇڭ پىچىرلىشىۋاتقان خوتۇنلار پولكوۋنىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى. ئۇ بېشىنى بۇرىماستىنلا ئۇلارنىڭ شامالدىن يېرىلغان، ياڭاق سۆڭىكى چىققان يۈزلىرىگە كۆز يۈگۈرتتى - دە، مەھكەم قىسىلغان لەۋلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس مەنسىتمەيدىغان ئىستېھزا پەيدا بولدى.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ نان - تۇزنى تاپشۇرغاندىن كېيىن خالايىقنىڭ ئىچىگە ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇ ۋېشېنسكايالىق بىر ئاتىقنىڭ بۇ يەرگە كەلگەن مېھمانلارنى ۋېشېنسكايا خەلقى نامىدىن تەبرىكلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرماستىن، توپنى ئايلىنىپ، يىراقراقتا تۇرغان ترويكىلارغا قاراپ يول ئالدى.

ئاتلار كۆپۈكتەك تەرگە چۆمگەن بولۇپ، ئىككى بىقىنى لوكۇلداپ تۇراتتى. چال ئوتتۇرىغا قوشۇلغان بايتىلىنىڭ قېشىغا كەلدى - دە، يېڭى بىلەن تۇمشۇقىنى ئېرتىپ، خۇرسىنىپ قويدى. ئۇ تازا بىر تىللىۋېلىپ، دەرھال بايتىلىنى هارۋىدىن چىقىرىپ ئۆيىگە ئەكەتمەكچى بولدى — ئۇنىڭ شۇنداق كۆڭلى قالغانىدى.

بۇ چاغدا گېنېرال سىدورىن تاتارىسكىلىقلارغا نۇتۇق سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ كازاكلارنىڭ قىزىللار ئارقا سېپىدىكى جەڭگىۋار ھەرىكەتلىرىنى تەقدىرلىگەن هالدا يۇقىرى باها بېرىپ مۇنداق دېدى:

— سىلەر بىزنىڭ ئورتاق دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى باتۇرانە جەڭ قىلدىڭلار. بولشېۋىكلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك بويۇنتۇرۇقىدىن ئاستا - ئاستا ئازاد بولۇۋاتقان ۋەتىنىمىز سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى ئۇنتۇمايدۇ. بىزگە ئايلىقاچان مەلۇم بولغىنىدەك، قىزىللارغا قارشى قوراللىق

كۆۋەشتە ئالايىتەن خىزمەت كۆرسەتكەن سىلەرنىڭ يېزىدىكى بەزى ئاياللارنى مۇكاپاتلىماقچىدىم. ھازىر فامىلىلىرى ئوقۇپ ئاڭلىتىلىدىغان قەھرىمان كازاك ئاياللىرىمىزنىڭ ئالدىغا چىقىشىنى سورايمەن!

ئوفىتسېرلارنىڭ بىرى قىسقا بىر تىزىملىكنى ئوقۇپ ئۆتتى. دارىيە مېلېخوۋانىڭ نامى تىزىملىكتە بىرىنچى بولۇپ چىقتى، قالغانلىرى بولسا دارىيىگە ئوخشاش سېردوف پولكى تەسلىم بولغاندىن كېيىن تاتارسكىغا ھەيدەپ كېلىنگەن ئەسىر كوممۇنىستلارنى قەتل قىلىشقا قاتناشقان، ئەرلىرى قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا ئۆلگەن تۇل خوتۇنلار ئىدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ دارىيىنى ئېتىزغا بۇيرۇغان بولسىمۇ، بارمىغانىدى. ئۇ مۇشۇ يەردە — يېزا ئاياللىرىنىڭ توپى ئىچىدە بولۇپ چىقتى، بايرامدىكىدەك تازا ياسىنىۋالغانىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ فامىلىسىنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئاياللارنى ئىككى تەرەپكە ئىتتىرىپ، دادىللىق بىلەن ئالغا قاراپ ماڭدى-دە، مېڭىپ كېتىۋېتىپ تورجىيەك تۇتۇلغان ئاق رومىلىنى تۈزەپ، كۆزلىرىنى قىسىپ بىرئاز ئىزا تارتقاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى. گەرچە ئۇزاق يول يۈرۈپ ھارغان ۋە ئىشق-مۇھەببەت ماجىرالىرىدىن ئازاب چەككەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا چىرايلىق ئىدى! ئاپتاپ تەگمىگەن ئېقىش مەڭزلىرى سەل قىزىلغان خۇمار كۆزلىرىنىڭ ئوتلۇق جىلۋىلىرىنى ياققال كۆرسىتىپ تۇراتتى، قاشلىق ئېتىلگەن شوخ كامان قاشلىرىدا ۋە تەبەسسۇم بىلەن پۈرۈلگەن لەۋلىرىدە ھاياسىزلىق بىلەن مەككارلىق يوشۇرۇنغانىدى.

خالايىقا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان بىر ئوفىتسېر ئۇنىڭ يولىنى توستى. ئۇ ئوفىتسېرنى ئاستا ئىتتىرىپ:

— تۇغقان كويئوغۇلنىڭ قېشىغا قويىۋېتىڭ! — دېدى-دە،

سىدورىنىڭ ئالدىغا باردى.

سىدورىن ئادىيې تانتىنىڭ قولىدىن گېئورگى ئىېنتىسى چىكىلگەن مېدالىنى ئېلىپ، بارماقلىرىنى تەمتىرىتىپ، دارىيىنىڭ سول مەيدىسىگە، كوفتىنىڭ ئۈستىدىن قادىدى -دە، كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— سىز مارت ئېيىدا ئۆلتۈرۈلگەن خورۇنجى مېلېخوفنىڭ تۇل قالغان ئايالىمۇ؟

— ھەئە.

— ھازىر پۇلمۇ ئالىسىز، 500 سوم. پۇلنى سىزگە مۇنۇ ئوفىتسېر بېرىدۇ. قوشۇن ئاتامانى ئافرىقان پېترووۋىچ بوگايېۋسكى ۋە دون ھۆكۈمىتى سىزنىڭ كۆرسەتكەن يۈكسەك باتۇرلۇقىڭىزغا تەشەككۈر بىلدۈرىدۇ ۋە خەيرخاھلىق ئىزھار قىلىشنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى سورايدۇ... ئۇلار سىزنىڭ قايغۇڭىزغا ھەمدەردلىك بىلدۈرىدۇ.

دارىيە گېنېراللىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەلتۆكۈس چۈشىنىپ كېتەلمىدى. ئۇ بېشىنى ئېگىپ، رەھمەت ئېيتتى -دە، ئادىيې تانتىنىڭ قولىدىن پۇلنى ئالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۈنچىقماستىن كۈلۈمسىرەپ، يېشى ئانچە چوڭ ئەمەس گېنېراللىڭ كۆزىگە ئۇدۇللا قارىدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ بوي - تۇرقى دېيەرلىك ئوخشاش ئىدى، شۇڭا دارىيە گېنېراللىڭ يادائىغۇراق يۈزىگە ئۈنچىلىك تارتىنىپ تۇرماستىنلا بىمالال سىنچىلاپ قارىدى. مېنىڭ پېترومنى ئەرزان باھالاشقانىدى، خۇنى بىر جۈپ ئۆكۈزنىڭكىدىن قىممەت ئەمەس... ئەمما مۇنۇ گېنېرالچاق دۇرۇس ئادەم ئىكەن، يارايدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ شۇ تاپتا، ئۆزىگە خاس ئويلاتسىزلىق بىلەن. سىدورىن ئۇنى ھازىرلا كېتىدۇ، دەپ كۈتكەنىدى، ئەمما دارىيە نېمىشقىدۇر ھەدېگەندىلا كەتمىدى. سىدورىننىڭ ئارقىسىدا

تۇرغان ئادىيۇتانت بىلەن ئوفىتسېرلار قاشلىرىنى قېقىشىپ، بۇ ئەپچىل تۇل ئايالنى بىر-بىرىگە كۆرسىتىشتى؛ بۇلارنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى، ھەتتا ئىنگلىز پولكوۋنىكمۇ جانلىنىپ، كەمىرىنى تۈزەپ قويدى، بىر ئورۇندا تۇرالماي، پىتىرلاپ كەتتى، ئۇنىڭ شەۋقسىز يۈزىدە كۈلۈمسىرەشكە ئوخشاش بىر نەرسە پەيدا بولدى.

— كەتسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى دارىيە.

— ھە، ئەلۋەتتە! — سىدورىن دەرھاللا رۇخسەت قىلدى.

دارىيە پۇلنى ئوڭايسىزلىق بىلەن كوفتىسىنىڭ يان چىكىنىگە سالدى-دە، خالايىق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. نۇتۇق ۋە مەرىكە-مۇراسىمدىن چارچىغان ئوفىتسېرلار دارىيىنىڭ بەخىرامان غىرىلداپ يۈرۈشىگە دىققەت بىلەن قاراپ قېلىشتى.

سىدورىننىڭ قېشىغا مەرھۇم مارتىن شامىلنىڭ ئايالى ئىككىلەنگەن ھالدا بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ كەلدى. ئۇنىڭ كونا كوفتىسىغا مېدال قادىلىپ بولغاندا، بۇ ئايال تۇساتتىن يىغلىۋەتتى، ئۇنىڭ ئاياللارغا خاس ئاجىزانە ھەسرەتلىك يىغىسى ئوفىتسېرلارغىمۇ تەسىر قىلدىكى، بۇلارنىڭ چىرايىدىكى شادلىق ئىپادىسى بىردىنلا يوقىلىپ، جىددىي ۋە ئىچ ئاغرىتىش تۈسىگە ئۆزگەردى.

— سىزنىڭ ئېرىڭىزمۇ ئۆلتۈرۈلگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى سىدورىن قاپىقىنى تۈرۈپ.

يىغلاۋاتقان ئايال ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ، ئۈنچىقماستىن بېشىنى ئەگدى.

— ئۇنىڭ بالىلىرى بىر ھارۋىغا پاتمايدۇ! — دېدى كازاكلاردىن بىرى يوغان ئاۋاز بىلەن.

سىدورىن ئىنگلىزگە قايرىلىپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن دېدى:

— بىز بولشېۋىكلارغا قارشى جەڭلەردە ئالايىتەن باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ئاياللارنى مۇكاپاتلاۋاتىمىز. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئەرلىرى بولشېۋىكلارغا قارشى قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى چېغىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ تۇل قالغان ئاياللار ئۆز ئەرلىرىنىڭ خۇنى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ، يەرلىك كوممۇنىستلارنىڭ چوڭ بىر ئەترىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. مەن مۇكاپاتلىغانلارنىڭ دەسلەپكى بىرى — ئوفىتسېرنىڭ ئايالى بولۇپ، شەپقەتسىزلىك بىلەن نامى چىققان كوممۇنىست كومىسسارنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن.

تەرجىمان راۋان سۆزلەپ، گەپنى ئىنگلىزچىگە ئۆردى. پولكوۋنىك ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن بېشىنى ئېگىپ مۇنداق دېدى:

— مەن بۇ ئاياللارنىڭ جەسۇرلۇقىغا قايىلمەن. گېنېرال، ئېيتىڭچۇ، ئۇلار ئەرلىرى بىلەن تەڭمۇ تەڭ جەڭگە قاتناشقانمۇ؟

— ھەئە، — سىدورىن قىسقىلا جاۋاب بەردى-دە، سەۋرسىزلىك بىلەن قول ئىشارىسى قىلىپ، ئۈچىنچى تۇل ئايالنى يېقىنراق كېلىشكە چاقىردى.

مۇكاپات تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي مېھمانلار بازار مەركىزىگە قايتىپ كېتىشتى. خەلق ئوت ئۇرۇشقا ئالدىرىشىپ، مەيداندىن تېز تارقىلىشقا باشلىدى، شۇنداق قىلىپ ئاپتوموبىللار ئىتلارنىڭ قاۋىشى ئاستىدا كۆزدىن غايىپ بولۇپ، بىر نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن چېركاۋ تېمىنىڭ يېنىدا پەقەت ئۈچ قېرى ئادەم قالغانىدى.

— توۋا، قىزىق زامان كېلىۋاتىدۇ! — دېدى بىرى غولىچىنى ئىككى ياققا كېرىپ، — بۇرۇنقى چاغدا ئۇرۇشتا يېگور كرېستىنى ياكى مېدالىنى زور ئىشلار ئۈچۈن، قەھرىمان-

لىق ئۈچۈن بېرىلىدىغانىدى، يەنە كېلىپ كىمگە بېرەتتى دەي-
سەن؟ ئۆلۈمىدىن قورقمايدىغان جەسۇر ئادەملەرگە بېرەتتى!
كىرىست ئېلىش ئۈچۈن ھاياتىنى خەۋپ ئاستىغا قويغۇچىلارمۇ
كۆپ تېپىلمايتتى. «يا، كىرىست ئېلىپ ئۆيگە قايت، ياكى جەڭ-
دە ئۆلتۈپ، چارپاقىدەك يات!» دېگەن ماقال بىكار چىققان
ئەمەس ئىدى. ھازىر بولسا مېداللارنى خوتۇنلارغىمۇ قاداپ
قويۇشىدىغان بولدى. كاشكى ئۇنى ھېچ بولمىغاندا بىرەر خىز-
مەت كۆرسەتكىنى ئۈچۈن بەرسە مەيلىتتىغۇ... ئەسىرلەرنى يېزىغا
كازاكلار ھەيدەپ كېلىشتى، خوتۇنلار بولسا ئۇلارنى، قورالسىز
ئادەملەرنى تاش - توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشتى. بۇنىڭدا
قەھرىمانلىق نېمە قىلسۇن؟ خۇدا ھەققى، زادىلا چۈشەنمەيمەن!

كۆزى خىرە، تېنى ئاجىز يەنە بىر چال بىر پۇتىنى نېرى-
راق سوزۇپ، يۇمىلاق قاتلانغان تاماكا خالتىسىنى يانچۇقىدىن
ئالدىرىماي ئالدى - دە، دېدى:

— قارىغاندا، بۇ باشلىقلار چېركاسىكىدىن كەلگەندەك
قىلىدۇ، دېمەك، ئۇلار ئاشۇ يەردە مۇنداق قارار قىلغان بولۇشى
مۇمكىن: كۆپچىلىكنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ۋە ئۇلارنىڭ
جەڭگە ئوبدان قاتنىشىشى ئۈچۈن ئاياللارغىمۇ كۆز - كۆز بى-
لەن قارىماق يېپىي تاشلاپ بېرىش كېرەك. ھەم مېدال، ھەم
500 سوم پۇل — مۇنداق شان - شەرەپ ئالدىدا قايسى
خوتۇن چىداپ تۇرالايدۇ؟ كازاكلارنىڭ بەزىسى فرونتقا بېرىش-
نى خالىمىغان بولاتتى، ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ قېلىشنى ئويلىغان
بولاتتى. ئەمما ئۇ ھازىر قانداقمۇ ئۆيدە چىداپ ئولتۇرالىسۇن؟
خوتۇن كىشى ئۇنىڭ قۇلىقىنى ئاغرىتىپ، ئارام بەرمەيدۇ! كې-
چىنىڭ كاككۇكىدا ئوخشاش تىنىمسىز كوكولداپ تۇرىدۇ! شۇن-
داق قىلىپ، ھەربىر ئايال: بەلكى، ماڭىمۇ مېدال ئېسىپ
قويارمىكىن؟ دەپ ئويلايدۇ.

— بۇنى سەن بىكار ئېيتىۋاتىسەن، قېرىندىشىم فېدور! — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئۈچىنچىسى، — مۇكاپاتلاش كېرەك ئىدى ۋە مۇكاپاتلاشتى. خوتۇنلار تۇل بولۇپ قېلىشتى، ئىگىلىكتە ئۇلارغا پۇلنىڭ چوڭ ياردىمى تېگىدۇ، ئەمما مېدال ئۇلارغا مەردانىلىكى ئۈچۈن بېرىلگەن. مېلېخوفنىڭ داشكىسى كونتلەروفنى بىرىنچى بولۇپ سوت قىلغان، بۇ توغرا بولغان! بۇلارنىڭ ھەممىسگە تەگىرنىڭ ئۆزى قازى، ئەمما ئايالارنىمۇ ئەيىبلەشكە بولمايدۇ: ئۇلارنىڭ قەھر - غەزىپى ئاشۇنداق قىلدۇرغان...

قېرىلار كەچكى ئىبادەتكە قوڭغۇراق چېلىنغانغا قەدەر تالاش - تارتىش قىلىشتى ۋە بىر - بىرىنى تىللاشتى. چېركاۋ قوڭغۇراقچىسى قوڭغۇراق سوقۇش بىلەنلا — ئۈچىلىسى ئورنىدىن تۇرۇشتى. شەپكىلىرىنى قولىغا ئېلىپ، چوقۇنۇشتى، ئاندىن تەرتىپ بىلەن بىر - بىرلەپ ھويلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى.

## 13

ئاجايىپ ئىش، مېلېخوفلارنىڭ ئائىلىسىدىكى تۇرمۇش نېمانچە ئۆزگىرىپ كەتكەن - ھە! پانتېلېي پروكوفيېۋىچ تېخى يېقىندىلا ئۆزىنى بۇ ئۆينىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق خوجايىنى، پۈتۈن ئۆي ئىچىدىكىلەر ماڭا سۆزسىز بويسۇنىدۇ، دەپ ھېس قىلاتتى، ئىش ئۆز تەرتىپى بىلەن كېتىۋاتاتتى، شادلىقنىمۇ، قايغۇدىمۇ ھەممە ئورتاق ئىدى ۋە پۈتۈن تۇرمۇشىدا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شەكىللەنگەن ئىناقلىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. مەھكەم جىپسىلاشقان ئائىلە ئىدي، ئەمما ئەتىيازدىن بۇيان

هەممە ئۆزگىرىپ كەتتى. دۇناشكا بىرىنچى بولۇپ بۆلەك بولۇۋالدى. ئۇ ئاتىسىغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئىتائەتسىزلىك كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئورۇنداشقا تېگىشلىك هەر- قانداق ئىشنى كۆرۈنۈشكىلا، خۇشياقماسلىق بىلەن قىلاتتى، گويا ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، ياللانما ئىش ئىشلەۋاتقاندەك ئىش- لەيتتى؛ تاشقى كۆرۈنۈشتىمۇ يات ئادەمدەك هېچكىمگە ئارىلاش- مايدىغان بولۇۋالدى؛ ئەمدىلىكتە دۇناشكىنىڭ بىغەم كۈلكىسى ئاندا - ساندىلا ئاڭلىناتتى.

گرىگورىي فرونتقا كەتكەندىن كېيىن ناتالىيىمۇ قېرىلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا باشلىدى؛ دېيەرلىك پۈتۈن ۋاقتىنى بالىلىرى بىلەن ئۆتكۈزەتتى، پەقەت بالىلىرى بىلەن كۆڭۈللۈك سۆزلىشەتتى، شۇلار بىلەن بەند ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناتالىيە بىر نەرسىگە يوشۇرۇنچە قاتتىق هەسرەت چېكىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئەمما ئۆز قايغۇسى توغرۇلۇق ئورۇق - تۇغقانلىرىنىڭ هېچقايسىسىغا بىرەر قېتىممۇ لام - جىم دېمەي كەلدى. هېچكىم- گىمۇ نالىمىدى، بېشىغا چۈشكەن ئېغىرچىلىقنى تۈرلۈك يول بىلەن يوشۇردى.

دارىيە توغرۇلۇق سۆز ئېچىشمۇ هاجەتسىز: ئۇ يەرلىكلەر بىلەن بىر قاتاردا هارۋا هەيدەپ سەپەرگە چىقىپ قايتقاندىن كېيىن پۈتۈنلەي بۇرۇنقى دارىيە بولماي قالدى. قېيىن ئاتى- سىغا بارغانسېرى قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى، ئىلئىنىچناغا پەرۋامۇ قىلمايتتى، هېچبىر سەۋەبسىز هەممىگە زەهرىنى سا- چىيتتى، ساقسىز بولۇپ قالدىم دېگەن باهانە بىلەن ئوت چېپىش- قا بارماي قويدى، گويا ئۆزىنى مېلىخوۋلارنىڭ ئۆيىدە ئاخىرقى كۈنلىرىمنى ئۆتكۈزۈۋاتىمەن دېگەندەك تۇتاتتى.

ئائىلە پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ كۆز ئالدىدا ۋەيران بولۇۋاتاتتى. پەقەت چال بىلەن موماي ئىككىسى قالدى.

ئۇرۇق - تۇغقانلىق رىشتىلىرى كۈتۈلمىگەندە ناھايىتى تېز
ئۈزۈلدى، ئۆزئارا ئىللىق مۇئامىلە يوقالدى، گەپ - سۆزلەردە
زەردە قىلىش، ياتسىراش ئاھاڭلىرى بارغانسېرى كۆپرەك بايقىلى-
دىغان بولۇپ قالدى... بىر داستىخان ئۈستىدە، بۇرۇنقىدەك
بىر پۈتۈن، ئىناق ئائىلىدەك ئەمەس، تاسادىپىي توپلىشىپ قال-
غان ئادەملەردەك ئولتۇرۇشاتتى.

بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇرۇش سەۋەب بولغان، پانتېلېي
پروكوفيېۋىچ بۇنى ياخشى چۈشىنەتتى. دۇناشكا ئاتا - ئانىسىغا
ئاچچىقلىنىپ يۈرەتتى، چۈنكى ئۇلار بۇ قىزنى قاچاندا بولمىسۇن
مىشكا كوشېۋويغا — چىن دىلى بىلەن سۆيگەن، قىزلار-
غا خاس ئېھتىراس بىلەن ياخشى كۆرگەن بىردىنبىر كىشىسىگە
تۇرمۇشقا چىقىش ئۈمىدىدىن مەھرۇم قىلغانىدى. گرىگورىي
ئاكسىنيىنىڭ قېشىغا يەنە بېرىۋالغاچقا، ناتالىيە بۇرۇنقىدەكلا
كىشىگە تىنماي، ئۆز دەردىنى ئىچىدە بىلىپ، ئېغىر كۈلپەتنى
باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بۇ ئەھۋاللارنىڭ
ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇراتتى، ئەمما ئائىلىدە بۇرۇنقى تەرتىپنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھېچقانداق چارە قىلالمايتتى. دەر-
ۋەقە، بىر قاتار يۈز بەرگەن ئىشلاردىن كېيىن ئۆز قىزىنىڭ
ئەشەددىي بىر بولشېۋىك بىلەن توي قىلىشىغا ئۇ قانداقمۇ
رازىلىق بېرەلىسۇن، يەنە كېلىپ بۇ كاساپەت كۈيئوغۇل فرونتتا،
ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىل ئارمىيە سېپىدە لاغايلاپ يۈرسە، ئۇنىڭ
رازىلىق بېرىشىدىن نېمە پايدا؟ گرىگورىي توغرىسىدىمۇ ئىش
خۇددى شۇنداق: ئەگەر ئۇ ئوفىتسېر بولمىغىنىدا، پانتېلېي پروكو-
فيېۋىچ ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن ئوبدانلا چىققان بولاتتى. شۇنداق
ئەدەبىنى بەرگەن بولاتتىكى، گرىگورىي ئاستاخوفنىڭ ھوي-
لىسىغا ئىككىنچى كۆز قىرىنى سالمىغان بولاتتى. ئەمما ئۇرۇش
ھەممىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى - دە، چالنى كۆڭۈلدى-

گىدەك ھاياتى كەچۈرۈش ۋە ئۆز ئائىلىسىنى باشقۇرۇش ئىمكا-
نىيىتىدىن مەھرۇم قىلدى. ئۇرۇش ئۇنى خانىۋەيران قىلدى،
ئىشقا بولغان بۇرۇنقى غەيرىتىنى يوقاتتى، چوڭ ئوغلىدىن ئاي-
رىلدى، ئائىلىسىنى بىسەرەمجان قىلىۋەتتى. ئۇرۇش گويا بىر ئې-
تىز بۇغداي ئۈستىدىن غۇۋۇلدىغان قارا بورانىدەك، ئۇنىڭ
ھاياتى ئۈستىدىن گۈركىرەپ ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما بۇغداي بو-
راندىن كېيىن باش كۆتۈرىدۇ ۋە ئاپتاپتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرى-
دۇ، چالىنىڭ بولسا ئورنىدىن تۇرۇشقا ئەمدى ھالى قالمىدى.
ئۇ خىيالىدا شۇلارنى ئويلاپ كېلىپ، نېمە بولسا بولمامدۇ! —
دەپ ھەممىگە قول سىلتىدى.

داريە گېنېرال سىدورىننىڭ قولىدىن مۇكاپاتنى ئالغاندىن
كېيىن شادلىقى ئىچىگە سىغماي كەتتى. شۇ كۈنى ئۇ مەيداندىن
روھىي كۆتۈرۈلۈپ بەختلىك ھالدا قايتىپ كەلدى. كۆزلىرىنى
چاقنىتىپ مېدالنى ناتالىيىگە كۆرسەتتى.

— بۇنى ساڭا نېمە ئۈچۈن بەردى؟ — دەپ ھەيران
قالدى ناتالىيە.

— بۇنى قېرىندىشىمىز ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئۈچۈن، جايى
جەننەتتە بولسۇن، ئىتىنىڭ بالىسى! مۇنۇنى پېتە ئۈچۈن ئالدىم...، —
ئۇ ماختانغان ھالدا بىر بولاق تاراقلىما دون ئاقچىسىنى ئې-
چىپ كۆرسەتتى.

شۇنداق قىلىپ داريە ئېتىزغا بارمىدى. پانتېلېي پروكو-
فېيېۋىچ ئۇنى تاماق ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتمەكچى بولغانىدى،
ئەمما داريە قەتئىي ئۇنىمىدى.

— نېرىراق تۇرۇڭا، دادا، سەپەردىن ئۆلگۈدەك بولۇپ
قايتتىم!

چال قاپىقىنى تۈردى. بۇ چاغدا داريە ئۇنىڭ سۆزىنى
قوپاللىق بىلەن رەت قىلغانلىقىنى سىلغايتىش ئۈچۈن گەپنى

چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ:

— مۇنداق كۈندە مېنى ئېتىزغا بېرىشقا مەجبۇر قىلسىڭىز گۇناھ بولىدۇ. بۈگۈن ماڭا بايرام! — دېدى.

— ئۇنداق بولسا ئۆزۈم ئاپىراي، — دېدى چال ماقۇل بولۇپ، — خۇش، پۇلنى نېمە قىلماقچىسەن؟

— نېمە پۇل؟ — دارىيە ئەجەبلىنىپ، قېشىنى ئۇچۇردى.

— پۇلنى نەدە قويىسەن، دەپ سوراۋاتىمەن؟

— ھە، بۇ مېنىڭ ئۆز ئىشىم. قەيەرنى خالىسام، شۇ يەرگە قويىمەن!

— يەنى بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ پۇلنى ساڭا پېترو ئۇچۇن بەرمىدىمۇ؟

— پۇلنى ماڭا بەردى، شۇڭا ئۇنى سەرپ قىلىش سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدىكى ئىش ئەمەس.

— سەن مۇشۇ ئائىلىنىڭ كىشىسىمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟

— بۇ ئائىلىنىڭ كىشىسى بولسام نېمە بوپتۇ، دادا؟ بۇ پۇلنى سىز ئالماقچىمۇ؟

— ھەممىسىنى ئالىمەن دەۋاتقىنىم يوق، ئەمما پېترو بىزنىڭ ئوغلىمىزمۇ يوق؟ سېنىڭچە كىم؟ موماي بىلەن ئىككىمىزنىڭمۇ ئۈلۈشى بار ئەمەسمۇ؟

قېيىن ئاتىسىنىڭ دەۋاسى ئۇچۇقلا پۇت تىرەپ تۇرالمىدى - دە، دارىيە ھەل قىلغۇچ ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولدى. ئۇ تەھقىرلەش ئاھاڭىدا خاتىرجەملىك بىلەن دېدى:

— مەن سىزگە ھېچنېمە بەرمەيمەن، ھەتتا بىر سومىمۇ بەرمەيمەن! بۇنىڭدا سىزنىڭ ھەققىڭىز يوق، بولغان بولسا قولىڭىزغا بەرگەن بولاتتى. بۇنىڭدا مېنىڭمۇ ھەققىم بار دېگەننى نەدىن تاپتىڭىز؟ بۇ توغرۇلۇق ھېچبىر گەپ - سۆز بولغان ئەمەس. شۇڭا ماڭا تولا يېپىشىۋالماڭ، ھېچنەرسە ئالالمايسىز!

ئەمدى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئاخىرقى قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتى:

— سەن مۇشۇ ئائىلىدە تۇرۇۋاتىسەن، ئاش - تامىقىمىزنى يەۋاتىسەن، دېمەك — بىزنىڭ ھەممە نەرسىمىز ئورتاق بولۇشى لازىم. ھەركىم يەككە بولۇۋېلىپ، ئۆز ئىگىلىكىمنى ئۆزۈم ئېلىپ بارىمەن دېسە، بۇ قانداق تەرتىپ؟ بۇنداق قىلىشقا يول قويمايمەن!— دېدى ئۇ.

ئەمما دارىيە تەنھا ئۆزىگە تېگىشلىك پۇلغا چالىنىڭ ئىگە بولۇۋېلىش يولىدىكى بۇ ئۇرۇنۇشىنىمۇ ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئۇ ھاياسىزلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— دادا، مەن سىز بىلەن نىكاھلىق ئەر - خوتۇن ئەمەسمەن، بۇگۈن سىزنىڭكىدە تۇرغان بولسام، ئەتە تۇرمۇشقا چىقىسمەن، ئۇ چاغدا سىز مېنى نەدە كۆرىسىز؟ يېگەن تامىقىم ئۈچۈن سىزگە پۇل تۆلەشكە قەرزدار ئەمەسمەن. سىزنىڭ ئائىلىڭىزگە ئون يىل ئىشلەپ بەردىم، ھېچبىر تىنىم تاپقىنىم يوق.

— ئۆزۈڭگە ئىشلىدىڭ، يولدىن چىققان قانچۇق!— دەپ ۋارقىرىدى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ غەزەپلىنىپ. ئۇ يەنە بىرنېمە دەپ ۋارقىرىغانىدى، ئەمما دارىيە قۇلاق سالماستىن، ئۇنىڭ تۇمشۇقى ئالدىدا شارتلا بۇرۇلۇپ ئېتىكىنى قاقتى - دە، ئۆزىنىڭ ئېچكىرىكى ئۆيىگە قاراپ كەتتى. «مەن ئۇنىداق دوق - پوپوزىدىن قورقۇپ قالىدىغان ئايال ئەمەسمەن!» — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئىستېھزا بىلەن كۈلۈپ.

گەپ - سۆز شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. ھەقىقەتەنمۇ، دارىيە چالىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى باشقىغا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان ئايال ئەمەس - دە.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئېتىزلىققا بېرىشقا تەييارلاندى - دە، كېتىش ئالدىدا ئىلىنىچنا بىلەن قىسقىچە سۆزلىشىۋالدى.

— سەن دارىيىگە كۆز قۇلاق بولۇپ يۈر...،— دەپ تاپىلىدى ئۇ.

— ئۇنىڭغا نېمىشقا قاراپ يۈرىمەن؟— دەپ ئەجەبلەندى ئىلئىنىچنا.

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا بىزنىڭ مال - مۈلكىمىزنى ئەكىتىدۇ. مەن شۇنداق قارايمەنكى، ئۇ قانىتىنى بىكارلا كېرىپ يۈرگىنى يوق... ئۆزىگە جۈپ تاپقاندەك كۆرۈنىدۇ، بۈگۈن بولمىسا، ئەتە ئەرگە چىقىپ كېتىدۇ.

— شۇنداق بولۇشى ئېھتىمال،— ئىلئىنىچنا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ بۇ پىكىرگە قوشۇلدى،— ئۇ خىلۋەتتە ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان خوخولدەك ئۆز - ئۆزى بىلەن بولۇپ كەتتى، ھېچنېمىدىن خۇرسەن ئەمەس، ھېچ نەرسە دىتىغا ياقمايدۇ... ئۇ ھازىر — كېسىلگەن نان پارچىسىغا ئوخشاش، كېسىلگەن ناننى ھەرقانچە قىلغىنىڭ بىلەن يەملىيەلمەيسەن.

— ئۇنى ئۆزىمىزگە يېپىشتۇرۇشنىڭمۇ كېرىكى يوق! كۆزۈڭگە قارا، ئەخمەق قېرى، ئەگەر گەپ ئېچىپ قالسا، ئۇنى تۇتۇۋالىمەن دېگۈچى بولما. مەيلى بۇ ھويلىدىن كەتسۇن، ئۇنى تىزگىنلىيەلمەي، ئاخىر تويدۇم،— پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ھارۋىغا يامىشىپ چىقتى - دە، ئۆكۈزلەرنى ھەيدەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى،— ئۇ خۇددى ئىت ئۆزىنى چىۋىندىن ساقلىغاندەك، ئىشتىن قاچىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ دائىم ئويلايدىغىنى شېرىن لوقما بىلەن ئويۇن - تاماشا. پېترو ئۆلگەندىن كېيىن، جايى جەننەتتە بولسۇن، بىزگە مۇنداق نېمىنى ئائىلىدە تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ كېرىكى يوق. بۇ خوتۇن كىشى ئەمەس، نەق يۇقۇملۇق مەرەز!

چال بىلەن موماينىڭ پەرىزى خاتا ئىدى. دارىيىنىڭ

تۇرمۇشقا چىقىدىغان خىيالى يوق ئىدى، ئۇ ئەرگە تېگىشنى ئويلىمايتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غېمى باشقا ئىدى...

شۇ كۈنى دارىيە كۈن بويى خۇش مۇئامىلە، خۇشخۇي بولۇپ يۈردى. ھەتتا پۇل جىدىلىمۇ ئۇنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر قىلمىدى. ئۇ مېدالىغا بىر ئۇنداق قاراپ، بىر بۇنداق قاراپ، ئۇزاققىچە ئەينەك ئالدىدا پىرقىرىدى، گېئورگى كرېست مېدالىنىڭ يول - يول گۈللۈك لېنتىسى قايسى كوفتىسىغا ئوبدانراق يارىشىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بەش قېتىم كىيىم يەڭگۈشلىدى. «مەن ئەمدى يەنە بىرنەچچە كرېستنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ كويىدا بولۇشۇم كېرەك!» — دەپ چاقچاق قىلىپ قويدى، شۇندىن كېيىن ئىلىئىنىچنانى خانىسىغا چاقىرىپ، 20 سوملۇقتىن ئىككى قەغەزنى ئۇنىڭ يېڭىگە قىستۇرۇپ قويدى - دە، موماينىڭ قاداق قولىنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قولى بىلەن مەيدىسىگە بېسىپ، ئاستا پىچىرلىدى: «بۇ پۇل — پېتەنىڭ نەزىرىسى ئۈچۈن، ئانا، چېركاۋغا جىنازا ئالدىدا ماتەم ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇڭ، چەلپەك پىشۇرۇڭ...» — سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ يىغلاپ تاشلىدى... ئەمما بىر مىنۇتتىن كېيىن ياش يۇقى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، مىشاتكا بىلەن ئويناپ كەتتى، ئۇنى بايراملىق يىپەك رومىلى بىلەن يۆركەپ، ئۆمرىدە يىغلاپ باقمىغان ۋە ئاچچىق كۆز يېشىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن ئادەمدەك كۈلۈپ كەتتى.

دۇناشكا ئېتىزدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دارىيە پۇخادىن چىققۇدەك يايرىۋالدى. دۇناشكىغا مېدالنى قانداق تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى، گېنېرالنىڭ قانداق تەنتەنىلىك سۆز قىلغانلىقىنى، قارانچۇقتەك گېدىيىپ تۇرغان ئىنگلىزنىڭ ئۆزىگە قانداق قارىغانلىقىنى كۈلكە قىلىپ سۆزلەپ بەردى، شۇندىن كېيىن ناتالىيىگە مۇغەمبەرلىك بىلەن يوشۇرۇنچە كۆز قىسىپ

قويۇپ، جىددىي قىياپەتتە: مەن بىر ئوفىتسېرنىڭ گېئورگىي
مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان تۇل ئايالى بولغانلىقىمدىن، تېز
ئاردا ماڭمۇ ئوفىتسېرلىق مەنسەپ بەرمەكچى، قېرى كازاك-
لاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلۈنمىگە مېنى كوماندىر قىلماقچى،
دەپ دۇناشكىنى ئىشەندۈرۈشكە باشلىدى.

ناتالىيە بالىلىرىنىڭ كۆڭلىكىنى ياماپ ئولتۇراتتى، ئۇ
كۆلكىسىنى بېسىپ، دارىيىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىۋەردى. بۇ
پاراڭدىن ئېسىنى يوقاتقان دۇناشكا بولسا يېلىنغاندەك قوللىرىنى
قوشتۇرۇپ، يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— دارىيوشكا! جانىم، خۇدا ھەققى، يالغان سۆزلىمىگى-
نە! ئۇنداق بولمىغاندا، سۆزۈڭنىڭ قايسى يالغان، قايسى راست
ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي قالىمەن. سەن راستىنى ئېيت!

— ئىشەنمەمسەن؟ ئۇنداق بولسا سەن ئەخمەق قىز ئى-
كەنسەن! مەن ساڭا چىن ھەقىقەتنى سۆزلەۋاتىمەن. ئوفىتسېر-
لارنىڭ ھەممىسى فرونتتا تۇرسا، قېرىلارنى كىم مەشىكە ئۆگى-
تىدۇ ۋە باشقا ھەربىي ئىشنى كىم تەلىم بېرىدۇ؟ مانا شۇلارنى
مېنىڭ قوماندام ئاستىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى، مەن ئاشۇ قېرى
شەيتانلارنى باشقۇرىمەن! ئۇلارغا مانا مۇنداق كوماندا بېرىمەن! —
دارىيە قېيىن ئانىسىنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، ئاشخانىنىڭ ئى-
شىكىنى يېپىپ قويدى ۋە چاپسانلىق بىلەن يوپكىسىنىڭ ئېتى-
كىنى چاتىرىقىدىن ئۆتكۈزدى — دە، ئۇنى ئارقا تەرەپتىن تۇتۇپ
تۇرۇپ، يالىڭاچ پاقالچاقلىرىنى يالتىرىتىپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇ-
ياق — بۇياققا مەشكە دەسسەپ ماڭدى، دۇناشكىنىڭ ئالدىغا
كەلگەندە توختاپ يوغان ئاۋاز بىلەن كوماندا بەردى: «قېرىلار،
دىققەت! ساقاللىرىڭلارنى يۇقىرىراق كۆتۈرۈڭلار! سولغا بۇرۇلۇپ
قەدەملەپ مارش!»

دۇناشكا چىداپ تۇرالماي، قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ،

پىخىلداپ كۆلۈۋەتتى. ناتالىيە كۈلكە ئارىسىدا دېدى:

— ھەي، ساڭا بۇ ئىشمۇ بولار! سەن مۇنداق ھەددىڭدىن ئېشىپ يايراپ كەتسەڭ، ياخشىلىققا ئاپارماسمىكىن!

— ياخشىلىققا ئاپارمىسا، مەيلى! شۇ ياخشىلىقنى سىلەر كۆرۈۋاتامسىلەر؟ ئەگەر كۆڭلۈڭلارنى ئېچىپ قويمىغاندا، بۇ يەردە مۇڭ - قايغۇدىن چىرىپ تۈگەيسىلەر!

دارىيىنىڭ بۇ شادلىق ھاياجىنى تۇساتتىن پەيدا بولغىنىدەك، يەنە تۇساتتىنلا ئاياغلاشتى. يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ يان ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، شورلۇق مېدالنى مەيدىسىدىن ئەلەم بىلەن يۇلۇۋېلىپ، ساندۇققا تاشلىدى؛ دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئېڭىكىنى يۆلەپ، ئۇزاق ئولتۇردى؛ كېچە بولغاندا نەگىدۇر كۆزدىن يوقىلىپ، باش خوراز چىللىغاندىن كېيىنلا قايتىپ كەلدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن دارىيە ئېتىزدا تۆت كۈن تىرىشىپ ئىشلىدى.

ئوت ئورۇش ئىشى كۆڭۈللۈك بولمايۋاتاتتى. ئادەم كۈچى يېتىشمەيتتى. كۈن بويى ئاران ئىككى دىسەتىنا يەرنىڭ ئوتى ئورۇلاتتى. ئوت دۆۋىلىرى يامغۇردا ھۆل بولۇپ، ئىس كۆپەيدى: ئوت - چۆپلەرنى ئاغدۇرۇپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇشقا توغرا كەلدى. ئوت دۆۋىلىرىنى تېخى دۆۋىلەپ بولماستىنلا كۈزنىڭ بۇدۇشقاق قارا يامغۇرى سەلدەك قۇيۇلۇپ، ئاخشامدىن تاڭ ئاتقۇچە بېسىلمىدى، كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ، شەرق شامىلى سوقتى، دالادا يەنە ئورما ماشىنىلىرى تاراقشىدى، قارىيىپ كەتكەن ئوت دۆۋىلىرىدىن ئاچچىق - چۆچۈك پۇراق تارقىلاتتى، دالانى ھور قاپلىدى - دە، كۆككۆش تۇتۇن ئارىسىدىن قاراۋۇلخانا قورغانلىرىنىڭ خىرە - شىرە قارىسى، سايلاردىكى كۆكىرىپ تۇرغان سۇ يوللىرى ۋە يىراقتىكى كۆللەرنىڭ بويىدا

تال ـ سۆگەتلەرنىڭ يېشىل دوپپىلىرى غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

تۆت كۈن بولغاندا دارىيە ئېتىزدىن ئۇدۇللا بازار مەركىزىگە بېرىشقا تەييارلاندى. بۇ گەپنى كەپىدە چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرۇشقاندا ئۇقتۇرۇپ قويدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ نارازى بولۇپ، زەھەرخەندە بىلەن سورىدى:

— ئۇ يەرگە بېرىش ساڭا نېمە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ يەكشەنبىگىچە تۇرۇپ تۇرساڭ بولمامدۇ؟

— دېمەك، ئىشىم بار، كۈتۈپ تۇرۇشقا ۋاقتىم يوق.

— ئۇنىڭ گېپىنى قاراڭلار، بىر كۈن كۈتۈشكىمۇ بولمامدۇ؟

دارىيە سۆزنى ھەجلەپ:

— ياق!— دەپ جاۋاب بەردى.

— خۇش، شۇنداق ئالدىراش بولسا، ئازغىنا تەخىر قىلىشقا چىداشلىق بېرەلمىسەڭ، بوپتۇ، بارغىن. ئەمما نېمانچە زۆرۈر ئىشىڭ چىقىپ قالغاندۇ؟ بىلىشكە مۇمكىن بولماسمۇ؟

— ھەممىنى بىلمەكچى بولسىڭىز — ۋاقتىتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىسىز.

دارىيە ھەر دائىم ھازىر جاۋاب ئىدى. بۇ قېتىممۇ سۆز تاپىمەن دەپ ئاۋارە بولمىدى، شۇڭا پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئەلەم بىلەن يەرگە بىرنى تۈكۈردى ـ دە، سوئال سوراشنى توختاتتى.

ئەتىسى دارىيە بازار مەركىزىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، يول ئۈستىدە يېزىغا كىرىپ ئۆتتى. ئۆيدە ئىلىنىچنا نەۋرىلىرى بىلەن يالغۇز ئولتۇرغانىكەن. مىشاتكا ھاممىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلگەنىدى، ئەمما دارىيە سوغۇق مۇئامىلە بىلەن ئۇنى نېرى ئىتتىرىپ، قېيىن ئانىسىدىن:

— ئانىكا، ناتالىيە قېنى؟— دەپ سورىدى.

— ئۇ باغچىدا، ياكىيۇ ئوتاۋاتىدۇ. ئۇ ساڭا نېمىگە لازىم بولۇپ قالدى ياكى چال ئۇنى چاقىرىپ كەل دەپ ئەۋەتتىمۇ؟ چال ئەقلىدىن ئازەمسۇن! ئۆزىگە شۇنداق دەپ ئېيت!

— ھېچكىم مېنى ناتالىيىنى چاقىر دەپ ئەۋەتكىنى يوق. ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا ئازراق گېپىم بار ئىدى.

— سەن پىيادە كەلدىڭمۇ؟

— پىيادە.

— بىزنىڭكىلەر ئوت ئورۇشنى تۈگىتىشكە ئاز قالدىمۇ؟

— ئەتە تۈگىتەرمىكىن.

— توختاپ تۇر، نەگە ئۇچۇپ كېتەي دەيسەن؟ پىچاننى يامغۇر بەك بۇزۇپ تاشلىمىغاندۇ؟ — دەپ ئىنچىقلىق بىلەن گەپ سوراۋەردى موماي پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقان دارىيىنىڭ ئارقىسىدىن قالماي.

— ياق، ئانچىلىك ئەمەس، خوش، مەن كەتتىم، توختاپ تۇرۇشقا ۋاقتىم يوق...

— باغچىدىن قايتقىنىڭدا بۇ يەرگە كىرىپ چاينىڭ كۆكلىكىنى ئالغاچ كەت، ئاڭلىدىڭمۇ؟

دارىيە ئاڭلىماسقا سېلىپ، ئالدىراش مال قورۇسىغا راۋان بولدى. پىرىستانىنىڭ قېشىدا توختىدى - دە، كۆزلىرىنى قىسىپ، دوننىڭ چۈچۈمەل نەملىك بىلەن تولغان يېشىل بوشلۇقىغا بىر قارىۋېلىپ، ئاستا باغچىغا يول ئالدى.

دوننىڭ ئۈستىدە شامال سەيرە قىلاتتى. بېلىقئالغۇچلارنىڭ قاناتلىرى پارقىرايتتى. قىيا قىرغاقتا دولقۇن ئېرىنچەكلىك بىلەن يامىشاتتى. سۈپسۈزۈك بىنەپشە رەڭ تۇمان قاپلىغان گەج تاغلار كۈن نۇرىدا خىرە ۋالىلداپ تۇراتتى، يامغۇر يۇيۇپ كەتكەن ساھىل ئورمىنى نەۋ باھاردىكىدەك ياپيېشىللىققا چۆمگەنىدى.

دارىيە ئەمگەكتىن چارچىغان پۇتىدىن چورۇقنى سېلىپ تاشلاپ، ئايىغىنى يۇدى، ئاندىن قىرغاقتىكى ئاپتاپتا قىزىغان شېغىل - تاشلارنىڭ ئۈستىدە ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ، كۆزىنى ئالقىنى بىلەن ئاپتاپتىن توسۇپ، بېلىقئالغۇچلارنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرىغا قۇلاق سالدى، دەريا دولقۇنلىرى بىر رىتىمدا شاۋۇلدايتتى. دارىيە بۇ سۈكۈناتتىن، بېلىقئالغۇچلارنىڭ يۈرەكنى مەپتۇن قىلىدىغان سايراشلىرىدىن يىغلىغۇدەك مۇڭغا چۆمگەنىدى، ئۇنىڭ بېشىغا توساتتىن كەلگەن بەختسىزلىك ھەممىدىن ئېغىر ۋە ھەممىدىن ئاچچىق ئىدى.

ناتالىيە بېلىنى تەسلىكتە رۇسلاپ، ئوتىغۇچنى قاشاغا يۆلەپ قويدى - دە، دارىيىگە كۆزى چۈشۈپ شۇ تەرەپكە ماڭدى.

— داشا، ماڭا كەلگەنمىدىڭ؟

— ساڭا دەردىمنى ئېيتىشقا...

ئۇلار يانمۇ يان ئولتۇرۇشتى. ناتالىيە بېشىدىن رومىلىنى ئېلىپ، چېچىنى تۈزىدى، گەپ كۈتۈپ دارىيىگە قارىدى. شۇ كۈنلەردە دارىيىنىڭ چىرايىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش ناتالىيىنى ھەيران قالدۇردى: ئىككى مەڭزى ئولتۇرۇشۇپ، قارىيىپ كەتكەن، پېشانىسىگە قىيپاش چوڭقۇر قورۇق چۈشكەن، كۆزلىرىدە ئىسسىق ۋە تەشۋىشلىك بىر يالتىراش پەيدا بولغان.

— نېمە بولدۇڭ؟ چىرايىڭ قارىيىپ كېتىپتۇغۇ؟ — دەپ سورىدى ناتالىيە ھېسداشلىق بىلەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قارىيىپ كېتىدىكەنسەن...، — دارىيە زورمۇ زور كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، بىردەم ئۈنچىقمىدى، — ئوتايدىغان يېرىڭ كۆپمۇ؟

— كەچ كىرگۈچە تۈگىتىمەن. خوش، سەن بىر پالاكەتكە

يولۇقتۇڭمۇ؟

دارىيە تېلمقىپ تۈكۈرۈكىنى يۇتتى - دە، خىرىلداپ، تېز سۆزلەپ كەتتى:

— ئىش مانا مۇنداق: مەن ئاغرىپ قالدىم... يامان كېسەلگە دۇچار بولدۇم. بۇ كېسەل مۇشۇ قېتىمقى سەپىرىمدە يۇقتى... بىر لەنىتى ئوفىتسېر سوۋغا قىلدى.

— تاماشا بېشىڭغا چىقىپتۇ - دە!...— ناتالىيە قورقۇمسىراپ، غەمكىن هالدا قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ قويدى.

— تاماشا بېشىمغا چىقتى... ئېيتىدىغان گېپىممۇ يوق، زارلىنىدىغان كىشىممۇ يوق... مېنىڭ ئاجىزلىقىم... لەنىتى خۇشامەت قىلىپ يۈرۈپ، مېنى يولدىن ئازدۇردى. چىشلىرى مەرۋايىتتەك ئاپئاق، ئەمما ئۆزى مەرەز ئىكەن... مانا، ئەمدى مەن تۈگەشتىم.

— ۋاي، شور پېشانە! بۇنى قانداق قىلارسەن؟ ئەمدى قانداق بولار؟— ناتالىيە دارىيىگە چەكچىيىپ قارىدى، دارىيە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى - دە، پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ، سالماقلىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مانا كۆردۈڭمۇ، بۇ كېسەلنى مەن يولدىلا سېزىشكە باشلىغانىدىم... باشتا مۇنداق ئويلاپتىمەن: ئېهتىمال، بۇ هېلىقى بىر تۈرلۈك... ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، بىز ئاياللاردا بۇنداق كېسەلنىڭ هەر خىلى بولىدۇ... مەن ئاۋۇ ئەتىيازدا بىر تاغار بۇغداينى يەردىن دەس كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئۈچ هەپتە ئاي كۆرگەنىدىم. ئەمما بۇ قېتىم قارىسام هەرگىز ئۇنداق ئەمەس... كېسەلنىڭ بەلگىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تۈنۈگۈن يېزا بازىرىغا دوختۇرنىڭ قېشىغا باردىم. ئىزا تارتىپ، يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم... هازىر پۈتۈن ئىش تامام بولدى... مەن كېلىنچەك ئويۇنني باشقا ئاچىقىپ بولدۇم!

— داۋالىنىش لازىم، بۇ تولىمۇ ئەيىب سانىلىدىكەن! كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇنداق كېسەلنى ساقايتقىلى بولمىدىكەن.

— ياق، ئايىم قىز، مېنىڭ كېسىلىمنى داۋالاپ ساقايتالمايسەن! — دارىيە مىيىقىدا يالغان كۈلۈمسىرەپ، بۇ پارلاق ئۈستىدە بىرىنچى قېتىم چوغدەك يانغان كۆزلىرىنى يۇقىرى كۆتۈردى، — مېنىڭ كېسىلىم — سىغىنىش. بۇ كېسەلنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ. بۇ ئاغرىقتىن ئادەمنىڭ بۇرنى قومۇرۇلۇپ چۈشىدۇ... ئاۋۇ ئاندىرونىغا دېگەن خوتۇنىنىڭكىدەك، ئۇنى كۆرگەنمىدىڭ؟

— ئەمدى سەن قانداقمۇ قىلارسەن؟ — دەپ سورىدى ناتالىيە يىغلامسىراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

دارىيە ئۇزاققىچە ئۈنچىقمىدى. كۆممىقۇناق غولىغا چىرماشقان ھەشقىپىچەكنى ئۈزۈپ، كۆزىگە يېقىن ئەكەلدى. بۇ تىنىق، يېپيېڭىنىڭ، ھىچقانچە ئېغىرلىقى يوق كىچىككىنە گۈلنىڭ ئىنتايىن نازۇك، جىيەكلىرى ئاچ قىزىل كانايچىسىدىن ئاپتاپتا قىزىغان يەرنىڭ ئۆتكۈر ھىدى كېلەتتى. دارىيە بۇ ئاددىي، كۆرۈمسىز گۈلنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقىنىدەك، ئۇنىڭغا زور ئىشتىياق ۋە ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى؛ تىترەپ تۇرغان بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى كېرىپ، ئۇنى تازا بىر پۇرىۋالدى، ئاندىن كېيىن ئۇنى شامالدا كۆپكەن قۇرۇق توپىنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويدى-دە، دېدى:

— مېنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى سورىدىڭمۇ؟ مەن بازار مەركىزىدىن كېلىۋېتىپ ئويلاندىم، كۆڭلۈمدە چامىلاپ كۆردۈم... ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن، مېنىڭ چارەم مانا شۇ! بۇ چارە ئەلۋەتتە ئېچىنىشلىق. ئەمما قارىسام، باشقا چارىمۇ قالمىغاندەك تۇرىدۇ. بەرىبىر، ئەگەر داۋالىنىدىغان بولسام، يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىپ كېتىدۇ، قولى بىلەن مېنى كۆرسى-

تىدۇ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كۈلۈشىدۇ... ئۇ چاغدا مەن كىمگە
كېرەك بولىمەن؟ گۈزەللىكىم نابۇت بولىدۇ، بىر تېرە، بىر ئۇس-
تىخان بولۇپ قالىمەن، تىرىكلا چىرىپ تۈگەيمەن... ياق، بۇن-
داق بولۇشنى خالىمايمەن! — ئۇ ئۆز - ئۆزى بىلەن پىكىر-
لىشىۋاتقان ئادەمدەك سۆزلەپ، ناتالىيىنىڭ نارازىلىق ھەرىكى-
تىگىمۇ دىققەت - نەزەرىنى سالمىدى، — يېزا بازىرىغا بېرىش-
تىن بۇرۇن مەن، ئەگەر يامان كېسەل بولسا داۋالىناي دەپ
ئويلىغانىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتامغا پۇل بەرمىگەن. بۇ پۇللار
دوختۇرلارغا بېرىشكە لازىم بولۇپ قالىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم...
ئەمما ھازىر باشقىچە قارارغا كەلدىم. ھەممىدىن بىزار بولدۇم،
ھايات كەچۈرۈشنى خالىمايمەن!

دارىيە ئەر كىشىدەك دەھشەتلىك يامان تىللار بىلەن
ئاغزىنى بۇزۇپ، يەرگە بىرنى تۈكۈردى - دە، تال - تال كىر-
پىكلىرىدە توختاپ قالغان ياش تامچىلىرىنى قولىنىڭ ئارقىسى
بىلەن سۈرتتى.

— نېمىدەپ جۆيلۈپ يۈرىسەن... خۇدادىن قورقساڭ
بولاتتى! — دېدى ناتالىيە ئاستا سۆزلەپ.

— ھازىر ماڭا خۇدانىڭ ھېچقانداق كېرىكى يوق. ئۇ
ماڭا ئۆمۈر بويى تۇسالغۇ بولۇپ كەلدى، — دارىيە كۈلۈمسى-
رەپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ مەشئۇم، مۇغەمبەر كۈلكىسىدە ناتالىيە
بىر سېكۇنتلا بۇرۇنقى دارىيىنى كۆرگەندەك بولدى، — ئۇنى
قىلىشقا بولمايدۇ، بۇنى قىلىشقا بولمايدۇ، گۇناھ بولىدۇ دەپ،
قىيامەت سورىقى بىلەن قورقۇتۇشتى... مەن ئۆز ئۇستۇمدىن
قىلىۋاتقان سوراق قىيامەتنىڭ سورىقىدىنمۇ قاتتىقراق، بۇنى
سەن ئويلاپ تاپالمايسەن. ناتاشكا، ھەممىدىن تويدۇم! كىشىلەر
جېنىمغا تەگدى... ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم ھېساب - كىتاب قىلىۋال-
سام، ماڭا ئاسان چۈشىدۇ. ئارقامدىمۇ كىشىم يوق، ئالدىمدىمۇ

كىشىم يوق، قەھەر - زەھەرىمنى چاچىدىغان كىشىمۇ يوق...، مانا شۇنداق!

ناتالىيە ئۇنىڭغا بۇ نىيىتىڭدىن يان، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن دېگەننى خىيالىڭغا كەلتۈرگۈچى بولما، دەپ قىزغىن نەسىھەت قىلىشقا باشلىۋىدى، ئەمما دارىيە باشتا پەرىشان ھالدا گەپكە قۇلاق سالغاندەك بولسىمۇ، لېكىن، ئەس - ھوشىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ناتاشكا، بۇ گېپىڭنى قوي! مەن قېشىڭغا مېنى مۇشۇ نىيىتىمدىن ياندۇرسۇن دەپ يالۋۇرغىلى كەلمىدىم! مەن ساڭا ئۆز قايغۇمنى بايان قىلىشقا ۋە بۈگۈندىن باشلاپ بالىلىرىڭنى قېشىمغا يېقىن يولاتما دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشقا كەلدىم. مېنىڭ كېسىلىم يۇقۇملۇق كېسەل، دوختۇر شۇنداق دېدى، ئۆزۈممۇ بۇ كېسەل توغرۇلۇق جىق نەرسە ئاڭلىغانمەن، ئىش قىلىپ، بالىلىرىڭ مەندىن كېسەل يۇقتۇرۇۋالمىسۇن، چۈشەندىڭمۇ ئەخمەق ئايال؟ موماينىمۇ سەن ئېيتىپ قوي، ئۆزۈم ئېيتىشقا يۈزۈم چىدىمايدۇ. ئەمما مەن... مەن دەرھاللا سىرتماققا ئېسىلمايمەن، سەن ئۇنداق دەپ ئويلىما، بۇنىڭغا تېخى ۋاقىت بار... ھازىرچە بۇ يورۇق ئالەمدە كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ، كۈن ئۆتكۈزۈپ تۇرارمەن، دۇنيا بىلەن ۋىدالىشارمەن. ھەقىقەتتە بولسا، بىزنىڭ قانداقلىقىمىزنى بىلەمسەن؟ نەق يۈرەكتىن سانجىغانغا قەدەر يۈرۈۋېرىمىز، ئەتراپىمىزدا نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرمەيمىز... مانا مېنىڭ بېشىمدىن كەچۈرگەن ھاياتىم خۇددى قارىغۇنىڭ ھاياتىدەكلا ئۆتتى، بۇ قېتىم مەن يېزا بازىرىدىن چىقىپ، دون بويىدا كېلىۋېتىپ، تېز ئارىدا ھەممە بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىمنى ئويلىغاندا كۆزلىرىم يوغان ئېچىلغاندەك بولدى! دونغا قارايمەن، ئۇنىڭ يۈزى مەۋجلىنىپ تۇرۇپتۇ، ئاپتاپتا خۇددى ساپ كۈمۈشتەك كۆرۈنىدۇ، رەڭگارەڭ جىلۋىلىنىدۇ،

ئۇنىڭغا قاراپ - قاراپ كۆزۈك تالدۇ. ئەتراپىمغا قارىسام،
سۇبھانالللا، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە! مەن ئۇنى شۇكەمگىچە
بايقىمىغانىكەنمەن...، — دارىيە ئۇيىالغاندەك كۈلۈمسىرەپ
جىمىپ قالدى، قوللىرىنى مەھكەم قىسىپ، كېكىردىكىگە قاپساپ
كەلگەن ھۆكرەشنى تەسلىكتە توختاتتى - دە، يەنە سۆزلەشكە
باشلىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ قاتتىق ۋە كەسكىن چىقتى، —
يول ئۈستىدە مەن نەچچە قېتىم ھۆكرەپ يىغلىدىم... يېزىغا
يېقىنلىشىپ كەلگەندە قارىسام — ئۇششاق باللار دوندا سۇغا
چۆمۈلۈۋېتىپتۇ... ئۇلارغا بىر قاراپ، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ
كەتكۈدەك بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئەخمەق ئايالدەك ھۆكرەپ
يىغلاشقا باشلىدىم. ئىككى سائەت قۇمنىڭ ئۈستىدە ياتتىم.
ئويلايدىغان بولسام، ئۆلۈۋېلىشىمۇ ئانچە ئاسان ئەمەس
ئىكەن...، — دارىيە يەردىن دەس تۇرۇپ، يوپكىسىنى قاقتى،
ئادەتتىكى ھەرىكىتى بىلەن بېشىدىكى رومالنى تۈزىدى، — ئۆلۈمنى
ئويلىغىنىمدا، ئۇ دۇنيادا پېترو بىلەن كۆرۈشىمەنغۇ دەپ، پەقەت
شۇنىڭدىن خۇشال بولىمەن... «ھەي، دوستۇم، پېترو پانتېلېيېۋىچ
ئۆزۈڭنىڭ بۇزۇق خوتۇنۇڭنى قوبۇل قىل! دەيمەن» — شۇندىن
كېيىن دارىيە ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى ئۇياتسىز چاقچىقى بىلەن
قوشۇپ قويدى، — ئۇ دۇنيادا پېترو ئۇرۇشالمايدۇ، چۈنكى جاڭ-
جاللارنى جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ، توغرىمۇ؟ خەير - خوش،
ناتاشكا! مېنىڭ بەختسىزلىكىمنى قېيىن ئانامغا ئېيتىپ قويۇشنى
ئۇنتۇپ قالما

ناتالىيە كىر، ئۇزۇنچاق قوللىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ
هامان ئولتۇراتتى. قارىغاينىڭ قوۋزىقى ئارىسىدىن چېپىلداپ
چىققان قاراسمولادەك بارماقلىرى ئارىسىدىن كۆز يېشى يال-
تىرايتتى. دارىيە چىۋىقتىن توقۇلغان ئىشىككە يېتىپ باردى -
دە، يەنە ئارقىسىغا قايتتى، ئاندىن جىددىي قىياپەتتە ئۇقتۇرۇپ

قويدى:

— مەن بۈگۈندىن باشلاپ ئايرىم قاچىدا تاماق يەيمەن. بۇنى ئانامغا ئېيتىپ قوي. يەنە مۇنۇنى تاپىلاپ قوي: بۇ توغرۇلۇق ئاتامغا بىر نەرسە دېمەي تۇرسۇن، بولمىسا، قېرىنىڭ جەھلى چىقىپ، مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. شۇ ئىش ماڭا يەتمەي تۇراتتى. مەن بۇ يەردىن ئۇدۇللا ئېتىزغا بارىمەن. خەير - خوش!

## 14

ئەتىسى ئوت ئورغۇچىلار قىردىن قايتىشتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ چۈشتىن كېيىن پىچاننى توشۇش قارارىغا كەلدى. دۇناشكا ئۆكۈزلەرنى دونغا ھەيدەپ كەتتى. ئىلئىنىچنا بىلەن ناتالىيە ئالدىراش داستىخان تەييارلاشقا كىرىشتى.

دارىيە داستىخان بېشىغا ھەممىدىن كېيىن كېلىپ بىر چەتتە ئولتۇردى. ئىلئىنىچنا ئۇنىڭ ئالدىغا كىچىككىرەك بىر كاسا شورپا قويدى ۋە قوشۇق بىلەن بىر كېسىم نان بەردى، قالغانلارغا بولسا ھەرقاچانقىدەك بىرلا چوڭ مىسكىدا شورپا ئەكەلدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئەجەبلىنىپ، ئايالىغا قارىدى-دە، دارىيىنىڭ قاچىسىنى كۆزى بىلەن ئىملاپ كۆرسىتىپ، سورىدى:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا ئايرىم تاماق قويىسەن؟ ئۇ بىزنىڭ دىندىن چىقىپ كەتتىمۇ؟

— سېنىڭ نېمە كارىڭ بار؟ يەۋەرمەمسەن!

چال دارىيىگە ئىستېھزا بىلەن قاراپ قويۇپ، كۈلدى:

— ھەئە، چۈشىنىمەن! ئۇ ھېلىقى مېدالنى ئالغان چاغدىن

بۇيان بىر قاچىدىن تاماق يېمەيدىغان بولغان ئىكەن - دە. قانداق، داشكا، بىز بىلەن بىر قاچىدا تاماق يېيىشتىن نومۇس قىلامسەن؟

— نېمىشقا نومۇس قىلاتتىم، ئەمما بىللە تاماق يېيىشمەگە بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى دارىيە خىرىلداپ.

— نېمىشقا بولمايدۇ؟

— تامىقىم ئاغرىق.

— هە، شۇنداقمۇ؟

— بازارغا باردىم، دوختۇر ئايرىم قاچىدا تاماق يېگىن دېدى.

— مېنىڭمۇ كېكىردىكىم ئاغرىغان، ئەمما مەن تاماقنى ئايرىم يېگىنىم يوق، خۇداغا شۈكۈر، مېنىڭ كېسىلىم باشقىلارغا يۇقمىدى. سەن قانداق زۇكام بولۇپ قالغانسەن؟

دارىيە تامدەك تاتىرىپ كەتتى، لەۋلىرىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈپ، قوشۇقنى قويۇپ قويدى. چالىنىڭ گەپ سوراۋەرگەنلىكىدىن ئاچچىقى كەلگەن ئىلئىنىچنا ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— سەن نېمە ئاياللارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالىسەن؟ تاماق ئۈستىدە كىشىگە ئاراملىق بەرمەيسەن! سەن قېرىقىز ئۆسۈملۈكتەك يېپىشىۋالىسەن - دە، بۇنىڭدىن ئۆمۈر بويى ئايرىلالمايسەن!

— ماگا نېمىتى؟ — دەپ كوتۇگشىدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاچچىقى كېلىپ، — مېنىڭچە بولغاندا، ئىدىشنى بېشىڭلارغا كىيىپ تاماق يەڭلار!

ئۇ خاپىچىلىقتىلىق بىر قوشۇق قىزىق شورپىنى بىرلا ئوتلىغانىدى، ئاغزى كۆيۈپ، يۇپ قىلىپ ساقىلىغا تۆكۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن سەت ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ كەتتى:

— لەنىتىلەر، تاماقنى قانداق بېرىشنىمۇ بىلمەيسىلەر!

قايناۋاتقان شورپىنى شۇ پېتى قازاندىن ئەكىلىپ بېرىدىغان ئىش قەيەردە بار ئىكەن؟!

— تاماق ئۈستىدە ئازراق سۆزلىگەن بولساڭ، ئاغزىڭنى كۆيدۈرۈۋالماس ئىدىڭ، — دېدى ئىلىئىنچىنا يوپۇتۇپ.

دۇناشكا چىرايى قىزىرىپ كەتكەن ئاتىسىنىڭ ئالدىراپ ساقىلى ئارىسىدىن كاپوستا بىلەن ياغيۇ ئۇۋاقلىرىنى تېرىۋاتقانلىقىغا قاراپ، پىخ، قىلىپ كۈلۈۋېتىشكە ئاز - ئاز قالغانىدى، ئەمما باشقىلارنىڭ چىرايى جىددىي تۇس ئالغانلىقتىن، ئۇمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە ئورۇنسىز كۈلۈۋېتىشتىن قورقۇپ، ئاتىسىدىن نەزەرىنى باشقىغا يۆتكىدى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن چال ئىككى كېلىنىنى ئېلىپ، ئىككى هارۋا بىلەن پىچان توشۇشقا ماڭدى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۇزۇن ساپلىق ئارا بىلەن پىچاننى هارۋىغا تاشلاپ بېرىپ تۇردى، ناتالىيە چۈچۈمەل پۇراق چىقىپ تۇرغان پىچان باغلىرىنى قوچاقلىۋېلىپ، هارۋىغا بېسىپ بەردى. ئۇ ئېتىزدىن دارىيە بىلەن بىللە قايتتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ چوڭ - چوڭ چامداپ ماڭىدىغان قېرى ئۆكۈزلەر بىلەن خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتتى.

قورغاننىڭ ئارقىسىدا كۈن ئولتۇرۇۋاتاتتى. چۆپى چېپىلغان دالادا ئاچچىق شىۋاقنىڭ پۇرىقى كەچكە يېقىن كۈچىيىشكە باشلىدى، ئەمما چۈش ۋاقتىدىكى تىنچىق هاۋا ئۆتكۈرلۈكىنى يوقىتىپ، يۇمشاقراق، يېقىملىقراق بولۇپ قالدى. ئىسسىق قايتقانىدى. ئۆكۈزلەر مەمنۇنلۇق بىلەن مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تۇيىقى توزۇتقان چۈچۈمەل چاڭ يازلىق يولدا پۇرقىراپ كۆتۈرۈلۈپ، يول بويىدىكى ئازغانلارنىڭ ئۈستىگە قوناتتى. ئازغاننىڭ ئۇچى توق قىزىل چېچەك ئاچقان بولۇپ، چوغدەك يېنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە توكلۇك هەرىلەر پىرقىراپ

ئۈچۈپ يۈرەتتى. قىزغىششلار بىر - بىرىگە جور بولۇپ چىرىلدىشىپ، يىراقتىكى دالا كۆلى تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى.

دارىيە تەۋرىنىپ بېرىۋاتقان ھارۋىنىڭ ئۈستىدە يۈزىنى تۆۋەن قىلىپ، جەينىكىگە يۆلىنىپ ياتاتتى، ئاندا - ساندا ناتالىيىگە قاراپ قوياتتى. ناتالىيە بولسا نېمە توغرۇلۇقتۇر ئويغا چۆمۈپ، پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قارايتتى؛ ئۇنىڭ خاتىرجەم يۈزىدە مىستەك قىزغۇچ شولا جىلۋىلىنەتتى. مانا ناتاشقا بەختلىك ئايال، ئۇنىڭ ئېرىمۇ بار، بالىلىرىمۇ بار، ئۇنىڭغا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس، ئائىلىدىكىلەر ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، مەنچۇ — مەن تۈگەشكەن ئادەممەن. ئۆلۈپ قالسام، ھېچكىم ۋاي بىچارە دەپ قويمايدۇ، دەپ ئويلىدى دارىيە، ئاندىن ئۇنىڭدا: ناتالىيىنى بىر خاپا قىلىپ قويايمۇ، يۈرىكىنى جاراھەتلەندۈرەيمۇ دېگەن بىر خاھىش تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى. نېمىشقا يالغۇز دارىيىلا ئۈمىدسىزلىك گىردابىغا غەرق بولۇپ، نابۇت بولغان ئۆمرى توغرۇلۇق تىنىمسىز ئويلاپ، قايغۇ - ھەسرەت چېكىشى كېرەك؟ ئۇ ناتالىيىگە يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتىۋالدى - دە، سەمىمىي ئاھاڭدا سۆزلەشكە تىرىشىپ:

— ناتالىيە، سېنىڭ ئالدىڭدا كەچۈرۈم سورىماقچىمەن...، — دېدى.

ناتالىيە بىردىنلا جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ كۈننىڭ پېتىشىغا قاراپ، بىر زاماندا، گرىگورىيغا ياتلىق قىلىنىش ئالدىدا، ئۆزىنى كۆرۈشكە كەلگەن گرىگورىينى دەرۋازىنىڭ سىرتىغا ئۇزىتىپ چىققاندا، قۇياش خۇددى ھازىرقىدەك لاۋۇلداپ تۇرغانلىقىنى، غەربتە ئۇپۇقنى قىپقىزىل شەپەق قاپلىغانلىقىنى، سۆگەتلەرنىڭ ئارىسىدا قارا قاغىلار قاقىلدىشىپ تۇرغانلىقىنى ئەسكە چۈشۈرۈۋاتاتتى... شۇ چاغدا گرىگورىي ئېگەرنىڭ ئۈستى

ده يېنىچە ئارقىسىغا قايرىلىپ يۈرۈپ كەتتى. ناتالىيە بولسا شادلىقتا كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ ئارقىسىدىن قاراپ قالغاندى، بويىغا يەتكەن قىزلارغا خاس تىتىككە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە قولىنى قويغاندا، يۈرىكىنىڭ شىددەت بىلەن سوققانلىقىنى سەزگەندى... دارىيىنىڭ تۇيۇقسىز بۇ جىمجىتلىقنى بۇزغانلىقى ئۇنىڭغا ياقمىدى ـ دە، خالار ـ خالىماس سوراپ قويدى:

— نېمىشقا كەچۈرۈم سورىماقچىسەن؟

— مەندىن مۇنداق بىر گۇناھ ئۆتتى... ئەتىيازدا گرىگورىي فرونتتىن دەم ئېلىشقا كەلگەنلىكى ئېسىڭدىمۇ؟ يادىمدا قېلىشىچە، شۇ كۈنى كەچقۇرۇن كالا ساغقانىدىم. ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ، تالاغا قولاق سالسام — ئاكسىنىيە مېنى چاقىرىۋېتىپتۇ. ئۇ مېنى قېشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي، مۇنۇ ئۈزۈكنى ماڭا بەردى، — دارىيە نامسىز بارمىقىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى ئايلاندۇرۇپ قويدى، — شۇنىڭ بىلەن گرىگورىينى چاقىرىپ بېرىشىمنى يالۋۇرۇپ سورىدى... مەن ئۈچۈن بۇ قانچىلىك ئىش... گرىگورىيغا ئېيتتىم. شۇ چاغدا ئۇ پۈتۈن كېچە... كودىنوف كەلگەنىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ قالدىم دېگەنلىكى ئېسىڭدە باردۇر؟ ئۇنىڭ سۆزى يالغانىدى! ئۇ ئاكسىنىيە بىلەن بولغان!

چىرايى ئۆڭۈپ ھەيرەتتە قالغان ناتالىيە ئۈنچىقماستىن، قۇرۇپ قالغان ئازغاننىڭ پۇتاقلىرىنى قولىدا سۇندۇرۇپ ئولتۇردى.

— ناتاشا، ماڭا ئاچچىقىڭ كەلمىسۇن، بۇ نەرسىنى ساڭا ئىقرار قىلغانلىقىمغا ئۆزۈممۇ شاد ئەمەس...، — دېدى دارىيە گەپ ئېلىش ئۈچۈن ناتالىيەنىڭ كۆزىگە قاراشقا تىرىشىپ.

ناتالىيە ئۈنچىقماستىن كۆز يېشىنى ئىچىگە يۇتاتتى. بۇ قېتىم كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن قايغۇ شۇنداق ئېغىر ئىدىكى، دارىيىگە نېمىدەپ جاۋاب بېرىشكە قۇربى يەتمەي

قالدى ۋە قاتتىق ئازابتىن پۇرۇشكەن چىرايىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن باشقا تەرەپكە قارىۋالدى.

دارىيە يېزىغا كىرىپ كەلگەندە، ئۆزىگە ئۆزى خاپا بولۇپ: مەن قۇرغۇر نېمە بالا بولۇپ، ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز سېپىشكە قىزىقىپ قالدىم. ئەمدى ئۇ بىر ئايغىچە كۆز يېشى قىلىدۇ! ھېچنەرسىنى بىلمەي كۈن ئۆتكۈزۈۋەرسە بولاتتى. ناتالىيەدەك مۆڭ كالىلارغا ھېچنېمىنى كۆرمەي ھايات كەچۈرۈش ياخشى، دەپ ئويلىدى. ئۇ قىلغان سۆزىنىڭ تەسىرىنى ناتالىيىنىڭ كۆڭلىدىن يۇيۇش ئۈچۈن مۇنداق دېدى:

— سەن مۇنچىلىك قاتتىق قايغۇغا چۈشمە. بۇ قانچىلىك گەپ! مېنىڭ قايغۇم سېنىڭكىدىن ئېغىرراق، شۇنداق تۇرۇقلۇق بىرگەپ بولار دەپ كېتىۋاتىمەنغۇ. يەنە كېلىپ كىم بىلىدۇ، ئۇ، بەلكى ھەقىقەتتە ئاكسىنىيە بىلەن كۆرۈشمەي، كودىنوفنىڭ قېشىغا بارغاندۇر. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مارىلاپ ماڭغىنىم يوق. قولغا چۈشمىگەن — ئوغرى ئەمەس.

— مەن ئۆزۈممۇ پەملەپ قالغانىدىم...، — دېدى ناتالىيە ئاستا ئۇنىنى چىقىرىپ، رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزىنى ئېرتىپ.

پەملىگەن بولساڭ، نېمىشقا ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ ئېنىقلىمىدىڭ؟ ھەي، سەن ھېچنېمىگە يارىمايدىغان نېمىكەنسەن. ئۇ مېنىڭ بولۇپ قالغان بولسا، غىدىڭ - پىدىڭ قىلغۇزماي ھېساب ئالاتتىم! مەن ئۇنى شۇنداق ئىسكەنجىگە ئالاتتىمكى، قورسىقىدىكىنىڭ ھەممىسىنى قۇسقان بولاتتى!

— ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشتىن قورقتۇم... بۇنى سەن ئاسان دەپ ئويلامسەن؟ — دېدى ناتالىيە كۆزلىرى پارقىرىغان ھالدا ھاياجاندىن گاچىلىشىپ، — سەن پېترو بىلەن... شۇنداق ئۆتىۋەردىڭلار... ئېسىمگە ئالسام... باشتىن كەچۈر-

گەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېسىمگە ئالسام... دەرھال قورقۇپ كېتىمەن!

— خوپ، ئۇنداق بولسا، بۇ ئىشنى ئۇنتۇل، — دېدى دارىيە ساددا دىللىق بىلەن.

— بۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇلغىلى بولسۇن! — دېدى ناتالىيە خىرىلداپ يات بىر ئاۋاز بىلەن.

— مەن ئۇنتۇلغان بولاتتىم. بۇ قانچىلىك بىر چوڭ ئىش ئىدى!

— سەن ئۆزۈڭنىڭ كېسىلىنى ئۇنتۇلغىنا!

دارىيە كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇنتۇلسامغۇ، بەك خۇشال بولاتتىم، بۇ لەنىتى كېسەل ئۆزى ئېسىمگە كېلىۋالىدۇ! ماڭا قارا، ناتاشكا ئەگەر خالىساڭ، مەن ئاكسىنىيەدىن ھەممىنى سوراپ بىلىۋالىمەن. ماقۇلمۇ؟ ئۇ ماڭا ئېيتىپ بېرىدۇ. خۇدا ئۇرسۇن! ئۆزىنى كىم ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە قانداق ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سەۋر - تاقەت بىلەن ئىچىدە ساقلايدىغان، ئېيتىپ بەرمەيدىغان ئايال دۇنيادا يوق. بۇنى مەن ئۆز تەجرىبەمدىن بىلىمەن!

— ماڭا خىزمەت كۆرسىتىشىڭنىڭ كېرىكى يوق! كۆرسەتكەن خىزمىتىڭمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، — دېدى ناتالىيە سوغۇققىنا. — مەن قارىغۇ ئەمەس، بۇنى ماڭا نېمە ئۈچۈن ئېيتقانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرىمەن. سەن قانداق دەللاللىق قىلغانلىقىڭنى ماڭا ئىچ ئاغرىتقانلىقىڭدىن ئىقرار قىلىۋاتقىنىڭ يوق، مېنىڭ دەردىمنى ئېغىرلىتىش ئۈچۈن ئېيتىۋاتىسەن...

— ھەق گەپ، — دەپ قوشۇلدى دارىيە بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، ئازاب چېكىش بىر ماڭىلا خاس ئىشمۇ؟

دارىيە ھارۋىدىن چۈشۈپ، باشباغنى قولىغا ئالدى - دە،

چارچىغانلىقتىن ئارانلا چامداپ كېتىۋاتقان ئۆكۈزلەرنى دۈگىنىڭ ئېتىكىگە قاراپ يېتىلەپ ماڭدى، تار كوچا ئېغىزىدا ئۇ ھارۋىنىڭ قېشىغا كېلىپ دېدى:

— ھەي، ناتاشكا! مەن سەندىن سورىماقچىمەن... سەن ئۇ بىرنېمەڭنى ياخشى كۆرەمسەن؟

— قولۇمدىن كېلىشىچە، — دەپ مۇجمەللا جاۋاب بەردى ناتالىيە.

— دېمەك، بەك ياخشى كۆرىدىكەنسەن-دە، — دارىيە بىر ئۇھ تارتتى، — ماڭا ھېچبىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈشكە توغرا كەلمىدى. مەن ئىتقا ئوخشاش چالا-چۇلپا، ئىختىيارىمچە ياخشى كۆردۈم... مەن ھازىر تۇرمۇشنى يېڭىباشتىن باشلىغان بولسام — بەلكى، مەنمۇ باشقا ئادەمگە ئايلانغان بولاتتىممۇ؟

يازنىڭ قىسقىلا گۈگۈمى ئۆتۈپ، قاپقاراڭغۇ كېچە باشلاندى. قاراڭغۇچىلىقتا پىچاننى ھەممەيلەن ھويلىغا قولمۇ قول تاشلاشتى. ئاياللار ئۈنچىقماستىن ئىشلەيتتى، ھەتتا دارىيەمۇ پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ ۋارقىرىشىغا جاۋاب قايتۇرمىدى.

## 15

دون ئارمىيىسى بىلەن يۇقىرىقى دون قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بىرلەشكەن قىسىملىرى ئۈست-مېدۋېدىتسكايادىن چېكىنگەن دۈشمەننى شىددەت بىلەن قوغلاپ شىمالغا كېتىپ باراتتى. مېدۋېدىتسادىكى شاشكىن يېزىسىنىڭ بوسۇغىسىدا 9-ئارمىيىنىڭ تارمار كەلتۈرۈلگەن پولكلىرى كازاكلارنى توختىتىپ

تۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما يېڭىباشتىن زەربىگە ئۇچراپ كەسكىن قارشىلىق كۆرسىتەلمەستىن، دېيەرلىك گىرەژى — تسارتسىنسكايا تۆمۈريولىنىڭ تارمىقىغىچە چېكىندى.

گرىگورىي شاشكىن بوسۇغىسىدا ئۆزىنىڭ دىۋىزىيىسى بىلەن جەڭگە قاتنىشىپ، يان تەرەپتىن بېرىلگەن زەربىگە ئۇچراپ قالغان گېنېرال سۇتۇلوفنىڭ پىيادىلەر بىرىگادىسىغا چوڭ ياردەم قىلدى. گرىگورىينىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئاتاكىغا ئۆتكەن يېرماكوفنىڭ ئاتلىق پولكى 200گە يېقىن قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ئەسىرگە ئالدى، تۆت ستانوكلۇق پىلىموتنى ۋە ئوق - دورا بېسىلغان 11 هارۋىنى قولغا چۈشۈردى.

گرىگورىي كەچكە يېقىن بىرىنچى پولكنىڭ بىر گۇرۇپپا كازاكلىرى بىلەن شاشكىن يېزىسىغا كىردى. دىۋىزىيە شتابى جايلاشقان ئۆينىڭ ئالدىدا يېرىم بۆلۈنمە كازاكلارنىڭ قاراۋۇللۇقى ئاستىدا زىنجىردە بىر توپ ئەسىرلەر بوز كۆڭلەك ۋە تامباللىرى بىلەن ئاقىرىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى- نىڭ ئۈستىدىكى كىيىملىرى ۋە ئاياغ كىيىملىرى سالدۇرۇۋېلىن- غان بولۇپ، يالىڭاياق، كۆڭلەكچان قالغانىدى، پەقەت ئاشۇ ئاق كۆڭلەككىلىكلەر ئارىسىدا ئاندا - ساندا كىر ماش رەڭ گىمناس- تۇركا كۆزگە چېلىقاتتى.

— غازغا ئوخشاش ئاپئاق ئاقىرىشىپ كېتىپتۇغۇ! — دېدى پروخور زىكوف ئەسىرلەرنى كۆرسىتىپ.

گرىگورىي تىزگىنىنى تارتىپ ئېتىنى يېنىچە بۇرىدى؛ كازاكلار توپى ئىچىدىن يېرماكوفنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن ئۇنى بارمىقى بىلەن ئىملەپ چاقىردى:

— بۇ ياققا كەل، نېمىشقا يات ئادەملەرنىڭ ئارقىسىغا بېكىنىۋالدىڭ؟

يېرماكوف قولى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ يۆتىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ شالاڭ قارا بۇرۇتى ئاستىدا ماجاقلانغان چىشلىرى ئۈستىدە قان ئۇيۇپ قالغان، ئوڭ مەڭزى ئىششىغان ۋە يېڭى يارىنىڭ كۆكۈش ئىزى قالغانىدى. ئاتاكا ۋاقتىدا ئاستىدىكى ئات تېز چېپىپ كېلىۋېتىپ، بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ موللاق ئېتىپ چۈشىدۇ - دە، يېرماكوف ئېگەرنىڭ ئۈستىدىن تاشتەك ئۇچۇپ چۈشۈپ، ئىككى سارجىندەك يەرگىچە ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئوتلاق ئۈستىدە قورسىقى بىلەن يۇمىلاپ كەتكەنىدى. شۇنىدىن كېيىن ئۇ ئېتى بىلەن بىر ۋاقىتتىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن. بىر مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئات ئۈستىدە فۇراژكىسىز، يۈز - كۆزى قان، يالىڭاچلانغان قىلىچنى ئۇشلىغان پېتى ئات قويۇپ، قىيانىڭ باغرىدا چاچما سەپ بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقان كازاكلارغا يېتىشۋالغانىدى...

— مەن نېمىشقىمۇ بېكىنىۋالاتتىم؟ — ئۇ گرىگورىينىڭ قېشىغا كېلىپ تەڭلىشىۋالغاندىن كېيىن ئەجەبلەنگەن كىشى بولۇۋېلىپ سورىدى، ئۆزى خىجىل بولۇپ، جەڭدىن كېيىن تېخىچە چېپىلداپ قان ئېقىۋاتقان غەزەپلىك كۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ قاچتى.

— كىمنىڭ گۆشىنى يەۋالغانلىقىنى مۇشۇك ئۆزى سېزىدۇ! نېمىشقا كەينىدە قالدىڭ؟ — دەپ ئاچچىقى بىلەن سورىدى گرىگورىي.

يېرماكوف ئىششىغان كالپۇكلىرىنى تەسلىكتە جىلمايتىپ، ئەسىرلەرگە كۆز قىرى بىلەن قارىدى.

— سەن قايسى گۆش توغرۇلۇق سۆزلەۋاتىسەن؟ سەن ھازىر مەندىن تېپىشماق سورىما، بەرىبىر تاپالمايمەن، مەن بۈگۈن ئاتتىن موللاق ئېتىپ چۈشتۈم...

— مۇنۇ سېنىڭ ئىشىڭمۇ؟ — گرىگورىي قامچىسى بىلەن قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنى كۆرسەتتى.

يېرماكوف ئەسىرلەرنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن بولۇۋېلىپ، قاتتىق ھەيران بولغان كىشى قىياپىتىگە كىرىۋالدى:

— ۋاي، ئىتنىڭ باللىرى! ھەي، لەنىتىلەر! ئۇلارنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇۋاپتۇغۇ! بۇنى قاچاندا قىلىپ ئۈلگۈرگەندۇ؟... خۇدا ھەققى، ئىپتىقىدىنا! مەن بايا ئۇلارغا تەگمەڭلار دەپ قەتئىي بۇيرۇق بېرىپ كەتكەنىدىمغۇ. مانا قاراڭ، بىچارىلەرنىڭ ھېچنېمىسىنى قويماي شىلىۋاپتۇغۇ!...

— سەن ماڭا ئۇقماس بولۇۋالما! مۇغەمبەرلىك قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ سەن مۇنۇلارنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇق قىلدىڭمۇ؟

— ئەستاغپۇرۇللا! ئەقلىڭ جايىدىمۇ، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ؟

— بۇيرۇق ئېسىڭدىمۇ؟

— مېنىڭ دېگىنىم ئاۋۇ توغرۇلۇق...

— ھە، نەق ئاشۇ توغرۇلۇق!...

— ئەلۋەتتە، ئېسىمدە. مەن ئۇنى يادقا بىلىمەن! خۇددى ئۆتمۈشتە مەكتەپتە يادلاپ ئۆگەنگەن شېئىردەك.

گرىگورىي ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى - دە، ئېگەرنىڭ ئۈستىدىن ئېڭىشىپ، يېرماكوفنىڭ قىلىچ بېغىدىن تۇتۇۋالدى. بۇ قەيسەر، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان باتۇر كوماندىرنى گرىگورىي ياخشى كۆرەتتى.

— خارلامپىي! چاقچىقىڭنى قوي، نېمىشقا بۇنداق قىلىشقا يول قويدۇڭ؟ ئاۋۇ شتابتىكى كوپىلوفنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان يېڭى پولكوۋنىك ئۈستۈڭدىن چاقىدۇ - دە، جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. سوراق - تەرگاۋ بىلەن ئاۋارىچىلىك

باشلىنىپ كەتسە، ساڭا ھەرگىز خۇشاللىق يوق.

— چىداپ تۇرالمىدىم، پانتېلېيېۋىچ! — يېرماكوف گەپنىڭ ئۇچۇقىنى ئېيتتى، — ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەممە نەرسە يىپ-يېڭىسىدىن تارتىپ يېڭى، تېخى يېقىندىلا ئۈست-مېدۋېدىتسادا تارقىتىپ بېرىلگەن، ئەمما بىزنىڭ يىگىتلىرىمىزنىڭ كىيىمى بولسا كونىراپ جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن، ئۆيلىرىدىمۇ كىيىملىرى دۆۋىلىشىپ تۇرغىنى يوق. ئارقا سەپكە بارغاندا ئاۋۇلارنىڭ كىيىملىرىنى بەربىر تارتىۋالىدۇ! ئۇلارنى بىز قولغا چۈشۈرەلىچۇ، سالدۇرۇۋالغۇچىلار ئارقا سەپتىكى ئەبلەخلەر بولامدۇ؟ ياق، ئۇنىڭدىن كۆرە بىزنىڭكىلەر پايدىلانغىنى ياخشى! مەن ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن، مەندىن ھېچنېمە ئالالمايدۇ! خۇدا رەھىم قىلسۇن، سەن ماڭا تولا يېپىشىۋالمىغىن. مەن ھېچنېمىنى ئۇقمايمەن ۋە بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئىللا-بىللا خەۋەردار ئەمەسمەن!

ئۇلار ئەسىرلەر توپى قېشىغا يېتىپ كېلىشتى. توپنىڭ ئىچىدە ۋەزمىن پاراڭ بىردىنلا جىمىپ قالدى. چەتتە تۇرغانلار ئاتلىقلارغا يول ئېچىپ بېرىپ، كازاكلارغا ئەيمىنىپ قاراشتى ۋە نېمە بولاركىن دەپ ئېھتىيات بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشتى. بىر قىزىل ئەسكەر گرىگورىينىڭ كوماندىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، يېقىنلا كەلدى-دە، قولىنى ئۆزەڭگىگە تەگكۈزدى:

— يولداش باشلىق! كازاكلارغا ئېيتسىڭىز، شىنېلنى بولسىمۇ بىزگە قايتۇرۇپ بەرسە. بىر رەھىم-شەپقىتىڭىزنى كۆرسىتىپ قويۇڭ! كېچىسى سوغۇق، بىز مانا يالىڭاچ دېگۈدەكلا قالدۇق، ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز.

— يازنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا، بەلكى، سوغۇقتىن ئۆلمەسسەن، سېرىق چاشقان! — دېدى يېرماكوف ئاچچىقى بىلەن، شۇندىن كېيىن قىزىل ئەسكەرنى ئېتى بىلەن تۈرتۈپ،

گىرىگورىيغا بۇرۇلدى: — سەن بىزاۋىتا بولما، ئۇلارغا ئەسكى كېيىملەرنى بېرىڭلار، — دەپ ئېيتىپ قويساي. خۇش، بىر چەتكە تۇرۇڭلار، جەڭچى پالۋانلار! سىلەر كازاكلار بىلەن جەڭ قىلىمەن دېگۈچە، ئىشتاندىكى پىتىڭلارنى باقساڭلارچۇ!

شتابتا ئەسىرگە چۈشكەن روتا كوماندىرى سوراق قىلىنىۋاتاتتى. كونىراپ كەتكەن كلېونكا يېپىلغان شىرەنىڭ يېنىدا يېڭى شتاب باشلىقى پولكوۋنىك ئاندرىيېۋ ئولتۇراتتى — بۇ ئادەم ياشىنىپ قالغان بۇرنى پاناق ئوفىتسېر بولۇپ، چېكە چاچلىرىغا قويۇق ئاق كىرگەن، قۇلاقلىرى كىچىك بالىنىڭكىدەك دىڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى قەدەم يەردە قىزىل كوماندىر ئۆرە تۇراتتى. دىۋىزىيىگە ئاندرىيانوف بىلەن بىللە كەلگەن شتاب ئوفىتسېرلىرىدىن بىرى يۈزبېشى كوماندىر سولىن سوراق قىلىنغۇچىنىڭ ئېيتقانلىرىنى يېزىۋېلىۋاتاتتى.

قىزىل كوماندىر — ئېگىز بوي، سېرىق بۇرۇت، بوز رەڭ چاچلىرى كىرپە تىكىنىدەك تىرقىلغان بۇ ئادەم — ئاندا-ساندا پولكوۋنىكقا قاراپ قويۇپ، قىزىل سىرلانغان پولنىڭ ئۈستىدە يالىڭاياق پۇتلىرى بىلەن ئوڭايسىز دەپسىنىپ تۇراتتى. كازاكلار بۇ ئەسىرنىڭ ئۈستىدە پەقەت سېرىق ماتادىن تىكىلگەن سولدات كۆڭلىكىنى قالدۇرغان، تارتىۋېلىنغان شىمنىڭ ئورنىغا لامپاسلىرى ئۆڭۈپ كەتكەن، قوپال ياماق سېلىنغان جۇل-جۇل كازاك شالۋۇرىنى بەرگەن. گىرىگورىي شىرەنىڭ قېشىغا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇ ئەسىرنىڭ خىجىللىقتا ئالدىراپ-تېنەپ ساغرىسى يىرتىق شالۋۇرنى تۈزەپ يالىڭاچ بەدىنىنى يېپىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى.

— سىز، ئورلوف ئۆلكىلىك ھەربىي كومىسسارىياتى ئەس-كەرلىككە ئالدى دېدىڭىزمۇ؟ — دەپ قىسقىلا سورىدى پولكوۋنىك كۆزەينەكنىڭ ئۈستىدىن ئەسىرگە قاراپ، شۇندىن

كېيىن يەنە بېشىنى تۆۋەن سالدى - دە، كۆزلىرىنى قىسىپ، قولىدىكى بىر قەغەزگە سىنچىلاپ قاراپ ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى.

— هە.

— بۇلتۇر كۈزدىمۇ؟

— كۈزنىڭ ئاخىرىدا.

— يالغان ئېيتىسىز!

— راستىنى دەۋاتىمەن.

— يالغان سۆزلىگەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايمەن!...

ئەسىر ئۈنچىقماستىن مۈرىسىنى قىستى. پولكوۋنىك گرىگورىيىغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن سوراق قىلىنغۇچى تەرەپكە مەنسىتمىگەندەك باش ئىشارىتى قىلىپ، دېدى:

— مانا تاماشىنى قاراڭ: ئىمپېراتور ئارمىيىسىنىڭ سابىق ئوفىتسېرى، ئەمدىلىكتە، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بولشېۋىك. ئۇ بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشكەندىن كېيىن گەپ ئويدۇرۇپ: قىزىللارنىڭ سېپىگە تاسادىپىي كىرىپ قالدىم، مېنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئالدى، دەيدۇ. خۇددى گىمنازىيە ئوقۇغۇچىسىدەك ساددىلىق بىلەن قاملاشمىغان يالغاننى سوقۇۋېرىدۇ، يەنە تېخى بۇ گېپىمگە خەق ئىشىنىدۇ دەپ ئويلايدۇ، هالبۇكى، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلىشقا مەردانىلىكى يەتمەيدۇ، بۇنداق قىلىشتىن قورقىدۇ، ئەبلەخ!

ئەسىر كېكىردىكىنى تەسلىكتە مىدىرلىتىپ زۇۋانغا كىردى:

— جانابىي پولكوۋنىك، بىر ئەسىرنى هاقارەتلەشكە سىزدە مەردانىلىك ئېشىپ - تېشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇمەن!...

— مەن ئەبلەخلەر بىلەن سۆزلەشمەيمەن!

— ماڭا هازىر سۆزلىشىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ.

— ئېهتىيات بولۇڭ! مېنى مەجبۇر قىلماڭ، هەرىكەت

قولىنى ھاقارەتلەش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ!

— سىزنىڭ مەۋقەيىڭىزدە بۇنداق قىلىش ئانچە تەس ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى — سىز ئۈچۈن خەۋپلىك ئىش ئەمەس!

گرىگورىي لام - جىم دېمەستىن، شىرەنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، غەزەپتىن تاتىرىپ قورقۇمسىز غودۇڭشىپ تۇرغان ئەسىرگە خەيرخاھلىق كۈلۈمسىرەش بىلەن قاراپ تۇراتتى. پولكوۋنىكچاقنى راسا بابلىدى! دەپ ئويلىدى گرىگورىي مەمنۇنلۇق بىلەن ۋە ئاندرېيانوفنىڭ ئەسەبىيلىك بىلەن تىترەپ تۇرغان قىپقىزىل گۆشلۈك يۈزىگە بىرئاز كۆرەلمەسلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى.

گرىگورىي ئۆزىنىڭ شتاب باشلىقىنى بىرىنچى ئۇچرىشىشتىلا ياخشى كۆرمىگەنىدى. ئاندرېيانوف مۇنداق بىر ئوفىتسېرلار جۈملىسىگە كىرەتتىكى، ئۇلار جاھان ئۇرۇشى يىللىرىدا فرونتقا بارمىغان، بەلكى ئابرويلۇق خىزمەتداشلىرىنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ۋە تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، بار كۈچى بىلەن خەۋپسىز خىزمەتكە يېپىشىپ، ئارقا سەپتە پەم - پاراسەت بىلەن بېكىنىپ ئولتۇرغان. پولكوۋنىك ئاندرېيانوف ئىچكى ئۇرۇش ۋاقتىدىمۇ نوۋوچېركاسسكىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ھېيلىگەرلىك بىلەن مۇداپىئە خىزمىتىدە بولدى، پەقەت ئاتامان كراسنوف ھاكىمىيەت بېشىدىن چەتلىتىلگەندىن كېيىنلا ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

گرىگورىي ئىككى كېچە بىر ئۆيدە بولۇش جەريانىدا ئاندرېيانوفنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئىنتايىن تەقۋادار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى، بۇ ئادەم چېركاۋدىكى تەنتەنىلىك تائەت - ئىبادەت ۋاقتىدا دۇئالارنى كۆزگە ياش ئالماي زىكرى قىلالمايدىكەن، ئۇنىڭ ئايالى — ئۇنداق - مۇنداق

ئايالاردىن ئەمەس ئىكەن، ئېتىي سوفىيە ئالېكساندروفنا ئىكەن، بۇ ئايالغا بىر زاماندا ناكازنوي ئاتامان فون گرابېنىڭ ئۆزى قانات سۆرەپ باققان بولسىمۇ، ھېچ ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پولكوۋنىك ئىلتىپات كۆرسىتىپ: مەرھۇم ئاتىسىنىڭ چوڭ مۈلۈكدار ئىكەنلىكىنى، ئاندرىيانوفنىڭ ئۆزى پولكوۋنىك دەرىجىسىگە قانداق ئېرىشكەنلىكىنى، 1916 - يىلى يۇقىرى مەرتىۋىلىك شەخسلەر بىلەن قانداق ئۇۋغا چىققانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى؛ ئۇ يەنە شۇنى سۆزلەپ بەردىكى، ئۇنىڭ ھېسابلىشىچە، قارتا ئويۇنىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋىست ئويۇنى ئىكەن، ئەڭ پايدىلىق ئىچىملىك — زىرە يوپۇرمىقى سېلىنغان كونياك، كىرىمى ئەڭ كۆپ خىزمەت — ھەربىي تەمىنات بۆلۈمى خىزمىتى ئىكەن.

يېقىن بىر يەردە توپ ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەنلا پولكوۋنىك ئاندرىيانوف چۆچۈپ كېتەتتى، جىگەر كېسىلىم بار دەپ ئاتلىق يۈرۈشنى ئانچە خالىمايتتى؛ شتاب يېنىدا قاراۋۇللارنى كۆپەيتىش توغرۇلۇق ھارماي - تالماي غەمخورلۇق كۆرسىتەتتى، كازاكلارغا بولسا ئاشكارا ئۆچمەنلىك بىلەن يامان مۇناسىۋەتتە بولاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، 1917 - يىلى ئۇلارنىڭ ھەممىسى خائىنلىق قىلغانىمىش، شۇڭا ئاشۇ يىلدىن باشلاپ ئۇ «تۆۋەن دەرىجىلىكلەر» نىڭ ھەممىسىنى قارا - قويۇق يامان كۆرۈشكە باشلىغان. «روسىيىنى پەقەت دۋورىيانلا قۇتقۇزىدۇ!» — دەيتتى پولكوۋنىك، ئۆزىنىڭ دۋورىيان نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى، ئاندرىيانوفلار ئۇرۇقى دونىدا ئەڭ كونا ۋە نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈرگەن ئاقسۆڭەكلەر ئىكەنلىكىنى گەپ ئارىسىدا ئەسلىتىپ.

شەكسىزكى، ئاندرىيانوفنىڭ ئاساسىي كەمچىلىكى ۋالاقتەككۈرلۈك ئىدى، ئۇنىڭ ۋالاقتەككۈرلۈكى قىرىلارغا خاس،

ئاغزى بىسلىماس، دەھشەتلىك ۋاللاقتەككۈرلۈك ئىدى، بۇنداق ۋالاقتەككۈرلۈك كىسلىگە كۆپىنچە ياش ۋاقتىدىن تارتىپ ھەممە نەرسە توغرۇلۇق مەمەدانلىق ۋە ئەدەبسىزلىك بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا ئۆگىنىپ قالغان، يىشى ئۇلغايغان چاغدا بولسا تېخىمۇ كۆپ گەپ قىلىدىغان ئەقىلسىز ئادەملەرگىر بىپتار بولاتتى.

گرىگورىي ئۆز ئۆمرىدە مۇنداق قۇش نەسىللىك ئادەملەر بىلەن تالاي قېتىم ئۇچراشقان ۋە ھەردائىم ئۇلارغا چوڭقۇر نەپرەت بىلەن قارايدىغانىدى. گرىگورىي ئاندرىيانوف بىلەن تونۇشقان كۈنىنىڭ ئەتىسى بۇ ئادەم بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا باشلىدى ۋە كۈندۈزى شۇنداق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى، ئەمما تۈنەشكە توختاش بىلەنلا ئاندرىيانوف ئۇنى ئىزدەپ تاپاتتى - دە، ھولۇقۇپ: «بىللە قونايلىمۇ؟ — دەپ سورايتتى ۋە جاۋاب كۈتمەستىنلا گەپ باشلايتتى، — مانا، سىز، ئەزىزىم كازاكلار پىيادە جەڭدە چېلىك ئەمەس دەيسىز، مەن ئالىي ھەزرەتنىڭ ھۇزۇرىدا تاپشۇرۇق ئورۇندايدىغان ئوفىتسېر بولۇپ تۇرغان چاغلىرىمدا... ھەي تاشقىرىدا كىم بار، مېنىڭ چامادانىم بىلەن تۆشەكلىرىمنى بۇيياقىقا ئەكىلىڭلار!» گرىگورىي ئۇخلىغىنى يېتىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالاتتى ۋە چىشلىرىنى مەھكەم چىشلەپ سۆزگە قۇلاق سالاتتى، ئاندىن بۇ كاس - كاس ھېكايىچىگە ئەدەبسىزلىك بىلەن ئارقىسىنى قىلىپ، باشقا ياققا ئۆرۈلەتتى، بېشىنى شىنېلى بىلەن يۆركەپ، قەھر - غەزىپىنى ئىچىگە يۇتقان ھالدا: باشقا يەرگە يۆتكىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋېلىشىم بىلەنلا ئېغىر بىر نەرسە بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىغا سالىمەن، بەلكى بۇ زەربىدىن كېيىن ئۇ بىر ھەپتىگىچە بولسىمۇ تىلسىز يۈرەر! دەپ ئويلايتتى. «يۈزبېشى، سىز ئۇخلاۋاتامسىز؟» — دەپ سورايتتى ئاندرىيانوف.

«ئۇخلاۋاتمەن، — دەپ غۇۋا ئاۋاز بىلەن جاۋاب بېرەتتى»، — گرىگورىي. «رۇخسەت قىلىڭ، تېخى سۆزۈمنى تۈگەتمىدىم!» — دەيتتى ـ دە، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇراتتى. گرىگورىي ئۇيقۇ ئارىلاش ئويلايتتى: بۇ ۋالاقتەككۈرنى قەستەن مېنىڭ قېشىمغا تىقىپ قويۇشتى، ئېھتىمال، فىتسىخالائوروفنىڭ قىلغان ئىشىدۇر بۇ. ھەي، بۇنىڭ بىلەن، مۇنداق مەتۇ بىلەن قانداقمۇ خىزمەت قىلارمەن؟ شۇندىن كېيىن ئۇيقۇغا كېتىۋېتىپ پولكوۋنىكنىڭ گويا قاڭالتىر ئۆگزىگە تاراسلاپ چۈشكەن يامغۇر ئاۋازىدەك قۇلاقنى زىڭىلدىتىدىغان ياڭراق ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتى.

مانا شۇ سەۋەبتىن بايا ئەسىر كوماندىر ۋات ـ ۋات شتاب باشلىقىنىڭ ئەدەبىنى بەرگەندە گرىگورىي ئىچىدە تازا خۇشال بولغانىدى.

بىر مىنۇتتىن كېيىن ئاندىرىيانوف ئۈنچىقماي قويىدى، كۆزلىرى قىسىلدى؛ دىڭگىيىپ تۇرغان قۇلاقلىرىنىڭ ئۇزۇن مونچاقلىرى لالىدەك قىزاردى. كۆرسەتكۈچ بارمىقىغا يوغان ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋالغان سېمىز ئاپئاق قولى شىرە ئۈستىدە تىترەپ تۇراتتى.

— قۇلاق سېلىڭ، رەزىل ئادەم! — دېدى پولكوۋنىك غەزەپتىن خىرىلداپ، — مەن سىزنى بۇ يەرگە گەپ تاكاللىشىشقا ئەكەلدۈرگىنىم يوق، بۇنى سىز ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ! سىزگە بويۇن تولغاشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەمسىز؟

— ناھايىتى ياخشى بىلىمەن.

— چۈشەنگىنىڭىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن ياخشى. قىسقىسى، سىز قىزىللارغا ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن باردىڭىزمۇ ياكى سىزنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئالدىمۇ، بۇنىڭ بىلەن ھېچ ئىشىم يوق. مۇھىمى بۇ ئەمەس، مۇھىمى شۇكى، سىز ئار ـ نومۇسنى

ساختا چۈشەنگەنلىكىڭىز تۆپەيلى جاۋاب بېرىشتىن باش تارتىۋاتىسىز...

— مەلۇم بولدىكى، ئار - نومۇس مەسىلىلىرىنى سىز بىلەن بىز ھەر خىل چۈشىنىدىغان ئوخشايمىز.

— بۇنىڭ سەۋەبى: ئار - نومۇستىن سىزدە قىلچە ئەسەر قالمىغانلىقىدا!

— سىزگە كەلسەك، جانابىي پولكوۋنىك، ماڭا قىلغان مۇئامىلىڭىزدىن قارىغاندا، قاچاندا بولمىسۇن سىزدە ئار - نومۇس بولغانلىقىغا شۈبھىلىنىمەن!

— مېنىڭ قارىشىمچە، سىز مەسىلىنى تېز ھەل قىلىشنى خالايسىزغۇ؟

— سىز مەسىلە تېز ھەل قىلىنماي، ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتسە، مېنى پايدا تېپىپ كېتىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ مېنى قورقۇتماڭ، ھېچ ئىش چىقمايدۇ!

ئاندرىيانوف تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تاماكا قۇتىسىنى ئېچىپ، تاماكا تۇتاشتۇردى، ئۇنى ئىككى قېتىم قاتتىق شورىغاندىن كېيىن ئەسىرگە يەنە سۆز ئاچتى:

— شۇنداق قىلىپ، سىز سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن باش تارتامسىز؟

— مەن ئۆزۈم توغرۇلۇق سۆزلەپ بولدۇم.

— كۆزۈمدىن يوقىلىڭ! سىزنىڭ قوتۇر شەخسىيىتىڭىز مېنى ئانچە قىزىقتۇرمايدۇ. سىز مۇنۇ بىر سوئالغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭ: سېبىرەكوۋ ئىستانسىسىدىن سىزلەرگە قايسى قىسىملار كەلدى؟

— مەن جاۋاب بەردىمغۇ، مەن بىلمەيمەن.

— سىز بىلىسىز!

— خوپ، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز تىنسۇن: ھە، مەن بىلىمەن،

ئەمما جاۋاب بەرمەيمەن.

— مەن سىزنى مىلتىقنىڭ سۇمبىسى بىلەن دەررە ئۇرۇ قا بۇيرۇق بېرىمەن، شۇ چاغدا ئېيتىشقا باشلايسىز!

— شۇ چاغدىمۇ ئېيتىشىم دەرگۇمان! — ئەسىر سول قولى بىلەن بۇرۇتىنى سىيلاپ قويۇپ، ئىشەنچ بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— بۇ جەڭگە كامىنىشىن پولكى قاتناشتىمۇ؟

— ياق.

— ئەمما سىزلەرنىڭ سول قانىتىڭىزلارنى ئاتلىق قىسىم قوغداپ تۇرۇپتىكەن، بۇ قايسى قىسىم ئىدى؟

— بۇ گەپنى قويۇڭ! مەن سىزگە يەنە بىر قېتىم تەكرار-لاپ ئېيتىپ قوياي، بۇنداق سوئاللارغا مەن جاۋاب بەرمەيمەن.

— ئۆزۈڭ تاللىۋال: سەن ئىت، ياكى دەرھاللا زۇۋانغا كىرى-سەن، ياكى ئون مىنۇتتىن كېيىن ئېتىلىسەن! خوش، قايسىغا تۇردۇڭ؟!

بۇ چاغدا ئەسىر كۈتۈلمىگەندە ياش بالىنىڭ ئۇنىدەك ياڭ-راق ئاۋاز بىلەن دېدى:

— مېنى بىزار قىلىۋەتتىڭىزغۇ، قېرى ئەخمەق! قاپاقباش! سىز مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالغان بولسىڭىز، مەن سىزنى مۇنداق سوراق قىلمىغان بولاتتىم!...

ئاندرىيانوف تامدەك ئاقىرىپ كەتتى - دە، تاپانچىسىنىڭ قېپىغا قولىنى ئاپاردى. بۇ چاغدا گرىگورىي ئالدىرىماي ئورنى-دىن تۇردى - دە، ئاگاھلاندۇرۇش يۈزىسىدىن قولىنى كۆتۈردى.

— هاي! بولدى ئەمدى! شۇنچىلىك سۆزلەشكىنىڭلارمۇ يېتەر، قارىشىمچە، ھەر ئىككىڭلار قىزىقىپ ئىكەنسىلەر... گەپتە بىر يەرگە كېلەلمىگەندىن كېيىن، ئەزۋەيلەۋېرىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ ئۇ ئۆز ئادەملىرىنى تۇتۇپ بەرمەي توغرا قىلدى. سۇبھانالللا، بۇ قاتتىق نەرسە ئىكەن! مەن بۇنى كۈتمىگەندىم!

— ياق، رۇخسەت قىلىڭ! — ئاندرىيانوۋنىڭ زەردىسى قايناپ، تاپانچىسىنىڭ قېپىنى ئېچىشقا بىھۇدە ئۇرۇنۇپ كۆردى.

— رۇخسەت قىلمايمەن! — دېدى گرىگورىي خۇش خۇيلۇق بىلەن شىرەنىڭ قېشىغا يېقىن بېرىپ، گەۋدىسى بىلەن ئەسىرنى توسۇپ، — ئەسىرنى ئۆلتۈرۈش — مەنىسىز ئىش، مۇنداق ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە ۋىجدانىڭىز قانداقمۇ چىدايدىغاندۇ؟ قورالسىز، تۇتقۇن ئادەم، ئەنە ئۇچىسىدا بىر تال كىيىمىنىمۇ قالدۇرماپتۇ، سىز تېخى قول كۆتۈرىسىز...

— يوقالسۇن! بۇ مۇتىھەم مېنى ھاقارەتلىدى! — ئاندرىيانوۋ گرىگورىينى قاتتىق ئىتتىرىپ، تاپانچىنى سۇغۇرۇۋالدى.

ئەسىر دەرھاللا يۈزىنى دېرىزە تەرەپكە بۇرىدى، — سوغۇققا توڭلىغاندەك مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى. گرىگورىي كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئاندرىيانوۋنى كۆزىتىپ تۇراتتى، ئاندرىيانوۋ تاپانچىنىڭ ئىكەكتەك يېرىك سېپى قولىغا چىقىۋالىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر قولىنى بىھۇدە شىلتىپ قويدى، ئاندىن تاپانچىنىڭ ئاغزىنى يەرگە قارىتىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلدى.

— قولۇمنى ئىپلاس قىلىشنى خالىمايمەن ...، — دېدى ئۇ دېمىنى راسلىۋالغاندىن كېيىن، قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ تۇرۇپ خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن.

گرىگورىي كۈلكىسىنى باسالماي، بۇرۇتىنىڭ ئاستىدىن ئاپئاق چىشلىرىنى پارقىرىتىپ دېدى:

— بۇنداق قىلىشىڭىزغا زادىلا بولماس ئىدى! قاراڭ، تاپانچىڭىزمۇ ئوقلانمىغان. مەن قونغان يېرىمىزدە سەھەر ئويغانغانىدىم، ئۇنى ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ قاراپ باققانمەن... ئىچىدە بىرمۇ ئوق يوق ئىكەن، يەنە تېخى تازىلانمىغىنىغا بىر ئاي بولغان بولۇشى مۇمكىن! سىز شەخسىي قورالىڭىزنى ياخشى تۇتمايدىكەنسىز!

ئاندرىيانوف پەسكە قارىدى، تاپانچىنىڭ باراباننى باشمالتىقى بىلەن ئايلاندۇرۇپ كۈلدى:

— ۋاي شەيتانەي، راست ئىكەن ...

باياتىدىن بولغان ئىشلارنى ئۈندىمەستىن مەسخىرە ئارىلاش كۆزىتىپ تۇرغان يۈزبېشى سۇلىن سوراق خاتىرىسىنى يىغىشتۇردى - دە، چۈچۈك تىل بىلەن دېدى:

— مەن سىزگە نەچچە قېتىم ئېيتقانىدىم، سېمېن پولىكارپوۋىچ، سىز قورالنى قالايمىقان تۇتىسىز. مانا بۈگۈنكى ۋەقە — بۇنىڭ يەنە بىر دەلىلى.

ئاندرىيانوف چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— هەي، تۆۋەن دەرىجىلىكلەردىن قايسىڭ بار؟ بۇ يەرگە كىر! — دالان ئۆيدىن ئىككى نۆكەر ۋە قاراۋۇل باشلىقى كىردى.

— بۇنى ئەكېتىڭلار! — ئاندرىيانوف باش ئىماسى بىلەن ئەسىرنى كۆرسەتتى.

ئەسىر گرىگورىيغا قايرىلىپ، ئۈنچىقماستىن تازىم قىلدى - دە، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. گرىگورىيغا گويا ئەسىر سارغۇچ بۇرۇتى ئاستىدىن سەل كۈلۈمسىرەپ، لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ تەشەككۈر بىلدۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى ...

قەدەم ئاۋازى بېسىققاندىن كېيىن ئاندرىيانوف هارغىنلىق بىلەن كۆزەينىكىنى ئېلىپ، ئۇنى بىر پارچە بۇغا تېرىسى بىلەن كۆڭۈل قويۇپ سۈرتتى - دە، زەردە بىلەن دېدى:

— سىز بۇ ئەبلەخنى ئاجايىپ هىمايە قىلدىڭىز، — بۇ ئەلۋەتتە، سىزنىڭ ئېتىقادىڭىزدىكى ئىش، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا تاپانچا توغرۇلۇق سۆز ئېچىپ، مېنى ئوڭايسىز ئەهۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش — بۇ قانداق گەپ، ئېيتىپ بېقىڭا؟

— بۇنىڭدىن كېلىدىغان زەرەر چوڭ ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى گرىگورىي سۇلهى ئاهاڭىدا.

— ياق، ھەر ھالدا ئورۇنسىز ئىش بولدى. بىلەمسىز، مەن ئۇنى ئېتىپ تاشلىشىم مۇمكىن ئىدى. بۇ كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان يارىماس تىپ! سىز كېلىشتىن بۇرۇن مەن ئۇنىڭ بىلەن يېرىم سائەت ئېلىشتىم. ئۇ بۇ يەردە بىرمۇنچە يالغان سۆزلىدى، ئاق - قارىنى ئارىلاشتۇردى، ئۇستىلىق ئىشلەتتى، قەستەن ساختا مەلۇماتلارنى بەردى — دەھشەت! مەن ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى پاش قىلغاندىن كېيىن — سۆزلەشتىن ئۆزۈل - كېسىل باش تارتتى. كۆرۈۋاتامسىز، ھەربىي مەخپىيەتنى دۈشمەنگە بىلدۈرۈپ قويۇشقا ئوفىتسېرلىق ۋىجدانى يول قويمايدۇ. بۇ ئىتنىڭ بالىسى بولشېۋىكلارغا ياللانغان چاغدا ئوفىتسېرلىق ئار - نومۇسىنى ئويلىمىغان... ئۇنى ۋە كوماندا تەركىبىدىن يەنە ئىككى كىشىنى ئۈن - تىۋىشسىزلا ئېتىپ تاشلاش كېرەكمىكىن دەپ ئويلايمەن. بىزنى قىزىقتۇرىدىغان مەلۇماتلارنى ئېلىش جەھەتتە — بۇلارنىڭ ھېچقايسىدىن ئۈمىد يوق: بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەشەددىي جاھىل، تۈزەلمەس ئىپلاسلار، شۇنداق ئىكەن، بۇلارغا رەھىم - شەپقەت قىلىشنىڭ كېرىكى يوق. سىزنىڭچە قانداق؟

— ئۇنىڭ روتا كوماندىرى ئىكەنلىكىنى قانداق قىلىپ بىلىۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي جاۋاب بېرىش ئورنىغا.

— ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر قىزىل ئەسكەر بىلدۈرۈپ قويدى.

— مېنىڭچە، ئاشۇ قىزىل ئەسكەرنى ئېتىپ تاشلاش كېرەك، كوماندىرلارنى بولسا قالدۇرۇش لازىم! — گرىگورىي نېمە دەركىن دەپ ئاندرىيانوفقا قارىدى.

ئاندرىيانوف مۈرىسىنى قىسىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، مۇنداق كۈلۈمسىرەش ئادەتتە سۆزلىشىپ تۇرغان كىشىسى چاقچاقنى قاملاشتۇرالمىغاندىلا يۈز بېرەتتى.

— ياق، راستىنى دەڭ، سىز قانداق قارايسىز؟

— مەن سىزگە قانداق دېگەن بولسام، شۇنداق قارايمەن.

— ئۇنداق بولسا، رۇخسەت قىلىڭ، بۇ قارىشىڭىز قانداق مۇلاھىزىلەرگە ئاساسلانغان؟

— قانداق مۇلاھىزىلەرگە ئاساسلانغان دەمسىز؟ بۇ رۇس ئارمىيىسىنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامىنى ساقلاپ قېلىش مۇلاھىزىسىگە ئاساسلانغان. تۈنۈگۈن بىز ياتىدىغان چاغدا، جانابىي پولكوۋنىك. تەپسىلىي سۆزلىگەن ئىدىڭىزغۇ، بولشېۋىكلارنى تارمار قىلغاندىن كېيىن ياشلار ئارىسىغا قىزىل كېسەللىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئارمىيىدە قانداق تەرتىپ ئورنىتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتىڭىز. مەن سىزنىڭ پىكرىڭىزگە پۈتۈنلەي قوشۇلغان، ئېسىڭىزدىمۇ؟ — گرىگورىي بۇرۇتىنى سىيلىغاچ، پولكوۋنىكنىڭ چىرايى ئۆزگىرىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ، ئاقىلانىلىك بىلەن دېدى، — سىز ھازىر نېمىنى تەكلىپ قىلىسىز؟ سىز مۇنداق ئۇسۇل بىلەن پىتنە-پاساتنى تېرىماقچىمۇ! سولداتلار ئۆز كوماندىرلىرىنى تۇتۇپ بەرسە مەيلى دېمەكچىمۇ؟ سىز بۇنىڭ بىلەن سولداتلارغا نېمىنى تەلىم بەرمەكچى؟ ئەگەر سىز بىلەن بىز شۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالساق، ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟ ياق، ئەپۇ قىلىسىز، مەن بۇ مەسىلىدە ئۆز پىكرىمدە قاتتىق تۇرىمەن، مەن بۇنداق قىلىشقا قارشى.

— قانداق قىلىسىڭىز مەيلى، — دېدى ئاندرىيانوف سوغۇققىنا، گرىگورىيغا دىققەت بىلەن قاراپ، ئاندرىيانوف بۇ قوزغىلاڭچىلار دىۋىزىيىسى كوماندىرىنىڭ تەرسا ۋە غەلىتە ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى، ئەمما ئۇنىڭدىن مۇنداق ھەددىدىن ئېشىشىنى كۈتمىگەنىدى، ئۇ پەقەت شۇنىلا قوشۇپ قويدى، — بىز ئادەتتە ئەسىرگە ئېلىنغان قىزىل كوماندىرلارغا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بۇرۇنقى ئوفىتسېرلارغا نىسبەتەن ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنىدۇق. سىزنىڭ بايىقى پىكرىڭىز بىر

تۆرلۈك يېڭىلىق ئىكەن ... ھەمدە سىزنىڭ مۇنداق تالاشسىز مەسىلىگە كۆز قارىشىڭىز ماڭا ئۇنچىلىك چۈشىنىشلىك ئەمەس.

— بىز ئادەتتە ئۇلارنى، ئىلاجىكى بار، جەڭدە ئۆلتۈرىمىز، زۆرۈرىيەت بولمىغاندا ئەسىرلەرنى ئاتمايمىز! — دەپ جاۋاب بەردى گرىگورىي قىزىرىپ.

— خوپ، ماقۇل، ئۇلارنى ئارقا سەپكە ئەۋەتەيلى، — ئاندرىيانوف قوشۇلدى، — ئەمدى مۇنداق بىر مەسىلە بار: ئەسىرلەرنىڭ بىر قىسمى — مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىنغان ساراتوف ئۆلكىسىنىڭ دېھقانلىرى بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ سېپىمىزدە جەڭگە قاتنىشىش خاھىشىنى بىلدۈرمەكتە، بىزنىڭ 3 - پىيادىلەر پولكىمىز 300 كىشىگىمۇ يەتمەيدۇ. ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدىن ئوبدان تاللاپ، ئاشۇ ئىختىيار قىلغۇچىلارنىڭ بىر قىسمىنى 3 - پولكقا كىرگۈزسەك، سىزنىڭچە مۇمكىن بولۇرمۇ؟ بۇ توغرۇلۇق ئارمىيە شتابىدىن كەلگەن ئېنىق يوليورۇق بار.

— مەن ئۆز دىۋىزىيەمگە بىرمۇ مۇژىكنى ئالمايمەن. مېنىڭ ئادىمى كەم پولكلىرىمنى كازاكلار بىلەن تولدۇرۇپ بەرسۇن، — دېدى گرىگورىي قەتئىي قىلىپ.

ئاندرىيانوف ئۇنى كۆندۈرۈشكە تىرىشتى.

— ماڭا قاراڭ، تالاشمايلى. سىزنىڭ دىۋىزىيىدە بىر خىل كازاكلار بولسۇن دېگەن خاھىشىڭىز ماڭا چۈشىنىشلىك، ئەمما زۆرۈرىيەت بىزنى ئەسىرلەردىن يىرگەنمەسلىككە مەجبۇر قىلماقتا، ھەتتا پىدائىيلار ئارمىيىسىدىمۇ بەزى پولكلار ئەسىرلەر بىلەن تولۇقلانماقتا.

— ئۇلار نېمىنى خالىسا، شۇنى قىلسۇن، ئەمما مەن مۇژىكلارنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىمەن. بۇ توغرۇلۇق ئەمدى سۆزلەشمەيلى، — دېدى گرىگورىي گەپنى كېسىپ.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئەسىرلەرنى يولغا سېلىش توغرۇلۇق

بۇيرۇق بېرىش ئۈچۈن تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. ئەمما ئاندرىيانوف چۈشلۈك تاماق ئۈستىدە ھاياجان بىلەن:

— بىز سىز بىلەن بىللە ئىشلىيەلمەيدىغان ئوخشايمىز...، — دېدى.

— مەنمۇ خۇددى شۇنداق ئويلايمەن، — دەپ جاۋاب قايتۇردى گرىگورىي پەرۋاسىزلىق بىلەن. ئۇ سۇلىننىڭ كۈلگەنلىكىنى بايقىماستىن، تەخسىدىن بىر پارچە پىشۇرۇلغان گۆشنى قولى بىلەن ئېلىپ، قاتتىق كىمىرچەكنى چىشلىرى بىلەن بۆرىدەك قارسىلدىتىپ غاجىلاشقا باشلىغانىدى، سۇلىننىڭ بىر يېرى ئاغرىغاندەك چىرايى تاتىرىپ، ھەتتا بىر سېكۇنتچە كۆزىنى ئاچالماي قالدى.

× ×

ئىككى كۈندىن كېيىن چېكىنگەن قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىنى قوغلاش ئىشىنى گېنېرال سالنىكوۋنىڭ گۇرۇپپىسى ئېلىپ باردى، گرىگورىينى بولسا ئالدىراش گۇرۇپپا شتابىغا چاقىرىشتى، بۇ يەردە شتاب باشلىقى — ياشىنىپ قالغان خۇشپىچىم گېنېرال دون ئارمىيىسى قوماندانلىقىنىڭ قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى گرىگورىيغا ئوقۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتتى:

— سىز قىزىللارغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇش ئېلىپ بارغاندا دىۋىزىيىگە ئۇتۇقلۇق قوماندانلىق قىلدىڭىز، ئەمدىلىكتە بىز سىزگە دىۋىزىيە تۈگۈل پولكنىمۇ ئىشىنىپ تاپشۇرالمايمىز. سىزدە ھەربىي بىلىم يوق، شۇڭا ئۇرۇش سېپى كېڭەيگەن شارائىتتا، جەڭنى زامانىۋى ئۇسۇل بويىچە ئېلىپ بېرىشتا

سىز يېرىك ھەربىي قىسىمغا قوماندانلىق قىلالمايسىز. سىز بۇ قاراشقا قوشۇلامسىز؟

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى گرىگورىي، — مەن ئۆزۈممۇ دىۋىزىيىگە قوماندانلىق قىلىشتىن ۋاز كەچمەكچىدىم.

— ناھايىتى ياخشى، سىز ئۆز قابىلىيىتىڭىزنى ئارتۇقچە باھالىمىدىڭىز. بۈگۈنكى ياش ئوفىتسېرلاردا بۇنداق سۈپەت بەك كەم ئۇچرايدۇ. گەپ مۇنداق: ئالدىنقى سەپ قوماندانلىقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سىز 19 - پولكنىڭ 4 - بۆلۈمىگە كوماندىر بولۇپ تەيىنلەندىڭىز. پولك ھازىر ھەربىي يۈرۈشتە، بۇ يەردىن 20 چاقىرىم نېرىدا، ۋەزنىكوف يېزىسىنىڭ يېقىن بىر يېرىدە. بۈگۈنلا يولغا چىقىڭ، ھېچ بولمىغاندا ئەتە يۈرۈپ كېتىڭ. سىزنىڭ ئېيتىدىغان گەپ - سۆزلىرىڭىز بارمۇ؟

— مېنى خوجۇلۇق باشقۇرۇش قىسمىغا چىقىرىشنى خالايتتىم.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس. سىز ئالدىنقى سەپكە كېرەكسىز.

— مەن ئىككى ئۇرۇشتا 14 قېتىم ياردار بولغان ۋە شىكەستىلەنگەن.

— بۇنىڭ كارايىتى يوق. سىز ياش، تەقى - تۇرقىڭىزمۇ كېلىشكەن، تېخى جەڭ قىلىشقا يارىقلىقسىز. يارىلانغىنىڭىزغا كەلسەك، ئۇ ھالدا ئوفىتسېرلاردىن كىم يارىلانمىغان؟ كېتىشىڭىزگە رۇخسەت. يولىڭىز بولسۇن!

ئېھتىمال، قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنى تارقىتىش ۋاقتىدا يۇقىرىقى دونلۇقلار ئارىسىدا مۇقەررەر يوسۇندا پەيدا بولىدىغان نارازىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈنمىكىن، ھەر ھالدا ئۈست - مېدۋېدىتسكايا ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن دەرھاللا قوزغىلاڭ ۋاقتىدا جەڭگىۋارلىقى بايقالغان نۇرغۇنلىغان ئادەتتىكى جەڭچى كازاكلارنىڭ پاگونلىرىدىكى بالداق كۆپەيتىلدى، دېيەرلىك

ھەممە ۋاخمىسترلار مۇئاۋىن خورونجىلىقىقا كۆتۈرۈلدى، قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئوفىتسېرلار يۇقىرى ئۇنۋانغا ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

گرىگورىيمۇ قۇرۇق قالمىدى: ئۇ يۈزلۈك بۆلۈنمە كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى، پۈتۈن ئارمىيە بويىچە تارقىتىلغان بۇيرۇقتا ئۇنىڭ قىزىللارغا قارشى كۈرەشتە كۆرسەتكەن ئالاھىدە چوڭ خىزمەتلىرى قەيت قىلىنىپ، تەشەككۈر بىلدۈرۈلدى.

قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنى تارقىتىش ئىشى بىرنەچچە كۈن داۋام قىلدى. دېۋىزىيە    پولكلارنىڭ ساۋاتسىز كوماندىرلىرىنىڭ ئورنىغا گېنېرال ۋە پولكوۋنىكلار قويۇلدى، يۈزلۈك بۆلۈنمىلەر كوماندىرلىقىغا تەجرىبىلىك ئوفىتسېرلار تەيىنلەندى؛ باتارېيە بىلەن شتابلارنىڭ كوماندىرلىرى پۈتۈنلەي ئالماشتۇرۇلدى، ئاددىي كازاكلار دونېتسدىكى جەڭلەردە بىتچىتى چىققان نومۇرلۇق پولكلارنى تولدۇرۇشقا ئەۋەتىپ بېرىلدى.

گرىگورىي كەچكە يېقىن كازاكلارنى يىغىپ، دېۋىزىيىنىڭ تارقىتىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى، ئۇلار بىلەن خوشلاشقاندا مۇنداق دېدى:

يۇرتداشلار، مېنى يامانلاپ ياد ئەتمەڭلار! بىللە خىزمەت قىلغانىدۇق، ئەركسىزلىك بىزنى ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى، بۈگۈندىن باشلاپ قايغۇ ـ ھەسرەتنى ئۆز بېشىمىزغا يەككە ـ يەككە چەكمەكچىمىز. ئەڭ مۇھىم نەرسە — ئۆز بېشىڭلارنى ساقلاڭلار، قىزىللار كاللاڭلاردىن تۆشۈك تەشمىسۇن. بىزنىڭ بېشىمىز گەرچە يامان باشلار بولسىمۇ، ئۇلارنى بىكاردىن ـ بىكار ئوقتا تۇتۇپ بېرىش كېرەك ئەمەس. كەلگۈسىدە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى يەنە شۇ باش بىلەن ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ، پۇختا ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ.

كازاكلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، بىردەم ئۈنچىقىشمىدى،

كېيىن بىردىنلا ھەممە گۇدۇڭ - گۇدۇڭ سۆزگە كىرىشىپ، ھەر خىل ئاۋازدا چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈشتى:

— كونا پەدە يەنە باشلىنىپتۇمۇ؟

— بىزنى ئەمدى نەگە ئەۋەتمەكچى؟

— خەلققە ئۆزى خالىغانچە زورلۇق ئىشلەتمەكتە، ئەبلەخلەر!

— تارقىتىۋېتىشنى خالىمايمىز! بۇ قانداق يېڭى تەرتىپ ئىكەن؟!

— ئىسىت، يىگىتلەر، بىز بىرلىشىپ يامان قىلغانىكەنمىز!...

— جانابلار بىزنى يېڭىباشتىن پارچىلايدىغان بولۇشتى!

— ئەمدى چىداپ كۆرگىنە! بوغۇنلىرىمىزنى تىزپىتىز قىلىشقا باشلايدۇ...

گرىگورىي كۆپچىلىك تىنچلانغۇچە كۈتۈپ تۇرۇپ، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاغىنىلارنى بىكار ئۈپرىتىسىلەر. بۇيرۇقلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان ۋە باشلىقلارغا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان ئەركىن زامان ئۆتۈپ كەتتى. ئۆيلىرىڭلارغا تارقىلىڭلار ۋە تىلىڭلارنى ئازراق ئىشقا سېلىڭلار، چۈنكى ھازىرقى ۋاقىتتا سىزلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىڭلارنى كىيېۋغا يەتكۈزمەيدۇ، بۇ خىل ئىش ئۈچۈن سىلەرنى تۈپتۈغرا دالا سوتلىرىغا ياكى جىنايەتچىلەر بۆلۈمىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

كازاكلار ۋىزۋۇت - ۋىزۋۇت بويىچە كېلىشىپ، گرىگورىي بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى:

— خەير - خوش، پانتېلېيېۋىچ! سەنمۇ بىزنى ناچار سۆز بىلەن ئەسكە ئالما.

— يات ئادەملەر بىلەن ھەربىي خىزمەت ئۆتەش، ئۇھ، بىزگىمۇ ئوڭاي بولماس!

— سەن بىزلەرنى بىكار قولدىن بېرىپ قويدۇڭ. دىۋىزىيىنى

تاپشۇرۇشقا ئۇنىمىساڭ بولاتتى!

— ساڭا كۆزىمىز قىيمايدۇ، مېلېخوف. يات كوماندىرلار، بەلكى، سەندىن بىلىملىكرەكتۇر، ئەمما بۇنىڭدىن بىزگە ھېچ قانداق يېنىكلىك كەلمەيدۇ، تېخىمۇ ئېغىرراق بولىدۇ، پالاكەت مانا شۇنىڭدا!

پەقەت ناپولوۋسكىيېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر كازاك — بۆلۈمنىڭ قىزىقچىسى ۋە چاقچاقچىسى مۇنداق دېدى:

— گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، سەن بۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمە. ئەگەر ۋىجدانىڭ كۆتۈرمەيدىغان ئىش بولسا — ئۆز كىشىلىرىڭ بىلەن ئىشلىسەڭمۇ ياكى يات ئادەملەر بىلەن ئىشلىسەڭمۇ، بەربىر ئېغىر كېلىدۇ!

× ×

گرىگورىي كېچىچە يېرماكوف ۋە باشقا كوماندىرلار بىلەن ساموگون ئىچتى، ئەتىسى ئەتىگەن پروخور زىكوفنى ئېلىپ، 19 - پولكقا يېتىۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ يۈزلۈكنى تاپشۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرمەستىن ۋە كىشىلەر بىلەن تېخى تونۇشۇپ بولالماستىنلا، پولك كوماندىرىنىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرتىلدى. تاڭ سەھەر ۋاقتى ئىدى. گرىگورىي ئاتلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ ۋە باشقا ئىش بىلەن ھايال بولۇپ، پەقەت يېرىم سائەتتىن كېيىن باردى. ئۇ ئوفىتسېرلارغا قاتتىق قول ۋە تەلەپچان بولغان پولك كوماندىرىنى كايىپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما كوماندىر ئوچۇق چىراي بىلەن كۆرۈشۈپ: «خوش، سىزنىڭچە، بۇ بۆلۈمنە قانداقراق ئىكەن؟ ئادەملىرى سىزگە مۇناسىپ كەلدىمۇ؟» — دەپ سورىدى-دە،

جاۋاب كۈتمەستىنلا، گىرىگورىينىڭ يېنىدىكى بىر يەرگە قاراپ، دېدى:

— گەپ مۇنداق، قەدىردانىم، سىزگە ئىنتايىن قايغۇلۇق بىر خەۋەرنى يەتكۈزمەكچىمەن... سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە چوڭ بىر بەختسىزلىك بولغان ئوخشايدۇ. بۈگۈن كېچە ۋېشېنسكايىدىن تېلېگرامما كەلدى. ئائىلە ئىشلىرىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن سىزگە بىر ئايلىق دەم ئېلىش بېرىمەن. يولغا چىقىڭ.

— تېلېگراممىنى بەرسىڭىز ئىكەن، — دېدى گىرىگورىي چىرايى ئۆڭۈپ.

ئۇ تۆت پۈكلەنگەن قەغەزنى ئېلىپ، ئۇنى ئېچىپ ئوقۇدى، قەغەزنى شۇئاندىلا تەرلىگەن قولى بىلەن مىجىقلىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئانچە كۆپ كۈچمۇ كېرەك بولمىدى، ئۇ ئارانلا دۇدۇقلاپ:

— توغرا، مەن مۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغانىدىم. شۇنداق ئىكەن، مەن باراي. خەير - خوش.

— دەم ئېلىش گۇۋاھنامىسى ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

— بولىدۇ. رەھمەت، ئۇنتۇمايمەن.

ئۇ ئۆز ئادىتى بويىچە قىلىچىنىڭ غىلاپىنى تۇتۇپ، ئىشەنچلىك ۋە مەزمۇت قەدەم بىلەن دەھلىزگە چىقتى، ئەمما ئېگىز پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە باشلىغاندا — توساتتىن ئۆز قەدەمىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي قويدى - دە، شۇ زامان يۈرىكىگە نەيزىدەك ئۆتكۈر بىر ئاغرىق سانجىلغانلىقىنى ھېس قىلدى.

تۆۋەنكى پەلەمپەيدە ئۇ دەلدەڭشىپ كەتتى - دە، ئىڭىشىپ قالغان پەنجىرىنى سول قولى بىلەن تۇتۇۋالدى. ئوڭ قولى بىلەن دەرھال گىمناستېركىسىنىڭ ياقىسىنى يەشتى. چوڭقۇر ۋە تېز - تېز نەپەس ئېلىپ بىر مىنۇتچە تۇردى، ئەمما شۇ دەقىقە ئىچىدە دەرد - ئەلەمدىن بېشى قايغاندەك بولدى، پەنجىرىدىن قولىنى ئېلىپ، يان ئىشىك قېشىدا باغلاقلىق تۇرغان ئېتى

تەرەپكە يول ئالغاندا سەل - پەل چايقىلىپ، ئايغىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ، ئاران - ئاران ماڭدى.

## 16

ناتالىيە دارىيە بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە شۇنداق بىر ھېسسىياتنى باشتىن كەچۈرۈپ يۈردىكى، بۇنداق ھېسسىيات گويا يامان چۈش كۆرۈپ، ئېغىر ۋەھىمە ئىچىدە ئويغىنىشقا كۈچ - مادار تاپالمىغان ئادەملەردە بولاتتى. ئۇ پروخور زىكوفنىڭ ئايالىنىڭ قېشىغا بېرىشقا ئەپلىك بىر باھانە ئىزدەيتتى، بۇنىڭدىن مەقسىتى: بۇ ئايالدىن چېكىنىش مەزگىلىدە گرىگورىي ۋېشېنسكايادا قانداق تۇردى، ئاكسىنىيە بىلەن كۆرۈشۈپ تۇردىمۇ — يوق، شۇنى سوراپ بىلمەكچى بولغانىدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئەيىبلىك ئىكەنلىكىگە راست ئىشەنچ ھاسىل قىلىشنى خالايتتى، چۈنكى دارىيەنىڭ سۆزلىرىگە بىر تۇرۇپ ئىشىنەتتى، بىر تۇرۇپ ئىشەنمەيتتى.

ئۇ كەچ كىرگەندە بىغەم ھالدا بىر تال چىۋىقنى قولىدا ئويناپ زىكوفلارنىڭ قورۇسىغا كەلدى. پروخورنىڭ ئايالى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ، دەرۋازىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى.

— سالامەتمۇ سەن، ژالمېركا!* بىزنىڭ موزايىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ناتالىيە.

— خۇداغا شۈكۈر، سۈيۈملۈكۈم، ياق، كۆرمىدىم.

— ئاشۇنداق بەڭباش، بۇ لەنىتى، — ئۆيدە زادىلا تۇرمايدۇ! ئۇنى نەدىن تاپارمەن، ھېچ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ.

* ژالمېركا — ئېرى ئۇرۇشقا كەتكەن تۇل ئايال — ت.

— توختاپ بىر دەم دېمىڭنى ئال، تېپىلىدۇ. شىمىشكىنا بىلەن مېھمان قىلايمۇ؟

ناتالىيە قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇششاق - چۈششەك خوتۇنلار پارىڭىغا چۈشۈشتى.

— جەڭچىڭىدىن خەۋەر يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى ناتالىيە.

— ھېچ خەۋەر يوققۇ، خۇددى سۇغا غەرق بولۇپ كەتكەندەك، مۇرتەد! سېنىڭكى خەت - پەت ئەۋەتكەندۇر؟

— ياق. گرىشا خەت يازىمەن دەپ ۋەدە قىلغانىدى، نېمىشقىدۇر خەت كەلمەيۋاتىدۇغۇ، كىشىلەر بىزنىڭكىلەرنى ئۇست - مېدۋېدىتسانىڭ نېرىسىغا كېتىپتۇ دېيىشىدۇغۇ، بۇنىڭدىن بۆلەك ھېچ نەرسە ئاڭلىمىدىم، — ناتالىيە گەپنى يېقىندا بولغان دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە چېكىنىشكە يۆتكىدى، ئەسكەرلەر ۋېشېنىسكايادا قانداق تۇرغانلىقىنى، يېزىلىقلاردىن ئەسكەرلىككە كىم بارغانلىقىنى ئېھتىيات بىلەن سوراشقا باشلىدى. پروخورنىڭ قۇۋ ئايالى ناتالىيىنىڭ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىنى چۈشەنىدى - دە، تىلىنى يىغىپ، سىر بەرمەي، سوغۇقلا جاۋاب بەردى.

بۇ ئايال ئېرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن گرىگورىي توغرىسىدىكى ھەممە ئىشنى بىلىۋالغانىدى، ئەمما تىلى قىچىشىپ تۇرسىمۇ، سۆزلەپ بېرىشتىن قورقاتتى، چۈنكى ئېرىنىڭ مۇنۇ گەپلىرى ئېسىدە ئىدى: «بىلىپ قوي، بۇ توغرۇلۇق بىرىگە بىرەر ئېغىز گەپ ئاچىدىغان بولساڭ — بېشىڭنى كۆتەكنىڭ ئۈستىگە بېسىپ، ئىپلاس تىلىڭنى بىر گەز سۇغۇرۇپ چىقىرىپ، كېسىپ تاشلايمەن. ئەگەر بۇ گەپ گرىگورىينىڭ قۇلىقىغا يېتىدىغان بولسا — ئۇ ئىشنى توختىتىپ، ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرىدۇ! مەن سەندىن بىزار بولدۇم، ئەمما ھاياتىمدىن بەزگىنىم يوق، چۈشەندىڭمۇ؟ خوش، ئۈنۈڭنى چىقارما، ئۆلۈكتەك بولۇۋال!»

— ئېرىڭ پروخور ۋېشكىدا ئاكسىنىيە ئاستاخوۋانى كۆر-

مەپتۇمۇ؟ — دەپ چورتلا سورىدى تاقىتى تۈگىگەن ناتالىيە.

— ئۇنى كۆرىدىغانغا نەدە چولىسى تېگىدۇ! ئۇلار ئۇ يەردە كۆرۈشۈشكە پۈتۈشۈپ قويۇۋېتىكەنمۇ؟ خۇدا بەرھەق، مىرونوفنا، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، سەن بۇ ئىشنى مەندىن سورىما، مېنىڭ ئاق سېرىق شەيتىنىمدىن بىر ئېغىز دۇرۇس گەپ ئاڭلىيالمايسەن. پەقەت ئال - بەر دېگەننىلا بىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ناتالىيە ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالماي، تېخىمۇ ئىچى تىت - تىت بولۇپ، تېخىمۇ دىلخەستە بولۇپ قايتىپ كەتتى. ئەمما ئۇ، بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز قېلىۋېرىشكە تاقەت قىلالمايتتى، شۇڭا بۇ ئىش ئۇنى ئاكسىنىيىنىڭ قېشىغا كىرىشكە ئىتتەرگەندى.

ئۇلار تام قوشنا بولغانلىقتىن، كېيىنكى يىللاردا پات - پات ئۇچرىشىپ تۇراتتى، ئۇنچىقماستىن بىر - بىرىگە باش ئېگىشىپ قوياتتى، بەزىدە بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەشكەن چاغلىرىمۇ بولغان. ئۇچرىشىپ قالغاندا، سالاملاشماي، ئۆچمەنلىك بىلەن ھومىيىپ قويىدىغان چاغلار ئۆتۈپ كەتكەندى، ئۆزئارا ئاداۋەتنىڭ بۇرۇنقى كەسكىنلىكى بوشاشقانىدى، شۇڭا ناتالىيە ئاكسىنىيىنىڭ قېشىغا كېتىۋېتىپ، ئۇ مېنى قوغلاپ چىقارماس، باشقىلار توغرۇلۇق گەپ قىلىشىمۇ، گىرىگورىي توغرۇلۇق سۆز ئاچار دېگەنگە ئۈمىد باغلىغانىدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ پەرىزى خاتا بولمىغانىدى.

ئاكسىنىيە ھەيران بولغانلىقىنى يوشۇرماستىنلا ناتالىيىنى ئىچكىرى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، دېرىزىلەرنىڭ پەردىسىنى چۈشۈردى، چىراغ ياقتى، ئاندىن سورىدى:

— نېمە خۇش خەۋەر بىلەن كىردىڭ؟

— مەن ساڭا خۇش خەۋەر بىلەن كىرمەيمەنغۇ...

— ئۇنداق بولسا شۇم خەۋىرىڭنى ئېيت. گىرىگورىي پان-

ئېلىپبۇچقا بىرەر ئىش بوپتۇمۇ؟

ئاكسىنىيىنىڭ بۇ سوئالىدىن چوڭقۇر، يوشۇرۇپ بولمايدىغان بىر تەشۋىشىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى، شۇڭا ناتالىيە ھەممىنى چۈشەندى. بىر جۈملە سۆزدىن ئاكسىنىيىنىڭ پۈتۈن ئىچكى دۇنياسى مەلۇم بولدى. ئۇنىڭ نېمە بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلگەنلىكى ۋە نېمىدىن قورقىدىغانلىقى ئاشكارىلاندى. بۇنىڭدىن كېيىن، ئەسلىنى ئالغاندا ئاكسىنىيىنىڭ گرىگورىي بىلەن قانداق ئالاقىسى بارلىقىنى سوراپ ئولتۇرۇشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى، لېكىن ناتالىيە قايتىپ چىقمىدى، ئالدىرىماي جاۋاب قايتۇردى:

— ياق، ئېرىم ھايات ھەم ساق - سالامەت، قورقما!

— قورقۇۋاتقىنىم يوق، بۇ گەپنى نەدىن تاپتىڭ؟ ئۇنىڭ سالامەتلىكى توغرۇلۇق سەن ئويلاپ، سەن ئازاب چېكىشىڭ كېرەك، مېنىڭ ئۆز غېمىممۇ يېتىپ ئاشىدۇ، — ئاكسىنىيە ئەركىن سۆزلىدى، ئەمما يۈزىگە قان يۈگۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، دەرھاللا شىرەنىڭ قېشىغا كەلدى - دە، مېھمانغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ، بىر ئوبدان كۆيۈۋاتقان چىراغنىڭ پىلىكىنى بىر زامانغىچە تۈزىدى.

— سېنىڭ ستېپانىڭ ھەققىدە بىر نەرسە ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— يېقىندا سالام يوللاپتۇ.

— ئۇ ساق - سالامەتمىكەن؟

— شۇنداق بولۇشى كېرەك، — ئاكسىنىيە مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

ئۇ بۇ يەردىمۇ يالغان سۆزلەشكە، ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى يوشۇرۇشقا قادىر بولالمىدى: ئېرىنىڭ تەقدىرىگە بىپەرۋا قاراش ئۇنىڭ جاۋابىدىن ئوچۇقلا كۆرۈنۈپ قالدى - دە، ناتالىيە ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى.

— قارىغاندا، سەن ئۇنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ئانچىلىك

قايغۇرمايدىكەنسەن... بۇ، ئەلۋەتتە، سېنىڭ ئۆز ئىشىڭ. مەن مۇنۇ ئىش ئۈچۈن كىرگەنىدىم: پۈتۈن يېزىدا گرىگورىي يەنىلا ئاكسىنىيىگە پەرۋانە بولۇپ يۈرىدىكەن، ھەر قېتىم ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن چاغدا بۇ ئىككىسى كۆرۈشۈپ تۇرىدىكەن، دېگەن يالغان - ياۋىداق سۆزلەر ئېقىپ يۈرىدۇ. بۇ گەپ راستمۇ؟

— سورايدىغان ئادىمىڭنى تاپتىڭ! — دېدى ئاكسىنىيە مەسخىرە ئارىلاش، — مەن سەندىن سوراپ باقاي، بۇ گەپ راستمۇ - يالغانمۇ؟

— سەن ھەق گەپنى ئېيتىشتىن قورقامسەن؟

— ياق، قورقمايمەن.

— ئۇنداق بولسا ئېيتىپ باققىنا، مەن بىلەي، ئازابلانماي مېنى بىكاردىن قىيناشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

ئاكسىنىيە كۆزلىرىنى قىسىپ، قارا قاشلىرىنى مىدىرلىتىپ قويدى.

— مەن بەرىبىر ساڭا ئىچ ئاغرىتمايمەن، — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن، — ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا مۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت: مەن ئازاب چەكسەم — سەن ھوزۇرلىنىسەن، سەن ئازاب چەكسەڭ — مەن ھوزۇرلىنىمەن. بىز بىر ئادەمنى شېرىكلىشىۋاتىمىزغۇ؟ خۇش، مەن ساڭا راستىنى ئېيتاي، ئالدىن بىلىۋال. بۇنىڭ ھەممىسى راست، خەق بىكاردىن ۋالاقلىمايدۇ. مەن گرىگورىينى يەنە ئۆزۈمگە قارىتىۋالدىم، ئەمدى ئۇنى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشىمەن. خۇش، مۇندىن كېيىن سەن نېمە قىلماقچىسەن؟ ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسىنى چاقامسەن ياكى مېنى پىچاق بىلەن ئۆلتۈرەمسەن؟

ناتالىيە ئورنىدىن تۇردى، قولىدىكى كۆك چىۋىقنى پومالاپ مەشكە سالدى - دە، ئۆزىگە خاس بولمىغان ماتانەت بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— ھازىر مەن ساڭا ھېچقانداق يامانلىق قىلمايمەن، كۈتۈپ تۇرىمەن، گرىگورىي كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن، كېيىن ئىككىڭلارغا نېمە قىلىدىغانلىقىم مەلۇم بولىدۇ. مېنىڭ ئىككى بالام بار، شۇنداق ئىكەن، بۇ ئىككى بالىنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ قوغداش قولۇمدىن كېلىدۇ!

ئاكسىنىيە كۈلۈپ قويدى.

— دېمەك، ھازىرچە مەن بىخەتەر كۈن ئۆتكۈزۈپ تۇرالايدىكەنمەن - دە؟

ناتالىيە بۇ سۆزنىڭ زەھەرخەندە بىلەن ئېيتىلغانلىقىنى بايقىماي، ئاكسىنىيىگە يېقىنلىشىپ كېلىپ يېڭىدىن تارتتى.

— ئاكسىنىيە! سەن ئۆمۈر بويى تۇرمۇشۇمغا توسقۇنلۇق قىلىپ كەلدىڭ، ئەمما ئەمدى مەن بۇرۇنقىدەك يالۋۇرۇپ ئولتۇرمايمەن، ئېسىڭدە بارمۇ؟ ئۇ چاغدا مەن ياش ئىدىم، نادان ئىدىم، يىغلىسام — ئىچى ئاغرىپ، رەھمى كېلەر، گىرىشادىن ۋاز كېچەر دەپ ئويلايتتىم، ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن! ماڭا پەقەت شۇ نەرسە ئايانكى، سەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيسەن، پەقەت ئۆگىنىپ قالغان كۆڭلۈڭ بويىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تارتىشىپ يۈرىسەن. ئۇنى ماڭا ئوخشاش ياخشى كۆرگەن چاغلىرىڭ بولغانمۇ؟ ئەلۋەتتە ياق. سەن لىستنىتسكى بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىپ يۈردۈڭ، سەن ئويۇنچى كىم بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلمىدىڭ؟ ئىشق - مۇھەببەت قويغان كىشىلەر بۇنداق قىلمايدۇ.

ئاكسىنىيىنىڭ چىرايى ئاپئاق ئۆڭدى، — ناتالىيىنى قولى بىلەن ئىتتىرىپ، ساندۇقنىڭ ئۈستىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئۇ مۇنداق سۆزنى يۈزۈمگە سالغىنى يوق، سەن يۈزۈمگە سالامسەن؟ بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ بار؟ خوپ، ماقۇل! مەن ئەسكى ئايال، سەن ياخشى، خوش، مۇندىن كېيىن نېمە قىلماقچىسەن؟

— گەپ تىلىمام. ئاچچىقلانما. ھازىر كېتىمەن. ئىشىنىڭ ھەـ
قىقىتىنى ئېچىپ ئېيتقانلىقىڭغا رەھمەت.

— رەھمەت ئېيتىشقا ئەرزىمەيدۇ، تەشەككۈر بىلدۈرمە. بۇ
ئىشنى مەنسىزمۇ بىلگەن بولاتتىڭ. كىچىككىنە تۇرۇپ تۇر، دېـ
رىزە قاپقىقىنى يېپىشقا سەن بىلەن بىللە چىقىمەن، — ئاكىسىنىـ
يە پەلەمپەينىڭ بېشىدا توختاپ، دېدى: — مەن شۇنىڭغا خۇـ
شالكى، بىز سەن بىلەن ئۇرۇش - جاڭجالسىز ياخشىلىقچە ئايـ
رىلىشتۇق، ئەمما سۆيۈملۈك قوشنام، ساڭا ئاخىرقى سۆزۈمنى
ئېيتىپ قوياي! كۈچۈڭ يەتسە ئۇنى مەندىن تارتىۋال، كۈچۈڭ
يەتمىسە مەندىن خاپا بولما. مەنمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىلىق بىلەن
ۋازكېچەلمەيمەن. مېنىڭ ياشلىق يىللىرىم ئۆتتى، سەن مېنى
ئويۇنچى دەپ ئاتىساڭمۇ، سىلەرنىڭ داشقا ئەمەسمەن، مۇنداق
ئىشلار بىلەن مەن ئەزەلدىن شۇغۇللانمىغان... سېنىڭ گەرچە
بالىلىرىڭ بولسىمۇ، — ئاكىسىنىڭ ئاۋازى تىترەپ، تېخىمۇ
غۇۋا، تېخىمۇ پەسىيىپ چىقتى، — ئۇ مېنىڭ ئون سەككىزىمنىڭ
ئالەمدە يەككە - يېگانە بىر كىشىم! بىرىنچىسى ھەم ئاخىرقىسى! بىلىۋاـ
تامسەن؟ بۇ توغرۇلۇق ئەمدى سۆزلەشمەي قويايلى، ئۇ تىرىكلا
بولسا، مەلىكەم مەريەم ئانا ئۇنى ئۆلۈمدىن ئۆز پاناھىدا ساقـ
لىسۇن، قايتىپ كەلگەندە ئۆزى تاللار...

بۇ كېچە ناتالىيە ئۇخلىمىدى. ئەتىسى ئەتىگەن ئىلئىنىچنا
بىلەن بىللە باغچىغا ئوت ئوتاشقا چىقتى. ئىش - ئەمگەك
بىلەن بولغاندا كۆڭلى قايغۇ - ھەسرەتتىن خالىي بولاتتى. ئۇ
كەتمىنى بىلەن ئاپتاپتا قۇرۇپ، چېچىلىپ تۇرغان قۇمساز سېغىز توپىنى
بىر رىتىمدا چاپاتتى، ئاندا - ساندا بېلىنى رۇسلاپ، دېمىنى
ئالاتتى، يۈزىدىكى تەرنى سۈرتەتتى، سۇ ئىچىۋالاتتى، ئوي -
خىيالغا كەمرەك بېرىلەتتى.

شامال توزغىتىۋەتكەن ئاق بۇلۇتلار كۆك ئاسماندا ئەرـ

زان ئۆزۈپ، ئېرىپ تۈگەيتتى. تاۋلانغان يەرنى ئاپتاپ كۆيدۈرەتتى. شەرقتىن يامغۇر بېسىپ كېلىۋاتاتتى. چېپىپ ئۆتكەن قارا بۇلۇت كۈننى توسۇۋالغاندا، ناتالىيە ئۇنى بېشىنى كۆتۈرمەستىن، دۈمبىسى بىلەن سەزدى؛ بىردەمدىلا ھاۋا سالقىنلىشىپ قالدى، ئىسسىقتىن نەپەس ئېلىۋاتقان قارامتۇل يەرنىڭ ئۈستىگە، شاخلاپ كەتكەن تاۋۇز پەلەكلىرىنىڭ ئۈستىگە، ئاپتاپپەرەسنىڭ ئېگىز شادىلىرىغا شىددەت بىلەن كۆلرەڭ سايە چۈشتى. بۇ سايە قىيالىقتىكى باغچىلارنى، جەزىرىمە ئىسسىقتىن سالپىيىپ قالغان ئوت - چۆپلەرنى، ياپراقلىرى قۇشلارنىڭ مايىقى بىلەن ئېپلاسلانغان، مەيۈسلۈك بىلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغان دولانا ۋە تاغالچىلار كۆچەتلىرىنى يېپىپ كەتتى. بۆدۈنىلەر چاكىلىداپ سايرىشاتتى، سوپىستورغايلارنىڭ يېقىملىق ناۋاسى ئۇچۇق ئاڭلىناتتى، ھەتتا ئىللىق مايسىلارنى يەلپۈپ تۇرغان شامالمۇ ئانچىلىك ئىسسىق تۇيۇلمايتتى. شۇندىن كېيىن غەربكە قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان قارا بۇلۇتنىڭ كۆزنى چاقنايتىدىغان ئاپئاق جىيەكلىرىنى قۇياش قىيپاش يېرىپ ئۆتتى - دە، ئازادىلىككە چىقىپ، ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان نۇر ئېقىمىنى زېمىننىڭ ئۈستىگە يېغىۋاشتىن تۆكۈشكە باشلىدى. يىراق - يىراقلاردا، دون بويى تاغلىرىنىڭ زەڭگەر تىزمىلىرىدا قارا بۇلۇتنى قوغلىشىپ ماڭغان قوڭۇر سايە تېخىچە تىمىسقىلاپ، زېمىننى ئالىچىپار تۈسكە كىرگۈزەتتى، باغچىلاردا بولسا كەھرىۋادەك سېرىق چاشگاھ ۋاقتى ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان، ئۇپۇقتا دەريا ئېقىنىدەك پارقىراپ تۇرغان سەراب ۋىل - ۋىل تىترەپ تۇراتتى، يەرنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئوزۇقلانغان ئوت - گىياھلارنىڭ تىنچىق ھىدى ئاڭقىپ تۇراتتى.

چۈش ۋاقتىدا ناتالىيە يارنىڭ ئىچىدە قېزىلغان قۇدۇقنىڭ قېشىغا بېرىپ بىر كوزا مۇزدەك بولاق سۈيى ئەكەل-

ىدى. ئىلئىنچىنا بىلەن ئىككىسى ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ، قوللى-
رىنى يۇدى ـ دە، تونۇردەك ئاپتاپتا تاماقنا ئولتۇرۇشتى، ئىل-
ئىنىچنا پەشتامىسىنى يەرگە سېلىپ، ئۇستىگە ناننى قاتار قىلىپ
توغرىدى، خالتىدىن بىر جۈپ قوشۇق ۋە پىيالە ئالدى، ئاپتاپ
تەگمىسۇن دەپ چۆمكەپ قويغان بىر خۇمرا قېتىقنى كوفتىنىڭ
ئاستىدىن چىقاردى.

ناتالىيە تاماقنى تازا ئىشتەي بىلەن يېمىسگەچكە، قېيىن
ئانىسى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئۇزاقتىن بۇيان ساڭا قاراپ يۈرىمەن، نېمىشقىدۇر
سەن بۇرۇنقىدەك ئەمەسسەن... ياكى گرىشكا بىلەن ئىككىڭلار-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئىش بولدىمۇ؟


ناتالىيىنىڭ شامالدا يېرىلغان لەۋلىرى ئېچىنىشلىق
تىترەشكە باشلىدى:

— ئاپا، ئۇ يەنە ئاكسىنىيە بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرۈپتۇ.
— بۇنى... نەدىن ئۇقتۇڭ؟
— تۈنۈگۈن مەن ئاكسىنىيىنىڭ قېشىغا كىرگەنىدىم.
— بۇ پەسكەش ئۆزى ئىقرار قىلدىمۇ؟
— ھەئە.

ئىلئىنىچنا بىردەم ئۈنچىقماي، ئويغا چۆمدى. قورۇق چۈش-
كەن يۈزىدە ۋە لەۋلىرىنىڭ بۇرجىكىدە جىددىي سىزىقچىلار
پەيدا بولدى.

— بەلكى، بۇ لەنىتى ماختىنىپ شۇنداق دېگەندۇ؟
— ياق، ئاپا، بۇ ئىش راست، بۇنىڭدا شۈبھە يوق...
— سەن ئۇنىڭغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرمىدىڭ...، — دې-
دى موماي ئېھتىيات بىلەن، — بۇنداق ئەردىن نەزەرنى ئۈ-
زۈپ قويماسلىق كېرەك.

— قانداق قاراپ تۇرالايمەن؟ مەن ئۇنىڭ ۋىجدانىغا



ئۇ يىقىمسىز قۇرغاق يەرگە يۈزىچە يىقىلدى - دە، كۆكرىكىنى يەرگە
يېقىپ، ياش تۆكمەستىن نالە - زار قىلىشقا باشلىدى.(258 — بەتكە)

ئىشەنگەنىدىم... مەن ئۇنى يوپكامنىڭ بىر يېرىگە چېگىپ قويۇشۇم كېرەكمىدى؟ — ناتالىيە ئاچچىق كۈلۈپ قويىدى-دە، سەللا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ قوشۇپ قويدى، — ئۇ مىشاتكىدا ئەمەسقۇ، بىر يەردە تۇتۇپ تۇرۇشقا بولىدىغان. چېچىنىڭ يېرىمى ئاقاردى، ئەمما كونا ئادىتىنى تاشلىماي كېلىۋاتىدۇ...

ئىلئىنىچنا قوشۇقلارنى يۇيۇپ، ئېرتتى، چىنىنى چايقىدى، نەرسە-كېرەكنى يىغىشتۇرۇپ خالتىغا سالدى، شۇندىن كېيىنلا سورىدى:

— ھەممە دەرد-ئەسەر شۇمۇ؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، ئاپا... يورۇق ئالەمدە كۆڭۈلسىز بولۇشقا مۇشۇ دەرد-ئەسەرنىڭ ئۆزىمۇ يېتىدۇ!

— ئەمدى سەن نېمە قىلماقچى؟

— باشقا نېمىمۇ قىلاي؟ بالىلىرىمنى ئېلىپ ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمايمەن. ئاك-سىنيىسىنى ئۆيگە ئەكىلىپ، شۇنىڭ بىلەن تۇرسۇن. مېنىڭ شۇ چەككەن ئازابىممۇ يېتەر.

— ياش ۋاقتىمدا مەنمۇ شۇنداق ئويلايتتىم، — دېدى ئىلئىنىچنا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — بىزنىڭ چالمۇ ئۇنداق-مۇنداق ئىت ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن تارتقان دەرد-ئەلىمىم ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز. پەقەت ئۆزۈڭنىڭ قەدىناس ئېرىڭدىن كې-تىپ قېلىش ئوڭاي ئىش ئەمەس، بۇنداق قىلىشىڭ كېرىكمۇ يوق. ئەقلىي-ھوشۇڭ بىلەن ئويلاپ باق، — ئۆزۈڭمۇ چۈشىنىپ قالىسەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە بالىلارنى ئاتىسىدىن ئايرىۋې-لىپ كېتىمەن دېگىنىڭ، بۇ قانداقچە گەپ؟ ياق، بۇنى بىكار ئېيتىسەن. بۇنداق دەپ ئويلىغۇچى بولما، ماقۇل بولمايمەن!

— ياق، ئاپا، ئۇنىڭ بىلەن تۇرمايمەن، ئاغزىڭىزنى ئۇپراتماڭ.

— بۇ قانداقچە ئېغىزنى ئۇپرىتىش بولىدىكەن؟ — دېدى ئىلئىنىچنا زەردىسى قايناپ، — سەن مېنىڭ نېمەم؟ ئۆز كېلىنىم ئەمەسمۇ؟ سەن قاغىش تەگكۈرلەرگە مېنىڭ ئىچىم ئاغرىمامدۇ؟ مەن ئاناڭغا، قېرى مومايغا ئاشۇنداق سۆزلەرنى قىلامسەن؟ گەپ بىر: مۇنداق خىيالنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت. گەپنى مۇشۇ يەردە تۈگىتەيلى. ئويلىغان نېمىسىنى قاراڭ: «ئۆيدىن كېتىمەن!» نەگە كەتمەكچىدىڭ؟ تۇغقانلىرىڭدىن كىم سېنى كېرەك قىلىدۇ؟ ئاتاڭ يوق، ئۆيۈڭلار كۆيۈپ كەتكەن، ئاپاڭ بولسا بىراۋنىڭ بوسۇغىسىدا خۇدا يولىدا سەدىقە تىلەپ كۈن كەچۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، سەن ئۇ يەرگە تىقىلماقچى بولساڭ، نەۋرىلىرىنىمۇ ئەگەشتۈرۈپ كېتەمسەن؟ ياق، سۆيۈملۈكۈم، بۇ ئىشىڭ بولمايدۇ! گىرىشكا كەلسۇن، ئۇنىڭ بىلەن نېمە دېيىشىدىغانلىقىمىزنى شۇ چاغدا كۆرەرمىز، ھازىر سەن ماڭا بۇ توغرۇلۇق سۆز ئاچما، رۇخسەتمۇ قىلمايمەن ھەم ئاڭلىمايمەن!

ناتالىيىنىڭ كۆڭلىدە ئۇزاقتىن بۇيان يىغىلىپ قالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تۇتقاقلىق كېسەلدەك تىترەك ئىچىدە بىر ھۆڭرەش بىلەن تۇساتتىن سىرتقا پارتلاپ چىقتى. ئۇ ئاھ-ئۇھ قىلىپ، بېشىدىن رومالنى يۇلۇپ تاشلىدى، يېقىمسىز قۇرغاق يەرگە يۈزىچە يىقىلدى-دە، كۆكرىكىنى يەرگە يېقىپ، ياش تۆكمەستىن نالە-زار قىلىشقا باشلىدى.

ئىلئىنىچنا — بۇ دانىشمەن، جەسۇر موماي — جايىدىن مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ئۇ قېپقالغان قېتىقنى خۇمرا بىلەن كوفتىسىغا پۇختا ئوراپ، ئۇنى سالقىن يەرگە قويدى، شۇندىن كېيىنلا چىنىگە سۇ قۇيۇپ، ناتاشانىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ مۇنداق قايغۇ-ئەلەمگە نەسىھەت كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى؛ شۇنىڭدەك كۆزلىرى قۇرۇق بولغاندىن ۋە ئاغزىنى مەھكەم يۇمۇۋالغاندىن كۆرە، كۆز يېشى قىلىشىنىڭمۇ ياخشى ئىكەن-

لېكىنىمۇ بىلەتتى. ئىلئىنىچنا ناتالىيىنى يىغلىۋالسۇن دەپ كۆ-
تۈپ تۇردى، ئاندىن ئەمگەكتە پىشقان قاداق قولىنى كېلىنىنىڭ
بېشىغا قويدى، ئۇنىڭ سىلىق قارا چاچلىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ،
قاتتىقلىق بىلەن:

— بولدى قىل! ھەممە ياشنى بىر يولى يىغلاپ تۈگىتەلمەي-
سەن، يەنە بىر قېتىمغىمۇ قالسۇن. مە، مۇنۇ سۇنى ئىچ،— دېدى.

ناتالىيە يىغىدىن توختىدى. پەقەت ئاندا - ساندىلا ئىك-
كى مۈرىسى كۆتۈرۈلۈپ، بەدىنىگە ئۇششاق تىترەك ئولاشتى. ئۇ
تۈيۈقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، چىنە بىلەن سۇ تەڭلەپ
تۇرغان ئىلئىنىچنانى ئىتتىرىۋەتتى - دە، يۈزىنى شەرققە قىلىپ،
كۆز يېشى بىلەن ھۆل بولغان قوللىرىنى خۇددى نامازغا تۇر-
غاندەك قوشتۇرۇپ، ئۆكسۈگەن ھالدا جاۋىلداپ كەتتى:

— ئەي، پەرۋەردىگار! مېنىڭ قۇشقاچتەك جېنىمغا ئۇ زا-
مىن بولدى! مۇنداق ھايات كەچۈرۈشكە ئەمدى كۈچ - ماداغ-
رىم قالمىدى! ئىلاھا! ئۇ لەنىتىنىڭ جازاسىنى بەر! ئاشۇ يەر-
دە ئۇنىڭغا ئەجەل يوللىغايسەن! مۇندىن كېيىن كۈن كۆرمىسۇن،
مېنى ئازابلىمىسۇن!...

شەرقتىن پاغا - پاغا قارا بۇلۇت بېسىپ كەلمەكتە ئى-
دى. پەس ئاۋاز بىلەن ھاۋا گۈلدۈرلىدى. ئاپئاق چاقماق يۇ-
مىلاق بۇلۇت چوققىلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئەگرى - بۈگرى
ھالدا ئاسمانغا يېيىلدى. شامال زارلانغان مايسا ئوتلىرىنى
غەربكە ئېگەتتى، چوڭ يولدىن ئاچچىق چاڭ - توزان كۆتۈرۈپ
ئۇچۇرۇپ كېتەتتى، ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ ئېغىر قالپاقلىرىنى يەر-
گىچە پۈكلەيتتى.

شامال ناتالىيىنىڭ پاخپايغان چاچلىرىنى توزغىتاتتى،
ھۆل بولۇپ كەتكەن يۈزىنى قۇرۇتاتتى، ئەمگەكتە كىيىلىدىغان
كەڭ سۇر يوپكىسىنىڭ ئېتىكىنى پۇتىغا ئورايتتى.

ئېلېنىچىنا بىر نەچچە سېكۇنت خۇراپىي ۋەھىمە بىلەن كېلىنىگە قاراپ تۇردى. كېلىنى ئاسماننىڭ يېرىمىنى قاپلىۋالغان قاپقارا بۇلۇت مەنزىرىسىدە ئېلېنىچىناغا ناتونۇش ۋە قورقۇنچلۇق بولۇپ كۆرۈندى.

يامغۇر شىددەتلىك يېغىپ كەلدى. گۈلدۈرماما ئالدىدىكى سۆكۈنات ئۇزۇنغا بارمىدى. قىيپاش پەسلەپ ئۇچۇۋاتقان قۇرغۇيلار تەشۋىش بىلەن چىرىلداشقا باشلىدى. ئاغىمخان كامىرىنىڭ ئاغزىدا ئاخىرقى قېتىم ئىسقىرتتى، شىددەتلىك شامال ئۇششاق قوم ئارىلاش چاڭنى ئېلېنىچىنانىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ، غۇيۇلداپ دالاغا ئۇچۇراتتى. موماي ئورنىدىن تەسلىكتە تۇردى. ئۇنىڭ يۈزى ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتتى، بۇ چاغدا ئۇ يېغىپ كەلگەن بوراننىڭ ھۆركىرىشى ئاستىدا غۇۋا ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئېسىڭنى يىغ! خۇدا سەن بىلەن بولسۇن! كىمگە ئۆلۈم تىلەيسەن؟!

— خۇدايا، ئۇنى جازالا! خۇدايا ئۇنىڭ ئەدەبىنى بەر! — ناتالىيە مۇدھىش قارا بۇلۇتلار ھەيۋەت بىلەن ئۇستى - ئۇستىگە توپلىشىپ، قۇيۇندا تىك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، ۋال - ۋۇل چاقماق چېقىپ ئاپئاق يورۇپ كەتكەن يەرگە ئازغىن كۆزلىرىنى تىكىپ، ھەدەپ قارغايتتى.

دالا ئۈستىدە قۇرۇقتىن - قۇرۇق تاراق - تۇرۇق ھاۋا گۈلدۈرلىدى. پۈتۈن ئەزايىنى قورقۇنچ باسقان ئېلېنىچىنا دەرھال چوقۇندى، ئاندىن تەسلىكتە قەدەم تاشلاپ، ناتالىيەنىڭ قېشىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتتى.

— تىزلىنىپ ئولتۇر، تۆۋە قىل! ئاڭلىدىڭمۇ، ناتاشكا!

ناتالىيە خىرە كۆزلىرى بىلەن قېيىن ئانىسىغا مەنىسىز قاراپ قويۇپ، ئىختىيارسىز تىزلاندى.

— خۇداغا ئىستىغپار ئېيت، كەچۈرۈم سورا! — ئېل-

ئىنچىنا قەتئىي بۇيرۇق قىلدى، — سېنىڭ دۇئايىڭنى قوبۇل
قىلماسلىقىمنى ئەلتىجا قىل. سەن كىمنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىدىڭ؟
ئۆز بالىلىرىڭنىڭ جانىجان ئاتىسىغا ئۆلۈم تىلىدىڭغۇ. ئۇھ، بۇ
قانداق چوڭ گۇناھ... چوقۇن! يەرگە باش ئەگ. «خۇدايا مېنى
كەچۈر، مەن مەلئۇننىڭ گۇناھىدىن ئۆت» — دېگىن.

ناتالىيە چوقۇندى، ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرى بىلەن بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى - دە، چىشلىرىنى مەھكەم چىشلەپ، قولىشالماي، يېنىچە يەرگە يىقىلدى.

× ×

سەلدەك ياغقان يامغۇر بىلەن يۇيۇلغان دالا ئاجايىپ يېشىللىققا چۆمدى. يىراقتىكى كۆلدىن نەق دونىنىڭ قىرغىقىغىچە روشەن ھەسەن - ھۈسەن تارتىلدى. غەربتە غۇۋا ھاۋا گۈلدۈرلىدى. يارنىڭ ئىچىگە لاي تاغ سۈيى بۇرقۇت قىقىرلىغاندەك بۇلدۇقلاپ ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى. كۆپۈكلىنىپ ئاققان جىلغا سۇلىرى تاغ باغرى بىلەن باغچىلارنى ئارىلاپ، تۆۋەنگە، دونغا قاراپ چاپتى. ئۇلار يامغۇر قىرقىپ تاشلىغان ياپراقلارنى، يەردىن كولاپ تاشلانغان ئوت - گىياھلارنىڭ يىلتىزلىرىنى، ئۈزۈلگەن قارا بۇغداي باشاقلىرىنى ئاققۇزۇپ كېتەتتى. باغچا بويلىرىدا قېلىن قوم قاتلاملىرى چېچىلىپ ياتقان بولۇپ، قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ پەلەكلىرىنى كۆمۈپ تاشلىغانىدى؛ يازلىق يوللاردا، جۇشقۇن سۇلار ھارۋا چاقىنىڭ ئىزلىرىنى چوڭقۇر كولاپ، ئوخچۇپ ئاقاتتى. يىراقتىكى سايىنىڭ ئېتىكىدە چاقماق چېقىپ كۆيدۈرگەن پىچان دۆۋىسى يېنىپ تۈگەي دەپ قالغانىدى. بىنەپشە رەڭ تۈتۈن خادىدەك كۆككە بوي سوزغان

بولۇپ، ئاسماندا غۇلاچ يېيىپ تۇرغان ھەسەن - ھۈسەننىڭ گەردىشىگە تاقاشقانىدى.

ئىلئىنچىنا بىلەن ناتالىيە پاتقاق، تېيىلغاق يولدا يوپكىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يالىڭاياق پۇتلىرى بىلەن ئاۋايلاپ دەسسەپ، يېزىغا قاراپ پەسكە چۈشۈۋاتاتتى. ئىلئىنچىنا سۆز ئاچتى:

— ھەقتائالا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، سىلەر ياشلار تولىمۇ بەڭباش كېلىسىلەر! كىچىككىنە ئىشقا جەھلىڭلار چىقىدۇ. مەن ياشلىقىمدا ئۆتكۈزگەن كۈن سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن بولسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلغان بولاتتىڭ ۋايتاڭ؟ سېنى گىرىشكا پۈتۈن ئۆمرىدە بارمىقى بىلەن تاك قىلىپ چەككىنى يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنىلا رازى ئەمەسسەن، يەنە تېخى غەلىتە قىلىق چىقاردىڭ: ئېرىڭنى تاشلاپ كەتمەكچى بولدۇڭ، ئۆزۈڭنى خاپىچىلىقىمۇ سالدىڭ، سەن نېمىلەرنى قىلمىدىڭ. سىلەر يامان ئىشلىرىڭلارغا خۇدانىمۇ ئارىلاشتۇردۇڭلار... خۇش، ئېيتقىنا قوزام، مۇشۇ ئىشىڭ ياخشىمۇ؟ مېنىڭ توكۇر بۇتۇم ياش ۋاقتىمدا مېنى ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئۆلگۈدەك دۇمبالايتتى؛ ئۇنىڭ ئالدىدا مەن ھېچبىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئەمەس. ئۆزى بالايى - ئاپەت تېرىپ، ئاچچىقىنى مەندىن ئالاتتى. تاڭ ئاتقاندا قايتىپ كېلەتتى، تەنە قىلىپ ۋارقىراپ يىغلىسام، مۇشت ياغدۇراتتى... بىر ئايغىچە پۈتۈن ئەزايىم تۆمۈردەك كۆكىرىپ يۈرەتتىم، ئەمما شۇ ئەھۋالدىمۇ تىرىك قالدىم، بالىلىرىمنى بېقىپ چوڭ قىلدىم، بىر قېتىممۇ ئۆيدىن كېتىشنى نىيەت قىلغىنىم يوق. مەن گىرىشكىنى ماختىمايمەن، ئەمما مۇنداق ئادەملەر بىلەن يەنىلا بىللە ئۆتۈشكە بولىدۇ. مۇبادا مۇنۇ ياۋۇز خوتۇن بولمىغاندا — گىرىشكا يېزىدىكى كازاكلارنىڭ ئەڭ ئال-

دىنقىسى بولاتتى. ئاشۇ جادۇگەر ئۇنى سېھىرلەپ قويغان، باشقا ئىش ئەمەس.

ناتالىيە ئۇزاققىچە بىر نەرسىنى ئويلاپ، ئۇنچىقماستىن ماڭدى، كېيىن دېدى:

— ئاپا، ئەمدى بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشنى خالىمايمەن. گرىگورىي كەلسۇن، شۇ چاغدا مېنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىم مەلۇم بولىدۇ... بەلكى، ئۆزۈم كېتەرمەن ياكى ئۇ مېنى قوغلىۋېتەر، ئەمما ھازىر سىلەرنىڭ ئۆيدىن ھېچ يەرگە بارمايمەن.

— بۇرۇنراق شۇنداق دېسەڭ بولمامدۇ!— ئىلىنىچنا خۇشال بولدى،— خۇدايىم بۇيرۇسا، ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، ئۇ سېنى ھەرگىز قوغلاپ چىقارمايدۇ، بۇنى خىيالىڭغا كەلتۈرمە! ئۇ سېنى ۋە بالىلارنى ياخشى كۆرىدىغان تۇرسا، مۇنداق پىكىردە بولاتتىمۇ؟ ياق - ياق! ئۇ سېنى ئاكسىنىيىگە تېگىشمەيدۇ، مۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ! ئائىلىدە ئۆزئارا نېمىلەر بولمايدۇ؟ تىرىكلا بولسا، ئۇ قايتىپ كەلگەندە...

— مەن ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىمەيمەن... قېنىم قىزىپ، بايىقى گەپلەرنى ئويلىماي ئېيتىپ قويدۇم... سىز بۇ ئىش ئۈچۈن مەندىن خاپا بولماڭ... ئۇنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتمەيمەن، ئەمما بۇنداق كۈن ئۆتكۈزۈۋېرىش ئېغىر!...

— قەدىردانىم، جىگەر پارەم! مەن بۇنى بىلمەمدىمەن؟ ئەمما قارام ئىش قىلماسلىق كېرەك. راست گەپنى قىلاي، بۇ توغرۇلۇق سۆزلىشىشنى قويايلىچۇ! سەن چالغا، خۇدا ھەققى، ھازىر ھېچ نەرسە دېمە. بۇ ئۇنىڭ ئىشى ئەمەس.

— مەن سىزگە بىر ئىشنى ئېيتماقچىمەن... مەن گرىگورىي بىلەن بىللە ئۆتەمدىمەن - يوق، ھازىرچە مەلۇم ئەمەس. ئەمما مۇندىن كېيىن ئۇنىڭدىن پەرزەنت كۆرۈشنى خالىمايمەن. مۇنۇ ئىككى بالا بىلەن نەگىمۇ بارارمەن، كېيىن بىر گەپ بو-

لار... مەن هازىر هامىلدارمەن، ئاپا...

— ئۇزاق بولدىمۇ؟

— ئۈچ ئاي بولاي دېدى.

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟ مەيلى خالىغىن، مەيلى خالىمىغىن، تۇغۇشقا توغرا كېلىدۇ.

— تۇغمايمەن، — دېدى ناتالىيە قەتئىي رەۋىشتە. بىر-گۇنلا كاپىتونوفنىا ئانىنىڭ ئۆيىگە بارىمەن. ئۇ مېنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزىدۇ. ئۇ بىرنەچچە ئاياللارنىڭ بالىسىنى چۈشۈرگەن.

— بۇ نېمىدېگەن دەھشەت — بالىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈر-مەكچىمۇ؟ بۇ سۆزنى قىلىشقا قانداق تىلىڭ باردى، ۋىجدانسىز؟ — غەزەپلەنگەن ئىلىنىچنا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ، قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ كەتتى. ئۇ يەنە بىر نەرسە دېمەكچىدى، ئەمما ئارقا تەرەپتىن چاقنىڭ تاراقلىشى، پاتقاق كەچكەن ئات تۇياقلىرىنىڭ شالاقلىشى ۋە بىرىنىڭ چۇ، چۇ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئىلىنىچنا بىلەن ناتالىيە يولدىن چەتكە چىقىشتى، كېتىۋېتىپ يوپۇقلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى پەسكە چۈشۈردى. ئېتىزدىن كەلگەن ئادەم بېسخلىبنوف فىلىپ ئاگىيېۋىچ دېگەن چال بولۇپ، بۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە، چاپقۇر بايتالىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاتتى.

— چۈشۈۋېلىڭلار، يەڭگىلەر، ئۆيلىرىڭلارغا ئاپىرىپ قوياي، پاتقاق كېچىپ نېمە قىلىسىلەر.

— ۋاي، رەھمەت، ئاگىېۋىچ، ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ تېيىل-غاق يولدا چارچاپ ھالىمىز قالمىغانىدى، — دېدى ئىلىنىچنا مەمنۇن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن كەڭ، ئازادە ھارۋىغا بىرىنچى بولۇپ چىقىۋالدى.

× ×

چۈشتىن كېيىن ئېلىئىنىچنا ناتالىيە بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇ-نىڭغا ئېغىر ئاياغلىقتىن قۇتۇلۇشقا ھاجەت يوقلۇقىنى ئىسپاتلى-ماقچى بولدى؛ ئۇ قاچا - قۇچا يۇيۇۋېتىپ، ئۆز خىيالىدا ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ ھېسابلىغان دەلىللەرنى ئىزدەپ تاپتى، ھەتتا ناتالىيىنىڭ قارارىنى چالىنىڭ سەمىگە سېلىپ، بۇ ئادەمنىڭ ياردىمى بىلەن دەرد - ئەلەمدىن دەرغەزەپ بولغان كېلىنىنى نالايىق ئىشتىن ياندۇرۇشنى ئويلىغانىدى، ئەمما ئېلىئىنىچنا ئىش - پىشى-لىرىنى تۈگىتىۋالغۇچە، ناتالىيە ئاستا نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆيىدىن كېتىپ قالدى.

— ناتالىيە قېنى؟ — دەپ سورىدى ئېلىئىنىچنا دۇناش-كىدىن.

— كىچىككىنە بىر بوغچىنى يىغىشتۇرۇپ، چىقىپ كەتتى.

— نەگە؟ نېمە دېدى؟ قانداق بوغچىما؟

— مەن قانداق بىلىمەن، ئاپا؟ روملىغا پاكىز يۇيۇپكى-سىنى ۋە باشقا بىر نېمىلەرنى چىگدى - دە، چىقىپ كەتتى، ھېچنېمە دېمىدى.

— ۋاي، ھەسرەتكە پاتقان بىچارە بالام! — ئېلىئىنىچنا دۇناشكىنى ھەيران قالدۇرۇپ، دەرمانسىزلىق بىلەن يىغلاشقا باشلىدى - دە، ئۇزۇن بەندىڭگە ئولتۇردى.

— نېمە بولدىڭىز، ئاپا؟ سىزگە خۇدا يار بولسۇن، نېمىشقا يىغلايسىز؟

— نېرى تۇرغىنا، پەستۆەت! سېنىڭ ئىشىڭ بولمىسۇن! ئۇ ساڭا نېمە دېدى؟ ئۇنىڭ جابدۇنۇۋاتقانلىقىنى نېمىشقا ماڭا

دېمىدىڭ؟ دۇناشكا جىلە بولۇپ جاۋاب بەردى:
— تازا گەپ قىلىدىكەنسىز! بۇنى سىزگە ئېيتىپ قويۇش لازىملىقىنى مەن نەدىن بىلەي؟ ئۇ يېتۈنلەي كەتمىگەندۇر؟ ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىشكە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭغىمۇ يىغلامسىز — مەن ھېچ چۈشىنەلمىدىم!

ئىلئىنىچنا ناتالىيىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تولىمۇ تەشۋىش بىلەن كۈتتى. چالىنىڭ تەنە - كايىشلىرىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا ئېيتماسلىقىقا قارار قىلدى.

كۈن پاتاردا دالادىن قوي - كالا پادىسى قايتىپ كەلدى. يازنىڭ قىسقىلا گۈگۈمى چۈشتى. يېزىنىڭ ئۇيەر - بۇيېرىدە چىراغ يېقىلىشقا باشلىدى، ناتالىيە تېخىچە كەلمىدى. مىليخوف-نىڭ ئۆيىدىكىلەر كەچكى تاماققا ئولتۇرۇشتى، دەككە - دۈككە ئىچىدە چىرايى ئۆڭگەن ئىلئىنىچنا پىياز بىلەن قورۇپ ئېتىلگەن سۈيۈقئاشنى شىرەگە ئەكىلىپ قويدى. چال قوشۇق بىلەن قېتىپ كەتكەن ناننىڭ ئۇۋاقلىرىنى ساقال باسقان ئاغزىغا سالدى - دە، شىرە يېنىدا ئولتۇرغانلارغا پەرىشان ھالدا كۆز يۈگۈرتۈپ:
— ناتالىيە قېنى؟ ئۇنى نېمىشقا چاقىرمىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.
— ئۇئۆيدەيوق، — ئىلئىنىچناپەس ئاۋازبىلەن جاۋاب بەردى.
— نەگە كەتتى ئۇ؟
— ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، شۇ يەردە مېھمان بولۇپ ھايال قالغاندۇر.
— شۇنچە ئۇزۇن مېھمان بولىدىكەن - دە، قائىدە - يوسۇن-نى بىلىدىغان مەزگىلى بولۇپ قالغان ئىدىغۇ...، — پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ نارازى ھالدا غودۇڭشىپ قويدى.

ئۇ تاماقنى ھەرقاچانقىدەك تازا ئىشتىھا بىلەن يېدى؛ ئاندا - ساندا قوشۇقنى شىرەنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇپ،

يېنىدا ئولتۇرغان مىشاتكىغا كۆز قىرى بىلەن زوقلىنىپ قاراپ:
«تايچىقىم، مەن تەرەپكە ئازراق قايرىلغىنا، ئاغزى - بۇرنۇڭنى
ئېرتىپ قوياي. ئاپاڭ ھەر يەردە قاڭقىپ يۈرىدۇ، سىلەرگە قا-
راپ قوياي دېمەيدۇ...» — دېدى ئۇ قوپاللا سۆزلەپ. شۇن-
دىن كېيىن يوغان قاپقارا قاداق قولى بىلەن نەۋرىسىنىڭ يۇپ-
قا ئاچ قىزىل لەۋلىرىنى پاكىز ئېرتتى.

ھەممەيلەن ئۈنچىقماستىن تامىقىنى يەپ بولۇپ، شىرەنىڭ
يېنىدىن تۇرۇشتى. پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ:

— چىراغنى ئۆچۈرۈڭلار، يەر يېغى ئاز، ئۇنى بىكار ئىس-
راپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى.

— ئىشىكنى ئېتەمدۇق؟ — دەپ سورىدى ئىلىئىنىچنا.

— ئەت.

— ناتالىيىنى قانداق قىلىمىز؟

— كەلسە — ئىشىكنى قاقار. بەلكى، تاڭ ئاتقۇچە لاغاي-
لاپ يۈرەرمىكىن؟ بۇمۇ قىلىق چىقاردى... سەن قېرى جادۇ-
گەر، ئۇنىڭغا گەپ قىلماي قويۇۋەتكىنە قېنى! تېخى كېچىلىرى
مېھمانغا بېرىشنى ئويلاپ تاپقىنىنى قارىمامدىغان... مەن ئەتە
ئۇنىڭغا كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن. ئۇ داشكىدىن ئۇۋالگە
ئالغانغۇ...

ئىلىئىنىچنا كىيىمىنى سالماستىنلا ياتتى. يېرىم سائەتچە
ئۈنچىقماستىن، ئۇيانغا ئۆرۈلۈپ، بۇيانغا ئۆرۈلۈپ، ئۇھ - ئۇھلاپ
ياتتى - دە، كاپىتونوفنانىڭ قېشىغا بېرىپ باقايمىكىن دەپ ئەم-
دىلا ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، ئاڭغىچە دېرىزە تۈۋىدە
بىرىنىڭ بوشاڭ دەسسەپ، شىپىرلاپ ماڭغان قەدەم ئاۋازى
ئاڭلاندى. ئىلىئىنىچنا ئۆزىگە خاس بولمىغان چەبدەسلىك بىلەن
ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، ئالدىراپ دالانغا يۈگۈرۈپ چى-
قىپ ئىشىكنى ئاچتى.

ئۆلۈكتەك ئاقىرىپ كەتكەن ناتالىيە پەنجىرىنى تۇتۇپ، پەلەمپەيدىن يەسلىكتە چىقىۋاتاتتى. تولۇن ئاي ئۇنىڭ جۇدەڭگۈ يۈزىنى، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى، ئازابتىن ئېگىلىپ كەتكەن قاشلىرىنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ يارىلانغان ياۋايى ھايۋاندەك دەلدەڭشىپ ماڭاتتى، قەدەم ئىزلىرىدا قاپقارا قانىنىڭ داغلىرى قالاتتى.

ئىلىئىنچىنا گەپ قىلماستىن ئۇنى قۇچاقلاپ، دالان ئۆيىگە ئەكىردى. ناتالىيە ئىشىككە ئارقىسىچە يۆلىنىپ، خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن پىچىرلىدى:

— ئۆيدىكىلەر ئۇخلاۋاتامدۇ؟ ئاپا، ئارقامدىكى قانىنى تازىلاڭ... كۆرۈۋاتامسىز، ماڭغان يولۇمدا قان ئىزلىرى قالدى...

— ئۆزۈڭنى نېمىمۇ قىلغانسەن؟! — ئىلىئىنچىنا پەس ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىۋەتتى يىغىسىنى بېسىپ.

ناتالىيە كۈلۈشكە كۆچەپ باقتى، ئەمما كۈلۈمسىرەشنىڭ ئورنىغا يۈز - چىرايى ئېچىنىشلىق تاتىرىپ كەتتى.

— ئاپا، شاۋقۇن سالماڭ... ئۆيدىكىلەر ئويغىنىپ كەتمىسۇن. مەن ئەمدى قۇتۇلۇۋالدىم. ھازىر كۆڭلۈم خاتىرجەم بولۇپ قالدى... ئەمما كۆپ قان كەتتى... خۇددى پىچاق كەسكەندەك شىرىلداپ ئېقىۋاتىدۇ... قولىڭىزنى ئەكىلىڭا، ئاپا بېشىم ئايلىنىۋاتىدۇ.

ئىلىئىنچىنا ئىشىكنىڭ ئوكسىنى ئەتتى، خۇددى يات ئۆيدىكىدەك، ئۇزاق ۋاقىت تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئۇيەر - بۇيەرنى سىيپىلاپ، ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى قاراڭغۇدا تاپالمىدى. ئۇ ئاستا پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، ناتالىيىنى ئىچكىرىكى چوڭ ئۆيگە ئەكىردى. دۇناشكىنى ئويغىتىپ، ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى، دارىيىنى چاقىرغۇزۇپ كىردى، چىراغنى ياقتى.

ئاشخانىنىڭ ئىشكى ئوچۇق بولۇپ، شۇ تەرەپتىن پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ بىر رىتىمدا تارتقان دەھشەتلىك خورىكى ئاڭلىناتتى؛ كىچىككىنە پولىيوشكا ئۇيقۇلۇقتا لەۋلىرىنى تاتلىقىنا چوكۇلدىتىپ، بىرنېمىلەرنى پىچىرلايتتى. ھېچنېمىدىن غەم - ئەندىشىسى بولمىغان كىچىك بالىنىڭ ئۇيقۇسى ئاشۇنداق قاتتىق بولىدۇ!

ئېلىئىنىچنا ياستۇقنى قىرلاپ، تۆشەك راسلىغىچە، ناتالىيە بەندىگىدە ئولتۇرۇپ تۇردى، دەرمانسىزلىقتىن بېشىنى شىرەنىڭ چېتىگە قويدى. دۇناشكا چوڭ ئۆيگە كىرمەكچى بولۇۋىدى، ئەمما ئېلىئىنىچنا قاتتىق كايىدى:

— يوقال، ئۇياتسىز، بۇ يەرگە كىرگۈچى بولما! بۇ يەردە ساڭا ھېچقانداق ئىش يوق.

قاپىقى سىلىنغان دارىيە ھۆل لاتىنى ئېلىپ، دالانغا چىقىپ كەتتى. ناتالىيە تەسلىكتە بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— كارىۋاتتىن پاكىز تۆشەكنى يىغىشتۇرۇۋېتىڭ... ماڭا ماتا كۆرپە سېلىپ بېرىڭ... بەربىر بولۇۋېتىمەن...، — دېدى.

— ئۇنۇڭنى چىقارما! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئېلىئىنىچنا، — كېيىم - كېچەكلىرىڭنى سال، ياتقىن، كەيپىڭ يامان بولۇۋاتامدۇ؟ سۇ ئەكىلەيلىمۇ؟

— مەن ئاجىزلاپ كەتتىم... ماڭا پاكىز كۆڭلەك بىلەن سۇ ئەكىلىپ بېرىڭلار.

ناتالىيە بەك تەسلىكتە تۇرۇپ، دەلدەڭشىپ مېڭىپ كارىۋاتنىڭ قېشىغا ئاران بېرىۋالدى. ناتالىيىنىڭ قانغا مىلەنگەن يوپكىسىنىڭ ساڭگىلاپ چۈشۈپ، پۇتلىرىغا يېپىشىپ قالغانلىقىنى ئېلىئىنىچنا پەقەت شۇ چاغدىلا بايقىدى. ئۇ ناتالىيىنىڭ يامغۇردا قالغان ئادەمدەك مۆكچىيىپ، ئېتىكىنى سىقىپ، يېشىنىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ۋەھىمە ئىچىدە قالدى.

— سەن قانسىراپ كېتىپسەنغۇ! — دەپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى ئېلىئىنىچنا.

ناتالىيە كۆزلىرىنى يۇمۇپ، تېز - تېز ئەندىكىپ نەپەس ئېلىپ، كىيىملىرىنى سالدى. ئېلىئىنىچنا ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ دادىللىق بىلەن ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ پانتېلېي پروكوفيېۋىچنى تەسلىكتە ئويغىتىپ دېدى:

— ناتالىيە ئاغرىپ قالدى... ئەھۋالى بەك يامان... ئۆلۈپ قالمىسا بولاتتى... سەن دەرھال ھارۋىنى قوشۇپ، يېزا بازىرىدىن دوختۇرنى چاقىرىپ كەل.

— يوق گەپنى ئويلاپ چىقىرىۋاتىسەن! نېمە بولۇپ قاپتۇ؟ ئاغرىپ قالدى دېدىڭمۇ؟ كېچىدە ئازراق لاغايلاپ يۈرسە بولمامدۇ...

موماي ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قىسقىچە چۈشەندۈردى. غەزەپلەنگەن پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، شالۋۇرىنىڭ تۈگمىسىنى مىڭىپ تۇرۇپ ئېتىپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

— ھەي، رەسۋا! ھەي ئېتىنىڭ قىزى! نېمە قىلغان قىلىق ئىكەن؟ ئۇنى مۇنداق قىلىشقا كىم مەجبۇر قىلىپتۇ؟... مەن ھازىرلا ئۇنىڭ ئەدەبىنى بېرىمەن!...

— ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ، لەنىتى؟ نەگە كىرمەكچىسەن؟... ئۇياققا بارما، ئۇنىڭ ساڭا قارىغۇدەك ھالى يوق!... بالىلارنى ئويغىتىۋېتىسەن! ھويلىغا چىقىپ، تېزرەك ھارۋىنى قوش!... — ئېلىئىنىچنا چالنى تۇتۇۋالاي دېگەنىدى، ئەمما چال قولاق سالماستىن، مېھمانخانا ئۆينىڭ قېشىغا كېلىپ، بىرلا تېپىپ ئېچىۋەتتى.

— مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ، شەيتاننىڭ قىزى! — ئۇ بوسۇغىدا تۇرۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

— كىرىشكە بولمايدۇ، دادا، كىرمە! ئېيسا مەسىھ ھەققى،

گىرمىگىن! — ناتالىيە سىلىقۋەتكەن كۆڭلىكىنى كۆكسىگە بېسىپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ چورت - پورت دەپ تىللاپ تۇرۇپ، چەكمىنىنى، فۇراژكىسىنى، هارۋا جابدۇقلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇ شۇنچىلىك ئۇزاق مىسىلداپ يۈردىكى، دۇناشكا ئاشخانىغا بېسىپ كىرىپ، كۆز يېشى بىلەن ئاتىسىغا دوق قىلدى:

— بارماسەن تېزرەك! قىزىنىڭ ئارىسىدىكى قوڭغۇزدەك نېمىنى ئاختۇرۇۋاتىسەن؟! ناتاشكا ئۆلەي دەپ قالدى، ئۇ بولسا بۇ يەردە يېرىم كۈن جابدۇنىدۇ! شۇنىڭ ئېتىمۇ ئاتا بولۇپ قاپتۇ! بارغۇڭ كەلمىسە — گېپىڭنى ئېيت، هارۋىنى قوشۇپ ئۆزۈم بارىمەن!

— تېۋۇ، مۇنۇ ئەخمەق قىزنى! باغلاقنى ئۈزۈپ چىققاندەك نەدىن پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟ ئەمدى سەن قالدىڭمۇ سۆزلىمىگەن، يېپىشقاق قوتۇر! بۇمۇ ئاتىسىغا ۋارقىرايدۇ، شەرمەندە! — پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ قىزىغا چەكمىنىنى شىلتىپ، غودۇڭشىپ قاغاپ، هويلىدىن چىقتى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى ئەركىنلىككە چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلىشتى. دارىيە ئورۇندۇقلارنى تاراق - تۇرۇق يۆتكەپ پولنى يۇيۇشقا باشلىدى، چال كەتكەندىن كېيىن ئىلىنىچنا دۇناشكىنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلغانىدى، ئۇ ناتالىيىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇردى، ياستۇقنى تۈزەپ، سۇ ئىچكۈزۈپ تۇردى؛ ئىلىنىچنا ئاندا - ساندا يان ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان بالىلارنىڭ قېشىغا كىرىپ، يوقلاپ تۇردى، ئىچكىرىكى ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن قولى بىلەن ئۇزاققىچە ئېڭىكىنى يۆلەپ، قايغۇ ئىچىدە بېشىنى چايقاپ ناتالىيىگە قاراپ ئولتۇردى.

ناتالىيىنىڭ چۈۋۈق چاچلىرى تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتكەن بولۇپ، بېشىنى ياستۇققا يۆمۈلتۈپ، ئۈنچىقماي ياتاتتى. ئۇ بەك قانسىراپ كەتتى. ئەلئىنىچنا ھەر يېرىم سائەتتە بىر قېتىم ئۇنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ئاستىدىكى چىلىق - چىلىق بولۇپ كەتكەن كۆرپىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئورنىغا يېڭىسىنى سېلىپ بې-رىپ تۇردى.

ناتالىيە سائەتمۇ سائەت ئاجىزلىشىپ كەتتى. يېرىم كې-چە بولغاندا كۆزىنى ئېچىپ سورىدى:

— تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدىمۇ؟

— تېخى تاڭ سۈزۈلمەي تۇرىدۇغۇ، — موماي ئۇنى بەزلەپ، ئۆز ئىچىدە ئويلاپ كەتتى: دېمەك، تىرىك قالمايدىكەن - دە! ھوشۇمدىن كېتىپ قالسام، بالىلىرىمنى كۆرەلمەي قالارمەنمىكىن دەپ قورقۇۋاتىدۇ...

خۇددى ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك، ناتالىيە ئاستا يالۋۇرۇپ سورىدى:

— ئاپا، مىشاتكا بىلەن پولىيوشكىنى ئويغىتىڭا...

— ساڭا نېمە بولدى، قوزام! ئۇلارنى يېرىم كېچىدە ئويغىتىپ نېمە قىلىمىز؟ ئۇلار قورقۇپ كېتىدۇ... سېنى كۆرۈپلا يىغا - زارە كۆتۈرىدۇ... نېمىشقا ئويغىتىمىز ئۇلارنى؟

— ئۇلارنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ... ھالىم يامان.

— خۇدا سېنى ئامان قىلسۇن، نېمە دەۋاتىسەن؟ مانا ھا-زىرلا ئاتاڭ دوختۇر ئەكېلىدۇ، ئۇ سېنى داۋالاپ ساقايتىدۇ. سەن بىردەم ئۇخلىساڭ بولاتتى، جېنىم بالام!

— كۆزۈمگە قانداقمۇ ئۇيقۇ كەلسۇن! — دەپ جاۋاب بەردى ناتالىيە سەل ئېچىنغان ئاھاڭدا، — شۇندىن كېيىن ئۇزاق-قىچە جىمىپ كەتتى، نەپەس ئېلىشى ئوڭشىلىشقا باشلىدى.

ئەلئىنىچنا ئاستىلا پېشايۋانغا چىقىپ، بولۇشىغا كۆز يېشى قىلدى.

ئۇ شەرقتە سۇبھى يورۇشقا باشلىغان چاغدا، يۈز - كۆزى قىپ-

قىزىل ئىششىغان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئىشىك غىچىرلاش بىلەنلا ناتالىيە كۆزىنى ئېچىپ، يەنە بىر قېتىم سورىدى:

— تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدىمۇ؟

— تاڭ يورۇۋاتىدۇ.

— پۇتۇمغا جۇۋا يېپىپ قويۇڭا!...

دۇناشكا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىنى ئايىغىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ، يوتقىنىنىڭ يان تەرىپىنى تۈزەپ قويدى. ناتالىيە كۆزى بىلەن تەشەككۇر ئېيتتى، كېيىن ئىلىئىنىچنانى قېشىغا چاقىرىپ دېدى:

— ئاپا، مېنىڭ قېشىمدا ئولتۇرۇڭ. سەن دۇناشكا ھەمدە دارىيە سەنمۇ بىر سائەت تاشقىرىغا چىقىپ تۇرۇڭلار، ئاپامنىڭ ئۆزىگە ئېيتىدىغان سۆزۈم بار... ئۇلار چىقىپ كەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ناتالىيە كۆزىنى ئاچماستىن.

— چىقىپ كەتتى.

— دادا تېخى قايتىپ كەلمىگەندۇ؟

— ھازىرلا كېلىدۇ. ئەھۋالىڭ بەك يامانلىشىۋاتامدۇ؟

— ياق، بىر قېلىپتا... مېنىڭ ئېيتماقچى بولغىنىم مۇنۇ... ئاپا، مەن تېزلا ئۆلۈپ كېتىمەن... كۆڭلۈم سېزىپ تۇرۇپتۇ. مەندىن نۇرغۇن قان چىقىپ كەتتى — ئادەم چۆچۈگىدەك! سىز داشكىغا ئېيتىپ قويۇڭ، مەشكە ئوت ياققاندا، سۇنى كۆپرەك قۇيۇپ قويسۇن... مېنى سىز ئۆزىڭىز يۇيۇڭ، باشقا ئادەملەرنىڭ يۇيۇشىنى خالىمايمەن...

— ناتالىيە! توۋا دېگىنە، كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى! نېمىشقا ئۆلۈم توغرۇلۇق سۆزلەپ قالدىڭ؟ خۇدا كەرەملىك، ياخشىلىنىپ قالىسەن.

ناتالىيە كۈچسىز قول ھەرىكىتى بىلەن قېيىن ئانىسىنىڭ سۆزلىمەي تۇرۇشىنى ئۆتۈندى - دە، دېدى:

— مېنىڭ سۆزۈمنى بۆلمەي تۇرۇڭ... ماڭا ئەمدى سۆز-
لەش بەك ئېغىر، ئەمما ئېيتىشنى خالايمەن... بېشىم يەنە
ئايلىنىۋاتىدۇ... مەن سىزگە سۇ تەييارلاپ قويۇشنى ئېيتتىمغۇ؟
خۇش، مەن ھېلىمۇ چىدالمىق ئىسكەنمەن... كاپىتونوفنى ئالىقا-
چان بۇ ئىشنى قىلدى، مەن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنلا ئۇ يەرگە
بارغانىدىم... ئۇ، بىچارە، ئۆزىمۇ قورقۇپ كەتتى... ۋاي -
ۋاي مەندىن نۇرغۇن قان كەتتى... پەقەت سەھەرگىچە ئۆمۈر
سۈرەلىگەن بولسام، سۈنى كۆپرەك ئىستىگىلار... ئۆلگەندە
پاكىز بولۇشنى خالايمەن... ئاپا، سىز ماڭا يېشىل يوپكامنى
كىيگۈزۈپ قويۇڭ، ھېلىقى بۈرمىسىگە چىلتەك تۇتۇلغان يوپكام-
نى... شۇ يوپكىنى كىيىشىمنى گرىشا ياخشى كۆرەتتى... يە-
نە شايى كوفتامنى... ئۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە، ئۈستىدىلا تۇرۇپ-
تۇ، ئۆلۈك بۇرجەكتە، رومالنىڭ ئاستىدا... مەن جان ئۈزۈش بى-
لەنلا بالىلارنى بىزنىڭكىگە ئەكەتسۇن... ئانامغا كىشى
ئەۋەتكەن بولسىڭىز بولاتتى، ھازىر كەلسۇن... ۋىدالىشىشىم
لازىمغۇ... ئاستىمدىكى نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىڭ. ھەممىسى
چىلىپىلاپ كەتتى...

ئىلئىنىچنا ناتالىيىنىڭ بېلىدىن يۆلەپ، كۆرپىنى سۇغۇرۇ-
ۋالدى، يېڭىسىنى تەسلىكتە ئاستىغا تىقىشتۇردى. ناتالىيە
پىچىرلاپ:

— مېنى يان تەرەپكە... ئۆرۈپ قويۇڭ! — دېدى - دە،
دەرھاللا ھوشىدىن كەتتى.

دېرىزىگە كۆكۈچ تاڭ يورۇقى چۈشتى. دۇناشكا چېلەكنى
يۇيۇپ، قورۇغا كالا ساغقىلى ماڭدى. ئىلئىنىچنا دېرىزىنى ئېچىش
بىلەنلا — يېڭى قانىنىڭ پۇرىقى ۋە كىرسىنىنىڭ ھىدى سىڭىپ قال-
غان ئىچكىرىكى ئۆيگە يازنىڭ سەھەردىكى سالقىن شامىلى ھايات-
بەخش، ساپ ھاۋا ئەكىردى. شامالنىڭ سىلكىشى بىلەن

گىلاس ياپراقلىرىدىن دېرىزە تەكچىسىگە شەبنەم چۈشەتتى؛ قۇشلارنىڭ سەھەردىكى سايراشلىرى، ئىنەكلەرنىڭ مۆرىشى، پادىچىلار قامچىسىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن قاسىلدىشى ئاڭلىناتتى.

ناتالىيە ھوشىغا كەلدى، كۆزىنى ئاچتى، تىلىنىڭ ئۇچى بىلەن قۇرۇپ كەتكەن، قانسىز، سارغۇچ لەۋلىرىنى، يالىدى، سۇ ئىچكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ئۇ ئەمدى نە باللىرىنى، نە ئانىسىنى سورىمىدى. ئۇنىڭدىن ھەممە يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، قارىغاندا، مەڭگۈ يىراقلىشىۋاتقاندەك ئىدى...

ئىلىئىنىچنا دېرىزىنى يېپىپ، كارىۋاتنىڭ قېشىغا كەلدى. ناتالىيە بىر كېچىدىلا نېمىدېگەن دەھشەتلىك ئۆزگىرىپ كەتكەن! بىر كۈن بۇرۇن ئۇ گۈللەپ ياشناۋاتقان ياش ئالما كۆچىتىدەك گۈزەل، ساغلام، كۈچلۈك ئىدى، ھازىر ئىككى مەڭزى دون بويىدىكى گەج تاغنىڭ بورلىرىدىنمۇ ئاقىراق كۆرۈنەتتى، بۇرنى ئۇچلىنىپ قالغان، تېخى تۈنۈگۈنكى پارقىرىقىنى يوقىتىپ يۇپۇقىلىشىپ قالغان، لەۋلىرى سەل ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، چىش تىزىقلىرىنى ئاران يېپىپ تۇراتتى. ناتالىيىنىڭ كۆزلىرى ئاۋۋالقى پارقىراقلىقىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ كۆزلەرنىڭ ئىپادىسى ئەمدى باشقىچە ئىدى. ئۇ ئاندا - ساندا، چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر ئېھتىياج تۈپەيلى، كۆكەرگەن قاپاقلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ كېلىپ، نەزەرى بىرلەھزە ئىلىئىنىچناغا توختىغاندا، ئۇنىڭ بېقىشلىرىدا قانداقتۇر يېڭى، كىشى چۆچۈگىدەك يات بىرنەرسە غىل - پال بايقىلىپ قالدى...

كۈن چىققاندا پانتېلېي پروكوفيېۋىچ كەلدى. ئۇيقۇسىز كېچىلەردىن، كېزىك كېسىلى بىلەن ئاغرىغان ۋە جاراھىتى بار كىشىلەرنىڭ پۇتمەس - تۈگىمەس ئاۋارىچىلىكلىرىدىن دەرمانى قالمىغان چالا ئۇيقۇلۇق دوختۇر، بىر كېرىلىپ، ھارۋىدىن چۈش-

تى، ھارۋا ئورۇندۇقىدىن بىر تۈگۈنچەكنى ئېلىپ، ئۆيگە ماڭدى. ئۇ پېشايۋاندا بىرېزىنت يامغۇرلۇقىنى سېلىپ تاشلىدى ـ دە، پەنجىرىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىشىپ تۇرۇپ، يۇڭ باسقان قولىنى ئۇزۇنغىچە سوپۇنلاپ يۇدى، قولىغا ئابى دەستە بىلەن سۇ قۇيۇپ بەرگەن دۇناشكىغا ماڭلاي ئاستىدىن قاراۋەردى، ھەتتا بىر ـ ئىككى قېتىم ئۇنىڭغا كۆز قىسىپ قويدى. شۇندىن كېيىن مېھمانخانىغا كىردى ـ دە، ئالدى بىلەن ھەممەيلەننى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىپ، ناتالىيىنىڭ قېشىدا ئۇن مىنۇتچە بولدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بىلەن ئىلئىنىچنا ئاشخانىدا ئولتۇراتتى.

— قېنى، قانداق؟ — دەپ سورىدى چال پىچىرلاپ، ئۇلار مېھمانخانىدىن چىقىش بىلەنلا.

— ئەھۋالى يامان...

— بۇنى ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلدىمۇ؟

— ئۆزى بىر پىكىرگە كېلىپ قىلغان ئىش...، — دېدى ئىلئىنىچنا توغرا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ.

— ئىسسىق سۇ ئەكىلىڭلار، تېزرەك! — دەپ بۇيرۇدى دوختۇر پاخماقلاشقان بېشىنى ئىشىكتىن چىقىرىپ.

سۇ قاينىغۇچە دوختۇر ئاشخانىغا چىقتى. چالنىڭ ئۈنسىز سوئالىغا قولىنى ئۈمىدسىزلىك بىلەن بىرلا سىلكىدى.

— چۈشكىچە كېتىپ قالىدۇ، قان بەك كۆپ كېتىپتۇ. ھېچقانداق ئىلاج قىلغىلى بولمايدۇ! گرىگورىي پانتېلېيېۋىچقا خەۋەر قىلمىدىڭلارمۇ؟

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ جاۋاب بەرمەستىنلا، ئالدىراش دەللىڭگە قاراپ ئاقساقلاپ كەتتى. دارىيە چالنىڭ لاپاس ئاستىدىكى ئورما ماشىنىسىنىڭ نېرىسىغا بېرىپ، بېشىنى بولتۇرقى تېزەك دۆۋىسىگە قويۇپ، ھۆكرەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى.

دوختۇر يەنە بىرىنچى سائەت ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى، پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ، شەرقتىن چىقىۋاتقان كۈننىڭ شولىسى ئاستىدا ئۆگدەشكە باشلىدى، كېيىن ساماۋار قايناۋاتقاندا، مېھمانخانىغا يەنە كىردى، ناتالىيىگە كامفارا ئوكۇلى بېرىپ، قايتىپ چىقتى ـ دە، سۈت سورىدى. ئەسنىگىنى تەسلىكتە بېسىپ، ئىككى ئىستاكان سۈت ئىچكەندىن كېيىن دېدى:

— سىز مېنى ھازىر ئاپىرىپ قويۇڭ، مېنىڭ يېزا بازىرىدا ئاغرىق كىشىلىرىم ۋە جاراھەتلىك ئادەملىرىم كۆپ، يەنە كېلىپ، بۇ يەردە ماڭا ھېچقانداق ئىش يوق. قالغان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى پايدا بەرمەيدۇ. مەن گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچقا جان ـ دىلىم بىلەن خىزمەت قىلغانمۇ بولاتتىم، ئەمما راستىنى ئېيتسام، ياردەم بېرىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بىزنىڭ ئىشىمىز چاغلىق — بىز پەقەت بىمارنىلا داۋالايمىز، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشنى تېخى ئۆگەنگىنىمىز يوق. سىزنىڭ كېلىنىڭىزنى شۇنداق ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇكى، ياشىغۇدەك ھېچنېمىسى قالماپتۇ... بالىياتقۇسى پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن، ساق يېرى قالماپتۇ. ئاشۇ قېرى كەمپىر تۆمۈر ئىلگەكنى ئىشقا سالغانلىقى مەلۇم. بۇ بىزدىكى جاھالەت، ئەمدى ھېچقانداق ئىلاج يوق!

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ھارۋىغا ئوت تاشلاپ، دارىيىگە دېدى:

— سەن ئاپىرىپ قوي، دونغا چۈشۈش بىلەنلا بايتالنى سۇغىرىشنى ئۇنتۇما.

ئۇ دوختۇرغا پۇل بەرمەكچى بولۇۋىدى، ئەمما ئۇ قەتئىي ئۇنىمىدى ـ دە، چالنى ئۇيالدۇرۇپ قويدى:

— ساڭا ئۇيات ئەمەسمۇ، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، بۇ توغرۇلۇق قانداقمۇ سۆز ئاچقانسەن. بىز ئۆز ئادەملەرغۇ، سەن ھەدىسىلا پۇلۇڭنى چىقىرىدىكەنسەن. ياق ـ ياق، پۇلۇڭنى يىغىن

ئەكەلمە! مىنىەتدار بولغۇدەك نېمە ئىش بار؟ بۇ توغرۇلۇق سۆز ئېچىشنىڭدۇ ھاجىتى يوق! مۇبادا كېلىنىڭلارنى ئاياغقا تۇرغۇزغان بولسام — ئۇ چاغدا گەپ باشقىچە ئىدى.

ئەتىسگەن سائەت ئالتە مەھەلدە ناتالىيە ئۆزىنى خېلىلا ياخشى ھېس قىلدى. ئۇ يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ قويۇشنى سورىدى، ئەينەكنى دۇناشكىغا تۇتقۇزۇپ، چېچىنى تاردى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا يېڭىچە چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ چىقتى - دە، تەسلىكتە كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— خوپ، مەن ھازىر ساقىيىشقا يۈز تۇتتۇم! ئۆزۈممۇ بەك قورقۇۋاتاندىم... ئۆمرۈم ئاخىرلاشتى، دەپ ئويلىغانىدىم... باللار نېمانچە ئۇزاق ئۇخلىشىدىغاندۇ؟ دۇناشكا، بېرىپ قارىغىنا، ئۇلار ئويغانماپتىمۇ؟

لۇكىنىچنا گرىپاشكا بىلەن كەلدى. موماي قىزىغا قاراپلا يىغلاشقا باشلىدى، ئەمما ناتالىيە ھاياجان بىلەن تېز - تېز سۆزلەپ كەتتى:

— ئاپا، نېمىشقا يىغلايسىز؟ مېنىڭ ئەھۋالىم ئۇنچىلىك يامان ئەمەس... سىز مېنى دەپنە قىلىشقا كەلگىنىڭىز يوقمۇ؟ ھەي، سىز زادى نېمىشقا يىغلايدىغانسىز؟

گرىپاشكا سەزدۈرمەستىن ئانىسىنى نوقۇپ قويدى، موماي بۇنى چۈشىنىپ، ئىلدام كۆزىنى ئېرىتتى - دە، قىزىنى بەزلەشكە باشلىدى:

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، قىزىم، مەن ئۆزۈمچىلا، ئەخمەقلىقتىن كۆز يېشى قىلدىم. ساڭا بىر قاراپلا يۈرىكىم سىقىلىپ كەتتى... سەن كۆپ ئۆزگىرىپ كېتىپسەن...

ناتالىيە مىشاتكىنىڭ ئاۋازىنى ۋە پولىيوشكىنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئىككى مەگزىدە بىلىنەر - بىلىنمەس قىزىللىق جىلۋىلەندى.

— ئۇلارنى بۇ يەرگە چاقىرىڭلار! تېزرەك چاقىرىڭلار!...، — دېدى ئۇ، — كېيمەلىرىنى كېيىن كىيسۇن!...

پولىيوشكا ئالدىدا كىردى، ئۇ بوسۇغىدا تۇختاپ، مۇشتى بىلەن ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى بىر قۇر سۈرتتى.

— ئاپاڭ ئاغرىپ قالدى...، — دېدى ناتالىيە كۈلۈمسىرەپ، — قېشىمغا كەل، بىچارە قىزىم!

پولىيوشكا ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان چوڭلارغا بىر-بىرلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، رەنجىگەن هالدا سورىدى:

— سەن مېنى نېمىشقا ئويغاتمىدىڭ؟ ئۇلارنىڭ هەممىسى بۇ يەرگە يىغىلىپتۇغۇ؟

— ئۇلار مېنى كۆرگىلى كەپتۇ... مەن سېنى نېمىشقا ئويغىتاتتىم؟

— مەن ساڭا سۇ ئەكىلىپ بېرەتتىم، يېنىڭدا ئولتۇراتتىم...

— خوپ، بېرىپ يۈز-كۆزۈڭنى يۇغىن، تارىنىۋال، خۇداغا ئىبادەت قىل، ئاندىن قېشىمغا كېلىپ ئولتۇرارسەن.

— سەن ئەتىگەنلىك تاماققا تۇرامسەن؟

— قانداق قىلسام بولىدىكىن، بەلكى تۇرالماسمەن.

— ئۇنداق بولسا، مەن ساڭا مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ بېرەي، ماقۇلمۇ، ئاپا؟

— نەق دادىسىغا ئوخشايدۇ، ئەمما يۈرىكى ئۇنىڭغا تارتمىغان، بىر ئاز يۇمشاقراق...، — دېدى ناتالىيە زەئىپ تەبەسسۇم بىلەن، بېشىنى ئارقىغا تاشلاپ، تىترىگەن هالدا يوتقاننى پۇتىغا تارتىپ.

بىر سائەتتىن كېيىن ناتالىيىنىڭ ئەهۋالى يامانلىشىشقا باشلىدى. ئۇ بالىلىرىنى بارمىقى بىلەن ئىملاپ چاقىرىپ،

ئۇلارنى قۇچاقلىدى، چوقۇندۇردى، يۈز - كۆزىنى سۆيدى، ئاندىن ئانىسىدىن ئۇلارنى ئۆز ئۆيىگە ئەكىتىشنى سورىدى. لۇكىنىچىنا باللارنى ئەكىتىشنى گىرىپاشكىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى قىزىنىڭ يېنىدا قالدى.

ناتالىيە كۆزىنى يۇمدى، ئۇ خۇددى ئۇيقۇلۇقتا جۆيلۈگەندەك:

— شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم...، — دېدى. شۇندىن كېيىن بىر نېمىنى ئېسىگە ئالغاندەك، كارىۋاتتىن دەس كۆتۈرۈلدى، — مىشاتكىنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار!

كۆزى ياشقا تولغان گىرىپاشكا بالىنى ئۆيگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈپ قويۇپ، ئۆزى ئاشخانىدا قالدى - دە، ئاڭلىنار - ئاڭلانماس ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

مېلېخوف ئۇرۇقىغا خاس بولغان كۆز قاراشلىرى سوغۇق، قاپقى سېلىق مىشاتكا ئەيمىنىپ كارىۋاتنىڭ قېشىغا كەلدى. ئانىسىنىڭ يۈزىدىكى كەسكىن ئۆزگىرىش ئۇنى تونۇغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يات قىلىپ قويغانىدى. ناتالىيە ئوغلىنى ئۆزىگە تارتتى. گويا تۇتۇۋالغان قۇشقاچنىڭ يۈرىكىدەك مىشاتكىنىڭ كىچىككىنە يۈرىكى تېز - تېز سوقۇۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— ماڭا ئېگىلىش، ئوغلۇم! يېقىنىراق! — دېدى ناتالىيە.

ئۇ مىشاتكىنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلاشقا باشلىدى، كېيىن ئۆزىدىن نېرىراق قىلىپ، كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى، تىترەۋاتقان لەۋلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ، ئېچىنىشلىق، دەردلىك كۈلكە بىلەن كۈچەپ كۈلۈمسىرەپ:

— مېنى ئۇنتۇماسسەن؟ دەپ باقە؟ — دېدى.

— ئۇنتۇمايمەن...، — مىشاتكا ئانىسىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى كىچىككىنە ئىسسىق قولى بىلەن

سىقىتى، ئۇنى بىر مىنۇت تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاندىن قويۇۋەتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، ئىككى قولى بىلەن مۇۋازىنەتنى ساقلاپ كارىۋاتنىڭ قېشىدىن كەتتى...

ئۇ ئىشىككە بارغۇچە ناتالىيە ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى ـ دە، ئۈنچىقماستىن تام تەرەپكە ئۆرۈلدى.

چۈش بولغاندا ئۇ جان ئۈزدى.

# 17

فرونتتىن ئۆز يېزىسىغىچە ئىككى كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈش جەريانىدا گرىگورىي نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلاش ۋە ئەسكە ئېلىش بىلەن بولدى... ئۇ، دالادا ئۆز دەردى ـ ھەسرىتى بىلەن، ناتالىيە توغرىسىدىكى ئەستىن چىقماس ئوي ـ پىكىرلىرى بىلەن يالغۇزلۇق تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن پروخور زىكوفنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالغانىدى. ئۆز بۆلۈمىسى تۇرغان جايدىن يولغا چىقىش بىلەنلا گرىگورىي ئۇرۇش توغرۇلۇق سۆز باشلاپ، ئاۋستىرىيە فرونتىدا 12 ـ پولكتا قانداق خىزمەت قىلغانلىقىنى، رۇمىنىيىگە قانداق بارغانلىقىنى، نېمىسلار بىلەن قانداق جەڭ قىلغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئۇ ئاغزى تىنماستىن سۆزلىدى، پولكداشلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ھەرخىل قىزىق ۋەقەلەرنى ئەسكە ئېلىپ كۈلدى.

ساددا دىل پروخور ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى گەپدانلىقىغا ھەيران قېلىپ، باشتا ئانچە چۈشىنەلمەي، گرىگورىيغا كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويدى، كېيىن بولسا ئۇنىڭ ئۇزاقتىكى ئىشلارنى ئەسكە ئېلىشى ئارقىلىق ئېغىر ئوي ـ پىكىرلەردىن

ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى - دە، پاراڭغا ئىخلاس بىلەن قوشۇلدى، ھەتتا گەپنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن قاتتىق تىرىشتى. پروخور بىر زاماندا ئۆزىنىڭ چېرنىگوف ھەربىي دوختۇرخانىسىدا يېتىشقا توغرا كەلگەنلىكىنى پۈتۈن تەپسىلاتى بىلەن سۆزلەپ كېلىپ، گرىگورىيغا تاسادىپىي بىر نەزەر تاشلىدى - دە، ئۇنىڭ قارامتۇل مەڭزىدىن تارام - تارام ياش ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆردى... پروخور كەمتەرلىك قىلىپ بىر نەچچە سارجىن كېيىن قېلىپ، يېرىم سائەتچە ئارقىدا ماڭدى، ئۇندىن كېيىن يەنە تەڭلىشىۋېلىپ، باشقا بىر ئەھمىيىتى يوق ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر توغرۇلۇق سۆز باشلاپ باققانىدى، ئەمما گرىگورىي پاراڭغا كىرىشمەي قويدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار چۈشكىچە ئۈنچىقماستىن، ئۆزەڭگىلىرىنى سۈۋاشتۇرۇپ قاتارلىشىپ ماڭدى.

گرىگورىي ھەددىدىن تاشقىرى ئالدىرايتتى. ئۇ ئىسسىققا قارىماستىن، ئېتىنى بىردەم چوڭ - چوڭ يورغىلىتىپ، بىردەم سوكۇلدىتىپ، بولۇشىغا قويۇۋەتتى، پەقەت ئاندا - ساندىلا قەدەملەپ يۈرۈشكە سالدى. قاق چۈش بولغاندا، قۇياشنىڭ تىك نەيزىدەك سانجىغان نۇرى قاتتىق كۆيدۈرۈشكە باشلىغاندا گرىگورىي سايغا كېلىپ توختىدى، ئېتىنىڭ ئېگىرىنى ئېلىپ، ئوتلاشقا قويۇۋەتتى، ئۆزى سايە - سالقىنغا بېرىپ، موككىدە چۈشتى - دە، شۇ پېتى ئىسسىق بېسىلغانغا قەدەر ياتتى. ئۇلار ئاتلىرىغا بىر قېتىم سۇ بەردى، ئەمما گرىگورىي ئېتىغا ۋاقتى - قارارىدا بوغۇز يېدۈرۈپ ماڭمىدى، ھەتتا يىراق سەپەرگە ئۆگىنىپ قالغان ئاتلىرىنىڭ ئۆزىمۇ دەسلەپكى بىر سوتكىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا قاتتىق ياداپ كەتتى. باشتىكىدەك چارچىماس شوخ يۈرۈشلىرى قېپقېلىپ، ئاران - ئاراندا مېڭىپ كېلەتتى. «مۇشۇنداق ماڭساق ئاتلارنى ئاسانلا نابۇت قىلىمىز.

گىم مۇشۇنداق يۈرىدىكەن؟ بۇ ئادەمگە ھېچ ئىش ئەمەس، ئۇ ئۆز ئېتىنىڭ مادارىنى قۇرۇتىدۇ، خالىغان چاغدا ئۆزىگە باشقا ئات تېپىپ مىنەلەيدۇ، ئەمما مەن نەدىن تاپىدىكەنمەن؟ چاپا - چاپا ئاتلارنى ھالىدىن كەتكۈزدىغۇ مۇنۇ شەيتان، شۇنچە يىراق يەردىن تاتارىسكىغىچە پىيادە مېڭىشقا ياكى ئات ياللاشقا توغرا كېلىپ قالسا نېمە قىلارىكىن!» — دەپ ئويلايتتى پروخور جىلە بولۇپ.

ئەتىسى ئەتىگەن فېدوسېۋسكايا بازىرىنىڭ بىر يېزىسىغا يېقىن كەلگەندە پروخور چىداپ تۇرالماي، گرىگورىيغا دېدى:

— ئۆزۈڭ ئېيتقىنا، ئەزەلدىن خوجايىن بولمىغان ئادەمدەك قىلىقنى قىلىۋاتىسەنغۇ... قېنى، كىم ئېتىنى مۇشۇنداق كېچە - كۈندۈز دەم ئالدۇرماستىن چاپتۇرۇپ ماڭىدۇ؟ ئۆزۈڭ قاراپ باققىنا، ئاتلارنىڭ قورسىقى كىرىشىپ كەتتى. ھېچ بولمىغاندا كەچكى يوروۇقتا ئۇلارنى ئوبدانراق بېقىۋالايلى.

— يۈرۈۋەر، ئارقىدا قالما، — دەپ جاۋاب بەردى گرىگورىي پەرىشان ھالدا.

— مەن ساڭا يېتىشىپ ماڭالمايدىغان ئوخشايمەن، مېنىڭ ئېتىم ئىشتىن چىقتى، دەم ئالساق بولارمىكىن؟

گرىگورىي ئۈندىمىدى. يېرىم سائەت ئۆزئارا لام - جىم دېمەستىن، ئاتلىرىنى يورغىغا سېلىپ مېڭىشتى. كېيىن پروخور ئۈزۈل - كېسىل دېدى:

— ئاتلارنى ئازراق بولسىمۇ دەم ئالدۇرايلى! مەن بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق تېز يۈرەلمەيمەن! ئاڭلىدىڭمۇ؟

— تېزلەت، تېزلەت!

— قاچانغىچە تېزلىتىدىكەنمەن؟ تۈت پۈتى ئاسمانغا بولۇپ قالغىچىمۇ؟

— گەپنى قىسقارت!

— رەھىم قىل، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ! مەن ئۆز ئې-
تىمنىڭ تېرىسىنى شۇلۇشنى خالىمايمەن، گەپ شۇنىڭغا بېرىپ تاقالدى...

— خوپ، ئەمىسە توختا. شەيتان يار بولسۇن ساڭا! قەيەرنىڭ ئوتى ياخشىراق، قاراپ باق.

× ×

خوپېر ئوكرۇكىنىڭ ھەر قايسى يېزا - كەنتلىرىدە ئىگىسىنى ئىزدە - ئىزدە ئۇزاق يۈرۈپ كەتكەن تېلېگراممىا گرىگورىينىڭ قولىغا بەك كېچىكىپ تەگكەنىدى... گرىگورىي ئۆيگە ناتالىيىنىڭ دەپنە قىلىنغانلىقىغا ئۈچ كۈن بولغاندا ئاندىن يېتىپ كەلدى. ئۇ يان ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. ئۆيدىن ئۆكسۈپ يىغلاپ يۈگۈرۈپ چىققان دۇناشكىنى مېڭىپ كېتىۋېتىپ قۇچاقلىدى - دە، قاپىقىنى تۈرۈپ:

— ئاتنى ئوبدانراق سۇغۇرتقىن... ئۈن سېلىپ يىغلى-
ما، — دېدى - دە، ئاندىن پروخورغا بۇرۇلدى، — سەن ئۆيۈڭگە بار. لازىم بولغاندا چاقىرتارمەن.

ئىلىنىچنا مىشاتكا بىلەن پوليوشكىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، ئوغلىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن پېشايۋانغا چىقتى.

گرىگورىي بالىلىرىنى ئىككى يانىدىن قۇچاقلاپ، تىترىگەن ئاۋاز بىلەن دېدى:

— پەقەت يىغلىماڭلار! ياش تۆكمەڭلار! جىگەر پارى-
لىرىم! شۇنداق قىلىپ، يېتىم بولۇپ قالدىڭلارمۇ؟ ھەي، دەرىخا... ئاپاڭلار بىزنى قىيىن ئەھۋالغا قويۇپ كەتتى.

ئۆزى بولسا قاپساپ كەلگەن يىغىسىنى زور غەيرەت بىلەن بېسىپ، ئۆيگە كىردى، ئاتىسى بىلەن ئەھۋال سوراشتى.

— ساقلاپ قالالىدۇق...، — دېدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ۋە شۇ زامانلا دەھلىزگە قاراپ ئاقساقلاپ ماڭدى.

ئىلىنىچنا گرىگورىينى مېھمانخانىغا ئېلىپ ماڭدى. ناتالىيە توغرۇلۇق ئۇزاق سۆزلەپ بەردى. موماي ھەممىنى ئېيتىپ بېرىشنى خالىمىغانىدى. ئەمما گرىگورىي سورىدى:

— نېمىشقا ئۇ تۇغماسلىققا ئەھدە قىلغانىدۇ؟ سەن بىلەمسەن؟

— بىلىمەن.

— خۇش؟

— ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئالدىدا ھېلىقى سېنىڭ، ئاۋۇ نېمەڭنىڭ قېشىغا بارغانىكەن... ئاكسىنىيە ئۇنىڭغا ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن...

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — گرىگورىي ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى - دە، يەرگە قارىدى.

ئۇ مېھمانخانىدىن قېرى چىراي ۋە رەڭگى ئۆڭگەن ھالدا چىقتى؛ تىترەپ تۇرغان كۆكۈش لەۋلىرىنى ئۈنسىز مىدىرلىتىپ، شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى؛ بالىلىرىنى ئىككى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇزاققىچە ئەركىلەتتى، كېيىن دالا سومكىسىدىن چاڭ قونۇپ كۆكىرىپ قالغان بىر پارچە قەنتنى ئالدى. ئۇنى ئالقىنىغا قويۇپ پىچاق بىلەن ئىككى پارچە قىلىپ، ئەيىبكارلارچە كۈلۈمسىرىدى:

— سىلەرگە ئەكەلگەن نەرسەمنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ... ئاتاڭلار مانا مۇشۇنداق ئادەم... خوپ، ھويلىغا چىقىپ، چوڭ داداڭلارنى چاقىرىڭلار.

— قەبرە بېشىغا بارامسەن؟ — دەپ سورىدى ئىلىنىچنا.

— كېيىنرەك بارسامۇ بولىدۇ... ئۆلۈكلەر رەنجىپ كەتمەس... مىشاتكا بىلەن پولىيوشكا قانداق تۇردى؟ تىنچ كېتىۋاتامدۇ؟

— دەسلەپكى كۈنى قاتتىق يىغلىدى، بولۇپمۇ پولىيوشكا... ھازىر مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئاپىسىنى ئەسكە ئالمايدۇ، مانا بۈگۈن كېچە مىشاتكىنىڭ ئاستا يىغلىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم... ھېچكىم ئاڭلىمىسۇن دەپ بېشىنى ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىۋاپتۇ... مەن قېشىغا بېرىپ: «نېمە بولدۇڭ جېنىم بالام؟ مېنىڭ يېنىمدا ياتامسەن؟» — دەپ سورىسام، ئۇ: «ھېچنېمە بولمىدى. چوڭ ئانا، چۈشۈمدە شۇنداق بولغان ئوخشايدۇ...» — دېدى. ئۇلار بىلەن سۆزلەش، ئەركىلىتىپ قوي... تۈنۈگۈن ئەتىگەن مۇنداق قۇلاق سالسام، دەھلىزدە ئىككىسى ئۆزئارا سۆزلىشىۋېتىپتۇ. پولىيوشكا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ بىزنىڭكىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ ياش، ياشلار بىر يولىلا ئۆلمەيدۇ.» ئۇلارنىڭ تېخى ئەقلى تولمىغان، ئەمما چوڭ ئادەملەرگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭمۇ كىچىككىنە يۈرىكى سانجىپ ئاغرىسا كېرەك... قورسىقىڭ ئاچتۇر، بەلكى؟ مەن ساڭا دەرھال بىر نەرسە تەييارلاپ بېرەي، نېمىشقا ئۈنچىقمايسەن؟ گرىگورىي مېھمانخانىغا كىردى. بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم كىرىپ قالغاندەك، تاملارغا دىققەت بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن نەزەرى ياستۇقلار كۆپتۈرۈلۈپ يىغىقلىق تۇرغان كارىۋاتتا توختىدى. ناتالىيە مۇشۇ كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە جان ئۈزگەن، ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ ئاۋازى شۇ يەردىن ئاڭلانغان... گرىگورىي بالىلار بىلەن قانداق خوشلاشقانلىقىنى، ئۇلارنى قانداق سۆيگەنلىكىنى ۋە بەلكى چوقۇندۇرغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، شۇندىن كېيىن ناتالىيەنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى تېلېگراممىنى ئوقۇغان چاغدىكىدەك، يۈرىكىنىڭ

قاتتىق سانجىلىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى، قۇلىقىنىڭ غۇۋۇلداۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۆيدىكى ھەربىر ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر ناتالىيىنى ئەسكە چۈشۈرەتتى. ناتالىيە توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئۆچمەس ھەم ئازابلىق ئىدى. گرىگورىي نېمىشقىدۇر ھەممە ئۆيلەرنى ئارىلاپ چىقىپ، ئالدىراش پېشايۋانغا يۈگۈرۈپ چىقتى. يۈرەك ئاغرىقى بارغانسېرى كۈيدۈرۈشكە باشلىدى. پېشانىسىدە تەر پەيدا بولدى. ئۇ ۋەھىمە بىلەن كۆكسىنىڭ سول تەرىپىنى قولى بىلەن بېسىپ پەلەمپەيدىن چۈشتى. بۇ يەردىكى ئېگىز دۆڭلەر، تايىن، ئاتىنىڭ مادارىنى قۇرۇتىسىغۇ... دەپ ئويلىدى.

دۇناشكا ھويلىدا ئاتنى سۇۋۇتۇۋاتاتتى. ئامبارنىڭ قىشىدا ئات ئىزگىنىگە بويۇن بەرمەي توختىۋالدى، يەرنى پۇرىدى، بويىنىنى سوزۇپ، ئۈستىدىكى كالپۇكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ساپسېرىق چىشلىرىنى ھىجايتتى، كېيىن بىر پۇشقۇردى - دە، ئالدىنقى پۇتلىرىنى قوپاللىق بىلەن پۈكۈشكە باشلىدى. دۇناشكا ئىزگىندىن تارتىسىمۇ، ئات گەپكە كىرمەي، ياتقىلى تۇردى.

— ياتقۇزما! — دەپ ۋارقىرىدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئېغىلنىڭ ئىچىدىن، — كۆرمىدىڭمۇ، ئۇ ئېگەرلەكلىك. نېمىشقا ئېگەرنى ئېلىۋەتمىدىڭ، ئەخمەق قىز؟!

گرىگورىي ئالدىرىماي، كۆكسىدە نېمە بولۇۋاتقانلىقىغا تېخچە قۇلاق سېلىپ، ئاتنىڭ قېشىغا كەلدى، ئېگەرنى ئالدى، ئاندىن ئاغرىقنى يېڭىپ، دۇناشكىغا زورمۇزور كۈلۈپ قويدى:

— ئاتام شاۋقۇن كۆتۈرۈۋاتامدۇ؟

— قاچاندا بولمىسۇن شۇنداققۇ، — دەپ كۈلۈمسىرەپ قويدى دۇناشكا ئاكىسىغا جاۋابەن.

— يەنە ئازراق يېتىلە، سىڭلىم.

— ئۇنىڭ تەرى ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتتى، شۇنداق بولسىمۇ، ماقۇل، يېتىلەي.

— ئۇ ئېغىنىۋالاي دېسە مەيلى، يول قوي.

— خۇش، ئاكا... قايغۇرۇۋاتامسەن؟

— سەن قانداق ئويلىغانىدىڭ؟ — دەپ ھاسىراپ جاۋاب بەردى گرىگورىي.

ئاكىسىنىڭ قايغۇسىغا ئورتاق بولۇش ھېسسىياتى بىلەن دۇناشكا ئۇنىڭ مۇرىسىگە يان تەرەپتىن بىرنى سۈيۈپ قويدى ـ دە، نېمىشقىدۇر كۆزىدىن ياش چىققۇچە خىجىل بولۇپ، ئىلدام ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئاتنى مال قورۇسىغا يېتىلەپ كەتتى.

گرىگورىي ئاتىسىنىڭ قېشىغا باردى. چال تىرىشچانلىق بىلەن ئېغىلدىن قىغ چىقىرىۋاتاتتى.

— سېنىڭ ھەربىي ئېتىڭغا جاي راسلاۋاتىمەن.

— نېمىشقا دېمىدىڭ؟ مەن ئۆزۈم تازىلايتتىم.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ! نېمە، مەن نىمجان ئادەممىدىم! مەن، بۇرادەر، چاقماق مىلتىقتەك ئادەممەن. مەن كاردىن چىقمايمەن! چامامنىڭ يېتىشىچە تېخى سەكرەپ تۇرىمەن، ئەتە قارا بۇغداي ئورۇشقا بارايمىكىن دەپ ئويلاپ تۇرىمەن. سەن خېلى ئۇزاق تۇرۇشقا كەلدىڭمۇ؟

— بىر ئاي تۇرىمەن.

— مانا بۇ ياخشى ئىش! ئېتىزغا بارامدۇق؟ ئىش بىلەن بولساڭ قايغۇڭ يېنىكلىشىپ قالىدۇ...

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇرۇۋىدىم.

چال ئارىنى تاشلاپ قويۇپ، يېگى بىلەن يۈزىدىكى تەرنى ئېرتتى ـ دە، دەردلىك ئاھاڭدا مۇنداق دېدى:

— ئۆيگە كىرەيلى، چۈشلۈك تاماق يەرسەن. بۇنىڭدىن، بۇ قايغۇدىن ھېچ يەرگە قېچىپ قۇتۇلالمايسەن. ساقلىنىشمۇ مۇم-

كىن ئەمەس. بۇ مۇقەررەر شۇنداق...

ئىلئىنىچنا شىرەگە تاماق راسلىدى، پاكىز لۆڭگە قويدى. گرىگورىي يەنە ئويلاپ كەتتى: «ئىلگىرى، ناتالىيە مۇشۇنداق كۈتىدىغانىدى...» ئۇ ھاياجىنىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن تېز - تېز تاماق يېيىشكە باشلىدى. ئاتىسى ئامباردىن بىر باغلام پىچانغا ئورالغان بىر خۇمرا سامىگوننى ئەكەلگەندە، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ قويدى.

— مەرھۇمەنى خاتىرىلەيلى، جايى جەننەتتە بولسۇن، — دېدى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ قەتئىيلىك بىلەن.

ئىككىيلەن بىر ئىستاكاندىن ئىچىشتى. چال ھايال قىلماي، يەنە قۇيدى - دە، خۇرسىنىپ قويدى:

— بىر يىلنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ ئائىلىدە ئىككى كىشى ئارىمىزدىن كەتتى... ئەجەل بىزنىڭ ئۆيگە ئامراق بولۇپ قالدى.

— بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلمايلى، دادا! — دېدى گرىگورىي ئۆتۈنۈپ.

ئۇ ئىككىنچى ئىستاكاننى بىر يولى ئىچىۋېتىپ، بىر پارچە سۇرلەنگەن بېلىقنى ئۇزاققىچە چايىنىدى. سامىگوننىڭ كۈچى قاچان كاللىنى قىزىتاركىن، مېڭىنى قاپلىۋالغان ئوي - خىياللارنى قاچان باساركىن دەپ كۈتەتتى.

— بۇ يىل قارا بۇغداي ئوبدان بولدى. بىزنىڭ ئېكىن باشقىلارنىڭكىدىن ئالايىتەن ياخشى! — دېدى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ماختىنىپ. بۇ ماختىنىشتا، ئۇنىڭ سۆز ئاھاڭىدا قانداقتۇر ئەتەي ئېيتىلغان سۈنئىي پۇراق بارلىقىنى بايقاپ قالدى گرىگورىي.

— بۇغدايچۇ؟

— بۇغدايمۇ؟ ئازراق ئۈششۈك تەگكەن، شۇنداقتىمۇ

يامان ئەمەس، ھەر موسىدىن 35 — 40 پۇت ھوسۇل ئېلىش مۇمكىن. باشقىلار تېرىغان گارنوفكا سورتلۇق بۇغداي — ئوھوي، كارامەت ياخشى چىقتى، بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىز تۈپەيلى، ئۇنى بىز تېرىيالمىدۇق، ئەمما مەن ئانچە پۇشايمان قىلمايمەن! مۇنداق ۋەيرانچىلىق زاماندا ئاشلىقنى نەگە قويسەن؟ پارامونوفقا ئاپىرىپ ساتالمايسەن، خامپىدا ساقلىيالمايسەن. ئۇرۇش سېپى سىلجىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالسا، يولداشلار ھەممىنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ كېتىدۇ. ئەمما سەن باشقىچە ئويلاپ قالمىغىن، بۇ يىلقى ھوسۇلىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، ئاشلىقىمىز ئىككى يىل يېتىدۇ. بۇ نەرسە، خۇداغا شۈكۈر، خامپىلىرىمىزدا بۇرنى - قۇلىقىغىچە تولۇپ يېتىپتۇ، يەنە باشقا يەردىمۇ بار...، — چال مۇغەمبەرلىك بىلەن كۆزىنى قىسىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — داشكىدىن سورا، بىز قارا كۈنگە ئاتاپ، قانچىلىك ئاشلىقنى كۆمدۇق - ھە! چوڭقۇرلۇقى سېنىڭ بويۇڭدەك كېلىدىغان، كەڭلىكى بىر يېرىم غۇلاچ ئورىنى تولدۇرۇۋالدۇق! بۇ لەنىتى تۇرمۇش بىزنى بىر ئاز كەمبەغەللەشتۈرۈپ قويدى، ئۇنداق بولمىغاندا، بىزمۇ ھاللىق خوجايىنلاردىن بولۇپ قالاتتۇق ...، — چال مەستچىلىكتە ئۆزىنىڭ چاقچىقىغا كۈلۈۋەتتى، ئەمما بىر ئازدىن كېيىن ئۆز ئابرويىنى ساقلاپ، ساقىلىنى سىلاپ قويدى - دە، ئەمدى جىددىي تۈستە سۆزلىدى، — بەلكى، سەن قېيىن ئاناڭ توغرۇلۇق بىر نەرسە ئويلايدىغانسەن، ئۇ ھالدا مەن ساڭا مۇنداق دەيمەن: مەن ئۇنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، ھاجىتى چۈشكەندە ياردەم قىلىمەن. ئۇ بىرەر ئېغىز سۆز ئېيتىشقا ئۈلگۈرمەستىنلا، ئەتىسى ئۆلچەمەستىنلا بىر ھارۋا ئاشلىق بېسىپ ئاپىرىپ بەردىم. مەرھۇمە ناتالىيە تولىمۇ مەمنۇن بولدى، بۇنى ئاڭلاش بىلەنلا تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدي... كەل، ئوغلۇم،

ئۈچىنچىسىنى كۆتۈرۈۋېتەمدۇق؟ مەندە قالغان خۇشاللىق پەقەت سەن ـ سەن!

— ئۇنداق بولسا، كەل، — گرىگورىي ماقۇل بولۇپ، ئىستاكاننى تەڭلىدى.

بۇ چاغدا مىشاتكا تازا پېتىنالماي، يېنىچە مېڭىپ، ئاستا شىرەنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ تىزىغا يامىشىپ چىقتى ـ دە، سول قولى بىلەن ئەپسىز ھالدا بوينىدىن قۇچاقلاپ، لەۋلىرىگە مەھكەم سۆيدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ئوغلۇم؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي تەسىرلەنگەن ھالدا، ساموگوننىڭ پۇرىقىنى ئوغلىغا پۇراتماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى سەل تارتىپ، بالىنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە قاراپ.

مىشاتكا پەس ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئاپام، مېھمانخانىدا ياتقاندا... تېخى ھايات چېغىدا مېنى قېشىغا ئىملاپ چاقىرىپ: «ئاتاڭ كەلگەن چاغدا ئۇنى مەن ئۈچۈن سۆيۈپ قوي، ئۇنىڭغا ئېيت، سىلەرگە مېھرىبانلىق بىلەن قارىسۇن» — دەپ، بۇ سۆزنى ساڭا ئېيتىشىمنى تاپىلىغانىدى. ئۇ يەنە باشقا بىر نېمە دېگەنىدى، ئۇنتۇپ قاپتۇمەن...

گرىگورىي ئىستاكاننى قويۇپ، دېرىزە تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئولتۇردى. ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇزاققىچە ئېغىر سۈكۈنات ھۆكۈم سۈردى.

— يەنە ئىچەيلىمۇ؟ — دەپ ئاستا سورىدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ.

— ئىچكۈم يوق، — گرىگورىي ئوغلىنى تىزىدىن چۈشۈرۈپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئالدىراش دەھلىزگە قاراپ ماڭدى.

— بالام، توختاپ تۇر، گۆش بار ئەمەسمۇ؟ قورۇلغان توخۇ گۆشى، يەنە قۇيماق! — ئىلئىنىچنا مەشكە ئۇمتۇلدى،

ئەمما گرىگورىي ئىشىكنى شارتلا يېپىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ھويلا ئىچىدە مەقسەتسىز يۈرۈپ، مال قورۇسىنى، ئات-نىڭ ئېغىلىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى؛ ئاتقا قاراپ: ئۇنى چۆمۈلدۈرۈش كېرەك، دەپ ئويلىدى، ئاندىن لاپاسنىڭ ئاستىغا كىردى. ئاشلىق ئورۇشقا تەييارلاپ قويغان ئورما ماشىنىسىنىڭ يېنىدا يەردە چېچىلىپ ياتقان قارىغاي ياغىچىنىڭ تارىشا - قى-رىندىلىرىنى ۋە قېيىغاچ ئاختاي پارچىلىرىنى كۆردى. ئاتىلام ناتالىيىگە تاۋۇت ياسىغانىكەن - دە، دەپ ئويلىدى گرىگورىي. شۇندىن كېيىن ئالدىراش پەلەمپەي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئوغلىنىڭ تەلپىگە ماقۇل بولۇپ، تېزدىن تەييارلىققا كىرىشتى، ئورما ماشىنىسىغا ئاتلارنى قوشتى، بىر ياغاچ سوغىدا سۇ ئالدى؛ ئۇ گرىگورىي بىلەن بىللە كېچى-دە ئېتىزغا يۈرۈپ كەتتى.

## 18

گرىگورىينىڭ ئازاب چەككەنلىكىگە يالغۇز ئۇنىڭ ناتالىيە-نى ئۆز ئۇسۇلى بويىچە ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە بىرلىكتە ئۆتكەن ئالتە يىل مابەينىدە ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالغانلىقى سەۋەب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ نەرسىمۇ سەۋەب بولغانىدىكى، ئۇ ناتالىيىنىڭ ئۆلۈمىگە مەن زامىن بولدۇم دەپ، ئۆزىنى گۇناھ-كار ھېس قىلاتتى. ئەگەر ناتالىيە ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ با-لىلىرىنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئەكىتىشنى دوق قىلىپ، يېتىلەپ ماڭغان بولسا، ئەگەر ئۇ ۋاپاسىز ئېرىنى قاتتىق ئۆچ كۆرگەن

پېتى ياراشماستىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ چاغدا، ئېھتىمال،
گرىگورىي بۇ مۇسىبەتنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۇنچىلىك ھېس قىلمىغان
بولاتتى، بەلكى ئۇنى مۇنچىلىك ھەسرەت ـ نادامەت قىينىمىغان
بولاتتى. ئەمما ئۇ ئىلىئىنىچنانىڭ سۆزلىرىدىن ناتالىيە ئۇنىڭ
ھەممە ئىشلىرىنى كەچۈرگەنلىكىنى، ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى
ۋە ئاخىرقى مىنۇتقىچە ئېسىدىن چىقارمىغانلىقىنى بىلدى. بۇ
ھال ئۇنىڭ دەرد ـ ھەسرىتىنى يەنىمۇ ئاشۇردى، قاتتىق
ۋىجدان ئازابىغا سالدى، ئۆتكەن ئىشلارنى ۋە ئۆتكەندە ئۆزىنى
قانداق تۇتقانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈشكە مەجبۇر قىلدى.

گرىگورىينىڭ ئۆز ئايالىغا ئىنتايىن سالقىن، ئېتىبارسىز
قاراپ، ھەتتا ئۆچ كۆرۈپ، ھېچقانداق مېھىر ـ مۇھەببەت كۆر-
سەتمىگەن چاغلىرى بولغان، ئەمما كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭغا
باشقىچە قاراشقا باشلىدى، ناتالىيىگە بولغان مۇئامىلىسىنىڭ
ئۆزگىرىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئوتتۇرىدا ئىككى بالا بول-
غانلىقى ئىدى.

باشتا بالىلىرىغىمۇ گرىگورىي كېيىنكى يىللاردا پەيدا بول-
غان چوڭقۇر ئاتىلىق مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن قارىمىغا-
نىدى. فرونتتىن ئۆيگە قىسقا مۇددەت بىلەن كېلىپ ـ كېتىپ
يۈرگەن چاغلاردا ئۇ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياش ئۈچۈن مەجبۇرىيەت
يۈزىسىدىنلا بالىلىرىنى ئەركىلىتىپ، تەربىيە بېرىپ كەلگەنىدى،
ئەمما بۇ ئىشتا ھېچقانداق زۆرۈرىيەت ھېس قىلمايدىغانلىقى ئۇياقتا
تۇرسۇن، بەلكى ناتالىيىگە ۋە بۇ ئايالنىڭ جۇشقۇن ئانىلىق
مېھىر ـ مۇھەببەت كۆرسىتىۋاتقانلىقىغا شۈبھىلىك ئەجەبلىنىش
بىلەن قارايدىغانىدى. ئۇ ئاشۇ كىچىككىنە ۋارقىرىغاق جان
ئىگىلىرىنى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ياخشى كۆرۈش مۇمكىنلىكىنى
چۈشەنمەيتتى، شۇڭا كېچىلىرى ناتالىيە بالىلىرىنى ئەمگۈزگەندە:
«سەن نېمانچە ساراڭدەك چاچراپ تۇرۇپ كېتىسەن؟ ئاغزىنى

ئېچىپ مىرقىرا - مىرقىرىماستىنلا تۇرغىنىڭ تۇرغان، مەيلىچە ئۆمچەيسە ئۆمچەيسۇن، يىغلىسا يىغلىسۇن، كۆزىدىكى ئالتۇن تامچىلار تۆكەپ قالماس!» — دەپ تالاي قېتىم ئېيتقانىدى. بالىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا سالقىن قارايدىغانىدى، ئەمما ئۇلار ئۆسۈپ چوڭ بولغانسېرى ئاتىسىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمۇ ئۆستى. بالىلارنىڭ مۇھەببىتىگە جاۋابەن گرىگورىيدىمۇ ھېسسىيات ئويغانغانىدى، بۇ ھېسسىيات ئوت يالقۇنىدەك ناتالىيىگە كۆچتى.

گرىگورىي ناتالىيە بىلەن ئارىسى بۇزۇلغاندىن كېيىن ھېچقاچان ئايالى بىلەن قەتئىي ئاجرىشىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى؛ ھەتتا ئاكسىنىيە بىلەن يېڭىباشتىن تېپىشقاندىن كېيىنمۇ، ئاكسىنىيىنى بىر كۈن بولمىسا بىر كۈن بالىلىرىنىڭ ئانىسىنىڭ ئورنىغا ئانا بولىدۇ، دەپ ھېچقاچاندا ئويلىمىغانىدى. ئۇ بۇ ئىككى ئايالنىڭ ھەربىرىنى باشقا - باشقا ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ھەر ئىككىسى بىلەن بىللە ئۆتۈشكە رازى ئىدى، ئەمما خوتۇنى ئۆلگەندىن كېيىن تۇيۇقسىز ئاكسىنىيەدىن ياتسىراشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدى، كېيىن بۇ ئايال گرىگورىي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى پاش قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ناتالىيىنى ئۆلۈمگە ئىتتەرگەنلىكى ئۈچۈن يۈرىكىدە غەزەپ ئوتى ياندى.

گرىگورىي ئېتىزغا كەلگەندىن كېيىن قايغۇسىنى ئۇنتۇشقا قانچىلىك تىرىشقان بولسىمۇ، پىكىر - خىيالىغا شۇ ئىشلار ئىختىيارسىز يەنە كىرىۋالاتتى، ئۇ نەچچە سائەتلەپ ئورما ماشىنىسىدىن چۈشمەي، ئىش بىلەن ئۆزىنى چارچاتماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ناتالىيە يادىغا كېلىپ تۇرىۋالاتتى؛ ئۇنىڭ خاتىرىسىدە ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار، بىللە ئۆتكۈزگەن ھاياتنىڭ ھەر تۈرلۈك، كۆپىنچە ئۇششاق - چۈششەك كۆرۈنۈش

لىرى ۋە گەپ ـ سۆزلەر جانلىناتتى. ئۇ ئىتائەتچان خاتىرىسىنىڭ تەزگىنىنى بىر مىنۇتلا قويۇۋەتسە، كۆز ئالدىدا تىرىك كۆلۈپ تۇرغان ناتالىيە نامايان بولاتتى. گرىگورىي ئايالىنىڭ قەددى ـ قامىتىنى، يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى، چېچىنى تۈزەش ئۇسۇلىنى، كۈلـ كىسىنى، سۆز ـ ئاھاڭلىرىنى ئېسىگە چۈشۈرەتتى...

ئۈچىنچى كۈنى بۇلار ئارپا ئورۇشقا كىرىشتى. چۈش بولـ غاندا، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاتلارنى توختاتقاندا، گرىگورىي ئورما ماشىنىسىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدىن چۈشۈپ، قىسقا ساپلىق ئارىنى تاختا ئۈستىگە قويۇپلا دېدى:

— دادا، مېنىڭ بىر سائەتلىك ئۆيگە بارغۇم كېلىپ قالدى.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقىدۇر باللارنى سېغىنىپ كەتتىم...

— ئۇنداق بولسا، بارغىن، — دەپ جان دەپ قوشۇلدى چال، — سەن بېرىپ كەلگۈچە ئۇنچە سېلىپ تۇرايلى.

گرىگورىي دەرھال ئورما ماشىنىسىدىن ئېتىنى چىقىرىپ، ئۈستىگە مىندى ـ دە، ساپسېرىق ئېگىزلىق بىلەن مېڭىپ، چوڭ يولغا قاراپ يول ئالدى. «ئۇنىڭغا ئېيت، سىلەرگە ئىچى ئاغرىسۇن!» — دېگەن ناتالىيىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىدا جاـ راڭلىدى. گرىگورىي كۆزىنى يۇمۇپ، تەزگىنىنى قويۇۋەتتى ـ دە، پىكىر ـ خىيالغا غەرق بولۇپ، ئېتىنىڭ قەيەردە مېڭىشى بىلەن كارى بولمىدى.

كۆپكۆك ئاسماندا شامال ھەر تەرەپكە تارىتىۋەتكەن شالاڭ بۇلۇتلار دېيەرلىك جايىدىن قوزغالماي لەيلەپ تۇرۇشاتتى. ئېگىزلىكتە قارا قاغىلار لەپەڭلەپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار ئائىلە ـ ئائىلە بويىچە ئۇنچىلەرنىڭ ئۈستىگە قونۇشاتتى؛ قېرىلىرى تېخى يېقىندىلا ئۈچۈرما بولغان، ئەمما تازا قانات قېقىپ

ئۈچالمايدىغان بالىلىرىنىڭ ئاغزىغا تۇمشۇقى بىلەن دان سېلىپ قوياتتى. ئورۇلۇپ بولغان ئېتىزلارنىڭ ئۈستىدە قاغىلارنىڭ قىيا - چىيا، نالە - پەريادلىرى ھاۋانى قاپلىغانىدى.

گرىگورىينىڭ ئېتى يولنىڭ چېتى بىلەن مېڭىشقا تىرىشتى، ئاندا - ساندا كېتىۋېتىپ قاشقا بېدىنىڭ شېخىنى ئۈزۈۋالاتتى - دە، ئۇنى سۇلىقىنى جىرىڭلاتقان ھالدا چاينايتتى. ئۇ ئىككى قېتىم يىراقتىكى ئاتلارنى كۆرۈش بىلەنلا مېڭىشتىن توختاپ، كىشنىدى، شۇ چاغدىلا گرىگورىي ئېسىنى يىغىپ، چۇ - چۇ دەپ ئۇنى تېزلىتىپ قويدى. ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى باشقا نەرسىدە بولغانلىقتىن، ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمايدىغان نەزەر بىلەن دالاغا، چاڭ باسقان يولغا، ھەر يەر - ھەر يەردە چېچىلىپ ياتقان ئۈنچىلەرگە، پىشىپ قالغان تېرىقنىڭ يېشىلسىمان قارامتۇل ئېتىزلىرىغا كۆز يۈگۈرتەتتى.

گرىگورىي ئۆيگە كېلىش بىلەنلا — خرىستونە كېلىپ قالدى، ئۇ جەزىرىمە ئىسسىققا قارىماستىن، ئۈستىگە ئىنگلىسىز سوكناسىدىن تىكىلگەن ھەربىي كۇرتكا، كەڭ شىم كىيگەن بولۇپ، چىرايى تۇتۇق ئىدى. ئۇ يېڭى رەندىلەنگەن يوغان ھاسا تاياق بىلەن كەلدى، تىنچلىق سوراشتى.

— كۆرۈشكىلى كەلدىم، سىلەرنىڭ قايغۇ - مۇسىبىتىڭلارنى ئاڭلىغاندۇق، دېمەك، ناتالىيە مىرونوفنانى يەرلىككە قويدۇڭلارغۇ؟

— سەن فرونتتىن قايسى يول بىلەن قايتىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي ئۇنىڭ سوئالىنى ئاڭلىمىغان كىشى بولۇپ، خرىستونەنىڭ كېلەڭسىز، بىر ئاز مۈكچىيىپ قالغان قامىتىگە مەمنۇنىيەت بىلەن قاراپ.

— يارىلانغاندىن كېيىن، ساقايغۇچە دەم ئال دەپ قويۇۋەتتى. قورسىقىمغا بىر يولى ئىككى ئوق كۆندىلەڭ تېگىپ، قىر-

قىپ ئۆتۈپ كەتتى. دېمەك، بۇ لەنتى ئوقلار ئۈچىيىمنىڭ قېشىدىكى بىر يەردە تۇرۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن ھاسىغا تايىنىپ يۈرىمەن. كۆرۈۋاتقانسەن؟

— سېنى قەيەردە شۇنداق ئىشتىن چىقاردى؟

— بالاشوف بوسۇغىسىدا.

— بالاشوفنى ئالدىڭلىمۇ؟ ئوق ساڭا قانداق تەگدى؟

— ئاتاكىغا ئۆتكەنىدۇق. بالاشوفنى، بەلكى، پوۋورىنونىمۇ ئالدۇق. بۇ جەڭگە مەنمۇ قاتناشتىم.

— خۇش، ئېيتقىنا، قايسى قىسىمدا، كىملەر بىلەن بىللە خىزمەت قىلىسەن؟ بىزنىڭ يېزىلىقلاردىن كىم بار؟ ئولتۇر، مانا تاماكا.

گرىگورىي يېڭى مېھماننىڭ كەلگەنلىكىگە بەك خۇشال بولدى، چۈنكى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان قايغۇسىغا تەئەللۇق بولمىغان باشقا بىر ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىشىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغانىدى. خىرىستونە گرىگورىيغا كۆڭۈل ئېيتىپ ھېسداشلىق قىلىشقا ھاجەت يوقلۇقىنى بايقاپ، خېلىلا تېز كاللىسىنى ئىشلەتتى ھەمدە بالاشوفنىڭ قانداق ئېلىنغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ يارىدار بولغانلىقى توغرۇلۇق جان-دىلى بىلەن، ئەمما بىرئاز ئەزمىلىك بىلەن سۆزلەپ بەردى. ئۇ يوغان يۆگىۋالغان تاماكىسىنى شوراپ ئاۋازىنى بوك-بوك چىقىرىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئاپتاپپەرەس بويلاپ پىيادە سەپ بولۇپ كېتىۋاتاتتۇق، ئۇلار، بەلكى، بىزگە پىلىموت ۋە زەمبىرەكلەردىن ئوق ئاتقىلى تۇردى، ئەمما مىلتىقتىن ئوق چىقىرىشى تۇرغان گەپقۇ، مەن گەۋدىلىك ئېگىز ئادەم بولغانلىقىمدىن، سەپنىڭ ئىچىدە گويا توخۇلار ئارىسىدا غاز ماڭغاندەك كېلىۋاتىمەن، قانچە ئېگىشكىنىم بىلەن بەرىبىر كۆرۈنۈپ قالىمەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوقلىرى

مېنى بىردىنلا تېپىۋالغان. ياخشىمۇ ئېگىز بولۇپ قالغىنىم، ئەگەر بويۇم پاكار بولغان بولسا — ئوق نەق كاللامغا تېگەتتى! بەلكى، ماڭا ھېرىپ قالغان ئوق تەگكەن بولسىمۇ، شۇنداق قاتتىق تەگدىكى، قورسىقىمنىڭ ئىچى كۆلدۈرلاپ كەتتى، ئۇ شەيتاننىڭ قىزىقىنى دېمەمسەن، خۇددى مەشتىن ئېتىلىپ چىققاندەك...
ئوق تەگكەن يەرنى قولۇم بىلەن كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدىم، سېزىپ تۇرسەن، ئوقلار ئىچىمدە تۇرۇپتۇ، تېرىنىڭ ئاستىدا بەزگە ئوخشاش غىرىلدايدۇ، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى بىر سويامدەك كېلىدۇ. خوش، مەن ئۇلارنى بارمىقىم بىلەن ئەپلىگەنىدىم، ئەلۋەتتە، يىقىلىپ چۈشتۈم. قۇرۇپ كەتسۇن، مۇنداق چاقچاقنى تاشلاش كېرەك ئىكەن، دەپ ئويلىدىم! يېتىۋالغىنىم تۈزلۈك، ئۇنداق بولمىغاندا، باشقا بىرى ئۇچۇپ كېلىپ، قورسىقىمنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتمىسۇن دېدىم. خوش، شۇنداق قىلىپ، ياتتىم، ئەلۋەتتە. ياق - ياق، ھېلىقى ئوقلارنى پات - پات تۇتۇپ باقىمەن. ئۇلار تېخىچە شۇ يەردە تۇرۇپتۇ. بىر - بىرىگە يېقىن. خوش، ئۆزۈممۇ بەك قورقتۇم، بۇ ھارامزادىلەر قورسىقىمنىڭ ئىچىدە ئېغىناپ يۈرسە، قانداقمۇ قىلارمەن، ئەھۋالىم نېمە بولار؟ دەپ ئويلايمەن. ئۈچەيىمنىڭ ئارىسىدا غىلدىرلاپ يۈرگەن نەرسىنى دوختۇرلار قانداق تاپىدۇ؟ ئەمدى ماڭا خۇشاللىق دېگەن نەرسە ئاز. ئادەمنىڭ تېنى، مەيلى مېنىڭ تېنىم بولسۇن، بوشاڭ نەرسىغۇ، ئوق تېشىپ ئۆتۈپ چوڭ ئۈچەيگە يېتىپ بارسا — ئۇ چاغدا پوچتىكەشنىڭ قوڭغۇرىقىدەك جىرىڭلاپ يۈرىدۇ. ئۇ چاغدا بەدەن پۈتۈنلەي خاراب بولدى دېگەن سۆز. خوش، ئاپتاپپەرەسنىڭ قالپىقىنى قايرىپ، شىمىشكا چېقىپ ياتىمەن، ئەمما ئەزايىمنى قورقۇنچ قاپلىدى. بىزنىڭ سەپ ئالمىقاچان كېتىپ قالغان. خوش، بالاشوف ئېلىنىش بىلەنلا مەن ئۇياقتا كېتىپ قالدىم. تىشانىسكايادا ئارقا سەپ دوختۇرخانى-

سىدا ياتتىم. ئۇ يەرنىڭ دوختۇرى، ئەلۋەتتە، قوشقاچتەك شوخ، ھە دېسە: «قورسىقىڭنى يېرىپ، ئوقلارنى چىقىرىپ تاشلايمىزغۇ؟»— دەپ تۇرۇۋالدى. ئەقلىم جايىدا تۇرۇپتۇ... بۇ ئىش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس. «جانابىي ئالىي، بۇ ئوقلار قېرىن ئارقىلىق چۈشۈپ كېتەلمەسمۇ؟» — دەپ سورىدىم. «ياق، چۈشۈپ كېتەلمەيدۇ» — دەيدۇ. بۇ چاغدا مەن، ئۇلارنى يېرىپ چىقىرىشقا ھەرگىز ئۇنىماي دەپ ئويلىدىم. چۈنكى بۇنداق چاقچاقلارنى بىلىمەن - دە! چىقىرىپ تاشلايدۇ، ئەمما يارىسى پۈتمەستىنلا يەنە قىسىمغا قايتىش كېرەك. مەن دېدىم: «ياق، جانابىي ئالىي، بۇنىڭغا ئۇنىمايمەن. شۇ ئوقلارنىڭ ئىچىمدە بولغىنى قىزىقراق بولىدۇ. مەن ئۇلارنى ئۆيگە ئالغاچ كېتىپ، ئايالىمغا كۆرسىتىشنى خالايمەن. ئۇلار ماڭا ئېغىر يۈك ئەمەس، كاشىلا بولىدىغان يېرىمۇ يوق.» دوختۇر مېنى قاتتىق تىللىدى، ئەمما ئۆيگە قايتىشقا بىر ھەپتىلىك رۇخسەت بەردى.

گرىگورىي كۆلۈمسىرەپ، ساددا سەممىي ھېكايىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن سورىدى:

— سەن قەيەرگە، قايسى پولكقا بارغانىدىڭ؟

— 4 - تەرمە پولكقا.

— سەن بىلەن بىللە يېزىلىقلاردىن يەنە كىم بار؟

— ئۇ يەردە بىزنىڭكىلەر كۆپ: ئانىكۇشكا - سكوپىتىس، بېسخلېبنوف، كولوۋېيدىن ئاكىم، مىروشنىكوف سېمكا، گورباچېف تېخون.

— خۇش، كازاكلار قانداق؟ نارازى ئەمەسمۇ؟

— ئوفىتسېرلاردىن خاپا، ئەلۋەتتە. بۇنداق ئەبلەخلەر قاپلاپ كەتتى، كىشىگە كۈن بەرمەيدۇ. يەنە كېلىپ دېيەرلىك ھەممىسى ئورۇس، كازاكلار يوق.

خرىستونە سۆزلەۋېتىپ، كۈرتكىسىنىڭ كالتا يەڭلىرىنى تارتىپ - تارتىپ قوياتتى - دە، گويا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەن-

دەك، تەۋتىلىق، ئېسىل ئىنگلىز موۋۇتىدىن تىكىلگەن شىمىغا ئەجەبلىنىپ قاراپ، تىزلىرىنى سىيلاپ قوياتتى.

— مېنىڭ پۇتۇمغا لايىق كېلىدىغان بەتىنكە، ئەلۋەتتە تېپىلمىدى، — دېدى ئۇ ئويچانلىق بىلەن، — ئىنگلىز دۆلىتىدە، ماڭا ئوخشاش مۇنداق يوغان پاقالچاق ئادەملەر يوق... بىز بۇغداي تېرىپ، ئاق نان يەيمىز، ئۇلار بولسا، ئېھتىمال، روسىيەدىكىگە ئوخشاش، يالغۇز قارا بۇغداي نېنىنى يېسە كېرەك. ئۇلاردا مۇنداق چوڭ پۇت نەدە بولسۇن؟ پۈتۈن بۆلۈنمىنى يېڭى كىيىم، يېڭى ئاياغ بىلەن كىيىندۈرۈپ بولدى، پۇراقلىق پاپىروسلارنىمۇ ئەۋەتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ بەربىر — يامان...

— نېمىسى يامان؟ — دېدى گرىگورىي قىزىقىپ.

خرىستونە كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— كۆرۈنۈشتە ياخشى، ئىچكى جەھەتتى يامان. بىلەمسەن، كازاكلار يەنىلا ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇرۇشتىن ھېچنېمە چىقمايدۇ. ئەمدى، خوپېر ئوكرۇگىغا بارمايمىز، دېيىشىۋاتىدۇ...

گرىگورىي خرىستونەنى ئۇزىتىپ قويۇپ، قىسقىلا ئويلانغاندىن كېيىن مۇنۇ قارارغا كەلدى: «ئۆيدە بىر ھەپتىلا تۇرۇپ، فرونتقا قايتىپ كېتىمەن. بۇ يەردە تۇرسام قايغۇ - ھەسرەتتىن تۈگىشىپلا كېتىمەن.» ئۇ كەچكىچە ئۆيدە بولدى. بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلەپ، مىشاتكىغا قومۇشتىن شامال تۈگمىنى ياساپ بەردى، ئات قىلىدىن قۇشقاچ تۇتىدىغان تۇزاق ئېتىشنى ئۆگەتتى، قىزىغا ماھىرلىق بىلەن چاقلىرى ئايلىنىدىغان، شوتىلىرى كارامەت چىرايلىق بىر ھارۋىچاق ياساپ بەردى، ھەتتا پۇرۇچ لاتىلاردىن بىر قورچاق قوراشتۇرماقچى بولۇۋىدى، ئەمما بۇ ئىش قولىدىن كەلمىدى؛ قورچاق دۇنياشكىنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالدى.

گرىگورىي ئېلگىرى باللىرىغا مۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلمە-
گەنىدى، شۇڭا ئۇلار باشتا ئاتىسىنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىغا
شۈبھە بىلەن قاراشقانىدى، ئەمما كېيىن قېشىدىن بىر مىنۇت
نېرى كەتمىدى، كەچكە يېقىن گرىگورىي ئېتىزغا بېرىشقا ھازىر-
لانغان چاغدا، مىشاتكا كۆزىگە ياش ئېلىپ:

— سەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق! بىر سائەتلىككىلا كېلىسەن — دە،
بىزنى يەنە تاشلاپ كېتىسەن... تۇزاقلارنىمۇ، تۇگمەننىمۇ،
شاقىلداقنىمۇ ئالغاچ كەت، ھەممىسىنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئە-
كەت! ماڭا بۇلارنىڭ لازىمى يوق! — دېدى.

گرىگورىي ئوغلىنىڭ كىچىككىنە قوللىرىنى ئۆزىنىڭ يوغان
قوللىرىغا ئېلىپ، دېدى:

— ئۇنداق بولسا — مۇنداق كېلىشەيلى: سەن — كازاك-
سەن، ئىككىمىز ئېتىزغا بىللە بارايلى: ئارپا ئورىمىز، ئۇنچە سا-
لىمىز، چوڭ داداڭ بىلەن ئورما ماشىنىسىغا ئولتۇرۇۋالىسەن، ئات-
نى ھەيدەپ بېرىسەن. ئۇ يەردە ئوت — چۆپنىڭ ئارىسىدا چې-
كەتكە نۇرغۇن! سايىنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك — تۈرلۈك قۇشلار تولا!
پولیوشكا ئاچىسى بىلەن ئۆيدە قالسۇن. ئۇ بىزدىن رەنجىمەي-
دۇ، قىزنىڭ ئىشى — ئۆي سۈپۈرۈش، ئاپىسىغا كىچىك چېلەك
بىلەن دوندىن سۇ ئەكىلىپ بېرىشتۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئۇلاردا
ئاياللار قىلىدىغان ئىش ئازمۇ؟ ماقۇل بولامسەن؟

— ماقۇل بولمايچۇ! — مىشاتكا خۇشاللىقتىن ۋارقىرى-
ۋەتتى. ھەتتا ئالدىنىئالا بۇ راھەتلىك ئىشنىڭ لەززىتىنى
ھېس قىلغاندەك كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

ئىلىنىچنا قارشىلىق قىلدى:

— ئۇنى نەگە ئاپىرىسەن؟ نەدىكى ئىشنى ئويلاپ چىقىرى-
ۋاتىسەن! ئۇ نەدە يېتىپ، نەدە ئۇخلايدۇ؟ ئۇ يەردە ئۇنىڭغا كىم
قارايدۇ؟ خۇدا ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن، ئاتقا يېقىن بېرىپ

قالسا — تېپىپ تاشلىسا قانداق بولىدۇ ياكى يىلان چىقىۋالسىچۇ. داداڭ بىلەن بىللە بارما، قوزام، ئۆيدە قال! — دېدى موماي نەۋرىسىگە.

ئەمما بالىنىڭ قىسىلغان كۆزلىرى بىردىنلا غەزەپلىك تۇس ئالدى (چوڭ دادىسى پانتېلېينىڭ ئاچچىقى كەلگەندە، خۇددى شۇنداق بولاتتى)، ئىككى مۇشتى تۈگۈلدى، ئۇ يىغلامسىرىغان ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى:

— چوڭ ئانا، سەن گەپ قىلماي تۇر! بەرىبىر بارىمەن! جېنىم دادا، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىما!...

گرىگورىي كۈلۈپ، ئوغلىنى قولىغا ئالدى، ئانىسىغا تەسەللى بەردى:

— ئۇ مەن بىلەن ئۇخلايدۇ. بۇ يەردىن ئاتقا مىنىمىز-دە، ئاستا ماڭىمىز، مەن ئۇنى قولۇمدىن چۈشۈرۈۋېتەتتىممۇ؟ ئانا، ئۇنىڭ كىيىمىنى تەييارلا، قورقمىغىن، ئەتە كەچكە يېقىن ساق-سالامەت ئەكېلىمەن.

گرىگورىي بىلەن مىشاتكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىق ئاشۇنداق باشلاندى.

گرىگورىي تاتارسكىدا بولغان ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئاكسىنىيىنى چالا-پۇچۇق ئۈچ قېتىملا كۆردى. ئاكسىنىيە ئۆزىگە خاس ئەقىل-پاراسەت بىلەن، ئەدەپ بىلەن گرىگورىينىڭ كۆزىگە چېلىقمىغان ياخشى دەپ بىلىپ، ئىلاجىكى بار ئۇچرىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئۇ گرىگورىينىڭ كەيپىياتىنى ئاياللارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن پەملىۋالغانىدى، ئۇنىڭغا ئېھتىياتسىزلىق بىلەن ياكى بىمەزگىل مۇھەببەت ئىزھار قىلىش گرىگورىينى ئۆزىگە قارشى قىلىپ قويىدىغانلىقىنى، ئۆز ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە داغ چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۇ گرىگورىينىڭ ئۆزى گەپ ئېچىشىنى كۈتەتتى. بۇ ئىش گرىگورىي

فرونتقا يۆرۈپ كېتىشتىن بىر كۈن بۇرۇن بولدى. ئۇ ئېتىزدىن ئاشلىق بېسىلغان هارۋا بىلەن كېلىۋاتاتتى، كەچ قالغانىدى، گۈگۈمدا دالاغا بارىدىغان ئەڭ چەتتىكى تار كوچىدا ئاكسىنىيە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئايال يىراقتىنلا تازىم قىلىپ، بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ تەبەسسۇمى، پەيت كۈتكەن، تەشۋىشلىك تەبەسسۇم ئىدى. گرىگورىي سالىمىغا جاۋاب بەردى، ئەمما ئۇنچىقماستىن ئۆتۈپ كېتەلمىدى.

— قانداق تۇرۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ، سەزدۈرمەستىن تىزگىنىنى تارتىپ، ئېتىنى ئۇششاق مېڭىشقا سېلىپ.

— يامان ئەمەس، رەھمەت، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ.

— كۆرۈنمەي كەتتىڭغۇ؟

— ئېتىزدا بولدۇم... ئىگىلىك ئىشلىرى بىلەن يالغۇز ئۆزۈم شۇغۇللىنىۋاتىمەن.

مىشاتكا گرىگورىي بىلەن بىللە هارۋىدا ئولتۇرغانىدى، شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، گرىگورىي ئاتلارنى توختاتمىدى، ئەمدى ئاكسىنىيە بىلەن ئارتۇق سۆزلەشمەي قويدى. ئۇ بىرنەچچە سارجىن يىراقلىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئارقىسىغا قايرىلدى. ئاكسىنىيە قاشانىڭ يېنىدا تۇراتتى.

— يېزىدا ئۇزاق تۇرامسەن؟ — دەپ سورىدى ئاكسىنىيە ئۈزۈۋالغان مايچېچەك گۈلىنىڭ بەرگىنى هاياجان بىلەن يۇلۇپ.

— بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە كېتىمەن.

ئاكسىنىيىنىڭ بىر سېكۇنت سۆز تاپالماي، خىجىللىقتا قالغىنىغا قارىغاندا، يەنە بىر نەرسە سورىغۇسى باردەك كۆرۈنەتتى. ئەمما نېمىشقىدۇر، سورىمىدى. قولىنى بىر سىلتىپ قويۇپ، ئارقىسىغا قارىماستىن، ئالدىراش ئوتلاققا قاراپ كەتتى.

# 19

ئاسماننى بۇلۇت قاپلاشقا باشلىدى. غەلۋىرنىڭ تۆشۈكىدىن دان چېچىلغاندەك، ئۇششاق يامغۇر شىرىلداپ ياغقىلى تۇردى. يېڭى ئۈنۈپ چىققان ياش مايسىلار، ئوتلار، قورايلار، دالاغا تارىلىپ كەتكەن ياۋايى تاغالچا شاخلىرى پارقىراشقا باشلىدى.

يېزىدىن ۋاقتى توشماي تۇرۇپلا سەپەرگە چىققانلىقىغا ئىنتايىن خاپا بولغان پروخور ئۈنچىقماي كېلىۋاتاتتى. پۈتۈن يول بويى گرىگورىي بىلەن بىر ئېغىزمۇ پاراڭلاشمىدى. سېۋاستىيانىسكى يېزىسىدىن چىققاندا بۇلارغا ئۈچ ئاتلىق كازاك ئۇچراشتى. ئۇلار ئاتلىرىنى پاشنىسى بىلەن تۈرتۈپ قويۇپ قىزغىن پاراڭ بىلەن بولۇپ، يانىمۇ يان قاتارلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ياشانغان، سېرىق ساقال، سۇر ماتا چەكمەن كىيگەن بىرى گرىگورىينى يىراقتىن تونۇپ، ھەمراھلىرىغا قاتتىق ئۈن بىلەن: «بۇرادەرلەر، ئاۋۇ مېلېخوفقۇ!» — دېدى - دە، گرىگورىيغا يېتىشىۋالغاندىن كېيىن ئېگىز توروق ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تارتتى.

— سالامەت تۇردۇڭمۇ، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ! — دەپ سالاملاشتى ئۇ گرىگورىي بىلەن.

— شۈكۈر، ئۆزۈڭ سالامەتمۇ؟ — دەپ جاۋاب قايتۇردى گرىگورىي، بۇ سېرىق ساقال، چىرايى تۇتۇق كازاك بىلەن نەدە ئۇچراشقانلىقىنى ئېسىگە ئالالماي قاتتىق قىينالدى.

ئۇنىڭغا تېخى يېقىندىلا مۇئاۋىن خورۇنجى ئۇنۋانىنى بەرگەن بولۇشى كېرەك، ئۇ ئاددىي كازاكلاردىن ئايرىلىپ تۇرۇشى

ئۈچۈن، يېپيېڭى پاگونلارنى چەكمىنىنىڭ مۈرىسىگىلا قادىۋالغانىدى.

— تونۇيالمايۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ يېقىنلىشىپ كېلىپ، چوغدەك قىزىل موي باسقان ياپيا قولىنى سوزۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ۋوتكا پۇرايتتى. يېڭىدىن مۇئاۋىن خورۇنجىلىققا كۆتۈرۈلگەنلىكىگە تېتىقسىز مەغرۇرلانغانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى، كىچىك زەڭگەر كۆزلىرى ئۇچقۇندايتتى، سېرىق بۇرۇتى ئاستىدا ئاغزى قۇلىقىغىچە ھىجايغان.

چەكمەنلىك ئوفىتسېرنىڭ خۇنۇك كۆرۈنۈشى گرىگورىينى زوقلاندۇردى، گرىگورىي زاڭلىق قىلغانلىقىنى يوشۇرماستىن جاۋاب قايتۇردى:

— تونۇيالمايۋاتىمەن. ئېھتىمال، سەن بىلەن ئاددىي ئەسكەر ۋاقتىڭدا ئۇچراشقان بولۇشۇم مۇمكىن... مۇئاۋىن خورۇنجى ئۇنۋانىنى ساڭا يېقىندا بەردىمۇ؟

— نەق تاپتىڭ! ئۆستۈرۈلگەنلىكىمگە بىر ھەپتە بولدى. بىز سەن بىلەن كودىنوفنىڭ ئالدىدا شتابتا ئۇچراشقانىدۇق، ئېھتىمال، بلاگوۋېشچېنىيە بايرىمى ھارپىسىدا. شۇ چاغدا سەن مېنى بىر بالادىن قۇتقۇلدۇرغانىدىڭ، ئەسلەپ باققىنا! ھەي، ترىفون! ئاستىراق مېڭىپ تۇرۇڭلار! مەن ئارقاڭلاردىن يېتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ساقاللىق كازاك نېرىراقتا توختاپ تۇرغان كازاكلارغا.

گرىگورىي سېرىق ساقال مۇئاۋىن خورۇنجى بىلەن قانداق شارائىتتا كۆرۈشكەنلىكىنى تەسلىكتە يادىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ سىپماك» دېگەن لەقىمى بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە كودىنوف: ئاتقان ئوقىنى خاتا كەتكۈزمەيدۇ، لەنىتى! يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان توشقاننى مىلتىقتىن سوقالايدۇ، جەڭدە قەيسەر، ئۆزى ياخشى رازۋېتچىك، ئەمما ئەقلىي — كىچىك بالىنىڭكىدەك، دەپ تەرىپ-

لىگەنلىكىنىمۇ ئېسىگە چۈشۈردى. سېماك قوزغىلاڭ يېڭى باشلانـ
غاندا بىر بۆلۈنمىنىڭ كوماندىرى بولۇپ، بىر يامان ئىش
قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن كودىنوف ئۇنى جازالىماقچى بولغانىدى،
ئەمما گرىگورىي ئارىغا كىرگەنلىكتىن، سېماكنىڭ گۇناھى كەچۈ-
رۈم قىلىنىپ، يەنىلا بۆلۈنمە كوماندىرلىقى ۋەزىپىسىدە قېپقالـ
غانىدى.

— فرونتتىن كېلىشىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي.

— خۇددى شۇنداق، نوۋوخوپېرسكى قېشىدىن دەم ئېـ
لىشقا كېلىۋاتىمەن. قىزىق ئىش، 150 چاقىرىم مۇـ
ساپىنى بېسىپ ئۆتتۈم، سلاشچېۋسكايادا تۇغقانلىرىم بار ئىدى،
ئۇ يەرگىمۇ كىرىپ ئۆتتۈم. مەن ياخشىلىقنى ئۇنتۇمايمەن، گرىـ
گورىي پانتېلېيېۋىچ! سېنى بىر مېھمان قىلىۋالاي دەيمەن، مەرھەـ
مىتىڭدىن نائۈمىد قىلماسسەن! خۇرجۇنۇمدا ئىككى شىشە ساپ
ئىسپىرت بار، ئۈلپەتلەشسەك قانداق؟

گرىگورىي قەتئىي ئۇنىمىدى، ئەمما بىر شىشە ئىسپىرتنى
سوۋغات قىلىپ تۇتقانىدى، ئۇنى ئالدى.

— ئۇ يەردە قىزىق ئىش بولۇۋاتىدۇ! كازاكلار بىلەن
ئوفىتسېرلار مال - دۇنياغا كۆمۈلۈپ كەتتى! — سېماك ماختىـ
نىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — مەن بالاشوفنىمۇ بولدۇم، بىز بۇ
شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن ئەڭ ئاۋۋال تۆمۈر يولغا چېپىپ
باردۇق، ئۇ يەردە قاتار پويىز تىزىلىشىپ تۇراتتى، يولنى تامامەن
ۋاگون قاپلاپ كېتىپتۇ. بىر ۋاگوندا شېكەر، يەنە بىرىـ
دە كىيىم - كېچەك، ئۈچىنچىسىدە تۈرلۈك مال - مۈلۈك.
بەزى كازاكلار كىيىمنى قىرىق يۈرۈشتىن ئالدى! شۇندىن
كېيىن جوھۇتلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا مېڭىشتى، بۇ بىر كۈلـ
كىلىك ئىش! مېنىڭ بۆلۈنمەمدىكى بىر ئالىقاپ، جوھۇتلاردىن
18 دانە يانچۇق سائىتىنى يىغىۋالغان؛ ئون دانىسى

ئالتۇن سائەت، بۇ بەچچىغەر، خۇددى باي سودىگەردەك، سائەت-لەرنى مەيدىسىگە قاتار ئېسىۋاپتۇ! ئۇنىڭدىكى ئۈزۈك - بىلەيـ-زۈكلەرنىڭ سانى يوق! ھەربىر بارمىقىدا ئىككىدىن، ئۈچتىن...

گرىگورىي سېماكىنىڭ تومپېيىپ تۇرغان خۇرجۇنىنى كۆر-ستىپ تۇرۇپ، سورىدى:

— ماۋۇ خۇرجۇنىڭدىكى نېمە؟

— بۇمۇ... ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر.

— سەنمۇ بۇلىدىڭمۇ؟

— ھەي، سەنمۇ بۇلىدىڭمۇ دەيسەنغۇ!... بۇلىمىدىم، قانۇ-نىي يول بىلەن تاپتىم. بىزنىڭ پولك كوماندىرىمىز: «شەھەرنى ئالساڭلار، ئىككى سوتكا سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلاردا بولىدۇ!» — دېگەنىدى. مەن باشقىلاردىنمۇ يامان ئىكەنمەنمۇ؟ قولۇمغا نېمە چىقسا، خەزىنە ھېسابىدا ئېلىۋەردىم... باشقىلارنىڭ قىلغان-ئەتكىنى مەندىنمۇ يامان.

— ياخشى جەڭچىلەر ئىكەنسىلەر! — گرىگورىي مال تېپ-پىشقا ئۇستا مۇئاۋىن خورۇنجىغا نەپرەت بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن دېدى، — سەندەك نېمىلەر بىلەن جەڭگە قات-ناشقاندىن كۆرە، چوڭ يولدا، كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا يول توسقان ياخشى! ئۇرۇشنى بۇلاڭچىلىققا ئايلاندۇرۇپسىلەر! ھەي، ئەبلەخ-لەر! يېڭى كەسىپ ئۆگىنىۋاپسىلەر! سېنىڭچە، مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بىرەر كۈن كېلىپ سىلەرنىڭ ۋە سىلەرنىڭ كوماندىرىڭلارنىڭ جازاسىنى بېرىپ، تېرەڭلارنى شىلىۋالماسمۇ؟

— نېمە ئۈچۈن؟

— نەق مۇشۇ ئىش ئۈچۈن!

— كىم تېرىمىزنى شىلەلەيدىكەن؟

— يۇقىرى دەرىجىلىكلەر.

سېماك ئىستېھزا بىلەن كۈلۈپ دېدى:

— ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى شۇنداق تۇرسا! بىزغۇ خۇرجۇندا، ھارۋىدا ئېلىپ ماڭىمىز. ئۇلار بولسا كارۋان ھارۋىلاردا يولغا سالماقتا.

— سەن كۆردۈڭمۇ؟

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، ئەلۋەتتە كۆردۈم! مەن ئۆزۈم ئاشۇنداق كارۋان ھارۋا بىلەن يارىژىنسكايا غىچە بىللە بارغانمەن. پەقەت كۈمۈش قاچا - قۇچا، قوشۇقلار لىق بىر ھارۋا كەلدى! ئوفىتسېرلارنىڭ ئىچىدە: «نېمە ئەكىتىۋاتىسىلەر؟ قېنى كۆرسەت!» — دەپ يۈگۈرۈپ كەلگۈچىلەرمۇ بولدى. پالانى گېنېرالنىڭ شەخسىي مۈلكى دېيىشىم بىلەنلا گەپ قىلماي كېتىپ قالىدۇ.

— قايسى گېنېرالنىڭ دېدىڭ؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي كۆزلىرىنى قىسىپ، تىزگىننى ئاچچىقى بىلەن بىر - بىرىدىن ئاجرىتىپ.

سېماك مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، جاۋاب بەردى:

— فامىلىسىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن... كىم ئىدى ئۇ، خۇدايىم، ئېسىمگە سالساڭچۇ؟ ياق، ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، ئېسىمگە كەلتۈرەلمەيۋاتىمەن! سەن بىكاردىن تىللاپ كېتىۋاتىسەن، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ. راستىنى ئېيتسام، ھەممىسى شۇنداق قىلىۋاتىدۇ! باشقىلارنىڭ ئارىسىدا مەن بۆرە ئالدىدا تۇرغان ياۋاش قوزىدەك؛ مەن ئەرزىمەس نەرسىلەرنى ئالدىم، ئەمما باشقىلار كوچىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋالدى، ئاقىۋەتتە نېمە بولار دېمەستىن جوھۇتلارنىڭ ئاياللىرىغا زورلۇق ئىشلەتتى! مەن مۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغىنىم يوق، ئۆزۈمنىڭ نىكاھلىق قانۇنىي خوتۇنۇم بار، يەنە كېلىپ شۇنداق خوتۇنكى، بەئەينى ئايغىر، خوتۇن كىشى زاتى

ئەمەس! ياق ـ ياق، سەن ماڭا بىكارلا زەردە قىلدۇاتىسەن. توختاپ تۇر، نەگە بارىسەن؟

گرىگورىي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، سىپىتاك بىلەن سوغۇقىنا خوشلاشقاندىن كېيىن پروخورغا:

— قېنى، ئارقامدىن ماڭ! — دېدى ـ دە، ئېتىنى يورغىغا سالدى.

دەم ئېلىشقا قايتقان كازاكلار يەككە ـ يالغۇز، توپ ـ توپ بولۇشۇپ، يول بويى ئۈزلۈكسىز ئۇچراپ تۇردى. جۇپ ئات قوشۇلغان هارۋىلارمۇ پات ـ پات يولۇقتى. بۇ هارۋىلارنىڭ ئۈستىدىكى يۈك بىرېزېنت بىلەن ياكى كاناپ رەخت بىلەن يېپىلغان بولۇپ، پۇختا تېڭىلغانىدى. هارۋىنىڭ ئارقىسىدا يېپيېڭى يازلىق گىمناستېركا، قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ ماش رەڭ شىمىنى كىيگەن كازاكلار ئۆزەڭگە ئۈستىدە ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ، يورغا بىلەن كېلىۋاتاتتى. كازاكلارنىڭ چاڭ باسقان، ئاپتاپتا كۆيگەن يۈزلىرىدە مەمنۇنلۇق، شادلىق ئەكس ئېتەتتى، ئەمما گرىگورىي بىلەن ئۇچراشقاندا، بۇ جەڭچىلەر تېزرەك ئۆتۈپ كېتىشكە تىرىشاتتى، ئۇنچىقماي ئۆتۈشەتتى، گويا كوماندا بېرىلگەندەك، هەممىسى قوللىرىنى فۇراژكىسىنىڭ كۆزىركىسىغا تۇتۇپ هۆرمەت كۆرسىتەتتى، خېلى يەرگىچە يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۆزئارا قايتا پاراڭغا چۈشەتتى.

— سودىگەرلەر كېلىشىۋاتىدۇ! — دېدى پروخور مەسخىرە بىلەن، بۇلانغان مال ـ مۈلۈك بېسىلغان هارۋىلار يېنىدا كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنى يىراقتىن كۆرۈپ.

لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، دەم ئېلىشقا قايتقانلارنىڭ هەممىسىلا ئولجا ـ غەنىمەتلەرنى يۈكلەپ كېلىۋاتقىنى يوق ئىدى. يېزىلارنىڭ بىرىدە ئات سۇغىرىش ئۈچۈن قۇدۇق بېشىدا توختىغاندا گرىگورىي يانغىكى هويلىدىن چىقىۋاتقان ناخشا ئاۋازىنى

ئاڭلاپ قالدى. باللارنىڭكىدەك روشەن، ساز چىقىۋاتقان ئاۋازغا
قارىغاندا، ناخشا ئېيتقۇچىلار ياش كازاكلاردەك قىلاتتى.

— ئۇلار، ئېھتىمال، ئەسكەرنى ئۇزىتىۋاتقان بولۇشى
كېرەك، — دېدى پروخور چېلەك بىلەن سۇ ئېلىۋېتىپ.

شۇنىڭ ئالدىدىراق پروخور بىر شىشە ئىسپىرتنى ئىچكەن
بولۇپ، يەنە بىر ئاز ئىچسەم بولاتتى دەپ تۇراتتى، شۇنىڭ
ئۈچۈن ئالدىراشلىق بىلەن ئاتنى سۇغاردى - دە، كۈلۈپ
تۇرۇپ دېدى:

— پانتېلېيېۋىچ، ئۇ يەرگە بىزمۇ كىرسەك بولمامدۇ؟ قان-
داق دەيسەن؟ ئۇزىتىش زىياپىتىدە، بەلكى، بىزگىمۇ بىرەر
ئىستاكاندىن تېگىپ قالار، ئۆگزىسى قومۇشتىن يېپىلغان بولسىمۇ،
ئەمما باي ئۆيدەك كۆرۈنىدۇ.

گرىگورىي «ياش مايسا»نى قانداق ئۇزىتىدىغانلىقىنى
كۆرۈپ چىقىشقا ماقۇل بولدى. ئاتلارنى قاشاغا باغلاپ قويۇپ،
پروخور بىلەن ھويلىغا كىردى. ساراي چەللىسىنىڭ ئاستىدىكى
يۇمىلاق ئوقۇرنىڭ ئالدىدا تۆت ئېگەرلىك ئات تۇراتتى. ئام-
بارنىڭ ئىچىدىن بىر ئۆسمۈر يىگىت ئىق بىر چېلەك سۇلۇ كۆتۈرۈپ
چىقتى. ئۇ گرىگورىيغا يالت قىلىپ قارىدى - دە، كىشنەۋات-
قان ئاتلار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىدىن
بولبۇلدەك سايرىغان كۆي - ناۋا ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئىنچىكە تىترەپ
چىققان ئەر كىشى ئاۋازى ناخشىنى باشلاپ بەردى:

ئاشۇ خىلۋەت چىغىر يولدا
ھېچكىم ماڭمىغان پىيادە...

قويۇق تاماكا تۈتۈنىدىن گاراڭلاپ قالغان يوغان ئاۋاز
ئاخىرقى سۆزنى تەكرارلاپ، ئىنچىكە ئاۋازغا جۆر بولدى، شۇن-

دىن كېيىن بىرنەچچە سىلىق يېڭى ئاۋازلار قوشۇلدى ـ دە، ناخشا ھەيۋەتلىك، ئەركىن ۋە مۇڭلۇق تۈس ئالدى. گرىگورىي بۇ يەرگە كىرىش بىلەن ناخشىچىلارنىڭ ناخشىسىنى ئۈزۈپ قويۇشنى خالىمايتتى، ئۇ پروخورنىڭ يېنىدىن تارتىپ پىچىرلىدى:

— توختا، كۆزگە كۆرۈنمەي تۇر، ناخشىسىنى ئېيتىپ بولسۇن.

— بۇ خوشلىشىش ئولتۇرۇشى ئەمەس. يىللانىسكىلىقلار ئاشۇنداق ئېيتىدۇ، ئۇلارنىڭ ناخشا ئېيتىش ئۇسۇلى ئاشۇنداق. شەيتانلار كارامەت سويىدىكەن! — پروخور ناخشىنى ماقۇللىدى، ئەمما كۆڭلى رەنجىپ، يەرگە بىرنى تۈكۈردى، ئېنىقلا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇنىڭ ھاراق ئىچىش نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى.

ھېلىقى ئىنچىكە ئاۋاز ئۇرۇشتا بىپەرۋالىق قىلىپ قويغان بىر كازاكنىڭ قىسمىتى توغرىسىدىكى ناخشىنى ئاخىرىغىچە ئېيتتى:

باسمىغان ئىز نە ئاتلىق، نە پىيادە،
كازاك پولكى ماڭغان پەقەت شۇ يولدا.
چېپىپ كېلەر پولك كەينىدە يالغۇز ئات،
بېقىنغا چۈشكەن چېركەس ئېگىرى.
تاسما يۈگەن ئۇنىڭ قۇلاقتا ئىلىنغان،
پۇتلىرىغا چىرماشقاندۇر چۇلۋۇرى.
ياياق قالغان دون كازاكى ياش يىگىت،
قوغلاپ كېلەر شۇ ۋاپادار ئېتىنى:
«توختا ـ توختا، تاشلاپ كەتمە سەن مېنى،
سەن بولمىساڭ، نەدە قېچىپ قۇتۇلۇش،
تارتقۇلۇقتۇر چەچەنلەرنىڭ زۇلمىنى...»

ناخشىغا مەپتۇن بولغان گرىگورىي، نە ئاتلارنىڭ كىشنەگىنىنى، نە تار كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھارۋىلارنىڭ غىچىرلىشىنى ئاڭلىماستىن، ئاقارتىلغان ئۆينىڭ فۇندامېنتىغا يۆلەنگىنچە تۇرۇپ قالدى...

ئۆينىڭ بۇرجىكىنىڭ ئارقىسىدا ناخشىچىلاردىن بىرى ناخشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن يۆتىلىپ قويۇپ دېدى:

— كۆڭۈلدىكىدەك ئېيتالمىدۇق، چالا قالدۇردۇق! خوپ، مەيلى، بىلگىنىمىزچە ئېيتىمىز-دە. ئاچىلار، سىلەر جەڭچىلەرگە يول ئۇزۇقى ئۈچۈن يەنە بىر نېمە بەرسەڭلار بولاتتى. تاماقنى ئوبدان يېدۇق، ئېيسا مەسىھ ئۆزى ساقلىسۇن، بىزدە يولدا يېگۈدەك ھېچقانداق ئۇزۇقىمىز يوق...

گرىگورىي چوڭقۇر ئوي - خىيالدىن ئۆزىگە كەلدى - دە، بۇلۇڭدىن بۇياققا چىقتى. پەلەمپەينىڭ تۆۋەنكى باسقۇچىدا ياش تۆت كازاك ئولتۇراتتى؛ بۇلارنى شۇ ئەتراپتىكى ھويلىلاردىن يىغىلىشىپ كەلگەن خوتۇنلار، مومايلار، باللار زىچچىدە توپ بولۇپ، قورشىۋالغانىدى. تىڭشىغۇچى ئاياللار پىخ - پىخ يىغلىشىپ، كۆز يېشىنى روملىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ تۇراتتى، گرىگورىي پەلەمپەيگە يېقىن كەلگەندە ئۇزۇن بويلۇق، قارا كۆز، سولغان يۈزىدە تېخىچە ساھىبجامالىقىنىڭ ئىزلىرى قالغان بىر موماي سوزۇپ - سوزۇپ گەپ قىلاتتى:

— قەدىردانلىرىم! سىلەر ناخشىنى نېمانچە ئوبدان ۋە مۇڭلۇق ئېيتىدىغانسىلەر! ئېھتىمال، ھەرقايسىڭلارنىڭ ئانىسى باردۇر، بەلكى شۇ ئانا ئوغلىنى، ئوغلىنىڭ ئۇرۇشتا ھالاك بولۇشىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، كۆز يېشىغا غەرق بولىدىغاندۇر...، — موماي سالاملاشقان گرىگورىيغا كۆزىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ، بىردىنلا قەھر بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، — سەن، جانابىي ئالىي

مۇشۇنداق گۈل ـ غۇنچىلەرنى ئۆلۈمگە باشلاپ بارامسەن؟ ئۇرۇشتا نابۇت قىلامسەن؟

— چوڭ ئانا، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى نابۇت قىلىشىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى گرىگورىي قاپىقىنى تۈرۈپ.

ناتونۇش ئوفىتسېرنىڭ كېلىپ قالغانلىقى بىلەن خىجىل بولۇپ قالغان كازاكلار پەلەمپەيدە تۇرغان تەخسىدىكى ئېشىپ قالغان تاماقلارنى پۇتلىرى بىلەن نېرى ئىتتىرىپ، ئورۇنلىرىدىن دەس تۇردى، گىمناستۇركىلىرىنى، پاگونلىرىنى، تاسما ـ قىيىشلىرىنى تۈزىدى. ئۇلار مىلتىقلىرىنى مۈرىسىدىن ئالماستىنلا ناخشا ئېيتىشقانىدى. بۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى 25 ياشتىن يۇقىرى ئەمەس ئىدى.

— قەيەردىن؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي جەڭچىلەرنىڭ ياپپاش چىرايلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— قىسمىدىن...، — ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بۇرنى پاناق، كۆزلىرى كۈلگۈنچەك بىرى مۇجمەل جاۋاب بەردى.

— مەن سەندىن قەيەرلىكسەن، قايسى كەنتتىن دەپ سوراۋاتىمەن. بۇ يەرلىك ئەمەسقۇ؟

— بىز يېلانسكىلىق، دەم ئېلىشقا كېتىۋاتىمىز، جانابىي ئالىي.

گرىگورىي ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ناخشا باشلىغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— ناخشىنى سەن باشلىدىڭمۇ؟

— مەن.

— ئاۋازىڭ ياخشى ئىكەن! سىلەر قانداق بولۇپ ناخشا ئېيتىدىغان بولۇپ قالدىڭلار؟ خۇشاللىقىڭلاردىنمۇ؟ تۇرقۇڭلاردىن قارىغاندا، هاراقمۇ ئىچمىگەندەك قىلىسىلەر.

چاچلىرى سىلىق تارالغان، كوككۇلىسى چاڭ ـ توزاندىن

ئاقارغان، قارا قۇمچاق يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرگەن ئۇزۇن بويلۇق ئاق سېرىق يىگىت مومايلارغا كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، ئىزا تارتقاندەك كۈلۈمسىرىدى - دە، خالار - خالىماس جاۋاب بەردى:

— ئۇ يەردە شادلىق نېمە قىلسۇن؟ ... بىز موھتاجلىقتىن ناخشا توۋلاۋاتىمىز! كۈنىمىز ئوبدانراق ئۆتەرمىكىن دەپ ئېيتىۋاتىمىز. بۇ تەرەپلەردە قورساق ئوبدان تويمايدىكەن، بىر كېسىملا نان بېرىدۇ، خالاس. شۇ سەۋەبتىن ناخشا ئېيتىش كەسپىنى ئۆگىنىۋالدۇق. ناخشا باشلىشىمىز بىلەنلا، ئاياللار ئاڭلايمىز دەپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ، شۇڭا بىز مۇڭلۇق ناخشىنى كۈيلەيمىز - دە، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئېرىپ، بەزىسى بىرەر پارچە ياغ، بەزىسى بىرەر ئاپقۇر سۈت ياكى باشقا يەيدىغان نەرسىلەرنى ئەكىلىشىدۇ...

— جانابىي يۈزبېشى، بىز خۇددى پىسپىقا ئوخشاپ قالدۇق، ناخشا ئېيتىپ سەدىقە يىغىمىز! — دېدى باش ناخشىچى يولداشلىرىغا كۆز قىسىپ.

كازاكلاردىن بىرى مەيدە يانچۇقىدىن مايلىشىپ كەتكەن بىر قەغەزنى چىقىرىپ، گرىگورىيغا سۇندى.

— بىزنىڭ دەم ئېلىش قەغىزىمىز مانا.

— ماڭا كۆرسىتىپ نېمە قىلىسىلەر؟

— گۇمانلىنىۋاتامسىزكىن دەيمەن، بىز قاچقۇن ئەمەس...

— بۇنى سەن جازالاش ئەترىتى ئۇچرىشىپ قالغان چاغدا كۆرسەت، — دېدى گرىگورىي زەردە بىلەن، ئەمما شۇنداق بولسىمۇ كېتىش ئالدىدا مەسلىھەت كۆرسەتتى، — كېچىسى مېڭىڭلار، كۈندۈزنى قەيەردە بولمىسۇن بىر ئامال قىلىپ ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. قەغىزىڭلار ئىشەنچلىك ئەمەس، بۇ قەغەز

بىلەن قولغا چۈشۈپ قالمىغىنىڭلار ياخشى... ئامغىنىسى يوقمۇ ئۈنىڭ؟

— بىزنىڭ بۆلۈنمىدە تامغا يوق.

— ئەگەر قالماقلارنىڭ مىلتىق سۈمبىسى ئاستىدا يېتىشنى خالىمىساڭلار، مېنىڭ مەسلىھەتىمنى ئاڭلاڭلار!

يېزىدىن ئۈچ چاقىرىم يىراقلىقتا، ئاشۇ چوڭ يول ياقىسىدىكى كىچىككىنە ئورمانغا 150 سارجىن قالغاندا، گرىگورىي يەنە ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىككى ئاتلىقنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار بىر مىنۇت توختاپ، تازا قارىۋالغاندىن كېيىن شارتلا بۇرۇلۇپ، ئورماننىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

— بۇلار قەغەزسىز ماڭغانلار، — دېدى پروخور، — ئۇلارنىڭ ئورمان ئىچىگە غىپپىدە تىكىۋەتكەنلىكىنى كۆردۈڭمۇ؟ كۈندۈزى مېڭىشقا جىن قوغلىدىمىكىن ئۇلارنى!

يەنە بىر نەچچە ئادەم گرىگورىي بىلەن پروخورنى كۆرۈپ قېلىپ، يولدىن چەتكە بۇرالدى - دە، يوشۇرۇنۇشقا ئالدىراشتى. ياشىنىپ قالغان بىر كازاك پىيادە ئەسكەر، ئۆيىگە ئوغرىلىقچە قايتىپ كېتىۋاتسا كېرەك، قىردىكى توشقاندەك غىپلا قىلىپ ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. پروخور ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئۈزەڭگىسىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، يۇرتداش، تۈزۈك يوشۇرۇنالمامسەن؟ بېشىڭنى تىقىۋالغىنىڭ بىلەن... قالغان يېرىڭ كۆرۈنۈپ قالدى! — كېيىن ھەيۋە قىلغان كىشى بولۇۋېلىپ، بىردىن ۋارقىراپ قويدى، — قېنى، بۇياققا چىق، ئىسپات قەغىزىڭنى كۆرسەت!

كازاك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ ئارىسى بىلەن ئېڭىشىپ قېچىشقا باشلىغاندا، پروخور قاقاقلاپ كۈلۈپ، كازاكنى قوغلاشقا تەمشىلىۋىدى، ئەمما گرىگورىي ئۇنى توختىتىۋالدى:

— ئەخمەقلىق قىلما! كۆزدىن يوقالسۇن، ئۆپكىسى تىقىلىپ قالغۇچە يۈگۈرسۇن. بۇنى ئاز دەپ يەنە قوغلىساڭ قورقۇنچتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ...

— نېمە دېگىنىڭ بۇ! ئۇنى تايغان ئىت بىلەن قوغلىساڭمۇ يېتەلمەيسەن! ئۇ شۇ تاپتا ئون چاقىرىم يەرگىچە سۆزسىز چاپالايدۇ. كۆردۈڭمۇ، ئاپتاپپەرەسلەر ئارىسىدىن غۇلاچلاپ يول ئاچقانلىقىنى! بۇنداق چاغدا ئادەمگە چاققانلىق نەدىن پەيدا بولىدىغاندۇ، بۇنىڭغا مەن ھەيران.

پروخور ئۇمۇمەن قاچقۇنلارنىڭ قىلىقىنى ياراتماي، مۇنداق دېدى:

— بۇ خەق توپ-توپ بولۇپ كېتىشىۋاتىدۇ، خۇددى تاغاردىن سىلكىپ تۆككەندەك! ماڭا قارا، پانتېلېيېۋىچ، كۆپ ئۆتمەي، فرونتتا بارىدىغان پەقەت سەن بىلەن بىز ئىككىمىزلا قالمايلى...

گرىگورىي فرونتقا يېقىنلاشقانسېرى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دون ئارمىيىسىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ بىرگىنىشلىك مەنزىرىسى شۇنچە كەڭ نامايان بولۇشقا باشلىدى، بۇ بۇزۇلۇش تېخى ئۆز سېپىنى قوزغىلاڭچىلار بىلەن تولۇقلىۋالغان ئارمىيىنىڭ شىمالىي فرونتتا ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بىر مەزگىلدە باشلانغان بۇزۇلۇش ئىدى. بۇ ئارمىيە قىسىملىرى مۇشۇ پەيتتە ھەل قىلغۇچ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ۋە دۈشمەننىڭ قارشىلىقىنى يېڭىشكە قادىر ئەمەسلىكى ئوياقتا تۇرسۇن، بەلكى قارشى تەرەپنىڭ قاتتىق قىستاپ كېلىشىگە ئۆزى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى تۇرغان گەپ ئىدى.

زاپاس قىسىملار جايلاشقان يېزا-كەنتلەردە ئوفىتسېرلار كېچە-كۈندۈز ئىچكىلىككە بېرىلگەنىدى؛ ھەممە قىسىملارنىڭ كارۋان ھارۋىلىرى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان مال-مۈلۈك-

لەر بىلەن تولغان بولۇپ، تېخى ئارقا سەپكە ئەۋەتىلمىگەنىدى؛ قىسىملاردا ئادەملەر تەركىبىي 60 پىرسەنتلا قالغانىدى؛ كازاكلار دەم ئېلىشقا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كېتىشىۋاتاتتى، دالالاردا پىتىراپ يۈرگەن قالماقلاردىن تەركىب تاپقان جازا ئەترەتلىرىنىڭ ئاممىۋى قاچقۇنچىلىق دولقۇنىنى توختىتىپ قېلىشقا كۈچى يەتمەي قالغانىدى. ساراتوف ئۆلكىسىنىڭ ئىشغال قىلىنغان يېزىلىرىدا كازاكلار ئۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ تۇپرىقىنى بويسۇندۇرغۇچىلار دەپ ھېسابلىشاتتى: ئاھالىنى بۇلايتتى، ئاياللارغا زورلۇق قىلاتتى، ئاشلىق زاپاسلىرىنى يوقىتاتتى، چارۋىلارنى سويۇپ تۈگىتەتتى، ئارمىيىدە قىسىملار تەركىبىنى تولۇقلاش ئۈچۈن بوز يىگىتلەر بىلەن 50 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى قېرىلار ئەسكەرلىككە ئېلىنىۋاتاتتى. ھەربىي يۈرۈش ئۈستىدىكى قىسىملاردا ئۇرۇش قىلىشنى خالىماسلىق پىكرىنى ئوچۇقلا ئېيتىشىدىغان بولدى، ۋورونېژ تەرەپكە يۆتكەپ ئاپىرىلغان قىسىملاردا كازاكلار ئوفىتسېرلارغا بويسۇنماي قويدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئالدىنقى سەپلەردە ئوفىتسېرلارنى ئۆلتۈرۈش ھادىسىلىرى تېز - تېز كۆرۈلۈپ تۇرغان.

گۇگۇم چۈشكەن چاغدا گرىگورىي بالاشوف قېشىدىكى كىچىككىرەك بىر يېزىدا قونۇشقا توختىدى. چوڭ ياشلىق كازاكلاردىن تەركىب تاپقان 4 - مۇستەقىل زاپاس بۆلۈنمە ۋە تاگانروگ پولكىنىڭ قورۇلۇش روتىسى يېزىدا ھەممە تۇرار جايلارنى ئىگىلىگەنىدى. گرىگورىيغا خېلى ئۇزاق قونالغۇ جاي ئىزدەشكە توغرا كەلدى. ئۇلار ھەر كۈنىدىكىدەك كېچىنى ئېتىز بېشىدا ئۆتكۈزسىمۇ بولاتتى، ئەمما كەچكە يېقىن يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پروخورنىڭ بەزگىكى تۇتۇپ قالدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن قانداق بولمىسۇن كېچىنى ئۆيدە ئۆتكۈزمەي مۇمكىن بولمىدى. يېزىدىن چىقىدىغان يەردە، ئەتراپى

تېرەكلىك چوڭ ئۆينىڭ قېشىدا توپ ئوقى ئېشتىن چىققارغان بىر برونېۋىك ئاپتوموبىل تۇراتتى. گرىگورىي ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يېشىل سىرلانغان يان تېمىدا ئۆچۈرۈۋېتىلمەگەن مۇنۇ خەتنى ئوقۇدى: «ئاق ئىپلاسلارغا ئۆلۈم!» تۆۋەندە يەنە «رەھىمسىز» دېگەن خەت بار ئىدى. ھويلىدا ئۇلاغ باغلايدىغان يەردە ئاتلار پۇشقۇراتتى، ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى؛ ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى باغدا گۈلخان يېقىلغان، دەرەخلەرنىڭ ياپيېشىل ئۇچلىرىنى تۈتۈن قاپلىغان؛ گۈلخاننىڭ ئەتراپىدا ئوت يورۇقىدا كازاكلارنىڭ فىگۇرلىرى مىدىرلىشىپ تۇراتتى. شامال ئوتتا كۆيۈۋاتقان پاخال ۋە چېۋىشقاقىللىرىنىڭ پۇرىقىنى يىراقلارغا ئۇچۇرۇپ كېتەتتى.

گرىگورىي ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىردى.

— بۇ ئۆينىڭ خوجايىنى كىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ، ئادەمگە لىق تولغان پاكار ئۆيگە كىرىپ.

— مەن. نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — مەشكە يۆلىنىپ تۇرغان بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس بىر مۇژىك، تۇرقىنى ئۆزگەرتمەستىنلا گرىگورىيغا قايرىلدى.

— ئۆيىڭىزدە قونۇشقا رۇخسەت قىلامسىز؟ بىز ئىككى كىشى.

— بىز بۇ يەردە تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقىدەك زىچچىدە تۇرۇۋېتىمىز، — دەپ كوتۇڭشىدى ئۇزۇن بەندىڭدە ياتقان ياشانغان بىر كازاك نارازى ھالدا.

— ماڭا ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۆيدە ئادەم بەك زىچ، — دېدى ئۆي ئىگىسى ئۆزىنى ئاقلاپ.

— بىر ئىلاج قىلىپ جايلىشارمىز. يامغۇر يېغىۋاتسا تالادا قونامدۇق؟ — گرىگورىي قاتتىق تۇردى، — مېنىڭ نۆكىرىم ئاغرىق.

بەندىڭدە ياتقان كازاك تامىقىنى قىرىپ قويۇپ، پۈتىنى تۆۋەنگە چۈشۈردى - دە، گرىگورىيغا تىكىلىپ قاراپ، ئەمدى باشقا ئاھاڭدا دېدى:

— جانابىي ئالىي، بىز ئۆي ئىگىسى بىلەن 14 جان ئىككى كىچىك ئۆيدە تۇرۇۋېتىمىز. يەنە بىر ئۆينى بىر ئىنگلىز ئوفىتسېرى ئىككى خىزمەتچىسى بىلەن ئىگىلەپ تۇرۇۋېتۇ، بۇلاردىن باشقا بىزنىڭ بىر ئوفىتسېرىمىزمۇ بار.

— بەلكى، شۇلارنىڭ قېشىدا ئورۇنلىشارسىز، — دېدى چارساۋال، باش ئورەدنىك پاگونى تاقىغان يەنە بىر كازاك ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن.

— ياق، مېنىڭ مۇشۇيەردە بولغىنىم تۈزۈك. ماڭا كىچىككىنە جاي بولسا كۇپايە، پولنىڭ ئۈستىدە يېتىۋېرىمەن، سىلەرنى قىستاپ قويمايمەن، — گرىگورىي شىنېلىنى سالدى، ئالقىنى بىلەن چېچىنى سىيلاپ قويۇپ، شىرەنىڭ يېنىغا ئولتۇردى.

پروخور ئاتلارنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى.

يان ئۆيدىكىلەر پاراڭنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئالىپتە كىيىنگەن جۇغى كىچىك بىر پورۇچىك كىرىپ كەلدى.

— سىز قونىدىغان يەر ئىزدەۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ گرىگورىيغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئاندىن پاگونىغا يالت قىلىپ كۆز يۈگۈرتتى - دە، ئىللىق چىراي بىلەن كۈلۈمسىرەپ مۇنۇ تەكلىپنى قويدى، — بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقىڭ، يۈزبېشى، ئۆينىڭ يېرىمى بوش. مەن ۋە ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ لېيتېنانتى كېمپبېل جانابلىرى سىزدىن ئۆتۈنۈپ سورايمىز، شۇ يەرگە چىقىسىڭىز ئەپلىكرەك بولىدۇ. مېنىڭ فامىلەم — شېگلوف. سىزنىڭچۇ؟ — ئۇ گرىگورىينىڭ قولىنى سىقىپ سورىدى، — سىز فرونتتىن كەلدىڭىزمۇ؟ ھە، دەم ئېلىشتىن كېلىشىم دەڭ! يۈرۈڭ،

يۈرۈك! سىزنى كۈتۈۋالساق خۇرسەن بولىمىز. قورسىقىڭىز ئاچتۇر، سىزنى مېھمان قىلغۇدەك نەرسىمىز بار.

پورۇچىكنىڭ ئۈستىدىكى ئاچ يېشىل مۇۋۇتتىن تىكىلگەن ھەربىي كۇرتكىسىنىڭ مەيدىسىدە ئوفىتسېرلىق گېئورگى كرېست مېدالى تەۋرىنىپ تۇراتتى، كىچىككىنە بېشىدا چاچلىرى كەم - كۈتىسىز ئىككى ياققا سىلىق ئايرىلغان، ئۆتۈكلىرى ئوبدان پارقىرىتىلغان، ساقال - بۇرۇتى قىرىلغان قارا قۇمچاق يۈزىدىن، كېلىشكەن قەددى - قامىتىدىن مۇسەپپا، ئۆتكۈر گۈل ئەترىسىنىڭ پۇرىقى گۈپۈلدەپ ئاڭقىپ تۇراتتى. دەھلىزدە ئۇ ئاۋايلاپ مېڭىشنى ئەسكەرتىپ، گرىگورىينى ئالدىغا ئۆتكۈزدى - دە، دېدى:

— ئېشىك سول تەرەپتە، بايقاپ مېڭىڭ، مۇنۇ يەردە يەشىك بار، سوقۇلۇپ كەتمەڭ.

ئېگىز بوي، گەۋدىلىك ياش لېيتېنانت گرىگورىينى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇردى، يۇمران قارا بۇرۇتى قىيپاش قىلىنغان يۇقىرىقى كالپۇكىنى يېيىپ تۇراتتى، قوي كۆزلىرى بىر - بىرىگە يېقىن ئىدى. پورۇچىك گرىگورىينى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ، ئىنگلىزچە بىرنېمىلەرنى دېدى. لېيتېنانت مېھماننىڭ قولىنى سىقىپ، بىر ئۇنىڭغا، بىر پورۇچىككا قاراپ ئىنگلىزچە بىر نەچچە ئېغىز سۆز ئېيتتى - دە، ئىما بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتارىسىغا تۆت سەپەر كارىۋىتى قويۇلغان، بىر بۇلۇڭدا نەرسە - كېرەك قاچىلانغان يەشىكلەر، سەپەر مىشكاپلىرى، چامادانلار دۆۋىلىشىپ تۇراتتى. ساندۇقنىڭ ئۈستىدە: گرىگورىي كۆرۈپ باقمىغان يېڭى ماركىلىق قول پىلىموتى، دۇربۇنىنىڭ قېپى، پاترون شازىلىرى، قونىدىقى قارا،

ستوۋوللىرى جىجىلمىغان يېپيېڭى كارابىن مىلتىق خىرە پارقىراپ تۇراتتى.

لېيتېنانت گرىگورىيغا ئىللىق چىراي بىلەن قاراپ قويۇپ، يېقىملىق يوغان ئاۋاز بىلەن بىر نېمە دېدى. گرىگورىي قۇلىقىغا غەلىتە ئاڭلىنىدىغان يات تىلنى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقانلىقىنى بايقاپ، بىرئاز ئوڭايسىزلىق ھېس قىلدى. چاماداندىن نەرسە ئاختۇرۇۋاتقان پورۇچىك بۇ گەپنى كۈلۈمسىرەپ ئاڭلاپ تۇردى - دە، كېيىن دېدى:

— مىستېر* كېمپبېل كازاكلارنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىمەن، دەيدۇ، ئۇنىڭ پىكرىچە، كازاكلار ئەڭ ياخشى ئاتلىق ئەسكەر ۋە يارامىلىق جەڭچىلەر ئىكەن. سىزنىڭ، بەلكى، بىر نەرسە يېگۈڭىز باردۇر؟ ھاراق ئىچەمسىز؟ ئادەمنى خەۋپ - خەتەر يېقىنلاشتۇرىدۇ، دەيدۇ ئۇ... ھەي، بۇ بىر نېمە ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ! — پورۇچىك چاماداندىن بىر نەچچە كونسېرۋا قۇتىسى ۋە ئىككى شىشە كونياك ئالدى - دە، گەپنى تەرجىمە قىلىۋېتىپ، چامادانغا يەنە ئېڭىشتى، — ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۈست - مېدۋېدىتسادا كازاك ئوفىتسېرلار ئۇنى ئوچۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئوفىتسېرلار يوغان بىر بوچكا دون شارابىنى ئىچىپ بولۇپ، ھەممىسى ئۆلگۈدەك مەست بولۇشۇپتۇ، ئۇلار گىمنازىيىدە ئوقۇغان قىزلار بىلەن ۋاقىتنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزسە كېرەك. بۇ ئادەتتىكى ئىشقۇ! ئۇ ئۆزىگە كۆرسىتىلگەن مېھماندوستلۇقنى يەنە شۇنداق مېھماندوستلۇق بىلەن قايتۇرۇشنى كۆڭۈللۈك بۇرچ دەپ ھېسابلايدىكەن، شۇڭا بۇنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ... سىز ھاراق ئىچەمسىز؟

* مىستېر — ئىنگلىزچە «ئەپەندى»، «جانابىي» دېگەن مەنىدە — ت.

— رەھمەت، ئىچىمەن، — گرىگورىي تىزگىنىن تۇتۇپ
ۋە يولنىڭ چاڭ - توزانلىرىدىن كىر بولۇپ كەتكەن قوللىرىغا
سەزدۈرمەستىن قاراپ قويدى.

پورۇچىك قۇتىلارنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئاغ-
زىنى پىچاق بىلەن ئەپچىللىك بىلەن ئاچقاندىن كېيىن
خۇرسىنىپ دېدى:

— يۈزبېشى، قارىماسىز، مۇنۇ ئىنگلىز چوشقىسى مېنى
بىزار قىلىۋەتتى! ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىچكىنى - ئىچكەن.
ھاراقنى سۇدەك سۈمۈرىدۇ، بۇندىقىنى مەن كۆرمىگەن! بىلەمسىز،
مەن ئۆزۈممۇ ئانچە - مۇنچە ئىچىپ تۇرىمەن، ئەمما مۇنۇ
ئادەمدەك ھەددىدىن زىيادە ئىچەلمەيمەن. يەنە كېلىپ بۇ، —
پورۇچىك لېيتېنانتقا ھىجىيىپ قاراپ قويدى - دە، گرىگورىي
كۈتمىگەن بىر ئەھۋالدا ئاناڭنى دەپ تىللىۋەتتى، — ئاچ قور-
ساقىمۇ ئىچىدۇ ۋە باشقا قانداق توغرا كەلسە شۇنداق
ئىچىۋېرىدۇ.

لېيتېنانت ھىجىيىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، رۇس
تىلىنى بۇزۇپ:

— سونداق - سونداق!... ياقسى، سىزنىڭ سالامەتلىك
ئىچمەك كەرەك! — دېدى.

گرىگورىي كۈلۈپ، چاچلىرىنى تىترىتىپ كەتتى. بۇ ئىككى
يىگىت ئۇنىڭ دىتىغا پۈتۈنلەي ياققانىدى، بولۇپمۇ لېيتېنانتنىڭ
مەنىسىز ھىجىيىشى، رۇسچىنى كۈلكىلىك سۆزلىشى گرىگورىي
ئۈچۈن زوقلىنارلىق ئىدى.

پورۇچىك ئىستاكاننى سۈرتۈپ دېدى:

— ئىككى ھەپتىدىن بۇيان مەن بۇنىڭ بىلەن ئەپلەپ -
سەپلەپ ئۆتۈۋاتىمەن. بۇ قانداق نېمىكەن دېمەمسىز؟ ئۇ بىز-
نىڭ 2 - كورپۇسقا بېرىلگەن تانكىلارنى ھەيدەش تۇغ-

رۇلۇق يولىيورۇق بېرىدىغان مۇتەخەسسىس سۈپىتىدە ئىشلەيدۇ. مېنى يۇنىڭغا تەرجىمان قىلىپ قوشۇپ قويدى. مەن ئىنگلىزچىنى راۋان سۆزلەيمەن، بۇ ئىش بېشىمغا چىقتى... بىزنىڭكىلەرمۇ ئىچىدۇ، ئەمما بۇ دەرىجىدە ئەمەس. بۇنىڭ قانداق نېمە ئىكەنلىكىنى كىم بىلىدۇ! بۇنىڭ قانچىلىك ئىچەلەيدىغانلىقىنى تېخى كۆرمىسىز! ئۇنىڭ تەنها ئۆزىگە بىر سوتكىدا كەم دېگەندە تۆت - بەش شىشە كونياك كېرەك. ئارىلاپ دەم ئېلىپ، ھەممىنى ئىچىۋېتىدۇ، ئەمما مەست بولمايدۇ، ھەتتا شۇنچىلىك ئىچىپ تۇرۇقلۇقمۇ خىزمىتىنى قىلىۋېرىدۇ. ئۇ مېنىڭ ھالىمنى قويمىدى. ئاشقازىنىم تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى، شۇ كۈنلەردە كەيپىم ياخشى ئەمەس، پۈتۈن ئەزايىم ئىسپىرت بىلەن زەھەرلىنىپ بولدى، ھەتتا كۆيۈۋاتقان چىراغنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشتىن قورقىمەن... ئاقىۋىتى قانداق بولۇركىن! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ، كونياكنى ئىككى ئىستاكانغا لىق توشقۇزدى، ئۆزىگە ئازلا قۇيدى.

لېيتېنانت ئىستاكاننى كۆزى بىلەن كۆرسىتىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ، بىرنېمىلەرنى دەپ قىزغىن سۆزلەشكە كىرىشتى. پورۇچىك يېلىنغاندەك، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، سالماقلىق بىلەن كۈلۈپ جاۋاب بەردى، پەقەت ئاندا - ساندىلا مۇلايىم قارا كۆزلىرىدە غىل - پال غەزەپ ئوتى ئۇچقۇندىدى. گىرىگورىي ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ، ئوچۇق چىراي ئۈلپەتلەر بىلەن سوقۇشتۇردى - دە، بىر يولى ئىچىۋەتتى.

— ئوھوي! — دېدى ئىنگلىز ماقۇللاپ، ئۆز ئىستاكانىنى ئوتلاپ - ئوتلاپ ئىچىۋېتىپ، پورۇچىكقا يامان كۆز بىلەن قاراپ قويدى.

لېيتېنانتنىڭ شىرە ئۈستىدە تۇرغان قارامتۇل يوغان ئىچكى قوللىرىنىڭ دۈمبىسى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ماشىنا مېيىدىن

قارىيىپ كەتكەن، ئۇنىڭغا ھەردائىم بىنىزىن تېگىپ تۇرغانلىقتىن بارماقلىرىنىڭ تېرىسى سويۇلۇپ، ئالىچىپار يارا بولۇپ قالغان، ئەمما يۈزى تولۇشقان، سىمىز، قىزىل. قوللىرى بىلەن يۈزى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇنچىلىك چوڭ ئىدىكى، گىرىگورىيغا گويا لېيتېنانت يۈزىگە نىقاب تارتىپ ئولتۇرغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— سىز مېنى قۇتقۇزۇپ قېلىڭ، — دېدى پورۇچىك ئىككى ئىستاكاننى لېۋىگىچە تەڭ توشقۇزۇپ.

— ئۇ نېمىشقا ھاراقنى يالغۇز ئىچمەيدۇ؟

— گەپ مانا شۇنىڭدا! ئەتىگەندە يالغۇز ئىچىمدۇ، كەچقۇرۇندا يالغۇز ئىچەلمەيدۇ. خۇش ئەمىسە، ئىچەيلى.

— ئەجەب كۈچلۈك ھاراقكەن...، — گىرىگورىي بىر ئاز ئىچىپ، ئۇندىن كېيىن لېيتېنانتنى ھەيران قالدۇرۇپ، قالغىنىنى ئاغزىغا بىرلا قۇيدى.

— ئۇ سىزنى ئەزىمەت ئىكەن دەيدۇ. سىزنىڭ ئىچىشىڭىز ئۇنىڭغا يېقىپتۇ.

— بىز ئىككىمىز ۋەزىپىمىزنى ئالماشتۇرساقمۇ بوپتىكەن، — دېدى گىرىگورىي كۈلۈپ.

— ئەمىنىمەنكى، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن سىزمۇ ئىچىپ كېتىسىز!

— مۇشۇنداق ناز - نېمەتتىن قېچىپ كېتەمدىمەن؟

— مەن ھەر ھالدا مۇنداق ناز - نېمەتتىن ئاللىقاچان قاچقان بولاتتىم.

— فرونتتا ئەھۋال بۇنىڭدىن يامان.

— بۇ يەرنىڭ ئۆزىمۇ ئالدىنقى سەپ، ئۇ يەردە مىلتىق ئوقى ياكى سىنارەت سۇنۇقلىرىدىن ئۆلۈپ كېتىش مۇمكىن، لېكىن مۇقەررەر ئەمەس، بۇ يەردە بولسا بەزگەك كېسىلىگە ئۇچرىشىم

تۇرغان گەپ. مۇنۇ مېۋە كونسېرۋاسىنى يەپ باقامسىز. سۇرلەنگەن گۆش يېگۈڭىز بارمۇ؟

— رەھمەت. يەۋېرىمەن.

— ئىنگلىزلەر بۇنداق ئىشلارغا ماھىر. ئۇلار ئۆز ئارمىيىسىنى بىزگە ئوخشاش باقمايدۇ.

— بىزدە زادى ئوزۇقلاندۇرۇش بارمۇ؟ بىزنىڭ ئارمىيىنىڭ يەيدىغىنى يايلاقتىكى ئوت.

— ئەپسۇسكى، بۇ دېگىنىڭىز توغرا، لېكىن جەڭچىلەرنى بۇنداق ئۇسۇل بىلەن بېقىپ، يىراققا ئاپارغىلى بولمايدۇ، بولۇپمۇ، ئاشۇ جەڭچىلەرگە ئاھالىنى بىمالال بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا قويۇپ بېرىدىغان بولسا...

گرىگورىي پورۇچىكقا دىققەت بىلەن قاراپ، سورىدى:

— سىز يىراق يەرگە بېرىشقا تەييارلىنىۋاتامسىز؟

— بىزمۇ يول ئۈستىدىكى ئادەملەر، سىز نېمە توغرۇلۇق سوراۋاتىسىز؟ — پورۇچىك لېيتېنانتنىڭ شېشىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭغا ئىستاكاننى لىق توشقۇزغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

— ئەمدى سىزگە تۈگەل كۆتۈرۈۋېتىشكە توغرا كەلدى، — دېدى گرىگورىي كۈلۈپ.

— مانا باشلاندى! — پورۇچىك ئىستاكانغا قاراپ قويۇپ، ئىھ - ئىھلاشقا باشلىدى. ئىككى مەڭزىگە يۇپقا قىزىللىق يۈگۈردى.

ئۈچەيلەن ئۈنچىقماستىن سوقۇشتۇرۇپ، بىر يولى ئىچىۋەتتى.

— يولىمىز بىر، ئەمما ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئوخشاشمايدۇ... — گرىگورىي يەنە سۆز باشلىدى، تەخسىدىكى غىلتاڭلاپ تۇرغان ئۆرۈكنى ۋىلكا بىلەن سانجىيالماي چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — خۇددى بىر پويىزدا كېتىۋاتقاندەك، بىرىمىز يېقىن

يەردە چۈشۈپ قالىمىز، يەنە بىرىمىز يىراققا بارىمىز..

— سىز ئاخىرقى ئىستانسىغىچە بارمايسىزغۇ؟

گرىگورىي ئۆزىنىڭ كەيپ بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئەمما مەستلىكى تېخى قاتتىق ئەمەس ئىدى، ئۇ كۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— ئاخىرقى ئىستانسىغا بېرىش ئۈچۈن بېلەت ئېلىشقا دەسمايەم يېتىشمەيدۇ. سىزچۇ؟

— مېنىڭ ئەھۋالىم باشقا: مېنى چۈشۈرۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ، شىپال بويلاپ پىيادە يۈرۈپ، ئاخىرقى ئىستانسىغىچە بارىمەن!

— ئۇنداق بولسا يولىڭىز بولسۇن! قېنى، ئىچىۋېتەيلى!

— ئىچىشكە توغرا كېلىدۇ. مەن ئۈچۈن ياخشى بولىدى...

لېيتېنانت ئىستاكاننى گرىگورىي ۋە پورۇچىك بىلەن سوقۇشتۇرۇپ، ئۈنچىقماي ئىچتى، دېگۈدەك زاكوسكىمۇ يېمىدى. يۈزى خىشتەك قىزىرىپ كەتتى، كۆزلىرى ۋالىلدىدى، ھەرىكەتلىرىدە ئالدىن مۆلچەرلەنگەن سۇسلۇق پەيدا بولدى، ئىككىنچى شېشىنى ئىچىپ بولماي تۇرۇپ، ئورنىدىن تەسلىكتە تۇردى - دە، چامادانلىرىنىڭ قېشىغا چىڭ - چىڭ دەسسەپ بېرىپ، ئۈچ شېشە كونياك ئەكەلدى. ئۇلارنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېتىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ، يوغان ئاۋاز بىلەن بىر نېمە دېدى.

— مىستېر كېمپبېل كۆڭۈل ئېچىشنى ئۇزارتساق دەيدۇ. ئاپلا، بۇ مىستېرنىڭ ئىشىنى! سىزنىڭچە قانداق؟

— ئۇنداق بولسا، ئۇزارتىش مۇمكىن، — گرىگورىي ماقۇل بولدى.

— ياپىردىم، نېمىدېگەن ئىچىش! بۇ ئىنگلىزنىڭ بەدىنىدە رۇس سودىگىرىنىڭ روھى بارغۇ دەيمەن. ئەمدى مەن تەييار بولۇپ قالدىم...

— چىرايىڭىزدىن مەستەك كۆرۈنمەيسىز، — دېدى

گرىگورىي ھىيلىگەرلىك بىلەن.

— ئېمىشقا مەست ئەمەسكەنمەن! ھازىر مەن خۇددى قىز باللىدەك ئاجىزمەن... ئەمما ئۆلپەتلىشەلەيمەن، شۇنداق، شۇنداق، ئۆلپەتلىشەلەيمەن، ھەتتا پۈتۈنلەي قادىر!

پورۇچىك ھېلىقى تولدۇرۇلغان ئىستاكاننى ئىچمۇەتكەندىن كېيىن خېلىلا بوشىشىپ كەتتى: قارا كۆزلىرى خىرەلىشىپ سەل - پەل ئالىغايلىنىشقا باشلىدى، يۈزىنىڭ بۈلجۈڭ گۆشلىرى بوشاشتى، لەۋلىرى ئۆز ئىزىدا تۇرمايدىغان بولدى، ياكى سۆڭەكسىنىڭ تېرىسى ئاستىدىكى ئەتلىرى دىر - دىر تىترىگىلى تۇردى. كېيىنكى ئىچكەن كونياك بېشىنى گاراڭ قىلىپ قويىدى. پورۇچىكنىڭ يۈز - چىرايى گويا سويۇش ئالدىدا يوغان بازغان بىلەن ماڭلىيىغا بىرنى سالغان ئۆكۈزنىڭ سىياقىدەك بولۇپ قالدى.

— سىز تېخى پۈتۈنلەي ئۆز پېتىڭىزدا تۇرۇپسىز. سىز ئىچىپ ئادەتلەنگەن تۇرسىڭىز، بۇ سىزگە ھېچ نەرسە ئەمەس، — دەپ تەكىتلەپ قويىدى گرىگورىي. بۇمۇ خېلىلا كەيىپ بولغانىدى، ئەمما شۇنداقتىمۇ يەنە كۆپ ئىچەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

— بۇ گېپىڭىز راستىمۇ؟ — پورۇچىك خۇش بولۇپ كەتتى، — ياق - ياق، باشتا مەن بىرقەدەر لەۋلاشقانىدىم، ئەمما ھازىر — مەرھەمەت قىلىڭ، قانچە ئىچسەم ئىچىۋېرىمەن! خۇددى شۇنداق: قانچە ئىچسەم ئىچىۋېرىمەن! سىز ماڭا يېقىپ قالدىڭىز، يۈزبېشى. راستىنى ئېيتسام، سىزدە كۈچ ۋە سەممىيەت بارلىقى سېزىلىپ تۇرۇپتۇ. ماڭا مۇشۇ ياقىدۇ. كېلىڭ، مۇنۇ ئەخمەق ھاراقكەشنىڭ ۋەتىنى ئۈچۈن ئىچەيلى. دۇرۇس، ئۇ ھايۋاندەك بىر نەرسە، ئەمما ئۇنىڭ ۋەتىنى ياخشى. «دېڭىز ھۆكۈمرانى، بىرىتانىيە!» ئىچەمدۇق؟ ئەمما ھەممىنى ئىچەيلى! سىزنىڭ ۋەتىنىڭىز ئۈچۈن، مىستېر كېمپبېل! — پورۇچىك

كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ جان - جەھلى بىلەن ئېچىۋەتتى - دە، سۇرلەنگەن گۆشتىن يېدى، — بۇ مەملىكەت نېمىدېگەن گۈزەل، يۈزبېشى! سىز ئۇنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەلمەيسىز، مەن ئۇ يەردە تۇرغان... خوش، ئېچەيلى!

— ئۇ ئاناڭدەك بولسىمۇ، بەرىبىر ياتنىڭ ئانىسى.

— تالاشمايلى، ئېچەيلى!

— ئېچەيلى.

— تۆمۈر ۋە ئوتنىڭ كۈچى بىلەن ۋەتىنىمىزدىن چىرىكلىكنى سۈرۈپ چىقىرىش كېرەك، ئەمما بىز كۈچسىز. بىزدە ئومۇمەن ۋەتەن يوق بولۇپ چىقتى. مەيلى يوق بولسا بولسۇن! بىزنىڭ قىزىللارنى يېڭىدىغانلىقىمىزغا كېيىپىل ئىشەنمەيدۇ.

— ئىشەنمەمدۇ؟

— ھەئە، ئىشەنمەيدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئارمىيە توغرىسىدا ياخشى پىكىردە ئەمەس، ئەمما قىزىللارنى ماختاش بىلەن تەرىپلەيدۇ.

— ئۇ جەڭگە قاتناشتىمۇ؟

— قاتناشمايچۇ! ئۇنى قىزىللار تۇتۇۋالغىلى ئاز قالدى، لەنىتى كونىياكنىڭ كاساپىتى!

— كۈچلۈك ئىكەن! ئۇ ئىسپىرتتەك يامانمۇ نېمە؟

— سەل بوشراق. كېيىپېلنى ئاتلىق ئەسكەرلەر بالادىن قۇتقۇزۇۋالدى، ئۇنداق بولمىغاندا قولغا چۈشۈپ قالاتتى. بۇ — ژۇكوف يېزىسىنىڭ قىشىدا بولغان ئىش. ئۇ چاغدا قىزىللار بىزنىڭ بىر تانكىمىزنى قولغا چۈشۈردى... سىز غەمكىن كۆرۈنىسىزغۇ. بىر ئىش بولدىمۇ؟

— يېقىندا ئايالىم قازا تاپتى.

— بۇ دەھشەت ئىش ئىكەن! بالىلار قالدىمۇ؟

— ھەئە.

— بالىلىرىڭىزنىڭ سالامەتلىكى ئۇچۇن! مېنىڭ بالىلىرىم يوق، بەلكى بار بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەگەر بار بولسا، ئۇلار ئېھتىمال، بىر يەردە گېزىتپۇرۇشلۇق بىلەن يۈگۈرۈپ يۈرگەندۇر... كېمپبېلنىڭ ئەنگلىيىدە قالىلقى بار. ئۇ ۋاقتى ـ قارارىنى ئۆتكۈزمەستىن قالىلقىغا ھەپتىدە ئىككى قېتىم خەت يېزىپ تۇرىدۇ. يازغاندىمۇ، ئېھتىمال، بىمەنە گەپلەرنى يازىدىغاندۇر. مەن ئۇنى دېيەرلىك يامان كۆرىمەن. نېمە دېدىڭىز؟

— مەن ھېچنېمە دېگىنىم يوق. ئەمما ئۇ نېمىشقا قىزىللارنى ھۆرمەتلەيدۇ؟

— كىم دېدى، ھۆرمەتلەيدۇ دەپ؟

— سىز دېدىڭىز.

— مۇمكىن ئەمەس! ئۇ قىزىللارنى ھۆرمەتلىمەيدۇ، ھۆرمەت قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، سىز خاتا ئېيتىۋاتىسىز! شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭدىن سوراپ باقاي.

كېمپبېل چىرايى ئۆڭگەن مەست پوروۋچىكنىڭ سۆزىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالغاندىن كېيىن، ئۇزاققىچە بىر نېمىلەرنى دېدى. گرىگورىي سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەستىنلا:

— ئۇ نېمىدەپ بىلجىرلاۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ چىغ چورۇق كىيگەن قىزىللارنىڭ پىيادە سەپ بولۇپ، تانكىغا قارشى ئاتاكىغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. بۇ كۆپايە قىلامدۇ؟ ئۇ، خەلقنى يېڭىش مۇمكىن ئەمەس دەيدۇ. ئەخمەق! سىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەڭ.

— قانداقچە ئىشەنمەيمەن؟

— ئومۇمەن.

— خوش، قانداقچە؟

— ئۇ مەست، شۇڭا ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاۋېرىدۇ. خەلقنى يېڭىش مۇمكىن ئەمەس، دېگىنى قانداق گەپ؟ خەلقنىڭ

بىر قىسمىنى يوقىتىش مۇمكىن، قالغانلىرىنى ئىجرا قىلدۇرۇش كېرەك... مەن نېمە دېدىم؟ ياق، ئىجرا قىلدۇرۇش ئەمەس، ئىتائەت قىلدۇرۇش كېرەك. بىز نەچچە شېشىنى ئېچىپ تۈگەتتۇق؟ — پورۇچىكنىڭ بېشى ئىككى قولىنىڭ ئۈستىگە موكلا چۈشتى، جەينىكى بىلەن كونسېرۋا قۇتىسىنى ئۆرۈۋەتتى - دە، شىرەنىڭ ئۈستىگە مەيدىسىنى قويغان پېتى، تېز - تېز نەپەس ئېلىپ، ئۇن مىنۇتچە ئولتۇردى.

دېرىزىنىڭ تېشى قاپقاراڭغۇ كېچە ئىدى. دېرىزە قاپقىقىغا تورۇكلاپ يامغۇر ئۇرۇپ تۇراتتى. يىراق بىر يەردە گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇنىڭ گۈلدۈرماما ياكى توپ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى گرىگورىي ئۇقالمىدى. تاماكا تۈتۈنىنىڭ كۆكۈچ بۇلۇتىغا پۈركەنگەن كېمپىبىل چىشلىرى ئارىسىدىن كونياكنى سۈزۈلدۈرۈپ ئىچىپ ئولتۇراتتى. گرىگورىي پورۇچىكنى مۈرىسىدىن تۈرتۈپ، دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، دېدى:

— ماڭا قارا، ئۇنىڭدىن سوراپ باقسىن، قىزىللار نېمىشقا بىزنى يېڭىشكە تېگىشلىك ئىكەن؟

— ماڭغىنا! — دېدى پورۇچىك غودۇڭشىپ.

— ياق، سوراپ باق.

— يوقال! كۆزۈمدىن يوقال!

— سورا، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن!

پورۇچىك بىر مىنۇتچە گرىگورىيغا هاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ قالدى - دە، كېيىن گەپكە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇرغان كېمپىبىلگە كېكەچلەپ بىر نېمىلەرنى دېدى، ئاندىن جۈپلەشكەن ئىككى مۇشتىنىڭ ئۈستىگە يەنە بېشى چۈشۈپ كەتتى. كېمپىبىل پورۇچىكقا مەنسىتمەسلىك بىلەن كۈلۈپ قاراپ، گرىگورىينىڭ يېڭىدىن تارتىپ قويۇپ، گەپ - سۆزسىز چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى: ئۆرۈكنىڭ ئۈچكىسىنى شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا

سۇرۇپ قويدى، گويا بىر - بىرىگە سىلىشتۇرغاندەك ئۇچكىنىڭ يېنىغا يوغان ئالقىنىنى يانتۇ قىلىپ قويدى - دە، تىلىنى چوكۇلدىتىپ، ئالقىنى بىلەن ئۇچكىنى ياپتى.

— سەنمۇ شۇنى ئويلاپ تاپتىڭمۇ! سەن چۈشەندۇرمىسەڭمۇ، بۇنى بىلەتتىم...، — دەپ غودۇڭشىدى گرىگورىي ئويغا چۆمۈپ. ئۇ دەلدەڭشىپ تۇرۇپ، مېھماندوست لىيتېنانتنى قۇچاقلىدى، ھەرىكەت ئىشارىسى بىلەن داستىخاننى كۆرسەتتى - دە، بېشىنى ئېگىپ تازىم قىلدى، — مېھمان قىلغىنىڭغا رەھمەت! خەير - خوش. ساڭا نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلەمسەن؟ سەن بۇ يەردە كاللاڭنى ئۈزۈپ تاشلاشتىن بۇرۇنراق ئۆيۈڭگە تېزرەك كەت. مەن بۇ سۆزنى ساڭا چىن كۆڭلۈمدىن ئېيتىۋاتىمەن. چۈشەندىڭمۇ؟ بىزنىڭ ئىشىمىزغا سەنلەرنىڭ ئارىلىشىشىڭلارنىڭ كېرىكى يوق. ئۇقتۇڭمۇ؟ مەرھەمەت قىلىپ يولۇڭغا ماڭ، بولمىسا، بۇ يەردە تاياق يەپ كېتىسەن!

لېيتېنانت ئورنىدىن تۇرۇپ، تازىم قىلدى، ئاندىن قاتتىق ئۈيقۇغا كەتكەن پورۇچىكقا بىردەم - بىردەم زەئىپ نەزەر بىلەن قاراپ، گرىگورىينىڭ يەلكىسىنى دوستانە قېقىپ قويۇپ قىزغىن سۆزلەپ كەتتى.

گرىگورىي ئىشكىنىڭ لوكىدانىنى تەسلىكتە تاپتى - دە، دەلدەڭشىپ، پېشايۋانغا چىقتى. ئۇنىڭ يۈزىگە قىيپاش ياغقان ئۇششاق يامغۇر ئۇرۇلدى. چاقماق چېقىپ، كەڭ ھويلىنى، ھۆل پەنجىرىنى، باغدىكى دەرەخلەرنىڭ پارقىراپ تۇرغان ياپراقلىرىنى يورۇتۇۋەتتى. گرىگورىي پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشتى - دە، ئورنىدىن تۇرغاندا مۇنۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى:

— ئوفىتسېرچاقلار تېخىچە ئىچىشىۋاتامدۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى بىرى دالاندا سەرەڭگە يېقىۋېتىپ.

غۇۋا، غاراك ـ غۇرۇك چىققان بىر ئاۋاز سالماقلىق بىلەن تەھدىت ئاھاڭىدا جاۋاب بەردى:

— هاراق ئىچىش ئۇلارنىڭ بېشىغا چىقىدۇ... ئۇلار ئىچە ـ ئىچە، ئاخىر بېشىغا بالا تاپىدۇ!

## 20

دون ئارمىيىسى خوپېر ئوكرۇگىنىڭ چېگرىسىدىن چىقىش بىلەنلا، 1918 ـ يىلىدىكىگە ئوخشاش، ئۆز ھەرىكىتى داۋامىدا ھۇجۇمكار كۈچلىرىدىن يەنە ئايرىلىپ قالدى. يۇقىرىقى دوننىڭ قوزغىلاڭچى كازاكلىرى ۋە قىسمەن خوپېرلىقلار بۇرۇنقىدەكلا دون ئوبلاستى چېگرىسىنىڭ تېشىدا ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىدى؛ ئۆز سەپلىرىنى يېڭى كۈچلەر بىلەن تولۇقلاندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىمۇ كۈچەيدى، ئەمدىلىكتە بۇلار ئاھالە ھېسداشلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان تېررىتورىيىدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى، كازاكلار يەنە مۇداپىئە ئۇرۇشىغا كۆچۈشكە قارشى ئەمەس ئىدى، دون ئارمىيىسى قوماندانلىقى ھېچقانداق ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن ئۇلارنى تېخى يېقىندىلا ئۆز ئوبلاستى دائىرىسى ئىچىدە جەڭ قىلغاندەك قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىشقا مەجبۇر قىلالمىدى، ھالبۇكى، بۇ ئۇچاستىكىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئۈستۈنلۈك كازاكلار تەرەپتە ئىدى: جەڭلەردە جۇلىغى چىققان 9 ـ قىزىل ئارمىيىدە 11 مىڭ پىيادە ئەسكەر، 5000 ئاتلىق ئەسكەر، 52 زەمبىرەك بولغان بولسا، بۇلارغا قارشى جەڭگە تاشلانغان كازاك كورپۇسلىرىدا 14 مىڭ 400 پىيادە ئەسكەر، 10 مىڭ 600

ئاتلىق ئەسكەر، 53 زەمبىرەك بار ئىدى.

ئەڭ قاتتىق ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرى يان قانات تەرەپلەردە، يەنى جەنۇبىي كۇبان پېدائىي ئارمىيىسىنىڭ قىسىملىرى ھەرىكەت ئېلىپ بارغان يەرلەردە بولدى. گېنېرال ۋرانگېلنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى پېدائىيلار ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئوكرايىنانىڭ ئىچكىرىسىگە ئۇتۇقلۇق ئالغا ئىلگىرىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا 10 - قىزىل ئارمىيىگە كۈچلۈك بېسىم كۆرسىتىپ، ئۇنى قاتتىق قىستاپ، ساراتوف تەرەپتە قاتتىق جەڭلەر بىلەن ئالغا سىلجىماقتا ئىدى. 28 - ئىيۇلدا كۇبان ئاتلىقلىرى كامىشىنغا يېقىنلا بېسىپ كېلىپ، بۇ شەھەرنى قوغداپ تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەسىرگە ئالدى. 10 - ئارمىيىنىڭ قىسىملىرى ئېلىپ بارغان قايتۇرما ھۇجۇم تارمار كەلتۈرۈلدى. دادىل مانېۋىرلىق ئۇرۇش ئېلىپ بارغان كۇبان - تېرىسك تەرمە ئاتلىقلار دىۋىزىيىسى سول قاناتنى قورشىۋېلىش خەۋپىنى تۇغدۇردى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە 10 - ئارمىيە قوماندانلىقى قىسىملارنى بورزېنكوۋو - لاتىشېۋو - كراسنى يار - كامېنكا - بانوۋىي فرونتىغا ئەكەتتى. شۇ ۋاقىتتا كەلگەندە 10 - ئارمىيىنىڭ سەپلىرىدە 18 مىڭ پىيادە ئەسكەر، 8000 ئاتلىق ئەسكەر ۋە 132 زەمبىرەك بار ئىدى؛ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇۋاتقان كۇبان پېدائىيلار ئارمىيىسىدە 7600 پىيادە ئەسكەر، 10 مىڭ 750 ئاتلىق ئەسكەر، 68 زەمبىرەك بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئاقلار تانكا ئەترەتلىرىگە ئىگە ئىدى، شۇنىڭدەك ئۆز ئىختىيارىيدا رازۋېتكا خىزمىتى ئۆتەۋاتقان ۋە ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرىگە قاتنىشىۋاتقان خېلى كۆپ ئايروپىلانلىرى بار ئىدى. لېكىن ۋرانگېلغا نە فرانسۇز ئايروپىلانلىرى، نە ئىنگلىز تانكىلىرى بىلەن توپ - زەمبىرەكلىرى ئانچە ياردەم بېرەلمىدى؛ ئۇ كامىشىننىڭ نېرىسىغا ئىلگىرىلەشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى.

بۇ ئۇچاستكىدا ئۇزاققا سوزۇلىدىغان، قاتتىق جەڭلەر باشلانغان بولۇپ، پەقەت فرونت لىنىيىسىدە ئازغىنا ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە سەۋەب بولغانىدى.

ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدا قىزىل ئارمىيىلەرنىڭ جەنۇبىي فرونتىنىڭ پۈتۈن مەركىزىي ئۇچاستكىسى بويىچە كەڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈش تەييارلىقى باشلاندى. شۇ مەقسەت بىلەن 9 - ۋە 10 - ئارمىيە شورىن قوماندانلىقى ئاستىدا زەربىدار گۇرۇپپىغا بىرلەشتۈرۈلدى. زەربىدار گۇرۇپپىنىڭ زاپاستىكى كۈچلىرىگە شەرقىي فرونتتىن يۆتكەپ كېلىنىدىغان 28 - دىۋىزىيە ۋە ئىلگىرىكى قازان مۇستەھكەملەنگەن رايونىنىڭ بىر بىرىگادىسى ھەمدە 25 - دىۋىزىيە بىلەن ساراتوف مۇستەھكەملەنگەن رايونىنىڭ بىر بىرىگادىسى كېلىشكە تېگىشلىك ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا جەنۇبىي فرونتنىڭ قوماندانلىقى زەربىدار گۇرۇپپىنى فرونت زاپاس كۈچلىرى ھېسابىدا تۇرغان ئەسكەرلەر بىلەن ۋە 56 - ئوقچى دىۋىزىيىسى بىلەن كۈچەيتتى. 8 - ئارمىيە ۋە بۇ ئارمىيە ئىختىيارىغا بېرىلگەن شەرقىي فرونتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن 31 - پىيادە دىۋىزىيە كۈچلىرى ھەمدە 7 - پىيادە دىۋىزىيە كۈچلىرى ۋورونېژ تەرەپتە كۆمەكچى زەربە بېرىشنى ئۈستىگە ئېلىش بەلگىلەندى.

ئومۇمى ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئاۋغۇستنىڭ 1 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا يۈرگۈزۈلۈشكە بەلگىلەندى. قىزىللارنىڭ باش قوماندانىنىڭ پىلانى بويىچە، 8 - ۋە 9 - ئارمىيىلەرنىڭ زەربىسى يان قاناتتىكى ئارمىيىلەرنىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن بىر ۋاقىتتا بېرىلىشكە تېگىشلىك ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەڭ مەسئۇلىيەتلىك ۋە مۇرەككەپ ۋەزىپە 10 - ئارمىيىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن بولۇپ، بۇ ئارمىيە دوننىڭ سول قىرغىقى بويلاپ ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچلىرىنى شىمالىي كاۋكازدىن بۆلۈپ

تاشلاشقا تېگىشلىك ئىدى. غەربتە 14 - ئارمىيىنىڭ بىر بۆلۈم
كۈچلىرى بىلەن چاپلىنو-لوزوۋايا لىنىيىسىگە قاراپ شىددەتلىك
نامايىشكارانە ھۇجۇم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش نىيەت قىلىندى.
9 - ۋە 10 - ئارمىيىنىڭ ئۇچاستكىلىرىدا زۆرۈر تەڭشەش،
قايتىدىن توپلارغا ئايرىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەزگىلدە،
ئاقلار قوماندانلىقى دۈشمەن ھازىرلىق كۆرۈۋاتقان ھۇجۇمنى
بۇزۇش مەقسىتىدە، فرونتنى يېرىپ ئۆتۈپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ
يىراق ئارقا سەپلىرىگە ئىچكىرىلەپ ھۇجۇم قىلىپ كىرىشى
ئۈچۈن مامونتوف كورپۇسىنى قوراشتۇرۇپ تەشكىللەش ئىشىنى
پۈتتۈردى. ۋرانگېل ئارمىيىسىنىڭ تسارتىسىن تەرەپتىكى مۇۋەپپە-
قىيىتى بۇ ئارمىيىنىڭ فرونتىنى سولغا كېڭەيتىپ، دون
ئارمىيىسىنىڭ فرونتىنى قىسقارتىپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىن بىرنەچچە
ئاتلىق دىۋىزىيىلىرىنى ئاجرىتىۋېلىشقا ئىمكان بەردى. 7 -
ئاۋغۇستتا ئۇرىيوپىنسكايا بازىرىدا 6000 ئاتلىق ئەسكەر، 2800
پىيادە ئەسكەر ۋە تۆتتىن زەمبىرەكى بار ئۈچ بىاتارىيە
توپلاندى.

10 - ئاۋغۇستتا بولسا يېڭىدىن تەشكىللەنگەن كورپۇس
گېنېرال مامونتوفنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا 8 - ۋە 9 - ئارمىيە-
لەرنىڭ قوشۇلۇشۇپ تۇرغان يېرىدە فرونتىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ،
نوۋوخوپېرىسكىدىن تامبوفقا قاراپ يول ئالدى.

ئاقلار قوماندانلىقىنىڭ دەسلەپكى نىيىتى بويىچە قىزىللار-
نىڭ ئارقا سەپلىرىگە ئىچكىرىلەپ ھۇجۇم قىلىشقا مامونتوفنىڭ
كورپۇسىدىن باشقا، يەنە گېنېرال كونوۋالوفنىڭ ئاتلىق
كورپۇسىمۇ ئەۋەتىش بەلگىلەنگەنىدى، ئەمما كونوۋالوفنىڭ
قىسىملىرى ئىگىلەپ تۇرغان ئۇچاستكىدا جەڭ باشلىنىپ كەت-
كەنلىكتىن، بۇ كورپۇسنى فرونتتىن ئاجرىتىپ ئەكېتىش
مۇمكىن بولمىدى. بۇ ئەھۋالنىڭ بولۇشىغا مامونتوفنىڭ زىممە-

سىگە يۆتكەلگەن ۋەزىيەتنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكى سەۋەب بولدى، ئۇنىڭغا يۆتكەلگەن ۋەزىيە چەكتىن ئاشماي، موسكۋاغا يۈرۈش قىلىشنىمۇ خىيال قىلماي، پەقەت دۈشمەننىڭ ئارقا سەپلىرىنى ۋە قاتناش يوللىرىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىغاندىن كېيىنلا، يېڭىباشتىن دۆلىتىمىزگە قوشۇلۇش ئىدى، ھالبۇكى، دەسلەپتە ئۇنىڭغا ۋە كونوۋالوفقا بارلىق ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ، مەركىزىي رايوندىكى ئارمىيەلەرنىڭ يان قانىتىغا ۋە ئارقا سەپلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى تېز يۈرۈش بىلەن روسىيىنىڭ ئىچكىرىسىگە ئىلگىرىلەپ، بۇ يەردىكى سوۋېتكە قارشى كەيپىياتتىكى ئاھالە قاتلاملىرى ھېسابىغا كۈچلىرىنى تولۇقلاندۇرۇپ، موسكۋاغىچە ئىلگىرىلەپ بېرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلگەنىدى.

8 - ئارمىيە زاپاستىكى كۈچلەرنى ئىشقا سېلىش بىلەن ئۆزىنىڭ سول قاناتتىكى ئەھۋالىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. 9 - ئارمىيىنىڭ ئوڭ قانىتى كۈچلۈك ۋەيران قىلىنغان بولۇپ چېكىندى. باش زەربىدار گۇرۇپپىنىڭ قوماندانى شورىن تېز تەدبىر قوللىنىپ، ھەر ئىككى ئارمىيىنىڭ ئىچكى قاناتلىرىنى تۇتاشتۇرۇۋالدى، ئەمما مامونتوفنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى توختىتىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. شورىننىڭ بۇيرۇقى بويىچە، كىرسانوف رايونىدىن زاپاستىكى 56 - دىۋىزىيە مامونتوفقا قارشى چىقىرىلغانىدى. بۇ دىۋىزىيىنىڭ ھارۋىلاردا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، سامپۇر ئىستانسىسىغا ئەۋەتىلگەن بىر باتالىيونى دەسلەپكى ئۇچرىشىش جېڭىدىلا مامونتوف كورپۇسىنىڭ يان قاناتتىكى ئەترەتلىرىنىڭ بىرى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىپ تاشلاندى. تامبوۋ - بالاشوۋ تۆمۈريول ئۇچاستىكىسىنى قوغداشقا ئەۋەتىلگەن 36 - پىيادە دىۋىزىيىسىنىڭ ئاتلىقلار بىرىگادىسىمۇ خۇددى شۇنداق قىسمەتكە ئۇچرىدى. بۇ بىرىگادا مامونتوفنىڭ

بارلىق ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە تەڭگا - تەڭ تاقابىل تۇرۇپ، قىسقا جەڭدىن كېيىن چېكىنىپ كەتتى.

18 - ئاۋغۇستتا مامونتوف تېز ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ تامبوفنى ئىشغال قىلدى. ئەمما بۇ ئەھۋال شورىن قوماندانلىقى ئاستىدىكى زەربىدار گۇرۇپپىنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىنىڭ ھۇجۇم باشلىشىغا توسقۇن بولالمىدى، گەرچە مامونتوف بىلەن جەڭ قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ زەربىدار گۇرۇپپا تەركىبىدىن ئىككى دىۋىزىيە چامىسىدا پىيادە ئەسكەر ئاجرىتىشقا توغرا كەلگەن بولسىمۇ، ھۇجۇم باشلىنىۋەردى. ئەينى زاماندا جەنۇبىي فرونتنىڭ ئوكرايىنا ئۇچاستكىسىدىمۇ ھۇجۇم باشلاندى.

شىمالدا ۋە شەرقىي - شىمالدا ستارىي ئوسكولدىن توپ توغرا بالاشوفقىچە سوزۇلغان ۋە شۇندىن كېيىن بالداقىمۇ بالداق تسارتسىنغىچە يېتىپ بارغان ئۇرۇش سېپى تۈزۈلۈشكە باشلىدى. كازاك پولكلىرى دۈشمەننىڭ ئۈستۈن كۈچلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، پات - پات قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ھەربىر چېگىرىدا توختاپ تۇرۇۋېلىپ، جەنۇبقا چېكىندى. دون تۇپرىقىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇلار يوقىتىپ قويغان جەڭگىۋارلىق قابىلىيىتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈردى؛ قاچقۇنلۇق جىددىي رەۋىشتە ئازايدى؛ ئوتتۇرا دون يېزا - كەنتلىرىدىن تولۇقلاندۇرغۇچى كۈچلەر كېلىشكە باشلىدى. شورىننىڭ زەربىدار گۇرۇپپىسىنىڭ قىسىملىرى دون ھەربىي رايونى تۇپرىقىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنسېرى، بۇلارغا كۆرسىتىلگەن قارشىلىقمۇ شۇنچە كۈچلۈك، شۇنچە قاتتىق بولۇشقا باشلىدى. يۇقىرىقى دون ئوكرۇگىدىكى قوزغىلاڭچى يېزا - كەنتلىرىنىڭ كازاكلىرى يىغىلىشلاردا ئۆز تەشەببۇسى بىلەن ئومۇمىي سەپەرۋەرلىككە كېلىشنى ئېلان قىلدى. چېركاۋدا قىسقا ئىبادەت، دۇئا - تىلاۋەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن دەرھال فرونتقا ئاتلىنىشتى.

تروتسكىي تۈزگەن مەغلۇبىيەتلىك پىلان ئىنتايىن يامان ئاقىۋەتلەرگە ئەكەلدى: شورىنىڭ زەربىدار گۇرۇپپىسى ئۈزلۈكسىز جەڭلەر بىلەن خوپېرغا ۋە دون تەرەپكە ئىلگىرىلەپ، ئاقلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى يېڭىپ ۋە ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىغا ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان تېررىتورىيىدە ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، شىددەتلىك ھۇجۇم داۋامىدا ئاستا - ئاستا كۈچىنى خورىتىپ قويدى. ھالبۇكى، بۇ ۋاقىت ئىچىدە كاچالىنسكايا ۋە كوتلۇبان رايونىدا ئاقلار قوماندانلىقى ئۈچ كۇبان كورپۇسى ۋە 6 - پىيادە دىۋىزىيىدىن تەركىب تاپقان كۈچلۈك بىر مانېۋىرلىق گۇرۇپپىنى قۇرۇۋالغان بولۇپ، بۇنىڭدىن مەقسىتى ئىنتايىن زور مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان 10 - قىزىل ئارمىيىگە زەربە بېرىش ئىدى.

## 21

مېلېخوفلار ئائىلىسىدە بىر يىل ئىچىدىلا جان سانىنىڭ يېرىمى ئازىيىپ كەتتى. بىر زاماندا پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بىزنىڭ ئۆيىنى ئەجەل ياخشى كۆرۈپ قالدى، دەپ توغرا ئېيتقانىكەن. ناتالىيىنى يەرلىكىگە قويۇپ ئۈلگۈرمەستىنلا مېلېخوفلارنىڭ كەڭ - ئازادە مېھمانخانىسىدا ئادراسمان بىلەن بوتاكۆزنىڭ پۇرىقى قايتىدىن ئاڭقىدى. گرىگورىي فرونتقا كېتىپ، بىر يېرىم ھەپتىدىن كېيىن دارىيە دون دەرياسىدا سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلدى.

ئۇ، شەنبە كۈنلۈكتە ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ، دۇنياشكا بىلەن سۇغا چۆمۈلۈشكە بارغانىدى. ئۇلار باغچا يېنىدا

يېشىنىپ، ئاياغ ئاستىدا دەسسەلگەن يۇمشاق ئوتنىڭ ئۈستىدە ئۇزاق ۋاقىت ئولتۇرۇشتى. دارىيىنىڭ ئەتىسگەندىن باشلاپلا كەيپى يوق ئىدى، بېشى ئاغرىغانلىقىنى، مىجەزى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، زارلىنىپ تۇراتتى، بىرنەچچە قېتىم يوشۇرۇنچە يىغلىۋالغانىدى... سۇغا كىرىشتىن بۇرۇن دۇناشكا چېچىنى بىر تۈگۈن قىلىپ، كەسىنكە ياغلىق بىلەن چىگىۋالدى - دە، دارىيىگە كۆز قىرى بىلەن قاراپ، ئېچىنغان ئاھاڭدا:

— داشكا، سەن نېمانچە ياداپ كەتتىڭ، قورۇق ئۈستىخانلا بولۇپ قاپسەنغۇ! — دېدى.

— پات ئارىدا ساقىيىپ كېتىمەن؟

— بېشىڭنىڭ ئاغرىقى توختىدىمۇ؟

— توختىدى. ڤېنى، چۆمۈلەيلى. ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، — ئۇ ئالدى بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۆزىنى سۇغا ئاتتى، بېشى بىلەن بىر شۇڭغۇپ، يەنە چىقتى، ئاندىن سۇنى پۈشقۈرۈپ تۇرۇپ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈزۈپ باردى. تېز ئېقىن ئۇنى ئۆز گىردابىغا ئالدى - دە، بوي بەرمەي ئاققۇزۇپ كېتىۋەردى.

دۇناشكا، ئەركىشلەرچە كەڭ قۇلاچ ئېتىپ، سۇ ئۈزگەن دارىيىگە مەسلىكى كېلىپ، سۇغا بېلىگىچە كىردى، ئاۋۋال كۆكرىكىنى، ئاندىن ئاپتاپتا قىزىغان كۆچلۈك، ئايال كىشىگە خاس يۇمىلاق بۇدرۇق قوللىرىنى سۇغا پاتۇرۇپ، يۇيۇنۇشقا باشلىدى. ياندىكى قوشنىسىنىڭ باغچىسىدا ئېرىنزوفلارنىڭ ئىككى كېلىنى كاپۇستا سۇغىرىۋاتاتتى. ئۇلار دۇناشكىنىڭ كۈلۈپ:

— داشكا، ئارقاڭغا قايت! بولمىسا لاقىقا بېلىق سۆرەپ كېتىدۇ! — دەپ توۋلىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرغانىدى.

دارىيە ئارقىسىغا بۇرۇلدى، ئۈچ سارجىن يەرگىچە ئۈزۈپ كەلدى، ئاندىن بىر دەقىقە ساپچىپ، بېلىگىچە سۇدىن چىقتى -

دە، ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ: «كېلىنچەكام، ئەلۋىدا، خەير - خوش!» — دەپ ۋارقىرىدى - دە، تاشتەك چۆكۈپ سۇنىڭ ئاستىغا كەتتى.

چارەك سائەتتىن كېيىن چىرايى سۇپسۇر ئاقىرىپ كەتكەن دۇناشكا يالاڭ كۆڭلەك بىلەن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ئاپا، دارىيە سۇغا چۆكۈپ كەتتى!...— ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ ئارانلا شۇ سۆزنى دېيەلىدى.

پەقەت ئەتىسى ئەتىگەندىلا قارماقلىق تور ئارقان بىلەن تېپىۋېلىشتى. تاتارىسكىدا ئەڭ كونا، ئەڭ تەجرىبىلىك بېلىقچى بوۋاي ئارخىپ پىسكوۋاتىسكوفتاڭ سەھەردە دارىيە سۇغا غەرق بولغان يەرنىڭ تۆۋەنرەكىدە سۇ ئېقىنىغا ئالتە قارماقلىق ئارقان بېكىتىلگەن بېلىق تورىنى قويغانىدى، چال تورنى تەكشۈرۈشكە پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بىلەن بىللە كەتتى. قىرغاقتا ئاياللار بىلەن باللار ئالىماندەك توپلاشقان، بۇلارنىڭ ئىچىدە دۇناشكىمۇ بار ئىدى. ئارخىپ پالاقنىڭ سېپىغا تۆتىنچى شوينىنى ئىلىندۇرۇپ، قىرغاقتىن ئون سارجىن نېرى كەتكەن چاغدا، دۇناشكا ئۇنىڭ پەس ئاۋازدا: «قارماققا ئىلىنغاندەك قىلىدۇ...» — دېگىنىنى ئېنىق ئاڭلىدى. شۇندىن كېيىن بوۋاي سۇنىڭ تېگىگە تىك ئېسىلىپ چۆشكەن چۆكتۈرگۈچ ئارقاننى بار كۈچى بىلەن تارتىپ، تورنى ئاۋايلاپ يىغىۋېلىشقا باشلىدى. كېيىن ئوڭ قىرغاق تەرەپتە بىر نەرسە ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ قالدى، ھەر ئىككى چال سۇ يۈزىگە ئېگىلىشتى، قېيىقنىڭ بىر چېتىدىن سۇ قۇيۇلۇپ كىرىشكە باشلىدى - دە، جىمجىت بولۇپ كەتكەن خالايىقنىڭ قۇلىقىغا قېيىققا ئاغدۇرۇلۇپ چۈشكەن جەسەتنىڭ غۇۋا تاراقلىغىنى ئاڭلاندى. خالايىقنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشتى. ئاياللارنىڭ بىرى ئاستا پىخىلداپ يىغلىۋەتتى. يېقىن يەردە تۇرغان خرىستونە باللارغا قوپال ئاۋاز بىلەن: «كېتىڭلار بۇ يەردىن!»

دەپ تۇۋلاپ قويدى. دۇناشكا كۆز يېشى ئارىسىدا، ئارخىپ
بوۋاينىڭ قېيىقىنىڭ قۇيرۇقىدا تۇرۇپ، پالاقنى سۇغا چاققانلىق
بىلەن سىلىق پاتۇرۇپ، قېيىقنى قىرغاققا قاراپ ھەيدەپ كېلى-
ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. قېيىق دەريا بويىدىكى گەج
ئۇۋاقلىرى ئارىلاش لاي ـ لاتقىنى غاراچلىتىپ يېرىپ كېلىپ،
يەرگە تېگىپ توختىدى. دارىيە پۇتلىرىنى جانسىز ھالدا پۈكۈپ،
قېيىقنىڭ ھۆل تېگى تەرىپىگە مەڭزىنى يېقىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ
سەل ـ پەل كۆكەرگەن ئاق بەدىنىدە چوڭقۇر تۆشۈكلەر — قار-
ماق ئىزلىرى كۆرۈندى، قارا قۇمچاق ياداڭغۇ پاقالچىقىدا، تىزىدىن
تۆۋەنرەكتە، دارىيە سۇغا چۈشۈش ئالدىدا يېشىپ تاشلاشنى ئۇن-
تۇپ قالغان پايپاق بېغىنىڭ قېشىدا يېڭىلا تاتىلانغان يارا قىزىرىپ،
قېنى چىقىپ تۇراتتى. تىللىق قارماقنىڭ ئۆتكۈر ئۇچى پاقالچىقنى
بويلاپ سىيرىلىپ چۈشۈپ، تاسما تىلغاندەك ئۇزۇنىسىغا چوڭقۇر
ئويۇپ تاشلاپتۇ. دۇناشكا پەشتىمىسىنى تەلۋىلەرچە يۇملىغان پېتى
ئەڭ ئالدىدا دارىيىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، چېكى سۆ-
كۈلگەن قاپنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ
چاققانلىق بىلەن شالۋۇرىنىڭ پۇچقىقىنى تۈرۈپ تاشلاپ، قېيىقنى
يېقىن ئەكىلىشكە باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي خارۋىمۇ كەلدى.
دارىيىنى مېلېخوفلارنىڭ ئۆيىگە ئەكىلىشتى. دۇناشكا قورقۇنچ-
سىنى بېسىپ ۋە يىرگىنىشنى تاشلاپ، چوڭقۇر دون ئېقىنىنىڭ
سۈيىدە مۇزلاپ كەتكەن مەرھۇمەنىڭ سوغۇق جەسىتىنى يۇيۇشقا
ئانىسىغا ياردەملەشتى. دارىيىنىڭ سەل ـ پەل ئىششىغان يۈزىدە،
سۇدا ئۆڭۈپ خىرەلەشكەن كۆز قارىچۇقىدا قانداقتۇر بىر ناتو-
نۇشلۇق ۋە جىددىيلىك بار ئىدى. چاچلىرىنىڭ ئارىسىدا دەريا
قۇمى كۈمۈشتەك پارقىرايتتى، ئىككى مەڭزىگە يېپەكسىمان لەش-
لەرنىڭ يېشىل يىپلىرى يېپىشقانىدى، كەڭ كېرىلگەن قوللىرى
تاختىراۋاندىن بىئىختىيار ساڭگىلاپ قالغان بولۇپ، شۇنداق

ئارامدا ئىدىكى، دۇناشكا بىر قاراش بىلەنلا دەرھال ئارقىسىغا داجىپ، ئۇنىڭدىن چەتلەندى، مۇنۇ ياتقان ئۆلۈك دارىيىنىڭ تېخى تۈنۈگۈنلا ئويناپ يۈرگەن، ھاياتىنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىغان دارىيىگە ئوخشاشمايدىغانلىقىغا ھەيران بولدى ۋە ئەزاسىنى قورقۇنچ باستى. شۇندىن كېيىن دۇناشكا كۆپ ۋاقىت-قىچە دارىيىنىڭ تاشتەك سوغۇق كۆكرەكلىرى ۋە قورسىقى، مۇز-لاپ قېتىپ قالغان ئەزالىرىنىڭ ئىگىلۇچانلىقى ئېسىگە كېلىپ قالسا، ئەزاسى شۈركۈنۈپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تېزرەك ئۇنتۇشقا تىرىشاتتى. ئۇ كېچىلىرى ئۆلۈك دارىيە چۈشۈمگە كىرىپ قالدۇ، دەپ قورقۇپ، بىر ھەپتىگىچە ئانىسى بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتتى ۋە ئۇخلاش ئالدىدا ئۆز ئىچىدە دۇئا ئوقۇپ: «خۇدايا! ئۇنى چۈشۈمگە كىر-گۈزمە! ئۆز پاناھىڭدا ساقلا، جانابىي ئاللا!» — دەپ ئىلتىجا قىلاتتى.

ئەگەردە ئوبنىزوفنىڭ كېلىنلىرى دارىيىنىڭ: «ئەلۋىدا، خەير-خوش، چوكانلار!» — دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلىدۇق دەپ گەپ تاراتمىغان بولسا، ئۇ چاغدا سۇغا غەرق بولغان ئايالنى ئۈن-تىنسىز جىمجىتلا يەرلىككە قويغان بولاتتى، ئەمما دارىيىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش نىيىتىدە بولغان-لىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئۆلۈش ئالدىدىكى ۋارقىراپ ئېيتقان سۆز-لىرىنى پوپ ۋىسسارىئون بىلگەندىن كېيىن ئۇ: ئۆزىنى ئۆلتۈ-رىۋالغان ئايالنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇمايمەن، دەپ كېسىپلا ئېيتتى. پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ غەزەپلىنىپ:

— ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇمايمەن، دېگىنىڭ قانداق گەپ؟ ئۇ چوقۇندۇرۇلمىغان ئايالمىكەن؟ — دەپ قايناپ كەتتى.

— ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان ئادەمنى دەپنە قىلالمايمەن، شەرىئەتكە توغرا كەلمەيدۇ.

— سېنىڭچە قانداق قىلىش كېرەك، ئىتقا ئوخشاش، يەر-نى كولاپ كۆمۈۋېتىش كېرەكمۇ؟

— مېنىڭچە، قانداق كۆمىمەن دېسەڭ، شۇنداق كۆم، نەگە

كۆمسەڭ كۆم، ئەمما پاك خرىستىئانلار ياتىدىغان قەبرىستانلىققا قويما.

— ياق، ئۇنداق دېمە، لۇتپ-مەرھەمەت قىل! — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئەمدى يالۋۇرۇشقا ئۆتتى، — بىزنىڭ ئائىلىمىزدە ئۇنداق شەرمەندىچىلىك بولۇپ باققان ئەمەس.

— ياق، ئۇنداق قىلالمايمەن. مەن سېنى، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، چېركاۋ جامائەتى ئىچىدە مۆتىۋەر بىر كىشى دەپ ھۆرمەت قىلىمەن، ئەمما دەپنە قىلالمايمەن. روھانىي ھەزرەتكە چېقىشىپ قويسا بالاغا قالىمەن، — پوپ تەرسالىق قىلىپ تۇرۇۋالدى.

بۇ سەتچىلىك ئىدى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بۇ جاھىل پوپنى كۆندۈرۈشكە بار ئامال بىلەن تىرىشىپ باقتى، پۇلنى ئايىمايمەن، ئالدىڭغا ئىشەنچىلىك نىكولاي سوممىسى قويىمەن. دەپ ۋەدە قىلدى، ئىككى ياشلىق بىر قويمۇ بەرمەكچى بولدى، ئەمما، ئاخىردا، يېلىنىشنىڭ كار قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پوپوزا قىلدى:

— مەن ئۇنى قەبرىستانلىقنىڭ تېشىغا كۆممەيمەن. ئۇ ماڭا زۇۋۇلسى يات ئادەم ئەمەس، مېنىڭ ئۆز كېلىنىم. ئۇنىڭ ئېرى قىزىللار بىلەن بولغان جەڭدە ھالاك بولدى، يەنە كېلىپ ئوفىتسېر ئۇنۋانىدا ئىدى، ئۇ ئۆزى يېگور مېدالى* بىلەن مۇكاپاتلانغان، شۇنداق تۇرۇقلۇق سەن ماڭا نېمىلەرنى بىلجىرلاۋاتىسەن؟! ياق، تەقسىر، سېنىڭ بۇ گېپىڭ ئاقمايدۇ، مېنىڭ ھۆرمىتىم ئۈچۈن ئۇنى دەپنە قىلىشىڭ كېرەك! جەسەت ھازىرچە مېھمانخانا ئۆيدە يېتىپ تۇرسۇن، مەن ھازىرلا بازار ئاتامانىغا بۇ ئىشنى خەۋەر قىلىمەن. ئۇ سەن بىلەن سۆزلىشىدۇ!

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ خوشلاشماستىنلا پوپنىڭ

---

* يېگور مېدالى — گېئورگى مېدالى دېمەكچى — ت.

ئۆيىدىن چىقتى، ھەتتا ئاچچىقىدا ئىشىكنى جالاقشىتىپ ياپتى، لېكىن ئۇنىڭ تەھدىتى پوپقا ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزگەنىدى: بىرىم سائەتتىن كېيىن پوپنىڭ چاپارمىنى يېتىپ كېلىپ، ۋىسسارىئون ھەزرەتنىڭ بىر روھانىي بىلەن ھازىرلا كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

دارىيىنى كۆڭۈلدىكىدەك قەبرىستانلىققا ئاپىرىپ، پېترونىڭ يېنىغا دەپنە قىلىشتى. گۆرنى قېزىۋاتقان پەيتتە، پانتېلېي پروكوفيېۋىچمۇ ئۆزى ياتىدىغان لەھەت ئۈچۈن بىر جاينى بەلگە قىلىپ قويدى. ئۇ گۆرجەك بىلەن يەر قېزىۋېتىپ، ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، بۇنىڭدىن ياخشىراق جاي تاپالمايسەن ۋە ئىزدەشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. پېترونىڭ قەبرىسى بېشىدا يېقىندا تىكىلگەن تېرەكنىڭ يېڭى كۆكلىگەن شاخلىرى غۇيۇلداپ تۇراتتى؛ يېتىپ كېلىۋاتقان كۈز پەسلى تېرەكنىڭ ئۇچىدىكى ياپراقلارنى ساپسېرىق خازاڭ رەڭگىگە بويىغانىدى. ۋەيران بولغان تۇسۇق تاملار بويلاپ، قەبرە ئارىلىقلىرىدىن موزايلار چىغىر يول پەيدا قىلغانىدى؛ تۇسۇق تام يېنىدىن شامال تۈگمەنىگىچە چوڭ يول ئۆتەتتى. ۋاپات تاپقان كىشىلەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ئالايىتەن كۆڭۈل بۆلۈپ تىككەن كۆچەتلەر: ئېرەن، تېرەك، ئاكاتسىيە ھەمدە ياۋايى تاغالچە دەرەخلىرى ھېلىمۇ يۇمران پېتى كۆكىرىپ تۇراتتى؛ بۇلارنىڭ يېنىدا يۆگۈمەچلەر جىڭگىلەكلەشكەن، كەنجە ياۋا قىچا سارغىيىپ تۇراتتى. قارا سۇلۇ بىلەن ئاپسىخانلار باشاقلىرىنى ئېگىپ تۇراتتى. تىككە تۇرغان كرېستلارغا باشتىن-ئاياغ يۇمران ھەشقىپىچەكلەر چىرماشقان. بۇ جاي ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك، قۇرغاق، ياخشى جاي ئىكەن...

چال گۆر قېزىۋېتىپ، پات - پات گۆرجەكنى تاشلاپ قويۇپ، نەم توپىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇراتتى - دە، تاماكا چەككەچ ئۆلۈمنى

ئويلايتتى. ئەمما قارىغاندا، قېرىلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئاستا جان ئۈزۈپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئاخىرقى ئارامگاھىدا ئۆزىگە ماكان تېپىش ۋاقتى تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئوخشايدۇ...

دارىيىنى يەرلىكىگە قويغاندىن كېيىن مېلېخوفلارنىڭ ئۆيى بۇرۇنقىدىنمۇ تىنچراق بولۇپ قالدى. ئاشلىقلار يىغىۋېلىندى، خاماندا ئىش باشلاندى. باغچىدىكى كۆكتاتلاردىن مول ھوسۇل ئېلىندى. گرىگورىيدىن خەۋەر كۈتۈشەتتى، ئەمما ئۇ فرونتقا كەتكەندىن كېيىن ھېچبىر گەپ - سۆز ئاڭلانمىدى. ئىلئىنىچنا تالاي قېتىم: «ئۆز بالىلىرىغىمۇ دۇئايى سالام يوللىمايدۇ، قارغىش تەگكۈر! خوتۇنى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىزنىڭ كېرەكىمىز بولماي قالدى...» — دېگەنىدى. شۇندىن كېيىن تاتارىسكىغا ئەسكەرلىكتىكى كازاكلار ئۈزلۈكسىز كېلىپ تۇردى. بالاشوف فرونتىدا كازاكلار تارمار قىلىنىپتۇ، ئۇلار دەريا سۈيىنىڭ توسقۇنلۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، قىسقىچە مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن دونغا قاراپ چېكىنىۋېتىپتۇ، دېگەن مىش - مىشلەر تارالدى. قىش كەلگەندە نېمە بولار دەپ گەپ ئېچىلغاندا، بارلىق فرونتچىلار يوشۇرماستىن: «دوندا مۇز قېتىش بىلەنلا قىزىللار بىزنى دېڭىزغىچە ھەيدەپ بارىدۇ!» — دېيىشەتتى.

خاماندا غەيرەت بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتكەن پانتېلېي پروكوفيېۋىچ دون قىرغاقلىرى بويلاپ كېزىپ يۈرگەن مىش - مىش گەپلەرگە ئانچىلىك ئېتىبار بەرمىگەندەك قىلىسىمۇ، ئەمما بولۇۋاتقان ھادىسىلەرگە بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ تۇرالمىدى. ئۇ ئىلئىنىچنا بىلەن دۇناشكىغا تېخىمۇ كۆپ ۋارقىرايدىغان بولۇپ قالدى، فرونتنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ جىلىخور بولۇپ قالدى. ئۇ كۆپىنچە ئېگىلىكتىكى جابدۇق - سايمانلارنى ئۆزى ياسايتتى، ئەمما ئىشنىڭ بىر يېرىنى ئەپلەشتۈرەلمىسە، جان - پېنى چىقىپ، دەرھال ئىشنى تاش-

لايتتى ـ دە، يەرگە تۆكۈلۈپ، ئېلىنغان پېتى خامانغا يۆگۈلۈپ
يېرىپ، شۇ يەردە ئاچچىقىنى باساتتى. دۇناشكا مۇنداق قوتراش
لارنىڭ قانچە ـ قانچىسىنىڭ شاھىتى بولغانىدى. بىر كۈنى
پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بويۇنتۇرۇق ئوڭلاشقا كىرىشكەنىدى، ئىش
تازا يېپىشمىغانلىقتىن، بىردىنلا جەھلى چىققان چال پالتا بىلەن
بويۇنتۇرۇقنى يېرىپ ـ يېرىپ تاشلىدى. خومۇتنى يامىغاندىمۇ
خۇددي شۇنداق ئەھۋال يۈز بەردى. كەچقۇرۇن چىراغنىڭ يو-
رۇقىدا پانتېلېي پروكوفيېۋىچ موملانغان يىپنى قولى بىلەن سىي-
رىپ، يىرتىلغان خومۇتنى تىككىشكە كىرىشكەنىدى؛ يىپ چىرىپ
قالغانمىدىكىن ياكى چالنىڭ ئەسەبىيلىكى تۇتتىمۇ، يىپ ئۇدا
ئىككى قېتىم ئۈزۈلۈپ كەتتى ـــ مانا شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى؛
پانتېلېي پروكوفيېۋىچ دەھشەتلىك ئاغزىنى بۇزۇپ، ئورنىدىن
تۇرۇپ كەتتى، ئورۇندۇقنى ئۆرۈپ، ئۇنى پۇتى بىلەن مەش
تەرەپكە تېپىپ تاشلىدى ـ دە، ئىتقا ئوخشاش غىڭشىپ، خومۇت-
نىڭ كۆن قېپىنى چىشى بىلەن يىرتىشقا باشلىدى، ئاندىن خو-
مۇتنى يەرگە تاشلاپ، خورازدەك سەكرەپ، ئۇنى ئايىغى بىلەن
دەسسەشكە كىرىشتى. ئىلئىنىچنا بالدۇرلا يېتىۋالغانىدى، بۇ تاراق-
تۇرۇقنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئەمما نېمە
ئىش بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن موماي چىداپ تۇرالماي،
چالغا كايىدى:

ـــ لەنىتى، قېرىغان چاغدا ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ خو-
مۇت ساڭا نېمە گۇناھ قىلدى؟

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ تەلۋىلەشكەن كۆزلىرى بىلەن ئايا-
لىغا قاراپ:

ـــ ئۇنىڭغا ئۆچۈر، ئۇنداقچى ـ مۇنداقچى!!! ـــ دەپ ۋارقىرىدى ـ
دە، خومۇتنىڭ بىر پارچىسىنى مومايىنىڭ بېشىغا ئاتتى.

كۈلكىدىن بوغۇلۇپ قالغان دۇناشكا دالانغا ئوقتەك ئوچۇپ

چىقتى. چال بىر ئاز قۇتۇرغاندىن كېيىن، ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ، ئاچچىقىدا ئېيتىپ تاشلىغان يامان سۆزلەر ئۈچۈن ئەپۇ سورىدى ۋە بۇزۇلغان خومۇتىنىڭ پارچىلىرىغا قاراپ قويۇپ، بۇنى ئەمدى نېمىگە ئىشلىتىشكە بولار؟ دەپ كۆڭلىدە چامىلاپ كۆرۈپ، ئۇزاققىچە ئۇھ-ئۇھلاپ، گەجگىسىنى قاشلىدى. مۇنداق غەزەپتىن پەيدا بولغان تۇتقاقلىق ئۇنىڭدا نەچچە قېتىم تەكرارلاندى، ئەمما ئاچچىق تەجرىبىگە ئىگە بولغان ئىلئىنىچنا بۇنىڭغا ئارىلىشىشقا باشقا ئۇسۇل تاپتى: پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاغزىنى بۇزۇپ، ئۆينىڭ نەرسە-كېرەكلىرىدىن بىرەرسىنى سۇندۇرۇشقا باشلاش بىلەنلا، ئىلئىنىچنا مۇلايىملىق بىلەن، ئەمما ئۈنىنى چىقىرىپ:

— چاق، پروكوفيېچ، سۇندۇر! سەن بىلەن ئامان بولساق يەنە پۇل تېپىپ، ئالىمىز! — دەيتتى، ھەتتا موماي ئۇرۇش-چېقىشقا ئۆزىمۇ ياردەملىشىپ كۆردى. بۇ چاغدا پانتېلېي پروكوفيېۋىچ لاسسىدە بولۇپ قالاتتى-دە، مەنىسىز كۆزلىرى بىلەن ئايالىغا بىر مىنۇتچە تىكىلىپ قاراپ قالاتتى، شۇندىن كېيىن تىترىگەن قوللىرى بىلەن يانچۇقىنى ئاختۇراتتى، تاماكا خالتىسىنى تاپقاندىن كېيىن خىجالەتچىلىكتە بىر بۇلۇڭغا تىقىلىپ، تاماكا چېكەتتى، چېچىلغان نېرۋىسى تىنچلانغاندىن كېيىن ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەسەبىيلىكىگە لەنەت ئوقۇپ، بولغان زىيانىنى ھېسابلاپ كۆرەتتى. باغچىغا كىرىپ قالغان ئۈچ ئايلىق بىر چوشقا بالىسى چالىنىڭ يۈگەنسىز غەزىپىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۇنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ، بېلىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۇ پىچاق بىلەن بوغۇزلانغان چوشقا بالىسىنىڭ قىللىرىنى مىخ بىلەن يۇڭداۋېتىپ، چىرايى تۇتۇلغان ئىلئىنىچناغا كۆچۈكلىنىپ، ئەيىبكارلارچە قاراپ مۇنداق دېدى:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر چوشقا بالىسى ئىدى ... ئۇ بەردىبىر ئۆلۈپ قالاتتى. ھازىرقى ۋاقىتتا چوشقا بالىلىرىغا ۋابا تېگىشۋاتىدۇ؛ ئۇنى سويۇپ يېسەك بولدى ئەمەسمۇ، ئۇنداق بولمىغاندا بىكاردىن ئۆلۈپ تۈگەيتتى. دېگىنىم توغرىمۇ، كەمپىر؟ خۇش، نېمىشقا قاپىقىڭدىن قار يا-غىدۇ؟ يەر يۇتسۇن بۇ لەنىتى چوشقا بالىسىنى! كاشكى ئۇنىڭ-دا بىر چوشقا سىياقى بولسىچۇ، نەق ئۆلۈمتۈك بىر نەرسە ئىدى! ئۇنى كالتەك بىلەن ئۇرماي، قاتتىق بىر مشقىرساڭمۇ يۇمىلاپ چۈشەتتى! يەنە كېلىپ قانداق ياۋۇز نەرسە ئىدى! 40 تۈپ كارتوشكىنى قېزىپ تاشلاپتۇ!

— باغچىدىكى كارتوشكىنىڭ بار - يوقى 30 تۈپتىن ئوشۇق ئەمەس ئىدى، — دەپ ئاستا گەپنى تۈزەتتى ئىلئىنىچنا.

— ئەگەر 40 تۈپ بولۇپ قالغان بولسا، 40 تۈپ-نىڭ ھەممىسىنى نابۇت قىلغان بولاتتى، بۇ ھارامزادە! خۇداغا شۈكۈر، بۇ زىيانداش دۈشمەندىن قۇتۇلدۇق!— دەپ ئويلاپ تۇر-ماستىنلا جاۋاب بەردى پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ.

نەۋرىلەر ئاتىسىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىنتايىن سېغىنىشتى. ئىلئىنىچنا ئۆي ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارغا يېتەر-لىك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلەلمىدى، شۇڭا بالىلار ئۆزلىرىگە ئۆزى قارانچۇق بولۇپ، كۈن بويى باغدا ياكى خامانىدا ئوينىشاتتى. بىر كۈنى مىشاتكا چۈشتىن كېيىن يوقاپ كېتىپ، كۈن پاتىدىغان چاغدىلا پەيدا بولدى. ئىلئىنىچنا نەگە بارىدىڭ، دەپ سورىغانىدى، مىشاتكا: دون ياقىسىدا بالىلار بىلەن ئوينىدىم دەپ جاۋاب بەردى، ئەمما پولىيوشكا ئۇنى پاش قىلدى:

— ئۇ يالغان سۆزلەۋاتىدۇ، چوڭ ئانا! ئۇ ئاكسىنىيە ئاچىنىڭ ئۆيىدە بولدى!

— بۇنى سەن نەدىن بىلىسەن؟ — دەپ سورىدى بۇ يېڭى گەپنى ياقتۇرماستىن ئەجەبلەنگەن ئىلئىنىچنا.

— مەن ئۇنىڭ قاشادىن ئارتىلىپ، ئۇلارنىڭ ھـويلىسـىغا چۈشكەنلىكىنى كۆردۈم.

— شۇ يەرگە كىردىڭمۇ؟ قېنى، ئېيتقىنا، قوزام، نېـمىشقا قىزىرىسەن؟

مىشاتكا چوڭ ئانىسىنىڭ ئۇدۇل كۆزىگىلا قاراپ:

— مەن يالغانسۆزلىدىم، چوڭ ئانا... مەن دون بويىغا بارغىنىم يوق، راستىنلا ئاكسىنىيە ئاچىنىڭ ئۆيىگە كىرگەنىدىم.

— سەن ئۇ يەرگە نېمىشقا كىردىڭ؟

— ئۇ مېنى چاقىرغانىدى، شۇڭا كىرگەنىدىم.

— ئۇنداق بولسا، باللار بىلەن ئوينىدىم دەپ، نېمـىشقا مېنى ئالدايسەن؟

مىشاتكا بىردەم يەرگە قاراپ، ئاندىن بېشىنى كۆتۈردى - دە، راستچىل كۆزلىرى بىلەن قاراپ:

— سېنى تىللارمىكىن دەپ قورققانىدىم...

— مەن سېنى نېمە ئۈچۈن تىللايتتىم؟ ياق... ئۇ سېـنى نېمىشقا چاقىرغانىـكەن؟ سەن ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلدىڭ؟

— ھېچنېمە. ئۇ مېنى كۆرۈپ قېلىپ، «بۇياققا كەل!» — دەپ توۋلىدى، قېشىغا بارسام، مېنى ئۆيىگـە ئەكىـرىپ، ئورۇنـدۇققا ئولتۇرغۇزدى...

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — ئىلئىنىچنا ھاياجىنىـنى ئەپـچىللىك بىلەن يوشۇرۇپ، سەۋرسىزلىك بىلەن گەپ سوراشقا باشلىدى.

— ... سوۋۇپ قالغان قۇيماقلارنى يېگۈزدى، ئاندىن مـۇنۇنى بەردى، — مىشاتكا يانچۇقىدىن بىر چاقماق قەنتنى ئالدى، ئۇنى پەخىرلىنىش بىلەن كۆرسەتتى - دە، يەنە يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

— ئۇ ساڭا نېمە دېدى؟ بەلكى، بىر نەرسىنى سورىغاندۇر؟

— قېشىمغا كىرىپ تۇرغىن، يالغۇزلۇقتا زېرىكىپ قالىدىكەنمەن دېدى، بازارلىق نەرسە بېرىشنى ۋەدە قىلدى... بىزنىڭكىگە كىرگەنلىكىڭنى ھېچكىمگە ئېيتما، بولمىسا چوڭ ئاناڭ تىللايدۇ، — دېدى.

— گەپ مۇنداق ئىكەن-دە، — دېۋەتتى ئىلئىنىچنا ئىچىگە يۇتقان غەزەپتىن بوغۇنقىپ، — خوش، شۇندىن كېيىن ئۇ سەندىن بىر نەرسە سورىمىدىمۇ؟

— سورىدى.

— نېمىنى سورىدى؟ ئېيتقۇەر، جىگەر پارەم، قورقما!

— داداڭنى سېغىندىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى. سېغىندىم، دېدىم. ئۇ يەنە: داداڭ قاچان كېلىدۇ، خەت-خەۋەر ئاڭلىدىڭلىمۇ؟ دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا بىلمەيمەن، ئۇ جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، دېدىم. شۇندىن كېيىن ئۇ مېنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ چۆچەك ئېيتىپ بەردى، — مىشاتكا جانلىنىپ سۆزلەپ، كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، كۈلۈپ قويدى، — قىزىق چۆچەك ئىكەن! ۋانيۇشكا دېگەن بىر بالا توغرۇلۇق ئىكەن، ئۇنى غازلار-ئاققۇلار قانىتىغا مىنگۈزۈپ ئۇچۇرۇپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇق ۋە يالمۇڭگۇز— قېرى جادۇ توغرۇلۇق.

ئىلئىنىچنا لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلەپ، مىشاتكىنىڭ ئىقرارىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن جىددىي قىلىپ:

— نەۋرەم، بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ قېشىغا كىرمە، كېرىكى يوق، ئۇنىڭ ھېچقانداق نەرسىلىرىنى ئالما، كېرىكى يوق، چۈنكى چوڭ داداڭ بىلىپ قالسا، سېنى تاياق بىلەن ئۇرىدۇ! چوڭ داداڭ بىلىپ قېلىشىنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن — ئۇ تېرەڭنى شىلىدۇ. كىرمە جۇمۇ، قوزام!

ئەمما مومايىنىڭ قاتتىق بۇيرۇق قىلغىنىغا قارىماستىن،

مىشاتكا ئىككى كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەستىن ئاستاخوفلارنىڭ
ئۆيىگە يەنە كىردى. ئېلىئېنچىنا بۇنى مىشاتكىنىڭ كۆڭلىكىگە بىر
قاراپلا بىلدى: ئەتىگەن ئۆزى ياماپ بېرىشكە چولىسى تەگمە-
گەن يىرتىق يېڭى ئەپچىل يامالغان، تېخى ياقىسىدا يېپيېڭى
سەدەپ تۈگمە پارقىراپتتى. خامان ئىشى بىلەن بەند بولغان دۇ-
ناشكىنىڭ كۈندۈزى باللارنىڭ كىيىمىنى تىكىپ بېرىشكە ۋاقتى
يوقلۇقىنى ئېلىئېنچىنا بىلەتتى، شۇڭا ئۇ تەنە بىلەن:
— قوشنىمىزنىڭكىگە يەنە كىردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— يەنە ...، — دېۋەتتى مىشاتكا گاڭگىراپ قېلىپ ۋە دەر-
ھاللا قوشۇپ قويدى، — مەن ئىككىنچى كىرمەيمەن، چوڭ ئانا،
مېنى تىللىمىغىن...
ئېلىئېنچىنا شۇ كۈنلا ئاكسىنىيە بىلەن سۆزلىشىپ، مىشاتكىنى
ئۆز ئارامىدا قوي، نە نەرسە بېرىش، نە چۆچەك ئېيتىپ بېرىش
يولى بىلەن ئۇنى قىزىقتۇرۇپ، ئۆزۈمگە تارتىمەن دېمە دەپ
قاتتىق گەپ قىلماقچى بولدى. ناتالىيىنىڭ ئالەمدىن كېتىشىگە
زامىن بولدى، ئەمدىلىكتە باللارغا يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ،
لەنتى، شۇلار ئارقىلىق گىرىشكىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرماقچى.
قارىمامدىغان بۇ زەھەرلىك يىلاننى! ئېرى ھايات تۇرۇقلۇق،
بىزگە كېلىن بولماقچى... ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن نەتىجە چىقماي-
دۇ! گىرىشكا ئاشۇنداق گۇناھدىن كېيىن ئۇنى ئەمرىگە ئالامدۇ؟
دەپ ئويلىدى موماي.
گرىگورىي ئۆيدە بولغان چاغلاردا ئاكسىنىيە بىلەن ئۇچرى-
شىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەنلىكى ئېلىئېنچىنانىڭ ئۆتكۈر،
رەشكچى ئانىلىق نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغانىدى. گرىگورىي-
نىڭ بۇنداق قىلىشى كىشىلەرنىڭ تەنە ـ مالامىتىدىن قورققان-
لىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئايالىنىڭ ئۆلۈشىگە ئاكسىنىيە ئەيىبلىك
دەپ ھېسابلىغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى ئېلىئېنچىنا ياخشى چۈشىنەتتى.

ئىلئىنچنا ئۆز ئىچىدە ناتالىيىنىڭ ۋاپاتى گرىگورىينى ئاكسىنىيەدىن مەڭگۈ ئايرىۋېتىدۇ، ئاكسىنىيە بىزنىڭ ئائىلىگە ھەرگىز كىرەلمەيدۇ، دەپ يوشۇرۇن ئۈمىد قىلىپ يۈرەتتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئىلئىنچنا ئاكسىنىيىنى دون بويىدىكى پرىستاندا كۆرۈپ، ئالدىغا چاقىردى:

— ھوي، قېشىمغا كەلگىنە، بىردەملىك، سەن بىلەن سۆزلەشمەكچىدىم...

ئاكسىنىيە چېلەكلىرىنى يەرگە قويۇپ، خاتىرجەملىك بىلەن يېقىن كەلدى-دە، تىنچلىق سوراشتى.

— مۇنداق گەپ، سۆيۈملۈكۈم، — ئىلئىنچنا قوشنىسىنىڭ چىرايلىق، ئەمما نەپرەتلىك يۈزىگە سىناق نەزەرى بىلەن قاراپ گەپ باشلىدى، — سەن نېمىشقا بىراۋنىڭ بالىسىنى ئالداپ قېشىڭغا چاقىرىسەن؟ نېمە ئۈچۈن بالىنى ئۆيۈڭگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن گەپ ئالىسەن؟ كىم سېنى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياماپ بەرسۇن دەپتۇ، كىم ساڭا ئۇنىڭغا ھەر خىل نەرسىلەرنى بەر دېدى؟ ئۇنىڭ ئانىسى بولمىغانلىقتىن، قارايدىغان كىشىسى يوق دەپ ئويلامسەن؟ سەنسىز كۈننى ئالالمايدىكەن؟ سەندە ۋىجدان بارمۇ، ئۇياتسىز قارايۈز!

— مەن نېمە يامان ئىش قىلىپتىمەن؟ نېمىشقا تىللايسىز، ئانا؟ — دەپ سورىدى ئاكسىنىيە ئاچچىقى بىلەن.

— بۇ قانداقچە يامان ئىش ئەمەسكەن؟ سەن ناتالىيىنى گۆرگە يوللىغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ بالىسىغا قول سېلىشقا نېمە ھەققىڭ بار؟

— سىزگە نېمە بولدى، ئانا! تۇۋا دەڭا! ئۇنى كىم گۆرگە يوللاپتۇ؟ ئۆزىگە-ئۆزى قىلدى.

— سېنىڭ كاساپىتىڭ بىلەن ئەمەسمۇ؟

— قويۇڭا، مۇنداق ئىشنى مەن بىلمەيمەن.

— سەن بىلمىسەڭ، مەن بىلمەمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئىلـ
ئىنچىنا ئۆزىنى باسالماي.

— چالۋاقىماڭ، ئانا، مەن سىزنىڭ كېلىنىڭىز ئەمەس،
چالۋاقىسا بولىۋېرىدىغان. مۇنداق قىلىشقا مېنىڭ ئېرىم بار.

— مەن ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن! قانداق تىنـ
غانلىقىڭمۇ ماڭا مەلۇملۇق! كېلىنغۇ ئەمەس، ئەمما كېلىن بوـ
لۇشنى نىيەت قىلىۋاتىسەن! ئاۋۋال بالىلارنى ئىندەككە كەلتۈـ
رۈپ، ئاندىن كېيىن گىرىشكىنىغا يېپىشماقچىسەنغۇ؟

— مەن سىزگە كېلىن بولۇش كويىدا بولۇۋاتقىنىم يوققۇ،
سىز ئەقلىڭىزدىن ئادىشىۋاتىسىز، ئانا! مېنىڭ ئېرىم تىرىك.

— خۇددى شۇنداق، ئېرىڭ ھايات تۇرۇقلۇق، سەن ئۇـ
نىڭدىن ئاجرىشىپ، باشقىغا تەگمەكچى بولۇۋاتىسەن!

ئاكسىنىيە خېلىلا ئاقىرىپ كەتتى - دە، دېدى:

— سىزنىڭ ماڭا نېمە سەۋەبتىن دوق قىلىپ، مېنى ھاقاـ
رەتلەۋاتقىنىڭىزنى بىلەلمىدىم... مەن ھېچكىمگە ھېچقاچان يېـ
پىشقىنىم يوق، يېپىشماقچىمۇ ئەمەسمەن، سىزنىڭ نەۋرىڭىزنى
ئۆيۈمگە چاقىرغان بولسام، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ ئۆزىڭىز
بىلىسىز، مېنىڭ بالام يوق، شۇڭا كىشىلەرنىڭ بالىسىغا زوقۇم
كېلىدۇ، كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ، شۇڭا ئۇنى قېشىمغا چاقىرغانىدىم...
ئۇنى ئانچە - مۇنچە نەرسە بېرىپ سېتىۋاپتىمىشمەن! بىر چاقماق
قەنت بەرسە ئالداپ سېتىۋالغانلىق بولامدۇ! ئۇنى مەن ئالداپ
نېمە قىلاتتىم؟ خۇدا بىلەر، ئاغزىڭىزغا كەلگەننى ۋايساپ
تۇرۇۋاتىسىز! ...

— بۇ بالىنىڭ ئانىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇنى قېشىڭغا چاـ
قىرمىغان ئىدىڭغۇ! ناتالىيە ئۆلۈپ كېتىش بىلەنلا — سەن شۇنـ
چىلىك مېھرىبان بولۇپ قاپسەن - دە!

— بۇ بالا ناتالىيە ھايات ۋاقتىدىمۇ تالاي قېتىم ئۆيۈمدە

مېھمان بولغان، — دېدى ئاكسىنىيە سەل كۈلۈمسىرەپ.
— يالغان سۆزلىمە، ئۇياتسىز!
— ئاۋۋال بالىنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بېقىپ، ئۇندىن كېيىن يالغان - يالغان ئەمەسلىكى توغرۇلۇق گەپ ئاچارسىز.
— مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، بالىنى ئىككىنچى ئۆيۈڭگە چاقىرغۇچى بولما. سەن بۇنىڭ بىلەن گرىگورىيغا ياخشى كۆرۈنمەن دەپ ئويلىما. ئۇ سېنى خوتۇن قىلمايدۇ، بۇنى بىلىپ قوي!
غەزەپتىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئاكسىنىيە خىرىلداپ:
— ئاغزىڭنى يۇم! ئۇ سەندىن سوراپ ئولتۇرمايدۇ! سەن بىراۋنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما! — دېدى.
ئىلىنىچنا يەنە بىر نەرسە دېمەكچىدى، ئەمما ئاكسىنىيە ئۈنچىقماستىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، چېلەكنىڭ قېشىغا ماڭدى، ئەپكەشنى غاچچىدە كۆتۈرۈپ، سۇنى شالاقشىتىپ، سوقماق يول بىلەن تېز يۈرۈپ كەتتى.
شۇ چاغدىن تارتىپ ئاكسىنىيە مېلېخوفلار ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرەرى ئۇچراپ قالسا سالاملاشمايدىغان بولدى، ئىبلىسلارچە تەكەببۇرلۇق بىلەن بۇرۇنلىرىنى مىشىلدىتىپ، يېنىدىن گەپ - سۆزسىز ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى، ئەمما مىشاتكىنى بىر يەردە كۆرۈپ قالسا، قورقۇمسىراپ ئەتراپىغا قارىۋالاتتى - دە، بالىنىڭ قېشىدا ھېچكىم بولمىسا، ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئۇنى باغرىغا باساتتى، ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن پېشانىسىنى، مېلېخوفلارغا تارتقان بادام قاپاق قارا كۆزلىرىنى سۆيەتتى، بىر كۈلۈپ، بىر يىغلاپ ھېچبىر ئالاقىسى بولمىغان سۆزلەرنى پىچىرلايتتى: «جان - جىگىرىم گرىگورىيېۋىچ، سۆيۈملۈكۈم! مەن سېنى قانداق سېغىندىم - ھە! ھاماڭ ئاكسىنىيە ئەخمەق... ئاھ، نېمىدېگەن ئەخمەق!» شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ

لەۋلىرىدىن دىرىلداپ تۇرغان تەبەسسۇم ئۇزاققىچە چۈشمەيتتى، نەملەنگەن كۆزلىرى ياش قىزلارنىڭكىدەك بەختىيارلىق بىلەن چاقنايتتى.

ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ھەربىي سەپكە سەپەرۋەر قىلىندى. يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت ئىچىدە تاتارىسكىدىن قورال تۇتالايدىغان كازاكلارنىڭ ھەممىسى فرونتقا كەتتى. يېزىدا ئەركىشلەردىن پەقەت مەجرۇھلار، ئۆسمۈر باللار ۋە قېرى چاللار قالدى. سەپەرۋەرلىك ياپپىسىغا ھەممە ئادەمنىڭ بېشىغا كەلدى، دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈش كومىسسىيىلىرىدە ئوچۇق مەجرۇھ-مېيىپلەردىن باشقا ھېچكىم قويۇۋېتىلمىدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ يىغىلىدىغان پونكىتقا كېلىش توغرۇلۇق يېزا ئاتامانىدىن بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئالدىراپ-تېنەپ خوتۇنى بىلەن، نەۋرىلىرى ۋە دۇنياشكا بىلەن خوشلاشتى، ئۇھ-ئۇھلاپ، تىزىغىچە ئېگىلدى-دە، يەرگە بېشىنى تەگكۈزۈپ ئىككى قېتىم تازىم قىلدى، ئۇندىن كېيىن بۇت-سەنەملەر رەسىمگە چوقۇنۇۋېلىپ، مۇنداق دېدى:

— خەير-خوش، قەدىردانلىرىم! بىز ئەمدى قايتا دىدار كۆرۈشەلمەيدىغان ئوخشايمىز، بۇ — ئاخىرقى سائەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. سىلەرگە جېكىلەيدىغىنىم مۇنداق: خاماندىكى ئاشلىقنى كېچە-كۈندۈز تېپىڭلار، يامغۇر يېغىپ قېلىشتىن بۇرۇن تۈگىتىشكە تىرىشىڭلار. لازىم تېپىلغاندا ئادەم ياللاڭلار. ئەگەر كۈزگىچە قايتىپ كەلمىسەم — مەنسىز ئىشنى يولغا قويۇۋېرىڭلار؛ كۈچىڭلارنىڭ يېتىشىچە يەرنى شۇدىگەر قىلىڭلار، بىر دىسەتىنا بولسىمۇ قارا بۇغداي تېرىڭلار. ئېسىڭدە بولسۇن، كەمپىر، ئىشنى پەم-پاراسەت بىلەن ئېلىپ بار، قول قوشتۇرۇپ تۇرما! بىز گرىگورىي بىلەن مەيلى قايتىپ كېلەيلى، مەيلى

قايتىپ كەلمەيلى، سىلەرگە ئەڭ كېرەك بولغىنى ئاشلىق. ئۇرۇش دېگەن ئۆز يولىدا كېتىۋېرىدۇ، ئەمما ئاشلىقسىز ھايات كەچۈرۈشمۇ تەس ئىش. خوش، جاناب ئاللا سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

ئىلئىنىچنا چالنى مەيدانغىچە ئۇزىتىپ باردى، ئۇنىڭ خىرىستونە بىلەن بىرقاتاردا ئاقساقلاپ، ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن تېز-تېز يېتىشىپ ماڭغانلىقىغا ئاخىرقى قېتىم قاراپ قويدى، ئاندىن كېيىن ئىششىغان كۆزلىرىنى پەشتامىسى بىلەن سۈرتتى-دە، ئارقىسىغا قارىماستىن ئۆيگە قاراپ يول ئالدى. ئۇنى خاماندا تېپىپ بولۇنمىغان بۇغداي دۆۋىلىرى كۈتۈپ تۇراتتى، مەشىنىڭ ئىچىدە سۈتى قالغان بولۇپ، ئەتىگەندىن بۇيان بالىلارنىڭ قورسىقىغا بىر نەرسە بەرمىگەنىدى، موماينىڭ يۈگۈر-يېتىم ئىشلىرى چېچىدىن تولا ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆيىگە ناھايىتى ئالدىراش ماڭدى، ھېچ يەردە توختىمىدى، ئاندا-ساندا ئۇچراشقان ئاياللارغا ئۈنچىقماستىن بېشىنى ئېگىپلا قويدى، پاراڭغا كىرىشمىدى، تونۇشلاردىن بىرەرى كۆڭۈل سوراپ: «ئەسكەرنى ئۇزىتىپ قويدۇڭمۇ، نېمە؟» دېگەندە بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىلئىنىچنا سەھەردە ئىنەكلەرنى سېغىپ بولۇپ، ئۇلارنى تار كوچىغا ھەيدەپ، ئەمدىلا ھويلىغا كىرەي دەپ تۇراتتى، قۇلىقىغا غۇۋا گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەتراپقا قارىسا، ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت يوق. بىرئازدىن كېيىن گۈلدۈرلەش تەكرارلاندى.

— يەڭگە، مۇزىكىنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى ماللارنى يىغىۋاتقان قېرى پادىچى.

— قايسى مۇزىكىنى دەيسەن؟

— ئاشۇ يوغان ئاۋازدىلا چېلىنىۋاتقان مۇزىكىنى دەيمەن

— ئاڭلاشنىغۇ ئاڭلىدىم، ئەمما نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقالمايۋاتىمەن.

— تېز ئارىدا ئۇقۇپ قالارسەن، ئەنە ئاۋۇ تەرەپتىن يېزىغا قارىتىپ ئېتىشقا باشلاش بىلەنلا چۈشىنىپ قالىسەن! بۇ زەمبىرەكلەردىن ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازى، بىزنىڭ چاللىرىمىزنىڭ ئۈچەي - باغرىنى چۇۋۇۋاماقچى...

ئىلىئىنىچنا چوقۇنۇپ قويۇپ، ئۈنچىقماستىن يان ئىشىككە كىرىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن تارتىپ توپ ئاۋازى تۆت كېچە - كۈندۈزگىچە توختىماستىن گۈلدۈرلەپ تۇردى. بولۇپمۇ سەھەر پەيتىدە ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئەمما شەرقىي - شىمال شاملى چىققاندا، يىراقتىكى جەڭلەرنىڭ گۈلدۈر - تاراقلىرى چۈش ۋاقتىدىمۇ ئاڭلىناتتى. خامانلاردا ئىش بىر مىنۇت توختاپ قالاتتى، چوقۇنۇشقا باشلايتتى، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئەسلەپ ئېغىر خۇرسىناتتى، پىچىرلاپ دۇئا ئوقۇشاتتى، ئۇندىن كېيىن خاماندا تاش تولۇقلار يېڭىباشتىن گۈرسۈلدەشكە باشلايتتى، ھەيدىگۈچى باللار ئات - ئۆكۈزلەرنى چۇ - چۇلاپ تېزلىتەتتى، دان سورۇيدىغان ۋېيالكىلار جىرىڭشىيتتى، شۇنداق قىلىپ، ئەمگەك ئادەتتىكىدەك قاينام - تاشقىنلىق تۈسكە كىرەتتى. ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا ھاۋارايى ھەيران قالغۇدەك ھۆل - يېغىنسىز، كۈن ئوچۇق بولۇپ تۇردى. يېزىدا شامال توپانى توزۇتۇپ، چاڭ - توزان پەيدا قىلاتتى، تېپىلگەن قارا بۇغداي سامىنىنىڭ ھىدى دىماققا يېقىملىق ئۇرۇلاتتى، كۈن رەھىمسىز ئىسسىقى بىلەن لاۋۇلداپ تۇراتتى، ئەمما كۈزنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەممە نەرسىدە سېزىلەتتى. يايلاقتا سولغان كۈلرەڭ شىۋاق خىرە ئاقىرىپ تۇراتتى، دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى تېرەكلەرنىڭ ئۇچى سارغايغان، ئالما باغلىرىدا كۈزگى ئالمىلارنىڭ ھىدى كۈچىيىشكە

باشلىغان، يىراقتىكى ئۇپۇقلار كۈز پەسلىدىكىدەك ئېچىلىپ كەتتى، زىرائەت يىغىۋېلىنغان بوش ئېتىزلاردا ئۆتكۈنچى تۇرنىلارنىڭ دەسلەپكى توپلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

دون دەرياسى كېچىكىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، بۇ يەرگە ئوق - دورا توشۇۋاتقان هارۋىلار هەر كۈنى گېتمان يولىدا غەربتىن شەرققە قاراپ قاتار سوزۇلۇپ ماڭاتتى، دون بويى يېزىلىرىدا قاچقۇن مۇساپىرلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار كازاكلارنىڭ جەڭ بىلەن چېكىنىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى؛ بەزىلەر بۇ چېكىنىشنىڭ ئەتەي ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى، قىزىللارنى ئالداپ ئەكىلىپ، كېيىن ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ يوقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ئىشەندۈرمەكچى بولۇشتى. تاتارسكىدىمۇ بەزى كىشىلەر بۇ يەردىن كېتىشكە يوشۇرۇن تەييارلىنىۋاتاتتى. ئۆكۈز ۋە ئاتلارنى بوغۇز بىلەن بېقىۋاتاتتى، كېچىلىرى گەمىلەرگە ئاشلىق ۋە قىممەت باها نەرسىلەر قاچىلانغان ساندۇقلارنى كۆمۈشەتتى. جىمىقىپ قالغان توپ ئاۋازى 5 - سېنتەبىردە يېڭىباشتىن تېخىمۇ شىددەتلىك باشلىنىپ، ئەمدىلىكتە ئېنىق ۋە ۋەھىمىلىك ئاڭلانغىلى تۇردى. جەڭ دوندىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتا، تاتارسكىنىڭ شەرقىي - شىمالىي تەرىپىدە كېتىۋاتاتتى. بىر كۈندىن كېيىن غەربتە دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنى بويىلاپ گۈمبۈرلەش باشلاندى. فرونت قايغۇرۇپ بولماس دەرىجىدە دونغا قاراپ يېقىنلاشماقتا ئىدى.

ئىلىئىنچنا يېزىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى چېكىنىشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن دۇناشكىغا بىزمۇ كېتەيلى دېگەن پىكىرنى ئېيتتى. ئۇ پەرىشان هالغا چۈشۈپ گاڭگىراپ قالغانىدى، ئىگىلىكنى، ئۆينى قانداق قىلىشنى بىلمەيتتى، بۇلارنىڭ هەممىسىنى تاشلاپ، كىشىلەر بىلەن بىللە كېتىش

كېرەكمۇ ياكى ئۆيدە قېلىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدە بىر قارارغا كېلەلمەيتتى. فرونتقا كېتىش ئالدىدا پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ ئاشلىقنى تېپىش، يەرنى شۇدىگەر قىلىش، مال چارۋىلارنى بېقىش توغرۇلۇق سۆز قىلغان بولسىمۇ، ئەمما فرونت تاتارسكىغا يېقىنلىشىپ قالغان تەقدىردە ئۇلارنىڭ نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق لام - جىم دېمىگەنىدى. ھەر ھالدا ئىلىنىچنا مۇنداق قارارغا: دۇناشكىنى يېزىلىقلاردىن بىرىگە قوشۇپ، باللارنى ۋە ئەڭ قىممەتلىك نەرسە - كېرەكلەرنى يولغا سېلىۋېتىش، قىزىللار يېزىنى ئالغان تەقدىردىمۇ ئۆزى ئۆيدە قېپقېلىش قارارىغا كەلدى.

17 - سېنتەبىرگە ئۆتەر كېچىسى تۇيۇقسىز پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ ئۆيگە كېلىپ قالدى. ئۇ كازانسكايا بازىرىنىڭ قېشىدىن پىيادە كەپتۇ، ئازاب چېكىپ، سەپرايى ئۆرلەپ قايتقان. يېرىم سائەت دېمىنى ئالغاندىن كېيىن شىرەنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، شۇنداق تاماق يېيىشكە باشلىدىكى، ئىلىنىچنا ئۆز ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغانىدى: يېرىم چېلەك سۇ سىغىدىغان قازاندىكى گۆشسىز شورپىنى ھە دېمەيلا سوقۇۋەتتى، ئاندىن سۆك بوتقىسىغا تۇتۇش قىلدى. ئىلىنىچنا ھاڭ - تاڭ بولۇپ، قوللىرى بىلەن چاۋاك چالدى:

— يارەببىم، نېمانچە يەيسەن، پروكوفېيېۋىچ؟ ئۈچ كۈن تاماق يېمىگەن ئادەمدەك قىلىقنى قىلىۋاتىسەنغۇ!

— سەن مېنى تاماق يەپ كەلدى دەپ ئويلىغانمىدىڭ، قېرى ئەخمەق؟ ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن بۇيان زىغىردەك نان ئۇۋۇقىنى ئاغزىمغا سالغىنىم يوق!

— ئۇنداق بولسا، ئۇ يەردە سىلەرگە تاماق بەرمەيدىكەن - دە؟

— ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورسىقىنى باقسۇنا، ئەبلەخلەر! — دەپ جاۋاب بەردى پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ مۇشۇكتەك مىرقىراپ،

ئاغزىنى لىق تاماقىقا توشقۇزغان پېتى، — نېمىنى قاقتى - سوقتى قىلساڭ، شۇنى يەيسەن، مەن تېخى ئۇغرىلىق قىلىشنى ئۆگەنگىنىم يوق. بۇ كەسىپ ياشلارغىلا لايىق، ئۇلاردا بىر ياماقچىلىك ئار - نومۇس يوق... مۇشۇ لەنىتى سوقۇش جەريانىدا ياشلارنىڭ قولى ئوغرىلىققا شۇنداق ئۆگىنىپ كەتكەنىكى، مەن ھەيران بولا - بولا، ئاخىر كارىم بولمىدى. كۆزى چۈشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ، تارتىشىدۇ، سۆرەيدۇ... بۇ بىر ئۇرۇش ئەمەس، خۇدانىڭ قەھر - غەزىپى!

— سەن بىر يولىلا بەك كۆپ يېسەڭمۇ بولماس. ساڭا بىر ئىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە. قارىغىنا، قورسىقىڭ پومپىيىپ كەتتى، بەئەينى ئۆمۈچۈك!

— تولا گەپ قىلما. سۈت ئەكەل، چوكراق قاچا بىلەن!

ئىلئىنىچنا ئۆلگۈدەك ئېچىرقاپ كەتكەن بوۋىيغا قاراپ، ھەتتا يىغلاپ تاشلىدى.

— قانداق، پۇتۇنلەي قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ، پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ بوتقىدىن ئۆزىنى تارتقاندىن كېيىن.

— كېيىن بىر گەپ بولۇر...، — دېدى ئۇ مۇجمەل جاۋاب بېرىپ.

— سىلەرگە ئوخشاش قېرىلارنى ئۆيلىرىگە قويۇپ بېرىۋاتقاندەك قىلىشىدىغۇ؟

— ھېچكىمنى قويۇپ بەرگىنى يوق. قىزىللار دون ياقىسىغا كېلىپ قالغان تۇرسا، قويۇپ بېرىش دېگەن نەدىكى گەپ؟ مەن ئۆزۈم قېچىپ كەلدىم.

— بۇ ئىش ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلىپ قالماسسەنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىلئىنىچنا ئەنسىرەپ.

— تۇتۇۋالسا، بەلكى، جاۋاب بېرىشكىمۇ توغرا كېلەر.

— ئۇ چاغدا قانداق قىلىسەن، نەگە يوشۇرۇنىسەن؟

— سەن مېنى مۆكۈ - مۆكۈلەك ئوينايدۇ ياكى مېھماندارچىلىقتا يۈردۇ، دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ تۇفى، قاپاقباش بۇت! — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاچچىقى بىلەن يەرگە بىرنى تۈكۈرۈۋەتتى، ئەمما موماي جىمىقىپ قالمىدى:

— ۋاي ئانام، قانداق گۇناھغا پاتتۇق! سېنى تۇتۇپ كەتسە، يەنە شور پېشانە بولۇپ قالىمىز...

— مەيلى، چۆل - دەشتلەردە مىلتىق كۆتۈرۈپ، سۆرۈلۈپ يۈرگەندىن كۆرە، مۇشۇيەردە تۇتۇۋېلىپ، تۈرمىگە سولىغان ياخشى، — دېدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ھارغىنلىق بىلەن، — مەن كۈنىگە 40 چاقىرىم يول باسىدىغان، ئاكوپ قازىدىغان، ئاتاكىغا چاپىدىغان، تېخى يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەيدىغان ھەم ئوقتىن يوشۇرۇنىدىغان ياش بالىمىدىم. ئۇ ئوقلاردىن شەيتانمۇ ساقلىنالمايدۇ! مېنىڭ ئەگرى دەريادىن كەلگەن بىر سەپدىشىمنىڭ سول تاغىقىغا تاس قىلىپ ئوق تەگكەنىدى، ئايغىنىمۇ مىدىرلاتماستىن جان بەردى. مۇنداق ئىشنىڭ نېمە سۆيۈنىدىغان يېرى بولسۇن!

چال مىلتىق بىلەن ئوقدانىنى توپان خامىنىغا ئاپىرىپ يوشۇردى، ئىلئىنىچىنا چەكمىنىڭ قېنى دەپ سورىغاندا، ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، خالار - خالىماس جاۋاب بەردى:

— چۈشۈرۈپ قويدۇم. راستىنى ئېيتسام، تاشلىۋەتتىم. شۇ مىلىنىسكايا بازىرىنىڭ نېرىسىدا بىزنى دۈشمەن شۇنداق قىستاپ كەلدىكى، ھەممە نەرسىنى تاشلاپ، تەلۋىلەرچە قاچتۇق. ئۇ يەردە چەكمەن كۆزگە كۆرۈنەمدۇ... بەزى ئادەملەرنىڭ كالتا جۇۋىسى بار ئىدى، ئۇنىمۇ تاشلاپ كېتىشتى... چەكمەن ئەجەب ئېسىڭگە چۈشۈپ قاپتۇغۇ، ساڭا ئۇنىڭ نېمە كېرىكى بار ئىدى؟ كاشكى ئېسىل چەكمەن بولۇپ قالسىچۇ، نەق تىلەمچىنىڭ جەندىسى...

ھەقىقەتتە بولسا چەكمەن ئېسىل. يېپيېڭى چەكمەن

ئىدى، ئەمما چالىنىڭ يوقىتىپ قويغان نەرسىسىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سېزىدە يارامسىز نەرسە بولۇپ چىقاتتى. ئۇنىڭدا ئۆزىگە ـ ئۆزى تەسەللى بېرىدىغان ئاشۇنداق ئادەت بار ئىدى. ئىلىئىنىچنا بۇنى بىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن چەكمەننىڭ سېۋىتى توغرۇلۇق تالىشىپ ئولتۇرمىدى.

كېچىدە ئائىلىسى توغرۇلۇق مەسلىھەت ئۆتكۈزۈپ مۇنداق قارارغا كېلىشتى: ئىلىئىنىچنا بىلەن پانتېلېي پروكوفيېۋىچ نەۋرىلىرى بىلەن بىللە ئاخىرقى مىنۇتقىچە ئۆيدە قېلىپ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ساقلىماقچى، چەچلەنگەن ئاشلىقىنى يەرگە كۆممەكچى، دۇناشكىنى بولسا، ئىككى چوڭ ئۆكۈزگە ساندۇقلىرىنى يۈكلەپ، چىر بويىدىكى لاتىشېۋ يېزىسىدا تۇرىدىغان بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە يولغا سالماقچى بولۇشتى.

بۇ پىلانىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى تەقدىر نېسىپ قىلمىغانىكەن. ئەتىسى ئەتىگەن دۇناشكىنى ئۇزىتىپ قويۇشقانىدى، چۈش بولغاندا تاتارسكىغا سالىسكىنىڭ كازاك ـ قالماقلىرىدىن تەركىب تاپقان جازا ئەترىتى كىرىپ كەلدى. ئۆيىگە يوشۇرۇن قايتىپ كەلگەن پانتېلېي پروكو-فيېۋىچنى يېزىلىقلاردىن بىرى كۆرۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن؛ يېزىغا جازا ئەترىتى كىرىپ بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن تۆت قالماق مېلېخوفلارنىڭ ھويلىسىغا ئات چاپتۇرۇپ كېلىشتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاتلىقلارنى كۆرۈپ قېلىپ، ھەيران قالارلىق تېز ۋە ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن يامىشىپ، ئۆگزىگە چىقىۋالدى؛ مېھمانلارنى قارشى ئېلىشقا ئىلىئىنىچنا چىقتى.

— بوۋىيىڭ قېنى؟ — دەپ سورىدى ياشىنىپ قالغان قامەتلىك، سىتارشىسى ئۇرەدنىك پاگونى تاقىغان بىر قالماق ئاتتىن چۈشۈپلا، ئىلىئىنىچنانى يانداپ ئۆتۈپ، يان ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ.

— فرونتتا، نەدە بولـماقچىدى؟ — ئىلئىنىچنا قوپاللىق بىلەن جاۋاب بەردى.

— ئۆيۈڭگە باشلا، تىنىتتىش قىلىمەن.

— نېمىنى ئىزدەيسەن؟

— بوۋىمىڭنى ئىزدەيمىز. ھەي، ئۆيات! سەن قېرى موماي تۇرۇقلۇق يالغان سۆزلەمسەن! — دېدى تەنە بىلەن ياشراق بىر ئۇرەدنىك بېشىنى چايقاپ، ئاپئاق چىشلىرىنى ھىجايتىپ.

— سەن ھۆرپەيمە، توگرىلىق! يوق دېگەندىن كېيىن، دېمەك، يوق!

— ۋالاقلاشنى قوي، ئۆيۈڭگە باشلا! باشلىمىساڭ، ئۆزىمىز كىرىمىز، — دېدى زەردىسى قاينىغان قالماق جىددىي سۆزلەپ، ئاندىن مايماق پۇتلىرى بىلەن چوڭ - چوڭ چامداپ، پەلەمپەيگە قاراپ ماڭدى.

ئۇلار ئۆيلەرنى دىققەت بىلەن قاراپ چىقىشتى، ئۆزئارا قالماقچە بىر نەرسە دېيىشتى. ئاندىن ئىككىسى ھويلىدىكى مەنزىرە ئۆينى تەكشۈرۈشكە مېڭىشتى، بىرى — پاكار، چوقۇر، بۇرنى پاناق، چىرايى قارا قالماق — لامپاس تىكىلگەن كەڭ شالۋۇرىنى كۆتۈرگەن پېتى دالانغا چىقتى. ئىلئىنىچنا كەڭ ئېچىلغان ئىشىكنىڭ يورۇقىدا ھېلىقى قالماقنىڭ بىر سەكرەپ، قولى بىلەن ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئېسىلىپ، چاققانلىق بىلەن يۇقىرىغا يامىشىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۇ يەنە چاققانلىق بىلەن ئۇ يەردىن سەكرەپ چۈشتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پۇتـۇن ئەزاسى توپىغا مىلەنگەن، ساقىلىغا ئۆمۈچۈك تورى يېپىشقان پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئوھ - ئوھلاپ، ئاستا پەسكە چۈشتى. ئۇ لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ تۇرغان مومىيىغا قاراپ:

— بۇ لەنىتلەر تېپىۋالدى! دېمەك، بىرى كۆرسىتىپ قويغانىكەن — دە....، — دېدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچنى ساقچى نازارىتى ئاستىدا كارگىنىسكايىغا ئاپىرىشتى، ھەربىسى دالا سوتى شۇ يەردە ئىدى. ئىلىئىنىچنا بىرئاز يىغلىغاندىن كېيىن يىگىباشتىن گىرلىدۇرلەشكە باشلىغان زەمبىرەك ئاۋازىغا ۋە دونىنىڭ نېرىسىدا تاتاتالاپ ئېنىق ئېتىلىۋاتقان پىلىموت ئوقلىرىغا قۇلاق سېلىپ، ئاز بولسىمۇ ئاشلىقنى يوشۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئامبارغا كىردى.

## 22

قولغا چۈشكەن 14 قاچقۇن سوت قىلىنىشىنى كۈتەتتى. سوت قىسقا ۋە رەھىمسىز ئۆتتى. سوت ھەيئىتىنىڭ رەئىسى قېرى ياساۋۇل سوتلىنىۋاتقانلارنىڭ فامىلىسىنى، ئىسمىنى، ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى، دەرىجىسىنى ۋە قىسىم نومۇرىنى سورىدى. سوت قىلىنغۇچىنىڭ قانچە ۋاقىت قېچىپ يۈرگەنلىكىنى ئېنىقلىدى، ئۇندىن كېيىن سوت ئەزالىرى بىلەن — بىر قولى چولاق خورۇنچى ھەم نىكار تاماق يەپ سەمرىگەن شاپ بۇرۇت، داپ يۈز ۋاخمىستىر بىلەن پىچىرلىشىپ، بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىشىۋالغاندىن كېيىن ھۆكۈم ئېلان قىلدى. ئەسكەرلىكتىن قاچقانلارنىڭ كۆپچىلىكى كۆك تاياق بىلەن دەررە ئۇرۇش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، جازانى مۇشۇ مەقسەت بىلەن مەخسۇس ئاجرىتىلغان بوش ئۆيدە قالماقلار ئىجرا قىلدى. جازالاش ئىشىنى، 1918 - يىلىدىكىدەك خەلق ئالدىدا ئاشكارا سورۇندا ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك، چۈنكى جەڭگىۋار دون ئارمىيە

سىدە ھەربىي خىزمەتتىن قېچىش ناھايىتى ئەۋج ئالغانىدى...

ئىسىملىك بويىچە پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئالتىنچى بولۇپ چاقىرىلدى. ئۇ سوت شىرەسىنىڭ ئالدىدا دەككە - دۈككە ئىچىدە، چىرايى ئۆڭگەن ھالدا قوللىرىنى پەسكە چۈشۈرۈپ تۇردى.

— فامىلەڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى ياساۋۇل جاۋابقا قارىماستىن.

— مېلېخوف، جانابىي ئالىي.

— ئۆزۈڭنىڭ ئىسمى ۋە ئاتاڭنىڭ ئىسمى؟

— پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، جانابىي ئالىي.

ياساۋۇل قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، چالغا تىكىلىپ قارىدى.

— سىز قەيەرلىك؟

— ۋېشېنسكايادىكى تاتارىسكى يېزىسىدىن بولىمەن، جانابىي ئالىي.

— سىز يۈزبېشى مېلېخوف گرىگورىينىڭ ئاتىسى ئەمەسمۇ؟

— ئەق شۇنداق، ئۇنىڭ ئاتىسىمەن، جانابىي ئالىي، — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ گويا ئاجىز بەدىنىدىن دەررە ئۇرىدىغان تاياقنىڭ يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ بىردىنلا تېتىكلەشتى.

— ماڭا قاراڭ، بۇ ئىش سىزگە ئۇيات ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى ياساۋۇل پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ جۆدىگەن يۈزىدىن ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئالماستىن.

شۇ چاغدا پانتېلېي پروكوفيېۋىچ نىزامنامىنى بۇزۇپ، سول قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، يىغلامسىرىغان ئاۋاز بىلەن:

— جاناب ئالىي، ياساۋۇل جانابلىرى! سىزگە ئۆمۈر بويى دۇئا قىلاي، تەڭرى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزسۇن. ماڭا تاياق جازاسى بۇيرۇماڭ! ئۆيلۈك - ئۆچاقلىق بولغان ئىككى ئوغلۇم بارئىدى... چوڭىنى قىزىللار ئۆلتۈرۈۋەتتى... نەۋرىلىرىم بار. ماڭا ئوخشاش ئۆلەرمەن قېرىلارنى تاياق بىلەن ئۇرۇش كېرەكمۇ؟ — دېدى.

— ھەربىي خىزمەتنى قانداق ئۆتەش كېرەكلىكىنى قېرىلارغىمۇ ئۆگىتىپ قويىمىز. سەن تېخى ھەربىي سەپتىن قاچقانلىقىڭ ئۈچۈن كىرىست مېدالى بېرىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ — دېدى قولى چېلاق خورۇنجى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، خورۇنجىنىڭ ئىككى جاۋغىيى ئەسەبىيلەرچە تىترەيتتى.

— ماڭا كىرىستىنىڭ نېمە كېرىكى بار... مېنى قىسمىغا ئەۋەتىپ بېرىڭلار، سەممىي - ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىمەن... قانداق قاچقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، مېنى شەيتان ئازدۇرغان ئوخشايدۇ... — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ يەنە سوقۇلۇپ بولمىغان ئاشلىق توغرۇلۇق، ئۆزىنىڭ ئاقساقلىقى ۋە ئىگىلىك ئىشلىرىنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقى توغرۇلۇق باغلاشمايدىغان سۆزلەرنى قىلىۋىدى، ياساۋۇل قول ئىشارىتى بىلەن ئۇنى سۆزلەتمىدى - دە، خورۇنجىغا ئېگىلىپ، قۇلىقىغا ئۇزاق ۋاقىت بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى، خورۇنجى بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى، شۇندىن كېيىن ياساۋۇل پانتېلېي پروكوفيېۋىچقا بۇرۇلدى.

— خوپ. گېپىڭىز تۈگىدىمۇ؟ مەن ئوغلىڭىزنى بىلەتتىم، ئۇنىڭ مۇنداق ئاتىسى بارلىقىغا ھەيران بولۇۋاتىمەن. سىز قىسمىدىن قاچان قاچتىڭىز؟ بىر ھەپتە بۇرۇنمۇ؟ سىز قىزىللار كېلىپ يېزىمىزنى بېسىۋالسۇن، تېرىمىزنى شىلسۇن دېگەنمىدىڭىز؟ ياش كازاكلارغا مۇشۇنداق ئۈلگە كۆرسەتمەكچىمىدىڭىز؟

سىزنى بىر قانۇن بويىچە سوتقا تارتىپ، تەن جازاسى بەرمەكچى دۇق، ئەمما ئوغلىڭىزنىڭ ئوفىتسېرلىق مەرتىۋىسىگە ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن سىزنى بۇ جازادىن قۇتقۇزدۇمەن. سىز ئاددىي جەڭچىمىدىڭىز؟

— دەل شۇنداق، جانابىي ئالىي.

— دەرىجىڭىز نېمە؟

— مىلادشىي ئۇرەدنىك ئىدىم، جانابىي ئالىي.

— پاگونىڭنى ئېلىپ تاشلا! — دېدى ياساۋۇل «سەن»-لەپ سۆزلەشكە ئۆتۈپ، قوپال، قاتتىق ئاۋاز بىلەن بۇيرۇق قىلىپ: — دەرھال قىسىمغا جۆنە! بۆلۈنمە كوماندىرىغا ھەربىي دالا سوتىنىڭ قارارى بىلەن ئۇرەدنىكلىك ئۇنۋانىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقىڭنى مەلۇم قىل. مۇشۇ سوقۇشتا ياكى كېيىنكى ئۇرۇشلاردا مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغانمىدىڭ؟.. قېنى، ماڭ!

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچنىڭ شادلىقى ئىچىگە سىغماي، تاشقىرىغا چىقتى ـ دە، چېركاۋ گۈمبىزىگە قاراپ چوقۇنۇۋالغاندىن كېيىن... ئىدىرنىڭ ئۈستى بىلەن مېڭىپ، يولنى چەتلەپ ئۆيىگە راۋان بولدى. خۇش، ئەمدىنىۇ ئۇنداق يوشۇرۇنۇپ يۈرمەسمەن! ئەمدى تېپىپ كۆرسۇنچۇ، ئۆچ بۆلۈنمە قالماق ئەۋەتكەن بىلەنمۇ تاپالمايدۇ! — دەپ ئويلىدى ئۇ، ئوت ئۆسۈپ كەتكەن ئېگىزلىق بىلەن ئاقساقلاپ كېتىۋېتىپ.

ئۇ دالادا كېتىۋېتىپ، ئەمدى ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن يول بىلەن ماڭغان ياخشى دېگەن قارارغا كەلدى. «يولدىن چەتلەپ ماڭسام، قاچقۇن دەپ ئويلىشى تۇرغان گەپ. بىرەر سولتەك ئەسكەرگە ئۇچراپ قالساڭ، سوت قىلماستىنلا ئۈستۈڭگە قامچا ياغدۇرۇشقا باشلايدۇ» — دېدى ئۇ ئۆزىنى چىقىرىپ پىكىر يۈرگۈزۈپ. ئۇ ئېتىزلىقتىن ياۋا گىياھلار قاپلىغان تاشلاندۇق يازلىق يولغا

بۇرۇلدى، ئەمدى ئۇ ئۆزىنى نېمىشقىدۇر قاچقۇن هېسابلىمايتتى.

ئۇ دونغا يېقىنلاشقانسېرى ئۆي - ماكانىنى تاشلاپ قاچقان ئادەملەرنىڭ ئۇلاغ - هارۋىلىرى شۇنچە كۆپ ئۇچرىغىلى تۇردى. بۇ يىل باهاردا قوزغىلاڭچىلار دوننىڭ سول تەرىپىگە كۆچكەن چاغدىكى ئىشلار قايتا تەكرارلانغانىدى: ئۆي سەرەمجانلىرى بېسىلغان بىرىچكا ۋە هارۋىلار دالا بويلاپ ھەممە تەرەپلەردە ئايىغى ئۈزۈلمەستىن قاتار سوزۇلۇپ كەتكەن، توپ - توپ مۆرىشىپ ماڭغان قارا ماللار، قوي پادىلىرى خۇددى ھەربىي يۈرۈشتىكى ئاتلىق ئەسكەرلەردەك چاڭ - توزان توزىتىپ باراتتى... هارۋا چاقلىرىنىڭ غىچىرلىشى، ئاتلارنىڭ كىشنىشى، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى، قويلارنىڭ مەرىشى، سان - ساناقسىز تۇياقلارنىڭ دۈپۈرلىشى، بالىلارنىڭ يىغىسى — ھەممىسى بىرگە قوشۇلۇپ تىنچ ئارامىدا ياتقان كەڭ دالانى تىنىمسىز ۋە تەشۋىشلىك شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن تولدۇرغانىدى.

— نەگە كېتىۋاتىسەن، بوۋا؟ ئارقاڭغا قايت، كەينىمىزدىن قىزىللار كېلىۋاتىدۇ! — دەپ توۋلىدى بېشىنى تېڭىۋالغان ناتونۇش بىر كازاك هارۋا بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ.

— يالغان سۆزلىمە! قېنى ئۇ قىزىللار دېگىنىڭ؟ — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ گاڭگىراپ توختاپ قالدى.

— دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدە. ۋېشىنكىغا كېلىپ قالدى. سەن شۇ تەرەپكە كېتىۋاتامسەن؟

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ كۆڭلى تىنچىغاندىن كېيىن يولنى داۋاملاشتۇردى - دە، كەچقۇرۇن تاتارسكىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ، دۆڭدىن چۈشۈۋېتىپ، ئەتراپقا دىققەت بىلەن قارىدى. يېزىدا ئادەم قالمىغانلىقى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. كوچىلاردا

ئىنىس - جىن يوق ئىدى. دېرىزە قاپقاقلىرى يېپىق ئېگىسىز قالغان ئۆيلەر تىمتاس ئىدى. نە ئادەملەرنىڭ ئاۋازى، نە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ تاۋۇشى ئاڭلانمايتتى. پەقەت دون بويىدىلا ئادەملەر مىڭ - مىڭ يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بۇ يەرگە يېقىنلىشىپ كەلگەندىن كېيىن سۇدىن قېيىقلارنى سۆرەپ چىقىرىپ، يېزىغا توشۇۋاتقان قوراللىق كازاكلارنى ئاسانلا تونۇيدى. تاتارىسكى ئاھالىسى بۇ يېزىنى تاشلاپ كەتكەنىدى، بۇ ھال پانتېلېي پروكوفيېۋىچقا ئايدىڭ بولدى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن تار كوچىغا كىردى - دە، ئۆز ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئىلىنىچنا بىلەن نەۋرىلىرى ئاشخانىدا ئولتۇرغانىكەن.

— مانا چوڭ دادامىز كەلدى! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى مىشاتكا خۇشاللىق بىلەن بوۋىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ.

ئىلىنىچنا خۇشاللىقتىن يىغلىۋەتتى، ياش تۆكۈپ تۇرۇپ چاۋۇلداپلا كەتتى:

— سېنى كۆرۈشتىن ئۈمىد ئۈزگەنىدىم! خوش، پروكوفيېۋىچ، سەن قانداق قىلىمەن دېسەڭ مەيلى، ئەمما مەن بۇ يەردە قېلىشقا ئەمدى ئۇنىمايمەن! ھەممە نەرسە كۆيۈپ كەتسە كەتسۇن، ئەمدى مەن بوشاپ قالغان ئۆيگە قاراۋۇللۇق قىلىپ ئولتۇرالمايمەن. يېزىدىكىلەرنىڭ دېگۈدەك ھەممىسى كېتىشىپ بولدى، مەن بولسام، ئەخمەقتەك باللار بىلەن ئولتۇرۇپتىمەن! پايتالنى ھازىرلا ھارۋىغا قوش، كۆزىمىز كۆرگەن بىر ياققا كېتەيلى! سېنى قويۇپ بەردىمۇ؟

— قويۇپ بەردى.

— پۈتۈنلەيمۇ؟

— ھازىرچە پۈتۈنلەي قويۇۋەتتى دەپ تۇراي، تۇتۇۋالغاندا بىر گەپ بولۇر...

— ئەمدى ساڭا يوشۇرۇنۇۋېلىشقا بولمايدۇ! بۈگۈن ئەتىگەن قىزىللار نېرىقى قىرغاقتىن شۇنداق ئوق ئېتىشقا باشلىدىكى، دەھشەت! مەن ئوق بېسىلغانغا قەدەر بالىلار بىلەن كەمىدە ئولتۇردۇم. ھازىر ئۇلارنى قوغلىۋەتتى. كازاكلار كېلىپ كەتتى، سۈت سوراپ ئىچىشتى. بۇ يەردىن كېتىڭلار، دەپ مەسلىھەت بەردى.

— بىزنىڭ يېزىلىق كازاكلار ئەمەسمىكەن؟ — دېدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ دېرىزە چەسۋېرىدىكى يېڭى تېشىلگەن ئوق ئىزىغا سىنچىلاپ قاراپ.

— ياق، يات كازاكلار، خوپېر تەرەپتىن كەلگەن كازاكلار بولسا كېرەك.

— ئۇنداق بولسا كېتىش كېرەك، — دېدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

كەچ كىرىش ئالدىدا ئۇ تېزەكخانىغا ئورا قېزىپ، ئىچىگە يەتتە قاپ بۇغداي تۆكتى - دە، ئورىنى پۇختا كۆمۈپ، ئۈستىگە تېزەك دۆۋىلىدى، ئاندىن گۈگۈم چۈشۈش بىلەنلا كىچىك ھارۋىغا بايتالنى قوشتى، ئۈستىگە ئىككى جۇۋىنى سالدى، بىر قاپ ئۇن، بىر قاپ سۆك، پۇتى باغلانغان بىر قوينى باستى، ئارقا شوتىسىغا ئىككىلا ئىنەكنى باغلىدى، ئاندىن ئىلىنىچىنا بىلەن نەۋرىلىرىنى ھارۋىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ:

— خوپ، ئەمدى خۇدا يار بولسۇن! — دېدى. ھويلىدىن چىققاندىن كېيىن چۇلۇۋۇرنى مومايغا بېرىپ دەرۋازىنى ئەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئېدىرغىچە بۇرنىنى مىچىلدىتىپ، كۆز يېشىنى چەكمىنىڭ يېڭى بىلەن ئېرتىپ، ھارۋىنىڭ يېنىدا پىيادە ماڭدى.

## 23

17 - سېنتەبىر كۈنى شورىنىڭ زەربىدار گۇرۇپپىسىنىڭ قىسىملىرى 30 چاقىرىملىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، دونغا يېقىنلا كېلىپ قالدى. 18 - كۈنى ئەتىگەندىن تارتىپ قىزىللارنىڭ باتارېيىلىرى ئۇست - مېدۋېدىتسادىن تاكى كازانسكايا بازىرىغىچە گۈمبۈرلەشكە باشلىدى. دۈشمەن پوزىتسىيىسىنى قىسقىلا توپقا تۇتقاندىن كېيىن پىيادە قىسىملار دون بويىدىكى يېزىلارنى، ئاندىن بوكانوۋسكايا، يېلانسكايا ۋە ۋېشېنسكايا بازارلىرىنى ئىشغال قىلدى. بىر كۈن ئىچىدە دوننىڭ سول قىرغىقىدىكى 150 چاقىرىمدىن ئۇشۇقراق يەر ئاقلاردىن تازىلاندى. كازاك بۆلۈنمىلىرى دوندىن تەرتىپ بىلەن ئۆتۈپ، ئالدىن تەييارلانغان پوزىتسىيىلەرگە چېكىندى. دەريادىن ئۆتۈش ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەممىسى كازاكلارنىڭ قولىدا ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ۋېشېنسكايانىڭ كۆۋرۈكى قىزىللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشكە تاس قالدى. كازاكلار چېكىنىش ۋاقتىدا ئوت قويۇش ئۈچۈن كۆۋرۈكنىڭ بېشىغا ئالدىنئالا پاخال دۆۋىلەپ، تاختايلىرىغا كېروسىن چاچقانىدى، لېكىن ئەمدىلا ئوت قويايلى دەپ تۇرغان چاغدا بىر ئالاقىچى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ: 37 - پولكنىڭ بىر بۆلۈنمىسى پېرېۋوزنى يېزىسىدىن ۋېشېنسكاياغا ئۆتۈش ئۈچۈن دەريا بويىغا كېلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. بۇ ئارقىدا قالغان بۆلۈنمە قىزىللارنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى يېزا بازىرىغا كىرگەن چاغدىلا كۆۋرۈكنىڭ بېشىغا ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. كازاكلار پىلېموتلارنىڭ ئوت ئېچىشىغا قارىماستىن، ھەر ھالدا كۆۋرۈك-

تىن چېپىپ ئۆتتۈۋالدى ۋە ئارقىدىنلا ئوت قويۇپ ئۆلگۈردى، ئەمما ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان بولۇپ ئوندىن ئارتۇقراق ئادەم ۋە شۇنچىلىك ساندا ئاتلىرىنى چىقىمغا ئۇچراتتى.

9 - قىزىل ئارمىيە تەركىبىدىكى 22 - ۋە 23 - دىۋىزىيىلەرنىڭ پولكلىرى دوننىڭ سول قىرغىقىدىكى ئۆزلىرى ئىشغال قىلغان يېزا - كەنتلەرنى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىغىچە تۇتۇپ تۇرالىدى. دۈشمەنلەشكۈچى ئىككى تەرەپنى دەريا ئايرىپ تۇراتتى، دەريانىڭ ئەڭ كەڭ يېرى شۇ چاغدا 80 سارجىندىن ئاشمايتتى، بەزى جايلىرى ئاران 30 سارجىنغا يېتەتتى. قىزىللار دەريادىن ئۆتۈشكە پائال كىرىشىپ باقمىدى؛ بەزىبىر تېيىز كېچىكلەردىن كېچىپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما دۈشمەن ئۇلارنى زەربە بىلەن قايتۇردى. مۇشۇ ئۇچاستىكىدىكى فرونتنىڭ ھەممە يېردە ئىككى ھەپتە مابەينىدە ئارتىللېرىيە ۋە مىلتىق ئېتىشمىلىرى شىددەتلىك داۋام قىلدى. كازاكلار جاي ئۈستۈنلۈكى جەھەتتە مۇھىم بولغان دەريا ياقىسىدىكى ئېگىزلىكلەرنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقتىن، دونغا چۈشۈشكە يېقىلىپ تۇرغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئوققا تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ كۈندۈزى قىرغاققا يېقىنلىشىپ كېلىشىگە ئىمكان بەرمىدى؛ ئەمما بۇ ئۇچاستىكىدىكى كازاك بۆلۈنمىلىرى جەڭ قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز بولغان ئەسكەرلەر (قېرىلار ۋە 17 — 19 ياش ئارىسىدىكى ياشلار) دىن تەركىب تاپقانلىقتىن، بۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ دوندىن ئۆتۈپ، قىزىللارنى قوغلاشقا ياكى سول قىرغاققا ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنمىدى.

كازاكلار ئوڭ قىرغاققا چېكىنگەندىن كېيىن دەسلەپكى كۈنلا قىزىللار ئىشغال قىلغان يېزىلاردىكى ئۆيلەر مانا ھازىرلا لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلايدۇ دەپ كۈتكەنىدى، ئەمما ئۇلارنى ئىنتايىن تەئەججۈپلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، دەريانىڭ سول

قىرغىقى تەرىپىدە ھېچبىر يەردە ئىس - تۈتۈن كۆرۈنمىدى؛ بولا ئەمەس — كېچىسى ئۇ تەرەپتىن قېچىپ كەلگەن ئاھالە قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى ھېچكىمنىڭ مال - مۈلكىگە تەگمىدى، ئالغان نەرسىلىرىگە، ئەقەللىيسى تاۋۇز، سۈت قاتارلىق نەرسىلەرگە يۇقىرى باھادا سوۋېت ئاقچىسى تۆلىدى، دېگەن خەۋەرنى ئەكەلدى. بۇ گەپ كازاكلار ئارىسىدا ئىسەنكىرەش ۋە ئىنتايىن قاتتىق ھەيرەت قوزغىدى. ئۇلار قوزغىلاڭغا قاتناشقان يېزا - كەنتلەرنى قىزىللار پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ، دەپ قارىغانىدى؛ بۇ يەردە قېپقالغان ئاھالىنىڭ بىر قىسمىنى، ھېچ بولمىغاندا ئەر كىشىلەرنىڭ يېرىمىنى رەھىمسىزلەرچە قىرىپ تاشلايدۇ، دەپ كۈتكەنىدى، ئەمما ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا — قىزىللار تىنچ پۇقرالارنىڭ ھېچبىرىگە تەگمىگەن، روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلار ھەتتا ئۆچ ئېلىش دېگەن نەرسىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن.

19 - سېنتەبىرگە ئۆتەر كېچىسى ۋېشېنسكايانىڭ ئۇدۇلىدىكى قاراۋۇلخانىدا تۇرغان خوپېرلىق كازاكلار دۈشمەننىڭ ئاشۇ ھەيران قالارلىق قىلمىشلىرىنى رازۋېتكا قىلىش ئارقىلىق بىلمەكچى بولۇشتى؛ ئاۋازى كۈچلۈك بىر كازاك قولىنى كاناي قىلىپ:

— ھەي، قىزىل قورساقلار! نېمىشقا ئۆيىمىزنى كۆيدۈرمەيسىلەر؟ سەرەڭگەڭلار يوقمۇ؟ بۇ ياققا ئۈزۈپ كېلىڭلار، سەرەڭگە بېرەيلى! — دەپ توۋلىدى.

ئاۋازى ئۆتكۈر بىرى قاراڭغۇ ئىچىدىن جاۋاب قايتۇردى:

— ئەپسۇسكى، سەنلەرنى تۇرغان يېرىڭلاردا قولغا چۈشۈرەلمىدۇق، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۆي - ماكانىڭلار بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن بولاتتۇق.

— سىلەر تىلەمچىلىككە قالدىڭلارمۇ؟ ئوت تۇتاشتۇرۇشقا

ھېچنېمەڭلار يوق ئوخشايدۇ؟ — دەپ جۇشقۇنلۇق بىلەن ۋارقىرىدى خوپپىرلىق.

ئۇنىڭغا سالماقلىق بىلەن ئوچۇق - يورۇق جاۋاب قايتۇرۇشتى:

— بۇياققا ئۆزۈپ كەل، ئاق ساتقىن، ئىشتىنىڭنىڭ ئىچىگە چوغ تولدۇرايلى. ئۆمۈر بويى چىچاڭشىپ يۈرىسەن!

قاراۋۇلخانىلاردا ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى ئۇزاققىچە تىللاپ، زەھەرلىك سۆزلەرنى قىلىشتى، كېيىن ئاز - تولا ئوق چىقىرىپ، جىمىقىپ قېلىشتى.

ئۆكتەبىرنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە كازانسكايا — پاۋلوۋسكى ئۇچاستكىسىغا توپلانغان ئىككى كورپۇس جامىسىدىكى ئاساسىي كۈچلەر ھۇجۇمغا ئۆتتى، 8000 پىيادە ئەسكەر ۋە 6000 ئاتلىق ئەسكەردىن ئىبارەت 3 - دون كورپۇسى پاۋلوۋسكىغا يېقىن يەردە جەڭ بىلەن دوندىن ئۆتۈپ، قىزىللارنىڭ 56 - دىۋىزىيىسىنى ئولاقتۇرۇپ تاشلىدى - دە، شەرققە قاراپ ئوتتۇقلۇق رەۋىشتە ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي، كونوۋالوۋنىڭ 2 - كورپۇسىمۇ دوندىن كېچىپ ئۆتتى. بۇ كورپۇسنىڭ تەركىبىدە ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىشى ئۇنىڭغا دۈشمەن جايلاشقان يەرگە چوڭقۇر بۆسۈپ كىرىپ، بىرنەچچە قېتىم قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشكە ئىمكان بەردى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى فرونتنىڭ بىر يېرىدە زاپاستا تۇرغان قىزىللارنىڭ 21 - ئوقچى دىۋىزىيىسى ئىشقا چۈشۈپ، 3 - دون كورپۇسىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى بىرقەدەر توختاتقان بولسىمۇ، ئەمما بىرلەشكەن كازاك كورپۇسلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 14 - ئۆكتەبىردە 2 - كازاك كورپۇسى دەھشەتلىك جەڭدە قىزىللارنىڭ 14 - پىيادىلەر دىۋىزىيىسىنى بىتچىت قىلىپ، ئادىمىنىڭ دېگۈدەك ھەممىسىنى يوقاتتى.

بىر ھەپتە ئىچىدە قىزىللار دوننىڭ سول قىرغىقىدىن تاكى
ۋېشېنسكاياغىچە سۈرۈپ چىقىرىلدى. كازاك كورپۇسلىرى كەڭ
ستراتېگىيىلىك جەڭ مەيدانلىرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، 9 - قى-
زىل ئارمىيە قىسىملىرىنى لۇزېۋو - شىرىنكىن - ۋوروبېيېفكا
فرونتىغا قىستاپ قويدى، بۇ ھال 9 - ئارمىيىنىڭ 23 - دىۋى-
زىيىسىنى ۋېشېنسكايادىن كىرۇگلوۋسكى يېزىسىغىچە بولغان
غەرب تەرەپتىكى ئۇرۇش سېپىنى دەرھال قايتا قۇرۇشقا مەجبۇر
قىلدى.

دېيەرلىك بىرلا ۋاقىت ئىچىدە گېنېرال كونوۋالوۋنىڭ 2 -
كورپۇسى دوندىن ئۆتكەن چاغدا كلېتسكايا رايونىدىكى 1 -
دون كورپۇسىمۇ ئۆز ئۇچاستكىسى تەرەپتە جەڭ بىلەن
دوندىن ئۆتتى.

قىزىللارنىڭ سول قاناتتىكى 22 - ۋە 23 - دىۋىزىيىلىرىگە
مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلدى. شەرقىي - جە-
نۇبىي فرونتىنىڭ قوماندانلىقى بۇنى كۆزدە تۇتۇپ، 9 - ئارمى-
يىگە ئىكورېتس دەرياسى ئېغىزى - بۇتۇرلىنوفكا - ئۇسپېنس-
كايا - تىشانسكايا - كۈملژېنسكايا فرونتىغا چېكىنىشكە بۇيرۇق
قىلدى. ئەمما ئارمىيە بۇ لىنىيىنى قولدا تۇتۇپ تۇرۇشقا مۇۋەپ-
پەق بولالمىدى. ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بويىچە توپلانغان سان-
سانافسىز يەككە - يەككە كازاك بۆلۈنمىلىرى دوننىڭ ئوڭ قىرغى-
قىدىن كېچىپ ئۆتكەندىن كېيىن 2 - كازاك كورپۇسىنىڭ مۇنى-
تىزىم قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، 9 - ئارمىيىنى شىمالغا
قاراپ شىددەتلىك قوغلاشنى داۋام ئەتتۈردى. 24 - ئۆكتەبىر-
دىن 29 - ئۆكتەبىرگىچە ئاقلار فىلونوۋو، پوۋورىنو ئىستانسىلى-
رىنى ۋە نوۋوخوپېرسك شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. لېكىن دون
ئارمىيىسىنىڭ ئۆكتەبىردىكى جەڭ نەتىجىلىرى قانچىلىك چوڭ
بولسىمۇ، ئەمما كازاكلارنىڭ روھىي كەيپىياتىدا بۇ يىل باھار

پەسلدە ئوبلاستىنىڭ شىمالىي چېگرىلىرىغا غەلىبىلىك ئىلگىرىلە-
گەن چاغدا ئۇلارنى غەيرەتلەندۈرگەن ئىشەنچ يوق ئىدى. فرونت-
چىلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى
ۋە قىش كەلگۈچە ئۆزلىرىنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى
چۈشىنەتتى.

كۆپ ئۆتمەي جەنۇبىي فرونتتىكى ئەھۋال كەسكىن رەۋىشتە
ئۆزگەردى، پىدائىيلار ئارمىيىسىنىڭ ئورلوۋ - كروممىسكى تەرەپتە-
كى ھەل قىلغۇچ ئاساسىي جەڭدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى ۋە
بۇدىيوننىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ۋورونېژ ئۇچاستكىسىدىكى
پارلاق ئۇرۇش نەتىجىلىرى كۈرەش تەقدىرىنى ھەل قىلدى:
نويابىردا پىدائىيلار ئارمىيىسى جەنۇبقا قاراپ چېكىنىدى، دون
ئارمىيىسىنىڭ سول قانىتى يالىڭاچلىنىپ قالدى، نەتىجىدە بۇ
ئارمىيىنىڭمۇ چېكىنمەي ئىلاجى بولمىدى.

## 24

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۆز ئائىلىسى بىلەن بىللە لاتىشېۋ
يېزىسىدا تىنىچ - ئامان ئىككى يېرىم ھەپتە تۇردى - دە، قى-
زىللار دوندىن چېكىنىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۆيىگە
قايتىشقا تەييارلاندى.

يېزىغا بەش چاقىرىم قالغاندا ئۇ ھارۋىدىن دادىللىق
بىلەن چۈشۈپ، مۇنداق دېدى:

— مۇنداق بىر قەدەم - بىر قەدەم سۆرۈلۈپ مېڭىشقا
سەۋر - تاقىتىم قالمىدى! مۇنۇ لەنىتى ئىنەكلەر بىلەن ئېززەك
ماڭالمايسەن. بۇ نېمىلەرنى نېمىشقا ئۆزىمىز بىلەن بىللە ھەي-
دەپ ماڭدۇقكىنا؟ دۇناشكا! ئۆكۈزلىرىڭنى توختات! ئىنەكلەرنى

ھارۋاڭنىڭ ئارقىسىغا باغلا، مەن ئۆيگە تېزرەك يېتىپ باراي، بەلكى، ھازىر قورۇ-جايىنىڭ نەق كۈلىلا قالغاندۇر...

ۋۇجۇدىنى چەكسىز بىتاقەتلىك قاپلىۋالغان بۇ چال نەۋرىلىرىنى ئۆز ھارۋىسىدىن چۈشۈرۈپ، دۇناشكىنىڭ كەڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزدى، ئارتۇق يۈكلەرنىمۇ مۇشۇ ھارۋىغا باستى، شۇنىڭ بىلەن ھارۋىسى يېنىكلىشىپ قالغانلىقتىن، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا گۈلدۈر - گۈلدۈر تېز يۈرۈپ كەتتى. بايتال بىر چاقىرىم يول مېڭىپلا قارا تەرگە پاتتى، ئىگىسى بۇنى ھېچقاچان مۇنداق رەھىمسىزلىك بىلەن ھەيدىمىگەنىدى: چال قامچىسىنى قولىدىن چۈشۈرمەي، بايتالنى توختاۋسىز قامچىلايتتى.

— بايتالنىڭ مادارىنى قۇرۇتىسەنغۇ! نېمانچە چاپتۇرىسەن، تەلۋە ئادەمدەك؟ — دېدى ئىلىنىچنا ھارۋىنىڭ يان ياغىچىغا يېپىشىۋېلىپ، قاتتىق سىلكىنىشتىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— ئۇ بەربىر مەن ئۆلگەندە قەبرەمنىڭ بېشىغا يىغلاش ئۈچۈن كەلمەيدۇ... چۇ - ۋۇ - ۋۇ، لەنىتى! تەرلىگىنىنى قارىمادىغان!.. ئۇ يەردە، بەلكى، ئۆيىنىڭ ئورنىدا چوڭ-چوڭ كۆتەك قالغاندۇر...، — دېدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

ئۇنىڭ ئەندىشىسى بىكار بولۇپ چىقتى: ئۆيى ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ، ئەمما ھەممە دېرىزىلىرى دېگۈدەك سۇندۇرۇلغان، ئىشىك ھەشىق - مەشىقىدىن چىقىرىۋېتىلگەن، تاملارغا ئوق تېگىپ، ئۆتمۈشۈك بولۇپ كېتىپتۇ. ھويلىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىگىسىز چۆلسىرەپ قالغان بىر ھالەتتە ئىدى. ئات ئېغىلىنىڭ بىر بۇرجىكىنى سىنارەت پۈتۈنلەي ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ، ئىككىنچى توپ ئوقى قۇدۇقنىڭ يېنىدا تېيىز گودەك ھاسىل قىلغان، قۇدۇقنىڭ چىغىرىقىنى غۇلىتىپ، بادرا ياغاچنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ

قېچىپ قۇتۇلغان بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئۇنىڭ ھويلىسىغا ئۆزى كېلىپ، ھەممە يەرنى ۋەيران قىلىپ، كۆرۈمسىز ئىز قالدۇرۇپتۇ. ئەمما يېزىغا ئورۇنلاشقان خوپېرلىق كازاكلار ئىگىلىككە تېخىمۇ چوڭ زىيان سالغان: ئۇلار مال قورۇسىنىڭ قاشالىرىنى بۇزۇپ، ئادەم بويى چوڭقۇرلۇقتا خەندەك قازغان؛ ئوشۇقچە ئەمگەك بىلەن جاپا تارتماسلىق ئۈچۈن ئامبارنىڭ تاملىرىنى بۇزۇپ، ياغاچ - تاشلىرى بىلەن خەندەكنى ياپقان؛ تاش توشۇقلارنى بۇزۇپ، پىلىموت ئۈچۈن كامار ياسىغان؛ رەتلىك بېسىلغان پىچان باغلىرىنى ئاتلىرىغا دەسسىتىپ، نابۇت قىلىۋەتكەن؛ قاشا-نىڭ چىۋىقلىرى بىلەن ئوت قالاپ، يازلىق ئاشخانىنى ئىپلاس قىلىۋەتكەن...

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئۆي ۋە ھويلا - ئارامىلارنى كۆز-دىن كەچۈرگەندىن كېيىن بېشىنى ئىككى چاڭگاللاپ تۇتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ زىيان تارتقان نەرسىلىرىنى كەم باھالايدىغان ئادىتى ئۆزگەرگەنىدى. ئۇ، تەر تۆكۈپ تاپقان نەرسىلىرىنى بىر يولغا يارىمايتتى، پەقەت بۇزۇشقىلا يارايتتى دەپ ئېيتىشقا قانداقمۇ تىلى بارسۇن؟ ئامبار — چەك-مەن ئەمەس - دە، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى ئەرزانغا چۈشمىگەن.

— ئامباردىن ئىز قالماپتۇغۇ، بۇرۇن ئۇنداق نەرسە بولمى-غاندەك! — دەۋەتتى ئىلئىنىچنا خورسىنىپ.

— ئامبار بولغاندىمۇ، يەككە - يېگانە ...، — پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ دەرھاللا ئۈن قاتتى، ئەمما سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تۈگەتمەستىنلا قولىنى سىلكىپ، خامانغا قاراپ كەتتى.

سىنارەت سۇنۇقلىرى بىلەن مىلتىق ئوقلىرى چوقۇر قىلىۋەت-كەن ئۆينىڭ تاملىرى يېقىمسىز ۋەيرانە كۆرۈنەتتى. بۆلمىلەر-دىن شامال ئۇچاتتى؛ شىرە - ئورۇندۇقلارنى قېلىن چاڭ باس-قان... بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئاۋۋالقى ھالىتىغا

كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت كېرەك.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئەتىسىلا ئېتىغا مىنىپ بازارغا بېرىپ كەلدى ۋە تونۇش دوختۇرغا يالۋۇرۇپ، مىلىك تەسلىكتە كازاك مېلېخوف پانتېلېي پۈتى ئاغرىق بولغانلىقتىن، پىيادە يۈرۈشكە يارىمايدۇ ۋە داۋالىنىشقا مۇھتاج، دېگەن مەزمۇندا ئىسپراۋكا قەغەز ئالدى. بۇ گۇۋاھنامە پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ فرونتقا ئەۋەتىلىشتىن قۇتۇلۇپ قېلىشقا ياردەم بەردى. بۇ قەغەزنى ئۇ ئاتامانغا كۆرسەتتى - دە، يېزا باشقارمىسىغا بارغاندا كىشىلەرنى ئوبدان ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ھاسىغا تايىنىپ، نۆۋەت بىلەن ھەر ئىككى پۇتىدا ئاقسايدىغان بولۇۋالدى.

بۇ قېتىمقى قاچ - قاچتىن قايتىپ كەلگەن خەلق تاتارسكىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان قالايمىقانچىلىق. مەنىسىز ھاياتقا دۇچ كەلدى. كىشىلەر ھويلىمۇ ھويلا يۈرۈپ، خوپپىرلىق كازاكلار ھەر يەر - ھەر يەرگە چېچىلىپ كەتكەن مال - مۈلۈكلىرىنى تونۇۋالاتتى، يادىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىنەكلەرنى ئىزدەش مەقسىتىدە دالا ۋە سايلارنى كېزەتتى. تاتارسكى توپقا تۇتۇلۇش بىلەنلا بىرىنچى كۈنى يېزىنىڭ يۇقىرىقى بېشىدىن 300 چە كېلىدىغان بىر يادا قوي غايىب بولۇپ كەتكەن. يادىچىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئوتلاۋاتقان قويلارنىڭ ئالدىغا سىنارەت چۈشۈپ، پارتلاپتۇ - دە، ئۈركۈگەن قويلار قۇيرۇقلىرىنى شالداقلىتىپ، دالا تەرەپكە قېچىپ، كۆزدىن يوقالغان. بۇ قويلارنى يېزا ئاھالىسى تاشلاپ كەتكەن ماكانلىرىغا قايتىپ كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن يېزىدىن 40 چاقىرىم نېرىدىكى يېلانسكايا بازىرىدىن تاپقان، بۇ قويلارنى ھەيدەپ كېلىپ، ھەر كىم ئۆز قويلىرىنى ئايرىشقا باشلىغاندا، يادىدىكى قويلارنىڭ يېرىمى قۇلاقتىكى ئېنى باشقا، يات قوي بولۇپ چىقىپتۇ، يېزىلىقلارنىڭ قويلىرىدىن 50 تىن ئارتۇقراقى كەم چىققان. مېلې-

خوفلارنىڭ باغچىسىغا بوگاتىرېفلارنىڭ كىيىم تىكىش ماشىنىسى كېلىپ قاپتۇ، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۆز ئامبىرىنىڭ تۈنىكىسىنى ئاسكۇشكىنىڭ خامىنىدىن تاپتى. قوشنا يېزىلاردىمۇ خۇددى شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەن. دون بويىدىكى يىراق - يېقىن يېزىلارنىڭ ئاھالىسى تاتارسكىغا ئۇزاقىچە كېلىپ تۇردى؛ كۆپ ۋاقىتقىچە كىشىلەر ئۇچراشقان يەردە! «سول مۈڭگۈزى سۇنغان، جەرەن قاشقا ئىنەك كۆردۈڭلارمۇ؟» «سىلەرنىڭ قېشىڭىلارغا بىر ياشلىق قوڭۇر بۇقا ئېزىپ كېلىپ قالمىدىمۇ؟» دېگەن سوئاللار ئاڭلىنىپ تۇردى.

ئەلۋەتتە، كازاك بۆلۈنمىلىرىنىڭ قازانلىرىدا ۋە كۆچمە ئاشخانىلاردا تالاي بۇقا گۆشى پىشۇرۇلغانلىقى شۈبھىسىز، ئەمما چىقىپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن يۈرگەن مال ئىگىلىرى، يۈتكەن مالنىڭ ھەممىسى تېپىلۋەرمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنگە قەدەر چۆل - دالانى چامدىمى بىلەن ئۆلچەش بىلەن بولدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ھەربىي خىزمەتتىن بوشىنىۋالغاندىن كېيىن ئۆي - جايلىرىنى غەيرەت بىلەن تەرتىپكە سېلىپ، توسۇق تاملارنى ياساشقا كىرىشتى. خاماندا سوقۇلمىغان ئاشلىق دۆۋىلىرى تۇراتتى، ئاچكۆز چاشقانلار ئۇۋا قۇرۇپ، ئودىكام ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما چال ئاشلىق يانجىشقا كىرىشمىدى. ھويلا توسۇق تامسىز ئوچۇق تۇرسا، ئامبارلاردىن ئەسەر بولمىسا ۋە پۈتۈن ئىگىلىك ۋەيرانچىلىقتا تۇرسا، بىردىن خامان تېپىشكە كىرىشىشكە بولامتىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل كۈز ھاۋا ئوچۇق بولۇپ تۇرغانلىقتىن، خامان تېپىشكە ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

دۇناشكا بىلەن ئىلىنىچنا ئۆينىڭ تاملىرىنى سۇۋاپ، ئاقارتىپ چىقتى، پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ ۋاقىتلىق توسۇق تام ياسىشىغا ۋە باشقا ئىگىلىك ئىشلىرىغا ھەر تەرەپلىمە يار-

دەملەشتى. ئۆيەر - بۇيەردىن ئەينەك تېپىپ، دېرىزىلەرگە
سالدى، ئاشخانىنى پاكىزلىدى، قۇدۇقنى تازىلىدى. قۇدۇقتا
چاڭنىڭ ئۆزى چۈشكەندى، بۇ يەردە سوغۇق تەگكۈزۈۋالغان
بولسا كېرەك بىر ھەپتىگىچە يۆتەلدى، چۈشكۈردى. تەردىن كۆڭ-
لىكى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ يۈردى. ئەمما بىر ئولتۇرۇشتا
ئىككى شىشە ساموگون ئىچىپ، ئىسسىق مەشنىڭ ئۈستىدە ياتقا-
نىدى، ئاغرىقمۇ ئۇنىڭدىن قولىنى تارتتى.

گرىگورىيدىن ئاۋۋالقىدەكلا خەت - خەۋەر يوق ئىدى،
پەقەت ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدىلا پانتېلېي پروكوفيېۋىچ تاسادى-
پىي گرىگورىينىڭ ۋورونېژ ئۆلكىسىنىڭبىر يېرىدە ساق-سالامەت
ئۆز پولكى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇ خەۋەرنى
يېزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان گرىگورىينىڭ ياريدار بولغان بىر
پولكدىشى يەتكۈزدى. چال خۇرسەن بولدى، خۇشاللىقىدا دورى-
لىق ئۈچۈن قىزىلمۇچتا ئېچىتقان شىپا بەخش بىر شىشە ساموگ-
گوننى ئىچىۋالدى - دە، كېيىن كۈن بويى سۆزچان، ياش
خورازدەك نوچى بولۇپ يۈردى، كۆرگەنلا ئادەمنى توختىتىپ
سۆزلەيتتى:

— ئاڭلىدىڭمۇ؟ بىزنىڭ گرىگورىي ۋورونېژنى ئاپتۇ! ئاڭلى-
شىمىزچە، ئۇنى يەنە كۆتۈرۈلۈپ، ھازىر قايتىدىن دىۋىزىيىگە
قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، بەلكى. كورپۇسقا قوماندانلىق
قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا ئوخشاش باتۇر جەڭچىنى
ئىزدەپ تاپالمايسەن! بەلكى ئۆزۈڭمۇ بىلىدىغانسەن...، — چال
خۇشاللىقىنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشقۇسى، ماختىنىۋالغۇسى
كېلىپ، ئاشۇنداق گەپنى توقۇپ چىقىراتتى.

— ئوغلۇڭ بىر قەھرىمان، — دېيىشەتتى ئۇنىڭغا بىر
يېزىلىقلار.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بەختىيارلىق بىلەن كۆزىنى
قىساتتى:

— ئۇ كىمگە تارتقان، قانداقمۇ قەھرىمان بولمىسۇن؟ ماختىنىشسىز ئېيتىپ قويايكى، ياشلىقىمدا مەنمۇ ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس ئىدىم! ماڭا ئايىغىم توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، بولمىسا ھازىر جەسۇر بولماسمىدىم! دىۋىزىيىگە قوماندانلىق قىلالمىسامۇ، بۆلۈمگە بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى بىلەتتىم! بىزگە ئوخشاش قېرىلارنى كۆپرەك فرونتقا ئەۋەتكەن بولسا، ئاللىقاچان موسكۋانى ئالغان بولاتتۇق، ھالبۇكى، ئۇلار بىر ئورۇندا تىپىرچىلاپ، مۇژىكلار بىلەن كۈچ ئېلىشالمايۋاتىدۇ...

شۇ كۈنى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ سۆزلەشكەن ئەڭ ئاخىرقى ئادەم بېسخلېبنوف دېگەن چال ئىدى. بۇ چال مېلېخوفنىڭ ھويلىسى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۇنى توختاتتى!

— ھەي، فىلىپ ئاگېيېۋىچ، كىچىككىنە توختىساڭچۇ! سالامەت تۇرىۋاتامسەن! كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتكىن، پاراڭلىشىمىز.

بېسخلېبنوف يېقىن كېلىپ تىنچلىق سوراشتى.

— مېنىڭ گرىشكامنىڭ قانداق ماھارەت كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ.

— خوش، قانداق ماھارەت؟

— ئۇنىڭغا يەنە دىۋىزىيىنى تاپشۇرۇپتۇ! ئۇ ھەيۋەتلىك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىۋاتىدۇ!

— دىۋىزىيىنى دېدىڭمۇ؟

— ھە، دىۋىزىيىنى!

— شۇنداقمۇ!

— شۇنداق بولمايچۇ! ئۇنىڭغا تاپشۇرمىغاندا ئەمدى كىمگە تاپشۇرماقچى، سەن قانداق ئويلايسەن؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ سۆھبەتچىسىگە تەنتەنىلىك بىر قاراپ قويۇپ، كۆڭلىدىكى شېرىن گەپلەرنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭ ئوغلۇم ھەقىقەتەن پۈتۈن ئەل - يۇرتنى ھەيران قالدۇردى. كۆكرىكىنى قاتار كرېست مېداللارنىڭ لېنتىسى قاپلاپ تۇرۇپتۇ، بۇ سىنىڭچە قانداق؟ قانچە قېتىم يارىدار بولدى، قانچە قېتىم مېيىپ بولدى؟ باشقا ئادەم بولسا ئاللىقاچان ھارام ئۆلگەن بولاتتى، ئۇ ھېچنېمە بولمىدى، خۇددى قانىتىغا سۇ يۇقمايدىغان غازنىڭ ئۆزى. ياق، تىنىچ دونىدا ھەقىقىي كازاكلار تېخى ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق!

— ئۈزۈلۈپ قېلىشىنىغۇ ئۈزۈلۈپ قالمىدى، ئەمما ئىشنىڭ ئانچە مەزىسى بولماي تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئويچانلىق بىلەن بېسخلېبنوف بوۋاي بۇ سۆزگە ئانچە قىزىقمىغاندەك.

— ھە، خۇش، قانداقچە مەنىسى بولمايدىكەن؟ قارىمامسەن، ئۇلار قىزىللارنى سۈرۈپ - توقاي قىلغان پېتى ۋورونېژنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، موسكۋانىڭ بوسۇغىسىغىچە يېتىپ باردىغۇ!

— ئۇلار نېمانچە ئۇزاقتا يېتىپ باردۇ!...

—تېزدىن يېتىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، فىلىپ ئاگېۋىچ. ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئۇرۇشتا ھېچ ئىش ئالدىراش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، «ئالدىرىغاننىڭ ئىشى چالا، ھەر قەدەمدە توغۇلىدۇ سوقۇر خاتا.» بۇنىڭدا ھەممە ئىشنى خەرىتە بويىچە. ھەرخىل خەرىتە بويىچە ئاستا ئىشلەش كېرەك... روسىيىدە مۇژىكلار قارا قاغىدەك كۆپ تۇرسا، بىزنىڭ كازاكلار قانچىلىك؟ بىر ئوچۇم!

— دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى توغرا، ئەمما بىزنىڭكىلەر ئۇزاققىچە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. قىش كىرگۈچە يەنە مېھمانلارنى كۈتۈش كېرەك، خەلق ئارىسىدا شۇنداق گەپ بار.

— ئەگەر ئۇلار ھە دېگەندىلا موسكۋانى ئالالمىسا ئۇلار

ئەلۋەتتە، مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ، بۇنى سەن توغرا ئېيتتىڭ.

— سېنىڭچە، ئۇلار موسكۋانى ئالارمۇ؟

— ئالارمىكىن، دەيمەن، شۇنداق بولۇشىنى خۇدا نېسىپ قىلسۇن. بىزنىڭكىلەر ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەسمۇ؟ 12 كازاك ھەربىي رايونى تۈگەل ئاتلاندىغۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق تەڭ كېلەلمەسمۇ؟

— كىم بىلىدۇ. سەن ئەمدى ئۇرۇش قىلىپ بولدۇڭمۇ؟

— شۇ ھالىم بىلەن يەنە جەڭچىلىككە يارامدىمەن! ئەگەر پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى بولمىسا، مەن ئۇلارغا دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ قوياتتىم! بىز قېرىلار — چىداملىق خەلق.

— ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاشۇ چىداملىق دېگەن قېرىلار دونىڭ بۇ تەرىپىتىكى قىرغىنچىلىقتا قىزىللاردىن شۇنداق قاچقانكى، بىرىنىڭ ئۈچىسىدىمۇ كالتا جۇۋا قالماپتۇ، قېچىپ كېلىۋېتىپ، كۆڭلىكىگىچە سېلىپ تاشلاپ، قۇرۇق جېنىنىلا قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇغۇ. گويا پۈتۈن يەرنى كالتا جۇۋا قاپلاپ، زەڭگەر گۈللۈك سېرىق دالاغا ئايلىنىپتۇ دەپ كۈلۈشۈپ يۈرىدۇ خەلق!

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بېسخلېبنوفقا كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، سوغۇققىنا مۇنداق دېدى:

— مېنىڭچە، بۇ يالغان! بەلكى، بىرەرى يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن كىيىمىنى تاشلىۋەتكەندۇر، ئەمما كىشىلەر يۈز ھەسسە ئاشۇرۇپ، يالغاننى سۆزلەۋېرىدۇ. چەكمەن بولسىغۇ بۇ چوڭ گەپ، ئەمما كالتە جۇۋىنىڭ كارى چاغلىق! كىشىگە جان قىممەتلىكمۇ — يوق، ئېيتىپ باققىنا؟ قېرىلارنىڭ ھەممىسى كىيىمى بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىۋېرىدۇ، دېيىشكە بولمايدۇ. بۇ لەنىتى ئۇرۇشتا ئوۋ ئىتىنىڭ پۇتىدەك چاققان پۇت بولۇش كېرەك، مەسىلەن، مەن ئۇنداق پۇتنى نەدىن تاپىمەن؟ قىلىپ

ئاگېيېۋىچ، نېمىدىن قايغۇرۇپ قالدىڭ؟ خۇدايا تـوۋا قىلدىم، ساڭا ئاشۇ كالتە ـ سوكال جۇۋىلار نېمىگە لازىم بولۇپ قالدى؟ گەپ كالتە جۇۋىدا ياكى ئېيتايلى، چەكمەندە ئەمەس، بەلكى دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشتە. گېپىم توغرىمۇ؟ خوپ، هازىرچە خەير ـ خوش، ئۇنداق بولمىغاندا، سەن بىلەن سۆزلىشىۋېرەي دېسەم، ئۇيەردە بىر تالاي ئىشىم تۇرۇپتۇ. قانداق، مۇزىيىڭنى تاپتىڭمۇ؟ تېخىچە ئىزدەۋاتامسەن؟ هېچ دېرەك يوقمۇ؟ هەي، ئېهتىمال، ئۇنى خوپېرلىق كازاكلار سويۇپ يېگەن بولۇشى مۇمكىن، يېگىنى گېلىغا تىقىلىپ ئۆلسۇن! سەن بۇ ئۇرۇشتىن شۈبهىلەنمە! بىزنىڭكىلەر مۈژىكلارنى يېڭىدۇ! — شۇ سۆزدىن كېيىن پانتېلېي پروكوفيېۋىچ پەلەمپەيگە قاراپ گىدەيگەن پېتى دىككاڭلاپ مېڭىپ كەتتى.

ئەمما، قارىغاندا، «مۈژىكلارنى» يېڭىش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس ئىدى... كازاكلارنىڭ كېيىنكى چېكىنىشىمۇ تالاپەتسىز ئۆتمىگەن. بىر سائەتتىن كېيىن پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ خۇش كەيپىنى كۆڭۈلسىز خەۋەر بۇزۇپ قويدى. چال قۇدۇق بېشىغا جازا ياساش ئۈچۈن ياغاچ تاراشلاۋېتىپ، ئايال كىشىنىڭ قوشاق قېتىپ ئۆلۈككە يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. يىغا ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاشتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ دۇناشكىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

— يۈگۈر، كىم ئۆلگەنلىكىنى بىلىپ كەل، — دېدى ئۇ پالتىنى كۆتەككە قاداپ.

ئۇزاققا قالماي دۇناشكا بىر خەۋەر بىلەن قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، فىلونوۋو فرونتىدىن ئوق يەپ ئۆلگەن ئۈچ كازاكنىڭ — ئانىكۇشكا، خرىستونيە ۋە يېزىنىڭ نېرىقى چېتىدىن بولغان يەنە بىر 17 ياشلىق يىگىتنىڭ جەسىتىنى ئەكېلىشكەن. بۇ خەۋەردىن هاڭ ـ تاڭ قالغان پانتېلېي

پروكوفىيېۋىچ شەپكىسىنى بېشىدىن ئېلىپ، چوقۇنۇشقا باشلىدى.

— جايى جەننەتتە بولسۇن! ئېسىل كازاكلار ئىدى...، — دېدى ئۇ خرىستونەنى قايغۇ بىلەن ئەسكە ئېلىپ. يېقىندا تاتار رىسكىدىن يىغىلىش پونكىتىغا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغانىدى.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچنىڭ ئەمدى قولى ئىشقا بارمىدى. ئانىكۇشكىنىڭ ئايالى ھۆكرەپ يىغلاپ، شۇنداق مەرسىيە قوشىقى ئېيتتىكى، پانتېلېي پروكوفىيېۋىچنىڭ يۈرىكى ئېزىلدى. ئايالالارنىڭ يىغا - زارىسىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى مەھكەم يېپىپ قويدى. مېھمانخانىدا ئۆيدە دۇناشكا پىچىرلاپ سۆزلەپ، كۆرگەنلىرىنى ئىلىنىچناغا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى:

— ... جېنىم ئانا، شۇنداق قارىسام، ئانىكۇشكىدا باش دېگەن نەرسە دېگۈدەك قالماپتۇ، باش ئورنىدا ئۇماچتەك بىر نەرسە قالغان. ياھەزرەت، شۇنداق دەھشەت! ئۇنىڭدىن چىققان سېسىق پۇراق بىر چاقىرىم يەردىن پۇرايدۇ... ئۇلارنى نېمىشقا ئەكەلگەنلىكىنى بىلمەيمەن! خرىستونە بولسا ھارۋىنى بىر ئېلىپ ئۆگدىسىغا ياتقان، پۇتلىرى شىنېلىدىن چىقىپ، ھارۋىنىڭ ئارقا شوتىسىدىن ساڭگىلاپ قاپتۇ... خرىستونە پاكىز ۋە كۆپۈكتەك ئاپئاق! پەقەت ئوڭ كۆزىنىڭ ئاستىدا ئون تىيىنلىك تەڭگە يۇلدەك كىچىككىنە تۆشۈك بار، قۇلىقىنىڭ ئارقىسىدا قان ئۇيۇپ قاپتۇ.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئاچچىقى بىلەن يەرگە بىرنى تۈكۈردى - دە، ھويلىغا چىقتى، پالتا بىلەن پالاقنى قولىغا ئېلىپ، دونغا قاراپ ئاقساقلاپ مېڭىپ كەتتى.

— چوڭ ئاناڭغا ئېيت، مەن دوننىڭ نېرىسىغا تەرىپىگە چۆنۈن كېسىشكە كەتتىم. ئاڭلىدىڭمۇ، بالام؟ — دېدى ئۇ مېڭىپ كېتىۋېتىپ، يازلىق ئاشخانا يېنىدا ئوينىۋاتقان مىشاتكىغا.

دونىڭ ئېرىقى تەرىپىدىكى ئورماننىڭ ئىچى ئىپتىنچ
بولۇپ، يېقىملىق كۆز مەنزىرىسى قاپلىغانىدى. ئېرەكلەردىن خا-
زاڭلار شالدىرلاپ چۈشۈپ تۇراتتى. ئازغان شاخلىرىنى خۇددى
يالقۇن قوچاقلىۋالغاندەك، شالاڭ ياپراقلار ئارىسىدا قىپقىزىل
جىگدىلىرى ئوت ئۇچقۇنلىرىدەك لاۋۇلداپ تۇراتتى. چىرىگەن
ئەمەن قوۋزىقىنىڭ ئاچچىق، ئۆتكۈر ھىدى ئورمانغا لىق تولغان.
قارا بۆلجۈرگەننىڭ قويۇق ۋە تىكەنلىك ساپاقلىرى يەرنى چىر-
مىۋالغان؛ ئۇنىڭ يەر بېغىرلاپ توقۇلما بولۇپ كەتكەن شاخلى-
رىنىڭ ئاستىدا قارا بۆلجۈرگەننىڭ پىشقان كۆك-ئىش مېۋىلىرى
ئاپتاپتىن ماھىرلىق بىلەن يوشۇرۇنغان. سايە يەردىكى ئۆلۈك
چۆپنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن شەبنەم چۈش ۋاقتىغىچە قۇرۇمىغان،
ئۇنىڭ ئۆمۈچۈك تورلىرى كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرىدۇ. ئورمان-
دىكى سۈكۈناتنى پەقەت تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى
بىلەن سېرىق قۇشقاچلارنىڭ چىرىلداشلىرى بۇزۇپ تۇراتتى.

ئورماننىڭ جىمجىت سۈرلۈك مەنزىرىسى پانتېلېي پروكوفې-
يېۋىچقا ئارامبەخش تەسىر قىلدى. ئۇ تۆكۈلگەن ھۆل ياپراق-
لارنى پۇتى بىلەن كۈرەپ، چاتقاللارنىڭ ئارىسىدا ئاستا چام-
داپ مېڭىپ ئويلايتتى: ھايات دېگەن مانا شۇ: ئۇلار تېخى
يېقىندىلا تىرىك ئىدى، بۈگۈن ئۇلارنى خەلق يۇيۇپ، يەرلىكىگە
قويۇۋاتىدۇ. قانداق كازاكنى يىقىتقان - ھە! تېخى يېقىندىلا بىزنى
يوقلاپ كەلگەنىدى، دارىيىنى دەريادىن سۈزۈپ چىققاندا دونىڭ
قىرغىقىدا تۇرغانىدى. ئېھ، خىرستان، خىرستان! دۈشمەننىڭ ئوقى
ساڭىمۇ تەگدى... ھەم ئانىكۇشكىغا... ئۇ قانداق خۇش خۇي كا-
زاك ئىدى، ھاراق - شاراب ئىچىشنى، ئويناپ - كۈلۈشنى ياخشى
كۆرەتتى. مانا ھازىر مەرھۇم بولۇپ كەتتى... پانتېلېي پرو-
كوفېيېۋىچ دۇناشكىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ، ئانىكۇشكىنىڭ كۈ-
لۈمسىرىگەن، بۇرۇتسىز، ھەرەم كىشىسىگە ئوخشاش چىرايىنى

تۇيۇقسىز ئوپ-ئوچۇق ئېسىگە ئالدى-دە، ھازىرقى لەپەستىن توختىغان، بېشى يانجىلغان ئانىكۇشكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىدى. «گرىگورىي بىلەن ماختىنىپ، بىكاردىن خۇدانىڭ غەزىپىگە قالدىم، — دەپ ئۆز-ئۆزىگە كايىدى پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ بېسخلېبنوف بىلەن قىلىشقان گەپ-سۆزلىرىنى يادىغا چۈشۈرۈپ، — بەلكى، ئوق چوقۇلىغان بولسا، گرىگورىيمۇ ھازىر بىر يەردە ياتىدىغاندۇر؟ خۇدايا، مۇنداق مۇسىبەتنى بېشىمىزغا سالما! ئۇ چاغدا بىز قېرىلارغا كىم يانتاياق بولىدۇ؟»

چاتقال تېگىدىن پىر قىلىپ ئۇچقان خورمازەڭ غورىلاي پانتېلېي پروكوفېيېۋىچنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ قۇشنىڭ قىيپاش، شىددەتلىك ئۇچۇشىغا مەقسەتسىز قاراپ تۇردى-دە، يەنە مېڭىشىنى داۋاملاشتۇردى. كىچىك كۆلچەكنىڭ يېنىدىكى چاتقاللىقتا بىرنەچچە تال چىۋىقتا قىزىقىپ، ئۇنى كېسىشكە كىرىشتى. ئىش بىلەن بولۇپ، ھېچنېمىنى ئويلىماسلىققا تىرىشتى. بىر يىل ئىچىدە ئەجەل شۇنچىلىك كۆپ ئۇرۇق-تۇغقان، تونۇش-بىلىشلىرىنى يوق قىلدىكى، ئۇلار لېپىدە يادىغا چۈشۈپ، يۈرىكى ئازابلىنىشقا باشلىدى، گويا پۈتۈن جاھان قاراڭغۇلىشىپ قارا پەردە يېپىنغاندەك بولدى.

— مۇنۇ شاختىنى كېسىش كېرەك. ياخشى چىۋىق ئىكەن! قاشا توقۇشقا دەل كېرىكى مۇشۇ، — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزى بىلەن ئۈنلۈك سۆزلىشىپ، قايغۇلۇق پىكىرلەردىن خالى بولۇش مەقسىتىدە.

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ بىردەم ئىشلىگەندىن كېيىن ئۈست كىيىمىنى سېلىپ تاشلاپ، كەسكەن چىۋىقلىرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى-دە، سولغان ياپراقلارنىڭ چۈچۈمەل پۇرىقىنى تەشنالىق بىلەن يۇتۇپ، غۇۋا تۈتەك باسقان ئۇپۇققا، ئالتۇن كۈز قوينىدا ئاخىرقى گۈزەللىك بىلەن جۇلالىنىپ تۇرغان يىراقتىكى

ئۈششاق ئورمانلارغا ئۇزاقتىچە كۆز تىكتى. يېقىنلا بىر يەردە قارا ئېرەننىڭ چاتقاللىرى كۆزگە چېلىقتى. بۇ دەرەخنىڭ ئاچايىپ چىرايلىق غوللىرى سالقىن كۈزنىڭ ئاپتىپىدا باشقىچە يالتىرايتتى، ئۇنىڭ قىپقىزىل ياپراقلار بىلەن ئېگىلىپ تۇرغان باراقسان شاخلىرى گويا چۆچەكتە تەسۋىرلىنىدىغان يەردىن كۆتۈرۈلۈپ ئۇچقان سۇمۇرغ قۇشىنىڭ قانىتىدەك كەڭ يېيىلغانىدى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۇنىڭغا ئۇزاقتىچە زوقلىنىپ قارىدى، ئاندىن تۈيۈقسىز كۆلچەككە كۆزى چۈشتى - دە، سۈپسۈزۈك توختاق سۇدا دۈمبىسى قارا چوڭ - چوڭ سازاڭ بېلىقلارنى كۆرۈپ قالدى، بۇلار سۇنىڭ يۈزىگە چىقىپ شۇنداق ئۈزەتتىكى، قاناتلىرى ۋە پىلتىڭلاپ تۇرغان قىزىل قۇيرۇقلىرى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار سەككىز ئىدى. ئۇلار بەزىدە نىلۇپەرنىڭ يېشىل قالقانلىرىنىڭ ئاستىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالاتتى - دە، سۈزۈك يەرگە ئۈزۈپ چىقىپ، چۆكۈپ كېتىۋاتقان سۆگەت ياپراقلىرىنى تۇتۇپ ئەكىتەتتى، كۆلچەكنىڭ سۈيى كۈزگە يېقىن تۆگەي دەپ قالغانلىقتىن، سازاڭلارنى تۇتۇش ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ كۆپ ئاۋارىچىلىك تارتمايلا ياندىكى كۆلنىڭ يېنىدىن تېگى يوق تاشلاندۇق بىر سېۋەتنى تېپىپ، كۆلچەككە قايتىپ كەلدى، شالۋۇرىنى سىلىپ تاشلاپ سۇغا كىردى - دە، سوغۇقتىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئۇھ - ئۇھلاپ، بېلىق تۇتۇشقا كىرىشتى. ئۇ تىزىغىچە لاي كېچىپ، سۇنى لېيىتىپ، كۆلچەك بويىلاپ ئاران - ئاران سەنتىرەكلەپ ماڭاتتى، سېۋەتنى سۇغا تاشلاپ، گىرۋەكلىرىنى سۇنىڭ تېگىگىچە پاتۇردى، ئاندىن سېۋەتنىڭ ئىچىگە قولىنى تىقىپ، ئىنتىزارلىقتا كۈچلۈك بېلىق مانا پىلتىڭلايدۇ، مانا سۇنى بۇلدۇقلىتىدۇ دەپ كۈتۈپ تۇردى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئۇتۇقلۇق بولۇپ چىقتى: ھەربىرى ئون قاداقتىن كېلىدىغان ئۈچ سا-

زاڭ بېلىقنى سىۋەت يېيىپ تۇتۇۋالدى. ئۇنـدىن كېيىن بېلىق
تۇتۇشقا مادارى يەتمىدى، چۈنكى سوغۇقتا مېيىپ پۇتىنىڭ پې-
يى تارتىشىپ، تىترەشكە باشلىغانىدى. ئۇ تاپقان ئولجىسىغا قا-
نائەت قىلىپ، كۆلچەكتىن چىقتى، پۇتلىرىنى يىكەن بىلەن سۈرت-
تى، كىيىمىنى كىيدى، ئاندىن ئىسسىنىۋېلىش ئۈچۈن يەنە چى-
ۋىق كېسىشكە باشلىدى. ھەر نېمىدىگەن بىلەن بۇ قېتىمقى
ئىش ئوڭدىن كەلگەنىدى. كۆتۈلمىگەندە بىر پۇتقا يېقىن بې-
لىق تۇتۇش ھەركىمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ! بېلىق تۇتۇش
ئۇنىڭغا ئەرمەك بولدى، قايغۇلۇق پىكىرلەرنى كۆڭلىدىن چىقار-
دى. ئۇ قالغان بېلىقلارنىمۇ تۇتىمەن دېگەن نىيەت بىلەن سې-
ۋەتنى ئىشەنچلىك بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويدى. ئۇ چوڭ -
چوڭ، سېمىز، ئالتۇنسىمان سازاڭ بېلىقلارنى قىرغاققا ئىرغىتىپ
تاشلىغانلىقىنى بىرەر ئادەم كۆرۈپ قالمىغاندۇر دەپ، ئەتراپقا
ئېھتىيات بىلەن قاراپ چىقتى، — پەقەت شۇندىن كېيىنلا بىر
باغلام چىۋىقنى ۋە بىر تال چىۋىققا ئۆتكۈزۈلگەن بېلىقلارنى
كۆتۈرۈپ، ئالدىرىماي دون تەرەپكە يول ئالدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قېلىپ، تۇتقان بې-
لىقلىرى توغرۇلۇق ئىلئىنىچناغا مەمنۇنلۇق بىلەن كولۇمسىرەپ
سۆزلەپ بەردى، قىپقىزىل مىستەك تاۋلىنىپ تۇرغان سازاڭلارغا
يەنە بىر قېتىم زوقلىنىپ قاراپ قويدى، ئەمما ئىلئىنىچنا ئۇنىڭ
شادلىقىغا خالار - خالىماي ئورتاقلاشقان بولدى. ئىلئىنىچنا
ئۆلگەنلەرنى كۆرۈشكە كېتىپ، ئۇ يەردىن كۆزلىرى ياشلانغان،
قايغۇغا چۆمگەن ھالدا قايتىپ كەلگەنىدى.

— ئانىكەينى كۆرۈشكە بارامسەن؟ — دەپ سورىدى
ئىلئىنىچنا.

— بارمايمەن. نېمە، مەن ئۆلگەن ئادەملەرنى كۆرمى-
گەنىدىممۇ؟ ئۆلۈكلەرنى مەن تولا كۆرگەنمەن، شۇمۇ يېتەر!

— بېرىپ كەلسەك بولاتتى. بارمىساق ياخشى ئەمەس، كىشىلەر سىنى ۋەدىلىشىشقا كەلمىدى، دېيىشىۋاتىدۇ!

— نېرى كەتسەڭچۇ، خۇدا ھەققى! مەن ئۇنىڭغا بالامنى چوقۇندۇرغۇزغان ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن ۋەدىلىشىشقا قەرزىم يوق! — دەپ چىشىنى غۇچۇرلاتتى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ.

ئۇ دەپىنە قىلىشقىمۇ بارمىدى. ئەتىگەندىلا دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە كېتىپ، كۈن بويى شۇ يەردە بولدى. چېركاۋنىڭ دەپىنە مۇراسىمى قوڭغۇرىقى ئۇنى ئورماندا شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، چوقۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى، شۇنىدىن كېيىن ئۇ ھەتتا پوپقا خاپا بولدى: قوڭغۇراقنى شۇنچە ئۇزاق سوقتۇرۇش ئەقىلگە سىغىدىغان ئىشمۇ؟ بىر قېتىملا سوقسا بولدى ئەمەسمۇ، پۈتۈن بىر سائەت دوڭگۇرلىتىپ نېمە قىلىدۇ؟ قوڭغۇراق سوقۇشتىن نېمە پايدا؟ پەقەت كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى جىغىلدىتىپ، ئۆلۈمنى تولا ئويلايدىغان قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭسىزمۇ كۈز كۈنلىرى جاھاندىكى ھەممە نەرسە: تۆكۈلگەن ياپراقلارمۇ، كۆك ئاسماندا قاقىلداپ ئۇچۇپ ئۆتكەن غازلارمۇ، يەردە ئۆلۈكتەك جىمجىت ياتقان گىياھلارمۇ ئۆلۈمنى ئەسكە چۈشۈرىدۇ...

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ھەرقانداق غەم-قايغۇدىن ئۆزىنى ساقلىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭغا يېڭىدىن قاتتىق بىر چۈچۈشنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كەلدى. بىر كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا دۇنياشكا دېرىزىگە قاراپ مۇڭداق دېدى:

— ھوي، فرونتتىن يەنە بىر ئۆلۈكنى ئەكىلىشىۋاتىدۇ! ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا چۇلۋۇرىدىن باغلاپ قويۇلغان بىر ھەربىي ئات ئاستا مېڭىپ كېلىۋاتىدۇ... بىرى ھارۋىنى ھەيدەپتۇ، ئۆلۈك شىنېلنىڭ ئاستىدا ياتىدۇ. ھېلىقى ھارۋىنى ھەيدىگىنى بىزگە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ، بىزنىڭ يېزىلىقمۇ ياكى

ئەمەسمۇتو ئۇيالمايۋاتىمەن...، — دۇناشكا تازا سىنچىلاپ قارىدى ـ دە، چىرايى خەسىدەك ئاقىرىپ كەتتى، — بۇ... بۇ...، — دەپ دۇدۇقۇپ قالدى ـ دە، بىردىنلا قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى، — گىرىشكىنى ئەكىلىۋاتىدۇ!... ئات شۇنىڭ! — دۇناشكا ھۆكىرەپ يىغلاپ دالانغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

ئىلگىنىچىدا شىرەنىڭ يېنىدىن تۇرۇشقا مادارى يەتمەي، كۆزلىرىنى قولى بىلەن يېپىۋالدى. پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ ئو-رۇندۇقتىن تەسلىكتە تۇرۇپ، قارىغۇ ئادەمدەك ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

پروخور زىكوف دەرۋازىنى ئاچتى، پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشكەن دۇناشكىغا يالت قىلىپ قارىدى ـ دە، كۆڭۈلسىزلىك بىلەن:

— مېھماننى قوبۇل قىلىڭلار... ئۆيلىمىغان بولۇشۇڭلار كېرەك؟

— جىگەر پارىمىز ئىدىڭ! جېنىم ئاكا! — دەپ نالە ـ زارە قىلىشقا باشلىدى دۇناشكا ئىككى قولى بىلەن بوينىغا ئېسىلىپ.

پروخور قىزنىڭ كۆز يېشى بىلەن يۇيۇلغان يۈزىگە، ئاندىن پېشايۋاندا ئۇنىنى چىقارماستىن تۇرغان پانتېلېي پروكوفېيېۋىچقا قارىغاندىن كېيىنلا ئەھۋالىنى ئېيتىش ئېسىگە كەلدى:

— قورقماڭلار، قورقماڭلار! ئۇ تىرىك. كىمنىڭ ئاغرىقى بىلەن يېتىپ قالدى.

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ دەرمانسىزلىق بىلەن ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ قالدى.

— تىرىك!!! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى دۇناشكا. بىر كۈلۈپ، بىر يىغلاپ، — گىرىشكا تىرىك ئىكەن! ئاڭلاۋاتامسەن؟! ئۇ ئاغرىپ قالغانلىقتىن، بۇ يەرگە ئەكىلىشىپتۇ! كىرىپ ئاپامغا ئېيت، نېمە قاراپ تۇرىسەن؟!

— قورقما، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ! مەن تىرىك ئادەمنى ئەكەلدىم، تەن سالامەتلىكىنى سورىمايلا قوي، — پىروخور ئالدىراشلا شۇ سۆزنى تەكىتلىدى - دە، ئاتنىڭ يۈگىنىدىن يېتىلەپ ھويلىغا كىردى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ دەلدەڭشىپ بىرنەچچە قەدەم چامداپ، پەلەمپەيدىن بىر بالداق پەسكە چۈشتى. دۇناشكا ئاپىسىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدىن قويۇندەك چىپپىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. پروخور ئاتلارنى پەلەمپەينىڭ قېشىدىلا توختىتىپ پانتېلېي پروكوفيېۋىچقا قارىدى.

— نېمە ئولتۇرىسەن؟ تېزە ياپقۇچنى ئەكەل، ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىمىز.

چال ئۇنچىقماي ئولتۇراتتى، كۆزلىرىدىن مونچاقتەك ياش تۆكۈلەتتى، يۈزى ھەرىكەتسىز ئىدى، بىرمۇ مۇسكۇلى مىدىرلىمايتتى. ئۇ چوقۇناي دەپ ئىككى قېتىم قولىنى كۆتۈرگەنىدى، ئەمما قولىنى پېشانىسىگە ئاپىرىشقا قۇربى يەتمەي، يەنە پەسكە چۈشۈردى. بوغۇزىغا بىرنېمە تىقىلىپ قالغاندەك، خىرىلداپ قالدى.

— سەن بەك قورققانلىقتىن، ئەس - ھوشۇڭنى يوقىتىپ قويغاندەك تۇرىسەن، — دېدى پروخور ئۆكۈنگەن ھالدا، — بىرسىنى ئالدىنئالا سىلەرگە ئەۋەتىپ، ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئېسىمگە كەلمەپتۇ! مەن ئەخمەق ئىكەنمەن، راستىنلا ئەخمەق! خوش، ئورنۇڭدىن تۇر، پروكوفيچ. بىمارنى ئۆيگە ئەكىرىش كېرەك. سىلەرنىڭ تېزە ياپقۇچىڭلار قېنى ياكى قولدا كۆتۈرەمدۇق؟

— كىچىككىنە توختاپ تۇر...، — دېدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ خىرىلداپ، — پۇتۇم ئۇيۇشۇپ، ھېچ دەسسىيەلمەيۋاتىمەن. مەن ئۇنى ئۆلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن... خۇداغا شۈكۈر... بۇنى زادىلا كۈتمىگەنىدىم...، — ئۇ كونى-

راپ كەتكەن كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىكى تۈگمىلەرنى يۇلۇپ تاشلاپ، ياقىسىنى كەڭ ئاچتى - دە، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، تەشنالىق بىلەن ھاۋانى سۈمۈرۈشكە باشلىدى.

— قوپ، قوپ، پروكوفيېچ! — دەپ ئالدىراتتى پروخور، — بىزدىن باشقا ئۇنى كۆتۈرۈپ كىرگۈزىدىغان ئادەم يوقمۇ؟

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ خېلى تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، پەلەمپەيدىن چۈشتى، شىنېلىنى قايرىپ تاشلاپ، ھوشسىز ياتقان گرىگورىيغا ئېڭىشتى. ئۇنىڭ بوغۇزىدا يەنە بىر نەرسە غۇرتىلدىغاندەك بولدى، ئەمما ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، پروخورغا قايرىلدى.

— سەن پۇتىدىن تۇت، كۆتۈرۈپ ئەكىرەيلى.

گرىگورىينى مېھمانخانا ئۆيگە ئەكىرىشتى، ئۆتۈكىنى سالدۇردى، كىيىمىنى يېشىپ، كارىۋاتقا ياتقۇزدى. دۇناشكا ئاشخانىدىن تەشۋىش بىلەن ۋارقىرىدى:

— دادا، ئانامنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس... بۇ ياققا كىر!

ئىلىنىچنا ئاشخانىدا پولنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى. دۇناشكا تىزلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن يۈزىگە سۇ پۈركۈۋاتاتتى.

— يۈگۈر، كاپىتونوفنا مومايىنى چاقىر، چاققان بول! ئۇ قان ئېلىشنى بىلىدۇ. ئاپامدىن قان ئېلىش لازىم بولۇپ قالدى دەپ ئېيت، ئەسۋابىنى ئالغاچ كەلسۇن! — دەپ بۇيرۇدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ.

دۇناشكا بويىغا يېتىپ قالغان قىز بولغانلىقتىن، يېزا ئىچى بىلەن يالاڭباش يۈگۈرۈشنى ئەپ كۆرمىدى؛ ئۇ رومىلىنى قولىغا ئېلىپ، ئالدىراش بېشىغا ئارتتى - دە، دېدى:

— باللارنى قورقۇتۇۋەتتىڭلار! يائاللا، بىز قانداق با-

لاغا يولۇقتۇق... دادا، باللارغا قاراپ قوي، مەن تېزلا قايتىپ كېلىمەن!

بەلكى، دۇناشكىنىڭمۇ ئەينەككە بىر قارىۋالغۇسى بار ئىدى، ئەمما تېتىكلىشىپ قالغان پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۇنىڭغا تىتىكلىپ قارىغانلىقتىن، قىز ئاشخانىدىن قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ چىقتى.

دۇناشكا يان ئىشىكتىن چىقىپلا ئاكسىنيىنى كۆردى. ئاكسىنيىنىڭ ئاپئاق يۈزىدە قاندىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ جانسىز قوللىرىنى پەسكە چۈشۈرۈپ قاشاغا يۆلىنىپ تۇراتتى. خىرەلەشكەن قارا كۆزلىرىدە بىر تامچىمۇ ياش كۆرۈنمەيتتى، ئەمما بۇ كۆزلەردە شۇنچىلىك ئازاب چەككەنلىك ۋە يالۋۇرۇش ئالامەتلىرى بار ئىدىكى، دۇناشكا بىر سېكۇنت توختاپ، بىئىختىيار ۋە ئۆزىمۇ كۈتمىگەن هالدا:

— تىرىك، تىرىك، كىزىك بولۇپ قاپتۇ، — دېدى-دە، گىلدىڭلاپ تۇرغان ئېگىز كۆكسىنى ئىككى قولى بىلەن چاڭگاللىغان پېتى تار كوچا بويلاپ تېز يۈگۈرۈپ كەتتى.

مېلېخوفلارنىڭ هويلىسىغا گەپ ئاڭلاشقا قىزىققان ئاياللار تەرەپ-تەرەپتىن كەلگىلى تۇردى. ئۇلار ئاكسىنيىنىڭ مېلېخوفلارنىڭ يان ئىشىكىدىن ئالدىرىماي چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇيۇقسىز قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئالدىغا ئېڭىشكەن پېتى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالغانلىقىنى كۆردى.

## 25

بىر ئايدىن كېيىن گرىگورىي ساقىيىپ كەتتى. نويابىرنىڭ 20 - كۈنلىرىدە ئۇ بىرىنچى قېتىم ئورنىدىن تۇردى ۋە بويى ئېگىز، ياداپ قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ قالغان

ھالدا ئۆينىڭ ئىچىدە دەلدەڭشىپ مېڭىپ، دېرىزىنىڭ ئالدىدا توختىدى.

يەردە، سارايلارنىڭ پاخال بىلەن يېپىلغان ئۆگزىلىرىدە يېڭى ياغقان قار ئالماستەك چاقنايتتى. تار كوچىدا چانىنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنەتتى، قاشا تام ۋە دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن كۆكۈش قىرو پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرىدا ھەسەن-ھۈسەندەك پارقىرايتتى.

گرىگورىي ئويچان كۆلۈمسىرەپ، ئورۇق قولى بىلەن بۇرۇتىنى سىيلاپ، ئۇزاققىچە دېرىزىدىن قاراپ تۇردى. بۇنداق يېقىملىق قىشنى تېخى ھېچقاچان كۆرمىگەندەك ئىدى. ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا غەلىتە، يېڭىلىققا تولغان، مەنىلىك كۆرۈنىدى. ئۇ ئاغرىقتىن قوپقاندىن كېيىن كۆزلىرى روشەنلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، ئەتراپ مۇھىتتا يېڭى نەرسىلەرنى بايقاشقا باشلىدى ۋە ئۆزىگە بۇرۇندىن تارتىپ تونۇش نەرسىلەرنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

گرىگورىينىڭ مىجەزىدە بۇرۇن بولۇپ باقمىغان ھەر نەرسىگە قىزىقىدىغان ئادەت پەيدا بولۇپ، ئۇ يېزىدا ۋە ئائىلىسىدە يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرگە دىققەت بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. تۇرمۇشتىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا قانداقتۇر يېڭى، سىرلىق بولۇپ قالغانىدى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتاتتى. كۆز ئالدىدا يېڭىدىن پەيدا بولغان دۇنياغا ئۇ سەل ئەجەبلىنىش بىلەن قارايتتى - دە، لەۋلىرىدىن باللارچە ساددا تەبەسسۇم ئېرىمەيتتى، بۇ تەبەسسۇم ئۇنىڭ سۇرلۇك قىياپىتىنى، رەھىمسىز كۆزلىرىنىڭ ئىپادىسىنى ئاجايىپ ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئاغزىنىڭ ئىككى بۇرجىكىدىكى قوپال قورۇقلارنى يۇمشاتقانىدى. بەزىدە ئۇ بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆزىگە تونۇش بولغان ئۆي ئىچى بۇيۇملىرىغا قاشلىرىنى تۈرۈپ، گويا يىراق بىر چەت

ئەلدىن يېقىندىلا كەلگەن ئادەمدەك، بۇ نەرسىلەرنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك تازا سىنچىلاپ قاراپ كېتەتتى، بىر كۈنى ئىلئىسىنچىنا ئۇنىڭ يىپ ئىگىرىدىغان چاقنى ئايلاندۇرۇپ، ھەممە تەرەپتىن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالدى. ئانىسى ئۆيگە كىرىپ كېتىش بىلەن گرىگورىي بىرئاز ئىزا تارتىپ، چاقنىڭ يېنىدىن كەتتى.

دۇناشكا ئۇنىڭ ياغاق ئۇزۇنتۇرا گەۋدىسىگە كۈلمەي قارىيالمايتتى. گرىگورىي پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان تامبىلىنى قولى بىلەن تۇتۇۋېلىپ، جۇدىگەن شادىپاچاقلىرىنى ئاران - ئاران يۆتكەپ، ئۆي ئىچىدە كۆكلەكچان مېڭىپ يۈرەتتى. ئولتۇرماقچى بولسا، يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورقۇپ، دەرھال قولى بىلەن بىر نەرسىنى تۇتۇۋالاتتى، ئۇنىڭ كېسەل مەزگىلىدە ئۆسۈپ قالغان قارا چاچلىرى چۈشۈشكە باشلىغان، قويۇق ئاق سانجىلغان جىڭگىلەك كوكۇلىسى پەسكە يېتىپ قالغانىدى.

ئۇ دۇناشكىنىڭ ياردىمى بىلەن چېچىنى ئۆزى قىردى، بېشىنى چۈشۈرۈپ بولۇپ، سىڭلىسىغا يۈزىنى بۇرىغانىدى، بۇ قىز قولىدىكى ئۇستىرىنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىپ، قورسىقىنى تۇتقان پېتى ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، كۈلكىدىن تېلىقىپ كەتتى.

گرىگورىي ئۇ كۈلكىدىن توختىغىچە سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتۈپ تۇردى، ئەمما كېيىن چىداپ تۇرالماي، تىترىگەن زەئىپ ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىۋەتتى:

— كۆزۈڭگە قارا، بۇنداق كۈلۈۋەرسەڭ، ئاخىر گۇناھىغا قالىسەن، كېيىن ئۇيات بولىدۇ، سەن بويىغا يەتكەن قىزغۇ، — ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر ئاز رەنجىش بار ئىدى.

— ۋاي - ۋۇي، ئاكا! جان ئاكا! ياخشىسى مەن چىقىپ كېتەي... كۈچ - مادارىم قالمىدى! ۋاي - ۋۇي، سەن نېمىگە ئوخشاپ قالدىڭ - ھە! نەق باغچىدىكى قاراقچۇق! —

دۇناشكا قىستاپ كېلىۋاتقان كۈلكە ئارىسىدا ئاران شۇ سۆزنى دېيەلىدى.

— مۇبادا سەن كېزىك بولۇپ ساقايساڭ، قانداق بولۇپ قالىدىغانلىقىڭنى شۇ چاغدا كۆرەتتىم. يەردىن ئۇستىرىنى ئال، بول!

ئىلئىنىچنا گرىگورىينى ياقلاپ، ئاچچىقى بىلەن:

— راستىنلا، سەن نېمىشقا پىخىلداپ كۈلۈۋېرىسەن؟ سەن تازا ئەخمەق قىز - دە، دونكا! — دېدى.

— قارىغىنا، ئاپا، ئۇ نېمىگە ئوخشاپ قالغان! — دېدى دۇناشكا يېشىنى سۈرتۈپ، — بېشىنىڭ ھەممە يېرى ھۆررەك - ھۆررەك، تاۋۇزدەك يۇمىلاق، يەنە شۇنداق قاپقارىكى... ۋاي - ۋاي، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى!

— ئەينەكنى بەرگىنە! — دېدى گرىگورىي.

ئۇ كىچىككىنە ئەينەكنىڭ سۇنۇقىغا قاراپ، ئۆزىمۇ ئۇزاققىچە ئاۋازىنى چىقارماستىن ئاستا كۈلدى.

— ئوغلۇم، نېمىشقا چېچىڭنى چۈشۈردۈڭ، شۇنداق يۈرگىنىڭ ياخشى ئىدىغۇ، — دېدى ئىلئىنىچنا نارازى بولۇپ.

— سېنىڭچە، تاقىرباش بولغان ياخشىراقمۇ؟

— بۇنداق بولسىغۇ ئىنتايىن ئۇياتلىق ئىش بولىدۇ.

— ئۇنداق بولغاندىن كېيىن گەپنى قويۇڭلا! — دېدى گرىگورىي ئاچچىقى بىلەن سوپۇن مازغىپىنى چوتكا بىلەن كۆپۈرۈۋېتىپ.

ئۇ ئۆيدىن چىقمىشقا ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، كۆپ ۋاقىت بالىلىرى بىلەن بەند ئىدى. بالىلىرى بىلەن ئۇ - بۇ توغرۇلۇق سۆزلىشىپ، ناتالىيىنى ئەسكە چۈشۈرمەسلىككە تىرىشاتتى. ئەمما بىر كۈنى پولىيۇشكا دادىسىغا ئەركىلەپ تۇرۇپ:

— دادا، ئاپام قىشمىزغا قايتىپ كەلمەمدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ياق، قىزىم، ئۇ يەردىن ھېچكىم قايتىپ كەلمەيدۇ...

— نەدىن؟ قەبرىستانلىقتىنمۇ؟

— قىسقىسى، ئۆلگەنلەر قايتىپ كەلمەيدۇ...

— ئۇ پۈتۈنلەي ئۆلگەنمۇ؟

— شۇنداق بولمايچۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۆلگەن.

— مەن تېخى ئۇنى بىزنى سېغىنغاندا قايتىپ كېلەمدىكىن دەپ ئويلاپتۇمەن...، — دەپ پىچىرلىدى پولىيوشكا.

— سەن ئۇنى ئويلىما، جىگەر پارەم، كېرىكى يوق، — دېدى گرىگورىي ئاستا ئۈنىنى چىقىرىپ.

— مەن ئاپامنى نېمىشقا ئويلىمايدىكەنمەن؟ ئۆلگەنلەر ھال - ئەھۋال سوراپ كەلمەمدۇ؟ ئاز ۋاقىتقا بولسىمۇ كەلمەمدۇ؟

— ياق. خوپ، ئەمدى بېرىپ مىشاتكا بىلەن ئوينا، — دېدى گرىگورىي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ئاغرىق ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى: كۆزلىرىگە جىققىدە ياش كەلدى - دە، ئۇنى بالىلىرىغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن يۈزىنى ئەينەككە يېقىپ دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئۇزاق تۇردى.

ئۇ بالىلىرى بىلەن ئۇرۇش توغرۇلۇق سۆزلىشىشنى ياخشى كۆرمەيتتى. مىشاتكىنىڭ دۇنيادا ئەڭ قىزىقىدىغىنى ئۇرۇش ئىدى. ئۇ پات - پات ئاتىسىغا سوئال قويۇپ، ئۇرۇشنى قانداق قىلىدۇ، قىزىللار قانداق ئادەم، نېمە ئۈچۈن قىزىللارنى ئۆلتۈرىدۇ، زادى نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سوراپ تۇرۇۋالاتتى. گرىگورىي قاپىقىنى تۈرۈپ، زەردە بىلەن مۇنداق دەيتتى:

— مانا، سېغىزخان يەنە شاقىلدىغىنى تۇردى! بۇ ئۇرۇش ساڭا نېمە لازىم بولۇپ قالدى؟ قوي، ئەڭ ياخشىسى، ياز كەلگەندە قارماق بىلەن بېلىقنى قانداق تۇتىدىغانلىقىمىز

توغرۇلۇق سۆزلىشەيلى. مەن ساڭا قارماق تەييارلاپ بېرەيمۇ؟ مەن ھويلىغا چىقالايدىغان بولغاندا ئاتىنىڭ قىلىدىن قارماق بىغى ئېشىپ بېرىمەن.

مىشاتكا سوقۇش توغرۇلۇق سۆز ئاچقاندا گرىگورىي ئىچىدە ئۇياتلىق ھېس قىلاتتى: بالىنىڭ ئادىتى، ھەممىي سوئاللىرىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتى. نېمە ئۈچۈن ئىككىلىكىنى كەم بىلسۇن ياكى مۇنداق سوئاللارغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بۇرۇن ئۆزى ئويلاپ كۆرمىگەنلىكىنىمۇ؟ ئەمما مىشاتكىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي قۇتۇلۇپ كېتىش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى: ئۇ دادىسىنىڭ بېلىق تۇتۇش توغرىسىدىكى گېپىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالغان بولۇپ، ئارقىدىنلا يەنە سورايتتى:

— دادا، سەن ئۇرۇشتا ئادەم ئۆلتۈرگەنمۇ؟

— قوي دېمەن، ئادەمنىڭ كۆزىگە كىرىۋالما!

— ئادەم ئۆلتۈرۈش قورقۇنچلۇقمۇ؟ ئادەمنى ئۆلتۈرگەندە قان چىقامدۇ؟ قان كۆپ چىقامدۇ؟ توخۇدىن ياكى قويدىن چىققانغا قارىغاندا كۆپمۇ؟

— مەن ساڭا ئېيتتىمغۇ بۇ توغرىدىكى پاراڭنى قوي دەپ! مىشاتكا بىر دەم ئۈنچىقمايتتى — دە، كېيىن ئويچانلىق بىلەن گەپ ئاچاتتى:

— مەن يېقىندا چوڭ دادامنىڭ قوي بوغۇزلىغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ھېچبىر قورقمىدىم... ئازراق سەسكەنگەن بولۇشۇم مۇمكىن، ئانچە قورققۇدەك ئەمەسكەنغۇ!

— ئۇنى قېشىڭدىن ھەيدەپ چىقارساڭچۇ! — دېدى ئىلئىنىچنا ئەلەمگە چىدىماي، — مانا يەنە بىر قاتىل يېتىلىپ كېلىۋاتىدۇ! نەق مەھبۇس! بۇنىڭدىن پەقەت ئۇرۇش توغرۇلۇقلا گەپ ئاڭلايسەن، ئۇ ئۇرۇشتىن باشقا گەپنى بىلمەيدۇ. خۇدايا

تووۋا، بالام، شۇ لەنىتى ئۇرۇش نېمىشقا خىيالىڭغا كىرىۋالغاندۇ،
باشقا گەپ تۈگەپ قاپتىمۇ؟ ماۋۇ يەرگە كەل، مە. مۇنۇ قۇيماقنى
ئال، بىردەم جىم ئولتۇرغىن.

ئەمما ئۇرۇش ھەركۈنى ئۆزىنى كىشىلەرگە ئەسلىتىپ
تۇراتتى. فرونتتىن قايتىپ كەلگەن كازاكلار گرىگورىينى يوقلاپ كې-
لەتتى. ئۇلار بۇدىيوننىينىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى شكورو بىلەن
مامونتوفنى تارمار قىلغانلىقىنى، ئورېول بوسۇغىسىدىكى
مەغلۇبىيەتلىك جەڭلەرنى، ھەممە فرونتلاردا چېكىنىش باش-
لانغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. گرىبانوفكا بىلەن كاردائىل
بوسۇغىسىدا بولغان جەڭلەردە تاتارىسكىلىق كازاكلاردىن يەنە
ئىككىسى ئۆلۈپتۇ؛ يارىدار بولغان گېراسىم ئاخۋاتكىننى
ئەكىلىشىپتۇ؛ دىمىتىرى گولوشچېكوف كېزىك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپتۇ.
گرىگورىي ئىككى قېتىمقى ئۇرۇش جەريانىدا ئۆلگەن بىر
يېزىلىق كازاكلارنى بىر - بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندى.
تاتارىسكىدا ئادەم ئۆلمىگەن بىرمۇ ھويلا يوق بولۇپ چىقتى.

گرىگورىي تېخىچە ئۆيدىن تالاغا چىقمىغان تۇرۇقلۇق،
يېزا ئاتامانى ئۇنىڭغا بازار ئاتامانىنىڭ بىر بۇيرۇقىنى ئە-
كەلدى. بۇ بۇيرۇقتا: يۈزلۈك بۆلۈنمە كوماندىرى مېلېخوف
دوختۇرلارنىڭ قايتا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن دەرھال
دوختۇرلار كومىسسىيىسى ئالدىغا كەلسۇن دېيىلگەن.

— ئۇنىڭغا جاۋاب ياز، ماڭالايدىغان بولسام، ئۇلار ئەس-
كەرتمىسىمۇ، ئۆزۈم بېرىپ كۆرۈنۈش قىلاتتىم، — دېدى گرى-
گورىي جىلە بولۇپ.

ئۇرۇش سېپى بارغانسېرى دونغا يېقىنلىشىپ كەلمەكتە
ئىدى. يېزىدا چېكىنىش توغرۇلۇق گەپ - سۆز باشلىنىپ
كەتتى. ئۇزاققا قالماي مەيداندا ئوكروك ئاتامانىنىڭ چوڭ

ياشلىق كازاكلارنىڭ ھەممىسى چېكىنىسۇن دېگەن بۇيرۇقنى جاكالاندى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ مەيداندىن قايتىپ كېلىپ، گرىگورىيغا بۇيرۇق توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن:

— قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى.

گرىگورىي مۈرىسىنى قىستى:

— قانداق قىلاتتۇق؟ چېكىنىش كېرەك. بۇيرۇقسىزمۇ ھەممە ئادەم ماڭغىلى تۇرۇپتۇغۇ.

— مەن ئۆزىمىز توغرۇلۇق سوراۋاتىمەن، بىللە ماڭامدۇق، قانداق؟

— بىللە مېڭىشقا توغرا كەلمەس. ئىككى كۈندىن كېيىن مەن ئاتلىق يېزا بازىرىغا بېرىپ، قايسى قىسىملار ۋېشكىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلىپ كېلىمەن، شۇ ئۆتىدىغان قىسىملارغا قوشۇلۇۋالىمەن. سېنىڭ ئىشىڭ — قاچقۇنلار بىلەن بىللە كېتىش... ياكى سەن ھەربىي قىسىمغا كىرىشنى خالامسەن؟

— ياق قۇرۇپ كەتسۇن! — دېدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ چۆچۈگەن ھالدا، — ئۇنداق بولسا مەن بېسخلېبنوف بوۋا بىلەن بىللە كېتەي، ئۇ قايسى كۈنى بىللە ھەمراھ بولۇپ ماڭايلى دېگەنىدى. ئۇ ياۋاش ئادەم، ئۇنىڭ ئېتىمۇ ياخشى، شۇنداق قىلىپ بىز هارۋىغا بىر جۈپ ئاتنى قوشۇپ، بىللە يۈرۈپ كېتىمىز. مېنىڭ بايتالىممۇ سېمىزلىكتىن بوي بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. لەنىتى سەمرىپ تىقىلىپ كەتتى، شۇنداق پىشقىرىدۇكى، دەھشەت!

— خوپ، ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭ، — دەپ جان - دىلى بىلەن قوشۇلدى گرىگورىي، — بىز ھازىرچە ماڭىدىغان يولىمىز توغرۇلۇق كېلىشىۋالايلى، چۈنكى، بەلكى، ماڭىمۇ شۇ يول بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلەر.

گرىگورىي پلانشىتكىدىن جەنۇبىي روسسىيىنىڭ خەرىتىسىنى ئالدى، قايسى يېزىلار بىلەن ماڭىدىغانلىقىنى ئاتىسىغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى، ئاندىن يېزىلارنىڭ ئىسمىنى قەغەزگە يېزىشقا كىرىشكەندى، ئەمما خەرىتىگە ھۆرمەت بىلەن قاراپ تۇرغان چال مۇنداق دېدى:

— توختا، يازماي تۇر. سەن، ئەلۋەتتە، بۇ ئىشلارنى مەندىن كۆپرەك چۈشىنىسەن، خەرىتە دېگەن مۇھىم نەرسە، ئۇ يالغاننى كۆرسەتمەيدۇ، ئادەمگە توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما ئۇ ماڭا باب كەلمىسە، ئۇنى مەن قانداق دەستۇر قىلىمەن؟ سەن ئاۋۋال كارگىنىسكايا بىلەن مېڭىش كېرەك دەيسەن، بۇنى مەن چۈشىنىمەن: بۇ يول ئۇدۇلراق، ئەمما بەرىبىر بۇ يەردىن ئايلىنىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ.

— نېمىشقا ساڭا ئايلىنىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ؟

— چۈنكى لاتىشېۋودا بىر نەۋرە سىڭلىم بار، ئۇ يەردە مەن ئۆزۈمگىمۇ، ئېتىمغىمۇ ئوزۇق تاپىمەن، يات ئادەملەرنىڭكىدە بولسا، ئۆزۈمنىڭ ئوزۇقۇمنى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇندىن كېيىن سەن خەرىتە بويىچە ئاستاخوۋو يېزىسىغا قاراپ مېڭىشىڭ كېرەك، ئۇ يەردە يول ئۇدۇلراق دەيسەن، ئەمما مەن مالاخوۋسكىغا بارىمەن، ئۇ يەردىمۇ ماڭا تۇغقان كېلىدىغان بىر كىشىم بار، ئۇ يەردىمۇ ئۆزۈمنىڭ ئوت - چۆپىنى سەرپ قىلماي، باشقىلارنىڭكىدىن پايدىلىنىشىم مۇمكىن. شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، بىر دۆۋە پىچاننى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭالمايسەن، يات يۇرتتا سورىۋېلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى پۇلغىمۇ سېتىۋالالمايسەن.

— دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدە سېنىڭ تۇغقىنىڭ يوقمۇ؟ — دەپ زەھەرخەندە بىلەن سورىدى گرىگورىي.

— ئۇ يەردىمۇ بار.

بەلكى، ئۇ يەرگىمۇ بارارسەن؟

— سەن ماڭا كىنايە سۆزنى قىلما! — دەپ ئاچچىقلاندى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، — سەن ئەمەلىي ئىشنى سۆزلە، چاقچاق قىلىشنى قوي. بۇ چاقچاق قىلىدىغان ۋاقىتمۇ. بەك ئەقىللىق كىشى ئىكەنسەن!

— ساڭا تۇغقان توپلاشنىڭ ھاجىتى يوق! چېكىنىشكە توغرا كەلگەندە — چېكىنىش كېرەك، تۇغقان قوغلىشىپ يۈرۈشنىڭ نېمە كېرىكى بار، بۇ ساڭا پوشكال بايرىمى ئەمەس!

— خوپ، سەن ماڭا يول كۆرسەتمەيلا قوي، نەگە بارىدىغانلىقىمنى ئۆزۈم بىلىمەن!

— بىلسەڭ، خالىغان يېرىڭگە بار!

— سېنىڭ پىلانىڭ بويىچە ماڭسام بولامتى؟ پەقەت سېغىزخان ئۇدۇل ئۇچىدۇ، بۇنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ نەگە بېرىپ قالىدىغانلىقىمنى كىم بىلىدۇ، بەلكى، قىشتا ئەزەلدىن يول يوق بىر يەرگە دۈچ كېلەرمەن. سەن ئاشۇنداق بىمەنە سەپسەتىنى ئۆز ئەقلىڭ بىلەن سۆزلەۋاتامسەن؟ سەن تېخى دىۋىزىيىگە قوماندانلىق قىلغانىدىڭغۇ؟!

گرىگورىي بىلەن چال ئۇزاق سۆز تالاشتى، ئەمما گرىگورىي ھەممىنى ئەتراپلىق ئويلاپ كۆرگەندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىدە ئادىللىق كۆپ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى - دە، يارىشىش ئاھاڭىدا دېدى:

— دادا، ئاچچىقلىق كەلمىسۇن، مەن ئۆزۈمنىڭ يول پىلانىنى ساڭا تاڭمايمەن. قەيەر بىلەن مېڭىشنى خالىساڭ، شۇنداق ماڭ. دونېتسنىڭ نېرىقى تەرىپىدە سېنى ئىزدەشكە تىرىشىمەن.

— بالدۇرراق شۇنداق دېسەڭ بولمامدۇ! — دەپ خۇشال

بولدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، — سەن ھامان ئۆزۈڭنىڭ پىلان، مارشلوتلىرىڭنى يۇرغىلىتىسەن - دە، پىلانىنىڭ پىلان ئىكەنلىكىنى، يەمسىز ئاتىنىڭ ھېچ يەرگە بارالمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيسەن.

گرىگورىي ئاغرىق چاغدىلا چال ئاستا - ئاستا يول ھازىرلىقىنى كۆرۈشكە باشلىغانىدى: بايتالنى ئالايىتەن كۆكۈل بولۇپ باقتى، چانىنى رېمونت قىلدى، يېڭى يېما بويرۇتۇپ، ھۆل - يېغىندا سۇ ئۆتمەيدىغان قىلىپ، چەم بىلەن ئۆزى ئۇلتاڭلىدى؛ بالدۇرلا قاپلارغا خىل سۇلۇ قاچىلاپ قويىدى. ئۇ چېكىنىشكە ھەقىقىي خوجايىنلارچە دىت بىلەن تەييارلانغانىدى: سەپەرگە لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغانىدى. پالتا، قول ھەرىسى، ئىسكىنە، موزدوزلۇق ئەسۋابى، يىپ، زاپاس چەم، مىخ، بولقا، بىر باغلام تاسما، پىششىق كەندىر يىپ، بىر پارچە قەتران — مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى، ھەتتا تاقا - مىخلارغىچە برېزىنتقا ئوراقلىق بولۇپ، بىر مىنۇت ئىچىدىلا چانىغا جايلاشتۇرۇشقا بولاتتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ھەتتا پۇرژىنىلىق تارازىغىچە ئېلىۋالغان بولۇپ، ئىلئىنىچنانىڭ ساڭا تارازىنىڭ يولدا نېمە كېرىكى بار دەپ سورىغان سوئالىغا تەنە بىلەن دېدى:

— سەن، كەمپىر، قېرىغانسېرى دۆتلىشىپ كېتىۋاتىسەن. شۇنچىلىك ئاددىي نەرسىگىمۇ پەمىڭ يەتمەمدۇ سېنىڭ؟ چېكىنگەن چاغدا پېچان ياكى توپان سېتىۋالسام ئېغىرلىقىنى نېمە بىلەن ئۆلچەيمەن؟ ئۇ يەردە ئوت - چۆپنى گەز بىلەن گەزلەمدىكەن؟

— ئۇ تەرەپتە تارازا يوقمىكەن؟ — دەپ ئەجەبلەندى ئىلئىنىچنا.

— ئۇ تەرەپنىڭ تارازىسىنىڭ قانداقلىقىنى سەن نەدىن

بىلسەن؟ — دېدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، — ئۇلارنىڭ تارازىسىنىڭ* ھەممىسى ساختا بولۇپ، بىزدەك ئادەملەرگە نەرسىلەرنى كەم تارتىپ بېرىشى مۇمكىن. گەپ مانا شۇنىڭدا! ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ قانداقلىقىنى بىز بىلمەيمىز! 30 قاداق نەرسە سېتىۋالماقچى بولساڭ، بىر پۇتقا تاراقلىما ئاقچا سانايسەن، ھەر بىر توختىغان يەردە مۇنداق زىيان تارتقۇچە ئۆزۈمىزنىڭ تارازىسىنى ئېلىۋالسام ياخشى ئەمەسمۇ؟ سىلەر بۇ يەردە تارازىسىز ئۆتۈۋەرسەڭلەرمۇ بولۇۋېرىدۇ، تارازىنىڭ سىلەرگە نېمە كېرىكى بار؟ ھەربىي قىسىملار بۇ يەردىن ئۆتسە، پىچانىنى جىڭدا تارتماستىن ئېلىۋېرىدۇ... ئۇلارغا يەم - خەشەكنى باغلاپ ئۇلگۇرسەڭ چوڭ گەپ. مەن ئۇلارنى تالاي كۆرگەنمەن، مۈڭگۈزى يوق شەيتانلارنى ياخشى بىلىمەن!

باشتا پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ھەتتا ھارۋىسىنى چانىغا سېلىپ يۈرمەكچى بولغانىدى، چۈنكى باھاردا ھارۋا سېتىۋېلىشقا پۇل چىقىم قىلماي، ئۆز ھارۋامدا كېلەرمەن دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما كېيىن ئويلاپ كۆرۈپ، بۇ زىيانلىق پىكىردىن ۋاز كەچتى.

گرىگورىيمۇ تەييارلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ماۋزۇرىنى، مىلتىقىنى تازىلىدى، ئۆزىگە ئوبدان ئەسقېتىۋاتقان شەمشىرىنى جايلاشتۇردى؛ ساقىيىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئېتىنى كۆرگىلى باردى - دە، پارقىراپ تۇرغان ساغرىسىغا قاراپ، چالىنىڭ يالغۇز ئۆز بايتىلىنىلا باقمىغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. ئويناقشىپ تۇرغان ئېتىغا تەسلىكتە مىندى - دە، ئۇنى قاتتىق بىر چاپتۇرۇپ كۆرۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، بۇ چاغدا ئۇ ئاستاخوفنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئىچىدە بىرى ئۇنىڭغا ئاپئاق ياغلىقىنى سىلكىتكەندەك بولدى، بەلكى كۆزىگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كەتكەندۇ...

چوڭ يىغىندا تاتارسكىلىقلار پۈتۈن يېزا بويىچە كېتىشنى قارار قىلىشتى. ئىككى كۈنگىچە ئاياللار كازاكلارنىڭ سەپىرىگە نان يېقىشتى ۋە ھەر خىل تاماقلارنى پىشۇرۇشتى. يولغا چىقىش 12 - دېكابىرغا بەلگىلەندى. پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ پىچان بىلەن سولۇنى ئاخشامدىن تارتىپلا چانىغا باسقانىدى، ئەتىسى ئەتىگەن تاڭ يورۇش بىلەنلا جۇۋىسىنى كىيىپ، بېلىنى باغلىدى، تېرە پەلەيىنى بېلىگە قىستۇردى، ئاندىن خۇداغا تېپىنىپ، ئۆي ئىچى بىلەن خوشلاشتى.

كۆپ ئۆتمەي زور كارۋان يېزىدىن ئېدىرغىچە سوزۇلۇپ ماڭدى. ئۇزاتقىلى چىققان ئاياللار سەپەرگە ماڭغانلارغا رومال-لارنى ئۇزاققىچە پۇلاڭشىتتى. شۇندىن كېيىن دالادا شىۋىرغان بوران كۆتۈرۈلدى - دە، پىرقىراپ ئۇچۇۋاتقان قار قۇيۇنى تۈپەيلى نە ئېدىرغا قاراپ ئاستا ئۆرلەۋاتقان ھارۋىلار، نە ھارۋا يېنىدا پىيادە كېتىۋاتقان كازاكلار كۆرۈنمەي قالدى.

ۋېشېنسكاياغا يولغا چىقىشتىن بۇرۇن گرىگورىي ئاكسىنىيە بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ئاكسىنىيىنىڭ ئۆيىگە كەچتە، يېزىدا ئاللىقاچان چىراغ يېقىلغان مەزگىلدە كىردى. ئاكسىنىيە چاق ئىگىرىۋاتاتتى. قېشىدا ئانىكۇشكىنىڭ تۇل ئايالى پايپاق توقۇغاچ، بىر ئىشنى سۆزلەپ ئولتۇراتتى. گرىگورىي بىگانە ئايالنى كۆرۈپ، ئاكسىنىيىگە قىسقىلا:

— بىر مىنۇت بۇ ياققا چىقىڭلا، بىر ئىش بار ئىدى، — دېدى.

دەھلىزدە ئۇ ئاكسىنىيىنىڭ مۈرىسىگە قول سېلىپ:

— مەن بىلەن چېكىنىشكە بىللە كېتەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئاكسىنىيە ئۇزاققىچە ئۈنچىقماي، نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى ئويلىغاندىن كېيىن پەس ئاۋاز بىلەن:

— ئىگىلىكنى قانداق قىلىمەن؟ ئۆينىچۇ؟ — دېدى.

— بىرىگە تاپشۇرارسەن، كېتىش كېرەك.

— قاچان؟
— ئەتە ئۆزۈم كىرىپ ئەكىتىمەن.
ئاكسىنىيە قاراڭغۇدا كۈلۈمسىرەپ، مۇنداق دېدى:
— ئېسىڭدىمۇ، بۇرۇنلا ساڭا دۇنيانىڭ بىر چېتىگە بولسىمۇ سەن بىلەن بىللە كېتەي دېگەنىدىم. مەن ھازىرمۇ شۇنداق. ساڭا بولغان مۇھەببىتىم ئايىنمايدىغان چىن مۇھەببەت. كېتىمەن، ھېچ نەرسىگە قارىمايمەن! سېنى قاچاندا كۈتىمەن؟
— كەچتە، كۆپ نەرسە ئالما. كىيىم ـ كېچەك بىلەن ئوزۇق ـ تۈلۈكنى كۆپرەك ئالساڭ بولىدۇ. خوپ، ھازىرچە خەير ـ خوش.
— خوش. ئۆيگە كىرىپ كەتسەڭمۇ بولاتتى؟... ئۇ ئايال ھازىر كېتىدۇ. سېنى مەن بىر ئەسىر كۈرمىگەندەك بولدۇم... جېنىم گرىشىنكا! مىنىڭچە، سەن.... ياق ئېيتمايمەن!
— ياق، كىرىشكە ۋاقتىم يوق. مەن ھازىر ۋېشكىغا بارىمەن، خەير ـ خوش، ئەتە كۈتۈپ تۇر.
گرىگورىي دەھلىزدىن چىقىپ، يان ئىشىككە يېتىپ باردى، ھالبۇكى، ئاكسىنىيە ھامان دەھلىزدە كۈلۈمسىرەپ، لاۋۇلداپ ئوت ئالغان يۈزىنى قولى بىلەن سىيلىغان پېتى تۇراتتى.

× ×

ۋېشېنىسكايادا يەرلىك ئىدارىلەرنى ۋە ھەربىي خوجۇلۇق ئىسكىلاتلىرىنى كۆچۈرۈپ كېتىش باشلانغانىدى. گرىگورىي ئوكرۇگ ئاتامانىنىڭ باشقارمىسىدا فرونتتىكى ئەھۋالنى سوراپ بىلدى. ئاديۇتانت ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ياش، بىر خورۇنجى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
— قىزىللار ھازىر ئالېكسىيېۋىسكايا بازىرىنىڭ قېشىدا.

ۋېشېنسكايادىن ھەربىر قىسىملار ئۆتەمدۇ - يوق، ئۆتسە، قايسى قىسىملار ئۆتىدۇ، بۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس. ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز — ھېچكىم ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، ھەممەيلەن قويرۇقىنى تىكىشكە ئالدىراۋاتىدۇ... مېنىڭ مەسلىھىتىم شۇكى، سىز ھازىر ئۆز قىسمىڭىزنى ئىزدەيمەن دېمەي، توغرا مىللېروۋوغا بېرىڭ، چۈنكى ئۇ يەرگە بارغاندا قىسمىڭىزنىڭ تۇرغان يېرىنى تېزلا بىلىۋالىسىز. ھەر ھالدا سىزنىڭ پولكىڭىز تۆمۈريول بويى بىلەن ماڭىدۇ. دۈشمەن دون قېشىدا توختىتىلارمۇ؟ ھەي، ئۇنداق بولماس دەپ ئويلايمەن. ۋېشېنسكايانى جەڭسىز بېرىپ قويۇشىدۇ، بۇ شۈبھىسىز.

گرىگورىي ئۆيىگە بەك كەچ قايتتى. ئىلئىنىچنا كەچلىك تاماق تەييارلاۋېتىپ:

— سېنىڭ پروخورۇڭ كېلىپ كەتتى. سەن كېتىپ، بىر سائەتتىن كېيىن كېلىپ، يەنە كىرىمەن دەپ ۋەدە قىلغانىدى، نېمىشقىدۇر كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى.

گرىگورىي خۇشاللىقتا تامىقىنى تېز - تېز يەپ، پروخورنىڭ قېشىغا كەتتى. پروخور ئۇنى كۆڭۈلسىز كۈلۈمسىرەپ قارشى ئالدى - دە:

— مەن سېنى ۋېشكىدىن بىراقلا چېكىنىشكە يۈرۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى.

— سېنى شامال نەدىن ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي كۈلۈپ، سادىق نۆكىرىنىڭ يەلكىسىنى قېقىپ.

— ئىش ئايدىڭغۇ — ئەلۋەتتە فرونتتىن.

— قېچىپ كەلدىڭمۇ؟

— خۇدايا توۋا، نېمە دەۋاتىدىغانسەن! شۇنداق قەيسەر جەڭچى، قېچىپ كېلەمدۇ؟ قانۇن بويىچە كەلدىم. سەنسىز ئىلىلىق يەرلەرگە بېرىشنى خالىمىدىم. گۇناھنى بىللە ئۆتكۈزدۇق،

قىيامەت كۈنىدىكى سورائقا بىللە بېرىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئىشىمىز چاتاق، بىلەمسەن؟

— بىلمەن. سېنى قىسمىدىن قانداق قويۇپ بەردى؟ شۇ-نى سۆزلەپ بەرگىنە.

— بۇ ئۇزۇن گەپ، كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن، — پىروخور گەپنى چالغىتىپ جاۋاب بەردى-دە، چىرايى تېخىمۇ تۇتۇلدى.

— پولك نەدە؟

— ئۇنىڭ هازىر نەدىلىكىنى كىم بىلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا سەن ئۇنىڭدىن قاچان كەتتىڭ؟

— ئىككى هەپتە بۇرۇن.

— شۇ ۋاقىت ئىچىدە نەدە يۈردۈڭ؟

— سەن قانداق بولۇپ قالدىڭ، خۇدايا...، — دېدى پىروخور نارازى هالدا، ئاندىن ئايالىغا كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويدى، — نەدە يۈردۈڭ، قانداق ۋە نېمە ئۈچۈن دەيسەن... قەيەردە بولسام بولدۇم، ئەمما هازىر ئۇ يەردە مەن يوق. ساڭا ئېيتىپ بېرىمەن دېدىمىمۇ، دېمەك، ئېيتىپ بېرىمەن، هەي، خوتۇن! ئاچچىق نەرسەڭ بارمۇ؟ كوماندىر بىلەن ئۈچ-راشقاندا بۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن بىرەر يۇتۇم ئىچىش كېرەك. بىر نەرسەڭ بارمۇ؟ يوقمىدى؟ ئۇنداق بولسا، يۈگۈر، تېپىپ كەل، بىر پۈتۈك بىلەن تاق قىلىپ، ئارقاڭغا ئۆرۈل! مارش! ئېرىڭ يوق چاغدا هەربىي ئىنتىزامدىن چىقىپ قالدىڭمۇ! تەر-تىپنى بوشاشتۇرۇپ قويۇپسەنغۇ!

— نېمانداق قىتىغۇرلۇق قىلىسەن؟ — دېدى پىروخورنىڭ ئايالى كۈلۈپ، — سەن ماڭا تولا ۋارقىرىما، سېنىڭ بۇ يەر-دىكى خوجايىنلىقىڭ چاغلىق گەپ، بىر يىلدا بىر كېلىپ، ئىك-كى كۈنلا تۇرىسەن.

— خەقنىڭ هەممىسى ماڭا ۋارقىرىشىدۇغۇ، ئۇ چاغدا

مەن سەندىن باشقا كىمگە ۋارقىرايمەن؟ توختاپ تۇر، مەن گېنېراللىق مەنسەپكە چىقىۋالاي، شۇ چاغدا باشقىلارغا ۋارقىرايدىغان بولىمەن، هازىرچە سەۋر قىلىپ تۇر، تېززەك كىيىمىڭنى كىي، يۈگۈر!

ئايالى كىيىمىنى كىيىپ، چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پروخور گرىگورىيغا ئالىيىپ قارىدى ـ دە، گەپ ئاچتى:

— سېنىڭ هېچقانداق پەملىك يوق ئىكەن، پانتېلېيېۋىچ... خوتۇن كىشىنىڭ ئالدىدا مەن هەممىنى سۆزلەپ بېرەلمەيمەنغۇ، سەن بولساڭ قانداق، نېمىدەپ ئادەمنى قىستاۋېرىسەن. خۇش، ئۆزۈڭ قانداق تۇرۇۋاتىسەن، كېزىكتىن كېيىن ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— مەن ساقىيىپ قالدىم. ئۆزۈڭ توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگىنە، سەن ئەبلەخ، نېمىشقىدۇر سىر ساقلايدىغان بولۇپ كەتتىڭ... بار گەپنى ئوچۇق ئېيتمامسەن، نېمە يامان ئىشلارنى قىلدىڭ؟ قانداق قاچتىڭ؟

— قىلغان ئىشىم قاچقاندىنمۇ يامان... سېنى ئاغرىق هالدا ئەكىلىپ قويغاندىن كېيىن قىسمىغا قايتىپ كەلدىم. مېنى بۆلۈنمىگە، 3 - ۋىزۋوتقا ئەۋەتتى. مەن ئۆزۈم ئۇرۇش قىلىشقا بەك خۇمار ئىدىمغۇ! ئىككى قېتىم ئاتاكىغا قاتناشتىم، ئەمما كېيىن ئويلاپ قالدىم: بۇ يەردىنمۇ تۇيىقىمنى شاقىلدىتىپ جۆنەشكە توغرا كېلىدۇ! قانداق بولمىسۇن كىرىۋالىدىغان بىر تۆشۈك تېپىش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، پروشا، سەن، شەك - شۈبهىسىز هالاك بولىسەن! شۇ چاغدا، دېگەندەك، جەڭ باشلىنىپ كەتسە بولامدۇ، بىزنى شۇنداق قىسىپ، نەپەس ئېلىشقىمۇ قويمىدى! قەيەردىن يېرىپ ئۆتمەكچى بولسا — بىزنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ سالدى؛ قەيەردە جەڭ قىلىش كۈچى ئاجىز بولسا — يەنىلا بىزنىڭ پولكنى شۇ يەرگە هەيدىدى.

بىر ھەپتە ئىچىدە بۆلۈنمىدە 11 كازاك ئىنەك يەر يالـ
غاندەك يوقاپ كەتتى! شۇنداق قىلىپ، مەنمۇ زېرىكىشكە باشـ
لىدىم. ھەتتا سېغىنىشتىن بېشىمغا پىت چۈشتى، — پىروخور
تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، خالتىسىنى گرىگورىيغا سۇندى - دە، ئالـ
دىرىماستىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇنىڭ بىلەن ماڭا
نەق ئىسكىنىڭ يېنىدا رازۋېتكىغا چىقىشقا توغرا كېلىپ قالدى.
بىز ئۈچ كىشى ئىدۇق. ئېدىرنىڭ ئۈستى بىلەن چېپىپ كېلىۋاتـ
تىمىز، تۆت ئەتراپىمىزغا كۆز سېلىپ بارىمىز، قارىساق، بىر
قىزىل ئەسكەر يارنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كېلىۋاتىدۇ، ئىككى قو-
لىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋالغان. قېشىغا ئات چاپتۇرۇپ كەلدۇق،
ئۇ بىزگە: «يۇرتداشلار! مەن — ئۆز ئادەم! مېنى چاپماڭلار!
مەن سىلەر تەرەپكە ئۆتمەن!» — دەپ ۋارقىرىدى. شۇ پەيتـ
تە مېنى شەيتان ئازدۇردىمۇ، نېمە بولدى، نېمىشقىدۇر ئاچچـ
قىم كېلىپ، ئۇنىڭ قېشىغا بىردىن باستۇرۇپ كەلدىم - دە:
«سەن ئىتنىڭ بالىسى ئۇرۇشقا ئاتلانغانىكەنسەن، ئۇ ھالدا
تەسلىم بولماسلىقىڭ كېرەك! سەن ئۇچىغا چىققان پەسكەش ئىكەنـ
سەن. بىزنىڭ ئارانلا پۇت تىرەپ تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى كۆر-
مىدىڭمۇ؟ سەن تەسلىم بولۇپ، بىزنىڭ سېپىمىزنى كۈچەيتمەكـ
چى بولدۇڭمۇ؟!» — دېدىم. شۇنىڭ بىلەن قىلىچنىڭ غىلىپىدىن
تۇتۇپ، ئۇنى ئاتنىڭ ئۈستىدىن تارتتىم. قېشىمدىكى كازاكلار-
مۇ ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا باشلىدى: «بىر ئۇياققا يۈگۈرۈپ،
بىر بۇياققا يۈگۈرۈپ، بىر ئۇياقنى ئايلىنىپ، بىر بۇ ياقنى
ئايلىنىپ — شۇمۇ ئۇرۇش قىلىش بولامدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە
بىرلىكتە ئىشقا كىرىشسەڭلار، ئۇرۇشمۇ تۈگىگەن بولاتتى!»
ئۇنىڭ قاچقۇن ئوفىتسېر ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟ دەل شۇنداق
بولۇپ چىقتى! ئاچچىقىمدا ئۇنى غىلاپ بىلەن بىرنى سالغانىـ
دىم، ئۇنىڭ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ، ئاستا مۇنداق دېدى:

«مەن — ئوفىتسېرمەن، سىلەر مېنى ئۇرالمايسىلەر! مەن ئۆزۈم كونا زاماندا گۇسار بولۇپ خىزمەت قىلغانىدىم، ھازىر بولسا ھەربىي سەپەرۋەرلىك بويىچە قىزىللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم، شۇڭا مېنى كوماندىرلارنىڭ قېشىغا ئاپىرىڭلار، مەن ئۇنىڭغا ھەممىنى ئېيتىپ بېرەمەن.» بىز ئۇنىڭغا: «ھۆججىتىڭنى كۆرسەت»، — دېدۇق. ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن: «مەن سىلەر بىلەن سۆزلىشىشنى خالىمايمەن. مېنى كوماندىرلارنىڭ قېشىغا ئاپىرىڭلار!» — دەپ جاۋاب بەردى.

— سەن بۇ سۆزلەرنى نېمىشقا خوتۇنۇڭنىڭ ئالدىدا ئېيتىشنى خالىمىدىڭ؟ — دەپ ئەجەبلەندى گرىگورىي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— گېپىمنىڭ ئېيتالمايدىغان يېرىگە تېخى يېتىپ كەلمىدۇق، سەن مەرھەمەت قىلىپ سۆزۈمنى بۆلمەي تۇر. بىز ئۇنى بۆلۈنمىگە ئاپىرىش قارارىغا كەلدۇق، بىكار قىلغانىكەنمىز... بىز ئۇنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلىغان بولساق، ئىشمۇ تۈگىگەن بولاتتى. ئەمما بىز ئۇنى قائىدە بويىچە بۆلۈنمىگە ھەيدەپ كەلدۇق، بىر كۈندىن كېيىن قارىساق — ئۇنى بىزنىڭ بۆلۈنمىمىزگە كوماندىر قىلىپ تەيىنلەپتۇ. بۇ قانداق ئىش؟ ئىش مانا شۇ يەردىن باشلاندى! بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ مېنى ئالدىغا چاقىرىپ: «سەن، ئىتنىڭ بالىسى، روسىيىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ئاجرالماسلىقى ئۈچۈن ئاشۇنداق جەڭ قىلامسەن؟ سەن مېنى ئەسىرگە ئالغاندا، ماڭا نېمە دېدىڭ، ئېسىڭدىمۇ؟» — دەپ سورىدى. مەن ئۇنى دېدىم، بۇنى دېدىم، ئۇ ماڭا ھېچقانداق رەھىم - شەپقەت قىلار ئەمەس — مېنىڭ غىلاپ بىلەن ئۇرغانلىقىم ئېسىگە چۈشۈش بىلەنلا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزاسى تىترەشكە باشلىدى! «سەن مېنىڭ گۇسار پولكىنىڭ بىر ئوفىتسېرى ئىكەنلىكىمنى بىلەمسەن؟

ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئاقسۆڭەك، سەن يۈزسىز مېنى ئۇرۇشقا قانداق پېتىنالىدىڭ - ھە؟» ئۇ مېنى بىر قېتىم چاقىردى، ئىككى قېتىم چاقىردى، ئۇنىڭدىن ماڭا ھېچقانداق رەھىم - شەپقەت بولمىدى. ۋىزۋوت باشلىقىغا مېنى نۆۋەتسىز ساقچىلىققا، قاراۋۇللۇققا ئەۋەت دەپ بۇيرۇق قىلدى. بېجىرىدىغان ۋەزىپە خۇددى چېلەكتىن تۆكۈلگەن نوقۇتتەك ئۈستۈمگە يېغىشقا باشلىدى، خوش، قىسقىسى، بۇ قۇزغۇن مېنى چوقۇلاپ يەم قىلغىلى تۇردى! ئۇنى ئەسىرگە ئالغاندا مەن بىللە چارلاشقا چىققان ھېلىقى ئىككى كازاكنىمۇ ئاشۇنداق قىستاڭچىلىققا ئالدى. بۇ يىگىتلەر چىدىدى - چىدىدى، ئاخىر بىر كۈنى مېنى قېشىغا چاقىرىپ: «ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ بىزگە كۈن بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ!» — دېيىشتى. مەن بىر ئاز ئويلاپ كۆرۈپ، بۇ ئىشنىڭ ھەممىسىنى پولك كوماندىرىغا ئېيتىش قارارىغا كەلدىم، ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ۋىجدانىم يول قويمىدى. ئۇنى ئەسىرگە ئالغان پەيتتە ئۆلتۈرۈۋېتىشكىمۇ بولاتتى، ئەمدىلىكتە بولسا نېمىشقىدۇر قولۇم بارماي قويىدى... ئايالىم توخۇ بوغۇزلىغاندىمۇ — كۆزلىرىم يۇمۇلۇپ كېتىدىغانىدى، ئادەم ئۆلتۈرگەندە قانداق بولۇپ كېتەرمەن...

— دېگەنبىلەن ئۆلتۈردۈڭلارغۇ؟ — گرىگورىي يەنە سۆزىنى بۆلدى.

— كىچىككىنە تۇرۇپ تۇر، ھەممىنى بىلىۋالىسەن. خوش، مەن پولك كوماندىرىغا ۋەقەنى سۆزلەپ بەردىم، ئىش قىلىپ دەيدىغىنىمنى دەۋالدىم، ئۇ كۈلۈپ كەتتى - دە، مۇنداق دېدى: «ساڭا خاپا بولۇشنىڭ كېرىكى يوق، زىكوف، سەن ئۆزۈڭ ئۇنى ئۇرغانىكەنسەن، ئۇ ئىنتىزامنى توغرا ئىجرا قىلغان. ئۇ ئىشنىڭ كۆزىنى بىلىدىغان ياخشى ئوفىتسېر.» شۇ گەپ بىلەن ئۇنىڭ قېشىدىن كېتىپ قالدىم - دە، ئۆز ئىچىمدە: سەن بۇ

ياخشى ئوفىتسېرىڭنى كرېست مېدالى ئورنىدا كۆكسۈڭگە تاقىـ
ۋال، ئەمما مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر بۆلۈنمىدە خىزمەت قىلىشـ
نى ماقۇل كۆرمەيمەن! دەپ ئويلىدىم. مېنى باشقا بۆلۈنـ
مىگە يۆتكەپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلغانىدىم، ئەمما بۇنىڭدىنـ
مۇ ئىش چىقمىدى، يۆتكەشمىدى. مانا شۇ چاغدىلا قىسمىدىن
ئايرىلىش ئويۇمغا كەلدى. خوش، قايسى يول بىلەن ئايرىلىسەن؟
بىزنىڭ بۆلۈنمىنى يېقىن بىر يەردىكى ئارقا سەپكە بىر ھەپتىـ
لىك دەم ئېلىشقا يۆتكەپ كەلگەنىدى، مېنى بۇ يەردە يەنە
شەيتان ئازدۇردى... خىيالىمغا مۇنۇلار كەلدى: باشقا ئىلاج
يوق، قانداقلا بولمىسۇن سۆزنەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان
بولۇۋالاي، شۇ چاغدىلا ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ تەكشۈرۈش
پونكىتىغا بېرىۋالىمەن، شۇ يەردە چېكىنىشكە خەت يېزىپ بېرىـ
دۇ، ئىش شۇنىڭغا تاقىلىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۆمـ
رۈمدە قىلىپ كۆرمىگەن بىر ئىشقا كىرىشتىم — ئاياللارنىڭ
ئارقىسىدىن سۈكۈلدايدىغان ۋە تاشقى كۆرۈنۈشتە قايسى گۇـ
مانلىق ئىكەن دەپ، سىنچىلاپ قارايدىغان بولدۇم. مۇندىقنى
بىلىۋېلىش مۇمكىنمۇ ئاخىر؟ بۇ ئايال ئاغرىق دەپ پېشانىسىگە
يېزىلمايدىغۇ، مانا بۇ باش قاتۇرىدىغان مەسىلە! — پروخور
يەرگە قاتتىق بىرنى تۈكۈردى - دە، ئايالىم كېلىۋاتقان بولـ
مىسۇن، دەپ سىرتقا قۇلاق سالدى.

گرىگورىي كۈلكىسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قولى بىلەن ئاغـ
زىنى يېپىۋالدى، كۈلكىدىن قىسىلغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ:

— تاپتىڭمۇ ئاشۇنداق ئايالنى؟ — دەپ سورىدى.

پروخور ياشلانغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.
ئۇنىڭ قارىشى بىر ئەسىر ئۆمۈر كەچۈرگەن قېرى ئىتنىڭ قارىشىدەك
غەمكىن، خاتىرجەم قاراش ئىدى. ئۇ بىردەم ئۈنچىقماي ئولـ
تۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئۇنى تېپىش ئاسان دەپ ئويلامسەن؟ كېرىكى يوق چاغدا ئۇنى شامال ئۇچۇرۇپ كېلىدۇ، كېرەك ۋاقىتدا يەر يۇتقاندەك، ۋارقىرىساڭمۇ تاپالمايسەن!

گرىگورىي يان تەرەپكە قاراپ، ئۈنىنى چىقارماي كۈلدى، ئاندىن يۈزىدىن قولىنى چۈشۈرۈپ، ئۈزۈك - ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن:

— خۇدا ھەققى، ئادەمنى زارىقتۇرمىساڭچۇ! زادى تاپتىڭمۇ - يوق؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە، بۇ ئىش ساڭا كۈلكە...، — دېدى پروخور رەنجىپ، — بىراۋنىڭ بەختسىزلىكىگە كۈلۈش ئەخمەقنىڭ ئىشى، مەن شۇنداق دەپ چۈشىنىمەن.

— ياقەي، كۈلۈۋاتقىنىم يوق... ئۇندىن كېيىن نېمە بولدى؟

— ئۇندىن كېيىن ئۆي ئىگىسىنىڭ قىزىنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىشقا باشلىدىم. بۇ 40 ياشلىق قىز ئىدى، بەلكى بۇنىڭدىن ياشراق بولۇشى مۇمكىن. يۈزىنىڭ ھەممە يېرىنى دانىخورەك باسقان، ئەپت - بەشىرىسى شۇنداقكى، قىسقىسى، بۇندىقىنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن! قوشنىلىرىنىڭ ئاستا پىچىرلىشىچە، ئۇ يېقىندا پات - پات دوختۇرغا كۆرۈنۈپ يۈرگەن. بۇنىڭدىنمۇ چوقۇم ئاغرىق يۇقتۇرۇۋالارمەن! دەپ ئويلىدىم. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياش خورازدەك بازلاپ يۈردۈم ۋە شېرىن سۆزلەر بىلەن ئۇنى ئالداشقا كىرىشتىم... بۇ سۆزلەرنىڭ ماڭا نەدىن پەيدا بولغانلىقىنى ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيمەن! — پروخور ئەيىبكارلارچە كۈلۈپ قويدى. ھەتتا ئاشۇ ئىشلارنى ئەسلەپ، سەل - پەل ھوزۇرلانغاندەك بولدى، — ئۆيلىنىشكىمۇ ۋەدە بەردىم، باشقا ھەر خىل قەبىھ سۆزلەرنىمۇ قىلدىم... ئۇنداق دەپ - بۇنداق دەپ ئاخىر ئۇنى قولغا چۈشۈردۈم. شۇنداق قىلىپ، ئىش گۇناھ ئۆتكۈزۈش دەرىجىسىگە



ئۇ كىرپىكلىرىگە قونغان قىراۋنىڭ يېقىملىق سوغۇقىدىن ھوزۇرلىنىپ،
ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىنى مەپتۇن قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئارزۇسىنىڭ كۈتۈل-
مىگەندە ئەجەب ئەمەلگە ئېشىپ قالغانلىقىغا كۈلۈمسىرەيتتى... (422 ـ بەتكە)

بېرىپ قالدى، ئەمما شۇ چاغدا ئۇ بىردىن ياش تۆكۈشكە باشلىدى! مەن ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياقتىن گەپ سوراشقا باشلىدىم: «بەلكى، ئاغرىق بولۇشۇڭ مۇمكىن، بۇنداق بولسىمۇ مەيلى، بىر ھېسابتا ئاغرىق بولغىنىڭنىڭ ئۆزى ياخشى.» بىر تەرەپتىن ئۆزۈم قورقۇپ تۇرىمەن، چۈنكى بۇ كېچىدىكى ئىش بولغانلىقتىن، بىرەرى ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ، سامانلىققا كېلىپ قالسا ئىش چاتاق ـ دە. «ۋارقىرىما، خۇدا ھەققى! سەن ئەگەر ئاغرىق بولساڭ ـــ قورقما، ساڭا مۇھەببىتىم كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ھەممىگە رازىمەن!» ـــ دېدىم. ئۇ ماڭا: «جېنىم پروشېنكا! مېنىڭ قىلچىمۇ ئاغرىقىم يوق، مەن پاك قىزمەن، شۇڭا بۇنداق ئىشتىن قورقۇپ ۋارقىراۋاتىمەن» ـــ دېدى. سەن ئىشەنمەيسەنغۇ، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، ئۇ ماڭا ئاشۇ گەپنى قىلغاندا بەدىنىمدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كەتتى. يا ئىگەم ئېيسا مەسىھ، ئەمدى مەن بۇ بالاغا يولۇقتۇممۇ، ماڭا شۇ نەرسە يەتمەي تۇراتتى!... دەپ ئويلىدىم. ئاۋازىم ئۆزگىرىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭدىن: «ئۇنداق بولسا، سەن لەنەتى، نېمىشقا دوختۇرغا چېپىپ يۈردۈڭ؟ نېمىشقا سەن خەقنى ئالدايسەن؟» ـــ دەپ سورىدىم. «ئۇنىڭ قېشىغا چېپىپ يۈرگىنىم، ئۇنىڭدىن يۈزگە سۈرتىدىغان ماي ئېلىش ئۈچۈن ئىدى»، ـــ دېدى. مەن شۇ چاغدا بېشىمنى چاڭگاللاپ، ئۇنىڭغا: «قوپ، ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقال، ئېيسادىن بەزگەن مەلئۇن! سەندەك پاك قىزنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، مەن ساڭا ئۆيلەنمەيمەن!» ـــ دېدىم. پروخور يەرگە تېخىمۇ قاتتىق بىر تۈكۈردى ـ دە، سۆزىنى خالار ـ خالىماس داۋاملاشتۇردى، ـــ شۇنداق قىلىپ، ھەممە ئەمگىكىم بىكارغا كەتتى. ھۇجرامغا قايتىپ كېلىپ، كۈدە ـ كۆرپەمنى يىغىشتۇردۇم ـ دە، شۇ كېچىسىلا باشقا بىرىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەتتىم. كېيىن باللار قولىقىمغا پى-

چىرلاشتى، شۇنىڭ بىلەن مۇرادىمنى بىر تۇل ئايالدىن ھاسىل قىلدىم. ئەمما مەن بۇ يەردە چورتلا ئىش كۆردۈم: «ئاغرىقمۇ سەن؟» — دەپ سورىدىم. «ئازراق كېسىلىم بار» — دېدى. «خوپ، ماڭىمۇ بىر پۇت كېسەلنىڭ كېرىكى يوق» — دېدىم. ئايالنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن ياردىمى ئۈچۈن ئۇنىڭغا 20 سوم كېرىنىسكى ئاقچىسى تۆلىدىم. ئەتىسى قازانغان ئۇتۇقىمدىن كېرىلىپ، ھەربىي داۋالاش پونكىتىغا باردىم-دە، ئۇ يەردىن ئۇدۇل ئۆيگە قايتتىم.

— سەن ئېتىڭنى ئالماستىنلا قايتىپ كەلدىڭمۇ؟

— ئاتسىز قانداق كېلەلەيمەن؟ ئېتىم بىلەن ۋە پۈتۈن قورال-ياراغلىرىم بىلەن كەلدىم. ئېتىمنى يىگىتلەر داۋالاش پونكىتىغا ئەۋەتكەنىكەن. گەپ بۇنىڭدا ئەمەس؛ ئەمدى سەن ماڭا مەسلىھەت كۆرسەتكىنە: خوتۇنۇمغا نېمە دەيمەن ياكى بالادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سېنىڭ ئۆيۈڭگە بېرىپ قونۇپ كەلسەم بولامدۇ؟

— لازىمى يوق، يوقال نېرى! ئۆز ئۆيۈڭدە قون. يارىدار بولدۇم، دېگىن. داكا بارمۇ؟

— تىببىي لازىمەتلىكلىرىم بار.

— ئۇنداق بولسا، ئىشقا كىرىشىۋەر.

— ئىشەنمەسمىكىن، — دېدى پروخور مەيۈسلۈك بىلەن، ئەمما شۇنداق بولسىمۇ ئورنىدىن تۇردى. خۇرجۇنىنى ئاختۇرۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئۇ يەردىن پەس ئاۋازدا مۇنداق دېدى، — ئايالىم كەلسە، ئۇنى گەپكە تۇتۇپ تۇر، مەن ھازىر بىر پۇتۇمنى دەسسەپ تۇرۇۋاتىمەن!

گرىگورىي تاماكا ئوراۋېتىپ، سەپەر پىلانىنى ئويلاپ كۆردى. «بىز بىر جۈپ ئاتنى چانىغا قوشۇپ ماڭساقمىكىن، — دېگەن قارارغا كەلدى ئۇ، — ئاكسىيوتكىنى بىللە ئېلىپ ماڭ

غانلىقىمنى بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن گەچتە يولغا چىقىش كېرەك. شۇنداقتىمۇ بەربىر بىلىۋالىدۇ...»

— بۆلۈنمە توغرىسىدىكى گەپنى مەن ساڭا ئېيتىپ تۈگەتكىنىم يوق، — پروخور ئاقساقلاپ ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ، شىرەنىڭ يېنىغا ئولتۇردى، — مەن داۋالاش پونكىتىغا كېتىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۇنى بىزنىڭكىلەر ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

— راستمۇ؟

— خۇدا تۇرۇپتۇ! جەڭ بولۇۋاتقاندا ئۇنى ئارقا تەرەپتىن ئېتىپتۇ، ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگەپتۇ. مەن بىكار ئازاب چېكىپ يۈرۈپتىمەن، مانا شۇنىسى ئەلەم قىلىدۇ!

— ئاتقان ئادەمنى تاپالماپتۇمۇ؟ — دەپ سورىدى پۈتۈن پىكىر - خىيالى كۆز ئالدىدىكى سەپەر بىلەن بەند بولغان گرىگورىي پەرىشان هالدا.

— ئۇنى نەدىن ئىزدەپ تاپسۇن! جوڭ يۆتكىلىش باشلاندى - دە، ئۇنىڭ بىلەن هېچكىمنىڭ ئىشى بولمىدى. مېنىڭ ئايالىم نەگە يوقاپ كەتكەندۇ؟ مۇنداق يوقاپ كەتسە، ئىچىشكە كۆڭلۈڭ تارتمايدۇ. سەن قاچان مېڭىشنى ئويلاۋاتىسەن؟

— ئەتە.

— بەرەر كۈن كېچىكتۈرمەيسىزمۇ؟

— نېمىشقا؟

— هېچ بولمىغاندا پىتلاردىن ئېرىغدىنىۋالسام دەيمەن، پىتلار بىلەن سەپەرگە چىقىش كۆڭۈللۈك ئەمەس.

— يول ئۈستىدە ئېرىغدىنارسەن. كۈتۈشكە ۋاقىت يوق. قىزىللار ۋېشكىدىن ئىككى مەنزىل يەردە تۇرۇپتۇ.

— ئەتىگەندىلا ماڭامدۇق؟

— ياق، كەچ كىرگەندە. بىز پەقەت كارگىنسكايىغىچە بېرىۋالساق، شۇ يەردە قونىمىز.

— قىزىللار بىزنى تۇتۇۋالامدۇ؟

— بۇنىڭغا ھازىر تۇرۇش كېرەك. مەن مانا... مەن ئاكسىنىيە ئاستاخوۋانى بىللە ئەكىتىشنى ئويلاۋاتىمەن. بۇنىڭغا سەن قارشى ئەمەسمۇ؟

— مېنىڭ نېمە كارىم؟ بىر ئەمەس، ئىككى ئاكسىنىيە بولسىمۇ ئېلىۋالامسەن... ئەمما ئاتقا ئېغىرلىقى چۈشىدۇ.

— ئېغىرلىقى چاغلىق.

— ئايالLار بىلەن يول يۈرۈش بىئەپ... ئۇنى ئېلىپ مېڭىش ساڭا شۇنچە زۆرۈر بولۇپ قالدىمۇ؟ ئۆزىمىزلا ماڭغان بولساق، يولدا قىيىنچىلىق تارتماس ئىدۇق! — پروخور خۇرسىنىپ قويدى - دە، باشقا تەرەپكە قاراپ مۇنداق دېدى، — ئاشۇ ئايالنى ئارقاڭدىن ئەگەشتۈرۈپ ماڭىدىغانلىقىڭنى ئۆزۈممۇ بىلەتتىم. سەن ھامان يىگىتچىلىكتىن قالماپسەن... ئېھ، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، ئۇستۇڭدە قامچا بۇرۇنلا ئاچچىق ياش بىلەن چىرقىراپ تۇرۇشى لازىم ئىدى!

— بۇ ئىشىڭ ساڭا ھېچ ئالاقىسى يوق، — دېدى گرىگورىي سوغۇققىنا، — خوتۇنۇڭغا بۇ توغرۇلۇق ۋالاقشىپ يۈرمە.

— بۇرۇن ۋالاقشىغان يېرىم بولدىمۇ؟ سەندە ۋىجداندىن ئەسەر بولسىچۇ كاشكى. ئاكسىنىيە ئۆيىنى كىمگە تاشلاپ كېتىدۇ؟

دالاندا قەدەم تىۋىشى ئاڭلاندى. پروخورنىڭ ئايالى كىردى. ئۇنىڭ بېشىدىكى كۆل رەڭ تىۋىت رومالدا قار ئۇچقۇندايتتى.

— قار بورىنى چىقىۋاتامدۇ؟ — پروخور ئىشكاپتىن كىچىك ئىستاكانلارنى ئالدى - دە، ئاندىن سورىدى، — سەن بىر نەرسە ئەكەلگەنسەن؟

ئۇنىڭ ئانار يۈزلۈك ئايالى قويىنىدىن تەرلىگەن ئىككى
شىشىنى ئېلىپ، شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى.
— مانا سەپىرىمىزنى ئاق يوللۇق قىلىدىغان بولدۇق! —
دېدى پروخور كەيپى چاغ بولۇپ. ساماگوننى پۇراپ بېقىپ،
پۈرىقىغا قاراپ باھا بەردى، — بىرىنچىكەن! ئىچىدىغان
كۆچلۈك، كاساپەت!
گرىگورىي كىچىك ئىستاكاندا ئىككىنى ئىچكەندىن كې-
يىن، چارچىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۆيىگە كەتتى.

## 26

— خوش، ئۇرۇشمۇ تۈگىدى! قىزىللار بىزنى شۇنداق
قىستاپ كەلدىكى، ئەمدى بىز دېڭىزغىچە سۈرۈلۈپ، تۇز-
لۇق سۇغا تىرەلگۈچە چېكىنىۋېرىمىز، — دېدى پروخور تاغنىڭ
ئۈستىگە چىققاندا.
تۆۋەندە تاتارسكى يېزىسى كۆكۈچ ئىسقا چۈمكىلىپ يا-
تاتتى. ئۇپۇقنىڭ قىزغۇچ قارلىق جىيىكىنىڭ ئارقىسىغا قۇياش
پېتىپ كېتىۋاتاتتى. چانا تاپىنىنىڭ ئاستىدا قار غاچىلدايتتى.
ئاتلار قەدەملەپ مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. قوش ئات قوشۇلغان
چانىنىڭ ئارقا تەرىپىدە گرىگورىي ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقلى-
رىغا يۆلىنىپ، يانپاشلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئاكسىنىيە
قۇندۇز سېلىپ تىكىلگەن دونچە جۇۋىغا يۆگىنىپ ئولتۇراتتى.
ئاق تىۋىت روملىنىڭ ئاستىدىن قارا كۆزلىرى يالتىراپ، خۇ-
شال ئۇچقۇندايتتى. گرىگورىي ئۇنىڭغا كۆز قىرى بىلەن قىيا
بېقىپ، سوغۇقتا سەل - پەل قىزارغان مەڭزىگە، قاپقارا قو-
يۇق قېشىغا ۋە قىراۋ باسقان ئېگىك كىرپىكلىرى ئاستىدا كۆ-

كۆكتۈل پارقىراپ تۇرغان كۆزىنىڭ ئىچىگە نەزەر سالدى. ئاكسىنيە ئىنتايىن زوقلانغان هالدا قار ئۇيۇملىرى قاپلىغان دالاغا، جۇلالىنىپ تۇرغان يولغا، شىرە - شىرە تۇمان قاپلىغان يىراقتىكى ئۇپۇققا كۆز تىككەتتى. ئۆيىدىن يىراق يەرگە بارماي ئۆگىنىپ قالغان ئاكسىنيىگە ھەممە نەرسە يېڭى ۋە ئۆزگىچە كۆرۈنەتتى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئەمما ئاندا - ساندا كۆزىنى تۆۋەن چۈشۈرۈپ، كىرپىكلىرىگە قونغان قىراۋنىڭ يېقىملىق سوغۇقىدىن ھۇزۇرلىنىپ، ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىنى مەپتۇن قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئارزۇسىنىڭ كۈتۈلمىگەندە ئەجەب ئەمەلگە ئېشىپ قالغانلىقىغا كۈلۈمسىرەيتتى، ئۇنىڭ ئارزۇسى گرىگورىي بىلەن بىللە تاتارسكىدىن — ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئەمما شۇنچە كۆپ ئازاب چەككەن يۇرتتىن، ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ئېرى بىلەن زايا قىلىۋەتكەن لەنىتى يۇرتتىن، ھاياتى ئۇنتۇلماس ئېغىر خاتىرىلەر بىلەن تولغان يۇرتتىن يىراق بىر يەرگە كېتىش ئىدى. ئۇ گرىگورىينىڭ يېنىدا بارلىقىنى پۈتۈن ئەزاسى بىلەن ھېس قىلىپ، كۈلۈمسىرەيتتى - دە، بۇ بەختىنىڭ قانداق مۇشەققەت بەدىلىگە قولغا كەلگەنلىكىنى ئەمدى ئويلىمايتتى، شۇنىڭدەك ئاشۇ يىراق - يىراقتىكى تۇمان قوينىدا ياتقان كۆز يەتمەس كەڭ دالا، بىپايان ئۇپۇققا ئوخشاش، كەلگۈسى ئىستىقبالىنىڭمۇ قاپقارا تۇمان بىلەن ئورالغانلىقىنىمۇ ئويلىغۇسى كەلمەيتتى.

پروخور تاسادىپىي ئارقىسىغا قاراپ، ئاكسىنيىنىڭ سوغۇقتىن قىپقىزىل گىلاستەك ئىششىشان كالپۇكلىرىدا ھاياجانلىق تەبەسسۇمنى كۆرۈپ، ئەلىمىگە چىدىماي سورىدى:

— خۇش، نېمە تۈت چىشلىق كېۋەزدەك ھىجىيىسەن؟ ناھايەت يېڭى كېلىنچەكتەك بولغانسەن شۇ! ئۆيۈڭدىن قېچىپ چىق-

قانلىقىڭغا خۇشمۇ سەن؟

— ھە، سەن خۇش ئەمەس دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ — دەپ جاۋاب بەردى ئاكسىنىيە ياڭراق ئاۋاز بىلەن.

— خۇشاللىقنى تېپىپسەن... سەن ئەخمەق ئايال! بۇ سەيرە - تاماشانىڭ نېمە بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقى تېخى نامەلۇم، شۇڭا بالدۇرلا ھىجىيىپ كەتمە، چىشلىرىڭنى ياپ.

— بۇنىڭدىن بەتتەر كۈنگە قالماسمەن.

— سەنلەرگە قارىسام، قۇسقۇم كېلىدۇ...، — پروخور قەھر بىلەن ئاتلارغا قامچا شىلتىدى.

— ئۇنداق بولسا، ئالدىڭغا قارا، ئاغزىڭغا بارمىقىڭنى تىق، — دېدى ئاكسىنىيە كۈلۈپ.

— سېنىڭ يەنە ئەخمەقلىكىڭ ئاشكارا بولدى! مەن دېڭىزغىچە بارمىقىمنى ئاغزىمغا تىقىپ بارامدىمەن؟ ئويلاپ تاپقان گېپىنى قارالا!

— نېمە سەۋەبتىن سېنىڭ قۇسقۇڭ كېلىپ قالدى؟

— ئاغزىڭنى يۇمساڭ بولارمىكىن! ئېرىڭ نەدە؟ سەن بىگانە ئەركەك بىلەن قول تۇتۇشۇپ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىڭنى كىم بىلىدۇ! ئەگەر ستېپان شۇ تاپتا يېزىغا قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇچاغدا قانداق بولىدۇ؟

— بىلىپ قويغىن، پروشا، سەن بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشما، — دېدى ئاكسىنىيە، — ھەقىقەتتە، ساڭا بۇنىڭدىن بەخت - ئامەت يوق.

— سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلار بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم، ئىشلىرىڭغا ئارىلىشىش نېمىگە لازىم بولۇپ قاپتۇ! ئەمما ئۆز پىكرىمنى ئېيتىشقا ھەققىم بارغۇ ياكى سىلەرگە ھارۋىكەش بولۇپ، پەقەت ئاتلار بىلەن سۆزلىشىپ مېڭىشىم كېرەكمۇ؟ يەنە شۇ گەپنى تاپتىڭمۇ! ياق، ئاكسىنىيە، مەيلى ئاچچىقىڭ

كەلسۇن، مەيلى كەلمىسۇن، سېنى كۆك چىۋىق بىلەن ساۋاش كېرەك ئىدى، ساۋىغاندىمۇ، ئۇنىڭنى چىقارغۇزماي ساۋاش كېرەك! سەن مېنى بەخت بىلەن قورقۇتما، ئۇنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئەكىلىۋاتىمەن. مېنىڭ بەختىم ئالاھىدە بەخت، شۇنداق بەختكى، ناخشا دېسە، ناخشا ئېيتمايدۇ، ئۇيقۇ دېسە، ئۇيقۇ بەرمەيدۇ... چۇ، مەلئۇنلار! قەدىمىڭلارنى تېزلىتىپ ماڭساڭلار بولامدۇ، سالپاڭ قۇلاقلار!

گرىگورىي بۇلارنىڭ سۆزىگە كۈلۈمسىرەپ قۇلاق سېلىپ، ئۇندىن كېيىن ئۇلارنى ياراشتۇرماقچى بولدى:

— ھەدېگەندىلا سۆز تاكاللاشماڭلار. ئالدىمىزدا يول ئۇزۇن، تېخى تاكاللىششقا ئۈلگۈرسىلەر. پروخور، سەن نېمىشقا گەپ تەگمىشسەن؟

— شۇنداق گەپ تەگمىشمەن، — دېدى پروخور، قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن، — ياخشىسى ئۇ مەن بىلەن تاكاللاشمىسۇن. مەن شۇنداق ئويلايمەنكى، دۇنيادا خوتۇن كىشىدىن يامانراق نەرسە يوق! بۇلار قىچىشقاق ئوتنىڭ ئۇرۇقى، ئۇكام، مەن ساڭا ئېيتسام خۇدانىڭ ئويلاپ چىقارغان نەرسىسىنىڭ ئەڭ يامىنى — خوتۇن كىشى! ئۇلارنىڭ دۇنيادا كۆزگە چېققان سۆگەلدەك سەت كۆرۈنۈپ تۇرماسلىقى ئۈچۈن، بۇ زىياندىش ئالۋاستىلارنىڭ ھەممىسىنى قۇرۇتۇۋەتكەن بولاتتىم! مەن ھازىر ئۇلارغا شۇنداق ئۆچكى! نېمە كۈلىسەن؟ بىراۋنىڭ بەختسىز-لىكىگە كۈلۈش — ئەخمەقنىڭ ئىشى! مە، تىزگىننى تۇت، مەن بىردەم پەسكە چۈشەي.

پروخور ئۇزاق ۋاقىت پىيادە يۈردى، ئۇندىن كېيىن چانىغا ئورۇنلىشىۋالدى-دە، ئىككىنچى سۆزمۇ قىلمىدى.

بۇلار كارگىنىسكايادا قونىدى. ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقنى

يەپ، يەنە يولغا چۈشتى ـ دە، كەچ كىرگۈچە 60 چاقىرىم يول يۈردى.

قاچقۇنلارنىڭ زور بىر تۈركۈم كارۋان ھارۋىلىرى جەنۇبقا قاراپ تىزىلىپ ماڭغانىدى. گرىگورىي ۋېشېنسكايىا ئايماقىدىن يىراقلاشقانسېرى، ئۇنىڭغا قونالغۇ جاي تېپىش بارغانسېرى قىيىن بولۇپ قالدى. موروزوۋسكايانىڭ قېشىدا دەسلەپكى كازاك ھەربىي قىسملىرى ئۇچراشقا باشلىدى، بار ـ يوقى 30 — 40 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن سان ـ ساناقسىز ھارۋىلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېتىشىۋاتاتتى. كەچكە يېقىن يېزىلار ـ دا ھەممە ئۆي ـ جايلار باس ـ باس بولۇپ كەتتى، ئادەم قونىدىغان جاي تۇگۇل، ئاتلارنى قويۇشقىمۇ ئورۇن تېپىلمايتتى. تاۋرىچانلار ئۇچاستكىلىرىنىڭ بىرىدە گرىگورىي قونۇش ئۈچۈن يەر ئىزدەپ، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ بىكار ئاۋارىچىلىك تارتقاندىن كېيىن كېچىنى لاپاستا ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. شىۋىرغاندا ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىمى تاڭغا يېقىن مۇزلاشقا باشلاپ، ھەر قېتىم مىدىرلىغاندا شىرىقلايتتى. گرىگورىي، ئاكسىنىيە ۋە پروخور تۈن بويى دىگۇدەك ئۇخلىماي چىقتى، پەقەت تاڭ يورۇش ئالدىدىلا ھويلىنىڭ ئارقىسىدا پاخالدىن گۈلخان يېقىپ، ئىسسىنىۋېلىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئاكسىنىيە تازا پىتىنالماي، مۇنداق تەكلىپنى بەردى:

— گرىشا، كۈندۈزنى مۇشۇيەردە ئۆتكۈزسەك قانداق بولار؟ پۈتۈن كېچە سوغۇقتا ئازاپ چېكىپ، تۈزۈك ئۇخلىمىدۇق، ئازراق ھاردۇق ئېلىۋالمايلىمۇ؟

گرىگورىي ماقۇل بولدى. ئۇ تەسلىكتە بىر بوش بۆلۈڭنى تاپتى، كارۋان ھارۋىلار تاڭ ئېتىش بىلەنلا يەنە ئۆز يولىغا يۈرۈپ كېتىشتى، ئەمما 100 دىن ئوشۇق ياردار ۋە كېزىك كېسىلى

بولغان ئادەملەرنى توشۇپ ماڭغان كۆچمە ھەربىي دوختۇرخانا نىمۇ كۆندۈزى دەم ئېلىشقا قىپقالدى.

كىچىككىنە بىر ئۆيدە لاي بىلەن سۇۋالغان پولنىڭ ئۈستىدە توققۇز كازاك ئۇخلاۋاتاتتى. پىروخور تېرە ياپقۇچ بىلەن ئوزۇق - تۈلۈك سېلىنغان قاپنى ئەكىردى، ئىشىكنىڭ تۈۋىگىلا پاخال سالدى، ئۆلۈكتەك ئۇخلاۋاتقان بىر چالىنىڭ پۇتىدىن سۆرەپ بىر چەتكە سىرىپ قويدى - دە، قوپالراق كۆيۈنۈش ئاھاڭىدا:

— يات، ئاكىسىنىيە، ئۇنداق بولمىغاندا، ئەبجەقىڭ چىقىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىسەن، — دېدى.

كەچكە يېقىن ئۇچاستكىغا يەنە ئادەم لىق تولدى. تار كوچىلاردا تاڭ ئاتقۇچە گۈلخانلار يېنىپ تۇردى، كىشىلەرنىڭ ئاۋازى، ئاتلارنىڭ كىشنىشى، چانىلارنىڭ غىچىرلىشى ئاڭلىنىپ تۇردى. تاڭ يورۇش ئالدىدىلا گىرىگورىي پىروخورنى ئويغىتىپ پىچىرلىدى:

— چانىنى قوش، يولغا چىقىش كېرەك.

— نېمانچە بالدۇر؟ — دەپ سورىدى پىروخور ئەسنەپ.

— قولاق سال.

پىروخور ئېگەرنىڭ يۆلەنچۈكىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يىراقتىن غۇۋا ئاڭلىنىۋاتقان زەمبىرەك ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

بۇلار يۇيۇنۇپ، چوشقا مېيىنى يېيىشتى - دە، ئادەم قاينىغان ئۇچاستكىدىن چىقىپ كېتىشتى. تار كوچىلاردا چانىلار قاتار تۇرۇشۇپ كەتكەنىدى، ئادەملەر يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى، تاڭ قاراڭغۇسىدا كىمدۇر بىرى خىرىلداپ ۋارقىرايتتى:

— ياق، بولمايدۇ، ئۇلارنى ئۆزلىرىڭلار كۆمۈڭلار! بىز ئالتە ئادەمگە گۆر قېزىپ بولغۇچە چۈش بولىدۇ!

— گۆر كولاش بىزنىڭ بۇرچىمىزمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئىككىنچى ئادەم خاتىرجەملىك بىلەن.

— ئەلۋەتتە، سىلەر كۆمۈسىلەر! — دەپ ۋارقىرىدى
بايىقى خىرىلدىغان ئاۋاز، — كۆمۈشنى خالىمىساڭلار مەيلى،
قېشىڭلاردا سېسىپ ياتسۇن، مېنىڭ نېمە كارىم!

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، دوختۇر جانابلىرى! ئۆتكۈنچىلەر-
دىن ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى بىز كۆمىدىغان بولساق،
ئۇ چاغدا ئۆلۈك كۆمۈش بىلەن كۈنىمىز كەتمەمدۇ، بەلكى،
ئۆزۈڭلار يىغىشتۇرارسىلەر؟

— بار، يوقال، خۇدادىن بەزگەن مەخلۇق! سېنى دەپ
مەن دوختۇرخانىنى قىزىللارنىڭ قولىغا تاپشۇرامدىمەن؟

گرىگورىي كوچىنى توسۇپ تۇرغان ئات - ھارۋىلارنى
ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

— يائاللا، ئۆلۈكلەرنىڭ ھېچكىمگە كېرىكى يوق ئىكەن...، —
دېدى.

— بۇ يەردە تىرىكلەر بىلەن ھېچكىمنىڭ ئىشى بولمايۋات-
سا، ئۆلۈكلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش نەدە تۇرۇپتۇ، — دېدى پروخور.

دوننىڭ شىمالىدىكى يېزا - كەنتلەرنىڭ پۈتۈن ئاھالىسى جەنۇبقا
قاراپ سىلجىشقا باشلىدى، قاچقۇنلارنىڭ سان - ساناقسىز
كارۋان ھارۋىلىرى تسارتسىن - لىسخايا تۆمۈريولىدىن
ئۆتۈپ، مانىچقا يېقىنلىشىپ كەلگەنىدى. گرىگورىي بىر ھەپتە-
دىن بۇيان يول ئۈستىدە تاتارىسكىلىقلارنى سوراشتۇرۇپ
كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بېسىپ ئۆتكەن يېزىلاردا تاتا-
رىسكىلىقلاردىن ھېچكىم چىقمىدى؛ ئېھتىمال، ئۇلار سولغا قاراپ
مېڭىپ، ئوكرائىنلىقلارنىڭ يېزىلىرىدىن چەتلەپ ئۆتۈپ، كازاك
يېزىلىرى ئارقىلىق ئوبلىۋىسكاياغا كەتكەن ئوخشايدۇ. پەقەت
13 كۈندىن كېيىنلا گرىگورىي يېزىداشلارنىڭ ماڭغان
يولىنى تېپىۋالدى. ئۇ تۆمۈريولىنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن،
يېزىلارنىڭ بىرىدە، ياندىكى ئۆيدە ۋېشېنىسكايالىق بىر كازاك

كېزىك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ياتقانلىقىنى تاسادىپىي ئاڭلاپ قالدى. گرىگورىي بىمارنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بېرىپ پاكار بىر ئۆيگە كىردى ـ دە، پولنىڭ ئۈستىدە ياتقان ئوبىنزوف بوۋاينى كۆردى. گرىگورىي بوۋايدىن تاتارىسكىلىقلارنىڭ بۇ يېزىدىن ئۆلۈشكۈن كەتكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ ئارىسىدا كېزىك كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى، يولدا ئىككىسى ئۆلگەنلىكىنى ۋە بۇ ئوبىنزوف بوۋاينى ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە بۇ يەردە قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

— ئەگەر ياخشىراق بولۇپ قالسام، قىزىل يولداشلار ماڭا رەھىم قىلار، ئۆلتۈرمەس، بىر ئىلاج قىلىپ ئۆيگە بېرىۋالارمەن، ئۇنداق بولمايدىكەن مۇشۇ يەردە ئۆلىمەن. ئۆلۈشكە توغرا كەلسە نەدە ئۆلسەڭ ئوخشاش، ئەجەلنىڭ زەھىرى نەدە بولسىمۇ ئاچچىق...، — دېدى چال گرىگورىي بىلەن خوشلاشقاندا.

گرىگورىي ئاتىسىنىڭ سالامەتلىكىنى سورىغانىدى، ئەمما ئوبىنزوف بۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە دېيەلمەيمەن، چۈنكى مەن ئاخىرقى ھارۋىلارنىڭ بىرىدە كەلدىم، مالاخوف يېزىسىدىن ئارتىپ مەن پانتېلېي پروكوفيېۋىچنى كۆرگىنىم يوق، دەپ جاۋاب بەردى.

كېيىنكى بىر قونالغۇدا گرىگورىينىڭ ئىشى ئوڭىدىن كەلدى: ئۇ بىر كېچە قونۇپ ئۆتۈشنى ئىلتىماس قىلىپ كىرگەن بىرىنچى ئۆيدىلا يۇقىرىقى چىرىسكى يېزىسىدىن بولغان تونۇش كازاكلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار قىسىلىپ قالغانلىقتىن گرىگورىي مەشنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتى. ئۆينىڭ ئىچىدە 15 قاچقۇن كازاك قاتار تىزىلىشىپ ياتاتتى، ئۇلارنىڭ ئۈچى كېزىك كېسىلى بولغان، يەنە بىرى سوغۇق تەگكەن ئادەم ئىكەن. كازاكلار كەچلىك تاماقتا چوشقا مېيى سېلىپ، سۆكتىن بوتقا پىشۇرۇشتى ـ دە، گرىگورىينى ۋە

ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئوچۇق چىراي بىلەن تاماققا تەكلىپ قىلدى. پروخور بىلەن گرىگورىي ئىشتەي بىلەن يېدى، ئاكسىنىيە ئۇنىمىدى.

— قورسىقىڭ ئاچمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى كېيىنكى كۈنلەردە ھېچ سەۋەبسىز ئاكسىنىيىگە بولغان كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، قوپال مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن پروخور ھېسداشلىق بىلەن.

— نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم ئاينىپ تۇرىدۇ...، — ئاكسىنىيە رومىلىنى يەلكىسىگە تاشلاپ، ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

— ئۇ ئاغرىپ قالمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى پروخور گرىگورىيغا قاراپ.

— كىم بىلىدۇ؟ — گرىگورىيمۇ تەخسىدىكى بوتقىنى نېرى سۈرۈپ قويۇپ، ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

ئاكسىنىيە كۆكسىگە قولىنى بېسىپ، پەلەمپەينىڭ يېنىدا تۇراتتى، گرىگورىي ئۇنى قۇچاقلاپ تەشۋىش بىلەن سورىدى:

— نېمە بولدۇڭ، كسيوشا؟

— كۆڭلۈم ئاينىپ، بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ.

— ئۆيگە كىرەيلى، شۇ يەردە يېتىپ دەم ئالارسەن.

— سەن مېڭىپ تۇر، مەن ھازىر كىرىمەن.

ئاكسىنىيىنىڭ ئاۋازى جاراڭسىز، زەئىپ ئىدى، ھەرىكىتى سۇس كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىسسىق ئۆيگە كىرگەندە گرىگورىي ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ، ئىككى مەڭزىنىڭ ئوتتەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى، كۆزلىرىنىڭ شۈبھىلىك پارقىراپ تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى. گرىگورىينىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، دەككە-دۈككە ئىچىدە قالدى: ئاكسىنىيىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى روشەن ئىدى. تۈنۈگۈن ئاكسىنىيىنىڭ توڭلاپ تۇرىمەن، بېشىم ئايلىنىۋاتىدۇ، دېگىنى گرىگورىينىڭ ئېسىگە چۈشتى، تاڭ ئېتىش

ئالدىدا ئاكسىنىيە شۇنداق تەرلىگەنىدىكى، گەجگىسىدىكى بىر تۇتام جىڭگىلىك چاچلىرى خۇددى باش يۇغاندىكىدەك ھۆل بولغانىدى؛ گرىگورىي بۇنى تاڭ سەھەردە ئۇيقۇدىن تۇرغاندىلا بايقىغانىدى، شۇندىن كېيىن ئۇخلاۋاتقان ئاكسىنىيىدىن ئۇزاقچە كۆزىنى ئالمىدى ۋە ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشنى خالىمىدى.

ئاكسىنىيە يول ئازابىغا مەردانە چىدىغانىدى، ھەتتا پروخور كۆپ قېتىم زارلىنىپ: «سوقۇش دېگەن بىر بالا بولدىغۇ، ئۇنى كىم ئويلاپ چىقارغان بولغىيدى؟ پۈتۈن كۈن يۈرسەن، كەلسەڭ قونىدىغان جاي يوق، قاچانغىچە سەرگەردان بولۇپ يۈرىدىغانلىقىمىز نامەلۇم» دېگەندە ئۇنى تېتىكلەشتۈرگەنىدى. ئەمما بۈگۈن ئاكسىنىيىمۇ چىدىيالمىدى. كېچىسى ئۇخلاشقا ياتقان چاغدا ئۇ گرىگورىيغا يىغلاۋاتقاندەك كۆرۈندى.

— نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ پىچىرلاپ، — بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

— مەن ئاغرىپ قالدىم... ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ مېنى تاشلاپ كېتەمسەن؟

— مانا، تەنتەك دېگەن شۇ! قانداقمۇ تاشلاپ كېتەرمەن سېنى؟ يىغلىما. بەلكى، يولدا ساڭا سوغۇق تەگكەندۇر، شۇنىڭغىمۇ قورقتۇڭمۇ.

— گرىشىنكا، بۇ — كېزىك!

— بىكار گەپ قىلما! ھېچقانداق ئالامىتى كۆرۈنمەيدۇ؟ پېشانەڭ سوغۇق تۇرىدۇ، كېزىك بولماسلىقىمۇ مۇمكىن، — گرىگورىي تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاكسىنىيىنىڭ تاشما كېزىك كېسىلى بولغانلىقىغا كۆڭلى ئەمىن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەگەر ئۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالسا، ئۇنى قانداقمۇ قىلارمەن، دەپ بېشى قېتىپ ئويلىنىپ كەتتى.

— ئۇھ، بۇ ئەھۋالدا يۈرسەم ماڭا قىيىن! — دەپ پىچ-
چىرلىدى ئاكسىنىيە گرىگورىيغا مەھكەم سۈركىلىپ، — قارىغىنا،
قونالغۇ جايلاردا خەلق شۇنداق كۆپ! بىز پىتلارغا يەم بولمى-
مىز، گرىشا! ئىچ كىيىملىرىمنى ياقىدىغانغا جاي يوق، ئەتراپىم-
دا تامامەن ئەر كىشى... تۈنۈگۈن مەن سارايغا چىقىپ، كى-
يىملىرىمنى يەشتىم، كۆڭلەكتىكى پىتلارنىڭ كۆپلۈكى... يارەب-
بىم، مەن مۇنداق دەھشەتلىك ئىشنى ئەزەلدىن كۆرگەن
ئەمەسمەن! ئۇلار ئىسىمگە كەلسىلا قۇسقۇم كېلىدۇ، ھېچ نەرسە
يېگۈم كەلمەيدۇ... تۈنۈگۈن سەن ھېلىقى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا
ئۇخلىغان چالنى پىت بېسىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈڭمۇ؟ چەكمە-
نىنىڭ ئېچىدا ئۆمىلەپ يۈرىدۇ.

— سەن ئۇنى ئويلىما! ئۇنى سۆزلەشنىڭ نېمە ھاجىتى
بار! پىت بولسا — بولىۋەرمەمدۇ، ھەربىي خىزمەتچىلەر ئۇنى
ساناپ تۇرمايدۇ، — دەپ پىچىرلىدى گرىگورىي زەردە بىلەن.

— مېنىڭ پۈتۈن ئەزايىم قىچىشىۋاتىدۇ.

— ھەممە ئادەمنىڭ قىچىشىدۇ، ھازىر بۇنىڭغا نېمە چارە؟
چىداپ تۇر. يېكاتېرىنودارغا بارغاندا، مۇنچىغا چۈشەرمىز.

— ھازىر پاكىز كىيىم كىيەلمەيسەن، — دېدى ئاكسىنىيە
خورسىنىپ، — بىزنى پىت تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغان بولدى، گرىشا!

— ئۇخلا، ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىمىزغۇ.

گرىگورىي ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. ئاكسىنىيىمۇ ئۇخلىمى-
دى. ئۇ جۇۋىنىڭ ئىچىدىكى بىلەن بېشىنى يۆركەپ، بىرنەچچە
قېتىم پىخىلداپ كۆز يېشى قىلىۋالدى، شۇندىن كېيىن ئۇزاققى-
چە ئىڭىناپ، ئۇھ، تارتىپ چىقتى، پەقەت گرىگورىي ئۇنىڭغا
ئالدىنى قىلىپ قۇچاقلىغاندىلا، ئاندىن ئۇيقۇغا كەتتى. يېرىم
كېچە بولغاندا گرىگورىي ئىشىكنىڭ قاتتىق تاقىلدىشىدىن
ئويغىنىپ كەتتى. بىرى ئىشىكنى ئىتتىرىپ، قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ۋېنى ئېچىڭلار! بولمىسا ئىشىكنى سۇندۇرۇۋېتىمىز! لەنتىلەر، ھەممىسى ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كېتىپتۇ!...

ياشىنىپ قالغان ياۋاش ئۆي ئىگىسى كازاك دالانغا چىقىپ سورىدى:

— كىم بۇ؟ سىلەرگە نېمە كېرەك، ئەگەر قونۇشقا كەلگەن بولساڭلار، بىزدە ئورۇن يوق، ئۆيدە لىق ئادەم، قىمىرلىغۇدەك جايمۇ يوق.

— ئاچ دەۋاتىمىز ساڭا! — دەپ ۋارقىراشتى ئىشىكنىڭ تېشىدىكىلەر.

بەش قوراللىق كازاك ئىشىكنى لەڭ ئېچىپ، دالان ئۆيگە بېسىپ كىردى.

— ئۆيۈڭدە قونغانلار كىم؟ — دەپ سورىدى سوغۇقتىن چۈيۈندەك قارىيىپ كەتكەن بىرى، ئۇششۇگەن لەۋلىرىنى ئاران مىدىرلىتىپ.

— قاچقۇنلار، خۇش، سىلەر كىم؟

ئۇلارنىڭ بىرى سۆزگە جاۋاب بەرمەستىنلا ئىچكىرىكى ئۆيگە گۈس - گۈس دەسسەپ كىرىپ توۋلىدى:

— ھەي، سەنلەرنى! قاتار يېتىشىپ كەتكىنىنى قاراڭ! بۇ يەردىن دەرھاللا كېتىڭلار! بۇ يەرگە ئەسكەر چۈشىدۇ. تۇرۇڭلار، تېز تۇرۇڭلار! چاپسان بولۇڭلار، بولمىسا ھازىرلا ھەيدەپ چىقىرىمىز!

— سەن كىم، نېمىگە ۋارقىرايسەن؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي چالا ئۇيقۇلۇق خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن، شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئورنىدىن تۇردى.

— كىملىكىمنى ساڭا ھازىرلا كۆرسىتىپ قويىمەن! — كازاك گرىگورىي تەرەپكە بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ كەلدى.

كىرسىن چىراقنىڭ خىرە يورۇقىدا قولىدىكى تاپانچىنىڭ ئاغزى غۇۋا پارقىرىدى.

— ئۆزۈڭ چاققان يىگىت ئىكەنسەن ...، — دېدى گرىگورىي مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — قېنى، ھۈنىرىڭنى كۆرسەتكىنە! — ئۇ كازاكنىڭ بېغىشىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىپ، قولىنى شۇنداق قاتتىق سىقتىسكى، كازاك ۋاي - ۋايلاپ قولىنى قويۇۋەتتى. تاپانچا تېرە تۆشەكنىڭ ئۈستىگە پاققىدە چۈشتى. گرىگورىي كازاكنى ئىتتىرىۋېتىپ، چاققانلىق بىلەن ئېڭىشىپ، تاپانچىنى ئالدى - دە، ئۇنى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ، خاتىرجەملىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— خۇش، ئەمدى بىز سۆزلىشەيلى. سەن قايسى قىسىمدىن؟ ساڭا ئوخشاش زەبەردەس يىگىتلەردىن نەچچەيلەن كەلدىڭلار؟

كازاك بۇ ئۇشتۇمتۇتلۇقتىن ئۆزىنى ئوڭشاپ ۋارقىرىدى:

— ھەي يىگىتلەر، بۇ ياققا كېلىڭلار!

گرىگورىي ئىشىك تەرەپكە يېقىنلىشىپ كېلىپ، بوسۇغىدا توختاپ ئىشىكنىڭ يانىياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ دېدى:

— مەن 19 - دون پولكىنىڭ بۆلۈنمە كوماندىرىمەن. ئاستىراق گەپ قىل! چۇقان كۆتۈرمە! كىم ئۇ، ھۆركىرەپ گەپ قىلغان؟ نېمە قىلغىنىڭلار بۇ، سۆيۈملۈك يۇرتداشلار؟ جاڭجال چىقارماقچىمۇسىلەر؟ كىمنى ھەيدەپ چىقارماقچىسىلەر؟ سىلەرگە مۇنداق ھوقۇقنى كىم بەرگەن؟ قېنى، ئارقاڭلارغا قاراپ مارش!

— سەن نېمە ۋارقىرايسەن؟ — دېدى بىر كازاك ياڭراق ئاۋاز بىلەن، — بىز تالاي يۈزبېشىنى كۆرگەن! بىز قورۇدا قونساق بولامتى؟ بىنانى بوشىتىڭلار! بىزگە بارلىق قاچقۇنلارنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار دەپ بۇيرۇق بېرىلگەن، چۈشەندىڭلارمۇ؟

بۇنى قارا، چۇقان كۆتۈرگىنىنى! بىز سىلەردەكلەرنى كۆپ كۆرگەن!

گرىگورىي سۆزلىگۈچىنىڭ قېشىغا تاقىلىپ كېلىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ دېدى:

— سەن مۇنداقلارنى تېخى كۆرگىنىڭ يوق. يالغۇز بىر ئۆزۈڭدىن ئىككى ئەخمەق ياساپ بېرەيمۇ؟ ئاشۇنداق قىلىش قولۇمدىن كېلىدۇ. سەن ئارقاڭغا چېكىنمەي تۇر. بۇ مېنىڭ ناگىنىم ئەمەس، سىلەردىن تارتىۋالغان تاپانچا. مە، ئال، يولدىشىڭغا بەر، مەندىن تاياق يېمەس چاغدا، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىڭلار، ئۇنداق بولمىغاندا سىلەرنى يۈكدەك تىتىپ تاشلايمەن! — گرىگورىي كازاكنى مۇنداقلا ئايلاندۇرۇپ، ئىشىك تەرەپكە ئىتتىرىۋەتتى.

— بۇنىڭ ئەدەبىنى بېرەيمۇ؟ — دەپ سورىدى تۆگە يۈكىدىن توقۇلغان يالاڭ قۇلاقچى بىلەن يۈزىنى ئورىۋالغان زەبەردەست كازاك ئويغا چۆمۈپ. ئۇ گرىگورىينىڭ ئارقىسىدا ئاستى چەملەنگەن يوغان پىيمىسىنى غىچىرلاتقان ھالدا تېپىرچىلاپ، دىققەت بىلەن قاراپ تۇراتتى.

گرىگورىي ئۇنىڭغا قايرىلدى - دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي مۇشتىنى تۈگدى، ئەمما كازاك قولىنى كۆتۈرۈپ، مۇلايىملىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ماڭا قارا، جانابىي ئالىي، بەلكى، سېنى شۇنداق دەپ ئاتايدىغاندۇر، توختاپ تۇر، مۇشت كۆتۈرمە! بىز جاڭجاللاشمايمىز، كېتىمىز. ئەمما سەن ھازىرقى چاغدا كازاكلارغا ئۇنچىلىك تەھدىت سالما. 1917 - يىلدىكىدەك جىددىي پەيت يەنە كېلىپ قالدى. ئەگەر سەن بىردىر قارام ئادەملەرگە دۇچ كېلىپ قالساڭ، ئۇلار يالغۇز بىر ئۆزۈڭدىن ئىككى ئەخمەقنى ئەمەس، بەش ئەخمەقنى ياسايدۇ! بىز سېنىڭ قەيسەر ئوفىتسېر

ئىكەنلىكىڭنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، گەپ - سۆزۈڭگە قارىغاندا، ئۆز بۇرادىرىمىزدەكسەن، شۇڭا سەن ئۆزۈڭنى يوختىراق تۇت، ئۇنداق بولمىغاندا، بېشىڭغا بالا تېپىۋالىسەن...

ھېلىقى گرىگورىي تاپانچىسىنى تارتىۋالغان كازاك ئاچ- چىقى بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئۇنىڭغا ئوقۇغان مەدھىيەڭمۇ يېتەرا يۇر، ياندىكى ئۆيگە بارايلى، — ئۇ ئالدىدا ئۆزى ئىشىككە قاراپ ماڭدى - دە، گرىگورىينىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، ئۆكۈنۈش بىلەن دېدى:

— جانابىي ئوفىتسېر، بىز سەن بىلەن ياقىلىشىشنى خالى- مايمىز، ئۇنداق بولمىغاندا سېنى چوقۇندۇرغان بولاتتۇق.

گرىگورىي نەپرەت بىلەن ئاغزىنى قىيسايتۇردى:

— سەنمۇ تېخى، چوقۇندۇردىغان؟ ماڭ، يۈگۈر، مەن ئىشتىنىڭنى سالدۇرۇۋېلىشتىن بۇرۇنراق ئاستا كېتىۋال! چوقۇن- دۇرىدىغان كىشى چىقىپ قالدى! ئىست، تاپانچىنى بىكار قايتۇ- رۇپ بېرىپتىمەن، ساڭا ئوخشاش ئۆكتەملەرگە تاپانچا ئېسىشنى نېمە قويۇپتۇ، قوينىڭ تاغىقىنى ئېسىش كېرەك!

— يۈرۈڭلار، يىگىتلەر، ئۇزۇنغا چىقسۇنا، ئاشۇ نەرسە!

— ئۇنىڭغا تەگمەيلى، — سېسىقى چىقمىسۇن! — دېدى سۆزگە ئارىلاشماي تۇرغان بىر كازاك ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈپ.

كازاكلار تىللىغان پېتى مۇزلىغان ئۆتۈكلىرىنى تورۇك - تورۇك دەسسەپ، دەھلىزگە چىقىپ كېتىشتى. گرىگورىي ئۆي ئىگىسىگە جىددىي بۇيرۇق قىلدى:

— بۇندىن كېيىن ئىشىكنى ئاچقۇچى بولما! ئىشىكنى قېقىپ - قېقىپ كېتىشىدۇ، ئەگەر كەتمىسە مېنى ئويغات.

ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتكەن يۇقىرىقى چىرامق-

لار ئاستا بىر ـ بىرى بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدى:
— ئىنتىزامىنىڭ بۇزۇلغىنىنى قارىماسەن! — دېدى قىپ-
رىلارنىڭ بىرى غەمكىن ئۇھ تارتىپ، — ئىتنىڭ باللىرى، ئوفىتسېر بىلەن تەڭ تۇرۇپ سۆزلىشىۋاتىدۇ... بۇرۇنقى چاغدا نەدە بۇنداق ئىش بولسۇن! ئۇنداقلار كاتورگا ئەمگەككە سۈرگۈن قىلىنغان بولاتتى!

— سۆزلەشسىغۇ ھېچ گەپ ئەمەس! قاراپ تۇرسام، مۇشت كۆتۈرمەكچى بولۇشتىغۇ! «بۇنىڭ ئەدەبىنى بېرەيمۇ؟» — دېدى بىرى، ھېلىقى يالاڭ قۇلاقچا كىيگەن تومپاي كۆتەك. ئەبلەخلەر ئاشۇنداق قارام بولۇپ قېلىشقان!

— سەن ئۇلارنىڭ ئاشۇ قىلمىشلىرىنى كەچۈردەمسەن، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ؟ — دەپ سورىدى كازاكلارنىڭ بىرى.

گرىگورىي شىنېلىغا پۈركۈنۈپ، بۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە ئۇچۇق چىراي كۈلۈمسىرەش بىلەن قۇلاق سالغاندىن كېيىن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئۇلاردىن نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن؟ ئۇلار ھازىر ھەممە نەرسىدىن قول ئۈزگەن، ھېچكىمگىمۇ بويسۇنمايدۇ؛ ئۇلار شايكا بولۇۋالغان، كوماندىرلىرى يوق، ئۇلارنى كىم سورايدۇ، كىم باشلىق؟ كىم كۈچلۈكرەك بولسا، شۇ باشلىق. ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ قىسىملىرىدا بىرمۇ ئوفىتسېر قالمىغان بولۇشى مۇمكىن. مەن شۇنداق بۆلۈنمىلەرنى كۆرگەنمەن، باشسىز، ئۈستىدە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان كىشىسى يوق! خوپ، ئەمدى ئۇخلايلى.

ئاكسىنىيە ئاستا پىچىرلىدى:

— گرىشا، سەن ئۇلار بىلەن نېمىشقا گەپ تەگىشىسەن؟ بۇنداق ئادەملەر بىلەن تەڭ بولما، خۇدا ھەققى! بۇنداق تەلۋىلەر ئادەم ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن.

— ئۇخلا، ئۇخلا، ئەتە ئەتىگەن تۇرىمىز. خوش، دۈزۈڭ

قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟ ياخشىلانغاندەك تۇرامسەن؟

— بۇرۇنقىدەك.

— بېشىڭ ئاغرىمدۇ؟

— ئاغرىيدۇ. ئەمدى ئورنۇمدىن تۇرالمايدىغان ئوخشايمەن...

گرىگورىي ئاكسىنيەنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ بېقىپ خۇرسەندى:

— بەدىنىڭ تونۇردەك قىزىپ كېتىپتۇ. ھېچ ۋەقەسى يوق، قورقما! سەن ساغلام ئايال، ساقىيىپ كېتىسەن.

ئاكسىنيە ئۈنچىقمىدى. ئۇ ئۇسساپ تۇراتتى. بىر نەچچە قېتىم ئاشخانىغا كىرىپ، ئىلمان بولۇپ قالغان بىمەززە سۇنى ئىچكەنلىكتىن كۆڭلى ئاينىپ، بېشى ئايلاندى - دە، يەنە جايىغا كېلىپ ياتتى.

كېچىچە يەنە تۆت تۈركۈم ئادەم ياتاق ئىزدەپ كەلدى. ئۇلار مىلتىقنىڭ قونداقى بىلەن ئىشىكنى تاقىلدىتىشتى، دېرىزە قاپقاقلىرىنى ئېچىپ، ئەينەكنى چېكىشتى، پەقەت ئۆي ئىگىسى گرىگورىينىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە دەھلىزدە تۇرۇپ تىللاپ، «بۇ يەردىن كېتىش! بۇ ئۆيگە بىرىگادا شتابى جايلاشقان!» — دەپ ۋارقىرىغاندىن كېيىنلا كېتىشتى.

تاڭ ئاتقاندا پروخور بىلەن گرىگورىي ئاتلارنى چانىغا قوشتى. ئاكسىنيە تەسلىكتە كىيىنىپ تالاغا چىقتى. كۈن چىقىۋاتاتتى. تۇرخۇنلاردىن زەڭگەر تۈتۈن كۆك ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. ئاستى تەرىپى قۇياش نۇرىدا يورۇغان بىر پارچە بۇلۇت ئاسماننىڭ قەرىدە قىزىرىپ تۇراتتى. قاشا تاملارغا، سارايىنىڭ ئۆگزىلىرىگە قېلىن قىراۋ چۈشكەن، ئاتلارنىڭ دۈمبىسىدىن ھور كۆتۈرۈلەتتى.

گرىگورىي ئاكسىنيەنى چانىغا ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ سورىدى:

— يانپاشلاپ ياتساڭ بولارمىكىن؟ شۇنداق قىلساڭ ئەپلىكرەك بولىدۇ.

ئاكسىنىيە ماقۇللاپ بېشىنى لىڭشىتتى. گرىگورىي ئۇنىڭ پۇتلىرىنى غەمخورلۇق بىلەن چۆمكەۋاتقاندا ئاكسىنىيە گرىگورىيغا ئۇنچىقماستىن مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ قويۇپ، كۆزىنى يۇمدى.

چۈشتە، چوڭ يولدىن ئىككى چاقىرىم نېرىغا جايلاشقان نوۋومىخايلوۋسكى يېزىسىدا ئاتقا يەم بېرىشكە توختىغاندا ئاكسىنىيە چانىدىن تۇرالماي قالغانىدى، گرىگورىي ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۆيگە ئەكىردى ـ دە، ساھىبخان ئايال مېھماندوستلۇق بىلەن تەكلىپ قىلغان كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزدى.

— تازا ياخشى بولالمايۋاتامسەن، مېھرىبانىم؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي چىرايى ئۆڭگەن ئاكسىنىيگە ئېگىلىپ قاراپ.

ئاكسىنىيە كۆزىنى تەسلىكتە ئاچتى، خىرە بېقىش بىلەن بىر قاراپ قويۇپ، يەنە يېرىم ھوشسىزلىققا چۈشۈپ قالدى. گرىگورىي تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىدىن رومىلىنى ئالدى. ئاكسىنىيىنىڭ ئىككى مەڭىزى مۇزدەك سوغۇق ئىدى، پېشانىسى ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇراتتى، چېكە چاچلىرىدىكى تەر تامچىلىرى مۇزلىغانىدى. كەچ كىرىش ئالدىدا ئاكسىنىيە ھوشىدىن كەتتى. شۇنىڭ ئالدىدا سۇ سوراپ، پىچىرلىدى:

— ماڭا پەقەت سوغۇق قار سۈيى بېرىڭلار، — بىردەم ئۈنچىقمىدى، ئاندىن يەنە ئېنىق سۆزلىدى، — گرىشانى چاقىرىڭلار.

— مەن مۇشۇ يەردە، نېمىنى خالايسەن، كىسيوشا؟ — گرىگورىي ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، تارتىنچاقلىق بىلەن چالا - چۇلا سىيلاپ قويدى.

— مېنى تاشلاپ كەتمە، گرىشىنكا!
— تاشلىمايمەن. نېمىشقا بۇنداق بولمىغۇر گەپنى قىلىسەن؟
— مېنى يات يۇرتقا تاشلاپ كەتمە... مەن مۇشۇ يەردە ئۆلىمەن.

پروخور سۇ ئەكىلىپ بەردى. ئاكسىنيە قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى مىس كۇرۇشكىنىڭ لېۋىگە چاققانلىق بىلەن يېپىشتۇرۇپ، بىرنەچچە يۇتۇم سۇ ئىچتى ـ دە، ئىھ ـ ئىھلاپ بېشىنى موككىدە ياستۇققا قويدى. بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۇ جۆيلۈپ بىرنېمىلەرنى دېدى، بېشىدا ئولتۇرغان گرىسگورىي، «كىر يۇيۇش كېرەك... كۆك سىنكا تاپ... تېخى بالدۇر...» — دېگەن بىرنەچچە سۆزنى ئۇقتى. ئەمدى چۈشىنىكسىز پىچىرلىغىلى تۇردى. پروخور بېشىنى چايقاپ، تەنە بىلەن دېدى:

— مەن ساڭا ئۇنى يولغا ئېلىۋالمايلى، دېمىدىممۇ! خوش، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئەمدى جازاسىنى تارتىۋاتىمىز، خۇدا بەرھەق! مۇشۇ يەردە قونامدۇق؟ سەن گاسمۇ؟ مۇشۇ يەردە قونامدۇق ياكى يولىمىزغا مېڭىۋېرەمدۇق؟ دەپ سوراۋاتىمەن.

گرىگورىي ئۈنچىقمىدى. ئۇ مۈكچىيىپ، ئاكسىنيىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىدىن كۆزىنى ئالمايتتى. مۇئامىلىسى ياخشى ئۇچۇق چىراي ساھىبخان ئايال ئاكسىنيىنى كۆزى بىلەن كۆرسىتىپ، پروخوردىن ئاستا سورىدى:

— مۇنىۇ كىشىنىڭ ئايالىمۇ؟ بالىلىرىمۇ بارمۇ؟
— بالىلىرىمۇ بار، ھەممىسى بار، پەقەت ئامىتىمىز يوق، — دەپ غودۇڭشىپ قويدى پروخور.

گرىگورىي ھويلىغا چىقىپ، چانىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۇزاققىچە تاماكا چەكتى. ئاكسىنيىنى يېزىدا قالدۇرۇپ كېتىش لازىم بولۇپ قالدى، چۈنكى بۇنىدىن كېيىن سەپەردە يۈرسە،

هاياتي ئاخىرلىشىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ نەرسە گرىگورىيغا روشەن ئىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ، يەنە كارىۋاتنىڭ قېشىدا ئولتۇردى.

— قونامدۇق، قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى پروخور.

— ھە، بەلكى، ئەتىمۇ توختاپ تۇرىدىغاندەك قىلىمىز.

كۆپ ئۆتمەي ئۆي ئىگىسى كەلدى، بۇ پاكار، نىمجان مۇژىك بولۇپ، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان مۇغەمبەر ئادەم ئىدى. ئۇ ياغاچ ئايىغىنى (بىر پۇتى تىزىدىنلا يوق ئىدى) توكۇلدىتىپ، شىرەنىڭ يېنى بىلەن بىردەم ئاقساقلاپ ئۆتۈپ، كىيىمىنى يەشتى، پروخورغا كۆز قىرى بىلەن ھومىيىپ قاراپ:

— ئاللاتائالا يەنە مېھمان بەرگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى - دە، جاۋاب كۈتمەستىنلا خوتۇنىغا بۇيرۇق قىلدى، — تېزرەك يەيدىغان نەرسە بەرسەڭچۇ، ئىتتەك ئاچ قالدىم!

ئۇ ئاچكۆزلۈك بىلەن ئۇزاق تاماق يېدى. چاشقان كۆزلىرى بىلەن پات - پات پروخورغا ۋە مىدىرلىماي ياتقان ئاكسىنىيىگە قاراپ قوياتتى. ئىچكىرىكى ئۆيدىن گرىگورىي چىقىپ، خوجايىن بىلەن تىنچلىق سوراشتى. خوجايىن ئۈنچىقماي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، سورىدى:

— چېكىنىۋاتامسىلەر؟

— چېكىنىۋاتىمىز.

— ئۇرۇش قىلىپ بولدۇڭلارمۇ، جانابىي ئالىي؟

— شۇنداقىراق.

— مۇنۇ ياتقان ئايالىڭىزمۇ؟ — خوجايىن باش ئىشارىتى بىلەن ئاكسىنىيىنى كۆرسەتتى.

— ئايالىم.

— نېمىشقا ئۇنى كارىۋاتقا ياتقۇزدۇڭ؟ ئۆزىمىز نەدە ئۇخلايمىز؟ — دېدى ئۇ خوتۇنغا نارازىلىق بىلەن قاراپ.
— ئۇ ئاغرىق ئىكەن، ۋانە، ئىچىم ئاغرىدى.
— ئىچىم ئاغرىدى! ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىچ ئاغرىتىپ تۈگىتەلمەيسەن، كۆرمىدىڭمۇ بۇنداق ئادەمنىڭ كۆپلۈكىنى! بىزنى قىسىپ قويىدىكەن، جانابىي ئالىي...
گرىگورىي شۇ ئەھۋالغا چۈشتىكى، ئۆي ئىگىلىرى بىلەن سۆزلەشكەندە سۆز ئاھاڭىدىن شۇ كەمگىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر يالۋۇرۇش، يىلىنىش چىقىپ تۇراتتى، ئۇ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۆتۈنۈش قىلدى:
— ھەي، ياخشى كىشىلەر! ئېيسا مەسىھ ھەققى، مېنى غەم - غۇسسىدىن خالاس قىلىڭلار! ئەمدىكى سەپىرىمىزدە بۇ ئايالنى ئەكىتەلمەيمىز، ئۆلۈپ كېتىدۇ، رۇخسەت قىلىڭلار، ئۇ سىزلەرنىڭكىدە قالسۇن. بېقىش ھەققى ئۈچۈن قانچە دېسەڭلار تۆلەيمىز ۋە ياخشىلىقىڭلارنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمىز... ياق دېمەڭلار، رەھىم قىلىڭلار!
ئۆي ئىگىسى باشتا بىمارغا قاراشقا ۋاقتىمىز يوق، ئۆيىمىز تار دېگەننى باھانە قىلىپ ھەرگىز ئۇنىمىدى،كېيىن چۈشلۈك تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:
— ئەلۋەتتە، بىمارنى ھېچكىم بىكارغا كۈتمەيدۇ. سىز كۈتۈش ھەققى ئۈچۈن قانچە بېرىسىز؟ بىزنىڭ ئەجرىمىزگە قانچە بەرسەم مۇۋاپىق بولىدۇ، دەپ ئويلايسىز؟
گرىگورىي يانچۇقىدىن بار پۇلنى ئېلىپ، خوجايىنغا سۇندى. خوجايىن بىر باغلام دون ئاقچىسىنى ئىككىلەنگەن ھالدا قولىغا ئېلىپ، بارماقلىرىنى تۈكلۈكى بىلەن نەمدەپ ساناپ چىققاندىن كېيىن سورىدى:
— سىزدە نىكولاي ئاقچىسى يوقمۇ؟

— يوق.

— بەلكى، كېرېنىسكى ئاقچىسى باردۇر؟ بۇ پۇلىڭىز تولىمۇ ئىشەنچىسىز...

— كېرېنىسكى ئاقچىسىمۇ يوق. خالىسىڭىز ئېتىمنى قويۇپ كېتەي.

ئۆي ئىگىسى ئۇزاق ئويلاپ كۆرۈپ، كېيىن بوشىشىپ جاۋاب بەردى:

— ياق. مەن ئاتنى، ئەلۋەتتە، ئالغان بولاتتىم، دېھقانچىلىقتا ئات بىزگە تازا لازىم بولاتتى، ئەمما ھازىرقى چاغدا بۇ نەرسە توغرا كەلمەيدۇ، ئاقلار ئالمىسىمۇ، قىزىللار بەربىر ئەكېتىدۇ، شۇڭا پايدىلىنالماي قالىمەن. مېنىڭ بىر چولاق بايتىلىم بار، شۇنىمۇ قايسى كۈنى يېتىلەپ كېتەركىن دەپ، يۈرىكىم قالمىدى، — خوجايىن بىرئاز ئويلىنىپ ئولتۇردى-دە، ئۆزىنى ئاقلىغاندەك قوشۇپ قويدى، — سىز مېنى پۇلغا كۆزى تويمايدىغان ئادەم ئىكەن دەپ ئويلاپ قالماڭ، خۇدا ساقلىسۇن! ئەمما ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆرۈڭ، جانابىي ئالىي! ئايالىڭىز بىر ئاي ياتىدۇ ياكى كۆپرەك يېتىشى مۇمكىن، شۇ جەرياندا ئۇنىڭغا تىنىمسىز ئۇنى ئەكىلىپ بېرىش، بۇنى ئەكىتىش كېرەك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورسىقىنى بېقىش لازىم، نان، سۈت، تۇخۇم، گۆش قاتارلىق نەرسە كېرەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى پۇلغا كېلىدۇ ئەمەسمۇ، ئېيتقىنىم توغرىمۇ؟ تېخى ئۇنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇش ۋە ئۆزىنى يۇيۇندۇرۇش كېرەك ۋە باشقا شۇنداق ئىشلار بار... مېنىڭ ئايالىمنىڭ ئائىلىدە قىلىدىغان ئىشلىرى كۆپ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنى يېنىدا تۇرۇپ كۈتۈش كېرەكقۇ. بۇ ئاسان ئىش ئەمەس! ياق، سىز پىششىقلىق قىلماڭ، يەنە بىرنەرسە قوشۇپ بېرىڭ. مەن مەجرۇھ ئادەمەن، كۆرۈپ تۇرۇپسىز — بىر پۇتۇم يوق، مەن-

دىن قانداق ئوقەتچى، ئىشلەمچى چىقسۇن؟ خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلىپ، بىر ئامال قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىمىز...
گرىگورىينىڭ زەردىسى قايناپ مۇنداق دېدى:
— مەن پىخسىقلىق قىلىۋاتقىنىم يوق، مەن كۆڭۈلچەك ئادەم. ھەممە پۇلۇمنى ساڭا بەردىم. مېنىڭ پۇلسىزمۇ كۈنۈم ئۆتىدۇ. مەن ساڭا يەنە نېمە بەرسەم بولار؟
— شۇنداق قىلىپ، سىز ھەممە پۇلىڭىزنى بەردىڭىزمۇ؟— دېدى ئۆي ئىگىسى ئىشەنمەسلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — سىزنىڭ ماتاشىڭىزغا قارىغاندا پۇل دېگەن سومكا - سومكا بولۇشقا تېگىش.
— سەن گەپنى ئوچۇقلا قىلساڭچۇ، — دېدى گرىگورىي چىرايى ئۆڭۈپ، — بىمارنى ئۆيۈڭلاردا ئېلىپ قالامسىلەر— يوق؟
— ياق، سىز بۇنداق ھېسابلىشىپ ئولتۇرسىڭىز، ئۇنى ئېلىپ قېلىشىمىزغا ھېچقانداق ئاساس يوق، — ئۆي ئىگىسىنىڭ ئاۋازىدىن رەنجىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، — بۇمۇ ئاددىي ئىش ئەمەس... ئوفىتسېرنىڭ ئايالى، ئۇنداق بوپتىمۇ، مۇنداق بوپتۇ دەپ قوشنىلار ئاڭلايدۇ، سىلەرنىڭ كەينىڭلاردىن يولداشلار كېلىدۇ، بۇلارمۇ ئاڭلاپ سۈرۈشتە قىلىدۇ... ياق، بۇنداق ئەھۋالدا ئەكەتسەڭلار، بەلكى، قوشنىلارنىڭ بىرەرى ماقۇل بولۇپ ئېلىپ قالار، — ئۇ كۆزى قىيىلغان چىراي بىلەن پۇلنى گرىگورىيغا قايتۇرۇپ بەردى، يانچۇقىدىن خالتىسىنى ئېلىپ، تاماكا ئوراشقا باشلىدى.
گرىگورىي شىنېلىنى كىيىپ، پروخورغا:
— ئاكسىنىينىڭ يېنىدا تۇرۇپ تۇر، مەن چىقىپ ئۆي ئىزدەيمەن، — دېدى.
ئۇ ئاللىقاچان ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتقاندا، ئۆي ئىگىسى ئۇنى توختاتتى:

— توختاپ تۇرۇڭ، جانابىي ئالىي، نېمە ئالدىرايسىز؟ سىز مېنى بىمار ئايالغا كۆيۈنمەيدۇ دەپ ئويلامسىز؟ بەك كۆيۈنىمەن، ئۆزۈممۇ ئەسكەرلىكتە بولغان، سىزنىڭ ئۇنۋانىڭىز ۋە ئورنىڭىزغا ھۆرمەت قىلىمەن، مۇنۇ ئاقچىغا بىرنەرسە قوشۇپ بېرەلمەمسىز؟

بۇ چاغدا پروخور چىداپ تۇرالمىدى. ئاچچىقىدىن شەلپەردەك قىزىرىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— ساڭا نېمە قوشۇپ بېرىمىز، ئاياغسىز زەھەرلىك يىلان؟! ساق قالغان مۇنۇ پۇتۇڭنىمۇ سۇندۇرۇپ تاشلاش كېرەك، قوشىدىغىنىمىز مانا شۇ! گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ! رۇخسەت قىلغىن، ئۇنى مەن ئىتنى دومىلىغاندەك بىر دومىلاي، ئاندىن ئاكسىنىيىنى چانىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئەكېتىمىز، پەدىرىگە مىڭ لەنەت، مەلئۇن ھارامزادە!...

ئۆي ئىگىسى پروخورنىڭ خىرىلداپ سۆزلىگەن سۆزىنى ئۈنچىقماستىن تىڭشىدى ـ دە، ئاخىردا مۇنداق دېدى:

— سىلەر ماڭا بىكار ئازار بېرىۋاتىسىلەر، جەڭچى خادىملار! بۇ ئەسلىدە دوستانىلىك بىلەن پۈتىدىغان ئىش ئىدى، بىزگە تىللىشىش، ۋارقىرىشىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. خۇش، سەن مۇشتەك كازاك نېمىشقا ماڭا دېۋەيلەپ كېلىسەن؟ مەن پۇلنىڭ گېپىنى قىلدىممۇ؟ مېنىڭ بىر نەرسە قوشۇپ بېرىڭلار دېگىنىم ھەرگىز پۇل ئەمەس ئىدى! مەن سىزلەردە بىرەر ئوشۇق قورال، ئېيتايلۇق، مىلتىق ياكى تاپانچا بارمىكىن، دېگەنىدىم... سىزلەرگە بۇنداق نەرسىنىڭ بار بولۇشى ياكى يوق بولۇشى ئوخشاش بىر گەپ، ئەمما ھازىرقى چاغدا بۇ نەرسە بىزگە چوڭ دۆلەت. ئۆينى قوغداش ئۈچۈن ئەلۋەتتە قورال بولۇش لازىم! بايىقى گېپىمنى مانا مۇشۇنىڭغا قارىتا ئېيتقانىدىم! قېنى، بېرىدىغان پۇلۇڭلارنى بېرىڭلار، بۇنىڭغا بىر

مىلتىق قوشۇقلار، شۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشايلى، بىمار ئايالىمىزنى قويۇپ كېتىڭ، ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنىڭ بىر تۇغقان كىشىسىدەك قارايمىز، بۇنىڭغا مۇنۇ بوينۇمدىكى كرېست گۇۋاھ!

گرىگورىي پروخورغا قاراپ قويۇپ ئاستا دېدى:

— مېنىڭ مىلتىقىم بىلەن ئوقلىرىمنى ئۇنىڭغا بەر، ئۇنىڭدىن كېيىن چىقىپ چانىنى قوش. ئاكسىنىيە قالسۇن... خۇدا ئۆزى قازى، مەن ئۇنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارالمايمەن!

## 27

كۆكلىسىز، ھاۋا تۇتۇق كۈنلەر سوزۇلىۋەردى. گرىگورىي ئاكسىنىيىنى قالدۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئەتراپ — مۇھىتتىكى ھەممە نەرسىگە قىزىقىشنى بىردىنلا يوقاتتى. ئەتىگەندىن تارتىپلا چانىغا ئولتۇرۇپ، چەكسىز كەتكەن قارلىق دالا بىلەن يول يۈرەتتى، كەچقۇرۇن قونۇش ئۈچۈن بىر يەردىن باشپاناھ تېپىپ، يېتىپ ئۇخلايتتى. كۈنلەر مانا شۇنداق ئۆتەتتى. جەنۇبقا قاراپ سۈرۈلۈۋاتقان ئۇرۇش سىپىدە نېمە ئەھۋال بولۇۋاتقانلىقى ئۇنى قىزىقتۇرمايتتى. ئۇ ھەقىقىي، جىددىي قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى، كازاكلارنىڭ كۆپچىلىكىدە جانىجان يېزا - كەنتلىرىنى قوغداشقا بولغان ئىنتىلىش تۈگىگەنلىكىنى، ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاقلار ئارمىيىلىرى ئاخىرقى يۈرۈشلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە دوندا پۇت تىرەپ تۇرالمىغاندىن كېيىن كۇباندىمۇ تۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى...

ئۇرۇش ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى. ئۇرۇشنىڭ خاتىمىسى شىددەتلىك ۋە مۇقەررەر رەۋىشتە يېتىپ كەلگەنىدى. مىڭ-

لىنغان ـ ئۇنىڭلىغان كۆبانلىقلار فرونتنى تاشلاپ، ئۆي ـ ئۆيلىرىگە تارقىلىۋاتاتتى. دونلۇقلار تارمار كەلتۈرۈلگەن. ئۆزلۈكسىز جەڭلەر بىلەن ۋە كېزىك كېسىلى نەتىجىسىدە ھالسىراپ قالغان، ئۆز تەركىبىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى يوقاتقان ئاقلارنىڭ پىيادىلار ئارمىيىسى ئەددىلىكتە ئۈستى ـ ئۈستىگە غەلىبە قازىنىپ غەيرىتى جۇش ئۇرغان قىزىل ئارمىيىنىڭ بېسىمىغا يالغۇز بىر ئۆزى قارشىلىق كۆرسىتەلمەي قالدى.

قاچقۇنلار ئارىسىدا شۇنداق گەپ ـ سۆزلەر ئېقىپ يۈرەتتىكى، گېنېرال دېنىكىننىڭ كۇبان راداسى ئەزالىرى ئۈستىدىن ۋەھشىيانە جازا ھەرىكىتى ئېلىپ بارغانلىقى كۇباندا غەزەپ، نارازىلىقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىشىگە سەۋەب بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۇبان ئاقلارنىڭ پىيادىلار ئارمىيىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىۋېتىپتۇ، ھازىر سوۋېت ئەسكەرلىرىنى كاۋكازغا توسقۇنسىز ئۆتكۈزۈش توغرۇلۇق قىزىل ئارمىيە ۋەكىللىرى بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلىۋاتقانىمىش. كۇبان ۋە تېرېك يېزا بازارلىرىدا خەلق دون كازاكلىرىغا خۇددى پىيادىلار ئارمىيىسىگە قارىغاندەك ئىنتايىن ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىكەن، كودېنوۋسكايغا يېقىن بىر يەردە دون دىۋىزىيىسى بىلەن كۇبان پىيادە قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا بىرىنچى قېتىم چوڭ جەڭ بولۇپ ئۆتۈپتۇ، دېگەن گەپنى كىشىلەر ئىشەنچ بىلەن ئېيتىشاتتى.

گرىگورىي ئۆزى چۈشكەن ھەر بىر مەنزىلدە گەپ ـ سۆزلەرگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ، ئاقلارنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ۋە مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا كۈندىن ـ كۈنگە زور ئىشەنچ ھاسىل قىلغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنىلا ھازىرقى خەۋپ: پارچىلىنىپ كەتكەن، روھىي جەھەتتىن

چۈشكۈنلەشكەن ۋە ئۆزئارا بىر-بىرلىرىگە دۈشمەن بولغان ئاقلار كۈچلىرىنى بىرلىشىشكە مەجبۇر قىلدۇ، ئۇ چاغدا غالىبانە ھۇجۇم قىلىۋاتقان قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ئارقىسىغا ئۇلاقتۇرۇپ تاشلاش مۇمكىن، دېگەن بىر ئۈمىد تۇتەپ تۇراتتى. ئەمما روستوۋ قولىدىن كەتكەندىن كېيىن ئۇ بۇ ئۈمىدنى يوقاتتى، باتايىسكى بوسۇغىسىدا بولغان قاتتىق جەڭلەردىن كېيىن قىزىللار چېكىنىشكە باشلاپتۇ، دېگەن مىش-مىش گەپلەرگە ئىشەنمەي قويدى. ئۇ بىكارچىلىقتىن كۆڭلى غەش بولۇپ، بىرەر ھەربىي قىسىمغا قوشۇلۇۋېلىشنى خالىغانىدى، ئەمما بۇ پىكرىنى پروخورغا ئېيتقاندا، پروخور قەتئىي قارشى تۇردى.

— گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، قارىغاندا، سەن ئۆزۈل-كېسەل ئەقلىڭدىن ئازغان ئوخشايسەن! — دېدى غەزەپلىنىپ، — بىز ھەربىي قىسىمغا، ئوت كۆيۈۋاتقان تونۇرنىڭ ئىچىگە نېمە ئۈچۈن بېشىمىزنى تىقىدىكەندىمىز؟ ئىش تامام بولغان، بۇنى ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرىسەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۆزىمىزنى بىكاردىن-بىكار ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدىكەنمىز؟ ياكى سەن بىز ئىككىمىز ئۇلارنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىمىز دەپ ئويلامسەن؟ ھازىرچە بىز بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولماي تۇرغاندا ۋە بىزنى قىسىمغا ئېلىشقا مەجبۇرلىمىغاندا، ئىمكان قەدەر تېزرەك بۇ پالاكەتتىن يىراقراق كېتىشىمىز كېرەك، ئەمما سەن قانداقتۇر غەلىتە گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن! ياق، مەرھەمەت قىل، قېرىلارغا خاس تىنچقىنا چېكىنەيلى. بىز سەن بىلەن بەش يىل جەريانىدا پۇخادىن چىققۇچە جەڭ قىلدۇق، ئەمدى باشقىلار ئۇرۇشۇپ باقسۇن! مەن فرونتتا يەنە سەيلە قىلىپ يۈرەي دەپ سۆزنەك كېسەلنى تېپىۋاپتىمەنمۇ؟ رەھمەت! مېنى ھۆرمەت قىلدىڭ! مەن بۇ ئۇرۇش-

تىن شۇنچىلىك تويدۇمكى، ئۇنى ئويلىساملا قۇسقۇم كېلىدۇ! خالىساڭ ئۆزۈڭ بار، ئەمما مەن قوشۇلمايمەن. مەن دوخـ تۇرخانىدا ياتىمەن، شۇ ئۇرۇشقىنىمۇ يېتەر!

گرىگورىي ئۇزاق ئويلىغاندىن كېيىن:

— سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە بولسۇن. كۇبانغا بارايلى، شۇ يەرگە بارغاندا بىر گەپ بولار، — دېدى.

پروخور ئۆز بىلگىنىنى قىلدى: ھەر بىر چوڭ ئاھالە پونكىتىغا كەلگەندە، دوختۇر تېپىپ، پاراشوك ياكى سۇيۇق دورا ئەكىلەتتى، ئەمما داۋالىنىشقا تازا كۆڭۈل بۆلمەيتتى، گرىگورىي ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا بىر بولاق پاراشوكنى ئىچىپ، قالغىنىنى قارغا تاشلاپ، ئايىغىڭ بىلەن دەسسەپ يوقىتىۋېتىسەن؟» — دەپ سورىغاندا، ئۇ: «بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەن پىژـ تۇنلەي ساقىيىپ كېتىشنى خالىمايمەن، پەقەت كېسەلنى پەسەيتـ تۇرسەم بولدى، چۈنكى مۇشۇ ئەھۋالدا تۇرسام، دوختۇرلار مې- نى قايتا تەكشۈرۈپ قالسا، ھەربىي قىسىمغا بېرىشتىن باش تارتىشقا ئوڭاي بولىدۇ»، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. ۋېلىكو- كنەژىسكايا بازىرىدا بىر تەجرىبىلىك كازاك ئۇنىڭغا ئۆردەك تاپىنىنى قايىنىتىپ، شۇنىڭ بىلەن داۋالان دەپ مەسلىھەت بەردى. شۇ چاغدىن تارتىپ پروخور يېزا ياكى كەنتكە كىرىش بىلەنلا دەسلەپكى ئالدىغا ئۇچرىغان ئادەمدىن: «مەرھەمەت قىلىپ ئېيتىڭا، سىلەرنىڭ بۇ يەردە ئۆردەك باقامدۇ؟» — دەپ سو- رايدىغان بولدى. بۇ سوئالدىن گاڭگىراپ قالغان يەرلىك ئا- دەم: «بۇ يېقىن ئارىدا سۇ يوق، شۇڭا ئۆردەك بېقىشنىڭ پايدى- سى يوق»، — دەپ بېشىنى چايقاپ جاۋاب بەرگەندە، پروخور قات- تىق نەپرەت بىلەن چىشىنى غۇچۇرلىتىپ: «سىلەر بۇ يەردى ئادەمدەك ھايات كەچۈرمەيدىكەنسىلەر! سىلەر، ئېھتىمال، ئەزەل- دىن ئۆردەكنىڭ غاقىلدىشىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئوخشايسىلەر!

دالانىڭ قاۋانلىرى!» ــ دەيتتى. ئاندىن گرىگورىيغا قاراپ، ئاچ-
چىق ئەلەم بىلەن قوشۇپ قويياتتى: «ئالدىمىزدىكى يولنى يوپ
كېسىپ ئۆتكەن ئوخشايدۇ! ھېچ ئىشىمىز ئوڭدىن كەلمەيۋاتى-
دۇ! ھەي، بىز يەردىكى خەقلەردە ئۆردەك بولغان بولسا، ھەر-
گىز پۇلنى ئايىماستىن بىرنى سېتىۋالغان بولاتتىم ياكى ئوغ-
رىلىغان بولاتتىم، ئۇ چاغدا ئىشىم ئوڭغا تارتاتتى، ئاغرىقىم
ئەمدى كۆچىيىپ كېتىۋاتىدۇ! دەسلەپتە ئويۇنچۇقتەكلا ئىدى،
پەقەت يولدا ئۆگدەتمەيتتى، ئەمدى بۇ لەنىتى كېسەل جازاغا
ئايلاندى! جانىدىمۇ ئولتۇرالمايدىغان بولدۇم!»
پروخور گرىگورىينىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلمىگەندىن كې-
يىن ئۇزاق ۋاقىت شۈك بولۇپ كېتەتتى- دە، بەزىدە سائەتلەپ
بىر ئېغىز سۆز قىلماي، قاپىقىنى سىلىپ شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى.
سەپەردە ئۆتكەن كۈنلەر گرىگورىيغا تولىمۇ ئۇزۇن بىلى-
نەتتى، تۈگىمەس قىش كېچىلىرى تېخىمۇ ئۇزۇن ئىدى. ھا-
زىرقى ئىشلارنى ئويلاش ۋە ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسكە چۈشۈ-
رۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋاقتى ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆ-
زىنىڭ ئاجايىپ ۋە ناچار تۈزۈلگەن ھاياتىنىڭ ئۇچقاندەك
ئۆتۈپ كەتكەن يىللىرىنى ئۇزاققىچە بىر - بىرلەپ خىيالىدىن
ئۆتكۈزەتتى. ئۇ چانا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، جىمجىت سۈكۈنات
قوينىدا ياتقان چەكسىز قارلىق دالاغا تاراقشۇلاشقان كۆزلى-
رىنى تىككەتتى ياكى كېچىسى ئادەملىك تولغان تىنچىق بىر
ئۆيدە ئۇخلاشقا ياتقاندا كۆزلىرىنى يۇمۇپ، چىشىنى مەھكەم
چىشلەپ ھامان شۇ بىرلا نەرسىنى: يات يۇرتتا ھوشسىز تاش-
لاپ قويۇلغان ئاغرىق ئاكسىنىيىنى، تاتارسكىدا قېپقالغان ئۇ-
رۇغ - تۇغقانلىرىنى ئويلايتتى... ئۇ يەردە، دون ئوكرۇكىدا
سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورنىتىلغاچقا، گرىگورىي دائىم غەم - ئەن-
دىشە ئىچىدە: «ئەمدى مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن ئانامنى ياكى

دۇناشكىنى ئازابلارمۇ؟» دەپ ئۆزىگە-ئۆزى سوئال بېرەتتى. ئەمما يولدا كۆپ قېتىم ئاڭلىغان قىزىل ئەسكەرلەر جايلاردىن تىنچ ئۆتىدىكەن، ئىشغال قىلىغان يېزا - كەنتلەردىكى ئاھالىگە ئوبدان مۇئامىلە قىلىدىكەن دېگەن گەپ - سۆزلەرنى ئەسلەپ، دەرھاللا ئۆزىگە تەسەللى بېرىشكە باشلايتتى. ئۇنىڭ ئەندىشىسى ئاستا - ئاستا يوقالدى، مەن ئۈچۈن قېرى ئانام جاۋابكار بولىدۇ، دېگەن پىكرى ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا ئەقىلغە سىغمايدىغان، غەلىتە، ھېچقانداق ئاساسي يوقتەك تۇيۇلدى. بالىلىرىنى ئەسلىگەندە گرىگورىينىڭ يۈرىكىنى بىر سېكۇنت غەم - قايغۇ چىرمىۋالاتتى؛ ئۇلارنى ئۆيىدىكىلەر كېزىك كېسىلىدىن ساقلاپ قالالمىسا قانداق بولىدۇ، دەپ قورقاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بالىلىرىغا قارىتا مۇھەببىتى شۇ قەدەر تولۇپ تاشتىكى، ناتالىيە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق قايغۇ تەسىر قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى...

سالىسكى قىشلاقلىرىدىن بىرىدە گرىگورىي بىلەن پروخور ئاتلىرىنى ھاردۇق ئالدۇرۇش مەقسىتىدە تۆت كۈن تۇرۇپ قېلىشتى: بۇ جەرياندا ئۇلار بۇندىن كېيىن نېمە قىلىش توغرۇلۇق نەچچە قېتىم پاراڭلاشتى. قىشلاققا كېلىش بىلەنلا بىرىنچى كۈنى پروخور گرىگورىيدىن سورىدى:

— بىزنىڭ قىسىملار كۇباندا تۇرۇش سېپىنى ساقلاپ قالارمۇ ياكى كاۋكازغا قاراپ چېكىنەرمۇ؟ سېنىڭچە قانداق؟

— بىلمەيمەن. ساڭا بەرىبىر ئەمەسمۇ؟

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ! ماڭا قانداقچە بەرىبىر ئىكەن؟ شۇ پېتى بىزنى مۇسۇلمانلار تۈپرىقىغا تۈركلەرنىڭ قول ئاستىدىكى بىر يەرگە ھەيدەپ ئاپارسا، ئۇندىن كېيىن ئۇ يەردە تۇرۇپ چامغۇر ئېتىزىنى سۇغىرامسەن؟

— مەن دېمىسەڭ ئەمەس، شۇڭا سەن مەندىن بىزنى

نەگە ھەيدەپ بارىدىغانلىقىنى سورىما، — دەپ جاۋاب بەردى گرىگورىي نارازى ھالدا.

— مەن مۇنداق بىر مىش-مىش گەپنى — گويا كۇبان دەرياسى بويىدا يەنە مۇداپىئەلىنىشكە باشلايدىكەنمىز، باھار كېلىش بىلەنلا ئۆي-ئۆيلىرىمىزگە قايتىدىكەنمىز، دېگەن گەپنى ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن بۇنى سوراۋاتىمەن.

— كىم مۇداپىئەلىنىدىكەن؟ — دېدى گرىگورىي مىيىقىدا كۈلۈپ.

— كازاكلار بىلەن كادېتلارچۇ، باشقا كىم بولماقچى؟

— ئەخمىقانە سۆزنى قىلىۋاتىسەن! كۆزۈڭ يوقمۇ، ئەتراپتا نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ ھەممە ئادەم تېزرەك قېچىشقا ئىنتىلىۋاتسا، كىم مۇداپىئەلىنىدىكەن؟

— ۋاي، يىگىت، ئىشىمىزنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن، ئەمما نېمىشقىدۇر ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ...، — پروخور بىر ئۇھ تارتتى، — خوش، ئەگەر يات يەرگە راۋان بولۇشقا ياكى قىسقۇچپاقىدەك ئۆملەشكە توغرا كەلسە، سەن قانداق قىلىسەن؟ كېتەمسەن؟

— سەنچۇ؟

— مېنىڭ ئىشىم مۇنداق: سەن نەگە بارساڭ، مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن. خەلق كېتىۋاتسا، مەن يالغۇز قالمايمەن-دە.

— مەنمۇ شۇنداق دەپ ئويلايمەن. بىز قوينىڭ ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالغانىكەنمىز، سەركىلەرنىڭ ئارقىسىدىن بىللە يۈرۈشىمىز كېرەك...

— شۇ سەركىلەرمۇ بەزىدە ئەخمەقلىشىپ جىن ئۇرغاندەك ھەرقاياققا كېتىپ قالىدۇ... ياق، سەن بۇنداق چۆچەك ئېيتىشنى قوي! سەن ئەمەلىي ئىشنى سۆزلە.

— قۇلىقىمنى ئاغرىتمىساڭچۇ، مەرھەمەت قىلىپ! كېيىن

بىر گەپ بولار. بىز سەن بىلەن نېمىشقا ۋاقتى كەلمەي تۇرۇپ پال ئاچىمىز!

— خوپ، ئامىن! بۇندىن كېيىن سەندىن بىر نەرسە سوراشقا ئۇرۇنمايمەن، — دېدى پروخور ماقۇل بولۇپ.

ئەمما ئەتىسى ئاتلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا چىققاندا ئۇلار يەنە كونا مۇقامغا چۈشتى.

— سەن يېشىللار① توغرۇلۇق گەپ ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى پروخور ئېھتىيات بىلەن ئۈچ چىشلىق ئارىنىڭ سېپىنى كۆزدىن كەچۈرگەن بولۇپ.

— ئاڭلىدىم. خۇش، نېمە دېمەكچىسەن؟

— يەنە بۇ يېشىللار دېگەن نەدىن پەيدا بولغاندۇر؟ ئۇلار كىمنى ياقلايدىكەن؟

— قىزىللارنى.

— ئۇلار نېمە ئۈچۈن يېشىللار دەپ نام ئالغان؟

— كىم بىلىدۇ، ئۇلار ئورمان ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكتىن ئاشۇنداق ئاتالغان بولۇشى كېرەك.

— بەلكى، بىزمۇ يېشىللىشارمىز؟ — دېدى پروخور ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن تارتىنىپراق.

— نېمىشقىدۇر خاھىشىم يوقراق تۇرىدۇ.

— يېشىللاردىن باشقا، بىزنى ئۆيگە تېزرەك قويۇپ بېرىدىغانلىرى يوقمىدۇ؟ يېشىلى بولامدۇ، كۆكى بولامدۇ ياكى تۇخۇم سېرىقى بولامدۇ — ماڭا بەرىبىر ئوخشاش. قايسى رەڭ بولسا مەيلى، ئىچىگە جان-دىلىم بىلەن شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىۋېرىمەن، پەقەت بۇ خەقلەر ئۇرۇشقا قارشى بولسا ۋە ئەسكەرلەرنى ئۆيلىرىگە قويۇپ بەرسە بولدى...

---

① يېشىللار — ئاقلار جەنۇبتىكى قىزىل پارتىزانلارنى «يېشىللار» ياكى «قىزىل يېشىللار» دەپ ئاتىشاتتى — ت.

— سەۋر قىلىپ تۇر، بەلگى شۇنداقلىرى پەيدا بولۇپ قالار، — دېدى گرىگورىي مەسلىھەت بېرىپ.

يانۋارنىڭ ئاخىرىدا، ھاۋا ئىللىق بىر كۈنى تۇمانلىق چۈش پەيتىدە گرىگورىي بىلەن پروخور بېلاياگلىنا يېزىسىغا كەلدى. يېزىغا 15 مىڭ قاچقۇن مۇساپىر توپلانغانىدى. بۇلارنىڭ تەڭ يېرىمى كېزىك كېسىلى بولغانلار ئىكەن، ئۈستىگە ئىنگلىزچە كالتە شىنېل، كالتە جۇۋا، پەشمەت كىيگەن كازاكلار كوچىلاردا چۈشىدىغان ئۆي، ئاتلىرىغا يەم-خەشەك ئىزدىشىپ يۈرەتتى، ئاتلىقلار ۋە ھارۋا-ئۇلاغلار ئۇياق-بۇياققا چېپىشىپ يۈرەتتى. ھويلىلاردا ئوقۇرلارنىڭ ئالدىدا ئۇنلىغان ئورۇق ئاتلار مەيۈس ھالدا سامان چاينىشىپ تۇراتتى؛ چوڭ كوچا ۋە تار كوچىلاردا تاشلاپ كېتىلگەن چانىلار، تۆت چاقلىق ھارۋىلار، ئوق-دورا يەشىكلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. پروخور كوچىلارنىڭ بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، توسۇق تامغا باغلاقلىق ئېگىز تورۇق ئاتقا تىكىلىپ قاراپ:

— مۇنۇ بىزنىڭ تۇغقىنىمىز ئاندرىيۇشكىنىڭ ئېتىغۇ! ئېھتىمال، بىزنىڭ يېزىلىقلار مۇشۇ يەردە ئوخشىمامدۇ! — دېدى-دە، چانىدىن چاققانلىق بىلەن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۆيگە ئۇققىلى كىرىپ كەتتى.

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن پروخورنىڭ تۇغقىنى ۋە قوشنىسى ئاندرىي توپولىسكوف شىنېلىنى يېپىنىپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ پروخور بىلەن بىللە ۋەزمىن قەدەم تاشلاپ چانىنىڭ قېشىغا كەلدى-دە، ئاتنىڭ تەرى پۇراپ تۇرغان قاپقارا قولىنى گرىگورىيغا سۇندى.

— سەن يېزا ھارۋىلىرى بىلەن بىللە كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي.

— مۇھتاجلىقنى بىللە تارتىپ كېلىۋاتىمىز.

— خوش، يولدا قانداق ماڭدىڭلار؟

— مېڭىش ھەممىگە مەلۇملۇققۇ... ھەربىر قونالغۇدىن كېيىن ئادەملەرنىمۇ، ئاتلارنىمۇ قالدۇرۇپ كېلىۋاتىمىز...

— بىزنىڭ بوۋاي ساق - سالامەتمۇ؟

توپولىسكوف باشقا يەرگە قاراپ تۇرۇپ خۇرسىنىپ قويدى:

— يامان بولدى، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ. ئىشلار چاتاق... ئاتاڭغا تەزىيە بىلدۈر، تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن خۇداغا جان تەسلىم قىلدى، ۋاپات بولدى...

دەپنە قىلدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي چىرايى تامدەك ئاقىرىپ.

— بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، بۈگۈن ئۇ يەرگە بارغىنىم يوق. بىللە بارايلى، ئۆيىنى كۆرسىتىپ قوياي... ئاغىنە، ئۇڭغا بۇرۇل، بۇرجەكتىن سانىغاندا ئۇڭ قولدىكى تۆتىنچى ئۆي.

پروخور چانىنى ھەيدەپ، ئۈستى تۇنىكە بىلەن يېپىلغان كەڭ - ئازادە ئۆينىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئاتلارنى ھويلا تېمىنىڭ ئالدىدا توختاتقانىدى، ئەمما توپولىسكوف ھويلىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېرەيلى، دېدى.

— بۇ يەرمۇ قىسىنچىلىق، بىر ئۆيدە 20 ئادەم بار. شۇنداق بولسىمۇ بىر ئىلاج قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىمىز، — ئۇ شۇ سۆزدىن كېيىنلا دەرۋازىنى ئېچىش ئۈچۈن چانىدىن سەكرەپ چۈشتى.

گرىگورىي ئىسسىق ئوت يېقىلغان ئۆيگە بىرىنچى بولۇپ كىردى. تونۇش يېزىلىقلار پولنىڭ ئۈستىدە قاتار تىزىلىشىپ ياتقانىكەن، بەزىلىرى ئولتۇرۇشقان. قايسىبىرى ئۆتۈك ۋە ھارۋا جابدۇقلىرىنى ياماۋاتاتتى، ئۈچ ئادەم شىرەنىڭ يېنىدا سۇيۇق - سەلەڭ تاماق ئىچىۋاتاتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بىلەن بىر ھارۋىدا ئولتۇرۇپ يولغا چىققان

بېسخلېبنوف چالمۇ بار ئىدى. كازاكلار گرىگورىينى كۆرۈش بىلەنلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇنىڭ سالىمىغا بىر ئاۋاز بىلەن جاۋاب بېرىشتى.

— ئاتام قېنى؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي بېشىدىن پاپاخنى ئېلىپ، ئۆيىنىڭ تۆت ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— بېشىمىزغا مۇسىبەت كەلدى... پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئالەمدىن ئۆتتى،— دەپ ئاستا جاۋاب بەردى بېسخلېبنوف، ئاندىن دەرھاللا چەكمىنىنىڭ يېڭى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ، قوشۇقنى داستىخانغا قويۇپ، ئالدىراش چوقۇندى،— تۈنۈگۈن كېچىدە جان ئۈزدى، جايى جەننەتتە بولسۇن.

— بىلىمەن. يەرلىككە قويدۇڭلارمۇ؟

— ياق تېخى. بىز ئۇنى بۈگۈن دەپنە قىلماقچىدۇق، ئۇنى ئاۋۇ ئىچكىرىكى سوغۇق ئۆيگە ئەكىرىپ قويدۇق. بۇياققا ئۆت، — بېسخلېبنوف ياندىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى، — كازاكلار جەسەت بىلەن بىر ئۆيدە قونۇشنى خالىمىدى، بەك تىنچىق، بۇ يەر ئۆزىگىمۇ ياخشىراق... خوجايىنلار بۇ ئۆيگە ئوت ياقمايدۇ.

چوڭ مېھمانخانا ئۆيدە كەندىر ئورۇقى بىلەن چاشقاننىڭ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى، ھەممە بۇلۇڭلارغا تېرىق بىلەن كەندىر چېچىلىپ قالغان، ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە ياغ ۋە ئۇن چىلانغان ئىدىشلار تۇرۇپتۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تېرە پوستەك ئۈستىدە پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ياتاتتى. گرىگورىي بېسخلېبنوفنى بىر چەتكە تۈرتۈپ ئىچكىرى كىردى ـ دە، ئاتىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— ئىككى ھەپتە كېسەل بولدى، — دېدى بېسخلېبنوف پەس ئاۋاز بىلەن، — ئۇنى كېزىك كېسىلى مېچىتكا قېشىدىلا يىقىتقانىدى. ئاتاڭغا ئالەمدىن ئۆتۈش مانا مۇشۇ يەردە نېسىپ

بولغانىكەن... بىزنىڭ ئۆمرىمىز مانا شۇنداق...

گرىگورىي ئالدىغا ئېڭىشىپ، ئاتىسىغا قارىدى. ئاغرىق-دەرد جانىجان كىشىسىنىڭ يۈز-چىرايىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئۇنىڭ سىماسىنى غەلىتە تونۇغىلى بولمايدىغان يات ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان. پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ شامدەك ئاقارغان، يادىغان مەڭزلىرىنى ئاپئاق موي قاپلىغانىدى، بۈرۈتى شۇمشەيگەن ئاغزى ئۈستىدە سالپىيىپ تۇراتتى، كۆزلىرى چالا يۇمۇلغان، كۆزلىرىنىڭ ئېقى سەل كۆكەرگەن، پارقىرىقىنى ئاللىقاچان يوقاتقانىدى، چالىنىڭ ساڭگىلاپ قالغان تۆۋەنكى ئېڭىكى قىزىل بويۇن ياغلىقى بىلەن قوشۇقلۇق ئىدى، ئاقارغان چاڭگا ساقىلى قىزىل رەخت ئۈستىدە تېخىمۇ ئاقىرىپ، كۈمۈش رەڭگە كىرگەنىدى.

گرىگورىي جانىجان ئاتىسىنىڭ دىدارىنى ئاخىرقى قېتىم تويغۇدەك قارىۋېلىش ۋە ئەستە قالدۇرۇش ئۈچۈن تىزلىنىپ ئولتۇردى-دە، بىردىن ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ ۋە سەسكىنىش قاپلاپ، ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى: پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ مومىدەك كۆرۈمسىز يۈزىدە پىتلار ئۆمىلىشىپ يۈرەتتى، كۆز چاناقلىرىغا، مەڭزىدىكى قورۇقلارغا پىت تولۇپ كېتىپتۇ. پىتلار مىدىرلاپ تۇرىدىغان جانلىق پەردىگە ئوخشاش يۈزىنى قاپلىۋالغان، ساقىلىنىڭ ئارىسىدا پىت ئۇۋۇلىغان، قاشلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ پىتلار ئۆمىلىشىپ يۈرەتتى، كۆك چەكمەنىنىڭ تىك ياقىسىدا قاتار تىزىلىشىپ، بوز رەڭ قاتلام ھاسىل قىلغان...

× ×

گرىگورىي ۋە يەنە ئىككى كازاك توڭلاپ، چۆيۈندەك قېتىپ كەتكەن سىغىز توپا يەرنى لوم تۆمۈر بىلەن ئويۇپ گۆر كولىدى.

پروخور تاختاي كېسىندىلىرىدىن ئەپلەپ ـ سەپلەپ تاۋۇت ياسىدى، كەچكە يېقىن پانتېلېي پروكوفيېۋىچنى كۆتۈرۈپ ئەكىلىشىپ يات ستاۋروپول تۇپرىقىغا كۆمۈشتى. بىر سائەت ئۆتۈپ، يېزىدا چىراغ يېقىلغان پەيتتە گىرىگورىي بىلايىا گلىنىادىن چىقىپ، نوۋوپوكروۋىسكايا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

ئۇ كودىنوۋىسكايا بازىرىغا كەلگەندە سالامەتلىكىنىڭ ناچارلاشقانلىقىنى ھېس قىلدى. پروخور دوختۇر ئىزدەشكە يېرىم كۈن سەرپ قىلىپ، ھەر ھالدا چالا مەست بىر ھەربىي دوختۇرنى تاپتى، ئۇنى تەسلىكتە كۆندۈرۈپ، چۈشكەن ئورۇنغا ئەكەلدى. دوختۇر شىنېلىنى يەشمەستىن، گرىگورىينىڭ كېسىلىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن ئىشەنچ بىلەن ھۆكۈم قىلدى:

— قايتۇرما كېزىك. جانابىي يۈزبېشى، سىزگە يول يۈرمەسلىككە مەسلىھەت بېرىمەن، ئۇنداق بولمىغاندا يولدا ئۆلۈپ كېتىسىز.

— قىزىللارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرامدىمەن؟ — گرىگورىي مىيىقىدا كۈلدى.

— ياق، قىزىللار تېخى يىراقتا.

— ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىدۇ...

— بۇنىڭغا مېنىڭ شۈبھەم يوق. ئەمما سىزنىڭ قالغىنىڭىز ياخشىراق. ئىككى پالاكەتنىڭ مۇشۇ بىرىنى ئەۋزەل كۆرىمەن. بۇنىڭ خەتىرى ئازراق.

— ياق، مەن قانداق بولمىسۇن ماڭىمەن، — دېدى گرىگورىي قەتئىي تۇردە ۋە شۇ ھامان گىمناستۇركىسىنى كىيىشكە باشلىدى، — سىز ماڭا دورا بېرەمسىز؟

— كەتسىڭىز كېتىۋېرىڭ، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە. مېنىڭ سىزگە مەسلىھەت بېرىش مەجبۇرىيىتىم بار. نېرىقى تەرىپى

ئۆزىڭىزگە باغلىق؛ دورىغا كەلسەك، ئەڭ ياخشىسى — تىنچ ئارام ئېلىپ كۈتۈنۈش؛ سىزگە بەزى دورىلارنى يېزىپ بېرىشكەمۇ بولاتتى، لېكىن ئاپتېكا چېكىنىشكە بىللە كۆچۈرۈپ كېتىلگەن، مەندە خلوروفورم، يود ۋە ئىسپىرتتىن باشقا ھېچنېمە يوق.

— مەيلى ئىسپىرت بولسىمۇ بېرىڭ!

— بۇنى مەمنۇنىيەت بىلەن بېرىمەن. بەرىبىر سىز يولدا ئۆلۈپ كېتىسىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسپىرتنىڭ ھېچقانداق پايدىسى تەگمەيدۇ. خىزمەتچىڭىز مەن بىلەن بىللە بارسۇن، مەن سىزگە 1000 گرام بېرەي، مەن كۆڭلى ياخشى ئادەممەن...، — دوختۇر قولىنى چېكىسىگە تۇتۇپ چىست بەردى - دە، دەلدەڭشىپ چىقىپ كەتتى.

پروخور ئىسپىرتنى ئەكەلدى، بىر يەردىن كونا بىر قوش ئاتلىق ھارۋا تېپىپ كېلىپ، ئاتلارنى قوشتى، ئۆيگە كىرىپ، چىرايىنى ئاچماستىن كىنايە بىلەن:

— كولەسكا ھارۋا تەييار، جانابىي ئالىي! — دەپ مەلۇم قىلدى.

غەمكىن ئېغىر كۈنلەر يەنە سوزۇلۇشقا باشلىدى. كۇبانغا تاغ ئېتەكلىرىدىن ئالدىراڭغۇ جەنۇب باھارى يېتىپ كەلگەنىدى. دالا - تۈزلەردە قار ۋىشىلداپ تېز ئېرىۋاتاتتى، قار ئېرىپ، يالىڭاچلىنىپ قالغان يەرلەرنىڭ مۇنبەت قارا تۇپراقلىرى پارقىراپ تۇراتتى، باھار جىلغىلىرى كۆمۈشتەك جىرىڭلاپ ۋاڭچۇڭ كۆتۈرگەنىدى، يوللارنىڭ تېگى ئېچىلىپ، چىپارلاشقان، يىراقتىن كۆپكۆك بولۇپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۇپۇقتا باھار تۈسى ئەكس ئەتكەنىدى، كۇبانىنىڭ بىپايان ئاسمىنى تېخىمۇ ئېگىز، تېخىمۇ كۆك، تېخىمۇ ئىللىق بولۇپ قالغان.

ئىككى كۈندىن كېيىن كۈزگى بۇغداي قۇياشقا باغرىنى ئاچتى، ئېتىزلىقلار ئۈستىنى ئاپئاق تۇمان قاپلىدى. ئاتلار

ئەمدىلىكتە قاردىن يالىڭاچلىنىپ قالغان يولدا ئوشۇقىغىچە لاي كېچىپ، شالاپلاپ ماڭاتتى، ئۇششاق جىرالاردا پاتقاققا پاتاتتى - دە، بەللىرىنى كۆچىنىپ ئېگىپ، تەردە هۆرلىنىپ، ئاران - ئاران قەدەم باساتتى. پروخور جان كۆيدۈرۈپ ئاتلارنىڭ قۇيرۇقىنى تۈگۈپ قويغانىدى، ئۇ، پات - پات هارۋىدىن چۈشۈپ، يان تەرەپكە مېڭىپ، ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى تەسلىكتە تارتىپ چىقىرىۋېتىپ غودۇڭشىپ قوياتتى:

— بۇ پاتقاق ئەمەس، يېپىشقاق يېلىمنىڭ نەق ئۆزى، خۇدا هەققى! بىر مەنزىلدىن يەنە بىر مەنزىلگىچە ئاتلارنىڭ بەدىنىدىن تەر قۇرۇيدىغاندەك ئەمەس!

گرىگورىي هارۋىنىڭ ئۈستىدە جاقىلداپ تىترەپ، جۇۋىغا مەهكەم پۈركىنىپ، ئۈنچىقماي ياتاتتى، لېكىن پروخورغا پاراكلىشىدىغان ئادەم يوق يول يۈرۈش بىر ئازاب ئىدى؛ ئۇ گرىگورىينىڭ ئايىغىدىن ياكى يېڭىدىن تۇرتۇپ سۆز ئاچاتتى:

— ۋاي - ۋۇي مۇنۇ جاي نېمانچە پاتقاقتۇ! هارۋىدىن چۈشۈپ، ئۆزۈڭ كۆرۈپ باققىنا! ئاغرىقىڭ قويۇپ بەرمەيۋاتامدۇ؟

— يوقال نېرى! — دەيتتى گرىگورىي ئاڭلىنار - ئاڭلانماس پىچىرلاپ.

پروخور بىرى ئۇچراپ قالسا سوراپتتى:

— ئالدىمىزدا يول بۇنىڭدىنمۇ پاتقاقمۇ ياكى مۇشۇيەردىكى بىلەن ئوخشاشمۇ؟

يولۇچىلار كۈلۈپ، پروخورغا چاقچاق بىلەن جاۋاب بەرسە، ئۇ تىرىك جان بىلەن سۆزلەشكىنىگە ئىنتايىن خۇشال بولاتتى؛ ئاندىن خېلى ۋاقىتقىچە ئۈنچىقماي ماڭاتتى، پات - پات ئاتلارنى توختىتىپ، جىگەر رەڭ ماڭلىيىدىكى مونچاقتەك تەرنى سۈرتۈپ قوياتتى. ئارقىدىن ئاتلىقلار كېلىپ، بۇلاردىن ئۆزۈپ كېتەتتى - دە، بۇ چاغدا پروخور چىدىيالماي، ئۆتۈپ كېتىۋاتـ

قانلارنى توختىتىپ، تىنچلىق سورىشاتتى، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزى قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى سورايتتى، ئاخىردا مۇنداق دەيتتى:

— بىكار كېتىۋاتىسىلەر. بۇنىڭ نېرىسىدا مېڭىش مۇمكىن ئەمەس. نېمە ئۈچۈن؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ يەرلەردە پاتقاق ئاتنىڭ قورسىقىغا چىقىدۇ، هارۋىنىڭ چاقى چۆرگىلىمەيدۇ، بويى پاكار پىيادىلەر يولدا يىقىلىپ، لايغا غەرق بولىدۇ. مەن يالغان سۆزلەيتتىمۇ؟ چولاق ئىت يالغان سۆزلەيدۇ، مەن يالغان سۆزلىمەيمەن! بىز نېمىشقا كېتىۋاتىمىز؟ بىزگە باشقا چارە يوق، مەن مۇنۇ بىمار پوپ هەزرەتنى ئەكېتىۋاتىمەن، ئۇنىڭغا قىزىللار بىلەن بىللە هايات كەچۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس....

ئاتلىقلارنىڭ كۆپچىلىكى پروخورنى ئاغزىنىڭ ئۈچىدىلا تىللاپ قويۇپ، ئۆز يولىغا كېتىۋېرەتتى، بەزىلىرى كېتىش ئالدىدا ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ:

— سىلەر دوندىن چېكىنىۋاتقان ئەخمەقلەرمۇ؟ يۇرتۇڭلار-دىكى ئادەملەرنىڭ هەممىسى سىلەرگە ئوخشاشمۇ؟ — دېيىشەتتى ياكى شۇ تەرىقىدە بۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق سۆزلەرنى قىلىشاتتى. پەقەت ئۆز يۇرتلۇقلىرىنىڭ توپىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر كوبانلىق ئۆزىنى ئەخمىقانە گەپكە تۇتۇپ يولىدىن قالدۇرغان-لىقى ئۈچۈن پروخورغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى - دە، ئۇنىڭ پېشانىسىگە قامچا بىلەن بىرنى سالماقچى بولۇۋىدى، ئاكىخچە پروخور ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن هارۋىنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ، تېرە كۆرپىنىڭ ئاستىدىن كارابىن مىلتىقىنى ئېلىپ تىزىغا قويدى. كۇبانلىق تىللاپ - تىللاپ يولىغا ماڭدى، پروخور گېلى يىرتىلغۇدەك قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:

— هەي، بۇ يەر ساڭا تىسارتىسىن قېشىدىكى قوناقلىق

ئەمەس، ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالىدىغان؟ يەڭ تۇرۇپ يۈنىدا يالاپ-
دىغان غالچا! ھەي، نان قېپى، ئارقاڭغا قايت! ئۇچۇپ كېلىپ،
قامچا بىلەن ئۇرمىاقچى بولغانىدىڭغۇ؟ پەرىجەڭنىڭ ئېتىكىنى
كۆتۈرۈۋال، بولمىسا پاتقاققا پېتىپ قالىسەن! قانىتىنى لەپەڭ-
شىتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى قاراڭ، بۇ يۈندىخورنىڭ! ئاپلا، بىر پاي
ئوق يوق بولۇپ قالدى، بولمىسا سېنى ئوبدان ئۈزىتىپ قوياتتىم!
قامچاڭنى تاشلا! ئاڭلاۋاتامسەن؟!
زېرىكىش، ئىشسىزلىقتىن ساراڭلىقى تۇتقان پروخور
ئىمكان قەدەر ئويۇن - كۈلكە بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشكە
تىرىشاتتى.

گرىگورىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان كۈندىن تارتىپ
چۈشتىكىدەك كۈن ئۆتكۈزدى. پات - پات ھوشىدىن كېتىپ،
يەنە ئۆزىگە كېلەتتى. بىر قېتىم ئۇزاق ۋاقىت ھوشسىز يېتىپ،
ئۆزىگە كەلگەن بىر پەيتتە پروخور ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشتى.
— سەن تېخى تىرىكمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ گرىگورىي-
نىڭ خىرەلەشكەن كۆزلىرىگە ھېسداشلىق بىلەن قاراپ.

بولارنىڭ ئۈستىدە قۇياش نۇر تۆكۈپ تۇراتتى. نىلىدەك
كۆپكۆك ئاسماننىڭ قەرىدە قارا قانات ياۋا غازلار بىردەم
دائىرە شەكلىدە ئۇچۇپ، بىردەم سوزۇلۇپ، قارا مەخمەل سىزىق
شەكلىلەندۈرۈپ قېقىرلاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى، ئاپتاپتا قىزىغان
يەر بىلەن ياش مايسىلارنىڭ پۇرىقى مەست قىلغۇدەك دەرىجىدە
دىماغقا ئۇرۇلاتتى. گرىگورىي تېز - تېز نەپەس ئېلىپ، ھاياتـ
بەخش باھار ھاۋاسىنى ئىچىگە تەشنالىق بىلەن سۈمۈرەتتى.
پروخورنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئارانلا ئاڭلىناتتى. ئەتراپ-
تىكى ھەممە نەرسە رېئال ئەمەستەك، ئەقىلغە سىغمايدىغان
دەرىجىدە كىچىك، بەك يىراقتا تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئارقا
تەرەپتە، زەمبىرەك ئوقلىرى بەك يىراق مۇساپىدىن غۇۋا

گۈمبۈرلەيتتى. يېقىن بىر يەردە تۆمۈر چاقلىق ھارۋىلار بىر ئۆلچەمدە تاراقلايتتى. ئاتلار پىشقىراتتى، كىشنەيتتى؛ كىشىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى؛ پىشقان ناننىڭ، ئوت - چۆپنىڭ، ئاتنىڭ ئاچچىق تەرىنىڭ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گرىگورىينىڭ قازاقلاشقان ئېڭىغا باشقا بىر دۇنيادىن يېتىپ كەلگەندەك تۇيۇلاتتى، ئۇ پروخورنىڭ ئاۋازىغا بەك كۆچەپ قۇلاق سېلىپ، گېپىنى ئاران - ئاران چۈشىنەتتى. پروخور ئۇنىڭدىن:

— سۈت ئىچەمسەن؟ — دەپ سورايتتى.

گرىگورىي تىلىنى ئاران مىدىرلىتىپ، قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ، ئاغزىغا قويۇق، ئۆزگە تونۇش ئاچچىق - چۈچۈك، سوغۇق سۈيۈقلۇقنىڭ قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى، ئۇ بىر نەچچە يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن چىشلىرىنى مەھكەم چىشلەپ، ئاغزىنى يۇمۇۋالاتتى. پروخور سۈداننىڭ ئاغزىنى تىقىپ تۇرۇپ، گرىگورىينىڭ ئۈستىگە يەنە ئېڭىشەتتى - دە، گرىگورىي پروخورنىڭ شامالدا يېرىلغان لەۋلىرىنىڭ مىدىرلىشىدىن ئۆزگە تۆۋەندىكىچە سوئال بېرىلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىۋالاتتى:

— سېنى بازاردا قويۇپ كېتىش كېرەكمىكىن؟ ئەھۋالىڭ ئېغىرمۇ؟

گرىگورىينىڭ يۈزىدە ئازاب بىلەن تەشۋىش ئەكس ئېتەتتى؛ ئۇ يەنە بىر قېتىم كۆچ - غەيرىتىنى يىغىپ:

— ئەكىتىۋەر... جان ئۈزمەس ۋاقتىمدا...

ئۇ، پروخورنىڭ يۈز ئىپادىسىدىن ئۆز گېپىنى ئاڭلىغانلىقىنى بىلەتتى - دە، خاتىرجەملىك بىلەن كۆزىنى يۇماتتى، بىھوشلۇقنى ئەۋزەل كۆرۈپ، قاپقاراڭغۇ غەپلەتكە غەرق بولۇپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق بۇ دۇنيادىن خىيالەن ئايرىلاتتى.

# 28

ئابىنىسكايا بازىرىغا يېتىپ بارغۇچە پۈتۈن يول بويى گرىگورىينىڭ ئېسىدە بىرلا نەرسە قالدى: قاپقاراڭغۇ بىر كېچىدە ئۇ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن قاتتىق سوغۇقتىن ئويغىنىپ كەتتى. چوڭ يولدا ھارۋىلار قاتار - قاتار تىزىلىپ كېتىۋاتاتتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلاردىن، چاقلارنىڭ تىنىمسىز غۇۋا گۈلدۈرلىشىدىن قارىغاندا، بۇ بىر ئۇزۇنغا سوزۇلغان زور كارۋاندەك قىلاتتى. گرىگورىي چۈشكەن ھارۋا ئاشۇ كارۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاتلار ئاستا قەدەم تاشلاپ ماڭاتتى. پروخور ئاغزىنى چوكىلدىتىپ قويۇپ، ئاندا - ساندا شامال تەگكەن غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن: «قېنى چاپسانراق، ئاغىنىلەر!» — دەپ خىرىلداپ، قامچىسىنى شىلتىيتتى. گرىگورىي قېيىش قامچىدىن ئىنچىكە قارس چىققانلىقىنى ئاڭلايتتى، ھارۋا ئوقىنىڭ غىچىرلىغىنىنى، ئاتلارنىڭ تاسما تارتقۇچىلارنى دۈتارنىڭ تارىسىدەك كۆچەپ تارتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ھارۋىنىڭ تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بەزىدە شوتىسىنىڭ ئۇچى ئالدىدا كېتىۋاتقان خادىنىڭ ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا دوقۇسلاپ تەگكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتى. گرىگورىي جۇۋىسىنىڭ ئېتىكىنى ئۈستىگە تەسلىكتە تارتىپ، ئوڭدىسىغا ياتتى. قاراڭغۇ ئاسماندا ياپپىسىغا چېپىپ يۈرگەن قارا بۇلۇتلارنى شامال جەنۇبقا قوغلايتتى. ئاندا - ساندا بۇلۇت ئارىلىقىدىكى كىچىككىنە يورۇقتا يەككە يۇلتۇز سارغۇچ ئۇچقۇن چېچىپ، يالت قىلىپ كۆرۈنۈپ قالاتتى - دە، دالاتىسى يەنە قاپقاراڭغۇچىلىق باساتتى. تېلېگراف سىملىرىدا شامال

قايغۇلۇق ئۇشقۇرتاتتى، شالاڭ ھەم ئۇششاق يامغۇر خۇددى مۇنچاقتەك يەرگە تۆرۈكلاپ چۈشەتتى.

يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ھەربىي يۈرۈشتە ماڭغان ئاتلىقلار كالوننىسى كېلىپ قالدى. گرىگورىي ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىگە تونۇش بولغان كازاك قورال - ياراغلىرىنىڭ بىر ئۆلچەمدىكى جاراڭ - جۇرۇڭىنى، نۇرغۇن ئات تۇياقلىرىنىڭ پاتقاقتا غۇۋا ۋە بىر رىتىمدا شالاقلىغانلىقىنى ئاڭلىدى. 200 دەك ئەسكەر ئۆتتى، ئەمما ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشى تېخى توختىمىدى؛ ئېھتىمال، بىر پولك ئەسكەر يولنىڭ چېتى بىلەن كېلىۋاتسا كېرەك. توساتتىن ئالدىنقى تەرەپتىن، جىمجىت دالانىڭ ئۈستىدىن، ناخشا باشلىغۇچىنىڭ قوپاللىراق مەردانە ئاۋازى قۇشتەك كۆككە پەرۋاز قىلدى:

بۇرادەرلەر، قانداق ئىدى كامىشىنكا دەرياسىدا،
ساراتوفنىڭ چەكسىز كەتكەن شۇ شانلىق دالاسىدا...

شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە يۈز ئاۋاز قەدىمكى كازاك قوشىقىنى قۇدرەت بىلەن يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى، بولۇپمۇ ياردەمچى ناخشىچىنىڭ ئاجايىپ زىل، كۈچلۈك، گۈزەل ئاۋازى ھەممىدىن ياڭراق چىقتى. يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان بۇ ياڭراق ئىنچىكە ئاۋاز، پەسىيىپ بېرىۋاتقان باشقا بوم ئاۋازلارنى بېسىپ چۈشۈپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىنى چاك كەلتۈرۈۋاتقان چاغدا، ناخشا باشلىغۇچى ئاخىرىنى باشلىۋەتتى:

ئۆمۈر سۈرگەن شۇ يەردە ئەركىن دالا خەلقلىرى،
دون، گرېبېن①، يايىقنىڭ② كازاكلىرىدۇر بەرى...

① گرېبېن — گرېبېن كازاكلىرى XVI ئەسىردە شىمالى كاۋكازغا كۆچكەن قاچقۇن دېھقانلار بىلەن دون كازاكلىرىنىڭ ئەۋلادى — ت.

② يايىق — ئورال دەرياسىنىڭ قەدىمكى ئىسمى. يايىق كازاكلىرى — XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يايىق دەرياسى بويىدا قاچقۇن دېھقانلاردىن شەكىللەنگەن كازاكلار — ت.

گرىگورىينىڭ ئىچكى ئەزاسىدا بىر نەرسە ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك بولدى... تويۇقسىز يىغا تۇتۇپ، پۈتۈن ئەزايىنى لەرزىگە سالدى، بوغۇزىغا تىترەك قاپلىشىپ قالدى. ئۇ ياش تۆكمەسلىككە تىرىشىپ، ناخشىنىڭ ئاخىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى - دە، ناخشا باشلىغۇچى كويىنى باشلاش بىلەنلا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن تونۇش بولغان مۇنۇ بېيىتنى ئاستا پىچىرلىدى:

ئاتامانى ئۇلارنىڭ — يېرماك تىموفېيېۋىچ،
ياساۋۇلى ئۇلارنىڭ — ئاستاشكا لاۋرېنتېۋىچ...

ناخشا باشلىنىش بىلەنلا ھارۋا ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتقان كازاكلارنىڭ ئاۋازى جىپپىدە توختىدى، ئاتلارنى «چۇ - چۇ» - لاش بېسىلدى، شۇنىڭ بىلەن مىڭلىغان ھارۋا، ئات - ئۇلاغلار چوڭقۇر سۈكۈنات ئىچىدە بىر تەكشى ئىلگىرىلەپ ماڭدى؛ پەقەت ناخشا باشلىغۇچى باش سۆزلەرنى كۆچەپ تەلەپپۇز قىلىپ، قايتۇرمىسىنى باشلىغان چاغدىلا چاقلارنىڭ تاراقلىشى ۋە لاي كەچكەن ئات تۇياقلىرىنىڭ شىلپىلىشى ئاڭلىنىپ قالاتتى. قاراڭغۇ دالادا تالاي ئەسىرنى باشتىن كەچۈرگەن بىرلا قەدىمكى ناخشا ھۆكۈمران ئىدى. بۇ ناخشا ئاددىي - ساددا سۆزلەر بىلەن بىر زاماندا پادىشاھ لەشكەرلىرىنى باتۇرانە تارمار قىلغان ئەركىن كازاك ئەجدادلىرىنى؛ بۇلارنىڭ دون ۋە ئىدىل دەريالىرى بويلاپ يېنىك ئوغرى كېمىلەردە يۈرگەنلىكىنى؛ پادىشاھنىڭ بۈركۈت تۇمشۇق كېمىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، تالىغانلىقىنى؛ سودىگەرلەرنىڭ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋە لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ «تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرگەنلىكىنى»؛ يىراق سىبىر يەرلىرىنى بويسۇندۇرغانلىقىنى تەسۋىرلەيتتى... شۇنداق قىلىپ، قاپقاراڭغۇ سۈكۈنات ئىچىدە بۇ قۇدرەتلىك ناخشىنى ئاڭ-

لاۋاتقانلار ئەركىن كازاكلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، بۇلار رۇس خەلقىغە قارشى شەرەپسىز ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، شەرمەندىلەرچە چېكىنىۋاتقانلار ئىدى...

پولك ئۆتۈپ بولدى. ناخشىچىلار كارۋانلاردىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، يىراقلاپ كەتتى. ئەمما كارۋان شۇ ناخشىغا ئۇزاققىچە مەھلىيا بولۇپ، سۈكۈنات ئىچىدە ئىلگىرىلەپ باراتتى، ھارۋىلارنىڭ ئۈستىدە نە بىرەر ئېغىز پاراڭ، نە چارچىغان ئاتلارغا ۋارقىراش ئاڭلانمايتتى. ئەمما ناخشا بولسا يىراقتىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تاشقىنلاپ ئاققان دون دەرياسىدەك دولقۇن ئۇرۇپ، كەڭ قانات يېيىپ پەرۋاز قىلاتتى:

ئۇلارنىڭ ئۆي - غېمى بىرلا ھامان:
يازغۇ ئۆتۈۋاتىدۇ ئىللىق، ئوبدان.
يېتىپ كەلسە، دوستلىرىم، زىمىستان،
بىزگە قىشلاشقا نەدە ماكان؟
يايىققا بارايلى دېسەك، يول يىراق،
ئوغرى دەيدۇ بىزنى ئىدىلغا بارساق.
قازانغا بارساق — ئۇ يەردە بار پادشاھ،
ئىۋان ۋاسىلىيېۋىچتۇر، بۇ زالىم شاھ...

ناخشىچىلارنىڭ ئاۋازى ئەمدى ئاڭلانماي قالدى، بىراق ياردەمچى ئاۋاز بىر پەسىيىپ، بىر يۇقىرى ئۆرلەپ، ھامان جاراڭلايتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى تىنغاندىن كېيىن يەنىلا جىددىي چوڭقۇر سۈكۈنات باشلاندى.

... يەنە بىر ئىش، خۇددى چۈشىدە كۆرگەندەك. گرىگورىينىڭ ئېسىدە قالغانىدى: ئۇ ئىللىق بىر ئۆيدە ھوشىغا كەلدى، — كۆزىنى ئاچماستىن، پۈتۈن بەدىنى يېپىپىڭى، پاكىز، جانغا راھەت ئاپئاق كۆرپە - ياستۇقلارنى ھېس قىلدى،

دىمىقىغا چۈچۈمەل دورا پۇرىقى ئۇرۇلدى. دەسلەپكى پەيتتە ئۇ ھەربىي دوختۇرخانىدا ياتسام كېرەك دەپ ئويلىدى، ئەمما ياندىكى ئۆيدىن ئەركىشىنىڭ توختاۋسىز قاقاقلاپ كۈلگىنى، قاچا-قۇچىنىڭ جاراڭلىشى، مەست ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تونۇش بىرى يوغان ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

... مانا بىلەرمەنمۇ چىقىپ قالدى! بىزنىڭ قىسىملىرىمىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك ئىدى، بىز ئۇلارغا ياردەملەشكەن بولاتتۇق. قېنى، ئىچۋەت، نېمە ئاغزىڭنى ئېچىپ ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟!

پروخور يىغلامسىرىغان مەست ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى:

— توۋا قىلدىم خۇدايىم، مەن ئۇنى نەدىن بىلىمەن؟ ئۇنى بېقىش ماڭا ئاسانغا چۈشكەن دەپ ئويلامسىلەر؟ كىچىك بالىغا نان چايناپ بەرگەندەك تاماق يېگۈزدۈم، سۈت ئىچكۈزدۈم. ئېيسا مەسىھ گۇۋاھ، ناننى چايناپ ئاغزىغا سېلىپ تۇردۇم، خۇدا ھەققى! چىشلىرى كىرىشىپ قالغاندا قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاچتىم... بىر قېتىم ئاغزىغا سۈت قۇيۇۋاتقىنىمدا گېلىغا تىقىلىپ قېلىپ، ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالدى... بۇنى ئۆزۈڭلار بىر ئويلاپ كۆرۈڭلارچۇ!

— تۈنۈگۈن ئۇنى يۇيۇندۇردۇڭمۇ؟

— يۇيۇندۇردۇم ھەم ماشىنا بىلەن چېچىنى ئالدىم، پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى سۈتكە خەجلەپ بولدۇم... پۇلۇمغا ئانچىلىك ئىچىممۇ ئاغرىپ كەتمەيدۇ، پۇل دېگەننى ئۇ يەردە قويسا، بۇ يەردە تۇرمايدۇ! لېكىن ھەممىدىنمۇ نان چايناپ بېرىش، تاماقنى قول بىلەن يېگۈزۈشنى ئالايلى. سېنىڭچە، بۇ ئوڭاي ئىشمۇ؟ بۇنى ئوڭاي دېگۈچى بولما، ئۇنداق بولمىغاندا، مۇشتۇم بىلەن سالىمەن، مەنسەپ، دەرىجەڭگە قارىمايمەن!

گرىگورىي ياتقان ئۆيگە پروخور، خارلامپىي يېرماكوف،

سۈر كاراكول پاپاخىنى گەجگىسىگە كيىۋالغان، يۈزى قىزىلچىدەك قىزىرىپ كەتكەن پېترو بوگاتىرېڧ، پلاتون رەبچىكوڧ ۋە يەنە ناتونۇش ئىككى كازاك كىرىپ كەلدى.

— ۋوي، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قاراۋاتىدۇ!!! — يېرماكوڧ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى - دە، دەلدەڭشىپ مېڭىپ گرىگورىينىڭ قېشىغا كەلدى.

قارنى - كۆكسى كەڭ، خۇش خۇي پلاتون رەبچىكوڧ قولىدىكى شېشىنى شالداقلىتىپ، يىغلاپ تۇرۇپ، ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتى:

— گرىشا! قېرىندىشىم! چىردا قانداق تاماشا قىلغانلىقىمىزنى بىر ئېسىڭگە كەلتۈرگىنە! بىز قانداق جەڭ قىلدۇق - ھە! بىزنىڭ جەڭگىۋارلىق شان - شۆھرىتىمىز نەگە كەتتى؟! مۇنۇ گېنېراللار بىزگە قانداق نەيرەڭۋازلىقنى ئىشلىتىۋاتىدۇ ۋە ئارمىيىمىزنى نېمە قىلىپ قويۇشتى؟! ئۇلارنىڭ يەتمىش پۇشتى، ئۇرۇق - ئەۋلادىنىڭ بېشىغا تېپەي! ساڭا قايتا جان كىردىمۇ؟ مە، مۇنۇنى ئىچ، بىردىن ساقىيىپ كېتىسەن! بىز — ساپ ئىسپىرت!

— سېنى ئاران تاپتۇق! — دېدى يېرماكوڧ خۇمار كۆزلىرىنى خۇشال چاقنىتىپ. شۇنىڭ بىلەن گرىگورىينىڭ كارىۋىتىغا لاسىدە ئولتۇردى - دە، ئۇنىڭ ئېغىر گەۋدىسى بىلەن كارىۋات پەسكە ئولتۇرۇشۇپ كەتتى.

— بىز قەيەردە؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي ئۇنىنى ئاران - ئاران چىقىرىپ، كازاكلارنىڭ تونۇش يۈزلىرىگە تەسلىكتە كۆز يۈگۈرتۈپ.

— يېكاتېرىنودارنى ئىشغال قىلدۇق! تېز ئارىدا يەنە ئالغا ئىلگىرىلەيمىز! ئىچ! گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ! سەن بىزنىڭ قەدىردانىمىز! ئورنۇڭدىن قوپ، خۇدا ھەققى، بۇنداق ياتساڭ،

مەن سىنى ياخشىلاپ كۆرەلمەيمەن! — رەبچىكوف گرىگورىينىڭ ئايىغىغا يىقىلدى، ئەمما ئۇندىمەي كۈلۈپ، باشقىلاردىن سەگەكرەك تۇرغان بوگاتىرېف ئۇنىڭ كەمىرىدىن تۇتقان پېتى، دەس كۆتۈرۈپ، ئاۋايلاپ پولغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— قولىدىن شىشىنى ئال! تۆكۈلۈپ كېتىدۇ! — دېدى يېرماكوف ئەنسىرەپ، ئاندىن مەست كۈلكە بىلەن ھىجىيىپ، گرىگورىيغا دېدى، — بىزنىڭ نېمە سەۋەبتىن تاماشا قىلىۋاتقانلىقىمىزنى بىلەمسەن؟ بۇنىڭ سەۋەبى، كۆڭۈلدە نارازىلىقىمىز بار، بۇ يەردە كازاكلارغا بىراۋنىڭ شىپالىق زەمزىمىگە ئېغىز تېگىش نېسىپ بولۇپ قالدى... شاراب ئىسكىلاتىنى بۇلىدۇق، قىزىللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ، شۇنداق قىلدۇق... ئۇ يەردە كارامەت بىر ئىش بولدى. بۇنداق كارامەتنى چۈشۈڭدىمۇ كۆرمەيسەن! كۆپچىلىك سىستېرنىغا① ئوق ئېتىشقا باشلىدى: تۆشۈك تېشىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىسپىرت جوغاپ چىققىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن سىستېرنا ئەتراپىدىن غەلۋىردەك تۆشۈك تېشىشتى - دە، ھەركىم بىر تۆشۈك تۈۋىدە تۇرۇۋېلىپ، ئۇدۇل كەلگەن نەرسىنى تۆشۈكتىن جوغاپ چىققان ئىسپىرتقا تۇتتى. بەزىسى شەپكىسىنى، بەزىسى چېلەك، بەزىسى سۇدان تۇتۇشتى، گايىبىرلىرى چاڭگىلىنى تۇتۇپ، ئۆز جايىدىلا ئوچۇملاپ ئىچىشتى... ئىسكىلاتنى ساقلاپ تۇرغان پىدائىيلار ئارمىيىسىنىڭ ئىككى ئەسكىرىنى چېپىپ تاشلاپ، ھەش - پەش دېگۇچە ئاچكۆزلۈك بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇپ، تاماشىنى باشلىۋەتتى. بىر كازاك مېنىڭ كۆز ئالدىمدا سىستېرنانىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، ئات سۇغىرىدىغان چېلەكنى پاتۇرماقچى بولۇپ، شۇنداق ئېڭىشكەنىدى، غىرت قىلىپ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى - دە، ئىسپىرتقا غەرق بولۇپ ئۆلدى. سېمونت پولدا ئىسپىرت دەريالاپ

① سىستېرنا — سۇيۇقلۇق قاچىلايدىغان چوڭ مېتال ئىدىش — ت.

ئېقىپ، تىزغا چىقتى، ئادەملەر خۇددى دەريادىكى ئاتتەك كېچىپ يۈرۈپ، ئېگىشىپ، ئايىغى ئاستىدىنلا ئېچىشتى - دە، تۇرغان يېرىدە يېيىلىپ يېتىپ قېلىشتى... بۇ ئىش ھەم كۈلكىلىك، ھەم ئېچىنىشلىق ئىدى! شۇ يەردە نۇرغۇنى مەست بولۇپ ئۆلەر. بىزمۇ شۇ يەردىن ئۆز نېسىۋىمىزنى تاپتۇق. بىزگە كۆپىنچىمۇ كېرىكى يوق ئىدى، بەش چېلەكلىك بىر بوچكىنى يۇمىلىتىپ ئەكەلدۇق، بىزگە شۇمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. قېنى، ئىچىپ كۆڭۈل ئاچايلى! بەرىبىر — تىنچ دون ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ! ئۇ يەردە ئادەملەر پىلاتوننى ئىسپىرتقا غەرق قىلىۋېتىشكە ئاز قالدى. ئۇنى پولىنىڭ ئۈستىگە يىقىتىپ، پۇتى بىلەن يانجىشقا باشلىدى، ئۇ ئىككى قېتىم ئىچىپلا تەييار بولۇپ قالدى. مەن ئۇنى تەسلىكتە ئۇ يەردىن تارتىپ چىقاردىم...

بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئىسپىرتنىڭ، پىيازنىڭ، تاماكىنىڭ پۇرىقى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى. گرىگورىينىڭ سەل - پەل كۆڭلى ئېلىشىپ، بېشى ئايلاندى - دە، قىيىنلىپ كۆلۈمسىرەپ كۆزىنى يۇمدى.

ئۇ يېكاتېرىنوداردا، بوگاتىرېفقا تونۇش بولغان بىر دوختۇرنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتە يېتىپ، ئاستا - ئاستا ساقىيىپ قالدى، شۇندىن كېيىن پروخور ئېيتقاندەك: «تۈزىلىشكە قاراپ يول ئالدى.» شۇنداق قىلىپ، ئابىنسكايا بازىرىدا پۈتۈن چېكىنىش مەزگىلىدە بىرىنچى قېتىم ئاتقا مىندى.

× ×

نوۋوروسسىكىدا ئېۋاكۇئاتسىيە① كېتىۋاتاتتى. پاراخوتلار

---

① ئېۋاكۇئاتسىيە — يارىدارلارنى، ئاھالىنى ۋە مۇھىم زاۋۇت - كارخانىلارنى دۈشمەن ھۇجۇمى ئاستىدىكى جايلاردىن كۆچۈرۈپ كېتىش — ت.

رۇسىيەنىڭ يانچۇقى توم بايلىرىنى، پومېشچىكلىرىنى، گېنېراللىرىنىڭ ئائىلىلىرىنى ۋە نوپۇزلۇق سىياسىي ئەربابلارنى تۈركىيىگە ئەكېتىۋاتاتتى. پىرىستانلاردا كېچە - كۈندۈز يۈك قاچىلاش داۋام قىلىنىۋاتاتتى. يۇنكېرلار يۈكچىلەر ئارىسىدا ئىشلەپ، پاراخوتلارنىڭ ئامبارلىرىغا ھەربىي مال - مۈلۈكلەرنى، مۆتىۋەر قاچاقلارنىڭ چامادانلىرىنى ۋە يەشىكلىرىنى بېسىپ لىق تولدۇراتتى.

پىدائىيلار ئارمىيىسىنىڭ قىسىملىرى قېچىشتا دونلۇقلار بىلەن كوبانلىقلارنىڭ ئالدىغا كىرىۋېلىپ، نوۋوروسسىيسكقا ئەڭ بۇرۇن يېتىپ باردى - دە، يۈك كېمىلىرىگە چۈشۈشكە باشلىدى. پىدائىيلار ئارمىيىسىنىڭ شتابى پورتقا كەلگەن «ھىندىستان ئىمپېراتورى» ناملىق ئىنگلىز ھەربىي كېمىسىگە تەدبىرچانلىق بىلەن يۆتكىلىۋالدى. جەڭ تونىلنىيانىڭ قېشىدا كېتىۋاتاتتى. نەچچە ئونمىڭلىغان قاچاقلار شەھەر كوچىلىرىغا پاتماي قالغانىدى. ھەربىي قىسىملار داۋاملىق كېلىۋاتاتتى. پىرىستان ئەتراپى ھەددىدىن تاشقىرى تىقىنچىلىق ئىدى. ئىگىسى تاشلاپ كەتكەن نەچچە مىڭلىغان ئاتلار توپ - توپ بولۇپ، نوۋوروسسىيسك ئەتراپىدىكى ھاك تاشلىق تاغنىڭ يان باغرىدا گاڭگىراپ يۈرۈشەتتى. پىرىستان بويىدىكى كوچىلاردا كازاك ئېگەرلىرى، قورال - جابدۇقلىرى، ھەربىي مال - مۈلۈكلەر دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. ئەمدىلىكتە بۇلارنىڭ ھېچكىمگە كېرىكى يوق ئىدى. كېمىگە پەقەت پىدائىيلار ئارمىيىسى چۈشىدىكەن، دونلۇقلار بىلەن كۇبانلىقلار ھەربىي يۈرۈش تەرتىپى بىلەن گرۇزىيىگە بارىدىكەن دېگەن مىش - مىش گەپ پۈتۈن شەھەر بويلاپ تارالغانىدى.

25 - مارت كۈنى ئەتىگەندە گرىگورىي بىلەن پلاتون رەبچىكوف 2 - دون كورپۇسىنىڭ قىسىملىرى كېمىگە چىققان - چىقمىغانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن پىرىستانغا مېڭىشتى،

چۈنكى بىر كۈن بۇرۇن كازاكلار ئارىسىدا: گېنېرال دىنىكىن
قورال ـ ياراغ، ئات ـ ئۇلاغلىرىنى ساقلاپ قالغان بارلىق
دونلۇقلارنى قىرىمغا توشۇش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىپتۇ، دېگەن
خەۋەر تارالغانىدى.

پىرىستان سالىسكى ئوكروكىنىڭ قالماقلىرى بىلەن تولغانـ
دى. ئۇلار مانىچ بىلەن سالىسكىدىن توپ ـ توپ ئات، تۆـ
گىلەرنى ھەيدەپ كەلگەن، ئۆزلىرىنىڭ تۇرار جاي ياغاچ بوتـ
كىلىرىنى دېڭىز ياقىسىغا توشۇپ ئەكىلىشكەن. گرىگورىي بىلەن
رەبچىكوف خەلق توپى ئارىسىدا قوي يېغىنىڭ چۈچۈمەل ھىدىنى
پۇراپ. كېمە باغلايدىغان جاي ئالدىدا تۇرغان چوڭ ترانسپورت
پاراخوتىنىڭ كۆچمە كۆۋرۈكىگە يېقىنلا كېلىشتى. كۆۋرۈكنى
ماركوف دىۋىزىيىسىنىڭ ئوفىتسېرلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان كۈچـ
لۈك قاراۋۇللار ساقلاپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ قېشىدا دونلۇقـ
لاردىن تەركىب تاپقان زەمبىرەكچىلەر كېمىگە چىقىشنى كۈتۈپ
توپلىشىپ تۇرۇپتۇ. پاراخوتنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە ماش رەڭ
بىرېزېنت يېپىلغان زەمبىرەكلەر بار ئىدى. گرىگورىي قىسىلىپ
يۈرۈپ تەسلىكتە ئالدىغا ئۆتتى ـ دە، قارا بۇرۇتلۇق ياشقىنا
ۋاخمىستىردىن:

— يۇرتداش، بۇ قايسى باتارېيە؟ — دەپ سورىدى.

— ئوتتۇز ئالتىنچى.

— كارگىنسكايا باتارېيىسىمۇ؟

— دەل شۇنداق.

— بۇ يەردە كېمىگە چىقىش ئىشىنى كىم باشقۇرۇۋاتىدۇ؟

— ئەنە ئاۋۇ سالاسۇن ئالدىدا تۇرغان پولكوۋنىك.

رەبچىكوف گرىگورىينىڭ يېڭىدىن تارتىپ ئاچچىقى بىلەن دېدى:

— كېتەيلىچۇ بۇ يەردىن، كۆزىمىز كۆرمىسۇن بۇ ئەبلەخـ
لەرنى! بۇ يەردە ئۇلاردىن نېمە پايدا تاپارسەن؟ ئۇرۇش قىلىـ

ۋاتقان چېغىمىزدا ئۇلارغا كېرەك ئىدۇق. ئەمدى ئۇلار بىزنى ھېچنېمىگە كېرەك قىلمايدۇ...

ۋاخمىستىر كۆلۈمسىرەپ، سەپكە تىزىلىپ ئۆۋەتچىلىكتە تۇرغان توپچىلارغا كۆزىنى قىسىپ قويدى:

— توپچىلار، سىلەر بەختىيارسىزلەر! ئۇلار ئوفىتسېر جانابلارنىمۇ ئالمايۋاتىدۇ.

كېمىگە چىقىش ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان پولكوۋنىك ئىلدام كۆۋرۈك بىلەن ماڭغانىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىممەت باھا جۇۋا كىيگەن تاقىرباش بىر ئەمەلدار ئالدىراپ-تېنەپ ئەگىشىپ ماڭدى، بۇ ئادەم دېڭىز مۈشۈكى تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇمىقىنى كۆكسىگە بېسىپ، بىر نېمە دەپ يالۋۇراتتى، ئۇنىڭ تەرلىگەن يۈزىدە ۋە خىرە كۆزلىرىدە شۇنچىلىك ئۆتۈنۈش ئىپادىسى ئەكس ئېتەتتىكى، پولكوۋنىك رەھىمسىزلىك بىلەن ئارقىسىغا قايرىلىپ، قوپاللىق بىلەن ۋارقىرىدى:

— مەن سىزگە بىر قېتىم ئېيتتىمغۇ! ماڭا يېپىشىۋالماڭ، بولمىسا قىرغاققا ئاپارغۇزۇۋېتىمەن! سىز ئەقلىڭىزدىن ئادىشىپسىز! سىزنىڭ ئەسكى-تۈسكىلىرىڭىزنى نەگە قويىدىكەنمىز؟ سىز قارىغۇ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسىز؟ ھەي، سىز پۈتۈنلەي قاملاشمايدىغان ئادەم ئىكەنسىز! مەيلى سىز، خۇدا ھەققى، گېنېرال دېنىكىننىڭ ئۆزىگە بېرىپ ئەرز قىلىڭ! مەن بولمايدۇ، دېدىممۇ، بولمايدۇ، سىز رۇس تىلىنى چۈشىنەمسىز؟!

پولكوۋنىك ئىنجىق ئەمەلداردىن قۇتۇلۇپ، گرىگورىينىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، گرىگورىي ئۇنىڭ يولىنى توستى-دە، قولىنى فۇراژكىسىنىڭ كوزىركىسىغا تۇتۇپ، ھاياجانلانغان ھالدا سورىدى:

— ئوفىتسېرلارنىڭ پاراخوتقا چىقىشىدىن ئۇمىد كۈتسە بولامدۇ؟

— بۇ پاراخوتقا بولمايدۇ. ئورۇن يوق.

— ئۇ چاغدا قايسىغا چىقىشقا بولىدۇ؟

— ئېۋاكوئاتسىيە پونكىتىغا بېرىپ ئۇقۇشۇپ بېقىڭ.

— بىز ئۇ يەرگە باردۇق، ھېچكىم ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەن.

— مەنمۇ بىلمەيمەن، مېنى قويۇۋېتىڭ!

— سىز 36 - باتارېيىنى كېمىگە چىقىرىۋاتىسىزغۇ! بىزگە نېمىشقا ئورۇن يوق؟

— مەن سىزگە قويۇۋېتىڭ دەۋاتىمەن! مەن مەلۇمات بېرىدىغان بيۇرو ئەمەسمەن! — پولكوۋنىك گرىگورىيېنى ئاسانلا ئىتتىرىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئەمما گرىگورىي جايىدا مەھكەم تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە زەگگەر ئۇچقۇن بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ تۇراتتى.

— ئەمدى بىز سىلەرگە كېرەك بولماي قالدۇقمۇ؟ بۇرۇن كېرەك ئىدۇق، شۇنداقمۇ؟ قولىڭىزنى تارتىڭ، سىز مېنى ئىتتىرەلمەيسىز

پولكوۋنىك گرىگورىينىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ، ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى؛ كۆۋرۈكتە تۇرغان ماركوفلىقلار مىلتىقلىرىنى ئالدىغا قارىتىپ تۇتۇپ، يۈپۈرۈلۈپ كەلگەن خالايىقنى ئارانلا توختىتىپ تۇراتتى. پولكوۋنىك گرىگورىينىڭ يۈزىگە قارىماي تۇرۇپ، هارغىنلىق بىلەن سورىدى:

— سىز قايسى قىسىمدىن؟

— مەن — 19 - دون پولكىدىن، قالغانلار باشقا پولكلاردىن.

— ھەممەڭلار قانچە كىشى؟

— ئون ئادەم.

— قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئورۇن يوق.

رەبچىكوف گرىگورىينىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى تىترەۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى، گرىگورىي ئۇنىنى ئاستا چىقىرىپ:

— نېمانچە مەمەدانلىق قىلىسەن، ئەبلەخ؟! ئارقا سەپتە جان بېقىپ كەلگەن پىت! بىزنى ھازىرلا پاراخوتقا قويۇۋەت، بولمىسا...، — دېدى.

گىرىشا ئۇنى ھازىرلا چېپىپ تاشلايدىغان بولدى! دەپ ئويلىدى رەبچىكوف غەزەپ ئارىلاش كۆڭلى يايراپ، ئەمما ماركوف دېۋىزىيىسىنىڭ ئىككى ئوفىتسېرى مىلتىقنىڭ قونداقى بىلەن توپ ئارىسىدىن يول ئېچىپ، پولكوۋنىكقا ئالدىراش ياردەمگە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن گرىگورىينىڭ يېڭىدىن تارتىپ، ئاگاھلاندۇردى:

— ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولما، پانتېلېيېۋىچ! كېتەيلى...

— سىز — تەنتەك ئادەمسىز! بۇ قىلىقلىرىڭىز ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىز! — چىرايى ئۆڭگەن پولكوۋنىك شۇ سۆزنى دېدى - دە، ئالدىراش يېتىپ كەلگەن ماركوفلىقلارغا گرىگورىينى كۆرسىتىپ:

— جانابلار! مۇنۇ سودايىنى تىنچىتىپ قويۇڭلار! بۇ يەردە تەرتىپ ئورنىتىش كېرەكقۇ! مېنىڭ كومېندانت قېشىغا بارىدىغان مۇھىم ئىشىم بار، مانا بۇ يەردە ھەركىمدىن ھەر خىل يېقىمسىز سۆزلەرنى ئاڭلايسىز...، —دېدى - دە، گرىگورىينىڭ يېنىدىن ئالدىراپ - تېنەپ ئۆتۈپ كەتتى.

كۆك پەشمىتىنىڭ مۇرىسىگە پوروۋچىك پاگونى قادالغان، ئىخچام ئىنگلىزچە بۇرۇت قويغان ئۇزۇنتۇرا ماركوفلىق گرىگورىينىڭ قېشىغا تاقىلىپلا كەلدى.

— سىزگە نېمە كېرەك؟ نېمىشقا تەرتىپنى بۇزىسىز؟

— پاراخوتتىن ئورۇن. ماڭا مانا شۇ كېرەك!

— سىزنىڭ قىسمىڭىز نەدە؟
— بىلمەيمەن.
— ھۆججىتىڭىز قېنى؟
قاراۋۇلنىڭ ئىككىنچىسى، بۇرۇن كۆزەينەك تاقىغان قېلىن كالپۇك ياش يىگىت بوم ئاۋاز بىلەن:
— ئۇنى قاراۋۇلخانىغا ئاپىرىش كېرەك. ۋاقىتىنى زايا قىلمايلى، ۋىسوتىسكى! — دېدى.
گرىگورىيېنىڭ گۇۋاھنامىسىنى پورۇچىك دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن قولىغا قايتۇرۇپ بەردى.
— سىز ئۆز قىسمىڭىزنى ئىزدەپ تېپىڭ. مەن سىزگە بۇ يەردىن كېتىشكە، يۈك قاچىلاشقا توسالغۇ بولماسلىقىڭىزغا مەسلىھەت بېرىمەن. ئىنتىزامسىزلىق قىلىپ يۈك قاچىلاشقا توسقۇنلۇق قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى، دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قاماققا ئېلىش توغرۇلۇق بىزدە بۇيرۇق بار، — پورۇچىك لەۋلىرىنى مەھكەم قىسىپ، بىردەم كۈتۈپ تۇردى - دە، رەبچىكوفقا كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، گرىگورىيغا ئېگىلىپ، پىچىرلىدى، — سىزگە مۇنۇ مەسلىھەتنى بېرىمەن: 36 - باتارىيېنىڭ كوماندىرى بىلەن سۆزلىشىپ، شۇلارنىڭ قاتارىدا ئۆچىرەتتە تۇرۇڭ، بەلكى، پاراخوتقا ئولتۇرۇپ قالارسىز.
رەبچىكوف پورۇچىكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، خۇشال بولۇپ كەتتى - دە، دېدى:
— كارگىنىنىڭ قېشىغا بار، مەن دەرھال ھەمراھلىرىمىزنى ئەكېلەي، سېنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىڭ قاچىلانغان قاپتىن باشقا، يەنە ئالىدىغان نېمىلىرىڭ بار؟

— بىللە بارىمىز، — دېدى گرىگورىي سوغۇققانلىق بىلەن.

ئۇلار يولدا سىمبىنوۋسكى يېزىسىدىن بولغان تونۇش بىر كازاكقا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ چوڭ فورمانكا هارۋىغا قاپ - قاپ نان قاچىلاپ، ئۈستىنى برېزېنت بىلەن يېپىپ، پىرىستانغا ئەكىلىۋاتاتتى. رەبچىكوف ئۇنى چاقىرىپ توختاتتى:

— فىدور، سالامەتمۇسەن! نەگە ئەكىتىۋاتىسەن؟

— ئە - ه - ه، پىلاتون، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، سالامەت تۇردۇڭلارمۇ؟ ئۆز پولكىمىزنىڭ سەپەردىكى يېمەكى ئۈچۈن نان يەتكۈزۈپ بېرىۋاتىمىز. بۇنى تەسلىكتە پىشۇردۇق، ئۇنداق بولمىغاندا يولدا پەقەت سۈيۈق ئۇماچ ئىچىشكە توغرا كېلەتتى...

گرىگورىي توختىغان هارۋىنىڭ قېشىغا كېلىپ سورىدى:

— نېنىڭ تارازىدا تارتىلغانمۇ ياكى ساناقلىقمۇ؟

— ئۇنى كىم ساناپ يۈرىدۇ؟ خوش، سىلەرگە نان لازىممۇ؟

— لازىم.

— ئال.

— قانچىلىك ئالسام بولار؟

— ئەكىتەلىگىنىڭچە ئال، نان بىزگە يېتىدۇ!

رەبچىكوف گرىگورىينىڭ ناننى قولى - قولىغا تەگمەي، بىر - بىرلەپ ئېلىۋاتقانلىقىغا ئەجەبلىنىش بىلەن قاراپ، ئاخىر چىداپ تۇرالماي سورىدى:

— ئۇنى شۇنچىلىك كۆپ ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟

— لازىم، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى گرىگورىي.

ئۇ هارۋىكەشتىن ئىككى مىشكاپ سورىۋېلىپ، ناننى مىش-

گاپقا قاچىلىدى، ئاندىن ھارۋىكەشنىڭ بۇ ياردىمىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، خوشلاشتى - دە، رەبچىكوفقا بۇيرۇق قىلدى:

— كۆتۈر قېنى، ئەكىتىمىز.

— سەن بۇ يەردە قىشلاپ قالماقچىمۇسەن؟ — دەپ سورىدى رەبچىكوف ئىستىهزا بىلەن، قاپنى مۈرىسىگە يۈدۈۋېتىپ.

— بۇنى ئۆزۈمگە ئالغىنىم يوق.

— ئۇنداق بولسا كىمگە ئالدىڭ؟

— ئاتقا.

رەبچىكوف دەرھاللا قاپنى يەرگە قويۇپ، ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

— چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟

— ياق، راست گەپ.

— دېمەك، سەن... پانتېلېيېۋىچ، نېمىنى ئويلاۋاتىسەن؟ سەن قېپقېلىشنى خالاۋاتىسەنغۇ، شۇنداق چۈشەنسەم بولامدۇ؟

— توغرا چۈشىنىپسەن. قاپنى كۆتۈر، كەتتۇق. ئاتقا يەم بېرىش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ئوقۇرنى غاجىلاپ بىر يەرگە ئاپىرىدۇ. ئات تېخى لازىم بولىدۇ، ھەربىي خىزمەتنى پىيادە يۈرۈپ قىلالمايسەن...

رەبچىكوف تاكى ئۆيگە يېتىپ بارغۇچە ئۈنچىقمىدى، قاپنى پات - پات ئۇ مۈرىسىدىن بۇ مۈرىسىگە يۆتكەپ، ئۇھ - ئۇھلاپ ماڭدى؛ يان ئىشىككە يېقىن كەلگەندە:

— باللارغا ئېيتامسەن؟ — دەپ سورىدى - دە، جاۋاب كۈتمەستىنلا، سەل رەنجىگەن ئاھاڭدا مۇنداق دېدى، — سەن بۇنى قالتىس ئويلاپسەن... ئەمدى بىز قانداق قىلارمىز؟

— نېمە قىلماقچى بولساڭلار مەيلى، — دەپ جاۋاب بەردى گرىگورىي ياسىما بىپەرۋالىق بىلەن، — بىزنى پاراخوت-

قا ئالمايدۇ، ھەممىمىزگە ئورۇن چىقمايدۇ، ئورۇنىنىڭ كېرىكىمۇ يوق. نېمە قىلىمىز شۇ خەقنى، ئۇلارغا نېمانچە يېپىشىۋالغۇلۇق! قالىمىز، بەختىمىزنى سىنايمىز. كىرمەمسەن، نېمە كەپىلىشىپ تۇرىسەن ئىشىكتە؟

— سېنىڭ گېپىڭگە قۇلاق سالمەن دەپ تۇرۇپ قاپتىمەن... ھەتتا ئىشىكنىمۇ كۆرمەي تۇرىمەن. ھەي، شۇمۇ ئىش بولدىمۇ! گىرىشا، سەن پالتىنىڭ ئارقىسى بىلەن كاللامغا بىرنى سالغاندەك بولدۇڭ جۇمۇ، دەر ھەقىقەت مېڭەم قاچتى. مەن بايا: بۇ نانىنى ئۇ نېمىشقا سورىۋالىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ كېتىپتۇمەن. ئەمدى بىزنىڭ يىگىتلەر بۇ ئىشنى بىلىش بىلەنلا دەككە-دۈككىگە چۈشىدۇ.

— خۇش، سەن ئۆزۈڭ قانداق قىلىسەن؟ قالامسەن؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي قىزىقىپ.

— نېمە دەۋاتىسەن! — دەپ تۇۋلىۋەتتى رەبچىكوف چۆچۈپ.

— ئويلاپ كۆر.

— ئويلايدىغان نېمىسى بار! ھازىرچە پاراخوتقا ئولتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولۇپ تۇرغاندا سۆزسىز كېتىمەن. كارگىن باتارېيىسىگە قوشۇلۇۋالىمەن-دە، كېتىمەن.

— بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك بولىدۇ.

— شۇمۇ گەپمۇ! بۇرادەر، ماڭا ئۆزۈمنىڭ بېشى قىممەتلىك. قىزىللارنىڭ جاللاتلىق قىلىچىنى بېشىمدا ئويىنتىشقا خۇشتۇم يوق.

— ئۇھ، يەنە ئويلان، پلاتون! ئىش شۇنداق...

— بولدى، گەپنى توختات! ھازىرلا كېتىمەن.

— مەيلى، خالىغىنىڭنى قىل، نەسىھەت قىلىپ ئولتۇرمايمەن، — دېدى گىرىگورىي رەنجىپ. شۇنىڭ بىلەن تاش پەلەم-

پەيگە ئالدى بىلەن ئۆزى قەدەم قويدى.

ئۆيدە نە يېرماكوف، نە پروخور، نە بوگاتىرېف يوق ئىدى. ياشىنىپ قالغان ئۆي ئىگىسى ئەرمەن ئايالىنىڭ ئېيتىشىچە، كازاكلار ھازىرلا قايتىپ كېلىمىز دەپ سىرتقا چىقىپ كېتىشىپتۇ. گرىگورىي يېشىنمەستىنلا بولكا ناننى چوڭ - چوڭ تىلىملاپ توغرىدى - دە، دەرھال سارايدىكى ئاتلارنىڭ قېشىغا كەتتى. گرىگورىي ناننى ئۆزىنىڭ ئېتى بىلەن پروخورنىڭ ئېتىغا تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىپ، سۇ ئەكېلىش ئۈچۈن چېلەكنى قولىغا ئېلىپ، ماڭماقچى بولۇۋىدى، رەبچىكوفمۇ ئىشىكتە پەيدا بولدى. چوڭ - چوڭ سۇندۇرۇلغان ناننى ئۇ شىنېلىنىڭ ئېتىكىدە ئاۋايلاپ تۇتۇپ تۇراتتى، رەبچىكوفنىڭ ئېتى ئىگىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى سېزىپ قىسقىلا كىشنەپ قويدى. رەبچىكوف ۋەزمىن كۆلۈمسىرەپ تۇرغان گرىگورىينىڭ يېنىدىن ئۈنچىقماستىن ئۆتۈپ، ئۇۋاقلانغان ناننى ئوقۇرغا تۆكتى - دە، گرىگورىيغا قارىماستىن دېدى:

— ھىجايمىساڭچۇ، مەرھەمەت قىلىپ! ئىشىنىڭ يولى شۇنداق بولغاندىن كېيىن ماڭمۇ ئېتىمنى بېقىشقا توغرا كەلدى... سەن مېنى كېتىشكە بەك قىزغىن دەپ ئويلامسەن؟ مەن ئاشۇ لەنىتى پاراخوتقا ئۆزۈمنى ئىلاجىسىزلىقتىنا ياقامدىن سۆرىگەندەك ئاپارمىسام، باشقا چاغدا بارارمىدىم! مېنى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان خەۋپ - خەتەر ھەيدەپ كەلدى... باش دېگەن ئادەمدە بىرلا بولىدۇغۇ؟ ئۇنىڭ چېپىپ تاشلىنىشىنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن — پوكروۋ بايرىمىغىچە ئىككىنچى باش ئۆسۈپ چىقمايدۇ.

پروخور ۋە باشقا كازاكلار پەقەت كەچكە يېقىن قايتىپ كېلىشتى. يېرماكوف چوڭ بىر بوتۇلكا ئىسپىرت ئەكەلدى، پروخور بولسا بىر قاپتا ئاغزى مەھكەم بېكىتىلگەن، سارغۇچ

سۇيۇقلۇق قاچىلانغان شىشە قۇتىلارنى ئەكەلدى.

— مانا بۇ قوشۇمچە تاپاۋەت قىلىپ تاپقان نەرسەمىز! بىر كېچە ئىچىشكە تامامەن يېتىدۇ، — دەپ ماختاندى يېرماكوف بوتۇلكىنى كۆرسىتىپ، ئاندىن چۈشەندۈردى، — بىزگە بىر ھەربىي دوختۇر ئۇچراپ قالغانىدى، ئۇ ئىسكىلاتتىن پىرىستانغا دورا - دەرمان ئاپىرىشىپ بېرىڭلار، دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. پىرىستان ئىشچىلىرى ئىشلەشتىن باش تارتقان، ئىسكىلاتتىن دورىلارنى پەقەت يۈكچىلەرلا توشۇغان. بىزمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ توشۇشۇپ بەردۇق. دوختۇر بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئىسپىرت بىلەن ھەق تۆلىدى. مونۇ شىشە قۇتىلارنى پروخور ئوغرىلاپ ئەكەلدى. يالغان سۆزلىسەم، خۇدا جازامنى بەرسۇن!

— ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نېمە؟ — دەپ سورىدى رەبىچىكوف.

— بۇرادەر، بۇ ئىسپىرتتىنمۇ ياخشىراق ئىچىملىك! — پروخور قۇتىنى سىلكىتتى - دە، قارامتۇل شىشە ئىچىدە قويۇق سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپۈكلەشكەنلىكىگە قاراپ، ئۆز - ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىپ سۆزىنى تۈگەتتى، — بۇ چەت ئەلنىڭ ئەڭ قىممەتلىك شارابى. بۇنى پەقەت بىمارلارغا بېرىدىكەن، ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىغان بىر يۈكچىچاق ماڭا شۇنداق دېدى. پاراخوتقا ئولتۇرىمىز، دەردۇ غەمنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئىچىپ تۈگىتىمىز. «مېنىڭ جانىجان يۇرتۇم» ناخشىسىنى ئېيتىپ، تاكى قىرىمغا يېتىپ بارغۇچە ئىچىمىز، قۇتىسىنى دېڭىزغا چۆرۈۋېتىمىز.

— تېزرەك بېرىپ ئولتۇر، چۈنكى پاراخوت سېنى دەپ ماڭماي تۇرۇۋاتىدۇ. «ھېلىقى قەھرىمانلارنىڭ قەھرىمانى پروخور زىكوف قەيەردىدۇ، ئۇنىڭسىز ماڭالمايمىز!» — دېيىشىۋا-

تىدۇ، — دېدى رەبچىنكوۋ ئىستىھزا بىلەن. ئاندىن بىردەم ئۈنچىقماي تۇردى - دە، تاماكىدىن سارغايغان بارمىقى بىلەن گرىگورىيېۋنى كۆرسەتتى: ئەنە ئاۋۇ مېگىشتىن قايتىۋالدى. مەنمۇ شۇنداق.

— ئۇنداق ئەمەستۇر؟ — پروخور ھەيرانلىقتىن قولىدىكى قۇتىنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىشكە تاس قالدى.

— بۇ قانداق ئىش؟ سىلەر يەنە قانداق نىيەتكە كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى يېرماكوۋ قاپىقىنى تۈرۈپ، گرىگورىيغا قادىلىپ قاراپ.

— ماڭماسلىققا قارار قىلدۇق.

— نېمە ئۈچۈن؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىزگە ئورۇن يوق ئىكەن.

— بۇگۈن ئورۇن چىقمىسا، ئەتە چىقىدۇ، — دېدى بوگاتىرېۋ ئىشەنچ بىلەن.

— سەن ئۆزۈڭ پىرىستانغا بېرىپ باقتىڭمۇ؟

— خوش، ئۇندىن كېيىن؟

— ئۇ يەردە نېمە ئەھۋال بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟

— ھە، كۆردۈم.

— ھە، خوش دەۋەرمە! كۆرگەنسەن، گەپ قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى. پەقەت رەبچىنكوۋ بىلەن ئىككىمىزنىلا ئالىدىغان بولدى، شۇنداقتىمۇ بىر پىدائىي ئەسكەر بىزنى كارگىن باتارېيىسى قاتارىغا قوشۇلۇۋېلىڭلار، باشقىچە مۇمكىن ئەمەس، دېيدى.

— بۇ باتارېيە تېخى پاراخوتقا چىقمايتۇمۇ؟ — دەپ سورىدى بوگاتىرېۋ ئىلداملا.

ئۇ زەمبىرەكچىلەرنىڭ پاراخوتقا ئۆچىرەت كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى: كىيىم-

كېچەك سالىدىغان قاپقا ئىچكى كىيىملىرىنى، زاپاس شالۋۇر-لىرىنى، گىمناستۇركىسىنى قاتلاپ سالدى، نانىنى قاچىلىدى-دە، خوشلاشتى.

— پېترو، قېپقال! — دەپ مەسلىھەت بەردى يېرماكوف، — بىزگە ئايرىلىپ كېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

بوگاتىرېف جاۋاب بەرمەستىن، تەرلىگەن قولىنى ئۇنىڭغا سوزدى، بوسۇغا ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم تازىم قىلىپ:

— سالامەت بولۇڭلار! خۇدا نېسىپ قىلسا يەنە كۆ-رۈشەرمىز! — دېدى-دە، ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇزاققىچە كۆڭۈلسىز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. يېرماكوف ئاشخانىغا چىقىپ ئۆي ئىگىسىدىن تۆت دانە ئىستاكان ئەكىردى-دە، ئۇنچىق-ماستىن بۇ ئىستاكانلارغا ئىسپىرت قۇيدى، چوڭ بىر مىس چەينەكتە سوغۇق سۇ ئەكىلىپ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى، چوشقا مېيىنى توغرىدى، شۇندىن كېيىن يەنىلا ئۈنچىقمىغان پېتى شىرە يېنىغا ئولتۇردى، ئۇنىڭغا چەينەكنى قويۇپ، بىر-نەچچە مىنۇت ئايىغى ئاستىغا مەنىسىز قارىدى، ئاندىن چەينەكنىڭ جوغىسىدىن سۇ ئىچىپ، خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن:

— كۇبانىنىڭ ھەممە يېرىدە سۇ كىرىسىن پۇرايدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. رەبچىكوف بىر پارچە پاكىز لاتا بىلەن قىلىچىنىڭ تەرلىگەن بىسىنى سۈرتۈشكە باشلىدى، گرىگورىي ساندۇقچىسىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى، پروخور پەرىشان ھالدا دېرىزىدىن تاقىر تاغنىڭ باغرىدا ئاتلارنىڭ توپ-توپ يۈرگەنلىكىگە كۆز تىكەتتى.

— شىرەنىڭ قېشىغا كېلىڭلار، ئىچەيمىز، — يېرماكوف باشقىلارنى كۈتۈپ تۇرماستىنلا يېرىم ئىستاكان ئىسپىرتنى ئاغزىغا تۆمكىرىپلا قۇيۇپ، ئارقىدىن سۇ ئىچتى - دە، بىر پارچە قىزغۇچ چوشقا مېيىنى چاينىپ، خۇش كەيىپ بىلەن گرىگورىيغا قاراپ، سورىدى:

— قىزىل يولداشلار بىزنى قاماققا ئالارمۇ؟

— ھەممەيلەننى قىرىپ تۈگەتمەس. بۇ يەردە مىڭمىڭلىغان خەلق قالدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى گرىگورىي.

— مەن ھەممە ئادەملەر توغرۇلۇق قايغۇرۇۋاتقىنىم يوق، — دېدى يېرماكوف كۈلۈپ، — مەن ئۆز بېشىمنىڭ غېمىنى يەيمەن.

ئۇلار خېلىلا ئىچىشكەندىن كېيىن پاراڭ جانلىنىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن كۈتۈلمىگەندە سوغۇقتىن كۆكىرىپ كەتكەن، چىرايى تۇتۇلغان بوگاتىرېف كىرىپ كەلدى. ئۇ بوسۇغىدىلا بىر تاي يېپيېڭى ئىنگىلىز شىنېلىنى يەرگە تاشلىدى - دە، ئۈنچىقماستىن يېشىنىشكە باشلىدى.

— خۇش كېلىپسىز! — دەپ زەھەرخەندە بىلەن تەبرىكلىدى پروخور بېشىنى ئېگىپ.

بوگاتىرېف ئۇنىڭغا قەھىر بىلەن قاراپ قويۇپ بىر ئۇھ تارتتى:

— دېنىكىن دېگەنلەرنىڭ بارى كېلىپ، كېتەيلى دەپ يالۋۇرسىمۇ كەتمەيمەن! سوغۇقتا ئۆچىرەتتە تۇرۇپ، ئىتتەك توڭلاپ كەتتىم، شۇنداقتىمۇ ھېچ پايدىسى بولمىدى. ماڭا كەلگەندە ئۆچىرەتنى شارتلا توختاتتى. ئالدىمدا ئىككى ئادەم بار ئىدى، بىرىنى قويۇۋەتتى، بىرىنى ئۆتكۈزمىدى. باتارېينىڭ يېرىمى قېپقالدى. بۇ قانداق ئىش - ھە؟

— ئاكىڭىزنى ئاشۇنداق يۇيۇندۇرىدۇ! — دەپ قاقاقلاپ

كۆلدى يېرماكوف، ئاندىن چوڭ بوتۇلكىدىن بۇلدۇقلىتىپ،
بوگاتىرېفقا لىق بىر ئىستاكان ئىسپىرت توشقۇزدى، — مە،
ئىچ، ئۆزۈڭنىڭ ئاچچىق ئەلىمىڭ بىلەن قوشۇپ ئىچىۋەت! ياكى
ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، ساڭا يالۋۇرۇشىنى كۈتەمسەن؟
ئەنە دېرىزىگە قارىغىنا: گېنېرال ۋرانگېل سېنى چاقىرغىلى
كېلىۋاتامدۇ، نېمە؟

بوگاتىرېف ئۈنچىقماستىن، ئىسپىرتنى چىشى ئارىسىدىن
سۈزۈپ ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭ چاقچاققا پەقەتلا ھەۋىسىلىسى يوق
ئىدى. ئەمما يېرماكوف بىلەن رەبچىكوف ئۆزلىرى چالا مەست
ھالدا ئۆي ئىگىسى كەمپىرگە مەست بولۇپ قالغۇچە ئىچكۈزۈپ،
بىر يەردىن گارمۇنچى تېپىپ كېلىش توغرۇلۇق سۆزلىشىپ
قويغانىدى.

— سىلەر ئەڭ ياخشىسى پويىز ئىستانسىسىغا بېرىڭلار، —
دەپ مەسلىھەت بەردى بوگاتىرېف، — ئۇ يەردە ۋاگونلارنى
بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتىدۇ. ھەممە ۋاگونلار كىيىم - كېچەكلەر
بىلەن تولۇپ كەتكەن.

— سېنىڭ ئۇ كىيىم - كېچەكلىرىڭنىڭ كىمگە كېرىكى
بار! — دەپ ۋارقىرىدى يېرماكوف، — سەن سۆرەپ ئە-
كەلگەن شىنېللارمۇ بىزگە يېتىدۇ. ئارتۇقىنى بەرىبىر ئېلىۋالىدۇ.
پېترو! ئىتنىڭ بالىسى! بىز بۇ يەردە قىزىللارنىڭ سېپىگە
كەتمەكچى بولۇۋاتىمىز، چۈشەندىڭمۇ؟ بىز كازاكمۇ ياكى
باشقا خەلقمۇ؟ ئەگەر قىزىللار بىزنى تىرىك قالدۇرسا، ئۇ-
لارنىڭ قېشىغا بېرىپ خىزمەت قىلىمىز! بىز دون كازاكلىرى!
بىزنىڭ قېنىمىز ساپ، باشقا ھېچقانداق قان ئارىلاشمىغان!
بىزنىڭ ئىشىمىز — قىلىچ چېپىش! مېنىڭ قانداق چاپىدىغا-
نلىقىمنى بىلەمسەن؟ كاپۇستا چاپقاندەك چاپىمەن! تۇرغىنا،
سېنى چېپىپ باقاي! ھە، قورقۇپ قالدىڭمۇ؟ كىمنى چاپمايلى،

بىزگە بارى ئوخشاش، پەقەت چاپساقلا بولدى. مېنىڭ دېگىنىم توغرىمۇ، مېلېخوف.

— نېرى تۇر! — گرىگورىي ھارغىنلىق بىلەن ئۇنى قېشىدىن قوغلىدى.

يېرماكوف قان تولغان كۆزلىرى بىلەن قىيا بېقىپ، ساندۇق ئۈستىدە تۇرغان قىلىچىنى ئېلىشقا ئۇرۇندى. بوگاتىرېف ئۇنى مۇلايىملىق بىلەن ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۆتۈنۈپ سورىدى:

— قەھرىمان جەڭچى، سەن تولىمۇ چەكتىن چىقىپ كەتمە، ئۇنداق بولمىغاندا، مەن سېنى بىر يولىلا ياۋاشلىتىپ قويىمەن. ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئىچ، سەن ئوفىتسېر دەرىجىلىك ئادەمسەنغۇ.

— مەن بۇ ئۇنىۋاننى قورال-جابدۇقلار بىلەن قوشۇپ چۆرۈپ تاشلايمەن! ماڭا ھازىر بۇ دەرىجە — ئۇنىۋان چوشقا كىشىنىگە ئوخشاش. بۇنى تىلغا ئالماي قوي! سەنمۇ شۇنداقسەن. پاگونىڭنى كېسىپ تاشلايمۇ؟ پېتە، ھەي، بىچارە، توختا، توختا، مەن ئۇلارنى ھازىرلا...

— تېخى ۋاقتى كەلمىدى، بۇنىڭغا تېخى ئۈلگۈرىسەن، — دەپ كۈلدى بوگاتىرېف، ھېكىسى قىزىپ كەتكەن دوستىنى ئىتتىرىپ.

ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە ئىچىشتى. ئاۋۋال ئاخشامدىلا نەدىندۇر ناتونۇش كازاكلار پەيدا بولغانىدى. بىرى گارمون ئالغاچ كەلگەنىدى. يېرماكوف «كازاچوك» ئۇسسۇلىنى ئوينا-ئوينا ئاخىر يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنى ساندۇقنىڭ قېشىغا سۆرەپ ئاپىرىپ قويغانىدى، داق يەردە ئىككى پۇتىنى چار پاقىدەك كېرىپ، بېشىنى كىيلەڭسىز ئارقىغا تاشلاپ، دەرھال ئۇيقۇغا كەتتى. ئانچە قىزىمىغان بۇ كۆڭۈل ئېچىش تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلدى. «مەن كومىشاتىسكايالىق ئادەم!... نەق بازارنىڭ ئۆزىدىن!

ئۆكۈزلىرىمىز بار ئىدى — مۈڭگۈزىگە قولۇڭ يەتمەيدىغان!
شىردەك ئاتلىرىمىز بار ئىدى! ھازىر ئىگىلىكىمىزدە نېمە
قالدى؟ پەقەت قوتۇر قانچۇق قالدى! پات ئارىدا ئۇمۇ ئۆلىدۇ،
يەيدىغان ھېچنېمە يوق...»، — دېدى ئولتۇرۇشقا كەلگەن تاسادىپىي
تونۇشلارنىڭ بىرى يېشى چوڭراق كازاك مەست ھالدا ھۆكرەپ
يىغلاپ. يىرتىق چېركەسچە چەكمەن كىيگەن بىر كۇبانلىق
گارمونچىغا «نائۇرسكايا» غا چال دەپ بۇيرۇدى — دە، قوللى-
رىنى ئىككى ياققا كېپىنەكتەك كېرىپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ھەيران
قالغۇدەك شۇنداق سىلىق پىرقىراپ ئوينىدىكى، گرىگورىيغا گويا
ئۇنىڭ ئۆتۈكىنىڭ پاشنىلىرى يەرگە تەگمەيۋاتقاندەك كۆرۈ-
نۈپ كەتتى.

يېرىم كېچىدە كازاكلارنىڭ بىرى بىر يەردىن ئىككى
دانە غاز بويۇن كوزا ئەكەلدى؛ قورسىقىغا چاپلانغان مار-
كىسى سەل چىرىگەن بولۇپ، قارىيىپ قالغان، پۇرۇپكىسى سۇر-
گۇچ بىلەن پىچەتلەنگەن، گىلاستەك قىپقىزىل سۇرگۇچ پىچەتنىڭ
ئاستىدىن ئېغىر قوغۇشۇن تامغىلىرى ئېسىلىپ تۇراتتى. پروخور
چېلەكتەك يوغان كوزىنى قولىغا ئېلىپ، ماركىدىكى چەت ئەل
يېزىقىنى ئوقۇماقچى بولۇپ، كالپۇكلىرىنى كۆچەپ پىچىرلاتتى.
ئۇيقۇدىن يېڭىلا تۇرغان يېرماكوف ئۇنىڭ قولىدىن كوزىنى ئې-
لىپ، يەرگە قويدى — دە، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋالدى.
پروخور ئاھ — ۋاھ، دېگۈچە يېرماكوف كوزىنى يانتۇ قىلىپ، بوي-
نىنى بىر سويام يەردىن كېسىپ تاشلىدى — دە، «قېنى، قاچى-
لىرىڭنى تۇت!» — دەپ ۋارقىرىدى.

ئاجايىپ خۇش بۇي قويۇق شارابنى كۆپچىلىك بىر دەمدىلا
ئىچىپ بولۇشتى، شۇندىن كېيىن رەبچىكوف ئۇزاققىچە زوقلانغان
ھالدا تىلىنى چوكۇلدىتىپ ماختاپ كەتتى: «بۇ شاراب ئەمەس،
مۇقەددەس ئابى زەمزەم ئىكەن! بۇنداق شارابنى پەقەت ئۆلۈم

ئالدىدىلا ئىچىش كېرەك، يەنە كېلىپ ھەممە ئادەملەرگە ئەمەس، ئۆمرىدە قارتا ئويىنىمىغانلارغا، تاماكا چەكمىگەنلەرگە، خوتۇن كىشىگە چاقچاق قىلمىغانلارغا ئىچكۈزۈش كېرەك... قىسقىسى، بۇ — باش روھانىيلار ئىچىملىكى!» شۇ چاغدا پروخور ئۆزىنىڭ شىشە - قۇتىلاردىكى شىپالىق شارابى قاپتا تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

— توختا، پلاتون، ئانچىلىك ماختاپ كەتمە! مېنىڭ شارابىم بۇنىڭدىن ياخشى! مۇنۇ بىر تېزەكتەك نەرسىخۇ، مېنىڭ ئەكەلگىنىم ئىسكىلاتنىڭ ئۆزىدىن ئالغان ھەقىقىي شاراب! ھەسەل قوشۇلغان گۈلاپ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق! بۇرادەر، بۇ روھانىيلار ئىچىدىغان شاراب ئەمەس، بەلكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، پادىشاھلار شارابى! بۇرۇن پادىشاھلار مۇشۇنداق شارابنى ئىچەتتى، ھازىر بىزگە ئىچىشكە نېسىپ بولدى...، — دەپ ماختىنىشقا باشلىدى. ئۇ، بىر قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ.

ھاراقتا ئامىراق رەبچىكوف دۇغىلىنىپ تۇرغان ساپسېرىق قويۇق سۇيۇقلۇقتىن يېرىم ئىستاكاننى گۈپ قىلىپ ئىچكەندى، شۇئان چىرايى ئۆڭۈپ، كۆزلىرىنى ئالايتۇرۇپ كەتتى.

— بۇ پەقەت شاراب ئەمەس، كاربون كىسلاتاسى! — دەپ خىرىلدىدى - دە، ئىستاكاندىكى قالغان يېرىمىنى پروخورنىڭ كۆڭلىكىگە قەھەر بىلەن چېچىپ، كارىدورغا دەلدەڭشىپ چىقىپ كەتتى.

— يالغان سۆزلەيدۇ ئۇ، ئەبلەخ! بۇ ئېنگىلىز شارابى! بىرىنچى سورتلۇق! ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەڭلار، بۇرادەرلەر! — پروخور مەستلەرنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۇشۇشكە تىرىشىپ، تېخىمۇ قاتتىقراق ۋارقىرىدى. ئۇ بىر ئىستاكاننى بىر يولى ئىچكەندى، رەبچىكوفتىنمۇ بەتتەر ئاقىرىپ كەتتى.

— ھە، قانداق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى يېرماكوف بۇ ۋىنىنى مىشىلدىتىپ، پروخورنىڭ ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىگە قاراپ، — پادىشاھ شارابى قانداق ئىكەن؟ كۈچلۈكمىكەن؟ تاتلىقمىكەن؟ ئېيتساڭچۇ، ئىبلىس، ئۇنداق بولمىغاندا، مەن مۇنۇ قۇتىنى بېشىڭغا ئۇرۇپ، چېقىپ تاشلايمەن!

پروخور بېشىنى چايقاپ، ئۇندىمەستىن ئازاب چەكتى، كېيىن ھېقىقلىدى - دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، رەبچىكوفنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. يېرماكوف تولا كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى، ئاندىن گرىگورىيغا تۆلكىنلىك بىلەن كۆزىنى قىسىپ، ھويلىغا چىقتى. بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ قاقاقلىغان كۈلكىسى ھەممە ئاۋازنى بېسىپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي ھارغىنلىق بىلەن، — نېمە خىخىلدايسەن، ئەخمەق؟ بىر نەرسە تېپىۋالدىڭمۇ؟

— ئۇھ، يىگىت، چىقىپ قاراپ باقسىنا، ئۇ ئىككىسى تولا قۇسۇپ، ئۇچەي - باغرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ كەتتى! ئۇلارنىڭ نېمە ئىچكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— نېمە ئىچىپتۇ؟

— ئىنگلىزنىڭ پىت يوقىتىدىغان دورىسى.

— يالغان سۆزلەيسەن!

— خۇدا تۇرۇپتۇ، راست ئېيتىۋاتىمەن! ئىسكىلاتقا مەنمۇ بارغان، باشتا مەن بۇنى شاراپ دەپ ئويلىغانىدىم، كېيىن دوختۇردىن: «بۇ قانداق نېمە، دوختۇر جانابلىرى؟» — دەپ سورىسام، ئۇ: «دورا» — دېدى. مەن: «ئۇ، بەلكى، بارلىق غەم - غۇسسىنى يوقىتىدىغان دورا ئەمەسمىكىن؟ ئىسپىرتقا ئوخشاش نەرسە ئەمەسمىدۇ؟» — دەپ سورىدىم. «خۇدا ساقلىسۇن، — دېدى ئۇ، — بۇنى ئىشتىپاقداشلار بىزگە پىتنى

يوقىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ماي. بۇ — ئىچىدىغان دورا ئەمەس، سىرتقى دورا، ئېغىزدىن ئىستېمال قىلىشقا زادى بولمايدۇ!»

— ھەي ياۋۇز، بۇنى سەن نېمىشقا ئۇلارغا ئېيتمىدىڭ؟ — دەپ كايىدى گرىگورىي خاپا بولۇپ.

— دۈشمەنگە تەسلىم بولۇشتىن بۇرۇن، ئىچىمنى تازىلاپ گۇناھتىن پاك بولۇۋالسۇن دېدىم شەيتانلارنى، بۇنى ئىچكەنگە ئۆلۈپ قالماس! — يېرماكوف كۈلكىدىن چىققان كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، ئىچ قارىلىق بىلەن قوشۇپ قويدى، — بۇندىن كېيىن ئازراق ئىچىدىغان بولىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلارنىڭ رومكىسىغا ھاراق قۇيۇپ ئۈلگۈرتەلمەيسەن. ئاچكۆزلەرنى ئاشۇنداق ئۆگىتىش لازىم! خوش، بىز ئىككىيلەن قانداق قىلىمىز، ئىچەمدۇق ياكى تۇرۇپ تۇرامدۇق؟ كەل، بىزنىڭ ھالاكىتىمىز ئۈچۈن ئىچەيلى!

تاڭ يورۇش ئالدىدا گرىگورىي پېشايۋانغا چىقىپ، تىترىگەن قوللىرى بىلەن تاماكا يۆگەپ، تۇماندىن نەم تارتقان تامغا يۆلىنىپ، ئۇزاققىچە تاماكا چېكىپ تۇردى.

ئۆينىڭ ئىچىدە مەستلەرنىڭ ھايقىرىق ئاۋازلىرى، گارموننىڭ بارماق بىلەن داتىلدىتىشقا باشلىغان تاۋۇشى، مەردانە ئىسقىرتلار تىنىمسىز ئاڭلىنىپ تۇراتتى؛ ئىشقىۋاز ئۇسسۇلچىلارنىڭ پاشنىلىرى ھارماستىن دۈپۈر - دۈپۈر يەر تېپەتتى... شامال پىرىستان جايلاشقان كورپەزدىن پاراخوت گۈدۈكىنىڭ يوغان، پەس ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى؛ پىرىستانلاردا ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى، قۇلاقنى يارغۇدەك كوماندا ئاۋازلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنىشى، پاراۋۇزلارنىڭ گۈدۈكلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، بىر تۇتاش غاۋۇر - غۇۋۇرغا ئايلانغانىدى. تونىل ئىستانسىسى تەرەپتە جەڭ بولۇۋاتاتتى. توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى غۇۋا ئاڭلىناتتى، ئېتىشمىلار ئارىلىقلىرىدا پىلىموتلارنىڭ

قىزىق تاتلىدىغىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى. مارخوتىسىكى داۋىنىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە بىر دانە راكېتا ۋىشىلدىغان پېتى يورۇق چىقىرىپ، ئاسمانغا ئېتىلىپ چىقتى. بىرنەچچە سېكۇنت تىنىق، يېشىل نۇر بىلەن يورۇپ كەتكەن دوڭغاق تاغ چوققىلىرى ئېنىق كۆرۈندى - دە، ئارقىدىنلا مارت كېچىسىنىڭ قويۇق قاراڭغۇسى تاغ چوققىلىرىنى يەنە قاپلىۋالدى، بىر يولى ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغان توپ ئوقلىرى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ زىچ گۈمبۈرلەشكە باشلىدى.

## 29

دېڭىزدىن ئاچچىق، قويۇق سوغۇق شامال سوقۇپ تۇراتتى. ئۇ قىرغاقتا يات يەرلەرنىڭ بىر تۈرلۈك پۇرىقىنى ئەكىلەتتى. ئەمما دونلۇقلارغا يالغۇز شاماللا ئەمەس، بەلكى مانا شۇ شامال غۇرۇلداپ ئۆتۈپ تۇرغان زېرىكىشلىك دېڭىز ياقىسى شەھىرىدىكى ھەممە نەرسە يات، ھەممە نەرسە ئۆز ئەمەس ئىدى. ئۇلار پىرىستاندا سۇ بويىدىكى توسمىلار ئالدىدا توپلاشقان بولۇپ، پاراخوتقا چىقىشنى كۈتۈشەتتى... قىرغاقتا يېشىل كۆپۈكلۈك دولقۇنلار جۇش ئۇرۇپ قاينايتتى. ئىسسىقى يوق قۇياش بۇلۇت ئارىسىدىن مارىلايتتى. پىرىستاندىكى كېمە توختايدىغان جايلاردا ئىنگلىزلەر بىلەن فرانسۇزلارنىڭ سۇ مىناسى پاراخوتلىرى پۇرقىرىتىپ تۈتۈن چىقىرىپ تۇراتتى؛ سۇ ئۈستىدە سۇر رەڭلىك تۆمۈر قاپلانغان ھەيۋەتلىك بىر ھەربىي كېمە تاغدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىنى قاپقارا تۈتۈنلەر بۇلۇتتەك قاپلىۋالغان. پىرىستاندا مۇدھىش سۈكۈنات ھۆكۈم سۈرەتتى.

بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ئاخىرقى ترانسپورت كېمىسى چايقىلىپ تۇرغان يەردە ئوفىتسېرلارنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرى، چامادانلار، يوتقان - كۆرپىلەر، جۇۋىلار، قىزىل مەخمەل بىلەن قاپلانغان ئورۇندۇقلار، يەنە ئالدىراشچىلىقتا پەلەمپەيدىن تاشلىۋېتىلگەن ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەر سۇدا لەيلەپ يۈرەتتى.

گرىگورىي پىرىستانغا ئەتىگەندىلا كەلدى؛ ئۇ ئېتىنى پىروخورغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، خەلق توپى ئارىسىدا ئۇزاق يۈردى، تونۇش ئادەملەر چىقىپ قالارمىكىن دەپ سىنىچىلاپ قارىدى، كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈك - ئۆزلۈك تەشۋىشلىك پاراڭلىرىغا قۇلاق سالدى. «سۋەتوسلاۋ» پەلەمپىيىنىڭ ئالدىدا پاراخوتتىن ئورۇن ئالالمىغان دەم ئېلىشقا چىققان بىر قېرى پولكوۋنىك گرىگورىينىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈۋالدى.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە مىنۇت ئىلگىرى بۇ بويى پاكار تىنىم تاپمايدىغان، ئىككى مەگزىنى ئاق تۈكچىدەك ساقال قاپلىغان، يىغلاپ قاپاقلىرى ئىششىغان، تۆۋەنكى قاپىقى خالتىدەك ساڭگىلىغان پولكوۋنىك قاراۋۇل باشلىقىنىڭ كەمىرىدىن تۇتۇۋېلىپ، بىچارە ھالەتتە بىرنېمىلەرنى دەپ يالۋۇردى. بۇرنىنى قېقىپ، كىر ياغلىقى بىلەن تاماكىدىن سارغايغان بۇرۇتىنى، كۆزلىرىنى ۋە تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى سۈرتتى، كېيىن تۇيۇقسىز ئۆز ئىشىنى ھەل قىلىپ قويدى... شۇ چاغدا چاققان بىر كازاك ئۆلۈكنىڭ ئىللىق قولىدىن نىكېلى كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان تاپانچىنى سۇغۇرۇۋالدى، پاختەك تۈكى رەڭ ئوفىتسېرلىق شىنېلىدا سوزۇلۇپ ياتقان جەسەتنى ئايىغىدىن تۇتۇپ، خادا ياغاچتەك يۇمىلىتىپ، يەشىكلەر تىزىلغان يەرگە ئەكىلىپ قويۇشتى، شۇنىڭ بىلەن پەلەمپەي يېنىدا خەلق تېخىمۇ كۆپىيىپ مىژ - مىژ قايىندى، ئۈچىرەتتە تۇرغانلار ئارىسىدا ئۇرۇش - تا-

لاش تېخىمۇ قەھرلىك تۈس ئالدى، قاچاقلارنىڭ ئەسەبىيلەش-
كەن خىرقىراق ئاۋازلىرى تېخىمۇ قاتتىق چىقىشقا باشلىدى.

ئاخىرقى پاراخوت چايقىلىپ، جايىدىن قوزغىلىپ مېڭىشقا باشلىغان چاغدا خەلق توپى ئىچىدە ئاياللارنىڭ ھۆكىرەپ يىغ-
لىغىنى، ئەسەبىي ۋارقىراشلار، تىللاشلار ئاڭلاندى... پاراخوت گۈدۈكىنىڭ قىسقا - قىسقا ھەيۋەتلىك ھۆركىرىشى تېخى بېسىل-
ماستىنلا تۈلكە قۇلاقچا كىيگەن بىر ياش قالماق سۇغا سەكرەپ، پاراخوتنىڭ ئارقىسىدىن ئۈزۈپ كەتتى.

— تاقەت قىلالمىدى! — دېدى بىر كازاك ئۇھ، تارتىپ.

— دېمەك، ئۇنىڭ بۇ يەردە قېلىشىغا ھېچقانداق ئىمكان يوق ئىكەن - دە، — دېدى گرىگورىينىڭ قېشىدا تۇرغان بىر كازاك، — دېمەك، قىزىللارغا بەك ئۆچ ئىكەن - دە...

گرىگورىي چىشلىرىنى مەھكەم چىشلەپ، ئۈزۈپ كېتىۋاتقان قالماققا قاراپ تۇردى. ئۈزگۈچىنىڭ غۇلاچ ئېتىشى بارغانسېرى ئازىيىپ، ئىككى مۈرىسى تۈۋەن چۆكۈشكە باشلىدى. سۇدا ئېگىزلاشقان چەكمىنى تۈۋەنگە تارتتى. دولقۇن قالماقنىڭ بېشىدىن سېرىق تۈلكە قۇلاقچىنى شارتلا كۆتۈرۈپ، ئارقىغا ئىرغىتىپ تاشلىدى.

— ئەمدى غەرق بولىدۇ، لەنىتى دىنىسىز! — دېدى پەش-
مەت كىيگەن بىر چال ئەپسۇسلىنىپ.

گرىگورىي شارتلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئېتىنىڭ قېشىغا ماڭدى. پىروخور قېشىغا ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن رەبچىكوف ھەم بوگاتىرېۋ بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى. رەبچىكوف گرىگو-
رىينى كۆرۈش بىلەنلا ئېگەر ئۈستىدە تىپىرچىلاشقا باشلىدى، بىتاقەت بولۇپ، ئېتىنى پاشىنىسى بىلەن نىقتاپ توۋلىدى:

— تېزرەك بول، پانتېلېيېۋىچ! — ئۇ گرىگورىينىڭ يېقىن-
لاپ كېلىشىنى كۈتمەستىنلا يىراقتىن ۋارقىراشقا باشلىدى، —

هازىرمۇ كېچىككەنەيمىز، كېتەيلى! بۇ يەردە 50 چە كازاك يىغىلىپ قالدۇق، گېلىنجىككە بېرىپ، ئۇ يەردىن گىروزنىيسگە ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلاۋاتىمىز. سەن قانداق قىلىسەن؟

گرىگورىي ئىككى قولىنى شىنىلىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، مەقسەتسىز پىرىستانغا توپلىشىۋالغان كازاكلارنى ئىككى مۈرىسى بىلەن ئىككى ياققا ئىتتىرىپ، ئۈنچىقماستىن يېتىپ كەلدى.

— كېتەمسەن ياكى كەتمەمسەن؟ — دەپ قەتئىي قىلىپ سورىدى رەبچىكوف ئات بىلەن يېقىنلا كېلىپ.

— ياق، كەتمەيمەن.

— بىر قوشۇن ستارشىناسى بىزگە قوشۇلدى. ئۇ يولنى بەش قولدەك بىلىدىكەن، «تىفلىسكىچە كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاپىرىمەن!» — دەيدۇ. كېتەيلى گرىشا! ئۇ يەردىن تۈركلەر تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىمىز، ماقۇلمۇ؟ قانداق بولمىسۇن جاننى قۇتقۇزۇش كېرەككۇ! ئاخىرقى سائەت يېتىپ كەلدى، سەن بولساڭ ئۆگىدەپ قالغان بىلىقتا ئوخشايسەن...

— ياق، كەتمەيمەن، — گرىگورىي پروخورنىڭ قولىدىن تىزگىننى ئېلىپ، ئېتىغا قېرى ئادەمدەك تەسلىكتە مىندى، — كەتمەيمەن، كېتىشنىڭ كېرىكىمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازراق كېچىكىپ قالدۇق... ئەنە قارا!

رەبچىكوف ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى، ئۈمىدسىزلىكتە قەھىر بىلەن قىلىچ بېغىنى قولىغا يۆگەپ ئۈزۈپ تاشلىدى: تاغدىن قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ چاچما سېپى سەلدەك ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى. سېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ قېشىدا پىلىموتلا بەزگەك تۇتقاندەك تاتاتلايتتى. برونېپويىزلاردىن زەمبىرەكلەر تىنىزلار سېپىگە قارىتا ئوق ئېتىشقا باشلىدى. بىرىنچى سنارەت ئاسلانىدى تۆگمەننىڭ قېشىدا پارتلىدى.

— جايىمىزغا كېتەيلى، يىگىتلەر، ئارقامىدىن ئەگىشىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى گرىگورىي پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئالدىغا راسلىنىپ، ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى.

ئەمما رەبچىكوف گرىگورىينىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇۋالدى — دە، قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى:

— ياق، ماڭمايلى! مۇشۇ يەردە قالايلى... بىلەمسەن، يارۇ بۇرادەرلەر ئارىسىدا ئۆلۈم قورقۇنچلۇق ئەمەس...

— ھەي، شەيتان، ماڭغىن دەيمەن! نەدىكى ئۆلۈم ئۇ؟ نېمە ۋالاقلايسەن؟ — گرىگورىي ئاچچىقىدىن يەنە بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن دېڭىز تەرەپتىن يېتىپ كەلگەن گۈلدۈرمامىدەك ياڭرىغان ئاۋاز ئۇنىڭ سۆزىنى كۆمۈپ تاشلىدى. ئەنگلىيىنىڭ «ھىندىستان ئىمپېراتورى» ناملىق چوڭ ھەربىي كېمىسى ئىستىپاقداش روسىيىنىڭ قىرغىقىدىن ئايرىلىپ كېتىۋېتىپ بويىنىنى سوزدى — دە، ئۇن ئىككى دىيۇيملىق زەمبىرەكلىرىدىن بىر تۈركۈم سىنارەتلەرنى يوللىدى. ئۇ كۆرپەزدىن چىقىۋاتقان پاراخوتلارنى قوغداپ، شەھەرنىڭ چەتلىرىگە قاراپ غىرىلداپ كېلىۋاتقان قىزىل — يېشىل سەپلەرنى ئوققا تۇتتى، ئاندىن ئوت ئېچىشنى قىرلىق داۋان تەرەپكە يۆتكىدى، چۈنكى بۇ يەردە قىزىللارنىڭ باتارېيىلىرى كۆرۈنگەنىدى. ئىنگلىزلەرنىڭ سىنارەتلىرى پىرىستاندا قىستىلىشىپ تۇرغان كازاكلارنىڭ بېشى ئۈستىدىن سۈرلۈك چىرقىراپ ئۇچۇپ ئۆتەتتى.

بوگاتىرېۋ تىزگىننى قاتتىق تارتىپ، زوڭ ئولتۇرۇپ قالاي دېگەن ئېتىنى توختىتىۋېلىپ، گۈلدۈرلىگەن توپ ئاۋازنىڭ ئارىسىدىن ۋارقىرىدى:

— ھەي، مۇنۇ ئىنگلىز زەمبىرەكلىرى نېمانچە ھەيۋە قىلىدۇ؟ ئۇلار بىكاردىن قىزىللارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈۋاتىدۇ!

ئۇلارنىڭ ئوق چىقىرىشىدىن ھېچقانداق پايدا يوق، قۇرۇق غوۋغا خالاس...

— مەيلى ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈۋەرسۇن! ھازىر بىزگە بارى ئوخشاش، — گرىگورىي كۈلۈمسىرەپ، ئېتىنى دېۋىتىپ كوچا بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئالدىغا بۇرجەكتىن ئالتە ئاتلىق ئادەم قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ قۇيۇندەك چېپىپ كەلدى. ئالدىدىكى ئاتلىقنىڭ كۆكرىكىدىكى توق قىزىل لىنتا قانغا بويالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

# سەككىزىنچى قىسىم

# 1

ئىككى كېچە - كۈندۈزدىن بۇيان جەنۇبتىن ئىللىق شامال چىقىپ تۇرغانىدى. ئېتىزلاردا ئاخىرقى قار ئېرىپ بولدى. باھار جىلغىلىرى كۆپۈك چېچىپ شىرقىراپ ئاقاتتى، دالادىكى سايلار، ئېرىق - ئۆستەڭلەردە سۇ ئۇلغايدى. ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە شامال بېسىلىپ قالدى - دە، دالا ئۈستىنى قويۇق تۇمان باستى، بۇلتۇرقى دالا ئەمەنلىرىنىڭ ھۆل غولى كۈمۈش رەڭ تۈسكە كىردى، قورغانلار، تاغ جىلغىلىرى، يېزا - بازارلار، چېركاۋ قوڭغۇراقخانىسىنىڭ مۇنارلىرى، كۆككە بوي سوزغان سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ ئۇچلىرى ئاق تۈتەك پەردە بىلەن قاپ-لاندى. دوننىڭ بىپايان دالاسى ئۈستىنى باھارنىڭ كۆپكۆك ھاۋاسى قاپلىدى.

بىر كۈنى تۇمانلىق ئەتىگەندە ئاكسىنىيە كېسەلدىن ساقاي-غاندىن كېيىن بىرىنچى قېتىم پېشايۋانغا چىقىپ، باھارنىڭ كىشىنى مەست قىلىدىغان ساپ ھاۋاسىدىن ھۇزۇر ئېلىپ ئۇزاق تۇردى. ئۇ كۆڭۈل ئاينىشىنى، باش قېيىشىنى يېڭىپ، باغدىكى قۇدۇقچىچە باردى، چېلەكنى يەرگە قويۇپ، قۇدۇقنىڭ ياغىچىغا ئولتۇردى.

دۇنيا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كىشىنىڭ ھەۋىسىنى بولەكچە كەلتۈرىدىغان ۋە كارامەت يېڭى تۈس ئالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئاكسىنىيە كۆڭلىكىنىڭ قاتلاقلىرىنى بالىلارچە ئويناپ، چاقنىغان

كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا ھاياجانلىنىپ قارايتتى. تۇمانغا پۈركەنگەن يىراقتىكى ئۆپۆق، باغدىكى قار سۈيى باسقان ئالما دەرەخلىرى، نەم تارتقان توسۇق تام ۋە ئۇنىڭ تېشىدىكى بۇلتۇرقى ھارۋا ئىزلىرىدىن پەيدا بولغان كاتاڭلارنى سۇ چوڭقۇر ئېرىقتەك كولدۇەتكەن چوڭ يول — مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى ئاكسىنىيىگە مىسلىسىز گۈزەل كۆرۈنەتتى، ھەممىسى كۈن نۇرىغا چۆمۈلگەندەك، ھەممىسى قويۇق ۋە نازۇك بوياقلار بىلەن بويالغاندەك كۆرۈنەتتى.

تۇمان ئارىسىدىن يالت قىلىپ كۆرۈنگەن سۈزۈك ئاسمانىڭ بىر پارچە ئۇچۇق يېرى كۆپكۆك مۇزدەك تېگىسىپ ئاكسىنىيىنىڭ كۆزلىرىنى چاقايتۇرۇۋەتتى؛ چىرىگەن سامان ۋە توكى ئېرىگەن قارا تۇپراقنىڭ ھىدى شۇنچىلىك تونۇش، شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدىكى، ئاكسىنىيە ئاشۇ ھىد بىلەن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى؛ تۇمانلىق دالانىڭ بىر يېرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان بوز تورغاينىڭ ساددا كۈيى ئۇنىڭ كۆڭلىدە چۈشىنىكسىز ھەسرەت پەيدا قىلدى. يات يۇرتتا ئاڭلىغان بۇ كۈي ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ تېز - تېز سوقۇشىغا، كۆزلىرىدىن چوڭ - چوڭ ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشۈشىگە سەۋەبچى بولدى...

ئاكسىنىيە ئۆز ۋۇجۇدىغا قايتىپ كەلگەن يېڭى ھاياتلىقنىڭ ئەندىشىسىز ھۇزۇرلىنىپ، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى قولى بىلەن تۇتۇپ، كۆزى بىلەن كۆرگۈسى كەلگەنلىكىنى قاتتىق ھېس قىلاتتى. زەيدىن قارىيىپ كەتكەن قارىقات كۆچىتىنى قوزغاتقۇسى، سۇر مەخمەلدەك چاڭ باسقان ئالما دەرىخىنىڭ شاخلىرىغا مەڭزىنى ياققۇسى كېلەتتى، قاشانىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، يولسىز، پاتقاق كېچىپ، ئاندىن كەڭ جىرانىڭ نېرىسىدىكى تۇمانلىق ئۆپۆققا تۇتىشىپ تۇرغان ئاجايىپ كۆكەرگەن

كۆزلۈك زىرائەتنىڭ قېشىغىچە بارغۇسى كېلەتتى...

ئاكسىنىيە گرىگورىينى كېلىپ قالدۇ، دېگەن ئىنتىزارلىق بىلەن بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى، بىراق كېيىن ئۆي ئىگىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغان قوشنىلىرىدىن ئۇرۇشنىڭ تۈگىمىگەنلىكىنى، ئۇرغۇن كازاكلارنىڭ نوۋوروسسىكىدىن دېڭىز ئارقىلىق قىرىمغا كەتكەنلىكىنى، قالغانلىرى قىزىل ئارمىيىگە قوشۇلۇشقا، بەزىسى كان ئىشچىسى بولۇشقا كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى.

ھەپتىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاكسىنىيە ئۆيگە قايتىشقا قەتئىي نىيەت بېكىتتى، كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭغا ھەمراھمۇ تېپىلىپ قالدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۆيگە ئىشىكنى قاقماستىنلا مۈكچەيگەن ۋىجىككىنە بىر قېرى ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۈنچىقماستىن تازىم قىلىپ، ئۇچىسىدىكى كېلەڭسىز، كىر، چېكى سۆكۈلۈپ كەتكەن ئىنگلىزچە شىنېلىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىشكە باشلىدى.

— ياخشى كىشى، بۇ نېمە قىلىقىڭ، «سالام» دېمەستىنلا بۇ يەرگە ئورۇنلاشماقچى بولۇۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى ئۆي ئىگىسى چاقىرىلمىغان مېھمانغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ. بۇ ئادەم شىنېلىنى يەشتى، ئۇنى بوسۇغىغا ئاپىرىپ قاقتى. ئاندىن ئاۋايلاپ ئىلگەككە ئېسىپ قويدى ـ دە، قىسقا قىرقىلغان ئاقارغان ساقىلىنى سىيلاپ قويۇپ، كۈلۈپ دېدى:

— ئەزىز كىشى، ئېيسا مەسىھ ھەققى، مېنى كەچۈر، مەن ھازىرقى زاماننىڭ يوسۇنىغا ئۆگىنىپ قاپتىمەن. ئاۋۋال كىيىم ـ كېچەكلىرىڭنى يەش، ئۇندىن كېيىن قونۇشقا رۇخسەت سورا، بولمىسا ئۆيگە كىرگۈزمەيدۇ. خەلق ھازىر قوپاللىشىپ قالدى، مېھمان كەلسە خۇشال بولمايدۇ...

— سېنى نەگە جايلاشتۇرىمىز؟ كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ ئۆينىڭ تارلىقىنى، — دېدى خوجايىن بىرئاز يۇمشاپ.

— ماڭا ئالقاندەك جاي بولسا كۇپايە. مۇنۇ يەردە، بوسۇغىنىڭ قېشىدا تۈگۈلۈپلا ئۇيقۇغا كېتىمەن.

— ئاتا، سەن ئۆزۈڭ كىم؟ قاچاقمۇ؟ — دەپ سورىدى خوجايىنىنىڭ ئايالى.

— شۇنداق، شۇنداق، دەل قاچاقمەن. قاچا - قاچا، دېڭىزغىچە باردىم، ئەمدى ئۇ يەردىن ئاستا قۇيرۇقۇمنى قىسىپ قايتىپ كېلىۋاتىمەن، قېچىش دېگەنمۇ جېنىمىنى بىر يەرگە ئاپىرىپ قويىدى...، — دەپ جاۋاب بەردى سۆزگە ئامراق چال بوسۇغىنىڭ قېشىغا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېتىپ.

— سىز نېمە ئادەم؟ قەيەرلىك؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى ئۆي ئىگىسى.

چال يانچۇقىدىن ماشىنچىلىق قايچىسىنى ئېلىپ، ئۇنى قولىدا ئايلاندۇرۇپ ئولتۇردى - دە، يەنىلا شۇ كۆلگۈنچەكلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— مۇنۇ مېنىڭ دەرىجەم بويىچە ئالغان ئىسپات قەغىزىم، بۇ قەغەز بىلەن مەن نوۋوروسسىكنىڭ ئۆزىدىن كاماندىروپكىدا يۈرۈپ كېلىۋاتىمەن، تۇغۇلغان يۇرتۇم يىراق، ۋېشېنىسكايا كەنتىنىڭ نېرىسىدا. دېڭىزنىڭ تۇزلۇق سۈيىنى تېتىپ بولۇپ، ئەمدى شۇ ياققا كېتىۋاتىمەن.

— مەنمۇ ۋېشېنىسكايالىق، چوڭ دادا، — دېدى ئاكسىنىيە خۇشاللىقىدىن قىزىرىپ.

— شۇنداقمۇ! — دەۋەتتى چال، — مانا شۇنداق يەردە بىر يۇرتداش ئايالغا ئۇچرىشىپ قالغاننى قارىمامدىغان! هازىرقى چاغدا بۇ ئەجەبلىنەرلىكمۇ ئەمەس، بىز هازىر يەھۇدىلەرگە ئوخشاش، يەر يۈزىگە تارىلىپ كەتتۇق. كوبانىدا ئەھۋال مۇنداق: ئىتقا تاياق ئاتساڭ — دون كازاكلىرىنىڭ بېشىغا تېگىدۇ. ھەممىلا يەرگە شۇلار تولۇپ كەتكەن، ئارقاڭغا قايرىلالمايسەن،

يەر ئاستىغا كۆمۈلگەنلىرى — بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولسا كېرەك. ئەزىر كىشىلەر، مەن مۇشۇ چېكىنىش جەريانىدا تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلارنى كۆردۈم. خەلق قانداق موھتاجلىق تارتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ تۈگىتەلمەيسەن! ئۇلۇشكۈن مەن پويىز ئىستانسىسىدا ئولتۇرسام، يېنىمدا كۆزەينەك تاقىغان ئالىيجاناب بىر ئايال پىت بېقىپ ئولتۇرۇپتۇ. پىت جانىۋار بۇ ئايالنىڭ ئۈستىدە قىم - قىم مېڭىپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلارنى بارمىقى بىلەن چىمدىۋالغاندا، ئۇنىڭ چىرايى خۇددى ئاچچىق ئالما يېگەندەك پۈرۈشۈپ كېتىدۇ، پىت جانىۋارنى سىقىشقا باشلىغاندا تېخىمۇ بەتتەر پۈرۈشىدۇ، ئېھتىمال، ئايال ئىنتايىن يىرگەنسە كېرەك! بەزىبىر رەھىمسىز كىشىلەر ئادەم ئۆلتۈرسىمۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرمەيدۇ. ئاشۇنداق بىر ياش مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئۈچ قالماقنى چېپىپ تاشلىدى، ئاندىن قىلىچىنى ئاتنىڭ يايلىغا ئېرتتى، يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ چەكتى، ئاندىن قېشىمغا كېلىپ: «بوۋاي، سەن نېمە چەكچىيىپ قارايسەن؟ كاللاڭنى چېپىپ تاشلىشىمنى خالامسەن؟» — دەپ سورىدى. «نېمە دېگىنىڭ بۇ، ئوغلۇم، خۇدا سەن بىلەن بولسۇن! بېشىمنى كېسىپ تاشلىساڭ، ئۇ چاغدا نانىنى قانداق چايناپ يەيمەن؟» — دېدىم. ئۇ كۈلۈپ كەتتى - دە، ئېتىغا مىنىپ كېتىپ قالدى.

— بەزىبىر شۇنداق ئىشقا قولى ئۆگىنىپ قالغان ئىنسانغا ئادەم ئۆلتۈرۈش پىتنى سىقىپ ئۆلتۈرگەندىن يېنىكرەك. ئىنقىلابتا ئادەمنىڭ خۇنى ئەرزانلاپ كەتتى، — دەپ سۆز قىستۇردى ئۆي ئىگىسى چوڭقۇر پىكىرلىك بىلەن.

— راست گەپ! — دەپ قۇۋۋەتلىدى مېھمان، — ئادەم ھايۋان ئەمەس، ھەممىگە كۆنۈكۈپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مەن ئاشۇ ئايالدىن: «سىز كىم بولىسىز؟ تۇرقىڭىزدىن قارىغاندا ئاددىي ئاياللاردىن ئەمەستەك قىلىسىز» — دەپ سورىدىم. ئايال

ماڭا يالت قىلىپ قارىدى - دە، يۈم - يۈم يىغلاپ كەتتى. «مەن — گېنېرال مايور گرىپچىخىننىڭ ئايالى بولىمەن.» مانا ساڭا گېنېرال، مانا ساڭا مايور دەپ ئويلىدىم، ئۇنىڭدىكى پىت قوتۇر مۈشۈكنىڭ ئۈستىدىكى بۆرگىدەك! ئايالىغا مەن: «جانابىي ئالىيلىرى، مېنى كەچۈرۈڭ، ئەگەر سىز بۇ جانىۋارلىرىڭىزنى مۇنداق يوقىتىمەن دېسىڭىز، بۇ ئىش سىزگە پوكرووۋ بايرىمىغىچە يېتىدۇ. تىرناقلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئىشتىن چىقىرىسىز. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يولى يانجىڭ!» — دېدىم. «قانداق يانجىغىلى بولىدۇ؟» — دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: «كىيىمىڭىزنى سېلىپ قاتتىق يەرگە يېيىڭ، ئاندىن بوتۇلكا بىلەن ئۇلارنى ئېزىپ ئۆلتۈرۈڭ» — دەپ مەسلىھەت بەردىم. قارايمەنكى، مېنىڭ بۇ گېنېرال خانىمىم سۇ چىقىرىدىغان بىنانىڭ ئارقىسىغا قاراپ ماڭدى، يەنە قارىسام، يېپىشىل بوتۇلكىنى كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدە يۇمىلىتىۋاتىدۇ، شۇنداق ئىخلاس بىلەن يۇمىلىتىۋاتىدۇكى، سەن ئۇنى ئۆمۈر بويى شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغانمىكىن دەيسەن! مەن بۇ ئايالغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇردۇم - دە، ئىچىمدە: خۇدا ھەممىنى قىلىشقا قادىر، ئۇ ھاشاراتلارنى يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئادەملەرگىمۇ ئەۋەتىپ، بۇلارنىڭمۇ تاتلىق قېنىنى شوراپ كۆر، يالغۇز ئەمگەكچى خەلقنىڭ قېنىنى شوراۋەرمە، دېگەنىكەن - دە، دەپ ئويلىدىم... خۇدا — مىكىشكا ئەمەس!① ئۇ ئۆز ئىشىنى ياخشى بىلىدۇ. بەزى چاغدا ئۇ بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلىپ، شۇنچىلىك توغرا بۇيرۇقلارنى بېرىدۇكى، ئاددىيسى ئويلاپ تاپالمايسەن...

بۇ ماشىنىچى تىنىمسىز ۋايساپ ۋە سۆزىنى خوجايىنلارنىڭ زور ئىخلاس بىلەن ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەپچىللىك بىلەن

① مىكىشكا ئەمەس — ئەخمەق ئەمەس دېگەن مەنىدە — ت.

مۇنداق بىر كىنايىنى سەزدۈرۈپ ئۆتتى: مەن سىلەرگە مۇڭدىنمۇ قىزىقراق كۆپ نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتىم، ئەمما قورسىقىم بەك ئاچ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيقۇمۇ قىستاۋاتىدۇ.

كەچكى تاماقتىن كېيىن ئۇ ئۇخلاشقا ئورۇن راسلاۋېتىپ، ئاكسىنىيىدىن سورىدى:

— يۇرتداش، سەن بۇ يەردە ئۇزاق ۋاقىت مېھمان بولامسەن؟

— ئۆيگە قايتىشقا تەييارلىنىۋاتىمەن، چوڭ دادا.

— ئۇنداق بولسا، ئىككىمىز بىللە ماڭايلى، كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

ئاكسىنىيە جان - دىلى بىلەن ماقۇل بولىدۇ - دە، ئەتىسى ئەتىگەن ئۇلار خوجايىنلار بىلەن خوشلىشىپ، دالانىڭ قوينىدا ياتقان نوۋو مىخايلوۋىسكى يېزىسىدىن چىقىپ كېتىشتى.

× ×

12 - كۈنى كېچىسى مىليوتىنىسكايا بازىرىغا يېتىپ كېلىشتى. كۆرۈنۈشتە باي، چوڭ بىر ئۆيگە كېلىپ، قونۇپ ئۆتۈشنى ئىلتىماس قىلىشتى. ئەتىسى ئاكسىنىيىنىڭ ھەمراھى بۇ يەردە بىر ھەپتە تۇرۇپ، ھاردۇق ئېلىشقا، قان ئۇيۇشۇپ قالغان پۇتلىرىنى داۋالاشقا قارار قىلدى. بوۋاي ئۇنىڭ نېرىسىغا ماڭالماي قالغانىدى. بۇ ئۆيدە ئۇنىڭغا ماشىنچىلىق ئىشىمۇ تېپىلىپ قالدى، ھۈنىرىنى سېغىنىپ قالغان چال دېرىزە ئالدىغا جايلىشىۋېلىپ، قايچىسىنى ۋە شوينا بىلەن چىگىۋالغان كۆزەينەكنى ئېلىپ، جۇلدۇر چاپاننى چاققانلىق بىلەن سۆكۈشكە باشلىدى.

قىزىقچى، خۇشچاقچاق قېرى ئاكسىنىيە بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، ئۇنى چوقۇندۇردى ـ دە، تۇيۇقسىز كۆزىگە ياش ئالدى، ئەمما دەرھاللا يېشىنى سۈرتۈپ، ئادىتى بويىچە چاقچاق بىلەن مۇنداق دېدى:

— موھتاجلىق — تۇغقان ئانا ئەمەس، ئەمما كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ... مانا ھازىر ساڭا كۆزۈم قىيمايدۇ... ھەي، نېمە چارە، ئۆزۈڭ يالغۇز كېتىۋەر، قىزىم، يول باشلىغۇچىڭنىڭ ئىككى پۇتى بىراقلا ئاقساپ قالدى، ئۇنى قەيەردە بولمىسۇن كىشىلەر ئارپا نېنى بىلەن باقار... ئېيتىش كېرەككى، سەن بىلەن خېلى ئۇزۇن يول يۈردۇق، مەندەك 70 ياشلىق بىر قېرى ئۈچۈن بۇ ناھايىتى كۆپ يول يۈرۈش. پۇرسەت بولسا — مېنىڭ مومىيىمغا ئېيتىپ قويارسەن: كۆك كەپتىرىڭ ساق ـ سالامەت، ئۇھاۋانچىدا سوقۇلغان بولسىمۇ، ئىسكەنجىدە يانچىلغان بولسىمۇ، يەنىلا تىرىك، يول ئۈستىدە كىشىلەرگە ئىشتان تىكىپ بېرىۋاتىدۇ، ئۆيىگە قايسى كۈنى يېتىپ كېلىدىغانلىقى نامەلۇم، دەرسەن... يەنە شۇنداق دېگىنكى، قېرى ئەخمەق چېكىنىشنى تاماملىدى، ئەمدى ئۆيىگە قاراپ قايتىپ كېلىۋاتىدۇ، مەشنىڭ قېشىغا قاچان يېتىپ بارارمەنكىن، دەپ كۆزى تۆت...

ئاكسىنىيە يەنە بىرقانچە كۈننى يولدا ئۆتكۈزدى. بوكوۋىسكايادىن تاتارىسكىغىچە يولدا ئۇچراشقان ھارۋىغا چۈشۈپ كەلدى. كەچ كىرىپ قالغان پەيتتە ئۆز ھويلىسىنىڭ داغدام ئوچۇق تۇرغان يان ئىشىكىدىن كىردى، مېلېخوفلارنىڭ ئۆيىگە بىر قاراپ، تۇيۇقسىز بوغۇزىغا كېلىپ تىقىلىپ قالغان يىغىدىن دېمىنى ئالالماي قالدى... ئىگىسىزلىك چىقىپ تۇرغان بوپبوش ئاشخانىدا ئۇزاقتىن بۇيان يىغىلىپ قالغان ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ يىغلىۋالدى، ئۇندىن كېيىن دوندىن سۇ

ئەكەلدى، مەشكە ئوت ياقتى، ئىككى قولىنى تىزىغا قويۇپ، شىرە يېنىغا ئولتۇردى. ئۇ خىيالغا چۆمۈپ، ئىشىكنىڭ غىچىرلىغىنىنىمۇ ئاڭلىمىدى، ئىلئىنىچنا ئۆيگە كىرىپ، پەس ئاۋازدا گەپ قىلغاندىلا بېشىنى كۆتۈردى، ئىلئىنىچنا مۇنداق دېدى:

— قانداق قوشنام، سالامەتمۇسەن؟ سەن چەت يەرلەردە ئۇزاق يوقىلىپ كەتتىڭغۇ؟...

ئاكسىنىيە ئىلئىنىچناغا چۆچۈپ قارىدى - دە، ئورنىدىن تۇردى.

— سەن ماڭا نېمانچە قاراپ كەتتىڭ، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن ياكى شۇم خەۋەر ئەكەلدىڭمۇ؟ — ئىلئىنىچنا ئاكسىنىيىنىڭ يۈزىدىن سىنچى كۆزىنى ئالماستىن، ئاستا شىرەنىڭ قېشىغا يېقىنلىشىپ كېلىپ، ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ چېتىگە ئولتۇردى.

— ياق، مەن نېمە خەۋەر ئەكىلەي... مەن سىزنىڭ كىرىشىڭىزنى كۈتمىگەنىدىم، ئويغا چۆمۈپ، سىزنىڭ كىرگەنلىكىڭىزنى ئاڭلىماي قاپتىمەن...، — دېدى ئاكسىنىيە گاڭگىراپ.

— ياداپ قۇرۇپ كېتىپسەنغۇ، جېنىڭ ئارانلا قاپتۇ.

— كېزىك بولۇپ قالدىم...

— بىزنىڭ گرىگورىيچۇ ... ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق... ئۇنىڭ بىلەن نەدە ئايرىلدىڭلار؟ ئۇ تىرىكمۇ؟

ئاكسىنىيە قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. ئىلئىنىچنا بىر سۆزنىمۇ قالدۇرماستىن ئاڭلاپ، ئاخىردا:

— ئۇ سېنى قالدۇرۇپ كەتكەندە، ئاغرىق ئەمەسمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ئۇ ئاغرىمىغان.

— ئۇندىن كېيىن سەن گرىگورىي توغرۇلۇق ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— ياق.

ئىلئىنچىنا يېنىكلىشىپ بىر ئۇھ، تارتتى:

— ئۇنداق بولسا، ياخشى سۆزۈڭگە رەھمەت. ئەمما يېزىدا ئۇنىڭ توغرىسىدا گەپ - سۆز تولا...

— قانداق گەپ - سۆز؟ — ئاكسىنىيە ئاڭلىنار - ئاڭلانماس سورىدى.

— قۇرۇق سۆز... بۇلارنىڭ قايسىبىرىنى ئاڭلايسەن... يېزىلىقلاردىن پەقەت ۋانكا بېسخلېبنوف قايتىپ كەلدى، ئۇ گرىشانى كاتېرىنودارda ئاغرىق هالدا كۆرۈپتۇ، باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيمەن!

— كىشىلەر نېمە دېيىشىۋاتىدۇ، ئاپا؟

— بىزنىڭ ئاڭلىشىمىزچە، سىنگىن يېزىسىنىڭ بىر كازاكى گرىشانى نوۋوروسىسك شەھىرىدە قىزىللار چېپىپ تاشلىدى دېگەنمىش. مەن سىنگىنگە پىيادە باردىم — ئانىلىق يۈرىكىم چىدىمىدى — مەن ئاشۇ كازاكنى تاپتىم. ئۇ تېنىۋالدى. كۆرگىنىمۇ يوق، ئاڭلىغىنىمۇ يوق، دېدى، ئۇنى تۈرمىگە سالغاننىكەن، شۇ يەردە كېزىك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دېگەن بىر مىش - مىشمۇ بولۇپ ئۆتتى...

ئىلئىنچىنا كۆزلىرىنى تۆۋەن چۈشۈرۈپ، كۆك تومۇرلىرى چىرمىشىپ كەتكەن ئېغىر قوللىرىغا سىنچىلاپ قاراپ، ئۇزاققىچە ئۈنچىقماي ئولتۇردى. موماينىڭ لوپۇلداپ قالغان يۈزى خاتىرجەم ئىدى، لەۋلىرى مەھكەم قىسىلغان، ئەمما تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قارامتۇل ياڭاقلىرىغا قىزىللىق يۈگۈردى - دە، قاپاقلىرى سەل - پەل دىرىلدىدى. ئۇ ئاكسىنىيىگە ياشسىز، ئوتتەك قىزىغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ، خىرىلدىدى:

— ئەمما مەن ئىشەنمەيمەن! مېنىڭ ئاخىرقى بىر ئوغلۇمدىن ئايرىلىشىم مۇمكىن ئەمەس! خۇدا مېنى جازالاشقا هېچ

قانداق سەۋەب يوق... مېنىڭ ئازغىنا ئۆمرۈم قالدى. ساناقلىقلا كۈنلىرىم قالدى، بۇنىڭسىزمۇ قايغۇ - ھەسرىتىم ھەددى - ھېسابسىز... گىردىشا ھايات! يۈرىكىم ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، دېمەك، ئۇ مېنىڭ جىگەر پارەم ھايات!

ئاكسىنىيە ئۇنچىقماستىن ئارقىسىغا ئۆرۈلدى.

ئاشخانىنى ئۇزاققىچە سۈكۈنات قاپلىۋالدى، كېيىن شامال دەھلىزنىڭ ئىشىكىنى لەڭ ئېچىۋەتتى - دە، دونىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى تېرەكلەرنىڭ ئاربىلىرىدا تاشقىنىدىن يامرىغان سۇنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ۋە تاشقىندا ياۋا غازلارنىڭ تەشۋىشلىك قاقىراشلىرى غۇۋا ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئاكسىنىيە ئىشىكنى يېپىپ، مەشكە يۆلەندى.

— سىز ئۇنىڭدىن غەم قىلماڭ، ئاپا، — دېدى ئۇ ئاستىلا، — بۇنداق ئادەمنى كېسەل يېڭەلەمدۇ؟ ئۇ تۆمۈردەك مەھكەم ئادەم. بۇنداق ئادەملەر ئاسانلىقچە ئۆلمەيدۇ. ئۇ قەھرىتان سوغۇقتا يول بويى پەلەيسىز ماڭدى...

— بالىلىرىنى ئەسلەپ قويامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئىلىنىچنا ھارغىنلىق بىلەن.

— ھەم سىزنى، ھەم بالىلارنى دائىم ياد ئېتىپ تۇرىدۇ. بالىلار ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟

— ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ياخشى، ئۇلارغا نېمە بولماقچى. ئەمما بىزنىڭ پانتېلېي پروكوفيېۋىچ چېكىنىشتە يۈرۈپ ۋاپات بولدى. بىز يېتىم بولۇپ قالدۇق...

ئاكسىنىيە ئۇنچىقماستىن چوقۇنۇپ قويدى - دە، مومايىنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى خەۋەرنى شۇنچىلىك خاتىرجەملىك بىلەن بىلدۈرگىنىگە ئىچىدە ھەيران قالدى.

ئىلىنىچنا شىرەگە قولىنى تىرەپ ئورنىدىن تەسلىكتە تۇردى.

— مەن سېنىڭكىدە ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن. تاشقىرىدا ئال-
لىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ ئەمەسمۇ.

— ئولتۇرۇڭ، ئانا.

— دۇناشكا ئۆيدە يالغۇز قالدى، مەن چىقاي! — ئىلئىنىچنا بېشىدىكى رومالنى تۈزەۋېتىپ، ئاشخانىغا لىپپىدە قاراپ، چىرا-يىنى پۈرۈشتۈردى، — مەشتىن تۈتۈن چىقىۋاتىدۇ. سەن كېتىدى-غان چاغدا ئۆيۈڭگە بىرسىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ كېتىشىڭ كېرەك ئىدى. خوپ، خەير - خوش! — شۇنىڭ بىلەن موماي ئىشىكنىڭ تۇتقۇسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئارقىسىغا قارىماستىن جېكىلەپ قويدى، — جايلىشىۋالغاندىن كېيىن بىزنىڭكىگە كىرىپ تۇر، گرىگورىي توغرۇلۇق خەۋەر ئاڭلىساڭ بىزگە ئېيتارسەن.

شۇ كۈندىن تارتىپ مېلېخوفلار بىلەن ئاكسىنىيە ئوتتۇرىسى-دىكى ئالاقە كەسكىن ئۆزگىرىپ كەتتى. گرىگورىينىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى ئەندىشە ئۇلارنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇردى. ئەتىسى ئەتىگەن دۇناشكا ھويلىدا يۈرگەن ئاكسىنىيىنى كۆرۈپ قېلىپ، توۋلاپ توختاتتى، قاشانىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئاكسىنىيىنىڭ جۈدىگەن يەلكىسىدىن قۇچاقلىدى - دە، ئۇنىڭغا ئەركىلەپ، سەممىي كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئوھوي، كىسيوشا، نېمانچە ياداپ كەتكەنسەن! قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قاپسەنغۇ.

— مۇنداق تۇرمۇشتا ياداپ كېتىدىكەنسەن، — ئاكسىنىيىمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن كۈلۈمسىرىدى، ئەمما قىزنىڭ تازا يېتىلىپ كەلگەن گۈزەل جامالىغا نەزەر سېلىپ، ئىچىدە ھەسەت قىلماي قالمىدى.

— تۈنۈگۈن ئانام سېنىڭكىگە كىردىمۇ؟ — دۇناشكا نېمىش-قىدۇر پىچىرلاپ سورىدى.

— كىردى.

— مەنمۇ ئۇنى سېنىڭكىگە كىرگەن بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىغانىدىم. گىرىشا توغرۇلۇق گەپ سورىدىمۇ؟

— ھەئە.

— ئۈن سېلىپ يىغلىمىغاندۇ؟

— ياق، ئۇ چىدامىلىق كەمپىر ئىكەن.

دۇناشكا ئاكسىنىيىگە ئىشەنچلىك كۆز بىلەن قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئۇ يىغلاپ، قارنى - كۆكسىنى بوشىتىۋالغان بولسا، ياخشى بولاتتى... بىلەمسەن، كىسيۇشا، مۇشۇ قىشتىن بۇيان ئۇ غەلىتە بولۇپ قالدى، بۇرۇن ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئاتامنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا مەن ئۇنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كېتەر دەپ ئويلاپ، بەك قورققانىدىم، ئەمما ئۇ بىر تامچە ياش تۆكمىدى. پەقەت: «جايى جەننەتتە بولسۇن، ئازابتىن قۇتۇلدى ئەزىزىم...»، — دېدى، خالاس. كەچكىچە ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمىدى. مەن ئۇنىڭغا ئۇنداق دەپ باقتىم، مۇنداق دەپ باقتىم، ئەمما ئۇ قولىنى شىلتىپ، گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. شۇ كۈنى مەن ئىنتايىن قورقتۇم. كەچقۇرۇن ماللارنى جايلاشتۇرۇپ، قورۇدىن كىردىم - دە، ئۇنىڭدىن: «ئاپا، كەچلىك نېمە تاماق قىلىمەن؟» — دەپ سورىدىم. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ يۈرىكى بېسىلغانىكەن، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن سۆز قىلدى...، — دۇناشكا بىر ئۇھ، تارتتى - دە، ئاكسىنىيىنىڭ مۈرىسى تەرەپكە قاراپ، ئويچانلىق بىلەن سورىدى:

— بىزنىڭ گىرىگورىي ئۆلگەنمىدۇ؟ كىشىلەرنىڭ ۋالاقلىغىنى راستمىدۇ؟

— بىلمەيمەن، سۆيۈملۈكۈم.

دۇناشكا ئاكسىنىيىگە يان تەرەپتىن سىناق نەزەرى بىلەن

قاراپ، تېخىمۇ قاتتىق خۇرسەندى.

— ئانام ئۇنى تولا ئويىلاپ، ئېلىشىپ قالاي دېدى! «مېنىڭ كەنجى ئوغلۇم» دەپ ئاتاشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئۇنى تىرىك ئەمەس دېگەننى ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ. كىسيوشا، سەن بىلەمسەن، ئەگەر ئاپام ئۇنىڭ راستتىنلا ئۆلگەنلىكىنى بىلسە، ئۇ چاغدا قايغۇ - ھەسرەتتىن ئۆزىمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ھاياتى ئاپامدىن ئاللىقاچان ئۇزاقلىشىپ كەتكەن، ئۇنىڭدىكى بىردىنبىر رىشتە — گرىگورىي. نەۋرىلىرىگىمۇ ئانچە بېرىلمەيدىغان بولۇپ قالدى، قىلغان ئىشلىرى ئىلگىرى باسمايدۇ... سەن ئويلاپ باق، بىر يىل ئىچىدە بىزنىڭ ئائىلىمىزدە تۆت ئادەم...

ئىچ ئاغرىتىشتىن يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتكەن ئاكسىنىيە قاشانىڭ ئۈستىدىن سوزۇلۇپ، دۇناشكىنى قۇچاقلاپ، يۈزىدىن مەھكەم بېسىپ بىرنى سۆيدى.

— گۈزىلىم، ئاپاڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ، تەسەللى بېرىپ تۇر، قايغۇ - ھەسرەت چېكىشىگە يۈرسەت بەرمە.

— نېمە بىلەن تەسەللى بېرەلەيسەن؟— دۇناشكا رومالىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىنى ئېرتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈندى.— بىزنىڭ ئۆيگە كىر، ئاپام بىلەن پاراڭلىشىپ تۇر، كۆڭلىگە ئارام بولىدۇ، بىزدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق!

— كىرىمەن، ئەلۋەتتە كىرىمەن!

— ئەتە مەن ئېتىزغا بارماقچىمەن. ئانىكۇشكىنىڭ ئايالى بىلەن تەڭ ئورتاق بولۇپ، بىر - ئىككى دېسەتىنا بولسىمۇ بۇغداي تېرىماقچىمىز. سەن قانداق قىلىسەن، ئۇرۇق چېچىش نىيىتىڭ يوقمۇ؟

— مەن قانداق تېرىقچى بولالايمەن؟ — دېدى ئاكسىنىيە غەمكىن كۈلۈمسىرەپ، — ئات - ئۇلاغ، ئۆكۈزۈممۇ يوق، ئاشلىق تېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق، يالغۇز

جېنىمغا ئازلا نەرسە بولسا كۇپايە، كۆڭلۈم ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ.

— ستېپانىڭ توغرۇلۇق خەۋەر ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— ھېچ نەرسە ئاڭلىمىغىنىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى ئاكسىنىيە پەرۋاسىزلىق بىلەن ۋە ئۆزىمۇ بىلمەستىن مۇنداق دەپ تاشلىدى، — مەن ئۇنىڭ يىراقتا ئانچىلىك سارغىيىپمۇ كەتمەيمەن، — تاسادىپى چىقىپ كەتكەن كۆڭلىدىكى بۇ سۆزگە ئىزا تارتىپ كەتتى - دە، خىجالەتچىلىكىنى يېپىش ئۈچۈن دەرھال مۇنداق دېدى، — خوپ، خەير - خوش، جانان قىز، مەن كىرىپ، ئۆيۈمنى يىغىشتۇراي.

دۇناشكا ئاكسىنىيەنىڭ گاڭگىراپ قالغانلىقىنى بايقىمىغان كىشى بولۇپ، باشقا تەرەپكە قاراپ مۇنداق دېدى:

— كىچىككىنە توختاپ تۇر، ساڭا مۇنۇنى ئېيتماقچىدىم، سەن بىزنىڭ ئىشىمىزغا ياردەملىشەمسەن؟ يەر قۇرۇپ كېتىپ باردۇ، تېرىپ بولالمامىزمىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن، پۈتۈن يېزىدا ئىككى كازاك قالدى، يەنە كېلىپ مەجرۇھ.

ئاكسىنىيە مەمنۇنىيەت بىلەن ماقۇل بولدى - دە، بۇنىڭدىن خۇشال بولغان دۇناشكا تەييارلىق كۆرۈشكە ماڭدى.

دۇناشكا ئېتىزغا چىقىشقا كۈن بويى غەيرەت بىلەن تەييارلاندى: ئانىكۇشكىنىڭ ئايالىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇرۇق چېچىۋالدى، ئەپلەپ - سەپلەپ يەرگە تىزىپ سالدى، ھارۋىنىڭ چاقلىرىنى مايلىدى، سېيالكىنى ياسىدى. كەچقۇرۇن تازىلانغان بۇغدايدىن بىر ئاز روملىغا ئېلىۋېلىپ، قەبرىستانلىققا ئاپاردى، ئەتىسى ئەتىگەن قۇشلار كېلىپ قونسۇن دەپ، بۇ بۇغداينى پېترونىڭ، ناتالىيەنىڭ ۋە دارىيەنىڭ قەبرىلىرىگە چاچتى، ئۇ بالىلارچە ساددا كۆڭلى بىلەن: قۇشلار خۇشاللىقىدىن چىرىلداپ سايرىسا، ئۆلۈكلەر بۇنى ئاڭلاپ شادىمان بولىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى...

× ×

پەقەت تاڭ ئېتىش ئالدىدىلا دون بويى جىمجىتلىققا
چۆكتى. ئورماننى بېسىپ كەتكەن تاشقىن سۇ تېرەكلەرنىڭ
ئاچ يېشىل غوللىرىنى ئارىلاپ، سۇغا غەرق بولغان ئەمەن كۆچەت-
لىرى بىلەن ياش تاغ تېرەكلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى بىر قىلىپتا
تەۋرىتىپ، غۇۋا ۋىشىلداپ تۇراتتى؛ سۇغا تولغان كۆللەردە
سۇ ئېقىنى مۈكچەيتىپ قويغان قومۇشنىڭ تاج - پۆپۈكلىرى
شىرىلدايتتى، تاشقىن يامرىغان يەرلەردە، يىراقتىكى دەريا قولتۇق-
لىرىدا. — تاشقىندىن كېيىن پەيدا بولغان توختاق سۇ يۇلتۇز-
لۇق ئاسماننىڭ كۆكۈم يورۇقىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ،
گويا سېھىرلەنگەندەك مىدىر قىلماي تۇرغان يەرلەردە — ياۋا
غازلارنىڭ بىر - بىرىنى ئۈنلەپ قاقىرلىغىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى،
كىچىك ئەركەك ئۆردەكلەر ئۈيقۇچان چۇقۇرۇشاتتى، كەڭ ئو-
چۇقچىلىقتا قونۇپ قالغان ئۆتكۈنچى ئاققۇلارنىڭ كانايدەك چىققان
ئاۋازى ئاندا - ساندا كۈمۈشتەك جىرىڭلايتتى. بەزىدە سۇ ئۈس-
تىگە ئوزۇق ئىزدەپ چىققان بېلىقلار قاراڭغۇدا شىلىق - شىلىق
پىلتىڭلايتتى؛ ئالتۇن شولا قاپلىۋالغان سۇ بېتىدە چەمبىرلەپ
تۇرغان ئۇششاق دولقۇن يىراققا يۇمىلايتتى - دە، ئارقىدىنلا
تەشۋىشلەنگەن قۇشلارنىڭ غاقىلدىغىنى ئاڭلىناتتى. دون بويىنى
يەنە سۈكۈنات قاپلىۋالاتتى، ئەمما تاڭ يورۇپ، گەج تاغ تىز-
مىلىرى سەل - پەل قىزىل تۈس ئېلىش بىلەنلا سەھەر شامىلى
كۆتۈرۈلەتتى، بۇ قويۇق، كۈچلۈك شامال ئېقىنغا قارشى سوقات-
تى، دون ئېقىنىدا دولقۇنلار كەڭ غۇلاچ ئېتىپ ئۆركەشلەيتتى.
ئورماندا سۇ ھەددىدىن تاشقىرى گۈرۈلدەيتتى، دەرەخلەر ئىرغاڭلاپ

ناله ـ زار قىلاتتى، شامال كۈن بويى ھۆركىرەپ تۇردى ـ دە، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە توختىدى. بۇنداق ھاۋا بىرنەچچە كۈن داۋام قىلدى.

دالا ئۈستىنى سىرىن رەڭ تۇتەك قاپلىۋالدى. يەر قاغجىراپ كەتتى، گىياھلار ئۆسۈشتىن توختىدى. كۈزگى شۈدىگەرنى قۇم باستى. تۇپراق شامالنىڭ تەسىرى بىلەن سائەتسېرى سۈپىتىنى ئۆزگەرتتى، تاتارىسكى يېزىسىنىڭ ئېتىزلىرىدا تىۋزۈك ئادەم كۆرۈنمەيتتى، پۈتۈن يېزىدا قېرىپ ھالى قالمىغان بىرنەچچىلا چال قالغانىدى، چېكىنىشتىن ئىشتا ياراقسىز مەجرۇھ، پۇت ـ قولى ئۈششۈگەن، ئاغرىق كازاكلار قايتقانىدى، ئېتىزدا پەقەت ئايالالار بىلەن ئۆسمۈرلەرلا ئىشلىدى. ئادەمسىز يېزىدا شامال چاڭ توزىتاتتى، ئۆيلەرنىڭ دېرىزە قاپقاقلىرىنى تاراقلىتاتتى، سارايلارنىڭ چەللىسىدىكى پاخال ـ سامانلارنى ئاغدۇراتتى. «بۇ يىل ئاشلىقسىز قالىدىغان بولدۇق،— دېيىشەتتى قېرىلار، — ئېتىزدا پەقەت ئايالالار ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئۈچ ئائىلىدىن ئاران بىرى ئۇرۇق چاچتى. ئۆلۈك يەر ھوسۇل بەرمەيدۇ...»

ئېتىزغا چىققانىنىڭ ئىككىنچى كۈنى كۈنپېتىش ئالدىدا ئاكسىنىيە ئۆكۈزلەرنى كۆلگە ھەيدەپ بارغانىدى. قارىسا، تۇغان ئالدىدا ئون ياشلىق ئوبىنزوف دېگەن بالا ئېگەرلەنگەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئات سۇنى كۆشەيتتى ـ دە، سۇر مەخمەلدەك لەۋلىرىدىن سۇ تامچىلايتتى، ئاتنىڭ يېنىدا تۇرغان بالا ئويۇنغا قىزىقىپ: سۇغا چالما تاشلايتتى ـ دە، سۇدا ھاسىل بولغان يۇمىلاق دائىرىنىڭ كېڭىيىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇراتتى.

— ۋانياتكا، سەن نەگە بارماقچىسەن؟ — دەپ سورىدى ئاكسىنىيە.

— ئاتامغا تاماق ئەكەلدىم.

— ھە، يېزىدا نېمە گەپ بار؟

— ھېچ ئىش يوق. گىراسىم بوۋا بۈگۈن كېچىدە تور بىلەن ئەزىمەت بىر سازاڭ بېلىقنى تۇتۇۋاپتۇ. يەنە چېكىنىشتىن فېدور مېلنىكوف قايتىپ كەلدى.

بالا پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ ئاتقا يۈگەن سالغاندىن كېيىن بىر تۇتام يايلىدىن سىقىملاپ، ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن ئېگەرنىڭ ئۈستىگە ئىرغىپ مىندى. ئۇ — پۇختا ئىش قىلىدىغان چوڭ ياشلىق ئادەمدەك ئېتىنى ئاستا چامدىتىپ، تۇغانىنىڭ قېشىدىن كەتتى، ئەمما بىرئازدىن كېيىن ئاكسىنىيىگە قايرىلىپ قاراپ قويۇپ، شۇنداق تېز چاپتۇرۇپ كەتتىكى، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن ھاۋا رەڭ كۆڭلىكى ئۇچىسىدا كۆپۈپ لەپەڭلەپ كەتتى.

ئۆكۈزلەر سۇ ئىچىپ بولغۇچە ئاكسىنىيە تۇغانىنىڭ ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ، بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن دەرھال يېزىغا بېرىش قارارىغا كەلدى. مېلنىكوف ھەربىي خىزمەتتىكى كازاك بولۇپ، قانداق بولمىسۇن گرىگورىينىڭ تەقدىرىنىڭ قانداقلىقىنى ئەلۋەتتە بىلىسە كېرەك. ئاكسىنىيە ئۆكۈزلەرنى كەپىگە ھەيدەپ كەلگەندىن كېيىن دۇناشكىغا دېدى:

— مەن يېزىغا بېرىپ كەلسەم دەيمەن، ئەتە ئەتىگەندىلا قايتىپ كېلىمەن.

— ئىشىڭ بارمۇ؟

— ھەئە، ئىشىم بار.

ئەتىسى ئەتىگەن ئاكسىنىيە قايتىپ كەلدى. ئۇ چېھرىنى پەرۋاسىزلىق بىلەن پۈلاڭشىتىپ، ئۆكۈزلەرنى قوشقا قوشۇۋاتقان دۇناشكىنىڭ قېشىغا كەلدى، ئەمما قاپىقى سېلىنىپ، ئاغزىنىڭ بۇرجەكلىرى تۈرۈلگەنىدى.

— مېلىنكوف فېدور كېلىپتۇ. گرىگورىي توغرۇلۇق گەپ سوراي دەپ ئۇنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇ ھېچنېمە بىلمەيدىكەن، — دېدى ئۇ قىسقىلا، شۇندىن كېيىن پولاڭگىدە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، سېپىلكىنىڭ قېشىغا كەتتى.

يەرنى تېرىپ بولغاندىن كېيىن ئاكسىنىيە ئائىلە ئىگىلىك ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى: باغچىغا تاۋۇز تېرىدى، ئۆيلىرىنى سۇۋاپ، ئاقارتىپ چىقتى، ئۇ، قولىدىن كېلىشىچە، قالدۇق پاخال بىلەن سارايىنىڭ چەللىسىنى ياپتى. كۈنلەر ئىش - ئەمگەك بىلەن ئۆتەتتى. ئەمما گرىگورىينىڭ ھاياتى توغرۇلۇق ئەنسىرەش بىرەر سائەتمۇ ئاكسىنىيەنىڭ يادىدىن چىقمايتتى. ئاكسىنىيە ستېپاننى ئانچە ئويلاپ قويمايتتى، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا ستېپان قايتىپ كەلمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى، ئەمما يېزىغا بىرەر كازاك قايتىپ كەلسە، ئۇ ئاۋۋال باشلاپ «مېنىڭ ستېپانىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟» — دەپ سورايتتى، ئاندىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن، بىلىندۇرمەستىن، گرىگورىي توغرۇلۇق گەپ ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئالاقىسىنى يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. ھەتتا گەپ توقۇشقا خۇمار خوتۇنلار بۇلار توغرۇلۇق ئۆسەك گەپلەرنى ئەمدى توختاتقانىدى، ئەمما ئاكسىنىيە ئۆزىنىڭ ئىشق - مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈشتىن ئۇيۇلاتتى - دە، پەقەت ئاندا - ساندا، سۆزگە بېخىللىق قىلغان ئەسكەر كازاك گرىگورىينى تىلغا ئالمىغان چاغدىلا كۆزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ ۋە خېلى ئاشكارا قىزىرىپ - تاتىرىپ: «قوشنىمىز گرىگورىي پانتېلېيېۋىچنى ئۇچراتمىدىڭلارمۇ؟ ئانىسى ئۇنى تولا ئويلاپ تىنچىنى يوقاتتى، ياداپ قۇرۇپ كەتتى...»، — دەپ سوراپ قوياتتى.

يېزىلىق كازاكلاردىن ھېچقايسىسى نوۋوروسسىكتا دون ئارمىيەسى تەسلىم بولغاندىن كېيىن نە گرىگورىينى، نە ستېپاننى كۆرمىگەنىدى. پەقەت ئىيۇننىڭ ئاخىرىدىلا، ئاكسىنىيەنىڭ قېشىغا

دۇنيانىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن ستېپان بىلەن خىز-
مەتداش بولغان كولۇندايېۋىسكى يېزىسىنىڭ كازاكى كىرىپ
مۇنۇنى خەۋەر قىلدى:

— ستېپان قىرىمغا كەتتى، مەن ساڭا راست گەپنى قىلىۋا-
تىمەن. ئۇ پاراخوتقا چۈشكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.
ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە ئىمكان بولمىدى. شۇنداق قىستاڭ-
چىلىق بولۇپ كەتتىكى، ئادەملەر بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە چى-
قاتتى، — گرىگورىي توغرىسىدىكى سوئالغا ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ
جاۋاب بەردى، — ئۇنى پىرىستاندا كۆردۈم، مۇرىسىدە پاگونلىرى
تۇرۇپتۇ، شۇندىن كېيىن كۆرۈشكە توغرا كەلمىدى. نۇرغۇن ئو-
فىتسېرلارنى موسكۋاغا ئەكەتتى، ئۇنىڭ ھازىر نەدە ئىكەن-
لىكىنى كىم بىلىدۇ... ئەمما بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن
تاتارسكىغا ياردار پروخور زىكوف كېلىپ قالدى. ئۇنى مىللېروۋو
ئىستانسىسىدىن يەرلىك ھارۋا بىلەن ئەكىلىشتى. ئاكسىنىيە بۇ
خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كالا سېغىشنى تاشلاپ، موزىينى
ئېمىشكە قويۇۋەتتى - دە، رومىلىنى مېڭىپ تۇرۇپ چېگىپ،
يۈگۈرگەندەك تېز مېڭىپ، زىكوفنىڭ ھويلىسىغا راۋان بولدى.
پروخور بىلىدۇ، ئۇ بىلمەي قالمايدۇ! ئەمما گرىشا تىرىك ئەمەس
دەپ قالسا، ئىش نېمە بولىدۇ؟ ئۇ چاغدا قانداق قىلارمەن؟
ئۇ يول بويى شۇنى ئويلىدى ۋە قارا خەۋەر ئاڭلاشتىن قورقۇپ،
بارغانسېرى قەدىمىنى ئاستىلاتتى.

پروخور ئۇنى ئىچكىرىكى ئۆيدە قارشى ئالدى، ئۇ ھېجى-
يىپ، چولاق بولۇپ قالغان سول قولىنى ئارقىسىغا يوشۇرۇپ تۇردى.

— سالامەتمۇسەن، سەپەرداشىم! سالامەت تۇردۇڭمۇ؟
سېنى يەنە تىرىك كۆرىدىكەنمەن! بىز سېنى شۇ يېزىدا خۇداغا
جان تاپشۇردى دەپ ئويلىغانىدۇق. ۋاي - ۋاي، تولىمۇ
ئېغىر ياتتىڭ... خوش، كېزىك كېسىلى قانداق ئىكەن، ئاياللارغا

ھەۋەسىڭ قوشامدىكەن؟ مانا كۆردۈڭمۇ، مېنى ئاق پولىياكلار قانداق قىلىپ قويۇشتى. ئاغزىغا نىجاسەت تىقىلغۇر مەلئۇنلار! — پروخور ماش رەڭ گىمناستېركىسىنىڭ تۈگۈپ قويۇلغان بوش يېڭىنى كۆرسەتتى، — ئايالىم كۆرۈپ، يىغا - زارە قىلىشقا باشلىدى، مەن ئۇنىڭغا: «ھۆكۈرمە، ئەخمەق، باشقىلارنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ ئەكەتتى، شۇنداقتىمۇ، ئۇلار خاپا بولمايدۇ، بىر قولنىڭ كارى چاغلىق! ھازىر ياغاچتىن قول ياساپ بېرىدۇ. بۇنداق قول ھېچ بولمىغاندا سوغۇقتىن قورقمايدۇ، ئۇنى كەسسەڭ قېنى چىقمايدۇ»، — دېدىم. ھەي قىزچاقەي، پالاكەت شۇنىڭدىكى، بىر قول بىلەن ئىش قىلىشنى ئۆگەنمىگەنىكەنمەن. ئىشتىنىمنىڭ تۈگمىسىنى ئېتەلمەيمەن — بەس، ئىش تامام! كېيىۋتىن تاكى ئۆيگىچە ئىشتاننىڭ تۈگمىسى ئېتىلمىگەن پېتى كەلدىم. بۇ قانداق شەرمەندىلىك! شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ بىئەدەبلىك جايلىرىمنى بايقاپ قالساڭ، مېنى كەچۈر...، قېنى، بۇ ياققا ئۆت، ئولتۇر، مېھمان قىلىمەن، خوتۇنۇم يوق چاغدا سۆزلىشىۋالايلى. ئۇ، دىنىسىز كەمپىرنى ساموگۇن ئەكىلىشكە بۇيرۇدۇم. ئېرىنىڭ قولى چولاق قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ قۇتلۇقلايدىغان ھېچنېمىسى يوق ئىكەن. سىلەر، ئەرسىز ئاياللارنىڭ ھەممىسى شۇنداق، ھۆل قۇيرۇق شەيتانلار، مەن سىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن!

— سەن مۇنۇنى سۆزلىسەڭ بولاتتى...

— بىلىمەن، ئېيتىمەن. ئۇ مانا مۇنداق ئېگىلىپ تازىم قىلىشنى بۇيرۇدى، — پروخور چاقچاق بىلەن ئېگىلىپ سالام بەردى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەجەبلەنگەن ھالدا قاشلىرىنى مىدىرلىتىپ قويدى، — مانا - مانا، ساڭا نېمە بولدى! نېمە يىغلايسەن، ئەخمەق؟ سىلەر، ئاياللار، ھەممىڭلار ھەم ئېشىلدىغان، ھەم بۇرۇلىدىغان خەق سىلەر. ئۆلتۈرۈۋەتسە يىغلاي-

سىلەر، تىرىك قالسا — يەنە يىغلايسىلەر. يۈزلۈكنى ئېرت، سۈرت يۈزلۈكنى، نېمە بۇرنۇڭنى مىشىلداتىسەن؟ تىرىك، ساق - سالامەت دېدىمغۇ ساڭا، ئەيت - بەشىرىسى دۇمباقتەك سەمرىپ كەتتى! بىز نوۋوروسسىكىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە يولداش بوديۇننىيىنىڭ ئاتلىق ئارمىيىسىنىڭ 14 - دىۋىزىيىسىگە كىردۇق. بىزنىڭ گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ بىر بۆلۈمنىڭ، يەنى ئېسكادرونىنىڭ كوماندىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى، مەن، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ يېنىدا بولدۇم، بىز ھەربىي يۈرۈش بىلەن كىيېۋنىڭ قېشىغىچە باردۇق. خۇش، قىزچاق، بىز ئاشۇ ئاق پولياك شەيتانلارنىڭ راسا ئەدەبىنى بەردۇق! شۇ ياققا كېتىۋېتىپ، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ ماڭا: «نېمىسلارنى چاپتىم، ئۇ يەردە ھەر قانداق ئاۋستىرەكلەرنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ، سىناق قىلدىم، پولەكلەرنىڭ باش كاسىسى چىڭراقمۇ نېمە؟ ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىنى، رۇسلارنى چاپقاندىن كۆرە، پولياكلارنى چېپىش ماڭا يەڭگىل تۇيۇلۇۋاتىدۇ، سەن قانداق ئويلايسەن؟» — دېيەتتى - دە، چىشىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ، ماڭا كۆز قىسىپ قوياتتى. ئۇ قىزىل ئارمىيىگە كىرگەندىن كېيىن باشقىچە ئۆزگىرىپ كەتتى، بەك ياۋشىپ، خۇشچاقچاق بولۇپ قالدى. ئارىمىزدا ئائىلە جاڭجاللىرىمۇ يۈز بەرمەي قالمىدى... بىر كۈنى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ چاقچاق قىلدىم: «دەم ئېلىش ۋاقتى بولۇپ قالدى، توختىساڭمۇ بولاتتى، جانابىي ئالىي، يولداش مېلېخوف!» ئۇ ماڭا كۆزلىرىنى ئالايتىپ: «سەن ماڭا مۇنداق چاقچاق قىلىشنى قوي، ئۇنداق بولمىغاندا يامان بولىدۇ»، — دېدى. كەچقۇرۇن بىر ئىش بىلەن ئۇ مېنى قېشىغا چاقىرغانىدى، مېنى شەيتان ئازدۇردىمۇ، ئۇنى يەنە «جانابىي ئالىي» دەپ ئاتاپ تاشلىدىم... ئۇ تاپانچىسىغا قولىنى ئاپارماسمۇ! گرىشانىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، بۆرىدەك چىشلىرىنى ھىجايتىپ كەتتى، ئاغزى لىققىدە چىشقا تولغان بولۇپ،

يۈزدىن كەم ئەمەس. مەن ئاتىنىڭ باغرىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن نېرىراق تۇردۇم. مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە تاس قالدى. ئاشۇنداق قارام نەرسە ئۇ!

— قانداق، ئۇ، ئەمدى دەم ئېلىشقا كېلەر...، — دەپ دۇدۇقلىدى ئاكسىنىيە.

— بۇنى ئويلىغۇچى بولما، — دېدى پروخور ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئۇ ئۆتكەنكى گۇناھلىرىمنى يۇغانغا قەدەر خىزمەت قىلىمەن دەيدۇ، ئۇ بۇنى ئورۇندايدۇ. ئەخمىقانە ئىشنى ئورۇنداش ئاسان... ئۇ بىر قىشلاقنىڭ يېنىدا بىزنى ئاتاكىغا باشلىدى. مېنىڭ كۆز ئالدىمدا دۈشمەنىنىڭ تۆت ئاتلىق ئەسكىرىنى چېپىپ تاشلىدى. ئۇ، لەنىتى، بالىلىق چېغىدىن تارتىپ سولخاي، شۇڭا ھەر ئىككى ياندىن قىلىچ چېپىۋېرىدۇ... جەڭدىن كېيىن بودىيوننىي شەخسەن ئۆزى سەپنىڭ ئالدىدا گرىگورىي بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ھەم ئىسكادرونغا، ھەم ئۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈردى. مانا سىنىڭ پانتېلېۋىچىڭ قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدۇ!

ئاكسىنىيە گەپنى مەستخۇش ئادەمدەك ئاڭلىدى. ئۇ مېلېخوفلارنىڭ يان ئىشىكىگە كەلگەندىلا ھوشىغا كەلدى. دۇناشكا دالاندا سۈت سۈزۈۋاتاتتى؛ ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەستىن سورىدى:

— سەن خېمىرتۇرۇچقا كىردىڭمۇ؟ مەن ئەكىرىپ بېرىمەن دەپ، ۋەدە قىلىپ، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — ئەمما ئاكسىنىيەنىڭ بەختىيار چاقناپ تۇرغان ياش يۇقى كۆزلىرىگە يالت قىلىپ قاراپ، ئۇ گەپ - سۆزسىز ھەممىنى چۈشەندى.

ئاكسىنىيە ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇرغان يۈزىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېقىپ تۇرۇپ، شادلىقىدىن دېمىنى ئالالماي پىچىرلىدى:

— ئۇ تىرىك ھەم ساق - سالامەت ئىكەن... سالام يوللاپتۇ... يۈگۈر! بېرىپ ئاناڭغا ئېيت!

## 2

يارغا يېقىن، تاتارىسكىغا چېكىنىشكە كەتكەنلەردىن 30 نەچچە كازاك قايتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قېرىلار بىلەن چوڭ ياشتىكى ھەربىيلەر ئىدى، ئاغرىقلار بىلەن يارىدارلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياش ۋە ئوتتۇرا ياش كازاكلار يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇلارنىڭ بىر بۆلىكى قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان، قالغانلىرى ۋرانگېل پولكلىرىنىڭ تەركىبىدە بولۇپ، دونغا يېقىندىن يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىپ، قىرىمدا بېكىنىپ تۇرۇشاتتى.

چېكىنگەنلەرنىڭ تەڭ يېرىمى يات يۇرتلاردا مەڭگۈ قالدى: بەزىلىرى كېزىكتىن ئۆلۈپ كەتتى، بەزىبىرلىرى كۇباندا قىزىل ئارمىيە بىلەن ئاخىرقى ئېلىشىشتا ئەجەل قۇچتى، بىرنەچچە ئادەم كارۋان ھارۋىلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ، مانىچىنىڭ نېرىسىدىكى دالادا مۇزلاپ ئۆلدى، ئىككى ئادەم قىزىل - يېشىللارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، نام - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى... تاتارىسكىدا كازاكلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئازىيىپ كەتتى. ئاياللار كۆڭۈللىرىنى تەشۋىش ۋە جىددىي ئىنتىزارلىقتا ئۆتكۈزەتتى، ھەر قېتىم ئوتلاقتىن قايتقان كالىلىرىنىڭ ئالدىغا چىققاندا، كەچكى بىنەپشە رەڭ تۇمان قاپلىغان چوڭ يولدا كەچ قالغان يولۇچى كۆرۈنۈپ قالامسىكىن دەپ، قولىنى كۆزىگە تۇتۇپ، ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇشاتتى.

ئۆيگە بىرەر كىيىمى جۇل - جۇل، پىت باسقان ۋە ياداپ قۇرۇپ كەتكەن ئادەم كىرىپ كېلەتتى، ئەمما بۇ كىرگەن ئادەم زارىقىپ كۈتكەن ئۆي خوجايىنىنىڭ نەق ئۆزى بولۇپ چىقات-

تتى - دە، ئۆيدە خۇشاللىق، بەھۇدە ئۆرتتۈپە بولۇش باشلىنىپ
كېتەتتى: توگرا باسقان جەگچى ئۇچۇن سۇ ئىسسىتىلاتتى، باللار
بەس - بەستە ئاتىسىغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن تىرىشاتتى ۋە
ئاتىسىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرۇشاتتى،
بەختىيارلىقتىن گاگگىراپ قالغان ئۆي ئىگىسى ئايال بىردەم
شىرەگە داستىخان سېلىشقا ئالدىرىسا، بىردەم ساندۇقتىن ئېرىنىڭ
پاكىز ئىچكى كىيىملىرىنى ئېلىشقا يۈگۈرەيتتى. ئەمما ئىچكى
كىيىم، قېرىشقاندەك، ياماللىغان بولۇپ چىقاتتى. ئايالنىڭ
تىترىگەن قوللىرى يىگىتىنىڭ قۇلىقىغا ھېچ يىپ ئۆتكۈزەلمەيت-
تى... شۇ بەختلىك مىنۇتتا ھەتتا ھويلىنىڭ ئىتى ئىگىسىنى
يىراقتىن تونۇپ، بوسۇغىغىچە ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ قوللىرىنى يالاپ
كېتەتتى؛ ئۇنىڭغا ئۆيگە كىرىشكە يول قويۇلاتتى؛ ھەتتا باللار
قاچا - قۇچا سۇندۇرۇپ قويسا ياكى سۈتنى تۆكۈۋەتسە، ئۇلارغا
ھېچ ئىش كەلمەيتتى، ئۇلارنىڭ ھەر قانداق قىلىقى جازاسىز
تىنچ ئۆتۈپ كېتەتتى... ئۆي ئىگىسى يۇيۇنۇپ بولۇپ، كىيىم-
كېچەكلىرىنى يۆتكە - يۆتكىمەستىنلا ئۆيگە ئاياللار لىق توشۇپ
كېتەتتى. ئۇلار ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قىسمىتىنى بىلىشكە كې-
لىشەتتى، جەگچىنىڭ ھەر بىر سۆزىنى دەككە - دۈككە ئىچىدە
ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايتتى. بىرئازدىن كېيىن بىرەر ئايال
كۆز يېشى بىلەن تولغان يۈزىنى قول بىلەن بېكىتىۋېلىپ،
ھويلىغا چىقاتتى - دە، قارىغۇ ئادەمدەك، يولنىڭ ئوڭ - سولىنى
پەرق ئەتمەستىن، تار كوچا بىلەن مېڭىپ كېتەتتى، شۇنىڭ
بىلەن ئۆيلەرنىڭ بىرىدە يېگى بىر تۇل ئايال ئۆلگەن ئېرىگە
هازا تۇتۇپ، قوشاق قېتىپ يىغلايتتى، ئۇنىڭغا باللىرىنىڭ
يىغىسى قوشۇلاتتى. تاتارىسكىدا شۇكۇنلەردە ئەھۋال شۇنداق
ئىدى: بىر ئۆيگە شادىمانلىق كىرسە، باشقا بىر ئۆيگە ئۇنتۇل-
ماس قايغۇ - ھەسرەت كىرەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن ساقال - بۇرۇتىنى پاكىز قىرىپ، ياشىرىپ قالغان ئۆي ئىگىسى يورۇق چۈشۈش بىلەنلا ئۇيقۇدىن تۇراتتى، ئىگىلىكىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى، دەرھال قايسى ئىشقا كىرىشىشى لازىم ئىكەنلىكىنى نىشانغا ئالاتتى. ناشتىدىن كېيىنلا ئۇ ئىشقا كىرىشەتتى. سارايىنىڭ چەللىسى ئاستىدىكى بىر سالقىن يەردە رەندىنىڭ كۆڭۈللۈك شىرت - شىرت قىلغىنى ياكى پالتىنىڭ توكۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتىكى، گويا بۇ ئاۋاز بۇ ئۆيدە ئىشچان، قولى چېۋەر ئەركەك بار دەپ، جار سالغاندەك بولاتتى. ئەمما تۈنۈگۈنكى كۈندە ئاتىسىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئۆيدە ياكى ھويلىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. قايغۇ - ھەسرەت ئېزىپ تاشلىغان ئانا ئۈنچىقماستىن يىتىۋالاتتى - دە، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر كېچىدىلا چوڭ بولۇپ قالغان يېتىم - يېسىرلار بىر توپ بولۇپ تىقىلىشىپ كېتەتتى.

ئىلئىنىچنا يېزىلىقلاردىن بىرەرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاش بىلەنلا دەيتتى:

— بىزنىڭ گرىگورىي قاچان كېلەركىن! باشقىلار كېلىۋاتىدۇ، ئەمما بىزنىڭكىدىن خەۋەرمۇ يوق.

— ياش كازاكلارنى قويۇپ بەرمەيدۇ، سىز بۇنى چۈشەنمەمسىز، ئاپا! — دەپ جاۋاب بېرەتتى دۇنياشكا رەنجىپ.

— نېمىشقا قويۇپ بەرمەيدىكەن؟ تىخون گراسىموفچۇ؟ ئۇ گىرىشادىن بىر ياش كىچىك.

— ئاپا، ئۇ يارىدارغۇ!

— ئۇنىڭ قەيسى يارىدار! — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئىلئىنىچنا، — تۈنۈگۈن ئۇنى تۆمۈرچى دۇكىنىنىڭ قېشىدا كۆردۈم، سىم تارىدەك قەددىنى كېرىپ يۈرىدۇ. بۇنداق يارىدار ئادەمنى مەن كۆرگەن ئەمەس.

— ئۇ ياردار بولغان، ئەمما ھازىر ساقىيىپ قالغان.

— خوش، بىزنىڭ گرىگورىي ئاز ياردار بولدىمۇ؟ ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزاسى تارتۇق. ئۇنداق بولسا ئۇنىڭغا ساقىيىشىنىڭ كېرىكى يوقمۇ، سىڭلىچە؟

دۇناشكا گرىگورىينىڭ ھازىر قايتىپ كېلىشىگە ئۈمىد باغلاشقا بولمايدىغانلىقىنى ئانىسىغا ئىسپاتلاپ بېرىشكە بار ئىلاج بىلەن تىرىشاتتى، ئەمما ئىلىنىچنانى بىر نەرسىگە ئىشەندۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

— جىم بول، ئەخمەق قىز! — دېدى ئىلىنىچنا بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — مەن سەندىن ياخشىراق بىلىمەن، سەن تېخى مۇشتەك تۇرۇپ، ئاناڭغا ئۆگەتمەكچىمۇ. كېلىدۇ دېدىمۇ، دېمەك، كېلىدۇ. ماڭ نېرى، ساڭا سۆزۈمنى زايا قىلمايمەن!

موماي ئوغلىنى ئىنتايىن تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى ـ دە، ھەرقانداق پۇرسەتتە ئۇنى ئەسكە ئالاتتى. مىشاتكا ئۇنىڭ گېپىگە كىرمەي قالسا، دەرھاللا دوق قىلىپ: «توختاپ تۇر سەن پاخما باش نائەھلىنى، ئاتاڭ قايتىپ كەلسە، ئېيتىمەن، ئۇ ئەدەبىڭنى بېرىدۇ!» — دەيتتى، يېڭىدىن ياسالغان بىرەر ھارۋا دېرىزە يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالسا، ئۇ بىر ئۇھ، تارتىپ: «بۇ ھارۋىنىڭ ياسالغانلىقىدىن خوجايىنىنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ، ئەمما بىزنىڭ گرىشا-نىڭ ئۆيگە كېلىدىغان يولىنى بىرى باغلاپ قويدىمىكىن...»، — دەپ چوقۇم ئېيتاتتى. ئىلىنىچنا ئۆز ئۆمرىدە تاماكا تۈتۈنىنى ھەرگىز ياخشى كۆرمىگەنىدى، تاماكا چەككۈچىلەرنى ئاشخانىدىن دائىم قوغلايتتى، ئەمما كېيىنكى چاغدا ئۇ بۇ جەھەتتە پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى: «ماڭ، يولغۇر، پىروخورنى چاقىرىپ كەل، ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىپ كەتسۇن، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۆيىمىزدىن ئۆلۈك پۇراپ تۇرىدۇ. گرىشا ھەربىي خىزمەتتىن

قايتىپ كەلسە، مانا شۇ چاغدىلا ئۆيىمىزدىن ئادەم ياشايدىغان ماكان روھى، كازاك روھى بىلىنىپ تۇرىدۇ...»، — دېگەنىدى كەمپىر دۇناشكىغا نەچچە قېتىم. ھەر كۈنى تاماق ئەتكەندە ئۇ قانداق بولمىسۇن بىر كىشىلىكنى ئارتۇق قىلىپ، تاماقتىن كېيىن ئۇنى قازان بىلەنلا مەشنىڭ ئىچىگە قويۇپ قوياتتى. دۇناشكا نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئىلئىنىچنا ئەجەبلىنىپ: «شۇنداق قىلماي، قانداق قىلىمەن؟ بىزنىڭ جەڭچىمىز بۆگۈن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا دەرھاللا ئىسسىق تاماق يېسۇن دەيمەن، ئۇنداق بولمىغاندا، تاماق ئىسسىتىمەن، ئۇنداق قىلىمەن، مۇنداق قىلىمەن دەپ ئالدىراپ قالىمەن، بەلكى، ئۇ ئاچ كېلەر...»، — دەپ جاۋاب بېرەتتى. بىر كۈنى دۇناشكا باغچىدىن قايتىپ كىرىپ، ئاشخانىدا گرىگورىينىڭ كونا كەمزۇلى بىلەن رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن فۇراژكىسىنىڭ قوزۇقتا ئىلىقلىق تۇرغىنىنى كۆردى. دۇناشكا سوئال نەزەرى بىلەن ئانىسىغا يالت قىلىپ قارىغانىدى، ئانىسى ئەيىبكارلارچە ۋە ئىچىنىشلىق كۈلۈمسىرەپ: «دۇناشكا، بۇنى ساندۇقتىن مەن ئالدىم. ھويلىدىن كىرگىنىمدە بۇنىڭغا كۆزۈم چۈشىدۇ-دە، يېنىكلىشىپ قالىمەن. گويا ئۇ بىز بىلەن بىللە تۇرغاندەك...»، — دېدى.

گرىگورىي توغرىسىدىكى تۈگىمەس گەپ - سۆزلەر دۇناشكىنى تويدۇرۇۋەتكەنىدى. بىر كۈنى ئۇ چىداپ تۇرالماي، ئانىسىغا ئۆپكىلىدى:

— ئاپا، سىز بىرلا گەپنى تەكرارلاۋەرسىڭىز، ئۆزىڭىزگە زېرىكىشلىك ئەمەسمۇ؟ سىز بۇ خىل گەپ - سۆزلىرىڭىز بىلەن ھەممىنى تويدۇرۇۋەتتىڭىزغۇ. سىزدىن ئاڭلايدىغىنىمىز پەقەت بىرلا: گرىشايو، گرىشا...

— مەن ئۆز ئوغلۇم توغرۇلۇق گەپ ئاچسام، قانداقمۇ

ماڭا زېرىكىشلىك تۇيۇلمىدىكەن؟ سەن ئۆزۈڭ بالىلىق بول، شۇ چاغدىلا بىلىسەن...، — دەپ ئاستا جاۋاب بېرەتتى ئىلئىنىچنا.

شۇندىن كېيىن موماي گرىگورىينىڭ كەمزۇلى بىلەن فۇراژكىسىنى ئاشخانىدىن ئۆز بۆلمىسىگە ئاچىقىپ قويىدى-دە، بىر نەچچە كۈنگىچە ئوغلى توغرۇلۇق ئاۋازىنى چىقىرىپ ھېچنېمە دېمىدى. ئەمما پىچان ئورۇش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئۇ دۇناشكىغا مۇنداق دېدى:

— مەن گرىشانى ئەسكە ئالسام، ئاچچىقىڭ كېلىدۇ، ئەمما بىز ئۇنىڭسىز قانداق كۈن ئۆتكۈزىمىز؟ سەن ئەخمەق قىز، مۇشۇنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ پىچان ئورۇش يېقىنلىشىۋاتىدۇ، بىزدە تېرىنىنى ياسايدىغان ھېچكىم يوق... مانا قارا، ھەممە نەرسىلىرىمىز قالايمىقان چېچىلىپ يېتىپتۇ، ئۇلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇش سەن بىلەن بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، ئىگىسىز مال ناله-زاره قىلىدۇ دېگەن مانا شۇ ...

دۇناشكا ئۈنچىقمىدى. ئۇ، ئىگىلىك مەسىلىلىرىنىڭ ئانىسىنى ئانچىلىك تەشۋىشلەندۈرمەيدىغانلىقىنى، بۇ نەرسىنىڭ ھەممىسى پەقەت گرىگورىي توغرۇلۇق سۆز ئېچىپ، قورسىقىنى بوشىتىۋېلىشقا باھانە ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئىلئىنىچنا ئوغلىنى ئېخىمۇ قاتتىقراق سېغىنىشقا باشلىدى، ئەمما بۇنى ئىچىدە سىر تۇتالمايتتى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ تاماق يېيىشنى خالىمىغانلىدى، دۇناشكا ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ دەپ سورىغاندا، خالار-خالىماس جاۋاب بەردى:

— قېرىپ قالدىم... گرىگورىينىڭ دەردى-پىراقىدا يۈرىكىم ئاغرىيدۇ... شۇنداق ئاغرىيدۇكى، كۆڭلۈمگە ھېچنېمە ياقمايدۇ، كۆزلىرىم يورۇققا قاراشتىن قورقىدۇ...

ئەمما گرىگورىيغا مېلېخوفلارنىڭ ئائىلىسىگە باشچىلىق

قىلىشقا توغرا كەلمىدى. ئوتلاقتا ئوت ئورۇش باشلىنىش ئالدىدا فرونتتىن يېزىغا مىشكا كوشىۋوي كېلىپ قالدى. ئۇ بىر كېچىنى يىراق تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى ئەتىگەن مېلېخوفلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئىلئىنىچنا تاماق ئېتىۋاتاتتى، بۇ چاغدا مېھمان ئەدەب بىلەن ئىشىكنى قاقتى ـ دە، جاۋاب بولمىغاندىن كېيىن ئاشخانىغا كىردى، بېشىدىن كونىراپ كەتكەن سولداتچە فۇراژكىنى ئېلىپ، ئىلئىنىچناغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

— سالامەتمۇسىز ئىلئىنىچنا هاماچا! مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتمىگەن بولغىدىڭىز؟

— ئۆزۈڭ سالامەتمۇ. مەن سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتىدىغان نېمەم ئىدىڭ؟ بىزنىڭ ئائىلىمىزگە سېنىڭ نېمە تۇغقانچىلىقىڭ بار؟ — دەپ قوپال جاۋاب بەردى ئىلئىنىچنا ئۆزىگە ئۈچ كۈرۈنۈپ كەتكەن كوشىۋوينىڭ چىرايىغا يامان كۆز بىلەن قاراپ.

مۇنداق سوغۇق قارشى ئېلىنىشقا مىشكا قىلچە قىسىلماستىن:

— شۇنداق، تۇغقانچىلىقىمىز يوق... ئەمما هەر هالدا تونۇشىمىزغۇ، — دىدى.

- گەپ تامام، ۋەسسالام.

— مەن باشقا مەقسەت بىلەن كىرگىنىم يوق، كۆرۈشۈپ چىقاي دەپ كىرگەنىدىم. مەن سىزنىڭكىدە تۇرۇشقا كەلمىدىم.

— تېخى شۇنىسى يەتمەي تۇراتتى، — دېدى ئىلئىنىچنا، شۇندىن كېيىن مېھمانغا قارىماستىن تاماقنى ئېتىۋەردى.

مىشكا موماينىڭ سۆزىگە ئېتىبار قىلماستىن، ئاشخانا ئىچىگە دىققەت بىلەن قاراپ چىقتى ـ دە، دېدى:

— كىرىپ كۆرۈشۈپ چىقاي، قانداق تۇرغانلىقىڭىزنى

كۆرەي دەپ كىردىم... كۆرۈشمىگىنىمىزگە بىر يىلدىن ئاشتىغۇ.

— سىنى ئۇنچىلىك سىغىنىپ قالغىنىم يوق، — دەپ غودۇڭشىدى ئىلئىنىچىنا ئوچاقتىكى قازاننى قەھىر بىلەن نىرى - بېرى تۈزەپ.

دۇناشكا ئىچكىرى ئۆينى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى، مىشكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چىرايى ئۆڭۈپ، ئۈنچىقماستىن شاق قىلىپ ئىككى ئاقىنىنى بىر - بىرىگە ئۇردى. ئۇ ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۈن - تىنىشىنى چىقارماستىن، ئاشخانىدا بولغان گەپ-سۆزلەرگە قۇلاق سالاتتى. دۇناشكىنىڭ يۈزىدە بىر-دەم تۇق قىزىللىق يۈگۈرسە، بىردەم ئىككى مەڭىزى شۇنداق ئاقىرىپ كېتەتتىكى، بۇرنىنىڭ ئىنچىكە قىرىدا يول - يول ئاق جۇلا پەيدا بولاتتى. ئۇ مىشكىنىڭ ئاشخانىدا گۈس - گۈس ماڭغانلىقىنى، ئورۇندۇقنى غىچىلدىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى، كېيىن گۈڭگۈرت ياققانلىقىنى ئاڭلىدى. ئىچكىرىكى ئۆيگە تاماكا تۈ-تۈنى كىردى.

— بوۋاينى ئۆلۈپ كەتتى دېگەن گەپ بارغۇ؟

— ئۆلۈپ كەتتى.

— گرىگورىيچۇ؟

ئىلئىنىچىنا ئۇزاققىچە ئۈنچىقماي، كېيىن تازا خۇشتى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ جاۋاب بەردى:

— قىزىللار سىپىدە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ساڭا ئوخشاش شەپكىسىگە يۇلتۇز تاقىۋالغان.

— ئۇنى بۇرۇنراق قادىشى كىرەك ئىدى...

— بۇ — ئۇنىڭ ئۆز ئىشى.

مىشكا ئوچۇقلا تەشۋىشلەنگەن ئاھاڭدا:

— يېۋدوكىيە پانتېلېيۋناچۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆيى يىغىشتۇرۇۋاتىمدۇ. سەن مېھمان بەك بالدۇر كېلىپسەن. ياخشى كىشىلەر مۇنداق ئەتىگەن كەلمەيدۇ.

— مەيلى مەن يامان ئادەم بولۇپ قېلىۋېرەي. مەن ئۇنى سېغىندىم. شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىم. بۇنداق چاغدا ۋاقىت تاللاپ ئولتۇرامدۇ كىشى.

— ئاھ. مىخايىل تولا مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە...

— ھامماچا، مەن سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرۈپ نېمە قىپتىمەن؟

— نېمە قىلساڭ بولاتتى!

— زادى نېمە قىپتىمەن؟

— ئاشۇ گەپلىرىڭچۇ!

دۇناشكا مىشكىنىڭ چوڭقۇر بىر ئۇھ، تارتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئەمدى چىداپ تۇرالماي، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، يوپكىسىنى تۈزەپ، ئاشخانىغا چىقتى. جۇدەپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن، چىرايى ساپسېرىق مىشكا دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرغان بولۇپ، قولىدىكى پاپىروسنى چېكىپ بولۇشقا ئاز قالغانىدى. ئۇ دۇناشكىنى كۆرۈش بىلەنلا خىرە كۆزلىرى جانلىنىپ كەتتى، يۈزىگە بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىزىللىق يۈگۈردى. ئۇ ئالدىراش ئورنىدىن تۇرۇپ خىرىلداپ:

— ھە، سالامەتمۇ سەن؟ — دېدى.

— شۈكۈر، ئۆزۈڭ سالامەتمۇ...، — دەپ جاۋاب بەردى دۇناشكا ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس.

— ماڭ، سۇ ئەكەل، — دەپ دەرھاللا بۇيرۇق قىلدى ئىلىئىنچنا قىزىغا يالت قىلىپ قاراپ.

مىشكا دۇناشكىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. ئىلىئىنچنا ئۈنچىقمايتتى، مىشكىمۇ ئۈنچىقماي ئولتۇردى، كېيىن قولىدىكى تاماكا ئوتىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ سورىدى:

— نېمىشقا ماڭا قەھرىڭىزنى چاچىسىز، ھامماچا؟ مەن سىزنىڭ يولىڭىزنى كېسىپ ئۆتتۈممۇيا؟

ئىلئىنىچنا ھەرە چېقىۋالغاندەك مەشتىن شارتىلا بۇ ياققا ئۆرۈلدى.

— ھەي ئۇياتسىز، بىزنىڭكىگە كېلىشكە ۋىجدانىڭ قانداقمۇ يول قويغاندۇ؟! — دېدى ئۇ، — سەن تېخى مەندىن نېمە ئىستەمەن دەپ سورايسەنغۇ؟ سەن قاتىل جاللات...

— مەن قانداقچە جاللات ئىكەنمەن؟

— سەن ھەقىقىي جاللات! پېترونى كىم ئۆلتۈردى؟ سەن ئەمەسمۇ؟

— مەن.

— ھە، مانا! ئۇنداق بولغاندىن كېيىن سەن جاللات بولماي نېمە؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق سەن بىزنىڭكىگە كېلىپ... ئولتۇرۇپ، گويا... — ئىلئىنىچنا دېمىنى ئالالماي، جىم بولۇپ قالدى، ئەمما ئۆزىنى ئوڭشاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ سەن ماڭا قايسى يۈزۈڭ بىلەن قارايسەن؟

مىشكا خېلىلا ئۆڭدى. ئۇ بۇنداق گەپ - سۆزنىڭ بولۇشىنى كۈتەتتى. ئۇ ھاياجاندىن بىرئاز دۇدۇقلىنىپ دېدى:

— مېنىڭ يەرگە قارايدىغان ھېچقانداق يېرىم يوق! ئەگەر پېترو مېنى تۇتۇۋالغان بولسا، نېمە قىلاتتى؟ سېنىڭچە مېنىڭ چوققامدىن سۆيۈپ قويامتى؟ ئۇمۇ مېنى ئۆلتۈرگەن بولاتتى. بىز ئۇ دۆڭلۈكتە بىر - بىرىمىزنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇچراشقىنىمىز يوق! بۇنىڭ ئېتى ئۇرۇش.

— قۇدىمىز كورشونوفنىچۇ؟ مۆمىن بىر چالنى ئۆلتۈرۈش — بۇمۇ ئۇرۇشمۇ؟

— شۇنداق بولمايچۇ؟ — دەپ ئەجەبلەندى مىشكا، —

ئەلۋەتتە، ئۇرۇش! مەن بۇ مۆمىن كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى بىلىمەن! بۇنداق مۆمىن ئادەم ئۆيدە تامبىلىنى قولىدا تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ، ئەمما ياۋۇزلۇقنى ئالدىنقى سەپتىكىلەردىن كۆپرەك ئىشلەيدۇ... كازاكلارنى بىزگە قارشى كۈشكۈرتكەنلەر ئاشۇ گىرشاكا بوۋايغا ئوخشاش ئادەملەر، ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ كاساپىتىدىن بۇ ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى! بىزگە قارشى تەشۋىقات يۈرگۈزگەنلەر كىم؟ ئاشۇ مۆمىن ئادەملەر. سەن مېنى «جاللات» دەيسەن... قالتىس تېپىپسەن جاللاتنى! ئىلگىرى مەن قوزىنى ياكى چوشقىنىڭ كۈچۈكىنى بوغۇزلىيالمايدىغانىدىم، ھازىر بىلمەيمەن، ئەمما بوغۇزلىمايمەن. بۇنداق جانلىقنى بوغۇزلاشقا قولۇم بارمايدۇ. بىر زامانلاردا باشقىلار بوغۇزلىسا — چىرقىرىغانلىقىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن، كۆزۈم كۆرمەسلىكى ئۈچۈن قۇلىقىمنى ئېتىۋېلىپ، يىراق يەرگە كېتەتتىم.

— قۇدامنى ئۆلتۈرگەندىچۇ...

— ياتاللا شۇ قۇدىڭىز ئاغزىڭىزدىن چۈشمەي قويدى! — دەپ سۆزنى بۆلدى مىشكا ئاچچىقى بىلەن، — ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن سىزگە ھېچقانداق پايدا - نەپ تەگكەن ئەمەس، ئەمما زىيىنى كۆپ بولغان. مەن ئۇنىڭغا: ئۆيدىن چىق دېدىم، ئۇ ماڭماي، جايىدا يېتىۋالدى. مەن ئۇنداق قېرى شەيتانلارغا رەھىمسىزمەن! مەن ھايۋانلارنى ئۆلتۈرەلمىسەممۇ، ئاچچىقىم كەلگەندە، سىز مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ قۇدىڭىزغا ئوخشاش ئەبلەخلەرنى ياكى باشقا دۈشمەنلەرنى — قانچىلىك ئۆلتۈرسەم، ئۆلتۈرۈۋېرىمەن. بۇ يورۇق دۇنيادا بىكاردىن ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئۇنداق دۈشمەنلەرگە مېنىڭ قولۇم قاتتىق!

— شۇ قاتتىقلىقىڭ تۈپەيلى ياداپ قۇرۇپ كېتىپتىكەنسەن - دە، — دېدى ئىلئىنىچنا زەھەرخەندە بىلەن، — بەلكى، ۋىجدانىڭ يادىتىۋەتكەندۇ...

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! — دەپ كۈلدى مىشكا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن، — ئاشۇ بوۋايغا ئوخشاش ئەسكى - تۈسكى قالدۇقلار سەۋەبىدىن ۋىجدانىم مېنى يادىتىمۇەتكەندۇ. مېنى بەزگەك قورۇتۇۋەتتى، پۈتۈنلەي ھالدىن كەتكۈزۈۋەتتى، ئۇنداق بولمىغاندا، ئاپا، مەن ئۇنداقلارنى...

— مەن ساڭا ئاپا بولغىنىم قانداق؟ — دەپ تېرىكتى ئۆلگىنىچىنا، — قانچۇقنى ئاپا دە!

— سەن مېنى گەپ بىلەن سانجىۋەرمە! — دېدى مىشكا بوغۇق ئاۋاز بىلەن كۆزلىرىنى قەھىر بىلەن ئالايتىپ، — مەن سېنىڭ ھەممە گېپىڭگە چىداپ تۇرۇۋېرىشنى كۆتۈرە ئالغان ئەمەسمەن. ھامماچا، مەن ساڭا ئوچۇق ئېيتىپ قوياي، پېترو ئۈچۈن كۆڭلۈڭدە ماڭا ئاداۋەت ساقلىما، ئۇ ئۆز تىلىكىگە ئۆزى يەتتى.

— سەن جاللات! جاللات! چىق بۇ يەردىن، سېنى كۆرۈشكە كۆزۈم يوق! — دېدى ئۆلگىنىچىنا قاتتىق تۇرۇپ.

مىشكا يەنە تاماكا تۇتاشتۇرۇپ سالماقلىق بىلەن سورىدى:

— سىزنىڭ قۇدىڭىز مىترىي كورشونوف جاللات ئەمەسمۇ؟ گرىگورىيچۇ؟ ئوغلىڭىز توغرۇلۇق ئۈنچىقمايسىزغۇ، ئۇ ھەقىقىي جاللات، نەق جاللات!

— يالغان سۆزلىمە!

— مەن ئەزەلدىن يالغان سۆزلىگەن ئەمەسمەن. خوش، سېنىڭچە، ئۇ قانداق ئادەم؟ ئۇ بىزنىڭ ئادەملەردىن قانچىسىنى ھالاك قىلدى، بۇنى سەن بىلەمسەن، گەپ مانا شۇنىڭدا. سەن، ھامماچا، ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇنداق ئاتايدىغان بولساڭ، ئۇ چاغدا بىز ھەممىمىز جاللات بولۇپ چىقىمىز. ھەممە گەپ نېمە ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈشتە ۋە قانداق

ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشتە، — دېدى مىشكا مەنىلىك قىلىپ.

ئىلىئىنچىنا ئۈنچىقمىدى، ئەمما مېھماننىڭ كېتىدىغان تۈرى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، جىددىيلىك بىلەن دېدى:

— بولدى بەس! سەن بىلەن سۆزلىشىشكە ۋاقتىم يوق، ئۆيۈڭگە كېتىۋالساڭ بولارمىكىن.

— توشقاننىڭ قانچىلىك قەسرى - راۋاقلىرى بولسا، مېنىڭمۇ ئۆيۈم شۇنچىلىك كۆپ، — مىشكا مىيىقىدا كۈلۈپ، ئورنىدىن تۇردى.

بۇنداق چارە - ئۇسۇل بىلەن، گەپ - سۆزلەر بىلەن ئۇنى نىيىتىدىن قايتۇرۇش ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى! ئۇ، غەزىپى چەكتىن ئاشقان موماينىڭ ھاقارەتلىك سۆزلىرىگە پەرۋا قىلىپ قالىدىغان ئۇنداق كۆڭلى نازۇك مىشكا ئەمەس ئىدى. ئۆزىنى دۇناشكىنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، قالغان ئىش، جۈملىدىن موماينىڭ تىللاشلىرى ئۇنىڭغا بىر تىيىن ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەن ئۇ يەنە كەلدى، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك سالاملىشىپ، دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى - دە، دۇناشكىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇردى.

— نېمانچە تولا يوقلاپ كېلىسەن، — دېدى ئىلىئىنچىنا مىشكىنىڭ سالىمىغا جاۋاب بەرمەستىن.

دۇناشكا قىزىرىپ كەتتى، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئانىسىغا يالت قىلىپ قارىدى - دە، ئەمما بىر ئېغىز سۆز قىلماستىن پەسكە قارىدى. مىشكا كۈلۈپ جاۋاب بەردى.

— مەن سېنى كۆرگىلى كەلگىنىم يوق، ئىلىئىنچىنا ھامماچا، بىكاردىن ئاچچىقىڭ كېلىپ يۈرمىسۇن.

— ئەڭ ياخشىسى بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىغان يولنى ئۇنتۇساڭ بولاتتى.

— ئۇ چاغدا مەن نەگە بارىمەن؟ — دەپ سورىدى مىشكا گەپنىڭ راستىنى ئېيتىپ، — سىزنىڭ قۇدىڭىز مىترىينىڭ مېھىر-شەپقىتى تۈپەيلى ئەمانىڭ سىڭار كۆزىدەك يالغۇز بولۇپ قالدىم. مەن بوش ئۆيدە ياۋايى ئادەمدەك ئولتۇرالمايمەن. مەيلى خالىغىن، مەيلى خالىمىغىن، ھامىماچا، سىزلەرنىڭكىگە كېلىۋېرىمەن، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى-دە، پۇتلىرىنى كېرىپ، ئەركىن-ئازادە ئولتۇردى.

ئىلئىنىچنا ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ قويىدى. توغرا، مۇنداق ئادەمنى ئاسانلىقچە ھەيدەپ چىقىرالمايسەن. مىشكىنىڭ سەل مۈكچەيگەن قەددىدە، قىيا كەلگەن باش پىچىمىدا، مەھكەم يۇمۇلغان لەۋلىرىدە ئۆكۈزدەك تەرسالىق بار ئىدى...

ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئىلئىنىچنا نەۋرىلىرىنى ھويلىغا چىقىرىۋېتىپ، دۇناشكىغا دېدى:

— مۇندىن كېيىن ئۇ بۇ يەرگە ئاياغ باسمىسۇن، چۈشەندىڭمۇ؟

دۇناشكا كىرپىك قاقماستىن ئانىسىغا قاراپ قالدى. ئۇ ھەر بىر سۆزنى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ئېيتقان چاغدا ئۇنىڭ غەزەپتىن قىسىلغان كۆزلىرىدە مېلېخوفلارنىڭ ھەممىسىگە خاس بولغان بىر نەرسە پەيدا بولدى.

— ياق! كېلىۋېرىدۇ! ئۇنى توسالمايسىز! كېلىۋېرىدۇ! — دېدى-دە، چىداپ تۇرالماستىن، پەشتامىسى بىلەن يۈزىنى يېپىپ، دەھلىزگە يۈگۈرۈپ چىقتى.

ئىلئىنىچنا ئېغىر نەپەس ئېلىپ، دېرىزە ئالدىدا ئولتۇردى، ئۈنچىقماستىن بېشىنى چايقاپ، يىراق دالاغا كۆز تىكىپ، كۈن نۇرىدا كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان ياش ئەمەن يەرنى ئاسماندىن ئاجرىتىپ تۇرغان كۆز يەتمەس ئۇپۇققا قاراپ ئۇزاققىچە ئولتۇردى.

گەچكە يېقىن دۇناشكا ئانىسى بىلەن — ياراشمىغان پېتى بىر - بىرىگە سۆز قىلىشماستىن — دون ياقىسىدىكى باغچىنىڭ غۇلاپ چۈشكەن قاشا تېمىنى تىكلەشكە كىرىشتى. بۇلارنىڭ قېشىغا مىشكا كەلدى. ئۇ ئۈن-چىقماستىن دۇناشكىنىڭ قولىدىن گۈرجەكنى ئېلىپ، دېدى:

— تېيىز قازىدىكەنسەن. شامال چىقسا، قاشا تېمىڭلار يەنە ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ، — قاشا ياغىچىنى تىكلەش ئۈچۈن قېزىلغان ئورىلارنى چوڭقۇرلىتىشقا باشلىدى، ئاندىن قاشانى تىكلەشكە ياردەملەشتى، تىك ياغاچقا چىتەننى بېكىتىپ بېرىپ، قايتىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن مېلىخوفلارنىڭ پەلەمپەينىڭ ئالدىغا يېڭى رەندىلەنگەن ئىككى دانە تىرنا ۋە بىر تال ئارا سېپىنى ئەكىلىپ قويدى؛ ئىلىنىچناغا سالام بەرگەندىن كېيىن جىددىي قىياپەتتە سورىدى:

— ئوتلاقتا ئوت ئورۇش نىيىتىڭىز باردۇر؟ كىشىلەر دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە كېتىشىپ بولدى.

ئىلىنىچنا ئۈنچىقمىدى. ئانىسىنىڭ ئورنىغا دۇناشكا جاۋاب بەردى:

— دەريادىن ئۆتۈشتە چۈشىدىغان ھېچ نەرسىمىز يوق. چوڭ قېيىق كۆزدىن بۇيان لاپاسىنىڭ ئاستىدا ياتىدۇ، قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن.

— ئۇنى ئەتىيازدىلا سۇغا چۈشۈرۈپ قويۇش كېرەك ئىدىغۇ، — دېدى مىشكا ئۆپكىلەپ، — يېرىقلىرىغا نەرسە تىقسا ئەپۈشكە كېلەرمىكىن؟ قېيىق بولمىسا ئىشىڭلار ئاقسايدۇ.

دۇناشكا ئىنتائەتكارانە ۋە جاۋاب كۈتكەن چىراي بىلەن ئانىسىغا قارىدى. ئىلىنىچنا ئۈنچىقماستىن خېمىرىنى يۇغۇرۇۋەر-

دى، گويا ئۆزىنى بۇ سۆزلەر بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقـ
تەك كۆرسەتتى.
— سىلەردە كاناپ يىپ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى مىشكـا
سەل كۆلۈمسىرەپ.
-وناشكا ئامبارغا كىرىپ، بىر قۇچـاق كـانـاپ پاختىسى
ئېكەلدى.
مىشكا چۈشلۈك تاماققا يېقىن قېيىقنى جۆندەپ بولۇپ،
ئاشخانىغا كىردى.
— خۇش، قېيىقنى سۇغا چۈشۈردۈم، سۇدا چىڭىپ تـۇر-
سۇن. ئۇنى دېڭگەك ياغاچقا زەنجىرلەپ قويۇڭلار، بولمىسا بىرى
ھـەيـدەپ كېتـىپ قالىدۇ، — شۇندىن كېيىن ئۇ يەنـە سـو-
رىدى، — شۇنداق قىلىپ، ھامماچا، ئوت ئوروشنى قانداق قىـ
لىدىغان بولدۇق؟ بەلكى، سىلەرگە ياردەملىشەرمەن؟ بـەرىبىر
مەن ھازىر ئىشسىز، بوش.
— ئەنە ئاۋۇنىڭدىن سورا، — ئىلىئىنىچنا باش ئىشارىتى
بىلەن دۇناشكا تەرەپنى كۆرسەتتى.
— مەن ئۆي خوجايىنىدىن سوراۋاتىمەن.
— قارىغاندا، مەن ھازىر ئۆي خوجايىنى بولماي قالدىم...
دۇناشكا يىغلاپ، ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
— ئۇنداق بولسا ياردەملىشىشكە توغرا كېلىدۇ، — دېدى
مىشكا تامىقىنى قىرىپ قويۇپ، قەتئىيلىك بىلەن، — سىلەرنىڭ
ياغاچچىلىق ئەسۋابىڭلار نەدە؟ سىلەرگە تىرنا ياساپ بەرمەكچى-
دىم، ئۇنـداق بولمىغاندا، كونا تىرناڭلار ئىشقا يـارىمىسا
كېرەك.
ئۇ سارايىنىڭ چەللىسى ئاستىغا كەتتى - دە، ئىـسقىرتىپ
قويۇپ، تىرنىغا چىش رەندىلەشكە باشلىدى. كىچىككىنە مىشات-
كا ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ، يالۋۇراتتى:

— مىخايىل تاغا، ماڭىمۇ كىچىككىنە تىرنا ياساپ بەر-گىنە، سەن ياساپ بەرمىسەڭ، ياساپ بېرىدىغان باشقا ھېچكىم يوق. چوڭ ئانام ياسىيالمايدۇ، ھامماممۇ ياسىيالمايدۇ... يال-غۇز سەنلا ياسىيالايسەن، سەن ياخشى ياسايسەن!

— ماقۇل، ئاداش، ياساپ بېرەي، خۇدا ھەقىقى ياساپ بېرىمەن، ئەمما كىچىككىنە نېرىراق تۇر، بولمىسا كۆزۈڭگە قى-رىندى كىرىپ كېتىدۇ، — كوشېۋوي ئۇنى كۆندۈرۈپ، كۈلۈپ قويىدى - دە، ھەيرانلىق بىلەن ئويلاپ كەتتى: يائاللا، شۇن-داقمۇ ئوخشامدىغان، شەيتاننىڭ بالىسى... خۇددى قۇيۇپ قويـ-غاندەك دادىسىنىڭ نەق ئۆزى! كۆزلىرىمۇ، قاشلىرىمۇ، يۇقىرىقى كالپۇكىنى خۇددى دادىسىغا ئوخشاش كۆتۈرىدۇ... ئەينەن يا-ساپ قويغاندەك — دەپ مانا شۇنى ئېيتىدۇ!

ئۇ بالىلارنىڭ كىچىككىنە تىرنىسىنى ياساشقا كىرىشمۇدى، ئەمما پۈتتۈرەلمىدى: لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى. ساپسېرىق يۈزىدە ئاچچىقلىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاجىزانە بىر ئىپادە پەيدا بولدى. ئۇ ئىسقىرتىشنى توختىتىپ، پىچىقىنى يەرگە قويـ-دى - دە، ئىككى مۈرىسى لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى.

— مىخايلو گرىگورىچ، ئاداش، ماڭا چىپىتىدەك بىر نەرسە ئەكىلىپ بەرگىنە، ياتىمەن، — دېدى ئۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى مىشاتكا قىزىقىپ.

— ئاغرىيدىغاندەك تۇرىمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ۋايجان، تازا يېپىشقاق نېمىكەنسەنغۇ، خۇددى قېرى قىزغا ئوخشاش... ئاغرىيدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى. گەپ تا-مام! تېزرەك ئەكەل!

— مېنىڭ تىرنامچۇ؟

— كېيىن ياساپ بېرىمەن.

مىشكىنىڭ بەدىنىنى قاتتىق تىترەك جاقىلدىتىۋەتتى. ئۇ چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ، مىشاتكا ئەكىلىپ بەرگەن چىپتىنىڭ ئۈستىگە يانپاشلاپ ياتتى، فۇراژكىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈزىنى ياپتى.

— مۇشۇ سېنىڭ ئاغرىغىنىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى مىشاتكا دىلخەستە بولۇپ.

— مانا ئاغرىشقا باشلىدىم.

— نېمىشقا تىترەيسەن؟

— مېنى بەزگەك تىترىتىۋاتىدۇ.

— نېمىشقا چىشلىرىڭنى كاسىلدىتىسەن؟

مىشكا فۇراژكىسىنىڭ ئاستىدىن بىر كۆزىنى ئېچىپ، جاۋىلداق كىچىككىنە ئادىشىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەي قويدى. مىشاتكا ئۇنىڭغا قورقۇپ قاراپ ئۆيگە چاپتى.

— چوڭ ئانا! مىخايىل تاغا چەيلىنىڭ ئاستىدا يېتىپ قالدى، دىر - دىر تىترەيدۇ، دىر - دىر تىترەيدۇ، ئارقىدىن جاقىلداپ كەتتى!

ئىلىئىنىچنا دېرىزىدىن قاراپ، شىرەنىڭ قېشىغا كەتتى ۋە ئۇزاققىچە لام - جىم دېمەي، نېمە توغرىلىقتۇر ئويغا چۆمدى...

— نېمىشقا بىر نېمە دېمەيسەن، چوڭ ئانا؟ — دەپ سورىدى مىشاتكا تاقەتسىزلىك بىلەن مومايىنىڭ كوفتىسىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ. ئىلىئىنىچنا ئۇنىڭغا قايرىلىپ، قاتتىق تاپىلىدى:

— بالام، ئۇ دىنىسىزغا يوتقان ئاپىرىپ بەر، يېپىنىپ ياتسۇن. ئۇنىڭ بەزگىكى تۇتۇپ قاپتۇ، بۇ ئاشۇنداق ئاغرىق. يوتقان ئاپىرىپ بېرەلەمسەن؟ — موماي يەنە دېرىزىنىڭ تېشىغا كېلىپ هويلىغا قارىدى - دە، ئالدىراش دېدى، — توختا! ئاپارما! كېرىكى يوق.

دۇناشكا ئۆزىنىڭ قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىسىنى كوشېۋوينىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويۇپ، ئېڭىشىپ، ئۇنىڭغا بىرنېمە دەۋاتاتتى...

بەزگىكى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مىشكا قاش قارايغانغا قەدەر يېچان ئورۇش ئىشىغا هازىرلىق قىلدى. ئۇ خېلىلا مادار-سىزلاندى، هەرىكەتلىرى سۇسلىشىپ، بوشىشىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ مىشاتكىغا تىرنا ياساپ بەردى.

كەچقۇرۇن ئىلىئىنىچنا تاماق تەييارلاپ، باللارنى شىرە يې-نىغا ئولتۇرغۇزدى - دە، دۇناشكىغا قارىماستىن، دېدى:

— ماڭ، هېلىقىنى چاقىر، ئېتى نېمىتى... تاماق يېسۇن.

مىشكا چوقۇنۇشقا قولىنى پېشانىسىگە ئاپارماستىنلا، هار-غىنلىق بىلەن مۈكچىيىپ، شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. قورۇغان تەرىنىڭ يول - يول ئىزى قالغان ساپسېرىق يۈزىدە ئې-غىر چارچاش ئەكس ئېتەتتى، ئۇ ئاغزىغا قوشۇقنى ئاپار-غاندا قولى دىرىلدايتتى. ئۇ تاماقنى تازا خالىماي، ئاز يېدى، شىرە يېنىدا ئولتۇرغانلارغا ئاندا - ساندا پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ قوياتتى. ئەمما ئىلىئىنىچنا ئۇنىڭغا ئاستىرتىن قاراپ، شۇ-نىڭغا هەيران بولاتتىكى، «جاللات» نىڭ نۇرسىز كۆزلىرى كى-چىككىنە مىشاتكىغا چۈشكەندە، ئىللىقلىنىپ، جانلىنىپ كېتەتتى، زوقلىنىش ۋە مېھرىبانلىق ئۇچقۇنلىرى بىرلەھزە لاپ قىلىپ يېنىپ، يەنە ئۆچۈپ قالاتتى، ئاغزىنىڭ ئىككى بۇرجىكىدە بىلى-نەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم ئۇزاققىچە ساقلىنىپ تۇراتتى. كې-يىن مىشكا نەزەرىنى باشقا ياققا يۆتكىگەندە، ئۇنىڭ يۈزىدە يېڭىباشتىن سوغۇققانلىق كۆلەڭگىسى پەيدا بولاتتى.

ئىلىئىنىچنا كوشېۋوينى بىلدۈرمەستىن كۆزىتىشكە باشلاپ، پەقەت شۇندىن كېيىنلا ئۇنىڭ كېسەل جەريانىدا قاتتىق يادىغان-لىقىنى بايقىۋالدى. توپا بېسىپ رەڭگى سۇر بولۇپ كەتكەن

گىمناستۇركىسىنىڭ ئاستىدا ئومۇرتقا سۆڭەكلىرىنىڭ ئەگمىلىرى تومپىيىپ تۇراتتى، كەڭ مۈرىسىنىڭ بۇرجەكلىرى ئورۇقلۇقتىن تۈرتۈپ چىققان. باللارنىڭكىدەك ئىنچىكە بويىندا مەللە رەڭ موي باسقان كېكىردىكى غەلىتە كۆرۈنەتتى... ئىلئىنىچنا «جاللات»نىڭ سەل مۈكچەيگەن قەددىگە، ساپسېرىق يۈزىگە سىنچىلاپ قارىغىنىچە، قانداقتۇر ئىچكى ۋولايىسىزلىق، ئىككىلىنىش تۇيغۇسىنى شۇنچە كۈچلۈك ھېس قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلئىنىچنانىڭ يۈرىكىدە تۇيۇقسىز ئۆزى ئۆچ كۆرگەن بۇ ئادەمگە نىسبەتەن ئۆزىچە بىر ئىچ ئاغرىتىش ھېسسى — يۈرەكنى ئېزىدىغان ئانىلىق ئىچ ئاغرىتىشى، ھەرقانداق كۈچلۈك ئايالنىمۇ بويسۇندۇرىدىغان ئىچ ئاغرىتىش ھېسسى پەيدا بولدى. موماي بۇ يېڭى تۇيغۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىنى تىزگىنلەشكە ئاجىزلىق قىلىپ، لىق سۈت توشقۇزۇلغان تەخسىنى مىشكىغا سۈرۈپ قويدى - دە، دېدى:

— خۇدا ھەققى، سەن تاماقنى كۆپرەك يېسەڭچۇ! شۇنچىلىك ياداپ كېتىپسەنكى، ئادەمنىڭ قارىغۇسى كەلمەيدىغان دەرىجىگە يېتىپ قاپسەن... شۇمۇ كۈيئوغۇل بولۇپ قاپتۇ!

## 3

يېزىدا كوشېۋوي بىلەن دۇناشكا توغرۇلۇق گەپ - سۆز باشلىنىپ كەتتى. بىر ئايال دۇناشكىنى پىرىستاندا ئۇچرىتىپ، ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق مەسخىرە بىلەن سورىدى: «مىخايىلنى خىزمەتكارلىققا ياللىۋالدىڭلارمۇ؟ ئۇ نېمىشقىدۇر ھويلاڭلاردىن چىقمايدىغان بولۇپ قالدىغۇ...»

ئېلىئىنچىنا قىزىنىڭ بارلىق كۆندۈرۈشلىرىگە قاتتىق تۇرۇۋېلىپ: «سەن ھەرقانچە يېلىنىپ - يالۋۇرساڭمۇ، سېنى ئۇنىڭغا بەرمەيمەن! مېنىڭ سىلەرگە بېرىدىغان پاتىھەيىم يوق!» — دەيتتى. پەقەت دۇناشكا كوشېۋوينىڭ ئۆيىگە كېتىمەن دەپ ئېيتىپ قويۇپ، دەرھال كىيىم - كېچەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىغان چاغدىلا ئېلىئىنچىنا بۇ قارارىنى ئۆزگەرتتى.

— سەن ھوشۇڭنى تاپ! — دېدى موماي قورقۇپ، — مەن باللار بىلەن يالغۇز قېلىپ، قانداق قىلىمەن؟ ھالاك بولۇش كېرەكمۇ بىزگە؟

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئانا، مەن يېزىدا كۈلكىگە قېلىشنى خالىمايمەن، — دېدى دۇناشكا ئۈنىنى ئاستا چىقىرىپ، ساندۇقتىن ئۆزىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى چىقىرىۋېتىپ.

ئېلىئىنچىنا ئۇزاققىچە لەۋلىرىنى ئۈنسىز پىچىرلاتتى، ئاندىن تەسلىكتە قەدەم بېسىپ، ئۆينىڭ ئالدىنقى بۇلۇڭىغا باردى.

خۇش، ئۇنداق بولسا، قىزىم...، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئىكونانى قولىغا ئېلىپ، — ئەگەر شۇنداق ئويلىغان بولساڭ، خۇدا سەن بىلەن بولسۇن، بارغىن...

دۇناشكا ئىلدام تىزلىنىپ ئولتۇردى. ئېلىئىنچىنا ئۇنىڭغا پاتىھە بېرىپ، تىترىگەن ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەرھۇمە ئانام بۇ ئىكونا بىلەن ماڭا پاتىھە بەرگەنىدى... ئۇھ، ھازىر سېنى ئاتاڭ كۆرسە... سېنىڭ كۈيەۋىڭ توغرۇلۇق ئاتاڭنىڭ نېمە دېگەنلىكى ئېسىڭدىمۇ؟ خۇدا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، بۇ ئىش ماڭا قانچىلىك ئېغىر...، — شۇندىن كېيىن ئۈنچىقماي قويدى - دە، دەھلىزگە چىقىپ كەتتى.

مىشكا نىكاھ ئوقۇتماسلىققا قانچىلىك تىرىشمىسۇن، رەپىقە بولغۇچىغا قانچە نەسىھەت قىلمىسۇن، تەرسا قىز ئۆز دېگىنىدە تۇردى. مىشكا نائىلاج رازى بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ خىيا-

ىدا دۇنيادىكى ھەممە نەرسىگە لەنەت ئوقۇپ، نىكاھ مۇراسىمىغا گويا ئۆلۈم جازاسىغا بارىدىغاندەك تەييارلاندى. كېچىدە پوپ ۋىسسارىئون بوپېبوش چېركاۋدا ھالال جۈپ قىلىپ، ئاستا ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويدى. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ۋىسسارىئون ئىككى ياشنى قۇتلۇقلاپ، ئىبرەتلىك سۆز قىلدى:

— ياش سوۋېتىسكى يولداش، مانا، تۇرمۇشتا مۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ: ئۆتكەن يىل سىز مېنىڭ ئۆيۈمنى ئۆز قولىڭىز بىلەن كۆيدۈرگەنىدىڭىز، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا ئوت قويغانىدىڭىز، خوش، بۈگۈن ماڭا سىزنىڭ نىكاھىڭىزنى ئوقۇشقا توغرا كەلدى... قۇدۇققا تۈكۈرمە، ئۇنىڭغا ھاجىتىڭ چۈشىدۇ، دېگەن گەپ بار. ئەمما نېمىلا بولسۇن، مەن سىلەرنىڭ ئەقىللىقلارغا كېلىپ، ئېيسا مەسىھنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كىرىشكە يول تاپقىنىڭلارغا خوشالمەن، چىن دىلىمدىن خوشالمەن.

مىشكا بۇ سۆزگە چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بوشاڭلىقىغا ئۇيۇلۇپ، ئۆزىگە ئاچچىقلىنىپ، باياتىن بېرى ئۈنچىقمىغانىدى، ئەمما بۇ سۆزنى ئىشىتكەندە، ئۇنىڭ غەزىپى قايناپ، ئاداۋەتچى پوپقا كۆزىنى ئالايتىپ قاراپ، دۇناشكىنى ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ، پىچىرلاپ جاۋاب قايتۇردى:

— ئىست، سەن شۇ چاغدا يېزىدىن قېچىپ كەتتىڭ، ئۇنداق بولمىغاندا، مەن سېنى، چېچى ئاتنىڭ يايلىدەك ئۇزۇن شەيتاننى ئۆي - پۈيۈڭ بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن بولاتتىم! ھە، چۈشەندىڭمۇ، خوش؟

بۇ كۈتۈلمىگەن سۆزدىن ئېسىنى يوقىتىپ قويغان پوپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ، كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ مىشكىغا قاراپ قالدى، ئەمما مىشكا ياش ئايالىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ، قەتئىيلىك بىلەن: «كېتەيلى!» — دېدى - دە، ئارمىيە ئۆتۈكى بىلەن

گۈس - گۈس دەسسەپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

بۇ كۆڭۈلسىز تويدا ساموگونمۇ ئىچىلمىدى، ناخشا ئاۋازىمۇ ياڭرىمىدى. تويدا قولداش بولغان پروخور زىكوف ئەتىسى ئۇزاققىچە يەرگە تۈكۈرۈپ، ئاكسىنيىگە مىشكىنىڭ شىكايىتىنى قىلىپ بەردى:

— ھەي، كېلىنچەك، شۇمۇ توي بولدىمۇ؟ مىخايىل چىركاۋدا پوپقا شۇنداق ئورۇنسىز گەپ قىلىپ قويغانىدى، چالىنىڭ ئاغزى قىيسىيىپ كەتتى! كەچتە تويىنىڭ ئىشى قانداق بولىدى، دېمەمسەن؟ قورۇغان توخۇ گۆشى بىلەن قېتىق... كاشكى بىر تامچە ساموگون قۇيغان بولسىچۇ، شەيتانلار! گرىگورىي پانتېلىيېۋىچ ئۆز سىڭلىسىنىڭ قانداق ياتلىق قىلىنغانلىقىنى بىر كۆرگەن بولسا، قانداق قىلاتتى!... ياقىسىنى تۇتاتتى!... ياق، كېلىنچەك، بولدى، بەس! مەن مۇندىن كېيىن بۇنداق يېڭىچە تويغا قەدەم باسمايمەن. ئىتلارنىڭ توي مۇراسىمى بۇنىڭدىن كۆڭۈللۈكرەك... چۈنكى ئۇنىڭدا ئەركەك ئىتلار بىر-بىرىنىڭ تۈكىنى يۇڭدايدۇ، چۇقان - سۈرەن كۆپ بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭ تېيىدىچۇ؟ نە ئىچىملىك بولسۇن، نە ئۇرۇش-جېدەل. قوي، بۇ دىندىن قايتقان مەلئۇنلارنى! ئىشەنسەڭ، شۇ تويدىن شۇنچىلىك رەنجىپ قايتتىمكى، كېچىچە بىر ئۇخلىمىدىم. گويا بىرى كۆڭلىكىمنىڭ ئىچىگە بىر چاڭگال بۈرگە سېلىپ قويغاندەك، تولغىنىپ ياتتىم.

كوشېۋوي مېلېخوفلارنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئىگىلىكتىكى پۈتۈن ئىش باشقىچە يۈرۈشۈپ كەتتى، قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ھويلىنىڭ تېمىنى ئوڭشىدى، ئوتلاقتىكى پىچاننى خامانغا توشۇپ، باغلاق بويىچە تىزىپ دۆۋىلىۋەتتى، ئەتراپىنى ماھىرلىق بىلەن تاراپ-تاراشلىدى؛ ئاشلىق ئورۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ، ئورما ماشىنىسىنىڭ تاختا، قاناتلىرىنى

يېڭىباشتىن ياسىدى، خامان سەھنىسىنى ئەينەكتەك پاك - پاكىز تازىلىدى، شامالدۇرغۇچنى رېمونت قىلدى، ئاتنىڭ قىيىش جابدۇقلىرىنى ياماپ تۈزەتتى، چۈنكى ئۇ ئۆز ئىچىدە بىر جۈپ ئۆكۈزنى ئاتقا تېگىشىشنى خىيال قىلىپ يۈرەتتى. دۇناشكىغىمۇ نەچچە قېتىم: «ئات بېقىشىمىز كېرەك ئىدى. مۇنۇ ئاچا تۇياق ئەۋلىيالار بىلەن يۈرۈش جاپا»، — دېگەنىدى. ئامباردىن نەرسە ئاختۇرۇۋېتىپ، تاسادىپىي بىر چېلەك ئاق سىر بىلەن بىر چېلەك كۆك سىر تېپىۋالدى - دە، دەرھال كۈنىراپ رەڭگى ئۆڭگەن دېرىزە قاپقاقلىرىنى سىرلاشقا كىرىشتى. مېلىخوفلارنىڭ ئۆيى گويا ياشىرىپ، دېرىزىلىرىنىڭ زەڭگەر كۆزلىرى دۇنياغا يېڭىدىن نەزەر تاشلىدى.

مىشكا غەيرەتلىك خوجايىن بولۇپ چىقتى. ئۇ كېسەللىككە قارىماستىن، ئىككى قولىنى ئارام تاپتۇرماي ئىشلىدى. ھەر بىر ئىشتا ئۇنىڭغا دۇناشكا ياردەملەشتى.

تۇرمۇشقا چىققاندىن كېيىن ئاز كۈننىڭ ئىچىدە دۇناشكا خېلىلا چىرايلىقلىشىپ قالدى، مۈرە ۋە سانلىرى تولۇشقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدا، يۈرۈش - تۇرۇشىدا، ھەتتا چېچىنى تۈزەشلىرىدە بىر يېڭىلىق پەيدا بولدى. ئۇنىڭغا خاس بولغان بۇرۇنقى شاشلىقى، بالىلارچە شوخلۇقى ۋە چاققانلىقى تۈگەپ كەتتى. ئۇ ئېرىگە ئاشىقانە كۆزلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ، مۇلايىملىق بىلەن قارايتتى. ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى كۆرمەيتتى. ياشلىق بەختىنىڭ ھەممىشە كۆزى كۆرمەس بولىدۇ...

ئىلىنىچنا بېشىغا كەلگەن يالغۇزلۇقنى كۈندىن - كۈنگە قاتتىقراق ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ دېيەرلىك پۈتۈن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن بۇ ئۆيدە ئوشۇقچە بىر ئادەمدەك بولۇپ قالدى. دۇناشكا ئېرى بىلەن ئىش قىلغاندا، گويا بوش ئورۇنغا شەخسىي ئۇۋا قۇرغاندەك ئىشلەشەتتى. ئۇلار ھېچ ئىش توغرۇلۇق

موماي بىلەن مەسلىھەتلەشمەيتتى، بىرەر ئىگىلىك ئىشلىرىغا كىرىشمەكچى بولسا، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالمايتتى؛ ئۇلارنىڭ مومايغا بىرەر ئىللىق سۆزى يوق ئىدى. پەقەت شىرە يېنىدا تاماقتا ئولتۇرغاندىلا ئۇلار كەمپىرگە بىرنەچچە ئېغىز ئەھمىيەتسىز سۆزلەرنى ئېيتىپ قويۇشاتتى. شۇندىن كېيىن ئىلىئىنىچنا يەنە ئۆزىنىڭ كۆڭۈلسىز پىكىر - خىيالىغا غەرق بولۇپ، يالغۇز قالاتتى. قىزىنىڭ بەختى ئۇنى خۇشال قىلالمايتتى، ئۆيدە يات ئادەمنىڭ تۇرۇشى — كۈيئوغلى بۇرۇنقىدەكلا ئۇنىڭغا يات پېتى قالغانىدى — بىر ئېغىرچىلىق بولۇپ قالدى. ھاياتىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىققا ئايلاندى. بىر يىل ئىچىدە يۈرىكىگە يېقىن شۇنچە كىشىلەردىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن قايغۇ بىلەن بىللە مۈكچەيدى، قېرىدى، ئېچىنىشلىق ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا كۆپ قايغۇنى، ھەتتا ئىنتايىن كۆپ قايغۇنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كەلدى. ئەمدى قايغۇنى يېڭىشكە ئۇنىڭدا كۈچ - مادار يوق ئىدى، ئۇ شۇنداق بىر خۇراپىي تۇيغۇغا چۆمگەن ھالدا كۈن ئۆتكۈزەتتىكى، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى يات - يات يوقلاشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئەجەل بۇندىن كېيىن يەنە قېرى مېلېخوفنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن نەچچە قېتىم ئاتلاپ ئۆتەرمىش، دۇناشكىنىڭ ئەرگە تېگىشىگە رازى بولغاندىن كېيىن ئىلىئىنىچنا پەقەت بىرلا نەرسىنى: گرىگورىينىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، نەۋرىلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇندىن كېيىن مەڭگۈ كۆز يۇمۇشنى خالايتتى. ئۇ مۇشۇ دەم ئېلىش ھوقۇقىنى دەپ ئۇزۇن يىللىق مۇشەققەتلىك ھاياتنى كەچۈرگەنىدى.

يازنىڭ ئۇزۇن كۈنلىرى ھېچ ئايىغى تۈگىمەيدىغاندەك سوزۇلۇۋەردى. قۇياش ئىسسىق نۇرىنى تۆكۈپ تۇراتتى. ئەمما بەدەنگە سانجىلىپ تېگىدىغان ئاپتاپمۇ ئىلىئىنىچنانى ئەمدى ئىس-

سىتالمايتتى. موماي پېشايۋاندا، كۈننىڭ نەق كۆزىدە مىدىرلى-
ماستىن، ئەتراپىدىكى ئىشلار بىلەن كارى بولماستىن ئۇزاق ئول-
تۇراتتى. بۇ ئەمدى بۇرۇنقى تىنىم تاپمايدىغان، تىرىشقاق ئا-
يال خوجايىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ھېچنېمە قىلغۇسى كەل-
مەيتتى. ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمدى
ئەھمىيىتى يوق، كېرەكسىز، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغاندەك تۇ-
يۇلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇنقىدەك ئەمگەك قىلىشقا ئۇنىڭدا
كۈچ - مادارمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئۇزۇن يىللار داۋامىدا ئەمگەك
بىلەن قاداق بولۇپ كەتكەن قوللىرىغا پات - پات قاراپ قو-
يۇپ، ئىچىدە: «ھەي قوللىرىم، ئەمدى ئىشلەپ بولدۇڭلار...
ئارام ئالىدىغان ۋاقتىڭلار بولدى... مەن ئۇزاق ياشىدىم، يې-
تەر ئەمدى... پەقەت گىرىشانكامنى كۆرەلىسەم بولدى...»، —
دەيتتى.

پەقەت بىر كۈنى ئىلئىنچىناغا بۇرۇنقى شادىمانلىق بىردەم-
لىككىلا قايتىپ كەلدى. پروخور بازاردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ
يول ئۈستىدە بۇ يەرگە كىرىپ ئۆتتى، ئۇ يىراقتىنلا ۋارقىراپ:

— ئىلئىنچىنا ئاچا، سۆيۈنچە بەر! ئوغلۇڭدىن خەت ئەكەل-
دىم! — دېدى.

مومايىنىڭ رەڭگى ئۆڭدى. خەت ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا مۇ-
قەررەر يېڭى بەختسىزلىك بىلەن باغلىنىشلىقتەك ئىدى. ئەمما
پروخور يېرىمى ئۇرۇق - تۇغقانلارغا دۇئايى سالام بىلەن تول-
غان قىسقا خەتنى ئوقۇپ چىقىپ، ئاخىرىدا گىرىگورىينىڭ
كۈزگىچە ئۆيگە كېلىپ كېتىمەن دېگەن ئىلاۋىسىنى ئېيتىپ بەر-
گەندىن كېيىنلا ئىلئىنچىنا خۇشاللىقتىن ئۇزاققىچە گەپ قىلال-
ماي قالدى. مومايىنىڭ جىگەر رەڭ يۈزىدە، مەڭزىدىكى چوڭقۇر
قورۇقلاردا ئۇششاق مارجاندەك ياش تامچىلىرى يومىلاشقا
باشلىدى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، كوفتىسىنىڭ يېڭى بىلەن،

قاداق قوللىرى بىلەن يېشىنى ئېرتتى، ئەمما ياش تامچىلىرى يۈزىدىن توختىماستىن تىرقىراپ پەشتامىسىغا تامچىلاپ، خۇددى ئىللىق يامغۇر چۈشكەندەك، پەرتۇقىنى ئالىچىپار قىلىپ قويدى. پروخور ئاياللارنىڭ كۆز يېشىنى ياخشى كۆرمەيلا قالماستىن، ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا، تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئاچچىقىنى يوشۇرماي دېدى:

— ئاچا، نېمانچە تۆكۈلىسەن! سىلەر ئاياللاردا مۇنداق ھۆلچىلىك نېمانچە كۆپتۈر... يىغلىماي، خۇشال بولۇش كېرەك ئەمەسمۇ. ئۇنداق بولسا مەن كەتتىم، خەير - خوش! بۇ ھالدا ساڭا قارىسام، ماڭا مەزە يوق ئوخشايدۇ.

ئىلئىنىچنا ئېسىنى يىغىپ، ئۇنى توختاتتى.

— مۇنداق خۇش خەۋىرىڭ ئۈچۈن، ئەزىزىم، نېمىشقا بۇنداق كۆڭلۈمنى بۇزغاندىمەن... توختا، سېنى مېھمان قىلاي...، — موماي بىرنېمىلەرنى خىڭشىلداپ، ئۇزاقتىن بۇيان ساقلاپ قويغان بىر شېشە ساموگوننى ساندۇقتىن ئالدى.

پروخور ئولتۇرۇپ، بۇرۇتىنى سىيلاپ قويدى.

— خۇشاللىق ئۈچۈن سەنمۇ مەن بىلەن ئىچىپ قويارسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ. ئەمما شۇ زامان تەشۋىش بىلەن ئويلىنىپ قالدى: «ئاپلا، تىلىمغا يەنە نېمە بالا بولدى! شېشىدە ئازغىنا ھاراق تۇرسا، ماقۇل دەپ شېرىك بولسا، قانداق بولار...»

ئىلئىنىچنا ئىچمەيمەن دېدى. ئۇ خەتنى ئاۋايلاپ قاتلاپ، مېھرابىنىڭ تەكچىسىگە قويۇپ قويدى، ئەمما قايتا ئويلانغاندەك بولۇپ، قولىغا ئالدى - دە، بىرئاز تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن قوينىغا سېلىپ، يۈرىكىگە مەھكەم باستى.

دۇناشكا ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ خەتنى ئۇزاق ئوقۇدى، كېيىن كۈلۈمسىرەپ، خۇرسىندى:

— ئۇھ، ئۇ ئېزرەك كەلسە بولاتتى! ئۇنداق بولمىغاندا، سىز، ئانا، ئۆزىڭىزگە ئوخشىماي قالدىڭىز جۇمۇ.

ئېلىنىچنا قىزغىنىپ، خەتنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، يەنە قوينىغا سالدى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ، پارلاپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قىزىغا قارىدى:

— مەن قانداق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم، ھەتتا مېنى ئىتمۇ ئېسىگە ئالمايدۇ، مانا كىچىك ئوغلۇم ئانىسىنى ياد ئېتىپتۇ! ئۇ خەتنى قانداق يازغان - ھە! ئاتامنىڭ ئىسمى بويىچە مېنى ئېلىنىچنا دەپ ئاتاپ، ئىززەتلەپتۇ... قەدىردان ئانامغا، سۆيۈملۈك بالىلىرىمغا تۆۋەنچىلىك بىلەن سالام يوللايمەن. دەپ يېزىپتۇ ۋە سىڭلىسىمۇ ئۇنتۇپ قالماپتۇ... خوش، نېمە كۈلىسەن؟ سەن ئەخمەقسەن، دۇناشكا، تازا ئەخمەقسەن!

— ئاپا، مەن كۈلمەي تۇرالامدىمەن؟ سىز نەگە باراي دەيسىز؟

— باغچىغا بارىمەن، كارتوشكا قازىمەن.

— ئەته ئۆزۈم بارىمەن، ئۆيدە ئولتۇرسىڭىزچۇ، سىز دائىم ئاغرىۋاتىمەن، دەپ زارلىنىدىكەنسىز، ئەمدى بۈگۈن سىزگە ئىش تېپىلىپ قالدىمۇ.

— ياق، بارىمەن... شادلىقىم ئىچىمگە سىغمايۋاتىدۇ، ئۆزۈم يالغۇز بولۇشنى خالايمەن، — ئېلىنىچنا كەپىنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتتى - دە، ياش چوكاندەك چەبدەسلىك بىلەن روملىنى بېشىغا چىگدى.

باغچىغا كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە ئاكسىنىيىنىڭ قېشىغا كىردى، ئاۋۋال ئەدەب ساقلاپ، ئۇ ئىش - بۇ ئىش توغرۇلۇق پاراڭلاشتى، كېيىن خەتنى ئالدى.

— بىزنىڭ ئوغۇل خەت ئەۋەتىپتۇ، ئانىسىنى خۇشال قىلدى. كېلىپ كېتىمەن دەپتۇ. مە، قوشنام، ئوقۇپ بەر، مەن

يەنە بىر قېتىم ئاڭلاي.

شۇ چاغدىن تارتىپ، ئاكسىنىيىگە بۇ خەتنى پات ـ پات ئوقۇشقا توغرا كەلدى. ئىلىئىنچىنا كەچقۇرۇنلىرى ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ، ياغلىققا يۆگەلگەن سېرىق لىپاپىنى ئېلىپ، بىر ئۇھ، تارتاتتى ـ دە، ئۆتۈنەتتى:

— ئوقۇغىنا، ئاكسىنيوشكا، بۈگۈن نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم قاراڭغۇ تۇرىدۇ. گرىشانى چۈشەپ قاپتىمەن، ئۇ خۇددى مەكتەپكە بارىدىغان چاغدىكىدەك كىچىككىنە كۆرۈندى...

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قارا قېرىنداشتا يېزىلغان ھەرپلەر بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، نۇرغۇن سۆزلەرنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئاكسىنيە قىيىنالماي ئوقۇۋېرەتتى، چۈنكى ئۇ خەتنى تولا ئوقۇپ،ياد بولۇپ كەتكەنىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن يۇپقا قەغەز تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئاكسىنيە خەتنى ئاخىرقى قۇرلىرىغىچە ئېيتىپ بېرەلەيتتى.

ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئىلىئىنچىنا ساقسىز بولۇشقا باشلىدى. دۇناشكا ئاشلىق يانجىش بىلەن بەند ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىئىنچىنا ئۇنى ئىشتىن قالدۇرۇشنى خالىمايتتى. ئەمما ئۆزى تاماق ئېتەلمەيتتى.

— مەن ھازىر ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن. ئەمدى ئۆزۈڭ بىرنېمە قىلىپ تۇرارسەن، — دېدى ئۇ قىزىغا.

— ئاپا، قەيىرىڭىز ئاغرىيدۇ؟

ئىلىئىنچىنا كونا كوفتىسىنىڭ بۇرمىلىرىنى سىلىقلاپ تۇزلىدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرمەستىنلا جاۋاب بەردى:

— ھەممە يېرىم ئاغرىيدۇ، ئۈچەي ـ باغرىم پۈتۈنلەي ئېزىلىپ كەتكەندەكلا. ياش ۋاقتىمدا ئاتاڭ مەرھۇم غەزەپلەنگەن چاغدا مېنى ئۇرۇشقا باشلايتتى... ئۇنىڭ مۇشتى تۆمۈر-

دەك ئىدى... بىر ھەپتىلەپ ئۆلۈكتەك يېتىپ كېتەتتىم. ھازىرمۇ شۇنداق: خۇددى كالتەكلەنگەندەك پۈتۈن ئەزايىم سىرقىرايدۇ...

— مىخايىلنى دوختۇرغا ئەۋەتىپ باقايمۇ؟

— نېمە كېرىكى بار، ئۆزۈم بىر نېمە قىلىپ ساقىيارمەن.

ئىلىئىنىچنا ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، ھويلىدا بىرئاز يۈردى، ئەمما كەچكە يېقىن يەنە يېتىپ قالدى. يۈزى سەل - پەل ئىششىدى، كۆزلىرىنىڭ ئاستىدا ئىششىق خالتا پەيدا بولدى. كېچىچە ئۇ نەچچە قېتىم قولىنى تىرەپ، ئېگىز ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، پات - پات نەپەس ئالدى، چۈنكى دېمى سىقىلاتتى. كېيىن نەپەس بوغۇلۇش ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئوڭدىسىغا تىنچ ياتىدىغان، ھەتتا تۆشەكتىن تۇرالايدىغان ئەھۋالغا كېلىپ قالدى. ئۇ بىرنەچچە كۈننى تېپتىنچ، دۇنيادىن قول ئۈزگەن، ئارام تېپىپ قالغان ئەھۋالدا ئۆتكۈزدى. ئۇ يالغۇزلۇقنى خالايتتى، شۇڭا ئاكسىنىيە ئۇنى يوقلاپ كىرگەندە، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا قىسقا - قىسقا جاۋاب بېرەتتى، ئاكسىنىيە چىقىپ كەتكەندە ئۇھ، دەپ يېنىك نەپەس ئالاتتى، نەۋرىلەر ۋاقتىنى كۆپىنچە ھويلىدا ئۆتكۈزگەنلىكىگە ۋە دۇناشكىنىڭ ئۆيىگە كەمدىن كەم كىرىپ، تۈرلۈك سوئاللار بىلەن بىزاۋىتە قىلمايدىغانلىقىغا خۇش ئىدى. ئۇ ئەمدى ھېچكىمنىڭ خەيرخاھلىقى ۋە تەسەللىي بېرىشىگە موھتاج ئەمەس ئىدى. ئۆز ئۆمرىدە ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلەش ئۈچۈن يالغۇز قېلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىدىغان چاغمۇ كەلگەنىدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇ كۆزلىرىنى چالا يۇمۇپ، مىدىر قىلماستىن سائەتلەپ يېتىپ كېتەتتى، پەقەت ئىششىغان بارماقلىرى يوتقاننىڭ قاتلاقلىرىنى سىيلايتتى، ئاشۇ ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ھاياتى كۆز ئالدىدىن ئۆتەتتى.

ئەجەبا، ئۇنىڭ ھاياتى نېمىدېگەن قىسقا، نېمىدېگەن بىچارە ۋە شۇ ھاياتىنىڭ ئېغىرچىلىقى، قايغۇ - ھەسرەتلىك تەرىپى نېمىدېگەن

كۆپ، بۇنى كىشىنىڭ ئويلىغۇسى كەلمەيتتى. نېمىشقىدۇر ئۇ
ئۆز ئەسلەشلىرىدە، پىكىر - خىيالىدا ھەممىدىن كۆپرەك گىرد-
گورىيېنى يادىغا ئالاتتى. بەلكى، شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇرۇش
باشلانغاندىن تارتىپ، پۈتۈن يىللار داۋامىدا ئوغلۇمنىڭ تەقدى-
رى قانداق بولۇركىن دېگەن تەشۋىش ئۇنىڭ كاللىسىدىن كەت-
مىگەنىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ھايات بىلەن باغلاپ تۇرغان نەرسە
پەقەت ئوغلىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ياكى چوڭ ئوغلى بىلەن
ئېرىنى سېغىنىش ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېڭىدىن چىقىپ كەت-
تىمىكىن، ئەيتاۋۇر كەمپىر ئۇلارنى، ئۆلۈكلەرنى كەم ئويلايتتى،
بۇ مەرھۇم بولغانلار ئۇنىڭغا گويا سىر تۇمان ئىچىدە كۆرۈن-
گەندەك بولاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق چاغلىرىنى، تۇرمۇشقا
چىققاندىكى ھاياتىنى تازا كۆڭلى تارتماستىن ئەسكە ئالاتتى.
چۈنكى بۇلارنى ئەسلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغان، ئۇ چاغلار
يىراق - يىراقتا قالغان، ئەمدى نە شادلىق، نە ئارامبەخش
ئەتمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئەڭ كېيىنكى چاغلىرىنى ئەسلە-
گەندە ئۆزىنىڭ تەلەپچان، پاك قەلب ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلاتتى. مۇنۇ «كەنجى ئوغلى» بولسا ئېگىزدا كۆز بىلەن كۆرۈپ
تۇرغاندەك ناھايىتى ئېنىق پەيدا بولاتتى. ئەمما ئۇنى خىيالىغا
كەلتۈرۈش بىلەنلا شۇ زامان ئۇ يۈرىكىنىڭ تېز - تېز سوقۇ-
ۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتى. كېيىن دېمى سىقىلىشقا، چىرايى قارد-
يىشقا باشلايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ھوشسىز ياتاتتى.
لېكىن دېمىنى راسلىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئوغلىنى ئويلايتتى،
ئۇ كەنجى ئوغلىنى ھەرگىز يادىدىن چىقىرالمايتتى...

بىر كۈنى ئىلىنىچنا ئىچكىرى ئۆيدە ياتاتتى. چۈشنىڭ
ئاپتىپى دېرىزە سىرتىنى ئالتۇن تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. ئاسمان-
نىڭ جەنۇبىي چېتىدە شامال توزغۇتقان ئاپئاق بۇلۇتلار كۆز-
نى چاقنايتقۇدەك كۆپكۆك ھاۋادا ئۈزۈپ يۈرەتتى. جىمجىتلىقنى

پەقەت چېكەتكىلەرنىڭ بىر خىل كىشىنى ئۇگدىتىدىغان چىرىلدىشى
بۇزۇپ تۇراتتى. تاشقىرىدا دېرىزىنىڭ تۈۋىدىلا تامنىڭ ئۇلىغا
چاپلىشىۋېلىپ، ئاپتاپتىن ساقلانغان مايسا ئوتلار — ئاپېخان
بىلەن ياۋا بۇغدايىنىڭ ئارىسىدا ئۆسكەن يېرىم سولغۇن ئالا بوتا
ئوت بار ئىدى، چېكەتكىلەر شۇ يەردە ماكان تۇتقان بولۇپ،
چىرت - چىرت سايرىشاتتى، ئىلئىنىچىنا شۇلارنىڭ تىنىمسىز چې-
رىلدىشىغا قۇلىقىنى تىكىپ، ئاپتاپتا قىزىغان گىياھنىڭ ئۆيگە
كىرگەن ھىدىنى سېزەتتى - دە، شۇ زامان كۆز ئالدىدا، خۇددى
چۈشىدە كۆرگەندەك، ئاپتاپتا تاۋلىنىپ تۇرغان تومۇز دالاسى،
ئالتۇن رەڭ بۇغداي ئېگىزى ۋە سۇر رەڭ تۇمان پەردىسىگە ئو-
رالغان كۆپكۆك ئاسمان نامايان بولاتتى...

ئۇ ئەمەن ئارىسىدا ئوتلاپ يۈرگەن ئۆككۈزلەرنى، ئۆستەڭگە
سايىۋەن تارتىلغان ھارۋىنى ئېنىق كۆرەتتى، چېكەتكىلەرنىڭ چې-
رىلدىشىنى ئاڭلايتتى، ئەمەنىنىڭ چۈچۈمەل ئاچچىق پۇرىقىنى
ئىچىگە سۈمۈرەتتى... ئۇ ئۆزىنىمۇ — بويى ئېگىز، گۈزەل ياش
چوكاننى كۆردى... مانا ئۇ كېتىپ بارىدۇ، كەپىگە ئالدىراۋا-
تىدۇ. ئايىغى ئاستىدا ئېگىز شىلدىرلاۋاتىدۇ، يالىڭاچ پاقالچاقلىرىغا
سانجىلىۋاتىدۇ، ئىسسىق شامال يوپكىسىغا تىقىلىق كۆڭلىكىنىڭ
دۈمبىسىنى يۆلەپ، تەرىنى قۇرۇتۇۋاتىدۇ، بويىنىنى كۆيدۈرۈۋاتىدۇ،
يۈزى قىزىرىپ، ئوتتەك لاۋۇلداۋاتىدۇ، قان تېپىپ تۇرغانلىقتىن
ئىككى قۇلىقى زىڭىلداۋاتىدۇ. ئۇ قولىنى ئېگىپ، سۈتىنىڭ كۆپ-
لۈكىدىن تاشتەك قېتىپ تۇرغان ئېغىر كۆكسىلىرىنى تۇتۇپ
ماڭىدۇ - دە، ئىڭەلەپ يىغلاۋاتقان بوۋاقنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ،
قەدىمىنى تېزلىتىدۇ، مېڭىپ كېتىۋېتىپ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى
يېشىدۇ.

ھارۋىغا ئېسىپ قويۇلغان بۆشۈكتىن كىچىككىنە قارا قوڭ-
چاق گىرىشاتكىنى تولىغا ئالغاندا ئىلئىنىچىنانىڭ شامالدىن يې-

رىلغان لەۋلىرى تىترەپ كۆلۈمسىرەيدۇ. بوينىدىكى كىرىستىنىڭ بېغىنى چىشلەپ تۇرۇپ، ئۇ ئالدىراش بالىنى ئېمىتىدۇ، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن پىچىرلاپ: «جىگەر پارەم، ئوغلۇم! كۆزۈمنىڭ نۇرى! سېنى ئاپاڭ ئاچلىقتىن قىيىنىدىمۇ...»، — دەيتتى. گىرىشاتكا هامان ئىڭەلەپ يىغلاپ، ئېمىشكە باشلايتتى - دە، ئەمچەكنىڭ ئېمىزگىسىگە چىشلىرىنى پاتۇرۇپ، قىسىپ - قىسىپ قوياتتى. يېنىدا بولسا گىرىشاتكىنىڭ ياش، قارا بۇرۇت ئاتىسى چالغىسىنى بىلەپ تۇراتتى. ئىلگىنىچىنا تۆۋەن چۈشكەن كىرپىكلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۇنىڭ كۆلۈمسىرىشىنى، جىلمايغان كۆزلىرىنىڭ كۆكۈچ ئېقىنى كۆرۈپ تۇراتتى... ئىلگىنىچىنا ئىسسىقتىن ئاران - ئاران نەپەس ئالاتتى، پېشانىسىدىن تەر قۇيۇلۇپ، ئىككى مەڭزىنى غىدىقلايتتى، شۇنداق قىلىپ، كۆز ئالدىدا ئالەم ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلىشاتتى...

ئۇ ئوڭغا كەلدى، ياش يۇقى يۈزىنى قولى بىلەن سىيپىلاپ قويدى، شۇندىن كېيىن قاتتىق دىمى سىقىلىشتىن ئازابلىنىپ، دەمبەدەم هوشىدىن كېتىپ ئۇزاق ياتتى.

ئاخشام كىرىپ، دۇناشكا ئېرى بىلەن ئۇيقۇغا كەتكەندە، موماي ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، هويلىغا چىقتى. ئاكسىنىيە پادىدىن يوقىلىپ كەتكەن ئىنىكىنى ئىزدەپ، ئۆيىگە بەك كەچ قايتقانىدى، شۇ چاغدا ئۇ ئىلگىنىچىنانىڭ ئاستا قەدەم بېسىپ، دەلدەڭشىپ، خامان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. «نېمىشقا ئۇ ئاغرىق تۇرۇپ ئۇ يەرگە بارىدىغاندۇ؟» — دەپ ئەجەبلەنىدى ئاكسىنىيە، شۇندىن كېيىن ئۈن - تىنىشىنى چىقارماستىن مېلېخوفلارنىڭ خامىنىنى توسۇپ تۇرغان قاشاغا كەلدى، خامانىنىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى. تولۇن ئاي يەر - جاهاننى يورۇتۇۋەتكەنىدى. دالادىن يۇمشاق شامال سوقاتتى. تۇلۇق تاش ئۇيۇپ تاشلىغان تاقىر خامانغا سامان دۆۋىسىدىن

قاپقارا كۆلەڭگىسە چۈشۈپ تۇراتتى. ئىلىئىنىچنا قولى بىلەن قاشانى تۇتۇپ، دالاغا كۆز تىكىپ تۇراتتى، ئۇ يىراق - يىراقتىكى ئومىچىلار ياققان گۈلخانىنىڭ يۇلتۇزدەك مىلىلداپ تۇرۇشىغا قارىماقتا. ئاكسىنىيە ئىلىئىنىچنانىڭ كۆكۈچ ئايدىڭ يورۇتۇپ تۇرغان ئىششىق يۈزىنى، كۈنسىراپ كەتكەن قارا رومىلىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان بىر تۇتام ئاق چېچىنى ئېنىق كۆردى.

ئىلىئىنىچنا نىل رەڭ گۈگۈم قوينىدىكى دالاغا ئۇزاق قاراپ تۇردى - دە، ئاندىن پەس ئاۋاز بىلەن، گويا ئوغلى يېنىدىلا تۇرغاندەك چاقىردى:

— گىرىشىنكا! جانىجانىم! — بىردەم ئۈنچىقماي قالدى - دە، ئەمدى باشقىچە تۆۋەن ئاۋاز بىلەن، — «جىگەر پارەم!... » — دېدى.

پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئېيتقۇسىز قايغۇ - ھەسرەت ۋە قورقۇنچلۇق تۇيغۇ قاپلىۋالغان ئاكسىنىيە تىترەپ كەتتى - دە، قاشادىن دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئۆيىگە قاراپ كەتتى.

بۇ كېچە ئىلىئىنىچنا تېز ئارىدا ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەجەل بېشى ئۈستىگىلا كېلىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. تاڭ ئاتقاندا ئۇ ساندۇقتىن گىرىگورىينىڭ كۆڭلىكىنى ئالدى، ئۇنى قاتلاپ ياستۇقنىڭ ئاستىغا قويدى؛ ئۆزىنىڭمۇ جان ئۈزگەندىن كېيىن لازىم بولىدىغان كېپەن قاتارلىق ئاخىرەتلىكىنى تەييارلاپ قويدى.

ئەتىگىنى دۇناشكا، ھەر قاچانقىدەك، ئانىسىنى يوقلاپ كىردى. ئىلىئىنىچنا پۇختا قاتلاپ قويۇلغان گىرىگورىينىڭ كۆڭلىكىنى ياستۇقنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ، ئۇنى ئۈنچىقماستىن دۇناشكىغا ئۇزاتتى.

بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى دۇناشكا ئەجەبلىنىپ.

— گىرىشانىڭ كۆڭلىكى... ئىرىڭگە بەر، كىيسۇن، ئۇچىسىدىكى كونا كۆڭلىكى تەردىن چىرىپ كەتكەندۇ...، — دېدى ئىلئىنىچنا ئاڭلىنار - ئاڭلانماس.

دۇناشكا ساندۇقنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئانىسىنىڭ قارا يۈپكىسىنى، كۆڭلىكىنى ۋە ماتادىن تىكىلگەن كەشلىرىنى كۆردى، — بۇلارنىڭ ھەممىسى مېيىتكە كىيگۈزۈلۈپ، ئاخىرەتكە يولغا سېلىنىدىغان كىيىملەر ئىدى — بۇلارنى كۆردىيۇ تامدەك ئاقىرىپ كەتتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، ئاپا؟ ئاخىرەتلىكنى تەييارلاپ قويۇپسىزغۇ؟ ئۇلارنى يىغىشتۇرۇپ قويۇڭ، خۇدا ھەققى! خۇدايىمنىڭ ئۆزىگە ئامانەت، سىزگە ئۆلۈمنى ئويلاش تېخى بالدۇر.

— ياق، ۋاقتىم كېلىپ قالدى...، — دەپ پىچىرلىدى ئىلئىنىچنا، — ئەمدى نۆۋەت مېنىڭكى... باللارغا ياخشىراق قارىغىن، گىرىشا قايتىپ كەلگۈچە كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇر... مەن ئەمدى ئۇنى كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن، ئۇھ، كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن!...

كۆز يېشىنى دۇناشكا كۆرمىسۇن دەپ ئىلئىنىچنا تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، يۈزىنى ياغلىق بىلەن ئېتىۋالدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ جان ئۈزدى. تەڭقۇر ئاياللار ئىلئىنىچنانىڭ جەسىتىنى يۇدى، ئاخىرەتلىك كىيىمىنى كىيگۈزۈپ، ئىچكىرى ئۆيدىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇشتى. كەچقۇرۇن ئاكسىنىيە مەرھۇمە بىلەن ۋىداللىشىشقا كىردى، ئۇ، ئۆلۈك ياتقان كىچىككىنە كەمپىرنىڭ نۇرانە سۈپەتكە كىرگەن، جىددىي يۈزىدىن بۇرۇنقى مەغرۇر، مەردانە قىياپىتىنى تەسلىكتە تونۇيالىدى. ئاكسىنىيە لەۋلىرىنى مەرھۇمەنىڭ ساپسېرىق سوغۇق پېشانىسىگە تەگكۈزۈۋېتىپ، ئاپئاق رومىلىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان ئۆزىگە تونۇش بىر تۇتام قەيسەر ئاق چېچىنى، كىچىككىنە يۇپ-

يۇمىلاق، خۇددى ياش قىزنىڭكىدەك قۇلاق گىجىگىنى كۆرۈپ قالدى.

دۇناشكىنىڭ ۋازىلىقى بىلەن ئاكسىنيە بالىلارنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئاچىقتى. ئۇ، يەنە بىر يېڭى ئۆلۈم - مۇسىبەتتىن قورقۇپ كېتىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن بالىلارغا ئاش-تاماق بېرىپ، ئۆز قېشىدا ياتقۇزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە مەھكەم چاپلىشىپ ياتقان بالىلارنى — جانىجان كىشىسىنىڭ ياۋشىپ قالغان بالىلىرىنى قۇچاقلىغاندا ئاجايىپ ھېس - تۇيغۇلارنى باشتىن كەچۈرەتتى. قانداقلا بولمىسۇن بۇ بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتۇپ، ئۆلگەن چوڭ ئانىسىنى خىيالىغا كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن بالىلىق چېغىدا ئاڭلىۋالغان چۆچەكلەرنى ئۇلارغا پەس ئاۋازدا ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى. ئاكسىنيە شورلۇق يېتىم بالا ۋانيوشكىنىڭ ھېكايىسىنى ئاستا ئېيتىپ، ئاخىرىنى مۇنداق چۈشۈرەتتى:

ئەي، ئاققۇ - غازلىرىم،
سىندۇرۇڭلار مېنى.
ئاق قانىتىڭلار ئۇستىگە،
ئاپىرىڭلار تېز ئۇچۇپ،
مېنى ئۆز ئېلىمگە —
تۇغۇلغان يېرىم كۆكسىگە...

شۇنىڭ بىلەن ئاكسىنيە چۆچەكنىڭ ئايىغىنى تۈگىتەر - تۈگەتمەستىنلا بالىلارنىڭ تەڭ - باراۋەر، بىرتەكشى نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتى. مىشاتكا چەت تەرەپتە ئۇنىڭ مۈرىسىگە يۈزىنى مەھكەم يېقىپ ياتاتتى. ئاكسىنيە مۈرىسى بىلەن مىشاتكىنىڭ ئارقىسىغا ساڭگىلاپ قالغان بېشىنى ئاستا تۈزەپ قوياتتى - دە، تۇيۇقسىز يۈرىكىدە رەھىمسىز قايغۇ - ھەسرەت

نىڭ نەشتىرى سانجىلىۋاتقانلىقىنى، كېكىردىكىنى سىپازما بوغۇ-
ۋالغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ ئاچچىق كۆز يېشىنى تۆكۈپ،
ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلايتتى، ئەزاسى ھۆكرەشتىن تىترەپ كې-
تەتتى، ئەمما كۆز يېشىنى سۈرتەلمەيتتى، چۈنكى گرىگورىينىڭ
بالىلىرى قولىدا ئۇخلاۋاتقانلىقتىن، ئۇلارنى ئويغىتىقۇسى
كەلمەيتتى.

## 4

ئېلىئىنىچنانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆيىنىڭ بىردىنبىر ۋە
تولۇق ھوقۇقلۇق خوجايىنى بولۇپ قالغان كوشېۋوي ئىگىلىكنى
قايتا قۇرۇش ۋە يەنىمۇ كېڭەيتىش يولىدا تېخىمۇ زور غەيرەت
بىلەن ئىشلەر دېگەن پىكىر يوللۇق بولاتتى، ئەمما ئەمەلىيەتتە
ئۇنداق بولماي چىقتى: مىشكىنىڭ ئىشلەشكە بولغان رىغبىتى
كۈنسېرى كېمەيدى، ئۆيدىن پات - پات چىقىپ كېتىدىغان بو-
لۇپ قالدى، كەچقۇرۇنلىرى پېشايۋاندا بەك ئۇزۇن ئولتۇراتتى،
تاماكا چېكەتتى، ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشى توغرۇلۇق پىكىر - خى-
يالغا چۆمەتتى. دۇناشكا ئېرىدە يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنى
سەزمەي قالمىدى. بۇرۇن پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا
ئەمگەك قىلىدىغان مىشكىنىڭ بىردىنلا ھېچ سەۋەبسىز پالتىنى
ياكى رەندىنى تاشلاپ قويۇپ، بىر چەتتە ئارام ئېلىپ ئولتۇر-
غانلىقىنى بىرنەچچە قېتىم كۆزىتىپ ھەيران بولدى. ئېتىزدىمۇ
خۇددى شۇنداق ئەھۋال بولدى، قارا بۇغداي چاچىدىغان چاغ-
دا مىشكا ئۆكۈزلەرنى ئىككى ئايلانەۋۇرۇپلا توختىتىپ، تاماكا
ئورايتتى، ھەيدەلگەن يەرنىڭ ئۈستىدە ئۇزاق ئولتۇرۇپ تاماكا
چېكەتتى، پېشانىسىنى پۈرۈشتۈرەتتى.

ئاتىسىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى جەھەتتىكى پەم - پاراسىتىنى مىراس قىلىۋالغان دۇناشكا تەشۋىش بىلەن ئويلايتتى: ئۇنىڭ قىزغىنلىقى ئۇزاققا بارمىدى... ياكى ئاغرىپ قالدى، ياكى بولمىسا ھۇرۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. مۇنداق ئەر بىلەن ئۆتسەم، ماڭا ئۇۋال بولىدۇ! مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ بىگانە ئادەملەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقاندەك: يېرىم كۈن تاماكا چېكىدۇ، يېرىم كۈن سۆڭگىچىنى قاشلاپ ياتىدۇ، ئەمما ئەمگەك قىلىشقا ۋاقتى يوق... ئاچچىقىنى كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئاستا سۆزلىشىپ بېقىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، مۇندىن كېيىن ئۇ ئىگىلىك ئىشلىرىغا مۇشۇنداق سۇسلۇق قىلىۋېرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۆيىمىزدىن كەمبەغەلچىلىكنى كۈرجەك بىلەن كۈرەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ...»

بىر كۈنى دۇناشكا ئېھتىيات بىلەن سورىدى:

— مىشا، سەندە بۇرۇنقى ئەھۋال يوققۇ ياكى ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟

— مەندە نېمە ئاغرىق بولماقچى! بۇ يەردە ئاغرىقسىزمۇ يۈرەك سىقىلىدۇ، — دەپ زەردە بىلەن جاۋاب بەردى مىشكا. شۇنىڭ بىلەن ئۆكۈزلەرنى قوزغىتىپ، سىپىلكىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كەتتى.

دۇناشكا گەپ سوراۋېرىشنى ئەپسىز كۆردى؛ ئەرگە ئۆگىتىش — ئەسلىدە ئاياللارنىڭ ئىشى ئەمەسقۇ. گەپ شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى.

دۇناشكا خاتا پەرەزدە بولغانىدى. مىشكىنىڭ بۇرۇنقى قىزغىنلىقى بىلەن ئىشلىشىگە توسقۇن بولغان بىردىنبىر سەۋەب كۆڭلىدە كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ بېرىۋاتقان بىر ئىشەنچ، يەنى مەن ئۆز يېزامدا ۋاقىتتىن بۇرۇن ئولتۇراقلىشىپ قاپتىمەن دېگەن پىكىر ئىدى. مىشكا ئوكرۇك گېزىتىدىن فرونت خەۋەرلىرىنى

ئوقۇپ ياكى ھەر كۈنى كەچقۇرۇن ئەسكەرلىكتىن بوشاپ قايتىپ كەلگەن قىزىل ئارمىيە كازاكلىرىنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىپ: ئاپلا، ئىگىلىك ئىشلىرىغا بالدۇر كىرىشىپ قاپتىمەن، ئالدىراڭغۇلۇق قىپتىمەن... دەپ ئويلاپ قالدى ئىچىدە پۇشايمان قىلىپ. بولۇپمۇ يېزىلىقلارنىڭ كەيپىياتى ئۇنى كۆپرەك تەشۋىشلەندۈرەتتى: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوچۇقتىن - ئوچۇق سوۋېت ھاكىمىيىتى قىشقا قالماي تۈگەيدىكەن، ۋرانگېل تاۋرىيىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ، ئۇ ماخنو بىلەن بىللە يۈرۈش قىلىپ، روستوفنىڭ قېشىغا كېلىپ قاپتۇ، ئىتتىپاقداشلار نوۋوروچكىغا ئىنتايىن كۆپ دېسانت چۈشۈرۈپتۇ...، — دېيىشەتتى. بىمەنە مىش - مىش گەپلەر ئارقا - ئارقىدىن يېزىغا تاراپ كەتتى. ئەسىرلەر لاگېرىدىن ۋە خاڭلاردىن قايتىپ كېلىپ، پۈتۈن بىر ياز ئۆيلىرىدە بىكار تاماق يەپ سەمرىپ كەتكەن كازاكلار ئۆزلىرىنى ئالاھىدە تۇتۇشۇپ، كېچىلىرى ساموگون ئىچىشەتتى، ئۆز پاراڭلىرىنى قىلىشاتتى، مىشكا بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، سوغۇققانلىق قىياپەتكە كىرىۋېلىپ: «سەن گېزىت كۆرۈۋاتامسەن، كوشېۋوي، ئېيتقىنا، ۋرانگېلنىڭ ئەھۋالى قانداق. ئۇنى تېز ئاردا بىر ياقلىق قىلارمۇ؟ ئىتتىپاقداشلار يەنە بىزنىڭ ئۈستىمىزگە دېسسىپ كېلىۋېتىپتۇ، — دېيىشىدۇ، بۇ گەپ راستمۇ، يالغانمۇ؟» — دەپ سوراپ قويۇشاتتى.

بىر يەكشەنبە كۈنى كەچقۇرۇن پروخور زىكوف كەلدى. مىشكا ئېتىزدىن يېڭىلا قايتىپ كېلىپ، پەلەمپەينىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ يۇيۇنۇۋاتاتتى. دۇناشكا ئىۋرىق بىلەن ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىۋاتاتتى، ئېرىنىڭ ياداڭغۇ، ئاپتاپتا كۆيگەن بوينىغا قاراپ، كۈلۈمسىرەيتتى. پروخور سالاملاشقاندىن كېيىن تۆۋەنكى پەلەمپەيدە ئولتۇردى - دە، سورىدى:

— گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ توغرۇلۇق ھېچنېمە ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى دۇناشكا، — ئۇ خەت يازمايدۇ.

سەن ئۇنى سېغىنىپ قالدىڭمۇ؟ — مىشكا يۈز - قولىنى ئېرتىپ بولۇپ، كۆلۈمسىرىمەستىنلا پروخورنىڭ كۆزىگە قارىدى.

پروخور خۇرسىندى - دە، چولاق قولىنىڭ بوش يېڭىنى تۈزەپ قويدى.

— ئەلۋەتتە سېغىندىم. ھەربىي خىزمەتنى باشتىن - ئاياغ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەپ كەلگەنمىز.

— يەنە بىللە بولۇپ ئاخىرىغا يەتكۈزسەك دەپ ئويلامسىلەر؟

— نېمىنى؟

— ئاشۇ ھەربىي خىزمەتنى.

— بىز ئىككىمىز ھەربىي خىزمەتنى ئۆتەپ بولدۇق.

— مەن تېخى سېنى ئۇ قايتىپ كەلسە، بىللە خىزمەت قىلساق دەپ زارىقىپ كۈتۈۋاتامدىكىن دەپ ئويلاپتىمەن، — دېدى مىشكا يەنىلا كۈلمەستىن، — يەنە سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇرۇشۇشقا...

— سەن بۇ سۆزنى بىكار ئېيتىۋاتىسەن، مىخايىل، — دېدى پروخور رەنجىپ.

— نېمىشقا بىكار ئىكەن؟ مەن يېزىدا ئېقىپ يۈرگەن ھەر خىل گەپ - سۆز ەرنى ئاڭلاۋاتىمەن.

— مۇنداق سۆزنى مەن دەپتىمەنمۇ؟ نەدىن ئاڭلىدىڭ بۇ گەپنى؟

— سەن ئەمەس، سەن بىلەن گرىگورىيغا ئوخشاش «ئۆز كىشىلىرى»نىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان ئادەملەر.

— مەن مۇنداق «ئۆز كىشىلەر»نى كۈتمەيمەن، ماڭا ھەممىسى ئوخشاش.

— مانا شۇ ساڭا «بەربىر» بولغىنىنى يامان. يۈر، ئۆيگە كىرەيلى، خاپا بولما. بۇ سۆزنى چاقىچاق قىلىپ ئېيتىپ قويىدۇم.

پروخور تازا كۆڭلى تارتماي پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا چىقتى ـ دە، دالاننىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ تۇرۇپ، دېدى:

— ئىنىم، سېنىڭ چاقچاقلىرىڭ كۆڭۈللۈك ئەمەس... كونا ئىشنى ئۇنتۇش كېرەك. مەن بۇ كونا ئىشتىن ئاقلىنىپ بولغانمەن.

— كونا ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇۋېرىشكە بولمايدۇ، — دېدى مىشكا سوغۇققىنا، شىرەنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، — كەل، بىز بىلەن ئولتۇرۇپ تاماق يە.

— رەھمەت، ئەلۋەتتە. ھەممىسى ئۇنتۇلۇۋەرمەيدۇ. مانا مەن قولۇمدىن ئايرىلدىم — بۇنى ئۇنتۇسامغۇ خۇشال بولاتتىم، ئەمما ئۇ ئۇنتۇلمايدۇ. ھەر لەھزە ئېسىمگە چۈشىدۇ.

دۇناشكا شىرەگە داستىخان سېلىۋېتىپ، ئېرىگە قارىماستىن سورىدى:

— سېنىڭچە، ئاقلار ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلغانلار ئۆمۈر بويى كەچۈرۈم قىلىنمامدۇ؟

— خۇش، سەن قانداق ئويلىغانىدىڭ؟

— مەن كونىنى ئەسكە چۈشۈرگەننىڭ كۆزى كور بولسۇن، دەپ ئويلىغانىدىم.

— بۇ، بەلكى، ئىنجىلنىڭ رىۋايىتى بويىچە شۇنداق تۇر، — دېدى مىشكا سوغۇققىنا، — مېنىڭچە، ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ھەمىشە جاۋابكار بولۇشى كېرەك.

— ھاكىمىيەت بۇ ھەقتە تېخى ھېچنېمە دېگىنى يوق، — دېدى دۇناشكا ئاستاغىنا.

دۇناشكا بىگانە ئادەم ئالدىدا ئېرى بىلەن سۆز تالىشىپ

قىلىشنى خالىمايتتى، ئەمما مىشكىنىڭ پروخورغا ئورۇنسىز چاقچاق قىلغىنى ۋە ئاكىسىغا ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق دۈشمەنلىك بىلەن قاراش نىيىتىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن مىخايىلغا كۆڭلىدە بەك خاپا بولدى.

— ساڭا ھاكىمىيەت ھېچنېمە دېمەيدۇ، بۇ توغرۇلۇق سەن بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، ئەمما ئاقلاردا خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن سوۋېت قانۇنى ئالدىدا جاۋاب بېرىشى كېرەك.

— ماڭىمۇ جاۋاب بېرىش كېرەك بولار؟ — دېدى پروخور قىزىقىپ.

— سېنىڭ ئىشىڭ موزاينىڭ ئىشىدەك: قورساقنىڭ تويسىلا ئېغىلغا كىرىپ ئۇخلايسەن. خىزمەتكار سولداتتىن ھېچ نەرسە سورۇشتە قىلىنمايدۇ. ئەمما گ ىگورىي ئۆيگە پەيدا بولۇش بىلەنلا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىك ئىشىنى سورۇشتە قىلىمىز.

— سەن سورۇشتە قىلامسەن؟ — دۇناشكا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، قولىدىكى بىر مىسكا سۈتنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— مەنمۇ سورۇشتە قىلىمەن، — مىشكا سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەردى.

— بۇ سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس... سەنسىزمۇ سوراقچىلار تېپىلىپ قالار. ئۇ قىزىل ئارمىيىدە ئۆز گۇناھىنى ئاقلىغۇدەك خىزمەت كۆرسەتتى.

دۇناشكىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. ئۇ شىرە يېنىغا ئولتۇرۇپ، پەشتامىسىنىڭ تۈرۈلۈپ قالغان يېرىنى قولى بىلەن سىيلاشقا باشلىدى. مىشكا ئايالىنىڭ ھاياجانلانغانلىقىنى بايقىمىغان كىشى بولۇۋېلىپ، ھامان بايىقى سالماقلىقى بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سوراققا ئىلىش ماڭىمۇ قىزىقارلىق ئىش، كەچۈرۈم قىلىش ئىشىغا كەلسەك، توختاپ تۇرۇش كېرەك... ئۇ قانچىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، ئوبدانراق قاراپ بېقىش لازىم. ئۇ بىزنىڭ قېنىمىزنى ئاز تۆكمىدى. كىمنىڭ قېنى كۆپرەك تۆكۈلدى، ئۇنى ئۆلچەش لازىم بولىدۇ...

بۇ مىخايىلىنىڭ دۇناشكا بىلەن ئۆي تۇتقاندىن بۇيان بىرىنچى قېتىمقى جاڭجىلى ئىدى، ئاشخانىدا قولايسىز جىمجىتلىق باشلاندى. مىشكا ئۇنچىقماستىن سۈتنى ئىچەتتى، ئاندا - ساندا ياغلىقى بىلەن ئاغزىنى سۈرتەتتى. پروخور تاماكا چەككەچ دۇناشكىغا قاراپ قوياتتى. كېيىن ئۇ ئىگىلىك توغرۇلۇق سۆز ئاچتى. يەنە يېرىم سائەت ئولتۇردى. كېتىش ئالدىدا:

— كرىلل گروموف كەلدى. ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ئۇ نەدىن كېلىپتۇ؟

— قىزىل ئارمىيىدىن. ئۇمۇ 1 - ئاتلىق دىۋىزىيىدە بولغان.

— ئۇ ھېلىقى مامونتوف قوشۇنىدا خىزمەت قىلغان گروموفمۇ؟

— نەق ئۆزى.

— قەيسەر جەڭچى ئىدى، — مىشكا مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— نەدە ئۇنداق بولسۇن! بۇلاڭچىلىقتا ئۇ بىرىنچى ئىدى. بۇ ئىشقا ئۇنىڭ قولى ئەپلىك.

— ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشتى، ئۇ ئەسىرلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن چېپىۋەرگەن، ئاددىي سولدات بەتىنىكىسى ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ بەتىنىكىسىدىن پايدىلانغان.

— شۇنداق ئىشنى بىزمۇ ئاڭلىغان، — دېدى پروخور بۇ سۆزگە قوشۇلۇپ.

— ئۇنىمۇ ئەپۇ قىلىش كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدى مىشكا تۆلكىلىك بىلەن. — ئاللاتائالا دۈشمەنلەرنى ئەپۇ قىلىپ، بىزگىمۇ ئەپۇ قىلىڭلار دەپ ئەمر قىلغانىكەن-دە، ياكى قانداق؟

— ھەي، نېمە دېيىش كېرەك... سەن ئۇنىڭدىن خۇلاسە چىقىرامسەن؟

ھە، مەن خۇلاسە چىقارغان بولاتتىم...، — مىشكا كۆزىنى قىستى، — مەن ئۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقارغان بولاتتىم-كى، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە پۇسىدا يېلى چىققان بولاتتى! ئۇ جاۋابكارلىقتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ۋېشكىدا دونچېكا ① بار، ئۇ پېشانىسىنى سىيلاپ قويىدۇ.

پروخور كۈلۈپ دېدى:

— دوكىنىڭ دۈمبىسىنى گۆر تۈزلەيدۇ، دېگەن راست گەپ، ئۇ قىزىل ئارمىيىدىمۇ بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان ئولجا بىلەن قايتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئايالى مېنىڭ خوتۇنۇمغا ماختىنىپ، ئېرىم ماڭا بىر دانە ئايالچە پەلتو، ئۇرغۇن كۆڭلەك يەنە باشقا ھەرخىل مال-مۈلۈكلەرنى ئەكەلدى، دەپ ئېيتىپ بەرگەن. ئۇ ماسلاكنىڭ بىرىگادىسىدا بولۇپ، شۇ يەردىن ئۆيىگە قايتقان، ئۇنىڭ قېچىپ كەلگەنلىكى سۆزسىز، قورالىنىمۇ بىللە ئەكەلگەنلىكى مەلۇم.

— قانداق قورال؟ — دەپ سورىدى مىشكا قىزىقىپ.

— قانداق قورال ئەكەلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق: كالتە بەش ئاتار، ھە، تاپانچا، يەنە باشقا قورالمۇ بار بولۇشى مۇمكىن.

---

① دونچېكا — دون ئوبلاستلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش پەۋقۇلئاددە كومىسسىيىسى — ت.

— ئۇ سوۋېتكە بېرىپ تىزىمغا ئالدۇردىمۇ — يوق، بىلەمسەن؟ پروخور كۈلۈپ، قولىنى شىلتىدى.

— ئۇنى ئۇ يەرگە ئارقان بىلەن سۆرەپمۇ ئاپىرالمايسەن! مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇ قېچىپ يۈرسە كېرەك، ئۇ بۈگۈن بولمىسا، ئەتە ئۆيىدىن كېتىپ قالىدۇ. ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مانا شۇ كىرىلل يەنە ئۇرۇشقا قاتناشسام دەپ ئويلىسا كېرەك. ئەمما سەن مېنىڭ ھەققىمدە خاتا پىكىردە بولدۇڭ. ياق، بۇرادەر، مەن ئۇرۇشۇپ بولدۇم، يەيدىغىنىمنى يەپ، ئىچىدىغىنىمنى ئىچىپ بولدۇم.

كۆپ ئۆتمەي پروخور كەتتى. بىرئازدىن كېيىن مىشكىمۇ ھويلىغا چىقتى. دۇناشكا بالىلارنىڭ تامىقىنى بېرىپ، ئەمدىلا ياتاي دەپ تۇراتتى. ئاكىسىچە مىشكا كىردى. ئۇنىڭ قولىدا قاپقا ئورالغان بىر نەرسە بار ئىدى.

— نەگە يوقاپ كەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى دۇناشكا سوغۇقلا.

— مەن ئۆزۈمنىڭ توي جابدۇقىمنى ئەكەلدىم، — دېدى مىشكا مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ.

ئۇ پۇختا ئورالغان مىلتىقنى، ئوق بىلەن دومبىيىپ تۇرغان ئوقدانىنى، بىر دانە تاپانچا ۋە ئىككى دانە قول گراناتىنى يەشتى. بۇلارنى ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كىچىككىنە تەخسىگە كىرسىن قۇيدى.

— بۇنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دۇناشكا قېشىنى قېقىپ، قورالنى كۆرسەتتى.

— مېنىڭ قورالىم، فرونتتىن ئەكەلگەنمەن.

— ئۇنى نەگە يوشۇرۇپ قويغانىدىڭ؟

— مەن ئۇنى نەگە يوشۇرماي، ئۆز پېتىچە ساقلاپ قالدىم.

— مانا قارا، سەن ئەسلىدە سىر بەرمەيدىغان ئادەم ئى-

كەتسەن - دە، ھېچ نەرسە دېمىگەنىدىڭ. ئاياڭلىدىڭمۇ سىر يوشۇرامسەن؟

مىشكا بىغەملىك قىياپەتتە كۈلۈمسىرىدى - دە، ئوچۇقلا خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن دېدى:

— بۇنى بىلىپ نېمە قىلىسەن، دۇنيوشكا؟ بۇ ئاياللارنىڭ ئىشى ئەمەس. بۇ مۈلۈكقۇ، تۇرىۋەرسۇن، ئاغىچا قىز، بۇ نەرسە ئۆيدە ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ.

— خۇش، ئۇنى ئۆيگە سۆرەپ كېلىپ نېمە قىلىسەن؟ سەن قانۇنچى ئادەمغۇ، ھەممىنى بىلىسەن... بۇ ئىش ئۈچۈن ساڭا قانۇن بويىچە جاۋاب بېرىشكە توغرا كەلمەسمۇ؟

مىشكا سۈرلۈك قىياپەتكە كىرىپ دېدى:

— سەن ئەخمەق! كىريوشكا گروموف قورال ئەكەلگەنىكەن — بۇ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە زىيانلىق، مەن قورال ئەكەلگەن بولسام — بۇنىڭدىن سوۋېت ھاكىمىيىتىگە پايدىدىن باشقا ھېچ ئىش بولمايدۇ. بۇنى چۈشىنەمسەن؟ مەن كىمنىڭ ئالدىدا جاۋاب بېرىدىكەنمەن؟ نېمىدەپ چۈكۈلداۋاتقانلىقىڭنى خۇدا بىلىدۇ، يېتىپ ئۇخلا!

كوشىۋوينىڭ پىكرىچە، ئۇنىڭ بۇ خۇلاسىسى بىردىنبىر توغرا ئىدى: ئەگەر ئاقلارنىڭ قالدۇق شايكىلىرى قوراللىنىپ قالسا، ئۇ ھالدا ھوشيار بولۇپ تۇرۇش لازىم ئىدى. ئۇ مىلتىقى بىلەن تاپانچىسىنى كۆڭۈل قويۇپ تازىلىدى، ئەتىسى ئەتىگەن تاڭ يورۇش ئالدىدا ۋېشېنسكاياغا يۈرۈپ كەتتى.

دۇناشكا ئۇنىڭ ھەربىي سومكىسىغا ئوزۇق - تۈلۈك قاچىلاۋېتىپ، ئەلەمگە چىدىماي ۋارقىرىۋەتتى:

— سەن ھەممە ئىشنى مەندىن سىر ساقلايسەن! ئېيتقىنا، ئۇزاق يوقاپ كېتەمسەن، قايسى ئىش بىلەن كېتىۋاتىسەن؟ شۇمۇ كۈن بولدىمۇ، شۇمۇ تۇرمۇشمۇ! مېنىڭشقا تەييارلىنىۋاتى-

سەن، سەندىن بىر ئېغىز گەپ چىقمايدۇ!... سەن مېنىڭ ئېرىـ
مۇ ياكى كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان بىگانە ئادەممۇ؟

ــ ۋېشكىغا كېتىۋاتىمەن، كومىسسىيىدە ئىشىم بار، شۇ يەرگە بارىمەن، ساڭا يەنە نېمە دېسەم بولىدۇ؟ مەن قايتىپ كەلـ گەندە، ھەممىنى بىلىسەن.

مىشكا ھەربىي دالا سومكىسىنى بىر قولىدا تۇتۇپ، دون قىرغىقىدىن پەسكە چۈشتى، قېيىققا ئولتۇرۇپ، ئۇنى نېرىقى قىرغاققا قاراپ تېز ھەيدەپ كەتتى.

× ×

ۋېشېنسكايادا دوختۇرلۇق كومىسسىيىسىنىڭ تەكشۈرۈشىـ دىن كېيىن مىشكىغا دوختۇر قىسقىچە مۇنداق دېدى:

ــ قەدىرلىك يولداش، سىز قىزىل ئارمىيە سېپىدە خىزـ مەت قىلىشقا يارىمايسىز. بەزگەك مادارىڭىزنى قۇرۇتۇۋېتىپتۇ. داۋالىنىش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، ئەھۋالىڭىز يامانلىشىدۇ. سىزدەكلەرنىڭ قىزىل ئارمىيىگە كېرىكى يوق.

ــ ئۇنىڭغا قانداق ئادەملەر كېرەك؟ ئىككى يىل خىزمەت قىلدىم، ئەمدى كېرەك بولماي قالدىممۇ؟

ــ ئالدى بىلەن تېنى ساق ئادەملەر كېرەك. ئاۋۋال ساقىيىۋېلىڭ، شۇ چاغدا كېرەك بولىسىز. مۇنۇ رېتسېپنى ئېلىڭ، ئاپتېكىدىن خىنىن بېرىدۇ.

ــ شۇنداق ئىكەن ـ دە، ھەممىنى چۈشەندىم، ــ كوشېـ ۋوي خۇددى قاشاڭ ئاتقا خامۇت كىيگۈزگەندەك، ئۇزاققىچە بېشىنى گىمناستېۇركىسىنىڭ ياقىسىدىن ئۆتكۈزەلمەي، ئۇنى تەسـ لىكتە كىيدى ـ دە، ئىشتىنىنىڭ تۈگمىسىنى كوچىدا ئېتىپ،

تۈپتوغرا ئوكرۇك پارتىيە كومىتېتىغا قاراپ ماڭدى.

... مىشكا تاتارسكىغا يېزا ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇ ئايالى بىلەن ئالدىراش تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن:

— ھە، ئەمدى قاراپ باقىمىز! — دېدى.

— سەن بۇ گەپنى نېمە توغرۇلۇق دەۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى دۇناشكا ئەجەبلىنىپ.

— يەنە شۇ ئىش توغرۇلۇق.

— نېمە توغرۇلۇق؟

— مېنى رەئىسلىككە تەيىنلىدى. چۈشەندىڭمۇ؟

دۇناشكا غەمكىنلىك بىلەن قولىنى قولىغا ئۇرۇپ قويدى. ئۇ بىر نەرسە دېمەكچىدى، ئەمما مىشكا ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى، ئۇ ئەينەك ئالدىغا بېرىپ، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن ماش رەڭ گىمناستېركىسىنىڭ ئۈستىدىن باغلىغان كەمىرىنى تۈزەپ، يېزا سوۋېتىغا قاراپ يول ئالدى.

قىشتىن بۇيان ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىنى مېخېيېۋ دېگەن چال ئۆز ئۈستىگە ئەكەلگەنىدى. بۇ ئادەمنىڭ كۆزى ئاجىز ھەم قۇلىقى ئېغىر بولۇپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى بېجىرىشتە قىينىلىپ تۇرغانىدى، كوشېۋوينىڭ ئۆز ئورنىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى.

— مانا قەغەزلەر، لاچىنىم، مانا يېزا سوۋېتىنىڭ تامغىسى، ھەممىسىنى ئال، خۇدا ھەققى، — دېدى ئۇ سەمىمىي شادلىق بىلەن، چوقۇنۇپ قويۇپ، قوللىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ كەتتى، — 80 گە كىردىم، ئەزەلدىن مەنسەپ ئىگىسى بولغان ئەمەسمەن، ئەمدى قېرىغان ۋاقتىمدا بۇنىمۇ كۆرۈشكە توغرا كەلدى... بۇ، ئەلۋەتتە، سىز ياشلارنىڭ ئىشى، بۇنداق ئورۇندا مەن نېمە قىلارمەن! ياكى كۆزۈم تۈزۈك كۆرمىسە، ياكى قۇلىقىم

ئاڭلىمىسا... خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغان ۋاقىت كەلدى، ئەمما مېنى رەئىس قىلىپ تەيىنلىگەنىدى...

مېشكا بازار ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئەۋەتكەن يولىيورۇق ۋە بۇيرۇقلىرىنى كۆز يۈگۈرتۈپ قاراپ چىقىپ، سورىدى:

— كاتىپ قېنى؟

— نېمە؟

— ھەي، مۇنۇ تارتقۇلۇقنى، كاتىپ قېنى دەۋاتىمەن؟

— كاتىپمۇ؟ قارا بۇغداي تېرىشقا كەتكەن، ئۇ، بېشىغا چاقماق چۈشكۈر، بۇ يەرگە ھەپتىدە بىر قېتىم كىرىپ - چىقىپ كېتىدۇ. بەزىدە ۋېشېنسكايادىن ئوقۇشقا تېگىشلىك ھۆججەتلەر كېلىپ قالىدۇ، ئەمما ئۇ كاتىپنى ئىتلار بىلەن ئىزدىسەڭمۇ تاپالمايسەن. شۇنداق قىلىپ، بەزى مۇھىم ھۆججەت نەچچە كۈندىن بۇيان ئوقۇلماي بېسىلىپ ياتىدۇ. مەن بولسام كەم ساۋات بىر ئادەم، ھەي، ساۋاتىم بەك تۆۋەن! خەتكە ئاران - ئاران قول قويىمەن. خەتنى پۈتۈنلەي ئوقۇيالمايمەن، پەقەت تامغىلا باسالايمەن...

كوشىۋوي قاشلىرىنى چىمىرىپ، ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ چۈشكەن، پەقەت تېمىغا چىۋىن چېچىپ رەسۋا قىلىۋەتكەن بەكمۇ كونا بىر پارچە پىلاكات چاپلانغان ئىشخانىسىنى سىنچىلاپ قاراپ چىقتى.

چال تۇيۇقسىز ئۆز ۋەزىپىسىدىن ئازاد بولغانلىقىغا شۇنچىلىك خۇشال بولدىكى، ھەتتا چاقچاق قىلىشقا جۈرئەت پەيدا قىلدى، كوشىۋويغا لاتىغا ئورالغان تامغىنى بېرىۋېتىپ مۇنداق دېدى:

— مانا بۇ پۈتۈن يېزىنىڭ ئىقتىسادىي بايلىقى، نەقدانە پۇل يوق، ئەمما سوۋېت ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ئاتامانلىق گۈرزىسىنى تۇتۇشقا بولمايدۇ، ئەگەر خالىساڭ — ئۆزۈمنىڭ قېرىلار

ئىشلىتىدىغان ھاسا تايىقىمنى ساڭا بېرەي، — شۇنىڭ بىلەن چال چېچى يوق ئاغزى بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ئالقىنى بىلەن ئۇپراپ، پارقىراپ كەتكەن ئاق موم دەرەخىدىن ياسالغان ھاسا تايىقىنى ئۇزاتتى.

ئەمما كوشۇۋېينىڭ چاقچاقچا خۇشتى يوق ئىدى. ئۇ ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ كۆرۈمسىز غېرىپ چىراي ئىشخانىسىغا يەنە بىر قېتىم نەزەر سېلىپ چىقتى - دە، قاپىقىنى تۈرۈپ خۇرسىندى:

— خۇش، بوۋا، سەندىن ئىشنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىمغا ھېساب قىلايلى. ئەمدى سەن بۇ يەردىن چىقىپ مومىيىڭنىڭ قېشىغا بارغىن، — ئۇ مەنىلىك كۆز ئىشارىتى بىلەن ئىشىكنى كۆرسەتتى.

شۇندىن كېيىن شىرە يېنىغا ئولتۇردى - دە، ئىككى جەينىكىنى يېيىپ، چىشلىرىنى مەھكەم چىشلەپ، ئېڭىكىنى ئالدىغا چىقىرىپ، ئۇزاققىچە يالغۇز ئولتۇرۇپ كەتتى. يائاللا، ئۇ قانداق بىر ئىشنىڭ كۈچۈكى ئىدىكى، شۇ چاققىچە يەر كولاپ ۋاقىت ئۆتكۈزگەن، بېشىنى كۆتۈرمىگەن ۋە ئەتراپتا نېمە بولۇۋاتقانلىقىغا تۈزۈك قۇلاق سالمىغان... مىشكا ئۆزىگە ۋە ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىگە قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، شىرەنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ، گىمناستېركىسىنى تۈزەتتى، ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇققا كۆز تىكىپ، چىشلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ، دېدى:

— كەپتەرچاقلىرىم، مەن سىلەرگە سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىمەن!

ئۇ ئىشىكنى مەھكەم ياپتى، زەنجىرىنى ئىلدى، شۇندىن كېيىن مەيدان ئارقىلىق ئۆيىگە قەدەم تاشلىدى. چېركاۋنىڭ قېشىدا ياش يىگىت ئوبىنزوفنى ئۇچراتتى، ئۇنىڭغا مۇنداقلا بېشىنى ئېگىپ قويۇپ، يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى - دە، ئەمما تو-

ساتتىن كالىسىغا بىر پىكىر كېلىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى ۋە دەرھال ئۇنى چاقىردى:

— ھەي، ئاندرىيوشكا! توختاپ تۇرغىنا، بۇ ياققا كەل!

ئاق سېرىق تارتىنچاق يىگىت ئۈنچىقماستىن قېشىغا كەلدى. مىشكا چوڭ ئادەم بىلەن كۆرۈشكەندەك ئۇنىڭغا قولىنى سوزۇپ كۆرۈشتى:

— نەگە كېتىۋاتىسەن؟ دەريا تەرەپكىمۇ؟ خوپ، خوپ، دېمەك، تاماشاغا كېتىۋاتقان ئىكەنسەن - دە؟ ئىشىڭ بارمىدى ئۇ ياقتا؟ مەن سەندىن بىر نەرسە سورىماقچىدىم: سەن باشلانغۇچنىڭ يۇقىرى سىنىپىدا ئوقۇغانغۇ دەيمەن؟ شۇنداقمۇ؟ ناھايىتى ياخشى، ئىدارە خىزمىتىنى قىلالامسەن؟

— قانداق خىزمەت؟

— ھە، ئادەتتىكى خىزمەت. ھەر خىل خەت - چەك، ئالاقە قەغەزلىرى. بىلەمسەن؟

— سەن نېمە توغرۇلۇق دەۋاتىسەن، يولداش كوشىۋوي؟

— ھېلىقى ئادەتتىكى ئالاقە - ھۆججەتلەر توغرۇلۇق، بۇنى بىلىدىغانسەن؟ خوش، چىقىدىغان ھۆججەتلەر بولىدۇ، باشقا ھەر خىل ھۆججەتلەر بولىدۇ، — مىشكا ئارىسالدى بولۇپ بارماقلىرىنى مىدىرلاتتى - دە، جاۋاب كۈتمەستىنلا، قەتئىيلىك بىلەن دېدى، — بىلمەيدىغان بولساڭ، كېيىن ئۆگىنىپ كېتىسەن. مەن ھازىر يېزا ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى. سېنى — ساۋاتلىق بالا بولغانلىقىڭ ئۈچۈن — كاتىپلىققا تەيىنلەيمەن. ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ بىناسىغا بار، ئۇ يەردىكى ئىشلارنى كۆزدىن كەچۈر، ھەممە نەرسە شىرەنىڭ ئۈستىدە يېتىپتۇ، مەن پاتلا قايتىپ كېلىمەن. چۈشەندىڭمۇ؟

— يولداش كوشىۋوي!

مىشكا قول شىلتىپ، سەۋرسىزلىك بىلەن دېدى:

— بۇ توغرۇلۇق بىز سەن بىلەن كېيىن سۆزلىشىمىز، بېرىپ، ئىشىڭغا كىرىش، — شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا بىر - بىر قەدەم تاشلاپ، كوچا بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۆيىدە ئۇ يېڭى شىم كىيىپ، يانچۇقىغا تاپانچىنى سالدى-دە، ئەينەكنىڭ ئالدىدا فۇراژكىسىنى ئالدىرىماي تۈزەپ كىيىپ، خوتۇنىغا دېدى:

— بىر جايغا ئىش بىلەن بېرىپ كېلىمەن. ئەگەر بىرى كېلىپ، رەئىس نەدە دەپ سوراپ قالسا، ھازىرلا قايتىپ كېلىدۇ، دېگىن.

رەئىسلىك خىزمىتى ئۇنىڭغا بەزىبىر ۋەزىپىنى يۈكلەيتتى... مىشكا ئاستا ۋە سالاپەتلىك قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى؛ ئۇنىڭ يۈرۈشى شۇنچىلىك باشقىچە ئىدىكى، يېزىدىكى ئادەملەردىن بەزىسى يولدا ئۇچراشقاندا ئەتەي توختاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۈلۈپ قارايتتى. پىروخور زىكوف تار كوچىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، چاقچاق بىلەن ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، قاشاغا سۈۋىشىپ، چەتلىنىپ تۇردى - دە، سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى ساڭا، مىخايىل؟ ئادەتتىكى كۈندىمۇ شۇنچە ياسىنىپ خۇددى پاراتتىن ئۆتكەندەك كېرىلىپ ماڭىسەن ... ياكى يېڭىباشتىن ئۆيلىنىش ئۈچۈن كېتىۋاتامسەن؟

— شۇنداقراق، — دەپ جاۋاب بەردى مىشكا لەۋلىرىنى مەنىلىك قىسىپ.

گروموفنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇ مېڭىپ كېتىۋېتىپ تاماكا خالتىسىنى ئېلىش ئۈچۈن يانچۇقىغا قولىنى سالدى، كەڭ ھويلىغا ۋە ھويلا ئىچىدىكى تارقاق سېلىنغان ئۆي - قۇرۇلۇشلارغا، دېرىزىلەرگە سەگەكلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

كىرىلل گروموفنىڭ ئانىسى دالاندىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى.

قولىدا مالغا بېرىش ئۈچۈن ئۇششاق توغرالغان بىر داس كاۋا
بولۇپ، ئارقىسىغا غادىيىپ ئاران كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانىكەن.
مىشكا موماي بىلەن ئېھتىرام بىلەن تىنچلىق سورىشىپ، پەلەم-
پەي تەرەپكە ماڭدى.

— هامماچا، كىرىلل ئۆيدىمۇ؟

— ھە، ئۆيدە، كىر، — دېدى موماي چەتلىنىپ.

مىشكا قاراڭغۇ دالانغا كىرىپ، سىيلاپ - سىيپىلاپ ئىشىك-
نىڭ تۇتقىسىنى تاپتى.

كىرىلل ئىچكىرى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئۆزى ئېچىپ، بىر
قەدەم چېكىنىپ تۇردى. ساقال - بۇرۇتى پاكىز قىرىلغان،
خۇش خۇي، ئازراق شىر كەيىپ چىراي بىلەن ئۇ مىشكىغا سىنچى
نەزەر بىلەن يالت قىلىپ بىر قارىۋالدى - دە، ئۆزىنى ئەر-
كىن تۇتۇپ، مۇنداق دېدى:

— يەنە بىر جەڭچى كەلدى! يۇقىرى ئۆت، كۇشىۋوي،
ئولتۇر، مېھمان بولىسەن، بىز بۇ يەردە ئاز - پاز ئىچىشىپ ئول-
تۇرغانىدۇق...

— داستىخىنىڭلار سېرىپ بولسۇن، قەدەھلەر شېرىن شا-
رابقا تولسۇن، — مىشكا شىرە يېنىدا ئولتۇرغان مېھمانلارغا
كۆز يۈگۈرتۈپ، ساھىبخاننىڭ قولىنى سىقتى.

ئۇنىڭ بىمەزگىل كىرىپ قالغانلىقى ئوچۇقلا ئىدى. شىرەنىڭ
ئالدىنقى بۇرجىكىدە قىيسىيىپ ئولتۇرغان، مىخايىل تونۇمايدىغان
كەڭ يەلكىلىك كازاك سوئال نەزەرى بىلەن كىرىللغا يالت قى-
لىپ قاراپ، ئىستاكاننى نېرى سۈرۈپ قويدى. شىرەنىڭ نېرى
تەرىپىدە ئولتۇرغان كوشىونوفلارنىڭ يىراق تۇغقىنى سېمېن
ئاخۋاتكىن مىخايىلنى كۆرۈپ، چىرايى تۇتۇلدى - دە، باشقا
تەرەپكە قارىۋالدى.

ساھىبخان مىشكىنى شىرەگە تەكلىپ قىلدى.

— تەكلىپىڭگە رەھمەت.

— ياق، سەن ئولتۇر، قاتاردىن قالما، بىز بىلەن ئولتۇرۇپ، ھاراق ئىچ.

مىشكا شىرەگە كېلىپ ئولتۇردى. ساھىبخانىنىڭ قولىدىن سامۇگون توشقۇزۇلغان ئىستاكاننى ئېلىپ، بېشىنى ئەگدى:

— ئېسەن - ئامان قايتىپ كەلگەنلىكىڭنى تەبرىكلەيمەن، كىرىلل ئىۋانوۋىچ!

— رەھمەت. ئارمىيەدىن كەلگەنلىكىڭگە ئۇزاق بولدىمۇ؟

— خېلى بولدى، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپمۇ قالدىم.

— ھە، سېنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇۋالدى، ئۆيلەندى دەپ ئاڭلىغانىدىم، شۇنداق تېز - ھە؟ نېمە تارتىنىپ ئولتۇرىسەن؟ ھەممىنى ئىچىۋەت!

— ئىچكۈم يوق، ساڭا بىر ئىشىم بار ئىدى.

— ياق، ھەرگىز! بۇ گېپىڭنى قوي! بۈگۈن مەن ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشمەيمەن. بۈگۈن مەن دوستلىرىم بىلەن كۆڭۈل ئاچىمەن. ئەگەر ئىشىڭ بولسا، ئەتە كەل.

مىشكا شىرەنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ، خاتىرجەم كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— بۇ بىر كىچىك ئىش ئىدى، ئەمما كېيىنگە قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. بىز بىردەملىك تالاغا چىقىپ سۆزلىشەيلى.

كىرىلل ئەپچىل تولغانغان قارا بۇرۇتىنى سىلاپ، بىردەم ئۈنچىقمىدى، كېيىن ئورنىدىن تۇردى.

— مۇشۇ يەردە ئېيتساڭمۇ بولىۋېرىدۇغۇ؟ نېمىشقا بىز ئۆلپەتچىلىكنى بۇزىمىز؟

— ياق، چىقايلى، — مىشكا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، ئەمما قاتتىق تۇرۇپ تەلەپ قىلدى.

— ئۇنىڭ بىلەن چىقمامسەن، نېمە سودىلىشىپ ئولتۇرىسەن؟ — دېدى مىشكا تونۇمايدىغان كەڭ يەلكىلىك كازاك.

كىرىلل كۆڭلى خالىماستىن ئاشخانىغا كىردى. ئۇ مەشىنىڭ ئالدىدا ئوچاق ئىشى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان خوتۇنغا پىچىرلاپ:

— سەن بۇ يەردىن چىقىپ تۇر، كاتېرىنا! — دېدى - دە، ئۇزۇن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ سوغۇققىنا سورىدى، — قانداق ئىش؟

— سەن ئۆيدە تۇرغىنىڭغا نەچچە كۈن بولدى؟

— نېمە بوپتۇ؟

— مەن سەندىن سوراۋاتىمەن، قانچە كۈندىن بۇيان ئۆيدە تۇرۇۋاتىسەن؟

— تۆت كۈن بولدىغۇ، دەيمەن.

— ئىنقىلابىي كومىتېتقا باردىڭمۇ؟

— تېخى بارمىدىم.

— ۋېشكىدىكى ھەربىي كومىتېتقا بېرىش نىيىتىڭ بارمۇ؟

— سەن بۇنى سۈرۈشتە قىلىپ نېمە قىلىسەن؟ ئىش بىلەن كەلگەن بولساڭ، ئېيت شۇ ئىشىڭنى.

— مېنىڭ ئېيتىدىغىنىممۇ شۇ ئىش.

— ئۇنداق بولسا، چىق، كۆزۈمدىن يوقال! سەن تۈز يەردىمۇ پۇتلىشىپ يۈرىدىغان زىغىردەك بىر نېمىسەن، مەن تېخى ساڭا ھېساب بېرىشكە تېگىشلىكمۇ؟

— مەن ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ رەئىسى. سەن ھەربىي قىسىمدىن ئالغان گۇۋاھنامەڭنى كۆرسەت.

— گەپ مۇنداق ئىكەن - دە! — كىرىلل گېپىنى سوزۇپ

سەگەكلەشكەن ئۆتكۈر كۆزلىرىنى نەق مىخايىلنىڭ قارىچۇقىغا تىكتى، — ھە، شۇ گەپ ئىكەن - دە!
— شۇ گەپ، چىقار گۇۋاھنامەڭنى!
— بۈگۈن يېزا سوۋېتىغا بارىمەن، شۇ يەرگە ئاپىراي.
— ھازىر كۆرسەت!
— مەن ئۇنى بىر يەرگە قويۇپ قويغانىدىم.
— تاپ.
— ياق، ھازىر ئىزدىمەيمەن. ئۆيۈڭگە قايت مىخايىل، جاڭجاللىشىپ قالمايلى.
— سەن بىلەن بولىدىغان جاڭجىلىم قىسقا...، — مىشكا ئوق يانچۇقىغا قولىنى سالدى، — كىيىمىڭنى كي!
— قوي، مىخايىل، ياخشىسى ماڭا تەگمە...
— يۈر، دەۋاتىمەن ساڭا!
— نەگە؟
— ئىنقىلابىي كومىتېتقا.
— ھېچ بارغۇم كەلمەي تۇرىدۇ، — كىرىللىنىڭ چىرايى ئۆڭدى، ئەمما مازاق بىلەن كۈلۈمسىرەپ سۆزلىدى.
مىشكا سولغا قىيسىيىپ، يانچۇقىدىن تاپانچىسىنى ئالدى - دە، تەپكىنى قايرىدى.
— ماڭامسەن - يوق؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئاستا ئۈنسىنى چىقىرىپ.
كىرىلل ئۈنچىقماستىن ئىچكىرى ئۆيگە ماڭغانىدى، ئەمما مىشكا يولىنى توسۇپ، كۆز ئىشارىتى بىلەن دالاننىڭ ئىشىكىنى كۆرسەتتى.
— يىگىتلەر! — دەپ ۋارقىرىدى كىرىلل ھودۇققىنىغان بولۇپ، — مېنى قولغا ئالىدىغاندەك تۇرىدۇ! ھاراقنى مەن بولمىسام ئىچىۋېرىڭلار!

ئىچكىرى ئۆينىڭ ئىشىكى داغدام ئېچىلىپ كەتتى. ئاخۋاتكىن بوسۇغىدىن ئاتلىغانىدى، ئەمما تاپانچىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆزىنى ئىشىكنىڭ دالدىسىغا ئالدى.

— يۇر، — دەپ بۇيرۇق قىلدى مىشكا كىرىللغا.

كىرىلل لەپەڭلەپ ئىشىككە ماڭدى، سۆرەلمىلىك بىلەن ئىشىكنىڭ تۇتقىسىنى تۇتقان بولدىيۇ، تۇيۇقسىز بىر ئىرغىپلا دالاندىن قېچىپ چىقىپ، سىرتقى ئىشىكنى جان - جەھلى بىلەن تاق قىلىپ قالدى - دە، پەلەمپەيدىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇ ئېڭىشىپ، ھويلا ئارقىلىق باغقا يۈگۈرۈپ بارغۇچە مىشكا ئۇنىڭغا ئىككى پاي ئوق ئېتىپ تەگكۈزەلمىدى. مىشكا سول قولىنى ئېگىپ، جەينىكىنىڭ ئۈستىگە تاپانچىنىڭ ستۋۇلىنى قويۇپ، پۈتلىرىنى كېرىپ يەنە نىشانغا ئالدى. ئۈچىنچى قېتىم ئېتىلغان ئوقتىن كېيىن كىرىلل قېقىلىپ يىقىلغاندەك بولدى، ئەمما ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، شارتلا قاشانىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشتى. مىشكا پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئۆينىڭ ئىچىدىن گۈم قىلىپ ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئالدى تەرەپتە، سارايىنىڭ ئاقارتىلغان تېمىنىڭ سۇۋاقلىرىنى ئوق تىتكىلەپ، يەرگە سۇر ئۇششاق تاش پارچىلىرى ياغدى.

كىرىلل تاپىنى يەرگە تەگمەستىن ئوڭايلا قاچتى. ئۇنىڭ مۈكچەيگەن گەۋدىسى ياپيېشىل باراقسان ئالما شاخلىرى ئارىسىدىن غىل - پال كۆرۈنۈپ قالدى. مىشكا قاشادىن ئارتىلىپ چۈشكەندە يىقىلىپ كەتتى. يېتىپ تۇرۇپ قاچقۇنغا يەنە ئىككى پاي ئوق ئاتقاندىن كېيىن يۈزىنى ئۆي تەرەپكە بۇرىدى. سىرتقى ئىشىك داغدام ئوچۇق ئىدى. پېشايۋاندا كىرىللنىڭ ئانىسى قولىنى كۆزىگە تۇتۇپ، باغقا قاراپ تۇراتتى. «ئاپلا، گەپ - سۆز قىلىشماستىنلا ئۇنى جايىدا ئېتىپ تاشلاش كېرەك

ئۇگەن!» — دەپ بىھۇدە پۇشايمان يېدى مىشكا. ئۇ قاشانىڭ تۆۋىدە يەنە بىر نەچچە مىنۇت ياتتى، ئۆيگە پات - پات قاراپ قويۇپ، تىزىغا چاپلىشىپ قالغان لايىنى ئىختىيارسىز كىرت - كىرت چۇشۇرۇپ تازىلىدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇردى، قاشادىن ئەسلىكتە ئارتىلىپ ئۆتتى - دە، تاپانچىنىڭ ئاغزىنى تۆۋەن قارىتىپ، ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

## 5

كىرىلل گروموف، ئاخۋاتكىن ۋە بابا كوشۋوي گروموفنىڭ ئۆيىدە كۆرگەن ھېلىقى ناتونۇش كازاك ھەممىسى قېچىپ كۆزدىن غايىپ بولۇشتى. شۇ كېچە يەنە ئىككى كازاك يېزىدىن قېچىپ كەتتى. ۋېشېنسكايادىن تاتارىسكىغا دون پەۋقۇلئاددە كومىسسىيىسىنىڭ كىچىكرەك بىر ئەترىتى كەلدى. بەزى كازاكلارنى قولغا ئالدى، ھەربىي قىسىمدىن قەغەز ئالماي كەلگەن تۆت كازاكنى ۋېشېنسكايادىكى گۇناھ يۇيۇش روتىسىغا ئەۋەتىپ بېرىشتى.

كوشۋوي كۈن بويى ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيگە قايتاتتى، ئوقلاقلىق مىلتىقىنى كارىۋاتنىڭ يېنىدا قويۇپ، تاپانچىنى ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپ، يېشىنمەستىنلا يېتىپ، ئۇخلايتتى. كىرىلل ۋەقەسىدىن كېيىن ئۈچ كۈن كېيىن ئۇ دۇناشكىغا:

— بىز دالاندا ياتايلى، — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ ھەيران بولدى دۇناشكا.

— دۈشمەنلەر دېرىزىدىن ئوق ئېتىشى مۇمكىن. كارىۋات دېرىزىنىڭ يېنىدا.

دۇناشكا ئۈنچىقماستىن كارىۋاتنى دالانغا ئاچىقتى، كەچ كىرگەندە سورىدى:

— ئۇنداق بولسا بىز توشقاننىڭ ئەھۋالىدا ھايات كەچۈرىدىكەنمىز - دە؟ قىش كېلىدۇ، بىز ھامان دالاندا تىقىلىپ كۈن ئۆتكۈزەمدۇق؟

— قىش كېلىشكە تېخى ئۇزۇن ۋاقىت بار، ھازىرچە بىزگە مۇشۇنداق كۈن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

— «ھازىرچە» دېگىنىڭ زادى قاچانغىچە بولىدۇ؟

— كىرىيوشكىنىڭ چېكىسىدىن تاس قىلىپ تۆشۈك ئاچقۇچە.

— ھە، ساڭا ماڭلىيىمنى تۇتۇپ بېرەرمىكىن!

— بىر كۈن بولمىسا، بىر كۈن تۇتۇپ بېرىدۇ، — دەپ ئىشەنچلىك جاۋاب بەردى مىشكا.

ئەمما مىشكىنىڭ مۆلچىرى ئەمەلگە ئاشمىدى: كىرىلل گروموۋ ئۆزىنىڭ دوستلىرى بىلەن بىللە دونىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە بېرىۋالغاندىن كېيىن، ماخنونىڭ يېقىنلىشىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاش بىلەنلا دونىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ، كراسنوكۇتسكاياغا كەتكەنىدى، چۈنكى بۇ يەردە ماخنو باندىسىنىڭ ئالدىنقى ئەترەتلىرى شۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ، دېگەن مىش - مىشلار تارالغانىدى. كېچىسى ئۇ يېزىغا كېلىپ - كېتىپتۇ، كوچىدا تاسادىپىي پروخور زىكوفنى ئۇچرىتىپ قېلىپ: كوشىۋويغا ئېيتىپ قوي، گروموۋ باش ئېگىپ سالام ئېيتتى، مېھمان بولۇپ بارىمەن، مېنى كۈتسۇن دەپ بۇيرۇق قىلغان، پروخور ئەتىسى ئەتىگەن ئۆزىنىڭ كىرىلل بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى ۋە قىلىشقان گەپ - سۆزىنى مىشكىغا سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنداق بولسا، كەلسۇن. بىر قېتىم قېچىپ كەتتى، ئىككىنچى قېتىمدا قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، مۇنداق ئادەملەر بىلەن

قانداق مۇئامىلە قىلىش لازىملىقى توغرۇلۇق ماڭا ساۋاق بەردى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھمەت، — دېدى مېشكا پىروخورنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ.

ماخنو ھەقىقەتەن يۇقىرىقى دون ئوكروكىنىڭ چېگرىسىدا پەيدا بولغانىدى. ئۇ كونكوف يېزىسى بوسۇغىسىدا ۋېشېنسكايادىن ئۆزىگە قارشى ئەۋەتىلگەن بىر باتالىئون پىيادە ئەسكەرنى قىسقىلا جەڭدە قىرىپ تاشلىدى، ئەمما ئوكروك مەركىزىگە كىرمەستىنلا مىللېرووۋو ئىستانسىسىغا قاراپ سىلجىدى، ئاندىن بۇ ئىستانسىنىڭ شىمالىدىكى تۆمۈريولنى كېسىپ ئۆتۈپ، ستاروبېلىسك تەرەپكە كەتتى. ئەڭ ئاكتىپ ئاق گۋاردىيىچى كازاكلار ئۇنىڭ باندىسىغا قوشۇلدى، ئەمما بۇ كازاكلارنىڭ كۆپچىلىكى پۇرسەت كۈتۈپ، ئۆيلىرىدە قېلىشتى.

شۇنداق بولسىمۇ كوشېۋوي يېزىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا دىققەت بىلەن نەزەر سېلىپ، ھامان ھوشيارلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. تاتارسكىدىكى ھايات ئۇنچىلىك سىلىق ئۆتۈۋاتقىنى يوق ئىدى. كازاكلار باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كەلگەن تۈرلۈك نەرسە يېتىشمەسلىك، موھتاجلىق تۈپەيلى سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ھە دەپ قاغىشاتتى. يېقىندا قۇرۇلغان كوپېراتىپنىڭ كىچىككىنە دۇكىنىدا دېيەرلىك ھېچنېمە يوق ئىدى. سوپۇن، شېكەر، تۇز، كىرسىن، سەرەڭگە، موخوركا، ھارۋا مېيى قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسىلەر سېتىشقا يوق ئىدى. دۇكاننىڭ قۇرۇق-قۇرۇق تەكچىلىرىدە ئاسمولوف فابرىكىسىدا ئىشلەنگەن قىممەت پاپىروسلار، بەزىبىر تۆمۈر - تەسەك ماللار يېتىمسىراپ ياتاتتى، بۇ ماللارغا ئاي - ئايلاپ خېرىدارلار چىقمايتتى.

كىشىلەر كىرسىننىڭ ئورنىغا كېچىلىرى كىچىك تەخسىگە ئېرىتىلگەن كالا يېغى ياكى قوي يېغىنى قۇيۇپ، جىنچىراغ قى-

لەپ ياقاتتى، موخوركىنىڭ ئۇرنىغا ھەركىم ئۆز ئائىلىسىدە تېرىلغان تاماكىنىڭ ياپراقلىرىدىن ياسىغان تاماكىنى چېكىشەتتى. سەرەڭگە يوق بولغانلىقتىن، چاقماق تاش ياكى تۆمۈرچىلەر ۋاقىتلىق ياسىغان پولات چاقماق تاش ئىشلىتىش كەڭ ئەۋج ئالدى. تېز ئوت تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن چاقماق پىلتىسىنى ئاپتاپپەرەسنىڭ كۆلى بىلەن قوشۇپ، قايناق سۇدا قاينىتىشاتتى، ئەمما تازا ئادەتلەنمىگەنلىكتىن، ئوت يېقىش قىيىنغا چۈشەتتى. مىشكا ھەر كۈنى كەچقۇرۇن ئىنقىلابىي كومىتېتتىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ تار كوچىنىڭ بىر يېرىدە سورۇن تۈزۈپ، چاقماق تاشتىن ئوت چىقىرىۋاتقانلىقىغا تالاي قېتىم كۆز سالغانىدى، ئۇلار پەس ئاۋازدا ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلىشاتتى، «سوۋېت ھاكىمىيىتى، بىزگە ئوت بەر!» — دەپ قوياتتى. ئاخىردا، بىرىنىڭ پىلتىسىگە ئۇچقۇن چۈشۈپ، ئوت ئالاتتى - دە، ھەممىسى تۈتەپ تۇرغان ئوتنى ئىناقلىق بىلەن پۈۋلىشىپ، تاماكىسىنى تۇتاشتۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۈنچىقماستىن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، كۆرگەن - بىلگەن يېڭىلىقلىرىنى ئورتاقلىشاتتى. تاماكا يۆگەيدىغان قەغەزمۇ يوق ئىدى. چېركاۋنىڭ قاراۋۇلخانىسىدا ساقلىنىدىغان نوپۇس دەپتەرلىرىنىڭ ۋاراقلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاچقىپ تۈگىتىپ بولۇشتى، بۇلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆي - ئۆيلەردە تاماكا ئوراشقا بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى، مەيلى باللارنىڭ كونا دەرسلىكلىرى بولسۇن، مەيلى قېرىلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى بولسۇن، بىرىنى قويماي ئىشلىتىپ بولۇشتى.

مېلېخوفلارنىڭ قەدىمكى ھويلىسىغا پات - پات كېلىپ تۇرىدىغان پروخور زىكوف مىخايىلدىن تاماكا چېكىشكە قەغەز ئېلىپ تۇراتتى، ئۇ بىر قېتىم غەمكىن ھالدا مۇنداق دېدى:

— خوتۇنۇمنىڭ ساندۇقىنىڭ قاپقىقى كونا گېزىتلەر

بىلەن چاپلانغانىدى — بۇنىمۇ سويۇۋېلىپ تاماكا ئوراشقا ئىشلەتتىم. «يېڭى نەسىھەت» بار ئىدى، شۇنداق مۇقەددەس رىسالە — ئۇنىمۇ چېكىپ تۈگىتىپ بولدۇم. «كونا نەسىھەت»نى چېكىپ تۈگەتتىم. ئەۋلىيا - ئەنبىيالار يازغان ئاشۇ نەسىھەتلەر ئۇنچە كۆپ ئەمەس... خوتۇنۇمنىڭ نەسەبنامە دەپتىرى بار ئىدى، ئۇنىڭغا ھەممە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئۆلۈكمۇ، تىرىكمۇ يېزىلغانىدى — بۇنىمۇ چېكىپ تۈگەتتىم. خۇش، ئۇنداق بولسا ئەمدى مەن تاماكىنى كاپوستا يايپىرىقىغا ئوراپ چېكەمدىمەن ياكى، ئېيتايلۇق، قېرىقىز يايپىرىقىنى قۇرۇتۇپ قەغەز ئورنىدا ئىشلىتەمدىمەن؟ ياق، مىخايىل، قانداق بولمىسۇن، ماڭا گېزىت بەر. مەن تاماكا چەكمەي كۈن ئۆتكۈزەلمەيمەن. مەن گېرمان فرونتىدا بەزىدە بىر كىشىلىك نېنىمنى سەككىز چېكىم موخور-كىغا تېگىشكەنىدىم.

بۇ يىلقى كۈزدە تاتارسكىدىكى ھايات كۆڭۈللۈك ئەمەس ئىدى... خادىك ھارۋا بىلەن كالا ھارۋىسىنىڭ مايلانمىغان چاقلىرى غىچىرلاپ زارلىناتتى. قارىماي بولمىغانلىقتىن، تاسما جابدۇقلار بىلەن ئاياغ كىيىمى قۇرۇپ، يېرىلىشقا باشلىدى، ئەمما ھەممىدىن كۆڭۈلسىزرەكى تۇزنىڭ يوقلۇقى ئىدى. تاتارسكىلىقلار ۋېشېنسكايادا نەچچىلىگەن سېمىز قويلىرىنى بەش قاداق تۇزغا تېگىشىپ، يولدا كەلگۈچە سوۋېت ھاكىمىيىتى-نى ۋەيرانچىلىقنى قاغاپ، ئۆيلىرىگە قايتىشاتتى. بۇ لەنىتى تۇز مىخايىلنى تۇرغۇن خاپىچىلىقتا سالدى. بىر كۈنى يېزا سوۋېتىغا قېرىلار كېلىشتى. ئۇلار رەئىس بىلەن ئەدەبلىك سا-لاملاشتى، بېشىدىن شەپكىسىنى ئېلىشتى، ئۇزۇن ئورۇندۇققا قاتار ئولتۇرۇشتى.

— تۇز يوق، جانابى رەئىس، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى.

— ھازىر جانابلار يوق، — دېدى مىشكا گەپنى تۈزىتىپ.

— مەرھەمەت قىلىپ كەچۈرگىن، كونا ئادەت بويىچە ئۆگىنىپ قاپتۇق... جانابلارسىز كۈن ئۆتكۈزۈش مۇمكىن، تۈزسىز مۇمكىن ئەمەس.

— خوش، ئۇنداق بولسا، ئاتىلار، نېمە قىلىشاق دەيسىلەر؟

— سەن، رەئىس، تۇز ئەكىلىشكە ھەرىكەت قىل. مانچىتىن ئۆكۈزلەردە تۇز توشۇشقا جان توشۇمايدۇ.

— مەن بۇ ئىشنى ئوكروكقا مەلۇم قىلدىم. ئۇ يەردىكىلەر بۇنى بىلىدۇ. تېز ئارىدا تۇز ئەكەلمەكچى.

— ئاپتاپ چىققۇچە شەبنەم كۆزنى يەپ بولىدۇ، — دېدى قېرىلارنىڭ بىرى يەرگە قاراپ.

مىشكىنىڭ قېنى قىزىپ، شىرەنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇ غەزەپتىن قىزىرىپ، يانچۇقىنى تەتۈر ئۆرىدى.

— مەندە تۇز يوق. كۆرۈۋاتامسىلەر؟ يېنىمدا تۇز ئېلىپ يۈرمەيمەن ۋە ئۇنى سىزلەرگە يەردىن قولۇم بىلەن كولاپ بېرەلمەيمەن. چۈشەندىڭلارمۇ، ئاتىلار؟

— بۇ تۇز دېگەن نەرسە نەگە يوقالغاندۇ؟ — دەپ سورىدى سىڭار كۆز چۇماكوف بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن بىر كۆزى بىلەن ھەممەيلەنگە قاراپ ئەجەبلەنگەن ھالدا، — ئىلگىرى كونا ھۆكۈمەت ۋاقتىدا ھېچكىم ئۇ توغرۇلۇق سۆز ئاچمايتتى، ھەممە يەردە دۆۋىلىشىپ تۇراتتى، ھازىر بىر چىمدىم تۇز تاپالمايسەن...

— بىزنىڭ ھاكىمىيەتنىڭ بۇ ئىشتا ھېچقانداق مەسئۇلىيىتى يوق، — دېدى مىشكا ئەمدى سالماق بىلەن، — بۇ مەسىلىدە پەقەت ئاقلار ھاكىمىيىتى ئەيىبدار، ئۇ سىزلەرنىڭ كادېت ھۆكۈمىتىڭلار! بۇ ھۆكۈمەت شۇنچىلىك ۋەيرانچىلىق تۇغدۇردىكى، ھەتتا تۇز ئەكىلىپ بېرىشكىمۇ ھېچقانداق قاتناش قورالى قالدۇرمىغان! تۆمۈريولنىڭ ھەممىسى بۇزۇلغان، ۋاگون-

لارمۇ — خۇددى شۇنداق...

مىشكا چاللارغا ئاقلارنىڭ چېكىنىش ئالدىدا دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى قانداق يوقاتقانلىقىنى، زاۋۇتلارنى پارتلاتقانلىقىنى، ئىسكىلاتلارغا ئوت قويغانلىقىنى ئۇزاق سۆزلەپ بەردى. بۇ ئىشلارنىڭ بەزىسىنى مىشكا ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى، بەزىسىنى ئاڭلىغانىدى، قالغانلىرىنى ئىلھامى تۇتۇپ كېتىپ، بىرلا مەقسەت بىلەن — جانىجان سوۋېت ھاكىمىيىتىگە بولغان نارازىلىقنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن ئويلاپ چىقارغانىدى. بۇ ھاكىمىيەتنى تەنە سۆزلەردىن قوغداش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كىر يۇقتۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۇ بەزى زەرەرسىز يالغاننىمۇ قوشتى، ئەمما ئۆز ئىچىدە: ئاق گۋاردىيىچى مەلئۇنلارنى ئازراق قاغاپ قويسام، ھېچ ۋەقەسى بولماس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرىغۇ، ئۇنىڭدىن ئۇلارغا يېتىدىغان زەرەرى چاغلىق، بىزگىمۇ پايدا يوق... دەپ ئويلىدى.

— سىزلەر ئۇلارنى — بۇرژۇيلارنى — ئاددىيلا ئويلايدىغان، قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىش قىلىدىغان خەق دەپ ئويلامسىلەر؟ ئۇلار ئەخمەق ئەمەس! ئۇلار قەنت بىلەن تۇزنىڭ نەچچە مىڭ پاتمان زاپاسلىرىنى پۈتۈن روسىيىدىن يىغىپ، ئالدىنئالا قىرىمغا ئەكەتتى، ئۇ يەردىن پاراخوتلارغا يۈكلەپ، باشقا مەملىكەتكە سېتىشقا ئېلىپ ماڭدى، — مىشكا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى قىلدى.

— ئۇنداق بولسا، ئۇلار چاق مايلايدىغان قارامايىنىمۇ قالدۇرماي ئەكەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى سىڭار كۆز چۇماكوف يۇقىرىقى گەپكە ئانچە ئىشەنمەي.

— بوۋا، سەن ئۇنى ماڭا قالدۇرۇپ قويارمىكىن دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ سەن ئۇلارغا بەك كېرەكسەن، باشقا يەردىمۇ

ساڭا ئوخشاش ئەمگەكچى خەلق بار. ئۇلار قارامايىنى كىمگە سېتىشنى ياخشى بىلىدۇ! ئۇلار قولىدىن كەلسە ھېچنېمە قالدۇرماي ئېلىپ ماڭغان بولاتتى، خەلق ئاچلىقتىن ئۆلەمدۇ - ئۆلمەمدۇ، ئۇلارنىڭ نېمە كارى.

— بۇ، ئەلۋەتتە، شۇنداق، — دەپ قوشۇلدى قېرىلارنىڭ بىرى، — بايلارنىڭ ھەممىسى قان شورىغۇچىلار. ئادەم بېيىغانسېرى دۇنياغا تويمايدىغانلىقى ئەزەلدىن مەلۇملۇق. دەسلەپكى چېكىنىش ۋاقتىدا ۋېشكىدا بىر سودىگەر ھەممە نەرسىلىرىنى ھارۋىغا باستى، يىپ - يىڭنىغىچە پۈتۈن مال - مۈلكىنى قالدۇرماي ئالدى، نەق شۇ چاغدا قىزىللار يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى، بۇ سودىگەر بولسا ھامان ھويلىدىن چىقماي، جۇۋا كىيىۋالغان پېتى ئۆيىنىڭ ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، تامدىكى مىخلارنى ئامبۇر بىلەن سۇغۇرۇۋاتاتتى. «مەن لەنتىلەرگە بىر تال مىخنىمۇ قالدۇرۇشنى خالىمايمەن!» — دەيتتى ئۇ. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قارامايىنى ئەكىتىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمدى بىز تۇزسىز قانداق قىلىمىز؟ — دەپ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن سورىدى ماكسايېۋ دېگەن چال گەپنىڭ ئاخىرىدا.

— بىزنىڭ ئىشچىلىرىمىز تۇزنى پات - ئارىدا يېڭىدىن قازماقچى، ئاڭغىچە مانچىقا ھارۋا ئەۋەتىشكە بولىدۇ، — دېدى مىشكا ئېھتىياتكارلىق بىلەن.

— خەلق ئۇ يەرگە بېرىشنى خالىمايدۇ. قالماقلار ئۇ يەردە ئەسكىلىك قىلىدۇ، كۆلدىن تۇز ئالغىلى قويمايدۇ، ئۆكۈزلىرىنى تارتىۋالىدۇ. مېنىڭ بىر تونۇشۇم ئۇ يەردىن قۇرۇق قامچىسى بىلەن قايتىپ كەلدى. كېچىسى ۋېلىكوكنەژىسكايانىڭ نېرىسىدا ئۈچ قوراللىق قالماق كېلىپ، ئۆكۈزلىرىنى ھەيدەپ

كېتىپتۇ. ئۇلار ئۆكۈزنىڭ ئېگىسىگە كېكىردىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئاغزىڭنى يۇم، بوۋاي، ئۇنداق بولمىغاندا شۇم ئۆلىسەن...»، — دەپتۇ. قېنى شۇ يەرگە بېرىپ باقسنا!

— كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، — دەپ خۇرسىنىپ قويدى چۇماكوف.

مىشكا قېرىلار بىلەن ئاران كېلىشىپ، بىر ئامالىلاپ يولغا سالدى. ئەمما ئۇ ئۆيدە يەنە شۇ تۇز مەسىلىسى توغرۇلۇق دۇناشكا بىلەن قاتتىق گەپ تەگىشىپ قالدى. ئومۇمەن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە دەز پەيدا بولدى...

بۇ سوغۇقچىلىق مىشكا پروخورنىڭ ئالدىدا گرىگورىي توغرۇلۇق سۆز ئاچقان ھېلىقى ئەستىن چىقمايدىغان كۈندىن باشلانغانىدى، بۇ كىچىككىنە ئارازلىق تېخى ئۇنتۇلمىغانىدى. بىر كۈنى مىشكا كەچلىك تاماقتىن كېيىن:

— شورپاڭنىڭ تۇزى يوقتۇ، كېلىنچەك ياكى تۇزى كەم بولسا يېيىلىپ تۈگەر، تۇزلۇق بولسا يەرگە تۆكەر — دېگەندەك ئىشمۇ بۇ.

— ھازىر بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ۋاقتىدا تۇزلۇق تاماق دېگەن نەرسە بولمايدۇ. بىزدە قانچىلىك تۇز قالغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— قانچىلىك؟

— ئىككى چاڭگال.

— ئىش يامان، — دەپ خۇرسىندى مىشكا.

— ئەقىللىق ئادەملەر يازدا مانىچقا تۇز ئەكىلىشكە بېرىپ قايتىشتى، ئەمما سېنىڭ بۇ توغرۇلۇق ئويلاشقىمۇ ۋاقتىڭ بولمىدى، — دېدى دۇناشكا تەنە بىلەن.

— نېمە بىلەن بارىمەن؟ ئۆيلەنمەي تۇرۇپ، دەسلەپكى يىلدىلا سېنى ھارۋىغا قوشسام ئەپلەشمەس، تايانچلار تېخى كارغا يارىمىسا...

— سەن چاقچىقىڭنى قويۇپ تۇر! ئالدىرىماي تۇر، تۇزى يوق تاماق يەيسەن تېخى — شۇ چاغدا چاقچاق قىلارسەن!

— نېمە ماڭا زەھىرىڭنى چاچىسەن؟ راستىنى ئېيتقاندا، مەن بۇ تۇز دېگەن نەرسىنى ساڭا نەدىن ئەكىلىپ بېرىمەن؟ سىلەر خوتۇن كىشىلەر مانا شۇنداق خەق... سىلەرگە كېكىرىپ، قۇسقىچە بەرگەندە ئاندىن ھېساب. ئەگەر ئاشۇ ئېنىڭ قۇرىسۇن لەنتى تۇز بولمىسا، مەن قانداق قىلىدىكەنمەن؟

— كىشىلەر ئۆكۈزلەر بىلەن مانىچقا بېرىپ كەلدى، ھازىر ئۇلارنىڭ تۇزىمۇ بار، ھەممە نېمىسىنى سورلەيدۇ، بىز بولساق بەتتەم، لاۋزا تاماق يەيمىز...

— قانداق بولمىسۇن كۈنىمىز ئۆتۈۋاتىدۇ، دۇنە. تېخى ئاردا تۇز ئەكەلمەكچىمىز ياكى بىزنىڭ روسىيىدە بۇ بايلىقنى ئاز دەپ ئويلامسەن؟

— سىلەردە ھەممە نەرسە كۆپ.

— سىلەر دېگىنىڭ كىملەر؟

— قىزىللار.

— سەن ئۆزۈڭ قانداق؟

— ساڭا قانداق كۆرۈنگەن بولسام، ئاشۇنداقمەن، يالغان ـ ياۋىداقنى سۆزلىدىڭلار ـ سۆزلىدىڭلار: «بىزدە ھەممە نەرسە مول بولىدۇ، ھەممىمىز باراۋەر باياشات ياشايمىز...» مانا سىلەرنىڭ بايلىقىڭلار: شورپىغا سېلىشقا تۇز يوق!

مىشكا چۆچۈپ ئايالىغا قارىدى ـ دە، چىرايى ئۆڭدى.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، دۇناخا؟ نېمە دەۋاتىسەن؟ بۇنداق گەپنى قىلىش مۇمكىنمۇ؟

ئەمما دۇناشكا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى: ئۇنىڭمۇ قەھر ـ غەزىپى قايناپ، ئاپئاق ئاقىرىپ كەتتى ـ دە، ۋارقىراپ سۆزلەشكە ئۆتتى:

— خۇش، مۇشۇنداق ئۆتۈش مۇمكىنمۇ؟ نېمە ئالىيسەن، رەئىس، تۇزسىز كىشىلەرنىڭ ھىلىق گۆشى قارايسەن؟ سەن، رەئىس، تۇزسىز كىشىلەرنىڭ مىلىق گۆشى ئىششىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟ كىشىلەرنىڭ تۇز ئورنىغا نېمە يەۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟ شورتاڭ يەرنىڭ تويىسىنى قېزىۋاتىدۇ، ئۇلار نېچايېۋ قورغانىنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ كەتتى، ئاشۇ توپىنى شورپىغا سالىدۇ... بۇنى سەن ئاڭلىدىڭمۇ؟

— توختاپ تۇر، شاۋقۇن كۆتۈرمە، ئاڭلىدىم... ئۇنىدىن كېيىنچۇ؟

دۇناشكا قوللىرىنى شاپىلاقلىدى.

— ئۇنىدىن كېيىن نەگە بارماقچى؟

— بىر ئىلاج قىلىپ بۇنىڭغا چىداش كېرەك ئەمەسمۇ؟

— سەن ئۆزۈڭ چىدا!

— مەنغۇ چىدايمەن، ئەمما سەن... مانا سىلەر مېلېخوفلارنىڭ ئەسلى ماھىيىتىڭلار سەندە تېشىغا تېپىپ چىقتى...

— بۇ قانداق ماھىيەت ئىكەن؟

— ئەكسىيەتچىل ماھىيەت، مانا شۇنداق ماھىيەت! — مىشكا ئاستا شۇ سۆزنى دېدى-دە، شىرەنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئايالىغا بېشىنى كۆتۈرمەستىن يەرگە قارىۋالدى. ئۇ سۆزلىگەندە لەۋلىرى دىر-دىر تىترەيتتى، — ئىككىنچى شۇنداق سۆزلەيدىغان بولساڭ، مەن سەن بىلەن بىللە تۇرمايمەن، بۇنى بىلىپ قوي! سېنىڭ دەۋاتقانلىرىڭ دۈشمەننىڭ سۆزى...

دۇناشكا يەنە بىر نېمىدەپ ئېتىراز بىلدۈرمەكچىدى، ئەمما مىشكا كۆزىنى ئالايتۇرۇپ، مۇشتىنى كۆتۈردى.

— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

دۇناشكا قىلچە قورقماستىن، ئېرىگە ئوچۇقلا قىزىقىش بىلەن قاراپ قالدى، بىرئازدىن كېيىن ۋەزمىن ۋە خۇشخۇيلۇق بىلەن:

— خوپ، ماقۇل، نەدىكى بىر بولمىغۇر گەپنى تالىشىپ ئولتۇردۇق... تۈز بولمىسىمۇ كۆنمىز ئۆتەر! — دېدى. ئۇ بىرئاز ئۈنچىقماي تۇردى-دە، مىشكا ياخشى كۆرىدىغان مەيىن تەبەسسۇمى بىلەن مۇنداق دېدى، — بولدى، خاپا بولما، مىشا! بىز ئاياللارنىڭ ھەممە سۆزىگە ئاچچىقلىنىۋەرسەڭ، يۈرەك توشمايدۇ. كاللاڭ ئەخمەقلىشىپ قالغاندا، نېمە سۆزلەرنى دېمەيسەن... شەربەت ئىچەمسەن ياكى قېتىق قۇيۇپ بېرەيمۇ؟

دۇناشكا ياش بولۇشىغا قارىماستىن، خېلى كۆپ تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇپ قالغانىدى، گەپ تالاشقاندا قانداق يەردە چىڭ تۇرۇشنى، قانداق يەردە ياۋىشىپ يول قويۇش كېرەكلىكىنى بىلەتتى...

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن گىرىگورىيدىن خەت كەلدى. ئۇ ئۆز خېتىدە: ۋرانگېل فرونتىدا يارىدار بولدۇم، بىرئاز ساقىيىۋالغاندىن كېيىن ئەسكەرلىكتىن قايتىپ كېلىشىم ئېھتىمال، دەپ يېزىپتۇ. دۇناشكا خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئېرىگە قىسقىچە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن سورىدى:

— مىشا، ئۇ قايتىپ كەلسە، ئۇ چاغدا بىز قانداق ئۆتىمىز؟

— بىزنىڭ ئۆيگە كۆچۈپ كېتىمىز. ئۇ يالغۇز مۇشۇ ئۆيدە تۇرار، مۈلۈكنى بۆلۈشۈۋالىمىز.

— بىزگە بىللە تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ ئاكسىنىيىنى ئەكىرىۋالارمىكىن.

— بىللە تۇرۇشقا مۇمكىن بولغان تەقدىردىمۇ، بەرىبىر مەن ئاكاڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرالمايمەن، — دېدى مىشكا گەپنى چورتلا قىلىپ.

دۇناشكا ھەيران بولۇپ قېشىنى كەردى.

— نېمىشقا، مىشا؟

— ئۆزۈڭ بىلسەڭغۇ.
— بۇنىڭ سەۋەبى — ئۇنىڭ ئاقلارغا خىزمەت قىلغانلىقىمۇ؟
— نەق شۇنداق.
— سەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيسەن... بۇرۇن سەن ئۇنىڭ بىلەن دوست ئىدىڭ!
— ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، بېشىمغا تاج قىلامدىمەن! ئاۋۋال دوست ئىدۇق، ھازىر دوستلۇقىمىز تۈگىدى.
دۇناشكا يىپ ئېگىرىشكە ئولتۇردى. چاق بىر ئۆلچەمدە غۇيۇلدايتتى. ئېگىرىلىۋاتقان يىپ ئۈزۈلۈپ كەتتى. دۇناشكا چاقنىڭ گەردىشىنى قولى بىلەن بېسىپ توختاتتى. يىپنى ئېشىپ ئۇلاۋېتىپ ئېرىگە قارىماستىن:
— ئۇ قايتىپ كەلسە، كازاكلاردا خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا نېمە ئىش قىلار؟ — دەپ سورىدى.
— سوت قىلىنىدۇ، ھەربىي سوت.
— سوت ئۇنىڭغا قانداق ھۆكۈم چىقىرار؟
— مەن بۇنى بىلمەيمەن، مەن سوتچى ئەمەس.
— ئېتىشقا ھۆكۈم قىلىپ قالارمۇ؟
مىشكا مىشاتكا بىلەن پولىيوشكا ئۇخلاۋاتقان كارىۋاتقا قاراپ ئۇلارنىڭ بىر تىكىس نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىغا قۇلاق سالدى، ئاندىن پەس ئاۋاز بىلەن:
— بۇنى ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.
دۇناشكا بۇ توغرۇلۇق ئارتۇق گەپ سورىمىدى. ئەتىسى ئەتىگەن كالىنى سېغىپ بولۇپ، ئاكىسىنىڭ قېشىغا كىردى:
— گرىشا يات - ئارىدا قايتىپ كېلىدىكەن. سىزنى خۇشال قىلاي دەپ كىردىم.
ئاكىسى ئۈنچىقماستىن، سۇ قۇيۇلغان قازاننى ئوچاقنىڭ ئۈستىگە قويدى - دە، قولىنى كۆكسىگە باستى. دۇناشكا ئۇنىڭ

لاپ قىلىپ ئۇت ئالغان يۈزىگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— سەن بەك خۇشال بولۇپ كەتمە. بىزنىڭ ئادەم ئۇنى سوتتىن قۇتۇلالمايدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭغا قانداق ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى خۇدا بىلىدۇ.

ئاكسىنىيىنىڭ نەملەشكەن پارقىراق كۆزلىرىدە بىر سېكۇنت قورقۇش يالت قىلىپ ئۇچقۇندىدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى ئۇ سۆزنى ئۈزۈك-ئۈزۈك تەلەپپۇز قىلىپ، ئەمما ئاغزىدا كېچىككىپ پەيدا بولغان كۈلكىنى توختىتىشقا ھامان قادىر بولالماي قالدى.

— قوزغىلاڭ ئۈچۈن، ھەممە ئىش ئۈچۈن.

— يالغان! ئۇنى سوت قىلمايدۇ. سېنىڭ مىخايىلنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، پالچىمۇ چىقىپتۇ تېخى!

— بەلكى، سوتمۇ قىلماس، — دۇناشكا بىردەم ئۈنچىقمىدى، كېيىن خۇرسىنىشىنى بېسىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ ئاكامغا ئۆچ... بۇ ئىش يۈرىكىمگە قاتتىق تەگدى — بىراق ئاغزىمدىن چىقىرالمايمەن! ئاكامغا ئىنتايىن ئىچىم ئاغرىيدۇ! ئۇ يەنە يارىدار بولۇپتۇ... ئۇنىڭ ھاياتى نېمىدېگەن كېلىشمىگەن ھايات...

— ئۇ كەلسە بولاتتى، بالىلارنى ئېلىپ، بىر يەرگە كېتىپ، كۆزدىن نېرى بولاتتۇق، — دېدى ئاكسىنىيە ھاياجانلىنىپ.

ئۇ نېمىشقىدۇر بېشىدىن رومىلىنى ئېلىپ، ئۇنى قايتىدىن ئورىدى، ئورۇندۇق ئۈستىدىكى قاچا-قۇچىلارنى مەقسەتسىز نېرى-بېرى يۆتكەپ قويدى، شۇنداق بولسىمۇ ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغان كۈچلۈك ھاياجاننى ھېچقانداق قىلىپ باسالمايتتى.

ئۇ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، كونىراپ جۇلقى چىققان پەشتامىسىنىڭ قاتلاقلىرىنى تىزىغا يېيىپ سىيلىغلاشقا باشلىغانىدا قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى دۇناشكا بايقاپ قالدى.

دۇناشكىنىڭ گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى، ئۇنىڭ يىغلىغۇسى كېلىپلا تۇراتتى.

— ئانام ئۇنى كۆرەلمەي دۇنيادىن ئۆتتى...،— دېدى ئۇ ئاستىلا، — خوپ، مەن چىقاي، مەشكە ئوت يېقىشىم كېرەك.

دالاندا ئاكسىنيە ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنىڭ بويىنىدىن سۆيدى، ئاندىن قولىنى تۇتۇۋېلىپ سۆيۈپ قويدى.

— سەن خۇشالمۇ؟ — دەپ سورىدى دۇناشكا ئۇزۇك، پەس ئاۋاز بىلەن.

— ھە، ئازراقلا، كىچىككىنە...،— دەپ جاۋاب بەردى ئاكسىنيە گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ، قاپساپ كەلگەن كۆز يېشىنى كۈلۈمسىرەش بىلەن يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

## 6

مىللېروۋو ئىستانسىسىدا گرىگورىيغا ھەربىي سەپتىن قايتقان بىر قىزىل كوماندىر سۈپىتىدە پۇقرالارنىڭ بىر ھارۋىسىنى تېپىپ بېرىشتى. ئۆيگىچە بولغان يول ئۈستىدە ئۇ ھەربىر ئوكرايىن يېزىسىدا ئات ئالماشتۇرۇپ، بىر سوتكىدىن كېيىن يۇقىرىقى دون ئوكروكىنىڭ چېگرىسىغا يېتىپ كەلدى. دەسلەپكى كازاك يېزىسىدا ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ رەئىسى — ھەربىي سەپتىن يېقىندا قايتقان ياش قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى مۇنداق دېدى:

— يولداش كوماندىر، سىزگە كالا ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ يول مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ پۈتۈن يېزىدا پەقەت بىرلا ئات بار، يەنە كېلىپ ئۈچ پۇت بىلەن ماڭىدۇ. ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى چېكىنىش ۋاقتىدا كۇباندا قالدۇرۇپ قويدۇق.

— بىرنېمە قىلىپ شۇ ئات بىلەن يېتىۋالسام بولۇر-

مىكىن؟ — دېدى گرىگورىي شەرەنى بارمىقى بىلەن تاگىلدىتىپ قويۇپ، ئۇچ-ئۇق چىراي رەئىسنىڭ شادىمان كۆزلىرىگە سىناق نەزەرى بىلەن قاراپ.

— يېتىپ بارالمايسىز، بىر ھەپتە يول يۈرسىڭىزمۇ بەرىبىر يېتىپ بارالمايسىز! سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئۆكۆزلىرىمىز يارامىلىق، قەدىمى ئىلدام، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بەرىبىر ۋېشېنسكايىغا ھارۋا ئەۋەتمەكچىمىز، تېلېفون سىملىرىنى ئاپىرىش زۆرۈر بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن بۇ يەردە ئۇزاق ۋاقىت تاشلىنىپ قويۇلغان سىم؛ سىزگە ھارۋا ئالماشتۇرۇشقىمۇ توغرا كەلمەيدۇ، ئۆيىڭىزنىڭ ئۆزىگە ئاپىرىپ قويىدۇ، — رەئىس سول كۆزىنى پۇرۇشتۇرۇپ، ھىجىيىپ قويدى، ئاندىن مۇغەمبەرلىك بىلەن كۆزىنى قىسىپ، قوشۇپ قويدى، — سىزگە ئەڭ ياخشى ئۆكۆزلەرنى بېرىمىز، ھارۋىنى بىر تۇل ياش چوكان ھەيدەيدۇ... بىزنىڭ بۇ يەردە شۇنداق بىر جاننىڭ ئاپتى باركى، بۇنىڭدىن ئارتۇقى ئۇخلىسىڭىز چۈشىڭىزگە كىرمەيدۇ! بۇنىڭ بىلەن يول يۈرسىڭىز ئۆيىڭىزگە قانداق بېرىپ قالغانلىقىڭىزنى تۇيماي قالىسىز. مەنمۇ ئەسكەرلىكتە بولغان — مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەربىيلەر موھتاج بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن...

گرىگورىي ئۈنچىقماستىن كاللىسىدا ئويلاپ كۆردى: يول ئۈستىدە ھارۋا كۈتۈش — ئەخمەقلىق، پىيادە مېڭىشقا يول يىراق. ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇل دەپ، كالا ھارۋىسى بىلەن بولسىمۇ يۈرۈپ كېتىش كېرەك.

بىر سائەتتىن كېيىن ھارۋا كەلدى. ھارۋا بەك كونا بولۇپ چاقلىرى غىچىرلايتتى، شوتىسىنىڭ ئارقا بالداقلىرى سۇنۇپ تۈگىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىپەرۋالىق بىلەن بېسىلغان نەچچە باغلام ئوت ھارۋىدىن چۇۋۇلۇپ ساڭگىلاپ تۇراتتى.

ئۇرۇشا - ئۇرۇشا مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالغان ئىكەنمىز - دە! دەپ ئويلىدى گرىگورىي ئەبجىقى چىققان ئەسكى ھارۋىغا يىرگىنىش بىلەن قاراپ. ئايال ھارۋىكەش قامچىسىنى شىلتىپ، ئۆكۈز بىلەن ياندىشىپ ماڭغانىدى. ئۇ ھەقىقەتەن قەددى - قامىتى كېلىشكەن ناھايىتى چىرايلىق ئايال ئىكەن. ئەمما بوي - تۇرقىغا ماس كەلمىگەن يوغان ئەمچەكلىرى قەددىنى بىرئاز بۇزۇپ تۇراتتى، يۇمىلاق ئىڭىكىدىكى قىيپاش تارتۇقى چىرايىنى گويا بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتكەندەك يامان قىياپەتكە كىرگۈزۈپ قويغان ھەمدە قاڭشىرىدىكى تېرىقتەك ئۇششاق ئالتۇنسىمان سەپكىل ياپياش، قىپقىزىل يۈزىنى قېرى چىراي قىلىپ قويغان.

ئايال روماللىنى تۈزەپ، كۆزلىرىنى قىسىپ، گرىگورىيغا دىققەت بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن سورىدى:

— ئاپىرىدىغان ئادەم سەنمۇ؟

گرىگورىي پەلەمپەيدىن تۇرۇپ، شىنېلىنىڭ ئالدىنى ئەتتى.

— مەن. سىمنى ھارۋىغا باستىڭمۇ؟

— ماڭا قارغىش تېگىپتىمۇ ئۇلارنىڭ يۈكىنى باسىدىغانغا؟ — دەپ چاڭقىلداپ كەتتى كازاك ئايال، — ھەركۈنى ھارۋا ھەيدە، ھەركۈنى ئىش - ئەمگەك! ئۇلارغا مېنىڭ جېنىم تۆمۈرمىكەن؟ سىمنى ئۆزلىرى باسار، باسمىسا مەيلى — ھارۋىنى بوش ھەيدەپ كېتىۋېرىمەن!

ئۇ نەچچە ئورام سىمنى سۆرەپ كېلىپ ھارۋىغا باستى، رەئىس بىلەن ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈپ، ئەمما بەكمۇ ئاچچىقلانماي تىللىشىپ قويدى، ئاندا - ساندا گرىگورىيغا سىناق نەزەرى بىلەن قىيا قاراپ قويدى. رەئىس تۇل چوكانغا سەمىمىي زوقلىنىش بىلەن قاراپ، دائىم كۈلۈپ تۇراتتى. بەزىدە: كۆردۈڭمۇ، بىزدە مانا شۇنداق ئاياللار بار! سەن ئىشەنمىگەنىدىڭ!

دېگەندەك قىلىپ گرىگورىيغا كۆزىنى قىسىپ قوياتتى.

يېزىدىن چىققاندا خازان بولغان قوڭۇر كۈزگى دالا يىراقتىن — يىراققا سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇدىگەرلىكتىن كۆكۈچ تۈتۈن يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۆملەپ كېلىۋاتاتتى. يەر تېرىغۇچىلار قۇرۇپ قالغان ياۋا ئوت - چۆپلەرنى كۆيدۈرۈۋاتاتتى. ئاچچىق ئىس - تۈتۈن گرىگورىيدا مۇڭلۇق خاتىرىلەرنى ئويغاتتى: بىر چاغلاردا گرىگورىيمۇ قاقاس دالادا كۈزگى شۇدىگەر ھەيدىگەن. كېچىلىرى يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان قاپقاراڭغۇ ئاسمانغا تالاي قېتىم كۆز تىككەن، كۆكنىڭ قەرىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان توپ - توپ غازلارنىڭ قاقىرلاشلىرىغا قۇلاق سالغانىدى... ئۇ بىئارام بولۇپ چۆپنىڭ ئۈستىدە تولغىنىپ ياتاتتى، يان تەرەپتىن، ھارۋا ھەيدىگۈچى ئايالغا كۆز سېلىپ قوياتتى.

— قانچە ياشقا كىردىڭ، كېلىنچەك؟

— ئاتمىشقا كىرەي دەپ قالدىم، — دەپ ناز - كەرەشمە بىلەن جاۋاب بەردى ئايال كۆزلىرى بىلەنلا كۈلۈمسىرەپ.

— ياق، چاقچىقىڭنى قوي.

— يىگىرمە بىر.

— ياپياش تۇرۇقلۇق تۇل بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— ھە، تۇلمەن.

— ئېرىڭنى قەيەرگە ئەۋەتىۋەتتىڭ؟

— ئۆلتۈرۈشتى.

— ئۇزاق بولدىمۇ؟

— بىر يىلدىن ئاشتى.

— قوزغىلاڭ ۋاقتىدىمۇ؟

— قوزغىلاڭدىن كېيىن، كۈز كىرىش ئالدىدا.

— خوپ، تۇرمۇشۇڭ قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ؟

— بىر ئاماللاپ ئۆتۈۋاتىمەن.

— زېرىكىشلىكتۇ؟

ئايال گرىگورىيغا سىنچىلاپ قارىدى - دە، كۆلكىسىنى يوشۇرۇپ، روملىنىنى لەۋلىرىنىڭ ئۈستىگە سۈرۈپ قويدى. ئۇ سۆزلىگەندە ئاۋازى غۇۋا چىقتى، ئۇنىڭ ئاھاڭىدا قانداقتۇر يېڭى ئۆزگىچىلىك پەيدا بولدى:

— ئىش - ئەمگەكتە زېرىكىشكە ۋاقىت نەدە؟

— ئەرسىز ئايال زېرىكمەمدۇ؟

— قېيىن ئانام بىلەن بىللە تۇرىمەن، ئائىلىمىزدە ئىش كۆپ.

ئايال يۈزىنى گرىگورىيغا بۇرىدى. ئۇنىڭ قارىقۇمچاق ياڭاقلىرىدا قىزىللىق جىلۋىلەندى، كۆزلىرىدە سارغۇچ ئۇچقۇن پەيدا بولۇپ، شۇ هامان ئۆچتى.

— سەن نېمە توغرۇلۇق دەۋاتىسەن؟

— خۇددى شۇ توغرۇلۇق.

ئايال لەۋلىرىدىن روملىنى تارتىپ قويدى - دە، سوزۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— هەي، بۇ دۆلەتمۇ يېتەرلىك! ئالەمدە ياخشى كىشىلەر قۇرۇپ قاپتۇمۇ...، — سەل توختاپ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — مەن ئېرىم بىلەن تېخى رەپىقە بولۇشنىڭ تەمىنى تېتىپ ئۈلگۈرمىگەنىدىم. بار - يوقى بىر ئاي بىللە ئۆتتۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئەسكەرلىككە ئەكەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ بىر ئامال-لاپ كۈنۈمنى ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. هازىر خېلى يېنىكلىشىپ قالدىم، ياش كازاكلار يېزىغا قايتىپ كېلىشتى، ئۇنداق بولمىغاندا تەس ئىدى. چۇ، هەي، قاشقا! چۇ، تېزرەك ماڭ! مانا شۇنداق، جەڭ-چى يىگىت! مېنىڭ تۇرمۇشۇم ئاشۇنداق.

گرىگورىي ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭغا بۇنداق كىنايىلىك ئاھاڭدا سۆزلىشىشنىڭمۇ كېرىكى يوق ئىدى. ئۆزىمۇ بۇ توغرۇ-لۇق گەپ ئاچقىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى.

يوغان سېمىز ئۆكۈزلەر هامان بىر قېلىپتا ئارانلا سۆرۈلۈپ ماڭاتتى. بىر ئۆكۈزنىڭ ئوڭ مۈڭگۈزى بىر زاماندا سۇنۇپ كەتكەن بولۇپ، ماڭلىيىغا قاراپ قىڭغىر ئۆسكەنىدى. گرىگورىي هارۋا ئۈستىدە جەينىكىگە يۆلىنىپ، كۆزلىرىنى سەل يۇمۇپ ياتاتتى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ۋە كېيىنرەك يېشى چوڭايغان مەزگىلدە ئىشقا سالغان ئۆكۈزلەرنى ئېسىگە چۈشۈرۈشكە باشلىدى. بۇ ئۆكۈزلەرنىڭ رەڭگى، بويى تۇرقى، مىجەز - خۇلقى ئوخشاش ئەمەس ئىدى، هەتتا هەرقايسىسىنىڭ مۈڭگۈزى ئۆزگىچە شەكىلدە ئىدى. بىر زاماندا مېلېخوفلارنىڭ ئائىلىسىدىمۇ ئەنە شۇنداق مۈڭگۈزى يان تەرەپكە قىيسىيىپ قالغان مېيىپ بىر ئۆكۈز بار ئىدى. بۇ ئۆكۈز ياۋۇز هەم هەييار ئىدى، ئادەمگە قىپقىزىل قان سىزىقلىرى قاپلىغان كۆز ئېقى بىلەن قىيا قارايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ قېشىغا ئارقا تەرەپتىن كەلسە تېپىشكە ئۇرۇناتتى، هەمىشە ئىشنىڭ ئالدىراش پەيتىدە، كېچىسى ئوتلىۋالسۇن دەپ ئوتلاققا قويۇپ بەرگەندە ئۆيگە قاچاتتى ياكى — تېخىمۇ يامانراقى — ئورماننىڭ ئىچىگە ياكى بولمىسا يىراقتىكى سايلارغا يوشۇرۇنۇۋالاتتى، گرىگورىي پات - پات ئاتقا مىنىپ، دالا ئىچىنى كۈن - كۈنلەپ كېزىپ، ئۇنى ئىزدەيتتى، بۇ ئۆكۈز ئەمدى تېپىلمايدۇ، دەپ ئۈمىد ئۈزگەندە، تۇيۇقسىز بىر جىرانىڭ تۈۋىدە قويۇق ئۆسكەن تىكەنلىك تاغالچە دەرەخزارلىقى ئارىسىدىن ياكى شاخلىرى باراقسان قېرى ياۋا ئالمىنىڭ سايىسىدىن تېپىۋالاتتى. بۇ بىر مۈڭگۈزلۈك شەيتان باشبېغىنى قانداق چىقىرىپ تاشلاشنىمۇ بىلەتتى، كېچىسى ئېغىلنىڭ ئىشىكىدىكى چىگىكنى مۈڭگۈزى بىلەن يېشىپ تاشلاپ، تالاغا بوشىنىپ چىقاتتى - دە، دوندىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، ئوتلاقنى كېزىپ يۈرەتتى. بۇ ئۆكۈز ئۆزۋاقتىدا گرىگورىيغا نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىك ۋە خاپىچىلىق تېپىپ بەرگەن...

— مۇنۇ مۈڭگۈزى سۇنغان ئۆكۈز ياۋاشمۇ — قانداق؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي.

— ياۋاش. ھە، قانداق؟

— مۇنداقلا سوراپ قويدۇم.

— باشقا دەيدىغان گەپ بولمىسا، «مۇنداقلا» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى، — دېدى ھارۋىكەش ئايال كۈلۈمسىرەپ.

گرىگورىي گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭغا ئۆتمۈشنى، تىنچ ھاياتنى، ئىش - ئەمگەكنى، ئۇرۇشقا تەئەللۇق بولمىغان بارلىق ئىشلارنى ئويلاش كۆڭۈللۈك ئىدى، چۈنكى بۇ يەتتە يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇش ئۇنى ئىنتايىن تويدۇرۇۋەتكەنىدى، ئۇرۇشنى ئويلىسىلا ياكى ھەربىي خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك كىچىككىنە بىر ئىشنى ئويلىسىلا يۈرىكى ئاغرىغانلىقىنى ۋە ئىچى تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

ئۇ ئۇرۇشۇپ بولدى، شۇ ئۇرۇشقىنىمۇ يېتەر، ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمدىلىكتە ئىگىلىك ئىشىغا كىرىشمەكچى، باللىرى بىلەن، ئاكسىنىيە بىلەن بىللە ئۆتمەكچى. ئۇ فرونتتىكى چاغدىلا ئاكسىنىيىنى ئۆيگە ئەكىرىۋېلىپ باللارغا قاراتقۇزىمەن، ئۇنى قېشىمدا تۇرغۇزىمەن دەپ قەتئىي قارارغا كەلگەنىدى. بۇ ئىشنى باشقا ئاچقىش كېرەك، قانچىلىك تېز بولسا، شۇنچە ياخشى.

گرىگورىي ئۆيدە شىنېل بىلەن ئۆتۈكنى سېلىپ تاشلاپ، پۇتىغا چوڭ چورۇق كىيىشنى، كازاكلارنىڭ ئادىتى بويىچە، شالۋۇرنىڭ پۇچقىقىنى ئاق يۇڭ پايپاقنىڭ ئىچىگە تىقىپ، ئىللىق كەمزۇلنىڭ ئۈستىگە ماتاچەكمەننى يېپىنىپ، ئېتىزغا چىقىشنى ھۇزۇرلىنىپ خىيالىدىن ئۆتكۈزەتتى. ساپاننىڭ تۇتقۇچىدىن تۇتۇپ، نەم يول - يول تاپ بويلاپ قوشنىڭ ئارقىسـ

دىن مېڭىش، تالقانلانغان تۇپراقنىڭ چۈچۈمەل پۇرىقىنى،
يىلتىزى كېسىلگەن چۆپلەرنىڭ ئۆتكۈر ھىدىنى چاڭقاقلىق بىلەن
پۇراش قانداق راھەت. يات يۇرتتا تۇپراقنىڭمۇ، ئوت-چۆپ-
نىڭمۇ پۇرىقى باشقىچە پۇرايدۇ. ئۇ پولشىدا، ئوكرايىنادا ۋە
قىرىمدا تالاي قېتىم كۆك شىۋاقنىڭ شېخىنى ئالقىنىدا ئېزىپ
پۇراپ بېقىپ، غەمكىنلىك بىلەن ئويلاپ كېتەتتى: «ياق، بۇ
بىزنىڭكىدەك ئەمەس، بۇنىڭ پۇرىقى يات...»

ئەمما ھارۋا ھەيدىگەن ئايال بەك زېرىككەنىدى. ئۇ-
نىڭ سۆزلىشىپ ماڭغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئۆكۈزلەرنى ھەيدەشنى
تاشلاپ قويۇپ، ئەپلىكىرەك جايلىشىۋالدى-دە، قامچىنىڭ
تاسما پوپۇكىنى ئويناپ، گرىگورىيغا كۆز تىكىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن
زېھنىنى بىر يەرگە يىغقان يۈزىگە، تۆۋەن قارىغان كۆزلىرىگە
ئۇزاقىچە يەر ئاستىدىن قاراپ ئولتۇردى. چېچىغا ئاق كىرگەن
بولسىمۇ، ئەمما ئانچىلىك قېرىمۇ ئەمەس، ئۆزى غەلىتىرەك ئا-
دەمدەك قىلىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئايال، — دائىم كۆزلىرىنى
پۈرۈشتۈرىدۇ، نېمىشقا پۈرۈشتۈرىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭدىكى شۇنچىلىك
ھارغىنلىقنى دېمەمسەن، خۇددى يۈك بېسىلغان ھارۋىنى تارتىپ
كېتىۋاتقاندەك... ئەمما چىرايى جايىدا. پەقەت چېچىنىڭ ئېقى
كۆپ، بۇرۇتىمۇ خېلىلا ئاقارغان. ئەمما چىرايىدا گەپ يوق. ئۇ
نېمىنى ئويلايدىغاندۇ شۇنچە؟ باشتا چاقچاق باشلىغاندەك
قىلغانىدى، ئەمما كېيىن جىمىپ قالدى. نېمىشقىدۇر ئۆكۈز
توغرىلىق گەپ سورىدى. سۆزلىشىدىغان گېپى بولمىغانلىقتىنمۇ،
قانداق ياكى قورقۇۋاتقاندۇ؟ ئۇنداقمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆز-
لىرى قەتئىي. ياق، كېلىشكەن كازاك، پەقەت ئاجايىپراق. مەيلى،
ئۇنچىقماي ئولتۇرىۋەر، دۆمچەك شەيتان! سەن ماڭا بەك كېرەك
بولۇپ تۇرۇپسەن، شۇنداق بولمايچۇ! ئۇنچىقماسلىقىنى مەن

ئۆزۈممۇ بىلمەن! سەن ئايالىڭنىڭ قېشىغا يېتىپ بارالماي
تاقىتىڭ تاق بولۇۋاتىدۇ. بوپتۇ، سۆزلىمىسەڭ سۆزلىمە، يولۇڭ
بولسۇن!

ئۇ هارۋىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ، ئاستا ناخشا ئېيتىشـ
قا كىرىشتى.

گرىگورىي بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈنگە قارىدى. كۈن تېخى
خېلىلا بالدۇر ئىدى. يول ياقىسىدا قاپقىنى سېلىپ قاراۋۇلـ
لۇق قىلىپ تۇرغان بۇلتۇرقى چەغانىنىڭ سايىسى يېرىم چامدام
يەرگە چۈشۈپ تۇراتتى؛ ۋاقىت، ئېهتىمال، چۈشتىن كېيىن
سائەت ئىككىدىن ئاشمىغان بولۇشى مۇمكىن.

دالا گويا سېهىرلەنگەندەك جىمجىت سۈكۈنات ئىچىدە ياتاتـ
تى. ئاپتاپ ئانچە قىزىتمايتتى. سارغىيىپ خازاڭ بولغان ئوت -
چۆپلەرنى مەيىن شامال ئۈنسىز شىلدىرلىتىپ ئۆتەتتى. ئەتراپتا
نە قۇشلارنىڭ ئاۋازى، نە دالا چاشقىنىنىڭ ئىسقىرتىشى
ئاڭلانمايتتى. سالقىن سۇر ئاسماندا سار بىلەن بۈركۈت پەرۋاز
قىلمايتتى. پەقەت بىر قېتىملا قوڭۇر كۆلەڭگە يولنى سىيپىلاپ
كېسىپ ئۆتتى - دە، گرىگورىي بېشىنى كۆتۈرمەستىنلا چوڭ -
چوڭ قاناتلارنىڭ سالماقلىق قېقىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى:
قاناتلىرىنىڭ ئاق پەرلىرى كۈن نۇرىدا كۈمۈشتەك پارقىراپ
تۇرغان بىر دانە سۇر ياۋا غاز ئۇچۇپ ئۆتتى - دە، يىراقتىكى
كونا قەدىمىي قورغاننىڭ يېنىغا بېرىپ قوندى، ئۇ يەردىكى
كۈن نۇرى چۈشمىگەن ئورمانلىقنىڭ بىر چېتى ئۇزاقتىن كۆرۈـ
نۈپ تۇرغان بىنەپشە ئۇيۇق بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى. ئىلگىـ
رى گرىگورىي دالادا كىشىنى مۇڭغا سالىدىغان مۇنداق چوڭقۇر
سۈكۈناتنى پەقەت كەچ كۈزدىلا بايقايدىغانىدى، ئۇ چاغلاردا
گرىگورىيغا شامال هەيدەپ ماڭغان قامغاقلار خازاڭ بولغان
ئوت - چۆپ، گىياهلارنىڭ ئۈستىدىن يۇملاپ، دالانى كېسىپ ئۆتۈپ

بارغانسېرى يېراقلاپ، شىلدىرلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

يولنىڭ ھېچ ئايغى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئېگىز ئېدىر بويلاپ ئەگرى - بۈگرى بۇرۇلۇپ سايغا چۈشەتتى، ئۇ يەردىن يەنە ئې- دىرنىڭ قىرىغا ئۆرلەيتتى، ئەتراپتىكى ھەممە يەردە يەنىلا كۆز يەتمەس قاقاس دالا سوزۇلۇپ كەتكەن.

گرىگورىي جىرانىڭ يانباغرىدا ئۆسكەن قارا زاراڭ دە- رەخلىرىنىڭ غولىغا قىزىقىپ قارايتتى. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئۈششۈك تەگكەن ياپراقلىرى، خۇددى ئۆچۈپ كېتىۋاتقان گۈلخانىنىڭ كۈل سېپىلگەن كۆمۈرىدەك يالقۇنجاپ تۇراتتى.

— ئېتىڭ نېمە، تاغا؟ — دەپ سورىدى ھارۋىكەش ئايال قامچىسىنىڭ دەستىسىنى ئاستا گرىگورىينىڭ مۈرىسىگە تەگكۈزۈپ.

گرىگورىي چۆچۈپ، ئايالغا قايرىلدى. ئايال بىرچەتكە قاراپ تۇراتتى.

— ئېتىم گرىگورىي. سېنىڭچۇ؟

— مېنىڭ ئېتىم نامەلۇم شەخس.

— ئۇنچىقماي ماڭساڭمۇ بولاتتى، نامەلۇم شەخس.

— ئۇنچىقماسلىقتىن جاق تويدۇم! يېرىم كۈن بولدى مەن گەپ ئاچمىغىلى. تامىقىم قۇرۇپ كەتتى. سەن نېمىشقا مۇنداق خۇش ئەمەس، گرىشا تاغا؟

— مەن نېمىدىن خۇشال بولاتتىم؟

— ئۆيۈڭگە كېتىۋاتىسەن، كەيپىڭ خۇش بولۇش كېرەك.

— مېنىڭ خۇشال بولىدىغان يىللىرىم ئۆتۈپ كەتتى.

— مانا قاراڭ. قېرى ئادەم چىقىپ قالدىغۇ. نېمىشقا ياش تۇرۇپ، چېچىڭ ئاقىرىپ كەتتى؟

— سەن بۇ ئىشنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىلىۋالاي دەمسەن... خوپ، چېچىمنىڭ ئاقارغانلىقى ياخشى تۇرمۇش كە-

چۆرگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك.
— سەن ئۆيلەنگەنمۇ، گرىشا تاغا؟
— ئايالىم بار. ساڭىمۇ تېزرەك تۇرمۇشقا چىقىش كېرەك، نامەلۇم شەخس.
— نېمىشقا تېزرەك چىقىش كېرەك؟
— چۈنكى سەن ئويۇنچىراق ئىكەنسەن...
— بۇنداق بولۇش يامان ئىشمىكەن؟
— بەزىدە يامانمۇ بولۇپ قالىدۇ. مەن بىر ئويۇنچى ئايالنى بىلەتتىم، ئۇمۇ تۇل ئىدى، ئوينىدى - ئوينىدى، كېيىن بارا - بارا بۇرنى يەمىرىلىپ، ئولتۇرۇشقا باشلىدى...
— ۋاي خۇدايىمەي، نېمىدېگەن دەھشەت! — ئۇ چاقچاق ئارىلاش ئۆزىنى چۆچۈگەنگە سالدى، ئەمما دەرھال جىددىي قىياپەتتە قوشۇپ قويدى، — بىز تۇل ئاياللارنىڭ ئىشى مۇنداق: بۆرىدىن قورقساڭ — ئورمان ئىچىگە كىرمە.
گرىگورىي ئايالغا يالت قىلىپ قاراپ قويدى. ئايال ئاپئاق ئۇششاق چىشلىرىنى ھىملەپ، ھىجىيىپ قويدى. قايرىلىپ تۇرغان يۇقىرى كالپۇكى تىترەپ تۇراتتى، چالا يۇمۇلغان كىرپىكلىرىنىڭ ئاستىدىن كۆزلىرى شوخلۇق بىلەن چاقنايتتى. گرىگورىي ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى - دە، قولىنى ئايالنىڭ يۇمىلاق ئىللىق تىزى ئۈستىگە قويدى.
— سەن بىتەلەي، شۇم پېشانە ئايال ئىكەنسەن، نامەلۇم شەخس! — دېدى ئۇ ئىچ ئاغرىتىپ، — 20 ياشقا كىرىپسەنمۇ — تۇرمۇش سېنى مۇشۇ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.
بىردەمدە ئايالنىڭ بايىقى خۇشاللىقىدىن ھېچ ئەسەر قالمىدى. ئۇ ئاچچىقى بىلەن گرىگورىينىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، قاپىقىنى تۈردى، شۇنداق قىزىرىپ كەتتىكى، قاڭشىرىدىكى زىغىرلىرىدەك سەپكۈن يوقىلىپ كەتتى.

— سەن ئۆيۈڭگە بارغاندا، خوتۇنۇڭغا ئىچ ئاغرىت، سەن بولمىساڭمۇ، ماڭا ئىچ ئاغرىتىدىغانلار ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ!

— ۋوي - ۋوي، ئاچچىقلانما، توختاپ تۇر!

— ماڭ - ماڭ، ئۆزۈڭغا چىق!

— مەن ساڭا بۇ گەپنى كۆيۈنۈپ ئېيتقانىدىم.

— سەن ئۆزۈڭنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىڭنى نەگە ئېلىپ بارساڭ بارغىن...، — ئايال تازا بابلاپ ئەركىشىگە خاس تىل بىلەن سۆكتى، قاراڭغۇلاشقان كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

گرىگورىي قاشلىرىنى چىمىرىپ، خىجىللىق ئىچىدە تامىقىنى قىرىپ قويدى.

— سەن يامان تىل بىلەن تىللىۋالدىڭ، ھېچ گەپ يوق! سەن نېمىدېگەن يۈگەنسىز.

— سەنچۇ؟ سەن پىت باسقان شىنېل ئىچىدىكى ئەۋلىيا — مانا شۇنچىلىكلا ئادەمسەن! ئەرگە چىق، ئۇنداق قىل، بۇنداق قىل دەيسەن، سېنىڭ تەقۋادار بولۇپ قالغانلىقىڭغا ئۇزاق بولدىمۇ؟

— ياق، يېقىندا، دېدى گرىگورىي كۈلۈپ.

— ئۇنداق بولسا، نېمىشقا ماڭا ۋەز - نەسىھەت ئوقۇيسەن؟ بۇ ئىشقا مېنىڭ قېيىن ئانام بار.

— خوپ، بولدى ئەمدى، نېمىشقا ئاچچىقلىنىسەن، ئەخمەق ئايال؟ مەن ساڭا بۇ گەپلەرنى مۇنداقلا ئېيتىپ قويغانىدىم، — دېدى گرىگورىي يارىشىش ئاھاڭىدا، — قارا ئەنە، بىز گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆكۈزلەر يولدىن چىقىپ كەتتى.

گرىگورىي ھارۋىغا ئوبدانراق جايلىشىۋېلىپ خۇش چاقچاق تۇل ئايالغا يالت قىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مونچاقتەك ياش تامچىلىرى تىزىلغانلىقىنى كۆردى. مۇنۇ

دەردىسىنى قارا! خوتۇن خەق دېگەن ھەممىشە مۇشۇنداق بولىدۇ... دەپ ئويلىدى ئۇ، كۆڭلىدە بىر ئوڭايسىزلىق ۋە ئۆكۈنۈش پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ.

كۆپ ئۆتمەي ئۇ ئوڭدىسىغا يېتىپ، شىنېلىنىڭ ياقىسى بىلەن يۈزىنى پۈركەپ، ئۇخلاپ قالدى ـ دە، گۇگۇم چۈشكەندىلا ئويغاندى. ئاسماندا كەچكى نۇرسىز يۇلتۇزلار چاراقلايتتى، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ھىدى كىشىگە ھۇزۇر ۋە شادلىق بېغىشلايتتى.

— ئۆكۈزلەرگە يەم ـ خەشەك بېرىش كېرەك، — دېدى ئايال.

— خوپ، ئۇنداق بولسا توختايلى.

ئۆكۈزلەرنى گرىگورىي ئۆزى هارۋىدىن چىقاردى. ئوزۇق ـ تۈلۈك خالتىسىدىن بىر قۇتا گۆش كونسېرۋاسى بىلەن نان ئالدى، ئۇنى سۇندۇردى، بىر قۇچاق قوراي ئەكىلىپ، هارۋىغا يېقىن يەردە ئوت ياقتى.

— قېنى، ئولتۇر، نامەلۇم شەخس، كەچكى تاماق يەيلى، ئاچچىقىڭنى بەس قىل.

ئايال ئوتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇنچىقماستىن خالتىسىدىن نان، بىر كېسەك كۆكىرىپ كەتكەن چوشقا مېيىنى ئالدى. تاماق ئۈستىدە ئىككىيلەن ئاز ۋە ئىناق سۆزلەشتى، ئۇنىدىن كېيىن ئايال هارۋىنىڭ ئۈستىدە ياتتى، گرىگورىي ئوت ئۆچۈپ قالمىسۇن دەپ ئۈستىگە بىرنەچچە كۇمىلاچ قۇرۇق كالا تېزىكى تاشلىدى ـ دە، ھەربىي سەپەر ئادىتى بويىچە ئوتنىڭ يېنىغا جايلاشتى. دالا سومكىسىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئۇزاق ۋاقىت ياتتى، يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان ئاسمانغا قاراپ، بالىلىرى توغرۇلۇق، ئاكسىنيە توغرۇلۇق پايىمۇپاي خىيال سۈردى، ئۇنىدىن كېيىن كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغانىدى، ئەمما ئاستا چىققان ئايال ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى:

— ئۇخلاپ قالدىڭمۇ، نېمە، ھەربىي كىشى؟ ئۇخلىمىدىڭمۇ — يوقمۇ؟

گرىگورىي بېشىنى كۆتۈردى. ھەمراھ ئايال جەينىكىگە يۆلىنىپ ھارۋىدىن چۈشۈۋاتقانىكەن. يۈزىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئوتنىڭ يورۇقىدا قىپقىزىل ھەم ياپپاش كۆرۈنەتتى، چىشلىرى سەدەپتەك ۋاللىدايتتى، رومىلىنىڭ تور جىيەكى ئاقىرىپ تۇراتتى. ئايال گويا ئۆز ئارىلىرىدا ھېچبىر گەپ تالىشىش بولمىغاندەك، يېڭىباشتىن كۈلۈمسىرەپ، قاشلىرىنى سۈزۈپ، سۆزگە كىرىشتى:

— سېنى ئۇ يەردە توڭلاپ قالارمىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن، يەر سوغۇق. بەك مۇزلاپ كېتىدىغان بولساڭ — مېنىڭ قېشىمغا كەل. مېنىڭ جۇۋام ئىللىق، شۇنداق راھەت! كېلەمسەن؟

گرىگورىي بىردەم ئويلىنىپ، خۇرسىنىش بىلەن جاۋاب بەردى:

— رەھمەت، كېلىنچەك، بارغۇم يوق. بىر - ئىككى يىل بۇرۇن بولسىمۇ، بىر گەپ ئىدى... ئوتنىڭ يېنىدا توڭلىماسمەن.

ئايالمۇ خۇرسىندى.

— بوپتۇ، مەيلىڭ، — دېدى - دە، بېشىنى جۇۋىسى بىلەن يۆركۈۋالدى.

بىرئازدىن كېيىن گرىگورىي قوپۇپ كەتتى، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى. ئۇ تاڭ ئاتقۇچە تاتارسكىغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن پىيادە مېڭىش قارارىغا كەلدى. ھەربىي خىزمەتتىن قايتقان كوماندىرغا كۈپكۈندۈزدە كالا ھارۋىسى بىلەن مېڭىش ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. مۇنداق قايتىپ كېلىش بىرمۇنچە مازاق، گەپ - سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولاتتى...

ئۇ ھارۋىكەش ئايالنى ئويغاتتى،

— مەن پىيادە كېتىمەن. چۆلدە يالغۇز قالساڭ قورقـ
مامسەن؟

— ياق، مەن ئۇنداق قورققاقلاردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈسـ
تىگە ئەنە يېزىمۇ يېقىنلا يەردە تۇرۇپتۇ. خۇش، سەن كېتىشكە
بەك ئالدىراۋاتامسەن؟

— دەل تاپتىڭ. خوپ، خەير - خوش، نامەلۇم شەخس،
مېنى يامانلاپ ئەسكە ئالمىغايسەن!

گرىگورىي چوڭ يولغا چىقتى، شىنېلىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈـ
رۈۋالدى. ئۇنىڭ كىرپىكلىرىگە دەسلەپكى قار ئۇچقۇنى چۈشتى.
شامال شىمال تەرەپتىن سوقتى - دە، ئۇنىڭ سوغۇق نەپەسىدە
گرىگورىي ئۆزىگە تونۇش، يېڭى ياغقان قار ھىدىنى
سەزدى.

× ×

كوشېۋوي يېزا بازىرىغا قىلغان سەپىرىدىن كەچقۇرۇن قايـ
تىپ كەلدى. دۇناشكا ئۇنىڭ دەرۋازا قېشىغا يېقىن كېلىپ
قالغانلىقىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ، چاپسانلىق بىلەن يەلكىسىگە
روملىنى يېپىنىپ، ھويلىغا چىقتى.

— ئەتىگەن گرىشا كەلدى، — دېدى دۇناشكا يان ئۇـ
شىنى ئالدىدا، ئېرىگە تەشۋىش ۋە سەۋرسىزلىك بىلەن قاراپ.

— خۇشاللىقىڭ قۇتلۇق بولسۇن، — دەپ جاۋاب قايتۇرـ
دى مىشكا سالماقلىق بىلەن، بىرئاز مەسخىرە ئارىلاش.

ئۇ لەۋلىرىنى مەھكەم قىسىپ ئاشخانىغا كىردى.
ياڭاقلىرى ئاستىدا دانىخورەكلىرى ئويناپ كەتتى. گرىگورىينىڭ
تىزىدا پولىيوشكا ئولتۇراتتى، ئۇنى ھاممىسى پاكىز پىلاتى

كىيدۇرۇپ، ئالايىتەن ياساپ قويۇپتۇ. گرىگورىي بالىنى ئاۋاي-
لاپ يەرگە چۈشۈردى - دە، كۈلۈمسىرەپ، قارىقۇمچاق قولىنى
سوزۇپ، كۆيئوغۇلنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ مىخايىلنى قۇچاقلى-
ماقچى بولغانىدى، ئەمما مىخايىلنىڭ كۈلكىدىن ئەسەر يوق
كۆزلىرىدە سوغۇقچىلىق ۋە ئاداۋەت ئۇچقۇنىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى
تۇختىتىۋالدى.

— ھە، سالامەتمۇسەن، مىشا!

— شۈكۈر، ئۆزۈڭ سالامەتمۇ.

— ئۇزاق بولدى سەن بىلەن كۆرۈشمىگىلى! خۇددى ئارى-
دىن يۈز يىل ئۆتۈپ كەتكەندەك.

— شۇنداق، ئۇزاق بولدى... خۇش كېلىپسەن.

— رەھمەت. شۇنداق قىلىپ تۇغقان بولۇپ قالدۇقمۇ دەيمەن؟

— شۇنداق بولۇشقا توغرا كەلدى... مەڭزىڭدىكى
قانمۇ — نېمە؟

— ھە، يوقىلاڭ بىر نەرسە، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ ئۇستىرا
كېسىۋەتتى.

ئۇلار شىرە يېنىغا ئولتۇرۇپ، ئۈنچىقماستىن بىر - بىرىگە
قاراشتى، ھەر ئىككىسى ياتسىراش ۋە ئوڭايسىزلىقنى باشتىن
كەچۈرەتتى. بۇ ئىككىيلەنگە ئوبدان بىر سۆزلىشىۋېلىش كېرەك
بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىر بۇنىڭ ئىمكانىيىتى يوق
ئىدى. مىخايىل خېلى بەرداشلىق ئىدى، ئۇ سالماقلىق بىلەن
ئائىلە ئىگىلىكى توغرۇلۇق، يېزىدا بولغان ئۆزگىرىشلەر توغرۇلۇق
سۆزلەپ بەردى.

گرىگورىي دېرىزىدىن دەسلەپكى كۆكۈچ قار قاپلىغان
يەرگە، يالىڭاچلىنىپ قالغان ئالما شاخلىرىغا كۆز تىككەتتى. ئۇ
مىخايىل بىلەن مۇنداق ئۇچرىشىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى...

كۆپ ئۆتمەي مىخايىل چىقىپ كەتتى. دەھلىزدە ئۇ پىچاق-

نى زېھنىي بىلەن بىلەپ تۇرۇپ دۇناشكىغا مۇنداق دېدى:

— توقلا سويۇشقا بىرىنى چاقىرايمىكىن دەيمەن. خوجايىننى ئوبدانىراق مېھمان قىلىش كېرەك. ساموگون ئەكەلسەڭچۇ. توختاپ تۇر. مۇنداق قىل: پروخورنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېيتقىن. ئىلاج قىلىپ بىر يەردىن ساموگون تاپسۇن. بۇ ئىشنى بېجىرىشكە ئۇ سەندىن كۆرە ياخشىراق. ئۆزىنى كەچكى تاماققا چاقىرىپ قوي.

دۇناشكىنىڭ يۈزى خۇشاللىقتىن يورۇشۇپ كەتتى. ئىچىدە مىننەتدار بولۇپ، ئىنىگە قاراپ قويدى... بەلكى، ھەممە ئىش ياخشىلىق بىلەن ئۆتەر... مانا، ئۇرۇشمۇ تۈگىدى، ئۇلارنىڭ يەنە تالىشىدىغان نېمىسى بار؟ ئالىلا تائالا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسۇن! ئۇ كۆڭلىدە شۇنى ئۈمىد قىلاتتى پروخورنىڭكىگە كېتىۋېتىپ.

يېرىم سائەتكە قالماي پروخور ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى.

— گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ!... قەدىردانىم!... سېنى كۆرۈشكە نېسىپ بولاردەپ زادىلا ئويلىمىغانىدىم!...، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ يىغلامسىرىغان ئاۋاز بىلەن، بوسۇغىغا پۇتلىشىپ كېتىپ، بىر چېلەك ساموگون سىغىدىغان كوزىنى سۇندۇرۇۋېتىشكە تاس قالدى.

ئۇ گرىگورىينى قۇچاقلاپ، پىخىلداپ يىغلاشقا باشلىدى، مۇشتى بىلەن كۆزلىرىنى ئېرتتى، ياش ھۆل قىلىۋەتكەن بۇرۇتىنى سىيلىدى، گرىگورىينىڭمۇ تامىقى تىترەشكە باشلىغانىدى، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، پەرىشان ھالدا سادىق چاپارمىنىنىڭ ئۇچىسىنى قوپاللىق بىلەن قېقىپ قويدى، ئاندىن پايىمۇ پاي سۆزلەپ كەتتى:

— مانا، بىز دىدار كۆرۈشتۇق... سېنى كۆرگىنىمگە خۇشالمەن، پروخور، ئىنتايىن خۇشالمەن! بۇ نېمە قىلغىنىڭ، چال،

ياش ئاققۇزۇپ نېمە قىلىسەن؟ سەۋر كاساڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەنمۇ؟ ۋىنتاڭ بوشاپ كەتتىمۇ؟ قولۇڭ قانداق؟ يەنە بىر قولۇڭنى خوتۇنۇڭ ئىشتىن چىقارمىغانىدۇ؟

پروخور قاتتىق بۇرنىنى قېقىپ قويۇپ، كالتا جۇۋىسىنى سالدى.

— بىز خوتۇن بىلەن هازىر ئىناق ياشايمىز، خۇددى كەپتەردەك. ئىككىنچى قولۇم، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ساق، هېلىقى ئاق پولەكلەر ئۈزۈپ تاشلىغان قولۇم ئۆسۈشكە باشلىدى، خۇدا هەققى! بىر يىلدىن كېيىن ئۈستىدە بارماق پەيدا بولىدۇ، — ئۇ ئۆزىگە خاس خۇش چاقچاقلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى بوپبوش يېڭىنى سىلكىپ قويۇپ.

ئۇرۇش ئۇلارنى چىن هېس - تۇيغۇلىرىنى كۈلكە بىلەن يوشۇرۇشقا، خۇددى نانغا تۇز قوشقاندەك، گەپ - سۆزلىرىنى چاقچاق بىلەن شېرىن قىلىشقا ئۆگەتكەنىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كرىگورىي ئەنە شۇ چاقچاق روهىدا گەپ - سۆز سوراشنى داۋاملاشتۇردى:

— تۇرمۇشۇڭ قانداق؟ قېرى ئۆچكە؟ قانداقراق سەكرەپ يۈرىسەن؟

— قېرىلارغا خاس، ئالدىرىماي سەكرەپ يۈرىمەن.

— مەنىسىز يەنە بىرەر نېمە تېپىۋالدىڭمۇ؟

— نېمىنى دەيسەن؟

— هېلىقى، ئۆتكەن يىلى ئېلىپ يۈرگەن بۇلبۇلنى...

— پانتېلېيېۋىچ، خۇدا ساقلىسۇن! هازىر ماڭا مۇنداق هەشەمەتنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ يەنە كېلىپ مەندەك بىر قولى چولاق ئادەمدىن قانداق تاپارمەن چىقسۇن؟ بۇ — ساڭا ئوخشاش ياش، بويتاق ئادەمنىڭ ئىشى... ئەمدى ئۆزۈمنىڭ تاپقان - تەرگىنىمنى خوتۇنۇمنىڭ تاۋىسىنى مايلاشقا بېرىدىغان

ۋاقتىم يەتتى...

كۆرۈشكەنلىكىگە شادىمان بولغان بۇ ئىككى كونا ئاكوپداش-
لار كۆلگەن چىھرە بىلەن بىر - بىرلىرىگە ئۇزاققىچە قاراشتى.

— پۈتۈنلەي قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى پروخور.

— پۈتۈنلەي. ئۈزۈل - كېسىل.

— قانداق دەرىجىگە ئېرىشكىچە خىزمەت قىلدىڭ؟

— پولك كوماندىرىنىڭ ياردەمچىسى بولدۇم.

— نېمىشقا سېنى بۇنداق بالدۇر قويۇپ بېرىشتى؟

گرىگورىينىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— كېرەك بولماي قالدىم.

— نېمە سەۋەبتىن؟

— بىلمەيمەن. بۇرۇنقى ئىشلىرىم ئۈچۈن بولسا كېرەك.

— ئوفىتسېرنى تاسقايدىغان مەخسۇس بۆلۈم قارمىقىدىكى
كومىسسىيىنىڭ ئەگلىكىدىن سەن ئۆتۈپ كەتكەنسىدىڭغۇ، يەنە
قانداق تارىخىي مەسىلە بولماقچى؟

— مەسىلە ئازمۇ؟

— مىخايىل قېنى؟

— ھويلىدا. ماللارنى يىغىشتۇرۇۋاتىدۇ.

پروخور يېقىنراق كېلىپ، ئاۋازىنى پەسەيتتى:

— پلاتون رەبچىكوفنى بىر ئاي بۇرۇن ئېتىپ تاشلاشتى.

— نېمە دەۋاتىسەن؟

— خۇدا تۇرۇپتۇ!

دالاننىڭ ئىشىكى غىچىرلىدى.

— كېيىن سۆزلىشەيلى، — دەپ پىچىرلىدى پروخور، ئا-
دىن ئاۋازىنى قاتتىقراق چىقىرىپ، — شۇنداق قىلىپ، يولداش
كوماندىر، مۇنداق زور خۇشاللىق پەيتتە ئىچىشەرمىز؟ مىخايىل-
نى قىچقىرىپ كىرەيمۇ؟

— ماڭ، چاقىر.

دۇناشكا داستىخان ھازىرلىدى. ئۇ ئاكىسىنى قانداق كۈتۈۋېلىشنى بىلمەيتتى: ئۇنىڭ تىزىنىڭ ئۈستىگە پاكىز لۆڭگە قويدى، تەخسىدىكى تۇزلانغان تارۋۇزنى يېقىنراق سۈرۈپ قويدى. ئىستاكاننى بەش مەرتە سۈرتتى... گرىگورىي دۇناشكىنىڭ ئۆزىنى «سىز» لەپ سۆزلىگەنلىكىگە كۈلۈمسىرەپ، ئۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

داستىخان ئۈستىدە مىخايىل دەسلەپ لام - جىم دېمەي ئولتۇردى، گرىگورىينىڭ سۆزلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. ئۇ ئاز ئىچتى ھەمدە كۆڭلى تارتماي ئىچتى. ئەمما پروخور ئىستاكاننى لىق تولدۇرۇپ، ئۈستى - ئۈستىگە ئىچىپ، بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى، ھەدەپ ئاقسىرىق بۆرۈتىنى مۇشتى بىلەن سىيلاشقا باشلىدى.

دۇناشكا بالىلارنىڭ تامىقىنى بېرىپ، ئۇخلاشقا ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن شىرەگە چوڭ بىر تەخسىدە پىشۇرۇلغان قوي گۆشىنى ئەكىلىپ قويدى ۋە گرىگورىينىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئاكا، مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاكسىنىيىنى چاقىرىپ كىرەيمۇ، سىز بۇنىڭغا قارشى ئەمەسمۇسىز؟

گرىگورىي ئۈنچىقماستىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭغا پۈتۈن ئاخشام ئۆزىنىڭ جىددىي ئىنتىزارلىقتا ئولتۇرغانلىقىنى ھېچكىم سەزمىگەندەك تۇيۇلغانىدى، ئەمما دۇناشكا ھەربىر تىرىك قىلغان ئاۋاز ئاڭلانغاندا ئۇنىڭ تەشۋىشلىنىپ، ئىشىككە كۆز قىرى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھېچ نەرسە دۇناشكىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى...

— ھېلىقى كۇبانلىق تېرېشېنكو ھېلىمۇ ۋىزۋوتقا كوماندىرلىق قىلىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى پروخور خۇددى بىرى تارتىۋالىدىغاندەك ئىستاكاننى پەسكە قويماستىن.

— لۇۋفنىڭ قېشىدا ئوق تېگىپ ئۆلدى.

— شۇنداقمۇ، جايى جەننەتتە بولسۇن. ياخشى ئاتلىق ئەسكەر ئىدى! — پروخور چوقۇنۇپ قويدى - دە، كوشېۋوينىڭ زەھەرلىك كۆلكىسىنى بايقىماستىن، ئىستاكاننى ئوتلاشقا باشلىدى.

— ھېلىقى غەلىتە فامىلىسى بار بىرسىچۇ؟ ئۇنىڭ قاناتتا جەڭ قىلغاننى دەيمەن، فۇ، لەنىتى، ئىسمى نېمىتى — مايبورودامۇ، قانداق؟ بىرودا بوسۇغىسىدا پولەك ئوفىتسېرىنى چېپىپ ئىككى نىمتە قىلىپ تاشلىغانچۇ، خامسېمىز، خۇش چاقچاق ئوكرايىن، — ئۇ ھازىر ساق - سالامەتمۇ؟

— ئۇ ئايغىردەك تۇرۇپتۇ! ئۇنى پىلىموتچىلار ئىسكادرونىغا ئەكىتىشتى.

— ئېتىڭنى كىمگە تاپشۇرۇپ بەردىڭ؟

— مەندە باشقا بىر ئات بار ئىدى.

— ئاق ماكلايىنى نەگە يوقاتتىڭ؟

— سىنارەت پارچىلىرى تېگىپ ئۆلدى.

— جەڭدىمۇ؟

— بىز بىر ئوكرايىنا يېزىسىدا ئىدۇق. زەمبىرەكتىن ئوق ئېتىلىۋاتاتتى، باغلاقلىق يەردە ئۆلدى.

— ھەي، ئىست! تولىمۇ ياخشى ئات ئىدى! — پروخور بىر ئۇھ، تارتتى - دە، يەنە ئىستاكانغا ئېگىشتى.

دالاندا ئىشىكنىڭ تۆمۈر لوكىسى جىرىڭلىدى. گىرىگورىي چۆچۈپ كەتتى. ئاكسىنىيە بوسۇغىدىن ئاتلاپ، مۇجمەللا: «سالامەتمۇ سىلەر؟» — دەپ قويدى - دە، ئاران - ئاران نەپەس ئېلىپ، يوغان ئېچىلىپ، پارلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى گىرىگورىيدىن ئۈزمەستىن، روملىنى يېشىشكە باشلىدى. ئۇ شىرە تەرەپكە ئۆتۈپ، دۇناشكىنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. قاش - كىرپىكلىرىگە ۋە ئاپئاق يۈزىگە قونغان قار ئۇچقۇنلىرى ئېرىشكە باش-

لىدى. كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، يۈزىنى ئالقىنى بىلەن ئېرتتى، چوڭقۇر بىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى - دە، مانا شۇ چاغدىلا ھاياجاندىن قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى گرىگورىيغا تىكتى.

— شەپەرداش! كىسىرشا! سەن بىلەن بىرلىكتە چېكىندۇق، بىرلىكتە يەت باقتۇق... سېنى بىز كۆبىاندا تاشلاپ كەتكەن بولساقمۇ، بىزگە باشقا نېمە ئىلاج بار ئىدى؟ — پروخور شىرەگە ساموگوننى تۆكۈپ چېچىپ، ئۇنىڭغا قەدەھ سۇندى، — گرىگورىي پانتېلېيېۋىچنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچ! ئۇنىڭ ئېسەن - ئامان كەلگەنلىكىنى قۇتلا... مەن ساڭا ئۇنى ساق - سالامەت قايتىپ كېلىدۇ، دېمىدىممۇ، مانا ئۇ قايتىپ كەلدى، ئۇنى بىر سوم يىگىرمە تىيىنغا سېتىۋال! مانا ئۇ سالاپەت بىلەن ئولتۇرۇپتۇ!

— قوشنام، ئۇ يۇقىرى پەللىگە يېتىپ قالدى، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالما، — گرىگورىي كۈلۈپ، كۆز ئىشارىتى بىلەن پروخورنى كۆرسەتتى.

ئاكسىنىيە گرىگورىي بىلەن دۇناشكىغا بېشىنى ئېگىپ تازىم قىلدى - دە، شىرەدىن ئىستاكاننى ئاستىلا ئالدى. ئۇ قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كىشىلەر كۆرۈپ قالارمۇ، دەپ قورقاتتى.

— خۇش كېلىپسىز، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، دۇناشكا خۇشاللىقىڭغا مۇبارەك.

— سېنى نېمە بىلەن مۇبارەكلەيمىز؟ قايغۇ - ھەسرىتىڭ مۇبارەك بولسۇن دەمدۇق؟ — پروخور قاقاقلاپ كۈلۈپ مىخايىلنىڭ بېقىنىنى نوقۇپ قويدى.

ئاكسىنىيە قىزىرىپ كەتتى، ھەتتا قۇلىقىنىڭ كىچىككىنە مونچاقلىرى ھال رەڭ تۈس ئالدى، ئەمما پروخورغا ئاچچىقى بىلەن قاتتىق تىكىلىپ جاۋاب قايتۇردى:

— مېنىمۇ خۇشاللىق بىلەن مۇبارەكلەش كېرەك... زور

خۇشاللىق بىلەن!

مۇنداق ئۇدۇل جاۋاب پروخورنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى ۋە كۆڭلىنى يۇمشاتتى. ئۇ ئۆتۈنۈش قىلدى:

— خۇدا ھەققى، بىر تامچىسىنى قالدۇرماي ئىچىۋەتكىن. سەن سۆزنى تۈز ئېيتىشنى بىلىدىكەنسەن — ھاراقنىمۇ ئۇدۇل ئىچىشنى بىل! كىمكى ھاراقنى قالدۇرۇپ قويۇپ ئىچسە، يېرىم كىمگە ئۆتكۈر پىچاقنى سانجىغان بىلەن باراۋەر.

ئاكسىنىيە مېھماندارچىلىقتا ئۇزاق ئولتۇرمىدى، ئۇنىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا، ئەدەب - ئەخلاق رۇخسەت قىلغان ۋاقىت دائىرىسىدىلا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتتى. مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشىقىغا پەقەت بىرنەچچە قېتىملا، يەنە كېلىپ چالا - چولپا قارىۋالدى. ئۇ باشقىلارغا مەجبۇرەن قارىدى ۋە گىرىگورىينىڭ كۆزلىرىگە قاراشتىن ساقلاندى، چۈنكى ئۆزىنى بىپەرۋا قىلىپ كۆرسىتىش قولىدىن كەلمەيتتى ۋە ئۆز ئىشقىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇشنى خالىمايتتى. پەقەت ئۇنىڭ بوسۇغىدا تۇرۇپ، ئۇدۇللا ئۆز مۇھەببىتى ۋە ساداقىتىنى ئىزھار قىلغان بىر قارىشىدىلا گرىگورىي بايقاپ قالدى. ماھىيەتتە بۇ قاراشتا ھەممە گەپلەر ئېيتىلغانىدى. گرىگورىي ئاكسىنىيەنى ئۇزىتىپ قويۇشقا چىقتى. مەست بولۇپ قالغان پروخور ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توۋلاپ قالدى:

— يىراققا بارما! ھەممىسىنى ئىچىپ تۈگىتىمىز!

دەھلىزدە گرىگورىي ئۈنچىقماستىن ئاكسىنىيىنىڭ پېشانىسىدىن ۋە لەۋلىرىدىن سۆيدى - دە:

— خۇش، كىسيۇشا، ئەھۋالىڭ قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— ئوھ، قايسىبىرىنى ئېيتاي... ئەتە كىرەمسەن؟

— كىرەي.

ئاكسىنىيە ئۆيىگە ئالدىرىدى، گويا ئۇنى مۇھىم بىر ئىش

كۈتۈپ تۇرغانىدەك تېز يۈردى، پەقەت ئۆز ئۆيىنىڭ پەلەمپىيىنىڭ قېشىدىلا قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، غىچىرلاپ قالغان پەلەمپەي باسقۇچلىرىدىن ئاۋايلاپ يۇقىرىغا چىقتى. ئۇ تېزرەك تەنھا قېلىپ ئۆز پىكىر - خىيالى بىلەن بولۇشنى، تۇيۇقسىز كېلىپ قالغان بەختتۇئامەت بىلەن ھۇزۇرلىنىشنى خالايتتى.

ئۇ كوفتىسى بىلەن روملىنى يېشىپ تاشلاپ، چىراغنى ياقماستىنلا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قاپقىقى يېپىلمىغان دېرىزىدىن ئۆينىڭ ئىچىگە كېچىنىڭ بىنەپشە رەڭ گۈگۈمى يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى. مەشىنىڭ نېرىراقىدا قارا چېكەتكە چىرىلدايتتى. ئادىتى بويىچە ئاكسىنىيە ئەينەككە قارىدى، گەرچە قاراڭغۇدا ئەينەكتىن يۈز - چىرايىنى كۆرەلمىسىمۇ، ھەر ھالدا چاچلىرىنى تۈزەپ قويدى. يۇپقا شايى كوفتىسىنىڭ كۆكرىكىدىكى بۇرمىسىنى سىلىقلىدى، ئاندىن دېرىزە ئالدىغا بېرىپ، ھارغىنلىق بىلەن ئۇزۇن ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

ئۇنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى نۇرغۇن قېتىم ئەمەلگە ئاشمىغان ۋە مۇراد - مەقسىتىگە يەتمىگەنىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، بايىقى خۇشاللىقىنىڭ ئورنىغا ھەرقاچانقىدەك بىر تەشۋىش پەيدا بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ ھاياتى نېمە بولار؟ كەلگۈسىدە ئۇنى نېمە ئەھۋال كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟ ئاياللارغا كېلىدىغان بۇ ئاچچىق بەخت ئۇنىڭغا پەقەت بەك كېچىكىپ كۈلمىگەنمىكىن؟

ئۇ بۇ بىر ئاخشامقى ھاياجانىنىڭ تەسىرىدە مەڭزىنى قىراۋ باسقان سوغۇق ئەينەككە يېقىپ، سەل - پەل قار يورۇتۇپ تۇرغان قاراڭغۇلۇقتا خاتىرجەم ۋە غەمكىن نەزىرىنى تىكىپ ئۇزاق ئولتۇردى.



«سەن نېمانچە رەزىللىشىپ كەتكەنسەن، مىخايىل!» «سەن ماڭا رەزىل
دېگەن تىلنى ئىشلەتمە! مەن بۇنى كۆتۈرمەيمەن...» **(628 — بەتكە)**

× ×

گرىگورىي قايتىپ كىرىپ شىرە يېنىغا ئولتۇردى، خۇمردىن ئۆزىگە لىق بىر ئىستاكان قۇيۇپ، بىر يولى ئىچىۋەتتى.

— ياخشىمىكەن؟ — دەپ سورىدى پىروخور قىزىقىپ.

— ھېچ ئايرىيالمايۋاتىمەن. ئۇزاقتىن بۇيان ئىچمىگەنىدىم.

— خۇددى نىكولاينىڭ ھارىقىدەك، راست گەپ! — دېدى پىروخور ئىشەنچ بىلەن ۋە شۇ ھامان دەلدەڭشىپ كېتىپ، مىخايىلنى قۇچاقلىۋالدى، — مىشا، بۇ ئىشتا سېنىڭ پەمىڭ موزاينىڭ پەمىچىلىك يوق، ئەمما مەن ئىچىملىكنىڭ قانداقلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن! ماڭا ھاراق - شارابنىڭ ساندىقىنى ئىچىشكە توغرا كەلمىدى دەيسەن؟ شۇنداق شاراب باركى، ئاغزىنى ئاچار - ئاچماستىنلا شېشىدىن خۇددى غالجىر ئىتنىڭ ئاغزىدىن ئاققاندەك كۆپۈك ئاقىدۇ. خۇدا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، يالغان سۆزلىگىنىم يوق! پولشىدا فرونتنى يېرىپ ئۆتۈپ، سېمېن مىخايلوۋىچ بىلەن بىللە ئاق پولەكلەرنى سۈرۈپ - توقاي قىلغان ۋاقتىمىزدا، بىز ھۇجۇم بىلەن بىر پومېشچىكنىڭ قورغىنىنى ئالدۇق. ئۇنىڭدىكى ئۆيلەر ئىككى قەۋەتتىن ئوشۇق، قورۇسىدا چارۋا مال شۇنداق تولۇپ كەتكەنكى، مۈڭگۈزى مۈڭگۈزىگە تېگىپ تۇرىدۇ، ھويلىدا ھەر خىل قۇشلار يۈگۈرۈشۈپ يۈرىدۇ — تۈكۈرىدىغان يەر يوق، خۇش، گەپنىڭ قىسقىسى، بۇ پومېشچىك پادىشاھتەك ياشىغان، بىزنىڭ ۋىزۋوت بۇ قورغانغا ئاتلىق يېتىپ كەلگەندە، بۇ يەردە ئوفىتسېرلار خوجايىن بىلەن ئەيش - ئىشرەت ئۆتكۈزۈۋاتقانىكەن، بىزنىڭ كېلىشىمىزنى زادى خىيالىغا كەلتۈرۈشمىگەن. بىز باغنىڭ ئىچىدە ۋە شوتىنىڭ ئۈستىدە

ئۆلارنىڭ ھەممىسىنى چېپىپ تاشلىدۇق، پەقەت بىرسىنى ئەسىر-
گە ئالدۇق. سالاپەتلىك ئوفىتسېر ئىدى، ئەمما ئۇنى قولغا چۈشۈرۈ-
شىمىز بىلەنلا بۇرۇتى سالپىيىپ قالدى، قورقۇنچىدىن پۈتۈن
ئەزاسى لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى. گرىگورىي پانتېلېيېۋىچنى
مۇھىم ئىش بىلەن شتابقا چاقىرىپ ئەكەتتىشتى، ئۆزىمىز
خوجا بولۇپ قالدۇق، تۆۋەن قەۋەتتىكى ئۆيلەرگە كىردۇق، بۇ
يەردە يوغان بىر شىرە بار ئىكەن. بۇ شىرەنىڭ ئۈستىدە قانداق
نازۇ نېمەتلەرنى يوق دەيسىز! قىزىقىپ تۇرۇپ قالدۇق،
گەرچە ئۆلگۈدەك ئاچ بولساقمۇ، يېيىشكە پېتىنالمىدۇق. بۇ
تائاملارنىڭ ھەممىسى زەھەرلەنگەنمىدۇ؟ دەپ ئويلايمىز.
ئەسىرگە ئالغان ئوفىتسېرىمىز ئىبلىستەك قارايدۇ. ئۇنىڭغا: «يە!» —
دەپ بۇيرۇدۇق. يېيىشكە باشلىدى. تازا كۆڭلى تارتماي يېگەن
بولسىمۇ، ھەر ھالدا يېدى. «ئىچ!» — دېدۇق. ئۇ يەنىلا كۆڭلى
تارتمىغاندەك ئىچتى. ھەربىر تەخسىدىن بىر پارچىدىن يەپ
بېقىشقا، ھەر بىر شىشىدىن بىر ئىستاكان ئىچىپ بېقىشقا قىس-
تىدۇق. شۇنچە تاماقنى كۆز ئالدىمىزدا يېگەندىن كېيىن، لەنەتتى
كۆپتەك ئىششىپ كەتتى، ئەمما بىزنىڭ ئاغزىمىزدىن ئاچچىق
شۆلگەيلىرىمىز ئاقتى. كېيىن ئوفىتسېرنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى كۆ-
رۈپ، بىزمۇ يېيىشكە كىرىشتۇق، تويغىچە يېدۇق. كۆپۈكلۈك
شارابنى، بۇرنى - قۇلىقىمىزغىچە ئىچتۇق. قارىساق، ئوفىتسېر
ھەم ئاغزىدىن، ھەم ئارقىسىدىن قۇيۇۋېتىشكە باشلىدى. ئاپلا،
تۈگەشتۇق! — دەپ ئويلايمىز ئىچىمىزدە، — ئەبلەخ زەھەر-
لەنگەن تاماقنى ئۆزى يەپ، بىزنى ئالدىغانىكەن - دە. بىز
ئۇنىڭغا قىلىچىمىزنى يالاڭلاپ دېۋەيلەپ كەلدۇق، ئۇ پۈت -
قولىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. «جانابلار مەن تاماقنى
سىزلەرنىڭ ئىلتىپاتىڭىزلار بويىچە ھەددىدىن زىيادە كۆپ يېۋەت-
تىم، شۈبھىلەنمەڭلار، تاماق — پايدىلىق ساپ تاماق!» —

دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز شارابقا قايتىدىن كىرىشتۇق! شىشىنىڭ پۇرۇپكىسىنى بېسىپ قويساق، ئۇ مىلتىقنىڭ ئوقىدەك ئېتىلىپ چىقىدۇ - دە، كۆپۈكى پۇرقىراپ ئاقىدۇ، ئاددىيسى يان تەرەپتىن قاراشنىڭ ئۆزىمۇ قورقۇنچلۇق! مەن ئاشۇ شارابنىڭ سەۋەبى بىلەن شۇ كېچىسى ئۈچ قېتىم ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتۈم! ئېگەرگە ئولتۇرۇشۇم بىلەنلا — شامال ئۇچۇرغان قامغاقتەك يەرگە ئۇچۇپ چۈشىمەن. مانا ئاشۇنداق شارابنى ھەر كۈنى بىر - ئىككى ئىستاكاندىن ئىچىپ تۇرغان بولسام، 100 ياشقا كىرگەن بولاتتىم، مۇنۇ بۈگۈنكىدەك شاراب بىلەن 100 ياشقا كىرىش مۇمكىنمۇ؟ مەسىلەن، مۇنۇ نەرسە ئىچىملىككە كىرەمدۇ؟ ئىچىملىك ئەمەس، كېسەل تارقىتىدىغان مىكروب! مۇنۇ ئۆلۈك تاپتىن ئىچسەڭ، ئەجىلىڭدىن بۇرۇن كەشىڭنى توغرىلايسەن...، — پروخور باش ئىشارىتى بىلەن ساموگون بار خۇمرىنى كۆرسەتتى - دە، ئۆزىنىڭ ئىستاكانىنى ئىتىق تۇشقۇزدى.

دۇناشكا ئۇخلاش ئۈچۈن ئىچكىرىكى ئۆيگە باللارنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى، بىرئازدىن كېيىن پروخورمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئىككى تەرەپكە تەۋرىنىپ، كالتە جۇۋىسىنى يەلكىسىگە تاشلىدى - دە، دېدى:

— خۇمرىنى ئالمايمەن. بوش قاچىنى ئېلىپ مېڭىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ... ئۆيگە يېتىپ بېرىشىم بىلەنلا خوتۇن ئەدەبىمىنى بېرىشكە باشلايدۇ. ئۇ بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقىدۇ. ياللا، ئۇنىڭغا بۇنداق زەھەرلىك تىللار نەدىن كېلىدىكىن؟ زادى بىلمەيمەن! ئۆيگە ئىچىپ بارغىنىمدا، مەسىلەن، مۇنداق دەيدۇ: «ھاراقكەش ئىت، چولاق، لەنىتى، ئاقچى، كۆكچى، پوستانچى!» مەن سەۋرچانلىق بىلەن ئاستا ئۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىمەن: «سەن ئالۋاستى، ئانا قانچۇق، ئۆزى مەست، يەنە كېلىپ قولى چولاق ئىتنى نەدە كۆردۈڭ؟ ئالەمدە مۇنداق

نەرسە بولمايدۇ.» مەن بىر رەزىللىككە رەددىيە بەرسەم — ئۇ ماڭا باشقىسىنى ئېيتىدۇ، باشقىسىغا رەددىيە بەرسەم، ئۇ ئۈچىنچىسىنى تاقاپ تۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ كېچىلىك نامىزىمىز تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلىدۇ... بەزىدە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغۇم كەلمەي، لاپاسىنىڭ ئاستىغا بېرىپ ئۇخلايمەن، يەنە بەزىدە هاراق ئىچىپ بارسام، خوتۇن ئۇنچىقمىسا، تىللىمىسا، كۆزۈمگە ئويقۇ كەلمەيدۇ، خۇدا تۇرۇپتۇ! خۇددى بىر نەرسەم كەملىك قىلىۋاتقاندەك، بەدىنىمدە قىچىشقاق پەيدا بولغاندەك هېس قىلىمەن - دە، ئۇخلىيالمايمەن، ئىش تامام! شۇنىڭ بىلەن رەپىقەمگە يەنە تېگىپ قويىمەن، ئۇ يەنە جازامنى بېرىشكە باشلايدۇ - دە، كۆزۈمدىن ئوت چىقىرىۋېتىدۇ! مېنىڭ بۇ خوتۇنۇم شەيتاننىڭ شېرىكى، ئەمما نېمە ئىلاج، مەيلى زەھىرىنى چېچىۋەرسۇن، ئۇ ئاشۇ قەھر - غەزىپى بىلەن ئىشىمنى قىلىۋېرىدۇ، بۇ گېپىم توغرىمۇ؟ خوپ، مەن كەتتىم، خەير - خوش! بۈگۈن ئۇنى بېزەۋىتە قىلماي، ئاتىنىڭ ئوقۇرىدا ياتسام بولامدىكىن؟

— ئۆيۈڭگە كېتەلەمسەن؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي كۈلۈپ.

— قىسقۇچپاقىدەك ئۆمىلەپ بولسىمۇ يېتىپ بارالايمەن! ياكى مەن كازاك ئەمەسمۇ، پانتېلېيېۋىچ؟ بۇنداق گەپنى ئاڭلاش ھەتتا ماڭا ئەلەم قىلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، خۇدا يار بولسۇن!

گرىگورىي دوستىنى يان ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويدى، ئاندىن ئاشخانىغا كىردى.

— خوش ئۇنداق بولسا، مىخايىل، سۆزلىشىۋالامدۇق؟

— بولىدۇ.

ئۇلار شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىگە روبىرو

ئۇلتۇرۇشتى، بىردەم ئۇنچىقىشمىدى. ئۇندىن كېيىن گرىگورىي سۆز ئاچتى:

— نېمىشقىدۇر، ئارىمىزدا كېلىشەلمەسلىكتەك بىر نەرسە بار... بۇنى سېنىڭ تۇرقۇڭدىن كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن! مېنىڭ كەلگەنلىكىم كۆڭلۈڭگە ياقمىدىمۇ ياكى مەن خاتالاشتىممۇ؟

— ياق، خاتالاشمىدىڭ، تاپتىڭ، كۆڭلۈمگە ياقمىدى.

— نېمىشقا؟

— ئوشۇقچە تەشۋىش.

— مەن ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزىمەن دەپ ئويلايمەن.

— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا نېمە توغرىسىدا؟

— بىز بىر - بىرىمىزگە دۈشمەن ئادەملەر...

— بۇرۇن شۇنداق ئىدۇق.

— قارىغاندا، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىمىز.

— چۈشەنمەيمەن، نېمىشقا ئۇنداق بولىدىكەنمىز؟

— سەن ئىشەنچسىز ئادەم.

— بىكار ئېيتىسەن، بۇ سۆزۈڭ بىكار!

— ياق، بىكار ئەمەس. نېمىشقا سېنى مۇشۇنداق ۋاقىتتا ھەربىيلىكتىن قايتۇرۇۋەتتى؟ ئوچۇقىنى ئېيتقىنا!

— بىلمەيمەن.

— ياق، بىلىسەن، ئەمما ئېيتقۇڭ كەلمەيدۇ! ساڭا ئىشەنىشمىدىغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟

— ئىشىنىشمىگەن بولسا — ئېسكادروننىڭ كوماندىرلىقىنى تاپشۇرمىغان بولاتتى.

— بۇ دەسلەپكى چاغلاردىكى ئىش، ئەمما ھازىر سېنى

ئارمىيىدە قالدۇرمىغانىكەن، دېمەك، ئىش ئەمدى روشەن، بۇرادەر!

— ئۇنداق بولسا، سەن ماڭا ئىشەنمەمسەن؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي تىكىلىپ قاراپ.

— ياق! بۆرىنى قانچىلىك باققىنىڭ بىلەنمۇ، يەنە ئورمانغا ئۈمتۈلىدۇ.

— سەن بۈگۈن ئارتۇقراق ئىچىۋەتتىڭ، مىخايىل.

— سەن بۇ گەپنى قوي! مەن سەنچىلىك مەست ئەمەس. ئارمىيىدە ساڭا ئىشەنمىگەنىكەن، بۇ يەردىمۇ ئانچە ئىشىنىپ كېتەلمەيمىز، بۇنى بىلىپ قوي.

گرىگورىي ئۈنچىقمىدى. ھەرىكەتسىز سۇسلىشىپ تەخسىدىن بىر پارچە تۇزلىغان تەرخەمەكنى ئالدى، ئۇنى چايناپ تۆكۈرۈۋەتتى.

— ساڭا ئايالىم كرىيوشكا گروموف توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردىمۇ؟

— سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنىڭ كېلىشىمۇ كۆڭلۈمگە ياقمىغانىدى. ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئەمدىلا ئاڭلاپ تۇرسام، نەق شۇ كۈنى...

گرىگورىينىڭ چىرايى ئۆڭدى، كۆزلىرى قەھر - غەزەپتىن يۇملاقلىشىپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا، مەن ساڭا كرىيوشكا گروموف بىلەن ئوخشاشمۇ؟

— شاۋقۇن كۆتۈرمە. ئۇنىڭدىن نەرىڭ ياخشىراق؟

— خۇش، سەن بىلەمسەن...

— بۇ يەردە بىلىدىغان ھېچ ئىش يوق. ھەممە ئىش ئۇزاقتىن بۇيان مەلۇملۇق بولۇپ قالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن مىتكا كورشونوف كەلسە، ئۇنىڭغىمۇ خۇشال بولامدىمەن؟ ياق، ياخشىسى سىلەر يېزىغا كەلمىسەڭلار بولاتتى.

— سەن ئۇچۇن ياخشىمۇ؟

— مەن ئۈچۈنمۇ، خەلق ئۈچۈنمۇ ياخشى بولاتتى، ھەممە خاتىرجەم بولاتتى.

— سەن مېنى ئۇلار بىلەن تەڭ ئورۇندا قويما!

— مەن بايا ئېيتتىمغۇ، گرىگورىي، بۇنىڭدا خاپا بولغۇدەك ھېچ ئىش يوق: سەن ئۇلاردىن تۈزۈكرەك ئەمەسسەن، سۆزسىز يامانراقسەن، خەتەرلىكسەن.

— يامانلىقىم نېمىدە؟ نېمىشقا بۇنداق گەپنى قىلىسەن؟

— ئۇلار ئاددىي سولداتلار، سەن بولساڭ پۈتۈن قوزغىلاڭغا قوماندانلىق قىلدىڭ.

— مەن ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلمىدىم، دىۋىزىيە كوماندىرى بولدۇم.

— بۇ كىچىك ئىشمۇ؟

— كىچىكمۇ-چوڭمۇ — گەپ بۇنىڭدا ئەمەس... ئەگەر شۇ چاغدا كۆكۆل ئېچىش ئولتۇرۇشىدا قىزىل ئەسكەرلەر مېنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلانمىغان بولسا، ئۇ ھالدا قوزغىلاڭغا قاتناشمىغان بولاتتىم.

— سەن ئوفىتسېر بولمىغان بولساڭ، ھېچكىم ساڭا تەگمىگەن بولاتتى.

— ئەگەر مېنى ھەربىي خىزمەتكە ئالمىغان بولسا، ئوفىتسېر بولمىغان بولاتتىم... ھەي، بۇ ئۇزۇن ناخشا.

— بۇ ھەم ئۇزۇن ناخشا، ھەم يارىماس ناخشا.

— ھازىر بۇ ناخشىنى قايتا ئېيتمايلى، ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇلار ئۈنچىقماي تاماكا چېكىشتى. كوشىۋوي تىرنىقى بىلەن تاماكا كۈلىنى چۈشۈرۈۋېتىپ دېدى:

— مەن سېنىڭ قەھرىمانلىقلىرىڭنى بىلىمەن، بۇنى ئاڭلىغانمەن. بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزدىن نۇرغۇن ئادەمنى نابۇت قىلدىڭ، شۇ سەۋەبتىن مەن ساڭا سەل قارىيالمايمەن... بۇ ئىش

ئاسانلىقچە ئېسىڭدىن چىقمايدۇ.
گرىگورىي مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
— سېنىڭ خاتىرەڭ كۈچلۈك ئىكەن! سەن ئاكام پېترونى ئۆلتۈردۈڭ، مەن بۇنى سېنىڭ ئېسىڭگە سالمايمەنغۇ... ھەممە ئىشنى يادىڭدا تۇتساڭ — بۆرىدەك ھايات كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.
— شۇنداق، ئۆلتۈرگىنىم راست، تانمايمەن! ئەگەر شۇ چاغدا سېنى تۇتۇۋالغان بولسام، سەن قەدىرلىك كىشىنىمۇ شۇنداق ئاقىۋەتكە ئۇچراتقان بولاتتىم!
— ئەمما مەن ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭ ئۈست - خوپېردا ئەسىرگە ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىمدا، ئارقىسىدىن يېتىپ بارغۇچە كۆزۈم تۆت بولۇپ كەتتى، سېنىمۇ شۇ يەردە دەپ ئەنسىرىدىم، سېنى كازاكلار ئۆلتۈرۈۋەتمىسۇن دەپ قورققانـ دىم... دېمەك، شۇ چاغدا بىكارلا ھودۇققانىكەنمەن.
— فۇ، ماڭا شەپقەتچى تېپىلىپ قالدى! ئەگەر ھازىر كادېت ھاكىمىيىتى بولغان بولسا، ئەگەر ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقـ قان بولساڭلار، سېنىڭ مەن بىلەن قانداق سۆزلەشكەنلىكىڭنى كۆرگەن بولاتتىم. ئېھتىمال، ئۇچامدىن كەمەر، تاسمىلىرىمنى كېسىـ ۋالغان بولاتتىڭ! سەن ھازىر شۇنداق مۆمىن ئادەم بولۇپ قاپسەن...
— بەلكى، باشقا ئادەملەر كەمىرىڭنى كېسىۋېلىشى مۇمـ كىن، ئەمما مەن قولۇمنى ساڭا تەگكۈزۈپ بۇلغىمىغان بولاتتىم.
— دېمەك، بىز سەن بىلەن ئوخشاش ئادەملەر ئەمەس ئىكەنمىز... مەن ئەزەلدىن قولۇمنى دۈشمەنگە تەگكۈزۈپ بۇلـ غاشتىن تارتىنغىنىم يوق، زۆرۈر بولغاندا ھازىرمۇ چىرايىمنى بۇزمايمەن، — مىخايىل قالغان ساموگوننى ئىككى ئىستاكانغا قۇيۇپ، سورىدى، — ئىچەمسەن؟

— كەل، ئىچتۇق، ئۇنداق بولمىغاندا بۇنداق گەپلەرنى ئېيتىشقا بەك سەگەكلىشىپ كېتىدىغان ئوخشايمىز...

ئۇلار ئۈنچىقماستىن ئىستاكانلارنى ئۇرۇشتۇرۇپ ئىچىۋەتتى. گرىگورىي گەۋدىسىنى شىرەگە تىرەپ، بۇرۇتىنى تولغاپ، كۆزلىرىنى پىرىلدىتىپ مىخايىلغا قارىدى.

— شۇنداق قىلىپ، مىخايىل، سەن نېمىدىن قورقىسەن؟ مېنى يەنە سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرەرمىكىن دەمسەن؟

— مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن، ئەمما ئېيتماقچى، مۇبادا كىچىككىنە پاتىپاراقچىلىق يۈز بېرىپ قالسا، دەرھال ئاينىپ، باشقا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلايمەن.

— ئۇنداق بولسا مەن ئاشۇ چېگرىدا پولەكلەر تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتىمغۇ، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ بىزنىڭ پۈتۈن قىسىملىرىمىز شۇلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتىغۇ.

— ئۆلگۈرەلمىگەنسەن؟

— ياق، ئۇنداق قىلىشنى خالىمىدىم. مەن ئۆز خىزمىتىمنى ئۆتەپ بولدۇم. مەن ئەمدى ھېچكىمگە خىزمەت قىلىشنى خالىمايمەن. ئۆز ھاياتىمدا پوخادىن چىققۇدەك جەڭ قىلدىم، مادارىم قۇرۇدى، جېنىم قاقشىدى. ئىنقىلابىنىمۇ، ئەكسىلئىنقىلابىنىمۇ پۈتۈنلەي تويدۇم. مەيلى ئۇسى، مەيلى بۇسى، ھەممىسى كۆزدىن يوقالسا بولاتتى. مەن ئۆز باللىرىمنىڭ يېنىدا ھايات كەچۈرۈشنى، ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالايمەن. مەقسىتىم مانا مۇشۇ. بۇ گېپىمگە ئىشەن، مىخايىل، مەن بۇنى چىن يۈرىكىمدىن ئېيتىۋاتىمەن!

ئەمما، مىڭ قەسەم ئىچكەن بىلەنمۇ، كوشىۋوي بۇ گەپلەرگە ھېچ ئىشەنمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، شۇڭا گرىگورىي بۇنى چۈشىنىپ، جىم بولۇپ قالدى. ئۇ بىرلەھزە ئاچچىق ئەلەم

ھېس قىلىپ ئۆزىگە ئىچىدە كايىدى. ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاقلاش-
نىڭ، دەلىل-ئىسپات كۆرسىتىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار ئىدى؟
مەست ھالدا بۇنداق پاراڭ قىلىشنىڭ ۋە مىخايىلنىڭ ئەخمىقا-
نە نەسىھىتىنى ئاڭلاشنىڭ نېمە لازىمى بار ئىدى؟ ئۇزۇنغا
چىقسۇن! گرىگورىي ئورنىدىن تۇردى.

— ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بۇ پاراڭنى بولدى قىلايلى!
يېتەر! ئەمدى ساڭا ئاخىرقى بىر سۆزۈمنى ئېيتىۋاتىمەن:
سوۋېت ھاكىمىيىتى كانىيىمدىن ئالمىسا، مەن ئۇنىڭغا قار-
شى تۇرمايمەن. كانىيىمدىن ئالىدىغان بولسا — قوغدىنىمەن!
ھەر ھالدا پلاتون رەبچىكوفقا ئوخشاش قوزغىلاڭ ئۈچۈن بېشىم-
نى تۇتۇپ بەرمەيمەن.

— يەنى، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— شۇنداق دېگىنىم. مېنىڭ قىزىل ئارمىيىدە خىزمەت
قىلغانلىقىمنى ۋە شۇلار سېپىدە جەڭگە قاتنىشىپ، يارىدار بول-
غانلىقىمنى نەزەرگە ئالسۇن، قوزغىلاڭ ئۈچۈن تۈرمىدە يېتىپ
چىقىشىقىمۇ رازى، ئەمما بۇ ئىش ئۈچۈن ئېتىشقا ھۆكۈم قىلى-
دىغان بولسا — ئۇ چاغدا ئەپۇ قىلىڭىز! بۇ بەك ئاشۇرۇۋەت-
كەنلىك بولىدۇ!

مىخايىل نەپرەت بىلەن كۈلۈپ قويدى:

— سىرتتىن تون پىچىش دېگەن مانا شۇ! ئىنقىلابىي
ھەربىي سوت ياكى پەۋقۇلئاددە كومىسسىيە سېنىڭ نېمىنى خا-
لايدىغانلىقىڭنى، نېمىنى خالىمايدىغانلىقىڭنى سەندىن سوراپ
تۇرمايدۇ ۋە سەن بىلەن سودىلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. خاتالىق ئۆت-
كۈزگەنسەن — ئۆز جازايىڭنى تولۇق تارتىشىڭ كېرەك.
كونا قەرزلەرنى تۆگەل تۆلەش لازىم!

— خوپ، شۇ چاغدا كۆرەرمىز.

— ئەلۋەتتە كۆرىمىز. بۇ ئوچۇق مەسىلە.

گرىگورىي كەمىرى بىلەن كۆڭلىكىنى يەشتى، ئىنجىقلاپ، ئاياغ كىيىمىنى سىلىشقا باشلىدى.

— ئۆينى ئىككىگە بۆلەمدۇق؟ — دەپ سورىدى ئۇ، ئۆتۈكىنىڭ سۆكۈلۈپ كەتكەن چەمىگە سىنچىلاپ قاراپ.

— بىزنىڭ ئۆي ئايرىشىمىز ناھايىتى ئاددى: مەن ئۆز ئۆيۈمنى تۈزەشتۈرۈپ، شۇ يەرگە كۆچۈپ كېتىمەن.

— خوپ، قانداق بولمىسۇن ئايرىلايلى. ئارىمىزدا ئىناقلىق بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

— شۇنداق، ئىناقلىق بولمايدۇ، — دەپ تەكىتلىدى مىخايىل.

— مېنىڭ ھەققىمدە مۇنداق پىكىردە ئىكەنلىكىڭنى ئويلىمىغانىدىم... خوپ، شۇنداق بولسۇن...

— مەن گەپنى ئوچۇقلا ئېيتتىم. كۆڭلۈمدە نېمىنى ئويلىغان بولسام، شۇنى ئېيتتىم، ۋېشېنسكاياغا قاچان بارىسەن؟

— بىر نېمە قىلىپ، مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە بارارمەن.

— بىر نېمە قىلىپ ئەمەس، ئەتىلا بېرىش كېرەك.

— مەن 40 چاقىرىمچە يولنى پىيادە يۈرۈپ، تاپىنىم تېشىلىپ كەتتى. ئەتە دەم ئالىمەن، ئۆگۈنلۈككە بېرىپ تىزىملىتىمەن.

— دەرھال تىزىملىتىش كېرەك دېگەن بۇيرۇق بار. ئەتىلا ماڭغىن.

— بىر كۈن دەم ئېلىش كېرەكقۇ؟ مەن قېچىپ كېتەرمىدىم.

— كىم بىلسۇن سېنى. سەن ئۈچۈن جاۋاب بېرىشنى خالىمايمەن.

— سەن نېمانچە رەزىللىشىپ كەتكەنسەن، مىخايىل! — دېدى گرىگورىي، بۇرۇنقى دوستىنىڭ سۇرلۇك تۈس ئالغان چىرايىغا ئەجەبلىنىپ قاراپ.

— سەن ماڭا رەزىل دېگەن تىلنى ئىشلەتمە! بۇنى مەن كۆتۈرمەيمەن...، — مىخايىل دېمىنى راسلىۋېلىپ، ئاۋازىنى كۆتۈردى، — بىلەمسەن، بۇنداق ئۇفىتسېرلىق قىلىقلارنى تاشلاش كېرەك! ئەتىلا يۇرۇپ كەت. ياخشىلىقچە ماڭمىساڭ — كانۋوي بىلەن ھەيدەپ ئاپىرىمەن. چۈشەندىڭمۇ؟

— ھازىر ھەممە نەرسە چۈشىنىشلىك بولدى...، — گرىگورىي ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقان مىخايىلنىڭ دۈمبىسىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، يېشىنمەستىنلا كارىۋاتقا ياتتى.

خۇش، بولغۇلۇق ئىش تېگىشلىك دەرىجىدە بولۇپمۇ ئۆتتى. نېمىشقىمۇ ئۇنى — گرىگورىينى باشقىچە قارشى ئېلىش لازىم بولۇپ قالغاندۇ؟ ئەسلىنى ئالغاندا، گرىگورىينىڭ قىزىل ئارمىيىدە قىسقا ۋاقىت سەممىي - ساداقەت بىلەن قىلغان خىزمىتىم ئۆتكەنكى ھەممە گۇناھلىرىمنى يېپىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىشىغا نېمە ئاساس بار؟ بەلكى، مىخايىل ئۆتكەنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى كەچۈرۈم قىلىنىۋەرمەيدۇ، كونا قەرزلەرنى تولۇق تۆلەش كېرەك دېگىنىدە، ئۇ ھەقلىقتۇر؟

... گرىگورىي چۈشىدە چەكسىز دالادا كەڭ سەپ تۈزۈپ ئاتاكىغا راسلىنىپ تۇرغان پولكنى كۆردى. يىراق بىر يەردىن: «ئىسكادرون...»، — دەپ سوزۇلۇپ چىققان كوماندا ئاۋازى ئاڭلاندى، شۇ چاغدا ئېگەرنىڭ تۆش تاسمىلىرىنىڭ بوش ئىكەنلىكى گرىگورىينىڭ ئېسىگە چۈشتى. سول تەرەپتىكى ئۈزەڭگىنىڭ ئۈستىدە تەسلىكتە تېپىنىپ تۇرغاندا، — ئاستىدىكى ئېگەر بىر تەرەپكە سىيرىلىپ كەتتى... ئۇ ۋەھىمە ۋە نومۇس كۈچىدىن ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى - دە، ئاتنىڭ ئەيلىنى تارتىپ چىڭىتىشقا باشلىدى، دەل شۇ چاغدا تۇساتتىن تاقىراقلىغان ۋە شىددەت بىلەن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى.

پولك گرىگورىينى تاشلاپ ئاتاكىغا ئاتچاپتۇرۇپ كەتتى...

گرىگورىي ئېغىناپ يېتىپ، ئويغىنىپ كەتتى ـ دە، ئۆزـ نىڭ خىرىلدىغان خورىكىنى ئاڭلىدى.

دېرىزىنىڭ سىرتىدا خىرە ـ شىرە تاڭ يورۇغانىدى. ئېھتىمال، شامال كېچىدە دېرىزە قاپقىقىنى ئېچىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، — شۇڭا قىراۋدىغان ئەينەكتىن پۇچۇق ئاينىڭ ئۇچـ قۇنداپ تۇرغان يېشىل گەردىشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گرىگورىي سىيلاپ ـ سىيپىلاپ تاماكا خالتىسىنى تېپىپ، تاماكا يۆگەپ چەكـ تى. يۈرىكى تېخىچە قىسىلىپ، تېز ـ تېز سوقاتتى. ئۇ ئوڭدىـ سىغا يېتىپ، كۈلۈمسىرىدى: «مۇشۇنداق غەلىتە نەرسە ئادەمنىڭ چۈشىگە كىرىدىكەن! جەڭ قىلىشقىنىمۇ توغرا كەلمەي قالدى...» ئۇ مۇشۇ تاڭ سەھەردە چۈشۈمدىمۇ، ئوڭۇمدىمۇ تېخى تالاي قېتىم ئاتاكىغا ئۆتەرمەن دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرمىدى.

## 7

دۇناشكا بالدۇرلا قوپتى، ئىنەكنى سېغىشى كېرەك ئىدى. گرىگورىي ئاشخانىدا ئاستا مېڭىپ يۈرەتتى، يۆتىلىپ قوياتتى. دۇناشكا بالىلارنى يوتقانغا چۈمكەپ قويۇپ، چاپسان كىيىندى ـ دە، ئاشخانىغا كىردى. گرىگورىي شىنېلىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىۋاتاتتى.

— سىز بۇنداق قاق سەھەردە نەگە جابدۇنۇۋاتىسىز، ئاكا؟

— مەن يېزىنى ئارىلاپ، ئەتراپنى كۆرۈپ باقاي.

— ناشتا قىلىۋېلىپ بارسىڭىز بولمامدۇ؟

— بىر نەرسە يېگۈم يوق، بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ.

— ناشتىغا ئۈلگۈرۈپ كېلەمسىز؟ مەن ھازىرلا مەشكە ئوت ياقىمەن.

— مېنى كۈتمەڭلار، تېز قايتمايمەن.

گرىگورىي كوچىغا چىقتى. ئەتىگەندە يەر بىر ئاز تەرلەپ قالغاندەك ئىدى. جەنۇبتىن نەم ۋە ئىللىق شامال چىقاتتى. توپا ئارىلاش قار ئۆتۈكنىڭ پاشنىسىغا يېپىشاتتى. گرىگورىي يېزا مەركىزىگە ئاستا قەدەم تاشلاپ، گويا يات يۇرتتا كېتىۋاتقاندەك ئەتراپقا كۆز سېلىپ، بالىلىق چاغلىرىدىن تونۇش بولغان ئۆيلەرگە، ساراي لاپاسلىرىغا دىققەت بىلەن قاراپ كېلىۋاتاتتى. بۇلتۇر كوشيوۋوي كۆيدۈرۈۋەتكەن سودىگەرلەرنىڭ كۆمۈرگە ئايلانغان ئۆي ۋە دۇكانلىرىنىڭ خارابىلىرى مەيدانىدا قارىيىپ تۇراتتى، چېركاۋنىڭ ۋەيران قىلىنغان توسۇق تاملىرى ھەريەر - ھەريەردە ئېچىلىپ تۇراتتى. خىشلىرىنى ئاپىرىپ مەش ياساشقانغۇ، دەپ ئويلىدى گرىگورىي سوغۇققانلىق بىلەن. چېركاۋ بۇرۇنقىدەكلا بېلىگىچە يەرگە چۆكۈپ، كىچىككىنە كۆرۈنەتتى. ئۇزاقتىن بۇيان سىرلانمىغان، ئۆگزىسى داتلىشىپ سارغىيىپ كەتكەن، ئۆگزىدىن يامرىغان سۇلار تاملىرىنى ئالا چىپار قىلىپ قويغان، سۇۋاقلىرى چۈشكەن يەرلەردە خىشلىرى ئېچىلىپ، خۇمداندىن يېڭى چىققاندەك قىزىرىپ تۇراتتى.

كوچىلاردا ئىنس - جىن يوق ئىدى. قۇدۇققا يېقىن كەلگەندە گرىگورىيغا ئۇيقۇسىنى ئاچالماي قالغان ئىككى - ئۈچ خوتۇن ئۇچراشتى. ئۇلار يات ئادەمدەك گرىگورىيغا ئۈنچىقماستىن تازىم قىلىشتى - دە، گرىگورىي يېنىدىن ئۆتكەن چاغدىلا توختىشىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇشتى.

قەبرىستانلىققا بېرىپ، ئانام بىلەن ناتالىيىنىڭ توپراق بېشىنى كۆرۈپ كېلەيمىكىن، دەپ ئويلىدى گرىگورىي قەبرىستانلىققا بارىدىغان يولدىكى تار كوچىغا بۇرۇلۇپ، ئەمما

بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن توختاپ قالدى. بۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئېغىر دەرد - ئەلەم بار ئىدى. «يەنە بىر قېتىمدا بارارمەن، — دېگەن قارارغا كەلدى ئۇ پروخورنىڭ ئۆيىي تە-رەپكە بۇرۇلۇپ، — هازىر بارساممۇ، كېيىن بارساممۇ ئۆلۈك-لەرگە بەرىبىر. ئۇلار ئۆز يەرلىكىدە هازىر خاتىرجەم يېتىپتۇ. باشقا ئىشمۇ يوق، قەبرىلىرىنى قار باسقان. ئۇ يەردە، ئېتىمال، تۇپراق سوغۇق، لەهەتنىڭ ئىچى سالقىن... مانا ئۇلار ياشاي-دىغىنىنى ياشاپ دۇنيادىن ئۆتۈپ بولدى — نېمىدېگەن تېز، خۇددى چۈشتىكىدەك. ئۇلار يانمۇيان قاتار يېتىشىپتۇ: ئايا-لىم بىلەن ئانام، پېترو بىلەن دارىيە... پۈتۈن ئائىلە شۇ يەرگە كېلىپ قاتار يېتىشتى. ئۇلارغا ياخشى بولدى، ئەمما ئاتام — يات يۇرتتا يالغۇز قالدى، ئۇ يەردە يات ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭغا كۆڭۈلسىز...» گرىگورىي ئەمدى ئەتراپقا قارىماستىن، ئايىغىنىڭ ئاستىغا قاراپ، ئاپئاق ۋە ئىللىق يەردە نەملىشىپ قالغان يۇمشاق قارغا قاراپ كېلىۋاتاتتى، هەتتا ئايىغىنىڭ ئاس-تىدا قارنىڭ غىچىرلىغىنىنىمۇ تۇيمايتتى.

ئۇندىن كېيىن گرىگورىي باللىرىنى ئويلاشقا باشلىدى. بۇ باللار نېمىشقىدۇر ئانىسى هايات چاغدىكىدەك ئەمەس، ئۆز-لىرىنىڭ يېشىغا قارىماستىن جىمغۇر، ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالغان. ئائىلىسىگە كەلگەن ئۆلۈم ئۇلارنى نۇرغۇن نەرسىدىن مەھرۇم قىلغان. ئۇلار قورقۇپ قېلىشقان. تۈنۈگۈن پوليۇشكا مېنى كۆرگەندە نېمىشقا يىغلاشقا باشلىدى؟ باللار دىدار كۆ-رۈشكەندە يىغلىمايدۇ، بۇ باللارغا خاس نەرسە ئەمەس. پولى-يوشكا نېمىنى ئويلىدىكىن؟ ئۇنى قولۇمغا ئالغاندا نېمىشقا ئۇ-نىڭ كۆزلىرىدە قورقۇنچ پەيدا بولدى؟ بەلكى، ئۇ ئاتام هايات ئەمەس، ئۇ هەرگىز قايتىپ كەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ يۈ-رۈپ، كېيىن مېنى كۆرۈش بىلەنلا قورقۇپ كەتكەن بولۇشى

مۇمكىن. ھەر ھالدا ئۇ، گرىگورىي بالىلىرىنىڭ ئالدىدا ھېچبىر ئەيىبلىك ئەمەس. ئەمدىلىكتە ئاكسىنىيىگە ئۇلارغا كۆيۈنگىن، ئانا ئورنىدا ئۇلارغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىراق قارا، دەپ تاپىلاپ قويۇش كېرەك... بەلكى، ئۇلار ئۆگەي ئانىغا ئۆگىنىپ قالار. ئاكسىنىيە — مېھرىبان، رەھىمدىل ئايال. ئۇ گرىگورىيغا مۇھەببەت قويغانىكەن، بالىلارغىمۇ مېھىر - مۇھەببەت قويىدۇ.

بۇنى ئويلاشمۇ گرىگورىي ئۈچۈن ھەم ئېغىر، ھەم غەم - غۇسسىلىك ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنچىلىك ئاددىي ئەمەس. پۈتۈن ھايات يېقىندا ئۇ تەسەۋۋۇر قىلالىغىنىدەك ئۇنچىلىك ئاددىي بولماي چىقتى. ئۇ ئەخمىقانە ۋە گۆدەكلەرچە ساددىلىق بىلەن: ئۆيگە قايتىپ بارسام بولدى، شىنېلىنىڭ ئورنىغا چەكمەن كىيىمەن، ھەممە ئىش ئۆز يولىدا كېتىۋېرىدۇ: ھېچكىم ماڭا بىر نەرسە دېمەيدۇ، ھېچكىم تەنە قىلمايدۇ، ھەممە ئىش ئۆز - ئۆزىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، تىنچ دېھقان ۋە نەمۇنىلىك ئائىلىپەرۋەر كىشى سۈپىتىدە تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېتىۋېرىمەن، دەپ پەرەز قىلغانىدى. ياق، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىش ئۇنچىلىك ئاددىي ئەمەس ئىكەن.

گرىگورىي زىكوفلار ھويلىسىنىڭ بىر قانىتى ئېچىلىپ تۇرغان يان ئىشىكىنى ئاۋايلاپ ئاچتى. پۇتىغا مىجىقى چىققان پىيما كىيگەن، قولاقچىسىنى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان پروخور غەمسىز ھالدا قولىدىكى سۈت ساغىدىغان بىرىش چېلەكنى پۇلاڭشىتىپ، پەلەمپەي تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئاپئاق سۈت تامچىلىرى كۆزگە كۆرۈنمەستىن قار ئۈستىگە تېمىپ كەلگەنىدى.

— ئوبدان قوپۇپسەنمۇ، يولداش كوماندىر؟

— خۇداغا شۈكۈر.

— پاخىل قىلىپ، باشنى ساقايتىش كېرەك ئىدى، ئۇن-

ئاق بولمىغاندا، باش دېگەن نېمە مۇنۇ چېلەكتەك بوش، قا-
پاق بولۇپ قالدى.

— پاخپىل قىلىش — ئەرزىيدىغان ئىش، خوش، نېمىشقا چېلەكنىڭ قۇرۇق؟ ئىنەكنى ئۆزۈڭ ساغقانمىدىڭ؟

پروخور باش ئىشارىتى بىلەن قولاقچىسىنى گەجگىسىگە چۈشۈرۈپ قويغانىدى، گرىگورىي مانا شۇ چاغدىلا دوستىنىڭ چىرايى قاتتىق تۇتۇلغانلىقىنى كۆردى.

— بولمىسا، شەيتان سېغىپ بېرەمدۇ سۈتنى ماڭا؟ مەن ئاشۇ لەنىتى خوتۇن ئۆيدە بولمىغانلىقتىن ساغقانىدىم. مەن ساغقان سۈت ئۇنىڭ قورسىقىنى ئاغرىتىپ قويمىسا بولاتتى!... — پروخور چېلەكنى قەھر بىلەن ئىرغىتىپ تاشلاپ، — ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى.

— ئايالىڭ نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي ئىككىلىنىپ.

— ئۇنى جىن ئەپقېچىپ، كۆۋاس بىلەن يەم قىلىۋەتتى! ئۇ تاڭ يورۇماستىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، كىرىۋېلىنىسكىغا تاغالچە ئەكىلىشكە كەتتى. مەن سىلەرنىڭ ئۆيدىن قايتىپ كېلىشىم بىلەنلا ماڭا تەگكىلى باشلىدى! چېركاۋ خۇتبىسىنى ئوقۇ - ئوقۇ،① ئاخىردا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ: «مەن تاغالچە ئالغىلى بارىمەن! بۈگۈن ماكسايېۋنىڭ كېلىنلىرى بارماقچىدى، مەنمۇ بارىمەن!» — دېدى. مەيلى، ئاموتقا بارساڭمۇ بار، يولۇڭ بولسۇن! دېدىم ئىچىمدە. ئورنۇمدىن تۇرۇپ مەشكە ئوت ياقتىم. ئىنەكنى ساغقىلى باردىم. مانا سۈتنىمۇ ساغدىم. سەن بىر قولى بىلەن بۇنداق ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيدۇ، دەپ ئويلامسەن؟

① بۇ جۈملىنى «ئاغزىغا كەلگەننى تىللاپ» دېگەن مەنىدە چۈشىنىش مۇمكىن — ت.

— تەنتەك، بىر ئايالنى چاقىرساڭ بولامدۇ؟

— تەنتەك دېگەن ئانىسىنى پوكرووۋ بايرىمىغىچە ئېمىدىغان تۇقلا، مەن بولسام ئۆمرۈمدە تەنتەك بولغان ئەمەسمەن. مەن كالا سېغىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. نەق ھۆددىسىدىن چىقتىم. مەن كالىنىڭ ئاستىدا ئۇيان ئۆمىلەيمەن، بۇيان ئۆمىلەيمەن، بۇ لەنىتى جايىدا تۇرمايدۇ، تېپچەكلەيدۇ. ئۇنى قورقۇتماسلىق ئۈچۈن بېشىمدىن تۇلاقچىنى ئېلىپ تاشلىدىم — بەربىر پايدىسى بولمىدى. سېغىپ بولغۇچە ئۇچامدىكى كۆڭلەك تەردىن چىلىق - چىلىق بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاستىدىن چېلەكنى ئالاي دەپ، شۇنداق قولۇمنى ئۇزارتقاندا، بىر تەپمەسمۇ! چېلەك بىر يانغا يىقىلدى، ئۆزۈم بىر يانغا ئوڭدا چۈشتۈم. مانا سۈتنى ئاشۇنداق ساغدىم. بۇ بىر كالا ئەمەس، مۈڭگۈزلۈك شەيتاننىڭ نەق ئۆزى! تۇمشۇقىغا بىرنى تۈكۈردۈم - دە، كەتتىم. مەن سۈتسىزمۇ كۈنۈمنى ئۆتكۈزۈۋېرىمەن. خوش، باشنى ساقايتامدۇق؟

— بىر نەرسەڭ بارمۇ؟

— بىر شىشە، كارامەت كۈچلۈك.

— يېتىدۇ.

— قېنى، يۇقىرى چىق، مېھمان قىلاي. تۇخۇم قورۇيمۇ؟ بىردەمدىلا تەييارلايمەن.

گرىگورىي چوشقا مېيىنى توغرىدى. ساھىبخانىنىڭ ئوچاقتا ئوت يېقىشىغا ياردەملەشتى. بۇ ئىككىيلەن بىر پارچە قىزغۇچ ماينىڭ تاۋا ئىچىدە ۋىژىلداپ ئېرىۋاتقانلىقىغا ئۈنچىقماستىن قاراپ تۇرۇشتى. ئاندىن كېيىن پروخور بۇتىنىڭ رەسمىي تۇردىغان مېھرابىنىڭ ئارقىسىدىن چاڭ باسقان بىر شىشىنى سۇغۇرۇۋالدى.

— خوتۇنۇمدىن سىر تۇتۇدىغان ئىشلارنى ئاشۇ يەرگە

يوشۇرىمەن، — دەپ قىسقىلا چۈشەندۈردى ئۇ.

ئۇلار ئوت يېقىلىپ، ئوبدان ئىسسىغان كىچىككىنە ئۆيدە يەپ-ئىچىشىپ، ئاستا پاراڭغا چۈشتى.

گرىگورىي ئۆزىنىڭ ئىنتايىن يوشۇرۇن ئوي-پىكىرلىرىنى پروخورغا ئېيتماي، كىمگە ئېيتسۇن؟ ئۇ شىرەنىڭ يېنىدا، يوغان شادىپاچاقلىرىنى كېرىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ خىرىلدىغان بوم ئاۋازى بېسىنقىراپ چىقتى:

—... ئارمىيىدىمۇ ۋە پۈتۈن يول بويى كۆڭلۈمدە يۇرتقا بارغاندا قانداق تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقىمنى ئويلىغانىدىم، ئائىلەمدە دەم ئالىمەن، بۇ ئادەمنى بىزار قىلغان ئۇرۇشقا ئىككىنچى قاتناشمايمەن، دېگەنىدىم. سەككىز يىلدىن بۇيان ئاتتىن چۈشمىدىم! — بۇ ئويۇن ئىشمۇ! ھەر كۈنى دېگۈدەك كېچىسى مۇنۇ گۈزەل مەنزىرە چۈشۈمگە كىرىپ تۇردى: سەن بىرىنى ئۆلتۈرسەڭ، باشقىلار سېنى ئۆلتۈرىدۇ... پروخور، قارىغاندا، مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولۇپ چىقمىدى... قارىغاندا، يەر ھەيدەش، ئېتىز پەرۋىش قىلىش ماڭا ئەمەس، باشقىلارغا نېسىپ بولىدىغان ئوخشايدۇ...

— تۈنۈگۈن مىخايىل بىلەن سۆزلەشتىڭمۇ؟

— ھەسەل بىلەن تەشنالىقىمنى قاندۇردۇم.

— ئۇ نېمە دېدى؟

گرىگورىي بارماقلىرىنى كرېست شەكلىدە بىر-بىرىگە كىرىشتۈردى.

— بىزنىڭ دوستلۇقىمىز مانا شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇ مېنى ئاقلارغا خىزمەت قىلدىڭ دەپ تەنە قىلىدۇ، يېڭى ھاكىمىيەتكە كۆڭلىدە ئۆچلۈك قىلىدۇ، ئۇنىڭغا قارشى قوينىدا پىچاق ساقلايدۇ، دەپ ئويلايدۇ، مېنى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ، دەپ قورقىدۇ، بۇنداق ئىشنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بار، ئۇ ئۇچىغا

چىققان ئەخمەق، بۇ ئىشنى نەدىن بىلسۇن.

— ئۇ بۇ سۆزنى ماڭىمۇ ئېيتقان.

گرىگورىي زورمۇزور كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— پولشىغا كېتىۋاتقىنىمىزدا بىر ئۇكراين ئۆز يېزىسىنى قوغداش ئۈچۈن بىزدىن قورال سورىدى. باسمىچى گۇرۇھلار ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، مال-مۈلۈكلىرىنى تالاپ، چارۋىلىرىنى قىرغان ئوخشايدۇ. گەپ ئۈستىدە مەنمۇ بار ئىدىم، پولك كوماندىرى ئۇنىڭغا: «ئەگەر بىز سىلەرگە قورال بەرسەك، ئۆزلىرىڭلارمۇ باسمىچىلار قاتارىغا ئۆتۈپ كېتىسىلەر» — دېدى. ئۇكراين كۈلۈپ: «يولداش، بىزنى ئاۋۋال قوراللاندۇرۇڭلار، ئۇ چاغدا باسمىچىلار تۈگۈل، بەلكى سىلەرنىمۇ يېزىمىزغا كىرگۈزمەيمىز» — دېدى. ھازىر مەنمۇ ئاشۇ خوخولغا ئوخشاش: مۇبادا تاتارىسكىغا نە ئاقلارنى، نە قىزىللارنى كىرگۈزمەسلىك مۇمكىن بولغاندا ئىدى — تولىمۇ ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلايمەن. ئېيتايلۇق، مېنىڭ قېيىن ئاكام مىتكا كورشونوف بولسۇن، مىخايىل كوشىۋوي بولسۇن، ماڭا بۇلارنىڭ قىممىتى ئوخشاش. كوشىۋوينىڭ پىكرىچە، مەن ئاقلارنىڭ سادىق مۇخلىسى بولۇپ، ئۇلارسىز ياشىيالماس ئىمىشمەن. بۇ ئۇچىغا چىققان بىمەنە گەپ! مەن قانداقچە ئۇلارغا مۇخلىس بولاي! يېقىندا، قىرىمغا يېقىنلىشىپ قالغىنىمدا، كورنىلوفنىڭ بىر ئوفىتسېرى بىلەن جەڭگە كىرىشىپ قالغانىدىم، شۇنداق چاققان پولكوۋنىك ئىدىكى، ئىنگلىزچە قويۇۋالغان كالتە بۇرۇتى خۇددى بۇرنىدىن ماڭقىسى ساڭگىلاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنى بار كۈچۈم بىلەن شۇنداق چاپتىمكى، يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى! بىچارە پولكوۋنىكنىڭ پەقەت بېشىنىڭ يېرىمى بىلەن فۇراژكىسىنىڭ يېرىمى قېپقالدى... ئوفىتسېرلىق ئاق كاكاردىسى ئۇچۇپ چۈشتى... مېنىڭ ئاقلارغا بولغان ئىخلاسىم مانا شۇنداق!

ئۇلارمۇ ماڭا يېتەرلىك دەرىجىدە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈرگەن. مەن بۇ لەنىتى ئوفىتسېرلىق دەرىجىگە قان ئاققۇزۇپ ئېرىشكەنمەن، ئەمما ئوفىتسېرلار ئارىسىدا ئاق قاغىدەك ئىدىم. ئۇ ئەبلەخلەر مېنى ئەزەلدىن ئادەم ئورنىدا كۆرمەيتتى، ماڭا قول بېرىپ كۆرۈشۈشتىنمۇ يىرگىنەتتى، مۇشۇ قىلىقلىرىدىن كېيىن مەن ئۇلارغا... ئانىسىنىڭ گۆرىگە كەتسۇن! بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ يىرگىنىشلىك! مەن تېخى ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى قايتىدىن ئورنىتىش تەرەپتارىمۇ؟ گېنېرال فىتسخالائورۇۋۇلارنى چاقىرماقچىمەنمۇ؟ مەن بۇ ئىشنى بىر قېتىم قىلىپ باققانمەن، ئەمما بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھېقىقلاشقا باشلىدىم، شۇمۇ يېتەرلىك، ئالىم بولۇپ قالدىم، ئۆز كۈچۈم بىلەن ھەممىنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىدىم!

پروخور ئىسسىق مايغا ناننى تۆگۈرۈۋېتىپ مۇنداق دېدى:

— ھېچقانداق قوزغىلاڭ بولمايدۇ. بىرىنچىدىن — كازاكلار ناھايىتى ئاز قالدى، ساق قالغانلىرىمۇ ئاق - قارىنى پەرق ئېتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرادەرلىرىمىزنىڭ قېنى ئۆزلۈكسىز تۆكۈلۈپ كەلدى، شۇڭلاشقا ئۇلار شۇنداق ياۋاش ۋە ئەقىللىق بولۇپ قېلىشقانكى، ئۇلارنى ھازىر ئارغامچا بىلەن سۆرەپمۇ ئاپىرالمايسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە تەشنا. سەن مۇشۇ يازدا كۆپچىلىكنىڭ قانداق ئىشلىگەنلىكىگە بىر قاراپ باققان بولساڭ بولاتتى: ئورۇلغان ئوت - چۆپلەرنى تاغ - تاغ دۆۋىلىۋەتتى، ئاشلىقنى بىر تال دان قالدۇرماي يىغىۋالدى، ھېرىپ - چارچىغانلىقىغا قارىماستىن، يەر ھەيدەپ، ئۇرۇق چېچىشىۋاتىدۇ، گوياكى ھەربىر ئادەم 100 يىلدىن ئۆمۈر سۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقاندەك! ياق، قوزغىلاڭ توغرۇلۇق سۆز ئېچىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ ئەخمىقانە گەپ. ئەمما

ئۇلارنىڭ، ئاشۇ كازاكلارنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى كىم بىلسۇن...

— ھە، ئۇلار نېمىنى ئويلىماقچى؟ سەن بۇ سۆزنى نېمىگە قارىتىپ ئېيتىۋاتىسەن؟

— قوشنىلىرىمىز ئويلاپ قويۇشقاندەك...

— نېمىنى؟

— ھە دېمەمسەن. ۋورونېژ ئۆلكىسىنىڭ بوگۇچار دېگەن يېرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ.

— بۇ سۆز يالغان!

— قانداقچە يالغان بولسۇن، تۈنۈگۈن تونۇش بىر خەلق ساقچىسى شۇنداق دېدى. ئۇلارنى شۇ ياقتا ئەۋەتمەكچى ئوخشايدۇ.

— زادى قەيەردە ئىكەن؟

— موناستىر جايلاشقان يەردە، سۇخوي دونېتستا، پاسېكادا، كونا كالىتۋا ۋە يېڭى كالىتۋادا، يەنە باشقا يەرلەردە. قوزغىلاڭنىڭ كۆلىمى بەك زور، دەيدۇ.

— نېمىشقا سەن تۈنۈگۈن بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلمىدىڭ، قوتۇر غاز؟

— مىخايلىنىڭ ئالدىدا ئېيتقۇم كەلمىدى، يەنە كېلىپ بۇنداق ئىشلارنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ پايدىسى چاغلىق. بۇنداق ئىشلارنى ئۆمۈر بويى ئاڭلىمىغان ياخشى، — دېدى پروخور نارازى بولۇپ.

گرىگورىينىڭ چىرايى تۇتۇلدى. ئۇزاق ئويغا پاتقاندىن كېيىن:

— بۇ شۇم خەۋەر، — دېدى.

— بۇنىڭ ساڭا ئالاقىسى يوق. خوخوللار نېمىنى ئويلىسا ئويلاۋەرسۇن. ئۇلار ئوبدان ئەدەبىنى يېگەندە، قوزغىلاڭ كۆ-

تۇرۇشىنىڭ نېمىلىكىنى شۇ چاغدا بىلدۇ. مەن بىلەن بىرگە بۇنىڭ ھېچبىر كېرىكى يوق. مەن ئۇلارغا قىلچە ھېسداشلىق قىلمايمەن.

— ماڭا ئەمدى قىيىن بولىدۇ.

— نېمە سەۋەبتىن؟

— نېمە سەۋەبتىن دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئەگەر مەن توغرۇلۇق ئوكروگ ھاكىمىيىتىنىڭ پىكرىمۇ كوشېۋوينىڭ پىكرى بىلەن ئوخشاش بولىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايمەن. بىزگە قوشنا بولغان رايوندا قوزغىلاڭ پەيدا بولسا، مەن سابىق ئوفىتسېر، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوزغىلاڭچى تۇرسام... ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟

پروخور زان چاينىشنى توختىتىپ، ئويلىنىپ قالدى. مۇنداق پىكىر ئۇنىڭ خىيالىغا كەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ مەستلىكتە كاللىسى ئىشلىمەي ئاستا ۋە كۈچەپ ئويلاشقا باشلىدى.

— بۇ ئىشنىڭ ساڭا نېمە ئالاقىسى بار، پانتېلېيېۋىچ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتەلمەي.

گرىگورىي ئاچچىقى بىلەن چىرايىنى پۈرۈشتۈردى-دە، ئۈنچىقمىدى. بۇ خەۋەردىن تەشۋىشلەنگەنلىكى ئوچۇقلا چىقىپ تۇراتتى. پروخور ئۇنىڭغا ئىستاكان سۇنغانىدى، ئەمما گرىگورىي، ئۆي ئىگىسىنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ قەتئىي ئۈنىمىدى:

— ئەمدى ئىچمەيمەن.

— يەنە بىر ئىستاكاندىن ئىچسەك بولماسمىدى؟ ئىچكىن، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، مەست بولغۇچە ئىچ. بۇ راھەت تۇرمۇشتا ساموگوندىن باشقا ھۇزۇر ئالىدىغان نېمە بار.

— سەن بىر ئۆزۈڭلا ئىچىپ مەست بولۇۋالغىن. بۇنىڭسىزمۇ كاللا قاپاق، بۇنى ئىچسەڭ بىر يولى نابۇت بولىسەن، مەن بۈگۈن ۋېشكىغا تىزىملىتىشقا بارىمەن.

پروخور گرىگورىيغا تىكىلىپ قارىدى. گرىگورىينىڭ ئاپ-ئاپتا كۆيۈپ، شامالدا يېرىلغان يۈزى قارىداپ، قىزىرىپ كەتكەنىدى، پەقەت ئارقىسىغا تارالغان چاچلىرىنىڭ يىلتىزلىرى خىرە ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. ئۇرۇش ۋە قىيىنچىلىق كۈنلەردە پروخورغا بىر تۇغقاندەك بولۇپ كەتكەن بۇ جەڭچىنىڭ هازىرقى هالىتى ئىنتايىن خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. سەل - پەل ئىششىغان كۆزلىرى هارغىنلىق بىلەن قاپىقىنى تۈرۈپ، سۈرلۈك قاراپ تۇراتتى.

— سەن ئاشۇ بىلەن قاماقتا ئېلىشتىن قورقمامسەن؟ — دەپ سورىدى پروخور.

گرىگورىي جانلىنىپ كەتتى.

— يىگىت، مېنىڭ قورقىدىغىنىم دەل مۇشۇ ئىش! مەن ئەزەلدىن قاماقتا ياتقىنىم يوق، ئۆلۈمدىن بەتتەر تۈرمىدىن قورقىمەن. بۇ ئەزگۈ ئىشنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلەرمىكىن دەيمەن.

— سەن ئۆيۈڭگە بىكار كەلدىڭ، — دېدى پروخور ئەپسۇسلىنىپ.

— ئۇنداق بولسا، نەگە بېرىشىم لازىم ئىدى؟

— شەهەرنىڭ بىر يېرىدە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، مۇنۇ پاتىپاراق كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكۈچە پۇرسەت كۈتۈپ، ئاندىن كەلسەڭمۇ بولاتتى.

گرىگورىي قول شىلتىپ كۈلدى:

— بۇ ماڭا لايىق ئەمەس! كۈتۈش ۋە ئارقىدىن قوغلاش — ئەڭ يىرگىنىشلىك ئىش. مەن بالىلارنى تاشلاپ، نەگە باراتتىم؟

— شۇمۇ سۆز بولدىمۇ! ئۇلار سەنسىزمۇ ياشاپ كەلدىغۇ. بالىلىرىڭنى ۋە مەهبۇبەڭنى كېيىن ئەكەتسەڭمۇ بولاتتى.

ھە، يەنە بىر ئىشنى ساڭا ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن! ئۇرۇشنىڭ ئالدىدا ئاكسىنىيە بىلەن ئىككىڭلار خىزمەت قىلغان ئۆيدىكى خوجايىنلىرىڭنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆلۈپتۇ.

— لىستنىتسكىنلەرمۇ؟

— نەق شۇلار. قۇدام زاخار، چېكىنىش ۋاقتىدا ياش لىستنىتسكىنىڭ شەخسىي خىزمەتكارى بولغانىدى، ئۇ سۆزلەپ بەردى: قېرى پومېشچىك موروزوۋسكايادا كېزىك كېسىلىدىن ئۆلۈپتۇ، ياش پومېشچىك بولسا كاتېرىنودارغىچە قېچىپ بارغانىكەن، شۇ يەردە ئۇنىڭ خوتۇنى گېنېرال پوكروۋسكىي بىلەن ئالاقىدە بولغانلىقتىن، ياش پومېشچىك بۇ ئەلەمگە چىدىيالماي، ئۆزىنى ئېتىۋاپتۇ.

— ئۆلگەن بولسا، شەيتان يار بولسۇن، — دېدى گرىگورىي پەرۋا قىلماي، — ياخشى ئادەملەر ئۆلگەن بولسا ئېچىنىشلىق، ئەمما مۇنۇلارغا ھېچكىمنىڭ ئىچى ئاغرىمايدۇ، — گرىگورىي ئورنىدىن تۇردى، شىنېلىنى كىيگەندىن كېيىن ئىشكىنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئويچانلىق بىلەن يەنە سۆز باشلىدى، — كىم بىلىدۇ، مەن ياش لىستنىتسكىي ياكى بىزنىڭ كوشىۋويدەك ئادەملەرگە ھەمىشە زوقلىنىپ قاراپ كەلگەنىكەنمەن... ئۇلارغا ھەممە ئىش باشتىلا ئايدىڭ ئىكەن، مەن تا شۇ كەمگىچە ھېچنېمىنى بىلمەي كەپتىمەن. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ماڭىدىغان يولى، يەتمەكچى بولغان نىشانى بەلگىلىك ئىكەن، مەن بولسام 17 - يىلدىن تارتىپ ئىككى ئاچا يولدا مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ مېڭىپ كەلدىم... ئاقلاردىن ئاجرىلىپ چىقتىم، قىزىللارغا يېپىشىپ كېتەلمىدىم، خۇددى كۆلچەكتىكە چۈشكەن تېزەكتەك لەيلەپ يۈرىمەن... كۆردۈڭمۇ، پروخور، ماڭا، ئەلۋەتتە، قىزىل ئارمىيە سېپىدە ئاخىرغىچە تۇرۇش لازىم ئىكەن، ئۇ چاغدا، بەلكى، ھەممە ئىشىم ئوڭغا تارتقان بولاتتى.

ئۆزۈڭ بىلسەن، مەن باشتا سوۋېت ھاكىمىيىتىگە جان - دىلىم بىلەن خىزمەت قىلدىم، ئەمما كېيىن ھەممە ئىش بۇزۇلدى... ئاقلارنىڭ قوماندانلىق شتابىدا مەن يات ئادەمدەكلا ئىدىم، ئۇلار ماڭا ھەمىشە گۇمانلىق قارايتتى، باشقىچە بولۇشى مۇمكىنمۇ، ئاخىر؟ بىر دېھقاننىڭ ئوغلى، ساۋاتسىز كازاك تۇرسام، ئۇلارغا قانداقمۇ يېقىن بولاي؟ ئۇلار ماڭا ئىشىنىشمىدى! ئەمما كېيىن قىزىللارمۇ شۇنداق بولۇپ چىقتى. مەن قارىغۇ ئەمەسقۇ، ئىسكادروندا كومىسسار بىلەن كوممۇنىستلار ماڭا قانداق قارايدىغانلىقىنى سېزىپ يۈرگەنمەن... جەڭدە مەندىن كۆزىنى ئۈزۈشمەيتتى، ھەربىر قەدىمىمنى كۆزىتىپ تۇراتتى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ: ھەي، بۇ ئەبلەخ، ئاق گۋاردىيىچى كازاك ئوفىتسېرى بىزنى ئالداپ يۈرمىسۇن، دەپ ئويلىغان بولۇشى شۈبھىسىز. بۇ ئىشنى سەزگەندىن كېيىن يۈرىكىم بىردىنلا سوۋۇشقا باشلىدى. كېيىنكى چاغلاردا مۇنداق ئىشەنچسىز قاراشقا چىداپ تۇرالمايدىغان بولدۇم. جەزىرىمە ئىسسىقتىن تاشمۇ يېرىلىپ كېتىدىغۇ. خەيرىيەتكى، مېنى ھەربىيلىكتىن بوشىتىشتى. ھەممە ئىش ئاخىرىغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى، — گرىگورىي ئاستا يۆتىلىپ، بىردەم ئۈنچىقمىدى، ئاندىن پروخورغا قارىماستىن، باشقا ئاھاڭدا مۇنداق دېدى، — مېھمان قىلغانلىقىڭغا رەھمەت. مەن كەتتىم. سالامەت بول. ئەگەر قايتىپ كەلسەم، كەچقۇرۇن كىرىپ چىقارمەن. شېشىنى يىغىشتۇرۇپ قوي، خوتۇنۇڭ كېلىپ قالسا، تاۋىنىڭ سېپى بىلەن دۈمبەڭگە سالمىسۇن يەنە.

پروخور ئۇنى پەلەمپەيگىچە ئۇزىتىپ قويۇپ، دەھلىزدە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئۇھ، پانتېلېيېۋىچ، قاراپ يۈر، سېنى ئۇ يەردە سولاپ قويمىسۇن.

— شۇنداق قىلارمەن، — دەپ جاۋاب بەردى گرىگورىي ۋەزمىنلىك بىلەن.

ئۇ ئۆيىگە قايتماستىنلا، دوننىڭ قىرغىقىغا چۈشتى، بۇ يەردىن بىرسىنىڭ باغلاپ قويغان قوش پالاقلىق قېيىقىنى يېشىۋالدى، ئىچىدىكى سۇنى چاڭگىلى بىلەن چېچىپ چىقىرىۋەتتى، ئاندىن قاشادىن بىر تال قوزۇقنى سۇندۇرۇپ، قېيىقنىڭ ئەتراپىدىكى مۇزنى چوقۇپ، دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۈزۈپ كەتتى.

شامالدا كۆپۈكلەنگەن قارامتۇل يېشىل دولقۇنلار غەربكە قاراپ يۇمىلاپ كېتىۋاتاتتى. بۇ دولقۇنلار قىرغاقنىڭ تۈۋىدىكى تىنىچ سۇدا چۈرۈك شېشىدەك مۇزنى پارچىلايتتى، يىپەكتەك مەيىن لەشلەرنىڭ يېشىل يىپلىرىنى تەۋرىتەتتى. چاراسلاپ سۇنغان مۇز پارچىلىرىنىڭ ئاۋازىنى قىرغاقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئاڭلاشقا بولاتتى، سۇ يالاپ ئېچىۋەتكەن قىرغاق لېۋىدىكى شېغىل تاشلار مەيىن شىرىلدايتتى، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا، سۇ شىددەتلىك ۋە بىر قېلىپتا ئاققان يەردە بولسا گرىگورىي پەقەت قېيىقنىڭ سول يېقىدا يىغىلىپ قالغان دولقۇنلارنىڭ شىپىرلىشىنى ئاڭلايتتى ھەمدە دون بويىدىكى ئورماننىڭ ئىچىدە شامالنىڭ تىنىمسىز غۇيۇلدىشى قۇلاققا چېلىناتتى.

گرىگورىي قېيىقنى يېرىمىغىچە قىرغاققا سۆرەپ ئاچىقىپ، ئۈستىدە ئولتۇردى، ئۆتۈكىنى سالدى، چاققان مېڭىش ئۈچۈن پايتىمىسىنى كۆڭۈل قويۇپ قايتىدىن ئورىدى.

ئۇ چۈش بولغاندا ۋېشېنسكاياغا كەلدى.

ئوكرۇگ ھەربىي كومىسسارىياتنىڭ ئىچى ئادەمگە لىق تولغان بولۇپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قاپلىغانىدى. تېلېفون قوڭغۇراقلىرى قاتتىق جىرىڭلايتتى، ئىشىكلەر پاراقلىشىپ ئېچىلىپ-يېپىلىپ تۇراتتى، قوراللىق كىشىلەر كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى، بۆلۈملەر-

دىن خەت باسىدىغان ماشىنىكىلارنىڭ چاكىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىـ
ناتتى، كارىدوردا يىگىرمىدەك قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى،
ئۈستىگە بۇرمىلىق رومانوفچە كالتا جۇۋا كىيگەن ۋىجىككىنە
بىر ئادەمنى قورشىۋالغان بولۇپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن چۇقۇرـ
شىپ، بىرنىمىلەرنى دەپ، قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. گرىگورىي كارىـ
دوردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئەڭ چەتتىكى ئۆيدىن ئىككى
قىزىل ئەسكەر بىر دانە ستانوكلۇق پىلىموتنى ئىتتىرىپ چىقارـ
دى. پىلىموتنىڭ غىلدىرەكلىرى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاختاي
ئۈستىدە ئاستا تاراقلاپ ئۆتتى. پىلىموتچىلارنىڭ بىرى سېمىز
ۋە ئېگىز بوي بولۇپ، چاقچاق بىلەن: «قېنى، جازالانغان روتا،
بىر چەتكە تۇرۇڭلار، بولمىسا باستۇرۇۋېتىمەن!» — دەپ
توۋلىدى.

قارىغاندا، ئۇلار راستىنلا قوزغىلاڭغا ئاتلىنىشقا تەييارـ
لىنىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى گرىگورىي.

تىزىملاش ۋاقتىدا گرىگورىينى ئۇزاق ئاۋارە قىلىشمىدى.
ھەربىي كومىسسارىياتنىڭ كاتىپى گۇۋاھنامىگە ئالدىراش بەلگە
قويۇپ، جېكىلىدى:

— دون پەۋقۇلئاددە كومىسسىيىسى يېنىدىكى سىياسىي
بيۇروغا① كىرىپ ئۆتۈڭ. چۈنكى سىز ئىلگىرى ئوفىتسېر بولـ
غانلىقتىن، ئۇلارنىڭ دەپتىرىگە قەيت قىلىنىشىڭىز كېرەك.

— خوپ، — دېدى گرىگورىي قولىنى چېكىسىگە تەگكۈـ
زۈپ، ھاياجانلانغانلىقىنى بىلدۈرمەستىن.

مەيدانىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ئويلىنىپ، تۇرۇپ قالدى. سىياسىي
بيۇروغا بېرىش لازىم ئىدى، ئەمما بېرىشقا پۈتۈنلەي يۈرىكى
تارتماي قويدى. «قاماققا ئالىدۇ!» — دېدى ئىچكى سېزىمى،

① سىياسىي بيۇرو — بۇ يەردە ئاشۇ كومىسسىيىنىڭ 1920 — 1921 -
يىللاردىكى رايونلۇق ياكى ناھىيىلىك ئورگانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن گرىگورىي قورقۇپ، سەسكىنىپ پۈتۈن ئەزاسى تىترەپ كەتتى. مەكتەپنىڭ تېمى ئالدىدا كۆزى ھېچنېمىنى كۆرمەي، قىغ چېچىلغان يەرگە قادىلىپ تۇرۇپ قالدى، گويا ئۆزىنى قولى باغلانغان ھالدا بىر ئەسكى شوتا بىلەن گەمە ئۆيگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ۋە ئارقىسىدىن ئىككى ئادەم تاپانچىنىڭ سىپىنى مەھكەم تۇتۇپ كېلىۋاتقاندەك ئەھۋالدا كۆردى. گرىگورىي مۇشتىنى تۈگۈپ، كۆپۈپ تۇرغان كۆك تومۇرلىرىغا بىردەم قارىدى. مۇشۇ قوللارنى باغلامدۇ؟ پۈتۈن قېنى يۈزىگە تېپىپ چىقتى. ياق، بۈگۈن مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن! ئەتە قاراپ باقارمىز، بۈگۈن ئۇ يېزىغا بېرىپ، بىر كۈننى بالىلىرى بىلەن بىللە ئۆتكۈزىدۇ، ئاكسىنىيە بىلەن كۆرۈشىدۇ، شۇندىن كېيىن ئەتىگەندە ۋېشىنىسكايىغا قايتىدۇ. يول يۈرگەندە ئايىغى بىر ئاز ئاغرىشى تۇرغان گەپ، ئاغرىسا ئاغرىۋەرسۇن. ئۇ ئۆيىدە پەقەت بىر كۈنلا تۇرۇپ، بۇ يەرگە قايتىپ كېلىدۇ، سۆزسىز قايتىپ كېلىدۇ. ئەتە نېمە بولسا بولسۇن، ئەمما بۈگۈن — مۇمكىن ئەمەس!

— ئاھ، مېلېخوف! سەن بىلەن كۆرۈشمىگىلى نەچچە ياز، نەچچە قىش بولدى...

گرىگورىي ئارقىسىغا قايرىلدى. ياكو فومىن ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتقانىكەن، بۇ ئادەم پېترونىڭ پولكدىشى بولۇپ، ئىلگىرى دون ئارمىيىسى 28 - ئىسيانچىلار پولكىنىڭ سابىق كوماندىرى ئىدى. ئۇ ئەمدى بىر چاغلاردا گرىگورىي بىلىدىغان، ئەبگا، ئىسكەتسىز كىيىنىپ يۈرىدىغان فومىن ئەمەس ئىدى. ئىككى يىل مابەينىدە پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن: ئۇستىگە كىيگەن ئاتلىق ئەسكەر شىنېلى قۇيۇپ قويغاندەك دەل كەلگەن. پارقىراپ تۇرغان ئاقسېرىق بۇرۇتى تولغانغان، ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىدا، جەسۇرانە يۈرۈش تۇرۇشىدا، مەغرۇرانە كۈلكىسىدە باشقىلاردىن مەن ئۈس-

تۆن تۈرسەن، ئايرىلىپ تۈرسەن، دېگەن بىر پىكىر سىزىلىپ تۇراتتى.

— بىزنى قايسى قىسمەت كۆرۈشتۈردى؟ — دەپ سورىدى ئۇ گرىگورىينىڭ قولىنى سىقىپ، چەكچەيگەن كۆك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ.

— ھەربىي سەپتىن بوشانغانىدىم. ھەربىي كومىسسارىياتىغا كىرىپ چىقتىم...

— كەلگىنىڭگە ئۇزاق بولدىمۇ؟

— تۈنۈگۈن كەلدىم.

— ئاكاڭ پېترو پانتېلېيېۋىچنى پات - پات ئەسلەپ قويىمەن. ياخشى كازاك ئىدى. بىكار ھالاك بولدى... بىز ئۇنىڭ بىلەن قەدىناس دوست ئىدۇق. مېلېخوف، سىزلەر ئۆتكەن يىلى قوزغىلاڭغا قاتناشماسلىقىڭىزلار لازىم ئىدى. خاتا قىلدىڭىزلار!

گرىگورىي بىرەر نېمە دېمىسە بولمايتتى، شۇڭا دېدى:

— شۇنداق، كازاكلار خاتا قىلىشتى...

— سەن قايسى قىسمدا ئىدىڭ؟

— 1 - ئاتلىق دىۋىزىيىدە.

— نېمە ۋەزىپىدە؟

— ئىسكادىرون كوماندىرى ئىدىم.

— شۇنداقمۇ؟ مەنمۇ ھازىر ئىسكادىرون كوماندىرىمەن. بۇ يەردە، ۋېشېنسكايادا بىزنىڭ قاراۋۇل ئىسكادىرون بار، — فومىن ئەتراپىغا بىر قارىۋېلىپ، پەس ئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنداق بولسا، بىرئاز يۈرەيلى، مېنى كىچىككىنە يەرگىچە ئۇزىتىپ قويارسەن، بولمىسا، بۇ يەردە تىممىسقىلاپ يۈرگەن خەلق بىزنى تۈزۈك سۆزلەشكىلى قويمايدۇ.

ئۇلار كوچا بويلاپ مېڭىشتى. فومىن گرىگورىيغا كۆز قىرى بىلەن قاراپ، سورىدى:

— ئۆيۈڭدە تۇرماقچىمۇ سەن؟
— ئەمدى نەدە تۇراتتىم؟ ئەلۋەتتە، ئۆيدە تۇرىمەن.
— ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنامسەن؟
— ھەئە.
فومىن ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى چايقىدى ـ دە، خورسىندى:
— مېلېخوف، سەن يامان ۋاقىتنى تاللىۋاپسەن، ئۇھ، يامان ۋاقىت... يەنە بىر ـ ئىككى يىل ئۆيگە قايتماسلىقىڭ لازىم ئىدى.
— نېمىشقا؟
فومىن گرىگورىينىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ، سەل ـ پەل ئېگىشتى ـ دە، پىچىرلىدى:
— ئوكروگنىڭ ئىچى تەشۋىشلىك. كازاكلار ئوزۇق ـ تۈلۈك سېلىقىغا نارازى بولۇشۇۋاتىدۇ. بوگۇچار ناھىيىسىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. بۈگۈن قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئاتلانماقچىمىز. يىگىت، ساڭا ئەڭ ياخشىسى، بۇ يەردىن نېرى كېتىش، يەنە كېلىپ تېزرەك كەتكىنىڭ تۈزۈك. پېترو بىلەن ئىككىمىز قېلىن دوست ئىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا كېتىشكە مەسلىھەت بېرىمەن!
— مېنىڭ كېتىدىغان يېرىم يوق.
— ھەي، ھېزى بول! سىياسىي بيۇرو ئوفىتسېرلارنى قاماققا ئېلىشقا باشلىدى، شۇڭا بۇ سۆزنى ساڭا ئېيتىۋاتىمەن. مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە دۇدارېۋكىدىن ئۈچ مۇئاۋىن خورۇنجىنى، رېشېتوۋكىدىن بىرنى ئەكىلىشتى، دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىن بولسا ئوفىتسېرلارنى توپ ـ توپى بىلەن ئەكىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەتتىكى ئۇنۋانى يوق كازاكلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈۋاتىدۇ. ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆر گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ.
— بۇ مەسلىھەتىڭگە رەھمەت، ئەمما مەن ھېچ يەرگە بارمايمەن، — دېدى گرىگورىي قاتتىق تۇرۇپ.

— بۇ سېنىڭ ئۆز ئىشىڭ.

فومىن ئوكروكتىكى ئەھۋالنى، ئۆزىنىڭ ئوكروك باشلىقلىرى بىلەن ۋە ئوكروكنىڭ ھەربىي كومىسسارى شاخايېف بىلەن بولغان ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى سۆزلەپ بەردى. گرىگورىي ئۆز ئۆي - پىكرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە قۇلاق سېلىپ كېتەلمىدى. بۇلار ئۈچ مەھەللىدىن ئۆتكەندىن كېيىن فومىن توختىدى.

— مەن بىر يەرگە كىرىپ چىقماقچىدىم. ھازىرچە خوش، — ئۇ قولىنى كۇبانكىسىغا تەگكۈزۈپ، گرىگورىي بىلەن سوغۇققىنا خوشلاشتى - دە، يېڭىدىن تاقىغان يەلكە تاسما باغلىرىنى غىچىرلىتىپ، كۆلكىلىك ھالدا غادىيىپ، تار كوچا بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

گرىگورىي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۇ سىياسىي بيۇرونىڭ ئىككى قەۋەتلىك بىناسىنىڭ تاش پەلەمپىيىدىن يۇقىرىغا چىقىۋېتىپ، ئىچىدە ئويلىدى: پۈتتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغاندىن كېيىن، تېزرەك پۈتتۈرۈش كېرەك، سوزۇشنىڭ ھاجىتى يوق! گرىگورىي، شوخلۇق قىلىشنى بىلگەنىكەنسەن، جاۋاب بېرىشنىمۇ بىل!»

## 8

ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئاكسىنىيە مەشنىڭ چوغىنى چۇخچىلاپ يىغدى، ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قىزارغان، تەرگە پىشقان يۈزىنى پەشتامىسى بىلەن سۈرتتى. ئۇ تاماق ئېتىشتىن بالدۇرراق بىكار بولۇش ئۈچۈن تاڭ يورۇماستىلا ئورنىدىن تۇرغانىدى، — توخۇ گۆشى بىلەن سۇيۇقئاش قىلدى، قويماق پىشۇردى، قىيمىسىغا سۈزمە ئارىلاشتۇرۇلغان سامبۇسىنىڭ

بېتىگە قايماق سۈرۈپ، قىزارتىش ئۈچۈن ھەشكە قويدى؛ ئۇ
گرىگورىينىڭ قىزىرىپ پىشقان سامبۇسىنى ياخشى كۆرىدىغانـ
لىقىنى بىلەتتى؛ شۇڭا سۆيگەن كىشىسىنىڭ ئۆز ئۆيىدە تاماق
يەيدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلاپ، بايرامدىكىدەك مول تاماق
تەييارلىدى.

ئۇ بىرەر باھانە بىلەن مېلېخوفلارنىڭكىگە كىرىپ، ئۇلارـ
نىڭكىدە بىر مىنۇت بولسىمۇ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ، بىر مەرتەم بولـ
سىمۇ گرىگورىينى كۆرۈۋېلىشنى خالايتتى. گرىگورىي مۇشۇ يەردە،
تام قوشنا ئۆيدە تۇرۇۋاتسا، ئۇنى كۆرمەسلىك ئەقىلغە سىغمىدىـ
غان ئىشمۇ، ئەمما ئاكسىنىيە ھامان بۇ خاھىشىنى يېڭىپ، ئۇ
يەرگە كىرمەيتتى. دەرۋەقە، ئۇ كىچىك قىزچاق ئەمەس، ئۇنىڭ
يېشىدا مۇنداق يەڭگىلتەكلىك قىلىشقا زادى بولمايدۇ.

ئۇ ھەر قاچانقىغا قارىغاندا ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ، يۈز ـ
قوللىرىنى پاكىز يۇدى، تازا كۆڭلىكىنى ۋە تور جىيەكلىك
يېڭى روۋاشكىسىنى كىيدى. ساندۇقنى ئېچىپ قويۇپ ئۇزاق
ۋاقىت ئويلىنىپ تۇردى: زادى قايسى كىيىمىنى كىيىش
كېرەك؟ ئادەتتىكى كۈندە بەك ياسىنىشمۇ بىئەپ ئىدى، ئەمما
ئاددىي ئىش كىيىمى بىلەن ئولتۇرۇشنىمۇ خالىمايتتى. ئاكسىنىـ
يە كىيىم تاللاشتا بىر يەرگە توختىلالماي، قاپىقىنى تۈردى،
دەزماللانغان يوپكىلىرىنى ئالمان ـ تالمان تاللاپ كۆردى،
ئاخىردا ئۇ قەتئىي بىر قارارغا كېلىپ، قارا كۆك يوپكىسىنى
ۋە ئانچە كىيىمىگەن قارا تور تۇتۇلغان ھاۋا رەڭ كوفتىسىنى
ئالدى. ئۇنىڭ بار كىيىملىرى ئىچىدە ياخشىسى مۇشۇ ئىدى.
مەيلى، قوشنىلىرى ئۇنىڭ ھەققىدە نېمە دەپ ئويلىسا ئويلاـ
ۋەرسۇن، بەربىر ئەمەسمۇ؟ مەيلى، قوشنىلىرىغا بۈگۈن ئادەتتىكى
كۈن بولسۇن، ئەمما ئۆزىگە ـــ بايرام. ئۇ ئالدىراش ياسانـ
دى ـ دە، ئەينەكنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە سەل

ئەجەبلىنىش ئىپادىلەنگەن نازۇك تەبەسسۇم جىلۋىلەندى: ئەينەكتىن بىر جۈپ ياپياش ئوتلۇق كۆزلەر سىنچىلاپ شادىمان باقاتتى. ئاكسىنىيە ئۆزىنىڭ يۈز - چىرايىغا دىققەت بىلەن تازا سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ، ئۇھ، دېدى، ياق، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالى تېخى سولمىغان! تېخى تالاي كازاكلار يولدا ئۇچرىشىپ قالغاندا توختاپ، ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ قالار!

ئۇ ئەينەكنىڭ ئالدىدا يوپكىسىنى تۈزەۋېتىپ، ئۈنىنى چىقىرىپ: «خوش، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال!...» — دېدى - دە، قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۈنىنى چىقارماستىن ئاستا كۈلۈپ قويدى، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىككى چېكىسىدىن نەچچە تال ئاقارغان چاچنى تېپىپ، يۇلۇۋېتىشىگە توسقۇن بولالمايتتى. گرىگورىي ئۇنىڭ ياش - قورامىنى ئەسلىتىدىغان بۇنداق نەرسىلەرگە نەزەر كۆزىنى سالماسلىقى كېرەك. ئۇ گرىگورىيغا ئۆزىنىڭ بۇندىن يەتتە يىل بۇرۇنقى ياشلىقى بويىچە كۆرۈنۈشنى خالايتتى.

چۈشكىچە ئۇ ئۆيدە ۋاقىتنى بىر ئامالىلاپ ئاران ئۆتكۈزدى، ئەمما كېيىن چىداشلىق بېرەلمەي، يەلكىسىگە ئاق تىۋىت رومىلىنى يېپىنىپ، مېلېخوفلارنىڭكىگە چىقتى. دۇناشكا ئۆيدە يالغۇز ئىدى. ئاكسىنىيە تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن:

— تېخى چۈشلۈك تاماق يېمىگەنسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— مۇنداق ئۆيدىن بەزگەنلەر بىلەن ۋاقتىدا تاماق يېگىلى بولامدۇ! ئېرىم يېزا سوۋېتىغا، گرىشا بولسا ۋېشكىغا كەتتى. بالىلارنىڭ تامىقىنى بېرىپ، چوڭلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن.

ئاكسىنىيە تاشقى كۆرۈنۈشتە خاتىرجەملىك ساقلاپ، ئۆزىنىڭ زارىققانلىقىنى ھەرىكىتىدىمۇ، سۆزىدىمۇ بىلىندۈرمەي، مۇنداق دېدى:

— مەن سلەرنىڭ ھەممىڭلارنى ئۆيدىدۇر دەپ ئويلىغانىدىم. گرىشا... گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟ بۈگۈن قايتىپ كېلەمدۇ؟

دۇناشكا ياسىنىۋالغان قوشنىسىغا لىپپىدە قاراپ، خۇش ياقمىغاندەك جاۋاب بەردى:

— ئۇ تىزىملىتىشقا كەتتى.

— قاچان قايتىپ كېلىمەن دېدى؟

دۇناشكىنىڭ كۆزلىرىدە ياش پەيدا بولدى: ئۇ دۇدۇقلاپ ئۆپكىلىدى:

— ياسىنىۋالغىنىنى قاراڭ... ياسىنىدىغان چاغنى تاپتىڭ... سەن بۇنى بىلمەمسەن — ئۇ، بەلكى، پۈتۈنلەي قايتماسلىقىمۇ مۇمكىن...

— قانداقچە — قايتمايدۇ؟

— مېخايلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى يېزا مەركىزىدە قاماققا ئالىدىكەن...، — دۇناشكا شالاڭ، ئاچچىق ياش تۆكۈپ يىغلاشقا باشلىدى، يېڭى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ۋارقىراپ كەتتى، — مۇنداق ھاياتقا مىڭ لەنەت! بۇ ئىشلار قاچانمۇ تۈگەر؟ ئۇ كەتكەنىدى، باللىرى پۈتى كۆيگەندەك تۇرالماي كېتىشتى دېگىنە، — قېشىمغا كېلىۋېلىپ: «دادام نەگە كەتتى، قاچان كېلىدۇ؟» — دەپ مېنى ماڭغۇزماي قويۇشتى. قاچان كېلىدىغانلىقىنى مەن نەدىن بىلىمەن؟ قارىمامسەن، مەن ئۇلارنى ھويلىغا چىقىرىپ قويدۇم، ئەمما ئۆزۈمنىڭ يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كەتتى... بۇ نېمىدېگەن لەنىتى تۇرمۇش! ھېچقانداق ئاراملىق يوق، ۋارقىراپ يىغلىغۇملا كېلىدۇ!...

— ئەگەر ئۇ كەچكىچە يېقىن قايتىپ كەلمىسە — ئەتە ئۆزۈم ۋېشكىغا بېرىپ، خەۋىرىنى ئۇقۇپ كېلىمەن، — دېدى ئاكسىنىيە؛ بۇ سۆزنى ئۇ گويا ھېچقانداق قىزىقى يوق ئادەتتىكى

بىر ئىشنى ئېيتقاندەك بىپەرۋا ئاھاڭدا ئېيتتى.

دۇناشكا ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىگە ھەيران بولۇپ بىر ئۇھ تارتتى:

— ئەمدى ئۇنى كۆتمىسەكمۇ بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ بۇ يەرگە ئۆزىگە ئىش تېپىۋېلىپ كەلگەنغۇ!

— ھازىرچە ھېچ ئىش يوققۇ! سەن يىغلاشنى قوي، بولمىسا، باللار ئويلاپ قالىدۇ... خەير - خوش!

× ×

گرىگورىي بەك كەچ قايتىپ كەلدى، ئۆيدە ئازراقلا تۇرۇپ، ئاكسىنيىنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى.

ئاكسىنيە كۆڭ بويى تەشۋىش چەككەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەشۋىشى ئۇچرىشىش شادلىقىنى پەسەيتىۋېتىپ قويغانىدى، ئۇ كەچكە يېقىن كۆڭ بويى تىنىم تاپماستىن ئەمگەك قىلغاندەك ھارغىنلىق ھېس قىلدى. كۆتە - كۆتە زارىقىپ، چارچىغاندىن كېيىن ئۇ كارىۋاتقا يانپاشلاپ ياتتى، كۆزى ئەمدى ئۇيقۇغا باراي دېگەندە، دېرىزە تۈۋىدە شىپىرلىغان قەدەم ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ياش قىزدەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— سەن ۋېشكىغا بارىدىغانلىقىڭنى نېمىشقا دەپ قويمايلا كېتىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ گرىگورىينى قۇچاقلاپ، شىنېلىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىۋېتىپ.

— ئېيتىپ قويۇشقا ئۈلگۈرەلمىدىم، ئالدىرىغانىدىم.

— بىز دۇناشكا بىلەن بىرقۇر يىغلىشىۋالدۇق، ھەر ئىككىمىز سېنى قايتىپ كەلمەيدۇ دەپ ئويلىغانىدۇق.

گرىگورىي ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— ياق، ئىش تېخى ئۇ دەرىجىگە يەتمىدى، — بىردەم ئۈنچىقماي، قوشۇپ قويدى، — ھازىرچە ئۇ دەرىجىگە يەتمىدى.

ئۇ سەل ئاقساقلاپ، شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئوچۇق ئىشىكتىن ئىچكىرىكى ئۆي، بۇلۇڭدىكى كەڭ ياغاچ كارىۋات، تۈنىكىسى خىرە پارقىراپ تۇرغان ساندۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بەئەينى گرىگورىي يىگىتلىك ۋاقتىدا ستېپان يوق چاغدا بۇ يەرگە كىرىپ تۇرغان ۋاقتىدىكىدەك ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ؛ ئۇ دېيەرلىك ھېچنىمىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرمىدى، زامان بۇ ئۆيگە كۆزىنى سالماي، يانداپ ئۆتۈپ كەتكەندەكلا ئىدى؛ ھەتتا ئىلگىرىكى پۇراقمۇ ساقلىنىپ قالغان: ئېچىغان پېپىپكىسى قۇلماقنىڭ ھىدى، پاكىز يۇيۇلغان تاختاينىڭ پۇرىقى، دىماققا سەل - پەل ئۇرۇپ تۇرغان سولغان چېبورگۈلىنىڭ ھىدى ئاڭقىپ تۇراتتى. گرىگورىي بۇ ئۆيدىن تېخى يېقىندىلا ئاخىرقى قېتىم تاڭ ئاتار چاغدا چىقىپ كەتكەندەك ئىدى، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئىشقا ئۇزاق بولغان...

گرىگورىي خورسىنىشنى بېسىپ، ئالدىرىماي تاماكا ئوراشقا باشلىدى، ئەمما نېمىشقىدۇر قولى تىترەيتتى، شۇڭا تېزىغا تاماكا چېچىلدى.

ئاكسىنىيە ئالدىراش داستىخان راسلىدى. سوۋۇپ قالغان ئۈگرە ئاشنى ئىسسىتىش لازىم ئىدى. ئاكسىنىيە لاپاستىن تارىشا ئوتۇن ئەكەلگەندىن كېيىن ھاسىراپ ۋە چىرايى بىرئاز ئۆڭگەن ھالدا ئوچاققا ئوت يېقىشقا باشلىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇتىشىۋاتقان كۆمۈرنى پۈۋلەپ تۇرۇپ، ئۇ ياققا مىكچىيىپ، ئۈنچىقماستىن تاماكا چېكىۋاتقان گرىگورىيغا قاراپ ئۈلگۈردى.

— ئۇ يەردىكى ئىشلىرىڭ قانداق بولدى؟ بىجىرىپ بولدۇڭمۇ؟

— ھەممە ئىش جايىدا بولدى.

— سېنى سۆزسىز قاماققا ئالىدۇ دېگەن گەپنى دۇناشكا نەدىن تاپقاندۇ. ئۇ مېنى ئۆلگۈدەك قورقىتىۋەتتى.

گرىگورىي چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، ئاچچىقىدىن قولىدىكى تاماكىنى تاشلىۋەتتى.

— ئۇنىڭ قولىقىغا مىخايىل قۇيۇپ قويغان، ھەممىنى ئاشۇ مىخايىل ئويلاپ چىقىرىدۇ، ئۇ بېشىمغا بالا تاپماقچى.

ئاكسىنىيە شىرەنىڭ قېشىغا كەلدى. گرىگورىي ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى.

— سەن بىلەمسەن، — دېدى ئۇ ئاكسىنىيىنىڭ كۆزلىرىگە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ، — مېنىڭ ئىشلىرىم كېلىشىپ تۇرغىنى يوق. مەن ئاشۇ سىياسىي بيۇروغا كېتىۋېتىپ، ئۇ يەردىن قايتىپ چىقمايمەن دەپ ئۆزۈممۇ ئويلىغانىدىم. نېمىدېگەن بىلەنمۇ قوزغىلاڭ ۋاقتىدا مەن دىۋىزىيە كوماندىرى بولغانغۇ. يۈزبېشى دېگەن ئۇنۋانىم بار... مۇنداقلارنى ھازىر قولغا ئېلىۋاتىدۇ.

— ئۇلار ساڭا نېمە دېدى؟

— تولدۇرۇشقا ئانكېت بەردى، بۇ شۇنداق بىر قەغەز، ئۇنىڭغا پۈتۈن خىزمەت تارىخىڭنى يېزىشىڭ كېرەك. مەن تۈزۈك خەت يازالمايدىغان ئادەمغۇ. ماڭا ئەزەلدىن مۇنداق كۆپ نەرسىنى يېزىشقا توغرا كەلمىگەن، ئىككى سائەت ئولتۇرۇپ، بېشىمدىن ئۆتكەن پۈتۈن ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بۆلمىگە يەنە ئىككى ئادەم كىردى، بۇلارمۇ قوزغىلاڭ توغرۇلۇق گەپ سوراشتى. ياخشىكى، ئىككىسى مۇلايىم ئادەملەر ئىكەن. ئەسلى چوڭراقى ماڭا: «چاي ئىچەمسىز؟ ئەمما شېكەر

سالغان چاي» — دېدى. بۇ يەردە قانداقمۇ چاي ئىچكىلى بولسۇن، دەپ ئويلايمەن. سىلەردىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتەلىسەم، شۇمۇ يېتەرلىك دەيمەن ئىچىمدە، — گرىگورىيى بىردەم ئۇنچىقمىدى - دە، بىگانە ئادەمگە گەپ قىلىۋاتقاندەك نەپرەت بىلەن، — ھېساب بىر نەچچە كەلگەندە بوشاڭ بولۇپ چىقتىم... قورققاقلىق قىلدىم.

ئۇ ۋېشېنسكايادا تۇخۇ يۈرەكلىك قىلغىنىغا، ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغان قورقۇنچنى يېڭەلمىگەنلىكىگە ئۆزىگە ئۆزى بەك خاپا ئىدى. ئۇنىڭ ئەندىشىسى بىكار بولۇپ چىققانلىقى ئۇنىڭغا تېخىمۇ بەتتەر ئەلەم قىلاتتى. ھازىر بېشىدىن كەچكەن ئىشلار-نىڭ ھەممىسى كۈلكىلىك ۋە ئويۇنلىق بولۇپ چىقتى. بۇنى ئۇ پۈتۈن يول بويى ئويلاپ كەلگەنىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ھازىر بۇلارنى سۆزلەپ بەرگەندە ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ، بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى بىرئاز كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ بەردى.

ئاكسىنىيە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، ئۇندىن كېيىن قولىنى ئاستا بوشىتىۋېلىپ، مەشنىڭ قېشىغا باردى. ئوتنى تۈزەپ قويغاندىن كېيىن سورىدى:

— بۇندىن كېيىن قانداق بولار؟

— بىر ھەپتىدىن كېيىن رويىخەتتىن ئۆتۈشكە يەنە بارىمەن.

— سىنىڭچە، بەرىبىر قولغا ئالارمۇ؟

— قارىغاندا، شۇنداقتەك تۇرىدۇ. مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن، مېنى ئەكىتىشىدۇ.

— ئۇ چاغدا قانداق قىلىمىز؟ قانداق كۈن ئۆتكۈزىمىز، گرىشا؟

— بىلمەيمەن. بۇ توغرۇلۇق كېيىن سۆزلىشەرمىز. يۇز - قولىنى يۇيۇشقا سۇيۇق بارمۇ؟

ئۇلار كەچكى تاماققا ئولتۇرۇشتى، ئاكسىنىيىنىڭ ئەتىگەنكى باشتىن كەچۈرگەن بەختىيارلىقى قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى.

گىرىگورىي بۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپتۇ. ھازىر ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەستىن، بىگانە كۆزلەر مارىلاۋاتامدىكىن دەپ ئويلىماستىن تويغۇدەك قاراشقا بولىدۇ، مۇشۇ قاراش ئارقىلىق كۆڭۈلدىكى بار گەپنى يوشۇرماستىن، قىسىلماستىن ئىپادىلەش مۇمكىن. يارەببىم، بۇ ئايال گىرىگورىينى قانچىلىك سېغىنغان، ئۇنىڭ پىراقىدا قانچىلىك ئازاب چەككەن، بۇ ئايالنىڭ بەدىنى ئۇنىڭ مېھرسىز يوغان قوللىرىنىڭ سىيلىشىغا قانچىلىك موھتاج بولغان — ھە! ئاكسىنىيە دېيەرلىك تاماقتا قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تەگكۈزمىدى؛ ئۇ بىر ئاز ئالدىغا سۈرۈلۈپ، گىرىگورىينىڭ ئىشتىھا بىلەن تاماق يەۋاتقانلىقىغا قاراپ ئولتۇردى، خىرە كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ قاراپ، ئۇنىڭ يۈزىنى، گىمناستۇركىسىنىڭ تىك ياقىسى قىسىپ تۇرغان قارىقۇمچاق بويىنىنى، كەڭ يەلكىسىنى، شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ۋەزمىن قوللىرىنى ئەركىلەتكەندەك بولاتتى... ئاكسىنىيە گىرىگورىينىڭ بەدىنىدىن ئاڭقىپ تۇرغان تاماكىنىڭ ئىسسى ئارىلاش چۈچۈمەل ئەر كىشىنىڭ تەر پۇرىقىنى تەشنالىق بىلەن ئىچىگە سۈمۈرەتتى، بۇ پەقەت گىرىگورىينىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان شۇنچىلىك تونۇش، جانىجان پۇراق. بۇ پۇراق بويىچە ئاكسىنىيە كۆزىنى تېڭىپ قويسىمۇ ئۆزىنىڭ گىرىگورىيسىنى مىڭ ئەر كىشىنىڭ ئىچىدىن پەرق ئېتەلىگەن بولاتتى... ئاكسىنىيەنىڭ ئىككى مەڭزى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىپ كەتتى، يۈرىكى تېز — تېز، قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى. بۇ ئاخشام ئۇ جان كۆيەر ساھىبخان بولالماي قالدى، چۈنكى ئەتراپىدا گىرىگورىيدىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرمەيتتى. گىرىگورىي بولسا ئىلتىپات بىلەن مۇلازىمەت قىلىشنىمۇ تەلەپ قىلمىدى: ناننى ئۆزى توغرىدى، مەش ئۈستىدىكى تۇز قاچىسىنى كۆزلىرى بىلەن ئىزدەپ تاپتى، ئۆگرە ئاشنى تەخسىگە ئىككىنچى قېتىم ئۆزى ئۇسۇپ ئىچتى.

— مەن ئىتتەك ئاچ قالدىم، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، گويا ئۆزىنى ئاقلىغاندەك،— ئەتىگەندىن بۇيان ھېچنېمە يېگىنىم يوق.

مانا شۇ چاغدىلا ئاكسىنىيە ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەسكە چۈشۈرۈپ، دەرھال ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.

— ئۇھ، كاللام نېمە بولغاندۇ! سامبۇسا بىلەن قويماقنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن! مۇنۇ توخۇ گۆشىگە مەرھەمەت قىلغىنا! ئوبدانراق يېگىن، جانىجانىم!... ھازىر ھەممىنى ئالدىڭغا قويىمەن.

ئەمما گرىگورىي تاماقنى ئۇزاق ۋە ئىشتىھا بىلەن يېدى، ئەلۋەتتە! خۇددى بىر ھەپتە تاماق يېمىگەندەك. ئال، باق، دەپ كۈتۈشمۇ پۈتۈنلەي ئارتۇقچە ئىش ئىدى. ئاكسىنىيە سەۋرچانلىق بىلەن بىردەم كۈتۈپ تۇردى، ئاخىر چىداپ تۇرالماي، ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى ــ دە، سول قولى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئوڭ قولىغا كەشتىلىك پاكىز لۆڭگىنى ئالدى، سۆيگەن يارىنىڭ ياغ يۇقى لەۋلىرى بىلەن ئىڭىكىنى ئۆزى سۈرتۈپ قويدى، ئاندىن كۆزلىرىنى شۇنداق يۇمدىكى، قاراڭغۇدا توق سېرىق ئۇچقۇنلار چاچرىدى، ئۇ دېمىنى ئالماستىن، گرىگورىيـ نىڭ لەۋلىرىگە ئۆزىنىڭ لەۋلىرىنى مەھكەم يېپىشتۇردى.

ئەسلىدە، ئادەمگە بەختلىك بولۇش ئۇچۇن ناھايىتى ئاز نەرسە كېرەك. ئاكسىنىيە ھەر ھالدا بۇ ئاخشام بەختلىك ئىدى.

## 9

كوشۋوي بىلەن ئۇچرىشىش گرىگورىيغا ئېغىر بولۇپ قالدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دەسلەپكى كۈندىن تارتىپلا ئېنىقلىنىپ قالغانىدى، ئەمدى ئۇلارغا سۆزلىشىدىغان ھېچنېمە قالمىغانىدى، يەنە كېلىپ سۆزلىشىشنىڭ ھاجىتىمۇ

يوق ئىدى. ھەر ئېھتىمال بويىچە قارىغاندا، گرىگورىينى كۆرۈشتىن مىخايىل مەمنۇن بولمايتتى. مىخايىل ئىككى ياغاچچى ياللاپ، ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ئۆيىنى ياسىتىشقا باشلىدى: ئۆگزىنىڭ ماڭلىيىدىكى چىرىشكە باشلىغان خار ياغاچنى ئالماشتۇردى، قىيسىيىپ قالغان بىر تامنى بۇزۇپ قايتىدىن قوپۇردى، ئۆينىڭ ماڭلايلىرى، دېرىزە كىشەكلىرى ۋە ئىشىكلەرنى يېڭىدىن ياساتتى.

گرىگورىي ۋېشېنىسكايادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېزا ئىنقىلابىي كومىتېتىغا كىرىپ، كوشىۋويغا ھەربىي كومىسسارىيات بەلگە قويۇپ بەرگەن ھۆججەتلەرنى كۆرسەتتى - دە، خوشلاشماستىنلا كېتىپ قالدى. ئۇ ئاكسىنىيىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈۋالدى، باللىرىنى ۋە بىر قىسىم مۈلۈكلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئاچىقتى. دۇناشكا ئۇنى يېڭى ماكانىغا ئۇزىتىپ تۇرۇپ يىغلىۋەتتى.

— ئاكا، مەندىن خاپا بولماڭ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا مېنىڭ ئەيىبىم يوق، — دېدى ئۇ ئاكىسىغا مۆلدۈرلەپ قاراپ.

— نېمىشقا خاپا بولىدىكەنمەن، دۇنە؟ ياق - ياق، نېمە دېگىنىڭ بۇ، — گرىگورىي ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتتى، — بىزنى يوقلاپ كىرىپ تۇر... سېنىڭ تۇغقانلىرىڭدىن يالغۇز مەنلا قالدىم. ساڭا ھەمىشە ئىچ ئاغرىتىپ كەلدىم، ھازىرمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ... ئەمدى سېنىڭ ئېرىڭگە كەلسەك — بۇ باشقا گەپ. سەن بىلەن بىز ئىناقلىقىمىزنى بۇزمايمىز.

— بىز تېز ئارىدا بۇ ئۆيدىن كۆچۈپ كېتىمىز، ئاچچىقىڭ كەلمىسۇن.

— ياقەي! — دېدى گرىگورىي ئەپسۇسلىنىپ، — بۇ ئۆيدە باھارغىچە بولسىمۇ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار. ماڭا ھېچ تاقاشقىنىڭلار يوققۇ. باللار بىلەن ماڭا ئاكسىنىيىنىڭ ئۆيىدە ئورۇن يېتەرلىك.

— سەن ئۇنىڭغا ئۆيلىنەمسەن، گرىشا؟

— بۇ ئىشقا ئۈلگۈرىمىز تېخى، — دەپ مۇجمەل جاۋاب بەردى گرىگورىي.

— ئاكا، ئۇنى ئال، ياخشى ئايال، — دېدى دۇناشكا قەتئىيلىك بىلەن، — ئاپام رەھمەتلىك، ئاشۇ ئايالنى ئەمرىڭگە ئالسۇن دېگەنىدى سېنى، ئاپام كېيىنكى چاغدا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى، ۋاپات بولۇش ئالدىدا پات-پات ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ تۇراتتى.

— سەن ماڭا نەسىھەت قىلىۋاتقاندەك تۇرىسەن، — دېدى گرىگورىي كۈلۈپ، — ئۇنىڭدىن باشقا مەن قايسى ئايالغا ئۆيلىنىمەن؟ ئاندىرونىخا مومايغا ئۆيلىنەتتىممۇ؟

ئاندىرونىخا تاتارسكىدا ئەڭ قېرى موماي ئىدى. بۇ ئايالنىڭ يېشى ئاللىقاچان 100 دىن ئاشقانىدى. دۇناشكا ئۇنىڭ دوڭغىيىپ يەرگە يېتەي دەپ قالغان كىچىككىنە گەۋدىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۈلۈپ تاشلىدى:

— ئۆزۈڭ ئېيتىۋاتىسەنغۇ، ئاكا! مەن مۇنداقلا سوراپ قويغانىدىم، سەن بۇ ھەقتە گەپ ئاچماي يۈرگەنلىكتىن — مەن بۇنى سورىغانىدىم.

— تويغا باشقا ھېچكىمنى چاقىرمىساممۇ سېنى چاقىرىمەن، — گرىگورىي چاقچاق بىلەن سىڭلىسىنىڭ يەلكىسىنى شاپىلاقلاپ قويدى-دە، ھېچنېمىنى كۆڭلىگە ئالماي، ئۆز ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، گرىگورىيغا نەدە تۇرمىسۇن، بەرىبىر ئىدى، پەقەت خاتىرجەم ھايات كەچۈرسىلا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئىدى. ئەمما مۇنداق خاتىرجەملىكنى ئۇ تاپالمىدى... ئۇ ئىشسىزلىق ئازابى بىلەن بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى. ئاكسىنيىنىڭ ئىگىلىكىدە بىر نەرسىلەرنى ياساپ باقتى، ئەمما ھېچ-

نېمە قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن دەرھال توختىتىپ قويدى. كۆڭلى ھېچنېمىگە بارمايتتى. چېكىش بىر مۇشكۇللۇك قىيناپ، كۆن ئۆتكۈزۈشكە توسقۇنلۇق قىلاتتى. مېنى قولغا ئالدۇ، تۈرمىگە تاشلايدۇ — بۇنداق بولسىغۇ ياخشى، ئەمما ئېتىپ تاشلىشىمۇ مۇمكىن دېگەن پىكىر بىر مىنۇتمۇ كاللىسىدىن كەتمەيتتى.

ئاكسىنىيە كېچىلىرى ئويغانغاندا ئۇنىڭ ئۇخلىمىغانلىقىنى كۆرەتتى. ئادەتتە گرىگورىي ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئوڭدا ياتاتتى، غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا كۆز تىكىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى سوغۇق ۋە غەزەپلىك ئىدى. ئۇنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئاكسىنىيە بىلەتتى، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئاكسىنىيىنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ ۋە بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇسىنىڭ يەنە ئەمەلگە ئاشمايدىغاندەك بولۇپ قالغانلىقىنى پەملەپ، ئاكسىنىيىنىڭ ئۆزىمۇ ئازاب چېكەتتى. ئۇ گرىگورىيدىن ھېچنېمە توغرۇلۇق گەپ سورىمايتتى. ھەممىنى ئۆزى ھەل قىلسۇن، دەيتتى. پەقەت بىر كېچە ئويغىنىپ كەتكەندە، يېنىدا تاماكا چوغىنى كۆرۈپ، ئاكسىنىيە سورىدى:

— گرىشا، سەن ھەمىشە ئۇخلىمايسەن... سەن ۋاقىتلىق يېزىدىن كېتىپ تۇرساڭ قانداق بولار ياكى ئىككىمىز بىر يەرگە بىللە كېتىپ يوشۇرۇنامدۇق؟

گرىگورىي ئۇنىڭ پۇتىغا غەمخورلۇق بىلەن يوتقانني يېپىپ قويۇپ، كۆڭۈلسىزلا جاۋاب بەردى:

— مەن ئويلاپ باقاي. سەن ئۇخلىغىن.

— بۇ يەردە ھەممە ئىش تىنچىغاندىن كېيىن قايتىپ كەلسەك دەيمەن، قانداق؟

گرىگورىي بىر قارارغا كەلمىگەندەك يەنىلا مۈجمەل جاۋاب بەردى:

— قاراپ باقارمىز، كېيىن بىر گەپ بولار. ئۇخلا، كىنىيوشا، — ئۇ، ئايالىنىڭ يالىڭاچ، يىپەكتەك سالقىن يەلكىسىگە لەۋلىرىنى ئاستا، ئەركىلىتىپ تەگكۈزۈپ قويدى.

ئەمما ئەمەلىيەتتە گرىگورىي بىر قارارغا كەلگەنىدى: ئۇ ئەمدى ۋېشېنسكايىغا بارمايدۇ. ئۆتكەن قېتىم ئۇنى قوبۇل قىلغان سىياسىي بيۇرونىڭ ئادىمى بىكار كۈتىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ ئادەم شىنېلىنى يەلكىسىگە تاشلاپ، شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانىدى، شىرەنى غىچىرلىتىپ، كېرىلىپ، يالغاندىن ئەسنەپ، گرىگورىينىڭ قوزغىلاڭ توغرىسىدىكى ھېكايىسىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغانىدى. ئەمدى ئۇ ئاڭلايدىغانغا گەپ يوق. ھەممە ئېيتىلىپ بولغان.

سىياسىي بيۇروغا بارىدىغان كۈنى گرىگورىي يېزىدىن كېتىدۇ، لازىم تېپىلغاندا — سىرتتا ئۇزاق ۋاقىت تۇرىدۇ. نەگە بارىدىغانلىقىنى تېخى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ، ئەمما كېتىشكە قەتئىي قارار قىلدى. ئۇنىڭ ئۆلگۈسىمۇ، تۈرمىدە ياتقۇسىمۇ كەلمەيتتى. نېمە قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ قويدى، ئەمما بۇنى ئالدىنئالا ئاكسىنىيىگە ئېيتىشنى خالىمايتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ كەيپىنى بۇزۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، بۇنىڭسىزمۇ ئۇلارنىڭ كۈنلىرى ئۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ئەمەس ئىدى. بۇنى ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ئېيتقان تۈزۈك دېگەن قارارغا كەلدى. ھازىر ئاكسىنىيە ئۇنىڭ قولتۇقىغا بېشىنى تىقىپ، خاتىرجەم ئۇخلاۋەرسۇن. ئاكسىنىيە شۇ كۈنلەردە كېچىسى پات-پات: «سېنىڭ قانىتىڭنىڭ ئاستىدا مەن راھەتلىنىپ ئۇخلايمەن»، — دەيدىغانىدى. خوش، ھازىرچە ئۇخلاۋەرسۇن. بۇ بىچارىنىڭ مۇنداق گرىگورىيغا چاپلىشىپ ياتىدىغان ۋاقتىمۇ ئاز قالدى...

گرىگورىي ھەر ئەتىگەن بالىلىرىنى ئويناتاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەقسەتسىز يېزىنى ئارىلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭغا خەلق

ئارىسىدا يۈرۈش كۆڭۈللۈكرەك ئىدى.

بىر كۈنى پروخور نىكىتا مىلنىكوفنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، قورالداش ياش كازاكلار بىلەن بىللە هاراق ئىچەيلى دېگەنىدى. گرىگورىي بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلدى. يېزىدىكىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك سېلىقىغا نارازى ئىكەنلىكىنى، هاراق ئۈستىدە جەزمەن بۇ توغرۇلۇق گەپ ئېچىلىدىغانلىقىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى. ئۆزىنىڭ گۇمان تۇغدۇرۇپ قويۇشنى خالىمايتتى، ھەتتا تونۇشلىرى بىلەن ئۇچراشقاندىمۇ سىياسەت توغرۇلۇق پاراڭ سېلىشتىن قاچاتتى. يېتەر، ئاشۇ سىياسەت دېگەن نەرسە، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانمىسىمۇ، ئۆزى بىر قېرىنى سوقۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ئېھتىياتچان بولۇش ئارتۇقچە ئىشمۇ ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئوزۇق ـ تۈلۈك سېلىقى بويىچە ئاشلىق تاپشۇرۇش يامان بولۇۋاتاتتى، مۇشۇ ئىشقا چېتىشلىق بولغان ئۈچ چالنى كېيىنكى سىۋېتىدە قولغا ئېلىپ، سېلىق يىغقۇچى ئىككى خادىم ئۇلارنى نەزارەت ئاستىدا ۋېشېنسكايىغا ھەيدەپ بارغانىدى.

ئەتىسى كوپېراتىپ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا گرىگورىي يېقىندا قىزىل ئارمىيىدىن قايتىپ كەلگەن سابىق زەمبىرەكچى زاخار كرامسكوفنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ خېلىلا مەست بولۇپ، دەلدەڭشىپ كېلىۋاتاتتى، ئەمما گرىگورىيغا يېقىنلىشىپ كەلگەندە، بورغا بۇلانغان كەمزۇلىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىپ، خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن:

— سىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ! — دېدى.

— سالامەت بول، — گرىگورىي بەستلىك، قارىياغاچتەك بەردەم زەمبىرەكچىنىڭ كۆرەكتەك قولىنى سىقتى.

— تونۇۋاتامسەن؟

— تونۇمايچۇ.

— بۇلتۇر بېكوۋىسكايا بوسۇغىسىدا بىزنىڭ باتارېيىنىڭ سېنى قانداق قۇتۇلدۇرغانلىقى ئېسىڭدىمۇ؟ بىز بولمىساق سېنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىڭنىڭ ئەھۋالى قىيىن بولاتتى. بىز شۇ چاغدا قانچىلىك قىزىللارنى ياتقۇزۇپ قويدۇق - ھە — دەھشەت! بىر قېتىم توپقا تۇتتۇپ، ئىككىنچى قېتىم شراپنېل بىلەن باستۇق ... بىرىنچى توپنىڭ نىشانغا ئالغۇچىسى مەن ئىدىم! — زاخار مۈشتى بىلەن مەيدىسىنى گۈپ - گۈپ مۇشتلاپ قويدى.

گرىگورىي كۆز قىرى بىلەن ئەتراپىغا قاراپ قويدى، — نېرىراقتا تۇرغان كازاكلار بۇ ئىككىسىگە قاراپ، گەپ - سۆزگە قۇلاق سېلىۋاتاتتى، گرىگورىينىڭ ئىككى چاۋغىيى تىترەپ كەتتى، غەزەپتىن ئاپئاق چىشلىرى ئېچىلىپ قالدى.

— سەن مەست بولۇپ قاپسەن، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — بېرىپ ئۇخلا، تولا ۋالاقشىما يالغان گەپنى.

— ياق، مەن مەست ئەمەس! — دېدى قاتتىق كەيىپ بولۇپ قالغان زەمبىرەكچى ۋارقىراپ، — مەن بەلكى، قايغۇ - ھەسرەتتىن مەست بولۇپ قالغاندىمەن! مەن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم، ئەمما بۇ يەردىكى ھاياتنىڭ مەنىسى بارمۇ!... كازاكلارغا ئەمدى تۇرمۇش كەچۈرۈش يوق، يەنە كېلىپ تۈزۈك كازاكلارمۇ يوق! ماڭا 40 پۇت ئاشلىق سېلىق سېلىپتۇ، بۇ — نېمىدېگەن گەپ؟ ئاشلىقنى ئاشۇ سېلىق سالغۇچىلار تېرىغانمىكەن؟ ئۇلار ئاشلىقنىڭ نېمە بىلەن ئۆسىدىغانلىقىنى بىلەمدىكەن؟

ئۇ قانغا تولغان تەلۋە كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇردى - دە، تۇيۇقسىز دەلدەڭشىپ كېلىپ، گرىگورىيغا ئېيىقتەك يامىشىپ قۇچاقلىۋالدى، تىنىقىدىن چىققان ساموگوننىڭ قويۇق پۇرىقى گرىگورىينىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى.

— سەن نېمىشقا لامپاسسىز ئىشتان كىيىپ يۈرسەن؟ مۇژىكلار رويخېتىگە ئۆتتۈڭمۇ؟ قويۇپ بەرمەيمىز! جىنىم گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ! قايتىدىن ئۇرۇشۇش كېرەك! بولتۇرقىدەك ئېيتايلى: يوقالسۇن كوممۇنىيە، ياشىسۇن سوۋېت ھاكىمىيىتى!

گرىگورىي ئۇنى قاتتىق ئىتتىرىپ، ئاستا پىچىرلىدى:

— ئۆيۈڭگە كەت، ھاراقكەش ئەبلەخ! نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟!

كرامىسكوف تاماكىدىن سارغىيىپ كەتكەن بارماقلىرىنى ئاردەك يېيىپ، قولىنى ئالدىغا ئۇزىتىپ غودۇڭشىدى:

— ناتوغرا سۆزلەپ قويغان بولسام، كەچۈر، مەرھەمەت قىلىپ كەچۈر، ئەمما مەن ساڭا ئۆز كوماندىرىم دەپ راست سۆزنى قىلىۋاتىمەن... سېنى ئۆز ئاتام — كوماندىرىم دەپ بۇ سۆزنى قىلىۋاتىمەن: قايتا سوقۇشۇش كېرەك!

گرىگورىي ئۈنچىقماستىن ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە، مەيداننى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۆيىگە قاراپ كەتتى. شۇ كۈنى كەچكىچە ئۇ ئاشۇ قاملاشمىغان ئۇچرىشىشنىڭ تەسىرىدە بولدى، كرامىسكوفنىڭ مەست ـ ئەلەس ۋارقىراشلىرىنى، كازاكلارنىڭ ھېسداشلىق بىلەن لام ـ جىم دېمەي، كۈلۈپ تۇرۇشقانلىقىنى ئەسلەپ، ئىچىدە: ياق، تېزرەك كېتىش كېرەك! ئەمدى ياخشىلىق بولمايدۇ... دەپ ئويلىدى.

ۋېشېنسكاياغا شەنبە كۈنى بېرىش لازىم ئىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىدىن كەتمەكچىدى. ئەمما ئىش باشقىچە بولۇپ چىقتى: پەيشەنبە كۈنى كېچىدە — گرىگورىي ئەمدىلا ياتاي دەپ تۇرغاندا بىرسى ئىشىكنى قاتتىق تاقىلداتتى. ئاكسىنىيە دەھلىزگە چىقتى. گرىگورىي ئاكسىنىيىنىڭ: «كىم؟» — دەپ سورىغانلىقىنى ئاڭلىدى، جاۋابىنى ئاڭلىيالمىدى، ئەمما كۆڭلىدە غۇۋا تەشۋىش پەيدا بولۇپ، كارىۋاتتىن چاچ-

راپ تۆردى ـ دە، دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى. دەھلىزدە ئىشىكـ
نىڭ زەنجىرى شىلدىرلىدى. ئالدىدا دۇناشكا كىردى. گرىگورىي
ئۇنىڭ ئۆڭگەن چىرايىنى كۆرۈپلا، ھېچنېمە سورىماستىن، ئۇزۇن
ئورۇندۇقتىن پاپاخ بىلەن شىنېلىنى ئالدى.

— ئاكا ...

— نېمە ئىش؟ — دەپ ئاستا سورىدى ئۇ شىنېلىنىڭ
يېڭىگە قولىنى سىيپىۋېتىپ.

دۇناشكا ھاسىراپ، ئالدىراش سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئاكا، ھازىرلا كەت! يېزا بازىرىدىن بىزنىڭ ئۆيگە
تۆت ئاتلىق ئەسكەر كەلدى. ئىچكىرىكى ئۆيدە ئولتۇرۇشىدۇ ...
ئۇلار پىچىرلىشىپ سۆزلەشتى، ئەمما مەن ئاڭلاپ قالدىم ...
ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم ...
مىخايىل سېنى قولغا ئېلىش كېرەك، دېدى ... ئۇلارغا سەن
توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ ... تېزرەك كەتكىن!

گرىگورىي سىڭلىسىنىڭ قېشىغا تېز قەدەم تاشلاپ بېرىپ،
قۇچاقلىدى ـ دە، مەڭزىدىن قاتتىق سۆيدى.

— رەھمەت، سىڭلىم! تېز قايت، بولمىسا ئۆيدىن چىقىپ
كەتكەنلىكىڭنى سېزىپ قالىدۇ، خەيىر ـ خوش، — دېدى ـ دە،
ئاكسىنيىگە بۇرۇلدى، — نان بەرگىنە! تېزرەك! پۈتۈن ناننىڭ
كېرىكى يوق، يېرىمى بولسا يېتىدۇ!

شۇنىڭ بىلەن گرىگورىينىڭ قىسقىغىنا تىنچ ھاياتى
تامام بولدى ... ئۇ جەڭ ۋاقتىدىكىدەك تېز ۋە دادىل ھەرىكەت
قىلدى؛ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاۋاتقان باللىرىنى ئاستا
سۆيدى، ئاكسىنيىنى قۇچاقلىدى.

— خەير، ساق بول! تېزدىن خەۋەر بېرىمەن. پىروخور
ئېيتىدۇ. باللارغا ئوبدانراق قاراپ قوي. ئىشىكنى ئەت. ئۇلار
سورىسا — ۋېشكىغا كەتتى دېگىن. خوش قال، قايغۇرما.

كسيوشا! ــ ئۇ ئاكسىنيىنى سۆيۈپ تۇرۇپ، لەۋلىرىگە ئىللىق ئاچچىق ياش تەگكەنلىكىنى سەزدى.

ئاكسىنيىگە تەسەللى بېرىشكە ۋە ئۇنىڭ زەئىپ ۋە باغلاش-مايدىغان غۇدۇراشلىرىنى ئاڭلاشقا گرىگورىينىڭ ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇ ئايالىنىڭ قۇچاقلاپ تۇرغان قوللىرىنى ئاستا ئاج-راتتى ـ دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دەھلىزگە چىقتى، ھوي-لىغا قولاق سېلىپ، تاشقىرىقى ئىشىكنى ئەڭ ئاچتى. دوندىن چىققان سوغۇق شامال يۈزىگە ئۇرۇلدى. ئۇ بىر سېكۇنت كۆزىنى يۇمۇپ، قاراڭغۇغا كۆنۈۋالدى.

ئاكسىنيە دەسلەپتە گرىگورىينىڭ ئايىغى ئاستىدا قارنىڭ غاچىلدىغانلىقىنى ئاڭلىدى. ھەربىر قەدەم ئاۋازى ئۇنىڭ يۈرە-كىگە سانجىلغاندەك بولاتتى. ئۇندىن كېيىن قەدەم ئاۋازى بېسىلدى ـ دە، قاشا شىتىرلىدى. شۇندىن كېيىن پۈتۈنلەي جىم-جىتلىق بولۇپ قالدى، پەقەت دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئورماندا شامال گۈرۈلدەيتتى. ئاكسىنيە شامالنىڭ غۇيۇلدىغىنى ئارىسىدىن بىرەر تاۋۇش ئاڭلاشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما ھېچنېمە ئاڭلىيالمىدى. ئۇ تولىمۇ ئاڭلاشقا باشلىدى. ئاشخانىغا كىردى ـ دە، چىراغنى ئۆچۈردى.

## 10

1920 ـ يىلنىڭ كەچ كۈزىدە، ئۇزۇق ـ تۈلۈك سېلىقى يىغىش ياخشى ئورۇندالمىغانلىقتىن، مەخسۇس ئاشلىق يىغىش ئەترەتلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ چاغدا دوندىكى كازاك ئاھا-لىسى ئارىسىدا قاتتىق غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتتى. دون ئوبلاستى-نىڭ يۇقىرىقى يېزا بازارلىرىدا ــ شۇمىلىنسكايا، كازانسكايا،

مىگۇلىنىسكايا، مىشكوۋىسكايا، ۋېشېنىسكايا، يېلانىسكايا، سلاشچېـ
ۋىسكايا ۋە باشقا جايلاردا — كىچىك - كىچىك قوراللىق باندىلار
پەيدا بولدى. بۇ — كازاك باي دېھقانلىرىنىڭ ۋە ھاللىق تەـ
بىقىلەرنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاشلىق يىغىش ئەترەتلىرى
قۇرۇپ، سېلىق يىغىش چارە - تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىش ئىشىغا
قارىتا جاۋابى ئىدى.

ھەربىر باندىدا بەشتىن يىگىرمىگىچە مىلتىقلىق ئادەم
بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ئىلگىرىكى چاغدا ئاكتىپ ئاق
گۋاردىيىچى بولغان يەرلىك كازاكلار تەشكىل قىلاتتى. بۇلار-
نىڭ ئارىسىدا 18 -، 19 - يىللىرى جازا ئەترەتلىرىدە خىزمەت
قىلغانلار، سېنتەبىردىكى ھەربىي سەپەرۋەرلىكتىن باش تارتقان
تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇرەدنىكلەر، سابىق دون ئارمىيىسىنىڭ
ۋاخمىستىرلىرى، مۇئاۋىن خورۇنجىلىرى، يۇقىرىقى دون ئوكروكـ
ىدىكى بۇلتۇرقى قوزغىلاڭ ۋاقتىدا ئەسىرگە چۈشكەن قىزىل ئەسـ
كەرلەرنى ئېتىشتا جانبازلىق كۆرسىتىش بىلەن ئاتىقى چىققان
قوزغىلاڭچىلار، قىسقىسى، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى بولغان
ئادەملەر بار ئىدى.

ئۇلار بۇ يېزىلاردا ئاشلىق يىغىش ئەترەتلىرىگە ھۇجۇم
قىلاتتى، ئاشلىق پونكىتلىرىغا كېتىۋاتقان ھارۋىلارنى ئارقىسىغا
قايتۇراتتى، كوممۇنىستلارنى، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە سادىق بولغان
پارتىيىسىز كازاكلارنى ئۆلتۈرەتتى.

باندىلارنى تازىلاش ۋەزىپىسى يۇقىرىقى دون ئوكروكىنىڭ
ۋېشېنىسكايا بىلەن بازكى يېزىسىدا تۇرۇشلۇق قاراۋۇل باتالىئونـ
ىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنىدى. ئەمما ئوكروكنىڭ كەڭ تۈپـ
رىقىغا تارىلىپ كەتكەن باندىلارنى يوقىتىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشـ
لار نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى — بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن،
يەرلىك ئاھالە باندىتلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، بۇ باندىتلارنى

ئۇزۇق ـ تۈلۈك بىلەن ۋە قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ يۆتكى-
لىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى توغرىسىدىكى مەلۇمات بىلەن تە-
مىنلەپ تۇردى، شۇنىڭدەك، ئۇلارنى تەقىب قىلىنىشتىن يوشۇرۇپ
قالدى؛ ئىككىنچىدىن، باتالىيون كوماندىرى كاپارىن پادىشاھ
ئارمىيىسىنىڭ سابىق شتابىس كاپىتانى ۋە سوتسىيال ئىنقىلابىي
پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولغانلىقتىن، يۇقىرىقى دوندا يېقىندا
مەيدانغا كەلگەن ئەكسىلئىنقىلابچى كۈچلەرنى يوقىتىشنى خالىماي،
بۇ ھەرىكەتكە ھەرخىل يول بىلەن توسالغۇلۇق قىلدى.
پەقەت ناگان ـ ناگاندىلا ۋە ئوكروك پارتىيە كومىتېتى رە-
ئىسىنىڭ قىستىشى ئاستىدا ئۇ قىسقا ـ قىسقا ھۇجۇم قىلىش
بىلەنلا چەكلىنىپ، مۇنۇ باھانە بىلەن: مەن كۈچلەرنى بۆلۈپ،
ئورۇنسىز تەۋەككۈلچىلىككە كىرىشىپ، ۋېشېنىسكايانى كۆزەتسىز
قالدۇرالمايمەن، چۈنكى بۇ يەردە ئوكروكنىڭ ئىدارىلىرى ۋە
ئىسكىلاتلىرى بار دېگەن باھانە بىلەن ۋېشېنىسكاياغا قايتىپ
كېلىۋالاتتى. 14 پىلىموتى ۋە 400 گە يېقىن مىلتىق-
لىق كىشىسى بار بۇ باتالىيون گارنىزون خىزمىتىنى قىلاتتى:
قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى قاماققا ئېلىنغانلارنى ساقلايتتى، سۇ
توشۇيتتى، ئورماندا دەرەخ كېسەتتى، شۇنىڭدەك ئەمگەك مەج-
بۇرىيىتى ھېسابىدا، سىيا تەييارلاش ئۈچۈن دۇپ ياپراقلىرى
ئارىسىدىن ياڭاق يىغاتتى. بۇ باتالىيون ئوكروكنىڭ سان ـ
ساناقسىز ئىدارە ۋە ئىش باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنى ئوتتۇن ۋە
سىيا بىلەن ئۇتۇقلۇق تەمىنلەيتتى، ھالبۇكى، شۇ ۋاقىت ئىچىدە
ئوكروكتىكى ئۇششاق باندىلارنىڭ سانى خەتەرلىك دەرىجىدە
ئۆسۈپ باردى. پەقەت دېكابىر ئېيىدا، يۇقىرىقى دون ئوكروكى
بىلەن چېگرىداش بولغان ۋورونېژ ئۆلكىسىنىڭ بوگۇچار ناھى-
يىسى تېررىتورىيىسىدە چوڭ قوزغىلاڭ باشلانغاندا، ئاندىن
ياغاچ ماتېرىياللىرى تەييارلاش ۋە سىيا ياڭىقى يىغىش ئىشى

ناﺋىلاج توختىتىلدى. دون ئوبلاستى قوشۇنلىرى قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۈچ روتا ۋە بىر پىلىموت ۋىزۋوتىدىن ئىبارەت بىر باتالىئون قاراۋۇل ئىسكادرونى، 12 - ئوزۇق - تۈلۈك پولكىنىڭ 1 - باتالىئونى ۋە ئىككى كىچىك توسۇقچى ئەترەتلەر بىلەن بىرلىكتە بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىلدى.

سۇخوي دونېتس يېزىسى ئەتراپىدا بولغان جەڭدە ياكوف فومىن قوماندانلىقىدىكى ۋېشېنىسكايا ئىسكادرونى قوزغىلاڭچىلار سېپىگە يان قاناتتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يانجىپ تاشلىدى، تىرىسپىرەن بولۇپ قاچقانلارنى قوغلاپ بېرىپ، 170 ئادەمنى چېپىپ تاشلىدى، ئۆزىدىن بار - يوقى ئۈچ جەڭچى چىقىم بولدى. ئىسكادروندىكىلەر، ئاز ساندىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى يۇقىرىقى دون يېزا بازارلىرىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كازاكلار ئىدى. ئۇلار بۇ يەردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى كازاك ئەنئەنىلىرىنى ئۆزگەرتمىدى: جەڭدىن كېيىن ئىسكادروندىكى ئىككى كوممۇنىستنىڭ نارازىلىقىغا قارىماستىن، جەڭچىلەرنىڭ تەڭ يېرىمىغا يېقىنى ئۈچىسىدىكى كونا شىنېلىنى ۋە پاختىلىق چاپانلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، بۇنىڭ ئورنىغا چېپىپ تاشلانغان قوزغىلاڭچىلاردىن سالدۇرۇۋېلىنغان ئېسىل پولشۇپكىلارنى كىيىۋېلىشتى.

قوزغىلاڭ باستۇرۇلۇپ، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىسكادرون كازانىسكايا بازىرىغا چاقىرتىلدى. ھەربىي تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن چارچىغان فومىن ھاردۇق چىقىرىش ئۈچۈن كازانىسكايادا قولىدىن كېلىشىچە ئويۇن - تاماشىغا بېرىلدى. بۇ ئادەم ئۇچىغا چىققان خوتۇنپەرەس، خۇش چاقچاق، ئولپەتچى، ئىشرەتخور بولغانلىقتىن، كېچىلىرى يوقاپ كېتىپ، تۇرار جايىغا پەقەت تاڭ يورۇش ئالدىدىلا قايتىپ كېلەتتى. فومىننىڭ قول

ئاستىدىكى جەڭچىلەر كەچقۇرۇنلىرى كوچىدا ئۆتۈكىنى پارقىرىتىپ چىققان ئۆز كوماندىرىنى كۆرۈپ قالسا، بىر - بىرىگە مەنىلىك كۆز قىسىشىپ:

— ئەنە، بىزنىڭ ئايغىر سەتەڭلەرنىڭ ئۆيىنى ياقىلاپ ماڭدى! ئەمدى ئۇنى پەقەت تاڭ ئاتقان چاغدىلا يولغا سالىدۇ! — دېيىشەتتى.

ئولپەتچىلىرى ساموگون بىلەن ئىچىملىكلەر تاپتۇق دەپ خەۋەر قىلىپ كەلگەندە، فومىن ئىسكادىرون كومىسسارى بىلەن سىياسىي رەھبەرىدىن يوشۇرۇنچە ئاشۇ ئىسكادىروندىكى تونۇش كازاكلارنىڭ ئۆيلىرىگىمۇ بېرىپ تۇراتتى. بۇنداق ئىش كۆپ بولغان، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي جەسۇر كوماندىر زېرىكىشكە باشلىدى، چىرايى تۇتۇلدى ۋە يېقىندىكى كۆڭۈل ئېچىشلارنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇنتۇپ قالدى. كەچقۇرۇنلىرى ئۇ بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈكىنى تازىلىمايدىغان، ساقال - بۇرۇتىنى ھەر كۈنى قىرمايدىغان بولدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىسكادىروندا خىزمەت قىلىدىغان يېزىداشلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىغا ئاندا - ساندا ھاراق ئىچىشكە ۋە بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ كېلىشكە بېرىپ تۇردى، ئەمما گەپ - سۆزلەرگە كەم ئارىلىشاتتى.

فومىننىڭ مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىشى ئەترەت كوماندىرىنىڭ ۋېشېنسكايادىن ئالغان بىر خەۋەر بىلەن بىر ۋاقىتتا باشلانغانىدى، بۇ خەۋەردە دون پەۋقۇلئاددە كومىسسىيىسىنىڭ سىياسىي بيۇروسى قوشنا ئۇست - مېدۋېدىتسا ئوكرۇگىنىڭ مىخايلوفكا يېزىسىدا باتالىئون كوماندىرى ۋاكولىن باشچىلىقىدىكى قاراۋۇل باتالىئونى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى مەلۇم قىلغانىدى.

ۋاكولىن فومىننىڭ خىزمەتدىشى ۋە دوستى ئىدى. بۇ ئىككىيلەن بىر چاغدا مىرونوف كورپۇسىدا بىللە بولغان، سارا-

نىسكىدىن دونغا بىللە بارغان ھەمدە بودىيونىنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى ئىسيانكار مىرونوف كورپۇسىنى قورشىۋالغاندا بۇ ئىككىسى بىرلىكتە قورال تاپشۇرغانىدى. فومىن بىلەن ۋاكولىن ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت تاكى كېيىنكى ۋاقىتقا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنىدى. تېخى يېقىندىلا، سېنتەبىرنىڭ بېشىدا ۋاكولىن ۋېشېنىسكاياغا كەلگەنىدى، مانا شۇ چاغدا ئۇ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، قەدىناس دوستىغا: «كوممۇنىستلارنىڭ جەبىر-زۇلمى، ئۇلارنىڭ دېھقانلارنى ئوزۇق - تۈلۈك سېلىقى بىلەن خانىۋەيران قىلىۋاتقانلىقى ۋە مەملىكەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى» ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانىدى. ۋاكولىننىڭ پىكىرلىرىگە فومىن كۆڭلىدە تولۇق قوشۇلغانىدى، ئەمما ئۆزىنى ئېھتىياتچان تۇتاتتى، تولا چاغلاردا ئۆزىنىڭ تۇغما دۆتلۈكىنىڭ ئورنىغا ھىيلىگەرلىكنى دەسسىتىپ يۈرەتتى. ئومۇمەن ئېھتىياتچان ئادەم ئىدى، ھەرگىز بىر ئىشقا ئالدىرىمايتتى ۋە بىردىنلا ياكى توغرا، ياكى ئۇنداق ئەمەس، دەپ ئېيتمايتتى، لېكىن كۆپ ئۆتمەي، ۋاكولىن باتالىيونى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دائىمىي ئېھتىياتچانلىقى ۋاپاسىزلىق قىلدى. بىر كېچە كەچتە ئىسكادىرون ۋېشېنىسكاياغا يولغا چىقىش ئالدىدا ۋىزۋوت كوماندىرى ئالفېروفنىڭ تۇرار جايىدا ئىسكادىروندىكىلەر يىغىلغانىدى. يوغان بىر چېلەكتە ئاق ساموگون بار ئىدى. داستىخان ئۈستىدە پاراڭ قىزىپ كەتتى. بۇ ھاراقخورلۇقتا قاتناشقان فومىن ئۈنچىقماستىن گەپكە قۇلاق سالاتتى، شۇنداقلا لام - جىم دېمەستىن، چېلەكتىن كۇرۇشكا بىلەن ساموگون ئۇسۇپ ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئەمما جەڭچىلەرنىڭ بىرى سۇخوي دونېتس بوسۇغىسىدا قانداق ئاتاكىغا ئۆتكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشى بىلەنلا فومىن ئويچانلىق بىلەن بۇرۇتىنى تولغاپ، بايىقى جەڭچىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— يىگىتلەر، بىز خوخوللارنى ئوبدانلا قىردۇق، ئەمما بىز هازىر ئۇنىڭ دەردىنى تارتمىساق بولاتتىغۇ... بىز ۋىشىنىسكاياغا بارغان بولساق، ئۇ يەردە ئوزۇق-تۈلۈك ئەترەتلىرى بىزنىڭ ئائىلىمىزدىكى بار ئاشلىقنى سۈپۈرۈپ كەتكەن بولسا، قانداق بولىدۇ؟ كازانىسكايالىقلار بۇ ئوزۇق-تۈلۈك ئەترەتلىرىدىن بەك خاپا ئىكەن. بۇ ئەترەتلەر ئۇلارنىڭ ئاشلىقىنى تالاپ، خامپىلىرىنى سۈپۈرۈپ ئەينەكتەك تازىلىغان ئوخشايدۇ...

ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى، فومىن ئۆزئىسكادىروندىكى ئادەملەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ياسىمىلىق بىلەن هىجىيىپ قويدى:

— بۇ دېگىنىم — چاقچاق. پەخەس بولۇڭلار، تىلىڭلارنى ئالدىراپ ئىشقا سېلىش كېرەك ئەمەس، ئۇنداق بولمىغاندا، چاقچاقنى راستقا ئايلاندۇرۇۋەتسە هېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

فومىن ۋېشېنىسكاياغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېرىم ۋىزۋوت قىزىل ئەسكەرنى ئۆزىگە هەمراھ قىلىپ رۇبېژنى يېزىسىدىكى ئۆيىگە باردى. يېزىدا هويلىغا كىرمەستىنلا دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ، چۇلۋۇرنى بىر قىزىل ئەسكەرگە تاشلاپ بېرىپ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئۇ ئايالىغا سوغۇققىنا بېشىنى ئېگىپ قويدى، قېرى ئانىسىغا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، ئېهتىرام بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، بالىلىرىنى قۇچاقلىدى.

— دادام قېنى؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئورۇندۇققا ئولتۇرغاندىن كېيىن قىلىچىنى ئىككى تىزى ئارىلىقىدا قويۇپ.

— تۈگمەنگە كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى موماي، ئاندىن ئوغلىغا بىر قاراپ، قەتئىي بۇيرۇق قىلدى، — تۇمىقىڭنى ئال، دىنسىز! سەنەم تۇرغان مېهراپنىڭ ئالدىدا كىم تۇمىقىنى ئالماي ئولتۇرىدىكەن؟ ئۇھ، ياكوف، خۇدانىڭ قارغىشىغا قېلىپ،

كاللاڭ كېتىپ قالمىسۇن...

فومىن زورمۇزور كۈلۈپ قويۇپ، بېشىدىن كۇبانچە تۇمقىنى ئالدى، ئەمما كېيىمىنى يەشمىدى.

— نېمىشقا كېيىمىڭنى سالمايسەن؟

— مەن بىردەملىك سىزنىڭ قېشىڭىزغا كىرىپ، ئەھۋالىڭىزنى بىلىپ چىقاي دەپ كىرگەنىدىم، خىزمەت بىلەن زادى ۋاقتىم يوق.

— سېنىڭ خىزمىتىڭنى بىز بىلمىمىز...، — دېدى موماي جىددىي تۇردە، ئوغلىنىڭ بۇزۇقچىلىق ئىشلىرىغا ۋە ۋېشېنسكايادا ئاياللار بىلەن ئالاقە قىلىپ يۈرگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ.

بۇ توغرۇلۇق ئاللىقاچان رۇبېژنى يېزىسىدا مىش - مىش پاراڭ تارالغانىدى.

فومىننىڭ بىمەزگىل قېرىپ قالغان، جەبىر چەككەنلىكى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئايالى تامدەك ئاقىرىپ، قېيىن ئانىسىغا يالت قىلىپ قارىدى - دە، مەشنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ قانداق بولمىسۇن ئېرىنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ۋە ئاز بولسىمۇ ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن ئوچاق بېشىدىن بىر پارچە لاتىنى ئالدى - دە، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، مۆكچىيىپ، فومىننىڭ ئۆتۈكىگە يۇققان لاينى تازىلاشقا باشلىدى.

— ياشا، پۇتۇڭدىكى ئۆتۈك نېمىدېگەن ئېسىل... ئۇنى شۇنچىلىك لاي قىلىۋېتىپسەن... مەن ئۇنى سۇرتۇپ تازىلاپ بېرەي، هازىرلا پاكىز قىلىۋېتىمەن! — دەپ پىچىرلاپ سۆزلىدى ئايال، بېشىنى كۆتۈرمەستىن، ئېرىنىڭ ئايىغى ئالدىدا تىزى بىلەن ئۆمىلەپ.

فومىن ئۇزاقتىن بۇيان ئايالى بىللە تۇرمىغانىدى ۋە قاچاندۇر ياشلىق چېغىدا ياخشى كۆرگەن بۇ ئايالىغا يىرگىنىش ئارىلاش كىچىككىنە ئىچ ئاغرىتىشتىن باشقا، ئۇزاقتىن

بۇيان ھېچقانداق ھېس-تۇيغۇدا بولمىغانىدى. ئەمما ئايال ئۇنى دائىم ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۆز كۆڭلىدە قاچانلا بولمىسۇن قېشىمغا قايتىپ كېلىدۇ، دېگەن بىر ئۈمىد بىلەن ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئەپۇ قىلاتتى. بۇ ئايال ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئىگى-لىك ئىشلىرىنى ئۆزى ئېلىپ باردى، بالىلىرىنى تەربىيىلىدى، تەر-سا مىجەز قېيىن ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا بار كۈچى بىلەن تىرىشتى. ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنىڭ بار ئېغىرچىلىقى ئۇنىڭ ئۈرۈق پەلىكىسىگە چۈشكەنىدى. ئېغىر ئەمگەك ۋە ئىككىنچى تۇغۇتىدىن كېيىنكى كېسەللىك يىلدىن يىلغا ئۇنىڭ سالامەت-لىكىنى ئاجىزلاشتۇرغانىدى. ئۇ ياداپ قۇرۇپ كەتتى. چىرايى سولدى. ۋاقىتتىن بۇرۇن كەلگەن قېرىلىق ئىككى مەڭزىگە ئۆ-مۈچۈك تورىدەك قورۇق چۈشۈردى. كۆزلىرىدە بەزى كېسەلمەن ئەقىللىق ھايۋانلاردا بولىدىغان چۆچۈپ تۇرىدىغان ئىتائەتمەن-لىك پەيدا بولدى. ئۆزىنىڭ تېز قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، سالا-مەتلىكىنىڭ كۈندىن-كۈندىن ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ھامان بىر ئۈمىد بىلەن ياشاپ كېلەتتى، ئاندا-ساندا ئۇچراشقاندا ئېرىنىڭ ھۆسن-جاما-لىغا قورقۇش ئارىلاش مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن زوقلىنىپ قاراپ قوياتتى...

فىرمىن ئايالىنىڭ ئىككى تاغىقى ياداپ كوفتىسى ئاستىدىن يول-يول بىلىنىپ تۇرغان ئېچىنىشلىق مۈكچەيگەن دۈمبىسىگە، ئۆتۈكىنى جان-دىلى بىلەن تازىلاۋاتقان چوڭ-چوڭ قوللىرى-نىڭ دىر-دىر تىترىشىگە باشتىن-ئاياغ بىر قاراپ قويۇپ، ئىچىدە ئويلىدى: ئۇنىڭ چىرايلىق دېگۈچىلىك نېمىسى بار! مۇشۇنداق بىر ئەرۋاھ بىلەن مەن بىر زاماندا بىللە ئۇخلىدىم... ئۇ ھازىر بەك قېرىپ كەتكەن... ئۇ شۇنچىلىكمۇ قېرىپ كېتەمدۇ!

— بولدي ئەمدى، توختات! بەربىر يەنە لاي قىلى-

مەن، — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن، ئايالىمنىڭ قولىدىن يۈتەلنى تارتىۋېلىپ.

ئايال بېلىنى تەسلىكتە رۇسلاپ، ئورنىدىن تۇردى. ساپ-سېرىق يۈزىگە سەل - پەل قىزىللىق يۈگۈردى. ئۇنىڭ ئېرىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان نەملەشكەن كۆزلىرىدە شۇنچىلىك ئىشق ۋە چەكسىز ساداقەت بار ئىدىكى، فومىن چىداپ تۇرالماي شارتلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ئانىسىدىن:

— قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز بۇ يەردە؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزۈڭ كۆرگەندەك، — دەپ جاۋاب بەردى موماي ھومىيىپ.

— ئوزۇق - تۈلۈك يىغىش ئەترىتى بۇ يېزىغا كەلدىمۇ؟

— تۆۋەنكى — كرىۋىسكايىغا تېخى تۈنۈگۈنلا يۈرۈپ كەتتى.

— بىزدىن ئاشلىق ئالدىمۇ؟

— ئالدى. داۋىدۇشكا، ئۇلار قانچىلىك ئەكەتتى؟

ئاتىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان، شۇنداقلا دادىسىدەك كەڭ قاڭشالىق، كۆك كۆز 14 ياشلىق ئۆسمۈر بالا:

— چوڭ دادام شۇلارنىڭ قېشىدا ئىدى، ئاشۇ بىلىدۇ. ئون تاغار ئەكەتتىمىكىن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— شۇ - ندا - ا - ق...، — فومىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، ئوغلىغا لىپپىدە قاراپ قويۇپ، قىلىچ تاسمىنى باغلىرىنى تۈزەپ قويدى. رەڭگى بىسرئاز ئۆڭۈپ، دەرھال سورىدى، — بۇ ئەكىتىۋاتقان ئاشلىق كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا دېدىڭلىمۇ؟

موماي قولىنى شىلتىپ زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى:

— ئۇلار سېنى تازا تونۇمايدىغاندەك قىلىدۇ! ئۇلارنىڭ

چوڭى: «كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەممەيلەن ئوشۇق ئاشلىقنى تاپشۇرۇش كېرەك. مەيلى قومىن بولسۇن، مەيلى ئوكروك رەئىسى بولسۇن — بەرىبىر ئوشۇق ئاشلىقنى ئالىمىز!» — دېدى. شۇنىڭ بىلەن خامپىلارنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

— ئانا، مەن ئۇلار بىلەن ھېسابلىشىمەن. ھېسابىنى ئالىمەن ئۇلاردىن! — دېدى قومىن بوش ئاۋاز بىلەن، شۇندىن كېيىنلا دەرھال ئۆي ئىچى جەمەتى بىلەن خوشلىشىپ، چىقىپ كەتتى.

ئۆيگە كېلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆز ئىسكادىرونىدىكى جەڭچىلەرنىڭ كەيپىياتىنىڭ قانداقلىقىنى ئاستا تىڭ - تىڭلاشقا باشلاپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئاشلىق سېلىقىغا نارازى ئىكەنلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ قېشىغا يېزا - بازارلاردىن خوتۇنلىرى، يىراق ۋە يېقىن تۇغقانلىرى كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى؛ ئۇلار ئوزۇق - تۈلۈك ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ تىنتىش ئېلىپ بېرىپ، بارلىق ئاشلىقنى ئەكەتكەنلىكىنى، پەقەت ئۇرۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلۇقلا ئاشلىق قالدۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشكەن. بۇ ھال شۇنىڭغا سەۋەب بولدىكى، يانۋارنىڭ ئاخىرىدا، بازىدا بولۇپ ئۆتكەن گارنىزون مەجلىسىدە، ئوكروك ھەربىي كومىسسارى شاختايېف نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا، ئىسكادىروندىكىلەر ئوچۇقتىن - ئوچۇق قارشى چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مۇنداق ھايقىرىق ئاڭلاندى:

— ئوزۇق - تۈلۈك ئەترەتلىرىنى ئەكىتىڭلار!

— ئاشلىق ئېلىشقا خاتىمە بېرىدىغان ۋاقىت كەلدى!

— يوقالسۇن ئوزۇق - تۈلۈك كومىسسارلىرى!

قاراۋۇل روتىسىدىكى قىزىل ئەسكەرلەر بۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دەپ ۋارقىراشتى:

— ئەكسىلئىنقىلابچىلار!

— ئەبلەخلەرنى تارقىتىۋېتىش كېرەك!

مەجلىس ئۇزۇنغا سوزۇلدى ھەم پاتىپاراقچىلىقتا ئۆتتى. گارنىزوندىكى ئاز سانلىق كوممۇنىستلارنىڭ بىرى فومىنغا ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى: «يولداش فومىن، سېنىڭ سۆزگە چىقىشىڭ كېرەك! قارىغىنا، سېنىڭ ئىسكادرونىڭدىكىلەر نېمانداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىشىدۇ!»

فومىن بىلىندۇرمەي مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى:

— مەن پارتىيىسىز ئادەممەن، ئۇلار مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سالامدۇ؟

ئۇ گەپ قىلماي، جىم بولۇۋېلىپ، مەجلىس تۈگەشتىن خېلى بۇرۇنلا باتالىئون كوماندىرى كاپارىن بىلەن بىللە كېتىپ قالدى. ۋېشېنىسكاياغا قايتىپ كېلىۋېتىپ يول ئۈستىدە ئۇلار يۈز بېرىۋاتقان ۋەزىيەت توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ، ناھايىتى تېز بىر پىكىرگە كېلىشتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن كاپارىن فومىننىڭ ياتىقىدا يۈزمۇيۈز مۇنداق دېدى:

— ياكى بىز ھازىر ئاتلىنىمىز، ياكى بولمىسا ئاتلىنىشنى مەڭگۈ قويىمىز، بۇنى سەن بىلىپ قوي، ياكوف يېفىموۋىچ! پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. ھازىرقى پۇرسەت ناھايىتى قولايلىق. كازاكلار بىزنى قوللايدۇ. ئۇكرۇكتا سېنىڭ ئابرويۇڭ چوڭ. ئاھالىنىڭ كەيپىياتى ياخشى، ئويلاپ ئولتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ بىر نېمە دېگىن، بىر قارارغا كەل!

— بۇ يەردە قارار قىلىدىغان نېمە بار؟ — دېدى فومىن ئاستا، گېپىنى سوزۇپ، قاپىقىنى تۈرۈپ، — بۇ ئىش قارار قىلىنىپ بولغان. پەقەت ھەممەيلەن ھايالسىز چىقىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئىش پۇختا بولۇش ئۈچۈن مۇكەممەل پىلان تۈزۈش

كېرەك. مانا شۇ ئوغرۇلۇقمۇ سۆزلىشەيلى.

فومىننىڭ كاپارىن بىلەن بولغان گۇمانلىق دوستلۇقى سېزىلمەي قالمىدى. باتالىئوندىكى بىر قانچە كوممۇنىست بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆزىتىش ئېلىپ باردى ـ دە، ئۆز گۇمانلىرىنى دون پەۋقۇلئاددە كومىسسىيىسى سىياسىي بيۇروسىنىڭ باشلىقى ئارتېمېفقا ۋە ھەربىي كومىسسار شاخايېفقا خەۋەر قىلىشتى.

— «يىلان چېقىۋالغان ئادەم ئارغامچىدىنمۇ قورقىدۇ» دېگەن تەمسىل بار، — دېدى ئارتېمېف كۈلۈپ، — كاپارىن — توخۇ يۈرەك ئادەم، ئۇ مۇنداق ئىشقا جۈرئەت قىلالامدۇ؟ فومىننىڭ ئارقىسىدىن نازارەت قىلىپ تۇرىمىز، ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان بىزنىڭ نىشانىمىز ئاستىدا تۇرۇۋېتىۇ، فومىننىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىقىشقا باتۇرلۇق كۆرسىتىشى دەرگۇمان. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىكار گەپ، — قەتئىي يەكۈن چىقاردى ئۇ.

ئەمما نازارەت قىلىش كېچىككەنىدى: سۇيىقەستچىلەر ئالدىقاچان بىر پىكىرگە كېلىشكەنىدى. قوزغىلاڭ 12 ـ مارت كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە باشلىنىش كېرەك ئىدى. مۇنۇلار شەرتلىشىپ قويۇلدى: شۇ كۈنى فومىن ئىسكادروننى تولۇق قوراللانغان ھالدا ئەتىگەنكى مەشىققە ئاچىقىدۇ، ئۇندىن كېيىن يېزا بازىرىنىڭ چېتىگە ئورۇنلاشقان پىلموتچىلار ۋىزۋوتىغا تۇيۇقسىز ئاتاكا قىلىپ، پىلموتلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ، ئاندىن قاراۋۇل روتىسىنىڭ ئوكروكىدىكى ھەرقايسى ئىدارىلەرنى «تازىلاش» ئىشىغا ياردەملىشىدۇ.

كاپارىندا مېنى باتالىئون تولۇق قوللىماسىكىن دېگەن گۇمان بارئىدى. بۇ گۇماننى ئۇ بىر قېتىم فومىنغا ئېيتىپ تاشلىدى. فومىن ئۇنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئاۋۋال پىلموتلارنى قولغا چۈشۈرۈۋالساق

بولدى، شۇندىن كېيىن بىز سىنىڭ باتالىئونىڭنى بىر يولىلا تىنچىتىپ قويىمىز...

فومىن بىلەن كاپارىننىڭ ئارقىسىدىن ئورنىتىلغان پۇختا نازارەت ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى. ئۇلار كەم ئۇچرىشاتتى ۋە پەقەت خىزمەت يۈزىسىدىنلا ئۇچرىشاتتى، پەقەت فېۋرالنىڭ ئاخىرىدا، بىر كۈنى كېچىسى پاترۇل بۆلىكىلەنىڭ كوچىدا يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. فومىن ئېگەرلەنگەن ئېتىنى يۈگىنىدىن يېتىلەپ كاپارىن بىلەن يانمۇيان كېلىۋاتاتتى. كاپارىن كېچە كۆزەتچىلىرىنىڭ سوئالىغا: «ئۆزىمىزنىڭكىلەر» — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار كاپارىننىڭ ياتىقىغا كىرىشتى. فومىن ئېتىنى پەلەمپەيىنىڭ پەنجىرىسىگە باغلاپ قويدى. ئۆيدە چىراغ يېقىشمىدى. سەھەر سائەت تۆت بولاي دېگەندە فومىن بۇ يەردىن چىقىپ، ئېتىغا مىندى ـ دە، ئۆز ياتىقىدا بولدى. پاترۇل ئېنىقلىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى پەقەت مۇشۇلا ئىدى.

ئوكروك ھەربىي كومىسسارى شاخايېف دون ئوبلاستى قوشۇن قوماندانىنىڭ نامىغا مەخپىي خەتلىك تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، فومىن بىلەن كاپارىن توغرىسىدىكى ئۆز گۇمانلىرىنى خەۋەر قىلدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قوماندانىنىڭ جاۋابى كەلدى، بۇنىڭدا فومىن بىلەن كاپارىننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ۋە ئۇلارنى دەرھال قولغا ئېلىش تەستىقلانغانىدى.

ئوكروك پارتىيە كومىتېتىنىڭ بيۇرو مەجلىسىدە مۇنۇلار قارار قىلىندى: فومىن ئوكروك ھەربىي كومىسسارىياتىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە نوۋوچېركاسسكىغا، قوشۇن قوماندانىنىڭ قارىمىقىغا يۆتكىلىپ باردۇ، بۇ قارار فومىنغا مەلۇم قىلىنسۇن، ئېسكادىرون كوماندىرلىقىنى ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى ئوۋچىننىكوفقا تاپشۇرۇپ بېرىشى تەۋسىيە قىلىنسۇن؛ باندى پەيدا بولدى دېگەننى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، شۇكۈنىلا ئېسكادىرون كازارمىسىغا

يولغا سېلىنسۇن، ئارقىدىنلا كېچىسى سۇيىقەستچىلەر قاماقتا ئېلىنسۇن. ئىسكادىروننى يېزا بازىرىدىن ئاچىقىپ كېتىش شۇنىڭ ئۈچۈن قارار قىلىنغانىدىكى، ئەگەر ئىسكادىرون فومىننىڭ قاماققا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش خەۋپى بولمايتتى. شۇ مەجلىستە يەنە باتالىئوندىكى كوممۇنىستلار بىلەن ۋىزۋوت كوماندىرلىرىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈش ئېھتىمالى بارلىقى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ۋە يېزا بازىرىدىكى روتا بىلەن پىلىموتچىلار ۋىزۋوتىنى جەڭگىۋار تەييارلىقتا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسى قاراۋۇل باتالىئونىنىڭ 2 - روتىسى كوماندىرى كوممۇنىست تىكاچېنكوغا تاپشۇرۇلدى.

ئەتىسى ئەتىگەن فومىن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدى.

— خوپ، شۇنداق بولسا، ئوۋچىننىكوف، ئىسكادىروننى تاپشۇرۇۋال. نوۋوچېركاسسكىغا باراي، — دېدى فومىن خاتىرجەملىك بىلەن، — ھېساباتنى كۆرەمسەن؟

ھېچكىم ئاگاھلاندۇرۇپ قويمىغان، ھېچنېمىدىن گۇمانلانمىغان پارتىيىسىز ۋىزۋوت كوماندىرى ئوۋچىننىكوف قەغەز - ھۆججەتلەرگە چۆكۈپ كەتتى.

فومىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كاپارىنغا: «بۈگۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرىمىز. مېنى ۋەزىپەمدىن ئېلىپ تاشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. تەييار بول» — دەپ ئىككىلىك خەت يازدى. ئۇ دەھلىزدە خەتنى چاپارمەنغا بېرىپ، پىچىرلاپ قويدى:

— خەتنى قوۋۇزىڭنىڭ ئىچىگە سال، ھودۇقماي ماڭ، چۈشەندىڭمۇ؟ كاپارىننىڭ قېشىغا ئالدىرىماي - تېنىمەي بارغىن. ئەگەردە بىرى يولدا سېنى توختىتىپ قويسا، خەتنى يۇتۇۋەت. خەتنى ئۇنىڭغا بەرگەندىن كېيىن، دەرھاللا بۇ يەرگە قايتىپ كەل.

ئوۋچىننىكوف كازانسكايا بازىرىغا يولغا چىقىش توغرىسى-

دىكى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىسكادىروننى چېركاۋ مەيدانىدا سەپكە تىزدى، فومىن ئۇۋچىنىكوفنىڭ قېشىغا ئاتلىق كېلىپ:

— ئىسكادىرون بىلەن خوشلىشىشقا رۇخسەت قىل، — دېدى.

— مەرھەمەت، ئەمما خوشلىشىش قىسقىراق بولسۇن، بىز ھايال بولۇپ قالمايلى.

فومىن ئىسكادىروننىڭ ئالدىدا توختىدى - دە، ئۇيناقشىپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تارتىپ تۇرۇپ، جەڭچىلەرگە مۇراجىئەت قىلدى:

— يولداشلار، سىلەر مېنى بىلىسىلەر، مېنىڭ ھەردائىم نېمە ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلگەنلىكىمنى بىلىسىلەر. مەن ھەردائىم سىلەر بىلەن بىللە بولۇپ كەلدىم، ئەمما مەن ھازىر كازاكلارنى تالاۋاتقانلىقىغا، ئومۇمەن تېرىقچى دېھقانلارنى تالاۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالمايمەن. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ۋەزىپەمدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئۇلار مېنى نېمە قىلماقچى — بۇنى مەن بىلمەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەر بىلەن خوشلىشىۋالاي دەيمەن...

ئىسكادىروندا شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈلۈپ بىر سېكۇنت فومىننىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويىدى. فومىن ئۈزەڭگىگە ئۈستىدە كۆتۈرۈلۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— ئەگەر بۇلاڭ - تالاڭدىن قۇتۇلۇشنى خالىساڭلار — ئوزۇق - تۈلۈك ئەترەتلىرىنى بۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىڭلار، مۇررزوفقا ئوخشاش ئوزۇق - تۈلۈك كومىسسارلىرىنى ۋە شاخايېفقا ئوخشاش كومىسسارلارنى ئۆلتۈرۈڭلار! ئۇلار بىزنىڭ دونغا كېلىپ، بۇ يەردە...

شاۋقۇن - سۈرەن فومىننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاتماي

قويدى. ئۇ پەيت كۈتۈپ تۇرۇپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن كوماندا بەردى:

— ئوڭ ياقتىن ئۈچ - ئۈچ بولۇپ سولغا بۇرۇل، قەدەملەپ مارش!

ئىسكادىرون بويسۇنۇپ كوماندىنى ئىجرا قىلدى. بولۇۋاتقان ئىشلاردىن گاڭگىراپ قالغان ئوۋچىننىكوف فومىننىڭ قېشىغا ئات چاپتۇرۇپ كەلدى:

— يولداش فومىن، سىز نەگە بارماقچىسىز؟

فومىن قايرىلىپمۇ قويماستىن ئىستېھزا بىلەن جاۋاب بەردى:

— چېركاۋنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كېلىمىز...

مانا شۇچاغدىلا ئوۋچىننىكوف مۇشۇ بىر نەچچە مىنۇتنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندى. ئۇ كالونىدىن ئايرىلىپ قالدى؛ سىياسىي رەھبەر، كومىسسارنىڭ ياردەمچىسى ۋە بار - يوقى بىر قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى بۇنىڭغا ئەگەشتى. فومىن بۇلارنىڭ يوقىلۇقىنى 200 قەدەم يىراقلاشقاندىن كېيىنلا بايقىدى. ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، ۋارقىرىدى:

— ئوۋچىننىكوف، توختا!...

تۆت ئاتلىق يېنىك يورغىدىن ئۇچقاندەك چېپىشقا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن ئېتىلگەن قارنىڭ چاڭپاقلىرى ھەرتەرەپكە چاچراشقا باشلىدى. فومىن توۋلاپ كوماندا بەردى:

— مىلتىقنى بەتلەڭلەر! ئوۋچىننىكوفنى تۇتۇڭلار! 1 - ۋىزۋوت! قوغلا!...

مىلتىقلار پاراسلاپ ئېتىلىشقا باشلىدى. 1 - ۋىزۋوتتىن 16 ئادەم شىددەت بىلەن قوغلاشقا كىرىشتى. بۇ ۋاقىتتا فومىن

ئۈسكادىرونىدىكى قالغان ئادەملەرنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلدى:
بىر گۇرۇپپىسىنى 3 - ۋىزۋوت كوماندىرىنىڭ باشچىلىقىدا
پىلىموتچىلار ۋىزۋوتىنى قوراللىسىزلاندۇرۇشقا ئەۋەتتى، يەنە بىر
گۇرۇپپىنى يېزا بازىرىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى بۇرۇنقى ئايغىرلار
ئېغىلىغا ئورۇنلاشقان قاراۋۇل روتىسى ئۈستىگە ئۆزى باشلاپ
ماڭدى.

بىرىنچى گۇرۇپپا ئوقلىرىنى هاۋاغا ئېتىپ ۋە قىلىچلىرىنى
يالاڭداپ، چوڭ كوچا بويلاپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ماڭدى.
ئىسيانچىلار يولدا قولغا چۈشكەن تۆت كوممۇنىستنى قىلىچ
بىلەن چېپىپ تاشلىغاندىن كېيىن يېزا بازىرىنىڭ چېتىدە ئالدى-
راش سەپ تۈزدى - دە، ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىققان پىلىموت-
چىلار ۋىزۋوتىنىڭ قىزىل ئەسكەرلىرىگە ئۈنچىقماستىن،
ۋارقىرىماستىن ئاتاكا باشلىدى.

پىلىموتچىلار ۋىزۋوتى ئورۇنلاشقان ئۆي بىر چەتتە ئىدى.
بۇ ئۆي بىلەن يېزا بازىرىدىكى ئەڭ چەتتە تۇرغان هويلىلار-
نىڭ ئارىلىقى 100 سارجىندىن ئاشمايتتى. ئىسيانچىلار شىددەت-
لىك پىلىموت ئوقىغا دۇچ كېلىپ، ئارقىسىغا شارتتىلا بۇرۇلدى.
ئەڭ يېقىنىدىكى تار كوچىغا يېتىپ كەلمەستىنلا ئۇلارنىڭ
ئۈچىگە ئوق تېگىپ، ئاتتىن ئۈچۈپ چۈشتى. پىلىموتچىلارنى
تۇساتتىن قولغا چۈشۈرۈشكە ئېرىشەلمىدى. 3 - ۋىزۋوتنىڭ
كوماندىرى چۇماكوف ئۆز گۇرۇپپىسىنى دالدىغا ئەكەتتى؛
ئۇ ئاتتىن چۈشمەستىن تاش سارايىنىڭ بۇرجىكىدىن ئېھتىيات
بىلەن مارىلاپ:

— ئەنە، يەنە ئىككى «ماكسىمكا»نى سۆرەپ چىقتى، —
دېدى - دە، شۇندىن كېيىن تۇمىقى بىلەن پېشانىسىدىكى
تەرنى ئېرتتى، ئاندىن جەڭچىلەرگە بۇرۇلدى، — يىگىتلەر،
ئارقىمىزغا قايتايلى!... پىلىموتچىلارنى قومىنىنىڭ ئۆزى ئالسۇن.

بىزدىن قانچە كىشى قارنىڭ ئۈستىدە قېپقالدى، ئۈچەيلەنمۇ؟ خوپ، ئۇنىڭ ئۆزى كېلىپ ئېلىشىپ كۆرسۇن.

يېزا بازىرىنىڭ شەرق تەرەپتىكى چېتىدە مىلتىق ئاۋازى باشلىنىش بىلەنلا روتا كوماندىرى تىكاچېنكو ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، كىيىمىنى يولدا كىيىپ، گازارمىغا چاپتى. گازارمىنىڭ ئالدىدا 30 قىزىل ئەسكەر قاتار سەپ تۈزۈپ تۇرۇشاتتى. بۇلار هاڭ - تاڭ بولۇشۇپ روتا كوماندىرىدىن سوراشقا باشلىدى:

— ئوق چىقىرىۋاتقانلار كىم؟

— نېمە ئىش؟

تىكاچېنكو جاۋاب بەرمەستىن، گازارمىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىققان قىزىل ئەسكەرلەرنى گەپ قىلماستىن سەپكە تىزىشقا كىرىشتى. ئوكروك ئىدارىلىرىدە خىزمەت قىلىدىغان بىرنەچچە كوممۇنىست ئۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىت ئىچىدە گازارمىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى - دە، بۇلارمۇ سەپكە تىزىلىشتى.

يېزا بازىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە پاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلانغىلى تۇردى. غەرب تەرەپنىڭ بىر چېتىدە قول گراناتى گۇمباك قىلىپ پارتلىدى. تىكاچېنكو گازارما تەرەپكە قېلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان 50 چامىسىدا ئاتلىقلارنى كۆرۈپ، ئالدىرىماستىن تاپانچىسىنى قېپىدىن چىقاردى. ئۇ كوماندا بېرىشكە ئۈلگۈرمەستىنلا سەپ ئىچىدە بىردىنلا گەپ - سۆز جىممىقىپ قالدى - دە، قىزىل ئەسكەرلەر مىلتىقلىرىنى ئېلىشىپ، تەييار بولۇپ تۇرۇشتى.

— بۇ كېلىۋاتقانلار ئۆز ئادەملىرىمىزغۇ! قاراڭلار، ئاۋۇ بىزنىڭ باتالىيون كوماندىرىمىز يولداش كاپارىن! — دەپ ۋارقىرىدى بىر قىزىل ئەسكەر.

كوچىدىن ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىشكەن ئاتلىقلار، بىرى

كوماندا بەرگەندەك، ھەممىسى بىردەك ئاتلىرىنىڭ يايانغا يېپىشىپ، گازارمىغا شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىشتى.

— بۇ ياققا ئۆتكۈزمە! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى تكاچېنكو.

ئۇنىڭ ئاۋازىنى بىر يولى ئېتىلغان گۈلدۈر - قاراس مىلتىق ئۈنى يېپىپ كەتتى. قىزىل ئەسكەرلەر سېپىدىن 100 قەدەم نېرىدا ئاتلىق ئەسكەرلەردىن تۆتى ئاتلىرىدىن غۇلاپ چۈشتى، قالغانلىرى پېتىراپ، تەرتىپسىز ھالدا ئارقىسىغا قاراپ قېچىشقا يۈز تۇتتى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن پاراسلاپ مىلتىق ئېتىلىپ تۇردى. ئاتلىقلارنىڭ بىرى، قارىغاندا يېنىك يارىلانغان بولۇشى كېرەك، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى، ئەمما تىزگىنىنى قولدىن بەرمىدى، تاراقلاپ چاپقان ئاتنىڭ كەينىدىن ئون سارجىندەك سۆرۈلۈپ باردى، ئاندىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈزەڭگىگە ئېسىلىۋالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېگەرنىڭ ئارقا قېشىغا ئېسىلدى - دە، لىككىدە ئېتىغا مىنىۋالدى. ئۇ تىزگىنىنى قەھر بىلەن تارتىپ، چېپىپ كېتىۋاتقان ئېتىنى شارتلا بۇراپ، ئەڭ يېقىن يەردىكى تار كوچىغا كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

ئىسكادىرونىنىڭ 1 - ۋىزۋوتىدىكى جەڭچىلەر ئوۋچىننىكوفنى قوغلاشتىن نەتىجە چىقىرالمىغاندىن كېيىن يېزا بازىرىغا قايتىپ كېلىشتى. كومىسسار شاخايېفنى ئىزدەش پايدا بەرمىدى. ئۇ نە قورۇقدىلىپ قالغان كومىسسارىيات بىناسىدا، نە تۇرار جايىدا يوق بولۇپ چىقتى. شاخايېف مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دونغا قاراپ يۈگۈرگەنىدى، مۇز ئۈستى بىلەن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، ئورمانغا كىرىۋېلىپ، بۇ يەردىن بازكى يېزىسىغا بېرىۋالدى - دە، ئەتىسى ۋېشېنسكايادىن 50 چاقىرىم نېرىدىكى ئۇست - خوپېرسكايا بازىرىدا ئۆزىنى كۆردى.

رەھبىري خادىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز ۋاقتىدا يوشۇرۇ-

ئۇۋالدى. بۇلارنى ئىزدەشمۇ خەۋپتىن خالىي ئەمەس ئىدى، چۈنكى پىلىموتچىلار ۋىزۋوتتىكى قىزىل ئەسكەرلەر قول پىلىموتلىرى بىلەن بازار مەركىزىگە كېلىپ، چوڭ مەيداننىڭ قېشىدىكى ھەممە كوچىلارنى ئوققا تۇتۇپ تۇردى.

ئىسكادرون جەڭچىلىرى ئىزدەشنى توختىتىپ، دوڭغا چۈشكەندىن كېيىن، بايا ئوۋچىننىكوفنى قوغلىغان چاغدىكى چېركاۋ مەيدانىغا ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ قايتىپ كېلىشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەرگە فومىنچىلارنىڭ ھەممىسى جەم بولدى. ئۇلار قايتىدىن سەپكە تىزىلدى. فومىن كۆزەتچى قويۇشقا بۇيرۇق بەردى، قالغان جەڭچىلەرگە ئۆي - ئۆيلەرگە ئورۇنلىشىشقا، ئەمما ئاتنىڭ ئېگەرلىرىنى ئالماسلىققا بۇيرۇق قىلدى.

فومىن بىلەن كاپارىن، شۇنىڭدەك ۋىزۋوت كوماندىرلىرى ئەڭ چەتتىكى كىچىككىنە بىر ئۆيگە پاناھلىنىشتى.

— ھەممە ئىش ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى! — دېدى كاپارىن نائۈمىد ھالدا ئورۇندۇققا مادارسىزلىق بىلەن ئۆزىنى تاشلاپ.

— شۇنداق، بىزا بازىرىنى ئالالماي قالدۇق، شۇنداق ئىكەن، ئەمدى بىز بۇ يەردە پۇت تىرەپ تۇرالمايمىز، — دېدى فومىن ئۈنىنى ئاستا چىقىرىپ.

— ياكوف يېفىموۋىچ، ئوكروكقا بىر ھەملە قىلىپ بېقىشىمىز لازىم. ھازىر قورقىدىغان نېمىمىز قالدى؟ بەرىبىر ئەجەلدىن بۇرۇن ئۆلمەيمىز. كازاكلارنى قوزغىتىمىز، ئۇ چاغدا بىزا بازىرى بىزنىڭ بولىدۇ، — دېدى چۇماكوف مەسلىھەت بېرىپ.

فومىن ئۈنچىقماستىن ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، كاپارىنغا قايرىلدى:

— روھىڭىز چۈشۈپ كەتتىمۇ، جانابىي ئالىي؟ ماڭقىڭىزنى سۈرتۈپ قويۇڭ! نەرە تارتىپ چىققان كىشى باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىشى كېرەك. بۇ ئىشنى بىرلىكتە باشلىغانىكەنمىز،

بىرلىكتە باشقا ئاچىقىشمىز كېرەك... سىنىڭ پىكرىڭچە قانداق قىلساق بولار — يېزا بازىرىدىن كېتەمدۇق ياكى يەنە بىر قېتىم ھەرىكەت قىلىپ باقامدۇق؟

چۇماكوف كېسىپلا ئېيتتى:

— باشقىلار ھەرىكەت قىلىپ كۆرسۇن! مەن پېشانەمنى پىلىموتلارغا قالقان قىلىپ بارالمايمەن. بۇ مەنىسىز ئىش.

— مەن سەندىن سوراۋاتقىنىم يوق. ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى فومىن چۇماكوفقا، چۇماكوف پەسكە قاراندى. كاپارىن بىرئاز ئۈنچىقماي ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— شۇنداق، ئەلۋەتتە، ئەمدىلىكتە ئىككىنچى قېتىم ئىش باشلاش مەنىسىزلىك بولىدۇ. قورال-ياراغ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك ئۇلار تەرەپتە. ئۇلارنىڭ 14 پىلىموتى بار، بىزدە بىرمۇ پىلىموت يوق. ئۇلارنىڭ ئادىمى كۆپرەك... بۇ يەردىن كېتىپ، كازاكلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۈيۈشتۇرۇش لازىم. ئۇلار بۇ يەرگە قوشۇمچە كۈچلەرنى يۆتكەپ كەلگۈچە پۈتۈن ئوكرۇگنى قوزغىلاڭ قاپلايدۇ. بار ئۈمىد پەقەت مانا شۇنىڭدا. پەقەت مانا شۇنىڭدا!

فومىن ئۇزاق سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئۇنداق بولسا، مۇشۇ توختامغا كېلەيلى. ۋىزۋوت باشلىقلىرى! ھازىردىنلا قورال-ياراغلارنى تەكشۈرۈڭلار، كىمنىڭ قولىدا قانچىلىك پاترون بار، ھېسابىنى ئېلىڭلار. قەتئىي بۇيرۇق: بىر پاي ئوقنىمۇ بىكارغا زايا قىلمايلى. كىمكى بىرىنچى بولۇپ، بۇيرۇقۇمدىن باش تارتىدىكەن، ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن چېپىپ تاشلايمەن. جەڭچىلەرگە شۇنداق دەڭلار، — ئۇ بىردەم ئۈندىمەي، كېيىن يوغان مۇشتى بىلەن شىرەنى ئاچچىقى بىلەن مۇشتلىدى، — ئىست، پىلىموت بولۇپ قالسىچۇ! ھەممە ئىش سەندىن، چۇماكوف! كاشكى ھېچ بولمىغاندا تۆت دانە

پىلىموتنى قولغا چۈشۈرگەن بولساڭچۇ! ئەمدى ئۇلار، ئەلۋەتتە، بىزنى يېزا بازىرىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، خوش، تارقىلىڭلار! ئەگەر سۈرۈپ - توقاي قىلمىسا، يېزا بازىرىدا كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، سەھەر يولغا چىقىمىز - دە، ئوكروكنى يېرىپ ئۆتىمىز...

كېچە تىنچ ئۆتتى. ۋېشېنسكايانىڭ بىر چېتىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئىسكادىرونچىلار، يەنە بىر چېتىدە قاراۋۇل روتىسى ۋە بۇ روتىغا قوشۇلۇۋالغان كوممۇنىستلار بىلەن كومسومول-لار تۇرۇشاتتى. بىر - بىرىگە قارشى ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىقىدا پەقەت ئىككى ھەھەللە بار ئىدى، ئەمما ھېچقايسى تەرەپ كېچىلىك ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. تاڭ سەھەر ئىسيانچى ئىسكادىرون جەڭگە كىرىشمەستىنلا يېزا بازىرىنى تاشلاپ چىقىپ، شەرقىي - جەنۇب تەرەپكە قاراپ كېتىپ قېلىشتى.

## 11

گرىگورىي ئۆيدىن كەتكەندىن كېيىن دەسلەپكى ئۈچ ھەپتە داۋامىدا يېلانىسكايا بازىرىنىڭ يۇقىرىقى كرىۋىسكوي يېزىسىدىكى پولكداش بىر تونۇش كازاكنىڭ ئۆيىدە تۇردى. ئۇندىن كېيىن گورباتوۋسكى يېزىسىغا كېتىپ، ئۇ يەردە ئاكسىنىيىنىڭ يىراق تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدە بىر ئايدىن ئارتۇقراق كۈن ئۆتكۈزدى. ئۇ كۈن بويى ئىچكىرىكى ئۆيدە ياتاتتى، ھويلىغا پەقەت كېچىسى چىقاتتى. بۇ ئىش تۈرمە ھاياتىغا ئوخشايتتى. گرىگورىي قايغۇ-ھەسرەت ۋە ئېغىر بىكارچىلىقتىن قاتتىق ئازاب چېكەتتى. كۆڭ-لى توختاۋسىز ئۆيگە — بالىلىرىغا، ئاكسىنىيىگە تارتاتتى. ئۇيقۇ-سىز كېچىلەردە ئۇ پات - پات تاتارسكىغا بېرىشقا قەتئىي

بەل باغلاپ، شىنېلىنى كىيەتتى - دە، ئەمما ھەر قېتىم بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، شىنېلىنى يەنە سېلىپ تاشلاپ، ئاھ - ئۇھ بىلەن ئۆزىنى كارىۋاتقا دومىلا تاشلايتتى. ئاخىر بېرىپ مۇنداق ھايات كەچۈرۈشكە تاقىتى قالمىدى. ئۆي ئىگىسى ئاكسىنىيىنىڭ ئىككى تۇغقان تاغىسى بولۇپ، بۇ ئادەم گرىگورىيغا خەيرخاھلىق قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇنداق مۇساپىرنى ئۆيىدە دائىمىي تۇرغۇزۇۋېرىشكە ئىلاجىسىز قالدى. بىر كۈنى گرىگورىي كەچكى تاماقتىن كېيىن ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندا، بىر پاراڭنى ئاڭلاپ قالدى.

ئۆي ئىگىسىنىڭ ئايالى غودۇڭشىپ ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن:

— بۇ ئىش قاچان تۈگەيدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە دېدىڭ؟ قايسى ئىشنى دەۋاتىسەن؟ — دېدى خوجايىن بوم ئاۋاز بىلەن جاۋاب بېرىپ.

— سەن مۇنۇ ھارامتاماقتىن قاچان قۇتۇلىسەن؟

— ئاغزىڭنى يۇم!

— يۇممايمەن! ئاشلىق ئۆزىمىزگىمۇ يەتمەيدۇ —ناھايىتى ئاز قالدى، سەن بولساڭ مۇنۇ دومچەك شەيتاننى ھەر كۈنى تاماق بېرىپ بېقىۋاتىسەن. بۇ ئىش قاچانغىچە سوزۇلىدۇ، بىر چېكى بارمۇ؟ مەن سەندىن سوراۋاتىمەن! ئەگەر يېزا سوۋېتى بىلىپ قالسا نېمە بولىدۇ؟ كاللىمىزنى ئالىدۇ. بالىلىرىمىز يېتىم قالىدۇ!

ئەتىسى خوجايىن گرىگورىينىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ يەرگە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ! نېمە دېسەڭ دېگىن، ئەمما بىزنىڭكىدە تۇرۇۋېرىشىڭگە ئەمدى بولمايدۇ... مەن سېنى ھۆرمەت قىلىمەن، مەرھۇم ئاتاڭنى بىلەتتىم ۋە ھۆرمەت قىلاتتىم، ئەمما ھازىر سېنى ئاش - تاماق بىلەن بېقىش ئېغىرغا چۈشۈ-

ۋاتىدۇ... ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاكىمىيەت سېنى بىلىپ قالسا قانداق بولىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. خالىغان يېرىڭگە بارغىن. مەن بالا - چاقىلىق ئادەممەن. سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن ساق بېشىمنى ئاغرىتىشنى خالىمايمەن. مېنى كەچۈر، ئېيسا مەسىھ ھەققى، ئەمما سەن بىزنى مۈشكۈللۈكتىن قۇتقۇز...

— خوپ بولىدۇ، — دېدى گرىگورىي قىستىلا، — ئاش تۇز ۋە پاناھ جاي بەرگىنىڭگە رەھمەت. ھەممە ئىشلىرىڭ ئۈچۈن رەھمەت. ساڭا ئېغىرچىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى مەن ئۆزۈممۇ كۆرۈپ تۇرىمەن. ئەمدى نەگىمۇ بارارمەن؟ ھەممە يولۇم ئېتىلىگەن.

— باردىغان يەرنى ئۆزۈڭ بىلەرسەن.

— ماقۇل. بۈگۈن كېتىمەن. ئارتامون ۋاسىلىۋىچ، ھەممە ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا رەھمەت.

— تەشەككۈر ئېيتىشقا ئەرزىيدىغان ئىش يوق.

— مەن ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇمايمەن، بەلكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ ساڭا ئەسقېتىپ قالارمەن.

كۆڭلى ئېرىگەن خوجايىن گرىگورىينىڭ مۈرىسىنى شاپىلاقلاپ قويدى.

— شۇمۇ گەپمۇ! مېنىڭچە بولغاندا، يەنە ئىككى ئاي تۇرساڭمۇ بولاتتى، ئەمما خوتۇن ئۇنىمايۋاتىدۇ، كۈندە ئۇرۇشىدۇ، لەنىتى! مەن كازاك، سەنمۇ كازاك، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ؛ بىز ھەر ئىككىمىز سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى، شۇڭا مەن ساڭا ياردەم كۆرسەتتەي: بۈگۈن ياگودنى يېزىسىغا بارغىن، ئۇ يەردە مېنىڭ قۇدام بار، ئۇ سېنى قوبۇل قىلىدۇ. مېنىڭ سۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئېيت: سېنى ئۆز ئوغلىدەك قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋالسۇن، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ھالىڭدىن خەۋەر ئالسۇن، ئارتامون شۇنداق دەپ تاپىلىدى، دېگىن. مەن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن

ھېسابلىشۋالىمەن. ئەمما سەن بۇگۈنلا بىزنىڭكىدىن كەت. ئەمدى سېنى ساقلاپ قالالمايمەن، بىر تەرەپتىن خوتۇن قىستا-ۋاتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت بىلىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن... بىرنەچچە كۈن تۇردۇڭ، گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، شۇمۇ يېتەر. بېشىمنىڭ ئامان بولغىنى ياخشى...

تەڭكېچە بولغاندا گىرىگورىي يېزىدىن چىقىپ، ئېدىر بېشىدى-كى شامال تۈگمىنىگە يېتىپ بارماستىنلا، خۇددى يەردىن ئۈ-نۈپ چىققاندەك ئۈچ ئاتلىق پەيدا بولۇپ، ئۇنى توستى:

— توختا، ئىتنىڭ بالىسى! سەن كىم؟

گىرىگورىينىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ كەتتى. ئۇ ئۈنچىقماس-تىن تۇرغاندى. قېچىش ئەقىلسىزلىق ئىدى. يولنىڭ قېشىدا نە يارلىق يوق، نە بىر تۈپ دەرەخ: ھەممە ياق تاپتاقىر چۆل. ئۇ ئىككى قەدەممۇ نېرىغا سىلجىيالمايتتى.

— سەن كوممۇنىستمۇ؟ ئارقاڭغا ماڭ، ئاتاڭنىڭ گۆرىگە! قېنى، چاپسان بول!

ئىككىنچى ئادەم ئېتى بىلەن گىرىگورىينىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ، بۇيرۇق قىلدى:

— تولۇڭنى كۆتۈر! قولۇڭنى يانچۇقتىن چىقار! بولمىسا، كاللاڭنى چېپىپ تاشلايمەن!

گىرىگورىي ئۈندىمەستىن قوللىرىنى شىنېلىنىڭ يانچۇقىدىن چىقاردى-دە، بولغان ۋەقەنى تازا ئاڭقىرالماي ۋە ئۆزىنى توختاتقان ئادەملەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي سورىدى:

— نەگە بارىمەن؟

— يېزىغا. ئارقاڭغا قايت.

بىر ئاتلىق ئۇنى يېزىغىچە ئېلىپ ماڭدى، قالغان ئىككى ئاتلىق ئۇتلاقتا بولاردىن ئايرىلىپ، چوڭ يولغا قاراپ ئات چاپتۇ-رۇپ كەتتى. گىرىگورىي ئۈنچىقماي ماڭاتتى. چوڭ يولغا چىق-

قاندىن كېيىن ئۇ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ سورىدى:
— ماڭا قارا، تاغا، سىلەر كىم بولىسىلەر؟
— ماڭ، مېڭىۋەر! گەپ قىلما! قولىرىڭنى ئارقاڭغا قىل، ئاڭلىدىڭمۇ؟
گىرىگورىي ئۇنچىقماستىن بۇيرۇققا بويسۇندى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە سورىدى:
— ياق، زادى قانداق ئادەم سىلەر؟
— بىز پراۋوسلاۋ مەزھىپىدىكىلەر.
— مەنمۇ كونا مەزھەپتىكى ئادەم ئەمەسمەن.
— ئۇنداق بولسا، خۇشال بول.
— سەن مېنى نەگە ئاپىرىسەن؟
— كوماندىرنىڭ قېشىغا. ماڭ دەيمەن، گېزەندە، بولمىسا، مەن سېنى ...
نازارەتچى قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن گىرىگورىينى ئاستا نوقۇپ قويدى. مۇزدەك پولات نەشتەر پاپاخ بىلەن شىنېلىنىڭ ياقىسى ئارىسىدىن گىرىگورىينىڭ يالىڭاچ گەجگىسىگە ۋىژژىدە تېگىش بىلەنلا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا لاپ قىلىپ بىر قورقۇش تۇيغۇسى ئۇچقۇندىدى - دە، كۈچسىز غەزەپكە ئايلاندى. ئۇ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، نازارەتچىگە بوينىنى بۇرىدى - دە، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن:
— ئەلۋىلىك قىلما! ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئۇنداق بولمىغاندا، قولۇڭدىكى نەرسەڭنى تارتىۋالماي يەنە ...، — دېدى.
- ماڭ، رەزىل، سۆز قىلماي ماڭ! مەن ساڭا تارتىۋېلىشنى كۆرسىتىپ قويىمەن! قولۇڭنى ئارقاڭغا قىل!
گىرىگورىي ئىككى قەدەم ئۈنچىقماي ماڭدى - دە، ئاندىن يەنە سۆز ئاچتى:
— مەن ئۈندىمەستىن مېڭىۋاتىمەنغۇ، تىللىما. قانداق

ئەخمەق نېمىسەن ...، — دېدى.

— ئەتراپىڭغا قارىما!

— دېمىسەڭمۇ، ئەتراپىمغا قاراۋاتقىنىم يوق.

— ئاغزىڭنى يۇم، تېزرەك ماڭ!

— يۈگۈرۈپ ماڭسام بولامدۇ؟ — دەپ سوردى گرىگورىي كىرىپىكىگە يېپىشقان قار ئۇچقۇنىنى قېقىپ.

نازارەتچى ئۈنچىقماستىن ئېتىنى تۈرتتى. تەر بىلەن كەچكى شەبنەمدىن ھۆل بولغان ئاتنىڭ كۆكرىكى گرىگورىينىڭ دۈمبىسىدىن ئىتتىرەتتى، ئاتنىڭ تۇيىقى ئۇنىڭ ئايىغى بىلەن قاتارلىشىپ ئېزىلگەن قارنى شاپىلدىتاتتى.

— ئاستىراق ماڭ! — دېدى گرىگورىي ئالقىنىنى ئاتنىڭ يايلىغا تىرەپ.

نازارەتچى قىلىچنى بېشى بىلەن كۆتۈرۈپ، پەس ئاۋاز بىلەن دېدى:

— ماڭغىن دەيمەن، قانچۇقنىڭ بالىسى... گەپ قىلما، بولمىسا بارىدىغان يەرگە ئاپارماستىنلا چاپلىۋېتىمەن. مېنىڭ قولۇم بۇنداق ئىشقا ئەپلىك. ئاغزىڭنى يۇم، ئىككىنچى گەپ قىلما!

ئۇلار تاكى يېزىغىچە ئۈنچىقماي مېڭىشتى. چەتتىكى بىر ھويلىنىڭ قېشىغا كەلگەندە نازارەتچى ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ:

— مانا مۇشۇ دەرۋازىغا كىر، — دېدى.

گرىگورىي داغدام ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىغا كىردى. ھويلىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئۆگزىسى قاڭالتىر بىلەن يېپىلغان ئازادە بىر ئۆي كۆرۈندى. سارايىنىڭ چەللىسى ئاستىدا ئاتلارنىڭ پىشقىرغانلىقى ۋە كورۇچ-كورۇچ ئوت چايناۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. يەلەمپەيىنىڭ ئالدىدا ئالتە قوراللىق ئادەم تۇراتتى. ھېلىقى ھەيدەپ كەلگەن ئادەم قىلىچىنى قىنىغا سالدى-دە، ئاتتىن

چۈشۈۋېلىپ بۇيرۇق قىلدى:

— ئۈيگە كىر، ئۇدۇل بوسۇغىلاردىن ئۆتۈپ مېڭىۋەر، سول تەرەپتىكى بىرىنچى ئىشىك. ماڭ، ئەتراپىڭغا قارىما، مەن ساڭا نەچچە قېتىم ئېيتىمەن، ئۈچەي - باغرىڭنى ئاغزىڭغا كەپلەپ قويماي يەنە!

گرىگورىي ئاستا پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقتى. پەلەمپەي پەنجىرىسى ئالدىدا تۇرغان ئۇزۇن ئاتلىق ئەسكەر شىنېلى كىيگەن بىر ئادەم:

— تۇتۇۋالدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تۇتۇۋالدۇق، — دەپ خالار - خالىماس جاۋاب بەردى گرىگورىيغا تونۇشلۇق بولغان نازارەتچىنىڭ خىرىلدىغان ئاۋازى، — شامال تۈگمىنىنىڭ يېنىدا قولغا چۈشۈردۇق.

— ياچېيكا سېكرېتارىمۇ ياكى باشقا بىرىمۇ؟

— بۇنى كىم بىلىدۇ. بىرەر ئەبلەختۇر، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ھازىر بىلىمىز.

بۇ ياكى بىر باندىت، ياكى ۋېشېنسكايادىكى پەۋقۇلئاددە كومىسسىيىنىڭ تۇزاق قۇرۇپ يۈرگەن ئادەملىرى. قولغا چۈشتۈم! ئەخمەق ئادەمدەك قولغا چۈشتۈم! دەپ ئويلىدى گرىگورىي دەھلىزدە قەستەن سۆرۈلۈپ مېڭىپ، پىكرىنى بىر يەرگە يىغىۋالماقچى بولۇپ.

ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن ئۇنىڭ دەسلەپ كۆرگەن ئادىمى فومىن بولدى. ئۇ گرىگورىي تونۇمايدىغان بىرمۇنچە ھەربىي كىيىم كىيگەن ئادەملەرنى چۆرىدىگەن ھالدا شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە شىنېللار بىلەن كالتە جۇۋىلار دۆۋىلىنىپ كەتكەن، ئۇزۇن ئورۇندۇققا كالتە بەش ئاتار مىلتىقلار قاتار يۆلەكلىك ئىدى؛ يەنە شۇ ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە قىلىچ، ئوقدان، دالا سومكىلىرى ۋە ئېگەر-

جابدۇقلار پاتا ـ قوچقۇم بىمەر دۆۋە بولغان. ئادەملەردىن، شىنېللاردىن ۋە قورال ـ جابدۇقلاردىن ئاتنىڭ ئاچچىق تەر ھىدى كېلەتتى.

گرىگورىي بېشىدىن پاپاخنى ئېلىپ، پەس ئاۋاز بىلەن:

— سالامەتمۇ سىلەر! — دېدى.

— مېلېخوف! مانا، دالا كەڭ، يول تار دېگەن راست گەپ ئىكەن! يەنە دىدار كۆرۈشۈشكە توغرا كەلدى! سېنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى! كىيىمىڭنى سال، ئولتۇر، — فومىن شىرەنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ، قولىنى سوزۇپ، گرىگورىينىڭ قېشىغا كەلدى، — سەن بۇ يەرلەردە نېمە قاڭقىپ يۈرىسەن؟

— ئىش بىلەن كەلدىم.

— قانداق ئىش بىلەن؟ يىراقلاپ كېتىپسەنغۇ ...، — فومىن گرىگورىيغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ چىقتى، — راستىنى ئېيت، تايىن، بۇ يەرلەردە قېچىپ يۈرىسەنغۇ، شۇنداقمۇ؟

— ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى توغرا، — گرىگورىي زورمۇ زور كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— بىزنىڭ يىگىتلەر سېنى نەدە تۇتۇۋالدى؟

— يېزىنىڭ قېشىدا.

— نەگە كېتىۋاتاتتىڭ؟

— بېشىم قايغان يەرگە...

فومىن گرىگورىينىڭ كۆزلىرىگە يەنە بىر قېتىم دىققەت بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن كۈلۈپ قويدى.

— بايقىشىمچە، سەن بۇلار مېنى تۇتۇۋېلىپ، ۋېشېنىسكايىغا ئاپىرىدۇ، دەپ ئويلاۋاتقانسەن؟ ياق، بۇرادەر، بىزگە ئۇياققا بېرىشقا يول يېپىك... قورقما! بىز سوۋېت ھاكىمىيىتىگە خىزمەت قىلىشنى توختاتتۇق. بىز بۇ ھاكىمىيەت بىلەن چىقىشالمىدۇق...

— تاللاق خېتى ئالدۇق، — دېدى مەشىنىڭ قېشىدا تاماكا چېكىپ تۇرغان يېشى چوڭراق بىر كازاك يوغان ئاۋاز بىلەن.

شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلاردىن بىرى قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— سەن مەن توغرۇلۇق گەپ ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى فومىن.

— ياق.

— ئۇنداق بولسا، شىرەنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇر. سۆزلىشىمىز. مېھمانغا شورپا بىلەن گۆش ئەكىلىڭلار!

گرىگورىي فومىننىڭ بىرمۇ سۆزىگە ئىشەنمەيتتى. چىرايى ئۆڭگەن هالدا، سالماقلىق بىلەن كىيىمىنى سېلىپ، شىرەنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. تاماكا چەككۈسى كەلگەنىدى، ئەمما ئىككى سوتكىدىن بۇيان يېنىدا تاماكىسى يوقلۇقى ئېسىگە كەلدى.

— چېكىدىغان بىر نەرسەڭ يوقمۇ؟ — دېدى ئۇ فومىنغا قاراپ.

فومىن خۇرۇم تاماكا قۇتىسىنى ئېلىتىپات بىلەن ئۇنىڭغا سۇندى. گرىگورىي پاپىروسنى ئېلىۋاتقاندا، بارماقلىرى دىر - دىر تىترەۋاتقانلىقى ئۇنىڭ دىققەت - نەزىرىدىن چەتتە قالمىغانىدى، شۇڭا فومىن تال - تال مەللە رەڭ بۇرۇتىنى تىترىتىپ يەنە ھىجىيىپ قويدى.

— بىز سوۋېت هاكىمىيىتىگە قارشى باش كۆتۈرۈپ چىقتۇق. بىز — خەلق تەرەپتارىمىز، ئوزۇق - تۈلۈك سېلىقىغا ۋە كومىسسارلارغا قارشى تۇرىمىز. ئۇلار ئۇزاق ۋاقىت بېشىمىزنى كولدۇرلىتىپ كەلدى. ئەمدى بىز ئۇلارنىڭ بېشىنى كولدۇرلىتىمىز. چۈشەندىڭمۇ، مېلېخوف؟

گرىگورىي لام - جىم دېمىدى. ئۇ تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، بىرنەچچە قېتىم ئارقا - ئارقىدىن ئىچىگە شورىدى. بىرئاز

بېشى ئايلىنىپ، قۇسقۇسى قىستىدى. كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە ئۇنىڭ تاماقى ياخشى بولمىغانىدى، شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى پەقەت هازىرلا هېس قىلدى. ئۇ پاپىروسىنى ئۆچۈرۈپ، ئىشتىها بىلەن تاماق يېيىشكە كىرىشتى. فومىن قوزغىلاڭ توغرۇلۇق ۋە ئۇكروك دائىرىسىدە كېزىپ يۈر-گەن دەسلەپكى كۈنلىرى توغرۇلۇق قىسقىچە سۆزلەپ بەردى، ئۆزىنىڭ بۇ سەرگەردانلىق هاياتىنى ئۇلۇغۋارلىق بىلەن «هەربىي يۈرۈش» دەپ ئاتىدى. گرىگورىي گەپ قىلماس-تىن سۆزگە قۇلاق سېلىپ، نان بىلەن چالا پىشقان سېمىز قوينىڭ گۆشىنى تۈزۈك چاينىماستىن كانىيىغا سوقۇۋەردى.

— سەن مېهماندارچىلىقتا يۈرۈپ ياداپ كېتىپسەن-دە، — فومىن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈپ قويدى.

گرىگورىي راسا تويغانلىقتىن هېقىق تۇتۇپ، غورۇڭلاپ سۆزلىدى:

— مەن قېيىن ئانامنىڭ ئۆيىدە تۇرغىنىم يوقتۇ.

— شۇنداقلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يەۋەر، ئوبدانراق يەۋال، كېلىڭگىدىن ئۆتكىنىچە يە. بىز بېخىل ساهىبخان ئەمەسمىز.

— رەهمەت، ئەمدى تاماكا چېكىشۋالسام بولىدۇ...، — گرىگورىي ئۆزىگە سۇنۇلغان پاپىروسنى ئالدى، ئاندىن ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە تۇرغان چۆيۈن قازاننىڭ قېشىغا كېلىپ، ياغاچ تۇۋاق-نى بىر چەتكە سۈرۈپ قويۇپ، كورۇشكىسى بىلەن سۇ ئالدى، سۇ مۇزدەك سوغۇق هەم بىرئاز تۇزلۇق ئىدى. تاماقنى جىق يەپ بېشى گاراڭ بولۇپ قالغان گرىگورىي يوغان ئىككى كورۇش-كا سۇنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى، شۇندىن كېيىن راهەتلىنىپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

— كازاكلار بىزنى بەكمۇ ئالقىشلاپ كەتمەيدۇ، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى فومىن گرىگورىينىڭ قېشىغا ئولتۇرۇپ، —

بۇلتۇر قوزغىلاڭ ۋاقتىدا ئۇلارنى ئۈركۈتۈۋەتكەن... شۇنداقتىمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلگۈچىلەر بار. 40 كىشى بىزنىڭ سېپىمىزگە قوشۇلدى. ئەمما بىزگە زورۇر بولۇپ تۇرغىنى بۇ ئەمەس، بىز پۈتۈن ئوكروگنى قوزغىتىشىمىز كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە قوشنا ئوكروگلارنىڭ، خوپېر ۋە ئۇست-مېدۋېدىتسا ئوكروگلىرىنىڭ بىزنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. مانا شۇ چاغدىلا بىز سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك سۆزلىشىمىز!

شىرە ئەتراپىدا قىزغىن پاراڭ كېتىۋاتاتتى. گرىگورىي فومىننىڭ سۆزىگە قولاق سالغاچ، ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە يوشۇرۇنچە قاراپ چىقتى، بىرەمۇ تونۇش ئادەم يوق! ئۇ تېخىچە فومىننىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيتتى، فومىننى تۇۋۋلۇق تىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئۈنچىقماي ئولتۇردى. ئەمما ئۈنچىقماي ئولتۇرۇۋېرىشكە يەنە بولمايتتى.

— يولداش فومىن، سەن بۇ سۆزنى چىندىن ئېيتىۋاتقان بولساڭ، ئۇ چاغدا سىلەر نېمە قىلماقچى؟ يېڭىباشتىن ئورۇش قوزغىماسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۈستىدىن بېسىۋاتقان ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇشقا كىرىشىپ.

— بۇ توغرۇلۇق مەن ساڭا ئېيتتىمغۇ.

— ھاكىمىيەتنى ئالماشتۇرامسىلەر؟

— ھەئە.

— قانداق ھاكىمىيەتنى قۇرىسىلەر؟

— ئۆزىمىزنىڭ كازاك ھاكىمىيىتىنى.

— ئاتامانلارنى قويامسىلەر؟

— ياق، ئاتامانلار توغرۇلۇق سۆز ئېچىشنى ئازراق كېچىكتۈرۈپ تۇرىمىز. خەلق قانداق ھاكىمىيەتنى سايلىسا شۇنداق ھاكىمىيەتنى ئورنىتىمىز. ئەمما بۇ تېز ئارىدا بول-

دىغان ئىش ئەمەس، يەنە كېلىپ مەن سىياسەت توغرۇلۇق
كېسىپ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. مەن ھەربىي ئادەممەن، مې-
نىڭ ئىشىم كومىسسارلار بىلەن كوممۇنىستلارنى يوقىتىش،
ھاكىمىيەت توغرىسىدا ساڭا مېنىڭ شتابىمنىڭ باشلىقى كاپارىن
سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇ بۇ باپتا مېنىڭ مېڭەم. كالىلىسى ئىشلەيدى-
غان ئادەم، بىلىمى بار، — فومىن گرىگورىيغا ئېگىشىپ، پې-
چىرلىدى، — پادىشاھ ئارمىيىسىنىڭ سابىق شتابىس - كاپىتا-
نى. ئەقىللىق يىگىت! ئۇ ھازىر ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۇخلاۋاتىدۇ،
بىر ئاز مەيجەزى يوق، يول يۈرۈشكە كۆنەلمىگەن بولۇشى
كېرەك: بىز چوڭ - چوڭ مەنزىللەرنى بېسىپ، كۆچۈپ يۈرىمىز.
دەھلىزدە ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ئاياغ تۈۋشى، ئاھ - ۋاھ،
قىيا - چىيا ئاڭلاندى، بىرى قاتتىق ۋارقىراپ: «ئۇنىڭ جې-
نىنى ئال!» — دېدى. شىرە ئەتراپىدىكى پاراڭ بىردىنلا جى-
مىقىپ قالدى. فومىن سەگەكلىك بىلەن ئىشىككە قارىدى.
بىرى ئىشىكنى بىر تېپىپلا ئېچىۋەتتى. ئۆينىڭ ئىچىگە
گۈررىدە ئاپئاق ھور كىردى. بېشى يالاڭ، ماش رەڭ سېرىق
چاپان كىيگەن ۋە پۇتىدا ئاق پىيمىسى بار ئېگىز بويى بىر ئا-
دەم دۈمبىسىگە قاس قىلىپ تەگكەن مۇشتنىڭ زەربىدىن ئال-
دىغا دۈم چۈشۈشكە تاس قالدى - دە، بىرنەچچە قەدەم
دەلدەڭشىپ، مۈرىسى بىلەن مەشنىڭ قىرىغا قاتتىق ئۇرۇل-
دى. ئىشىك يېپىلماستىن بۇرۇن دەھلىزدىن بىرى خۇشال-
لىق بىلەن:

— يەنە بىرىنى تاپشۇرۇۋېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى،

فومىن ئورنىدىن تۇرۇپ، گىمناستۇركىسى ئۈستىگە باغ-
لىغان كەمىرىنى تۈزەپ قويدى.

— سەن نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھەيۋە بىلەن.

ياختىلىق چاپان كىيگەن ئادەم ھاسىراپ، قولى بىلەن

چېچىنى سىلىدى، قوۋۇرغىلىرىنى مىدىرلىتىپ باقتى - دە،
ئاغرىقتىن چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. ئۇنىڭ بەل ئومۇرتقىسىغا
ئېغىر بىرنەرسە بىلەن، قارىغاندا مىلتىقنىڭ قوندىقى بىلەن
ئۇرغان بولۇشى كېرەك.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ تىلىڭ تۇتۇلۇپ قالدىمۇ؟
سەن كىم دەپ سوراۋاتىمەن.

— قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى.

— قايسى قىسىمدىن؟

— 12 - ئوزۇق - تۈلۈك پولكىدىن.

— ئە - ئە، بۇ بىباھا نەرسە ئىكەنغۇ! — دېدى شىرە
يېنىدا ئولتۇرغانلاردىن بىرى كۈلۈپ.

فومىن سوراقنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈردۈڭ؟

— بىزنى توساقچى ئەترەت... بۇ يەرگە ئەۋەتكەنىدى.

— چۈشەندىم. بۇ يېزىدا سەنلەر نەچچە ئادەم ئىدىڭلار؟

— 14 ئادەم.

— قالغان ئادەملەر نەدە؟

قىزىل ئەسكەر ئۈنچىقمىدى، يۇمۇلغان ئاغزىنى تەسلىكتە
ئاچتى. كېكىردىكىدە بىر نەرسە خىرىلدىغاندەك بولدى - دە،
ئاغزىنىڭ سول جاۋغىيىدىن ئېڭىكىگە قان شىرقىراپ ئاقتى. ئۇ
لەۋلىرىنى قولى بىلەن سۈرتۈپ، ئالقىنىغا قارىدى - دە، ئۇنى
ئىشتىنىغا سۈركىدى.

— بۇ ئەبلەخ... سىلەرنىڭ...— ئۇ قاننى ئىچىگە يۇتۇپ،
بۇلدۇقلىغان ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، — ئۆپكەمنى
ئېزىۋەتتى...

— قورقما! داۋالاپ ساقايتىمىز! — دېدى پاكار كازاك
شىرەنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، باشقىلارغا كۆزىنى قىسىپ.

— قالغانلار قېنى؟ — دەپ سورىدى فومىن تەكرارلاپ.
— يېلانىسكاياغا ھارۋىلار بىلەن بىللە كەتتى.
— سەن ئۆزۈڭ قەيەرلىك؟ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىڭ نەدە؟
قىزىل ئەسكەر سارالسىمىگە چۈشكەن كۆك كۆزلىرى بىلەن فومىنغا بىر قاراپ قويۇپ، ئايىغى ئاستىغا لەختە قان تۈكۈردى - دە، ئەمدى ئېنىق ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى:
— پىسكوف ئۆلكىسىدىن.
— پىسكوفلىق، موسكۋالىق... ئۇنداقلارنى بىز ئاز كۆرگەنمىدۇق...، — دېدى فومىن مەسخىرە ئارىلاش، — باشقىلارنىڭ ئاشلىقىنى دەپ بەك يىراقلاپ كېتىپ قاپسەن، يىگىت ... خوپ، گەپنى تۈگىتەيلى! ئەمدى سەن بىلەن قانداق قىلىشارمىز - ھە؟
— مېنى قويۇپ بېرىش كېرەك.
— سەن ساددا يىگىت ئىكەنسەن... راستتىنلا ئۇنى قويۇپ بېرەمدۇق، بۇرادەرلەر؟ سىلەر نېمە دەيسىلەر؟— فومىن شىرە يېنىدا ئولتۇرغانلارغا قايرىلىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
بولۇۋاتقان ئىشلارنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان گرىگورىي شامالدا قارىيىپ كەتكەن چېھرىلەردە گېپىڭنى چۈشىنىمىز دېگەندەك كۈلۈمسىرەش پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى.
— بىزدە بىر - ئىككى ئاي خىزمەت قىلسۇن، ئاندىن ئۇنى ئۆيىگە خوتۇنىنىڭ قېشىغا قويۇۋېتەيلى، — دېدى فومىنچىلاردىن بىرى.
— راست گەپ، بىزدە خىزمەت قىلامسەن؟— دەپ سورىدى فومىن كۈلكىسىنى يوشۇرۇشقا بىھۇدە ئۇرۇنۇپ، — ساڭا ئات، ئېگەر - جابدۇق بېرىمىز، — پىيماڭنىڭ ئورنىغا — كەڭ قونچلۇق ئۆتۈك بېرىمىز... كوماندىرىڭلار سىلەرنى ياخشى تەمىنلىمەيدىكەن. شۇمۇ ئاياغ كىيىمى بولدىمۇ؟ ھويلىدا قار ئېرىۋاتىدۇ،

سەن بولساڭ قىشلىق پەيمىدا يۈرىسەن. بىزنىڭ سىپىمىزگە كىر، ماقۇلمۇ؟

— ئۇ — مۇژىك، ئۆمرىدە ئاتقا مىنىپ باقمىغان، — دېدى كازاكلاردىن بىرى مۇغەمبەرلىك بىلەن ئاۋازىنى چىقىرىپ.

قىزىل ئەسكەر ئۈنچىقمىدى. ئۇ مەشكە يۆلىنىپ، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ھەممەيلەنگە قاراپ چىقتى. ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن يات - يات چىرايىنى پۈرۈشتۈرەتتى، بۇ چاغدا نەپەس ئالالماي، ئاغزىنى ئاران - ئارانلا سەل - پەل ئاچاتتى.

— بىزدە قالامسەن ياكى قانداق قىلىسەن؟— فومىن قايتا سورىدى.

— سىلەر قانداق ئادەملەر؟

— بىزمۇ؟— فومىن قېشىنى چىمىرىپ، بۇرۇتىنى سىيلاپ قويدى،— بىز ئەمگەكچى خەلقنى ياقلايدىغان جەڭچىلەر. بىز كومىسسارلار بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرىمىز، بىز مانا شۇنداق ئادەملەر.

مانا شۇ چاغدىلا گرىگورىي قىزىل ئەسكەرنىڭ چىرايىدا بىردىنلا كۈلكە پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى.

— ھە، شۇنداق ئادەم ئىكەنسىلەر - دە... مەن تېخى قانداق ئادەملەردۇر، دەپ ئويلاپ كېتىپتىمەن،— ئىسىر قانغا بويالغان چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ قويدى - دە، گويا ئاڭلىغان يىڭىلىقىغا ھۇزۇرلىنىپ ھەيران قالغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى، ئەمما ئۇنىڭ سۆزىدە كۆپچىلىكنى سەگەكلەشتۈرىدىغان بىر ئاھاڭ بار ئىدى. — سىزنىڭ سۆزىڭىز بويىچە، خەلقنى ياقلايدىغان كۈرەشچى ئىكەنسىلەر، شۇنداقمۇ؟ خوپ. بىزنىڭچە، نەق باندىت سىلەر. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن سىلەرگە خىزمەت قىلامدىمەن؟ سىلەر، راستىنلا، قىزىقچى ئادەم ئىكەنسىلەر!

— سەنمۇ خۇش چاقچاق يىگىت ئىكەنسەن، مەن سېنى كۆ

رۇپ تۇرىمەن...، — فومىن كۆزىنى قىسىپ، قىسقىلا سورىدى، — سەن كوممۇنىستمۇ؟

— ياق، نېمە دېگىنىڭىز بۇ! پارتىيىسىز ئادەممەن.

— ئۇنىڭغا ئوخشىمايسەن.

— چىن سۆز، پارتىيىسىز ئادەممەن!

فومىن يۆتىلىپ قويۇپ، شىرە تەرەپكە بۇرۇلدى.

— چۇماكوف! ئۇنى يوقات.

— مېنى ئۆلتۈرۈشىڭ كېرىكى يوق، ھېچقانداق گۇناھىم يوق، — دېدى قىزىل ئەسكەر پەس ئاۋاز بىلەن.

ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. چۇماكوف — ئېنگىلىزچە يەڭسىز خۇرۇم كەمزۇل كىيگەن بەستلىك، كېلىشكەن كازاك — تازا كۆڭلى تارتماي، شىرەنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ، سىپىسلىق تارالغان سېرىق چېچىنى سىيلاپ قويدى.

— بۇنداق ۋەزىپىنى ئۆتەش مېنى تويدۇرۇۋەتتىغۇ، — چۇماكوف ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە دۆۋىلىشىپ تۇرغان قىلىچلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆز قىلىچىنى تارتىپ چىقىرىۋېتىپ، غودۇڭشىپ قويدى-دە، قىلىچىنىڭ بىسىنى باش بارمىقى بىلەن بېسىپ كۆرۈپ باقتى.

— ئۆزۈڭ ئورۇنداش شەرت ئەمەس. ھويلىدىكى يىگىتلەرگە ئېيت، — دېدى فومىن.

چۇماكوف سۆرۈن چىراي بىلەن قىزىل ئەسكەرگە باشتىن-ئاياغ قاراپ قويۇپ:

— ئالدىڭغا ماڭ، قەدىرلىكىم، — دېدى.

قىزىل ئەسكەر مەشىنىڭ قېشىدىن سەنتۈرۈلۈپ، دوڭغاقلاپ قالدى-دە، سىز ئۆتۈپ كەتكەن پىيمىسى بىلەن پولغا ئىز قالدۇرۇپ، ئاستا ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— بۇ يەرگە كىرگەندە ئايىغىڭنى سۈرتۈپ كىرسەڭ بول-

ماسىدى! قېشىمىزغا كىردىڭۇ، بۇ يەرنى بۇلغاپ چىقىپ كەت-
تىڭ... نېمىدېگەن ئېپلاس نېمىسەن، بۇرادەر! — دېدى چۇ-
ماكوف قەستەن نارازى بولغان هالدا ئەسىرنىڭ ئارقىسىدىن ئە-
گىشىپ مېڭىپ.

— ئېيتىپ قوي، خالتىنا كوچىغا ياكى خامانغا ئاپار-
سۇن. ئۆيىنىڭ قېشىدا ئورۇندىماسلىق كېرەك، بولمىسا خوجايىنلار
خاپا بولىدۇ!— دەپ توۋلىدى فومىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن. ئۇ
گرىنگورىيىنىڭ قېشىغا كېلىپ، يېنىغا ئولتۇردى - دە، سورىدى:

— بىزدىكى سوت قىسقا بولامدىكەن؟

— قىسقا ئىكەن،— دەپ جاۋاب بەردى گرىنگورىي فومىن-
نىڭ كۆزىگە قارىماسلىققا تىرىشىپ.

فومىن خۇرسىنىپ قويدى.

— باشقا ئىلاج يوق. هازىر شۇنداق قىلىش كېرەك،— ئۇ
يەنە بىر نەرسە دېمەكچىدى، ئەمما پېشايۋاندا قاتتىق ئو-
پۇر - توپۇر ئاڭلاندى، بىرى ۋارقىردۋەتتى - دە، بىر پاي مىل-
تىق ئاۋازى پاك قىلىپ قالدى.

— بۇ نېمىلەر ئۇ يەردە نېمە قىلىشىپ يۈرىدۇ! — دېدى
فومىن ئەپسۇسلىنىپ.

شىرەنىڭ يېنىدائولتۇرغانلاردىن بىرى چاچراپ تۇردى - دە،
ئىشىكنى پۈتى بىلەن بىر تېپىپ ئېچىۋەتتى.

— نېمە ئىش بولدى ئۇ يەردە؟— دەپ ۋارقىرىدى ئۇ
قاراڭغۇلۇققا قاراپ.

چۇماكوف كىرىپ، زوق بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— چاققان نېمە ئىكەن ئۇ! شەيتان! يۇقىرىقى پەلەمپەيدىن
بىر سەكرەپ، قېچىشقا يۈز تۇتتى. بىر پاي ئوقنى سەرپ قىلىش-
قا توغرا كەلدى. يىگىتلەر ئۇنىڭ ئىشىنى تۇگىتىۋاتىدۇ...

— بۇيرۇق قىل، هويلىدىن خالتىنا كوچىغا ئاچىقىۋەتسۇن.

— بۇنى ئېيتىپ قويغانمەن، ياكوف يېفىموۋىچ.

ئۆينىڭ ئىچى بىر مىنۇت جىمجىت بولۇپ قالدى. كېيىن بىرى ئەسنىشىنى بېسىپ، سوراپ قويدى:

— چۇماكوف هاۋارايى قانداق؟ هاۋانىڭ ئېچىلىدىغان تۈرى يوقمۇ؟

— قارا بۇلۇت قاپلاپ كېتىپتۇ.

— يامغۇر ياغسا — ئاخىرقى قارنى تۈگىتەتتى.

— ساڭا ئۇنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

— ماڭا كېرىكى يوق. ياتقاق كېچىپ يۈرۈشكە خۇشتۇم يوق. گرىگورىي كارىۋاتنىڭ قېشىغا كېلىپ، پاپاخىنى ئالدى.

— نەگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى فومىن.

— تەرەتكە چىقىمەن.

گرىگورىي پېشايۋانغا چىقتى. بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن مارىلىغان ئاي غۇۋا نۇر تۆكەتتى. كەڭ هويلا، سارايلارنىڭ ئۆگزىلىرى، كۆككە بوي سوزغان سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ يالىڭاچ باشلىرى، ئوقۇر ئالدىدىكى يوپۇق يېپىلغان ئاتلار — مانا شۇلارنىڭ هەممىسى يېرىم كېچىنىڭ سۈپسۈزۈك كۆكۈچ شوۋلىسى بىلەن يورۇپ تۇراتتى. پەلەمپەيدىن بىر نەچچە سارجىن نېرىدا هېلىقى قىزىل ئەسكەرنىڭ ئۆلۈكى خىرە پارقىراپ تۇرغان قار سۈيىگە بېشى تىقىلغان پېتى ياتاتتى. قېشىدا ئۈچ كازاك ئېڭىشىپ، ئاستا سۆزلىشىۋاتاتتى، ئۇلار ئۆلۈكنىڭ يېنىدا بىر نېمە قىلىۋاتاتتى.

— تېخىچە نەپەس ئېلىۋاتىدۇ، خۇدا هەققى! — دېدى بىرى ئەپسۇسلىنىپ، — سەن سىڭار قول شەيتان، نېمىشقا ئۇنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويدۇڭ؟ مەن ساڭا بېشىنى كەس دېگەنىدىمغۇ! ئېھ، هارامتاماق!

هېلىقى گرىگورىينى هەيدەپ كەلگەن خىرقىراق كازاك جاۋاب بەردى:

— ھازىر تۈگەيدۇ، بىر-ئىككى تىپىرچىلايدۇ-دە، جان بېرىدۇ... بېشىنى كۆتۈر! ھېچ سالدۇرالمايۋاتىمەن. چېچىدىن تۇتۇپ، مانا مۇنداق كۆتۈر. ھە، ئەمدى تۇتۇپ تۇر.

سۇ شالاپلاپ قالدى، ئۆلۈكنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلاردىن بىرى قەددىنى رۇسلىدى. خىرقىراق كازاك زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئىنجىقلاپ، ئۆلۈكنىڭ پاختىلىق چاپىنىنى سالدۇرۇشقا باشلىدى. بىرئازدىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ قولۇم يەڭگىل، شۇڭا ئۇنىڭ جېنى تېخىچە چىقمايۋاتىدۇ. ئۆيدىكى چاغدا قاۋان سويسام... ھوي، يۆلەپ تۇر، قويۇۋەتمە! مۇنۇ شەيتاننى قارا! ھە، ئۆيدىكى چاغدا قاۋان سويسام، كېكىردىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، جان يېرىگىچە بوغۇزلايتتىم-دە، ئۇ، لەنىتى، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، ھويلىنىڭ ئىچىنى كېزىپ يۈرەتتى. ئۇزاق يۈرەتتى! تامام ئەزاسى قان، شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا يۈرەتتى، خىرقىرايتتى. نەپەس ئالالمىسىمۇ، ئۆزاققىچە جېنى چىقمايتتى، دېمەك، مېنىڭ قولۇمنىڭ يەڭگىل بولغانلىقىدىن ئاشۇنداق بولاتتى. ھە، ئەمدى قويۇۋەت ئۇنى... تېخىچە تىنىقى بارمۇ؟ مانا قىزىق! مەن ئۇنى بويۇن سۆڭەكگىچە چاپقانىدىمغۇ...

ئۈچىنچى كازاك قىزىل ئەسكەردىن سالدۇرۇۋالغان پاختىلىق چاپاننى ئىككى قولى بىلەن كېرىپ تۇرۇپ دېدى:

— سول بېقىنىنى قان قىلىۋېتىپتۇق... قولغا يېپىشىۋاتىدۇ، تۇفى، نابۇت بولدى!

— يۇسا، چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ماي ئەمەسقۇ، — دېدى خىرقىراق كازاك خاتىرجەملىك بىلەن يەنە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، — يۇيۇپ چىقىرىۋېتىشكە بولىدۇ، ھېچ ۋەقەسى يوق.

— سەن ئۇنىڭ شىمىنىمۇ سالدۇرۇۋېلىشنى ئويلاۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى بىرىنچى كازاك نارازى بولۇپ.

خىرقىراق كازاك كەسكىن جاۋاب بەردى:

— سەن ئالدىرىساڭ، ئاتنىڭ قېشىغا بېرىپ تۇر، سەن بولمىساڭمۇ ئۇنى بىر ياقلىق قىلىمىز! تەييار غەنىمەتنى قولدىن بېرىپ قويامدۇق؟

گرىگورىي شارتلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

فومىن ئۇنىڭغا تېزلا بىر قارىۋېلىپ، ئورنىدىن تۇردى.

— يۈر، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ، شۇ يەردە سۆزلىشەيلى، بۇ يەردە ھەممىسى قارىشىپ تۇرىدۇ.

ئوت يېقىلىپ، ئوبدان ئىسسىتىلغان ئازادە ئۆيدە چاشقان مايىقلىرى بىلەن كەندىرنىڭ ئورۇقى پۇرايتتى، كارىۋاتنىڭ ئۇستىدەماش رەڭ ھەربىي كۇرتكا كىيگەن، بويى پاكارراق بىر ئادەم يۈتلىرىنى كېرىپ ياتاتتى. ھۆرپەيگەن شالاڭ چاچلىرى قۇشنىڭ مامۇقى ۋە ئۇششاق پەرلەر بىلەن بۇلىنىپ كېتىپتۇ، ئۇ كىر، يالاڭ قاپلىق ياستۇققا بىر مەڭزىنى چىڭ يېقىپ ياتاتتى. ئاسما لامپا ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان قىرىلمىغان سېرىق رەڭ يۈزىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

فومىن ئۇنى ئويغاتتى:

— قوپ. كاپارىن، مېھمان كەلدى. بۇ ئۆز كىشىمىز — مېلېخوف گرىگورىي، تونۇشتۇرۇپ قوياي، سابىق يۈزلۈك بۆلۈنمە كوماندىرى.

كاپارىن كارىۋاتتىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ، قولى بىلەن يۈزىنى ئىشقىلىدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ سەللا بېشىنى ئېگىپ، گرىگورىينىڭ قولىنى سىقتى.

— ئىنتايىن خۇرسەنمەن. يېقىن شتابىس كاپىتان كاپارىن.

فومىن ئوچۇق چىراي بىلەن گرىگورىيغا ئورۇندۇقنى سۈرۈپ قويدى، ئۆزى ساندۇقنىڭ ئۇستىدە ئولتۇردى. فومىن گرىگورىينىڭ چىرايىدىن بايىقى قىزىل ئەسكەرنى جازالاشنىڭ يامان

تەسىر قىلغانلىقىنى سەزگەن بولۇشى ئېھتىمال، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق دېدى:

— سەن بىزنى ھەممىگە مۇشۇنداق قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ قالما. بۇ تەنتەك — ئوزۇق - تۈلۈك ئەترەتلىرىنىڭ كىشىسى ئىكەن. بۇ خىل ئادەملەرگە ۋە تۈرلۈك كومىسسارلارغا ئامان بەرمەيمىز، باشقىلىرىغا كەڭچىلىك قىلىمىز. مانا تۈنۈگۈن ئۈچ ساقچىنى تۇتۇۋالغانىدۇق: ئاتلىرىنى، ئېگەر - جابدۇقلىرىنى ۋە قورال - ياراغلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى قويۇپ بەردۇق. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ نېمە كېرىكى بار.

گرىگورىي ئۈنچىقمىدى. ئۇ قوللىرىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۆز ئىشىنىلا ئويلايتتى، فومىننىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا چۈشتىكىدەك ئاڭلىناتتى.

— ... ھازىرچە مانا شۇنداق جەڭ قىلىپ كېلىۋاتىمىز، — دېدى فومىن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — قانداق بولمىسۇن كازاكلارنى قوزغىتىشنى ئويلاۋاتىمىز. سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆمرى قىسقا. ئاڭلىشىمىزچە، ھەممە يەردە ئۇرۇش پارتلىغان، ھەممە يەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن: سىبىرىدە، ئوكرايىنادا، ھەتتا پېتروگرادنىڭ ئۆزىدىمۇ. ئاشۇ قەلئەدە پۈتۈن دېڭىز فىلوتى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن... بۇ قەلئەنىڭ نامى نېمە ئىدى...

— كرونشتادت، — دەپ ئېيتىپ بەردى كاپارىن.

گرىگورىي بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھېچ نەرسىنى كۆرمەيۋاتقاندەك ئىپادىسىز كۆزلىرى بىلەن فومىنغا بىر قاراپ قويدى، ئاندىن نەزەرىنى كاپارىنغا يۆتكىدى.

— مە، تاماكا چەك، — فومىن تاماكا قۇتىسىنى سۇندى، — خوش، شۇنداق قىلىپ، پېتروگرادنى ئاپتۇ، ئەمدى موسكۋاغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانمىش. ھەممە يەردە مۇشۇنداق

دولقۇن كۆتۈرۈلۈۋېتىپتۇ! بىز ئۆگدەپ يېتىشۋەرسەك بولمايدۇ. كازاكلارنى قوزغىتىپ، ئۆرۈپ تاشلايمىز. ئەگەر كادېتلار بىزگە ياردەم بەرسە، ئىشىمىز پۈتۈنلەي يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىملىك كىشىلىرى ھاكىمىيەتنى قورۇۋەرسۇن، بىز ئۇلارغا ياردەملىشىمىز، — ئۇ بىردەم جىم بولۇپ، ئاندىن سورىدى، — سېنىڭچە قانداق، مېلېخوف؟ ئەگەر كادېتلار قارا-دېڭىزدىن قىستاپ كەلسە، بىز ئۇلارغا قوشۇلساق، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئارقا سەپتە بىرىنچى بولۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىمىز ھېسابقا ئېلىنارمۇ؟ كاپىرىن، سۆزسىز، ھېسابقا ئېلىنىدۇ، دەيدۇ. مەسىلەن، ئېيتايلۇق، مەن 1918 - يىلى 28 - پولكنى فرونتتىن ئەكىتىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە ئىككى يىل خىزمەت قىلدىم، بۇ ئىش ئۇچۇن گەپكە قالارمەنمۇ؟

سېنىڭ كۆزلىگەن نىشانىڭ شۇ ئىكەن - دە! سەن ئەخمەق، ئەمما ھىيلىگەر... دەپ ئويلىدى گرىگورىي، ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەپ. فومىن جاۋاب كۈتەتتى. بۇ مەسىلە، روشەنكى، چاقچاق گەپ ئەمەس ئىدى. گرىگورىي تازا خالىماستىن:

— بۇ ئۇزۇن گەپ، — دېدى.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — دېدى فومىن ئۇنىڭ سۆزىگە جان دەپ قوشۇلۇپ، — مەنمۇ شۇنداق دەيمەن، كېيىن بىر گەپ بولۇر، بىز ئەمدى ھەرىكەت قىلىشىمىز. ئارقا سەپتىكى كوممۇنىستلارنى تارمار قىلىشىمىز لازىم. بەرىبىر بىز ئۇلارغا كۈن بەرمەيمىز! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، بىزنىڭ ئارقىمىزدىن قوغلاشنى ئويلىشىۋاتىدۇ... قېنى، شۇنداق قىلىپ باقسۇن. ئۇلارغا ئاتلىق ئەسكەرلەر ياردەمگە كەلگۈچە، بىز پۈتۈن ئوكروكنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىمىز!

گرىگورىي يەنە ئايغىنى ئاستىغا قاراپ، ئويغا چۆمدى. كاپارىن ئۆزرە سوراپ، كارىۋاتقا يانپاشلاپ ياتتى.

— بەك ھېرىپ كەتتىم. بىز سارالاڭ ئادەمدەك مەنزىلمۇ مەنزىل يۈرۈپ، ئاز ئۇخلاۋاتىمىز، — دېدى ئۇ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— بىزگىمۇ ئارام ئالىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، — فومىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېغىر قولىنى گرىگورىينىڭ مۈرىسىگە قويدى، — يازايسەن، مېلېخوف، سەن مېنىڭ ۋېشكىدىكى چاغدا بەرگەن مەسلىھىتىمگە قۇلاق سالدىڭ! شۇ چاغدا سەن يوشۇرۇنمىغان بولساڭ، ئۆزۈڭنى خەتەر ئاستىغا قويغان بولاتتىڭ. بۈگۈنكى كۈندە ۋېشېنسكايانىڭ قۇملۇقلىرىدا ياتقان بولاتتىڭ، تىرناقلىرىڭغىچە چىرىپ كېتەتتىڭ... بۇنى مەن سودىكى شويىلامدەك كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. خوش، قانداق پىكىرگە كەلدىڭ؟ دەپ باقمىنا، ئۇندىن كېيىن يېتىپ ئۇخلايلى.

— نېمىدەپ باقىمەن؟

— بىز بىلەن ماڭامسەن — يوق؟ ئۆمۈر بويى يات ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە تىقىلىپ جان ساقلىيالمايسەن.

گرىگورىي بۇنداق سوراقنى كۈتەتتى. ئۇ بىر يولنى تاللاش كېرەك ئىدى: بۇندىن كېيىن يېزىمۇ يېزا قاڭقىپ يۈرۈپ، ئۆي ئىگىلىرى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنگە قەدەر ئاچ - يالىڭاچ، ئۆيسىز - ماكانسىز دەربەدەر كېزىپ، قايغۇ - ھەسرەتتىن ھالاك بولامدۇ ياكى بولمىسا گۇناھىنى بويىنىغا ئېلىپ، ئۆز ئايغى بىلەن بېرىپ، سىياسىي بيۇروغا ئۆزىنى مەلۇم قىلامدۇ، ياكى فومىنغا ئەگىشىپ ماڭامدۇ؟ ئۇ ئۆز يولىنى تاللاپ قويغانىدى. ئۇ كېچىدىن بۇيان بىرىنچى قېتىم فومىننىڭ كۆزىگە ئۇدۇل قاراپ، ئاغزىنى قىيسايتىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى:

— مېنىڭ تاللىغان يولۇم، خۇددى باتۇرلار توغرىسىدىكى چۆچەكتەك: سولغا ماڭساڭ — ئېتىڭدىن ئايرىلىسەن، ئوڭغا ماڭساڭ — ھاياتىڭدىن ئايرىلىسەن، شۇنداق قىلىپ، ئۈچ يول بار، بىرىمۇ ئاسان يول ئەمەس...

— سەن چۆچەكتىكىنى قويۇپ تۇرۇپ، بىرىنى تاللا. چۆچەكنى كېيىن ئېيتىۋالىمىز.

— باردىغان يېرىم بولمىغانلىقتىن بىرنى تاللىدىم.

— خۇش، قايسىنى تاللىدىڭ؟

— سېنىڭ باندائڭغا كىرىمەن.

فومىن نارازى ھالدا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى چىشلىدى.

— سەن بۇنداق دەپ ئاتاشنى قوي. نېمىشقا باندا بولىدىكەن بۇ؟ بىزگە بۇنداق ئاتاقنى كوممۇنىستلار قويغان، ساڭا بۇنداق دېيىش لايىق ئەمەس. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن كىشىلەر دېسەڭ توغرا بولىدۇ. بۇ ھەم قىسقا، ھەم چۈشىنىشلىك.

ئۇنىڭ نارازىلىقى بىردەملىك ئىدى. گرىگورىينىڭ قارارىدىن ئوچۇقلا خۇرسەن بولغانىدى — بۇ خۇشاللىقىنى ئۆزىمۇ يوشۇرالمىدى؛ ئۇ جانلىنىپ قوللىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ كەتتى - دە، مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ پولكىمىز ئۆلغىيىپ قالدى. شتابىس - كاپىتان، سەن ئاڭلاۋاتامسەن؟ مېلېخوف، ساڭا بىر ۋىزۋوتنى بېرىمىز، ئەگەر ۋىزۋوتقا كوماندىرلىق قىلىشنى خالىمىساڭ — شتابتا قېلىپ، كاپارىن بىلەن بىللە ئىشلەيسەن. مەن ساڭا ئۆز ئېتىمنى بېرىمەن. مېنىڭ زاپاس ئېتىم بار.

# 12

تاڭ ئېتىشقا يېقىن ھاۋا كېچىككىنە سوغۇق بولدى. ئويمان يەردە يىغىلىپ قالغان سۇلار بېتىنى نېپىز كۆك مۇز قاپلىدى. قار يىرىكلىشىپ، غىچىرلاشقا باشلىدى. قار ئۇۋاقلىرى قاپلىغان تىك يەرنىڭ ئۈستىدە ئات تۇياقلىرى چېچىلاڭغۇ، يۇمىلاق ئىز قالدۇراتتى. تۈنۈگۈنكى ئىللىق ھاۋادا قار ئېرىپ يالىڭاچلىنىپ قالغان يەرلەردە بۇلتۇرقى ئوت - چۆپ چاپلىشىپ قالغان تۇپراق ئاتنىڭ تۇيىقى ئاستىدا پاقىلدايتتى.

فومىننىڭ ئەترىتى يېزىنىڭ سىرتىغا چىققاندىن كېيىن ھەربىي يۈرۈش كالوننىسى بويىچە سەپكە تىزىلدى. ئالدىن چارلاشقا ئەۋەتىلگەن ئالتە ئاتلىق ئەسكەر چوڭ يولدىن خېلىلا يىراقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، قارىسى ئاران - ئاران كۆرۈنەتتى.

— مانا، مېنىڭ قوشۇنۇم ئاشۇ! — دېدى فومىن كۈلۈمسىرەپ، گرىگورىينىڭ قېشىغا يېقىنلىشىپ كېلىپ، — مۇشۇنداق يىگىتلەر بىلەن ھەرقانداق مۆڭگۈزلۈك شەيتاننى بىستىچىت قىلىش مۇمكىن!

گرىگورىي كالوننىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، غەمكىنلىك بىلەن ئويلاپ كەتتى: ئەگەر سەن ئۆز قوشۇنۇڭ بىلەن مەن كوماندىرلىق قىلغان بۇدىيوننىي ئىسكادرونىغا دۇچ كەلگەن بولساڭ، يېرىم سائەت ئىچىدە تىرىپىرەڭ بولۇپ كېتەتتىڭ!

فومىن قامچىسى بىلەن كۆرسىتىپ:

— ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى قانداق؟ — دەپ سورىدى.



تۆت كۈن جەريانىدا، بۇ باندىلار جەڭگە كىرىشمەستىن توختىماۋسىز
شەرققە قاراپ كېتىۋەردى. (734 – بەتكە)

— ئەسىرلەرنى قىلىچ بىلەن چېپىشى يامان ئەمەستەك قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئۆلگەنلەرنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇۋېلىشقا ئۇستىدەك قىلىدۇ، ئەمما جەڭدە قانداق كارامەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى گرىگورىي سوغۇقلا.

فومىن ئېگەر ئۈستىدە شامالغا ئارقىسىنى قىلىپ، تاماكا تۇتاشتۇردى - دە، دېدى:

— ئۇلارنىڭ قانداقلىقىنى جەڭدىمۇ كۆرسەن تېخى. مېنىڭ ئادەملىرىمنىڭ ھەممىسى ئاتاقلىق جەڭچىلەر، ئۇلار ئار - نومۇسنى قولدىن بەرمەيدۇ.

ھەر بىرىگە بىر جۈپتىن ئات قوشۇلغان ئالتە ھارۋا كالوننىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭغان بولۇپ، بۇلارغا ئوق - دورا ۋە ئوزۇق - تۈلۈك بېسىلغانىدى. فومىن ئالدىغا چېپىپ بېرىپ، تېزرەك مېڭىشقا كوماندا بەردى. ئېدىرنىڭ ئۈستىدە ئۇ گرىگورىينىڭ قېشىغا يەنە يېقىن كېلىپ:

— خوش، مېنىڭ ئېتىم قانداق ئىكەن؟ يارامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياخشى ئات ئىكەن.

ئۇلار ئۇزاققىچە ئۆزەڭگىنى ئۆزەڭگىگە سۈۋاشتۇرۇپ، دېگۈدەك، يانمۇيان ئۈنچىقماي مېڭىشتى. بىر چاغدىن كېيىن گرىگورىي سورىدى:

— تاتارسكى تەرەپكە بېرىش نىيىتىڭ يوقمۇ؟

— ئۆي ئېچىڭنى سېغىندىڭمۇ؟

— تىنچلىقىنى بىلەي دېۋىدىم.

— كىرىپ ئۆتۈشىمىز مۇمكىن. ھازىر چىر تەرەپكە بۇرۇلۇپ، كازاكلارنى تۈرتۈپ، ئازراق قوزغىتىشنى ئويلاۋاتىمەن.

ئەمما كازاكلار بەكمۇ جان - دىلى بىلەن «قوزغىلىش

مىدى»... يېقىنقى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا گرىگورىينىڭ
بۇنىڭغا كۆزى يەتكەنىدى. فومىن بىر يېزا ياكى بازارنى
ئىشغال قىلغاندىن كېيىن پۇقرالار يىغىنى چاقىرىشقا بۇيرۇق
بېرەتتى. كۆپىنچە ئۆزى نۇتۇق سۆزلەيتتى، بەزىدە ئۇنىڭ ئور-
نىغا كاپارىن سۆزگە چىقاتتى. ئۇلار كازاكلارنى قولىغا قورال
ئېلىشقا چاقىرىق قىلاتتى، «سوۋېت ھاكىمىيىتى دېھقانلارنىڭ
ئۈستىگە ئېغىر سېلىق سېلىۋاتقانلىقى» توغرۇلۇق، «ئەگەر
سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرمىغاندا، ئۇزۇل - كېسىل خانى-
ۋەيرانچىلىقنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىكەنلىكى»
توغرۇلۇق سۆزلىشەتتى. فومىن كاپارىندەك ئۇنچىلىك ساۋاتلىق
ۋە راۋان سۆزلىيەلمىسىمۇ، ئەمما بىر قەدەر مۇپەسسەل ۋە
كازاكلارغا چۈشىنىشلىك تىل بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇ سۆزىنى
ئادەتتە ئاللىقاچان يادلىۋالغان بىرنەچچە جۈملىلەر بىلەن: «بىز
بۈگۈندىن باشلاپ سىزلەرنى ئۇزۇق - تۈلۈك سېلىقىدىن ئازاد
قىلىمىز. بۇندىن كېيىن ئاشلىق تاپشۇرۇۋېلىش پۇنكىتىغا
ھەرگىز ئاشلىق ئاپارماڭلار. ھارامتاماق كوممۇنىستلارنى
بېقىشنى توختىتىدىغان ۋاقىت كەلدى. ئۇلار سىلەرنىڭ ئاش-
نىڭلار بىلەن سەمرىپ بولدى، ئەمما بۇ يات يۇرتلۇقلار-
نىڭ كۈنى تۈگىدى. سىلەر — ئەركىن ئادەمسىلەر! قوراللىنىڭلار
ۋە بىزنىڭ ھاكىمىيەتنى قوللاڭلار! كازاكلار، ئۇررا!» — دېگەن
گەپلەر بىلەن تۈگىتەتتى.

كازاكلار يەرگە قارىۋېلىپ، قاپىقىنى تۈرگەن پېتى
ئۈنچىقمايتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئاياللار تىلىغا ئەرك
بېرەتتى. ئاياللارنىڭ زىچ تىقىلىشىپ تۇرغان قاتارلىرىدىن
زەھەرلىك سوئاللار ۋە ۋارقىراشلار ياغاتتى:

— سېنىڭ ھاكىمىيىتىڭ ياخشى ئىكەن، ئۇنداق بولسا
سەن بىزگە سوپۇن ئەكەلدىڭمۇ؟

— سېنىڭ ھاكىمىيىتىڭ نەدە، سەن ئۇنى ئېگەرنىڭ ئارقىسىغا ئانجۇغىلاپ، ئېلىپ يۈرەمسەن؟

— سىلەر كىمنىڭ ئاش - نېنىنى بىلەن قورساق بېقىۋاتىسىلەر؟

— بەلكى، ھازىر ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانسىلەر؟

— ئۇلارنىڭ قىلىچى بار، سوراپ تۇرماستىنلا توخۇلارنىڭ بېشىنى كېسىشكە باشلايدۇ!

— ئاشلىق ئاپارماڭلار — دېگىنىڭ قانداق گەپ؟ بۈگۈن سىلەر بۇ يەردە، ئەتىلىككە سىلەرنى ئىت بىلەن ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇ چاغدا جاۋابكارلىق بىزگە چۈشەمدۇ؟

— بىز ئەرلىرىمىزنى سىلەرگە قوشۇپ قويمايمىز! ئۆزۈڭلار سوقۇشۇڭلار!

ئۇرۇش يىللىرىدا ھەممە نەرسىدىن كۆڭلى قېلىپ باغرى تاش بولۇپ قالغان، يېڭى ئۇرۇشتىن قورققان ۋە ئۆز ئەرلىرىگە جان - جەھلى بىلەن يېپىشقان ئاياللار يەنە باشقا نۇرغۇن دەھشەتلىك تىللارنى ياغدۇراتتى.

فومىن ئۇلارنىڭ ئىززا - ئاھانەتلىرىگە سوغۇققانلىق بىلەن قۇلاق سالاتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ نېمىشقا بۇنداق ۋارقىرايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ جىم بولۇشنى كۈتكەندىن كېيىن، ئېپىنى تېپىپ كازاكلارغا يەنە مۇراجىئەت قىلاتتى. بۇ چاغدا كازاكلار قىسقا ۋە پۇختىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى:

— بىزنى قىستىما، يولداش فومىن، بىز ئۇرۇش قىلىپ بۇرۇنى - قۇلىقىمىزغىچە تويغانمىز.

— بىز 19 - يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرگەن!

— قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە قوراللىنىشىمۇ يوق، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ھېچقانداق سەۋەبىمۇ يوق! ھازىرچە ئېيتىش باجمۇ يوق.

— ھازىر يەرگە ئۇرۇق چاچىدىغان ۋاقىت يېتىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇرۇش قىلىشقا چولىمىز يوق.

بىر كۈنى ئارقا قاتاردا تۇرغانلاردىن بىرى ۋارقىرىدى:

— ھازىر تىلىڭ شۇنچە شېرىن! بىز 1919 - يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن چاغدا سەن نەدە قالغانىدىڭ؟ بۇ ئەقىل كاللاڭغا بەك كېچىكىپ كىرىپتۇ، فومىن!

گرىگورىي فومىننىڭ چىرايى ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆردى، ئەمما شۇنداق بولسىمۇ ئېغىر - بېسىقلىق قىلىپ، ھېچنېمە دەپ جاۋاب قايتۇرمىدى.

دەسلەپكى ھەپتىدە فومىن مەجلىسلەردە كازاكلارنىڭ ئېتىرازلىرىغا خېلىلا چىدامىلىق بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇردى، ئۇنى قوللاشتىن باش تارتىپ، قىسقا - قىسقا رەددىيە بېرىپ تۇرسىمۇ، ئومۇمەن بىر نەرسە دېمىدى؛ ھەتتا خوتۇنلارنىڭ ۋارقىراش - جارقىراش، تىللاشلىرىمۇ ئۇنىڭ كەيپىنى بۇزالمىدى. «ھېچ گەپ يوق، كۆندۈرۈۋالىمىز ئۇلارنى!» — دېدى ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ. ئەمما كازاك ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكى ئۇنىڭغا قارشى سەلبىي مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۇ مەجلىسلەردە سۆزگە چىققۇچىلارغا بولغان مۇئامىلىسىنى چۇرتلا ئۆزگەرتتى. ئۇ ئاتتىن چۈشمەي، ئانچىلىك يالۋۇرۇپمۇ كەتمەي، دوق - پوپوزا بىلەن سۆزلەيدىغان بولدى، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ نەتىجىسى ئاۋۋالقىدەك ئۆز پېتىچە قېلىۋەردى: ماڭا ئارقا تىرەك بولىدۇ دەپ ئويلىغان كازاكلار ئۇنىڭ نۇتقىغا

ئۈنچىقماسلىقنى قۇلاق سېلىپ، يەنىلا ئۈنچىقماسلىقنى ئاستا تارقى-
لىشقا باشلايتتى.

يېزىلارنىڭ بىرىدە ئۇ نۇتۇق سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بىر كازاك ئايال ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن سۆزگە چىقتى. ئېگىز بويلۇق، بەستلىك، كەڭ يەلكىلىك بۇ تۇل ئايال ئەركىشىنىڭكىدەك يوغان ئاۋاز بىلەن، ئەركىشىدەك قوللىرىنى قاتتىق شىلتىپ سۆزلىدى. ئايالنىڭ چېچەك ئىزلىرى قالغان يالپاق يۈزىدە غەزەپ ئارىلاش قەتئىي جاسارەت نامايان ئىدى، بۇرتۇپ چىققان قېلىن كالپۇكلىرى ھەر دائىم نەپرەتلىك ئىستېھزا بىلەن قىيسىيىپ، كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇ ئېگەرنىڭ ئۈستىدە تاشتەك قېتىپ تۇرغان فومىن تەرەپنى دومباق قىزىل قولى بىلەن نوقۇپ كۆرسىتىپ، زەھەرلىك سۆزلەرنى ئۇنىڭ يۈزىگە گويا تۈكۈرگەندەك ياغدۇراتتى:

— سەن بۇ يەردە نېمە پىتنە - ئىغۋا تۇغدۇرىسەن؟ بىزنىڭ كازاكلارنى سەن نەگە ئىتتەرمەكچىسەن، قايسى يارنىڭ ئىچىگە غۇلاتماقچى؟ بۇ لەنىتى ئۇرۇشنىڭ بىز ئايالىلارنى تۇل قىلىپ قويغانلىقى ئاز بولۇپ قالدىمۇ؟ بالىلارنى يېتىم قىلىپ قويغانلىقى ئاز بولۇپ قالدىمۇ؟ بىزنىڭ بېشىمىزغا يېڭى مۇسىبەت، بالا - قازانى چىللىماقچىمۇ سەن؟ زۇبىژنىي يېزىسىدىن پەيدا بولغان بۇ قانداق نىجاتچى پادىشاھ؟ سەن ئۆز ئۆيۈڭنى تەرتىپكە سال، ۋەيرانچىلىقنى تۈگەت، ئۇندىن كېيىن بىزگە قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، قانداق ھاكىمىيەتنى قوبۇل قىلىشنى، قانداق ھاكىمىيەتنى كېرەك قىلماسلىقنى ئۆگەتسەڭمۇ بولىدۇ! ھەقىقەتنى ئېيتقاندا، ئۆز ئۆيۈڭدە خوتۇنۇڭ بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلماي كېلىۋاتىدۇ. بۇنى ئېنىق بىلىمىز! سەن بۇرۇتىڭنى ھۆرپەيتىپ، ئاتقا مىنىپ قاتراپ، خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ يۈرىسەن. ئۆز ئىگىلىكىڭگە قاراپ باققىنا، ئەگەر

ئۆيۈڭنى شامال يۆلەپ تۇرمىغان بولسا، ئالىلىقاچان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولاتتى. بىزگە ئۇستاز تېپىلىپ قالدى تېخى! نېمىشقا ئۈنچىقمايسەن، سېرىق مايمۇن ياكى مەن يالغان سۆزلەۋاتامدىمەن؟

خالايىق ئىچىدە ئاستا كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ، شامالدەك شىۋىرلىدى - دە، جىمىپ قالدى. فومىن ئېگەرنىڭ لوككىسىدا تۇرغان سول قولى بىلەن تىزگىننى ئاستا يىغدى، چىرايى غەزەپتىن قارىيىپ كەتتى، ئەمما ئۇ ئۈنچىقمىدى، بىراق كاللىسىدا بۇ ئۇسال ھالەتتىن ئۆز ئىززىتى بىلەن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەيتتى.

— سېنىڭ بۇ قوللىكلار دەپ جار سالغىنىڭ قانداق ھاكىمىيەت؟ — دەرغەزەپ بولغان تۇل ئايال سۆزىنى قەيسەرلىك بىلەن داۋاملاشتۇردى.

ئايال ئىككى بېقىنىغا قولىنى تىرەپ، كەڭ ساغرىسىنى لىكىلدىتىپ، ئاستا فومىن تەرەپكە ماڭدى. ئالدىدىكى كازاكلار كۈلكىسىنى يوشۇرۇپ، كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى پەسكە تىكىپ يول ئېچىپ بەردى. ئۇلار گويا ئۇسسۇل ئويناش ئۈچۈن سورۇن ھازىرلىغاندەك بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ چەتلىشىپ تۇردى...

— سېنىڭ ھاكىمىيىتىڭ سەنسىز زېمىندا ئاياغ بېسىپ تۇرالمايدۇ، — دېدى تۇل ئايال يوغان ئاۋاز بىلەن، — ئۇ ئارقادىن سۆرۈلۈپلا يۈرىدۇ، بىر جايدا بىر سائەتتىن ئۇشۇق ياشىيالمايدۇ! «بۈگۈن ئات ئۈستىدە يۈرسەن سۇۋارە، ئەتە پاتقاقتىن چىقالمايسەن بىچارە» — سەن مانا شۇنداق ئادەمسەن، سېنىڭ ھاكىمىيىتىڭمۇ خۇددى شۇنداق!

فومىن ئاتنىڭ بېقىنىنى ئۆتۈكى بىلەن قاتتىق نىقتاپ، ئۇنى خالايىقنىڭ ئىچىگە تۇرتۇپ ئەكىردى. خەلق تەرەپ -

تەرەپكە ئۆزىنى قاچۇردى. كەڭ سورۇندا پەقەت تۇل ئايال يالغۇزلا قالدى. ئۇ تۈرلۈك ـ تۈمەن ئىشلارنى كۆرگەن ئايال ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ فومىن مىنگەن ئاتنىڭ ھەجايىغان چىشلىرىغا، فومىننىڭ غەزەپتىن ئايناق تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا خاتىرجەم قاراپ تۇرۇۋەردى.

فومىن ئايالنىڭ ئۈستىگە ئېتىنى باستۇرۇپ كېلىپ قامچىسىنى ئېگىز كۆتۈردى.

— ئاغزىڭنى يۇم، چوقۇر ئالۋاستى!... سەن بۇ يەردە نېمە تەشۋىقات تارقىتىسەن؟!

چىشلىرى ھەجىيىپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاتنىڭ تۇمشۇقى جەسۇر كازاك ئايالنىڭ توپتوغرا بېشى ئۈستىگە تاقىلىپلا تۇردى. بىر كومزەك يېشىل كۆپۈك ئاتنىڭ جاۋغىيىدىن ئۈزۈلۈپ، ئايالنىڭ قارا رومىلىغا، رومالدىن ئېقىپ يۈزىگە چۈشتى. ئايال كۆپۈكنى قولى بىلەن قېقىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، ئارقىسىغا بىر قەدەم چېكىندى.

— سەن سۆزلىسەڭ بولىدىكەن، بىز سۆزلىسەك بولمادىكەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ قەھر ـ غەزەپتىن پارقىراپ كەتكەن يۇملاق كۆزلىرىنى فومىنغا قاداپ.

فومىن ئايالنى ئۇرالمىدى. قامچىسى بىلەن پوپوزا قىلىپ، ۋارقىراشقا باشلىدى:

— بولشېۋىك مەرەز! ۋۇجۇدۇڭدىن ئەخمەقلىقنى سۇرۇپ چىقىرىمەن! ئېتىكىڭنى تۈرگۈزۈپ قويۇپ، مىلتىقنىڭ سۇمبىسى بىلەن ئۇرغۇزىمەن، مانا شۇ چاغدىلا ئەقلىڭنى تاپىسەن!

ئايال يەنە ئىككى قەدەم ئارقىغا چېكىندى ـ دە، كۆتۈلمىگەندە فومىنغا ئارقىسىنى قىلىپ، بېشى يەرگە تەگكۈدەك ئېڭىشىپ، يوپكىسىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈردى.

— سەن مۇنۇنى كۆرمىگەنمىدىڭ، ناق قېپى قەھ-

رىمان؟ — دېدى ئۇ ئاجايىپ چاقچاقلىق بىلەن قەددىنى رۇسلاپ، ئاندىن يۈزىنى يەنە قومىنغا بۇرىدى، — مىنىمۇ؟ مېنى ئۇرغۇزامسەن؟! قايسى يۈزۈڭ بىلەن مېنى ئۇرغۇزىسەن!...

قومىن دەرغەزەپ بولۇپ، يەرگە بىرنى تۈكۈردى - دە، سەنتۈرۈلۈپ كەتكەن ئېتىنى توختىتىۋېلىپ، تىزگىنىنى تارتتى.

— ئاغزىڭنى يۇم، قىسىر بايتال! مەندە گۈش كۆپ دەپ خۇشال بولۇۋاتامسەن؟ — دېدى ئۇ گۈركىرەپ، شۇنىڭ بىلەن يۈزىدىكى سۈرلۈك ئىپادىنى ساقلاپ قېلىشقا بىھۇدە ئۇرۇنۇپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى.

كۈلكىسىنى ئاران - ئاران بېسىپ تۇرغان خالايىق قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. قومىنچىلارنىڭ بىرى ئۆز كوماندىرىنىڭ رەسۋا بولغان ئابرويىنى قايتا تىكلىمەكچى بولۇپ، تۇل ئايالنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، مىلتىقىنىڭ پاينىكىنى تەڭلىدى، ئەمما ئۇنىڭدىن بويى ئىككى غېرىچ ئېگىز زەبەردەس بىر كازاك كەڭ يەلكىسى بىلەن ئايالنى توسۇۋېلىپ، ئارىغا چۈشتى - دە، پەس ئاۋاز بىلەن مەنىلىك قىلىپ:

— ئۇنىڭغا تەگمە! — دېدى.

يېزىلىقلاردىن يەنە ئۈچ كىشى تېز يېتىپ كېلىپ، تۇل ئايالنى كەينىگە ئىتتىرىپ، نېرىغا ئاپىرىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كوكۇلا چاچ ياشراق بىرى قومىنچىغا پىچىرلىدى:

— خۇش، نېمىشقا قورال تەڭلەيسەن؟ ئايال كىشىنى ئۇرۇش ئوڭاي ئىش، سەن باتۇرلۇقۇڭنى ئاۋۇ دۆڭنىڭ ئۈستىدە كۆرسەت، ھويلىنىڭ ئىچىدە بىز ھەممىمىز باتۇر...

قومىن ئېتىنى ئاستا ماڭغۇزۇپ، قاشانىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۈزەڭگىسىدىن سەل كۆتۈرۈلدى.

— كازاكلار ياخشىراق ئويلاپ كۆرۈڭلار! — دەپ ۋار-

قىردى ئۇ ئاستا تارقىلىۋاتقان خالايىققا قاراپ، — ھازىر ياخشىلىقچە ئۆتۈنۈپ سورايمىز، بىر ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كېلىمىز، ئۇ چاغدا گەپ باشقىچە بولىدۇ!

ئۇ نېمىشقىدۇر خۇش خۇي، كۆڭلى كۆتۈرەڭگۈ ھالەتكە كەلدى، كۈلۈپ قويۇپ، بىر ئورۇندا ئويناقشىپ تۇرغان ئاتنىڭ بېشىنى تارتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— بىز قورققاقلاردىن ئەمەسمىز! بىزنى مۇنۇ خوتۇنلار بىلەن... (بىرنەچچە ئەدەبسىز سۆزلەرنى قىستۇردى) قورقۇتالمايسىلەر! بىز تالاي چوقۇر، ئاقساق - چولاقلارنى كۆرگەن! بىز يەنە كېلىمىز، ئەگەر بىزنىڭ ئەترىتىمىزگە ھېچكىم ئۆز ئىختىيارى بىلەن يېزىلمىسا — ئۇ چاغدا ھەممە ياش كازاكلارنى مەجبۇرى سەپەرۋەر قىلىمىز. بۇنى بىلىپ قويۇڭلار! سىلەرنى سىيلاپ، سىيپىلاپ، كۆزۈڭلارغا قاراپ تۇرۇشقا ۋاقتىمىز يوق!

سۆزگە قۇلاق سېلىپ، بىر مىنۇت توختاپ تۇرغان خالايىقنىڭ ئىچىدە كۈلكە ۋە گۇدۇڭ - گۇدۇڭ پاراڭ ئاڭلاندى. فومىن تېخىچە ھىجىيىپ:

— ئات - قا مىنىڭلار! — دەپ كوماندا بەردى.

كۈلكىسىنى تېشىغا چىقىرالماي، قىزىرىپ كەتكەن گرىگورىي ئۆز ۋىزۋوتىنىڭ قېشىغا ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

فومىننىڭ ئەترىتى پاتقاق يولدا قاتار سوزۇلۇشۇپ، ئېدىرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغاندىن كېيىن سوغۇق مۇئامىلىدە بولغان يېزىنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى، گرىگورىي ھامان ئاندا - ساندا كۈلۈپ قويۇپ: بىز كازاكلار نېمىدېگەن خۇش خۇي، قورساقى كەڭ خەلق. بىزدە قايغۇ - ھەسرەتتىن كۆرە، چاقچاق كۆپرەك ئورۇن ئالغان، خۇدا مۇنداق بولۇشنى كۆرسەتمىسۇنكى، ئەگەر ھەممە ئىشنى جىددىيلىك بىلەن چىنغا

ئالدىغان بولساق، ئۇ چاغدا مۇنداق ھاياتتا ئالىقاچان ئېسىلىپ، ئۆلۈۋېلىشقا توغرا كېلەتتى! دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭدىكى شادىمانلىق ئۇزاققىچە كەتمىدى، پەقەت دەم ئېلىشقا توختىغان چاغدا ئۇ كازاكلارنى قوزغىتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكى توغرۇلۇق ۋە قومىنىڭ سۇيىقەستى مۇقەررەر ھالاكەت-كە مەھكۇم ئىكەنلىكى توغرۇلۇق خىيال سۈرۈپ غەم - ئەندى-شىگە پاتتى.

## 13

باھار كەلدى. ئاپتاپ بارغانسېرى كۈچلۈكرەك قىزىتىشقا باشلىدى. جەنۇبتىكى ئېدىرلارنىڭ يان باغرىدا قار ئېرىپ بول-غانلىقتىن، بۇلتۇرقى ئوت - چۆپ ئېچىلىپ، سېرىق تۈسكە كىرگەن يەرنىڭ ئۈستىنى چۈش ۋاقتىدا سۈپسۈزۈك بىنەپشە رەڭ ھور قاپلايتتى. دۆڭلۈكلەرنىڭ ئۈستىدە، قورغان جايلاشقان تۆپىلىكلەردە سېغىز تۇپراق قوينىدا بىنا بولغان تەبىئىي تاشلارنىڭ ئاستىدىن سۈتلۈك ئوتنىڭ قىلتىرىقتەك بىخ سۈرۈپ چىققان دەسلەپكى ئاچ يېشىل ئۈندۈرمىلىرى پەيدا بولدى. شۈدىگەرلەر يالىڭاچلاندى. قاغا - قۇزغۇنلار قاقاسلى-شىپ قالغان قىشلىق يوللاردىن خامانغا، قار سۈيى باسقان كۆزلۈك زىرائەت تېرىلغان ئېتىزلارغا كۆچتى. سايلاردا ۋە ئويمان يەرلەردە نەملىك بىلەن تويۇنغان قار كۆكۈچ تۈس ئالدى؛ ئۇ يەرلەردىن تېخىچە سوغۇق ھاۋانىڭ شامىلى كېلەتتى، ئەمما جىرالاردىكى قارنىڭ ئاستىدا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان باھار جىلغىلىرى قوڭغۇراقتەك جىرىڭلاپ، كۆي - ناۋا باش-لىۋەتكەندى، شالاك ئورمانلاردا تېرەكلەرنىڭ غوللىرى

خۇددى ئەتىيازدىكىدەك خېلىلا يېشىل تۈسكە كىردى.

ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى، قومىن باندىسى كۈندىن - كۈنگە ئازىيىشقا باشلىدى. ھەر بىر قونغان يەردە ئەتىسى ئەتىگەن بىر - ئىككى ئادەم كەم چىقاتتى، بىر كۈنى بىر يولى يېرىم ۋىزۋوتقا يېقىن ئادەم يوقىلىپ كەتتى: سەككىز ئادەم ئات ۋە قورال - جابدۇقلىرى بىلەن ۋېشېنسكاياغا تەسلىم بولۇش ئۈچۈن راۋان بولغان. يەر ھەيدەيدىغان ۋە ئۇرۇق چاچىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. يەر ئۆزىگە چاقىراتتى، ئىش - ئەمگەككە جەلىپ قىلاتتى، شۇڭا نۇرغۇنلىغان قومىنچىلار كۈرەشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن باندىدىن يوشۇرۇنچە كېتىپ، ئۆي - ئۆيلىرىگە تارقىلىشتى. قايتىپ كېتىشكە بولمايدىغان، كەچۈرۈم قىلىشنى ئۈمىدى يوق، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئالدىدا گۇناھى تاغدەك ئېغىر ياۋۇز نىيەتلىك ئادەملەرلا قېپقالدى.

ئاپرېلنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىگە كەلگەندە قومىننىڭ باندىسىدا قالغان ئاتلىق ئەسكەر 86 دىن ئاشمايتتى. گرىگورىيمۇ باندىنىڭ ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭدا ئۆيىگە قايتىشقا جاسارەت يوق ئىدى، قومىن ئىشىنىڭ ئۇتتۇلغانلىقىغا، قاچاندا بولمىسۇن بۇ باندىنىڭ بىتچىت بولىدىغانلىقىغا ئۇ قەتئىي ئىشەنگەنىدى، ئۇ قىزىل ئارمىيىنىڭ مەلۇم بىر مۇنتىزىم ئاتلىق قىسمى دەسلەپكى جىددىي توقۇنۇشتىلا ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلايدىغانلىقىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇ ئۆز كۆڭلىدە يازغىچە كۈن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ، ياز كەلگەندە باندىنىڭ بىر جۈپ ئەڭ ياخشى ئېتىنى تاللىۋېلىپ، كېچىدە تاتارسكىغا بېرىشنى، ئۇ يەردىن ئاكسىنىيىنى ئېلىپ، جەنۇبقا كېتىشنى ئۈمىد قىلىپ، قومىننىڭ قولچومىقى بولۇپ قېپقالدى.

دوننىڭ دالاسى — كەڭ، يېرى بىپايان، ئۇنىڭدا كىشى ماڭمىغان

يوللار كۆپ؛ يازدا ھەممە يوللار ئوچۇق، ھەممە يەردىن پاناھ جاي تېپىش مۇمكىن... ئاتلارنى بىر يەرگە تاشلاپ قويۇپ، ئاكسىنىيە بىلەن بىللە پىيادە كۇبانغا، تاغنىڭ ئېتىكىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ - دە، ئۆز يۇرتىدىن يىراق بىر يەردە ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق يىللىرىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئوي - پىكرى مانا شۇنداق. ئۇنىڭغا باشقا چىقىش يولى يوقتەك كۆرۈنەتتى.

فومىن كاپارىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە مۇز كۆچۈش ئالدىدا دوننىڭ سول قىرغىقىغا ئۆتۈۋېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ زۆرۈر تېپىلغاندا خوپېر ئوكروكىغا چېگىرىداش بولغان ئورمان كۆپ يەرگە بېرىۋېلىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ قوغلاشلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالىمەن دېگەن ئۈمىدتە بولدى.

باسمىچىلار بېلىقچى يېزىسىدىن يۇقىرىراقتا دوندىن ئۆتتى. دەريانىڭ بەزى تېز ئاقىدىغان يەرلىرىدە مۇزلارنى سۇ ئاللىقاچان ئاققۇزۇپ كەتكەنىدى. ئاپرېل قۇياشىنىڭ يارقىن نۇرى ئاستىدا سۇ كۆمۈشتەك پارقىرايتتى، ئەمما قىشلىق يول بار يەردىكى مۇز بىر گەز قېلىنلىقتا ئېگىز بولۇپ، دون بۇزۇلماي ئۆز پېتى تۇراتتى، ئۇلار شۇ يەرنىڭ بىر چېتىگە قاشانى قومۇرۇپ ئەكىلىپ باستى - دە، ئاتلارنى يېتىلەپ، بىر - بىردىن ئۆتكۈزدى، ئاندىن دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدە دەرھال سەپكە تىزىلدى - دە، ئالدى تەرەپكە رازۋېتكا ئەۋەتىپ، يېلانسكايا تەرەپكە قاراپ كېتىشتى.

بىركۈن ئۆتكەچ گىرىگورىيغا بىر يېزىلىق سىڭار كۆز چال چۇماكوف يولۇقۇپ قالدى، بۇ ئادەم گىرەزنوۋسكى يېزىسىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ، يېزىغا يېقىن بىر يەردە باندا بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى. گىرىگورىي چالنى يولنىڭ بىر چېتىگە ئاپىرىپ:

— بوۋا، مېنىڭ بالىلىرىم سالامەتمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، ئېسەن - ئامان، ساق تۇرۇۋاتىدۇ.

— بوۋا، ساڭا چوڭ بىر ئىلتىماسىم بار: يېزىغا قايتىپ بارغاندا بالىلىرىمغا ۋە سىڭلىم يېۋدوكىيە پانتېلېۋناغا مېنىڭ سېغىنىشلىق سالىمىمنى يەتكۈز، پروخور زىكوفقا سالام ئېيت، ئاكسىنىيە ئاستاخوۋاغا ئېيتىپ قوي: مېنى كۈتۈپ تۇرسۇن، مەن تېز ئارىدا قايتىپ بارىمەن، مېنى كۆرگەنلىكىڭنى ئۇلاردىن باشقا ھېچكىمگە ئېيتما، ماقۇلمۇ؟

— دېگىنىڭنى قىلىمەن، ئەزىزىم، سەن دېگەندەك قىلىمەن! شۈبھىلەنمە، مەن ھەممىسىنى تولۇق يەتكۈزىمەن.

— يېزىدا نېمە يېڭىلىق بار؟

— ھېچقانداق يېڭىلىق يوق، ھەممە ئىش ئاۋۋالقىدەك.

— كوشىۋوي ھېلىمۇ رەئىسمۇ؟

— ھەئە، ئاشۇ رەئىس.

— مېنىڭ ئۆي ئىچىمنى خاپا قىلمايدىغاندۇ؟

— بۇ توغرۇلۇق ھېچ گەپ ئاڭلىمىدىم، بەلكى ھېچكىمگە تەگمىسە كېرەك، ئۇلارغا نېمە ئۈچۈن تېگەتتى؟ ئۇلار سەن ئۈچۈن جاۋابكار ئەمەس - دە...

— يېزىدىكىلەر مەن توغرۇلۇق نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟

چال بۇرنىنى قاقتى، بويىنىغا ئورىغان قىزىل ياغلىقى بىلەن ساقال - بۇرۇتىنى ئۇزاققىچە ئېرتتى، ئاندىن سۆزنى چەتلىتىپ جاۋاب بەردى:

— ئۇلارنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى خۇدا بىلىدۇ... ھەركىم ئۆزى بىلگىنىنى بىلجىرلايدۇ. سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن پات - ئارىدا يارىشىپ قالامسىلەر؟

گرىگورىي ئۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرەلىسۇن؟ بۇ ئاڭغا ئىلگىرىلەپ كەتكەن ئەترەتنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىشقا ئىنتىل-

گەن ئېتىنى توختىتىۋېلىپ، كۈلۈمسىرەپ قويدى:

— بىلمەيمەن، ئاتا، ھازىرچە ھېچنېمە مەلۇم ئەمەس.

— مەلۇم ئەمەسلىكى قانداق گەپ؟ چېركەسلەر بىلەن ئۇرۇشتۇق، تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشتۇق، شۇنداقتىمۇ سولھ تۈزگەنىدۇق، ئەمما سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئۆز كىشىلىرىمىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۆزئارا بىر پىكىرگە كېلەلمىسەڭلار قانداق بولغىنى... بۇ ياخشى ئەمەس، گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، ھەق سۆز، ياخشى ئەمەس! خۇداۋەندەكىرىم ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۇ بۇ ئىشىڭلار ئۈچۈن ھەممەڭلارنى كەچۈرمەيدۇ، مېنىڭ سۆزۈمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت! قارىغىنا، بۇ ئەقىلغە سىغمايدىغان ئىشقۇ: رۇسلار، ئۆزىمىزنىڭ پراۋوسلاۋ كىشىلىرىمىز بىر - بىرى بىلەن ياقىلاشسۇن، يەنە كېلىپ ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس. كاشكى ئازراق ئۇرۇشسىمۇ بىرگەپ، ئەمما ئۇلارنىڭ سوقۇشۇشقا كىرىشكەنلىكىگە تۆت يىل بولۇپ قالدى. مەن قېرىلارغا خاس ئەقىل - پاراسىتىم بىلەن شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇنىڭغا خاتىمە بېرىش ۋاقتى كەلدى!

گرىگورىي چال بىلەن خوشلاشتى - دە، ئۆز ۋىزۋوتىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئېتىنى تېز چاپتۇرۇپ كەتتى. چۇماكوف ھاسىسىغا تايىنىپ، ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىنىڭ چاپىقىنى يېڭى بىلەن ئېرتىپ ئۇزاقچە تۇردى. ئۇ تاق بولسىمۇ، ئەمما ئۆتكۈر بىر كۆزى بىلەن گرىگورىينىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى، ئۇنىڭ ئاتقا يېگىنتەك ئولتۇرۇشىغا زوقلىنىپ، ئاستا پىچىرلىدى:

— ئەزىمەت كازاك! ھەممىدە ئۆتكۈر، قىلىقلىرى چاققان، ئەمما ئازغۇن... ئۆز يولىدىن ئاداشقان! قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ چېركەسلەر بىلەن ئۇرۇشقان بولسا، باشقا گەپ ئىدى، ئەمما ئۇ نېمىنى ئويلاپ بۇنداق قىلىپ يۈرىدىكىن! بۇ ھاكىمىيەت ئۇنىڭ نېمىسىگە زۆرۈر بولۇپ قالغاندۇ؟ بۇ ياش كازاكلار نېمىنى ئويلايدىغاندۇ؟ گرىشكىدىن سوراشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلارنىڭ

پۈتۈن نەسلى ـ زاتى ئاشۇنداق بۇزۇق... مەرھۇم پانتېلېيمۇ
ئاشۇنداق ھەر مۇقامدا يورغىلىغان ئادەم ئىدى، بوۋىسى پروكوفىيمۇ
ئېسىمدە تۇرۇپتۇ... ئۇمۇ بىمەززە ئىدى، ئادەم ئەمەس ئىدى...
باشقا كازاكلار قانداق ئويلايدىكىن، خۇدا ئۇرسۇن، چۈشەنمەيمەن.

× ×

فومىن يېزىنى ئىشغال قىلغاندا پۇقرالار يغىنى چاقىرماي‌ـ
دىغان بولدى. ئۇ تەشۋىقاتنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنـ
دى. قول ئاستىدىكى جەڭچىلەرنى بىر ئىلاج قىلىپ تۇتۇپ
تۇرىدىغان، يېڭىدىن ئەسكەر ئالمايدىغان پەيت كەلگەنىدى.
ئۇنىڭ چىرايى خىلىلا تۇتۇلۇپ، گەپنى ئاز قىلىدىغان بولۇپ قالدى.
كۆڭلىنى ساماگون بىلەن تىنچىتىدىغان بولدى. قونۇشقا توختىـ
غان يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە كېچىنى غەم ـ قايغۇغا چۆمگەن
ھاراقكەشلىك بىلەن ئۆتكۈزەتتى. فومىنچىلارمۇ ئۆز ئاتامانىغا
قاراپ، ھاراققا بېرىلىپ كەتتى. تەرتىپ ـ ئىنتىزام يوقالدى.
بۇلاڭچىلىق كۆپەيدى. باندىنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى
ئاڭلاپ، يوشۇرۇنۇۋالغان سوۋېت خادىملىرىنىڭ ئۆيلىرىدە قولغا
چىققانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاتنىڭ كۆتۈرگىنىچە
يۆكلەپ، ئەكىتىدىغان بولدى. نۇرغۇنلىغان جەڭچىلەرنىڭ
ئاتقا ئارتىلغان يۈكى ھەددىدىن تاشقىرى چوڭايدى. بىر كۈنى
گرىگورىي ئۆز ۋىزۋوتىدىكى بىر جەڭچىنىڭ بىر دانە كىيىم تىكىش
ماشىنىسىنى ئالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ جەڭچى تىزگىنىنى
ئېگەرنىڭ لوككىسىغا ئىلىپ قويۇپ، ماشىنىنى سول قولتۇقىغا قىـ
سىپ كېتىۋاتقانىكەن. گرىگورىي پەقەت قامچىسىنى ئىشقا
سېلىش ئارقىلىقلا كازاكنىڭ ئولجىسىنى تاشلاتقۇزدى. شۇ كۈنى
ئاخشام فومىن بىلەن گرىگورىي ئوتتۇرىسىدا كەسكىن گەپ تەگـ

شىش يېغىز بەردى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئىدى. مەستلىكتىن پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن فومىن شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. گرىگورىي ئۆيىنىڭ ئىچىدە چوڭ - چوڭ چامداپ، ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى.

— ئولتۇرساڭچۇ، كۆزۈمگە تىقىلىپ، توپتەك قاڭقىپ يۈرمەي، — دېدى فومىن غودۇڭشىپ.

گرىگورىي ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماستىن، تار كازاك ئۆيىدە ئۇزاققىچە ئۇ چەتتىن بۇ چەتكە مېڭىپ يۈردۈۋەردى، بىر ھازادىن كېيىن:

— مېنى تويدۇرۇۋەتتى بۇ ئىش، فومىن! بۇلاڭچىلىق بىلەن ئىچەرمەنلىكنى تۈگەت! — دېدى.

— بۈگۈن يامان چۈش كۆرۈپ قالدىڭمۇ؟

— شۇمۇ چاقچاق بولدىمۇ... خەلق بىز توغرۇلۇق يامان گەپ قىلىشقا باشلايدۇ!

— ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرسەن، باللارنى ھېچنېمە قىلالمايۋاتىمەنغۇ، — دېدى فومىن خالار - خالىماستىن.

— بەللى، سەن ئۆزۈڭ ھېچنېمە قىلالمايۋاتامسەن؟

— سەن ماڭا يول كۆرسەتمە! سېنىڭ خەلقىڭ بىر ئېغىز ياخشى گەپكە ئەرزىمەيدۇ، بىز ئاشۇ ئەبلەخلەر ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتىمىز، ئۇلار بولسا... مەن ئۆزۈمنىلا ئويلىسام بولدى، شۇمۇ يېتەرلىك.

— ئۆزۈڭنىمۇ ياخشى ئويلاۋاتقىنىڭ يوق. مەست - مۇستەغرەق يۈرۈپ، ئويلاشقىمۇ ۋاقتىڭ يوق. باش كۆتۈرمەي ئىچىۋاتقىنىڭغا تۆت كېچە - كۈندۈز بولۇپ قالدى. قالغانلارمۇ ئىچىۋاتىدۇ. قاراۋۇلخانىدىكىلەر كېچىسىمۇ ئىچىشىدىغان بولدى. سەن نېمىنى ئويلاۋاتىسەن؟ مەست ۋاقتىمىزدا ئۈستىمىزگە بېسىپ كېلىپ، بىرەر يېرىدا بىزنى قىرىپ تاشلىسۇن دەمسەن؟

— سېنىڭچە، مۇنداق قىرغىندىن قېچىپ قۇتۇلالامدۇ؟ — دېدى فومىن مىيىقىدا كۈلۈپ، — قاچاندا بولمىسۇن ئۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز ھازىر قىلىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋاتىمىز... بىلەمسەن؟

— ئۇنداق بولسا، ئەتىلا ئۆزىمىز ۋېشېنسكاياغا بېرىپ، قول كۆتۈرەيلى: بىزنى قولغا ئېلىڭلار، بىز تەسلىم بولدۇق دەيلى.

— ياق، بىز ھازىرچە تاماشا قىلمىز...

گرىگورىي ئىككى پۇتىنى كەڭ كېرىپ شىرەنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— ئەگەر سەن تەرتىپ ئورناتمىساڭ، مۇنۇ بۇلاڭچىلىق بىلەن ھاراقكەشلىكنى تۈگەتمىسەڭ، ئۇ چاغدا مەن سەندىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، خەلقنىڭ يېرىمىنى ئۆزۈمگە ئەگەشتۈرۈپ، ئەكېتىمەن، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن.

— شۇنداق قىلىپ كۆر، — دېدى فومىن دوق قىلغاندەك ئاۋازىنى سوزۇپ.

— شۇنداق قىلىپ كۆرمىسەممۇ، ئۆز-ئۆزىدىن بولۇۋېرىدۇ!

— سەن... سەن مېنى قورقۇتۇشنى قوي! — فومىن تاپانچىنىڭ قېپىغا قولىنى ئاپاردى.

— سەن تاپانچىنىڭ قېپىنى سىيلىماي تۇر، ئۇنداق بولمىغاندا، مېنىڭ قولۇم شىرەنىڭ ئۈستىدىن ساڭا تېزرەك يېتىپ بارىدۇ، — گرىگورىي تېز شۇ گەپنى دېدى-دە، رەڭگى ئۆڭۈپ، قىلىچىنى قىنىدىن يېرىمىغىچە سۇغۇردى.

فومىن قولىنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ھىجايدى.

— سەن نېمىشقا مەن بىلەنلا بولۇپ قالدىڭ؟ سەنسىزمۇ بېشىم قاتتىق ئاغرىپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئەخمىقانە سۆزلەرنى قىلىۋاتىسەن. قىلىچىڭنى قىنىغا سال! سەن بىلەن چاقچاق قىلغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئېيتقىنا، سەن

قانداق نازۇك ئادەمسەن! خۇددى 16 ياشلىق قىزدەك...

— مەن ساڭا نېمە قىلماقچىكەنلىكىمنى ئاللىقاچان ئېيتقانمەن، سەن بۇنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ ساڭا ئوخشاش روھىي چۈشۈپ كەتكىنى يوق.

— بىلىمەن.

— بىل ۋە ئېسىڭدىن چىقارما! ئەتىلا بۇيرۇق بەر، ئاتقا ئارتقان يۈكلەرنى تاشلىسۇن. بىز — ئاتلىق ئەسكەرلەرمىز، يۈك توشۇيدىغان كارۋان ئەمەس. پىچاق بىلەن كەسكەندەك چورتلا كېسىپ توختات ئۇلارنىڭ ئىشىنى! ئۇلار تېخى خەلق ئۈچۈن كۆرەشكۈچىلەر دەپ ئاتىلارمىش! بۇلىغان مال-مۈلۈكلەرنى ئاتلارغا ئارتىشىپ، خۇددى بۇرۇنقى چاغدىكى چار بازارچى سودىگەرلەردەك يېزىلاردا سودىگەرچىلىك قىلىشىدۇ... كۆرسە كىشىنىڭ نومۇسى كېلىدۇ! مېنى قايسى شەيتان ئازدۇرۇپ، سەن خەقلەرگە ئارىلىشىپ قالدىم؟ — گرىگورىي يەرگە بىرنى تۈكۈردى-دە، قەھر-غەزەپتىن چىرايى ئۆزگىرىپ، دېرىزە تەرەپكە بۇرۇلدى.

فومىن كۈلۈۋەتتى:

— ئاتلىق ئەسكەرلەر بىر قېتىممۇ ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كەلگىنى يوق. قورسىقى توق بۆرە ئاتلىقلار قوغلاپ كەلگەن چاغدا، قېچىپ كېتىۋېتىپ، يېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قۇسۇشقا باشلايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، بىزنى تازا قىستاپ كەلگەن بولسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ تەييارتاپلىرىممۇ ئالغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ كەتكەن بولاتتى. ھېچ ۋەقەسى يوق، مېلېخوف، بىئارام بولما، سېنىڭ دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندايمەن! دۇرۇس، ئازراق روھىم چۈشكەنلىكتىن تىزگىنىنى قويۇۋېتىپتىمەن، ئەمما ئۇنى قايتىدىن يىغىۋالىمەن! لېكىن بۆلۈنۈپ كېتىشكە بولمايدۇ، قىيىنچىلىقنى بىللە تارتايلى.

ئۇلار پارىكنى ئاياغلاشتۇرالمىدى: ئۆي ئىگىسى ئايال ھورى چىقىپ تۇرغان بىر مىسكا شورپىنى كۆتۈرۈپ بۆلمىگە كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چۇماكوف بىر توپ كازاكلارنى باشلاپ كىردى.

ھەرھالدا بۇ پاراڭ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. ئەتىسى ئەتىگەن فومىن ئاتقا ئارتىلغان يۈكلەرنى تاشلاشقا بۇيرۇق بەردى، بۇيرۇقنىڭ ئىجراسىنى ئۆزى تەكشۈردى. يۈكلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە بۇلىغان نەرسىلىرىدىن ئايرىلىشنى خالىمىغان ئەشەددىي بۇلاڭچىلاردىن بىرىنى فومىن تاپانچا بىلەن ئېتىپ تاشلىدى.

— مۇنۇ ئۆلۈمتۈكىنى ئەكىتىڭلار! — دېدى ئۇ خاتىرجەملىك بىلەن، ئۆلۈكنى پۇتى بىلەن ئىتتىرىپ، ئاندىن سەپكە يەنە كۆز يۈگۈرتۈپ، ئاۋازىنى كۆتۈردى، — يېتەر ئەمدى، ساندۇق ئاختۇرۇشۇڭلار، ئىتنىڭ بالىلىرى! مەن سىلەرنى بۇلاڭچىلىق قىلسۇن دەپ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغاتقىنىم يوق! ئۆلتۈرۈلگەن دۈشمەننىڭ ئۈچىسىدىن ھەممە نەرسىلەرنى سالدۇرۇۋېلىشقا بولىدۇ، ئەگەر يىرگەنمىسەڭلار، كىرلىشىپ مايغا پىشقان ئىچ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋالساڭلارمۇ مەيلى، لېكىن ئۆي ئىچىگە تەگمەڭلار! بىز خوتۇنلار بىلەن جەڭگە كىرمەيمىز. كىمكى قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن — ئاقىۋىتى ئاشۇنداق بولىدۇ!

سەپنىڭ ئىچىدە ئاستا ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاڭلىنىپ، يەنە جىمىپ قالدى...

تەرتىپ قايتىدىن ئورنىتىلغاندەك بولدى. باندىلار ئۈچ كۈن داۋامىدا پارچە-پۇرات جەڭلەردە يەرلىك ئۆز-ئۆزىنى قوغدىغۇچى ئەترەتلەرنى يوقىتىپ، دوننىڭ سول قىرغىقىدا تىمىسقىلاپ يۈردى.

شۇمىلىنسكايا بازىرىدا كاپارىن ۋورونېژ ئۆلكىسى تېررى-

تورنىستىگە ئۆتۈپ كېتىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ بۇ تەكلىپنى
بەرگەندە بىز يېقىندا ئۇ يەردىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى
قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاھالىنىڭ سۆزسىز كەڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلە-
شىگە ئىگە بولىمىز دېگەننى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى، ئەمما فو-
مىن بۇ پىكىرنى كازاكلارغا ئېلان قىلغاندا، كازاكلار بىر ئېغىز-
دىن: «بىز ئۆز ئوكرۇگىمىزدىن سىرتقا چىقمايمىز!» — دېيىشتى.
باندىنىڭ ئاممىۋى يىغىنى ئېچىلدى. قارارنى ئۆزگەرتىشكە توغرا
كەلدى. تۆت كۈن جەريانىدا بۇ باندا كازانىسكايادىن
باشلاپ فومىننىڭ ئىزىغا چۈشۈپ قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىق
گورۇپپا ئاچقان جەڭگە كىرىشمەستىن توختاۋسىز شەرققە قاراپ
كېتىۋەردى.

ئۆز ئىزىنى يوقىتىش ئاسان ئەمەس ئىدى، چۈنكى ھەممە يەردە
ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرى كېتىۋاتاتتى، ھەتتا دالانىڭ ئەڭ
قاقاس بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىمۇ ئادەملەر دەۋرەپ كېتەتتى.
ئۇلار كېچىلىرى يول يۈرەتتى، ئەمما ئەتىگىنى ئاتلىرىغا نەرسە
يېگۈزۈش ئۈچۈن بىر يەرگە توختاش بىلەنلا يېقىن بىر يەردە
دۈشمەننىڭ ئاتلىق رازۋېتكىسى پەيدا بولاتتى-دە، قول پې-
لىموتى بىلەن قىسقا-قىسقا ئوت ئاچاتتى، شۇنىڭ بىلەن فو-
مىنچىلار يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقنىڭ ئاستىدا ئاتلىرىنى ئالدى-
راش يۈگەنلەشكە باشلايتتى. ۋېشېنىسكايانىڭ مېلنىكوۋ يېزىسىنىڭ
سىرتىدا فومىن بىر قېتىم ماھىرلىق بىلەن مانېۋىرلىق ھەرىكەت
ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننى ئالداپ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كېتىۋالدى.
فومىن ئۆز رازۋېتچىكلىرى يەتكۈزگەن خەۋەردىن بۇ ئاتلىقلار
گورۇپپىسىنىڭ كوماندىرى يېگور ژۇراۋلېۋ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى،
ژۇراۋلېۋ بوكانوۋسكايا بازىرىدىن بولۇپ، ھەربىي ئىشنى پۇختا
بىلىدىغان غەيرەتلىك كازاك ئىدى؛ يەنە شۇنى بىلىۋالدىكى،
ئاتلىقلار گورۇپپىسىنىڭ سانى فومىننىڭ باندىسىدىن ئىككى ھەسسە

كۆپ بولۇپ، ئالته قول پىلىموتى ۋە ئۇزۇن يوللارنى باسمىغان هاردۇق يەتمىگەن يېڭى ئاتلارغا ئىگە ئىكەن. بۇ هال فومىـنىنى جەڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا، ئادەملىرى بىلەن ئاتلىرىغا هـاردۇق ئېلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىشكە، ئۇندىن كېيىن ئىمكـانىيـەت يار بەرگەن شارائىتتا، ئوچۇق جەڭگە كىرمەي، تۇيۇقسىز هۇجۇم قىـلىپ، گورۇپپىنى بىر قۇر توزغىتىپ، شۇ ئارقىلىق داۋاملىق قوغـلاشلاردىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ تېخى دۈشمەنـلەردىن پىلىموتلارنى ۋە مىلتىق ئوقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، هاـلىنى ياخشىلىۋېلىشنىمۇ ئويلايتتى، ئەمما ئۇنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى. گرىگورىي ئەنسىرەپ يۈرگەن بىر ۋەقە 18 - ئاپرېلدا سىلاششېۋىسكايادىكى ئەمەنزارلىقنىڭ ياقىسىدا يۈز بـەردى. شـۇ ۋەقەدىن بىر كۈن بۇرۇن فومىن ۋە ئۇنىڭ نۇرغۇنـلىغـان جەڭـچىلىرى سۇۋەستانوف يېزىسىدا هەددىدىن تاشقىرى كۆپ ئىچىشىپ، يېزىدىن سەھەردە يولغا چىقىشقانىدى. كېچىسى دېيەرلىك هېچكىم ئۇخلىمىغانىدى، شۇڭا كۆپچىلىكى ئەمدىلىكتە ئاتنىڭ ئۈستىدە ئۇخـلاپ كېلىۋاتاتتى. ئەتـىگەن سائەت توققۇزدا باندا ئوژوگىن يېـزىسىنىڭ يېقىن بىر يېرىدە دەم ئېلىشقا توختىدى. فومىن قاراـۋۇل ساقچىلىرىنى چىقىرىپ، ئاتلارغـا سـۇلۇ بېرىشكە بـۇيـرۇق قىلدى.

شەرقتىن شىددەتـلىك شامال چىقىۋاتاتتى. قۇم توزانلىرى قاپـقـارا بۇلۇتتەك ئۇپۇقنى قاپلىۋالغان، دالانىڭ ئۈستىنى قويۇق تۇتەك باسقانىدى. قارا قويۇن ئاسمانغا ئۆرلەپ، كۈنىنـىڭ يۈـزىنى ئېتىۋالغانلىقتىن، نۇرى گۇڭگا ئىدى. شامـال شـىنېلنـىڭ پەشلىرىنى، ئاتلارنىڭ قۇيرۇقى بىلەن يايلىنى توزغىتاتتى. ئاتلار شامالغا ئارقىسىنى قىلىپ، ئورماننىڭ چېتىدە شالاڭ ئۆسكەن دوـلانا دەرەخلىرىنىڭ تۈۋىدىن پاناھ ئىزدەيتتى. قۇم توزانلىرى كۆزگە تىكەندەك سانجىلىپ، ياش ئاققۇزاتتى - دە، هـەتتـا يېقىندىـكى

يەرنى كۆرۈشمۇ تەس ئىدى.

گرىگورىي ئېتىنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى ۋە نەملەشكەن كۆز چاناقلىرىنى ئاۋايلاپ سۈرتتى، توربىسىنى بوينىغا ئاستى-دە، شىنېلىنىڭ ئېتىكىدە ئېتىغا بوغۇز بېرىۋاتقان كاپارىننىڭ قېشىغا كەلدى.

— ۋاي-ۋاي، توختاش ئۈچۈن تاللىغان جايىڭلار شۇمۇ؟ — دېدى ئۇ قامچىسى بىلەن ئورماننى كۆرسىتىپ.

كاپارىن ئىككى مۈرىسىنى قىستى.

— مەن بۇ ئەخمەققە ئېيتقانىدىم، ئەمما ئۇنىڭغا گەپ ئۇقتۇرغىلى بولامدۇ!

— دالادا ياكى يېزىنىڭ بىر چېتىدە توختاش كېرەك ئىدى.

— سىزىنىڭچە، ئورماننىڭ ئىچىدىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىش ئېھتىمالى بارمۇ؟

— ھەئە.

— دۈشمەن يىراقتا.

— دۈشمەننىڭ يېقىن يەردە بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۇلارنىڭ پىيادە ئەسكەر ئەمەسلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك.

— ئورمان تاقىر، بىر ئىش بولۇپ قالسا، كۆرەرمىز.

— قاراپ تۇرىدىغانغا ئادەم يوق، ھەممىسى دېگۈدەك ئۇخلىشىۋاتىدۇ، كۆزەتچىلەرمۇ ئۇخلاپ قالمىسىكەن دەپ قورقىمەن.

— ئۇلار تۈنۈگۈنكى مەستلىكتىن كېيىن ئوڭدا چۈشۈپ يېتىشىپتۇ. ئۇلارنى ھازىر پۈتىدىن سۆرەپمۇ ئويغىتالمايسەن، — دېدى كاپارىن پەس ئاۋازدا، بىر يېرى ئاغرىغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — بىز بۇنداق يېتەكچى بىلەن ھالاك بولىمىز. ئۇ پۈرۈپكىدەك بوش نەرسە ھەم ئەخمەق، ئەخمەق بولغاندىمۇ بۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىدىغىنى يوق! نېمىشقا سىز قوماندانلىقنى ئۆز

ئۈستىڭىزگە ئېلىشنى خالىمايسىز؟ كازاكلار سىزنى ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇلار سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن جان دەپ ئەگەشكەن بولاتتى.

— ماڭا بۇنىڭ كېرىكى يوق، مەن سىلەردە ئۇزاق تۇرالمايمەن، — گرىگورىي سوغۇقلا جاۋاب بەردى - دە، ئېھتىياتسىزلىق بىلەن سىرىنى ئېيتىپ تاشلىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئېتى تەرەپكە كەتتى.

كاپارىن ئېتىكىدىكى قالدۇق بوغۇزنى يەرگە تۆكۈۋېتىپ، گرىگورىينىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

— مېلېخوف، سىز بىلەمسىز، — دېدى ئۇ مېڭىپ كىلىۋېتىپ، بىر تال دولانا شېخىنى سۇندۇرۇپ، مۇدۇرلىرىنى بىر - بىر يۇلۇپ، — مەن ئويلايمەنكى، ئەگەر بىز ئوبلاستىنىڭ جەنۇبىدا قېچىپ يۈرگەن ماسلاكىنىڭ برىگادىسىغا ئوخشاش، سوۋېتكە قارشى چوڭ ھەربىي قىسىمغا قوشۇلۇۋالمىساق، ئۇ چاغدا ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلمەيمىز. بىز شۇ تەرەپكە يېرىپ ئۆتۈشىمىز لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىزنى بۇ يەردە يوقىتىدۇ.

— ھازىر دەريا تاشقىن، دوندىن ئۆتكىلى بولمايدۇ.

— ھازىر ئەمەس، سۇ پەسەيگەندە كېتىشىمىز لازىم. سىز باشقىچە پىكىردىمۇ؟

گرىگورىي بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، جاۋاب بەردى:

— توغرا، بۇ يەردىن كېتىش كېرەك. بۇ يەردە قىلىدىغان ھېچ ئىش يوق.

كاپارىن تېتىكلەشتى. ئۇ كازاكلار بىزنى قوللايدۇ دېگەن مۆلچەرنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقى توغرۇلۇق، ئەمدىلىكتە بولسا فومىننى ئىلاجىكى بار ئوكروكنى مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرمەي، چوڭراق بىر گۇرۇپپىغا قوشۇلۇۋېلىشقا دەۋەت قىلىش زۆرۈرلۈكى توغرۇلۇق ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆزلەپ كەتتى.

گرىگورىي ئۇنىڭ ۋالاقلاشلىرىنى ئاڭلاشتىن بىزار بولدى. ئۇ ئېتىنىغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇرۇپ، بوغۇزىنى يەپ بولۇش بىلەنلا تورۋىنى بويىنىدىن ئالدى، يۈگەن سالدى ۋە تۆشىنى تارتتى.

— بىز ھازىرلا يولغا چىقمايمىز، سىز بىكار ئالدىراۋاتىسىز، — دېدى كاپارىن.

— سىز ئەڭ ياخشىسى بېرىپ ئېتىڭىزنى تەييارلاڭ، ئۇنداق بولمىغاندا، ئېگەرلەشكە ئۈلگۈرەلمەي قالىسىز، — دەپ جاۋاب بەردى گرىگورىي.

كاپارىن ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ قويۇپ، يۈك ھارۋىسىنىڭ قېشىدا تۇرغان ئېتىنىڭ قېشىغا ماڭدى.

گرىگورىي ئېتىنى يېتىلەپ، فومىننىڭ قېشىغا كەلدى. فومىن ئاستىغا سالغان يۇڭ چەكمەنىنىڭ ئۈستىدە پۈتلىرىنى ئىككى تەرەپكە كېرىپ ياتقان پېتى پىشۇرۇلغان توخۇنىڭ قانىتىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن مىجىپ تۇراتتى. ئۇ گرىگورىيغا ئىشارەت بىلەن يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ، چەتكىرەك سۈرۈلدى.

— ئولتۇر، چۈشلۈك تاماق يەيمىز.

— چۈشلۈك تاماقنى قويۇپ تۇرۇپ، بۇ يەردىن كېتىش كېرەك، — دېدى گرىگورىي.

— ئاتلارغا نەرسە يېگۈزۈپ، ئاندىن يولغا چىقايلى.

— كېيىن يەم بەرسەكمۇ بولىدۇ.

— نېمانداق ئالدىراپ كېتىسەن؟ — فومىن قولىدىكى سۆڭەكنى چۆرۈۋېتىپ، قولىنى چەكمەنگە ئېرتتى.

— بۇ يەردە ئۇستىمىزگە بېسىپ كېلىدۇ. ئەپلىك جاي.

— قانداق شەيتان ئۇستىمىزدىن بېسىپ كېلىدىكەن؟ رازۋېتچىكلار بايىلا قايتىپ كەلدى. ئېدىردا ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ. ژۇراۋلېۋ بىزنى كۆزدىن يوقىتىپ قويغان ئوخ-

شايىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، ئاللىقاچان ئارقىمىزغا كىرىۋالغان
بولاتتى. بوكانوۋسكايادىن ئادەم كەلمەيدۇ، ئۇ يەردە مىخىي
پاۋلوف ھەربىي كومىسسار، ئۆزى جەڭگىۋار يىگىت، ئەمما كۈچى
ئاز، ئۇنىڭ بىز بىلەن مۇقابىل كېلىشى دەرگۇمان، ياخشىراق
ھاردۇق ئالايلى، مۇنۇ شامالمۇ كېچىككىنە پەسەيسۇن، ئاندىن سى-
لاششېۋسكايا تەرەپكە قاراپ يول ئالىمىز. ئولتۇر، توخۇ گۆشى
يە، نېمە تىكىلىپ تۇرىسەن؟ نېمانچە قورققاق بولۇپ قالغانسەن،
مېلېخوف، ئۇزاققا قالماي بىر تال دەرەخنى كۆرۈپ قالساڭ، سا-
يىسىدىن ئۆركۈپ، يىراق يول بىلەن ئايلىنىپ ئۆتىدىغان بولۇپ
قالىسەن!— فومىن قولى بىلەن چوڭ بىر دائىرە سىزىپ، قاقاق-
لاپ كۈلۈپ كەتتى.

گرىگورىي ئىچىدە مىڭنى تىللاپ، نېرى كەتتى، ئېتىنى
دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، شىنېلىنىڭ ئېتىكى بىلەن يۈزىنى شامال-
دىن دالدا قىلىپ، دەرەخنىڭ تۈۋىدە ياتتى. ئۇ شامالنىڭ ئىس-
قىرتىشى، بېشى ئۈستىدە ئېگىلىپ تۇرغان ئېگىز ئۆسكەن قۇرۇق
ئوت - چۆپنىڭ بىر مۇقامدا شىلدىرلىشى ئاستىدا ئۈگدەشكە
باشلىدى.

ئۇزاق تاتاتلاپ ئېتىلغان پىلىموت ئاۋازى ئۇنى چاچراپ
ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. بىر نۆۋەتتىكى ئوق ئېتىلىپ
بولماستىنلا گرىگورىي ئېتىنى دەرەختىن يېشىپ بولدى. فومىن
پۈتۈن ئاۋازى بىلەن: «ئاتلان!» — دەپ ۋارقىرىدى. ئوڭ تەرەپتە
ئورماننىڭ ئىچىدىن يەنە ئىككى - ئۈچ پىلىموت تاتاتلاشقا باش-
لىدى. گرىگورىي ئاتقا مىنىۋالغاندىن كېيىن دەرھال ۋەزىيەتنى
مۆلچەرلەپ كۆردى. ئوڭ تەرەپتىكى ئورماننىڭ ياقىسىدا چاڭ - توزان
ئارىسىدىن 50 چە قىزىل ئەسكەر ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى
غۇۋا كۆرۈندى، ئۇلار چاچما سەپ بولۇپ، ئېدىرغا چېكىنگەنلەر-
نىڭ يولىنى كېسىپ، ئاتاكىغا ئۆتكەنىدى. ئۇلارنىڭ بېشى ئۈس-

تىدە قىلىچلىرىنىڭ كۆكۈچ بىسلىرى كۈننىڭ غۇۋا نۇرىدا كۆز-
گە سەت كۆرۈنۈپ پارقىرايتتى. پىلىموتلار توپتوغرا ئورماندىن
ئېگىزلىكتىكى چاتقالدىن ئارقىمۇئارقا دىسكىلارنى بوشىتىپ ئال-
دىراش ئوق ياغدۇراتتى. سول تەرەپتىنمۇ يېرىم ئىسكادىرونچە
قىزىل ئەسكەر هاي - هايلىماستىن، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىتىپ،
مۇهاسىرە چەمبىرىكىنى بارغانسېرى كېڭەيتىپ، ئۇچقاندەك ئات
چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. پەقەت بىرلا چىقىش يولى قالغانىدى،
ئۇ بولسىمۇ: سول تەرەپتىن ئاتاكا قىلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ شا-
لاڭ سەپلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، دونغا قاراپ كېتىش. گرىگورىي
فومىنغا: «ئارقامدىن ئەگەش!» — دەپ ۋارقىرىدى - دە، قىلىچى-
نى يالىڭاچلاپ، ئېتىنى قويۇۋەتتى.

ئۇ 20 سارجىندەك ئات چاپتۇرۇپ ماڭغاندىن كېيىن ئارقىسى-
غا قايرىلىپ قارىدى. فومىن، كاپارىن، چۇماكوف ۋە باشقا بىر-
قانچە جەڭچىلەر ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن ئون سارجىندەك يەردە
جان - جەهلى بىلەن چېپىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئورماندىكى پىلىموت-
لار ئېتىشتىن توختىدى، پەقەت ئوڭ تەرەپتە ئەڭ چەتتىكى پىلى-
موت يۈك بېسىلغان هارۋىلارنىڭ قېشىدا پىتىرلاپ يۈرگەن فو-
مىنچىلارغا قىسقا - قىسقا ئوت ئېچىپ، ئۇلارنى قاتتىق ئوققا
تۇتۇۋاتاتتى. ئاخىرقى پىلىموتمۇ بىردىنلا جىمىقىپ قالدى - دە،
گرىگورىي قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ بايا ئۆزلىرى دەم ئېلىشقا توخ-
تىغان يەرگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ۋە ئارقا تەرەپتە هازىر
قىلىچ بىلەن چېپىش باشلانغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ بۇ ئەهۋال-
نى قىيا - چىيا ۋارقىراشتىن، مۇداپىئەلەنگۈچىلەرنىڭ شالاڭ ئوق
چىقىرىشلىرىدىن بىلىۋالدى. ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراشقا ئۇنىڭ
ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇ شىددەت بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ،
ئالدى تەرەپتىن چاچما سەپ بولۇپ كېلىۋاتقانلارغا يېقىنلاشقاچ
دەرهال زەربە بېرىش نىشانىنى تاللىدى. ئالدى تەرەپتىن كالتا

جۇۋا كىيگەن بىر قىزىل ئەسكەر چىپىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ
ئاستىدىكى كۆك بوز ئات ئۇنچىلىك چاپقۇر ئەمەس ئىكەن. گرىـ
گورىي چاقماق تېزلىكىدەك كۆز ئىلغىماس بىر لەھزە ئىچىدە
كۆپۈكتەك تەرگە پىشقان، كۆكرەك بېغىدا ئاق يۇلتۇزى بار ئاتـ
نى، شۇنىڭدەك قېنى قىزىپ كەتكەن، قىزىل يۈز نەۋجۇۋان ئاتـ
لىقنى ھەمدە ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى — دونغا قاراپ سوزۇلۇپ
كەتكەن دالانىڭ بىپايان خىرە يورۇقىنى كۆرۈپ ئۈلگۈردى...
ئەمدىكى بىرلەھزە ئىچىدە ئۆزىنى زەربىدىن چەتلىتىپ، قىلىچ
ئۇرغۇچىنىڭ ئۆزىنى چېپىپ تاشلاش لازىم ئىدى. ئاتلىقتىن بەش
سارجىن ئارىلىقتا گرىگورىي شارتلا سولغا يانتايدى ـ دە، بېشى
ئۈستىدە شىرت قىلىپ قالغان قىلىچ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا
دەرھال ئېگەر ئۈستىدە قەددىنى رۇسلاپ، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىـ
ۋاتقان قىزىل ئەسكەرنىڭ بېشىغا پەقەت ئۆز قىلىچىنىڭ ئۇچىـ
نىلا تەگكۈزۈپ ئۈلگۈردى. گرىگورىينىڭ قولى ئۆز زەربىسىنىڭ
كۈچىنى دېيەرلىك سەزمەيلا قالدى، ئەمما ئۇ ئارقىسىغا يالت
قىلىپ قاراپ، بېشى تۆۋەنلەپ، ئاتتىن ئاستا يىقىلىۋاتقان قىزىل
ئەسكەرنى، ئۇنىڭ سېرىق جۇۋىسىنىڭ دۈمبىسىگە ئېقىپ چۈشۈـ
ۋاتقان قويۇق قاننى كۆردى. كۆك بوز ئات سەكرەپ چېپىشتىن
توختاپ، ئەمدىلىكتە گويا ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈگەندەك، يېنىچە
تولغىنىپ، بېشىنى غەلىتە غادايتىپ، چوك ـ چوك دەسسەپ سوـ
كۇلداپ ماڭاتتى...

گرىگورىي ئېتىنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلىۋېلىپ، ئادەتلەنگەن
ھەرىكىتى بىلەن قىلىچىنى پەسكە چۈشۈردى. ئاتنىڭ بېشى ئۈسـ
تىدە ئوقلار چىرقىراپ ئۆتەتتى. ئاتنىڭ مەھكەم قىسىلغان قۇـ
لاقلىرى دىر ـ دىر تىترەيتتى، ئۇچلىرىدىن مونچاقتەك تەر تامـ
چىلايتتى. گرىگورىي پەقەت ئارقىسىدىن ئېتىلغان ئوقلارنىڭ چىـ
رىلدىغىنىنى ۋە ئاتنىڭ قىسقا ـ قىسقا ئىنىدىكىپ نەپەس ئالغانـ

لىقنى ئاڭلايتتى. ئۇ ئارقىسىغا يەنە بىر قاراپ، فومىن بىلەن چۇماكوفنى كۆردى، بۇلاردىن 50 سارجىن كەينىدە كاپاردىن چىپىپ كېلىۋاتاتتى، بۇلارنىڭمۇ كەينىدە 2 - ۋىزۋوتنىڭ بىر جەڭچىسى — ئاقساق سىنتىبرلەدنىكوف ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئۈستىگە بېسىپ كەلگەن ئىككى قىزىل ئەسكەرنىڭ زەربىسىنى قايتۇرۇۋاتاتتى. قالغان فومىنغا ئەگىشىپ تېز كېلىۋاتقان سەككىز - توققۇز ئادەمنىڭ ھەممىسى قىرىپ تاشلانغان. مىنىپ كەلگەن ئىگىسىدىن ئايرىلغان ئاتلار قۇيرۇقلىرىنى شامالدا تۇزغۇتقان ھالدا ھەر تەرەپكە چېپىپ كېتىشىۋاتاتتى. قىزىل ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇتۇۋېلىشتى. پەقەت فومىننىڭ جەڭچىسى پىرىستكوفنىڭ ئېگىز توروق ئېتى خارقىرىغان پېتى كاپاردىنىڭ ئېتى بىلەن يانمۇيان چېپىپ كېلىۋاتاتتى، ئۈستىدىكى ئىگىسى يىقىلغاندا پۇتى ئۈزەڭگىگە ئىلىنىپ قالغانلىقتىن، ئۆلۈك پېتى سۆرىلىپ كېلىۋاتاتتى.

قۇملۇق ئېدىرنىڭ كەينىگە ئۆتكەندە گرىگورىي ئېتىنى توختىتىپ، ئېگەردىن سەكرەپ چۈشتى، قىلىچىنى غىلاپقا سالدى. ئېتىنى ياتقۇزۇش ئۈچۈن بىرنەچچە سېكۇنتلا ۋاقىت كەتتى. گرىگورىي ئېتىنى بۇ ئادىتى ئىشقا بىر ھەپتە ئىچىدە ئۆگەتكەنىدى. ئۇ ئاتنىڭ دالدىسىدا بىر تىزىق ئوقنى ئېتىپ تۈگەتتى، ئەمما ئالدىراشچىلىقتا ۋە دەككە - دۈككە ئىچىدە توغرا نىشانغا ئالالمىغانىدى، پەقەت ئاخىرقى ئېتىلغان بىر پاي ئوق قىزىل ئەسكەرنىڭ ئاستىدىكى ئاتنى غۇلاتتى. بۇ ھال بەشىنچى فومىنچىنىڭ قوغلاشتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىغا ئىمكان بەردى.

— ئاتىقا مىن! تۈگىشىسەن! — دەپ ۋارقىرىدى فومىن گرىگورىينىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ.

باندا تولۇق تارمار بولۇپ كەتتى. پۈتۈن باندىدىن پەقەت بەش ئادەم ئامان قالدى. قىزىل ئەسكەرلەر ئۇلارنى ئانتونوۋىسكى يېزىسىغىچە قوغلاپ كەلگەن بولۇپ، پەقەت بەش قاچقۇن يېزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئورمانىنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋالغاندىن كېيىنلا قوغلاشنى توختاتتى.

قېچىپ كېلىۋاتقان ۋاقىت ئىچىدە بەشەيلەندىن ھېچكىم بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى.

بىر ئۆستەڭنىڭ قېشىدا كاپارىنىنىڭ ئېتى يىقىلدى - دە، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇشالمىدى. قالغان ئادەملەرنىڭ ئاستىدىكى ئاتلارمۇ مادارى قۇرۇغانلىقتىن، يەرگە ئاپئاق قويۇق كۆپۈكلەرنى تۆكۈپ، ئىككى يانغا تەۋرىنىپ، پۇتلىرىنى ئاران - ئاران يۆتكەپ كېلەتتى.

— سەن ئەترەتكە قوماندانلىق قىلىشتىن كۆرە پادا باقساڭ بولىدىكەن! — دېدى گرىگورىي ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ، فومىنغا قارىماستىن.

فومىن ئۈنچىقماستىن ئاتتىن چۈشتى، ئاتنىڭ ئېگىرىنى ئالماقچى بولدىيۇ، ئەمما ئېگەرنى ئالماستىن بىر چەتكە بېرىپ قىرىققۇلاق ئۆسكەن دۆمبەنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردى.

— قانداق قىلارمىز، ئەمدى ئاتلارنى تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى ئۇ ۋەھىمە بىلەن ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ.

— ئۇندىن كېيىنچۇ؟ — دەپ سورىدى چۇماكوف.

— نېرىقى تەرەپكە پىيادە ئۆتۈۋېلىش كېرەك.

— قەيەرگە؟

— كەچ كىرگۈچە ئورمانلىڭ ئىچىدە تۇرۇپ تۇرىمىز، گۈگۈم چۈشۈش بىلەنلا دوندىن ئۆتىمىز - دە، ئاۋۋالقى مەزگىلدە رۇبېژنىيدا جان ساقلايمىز، ئۇ يەردە مېنىڭ تۇغقانلىرىم كۆپ.

— يەنە بىر ئەخمىقانىلىك! — دېدى كاپارىن قەھىر بىلەن ۋارقىراپ، — سېنىڭ پەرىزىڭچە، سېنى ئۇ يەردە ئىزدىمەمدىكەن؟ سېنى ھازىر نەق ئاشۇ يېزاڭدا كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ! سەن نېمىنى ئويلاۋاتىسەن؟

— ئەمىسە، نەگە بېرىپ كۆزدىن يوقىلىمىز؟ — دەپ سورىدى فومىن ساراسىمە بولۇپ.

گىرىگورىي ئېگەرنىڭ خۇرجۇنىدىن پاترونلارنى ۋە بىر پارچە نان ئېلىۋېتىپ، دېدى:

— سىلەر يەنە قانچە ۋاقىت سودىلىشىپ تۇرىسىلەر؟ كەتتۇق! ئاتلارنى باغلاڭلار، ئېگەر - جابدۇقلىرىنى ئېلىپ، يولغا مېڭىڭلار، ئۇنداق بولمىغاندا، بىزنى مۇشۇ يەردىلا قولغا چۈشۈرۈپ كېتىدۇ.

چۇماكوف قامچىسىنى يەرگە تاشلاپ، ئۇنى پۇتى بىلەن لايغا تەپتى - دە، تىترىگەن ئاۋاز بىلەن دېدى:

— مانا، بىز ئەمدى پىيادە بولۇپ قالدۇق... يىگىتلىرىمىز تامامەن يەر قۇچتى... ھەي، مەريەم ئانا، ئۇلار بىزنى تىرىكپىرەن قىلىۋەتتى! مەن بۈگۈن تىرىكلەرنىڭ ئىچىدە قالىمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم... ئەجەل كۆز ئالدىمىدىلا ئىدى...

ئۇلار ئۈنچىقماستىن ئاتلارنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىنى ئېلىشتى، تۆت ئاتنىڭ ھەممىسىنى بىر تۈپ ئۇلغا دەرەخكە باغلىدى، ئاندىن بۆرىدەك ئارقىمۇئارقا بىر ئىزدا تىزىلىشىپ، ئېگەرلەرنى قولتۇقلىغان پېتى قېلىن چاتقاللىقنىڭ ئارىسى بىلەن دونغا قاراپ مېڭىشتى.

## 14

باھاردا، دونغا كەلكۈن كېلىپ، تاشقىندىن يامرىغان سۇ دەريا ياقىسىدىكى پۈتۈن ئوتلاقنى باسقاندا، رۇبېژنىي يېزىسىنىڭ ئۇدۇلىدا سول ياقتىكى ئېگىز قىرغاقتا كىچىككىنە بىر پارچە يەر تاشقىندىن ئامان قالدى.

باھاردا، تاشقىن ۋاقتىدا دون بويى تاغلىرىدىن ياش سۆگەتلەر، ئەمەن دەرەخلىرى ۋە قارا سۆگەتنىڭ باراقسان غوللىرى قېلىن ئۆسكەن ئارال يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

يازدا ئۇ يەردىكى دەرەخلەرنىڭ قاق ئۇچلىرىغىچە ياۋا قۇلماق چىرمىشىپ چىقىدۇ. تۆۋەندە يەر يۈزىنى ئارىسىدىن ئۆتكىلى بولمايدىغان تىكەنلىك ئىت ئۈزۈمى قاپلاپ كەتكەن، ئاچ كۆك ھەشقىپىچەكلەر دەرەخ غوللىرىغا يامىشىپ، چىڭگىلىكلەشكەن، مۇنبەت تۇپراقتىن ئۇزۇقلانغان قېلىن ئوت - چۆپ بەزى يەرلەردە ئادەم بويىدىنمۇ ئېگىزرەك ئۆسكەن.

يازدا ھەتتا چۈش ۋاقتىدىمۇ ئورماننىڭ ئىچى جىمجىت، قاراڭغۇ، سالقىن بولىدۇ. پەقەت تورۇلغىلار سۈكۈناتنى بۇزىدۇ ۋە كاككۇكلار كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ قانچىلىك ئۆمرى قالغانلىقىنى بەس - بەستە سانىشىدۇ. قىش كۈنلىرى بولسا ئورمان بوپبوش، يالىڭاچ، جىمجىت بولۇپ قالىدۇ. دەرەخنىڭ ئۇچلىرى ئېقىش قىش ئاسمىنىنىڭ ئوچۇقچىلىقىدا قارىيىپ كۆرۈنىدۇ. پەقەت بۆرە كۈچۈكلىرىلا دەرەخ قويۇق جايلاردا قار باسقان قوراي ئارىسىدا كۈن بويى دەم ئېلىپ، يىللار داۋامىدا ئىشەنچلىك باشپاناھ تاپىدۇ.

فومىن، گرىگورىي مېلېخوف ۋە فومىن باندىسىنىڭ تىرىك

قالغان قالدۇقلىرى مۇشۇ ئارالغا ماكانلاشتى. ئۇلار ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزەتتى: قومنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنى كېچىسى قېيىق بىلەن يەتكۈزۈپ بەرگەن يوقسۇل تاماقلىرى بىلەن ئوزۇقلىناتتى، تويغۇدەك تاماق يېيەلمەيتتى، ئەمما ئېگەرلەرنى بېشىغا ياستۇق قىلىپ قويۇپ، خالىغانچە ئۇخلىشاتتى. كېچىلىرى نۆۋەت بىلەن قاراۋۇللۇقتا تۇرۇشاتتى. تۇرغان يېرىنى بىرەرى بىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئوت يېقىشمايتتى.

تاشقىن سۇ ئارالنى ئايلىنىپ ئېقىپ، جەنۇبقا شىددەت بىلەن يۈگۈرەيتتى. ئۇ يولنى توسقان قېرى تېرەكلەرنىڭ ئارىلىقلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ھەيۋەتلىك گۈرۈلدەيتتى - دە، ئۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن تاشقىن باسقان دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىنى تەۋرىتىپ، بىر مۇقامدا شىلدىرلاپ، ئاستا ناۋا كۈيلەيتتى.

سۇنىڭ يېقىن يەردىكى تىنىمسىز شاۋقۇنىغا گىرىگورىي تېز كۆنۈكۈپ قالدى. ئۇ تىك قىرغاقنىڭ يېنىدا ئۇزاققىچە يېتىپ، سۇنىڭ چەكسىز كەتكەن بوشلۇقىغا، بىنەپشە رەڭ تۇتەپ تۇرغان قۇياش شولىسىغا چۆمگەن دون بويى تاغلىرىنىڭ گەج تىزمىلىرىغا قارايتتى. ئاشۇ بىنەپشە رەڭ يۇپقا تۇمانىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە جانىجان يېزىسى، ئاكسىنىيە، بالىلىرى بار... ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئوي - پىكىرلىرى شۇ ياققا ئۇچاتتى. ئۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئەسكە ئالغان ھامان ۋوجۇدى لاپپىدە ئوت ئېلىپ سېغىنىش ئوتى يۈرىكىنى كۆيدۈرەتتى، مىخايىلغا بولغان ئىچكى ئاداۋەت ئوغىسىنى قايىنىتاتتى، ئەمما ئۇ بۇ ھېس - تۇيغۇلىرىنى بېسىپ، ئارتۇقچە ئەسلەشلەرگە بېرىلمەسلىك ئۈچۈن دون بويى تاغلىرىغا قارىماسلىققا تىرىشاتتى. بۇنداق ئاچچىق ئوي - پىكىرلەرگە ئەرك بېرىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. بۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ تارتىۋاتقان دەرد - ھەسرىتى

ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ، بۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ كۆكرىكى شۇنداق ئاغرىيدۇكى، بەزىدە ھەتتا يۈرەكىنىڭ قېپى يېرىلغاندەك، سوقماي قالغاندەك، قان ئېقمىلا تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. جەڭدە قانچە ـ قانچە قېتىم يارىدار بولۇش، ئۇرۇشنىڭ ئېغىر كۈنلىرى ۋە كېزىك كېسىلى ئۆز ئىشىنى قىلغاندەك قىلاتتى: گرىگورىي ھەر مىنۇت يۈرىكىنىڭ زېرىكىشلىك دۈپۈلدەيدىغانلىقىنى ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە كۆكرىكىدە قاتتىق سانجىق پەيدا بولۇپ، سول ئەمچىكىنىڭ ئاستى شۇنداق دەھشەتلىك ئاغرىشقا باشلايتتىكى، بىردەمدىلا لەۋلىرى قۇرۇپ، ئىڭراشتىن ئۆزىنى تەسلىكتە ساقلاپ قالاتتى. ئەمما ئۇ ئاغرىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇنۇملۇك چارىسىنى تاپتى: سول كۆكرىكىنى ئاستىغا بېسىپ، نەم يەرگە يېتىۋالاتتى ياكى كۆڭلىكىنى سوغۇق سۇغا چىلايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاغرىق ئاستا ـ ئاستا قويۇۋېتەتتى.

ھاۋا ئوچۇق، شامالسىز كۈنلەر ئۆتۈۋاتاتتى، پەقەت ئاندا ـ ساندىلا سۈزۈك ئاسماندا ھاۋانىڭ قەرىدە شامال توزغۇتقان ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ ئۆتەتتى، ئۇلارنىڭ كۆلەڭگىسى تاشقىن سۇدا ئاققۇدەك تىزلىپ سىيپىلاپ ماڭاتتى ـ دە، يىراقتىكى قىرغاقتا ئۇرۇلۇش بىلەنلا كۆزدىن غايىب بولاتتى.

قىرغاقتىكى جۇش ئۇرۇپ ئاققان شارقىراتمىنىڭ ئاپئاق يايلىغا قاراپ تۇرۇش، سۇنىڭ تۈرلۈك ئاھاڭدىكى نەغمىسىگە قۇلاق سېلىش، ھېچنېمىنى ئويلىماسلىق، كىشىنى ئازابقا سالىدىغان نەرسىنى ئويلىماسلىققا تىرىشىش ياخشى ئىش ئىكەن. گرىگورىي ئاشۇ تېز ئېقىمنىڭ باش ـ ئايىغى يوق، تۈرلۈك ـ تۈمەن جىمجىمدار مەنزىرىسىگە نەچچە سائەتلەپ قاراپ كېتەتتى. جىڭگىلىك ئېقىن ئۆز شەكلىنى مىنۇتسىرى ئۆزگەرتەتتى: بايىلا قومۇشنىڭ شاخ ـ شۇمبىلىرىنى، يانجىلغان ياپراقلارنى ۋە ئوت-چۆپلەرنىڭ يىلتىزلىرىنى لەيلىتىپ، تۇپتۇز ئاققان ئېقىن

بىر مىنۇت ئۆتكەندە ئاجايىپ بىر چوڭقۇر، چاق ھاسىل قىلاتتى ـ
دە، يېنىدىن ئېقىپ ئۆتكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەشنالىق
بىلەن ئىچىگە سۈمۈرەتتى، يەنە بىرئازدىن كېيىن ئاشۇ چوڭ ـ
قۇرچاق ئورنىدا پىرقىراپ لاي سۇ قاينىمى پەيدا بولاتتى ـ دە،
بىردەم چىرىپ كەتكەن قمياق يىلتىزىنى، بىردەم يالپاقلانغان
ئەمەن ياپراقلىرىنى، بىردەم نەدىن ئېقىپ كەلگەنلىكى نامە ـ
لۇم بىر تۇتام سامانىنى سۇ يۈزىگە چىقىرىپ تاشلايتتى.
كەچقۇرۇنلىرى غەربتە قىپقىزىل شەپەق ئوتتەك لاۋۇلداپ
تۇراتتى. ئېگىز تېرەكنىڭ ئارقىسىدىن ئاي كۆتۈرۈلەتتى. دونغا
ئاپئاق سالقىن ئايدىڭ چۈشۈش بىلەنلا شامال سۇنى ئۇششاق
دولقۇن بىلەن مەۋجلەندۈرگەن يەردە ئاشۇ ئاي شولىسى قارام ـ
تۇل تۈستە جىلۋىلىنەتتى، كېچىلىرى ئارال ئۈستىدە شىمالغا
ئۇچۇپ ئۆتكەن سان ـ ساناقسىز غازلارنىڭ قاقىرلىشى سۇنىڭ
شاۋقۇنى بىلەن قوشۇلۇپ، تىنىمسىز جاراڭلايتتى. ھېچكىمسىدىن
ئەندىشىسى يوق قۇشلار تولا چاغلاردا ئارالنىڭ ئىرىسىغا شەرق
تەرەپتىن كېلىپ قوناتتى. ئارامبەخش سۇدا، تاشقىن باسقان
ئورمان ئىچىدە ئەركەك ئۆردەكلەر بىر ـ بىرىنى چاقىرىشىپ
ئۈنلىشىدۇ، ئانا ئۆردەكلەر قىرقىلدايدۇ، قارچىغىلار بىلەن غازلار
ئاۋاز قوشۇپ، ئاستا گوگۇكلىشىدۇ. بىر كۈنى گرىگورىي ئۈن ـ
تىۋىشسىز قىرغاققا يېقىنلىشىپ كېلىپ، ئارالغا يېقىن يەرگە
قونغان بىر توپ ئاققۇنى كۆردى. تېخى كۈن چىقمىغانىدى.
يىراقتىكى قاتار تىزىلغان ئورماننىڭ ئارقىسىدىن تاڭ شەپقى
لاۋۇلداپ قىزىرىپ تۇراتتى. شەپەقنىڭ شولىسى سۇغا چۈش ـ
كەنلىكتىن، سۇنىڭ يۈزى ھال رەڭ تۈسكە كىرگەن، شۇنىڭدەك
جىمجىت سۇنىڭ لېۋىدە بوينىنى مەغرۇرانە شەرققە بۇراپ
ئولتۇرغان ئۇلۇغۋار قۇشلارمۇ خۇددى شۇنداق ھال رەڭ كۆرۈ ـ
نەتتى. ئۇلار قىرغاقتىكى شىلدىرلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قېلىپ،

كانايدەك جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن قاقىلداپ، كۆككە پەرۋاز قىلدى. ئۇلار ئورمانىڭ يۇقىرىسىغا چىققاندا گرىگورىينىڭ كۆزىگە ئۇلارنىڭ قاردەك ئاپئاق پەرلىرى كارامەت ۋالىلداپ كەتتى.

فومىن ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ۋاقتىنى ئۆز ئالدىغا بىرەر مەشغۇلات بىلەن ئۆتكۈزەتتى: تۇرمۇش ئىشىغا پۇختا ستېرلەدنىكوف ئاقساق پۇتىنى ئەپلىك يەرگە قويۇۋېلىپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە كىيىم - كېچەك ۋە ئاياغ كىيىمىنى يامايتتى، قورال - ياراغلارنى كۆڭۈل قويۇپ تازىلايتتى. كاپارىن نەم يەردە كېچىنى ئۆتكۈزۈشتىن ھۇزۇر ئالالمايتتى، شۇڭا كۈندۈزى بېشىنى كالتا جۇۋىسىغا يۆركەپ، كۈن بويى قاتتىق يۆتىلىپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتاتتى؛ فومىن بىلەن چۇماكوف قەغەزنى قىيىپ، قارتا ياسىۋالغان بولۇپ، ھېرىش - چارچاشنى بىلمەستىن ئوينىشاتتى؛ گرىگورىي ئارالنى ئايلىنىپ، سۇ بويىدا ئۇزاق ئولتۇراتتى. ئۇلار ئۆزئارا كەمدىن كەم سۆزلىشەتتى، چۈنكى ئارىلىرىدىكى گەپ - سۆز ئاللىقاچان ئېيتىلىپ بولغانىدى، پەقەت تاماق ۋاقتىدا، كەچقۇرۇنلىرى فومىننىڭ ھېلىقى تۇغقىنىنى كۈتكەن مەزگىللىدىلا بىر يەرگە جەم بولاتتى. بۇلار قاتتىق زېرىككەنىدى، بۇ ئارالدا ھايات كەچۈرۈشكە باشلىغاندىن بۇيان گرىگورىي پەقەت بىر قېتىم چۇماكوف بىلەن ستېرلەدنىكوفنىڭ نېمىشقىدۇر تۇيۇقسىز كۆڭلى ئېچىلىپ، بىر - بىرى بىلەن بەل تۇتۇپ چېلىشقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئۇزاققىچە بىر ئورۇندا دەسسىنىپ، ئىنجىقلاپ، بىر - بىرىگە قىسقا چاقچاق سۆزلەرنى ياغدۇرۇشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ پۇتلىرى ئاق ئەشمە قۇمغا توپۇقىغىچە پاتاتتى. ئاقساق ستېرلەدنىكوفنىڭ كۈچلۈكرەك ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئەمما چۇماكوف چاققانلىقتا ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇلار كەمەرنىڭ

ئۈستىدىن تۇتۇپ، مۈرىسىنى ئالدىغا چىقىرىپ، بىر - بىرىنىڭ پۇتلىرىغا دىققەت قىلىشىپ، قالماقچە چېلىشتى. ئۇلار بەك كۈچەنگەنلىكتىن يۈزلىرى تۈگۈلۈپ، ئاقىرىشقا باشلىدى، قاتتىق ھاسىراپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشتى. گرىگورىي چېلىشقا قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇردى. گرىگورىي چۇماكوۋنىڭ ئەپلىك پەيتنى تاللاپ تۇرۇپ، تۇيۇقسىز ئارقىسىغا شىددەت بىلەن قايتىپ، رەقىبىنى چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىگە تارتىپ، پۈكۈلگەن تىزى بىلەن بېقىنىدىن ئاشۇرۇپ يەرگە تاشلىغانلىقىنى كۆردى. بىر سېكۇنتتىن كېيىن ئاغمىخاندەك چاققان چۇماكوۋ ستېرلەد-نىكوۋنىڭ تاغىقىنى قۇمغا بېسىپ، ئۈستىدە ياتتى، ھاسىراپ دېمىنى ئالالماي قالغان ستېرلەدنىكوۋ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھەي، لەنىتى قۇزغۇن! بىر - بىرىمىزنى باشتىن ئارتىلدۇرۇپ يەرگە تاشلىمايمىز دەپ كېلىشكەن ئەمەسمۇ؟...» — دەپ خىرىلدىدى.

— چۈجە خورازلار، شۇ تۇتۇشۇپ قالغىنىڭلارمۇ يېتەر، بولمىسا ھازىرلا ئۇرۇشۇپ قالىسىلەر، — دېدى فومىن.

ياق، ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئۇرۇشۇپ قالىدىغان تۈرى يوق ئىدى. ئەمدى دوستانە قۇچاقلىشىپ، قۇمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى، ئاندىن چۇماكوۋ پەس، ئەمما يېقىملىق بوم ئاۋاز بىلەن بىر رەقس كۈيىنى كۈيلەشكە باشلىدى:

ئەي سوغۇق، ئەي قەھرىتان!
نېمانچە قەھرىڭلار يامان.
قۇمۇشلۇقتا كۆك بۆرە،
راۋاقتا قىز قاقشىغان...

ستېرلەدنىكوۋ ئىنچىكە زىل ئاۋاز بىلەن ناخشىغا جور بولدى - دە، ئىككىسى ماسلىشىپ، كۈتۈلمىگەندە كارامەت كۈيلەپ كېتىشتى:

پېشايۋانغا چىققىن قىز،
قارا جۇۋا قولىدا.
ياپتى ئاتلىق جەكچىگە
شۇ جۇۋىنى ھويلىدا...

ستېرلەدنىكوف چىداپ تۇرالمىدى: ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، بارماقلىرىنى قارسىلدىتىپ، ئاقساق پۇتى بىلەن قوم كۆرەپ، ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى. چۇماكوف ناخشىنى ئۈزۈپ قويماستىن، قىلچىنى ئېلىپ، قومنى كولاپ، تېيىز بىر ئورا قازغاندىن كېيىن دېدى:

— توختاپ تۇر، توكۇر شەيتان! سېنىڭ بىر پۇتۇڭ قىسقىراق، ساڭا تۈز يەردە ئۇسسۇل ئويناش ئەپسىز... شۇڭا سەن قىيا تاغ باغرىدا ياكى بولمىسا ئۇزۇن پۇتۇڭنى ئورىغا تىقىپ تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىشىڭ كېرەك. قېنى، ئۇزۇن پۇتۇڭنى ئورىغا كىرگۈزۈپ، مېڭىپ باققىنا. كارامەت ياخشى ئوينايسەن... قېنى. باشلىدۇق!...

ستېرلەدنىكوف ماڭلىيىدىكى تەرىنى ئېرتىپ، ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىپ، ساق پۇتىنى ئورىغا چۈشۈردى.

— دېگەندەك، ماڭا تازا ئەپلىك بولىدىكەن، — دېدى ئۇ.

چۇماكوف تېلىقىپ كۈلۈپ، چاۋاك چېلىپ كەتتى - دە، ناخشىنى تېز سۈرئەتتە كۈيلىدى:

يولۇڭ چۈشسە — كىرىپ ئۆت،
قېشىمغا سەن ئەي بەرنا،
ئەگەر كىرسەڭ ئۆيۈمگە،
سۆيۈپ قوياي مەن راسا...

ستېرلەدنىكوفمۇ بارلىق ئۇسسۇلچىلارغا ئوخشاش چىرايىدىكى جىددىيلىكنى بۇزماستىن، چاققانلىق بىلەن ئويناشقا باشلىدى.

ھەتتا بىر نۆۋەت زوڭ ئولتۇرۇپ ئويناپ باقتى.

كۈنلەر بىر خىل ئۆتۈۋاتاتتى. قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا فومىننىڭ ئىنىسى قاچان كېلەركىن دەپ، سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈشەتتى. بەشەيلەن قىرغاقنىڭ بويىغا يىغىلىشىپ، پەس ئاۋاز بىلەن پاراڭدىشاتتى، تاماكا چەككەندە، ئوتنى شىنېلىنىڭ ئېتىكى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ چېكەتتى. ئۇلار ئارالدا يەنە بىر ھەپتە تۇرۇپ، ئۇندىن كېيىن كېچىدە دوننىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىشقا، ئۇ يەردىن ئات تېپىپ جەنۇبقا كېتىشكە قارار قىلىشتى. مىش - مىشلەرگە قارىغاندا، ئوكروكنىڭ جەنۇبىدىكى بىر يەردە ماسلاكىنىڭ باندىسى ھەرىكەتلىنىپ يۈرگەنمىش.

فومىن ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىغا يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ قايسىسىدا مىنىشكە يارايدىغان ئات بارلىقىنى بىلىپ بېرىشنى تاپشۇردى ھەمدە ئوكروكتا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ھەر كۈنى خەۋەر قىلىپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى. بۇلارغا يەتكۈزۈلگەن خەۋەرلەر كۆڭۈلنى تەسكىن تاپتۇردى: فومىننى دوننىڭ سول تەرىپىدىن ئىزدىشىپتۇ؛ قىزىل ئەسكەرلەر رۇبېژنىيغا بارغان بولسىمۇ، فومىننىڭ ئۆيىنى تىنتىش قىلغاندىن كېيىن دەرھال كېتىشىپتۇ.

— بۇ يەردىن تېزرەك كېتىش كېرەك. بۇ يەردە ئولتۇ- رۇۋېرىشكە جان تۇشامدۇ؟ ئەتىلا يولغا چىقساق قانداق؟ — دېدى چۇماكوف بىر كۈنى ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا.

— ئاۋۋال نەدە ئات بارلىقىنى چارلاپ بېقىش كېرەك، — دېدى فومىن، — نېمىگە ئالدىرايمىز؟ ئەگەر ئوبدانراق يەيدىغان نەرسە ئەكىلىپ تۇرغان بولسا — قىشقىچە مۇشۇنداق كۈن ئۆتكۈزۈپ تۇرساقمۇ بولاتتى. قاراڭلار، ئەتراپ نېمىدېگەن گۈزەل! دەم ئالايلى — كېيىن يەنە ئىشقا كىرىشىمىز. مەيلى، ئۇلار بىزنى قولغا چۈشۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىپ كۆرسۇن، بىزمۇ ئاسانلىقچە تۇتۇق بەرمەسمىز. پۇشايماننى ئېلىشقا قاچا يوق،

مېنىڭ ئەخمەقلىكىم تۈپەيلى، بىزنى ئۇلار بىتچىت قىلىپ
تاشلىدى، بۇ، ئەلۋەتتە، كىشىگە ئەلەم قىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭ
بىلەن ھەممە ئىش تۈگىدى دېمەيمىز. بىز يەنە خەلقنى
توپلايمىز! بىز ئاتقا مىنىش بىلەنلا يېقىن يېزىلاردىن يېرىپ
ئۆتىمىز، بىر ھەپتىدىن كېيىن بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا 50
ئادەم بولىدۇ، ئۇندىن كېيىن 100 گە يېتىدۇ. ئادەمنى كۆپەيتىمىز،
خۇدا بۇيرۇسا!

— بىمەنە گەپ! ئەخمىقانە مەنمەنلىك! — دېدى كاپارىن
تېرىكىپ، — كازاكلار بىزگە خائىنلىق قىلدى، ئارقىمىزدىن
ئەگەشمىدى، بۇندىن كېيىنمۇ ئەگەشمەيدۇ. ئەخمىقانە ئۈمىد
بىلەن ئۆزىمىزنى ئالدىماي، جاسارەتلىك بولۇپ، ھەقىقەتكە
توغرا قاراش كېرەك.

— قانداقچە ئەگەشمەيدۇ؟

— مانا مۇنداق، باشتا ئەگەشمىگەنىكەن، ھازىرمۇ
ئەگەشمەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا، يەنە قاراپ باقارمىز! — دېدى فومىن
يامان ئەلپاز بىلەن، — مەن قورال تاشلىمايمەن!

— بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ، — دېدى كاپارىن
ھارغىنلىق بىلەن.

— قاپاقباش! — دەپ قەھر بىلەن ۋارقىرىدى فومىن
زەردىسى قايناپ، — سەن نېمىشقا بۇ يەردە ۋەھىمە تارقىتىسەن؟
سەن كۆز يېشىڭ بىلەن سېسىق سامساقتىنمۇ بەتتەر كۆڭلۈمگە
تەگدىڭ! ئۇنداق بولسا باشتا بىھۇدە ئىشقا نېمىشقا كىرىشتىڭ؟
نېمىشقا قوزغىلاڭ كۆتۈرگۈزدۈڭ؟ ئۈچىيىڭ بۇنداق ئاجىز بولىدى-
غان بولسا، ھالىڭغا باقماي نېمىشقا قىستۇرۇلۇۋالدىڭ؟ سەن
مېنى قوزغىلاڭغا بىرىنچى بولۇپ كۈشكۈرتتىڭ،

ئەمدى بولسا قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالامسەن؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟

— سەن بىلەن سۆزلىشىدىغان گېپىم يوق، يوقال قېشىمدىن ئەخمەق! — كاپارىن ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى - دە، كالتە جۇۋىسىغا يۆگىنىپ، ياقىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، نېرى كەتتى.

— ئىسىلزادە كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تېرىسى مۇشۇنداق يۇپقا بولىدۇ. كىچىككىنە شامال چىقسا بەرداشلىق بېرەلمەي، يىرىكلەيدۇ...، — دېدى فومىن خۇرسىنىپ.

ئۇلار ئۈنچىقماستىن، سۇنىڭ بىر تىكىس ۋە قاتتىق گۈرۈلدىشىگە قۇلاق سېلىپ خېلىغىچە ئولتۇرۇشتى. بىر جۈپ ئەركەك ئۆردەك قوغلاپ كېتىۋاتقان بىر چىشى ئۆردەك قاتتىق قىقىرلاپ ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. بىر توپ قارىغۇجا بەس - بەستە چىرىلدىشىپ، چىملىقنىڭ ئۈستىگە تۆۋەنلەپ چۈشتىيۇ، ئەمما ئادەملەرنى كۆرۈپ، يەنە يۇقىرىغا پەرۋاز قىلدى - دە، ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ قارا ئاغامچىدەك بۇرۇلۇپ كەتتى.

بىرئازدىن كېيىن كاپارىن يەنە يېقىن كەلدى.

— مەن بۈگۈن يېزىغا بارماقچىمەن، — دېدى ئۇ فومىنغا قاراپ، پات - پات كۆزىنى پىلدىرلىتىپ.

— نېمىشقا؟

— قىزىق سوئال! كۆرمەيۋاتامسەن، ماڭا قاتتىق سوغۇق تەگكەنلىكىنى، پۈتۈمنىڭ ماڭغۇچلىقى قالمىدىغۇ؟

— خوش، شۇنداقمۇ؟ يېزىغا بارساڭ زۇكامدىن ساقىيىپ كېتەمسەن؟ — فومىن ئاچچىقلانماي، سالماقلىق بىلەن سورىدى.

— مەن بىرنەچچە كېچىنى بولسىمۇ، ئىسسىق يەردە ئۆتكۈزۈشۈم لازىم.

— ھېچ يەرگە بارمايسەن، — دېدى فومىن قەتئىي تۈردە.
— ئۇنداق بولسا، مۇشۇ يەردە ئۆلەمدىمەن؟
— قانداق قىلساڭ قىل.
— نېمىشقا بارالمايدىكەنمەن؟ مۇشۇنداق سوغۇقتا تۈننى ئۆتكۈزۈش جېنىمنى ئالىدىغۇ!
— سېنى يېزىدا تۇتۇۋېلىشسا، قانداق قىلىسەن؟ بىزنى سەن ئويلىدىڭمۇ؟ ئۇ چاغدا بىزنىڭ ھەممىمىزنىڭ جېنىنى ئالىدۇ ياكى مەن سېنى بىلمەيدىغان ئادەممۇ؟ بىرىنچى سوراقتىلا سەن بىزنى تۇتۇپ بېرىسەن! تېخى سوراق سورايدىغان يەرگە يېتىپ بارماستىنلا، ۋېشكىنىڭ يولىدا كېتىۋېتىپ تۇتۇپ بېرىسەن!
چۇماكوف كۈلۈۋەتتى-دە، ماڭقۇلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ فومىننىڭ سۆزىگە پۈتۈنلەي قوشۇلغانىدى، ئەمما كاپارىن تەرسالىق بىلەن دېدى:
— مېنىڭ بېرىشىم كېرەك. سېنىڭ ئاقىلانە مۆلچەرىڭ مېنى پىكرىمدىن قايتۇرالمايدۇ.
— مەن ساڭا جىم ئولتۇر، تېپىرچىلىما دەۋاتىمەن.
— ياكوف يېفىموۋىچ، چۈشەنسەڭچۇ، مەن بۇ ياۋايى تۇرمۇشتا ئارتۇق ھايات كەچۈرەلمەيمەن! مەندە ئۆپكە ياللۇغى پەيدا بولدى، ھەتتا ئۆپكە كېسەللى بولۇشمۇ مۇمكىن!
— ساقىيىپ كېتىسەن. ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتساڭ ساقىيىپ كېتىسەن.
كاپارىن چورتلا كېسىپ ئېيتتى:
— بەربىر، مەن بۈگۈن ماڭىمەن. مېنى تۇتۇپ تۇرۇشقا ھەققىڭ يوق، قانداق شارائىتتا بولسىمۇ بارىمەن!
فومىن كۆزلىرىنى شۈبھىلىك چەكچەيتىپ، كاپارىنغا

قارىدى - دە، چۇماكوفقا كۆز قىسىپ قويۇپ، يەردىن تۇرۇپ كەتتى.

— كاپارىن، سەن ھەقىقەتەن ئاغرىپ قالغان ئوخشايسەن... سىنىڭ ئىسسىتماڭ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن... قىنى، تۇتۇپ كۆرەيچۇ، بېشىڭ قىزىقمىكىن؟ — ئۇ قولىنى سوزۇپ، كاپارىننىڭ قېشىغا بىرنەچچە قەدەم ماڭدى.

كاپارىن فومىننىڭ چىرايىدىن بىر يامان ئالامەتنى، سېزىپ قالدى بولغاي — ئاستا ئارقىغا چېكىنىپ، قاتتىق ۋارقىرىدى:

— نېرى كەت!

— شاۋقۇن كۆتۈرمە! نېمە شاۋقۇن كۆتۈرىسەن؟ مەن پەقەت تۇتۇپ كۆرىمەن، خالاس. نېمانچە جېنىڭ چىقىدۇ؟ — فومىن ئاستا چامداپ بېرىپ كاپارىننىڭ كېكىردىكىدىن كاپ قىلىپ تۇتتى، — سەن دۈشمەنگە تەسلىم بولاي دەمسەن، مەلئۇن؟! — ئۇ بوغۇق ئاۋاز بىلەن غودۇڭشىپ، كاپارىننى يىقىتىشقا بار كۈچى بىلەن ئۇرۇندى.

گرىگورىي پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنى تەسلىكتە ئاجراتتى.

... چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كاپارىن چاتقالغا يۆيۈلغان ئىچ كىيىملىرىنى يېيىۋاتقان گرىگورىينىڭ قېشىغا كېلىپ:

— سىز بىلەن يالغۇز سۆزلەشمەكچىدىم... كېلىڭ، ئولتۇرايلى، — دېدى.

ئۇلار بوران ئۆرۈۋەتكەن پور تېرەكنىڭ دىڭگىكى ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى.

كاپارىن كالڭ - كالڭ يۆتىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— سىز مۇنۇ تەنتەكنىڭ قىلىقىغا قانداق قارايسىز؟ مەن سىزنىڭ ئارىغا كىرىپ مېنى ئاجرىتىپ قويغانلىقىڭىزغا سەممىي تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. سىز بىر ئوفىتسېرغا مۇناسىپ ئالىيجاناب

ئىش قىلدىڭىز. ئەمما مۇنۇ ئىش دەھشەت! ئەمدى مەن چىداپ تۇرالمايمەن. بىز ياۋايى ھايۋانغا ئوخشاش بولۇپ قالدۇق... بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئىسسىقتا بىر نەرسە يېگىنىمىز يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنۇ نەم يەردە يېتىپ ئۇخلاش... ماڭا قاتتىق سوغۇق تەگدى. يېقىندىن قاتتىق ئاغرىيدۇ. ئېھتىمال، ئۆپكە كېسەلى بولۇپ قالدىم. مېنىڭ ئۆتنىڭ ئالدىدا بەكمۇ ئولتۇرغۇم كېلىدۇ، ئىللىق ئۆيدە ئۇخلاشنى خالايمەن، ئىچ كىيىملىرىمنى يۆتكەشنى خالايمەن... مەن پاكىز، يېپيېڭى كۆڭلەك كىيىشنى، ئاپئاق پراستىنا ئۈستىدە يېتىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن... ياق، ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى!

گرىگورىي كۈلۈپ كەتتى.

— سىز كەڭ - كۇشادە ھۇزۇرلىنىپ جەڭگە قاتنىشىشنى خالايسىزغۇ، دەيمەن؟

— ماڭا قاراڭ، مۇشۇمۇ ئۇرۇش بولامدۇ؟ — كاپارىن ئىلدام جاۋاب قايتۇردى، — بۇ ئۇرۇش ئەمەس، باش - ئايىغى يوق سەرسان - سەرگەردانلىق، بىر - ئىككى سوۋېت خادىملىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئارقىدىنلا قېچىش. خەلق بىزنى قوللىسا، قوزغىلاڭ باشلانسا، شۇ چاغدىلا ئۇرۇش دېيىشكە بولاتتى. ھازىرقىسىغا كەلسەك، بۇ ئۇرۇش ئەمەس، ياق، ئۇرۇش ئەمەس!

— بىزگە باشقا چىقىش يولى يوق. ئۆزلۈكىمىزدىن تەسلىم بولۇشىمىز كېرەكمۇ؟

— خۇش، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

گرىگورىي مۈرىسىنى قىستى. بۇ ئارالدا يېتىپ ئارام ئالغان جەرياندا كاللىسىغا نەچچە قېتىم كەلگەن بىر پىكىرنى ئېيتتى:

— قانداقلا بولمىسۇن شارائىتى ياخشى تۈرمىدىن شارائىتى يامان بولغان ئەركىنلىك ئەۋزەل. بىلەمسىز، خەلقنىڭ ئىچىدە مۇنداق گەپ بار: تۈرمە مەھكەم بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن شەيتان خۇشال.

كاپارىن بىر تاياقچە بىلەن قۇمنىڭ ئۈستىگە قانداقتۇر رەسىملەرنى جىججىپ، ئۇزاققىچە ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن دېدى:

— تەسلىم بولۇش زۇرۇر نەرسە ئەمەس، ئەمما بولشېۋىكلارغا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ يېڭى شەكىللىرىنى ئىزدەش لازىم. مۇنۇ ئىسپلاس ئادەملەردىن ئايرىلىپ كېتىش كېرەك. سىز رىيالىي ئادەمسىز...

— مەن قانداقمۇ رىيالىي بولاي، — گرىگورىي مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى، — مەن كېيىمنىمۇ ئوڭلاپ قىلالمايمەن.

— سىز ئوفىتسېر.

— بۇ تاسادىپىي بولغان ئىش.

— ياق، سىز چىندىن بىر ئوفىتسېرسىز، ئوفىتسېرلار مۇھىتىدا بولدىڭىز، ھەقىقىي ئادەملەرنى كۆردىڭىز، سىز فومىنغا ئوخشاش بىردىنلا يۇقىرى ئورۇنغا چىقىۋالغان مەنسەپپەرەس ئەمەسسىز. شۇڭا چۈشىنىشىڭىز كېرەككى، بىزنىڭ بۇ يەردە قىلىۋېرىشىمىز مەنىسىزلىك بولىدۇ. بۇ — ئۆزىنى - ئۆزى ئۆلتۈرگەنگە باراۋەر. ئۇ ئەمەلدارلىقتا بىزنى زەربىگە ئۇچراتتى، ئەگەر تەقدىرىمىزنى بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا باغلايدىغان بولساق، بىزنى يەنە تالاي قېتىم زەربىگە ئۇچرىتىدۇ. ئۇ نومۇسسىز بىرنېمە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇچىغا چىققان ئەخمەق، دۆت! ئۇنىڭ بىلەن يۈرىۋەرسەڭ، تۈگىشىمىز!

— شۇنداق قىلىپ، تەسلىم بولۇش كېرەك ئەمەس، ئۇ چاغدا فومىندىن ئايرىلىپ كېتىش كېرەكمۇ؟ نەگە كېتىمىز؟ ماسلاكنىڭ قېشىغىمۇ؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي.

— ياق، بۇمۇ ئوخشاشلا تەۋەككۈلچىلىك، ئۇنىڭ باندىسىنىڭ پەقەت كۆلىمى چوڭراق، ھازىر مەن بۇ مەسىلىگە باشقىچە قارايمەن، ماسلاكنىڭ قېشىغا كېتىشكە بولمايدۇ...

— نەگە كېتىمىز؟

— ۋېشېنىسكاياغا.

گرىگورىي ئەپسۇس بىلەن مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.

— بۇ — ئۆزى قاچقان توزاقىقا قايتىدىن ئۆزى بېرىپ چۇشۇش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ماڭا لايىق كەلمەيدۇ.

كاپارىن پارقىراپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

— سىز مېنى چۇشەنمەيۋاتىسىز، مېلېخوف، سىزگە ئىشىنىپ سىردىمنى ئېيتىشقا بولارمۇ؟

— پۇتۇنلەي بولىدۇ.

— بىر ئوفىتسېرنىڭ ۋىجدانەن ئېيتقان چىن سۆزىمۇ بۇ؟

— بىر كازاكنىڭ ۋىجدانەن ئېيتقان چىن سۆزى.

كاپارىن قونالغۇ جاي ئالدىدا بىر ئىش بىلەن پايپاسلىشىپ تۇرغان فومىن بىلەن چۇماكوف تەرەپكە يالت قىلىپ بىر قارىۋالدى - دە، بۇلارنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق بولسىمۇ ۋە بۇلارنىڭ پارىڭىنى ئۇلار ئاڭلىيالمىسىمۇ، ئاۋازىنى پەس چىقاردى:

— مەن سىزنىڭ فومىن ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى بىلىمەن. سىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ماڭا ئوخشاش بىگانە ئادەم. سىزنى سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقىشقا مەجبۇر قىلغان سەۋەبلەر مېنى قىزىقتۇرمايدۇ. ئەگەر مەن توغرا چۇشىنىدىغان بولسام — سىزنىڭ ئۆتمۇشتىكى تارىخىي مەسىلىڭىز بىلەن قاماققا ئېلىنىشتىن قورققانلىقىڭىز شۇنداق قىلىشقا سەۋەب بولدىمىكىن دەيمەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— مېنى بۇ سەۋەبلەر قىزىقتۇرمايدۇ، دېدىڭىزغۇ.

— ھە، شۇنداق، بۇ گېپى كەلگەندە ئېيتىلغان سۆز. ئەمدى ئۆزۈم توغرۇلۇق بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئېيتاي: مەن ئۆتمۈشتە ئوفىتسېر ۋە سوتسىيالىست — ئىنقىلابچىلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى

بولغانىدىم، كېيىنرەك ئۆزۈمنىڭ سىياسىي كۆز قاراشلىرىمنى كەسكىن رەۋىشتە ئۆزگەرتتىم... روسسىيىنى پەقەت ھاكىممۇتلەقلىك تۈزۈمى قۇتۇلدۇرالايدۇ. پەقەت ھاكىممۇتلەقلىك تۈزۈمى! ۋەتىنىمىزگە بۇ يولنى ئىلاھىي تەقدىر كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ دۆلەت بەلگىسى — بولقا بىلەن ئورغاق، شۇنداقمۇ؟ — كاپارىن قومنىڭ ئۈستىگە تاياقچە بىلەن «молот, серп»① دېگەن ئىككى سۆزنى يازدى، ئاندىن ئىللىق پارقىرىغان كۆزلىرى بىلەن گرىگورىينىڭ يۈزىگە قادىلىپ قارىدى، — بۇنىڭ تەتۈرىسىنى ئوقۇپ بېقىڭا. ئوقۇدىڭىزمۇ؟ چۈشەندىڭىزمۇ؟ «پرېستول»② دېگەن سۆز چىقىدۇ. ئىنقىلاب بىلەن بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتى پەقەت پرېستول بىلەن تۈگەيدۇ! بىلەمسىز، مەن بۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلگەندە ۋۇجۇدۇمنى مىستىتىسىزم③ دەھشىتى قاپلىۋالدى! ھاياجاندىن تىترەپ كەتتىم، چۈنكى بۇ، چۈشىنىشنى خالىسىڭىز، ئاخىرقى چىقىش يولىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىلاھىي بارماق...

كاپارىن ھاياجاندىن دېمىنى ئالالماي قالدى-دە، شۇنىڭ بىلەن جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر ۋە ئازراق تەلۋىلەشكەن كۆزلىرى گرىگورىيغا تىكىلگەنىدى. ئەمما گرىگورىي بۇنداق كەشپىي كارامەتنى ئاڭلىغاندا، ھېچبىر تىترەپ كەتمىدى ۋە مىستىتىسىزم دەھشىتىنى باشتىن كەچۈرمىدى. ئۇ نەرسىلەرگە ھەمىشە زېرەكلىك بىلەن ۋە كۈندىلىك تەجرىبە كۆزى بىلەن قارايدىغانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بۇ ھېچقانداق ئىلاھىي بارماق ئەمەس. سىز گېرمان ئۇرۇشىدا فرونتتا بولغانمىدىڭىز؟

---

① «молот, серп» — «بولقا، ئورغاق» دېگەن مەنىدە.

② «پرېستول» — «تەخت» دېگەن مەنىدە.

③ مىستىتىسىزم — تەبىئەتتىن تاشقىرى سىرلىق ئالەم بارلىقىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەت دىنىي تەسەۋۋۇپ — ت.

بۇ سوئالدىن ھەيرەتتە قالغان كاپاردىن تەمتىرەپ جاۋاب بەردى.

— گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، سىز بۇ سوئالنى نېمىشقا بەردىڭىز؟ ياق، مەن بىۋاستە جەڭ مەيدانىدا بولغىنىم يوق.

— سىز ئۇرۇش ۋاقتىدا نەدە تۇرغانىدىڭىز؟ ئارقا سەپتىمۇ؟

— ھەئە.

— پۈتۈن ئۇرۇش جەريانىدىمۇ؟

— شۇنداق، يەنى پۈتۈن ئۇرۇش جەريانىدا بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا كۆپ ۋاقىت دېگۈدەك. بۇنى سىز نېمىشقا سوراپ قالدىڭىز؟

— مەن ئۇرۇش مەيدانىدا 14 - يىلىدىن تارتىپ تاھازىرغىچە بولۇپ كېلىۋاتىمەن، ئازراق ئۈزۈلۈشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا. ئەمدى بىز ھېلىقى ئىلاھىي بارماققا كېلەيلى... خۇدانىڭ ئۆزى يوق تۇرسا، بارماق نەدە بولسۇن؟ مەن بۇنداق ئەخمىقانە سەپسەتىلەرگە ئىشەنمەي قويغىنىمغا ئۇزاق ۋاقىت بولدى. 15 - يىلىدىن باشلاپ ئۇرۇشنى تولا كۆرۈپ، خۇدا يوق ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم، ھېچقانداق خۇدا يوق! ئەگەر بولسا ئىدى — كىشىلەرنى مۇنداق قالايمىقانچىلىقلارغا قويۇپ بېرىشكە ھەققى بولماس ئىدى. بىز فرونتچىلار خۇداغا ئىشىنىشنى تاشلىغان، ئۇنى پەقەت قېرى ئادەملەر بىلەن خوتۇنلارغا قالدۇرغانمىز، مەيلى شۇلار كۆڭلىنى تەسكىن تاپتۇرسۇن. ھېچقانداق ئىلاھىي بارماقمۇ يوق، ھاكىممۇتلەقلىك تۈزۈمىنىڭمۇ بولۇشىمۇ لازىم ئەمەس. خەلق ئۇنىڭغا بىر يولى مەڭگۈ خاتىمە بەرگەن. خوش. سىزنىڭ مۇنۇ ھەرپلەرنى تەتۈر تىزىپ كۆرسەتكەنلىرىڭىز، ئەپۇ قىلىسىز، بۇ — بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقى، باشقا نەرسە ئەمەس. مەن سىزنىڭ بۇلارنى دەلىل قىلىپ

كۆرسەتكەنلىكىڭىزنى قىلچە چۈشەنمەيمەن. سىز ماڭا قىسقىراق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتىپ بەرسىڭىز. مەن يۈنكېرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان ئەمەسمەن، گەرچە ئوفىتسېر بولغان بولسامۇ، تۈزۈك ساۋاتىممۇ يوق. ئەگەر ساۋاتىم يۇقىرىراق بولغان بولسا، بۇ ئارالدا سىزلەر بىلەن تاشقىن ئوتتۇرىسىدا قالغان بۆرىدەك ئولتۇرماس ئىدىم، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى ئۇ ئەپسۇسلانغانلىقىنى ئوچۇقلا بىلدۈرۈپ.

— بۇ مۇھىم ئەمەس، — دېدى كاپارىن دەرھاللا، — سىز خۇداغا مەيلى ئىشىنىڭ، مەيلى ئىشەنمەڭ، بۇنىڭ ئەھمىيىتى يوق. بۇ — سىزنىڭ ئېتىقادىڭىزنىڭ، ۋىجدانىڭىزنىڭ ئىشى. خۇددى شۇنداقلا سىز ھاكىممۇتلەقچىمۇ، ياكى قۇرۇلتايچىمۇ، ياكى ئىستىقلالچىلىقنى ياقلايدىغان كازاكمۇ — بۇنىڭ ئەھمىيىتى يوق. ئەڭ مۇھىمى، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە بولغان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ بىرلىكى بىزنى بىرلەشتۈرگەن. سىز مۇشۇ قاراشقا قوشۇلامسىز؟

— ئۇندىن كېيىنچۇ؟

— كازاكلارنىڭ ئومۇمىي قوزغىلىڭىغا ئۈمىد باغلىغانىدۇق، شۇنداقمۇ؟ بۇ ئۈمىد بەربات بولدى. ھازىر بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلىش لازىم. بولشېۋىكلارغا قارشى كېيىنرەك كۆرەش ئېلىپ بارساقمۇ بولىدۇ، ئەمما فومىندەك بىر نەرسىنىڭ باشچىلىقىدا ئەمەس، باشقىچە كۆرەش قىلىشىقمۇ بولىدۇ، ھازىر ئۆز ھاياتىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىز مۇھىم، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزگە بىر ئىتتىپاق بولۇش تەكلىپىنى بېرىمەن.

— قانداق ئىتتىپاق؟ كىمگە قارشى؟

— فومىنغا قارشى.

— چۈشەنمىدىم.

— ھەممىسى ناھايىتى ئاددى. مەن سىزگە ماڭا ھەمكار-

لاشقۇچى بولۇشنى تەكلىپ قىلىمەن...، — كاپارىن سېزىلەرلىك جىددىيلىشىپ كەتتى - دە، ئەندىكىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — بىز ئىككىمىز مۇنۇ ئۈچىنى ئۆلتۈرۈپ، ۋېشېنىسكاياغا كېتىمىز. چۈشەندىڭىزمۇ؟ مۇشۇ چارە بىزنى قۇتۇلدۇرالايدۇ. سوۋېت ھاكىمىيىتىگە كۆرسەتكەن بۇ خىزمىتىمىز بىزنى جازادىن خالاس قىلىدۇ. بىز ھايات كەچۈرۈۋېرىمىز! چۈشىنىۋاتامسىز، بىز ھايات كەچۈرۈۋېرىمىز!.. ئۆز ھاياتىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىمىز! ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى، كەلگۈسىدە پۇرسەت كەلگەندە بولشېۋىكلارغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىمىز، ئەمما ئۇ چاغ كەلگەندە مۇنۇ فومىنغا ئوخشاش بىرنېمە بىلەن ئېلىپ بارغان تەۋەككۈلچىلىكتەك ئەمەس، جىددىي ئىش ئېلىپ بارىمىز. ماقۇللامسىز؟ شۇنى كۆزدە تۇتۇڭكى، بۇ — بىزنىڭ ئۈمىدسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشىمىزنىڭ بىردىنبىر يولى، يەنە كېلىپ پارلاق چىقىش يولى.

— ئەمما بۇنىڭ چارىسى قانداق؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي ئىچىدە غۇژژىدە غەزىپى قايناپ، ئەمما بار كۈچى بىلەن بۇ تۇيغۇسىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

— مەن ھەممىسىنى ئويلاپ قويدۇم: بۈگۈن كېچە ئوقسىز قورال بىلەن ئۇلارنى جايلىۋېتىمىز، ئەتە كەچ كىرگەندە، ھېلىقى بىزگە ئوزۇق - تۈلۈك ئەكىلىپ تۇرغان كازاك كەلگەندە، بىز دوندىن ئۆتىمىز — ئىش تامام ۋەسسالام. ھېچقانداق قۇۋۇلۇق - شۇملۇقسىز، ئىنتايىن ئاسان چارە!

گرىگورىي ياسىما ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ كارامەت چارە ئىكەن! خوش، ئېيتىڭا، كاپارىن، سىز ئەتىگەن يېزىغا ئىسسىنىشقا بارماقچى بولغىنىڭىزدا... سىز ۋېشكىغا بېرىشقا تەييارلانغانمىدىڭىز؟ فومىن سىزنىڭ نىيىتىڭىزنى بىلىپ قالدىمۇ؟

كاپارىن خۇش خۇي كۈلۈمسىرەپ تۇرغان گرىگورىيغا دىققەت
بىلەن قاراپ قويۇپ، سەل خىجىل بولغان هالدا ئۆزىنىمۇ
كۆڭۈلسىزلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، شۇنداق، بىلەمسىز، مەسىلە ئۆز
جېنىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇشقا تاقالغاندا، چارە تاللاشتا ئانچىلىك
قىينىلىپ تۇرمايسىز.

— بىزنى تۇتۇپ بېرەتتىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، — كاپارىن سەممىيلىك بىلەن ئىقرار
قىلدى، — ئەمما سىلەرنى مۇشۇ ئارالدا قولغا ئالغان بولسا،
مەن شەخسەن سىزنى كۆڭۈلسىزلىكلەردىن قوغداپ قېلىشقا
تىرىشقان بولاتتىم.

— ئەمما سىز نېمىشقا بىر ئۆزىڭىز بىزنى ئۆلتۈرۈۋەتمىدىڭىز؟
كېچىدە شۇنداق قىلىش ئاسانلا ئىش ئىدىغۇ؟

— خەتەرلىك. بىرىنچى ئوقتىن كېيىنلا قالغانلىرىڭلار...

— قورالىڭنى تاشلا! — دېدى گرىگورىي ۋەزمىنلىك بىلەن
تاپانچىنى قېپىدىن چىقىرىپ...، — تاشلا، بولمىسا جايىڭدىلا
ئېتىپ ئۆلتۈرىمەن! قومىن كۆرۈپ قالمىسۇن ئۈچۈن، مەن
ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سېنى توسۇپ تۇرىمەن، سەن تاپانچاڭنى
ئايىغىمنىڭ ئاستىغا تاشلا. قېنى؟ ئوق چىقىرىشنى ئويلىما!
قىمىر قىلساڭ، يېقىتىپ تاشلايمەن.

كاپارىن ئۆلۈكتەك ئاپئاق تاتىرىپ ئولتۇرۇپلا قالدى.

— مېنى ئۆلتۈرمەڭ! — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئاپئاق
لەۋلىرىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ.

— ئۆلتۈرمەيمەن. قورالىڭنى ئالىمەن.

— سىز مېنى تۇتۇپ بېرىسىز...

كاپارىننىڭ ساقال باسقان ئىككى مەڭزىدە ياش تامچىلىرى
تاراملىدى. گرىگورىي يىرگىنىش ۋە ئېچ ئاغرىتىشتىن چىرايىنى

پۈرۈشتۈردى - دە، ئۈنىنى قاتتىقراق چىقاردى:

— تاپانچىنى تاشلا! تۇتۇپ بەرمەيمەن، ئەمما تۇتۇپ بېرىشىمۇ لازىم ئىدى! ھەي، سەن مەككار ئادەم چىقىپ قالدىڭ! ھوي، ھارامزادە!

كاپارىن تاپانچىسىنى گرىگورىينىڭ ئايىغىغا تاشلىدى.

— براۋنىڭىڭ① قېنى؟ براۋنىڭىڭنىمۇ تاشلا. ئۇ سېنىڭ كەمزۇلۇڭنىڭ مەيدە يانچۇقىدا.

كاپارىن نىكېلى پارقىراپ تۇرغان براۋنىڭنى قېپىدىن چىقىرىپ تاشلاپ بەردى - دە، قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى. ھۆكۈرەشتىن ئەزاسى تىترەپ كەتتى.

— يىغاڭنى توختات، ئەبلەخ! — دېدى گرىگورىي كەسكىن قىلىپ، ئۇنى ئۇرۇۋېتىشتىن ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇۋېلىپ.

— سىز مېنى تۇتۇپ بېرىسىز... مەن ھالاك بولدۇم.

— مەن ساڭا تۇتۇپ بەرمەيمەن دەپ ئېيتتىمغۇ، ئەمما ئارالدىن كېتىشىمىز بىلەنلا تۆت تەرىپىڭ ئوچۇق، سەندەك نېمىنىڭ ھېچكىمگە كېرىكى يوق. ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ پاناھ ئىزدە.

كاپارىن يۈزىدىن قولىنى چۈشۈردى. يۈزى چىلىق - چىلىق ياشتىن قىزارغان، كۆزلىرى ئىششىغانىدى، تۆۋەنكى ئېڭىكى ئېچىنىشلىق تىترەيتتى.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا... نېمىشقا مېنى قورالسىزلاندۇرىسىز؟ — دەپ كېكەشلەپ سورىدى ئۇ.

گرىگورىي خالار - خالىماس جاۋاب بەردى:

— ئۇنداق قىلمىغاندا، دۈمبەمدىن تارس قىلىپ ئېتىپ تاشلىغان بولاتتىڭ. شۇنداق قىلمامسۇن دېدىمغۇ. ساڭا ئوخشاش بىلىملىك ئادەملەردىن ھەر ئىشنى كۈتۈشكە بولىدۇ. سەن قانداقتۇر ئىلاھىي بارماق توغرىسىدا، پادىشاھ توغرىسىدا، خۇدا توغ-

① براۋنىڭ — ئاپتومات تاپانچا.

رىسىدا سۆزلەيسەن... نېمانچە تۇراقسىز ئادەمسەن...

گرىگورىي كاپارىنغا قارىماستىن، ئاغزىغا كەلگەن شالىنى ئاندا - ساندا تۈكۈرۈپ، ئاستا قونالغۇ تەرەپكە ماڭدى.

ستېرلەدنىكوف موملانغان يىپ بىلەن ئېگەرنىڭ بىر يېرىنى تىككەچ، ئاستا ئىسقىرتىپ ئولتۇراتتى. فومىن بىلەن چۇماكوف ئاتنىڭ يوپۇقى ئۈستىدە يېتىپ، ئادەتتىكىچە قارتا ئويناۋاتاتتى.

فومىن گرىگورىيغا لىپپىدە قاراپ قويۇپ، سورىدى:

— ئۇ ساڭا نېمە دەيدۇ؟ نېمە توغرۇلۇق سۆزلەشتىڭلار؟

— ئۆز تۇرمۇشىدىن زارلىنىدۇ... بىلجىرلايدۇ، پالان - پۇستان، گېپىنىڭ تايىنى يوق...

گرىگورىي ئۆز گېپىدە تۇرۇپ، كاپارىننى تۇتۇپ بەرمىدى، ئەمما كەچقۇرۇن تۇيدۇرماستىن كاپارىننىڭ مىلتىقىنىڭ قۇلۇپىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۇنى تىقىپ قويدى. كىم بىلىدۇ، بۇ هارامزادە كېچىسى بىر يامان ئىشقا جۈرئەت قىلىشىمۇ مۇمكىن... دەپ ئويلىدى ئۇ، ئۇخلاشقا جايلىشىۋېتىپ.

ئەتىسى ئەتىگەن ئۇنى فومىن ئويغاتتى. ئۇ گرىگورىيغا ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئاستا سورىدى:

— كاپارىننىڭ قورالىنى سەن تارتىۋالدىڭمۇ؟

— نېمە؟ قايسى قورالنى؟ — گرىگورىي بېشىنى كۆتۈرۈپ، تەسلىكتە كېرىلىۋالدى.

ئۇ تاڭ يورۇش ئالدىدىلا ئۇخلىغان بولۇپ، سەهەرگە يېقىن بەك توڭلىغانىدى! ئۇنىڭ شىنېلى، تۇمىقى، ئۆتۈكلىرى — هەممە نېمىسى كۈنچىقىش ئالدىدا پەسلەپ ئۆتكەن تۇماندىن هۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

— ئۇنىڭ قورالىنى تاپالمايۋاتىمىز. سەن ئالدىڭمۇ؟ ئۇيقۇڭنى ئاچ، مېلېخوف!

— هە، مەن ئالدىم. نېمە گەپ؟

فومىن ئۈنچىقماي، نېرى كەتتى. گرىگورىي ئورنىدىن تۇرۇپ شىنېلىنى قاقتى، چۇماكوف يېقىن بىر يەردە ناشتىلىق تەييارلاۋاتاتتى: ئۇ قونالغۇدىكى بىرلا مىسكىنى سۇ بىلەن چايقىدى، ئاندىن كۆپۈپ پىشقان بولكا ناننى كۆكرىكىگە بېسىپ، تەك - باراۋەر تۆت كېسىم قىلىپ توغرىدى، خۇمرىدىن مىسكىغا سۈت قۇيدى - دە، قاتتىق پىشىپ كاللەكلىشىپ قالغان سۆك بوتقىسىنىڭ بىر پارچىسىنى ئېزىپ گرىگورىيغا قارىدى.
— مېلېخوف، سەن بۈگۈن ئۇزاق ئۇخلاپ كەتتىڭ جۇمۇ. قارىغىنا، كۈن نەگە كېلىپ قالغان؟
— ۋىجدانىي پاك ئادەم ھەمىشە ياخشى ئۇخلايدۇ، — دېدى سىتېرلەدنىكوف، پاكىز يۇيۇلغان ياغاچ قوشۇقنى شىنېلىنىڭ ئېتىكىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئەمما مۇنۇ كاپارىن كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىمىدى، تولغىنىپلا چىقتى...
فومىن ئۈنچىقماستىن كۈلۈپ قويۇپ، گرىگورىيغا قارىدى.
— قېنى، ئەتىگەنكى تاماققا ئولتۇرۇڭلار، قاراقچىلار! — دېدى چۇماكوف.
ئۇ بىرىنچى بولۇپ قوشۇق بىلەن سۈت ئالدى، يېرىم كېسەك ناننى قاق ئوتتۇرىسىدىن چىشلەپ ئۈزۈۋالدى. گرىگورىي قوشۇقنى قولىغا ئېلىپ، ئولتۇرغانلارغا سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن:
— كاپارىن قېنى؟ — دەپ سورىدى.
فومىن بىلەن سىتېرلەدنىكوف ئۈنچىقماستىن تامىقىنى يەۋەردى، چۇماكوف گرىگورىيغا تىكىلىپ بىر قاراپ قويۇپ بۇمۇ ئۈندىمىدى.
— كاپارىننى نەگە تىقىپ قويدۇڭلار؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي بۇ كېچە يۈز بەرگەن ۋەقەنى غۇۋا پەملەپ.
— كاپارىن ھازىر يىراقتا، — دەپ جاۋاب بەردى چۇما-

كوف خاتىرجەم كۈلۈمسىرەپ، — ئۇ روستوفقا ئۈزۈپ كەتتى. ھازىر، ئېھتىمال، ئۈست - خوپېر قېشىدا تەۋرىنىپ كېتىۋاتىدىغاندۇ، ئەنە قارا، ئۇنىڭ كالتە جۇۋىسى ئىسسىقلىق تۇرۇپتۇ.

— راستىنلا ئۆلتۈرۈۋەتتىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي كاپارىننىڭ پولشۇپكىسىغا يالت قىلىپ قاراپ.

گرىگورىي بۇنى سورىمىسىمۇ بولاتتى. بۇنىڭسىزمۇ ھەممە ئىش روشەن ئىدى، ئەمما نېمىشقىدۇر سوراپ قويدى. ئۇنىڭغا بىردىنلا جاۋاب بېرىشمىگەنلىكتىن، تەكرار سورىدى.

— ھە، ئىش روشەنغۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتۇق، — دېدى چۇماكوف ئايالىنىڭكىدەك گۈزەل كۆك كۆزلىرىنى كىرپىكلىرى بىلەن يېپىپ، — مەن ئۆلتۈردۈم. مېنىڭ ۋەزىپەم، ئاشۇنداق ئادەم ئۆلتۈرۈشقۇ...

گرىگورىي ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ قويدى. چۇماكوفنىڭ بۇغداي رەڭ، كىرسىز يۈزى خاتىرجەم، ھەتتاكى شادىمان ئىدى. ئالتۇندەك، پارقىراپ تۇرغان ئاق سېرىق بۇرۇتى، قارا قاشلىرى ۋە سىلىق تارالغان چاچلىرىدىن پەرق قىلغان ھالدا، ئاپتاپتا كۆيگەن يۈزىدە باشقىچە كۆرۈنەتتى. بۇ فومىن باندىسىدا خىزمەت كۆرسەتكەن جاللات، ھەقىقەتەن كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، كۆرۈنۈشتە مۆمىن چىراي ئىدى... ئۇ قوشۇقىنى برېزېنت ئۈستىگە قويۇپ، قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن بۇرۇتىنى سۈرتۈپ قويۇپ، دېدى:

— ياكوف يېفىموۋىچقا رەھمەت ئېيت، مېلېخوف. سېنىڭ چېۋىندەك جېنىڭنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئاشۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، ھازىر سەنمۇ كاپارىن بىلەن بىللە دوندا ئۈزۈپ يۈرگەن بولاتتىڭ...

— نېمىشقا ئەمدى؟

چۇماكوف ئاستا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— كاپارىن تەسلىم بولماقچى بولسا كېرەك، تۈنۈگۈن
مەن بىلەن بىر نېمە توغرۇلۇق ئۇزاق سۆزلىشىپ كەتتى... مانا، ئۇ-
نى بىز بۇ گۇناھتىن خالاس تاپتۇرۇش ئۈچۈن جايلىشۋېتىشنى
ئويلىدۇق. ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرسەم بولامدۇ؟ — چۇماكوف سوئال
نەزەرى بىلەن فومىنغا قارىدى.

فومىن ماقۇللاپ بېشىنى لىڭشىتتى - دە، چۇماكوف چالا
پىشقان سۆكنى كورۇسلىتىپ چايناپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن ئاخشامدىن بۇيان ئەمەن ياغىچىدىن كالتەك تەي-
يارلاپ قويدۇم - دە، ياكوف يېفىموۋىچقا: «مەن ئۇلارنىڭ ھەر
ئىككىسىنى، كاپارىن بىلەن مېلېخوفنى بۈگۈن كېچە جايلىۋېتى-
مەن» — دېدىم. ئۇ ماڭا: «كاپارىننى تۈگەت، مېلېخوفنى ئۇن-
داق قىلماسلىق كېرەك» دېدى. شۇنداق قىلىشقا كېلىشتۇق.
پايلاشقا كىرىشتىم. كاپارىن ئۇخلىغان مەزگىلدە سېنىڭمۇ خورەك تار-
تىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلىدىم. ئۆمىلەپ كېلىپ، كالتەك بىلەن
بېشىغا بىرنى قويدۇم. شتابىس — كاپىتانىمىزنىڭ پۇتىمۇ تىپىرچى-
لىغىنى يوق! راھەتلىنىپ بىر سوزۇلدى - دە، جان بەردى...
ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى ئاستا ئاختۇردۇق. كېيىن پۇت - قولىدىن
كۆتۈرۈپ قىرغاققا ئاپاردۇق - دە، ئۆتۈكىنى، كەمزۇلىنى، كالتا
جۇۋىسىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئۇنى سۇغا ئىرغىتتۇق. سەن بولساڭ
ھېچنېمىنى سەزمەستىن، شېرىن چۈش كۆرۈپ، ئۇخلاۋېرىسەن...
مېلېخوف، بۈگۈن كېچە ئەجەل ساڭا يېقىنلا كېلىپ تۇردى!
بېشىڭنىڭ ئۈستىدە تۇردى. گەرچە ياكوف يېفىموۋىچ تەگمەسلىك-
نى ئېيتقان بولسىمۇ، مەن ئىچىمدە: ئۇلار كۈندۈزى نېمە توغ-
رۇلۇق سۆزلەشكەندۇ؟ بەش كىشىنىڭ ئىككىسى يىراققا بېرىشىۋې-
لىپ، مەخپىي نوقۇلدىشىۋاتسا، بۇ بىر پاسىق ئىش... دەپ
ئويلىدىم. قېشىڭغا ئوغرىلىقچە كەلدىم - دە، قىلىچ بىلەن كال-
لاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلماقچى بولدۇم، چۈنكى شۇ چاغدا ئوي-

لاپ قالدىم — مۇبادا ئۇنى كالتەك بىلەن ئۇرسام، ئۇ، شەيتان، كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئېسەنكىرىمەي قېلىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئوق چىقىرىشقا باشلايدۇ... دېدىم. ئەمما فومىن ئىشنى يەنە بۇزدى. قېشىمغا كېلىپ: «تەگمە، بۇ بىزنىڭ ئادەم، ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇ»، — دەپ پىچىرلىدى. شۇنداق قىلىپ كاپارىنىڭ قورال - ياراغنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ھېچ ئويلاپ تاپالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن قېشىڭدىن كەتتىم، ئەمما سەن بېشىڭغا كەلگەن بالانى تۇيماستىن قاتتىق ئۇخلاۋەردىڭ!

گرىگورىي ۋەزمىنلىك بىلەن:

— بىكارلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىڭ، ئەخمەق! مەن كاپارىن بىلەن تىل بىرىكتۈرگىنىم يوق، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ قورالى نېمىشقا سەندە بولۇپ چىقىدۇ؟

گرىگورىي كۈلدى:

— مەن ئۇنىڭ تاپانچىلىرىنى تۈنۈگۈن كۈندۈزدىلا تارتىۋالغانمەن، مىلتىقىنىڭ زاتۋورىنى كەچقۇرۇن سۇغۇرۇۋېلىپ، ئاتنىڭ تەرلىكى ئاستىغا تىقىپ قويغانىدىم.

گرىگورىي تۈنۈگۈن كاپارىن بىلەن قىلىشقان سۆزلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەكلىپىنى سۆزلەپ بەردى.

فومىن نارازى ھالدا سورىدى:

— بۇنى سەن تۈنۈگۈن نېمىشقا دېمىدىڭ؟

— شالى ئېقىپ تۇرغان بۇ ھارامزادىگە ئىچ ئاغرىتىپتىمەن، — دېدى گرىگورىي ئوچۇقلا ئىقرار قىلىپ.

— ھەي، مېلېخوف، مېلېخوف! — دەۋەتتى ئىنتايىن ھەيران بولغان چۇماكوف، — سەن ئىچ ئاغرىتىشنى كاپارىننىڭ مىلتىقىنىڭ زاتۋورىنى تىقىپ قويغان يېرىڭگە، تەرلىك ئاستىغا قويۇپ قوي، ئۇنداق بولمىغاندا بۇنداق رەھىمدىللىك سېنى ياخشىلىققا ئاپارمايدۇ!

— سەن ماڭا ئۆگەتمە، سەن بىلگەننى مەنمۇ بىلىمەن، — دېدى گرىگورىي سوغۇقلا.

— مەن ساڭا نېمىشقا ئۆگىتەتتىم؟ ئەگەر مۇشۇ كېچە سېنىڭ مۇشۇ رەھىمدىللىكىڭ تۇپەيلى، ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق، بىكاردىن-بىكار سېنى ئۇ دۇنياغا يولغا سېلىۋەتكەن بولسام — ئۇ چاغدا قانداق بولاتتى؟

— بولغىنى بولاتتى، — گرىگورىي ئويلىنىپ ئاستا جاۋاب بەردى. شۇندىن كېيىن باشقىلاردىن كۆرە، كۆپرەك ئۆزىگە قارىتىپ مۇنۇنى قوشۇپ قويدى، — ئويغاق چاغدا جان ئىگىسىگە ئەجەلنى قوبۇل ئېلىش قورقۇنچلۇق، ئەمما ئۇيقۇدىكى چاغدا ئۆلۈش ئاسان بولسا كېرەك...

## 15

ئۇلار ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدا بىر كېچىسى قېيىق بىلەن دوندىن ئۆزۈپ ئۆتتى. رۇبېژنىي يېزىسىدا دەريا ياقىسىدا بۇلارنى تۆۋەنكى كرىۋوي يېزىسىدىن بولغان ئالېكساندر كوشېلوف دېگەن بىر ياش كازاك كۈتۈپ تۇراتتى.

— مەن سىز بىلەن بىللە بولىمەن، ياكوف يېفىموۋىچ، ئۆيدە كۈن ئۆتكۈزۈشتىن جاق تويدۇم، — دېدى ئۇ فومىن بىلەن ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن.

فومىن جەينىكى بىلەن گرىگورىينى تۈرتۈپ، پىچىرلىدى:

— كۆردۈڭمۇ؟ مەن ساڭا دېدىمغۇ... ئارىدىن ئۆتۈپ ئۈلگۈرمەستىنلا، مانا بىزنى خەلق كۈتۈپ تۇرۇپتۇ! بۇ — مېنىڭ

تونۇشۇم، جەڭ كۆرگەن ياش كازاك. بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى! دېمەك، ئىشىمىز ئوڭىدىن كېلىدۇ!

ئاۋازىدىن قارىغاندا، فومىن مەمنۇن بولۇپ، كۈلۈمسىرىگەندەك قىلاتتى. يېڭى شېرىكىنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن ئۇ ئوچۇقلا خۇرسەن بولغانىدى. ئارالدىن ئېسەن - ئامان ئۆتۈشى ۋە ئۇنىڭغا دەرھال بىر ئادەمنىڭ قوشۇلۇشى — ئۇنى تېتىكلەشتۈرۈپ، يېڭى ئۈمىدلەر بىلەن قاناتلاندۇردى.

— سەندە مىلتىق بىلەن تاپانچىدىن باشقا قىلىچ ۋە دۇربۇنمۇ بارغۇ؟ — دېدى فومىن خۇشال بولۇپ، قاراڭغۇدا كوشېلوفنىڭ قورال - ياراغلىرىنى سىيلاپ - سىيپىلاپ كۆرۈپ، — كازاك دېگەن مانا شۇ! بىر قاراشتىلا ھەقىقىي كازاك ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ھېچقانداق گەپ لازىم ئەمەس!

فومىننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى قىرغاققا كىچىككىنە ئات قوشۇلغان ھارۋا بىلەن كەلدى.

— ئېگەر - جابدۇقلارنى ھارۋىغا بېسىڭلار، — دېدى ئۇ ئۈنىنى پەس چىقىرىپ، — ئېيسا مەسىھ ھەققى، تېزرەك بولۇڭلار، ئۇنداق بولمىغاندا، ۋاقىت قىس، يولىمىزمۇ يېقىن ئەمەس...

ئۇ ھاياجانلىناتتى، فومىننى ئالدىرىتاتتى. فومىن ئارالدىن بۇ يەرگە كېلىپ، ئۆز يېزىسىنىڭ تەۋرەنمەس تۇپرىقىنى ئايىغى بىلەن سەزگەندىن كېيىن بىرەر سائەت بولسىمۇ ئۆيىگە كىرىپ چىقىشقا ۋە تونۇش - بىلىش يېزىداشلىرىدىن ئەھۋال سوراشقا قارشى ئەمەس ئىدى...

تاڭ ئېتىش ئالدىدا ياگودنى يېزىسىنىڭ قېشىدىكى بىر توپ يىلقىدىن ياخشى ئاتلارنى تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى ئېگەرلەشتى. يىلقىنى قارايدىغان چالغا چۇماكوف مۇنداق دېدى:

— بوۋا، ئاتلاردىن ئانچىلىك قايغۇرۇپ كەتمە. ئات دېگەن بىر ئېغىز ياخشى سۆزگە ئەرزىمەيدۇ، بىز بۇ ئاتلارغا

ئاز ۋاقىت مىنىمىز — ياخشىراقلىرىنى تېپىش بىلەنلا، بۇلارنى ئىگىسىگە قايتۇرىمىز. ئەگەر ئىگىلىرى ئاتلارنى كىم ئەكەتتى؟ دەپ سوراپ قالسا، كراسنوكۇتىسكايا بازىرىنىڭ ساقچىلىرى ئەكەتتى دەرسەن. ئىگىلىرى شۇ يەرگە بېرىۋەرسۇن، بىز ھازىر باندىتلارنى قوغلاپ كېتىۋاتىمىز، سەنمۇ شۇنداق دېگىن!

بۇلار چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن فومىننىڭ ئىنىسى بىلەن خوشلاشتى، ئاندىن سولغا بۇرۇلۇپ، بەش كىشىنىڭ ھەممىسى غەربىي - جەنۇبقا قاراپ، ئاتلىرىنى تېز چاپتۇرۇپ كەتتى. مىش - مىشلەرگە قارىغاندا، مېشكوۋسكايا يېزىسىنىڭ يېقىن بىر يېرىدە شۇ كۈنلەردە ماسلاكىنىڭ باندىسى پەيدا بولغانمىش. شۇ باندىغا قوشۇلۇۋېلىشقا بەل باغلىغان فومىن شۇ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

× ×

ماسلاكىنىڭ باندىسىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن ئۇلار ئوڭ قىرغاقتىكى دالا يوللىرى بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز يۈردى، چوڭ يېزىلار ۋە بازارلارغا كىرىشتىن ساقلاندى. كارگىنىسكايا بازىرى بىلەن چېگرىداش بولغان تاۋرىچان يېزىلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ناچار ئاتلىرىنى قورسىقى توق، يۈگۈرۈك ئاتلارغا ئالماشتۇرۇۋالدى.

تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە ۋېژى يېزىسىغا يېقىن بىر يەردە گرىگورىي يىراقتىكى داۋاننىڭ ئۈستىدە بىر توپ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي يۈرۈش كالوننىسى بويىچە كېتىۋاتقانلىقىنى بىرىنچى بولۇپ كۆرۈپ قالدى. يول بويلاپ ماڭغانلىرى ئىككى

ئىسكادرونىدىن كەم ئەمەس ئىدى، ئالدىدا ۋە ئىككى تەرەپتە كىچىكرەك چارلىغۇچىلار ئەترەتلىرى كېلىۋاتاتتى.

— ياكى ماسلاك، ياكى...، — فومىن كۆزىگە دۇربۇننى تۇتتى.

— ياكى يامغۇر، ياكى قار، ياكى ياغىدۇ، ياكى ياغمايدۇ، — دېدى چۇماكوف مەسخىرە ئارىلاش، — ياخشىراق قارا، ياكوف يېفىموۋىچ، ئۇنداق بولمىغاندا، قىزىللار بولۇپ قالسا بىز ئاتنىڭ بېشىنى بۇرىشىمىز كېرەك، يەنە كېلىپ تېزرەك بۇرىشىمىز كېرەك!

— ئۇلارنى بۇ يەردىن قانداق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ! — دېدى فومىن ئەپسۇسلىنىپ.

— قاراڭلار! ئۇلار بىزنى كۆرۈپ قېلىشتى بولغاي! چارلىغۇچىلار بۇ يەرگە چېپىپ كېلىشىۋاتىدۇ! — دېدى ستېرلەدنىكوف.

دەرۋەقە، بۇلارنى كۆرۈپ قېلىشقانىدى. ئوڭ تەرەپ بىلەن كېلىۋاتقان ئەترەت شارتلا بۇرۇلدى - دە، ئاتلىرىنى يورغىغا سېلىپ، بۇلارغا قاراپ يول ئالدى. فومىن ئالدىراش دۇربۇننى قېپىغا سېلىۋىدى، ئەمما گرىگورىي كۈلۈپ، ئېگەردىن ئېگىشىپ، فومىننىڭ ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىسىدىن تۇتۇۋالدى.

— ئالدىرىما! يېقىنراق كەلسۇن، ئۇلارنىڭ بار - يوقى 12 كىشى، ئۇلارنى ئوبدانراق پەرق ئېتەيلى، ئەگەر باشقىچە ئەھۋال بولۇپ قالسا، چېپىپ كېتىشىمىزگىمۇ بولىدۇ. ئاستىمىزدىكى ئاتلار ياخشى، نېمە قورقىسەن؟ دۇربۇندىن قارا!

12 ئاتلىقنىڭ قارىسى مىنۇتسېرى چوڭىيىپ، بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ گەۋدىلىرى ياش مايسا قاپلىغان ئېدىرنىڭ يېشىل مەنزىرىسىدە ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

گرىگورىي ۋە باشقىلار سەۋرسىزلىك بىلەن فومىنغا قاراپ

تۈرۈشاتتى. فومىننىڭ دۈربۈن تۇتقان قوللىرى سەل تىترەشكە باشلىدى. ئۇ تازا سىنچىلاپ قارىغانىدىكى، كۆن تەرەپتىكى مەگزىدىن ياش تامچىلىرى ئېقىپ چۈشتى.

— قىزىللار! فۇراژكىلىرىدا يۇلتۇز بار!...، — ئاخىر فومىن پەس ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىۋەتتى - دە، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى.

قېچىش باشلاندى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاندا - ساندا يەككە - يەككە ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. گرىگورىي تۆت چاقىرىم ئارىلىقتا فومىن بىلەن قاتارلىشىپ، ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ناگان - ناگاندا ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى.

— مانا قوشۇلدۇق!...، — دېدى ئۇ مەسخىرە ئارىلاش.

فومىننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئۇنچىقمىدى. چۇماكوف ئېتىنىڭ بېشىنى سەل تارتىپ، ۋارقىرىدى:

— يېزىلارنى يانداپ قېچىش كېرەك! ۋېشېنسكايانىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈۋالساق، ئۇ يەر خالىيراق.

يەنە بىرنەچچە چاقىرىم قاتتىق چاپقاندىن كېيىن ئاتلىرى بوشىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ سوزۇلۇپ كەتكەن بويۇنلىرىدا ئاپئاق كۆپۈكتەك تەر چىپىلداپ كەتتى، يول - يول قۇرۇق پەيدا بولدى.

— ئاستىراق چېپىش كېرەك! تىزگىننى تارت!— دەپ كوماندا بەردى گرىگورىي.

ئارقا تەرەپتە بۇلارنى قوغلاپ كېلىۋاتقان 12 ئاتلىقتىن پەقەت توققۇزى قالدى، قالغانلىرى كېيىن قېپقالدى. گرىگورىي ئارىلىقنى كۆزى بىلەن مۆلچەرلەپ كۆرۈپ:

— توختا! ئۇلارنى ئوققا تۇتايلى!...،— دەپ ۋارقىرىدى.

بەشەيلەننىڭ ھەممىسى ئاتلىرىنى يورغىغا سېلىپ، يۈرۈشنى توختاتماستىن ئاتتىن چۈشۈشتى، مىلتىقلىرىنى ئېلىشتى.

— تىزگىننى تۇت! سول چەتتىكى دائىمىي نىشانغا ئال...ئوگون!

بۇلار بىر تىزىقتىن ئوق ئېتىشتى، بىر قىزىل ئەسكەرنىڭ ئاستىدىكى ئاتنى ئۆلتۈرۈشتى ـ دە، يەنە قېچىشقا باشلىدى. قىزىل ئەسكەرلەر بۇلارنى قوغلاشنى بوشاشتۇرۇپ قويدى. يىراق مۇساپىدىن ئاندا ـ ساندا ئوق چىقىرىپ قويۇپ، ئاخىردا پۈتۈنلەي قېپقالدى.

— ئاتلارنى سۇغىرىش كېرەك، ئەنە كۆل، — دېدى سىتېرلەدنىكوف يىراقتا كۆكىرىپ كۆرۈنگەن دالا كۆلىنى قامچىسى بىلەن كۆرسىتىپ.

بۇلار ئەمدى قەدەملەپ مېڭىپ، ئۇچراشقان ساي ـ جىرالارغا دىققەت بىلەن كۆز سېلىپ، ئىلاجىكى بار كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئېگىز ـ پەس يەرلەر بىلەن مېڭىشقا تىرىشىپ كېلىۋاتاتتى.

كۆلدە ئاتلارنى سۇغىرىشىپ، يەنە يولغا چۈشۈشتى، ئاۋۋال قەدەملەپ مېڭىشتى، بىرئازدىن كېيىن ئاتلىرىنى يورغىغا سېلىشتى. چۈش بولغاندا ئاتلىرىنى يېقىش ئۈچۈن دالانى قىيا كېسىپ ئۆتكەن چوڭقۇر بىر سايىنىڭ يان باغرىغا كېلىپ توختاشتى. قومىن كوشېلوفقا يېقىن يەردىكى قورغان تۆپىسىگە پىيادە چىقىپ، شۇ يەردە يېتىپ كۆزەت قىلىپ تۇرۇشنى تاپشۇردى. مۇبادا دالىنىڭ بىر يېرىدە ئاتلىقلار كۆرۈنۈپ قالسا كوشېلوف دەرھال ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئاتلارنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىشقا تېگىشلىك ئىدى.

گرىگورىي ئېتىنىڭ پۇتىنى چۈشەپ، ئوتلاشقا قويۇۋەتتى، ئۆزى قىيالىقتىن قۇرۇقراق يەرتاللاپ، يانپاشلاپ ياتتى. بۇ يەردە، سايىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ياش مايسا ئوتلار ئېگىز ھەم قويۇق ئۆسكەنىدى. ئاپتاپتا قىزىغان قارا تۇپراق يەرنىڭ چۈچۈمەل پۇرىقى چېچىكى ئېچىلىپ بولغان دالا بىنەپشە گۈللىرىنىڭ ئىنتايىن خۇشبۇي ھىدىنى بېسىپ كېتەلمىگەن. بۇ گۈللەر قاقاس بوز يەرلەردىمۇ ئۆسكەن، قاشقابېدىنىڭ قۇرۇغان

غوللىرىنىڭ ئارىسىدىنمۇ يېرىپ چىققان، بىر زاماندىكى چۈنەك-لەرنىڭ چەتلىرىگە گۈل كەشتە سالغان، ھەتتا تاشلىق، قاتتىق بوز يەردىمۇ ئۆلارنىڭ سەبىيلەرچە مەسۇم ھاۋا رەڭ كۆزلىرى بولتۇرقى سولغان ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىدىن دۇنياغا مۆل-دۈرلەپ قاراپ تۇراتتى. بۇ قاقاس كەڭ دالادا بىنەپشە گۈللەر ئۆزىنىڭ چەكلىك ئۆمرىنى سۈرۈپ بولغانىدى، ئەمما بۇلارنىڭ ئورنىغا ساينىڭ يان باغرىدا، شورتاڭ يەرلەردە ئاجايىپ پارقىراق لالىگۈللەر ئۆزىنىڭ ئاچ قىزىل، سېرىق ۋە ئاق كاسىلىرىنى كۈنگە قارىتىپ، تىنىك بوي سوزغانىدى، شامال گۈللەرنىڭ ھەر خىل پۇراقلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، دالا بويلاپ تارقىتىپ يىراقلارغا ئەكىتەتتى.

شىمالىي قىيانىڭ تىك يەمىرىلىپ چۈشكەن يېرىدە سايە سالقىن قويىندا نەملىك بىلەن بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قار قاتلاملىرى ھېلىمۇ يالپاقلىنىپ ياتاتتى. بۇ قار قاتلاملىرىدىن سوغۇق ھاۋانىڭ بويى كېلەتتى، ئەمما بۇ سو-غۇق چېچەك ئېچىپ بولغان بىنەپشە گۈللەرنىڭ نائېنىق ۋە مەھ-زۇن ھىدىنى ئۆتمۈشنىڭ قىممەتلىك خاتىرىسى سۈپىتىدە ئېخىمۇ كۈچەيتەتتى.

گرىگورىي پۇتلىرىنى كېرىپ، جەينىكىگە يۆلىنىپ ياتاتتى، ئۇ ئاپتاپتا تۇتەپ تۇرغان دالاغا، يىراق قىر تۆپە ئۈستىدە كۆكىرىپ تۇرغان كۆزەت قورغانلىرىغا، قىيانىڭ چېتىدىكى ئېقىن سۇدەك ۋىلىلداپ تۇرغان سەراپقا تەشنالىق بىلەن كۆز تىكەتتى. ئۇ بىر مىنۇت كۆزىنى يۇمۇپ، يېقىن ۋە يىراقتىكى تورغايلارنىڭ نەغمە ناۋاسىغا، ئوتلاۋاتقان ئاتلارنىڭ شىپىرلىغان قەدەم تاۋۇ-شىغا ۋە پىشقىرىشىغا، ئېغىزدۇرۇقنىڭ جىرىڭلىشىغا ۋە شامالنىڭ ياش مايسىلار ئارىسىدا شىۋىرلىشىغا قۇلاق سالاتتى... ئۇ قاتتىق يەرگە پۈتۈن گەۋدىسىنى يېقىپ، ھېچنىمىنى ئويلىماسلىق، بىخەم-

لىكتىن ئىبارەت غەلىتە تۇيغۇنى باشتىن كەچۈرەتتى. بۇ تۇيغۇ ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن بۇيان تونۇش ئىدى. بۇ تۇيغۇ ھەمىشە تەشۋىش تارتقاندىن كېيىن كېلەتتى، بۇ چاغدا گرىگورىي ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى يېڭىدىن كۆرۈۋاتقاندەك بولاتتى. ئۇنىڭ كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارى ئۆتكۈرلەشكەندەك بولاتتى - دە، بۇرۇن بايقىماستىن ئۆتۈپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئۇ ھازىر بىر قارچىغىنىڭ كىچىككىنە بىر قۇشنى قوغلاپ، غۇيۇلداپ قىيپاش ئۇچۇپ ئۆتكەنلىكىگىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىككى چەيىنىكى ئارىلىقىدا بىر قارا قوڭغۇزنىڭ ئاستا مېڭىپ، بىر چەتكە تەسلىكتە يەتكەنلىكىگىمۇ، قىزلار جامالىدەك نۇر چېچىپ تۇرغان توق قىزىل لالىنىڭ شامالدا مۇلايىم تەۋرەنگەنلىكىگىمۇ تەڭ قىزىقىش بىلەن نەزەر سېلىپ قاراپ تۇردى. لالە يېقىنلا يەردە، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن سۇغۇر ئۇۋىسىنىڭ چېتىدە ئۆسكەنىدى. ئۇنى ئۈزۈشكە قول ئۇزارتىسىلا يېتەتتى، ئەمما گرىگورىي بۇ گۈلگە مەھلىيا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتىگەنكى شەبنەمنىڭ مەرۋايىتتەك تامچىلىرىنى رەشك بىلەن ساقلاپ تۇرغان غولىنىڭ زىچ ياپراقلىرىغا ئىنچىقماستىن زوقلىنىپ، مىدىرلىماستىن ياتاتتى. ئۇندىن كېيىن ئۇ نەزەرىنى يۆتكەپ، ئۇپۇقتا، تاشلاندۇق سۇغۇر ئۇۋىلىرىنىڭ ۋەيرانە قەلئەسى ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ كېتىۋاتقان بۈركۈتنى ھېچ ئويى ئويلىماستىن ئۇزاققىچە كۆزىتىپ تۇردى...

ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۇلار يەنە ئاتلىرىغا مىنىشتى - دە، يېلانسكايا بازىرىنىڭ تونۇش يېزىلىرىغا كەچ كىرگۈچە يېتىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشتى.

قىزىل ئارمىيە چارلىغۇچىلىرى بۇلارنىڭ كېتىپ بارغانلىقى توغرۇلۇق تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇلار كامىنكا يېزىسىغا كىرگەندە ئۆستەڭنىڭ نېرىقى تەرىپىدە

بىر يەردىن بۆلارغا قارىتا تارسىلداپ ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى. چىرقىراپ ئۆتكەن ئوق فومىننى باشقا ياققا بۇرۇلۇشقا مەجبۇر قىلدى. بۆلار يامغۇردەك ياغقان ئوق ئاستىدا يېزىنىڭ چېتى بىلەن چېپىپ ئۆتۈشتى ـ دە، كۆپ ئۆتمەي ۋېشېنىسكايا بازىرىنىڭ يىلقا باقىدىغان يېرىگە چىقىشۋالدى. توپكايابالكا يېزىسىنىڭ تېشىدا بۆلارنى كىچىككىنە ساقچى ئەترەت قولغا چۈشۈرۈشكە ھەرىكەت قىلدى.

— سول تەرەپتىن ئايلىنىپ ئۆتەيلى، — دەپ تەكلىپ بەردى فومىن.

— ئاتاكىغا ئۆتىمىز، — دېدى گرىگورىي كەسكىن تۇردە، — ئۇلار توققۇز كىشى، بىز بەش، ئادەم يېرىپ ئۆتىمىز!

ئۇنىڭ پىكرىنى چۇماكوف بىلەن ستېرلەدنىكوف قوللىدى. ئۇلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ھارغان ئاتلىرىنى تېز چاپتۇرۇپ مېڭىشتى. ساقچىلار ئاتلىرىدىن چۈشمەستىن، توختىماستىن ئوق ئېتىشتى، ئۇندىن كېيىن بۆلارنىڭ ئاتاكىسىغا تاقابىل تۇرماستىن، بىر تەرەپكە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىشتى.

— بۇ كۆچى ئاجىز كوماندا، ئۇلار قارار يېزىشقا ئۇستا، ئەمما جەڭدە ئېلىشىشقا ئاجىز! — دەپ ۋارقىراپ سۆزلىدى كوشېلوف مەسخىرە بىلەن.

ساقچىلار بۆلارنىڭ ئارقىسىدىن قالماي، بېسىپ كېلىشكە باشلىغان چاغدا، فومىن ۋە قالغان ئادەملەر ئوق ئېتىپ تۇرۇپ ئۆزىنى قوغداپ، شەرققە قاراپ كېتىشتى، تايغان ئىتلار قوغلاپ كېتىۋاتقان بۆرىلەردەك: ئاندا ـ ساندا غىڭشىپ، ھاسىراپ، توختىماستىن كېتىۋېرىشتى. ئېتىشمىلارنىڭ بىرىدە ستېرلەدنىكوف يارىدار بولدى. ئوق سول پاقالچىقىنىڭ سۆڭىكىنى سەل زەخىملەندۈرۈپ، تېشىپ ئۆتكەنىدى. ستېرلەدنىكوف پۇتىنىڭ ئاغرىشىدىن ئۇھ ـ ئۇھلاشقا باشلىدى، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— پۇتۇمغا تەگدى... يەنىلا شۇ ئاقساق ئايىغىمغا...

ۋاي ئېپلاسەي، نېمە قىلغىنى بۇ؟ — دېدى ئۇ.

چۇماكوف ئارقىسىغا قايتىپ، كانىيى يىرتىلغۇدەك قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇ شۇنداق كۈلدىكى، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئۇ قولىغا يۆلىنىۋالغان ستېرلەدنىكوفنى ئاتقا مىنگۈزۈۋېتىپ، هامان خىخىلدايتتى:

— ۋاي - ۋاي، ئۇلارنىڭ شۇ پۇتۇكىنى تاللىغىنىنى قارىمامدىغان! ئۇلار قەستەن شۇ يېرىگىنى نىشانغا ئاپتۇ... ئۇلار بىر ئاقساقنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، توختا، ئاشۇ پۇتۇكىنى ئۈزۈپ تاشلايلى، دەپ ئويلاپتۇ... ۋاي، ستېرلەدنىكوف! ۋاي بىچارە! پۇتۇڭ يەنە بىر غېرىچ قىسقىراپ كېتەرمىكىسەن... ئەمدى قانداقمۇ ئۇسسۇل ئوينارسەن؟ ئەمدى ماڭا پۇتۇكىغا بىر گەز چوڭقۇرلۇقتا ئورا قېزىشقا توغرا كېلىدۇ...

— تولا سۆزلىمە، ۋالاقتەككۈر! سەن بىلەن چاقچاقلاشقۇدەك هالىم يوق! ئاغزىڭنى يۇم، خۇدا هەققى، — دېدى ستېرلەدنىكوف ئاغرىقتىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

يېرىم سائەت ئۆتكەچ، سان - ساناقسىز سايلارنىڭ بىرىنىڭ قىرىغا چىققاندا، ئۇ ئۆتۈنۈش قىلدى:

— توختاپ، ئازراق دەم ئالايلىچۇ... مەن يارامنى تېڭىۋالاي، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۆتۈكۈمگە قان تولۇپ كەتتى.

بۇلار توختاشتى. گرىگورىي ئاتلارنى تۇتۇپ تۇردى، فومىن بىلەن كوشېلوف يىراقتا قارىسى كۆرۈنگەن ساقچىلارغا ئاندا - ساندا ئوق ئېتىپ تۇردى. چۇماكوف ستېرلەدنىكوفنىڭ ئايىغىنى سېلىشىغا ياردەملەشتى.

— قان هەقىقەتەن جىق چىقىپ كېتىپتۇ...، — دېدى چۇماكوف قاپىقىنى تۈرۈپ، ئۆتۈكتىكى ئۇيۇپ قالغان قاننى يەرگە تۆكۈپ.

ئۇ قانغا مىلەنگەن شىمنى قىلىچ بىلەن تىلماقچى بولۇ-

ۋىدى، ئەمما ستېرالەدنىكوف ئۇنىمىدى.

— شىمىسىم يېپېيېڭى ئوبدان تۇرسا، ئۇنى يېرىشنىڭ نېمە كېرىكى بار، — دېدى ئۇ ئىككى قولىنى يەرگە تىرەپ، يارىلانغان پۇتىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، — ئىشتاننى تارت، ۋۇي، ئاستىراق.

— داكا بارمۇ سەندە؟ — دەپ سورىدى چۇماكوف ئىككى يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ.

— داكا نېمە قىلىدۇ مەندە؟ داكا بولمىسىمۇ بىر نېمە قىلارمىز.

ستېرلەدنىكوف يارىنىڭ ئاغزىغا ئوبدان قاراپ چىققاندىن كېيىن بىر دانە پاتروننىڭ ئوقىنى چىشى بىلەن تارتىپ چىقىرىپ، مىشەكتىكى دورىنى ئالقىنىغا تۆكتى، ئاندىن بىر چىمدىم توپىنى تۈكۈرۈكى بىلەن نەمدەپ، مىلتىق دورىسى بىلەن ئۇزاققىچە ئارىلاشتۇردى. ئاندىن ئوق تەشكەن ھەر ئىككى تەرەپتىكى تۆشۈكنى ئارىلاشما بىلەن ئوبدان مايلاپ، مەمنۇن سۆزلەپ كەتتى:

— بۇ سىناقتىن ئۆتكەن ئىش! يارا قۇرۇپ، ئىككى سوتكا ئۆتكەندىن كېيىن ئىتنىڭ يارىسىدەك، تېزلا ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئۇلار چىر دەرياسىغا يېتىپ بارغۇچە ھېچ يەردە توختاشمىدى. ساقچىلار بىر تالاي يەر ئارقىدا كېلىۋاتاتتى، ئۇ تەرەپتىن ئاندا - ساندىلا ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. فومىن پات - پات ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى.

— ئۇلار بىزنى كۆزدىن يۈتتۈرمەي، ئەگىشىپ كېلىۋاتىدۇ... ياكى ئۇ تەرەپتىن ياردەم كۈتۈۋاتامدىكىن؟ ئۇلارنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقى بىكار ئىش...، — دەيتتى ئۇ.

ۋىسلوگۇزوۋدىكى يېزىسىغا كەلگەندە ئۇلار چىر دەرياسى-

نى كېچىپ ئۆتتى، ئاندىن پىيادە بولۇپ ۋىيا دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىشتى. ئاتلىرى ئىنتايىن چارچىغانىدى. ئۇلار تاغنىڭ ئېتىكىدىكى چاغدا ئات ئۈستىدە ئانچە - مۇنچە سوكۇلدىتىپ ماڭغانىدى، ئەمما ئۆرىگە چىققاندا ئاتلارنىڭ ئىككى بىقىنى بىلەن ساغرىسىدىكى ئاپئاق كۆپۈكنى ئالقىنى بىلەن سىيرىپ چۈشۈرۈپ، تىزگىنىدىن يېتىلەپ مېڭىشتى.

فومىننىڭ مۆلچېرى توغرا بولۇپ چىقتى: ۋىسلوگوزوۋىسكەدىن بەش چاقىرىم يەردە يېڭى، يۈگۈرۈك ئاتلارغا مىنگەن يەتتە كىشى بۇلارنى قوغلاشقا چۈشكەنىدى.

— ئەگەر ئۇلار بىزنى بۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ ئالمىشىپ قوغلايدىغان بولسا — تۈگەشكىنىمىز شۇ! — دېدى كوشېلوف غەمكىن بولۇپ.

ئۇلار يولسىز دالا بىلەن كېتىۋاتاتتى. نۆۋەت بىلەن ئوق چىقىرىپ قوغدىناتتى: ئىككى كىشى ئوت - چۆپ ئارىسىدا يېتىۋېلىپ ئوت ئاچقان چاغدا، قالغانلىرى 200 سارجىن يەرگە بېرىۋالغاندىن كېيىن دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، دۈشمەننى ئوققا تۇتاتتى، بۇ چاغدا دەسلەپكى ئىككى ئادەم ئالغا 400 سارجىن چېپىپ بېرىۋېلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلاتتى. بۇلار بىر ساقچىنى ئۆلتۈرۈشتى ياكى ئېغىر يارىدار قىلىشتى، ئىككىنچى ساقچىنىڭ ئاستىدىكى ئاتنى ئۆلتۈردى. كۆپ ئۆتمەي چۇماكوفنىڭ ئاستىدىكى ئاتمۇ ئۆلدى. چۇماكوف كوشېلوفنىڭ ئۈزەڭگىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئات بىلەن يانمۇيان يۈگۈرۈپ ماڭدى.

سايە ئۇزىراشقا باشلىدى. كۈن زاۋالغا ئاغدى. گرىگورىي بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلماي ماڭايلى، دەپ تەكىتلىدى - دە، ھەممەيلەن بىرلىكتە ئاتلىرىنى ئاستا قەدەم بىلەن ماڭغۇزۇشتى. چۇماكوف ئاتلار بىلەن تەڭ قەدەم تاشلاپ، پىيادە كېلىۋاتاتتى.

كېيىن ئۇلار ئېدىرنىڭ قىرى ئۈستىدە جۈپ ئات قوشۇلغان هارۋىنى كۆرۈپ قېلىپ، يولغا بۇرۇلدى. ياشىنىپ قالغان ساقاللىق هارۋىكەش كازاك ئاتلىرىنى قامچىلاپ، تېز چاپتۇرۇشقا كىرىشكەنىدى، ئەمما مىلتىق ئېتىلغاندىن كېيىن توختاشقا مەجبۇر بولدى.

— چېپىپ تاشلايمەن بۇ رەزىلنى! قانداق قاچىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا بىلىدۇ ...، — دېدى كوشېلوف چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، بار كۈچى بىلەن ئېتىنى قامچىلاپ، ئالغا ئىنتىلىپ.

— ساشكا، ئۇنىڭغا تەگمە، يول قويمايمەن! — فومىن ئۇنى ئاگاهلاندۇردى - دە، يىراقتىنلا ۋارقىراشقا باشلىدى، — بوۋا، ئاتلىرىڭنى چىقار، ئاڭلىدىڭمۇ؟ تىرىك چېغىڭدا ئاتلارنى هارۋىدىن چىقار!

چالنىڭ ياش تۆكۈپ يالۋۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالماستىن، ئۇلار ئۆزلىرى قېيىش تاسمىلارنى يەشتى، ئاتنىڭ بويىنىدىن جۇمبا - جاۋەنلەرنى ئېلىپ تاشلاپ، چاققانلىق بىلەن ئېگەر توقۇدى.

— ئورنىغا هېچ بولمىغاندا، ئۆز ئاتلىرىڭلاردىن بىرىنى قالدۇرۇپ كېتىڭلار!— دەپ يېلىندى چال يىغلاپ.

— چىشلىرىڭنى سۇندۇرۇۋېتىشنى خالامسەن، قېرى شەيتان؟— دېدى كوشېلوف، — ئاتلار ئۆزىمىزگە كېرەك! تىرىك قالغانلىقىڭ ئۈچۈن مىڭ قەتل شۈكرى قىل...

فومىن بىلەن چۇماكوف يېڭى ئاتلارغا مىندى. بۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىقتا كۆپ ئۆتمەي يەنە ئۈچ كىشى قوشۇلدى.

— تېزرەك مېڭىش كېرەك! ئاتنى تېزلىتىڭلار، يىگىتلەر! — دېدى فومىن، — كەچ كىرگۈچە كىرىۋوسكى سايلىرىغا بېرىۋالساق، ئۇچاغدا قۇتۇلغان بولىمىز...

ئۇ ئۆز ئېتىنى قامچىلاپ ئالغا قاراپ چېپىپ كەتتى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە قىسقا ئارىلىقتا ئىككىنچى ئات چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئات تۇياقلىرى ئۈزۈپ تاشلىغان لالىگۈللەرنىڭ قىپقىزىل باشلىرى گويا چوڭ - چوڭ قان تامچىلىرىدەك ھەر تەرەپكە چاچراپ چۈشەتتى. فومىننىڭ ئارقىسىدىن چېپىپ كېلىۋاتقان گرىگورىي قاندەك چاچرىغان بۇ گۈللەرگە قاراپ، كۆزىنى يۇمدى. ئېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ، ئۆزىگە تونۇشلۇق يۈرەك ئاغرىقى سانجىپ ئاغرىشقا باشلىدى...

ئاتلار ئاخىرقى كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزلۈكسىز چېپىۋېرىش ۋە ئاچلىقتىن ئادەملەرنىڭمۇ مادارى قۇرۇغانىدى. ستېرلەدنىكوف ئەمدىلىكتە ئېگەر ئۈستىدە تەۋرىنىپ، چىرايى خەسىدەك ئاقىرىپ ئاران كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن كۆپ قان كەتتى. ئۇنى ئۇسسۇزلۇق بىلەن كۆڭلى ئايىنىش قىنايتتى. ئۇ بىرئاز قېتىپ قالغان ناننى يېگەنىدى، ئەمما شۇزامانلا قۇسۇۋەتتى.

گۇگۇم چۈشكەندە كرىۋوسكى يېزىسىغا يېقىن بىر يەردە ئۇلار دالادىن قايتقان يىلقىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىشتى، قوغلاپ كېلىۋاتقانلارغا ئاخىرقى قېتىم بىرنەچچە پاي ئوق ئاتقاندىن كېيىن قوغلاشنىڭ توختىغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشال بولۇشتى. توققۇز ئاتلىق يىراق بىر يەردە بىر جايغا توپلاندى، قارىغاندا، مەسلىھەت قىلىشتى بولغاي، شۇندىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قايتىپ كېتىشتى.

× ×

كرىۋوسكى يېزىسىدا فومىننىڭ بىر كازاك تونۇشىنىڭ ئۆيىدە ئۇلار ئىككى كېچە - كۈندۈز تۇرۇشتى. ئۆي ئىگىسى ھال-

لىق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، شۇڭا بۇلارنى ئۇبدان كۈتۈۋالدى.
قاراڭغۇ سارايغا ئەكىرىپ قويۇلغان ئاتلار سۇلۇنى يەپ تۈگـ
تەلمىدى ۋە ئىككىنچى سوتكىنىڭ ئاخىرىـغا كەلگەنـدە ئۇبـدان
ھاردۇق چىقاردى. ئاتلارنى نۆۋەت بىلەن كۆزىتىشتى، ئۆمۈچۈك-
لەر تور تارتقان سالقىن توپان ئامبىرىدا ئۇلار قاتار تىزىلـ
شىپ، يېتىپ ئۇخلىدى ۋە ئارالدا ئاچارچىلىقتا ئۆتكۈزگەن كۈنـ
لەرنىڭ ئۆلۈشى ھېسابىغا ئىختىيارىيچە مول تاماق يېيىشتى.
بۇ يېزىدىن ئەتىسلا كېتىشكىمۇ بولاتتى، ئەمما ستېرلـەدـ
نىكوف بۇلارنى توختىتىپ قالدى: ئۇنىڭ يارىسى يامانلىشىپ،
ئەتىسى ئەتىگەن چۆرىسى قىزىرىپ كەتتى، كەچقۇرۇن پۇتـى
ئىششىپ كەتتى - دە، بىمار ھوشسىز يېتىپ قالدى. ئۇ ئۇسساپ
تۇراتتى. كېچىسى ھوشىغا كېلىش بىلەنلا سۇ سورايتتى، سۇنى
تەشنالىق بىلەن كۆپ ئىچەتتى. بىر كېچىدە بىر چېلەككـە يېـ
قىن سۇ ئىچەتتى، ئەمما باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەنمۇ ئورنىـ
دىن تۇرالمايتتى — سەل - پەل مىدىرلىسىلا قاتتىق ئاغرىـقـ
تىن جېنى قاقشايتتى. ئۇ ياتقان يېرىدىن تۇرالماي ئازاب چېـ
كەتتى ۋە تىنىمسىز ئاھ، ئۇراتتى. ئۇنىـڭ ئاھـۇ زارى ئاڭلىـ
نىپ قالمىسۇن دەپ ئۇنى سارايىنىڭ يىراق بىر بۇلۇڭىغا ئاپىرىپ
قويۇشقان بولسىمۇ، بۇنىڭ پايدىسى بولمىدى. بەزىدە ئۇ ناھاـ
يىتى قاتتىق نالە - پەرياد قىلاتتى، بەزىدە ھوشىدىن كېتەتـ
تى، بۇ چاغدا خۇدىنى بىلمەستىن جۆيلۈپ، كەلسە - كەلمەس
ۋارقىراپ كېتەتتى.
ئۇنىڭ يېنىدا نۆۋەتچىلىك قىلىشقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭغا
سۇ بېرىپ تۇرۇشتى، قىزىپ كەتكەن پېشانىسىگە ھۆل لۆڭگىنـى
بېسىپ تۇرۇشتى، قاتتىق نالە - زار قىلغان چاغدا ياكى جۆيـ
لۈشكە باشلىغان چاغدا ئالقىنى بىلەن ياكى شەپكىسى بىـلـەن
ئاغزىنى تىـوسۇشاتتى.

ئىككىنچى كۈنىنىڭ كەچ تەرىپىدە سىتېرلەدنىكوف ھوشىغا كەلدى ـ دە، بىرئاز ياخشىلىنىپ قالدىم دېدى.

— بۇ يەردىن قاچان ماڭىمىسلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ چۇماكوفتىن، بارمىقى بىلەن ئۇنى ئىملاپ قېشىغا چاقىرىپ.

— بۈگۈن كېچە.

— مەنمۇ كېتىمەن، مېنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويماڭلار، ئېيسا مەسىھ ھەققى!

— سەن نەگىمۇ بارالايسەن؟ — دېدى فومىن پەس ئاۋاز بىلەن، — سەن بۇ ھالىڭ بىلەن مىدىرلىيالمايسەن.

— مىدىرلىيالمىغىنىم قانداق گەپ؟ مانا قارا! — سىتېرلەدنىكوف كۆچىنىپ بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، شۇ ھامان يەنە لاسسىدە ياتتى.

يۈزى ئوتتەك لاۋۇلداپ كەتتى، پېشانىسىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى.

— سېنى ئەكېتىمىز، — دېدى چۇماكوف قەتئىي قىلىپ، — ئەكېتىمىز، قورقمىغىن! يېشىڭنى ئېرت، سەن خوتۇن كىشى ئەمەسقۇ.

— بۇ كۆز يېشى ئەمەس، تەر، — دېدى سىتېرلەدنىكوف ئاستا پىچىرلاپ ۋە شۇ زامان شەپكىسىنى كۆزىگە چۈشۈرۈپ قويدى.

— بۇ يەردە قېلىشقا خۇشال بولاتتىڭ، ئەمما ئۆي ئىگىسى ئۇنىمايۋاتىدۇ. قورقما، ۋاسىلىي! ئايىغىڭ ساقىيىپ كېتىدۇ، سەن بىلەن ئىككىمىز تېخى كازاچكا ئۇسسۇلىغا دەسسەپ چاڭ چىقىرىۋېتىمىز. نېمانچە روھىڭ چۈشۈپ كەتتى ـ ھە؟ كاشكى ياراڭ ئېغىر بولسىچۇ، ئانچىكىملا بىر گەپ!

باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەندە ھەمىشە قاتتىق قوپال سۆزلەيدىغان چۇماكوف بۇ قېتىم شۇنداق يېقىملىق، شۇنداق

دىلىنى ئېرىتىدىغان سەمىمىي مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىدىكى، گرىگورىي ھەيران بولۇپ، يالت قىلىپ قارىدى.

ئۇلار يېزىدىن تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا يولغا چىقىشتى. ستېپلەدنىكوفنى ئاتقا تەسلىكتە مىنگۈزۈشتى. ئەمما ئۇ ئېگەرنىڭ ئۈستىدە مۇستەقىل ئولتۇرالماي، بىر بۇياققا، بىر ئۇياققا يىقىلىپ تۇردى. چۇماكوف ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن بېقىنىدىن قۇچاقلاپ يانمۇيان ماڭدى.

— مانا، ئېغىر يۈك بولۇپ قالدى بۇ... بۇنى تاشلاپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى فومىن ئېتىنى گرىگورىي بىلەن تەڭلەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن بېشىنى غەمكىنلىك بىلەن چايقاپ.

— ئۇنى ئۆلتۈرۈپ كەتسەك دەمسەن؟

— ھە، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇنىڭ چىشلىرىغا قاراپ تۇرىمىزمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن بىز نەگىمۇ بارالايمىز؟

ئۇلار قەدەملەپ يۈرۈش بىلەن ئۇزاق يول ماڭدى. ئۈن چىقىشمىدى. چۇماكوفنىڭ ئورنىغا گرىگورىي، ئۇنىڭدىن كېيىن كوشېلېۋ ئالمىشىپ، ستېپلەدنىكوفنى يۆلەپ مېڭىشتى.

كۈن چىقتى. پەس تەرەپتە دوننىڭ ئۈستىدە تېخىچە ئاپئاق تۇمان پاغا - پاغا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، ئېدىرنىڭ ئۈستىدە ھاۋا سۈپسۈزۈك، كۆز يەتمەس دالا روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئاسمان گۈمبىزى مىنۇتسېرى تېخىمۇ كۆپكۆك تۈس ئېلىشقا باشلىدى. ھاۋانىڭ قەرىدە ماموقتەك ئاق بۇلۇتلار قىمىرلىماي تۇراتتى. ئوت - چۆپ كۈمۈش كىمخاب يېپىنغان، ئاتلار ماڭغان يەردە ئېرىقتەك قارا ئىز قالاتتى. دالانى باسقان ئۇلۇغۋار ۋە ئارامبەخش سۈكۈناتنى پەقەت تورغايلار بۇزۇپ تۇراتتى.

بېشىنى ئاتلارنىڭ قەدەم تاشلاشلىرىغا تەڭكەش قىلىپ،

ئىختىيارسىز لىڭشىپ كېلىۋاتقان ستېرلەدنىكوف ئۈنىنى ئاستا
چىقىرىپ:
— ئۇھ، ئەجەب قىينالدىم! — دېدى.
— ئۇنىڭغا ئۆچۈر، — دەپ قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى
بۆلدى فومىن، — سېنى پەپىلەپ يول يۈرۈش بىزگىمۇ ئوڭاي
چۈشكەن يوق!
گېتمان يولغا يېقىن بىر يەردە ئاتنىڭ ئايىغى ئاستىدىن
بىر ياۋا ئۆردەك پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قاناتلىرىدىن
دىرىلداپ چىققان زىل ئاۋاز ستېرلەدنىكوفنى هوشىغا كەلتۈردى.
— بۇرادەرلەر، مېنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ قويۇڭلار...، —
دەپ ئۆتۈندى ئۇ.
كوشېلوف بىلەن چۇماكوف ئۇنى ئېگەردىن ئاۋايلاپ ئېلىپ،
هۆل مايسا ئوتنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ:
— پۇتۇڭغا بىر قاراپ باقايلىچۇ، قانداق بولدىكىن، قېنى،
ئىشتىنىڭنىڭ تۈگمىسىنى يەش!— دېدى چۇماكوف زوڭزىيىپ
ئولتۇرۇپ.

ستېرلەدنىكوفنىڭ پۇتى دەھشەتلىك ئىششىغانىدى،
كەڭ ئىشتاننىڭ پاقالچىقى يىرتىلغۇدەك قاتتىق تارتىشىپ
كەتكەن. ئەق يوتىسىغىچە سۆسۈن رەڭدە كۆكىرىپ
كەتكەن تېرىسى پارقىراپ قالغان، سىيلاپ كۆرگەندە قارا
مەخمەلدەك قولغا ئۇرۇنغان داغلار ھەممە يەرنى قاپلىغان.
ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بۇغداي رەڭ قورساقنىڭ
ئۈستىدىمۇ سەل ئېقىشراق تۈستە ئاشۇنداق داغلار پەيدا
بولۇپتۇ. يارىدىن، ئىشتىنىغا يېپىشىپ قېتىپ قالغان قارامتۇل
قاندىن بەتبۇي سېسىق پۇراق گۈپۈلدەپ تارىدى - دە،
چۇماكوف ئۆز دوستىنىڭ پۇتىغا ئالمان - تالمان قاراپ، قولى
بىلەن بۇرنىنى ئېتىۋالدى، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، گېلىغا

قىستاپ كەلگەن قۇسۇقنى تەسلىكتە توختىتىۋالدى. شۇندىن كېيىن ئۇ ستېرلەدنىكوفنىڭ كۆكرىپ پەسكە ساڭگىلاپ قالغان قاپاقلىرىغا دىققەت بىلەن قاراپ، فومىن بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى - دە، دېدى:

— قان زەھەرلىنىش كېسىلىگە ئوخشاپ قاپتۇ... شۇن - دا - اق... ئەھۋالىڭ يامان، ۋاسىلىي ستېرلەدنىكوف... مۇنداقلا بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ ئىشىڭ!... ئېھ، ۋاسە، ۋاسە، بۇ بالاغا قانداق گىرىپتار بولغانسەن...

ستېرلەدنىكوف قىسقا - قىسقا، تېز - تېز نەپەس ئېلىپ، بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى. فومىن بىلەن گرىگورىي خۇددى كوماندا بەرگەندەك ئاتلىرىدىن چۈشتى - دە، شامال سوققان تەرەپتىن ياردارنىڭ قېشىغا كېلىشتى. ستېرلەدنىكوف بىرئاز ياتتى - دە، قولىنى يەرگە تىرەپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى، خىرە ۋە ئۆز ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن جىددىي كۆزلىرى بىلەن ھەممەيلەنگە بىر - بىر قاراپ چىقتى.

— بۇرادەرلەر! مېنى ئەجەلگە تاپشۇرۇڭلار... مەن ئەمدى بۇ دۇنيانىڭ ئادىمى ئەمەس... قۇۋۋەت - مادارىم تۈگىدى. مىدىرلىغۇچىلىكىم قالمىدى.

ئۇ يەنە ئوڭدىسىغا ياتتى - دە، كۆزىنى يۇمدى. فومىن ۋە قالغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بۇنداق ئىلتىماسنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى بىلەتتى ۋە شۇنى كۈتۈشەتتى. فومىن كوشېلوفقا بىرلا كۆزىنى قىسىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلدى، كوشېلوف غىدىك - پىدىك قىلماستىنلا مورىسىدىن مىلتىقنى ئالدى. ئۇ چەتكىرەك چىقىپ تۇرغان چوماكوفنىڭ ئاغزىغا بىرنېمە دەرمىكىن دەپ قاراپ قېلىپ، «ئات!» دېگەن سۆزنى قولاق بىلەن ئاڭلىغاندىن بۇرۇنراق تېزلا پەملىگەنىدى. ئەمما ستېرلەدنىكوف يەنە كۆزىنى ئېچىپ، قەتئىيلىك بىلەن:

— مۇنۇ يېرىمگە ئات، — دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ، بارمىقى بىلەن قاڭشىرىنى كۆرسەتتى، — ئالەم بىلەن بىر يولى خوشلىشاي. مېنىڭ يېزامغا بېرىپ قالساڭلار ئايالىمغا: مۇنداق-مۇنداق ئىش بولدى دەڭلار... ئەمدى مېنى كۈتمىسۇن.

كوشېلوف نېمە قىلىشنى بىلمەي، ئىككىلىنىپ، ئۇزاققىچە زاتىۋور بىلەن ھەپىلىشىپ، ۋاقىتنى كېچىكتۈردى، ئاڭغىچە ستېرلەدنىكوف قاپىقىنى چۈشۈرۈپ، سۆزىنى ئېيتىپ تۈگىتىشكە ئۈلگۈردى:

— مېنىڭ يالغۇز ئايالىملا بار... بالام يوق... ئۇ بىر بالا تۇغقانىدى، ئۆلۈك تۇغۇلدى... ئۇنىدىن كېيىن تۇغمىدى...

كوشېلوف مىلتىقنى ئىككى قېتىم كۆتۈردى - دە، چىرايى بارغانسېرى ئۆڭۈپ، يەنە پەسكە چۈشۈردى... چۇماكوف غەزەپلىنىپ، ئۇنى مۈرىسى بىلەن ئىتتىرىپ، قولىدىن مىلتىقنى تارتىۋالدى.

— قولۇڭدىن كەلمىسە، بۇنداق ئىشقا كىرىشمە، ئىتتىن تۆرەلگەن نېمە.... — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ خىرىلداپ، ئاندىن بېشىدىن شەپكىسىنى ئېلىپ چېچىنى سىيلىدى.

— تېزرەك! — دەپ ئالدىراتتى فومىن پوتىنى ئۆزەڭگىگە قويۇۋېتىپ.

چۇماكوف، لايىقىدا بىر نەچچە ئېغىز سۆز ئېيتماقچى بولۇپ، بىرئاز كېچىكتۈرۈپ، ئاستا دېدى:

— ۋاسىلىي! خەير - خوش، مېنى ۋە قالغان ھەممىمىزنى كەچۈر، ئېيسا مەسىھ ھەققى! ئۇ دۇنيادا كۆرۈشەرمىز، ئاخىرەتتە سوراق قىلغاندا بىزگە ھۆكۈم چىقىرىدۇ... سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى ئايالىڭغا يەتكۈزىمىز، — چۇماكوب جاۋاب كۈتكەنىدى، ئەمما ستېرلەدنىكوف ئۈنچىقمىدى ۋە ئۆلۈمنى كۈتۈپ چىرايى ئاقىرىپ كەتتى. پەقەت ئاپتاپتا

كۆيگەن كىرپىكلىرى گويا شامال ئۇرغاندەك پىرىلداپ كەتتى ھەمدە نېمىشقىدۇر گىمناستېركىسىنىڭ مەيدىسىدىكى سۇنۇق تۈگمىسىنى يېشىشكە كىرىشكەن سول قولىنىڭ بارماقلىرى ئاستا تىترەشكە باشلىدى.

گرىگورىي ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن ئۆلۈمنى كۆرگەنىدى، ئەمما بۇنىڭ ئۆلۈمىگە قارىيالمىدى. ئۇ ئارقىسىدىن ماڭغان ئېتىنى تىزگىنىدىن كۈچ بىلەن سۆرەپ، ئالدىراش ئالغا قاراپ ماڭدى. سىلتىقنىڭ ئاۋازىنى ئۇ، گويا ئوق نەق ئۆزىنىڭ ئىككى تاغىقى ئوتتۇرىسىغا تېگىدىغاندەك بىر تۇيغۇ بىلەن كۈتۈپ تۇردى... شۇ ھالەتتە كۈتتى - دە، يۈرىكى سېكۇنتلارنى ساناپ بىرىۋاتقاندەك دۈپۈلدەپ تۇردى، ئەمما كەينىدە «چاڭ!» قىلىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەنلا پۇتلىرى تىترەپ قىسىسىپ كەتتى - دە، ئىككى ئايىغىنى ئاسمانغا تىككە كۆتۈرگەن ئېتىنى ئاران توختىتىۋالدى...

ئۇلار ئىككى سائەتچە ئۈنچىقماستىن يول يۈرۈشتى. پەقەت دەم ئېلىشقا توختىغان چاغدىلا چۇماكوف بۇ جىمجىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ بۇزدى. ئۇ ئالقىنى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋېلىپ بوغۇق ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن ئۇنى نېمىشقا ئاتقاندىمەن؟ ئۇنى دالاغا تاشلاپ كەتكەن بولساق، گۇناھىغا قالماس ئىدۇق. ئۇ كۆز ئالدىمدا شۇ پېتى تۇرۇۋېتۇ.

— سەن بۇنداق ئىشقا تېخىچە كۆنەلمەي كېلىۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى فومىن، — سەن شۇنچىلىك نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈرگەن تۇرۇقلۇق — تېخىچە ئۆگىنەلمىدىڭمۇ؟ سېنىڭ يۈرىكىڭ يۈرەك ئەمەس، دات باسقان تۆمۈر ئىكەن...

چۇماكوفنىڭ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتتى - دە، فومىنغا قەھرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى.

— سەن ھازىر ماڭا تەگمە، ياكوف يېفىموۋىچ! — دېدى ئۇ ئاستا ئاۋاز بىلەن، — سەن كۆڭلۈمنى ئاغرىتما، ئۇنداق بولمىغاندا، مەن سېنىمۇ توككىدە ئېتىپ چۈشۈرىمەن... ھەتتاكى بۇ ناھايىتى ئاسان!

— ساڭا تېگىپ نېمە قىلاتتىم؟ سەنسىزمۇ غېمىم ئېشىپ-تېشىپ تۇرۇپتۇ، — دېدى فومىن مۇرەسسە ئاھاڭىدا، شۇنىڭ بىلەن كۈن نۇرىدىن كۆزىنى قىسىپ، ئوڭدىسىغا ياتتى-دە، راھەتلىنىپ پۇت قولىنى سوزدى.

## 16

گرىگورىي ھېچ كۈتمىگەنىدىكى، بىر يېرىم ھەپتە ئىچىدە بۇلارغا يەنە 40 كازاك كېلىپ قوشۇلدى. بۇ ئادەملەر جەڭلەردە تىرىپىرەن قىلىنغان تۈرلۈك ئۇششاق باندىلارنىڭ قالدۇقلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆز ئاتامانلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئوكروكتا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەچكە، فومىننىڭ باندىسىغا جان دەپ قوشۇلۇۋالغانىدى. كىمگە خىزمەت قىلىش، كىمنى ئۆلتۈرۈش بۇلار ئۈچۈن پۈتۈنلەي بەرىبىر ئىدى، بۇلار پەقەت ئەركىن كۆچمەن ھايات كەچۈرۈش، قولغا چىققان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇلاش-تالاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسىلا بولدى. بۇلار تۈزۈلمەس بۇزۇق ئادەملەر ئىدى. فومىنمۇ ئۇلارغا نەپرەت بىلەن قاراپ، گرىگورىيغا: «ھەي، مېلېخوف، بىزگە ئادەم ئەمەس، كەلكۈننىڭ غەلدى-غاشلىرى كەپتۇ... ھەممىسى داردىن قاچقانلار!» — دېدى. فومىن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆزىنى ھامان «ئەمگەكچى خەلق ئازادلىقى يولىدىكى كۈرەشچىمەن» دەپ

ھېسابلايتتى، بۇ سۆزنى ئۇ بۇرۇنقىدەك پات - پات ئېيتمىسىمۇ، ئاندا - ساندا: «بىز — كازاك خەلقىنى ئازاد قىلغۇچىلار...» — دەيتتى. تولىمۇ ئەخمىقانە ئۇمىدلەر ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئاجرالمىغانىدى... ئۇ شېرىكلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىقلىرىغا يەنە بېپەرۋالىق بىلەن قارايدىغان بولۇۋالدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇتۇلغىلى بولمايدىغان يامان ئىش، بۇنىڭغا تەن بېرىش كېرەك، ۋاقتى كەلگەندە بۇلاڭچىلاردىن قۇتۇلىمەن، مۇنداق كىچىككىنە باندىنىڭ ئاتامانى بولمايمەن، قاچاندا بولمىسۇن قوزغىلاڭچى قىسىملارنىڭ ھەقىقىي سەركەردىسى بولىمەن دەپ ئويلاپ يۈرەتتى... ئەمما چۇماكوف تارتىنماستىن فومىنچىلارنىڭ ھەممىسىنى «قاراقچىلار» دەپ ئاتايتتى ۋە فومىننىڭ يۈزىگىلا: «سەن چوڭ يولنىڭ قاراقچىسىدىن باشقا ھېچنېمە ئەمەسسەن» — دەپ ئېيتىپ، كاننىي يىرتىلغۇچە تالاش - تارتىش قىلىپ كېتەتتى. قېشىدا باشقا ئادەملەر بولمىغاندا، بۇلارنىڭ ئارىسىدا پات - پات قاتتىق تالاش - تارتىش بولۇپ تۇراتتى.

— مەن سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى مۇستەھكەم غايىلىك كۈرەشچىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى فومىن زەردىسى قايناپ، قىپقىزىرىپ، — سەن ماڭا بولمىغۇر يامان ئاتاقنى تاقاۋاتىسەن! مېنىڭ غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىمنى سەن ئەخمەق چۈشىنەمسەن؟!

— سەن مېنى كولدۇرلاتما! — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى چۇماكوف، — سەن ماڭا كۆز بويامچىلىق قىلما. مەن كىچىك بالا ئەمەس! غايىلىك كۈرەشچى چىقىپ قاپتۇ تېخى! سەن سېپى ئۆزىدىن قاراقچى، باشقا ھېچنېمە ئەمەسسەن. سەن بۇ سۆزدىن نېمانچە قورقىسەن؟ ھېچ چۈشەنمەيمەن!

— سەن مېنى نېمىشقا ھاقارەتلەيسەن؟ ئاغزىڭغا نېمىشقا

بۇنداق يامان گەپ كىرىدۇ؟! مەن ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردۈم، ئۇنىڭغا قارشى قولۇمغا قورال ئېلىپ كۈرەش قىلىۋاتىمەن. مەن قانداقمۇ قاراقچى بولاي؟...

— مانا سەن شۇنىڭ ئۈچۈن قاراقچىسەنكى، ھاكىمىيەتكە قارشى چىقتىڭ. قاراقچىلار — ھەمىشە ھاكىمىيەتكە قارشى چىقىدۇ، ئەلمىساقتىن بېرى شۇنداق. سوۋېت ھاكىمىيىتى قانداقلا بولمىسۇن، بەرىبىر ھاكىمىيەت، بۇ ھاكىمىيەت 17 - يىلدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتىدۇ، كىمىكى بۇ ھاكىمىيەتكە قارشى چىقىدىكەن — بۇ ئادەم نەق قاراقچى.

— كاللاڭدا مېڭە يوق! گېنېرال كراسنوف ياكى دېنىكىنچۇ — بۇلارمۇ قاراقچىمۇ؟

— قاراقچى بولماي نېمە؟ پەقەت مۈرىسىدە زەرباب پاگونلىرى بار... زەر پاگون دېگەن كىچىككىنە بىر گەپ. ئۇنى سەن بىلەن بىز تاقىساق تاقاۋېرىمىز...

فومىن مۇشتى بىلەن يەرنى مۇشتلاپ، بىرنى تۈكۈردى - دە، ئىشەنچلىك دەلىل تاپالماي، پايدىسىز گەپ تالىشىشنى توختاتتى. چۇماكوفنى بىر نەرسىگە ئىشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى...

باندىغا يېڭىدىن كىرگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى ياخشى قوراللانغان بولۇپ، كىيىملىرىمۇ ياخشى ئىدى، ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ياخشى ئاتلىرى بار ئىدى، بۇ ئاتلار ئاخىرى يوق ئۇزۇن مەنزىللەرگە ئۆگەنگەن ۋە كۈنىگە قىينالماستىن 100 چاقىرىم يول باسالايدىغان ئاتلار ئىدى. بەزىلىرىنىڭ تېخى ئىككىدىن ئېتى بار ئىدى: بىرىنى مىنىپ، يەنە بىرىنى يېتىلىۋالاتتى، بۇنىڭغا ھېچنېمە ئارتماستىن بوش ماڭغاچقا، «زاپاس ئات» دەپ ئاتىشىۋالغانىدى. زۆرۈر تېپىلغاندا، ئىگىسى ئىككى ئاتنى ئالماشتۇرۇپ مىنىپ، نۆۋەت بىلەن دەم ئالدۇراتتى، قوش ئاتقا

ئۇگە بولغان ئاتلىق بىر سوتنىكىسىغا 200 چاقىرىمچە يول يۈرەلەيتتى.

فومىن بىر كۈنى گرىگورىيغا مۇنداق دېدى:

— ئەگەر دەسلەپكى چاغدا بىزدە ئىككىدىن ئات بولغاندا، بىزنى شەيتانمۇ قوغلاپ يېتەلمىگەن بولاتتى! ساقچىلار ياكى قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى خەلقتىن ئات تارتىۋالالمايدۇ، ئۇلار بۇنى قىلىشتىن قىسىلىدۇ، ئەمما بىزگە تامامەن مۇمكىن! بىزدە كىشى بېشىغا ئىككىدىن ئات بولۇشى لازىم، شۇ چاغدىلا بىزنى ھەرگىز قوغلاپ يېتەلمەيدۇ! قېرىلىرىمىزنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، قەدىمكى زاماندا تاتارلار ھۇجۇم قىلىپ چىققاندا، قوش ئات مىنىدىكەن، بەزىلىرىدە تېخى ئۈچ ئاتمۇ بولغان، بۇنداقلارنى كىم قوغلاپ يېتەلەيدۇ، بىزمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. تاتارلارنىڭ بۇ دانىشمەنلىكى ماڭا ناھايىتى ياقىدۇ!

كۆپ ئۆتمەي بۇلار ئاتلارنى كۆپەيتۈرۈۋېلىشتى. بۇ ھال دەسلەپكى چاغدا ئۇلارغا ھەقىقەتەن تۇتۇق بەرمەيدىغان شارائىتنى تۇغدۇرۇپ بەردى. ۋېشېنسكايادا ساقچىلارنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاتلىق گۇرۇپپىسى بۇلارنى تۇتۇۋېلىشقا بىھۇدە ئاۋارە بولۇشتى. زاپاس ئاتلارنىڭ بولۇشى سانى ئاز بولغان فومىن باندىسىغا دۈشمەننى ئاسانلا ئارقىسىدا قالدۇرۇپ، نەچچە مەنزىل ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋېلىپ، خەتەرلىك توقۇنۇشتىن ساقلىنىپ قېلىش ئىمكانىيىتىنى بەردى، لېكىن ماي ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە سان جەھەتتە باندىدىن تۆت ھەسسە دىگۈدەك ئۈستۈن بولغان ساقچىلار گۇرۇپپىسى ئۈست - خوپېرسكايا بازىرىنىڭ دوبروۋسكى يېزىسىغا يېقىن بىر يەردە ئۈستىلىق ئىشلىتىپ، فومىننى دونغا قىستاپ باردى. ئەمما قىسقىلا جەڭدىن كېيىن باندىتلار يەنىلا قورشاۋنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، دون قىرغىقى بىلەن قېچىپ كەتتى، بۇ جەڭدە،

ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلىرى بولۇپ سەككىز ئادەمنى يوقاتتى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي فومىن گرىگورىيغا شتاب ناچال-نىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتىسەڭ دەپ تەكلىپ قويدى.

— بىزگە پىلان بويىچە، خەرىتىگە قاراپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئوقۇغان بىر ئادەم لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بىزنى قىسماققا ئېلىپ، ۋەت-ۋەرىكىمىزنى چىقىرىۋېتىدۇ. گرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، مۇشۇ ئىشنى ئۈستۈڭگە ئال.

— ساقچىلارنى تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى كېسىش ئۈچۈن شتابنىڭ كېرىكى يوق، — دەپ جاۋاب بەردى گرىگورىي قاپى-قىنى تۈرۈپ.

— ھەرقانداق ئەترەتنىڭ ئۆز شتابى بولۇشى كېرەك، يوق گەپنى قىلما.

— ئەگەر شتابسىز كۈن ئۆتكۈزەلمەيدىغان بولساڭ، بۇ ۋەزىپىگە چۇماكوفنى قوي.

— سەن نېمىشقا ئۈستۈڭگە ئېلىشنى خالىمايسەن؟

— بۇ ئىش توغرىسىدا چۈشەنچىم يوق.

— چۇماكوف چۈشەنچىگە ئىگىمۇ؟

— چۇماكوفمۇ چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا چۇماكوفنى ماڭا تەۋسىيە قىلى-سەن؟ سەن ئوفىتسېرسەن، چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشۇڭ كېرەك، تاكتىكىنى ۋە باشقا شۇنداق نېمىلەرنى بىلىشىڭ كېرەك.

— سەن ھازىر ئەترەتنىڭ قانداق كوماندىرى بولغان بولساڭ، مەنمۇ خۇددى شۇنداق ئوفىتسېر بولغانمەن! بىزدە تاكتىكا بىرلا: ئەتراپىڭغا پات - پات قاراپ قوي: دالانى كېزىپ يۈرىۋەر...، — دېدى گرىگورىي مەسخىرە بىلەن.

فومىن گرىگورىيغا كۆزىنى قىسىپ، بارمىقى بىلەن پوپوزا قىلىپ قويدى.

— مەن سىرىڭنى تامامەن بىلىمەن! سەن ھەمىشە سالقىن يەرگە كىرىۋالىسەن، شۇنداقمۇ؟ سايىدە قېلىشنى خالامسەن؟ بۇرادەر، بۇنىڭ بىلەن جان ساقلىيالمايسەن. مەيلى ۋىزۋوت كوماندىرى بول، مەيلى شتاب باشلىقى بول — قىممىتى ئوخشاش. ئەگەر سېنى تۇتۇۋېلىشسا — كېلىدىغان جازا يېنىكرەك بولىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ماقۇل، كۈتۈپ باق، شۇنداق بولسۇن.

— بۇ توغرۇلۇق مەن ھېچنېمىنى ئويلاۋاتقىنىم يوق، سېنىڭ بۇ پەرىزىڭ بىكار، — دېدى گرىگورىي قىلىچ بېغىنى دىققەت بىلەن ئايلاندۇرۇپ قاراپ، — ئۆزۈم بىلمەيدىغان ئىشنى قىلىشنى خالىمايمەن...

— خالىمىساڭ، بوپتۇ، سەنسىزمۇ بىر نېمە قىلىپ ئۆتەرمىز، — دەپ ماقۇل بولدى فومىن رەنجىگەن ھالدا.

ئوكروكتا ۋەزىيەت كەسكىن ئۆزگىرىپ كەتتى: بۇرۇن فومىنى چوڭ مېھماندوستلۇق بىلەن قارشى ئالىدىغان ھاللىق كازاكلارنىڭ قورۇ - جايلىرى ئەمدىلىكتە دەرۋازىلىرىنى تاقاق بىلەن بېكىتىۋالىدىغان بولۇشتى، يېزىدا باندىتلارنىڭ قارىسى كۆرۈنۈش بىلەنلا ئۆي ئىگىلىرى ھەمجەھەتلىك بىلەن تەرەپ - تەرەپكە قېچىشىپ، باغ - ۋارانلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالاتتى. ۋېشېنىسكاياغا كەلگەن ئىنقىلابىي ھەربىي سوتنىڭ كۆچمە مەجلىسى ئىلگىرى فومىنى ئوچۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋالغان كۆپلىگەن كازاكلارغا قاتتىق جازا ھۆكۈم قىلدى. بۇ خەۋەر يېزا - بازارلارغا كەڭ تارقالدى - دە، بۇرۇن باندىتلارغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق خەيرخاھلىق كۆرسەتكەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا خېلىلا تەسىر قىلدى.

ئىككى ھەپتە مابەينىدە قومەن يۇقىرى دونىنىڭ ھەممە
يېزا بازارلىرىنى كەڭ دائىرىدە ئايلىنىپ چىقتى. بانىدىدا ئەم-
دىلىكتە ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ سانى 130 كىشىگە يې-
تىپ قالغانىدى، بۇلارنىڭ ئىزىغا ئەمدى چالا ـ بۇلا قۇراش-
تۇرۇلغان ئاتلىق ئەسكەرلەر گۇرۇپپىسى ئەمەس، بەلكى جەنۇبتىن
كەلتۈرۈلگەن 13 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ بىرنەچچە ئىسكادرونى
چۈشكەنىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە قومىغا قوشۇلغان باندىتلارنىڭ كۆپچى-
لىكى يىراق يەرلەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئادەملەر ئىدى. بۇلار-
نىڭ ھەممىسى دونغا ھەرخىل يول بىلەن كېلىپ قالغان: بەزى-
لىرى سۈرگۈندىن، قاماقتىن ۋە لاگېردىن يەككە ـ يەككە قاچ-
قانلار ئىدى، ئەمما ئاساسىي كۆپچىلىكى ـــ نەچچە ئونلىغان
ئادەملەر ماسلاك باندىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان گۇرۇپپىنىڭ،
شۇنىڭدەك تارمار كەلتۈرۈلگەن كۇرۇچكىن باندىسىنىڭ قالدۇق-
لىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ماسلاكچىلار ئۆز رازىلىقى بىلەن
ھەرقايسى ۋىزۋوتلارغا بۆلۈندى، ئەمما كۇرۇچكىنچىلار بىر ـ بىر-
لىرىدىن ئايرىلىشنى خالىمىدى. ئۇلار مەھكەم ئۇيۇشۇپ ۋە ئۆز-
لىرىنى باشقىلاردىن ئالاھىدە تۇتۇشۇپ، ئۆزئالدىغا ئايرىم بىر
ۋىزۋوتنى قۇردى. ئۇلار جەڭلەردىمۇ، دەم ئېلىشتىمۇ زىچ ئىتتىپ-
پاق بولۇشتى، بىر ـ بىرىگە تاغدەك يۆلەك بولۇشتى، بۇلار
بىر يەردىكى كوپېراتىپىنىڭ دۇكىنىنى ياكى بىر ئامبارنى بۇلاڭ ـ
تالاڭ قىلسا، بۇلىغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ۋىزۋوتى-
نىڭ ئورتاق قازنىغا سالاتتى ۋە باراۋەرلىك پرىنسىپىغا قەتئىي
رىئايە قىلىپ، ئولجىنى تەڭ تەقسىم قىلاتتى.

كونا چېركەسچە چەكمەن كىيگەن بىرنەچچە تېرىسكىلىق
ۋە كۇبانلىق كازاك، ۋېلىكوكنيازىسكايا بازىرىنىڭ ئىككى قالمىقى،
قونچى تىزىدىن ئاشىدىغان ئوۋ ئۆتۈكى كىيىۋالغان بىرلاتىش،

بالداقلىق بوز كۆكلەك ۋە ئاپتاپتا ئۆڭۈپ كەتكەن قارا كەمزۇل كىيگەن بەش نەپەر ئانارخىست — ماتروس فومىننىڭ ئالىچىپار كىيىنگەن باندىسىنى تېخىمۇ باشقىچە رەڭگە ئۇرەك تۈسكە كىرگۈزدى.

— خوش، ھازىرمۇ مېنىڭ ئادەملىرىم قاراقچى ئەمەس، دەپ تالىشامسەن، مۇنۇلارنى نېمە دەپ ئاتايسەن، ئايۋۇي كۆرەشچىلەر دەپ ئاتامسەن؟ — دەپ سورىدى چۇماكوف بىر كۈنى فومىندىن قاتار سوزۇلۇپ ماڭغان كالوننىنى كۆزى بىلەن كۆرسىتىپ، — بىزدە پەقەت چېركاۋدىن ھەيدەلگەن پوپلار بىلەن ئىشتان كىيگەن چوشقىلار كەملىك قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر بۇلار بولغاندا مۇقەددەس مەريەم ئانىنىڭ پۈتۈن مەخلۇقلىرى يىغىلغان بولاتتى...

فومىن ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر خاھىشى ئەتراپىغا ئىمكان قەدەر كۆپرەك ئادەم توپلاش ئىدى. ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلگۈچىلەرنى ھېچ نەرسە بىلەن ھېسابلاشماستىن، قوبۇل قىلىپ ئېلىۋېرەتتى. قول ئاستىدا خىزمەت قىلىشقا خاھىش بىلدۈرگەن ھەربىر ئادەمدىن ئۆزى سوئال سوراپ قىسقىلا مۇنداق دەيتتى:

— خىزمەتكە يارايسەن، ئالىمەن. شتاب ناچالنىكىم چۇماكوفنىڭ قېشىغا بار، ئۇ سېنىڭ قايسى ۋىزۋوتتا خىزمەت قىلىدىغانلىقىڭنى تەيىنلەيدۇ، قولۇڭغا قورال بېرىدۇ.

مىگۇلىنسكايا بازىرىنىڭ بىر يېزىسىدا ياخشى كىيىنگەن، جىڭگىلىك چاچ، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر ياش يىگىتنى فومىننىڭ قېشىغا ئەكىلىشتى. ئۇ باندىغا كىرىش خاھىشىنى بىلدۈردى. فومىن بىرقۇر گەپ سوراپ، ئۇنىڭ روستوۋ شەھىرىدىن ئىكەنلىكىنى، يېقىندا قوراللىق بۇلاڭچىلىققا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن سوتلانغانلىقىنى، ئەمما روستوۋ تۈرمىسىدىن قېچىپ چىققانلىقىنى،

فومىننىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەنلا يۇقىرىقى دون بويلاپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېنىقلىدى.

— سەن قايسى قەبىلىدىن؟ ئەرمەنمۇ ياكى بۇلغارمۇ؟ — دەپ سورىدى فومىن.

— ياق، مەن يەھۇدىيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى يىگىت ئىززا تارتىپ.

فومىن بۇ كۈتۈلمىگەن جاۋابتىن گاڭگىراپ قېلىپ، ئۇزاققىچە لام-جىم دېمىدى. ئۇ بۇرۇن ئۇچرىشىپ باقمىغان مۇنداق ئىشقا قانداق مۇئامىلە قىلىش لازىملىقىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ئويلاپ كۆرگەندىن كېيىن ئېغىر بىر خۇرسىنىپ، مۇنداق دېدى:

— مەيلى يەھۇدىي بولساڭ — يەھۇدىي بولىۋەر. بىزگە سەندەك ئادەملەرمۇ بولۇۋېرىدۇ... بىر ئادەمنىڭ كۆپەيگىنى كۆپەيگەن. ئاتقا مىنەلەمسەن؟ مىنىشنى بىلمىسەڭ، ئۆگىنىۋالىسەن! ئاۋۋال ساڭا بىر ياۋاش بايتال بېرىمىز، شۇندىن كېيىن مىنىشنى ئۆگىنىۋالىسەن. چۇماكوننىڭ قېشىغا بار، ئۇ سېنى خىزمەتكە تەيىنلەيدۇ.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن غەزىپى قاينىغان چۇماكوف فومىننىڭ قېشىغا ئات چاپتۇرۇپ كەلدى.

— سەن ئەخمەق بولۇپ قالدىڭمۇ ياكى چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟ — ئۇ ئېتىنى توختىتىپ ۋارقىرىدى، — سەن ماڭا جوھۇتنى ئەۋەتىپ نېمە قىلىسەن؟ ئۇنى ئالمايمەن! خالىغان يەرگە كەتسۇن!

— ئال، ئال ئۇنى، بىر ئادەم بولسىمۇ سانىمىز كۆپىيىدۇ، — دېدى فومىن سالماقلىق بىلەن.

ئەمما چۇماكوف ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ ۋارقىرىدى:

— ئالمايمەن، ئۆلتۈرۈۋېتىمەنكى، ئالمايمەن! كازاكلار

غودۇگشۋاتىدۇ، ئۆزۈڭ بېرىپ ئۇلار بىلەن سۆزلەش!

بۇ ئىككىسى بۇ يەردە گەپ تالىشىپ، ۋارقىرىشىپ تۇرغاندا تاچانكا هارۋىنىڭ قېشىدا كازاكلار ياش يەهۇدىينىڭ ئۈستىدىن كەشتىلىك كۆڭلىكىنى ۋە سوكنا شىمىنى سالدۇرۇۋېلىشتى. بىر كازاك كۆڭلەكنى بويىغا ئۆلچەپ كۆرۈپ مۇنداق دېدى:

— ماڭا قارا، ئاۋۇ يېزىنىڭ نېرىسىدىكى قېرى قورايىنى كۆردۈڭمۇ؟ شۇ يەرگە تېز يۈگۈرۈپ بېرىپ يېتىۋال. بىز بۇ يەردىن كەتكۈچە يېتىپ تۇرىسەن، بىز كېتىش بىلەنلا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، خالىغان يېرىڭگە جۆنەيسەن. قېشىمىزغا ئىككىنچى يولىما، ئۆلتۈرۈۋېتىمىز، ئەڭ ياخشىسى، روستوۋقا، ئاناڭنىڭ قېشىغا كەت. سەن يەهۇدىيلارغا ئۇرۇش قىلىشنى كىم قويۇپتۇ. ئاللا تائالا سىلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا ئەمەس، سودىگەرچىلىك قىلىشقا ياراتقان. سىلەر بولمىساڭلارمۇ ئىشىمىزنى ئەپلەپ، نان تېپىپ يېيەلەيمىز!

يەهۇدىينى ئاخىر ئېلىشمىدى، بۇنىڭ ئورنىغا شۇ كۈنىلا ۋېشېنىسكايا بازىرىنىڭ بارلىق يېزىلىرىغا پۇر بولۇپ كەتكەن پاشا دېگەن بىر تەنتەكنى كۈلكە - چاقچاقلار ئاستىدا 2 - ۋىزۋوتقا جەڭچى قىلىپ ئېلىشتى. ئۇنى كازاكلار دالادا تۇتۇۋېلىپ، يېزىغا ئەكىلىشتى - دە، ئۆلتۈرۈلگەن قىزىل ئەسكەرنىڭ ھەربىي كىيىمىنى تەنتەنىلىك رەۋىشتە ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ، مىلتىقنى قانداق تۇتۇشنى كۆرسەتتى، ئۇزاق ۋاقىت قىلىچ چېپىشنى ئۆگەتتى.

گرىگورىي ئوقۇر ئالدىدا باغلاقلىق تۇرغان ئاتلىرىنىڭ قېشىغا كېتىۋېتىپ، بىر چەتتە كازاكلارنىڭ زىچچىدە توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆردى - دە، شۇ تەرەپكە ماڭدى. ياپپىسىغا قاقاقلىغان كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ قەدىمىنى تېزلەتتى، شۇندىن

كېيىن كۆلگە بېسىلىپ، جىمجىتلىق باشلانغان چاغدا، ئۇ، بىرىـ
نىڭ ئۇنداق قىل، مۇنداق قىل دەپ ئۆگىتىۋاتقان ئاقىلانە
ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

— ئۇنداق ئەمەس، پاشا! كىم قىلىچنى مۇنداق چاپىدۇ؟ ئوتۇننى مۇشۇنداق چېپىشقا بولىدۇ، ئەمما ئادەمنى مۇنداق چاپمايدۇ. مانا مۇنداق چېپىش كېرەك. چۈشەندىڭمۇ؟ بىلىۋالدىڭمۇ — ئۇنىڭغا دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇق قىل، ئۇنداق بولمىغاندا ئۆرە تۇرغان ئادەمنى ئوڭايلىقچە چاپالمايسەن... ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن. سەن ئارقىدىن كېلىپ، مانا مۇنداق، بويىندىن چاپ، تېز چېپىشقا ئۇرۇنما، ئۆزۈڭ تەرەپكە تارتىپ، قىيپاش چاپ...

باندىتلار چۆرىدىۋالغان تەنتەك قىلىچنىڭ سېپىنى مەھكەم تۇتۇپ، قەددىنى رۇسلاپ تىك تۇراتتى. ئۇ كازاكلارنىڭ بىرىنىڭ يول ورۇقىغا كۆلۈپ تۇرۇپ، كۆل رەڭ دۆمبە كۆزلىرىنى بەختىيار ھالدا قىسىپ قولاق سالاتتى. ئىككى جاۋغىيىدا ئاتنىڭ ئاغزىدىكىگە ئوخشاش ئاپئاق كۆپۈك بۇژۇلداپ تۇراتتى، قويۇق شالى مىس رەڭ قىزىل ساقىلى بويلاپ مەيدىسىگە ئېقىپ چۈشەتتى... مەينەت كالپۇكلىرىنى تىلى بىلەن يالاپ قويۇپ، سۆزنى شىشىلداپ، كېكەچلەپ سۆزلەيتتى:

— ھەممىنى چۈشەندىم، قېرىنداشلىرىم، ھەممىسىنى... مەن شۇنداق قىلاي... خۇدانىڭ بەندىسىنى تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ، بويىنىنى كېسىپ تاشلايمەن... سىلەر ئېيتقاندەك كېسىپ تاشلايمەن! سىلەر ماڭا ئىشتان بەردىڭلار، كۆڭلەك ۋە ئۆتۈكمۇ بەردىڭلار... مەندە پەقەت پەلتو يوق... ماڭا بىر پەلتوچاق ھەل قىلىپ بەرسەڭلار بولاتتى، مەن سىلەرنىڭ دېگەن يېرىڭلاردىن چىقىمەن! بار كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن!

— بىرەر كومىسسارنى ئۆلتۈرسەڭ — پەلتولۇقمۇ بولۇپ

قالىسەن. سەن ھازىر بىزگە بۇلتۇر سېنى كىشىلەر قانداق ئۆيلەندۇرۇپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگىنە، — دېدى كازاكلاردىن بىرى.

تەنتەكنىڭ چەكچەيگەن خىرە كۆزلىرىدە چارپايغا ئوخشاش قورقۇنچ پەيدا بولدى. ئۇ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئاغزىنى بۇزۇپ، ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈپ، بىرنېمىلەرنى سۆزلەشكە باشلىدى. بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك قەبىھ ئىدىكى، گرىگورىينىڭ ئەزاسى تىترەپ، ئالدىراش بۇ يەردىن كەتتى. مەن ئۆز تەقدىرىنى مانا شۇنداق ئادەملەرگە باغلىدىم... دەپ ئويلىدى ئۇ قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمۈپ، ئۆزىگە - ئۆزى ئاچچىقلىنىپ، جېنىغا تەگكەن بۇ مەنپۇر ھاياتتىن زارلىنىپ...

ئۇ ئات باغلايدىغان يەرنىڭ قېشىدا يانپاشلاپ يېتىپ، ساراڭنىڭ چىرقىراشلىرى بىلەن كازاكلارنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرىنى ئاڭلىماسلىققا تىرىشتى. ئەتىلا كېتىمەن. ۋاقىت يەتتى! دەپ قورسىقىغا يۆكۈپ قويدى ئۇ، سەمرىسىپ، ياخشىلىنىپ قالغان ئاتلىرىغا قاراپ. ئۇ باندىدىن كېتىشكە پۇختا تەييارلاندى ۋە ئەتراپلىق ئويلاندى. ئۇ چېپىپ ئۆلتۈرۈۋالغان ساقچى ئوشاكوفنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ شىنېلىنىڭ ئەستىرىنىڭ ئاستىغا تىكىپ يوشۇرۇپ قويدى. ئۇ ئاتلىرىنى قىسقا ۋە شىددەتلىك تېز ماڭىدىغان سەپەرگە ئىككى ھەپتىدىن بۇيان تەييارلاپ كېلىۋاتاتتى: ئۇلارنى ۋاقتى-قارارىدا سۇغاردى، بۇ ئاتلارنى شۇنداق كۆڭۈل قويۇپ تاراپ - تازىلاپ كەلدىكى، بۇرۇن ھەقىقىي ھەربىي خىزمەتتىكى چاغدىمۇ بۇنداق تازىلىمىغانىدى، قونغان يەرلەردە ھەر خىل توغرا ۋە ناتوغرا يوللار بىلەن يەم - خەشەك تېپىپ باقتى، بۇنىڭ ئاتلىرى باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەتتى، بولۇپمۇ قارا كۆك تاۋرىچان ئېتى ئۆزگىچە تۇس ئالدى. ئۇنىڭ ھەممە يېرى

جۇلالىنىپ، تۈكلىرى ئاپتاپتا خۇددى كاۋكازنىڭ قارايتۇرۇلغان كۆمۈشىدەك پارقىرايتتى.

بۇنداق ئاتلار بىلەن ھەرقانداق قوغلاشلاردىن دادىل قېچىپ قۇتۇلۇشقا بولاتتى. گرىگورىي ئورنىدىن تۇرۇپ، شۇ يەردىكى بىر ھويلىغا كىردى، ئامبارنىڭ بوسۇغىسىدا ئولتۇرغان مومايدىن ئېھتىرام بىلەن:

— چوڭ ئانا، چالغىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار ئىدى، ئەمما نەدە قالدىكىن، ئۇنى كىم بىلىدۇ. ساڭا نېمە كېرەك بولۇپ قالدى؟

— بېغىڭىزدىن ئاتلارغا كۆك ئوت چېپىپ بېرەي دېۋىدىم. مۇمكىنمۇ؟

موماي بىرئاز ئويلاپ، ئۇندىن كېيىن دېدى:

— سەن خەقلەر بىزنىڭ شىللىمىزدىن قاچان چۈشىسىلەر؟ بىرى كېلىپ ئۇنى بەر، بۇنى بەر دەيدۇ... بەزىلىرى كېلىپ، يەم بەر، بوغۇز بەر دەپ تەلەپ قىلىدۇ، يەنە بىرلىرى كېلىپ، كۆزىگە چېلىققان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تارتىپ، سۆرەپ ئەكىتىدۇ.

— مەن ساڭا چالغىنى بەرمەيمەن! خالىغىنىڭنى قىل، ئەمما بەرمەيمەن.

— يائاللا، ساخاۋەتلىك موماي، چۆپنىمۇ ئايامسەن؟

— خۇش، سىنىڭچە، چۆپ دېگەن بوش - بىكار يەردە ئۆسۈۋېرىدىغان نەرسىمۇ؟ كالامنى نېمە بىلەن باقىمەن؟

— دالادا ئوت - چۆپ ئازمۇ؟

— ھە، مانا، دالاغا ئۆزۈڭ بار، شۇڭقارىم، دالادا ئوت - چۆپ كۆپ.

گرىگورىي ئەپسۇسلىنىپ مۇنداق دېدى:

— سەن، چوڭ ئانا، ئەڭ ياخشىسى، چالغىنى بەرگىن. مەن

ئازغىنا ئوت چاپمەن، قالغىنى ئۆزۈڭگە قالىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ يەرگە ئاتنى قويۇۋەتسەك، ھەممىنى دەسسەپ رەسۋاسىنى چىقىرىۋېتىدۇ!

موماي گرىگورىيغا سۇرلۇك بىر قاراپ قويۇپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قايتىپ كەتتى.

— چالغىنى ئۆزۈڭ بېرىپ ئال، لاپاسنىڭ ئاستىدا ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ.

گرىگورىي كونا سۇنۇق چالغىنى لاپاسنىڭ ئاستىدىن ئىزدەپ تاپتى ــ دە، مومايىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ: «بۇ لەنتىلەرنى ھېچ يەر يۇتمايدۇغۇ!» ــ دېگەن سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىدى.

گرىگورىي بۇنداق سۆزلەرگە ئۆگىنىپ قالغانىدى. يېزا خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنى قانداق كەيپىيات بىلەن قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئالدىنقاچاندىن بۇيان بىلەتتى. بۇلارنىڭ ئېيتقىنى توغرا، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ، چالغىنى ئاۋايلاپ غولاچلاپ ئىشقا سېلىپ، ئوتنى چالا قالدۇرماي، پاكىز چېپىشقا تىرىشىپ،ــ ئۇلارغا بىزنىڭ نېمەكېرىكىمىز بار؟ بىز ھېچكىمگە لازىم ئەمەس، بىز ھەممە ئادەمنىڭ تىنچ ھايات كەچۈرۈشىگە، تىنىچ ئىش ــ ئەمگەك قىلىشىغا توسقۇن بولۇۋاتىمىز، بۇنداق ئىشقا خاتىمە بېرىش لازىم، يېتەر ئەمدى!

گرىگورىي ئۆز پىكىر ــ خىيالى بىلەن بەند بولۇپ ئاتلارنىڭ قېشىدا تۇرۇپ قالدى، ئۇ ئاتلارنىڭ يۇمران ياش ئوتلارنى قارا مەخمەلدەك لەۋلىرى بىلەن يالماپ، ئاچكۆزلۈك بىلەن يەۋاتقانلىقىغا قارايتتى. بىر ياش ــ ئۆسمۈرنىڭ غاراڭلاپ چىققان يوغان ئاۋازى ئۇنىڭ خىيال ــ پىكرىنى بۆلۈۋەتتى:

— مۇنۇ ئات نېمانچە كۆركەم، ئاققۇدەك تاز!!

گرىگورىي سۆزلەۋاتقان ئادەم تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدى.

بۇ يەردە باندىغا يېقىندىلا كىرگەن ئالېكسىيېۋىسكايا بازىرىدىلىق ياش كازاك ھەيرانلىق بىلەن بېشىنى چايقاپ، كۆك بوز ئاتقا زوقلىنىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ مەيتۇن بولغان كۆزلىرىنى ئاتتىن ئۈزمەي، بىرنەچچە قېتىم ئەتراپىنى ئايلىنىپ، تىلىنى چوكۇلدىتىپ كەتتى.

— سېنىڭ ئېتىڭمۇ؟

— خۇش، نېمە قىلماقچى؟— گرىگورىي سوغۇقلا جاۋاب بەردى.

— مېنىڭ ئېتىم بىلەن تېگىشەيلى! مېنىڭ توروق ئېتىم— ساپ دون نەسىللىك، ھەرقانداق توساقتىن شامالدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، چاپقۇر، ئىنتايىن چاپقۇر! چاقماقتەك تېز!

— ماڭ، ئۆزۈڭغا چىق،— دېدى گرىگورىي پەرۋاسىزلىق بىلەن.

يىگىت بىرئاز ئۈنچىقماي، دىلخەستە بولۇپ خۇرسىنىدى-دە، نېرىراققا بېرىپ ئولتۇردى. كۆك بوز ئاتقا ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇپ، كېيىن:

— ئېتىڭ ئۆپكە ئېمفىزېماسى بولغان، نەپەس ئورگىنى تار،— دېدى.

گرىگورىي ئۈنچىقماي، بىر تال سامان بىلەن چىشىنى كولاپ ئولتۇردى. ئۇ ساددا يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالدى.

— تاغا، تېگىشمەمسەن؟— دەپ سورىدى ئۇ گرىگورىيغا ئىنتىلىپ قاراپ.

— تېگىشمەيمەن. ئۆزۈڭنى قوشۇپ بەرسەڭمۇ تېگىشمەيمەن.

— بۇ ئاتنى سەن نەدىن ئالدىڭ؟

— مەن ئۆزۈم ياساپ چىقاردىم.

— ياق، راستىنى ئېيتقىنا!

— قەيەردە بايتال قۇلۇنلىغان بولسا، شۇ دەرۋازىدىن چىققان.

— شۇنداقمۇ ئەخمىقانە گەپ بولامدۇ، — دېدى يىگىت رەنجىپ، شۇنىڭ بىلەن بىر چەتكە كېتىپ قالدى.

گرىگورىينىڭ كۆز ئالدىدا يېزا گويا خەلقى قىرىلىپ تۈگىگەندەك بوپبوش ياتاتتى. فومىنچىلاردىن باشقا، ئەتراپتا ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى. تار كوچىدىكى تاشلاپ كېتىلگەن هارۋا، هويلىنىڭ ئىچىدە ئالدىراشچىلىقتا قالدۇرۇپ كېتىلگەن بىر دانە پالتا ۋە ئوتۇن ياردىغان كۆتەك ۋە ئۇنىڭ يېنىدا چالا تالاشلانغان تاختا، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پاكار ئۆسكەن ئوتنى ئېرىنچەكلىك بىلەن يۇلۇپ ئوتلاپ يۈرگەن ئۆكۈزلەر، قۇدۇق ياغىچىنىڭ قېشىدا دۈم كۆمتۈرۈكلۈك تۇرغان چېلەك — مانا بۇلارنىڭ هەممىسى يېزىدىكى تىنچ هاياتنىڭ كۈتۈلمىگەندە بۇزۇلغانلىقىنى ۋە ئىگىلىرىنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى چالا تاشلاپ قويۇپ بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

كازاك پولكلىرى شەرقىي پرۇسسىيە بىلەن ماڭغان چاغدا گرىگورىي شەھەر كوچىلىرىنىڭ خۇددى شۇنداق ئادەمسىز قالغانلىقىنى ۋە ئاهالىنىڭ خۇددى شۇنداق ئالدىراشلىق بىلەن قېچىشقانلىقىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرگەنىدى. بۇ ئەهۋالنى ئەمدى ئۆز ئۆلكىسىدە كۆرۈشكە توغرا كەلدى... ئۇ چاغدا نېمىسلار گرىگورىيغا قاپىقىنى ئاچماستىن، يامان كۆز بىلەن قاراشقانىدى، ئەمدى يۇقىرىقى دون كازاكلىرىمۇ خۇددى شۇنداق قارىشىۋاتىدۇ. گرىگورىي بايا موماي بىلەن قىلىشقان گەپ - سۆزنى ئەسكە ئېلىپ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى يېشىپ، غەمكىن هالدا ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى. لەنىتى يۈرەك ئاغرىقى يەنە قوزغالدى...

تومۇز ئاپتىپى يەرنى كۆيدۈرەتتى. تار كوچىدىن ئاچچىق چاڭ - توزان پۇرىقى، ياۋا ئوت بىلەن ئاتنىڭ تەر

پۈرىقى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. باغلاردا، پاخماق چاگگا بىلەن تو-
شۇپ كەتكەن ئېگىز سۆگەتلەرنىڭ بېشىدا قاغىلار قاقىلدىشات-
تى. سايىنىڭ بېشىدا بۇلاق چەشمىلىرىدىن سۇ ئېمىپ كەلگەن
دالا جىلغىسى يېزىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئاستا ئېقىپ ئۆتەتتى.
جىلغىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە كەڭ - ئازادە كازاك ھويلىلىرى
قىرغاق بويلاپ قاتار سوزۇلغانىدى، ھەر بىر ھويلىنىڭ باراق-
سان باغلىرى بولۇپ، گىلاسلار ئۆينىڭ دېرىزىلىرىنى يېۋەركەپ
تۇراتتى، ئالما دەرەخلىرىنىڭ يېشىل ياپراقلىرى ۋە مېۋە تۆ-
گۈنلىرى كۈن نۇرىدا تاۋلىناتتى.

گرىگورىي جىمگىلىك ئاتقۇلاق ئوت باسقان ھويلىغا، ئۆگ-
زىسى سامانلىق لاي بىلەن يېپىلغان، دېرىزە قاپقاقلىرى سېرىق
ئۆيگە، قۇدۇقنىڭ ئېگىز بادرا ياغىچىغا خىرە كۆزلىرى بىلەن
قارايتتى... خامانىنىڭ قېشىدا، كونا قاشانىڭ مىوما ياغىچىنىڭ
ئۇچىدا ھۆل - يېغىندا ئاقىرىپ كەتكەن، كۆز چاناقلىرى تام-
نىڭ تۆشۈكىدەك قارىيىپ تۇرغان بىر ئاتنىڭ باش سۆڭىكى
ئېسىقلىق تۇراتتى. يەنە شۇ ياغاچقا يېپېشىل كاۋا پەلەم-
كى تۆكلۈك بۇرۇتلىرى بىلەن چىرمىشىپ، ئېگىزلىكتىكى يورۇق
جايغا قاراپ بوي سوزغان. پەلەك ئاتنىڭ قۇرۇپ كەتكەن باش
سۆڭىكىنىڭ تۇمشۇقىغا، قاغجىرىغان چىشلىرىغا يامىشىپ، مىوما
ياغاچنىڭ قاق ئۇچىغا يەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇچلىرى بۇ
يەردىن ساڭگىلاپ چۈشۈپ، يۆلەنچۈك ئىزدەپ، ياندىكى كالىنا-
نىڭ بىر تال شېخىغا ياماشقان.

گرىگورىي بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشىدە كۆردىمۇ ياكى
يىراقتا قالغان بالىلىق چېغىدا كۆردىمۇ؟ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تو-
يۇقسىز قاتتىق قايغۇ - ھەسرەت قاپلىۋالدى - دە، قاشانىڭ
تۈۋىدە دۈملا يېتىۋېلىپ، يۈزىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن ئېتىۋال-
دى، شۇ ئارىدا يىراقتىن سوزۇلۇپ ئېيتىلغان «ئاتنى ئېگەر -

لەگلار!» دېگەن كوماندا قۇلىقىغا يېتىش بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

كېچىدە ھەربىي يۈرۈشتە كېتىۋاتقاندا، شارتلا سەپتىن چىقىپ، ئاتنى قايتا ئېگەرلىمەكچى بولۇۋېلىپ توختاپ تۇردى، كېيىن ئات تۇيىاقلىرىنىڭ دۈپۈرلىشى ئاستا ئۇزاقلىشىپ، جىمىپ قالغۇچە قۇلاق سېلىپ تۇردى ـ دە، ئاتقا ئىرغىپ مىنىپ، يولدىن چەتكە چىقىپ، ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ ماڭدى.

ئۇ ئاتلىرىنى بەش چاقىرىم يەرگىچە قامچىلاپ توختىماي يول يۈرگەندىن كېيىن، قەدەملەپ ماڭغۇزۇپ، بىرى قوغلاپ كېلىۋاتامدۇ ـ يوق؟ دەپ ئارقىسىغا قۇلاق سالدى. دالا جىمجىت ئىدى. پەقەت قۇملۇق قىرغاقتىلا غورىلايلار بىر ـ بىرىنى ئۈنلەپ مۇگلۇق قېقىرلىشاتتى ۋە قەيەردىدۇر يىراق بىر يەردە ئىتنىڭ قاۋىشى ئاڭلىناتتى.

قاپقارا ئاسماندا يۇلتۇزلار ئالتۇندەك چاراقلاپ تۇراتتى. دالادا جىمجىت سۈكۈنات ۋە يېقىملىق ۋە ئاچچىق ـ چۈچۈك ئەمەن پۇرىقىدىن نەپەس ئالغان يۇمشاق شامال... گرىگورىي ئۈزەڭگىدىن كۆتۈرۈلدى ـ دە، كۆكرىكىنى تولدۇرۇپ، يېنىك نەپەس ئالدى.

## 17

گرىگورىي شۇ چاپقىنىچە تاڭ ئېتىشتىن خېلى بۇرۇنلا تاتارسكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئوتلاققا بېرىۋالدى. يېزىنىڭ تۆۋەنرەكىدە، دوننىڭ تېيىز يېرىدە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى پۈتۈنلەي سالدى. كىيىمنى، ئۆتۈكىنى ۋە قورالىنى ئاتنىڭ بېشىغا تاڭدى ـ دە، پاترون سېلىنغان ئوقدانىنى ئاغزىدا چىشلەپ، ئات

لىرى بىلەن بىللە سۇغا چۈشتى. مۇزدەك سۇ پۈتۈن ئەزاسىنى قاتتىق تولغىتىۋەتتى. ئۇ ئىسسىنىش نىيىتىدە سۇنى ئوڭ قولى بىلەن تېز - تېز كۆرەپ، چىڭگىشلەنگەن تىزگىنلىرىنى سول قولىدىن چىقارماي، ئەھ - ئەھلاپ، پىشقىرىپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئاتلارغا پەس ئاۋاز بىلەن دەم بېرىپ، ئۈزۈپ كېتىۋەردى.

قىرغاققا چىققاندىن كېيىن ئالدىراش كىيىملىرىنى كىيدى، ئېگەرنىڭ تۆشىنى تارتتى - دە، ئاتلارنى ئىسسىندۇرۇش ئۈچۈن يېزىغا ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كەتتى. سۇ ئۆتكەن شىنېل، ئېگەرنىڭ ھۆل قانىتى، نەم تارتقان كۆڭلەك بەدىنىنى مۇزلىتىۋەتتى. گرىگورىينىڭ چىشلىرى كاسىلداشقا باشلىدى، دۈمبىسىگە تىترەك ئولاشتى، ئۆزىمۇ لاغىلداشقا باشلىدى، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي تېز يۈرۈشتىن كېيىن بەدىنى ئىسسىپ قالدى - دە، يېزىغا ئاز قالغاندا تۆت ئەتراپىغا بىر قارىۋېلىپ ۋە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ، ئاستا قەدەم بىلەن يۈردى. ئاتلارنى يارنىڭ ئىچىگە قويۇپ تۇرۇش قارارىغا كېلىپ، شېغىللىق ساي بىلەن پەسكە چۈشتى. ئۇششاق تاشلار ئات تۇياقلىرى ئاستىدا شىرىقلايتتى، تاقىغا ئۇرۇلغان تاشلاردىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچرايتتى.

گرىگورىي ئاتلارنى باللىق چاغلىرىدىن ئۆزىگە تونۇش بولغان بىر تۈپ قاخشال قارىياغاچقا باغلاپ قويۇپ، يېزىغا قاراپ ماڭدى.

مانا مېلېخوفلارنىڭ قەدىمكى جايى، ئالما دەرەخلىرىنىڭ قارىيىپ تۇرغان ئۇچلىرى، يەتتە تىكەن يۇلتۇز ئاستىدا بوي سوزۇپ تۇرغان قۇدۇقنىڭ ئۇزۇن بادرا ياغىچى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ... گرىگورىي ھاياجاندىن ھاسىراپ، دونغا قاراپ پەسكە چۈشتى، ئاندىن ئاستاخوفلارنىڭ قاشاسىدىن ئاستا ئارتىلىپ ئۆتۈپ، قاپقىقى ئوچۇق تۇرغان دېرىزىنىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئۇ-



بۇ قىياپەتى قورقۇنچۇلۇق بۇ ساقاللىق ئادەمنىڭ ئۆز ئاتىسى ئىكەنـ
لىكىنى ئۇتودى.

(836 — بەتكە)

نىڭ قولىقىغا پەقەت يۈرىكىنىڭ تېز - تېز سوقۇۋاتقانلىقى ۋە بېشى قىزىپ غۇۋۇلداۋاتقانلىقى ئاڭلىناتتى. ئۇ دېرىزە كىشىكىنى ئۆزىمۇ ئاران ئاڭلىغۇدەك ئاستا چەكتى. ئاكسىنىيە ئۈنچىقماستىن دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ، سىنچىلاپ قارىدى. گرىگورىي ئاكسىنىيىنىڭ قولىنى كۆكسىگە باسقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئىختىيارسىز چىقىپ كەتكەن ئۇھ، دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. گرىگورىي دېرىزىنى ئاچ دەپ بەلگە بېرىپ، مۈرىسىدىن مىلتىقىنى ئالدى. ئاكسىنىيە دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئاچتى.

— ھەي، ئاستىراق! سالامەتمۇ سەن! ئىشىكنى ئاچما، مەن دېرىزىدىن كىرىمەن، — دەپ پىچىرلىدى گرىگورىي.

گرىگورىي تامنىڭ سۇپىسىغا چىقتى. ئاكسىنىيە يالىڭاچ بىلەكلىرىنى ئۇنىڭ بوينىغا سالدى. بۇ جانىجان قوللار ئۇنىڭ يەلكىسىدە شۇنداق تىترەپ، سىلكىندىكى، بۇ تىترەك گرىگورىيغىمۇ ئۆتتى.

— كىسيوشا... توختاپ تۇر... مىلتىقنى ئال...، — ئۇ دۇدۇقلاپ، سەل ئاڭلانغۇدەكلا پىچىرلىدى.

گرىگورىي قىلىچىنى قولىدا تۇتقان پېتى دېرىزە تەكچىسىدىن ئاتلاپ ئۆيگە كىردى - دە، دېرىزىنى ياپتى.

ئۇ ئاكسىنىيىنى قۇچاقلىماقچى بولۇۋىدى، ئەمما ئايال لاسسىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، گرىگورىينىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ، ھۆل شىنېلىغا يۈزىنى ياقتى، يىغىسىنى باسالماي، پۈتۈن ئەزاسى دىرىلداپ كەتتى. گرىگورىي ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۇزۇن ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. ئاكسىنىيە گرىگورىيغا ئۆزىنى تاشلاپ، بېشىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويۇپ لام - جىم دېمەيتتى، پات - پات سىلكىنەتتى - دە، يىغىسىنى بېسىش ۋە باللارنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن شىنېلىنىڭ قايرىما ياقىسىنى چىشلىۋالاتتى.

جاپا ـ مۇشەققەت شۇنداق كۈچلۈك ئايالنى مۈكچەيتكەنـ
لىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مۇشۇ يېقىنقى ئايلار ئىچىدە ئىنتايىن
ئېغىر كۈن كەچۈرگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى...گىرىگورىي ئۇ-
نىڭ دۈمبىسىدە چۇۋۇلۇپ تۇرغان چاچلىرىنى، تەرلىگەن ۋە
قىزىپ تۇرغان پېشانىسىنى سىيلىدى. ئۇ ئاكسىنىيىنىڭ يىغلاپ
كۆكسىنى بوشىتىۋېلىشقا ۋاقىت بېرىپ، ئۇندىن كېيىن:
ــ باللار ساق ـ سالامەتمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ ھە، ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ.
ــ دۇناشكىچۇ؟
ــ دۇناشكىمۇ سالامەت... ھەم ساق.
ــ مىخايىل ئۆيدىمۇ؟ ۋاي ـ ۋۇي بولدى قىلساڭچۇ!
يىغاڭنى باس، كۆز يېشىڭدىن كۆڭلىكىم پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ
كەتتى... كىسيوشا! قەدىرلىكىم، يېتەر ئەمدى! يىغلاپ تۇرۇشقا
ۋاقىت قىس... مىخايىل ئۆيدىمۇ؟
ئاكسىنىيە يۈزىنى سۈرتۈپ، ھۆل قوللىرى بىلەن گرىگورىيـ
نىڭ مەڭزىنى قىستى. كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ياش يۇقى كۆزلىـ
رىنى سۆيگەن يارىدىن ئالماي، ئاستا سۆز ئاچتى:
ــ بولىدۇ، يىغلىماي... ئەمدى بولدى قىلدىم يىغىنى،
مىخايىل يوق، ۋېشكىغا كەتكىلى ئىككى ئاي بولاي دېدى، قايـ
سىبىر ھەربىي قىسىمدا خىزمەت قىلىۋېتىپتۇمىش. يۈر، باللـ
لارنى كۆرگىن! ۋاي ـ ۋۇي، بىز سېنى كېلىپ قالار دەپ
ئويلىمىغانىدۇق، ئۈمىد ئۈزگەنىدۇق...
مىشاتكا بىلەن پولىيوشكا كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە پۇت ـ
قوللىرىنى سوزۇپ، ئۇخلىشىۋاتاتتى. گرىگورىي بالارنىڭ ئۈستىـ
گە ئېڭىشىپ، بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسـ
سەپ قايتىپ، ئۈنچىقماستىن ئاكسىنىيىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.
ــ سەن ئۆزۈڭ قانداق تۇردۇڭ؟ ــ دەپ سورىدى ئاكسىنى

يه قىزغىن پىچىرلاپ، — قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭ؟ نەلەر-
دە يۈردۈڭ؟ ئەگەر سېنى تۇتۇۋېلىشسا، قانداق قىلىمىز؟

— مەن سېنى ئەكەتىش ئۈچۈن كەلدىم. بەلكى تۇتۇۋالالماس! مەن بىلەن كېتەمسەن؟

— نەگە؟

— مەن بىلەن بىللە بولىسەن. مەن باندىدىن قېچىپ كەلدىم. مەن فومىننىڭ باندىسىدا بولغانىدىم. ئاڭلىغانمىدىڭ؟

— ھە، ئاڭلىغانمەن. سەن بىلەن نەگە بارىمىز؟

— جەنۇبقا، كۇبان ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يىراقراق يەرگە. بىللە كۈن كەچۈرۈپ، بارنى تەڭ كۆرىمىز، قانداق؟ ھەرقانداق ئىش - ئەمگەكتىن يىرگەنمەيمەن. ئىككى قولۇمنى ئىش - ئەمگەككە سېلىشىم كېرەك، ئۇرۇش قىلىشقا ئەمەس. مۇشۇ ئايلار ئىچىدە يۈرىكىم ئازاب - ئوقۇبەت بىلەن پۈتۈنلەي قۇرۇپ تۈگىدى... خوش، بۇ توغرۇلۇق كېيىن سۆزلىشەرمىز.

— باللارنى قانداق قىلىمىز؟

— دۇناشكىغا قالدۇرۇپ كېتىمىز. كېيىن بىر گەپ بولۇر. كېيىن ئۇلارنىمۇ ئەكەتىمىز. خوش، قانداق قىلىسەن؟ ماڭامسەن.

— گرىشا... گرىشىنكا...

— قوي! يىغلىما. يېتەر ئەمدى! كېيىن يىغلىۋالىمىز، ۋاقىت بولار... جابدۇن، يارىنىڭ ئىچىدە ئاتلىرىم كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. قانداق؟ بارامسەن؟

— سەن قانداق ئويلىغانىدىڭ؟— دېدى ئاكسىنىيە تۇيۇقسىز قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋە قورقۇپ كېتىپ قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋالدى - دە، يالت قىلىپ باللارغا قارىدى، — سەن قانداق ئويلىغانىدىڭ؟ — ئۇ ئەمدى پىچىرلاپ سورىدى، — يالغۇز ياشاش ماڭا كۆڭۈللۈك بولامدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ كېتى-

مەن، گرىشا، قەدىردانىم! پىيادە بولسمۇ كېتىمەن، ئىززىڭدىن قالماي، ئۆملەپ بولسمۇ كېتىمەن، ئەمدى بۇ يەردە يالغۇز قالمايمەن! سەنسىز ماڭا هايات يوق... ئۆلتۈرسەڭ ئۆلتۈرگىنىڭكى، ئەمدى تاشلاپ كەتمە!...

ئۇ گرىگورىينى قۇچاقلاپ، باغرىغا قاتتىق باستى. گرىگورىي ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ، دېرىزىدگە كۆز قىرىنى سالدى. ياز كېچىسى قىسقا، ئالدىراش لازىم.

— ئازراق ياتساڭ قانداق؟— دەپ سورىدى ئاكسىنىيە.

— نېمە دەۋاتىسەن!— دەۋەتتى گرىگورىي چۆچۈپ،— هازىرلا تاڭ ئاتىدۇ، مېڭىش كېرەك. كىيىمىڭنى كىي، دەرهال دۇنياشكىنى چاقىر. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋالايلى. تاڭ يورۇماستىنلا قۇرغاق سايغا يېتىپ بېرىۋېلىشىمىز لازىم. كۈندۈزنى شۇ يەردىكى ئورماندا ئۆتكۈزىمىز، كېچىسى يەنە يول يۈرىمىز. قانداق، سەن ئاتقا مىنىپ يۈرەلەمسەن؟

— خۇدايا توۋا، قانداق بولسىمۇ كېتىمەن دەۋاتسام، ئاتقا مىنەلەمسەن دەيدىغۇ! مەن بۇ ئىشلار مېنىڭ چۈشۈممىدۇ؟ دەپ ئويلاپ تۇرىمەن. مەن سېنى پات - پات چۈشەپ قالىمەن... بۇ چۈشلەر ھەرخىل...، — ئاكسىنىيە ئالدىراش چېچىنى تاراشقا كىرىشتى، چاچ قىسقۇچنى ئاغزىدا چىشلەپ تۇرۇپ، ئاستا ناتېنىق سۆزلەيتتى. ئۇ تېز كىيىنىپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— بالىلارنى ئويغىتايمۇ؟ ئۇلارغا بىر قارىۋالامسەن؟

— ياق، لازىمى يوق، — دېدى گرىگورىي كەسكىنلا.

ئۇ تۇمىقىنىڭ ئىچىدىن كىچىك خالتىسىنى ئالدى - دە، تاماكا ئوراشقا باشلىدى، ئەمما ئاكسىنىيە چىقىپ كېتىشى بىلەنلا، ئالدىراش كارىۋاتنىڭ قېشىغا بېرىپ، بالىلىرىنى ئۇزاق سۆيدى، ئۇندىن كېيىن ناتالىيىنى يادىغا ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ ئېغىر تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەسكە ئېلىپ يىغلىۋەتتى.

دۇناشكا بوسۇغىدىن ئاتلاپلا:

— ۋوي، سالامەتمۇسەن، ئاكا! ئۆيگە ئاخىر كەلدىڭمۇ؟ سەن چۆلدە شۇنچىمۇ سەرگەردان بولۇپ يۈرەمسەن...،— دېدى-دە، قوشاق قېتىپ يىغلاشقا ئۆتتى، — ئاتىسىنى زارىقىپ كۈتكەن پاقلانلىرىم... ئاتىسى ھايات تۇرۇپ يېتىم بولغان قوزىلىرىم، مانا ئاتاڭلارمۇ كەپتۇ...

گرىگورىي سىڭلىسىنى قۇچاقلىدى - دە، قاتتىقلىق بىلەن دېدى:

— ئاستىراق، باللارنى ئويغىتىۋېتىسەن! سەن يىغاڭنى قوي، سىڭلىم! مەن بۇ مۇزىكىسىنى تالاي ئاڭلىغان! ئۆزەمنىڭ كۆز يېشىم، قايغۇ - ھەسرىتىم يېتىپ ئاشىدۇ... مېنى بۇنىڭ ئۈچۈن چاقىرتقان ئەمەس. باللارنى ئۆز تەربىيەڭگە ئالامسەن؟

— سەن نەگە كېتىسەن؟

— مەن كېتىمەن ۋە ئاكسىنىيىنىمۇ بىللە ئەكېتىمەن. باللارنى ئۆز يېنىڭغا ئالامسەن؟ مەن ئىشقا ئورۇنلاشسام، شۇ چاغدا ئۇلارنى ئەكېتىمەن.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولمايچۇ؟ سىلەر ئىككىڭلار كەتسەڭلار، ئېلىپ قالىمەن. ئۇلار كوچىدا قالمايدىغۇ ياكى يات ئادەملەرنىڭ قولىغا تاشلاپ كەتمەيسەنغۇ ئۇلارنى...

— ساڭا كۆپ رەھمەت، سىڭلىم! مەن سېنىڭ ياق دېمەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم.

دۇناشكا ئۈنچىقماستىن ساندۇقنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— قاچان ماڭىسىلەر؟ ھازىرمۇ؟

— ھەئە.

— ئۆينى قانداق قىلىسىلەر؟ ئىگىلىكنىچۇ؟

ئاكسىنيە تايىنسىزراق جاۋاب بەردى:
— ئۆزۈڭ قاراپ باق. ئىجارىگە قويامسەن ياكى باشقا ئىش قىلامسەن، بىلگىنىڭنى قىل. قېپقالغان كىيىم - كېچەك، مال - مۈلۈكلەرنى ئۆز ئۆيۈڭگە ئاچىقىپ كەت...
— مەن خەقلەرگە نېمە دەيمەن؟ نەگە كەتتى دەپ سورىسا، نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ — دەپ سورىدى دۇناشكا.
— مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن دېگىن، گەپ تامام، ۋەسسالام، — گرىگورىي ئاكسىنيىگە بۇرۇلدى، — كىيىنىشا، تېزرەك تەييارلان، كۆپ نەرسە ئالما، يۇڭ كوفتاڭنى، ئىككى - ئۈچ يوپكا، ئىچ كىيىملىرىڭنىڭ ھەممىسىنى، يولغا يېتەكۈدەك تاماق ئالساڭ بولدى، مانا شۇلارنىڭ ئۆزى كۇپايە.
گرىگورىي بىلەن ئاكسىنيە دۇناشكا بىلەن خوشلىشىپ، ئۇيغانمىغان باللارنى قايتا - قايتا سۆيۈپ، پېشايۋانغا چىققاندا، سۈبھى يورۇشقا باشلىغانىدى. ئۇلار دونغا چۈشۈپ، قىرغاق بويلاپ، يارلىققا يېتىۋالدى.
— بىر چاغدا، بىز ئىككىمىز ياگودنويىغا مۇشۇنداق ماڭغانىدۇق، — دېدى گرىگورىي، — ئۇ چاغدا پەقەت بوغچاڭ چوڭراق ئىدى، ھەمدە بىز ئۆزىمىزمۇ ياش ئىدۇق...
شادلىق ھاياجانغا چۆككەن ئاكسىنيە گرىگورىيغا يان تەرەپتىن يالت قىلىپ قاراپ قويدى.
— مەن تېخىچە قورقۇپ تۇرۇۋاتىمەن — بۇ ئىشلار چۈشۈم ئەمەسمۇ؟ ئەكەل قولۇڭنى، مەن تۇتۇپ باقاي، بولمىسا، ئىشەنچ قىلالمايمەن — ئۇ يۈرۈپ كېتىۋېتىپ گرىگورىينىڭ مۈرىسىگە ئېسىلىپ، ئاستا كۈلۈپ قويدى.
گرىگورىي ئۇنىڭ يىغىدىن ئىششىپ كەتكەن بەختىيارلىقتىن پارلىغان كۆزلىرىنى، تاڭ قاراڭغۇسىدا ئاقىرىپ تۇرغان ئىككى مەڭزىنى كۆردى. مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ: خۇددى مېھماندارچە

لىققا بارىدىغانداك جابدۇندى ـ دە، دەرھال يولغا چىقتى... ھېچ‌ـ
نېمىدىن ۋەھىمە قىلمايدۇ، مانا ئەزىمەت ئايال دېگەن شۇ! دەپ
ئويلىدى ئۇ.

گويا گرىگورىينىڭ پىكىر ـ خىيالىغا جاۋاب بەرگەندەك
ئاكسىنىيە مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ قانداقلىقىمنى كۆرۈۋاتامسەن... بىر ئىسقىرت‌ـ
قانىدىڭ، ئىتنىڭ كۈچۈكىدەك ئارقاڭدىن ئەگىشىپ چاپتىم.
بۇ — ساڭا بولغان مۇھەببەت ۋە ھىجران ئازابىغا سالغان
سېغىنىشنىڭ نەتىجىسى، گرىشا... ئەمما بالىلارغا ئىچىم ئاغرىي‌ـ
دۇ، ئۆزۈم توغرۇلۇق «ئۇھ» مۇ دېمەيمەن. نەگە بارساڭمۇ ئار‌ـ
قاڭدىن بارىمەن، ھەتتا ئۆلۈمگىمۇ!

ئاتلار بۇلارنىڭ قەدەم تاۋۇشىنى ئاڭلاپ، ئاستا كىشنەپ
قويدى. تاڭ تېز يورۇۋاتاتتى. ئاسماننىڭ شەرقىي چېتىدە ئۇپۇق
جىيەكى خېلىلا قىزىرىپ قالدى. دون بويىدا سۇدىن تۇمان
كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى.

گرىگورىي ئاتلارنى يېشىپ، ئاكسىنىيىنى يۆلەپ ئاتقا مىن‌ـ
گۈزدى. ئاكسىنىيىنىڭ پۇتىغا ئۈزەڭگە ئۇزۇن كېلىپ قالدى.
گرىگورىي ئالدىنراق ئويلىمىغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، تاسمىسىنى
قىسقارتتى ـ دە، ئۆزى ئىككىنچى ئاتقا مىندى.

— ماڭا زىچ ئەگىشىپ ماڭ، كسيوشا! ياردىن چىققاندىن
كېيىن تېز يورغا بىلەن ماڭىمىز. ئانچىلىك سىلكىنىپ كەتمەس‌ـ
سەن. تىزگىنىنى قويۇۋەتمە، ئاستىڭدىكى ئات تىزگىنىنى قويۇۋې‌ـ
تىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، تىزلىرىڭنى ساقلا. ئات گاھىدا شوخلۇق
قىلىپ، تىزنى چىشلىۋالىدىغان ئادىتى بار. خوش، كەتتۇق!

قۇرغاق سايغىچە سەككىز چاقىرىم يول ئىدى. ئۇلار قىس‌ـ
قىلا ۋاقىت ئىچىدە بۇ مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، كۈن چىققان
چاغدا ئورماننىڭ يېنىغا بېرىۋالدى. ئورمان ياقىسىدا گرىگورىي

ئاتتىن چۈشۈپ، ئاكسىنىيىنىڭ ئاتتىن چۈشۈشىگە ياردەملەشتى.
— خوش، قانداق؟ ئاتتا يۈرۈشكە ئادەتلەنمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئېغىر كېلىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۈلۈپ.
تېز چېپىشتىن چىرايى قىزىرىپ كەتكەن ئاكسىنىيىنىڭ قارا كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەنىدى.
— ياخشى! پىيادە ماڭغاندىن تۈزۈكرەك. پەقەت مانا پۇتلىرىم...، — ئاكسىنىيە سەل خىجىل بولۇپ كۈلۈمسىرىدى!— سەن باشقا ياققا قاراپ تۇرغىنا، گرىشا، مەن پۇتلىرىمغا قاراپ باقاي. تېرىسى چىمىلداۋاتىدۇ... غاجىشەتكەن بولۇشى مۇمكىن.
— ھېچ ۋەقەسى يوق، ياخشى بولۇپ قالىدۇ، — دەپ تەسەللى بەردى گرىگورىي، — پۇتلىرىڭنى سوزۇپ، ھەرىكەتلەندۈر، ئۇنداق بولمىغاندا، دىرىلداپ ئاۋارە قىلىدۇ...، — شۇندىن كېيىن يېقىملىق مازاق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى، — قارىغىنا سېنى، ھەي كازاچكا!
ئۇ ساينىڭ تۈۋىدىن كىچىككىنە ئويمان يەرنى تاللاپ:
— بىزنىڭ قونالغۇمىز مۇشۇ يەر بولىدۇ، ئورۇنلىشىۋەر، كىسيوشا! — دېدى.
گرىگورىي ئاتلارنىڭ ئېگەرىنى ئالدى، پۇتلىرىنى چۈشەپ قويدى، ئېگەر - جابدۇق، قورال - ياراغنى چاتقالنىڭ ئاستىغا قويدى. ئوت - چۆپنىڭ ئۈستىگە قېلىن شەبنەم چۈشكەن بولۇپ، گىياھلار شەبنەمدە سۇر رەڭ تۈس ئالغانىدى، تاڭ قاراڭغۇسى تېخىچە كەتمىگەن قىيا جايلاردا ئوت - چۆپ خىرە ھاۋا رەڭ تۈستە تاۋلىناتتى. چالا ئېچىلغان گۈللەرنىڭ كاسىلىرىدا توق سېرىق ھەرىلەر ئۈگدىشەتتى. دالا ئۈستىدە تورغايلار سايرىشاتتى، زىرائەتلەرنىڭ ئىچىدە، رەڭگارەڭ خۇش پۇراق دالا ئۆسۈملۈكلىرى ئارىسىدا بۆدۈنىلەر: «ئۇخلاشنىڭ ۋاقتى بۇ! ئۇخلاشنىڭ ۋاقتى بۇ! ئۇخلاشنىڭ ۋاقتى بۇ!» — دەپ توختاۋسىز تەكرارلى-

شاتتى. گرىگورىي ئەمەن چاتقىلىنىڭ قېشىدا ئوتلارنى دەسسەپ ياتقۇزۇپ، ئېگەرگە بېشىنى قويۇپ، يانپاشلاپ ياتتى. بۆدۈنىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز شىتىرلاپ سوقۇشۇۋاتقان ئاۋازىمۇ، تورغايلارنىڭ لەرزان كۈيلىرىمۇ، دوننىڭ ئېرىقى قىرغىقىدا كېچىچە سوۋۇمىغان قۇملارنى كېزىپ. بۇ ياققا كەلگەن ئىللىق شامالمۇ — مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىنى ئۇيقۇغا ئۈندەيتتى. باشقىلارنىڭ قانداقلىقى نامەلۇم، ئەمما ئۇدا تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن گرىگورىيغا ئۇخلاش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. بۆدۈنىلەر ئۇنى ئۇيقۇغا كۆندۈردى - دە، ئۇيقۇسى غەلىبە قىلغان گرىگورىي كۆزىنى يۇمدى. ئاكسىنىيە ئۈنچىقماستىن يېنىدا ئولتۇراتتى، ئۇ ئويغا چۆمۈپ، خۇش پۇراق شىرنە گۈلىنىڭ بىنەپشە رەڭ بەرگىلىرىنى لەۋلىرى بىلەن بىر - بىرلەپ ئۈزەتتى.

— گرىشا، بىزنى بۇ يەردە بىرى تۇتۇۋالامسۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ، گرىگورىينىڭ ساقال باسقان مەڭزىگە گۈلنىڭ ساپىقىنى تەگكۈزۈپ.

ئۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئېچىپ، خىرىلداپ جاۋاب بەردى:

— دالادا ھېچكىم يوق، ھازىر ئىنس - جىن يوق تىمتاس چاغ. مەن ئۇخلىۋالاي، كسيۇشا، سەن ئاتلارغا قاراپ تۇرغىن. كېيىن سەن ئۇخلايسەن. مېنى ئۇيقۇ باستى... ئۇخلاي... تۆت كېچە - كۈندۈز... كېيىن سۆزلىشەرمىز...

— ئۇخلا، قەدىردانىم، ئوبدان ئۇخلا!

ئاكسىنىيە گرىگورىيغا ئېڭىشىپ، ماڭلىيىغا چۈشۈپ قالغان بىر تۇتام چېچىنى قايرىپ، مەڭزىگە لەۋلىرىنى ئاستا تەگكۈزدى.

— سۆيۈملۈكۈم گرىشىنكا، بېشىڭدىكى ئاق چاچ نېمانچە كۆپ، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، — قېرىپ كېتىۋاتامسەن، نېمە؟

سەن يېقىندىلا ياش يىگىت ئىدىڭ... — شۇ سۆزىنى دې-
دى - دە، غەمكىن كۈلۈمسىرەپ، گىرىگورىيىنىڭ يۈزىگە قاراپ
كەتتى.

گرىگورىي لەۋلىرىنى سەل ئېچىپ، بىر خىل نەپەس ئې-
لىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئاپتاپتا ئۆچلىرى كۆيگەن قارا كىرپىكلىرى
سەل - پەل تىترەيتتى، يۇقىرىقى كالپۇكى زىچچىدە تىزىلىپ
تۇرغان چىشلىرىنى كۆرسىتىپ مىدىرلاپ قوياتتى. ئاكسىنىيە ئۇ-
نىڭغا سىنچىلاپ قاراپ، ئاشۇ بىر نەچچە جۇدالىق ئاي ئىچىدە
قاتتىق ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى پەقەت ھازىرلا بايقىدى. سۆي-
گەن يارىنىڭ قاشلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان كۆندىلەڭ چوڭ-
قۇر قورۇقلاردا، ئاغزىنىڭ پۈرۈشكەن ئىنچىكە قاتلاقلىرىدا،
كەسكىن تومپىيىپ چىققان ياڭاق سۆڭەكلىرىدە قانداقتۇر تەر-
سالىق، رەھىمسىزلىكنىڭ ئىپادىسى نامايان ئىدى... شۇڭلاشقا
ئاكسىنىيە ئۇنى جەڭدە، ئات ئۈستىدە قىلىچىنى پارقىرىتىپ كې-
لىۋاتقان چاغدا! قانچىلىك قورقۇنچلۇق بولۇپ قالىدىغاندۇ،
دەپ بىرىنچى قېتىم ئويلاپ قالدى. ئۇ كۆزلىرىنى تۆۋەن چۈشۈ-
رۈپ، گرىگورىينىڭ تۈگۈلگەن يوغان قوللىرىغا يالت قىلىپ قا-
راپ، نېمىشقىدۇر خۇرسىنىپ قويدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئاكسىنىيە ئاستا ئورنىدىن تۇردى - دە،
شەبنەم باسقان ئوت - چۆپ ئۈستىدە يوپكىسىنى ھۆل قىلىۋەتمەس-
لىك ئۈچۈن ئېتىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئويمان يەردىن بۇ تە-
رەپكە ئۆتتى. يېقىن بىر يەردە بىر ئېرىق سۇ تاشقا ئۇرۇلۇپ،
شىلدىرلاپ ئاقاتتى. ئاكسىنىيە پۆپۈنەكسىمان ياش مايسىلار
قاپلىغان تاش تاختىلار تۆشەلگەن سايىنىڭ جىراسىغا چۈشۈپ،
مۇزدەك بۇلاق سۈيىدىن قانغۇدەك ئىچتى، يۈز - قولىنى يۇدى،
ئاندىن قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى پاكىز ئېرتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى-
دىن مۇلايىم تەبەسسۇم كەتمەيتتى، كۆزلىرىدە شادىمانلىق

ئەكس ئېتەتتى. گرىگورىي يەنە ئۆز يېنىدا تۇرۇپتۇ! بەختىنىڭ شەپىسى ئاكسىنىيىنى يەنە نامەلۇم تەرەپكە ئۈندەيتتى... ئۈيقۇسىز كېچىلەردە ئاكسىنىيە نۇرغۇن ياش تۆكتى، يېقىنقى ئايلاردا كۆپ قايغۇ - ھەسرەتنى باشتىن كەچۈردى. تېخى تۈنۈگۈن كۈندۈزى قوشنا ئاياللار باغچىدا ياكىيۇ ئوتاۋېتىپ مۇڭلۇق ئاياللار ناخشىسىنى كۈيلىگەنىدى، ئاكسىنىيىنىڭ يۈرىكى ئامبۇر قىسقاندەك ئاغرىدى - دە، ئىختىيارسىز ناخشىغا قۇلاق سالدى.

قايتىڭ ئۆيگە بوز غازلار،
شۇنچە ئۇزۇش يەتمەسمۇ؟
شۇنچە ئۇزۇش يەتمەسمۇ؟
مەن شور ئايال يىغىدىن
توختىمىدىم بىر پەسمۇ...—

چاڭىلداپ چىققان ئايال ئاۋازى ناخشىنىڭ ئاخىرىنى ئاشۇنداق چۈشۈرۈپ، ياۋۇز تەقدىر ئۈستىدىن شىكايەت قىلغاندا، ئاكسىنىيە چىداپ تۇرالماي كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياش تۆككەنىدى! ئۇ يۈرىكىگە ئاراملىق بەرمەيۋاتقان قايغۇ - ھەسرىتىنى ئىش - ئەمگەك بىلەن ئۇنتۇپ، باسماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما كۆزلىرىگە ياش تولۇپ، ياكىيۇنىڭ يېشىل غولىغا، كۈچ - مادارى قالمىغان قوللىرىغا كۆز يېشى تامچىلاشقا باشلىدى - دە، كۆزى ھېچنېمىنى كۆرمەي، ئىشلەشكە چامىسى كەلمەي قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتىغۇچنى تاشلاپ قويۇپ، يەرگە دۈم چۈشۈپ، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى بېكىتىۋېلىپ يىغلاۋەرگەنىدى.

تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇ ئۆز تۇرمۇشىغا لەنەت ئوقۇغان ۋە جىمى ئالەم ئۇنىڭ كۆزىگە يامغۇرلۇق كۈندىكىدەك غۇۋا ۋە كۆڭۈلسىز كۆرۈنگەنىدى، ئەمدى بۈگۈن پۈتۈن جاھان ئۇنىڭ كۆزىگە را-

ھەتىبەخش ياز يامغۇرىدىن كېيىنكى ئوچۇق ھاۋادەك شادخۇراملىق، نۇرلۇق كۆرۈندى. بىزمۇ ئۆز بەختىمىزنى تېپىۋالارمىز! دەپ ئويلىدى ئۇ، كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان كۈننىڭ قىيپاش چۈشكەن شولىسىدا ئالتۇن تۈس ئالغان ئەمەن دەرىخىنىڭ نەقىشدار ياپراقلىرىغا پەرىشان ھالدا قاراپ.

چاتقالنىڭ يېنىدا ۋە جەزىرىمە ئاپتاپلىق يەردە رەڭمۇرەڭ خۇش پۇراق گۈللەر ئۆسكەنىدى. ئاكسىنىيە بۇ گۈللەردىن بىر قۇچاق ئۈزدى، ئاندىن گرىگورىينىڭ قېشىغىراق كېلىپ، ئاستا ئولتۇردى – دە، ياشلىقىنى ئەسلەپ، گۈل چەمبىرەك تۈزۈشكە باشلىدى. گۈل چەمبىرىكى خېلى ھەشەمەتلىك، گۈزەل بولۇپ چىقتى. ئاكسىنىيە ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇردى – دە، كېيىن ئۇنىڭغا جىغاننىڭ بىرنەچچە تال قىزىل گۈلىنى سانجىپ گرىگورىينىڭ باش تەرىپىگە قويدى. سائەت توققۇزدا گرىگورىي ئاتنىڭ كىشنىشىدىن ئويغىنىپ كېتىپ، چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى، قولى بىلەن ئەتراپىنى ئاختۇرۇپ، قورالىنى ئىزدىدى.

— ھېچكىم يوق، — دېدى ئاكسىنىيە ئاستا سۆزلەپ، — نېمە قورقىسەن؟

گرىگورىي كۆزلىرىنى ئېرىتىپ، ئۇيقۇچان كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— توشقاندەك يۈرەككە ئالدى بولۇپ ھايات كەچۈرۈشكە ئۆگىنىپ قاپتىمەن. ئۆزۈم ئۇخلايمەن، ئەمما كۆزۈم ئەتراپتا، تىرىق قىلغان تاۋۇشتىن چۆچۈپ كېتىمەن... قىزچاق، بۇ ئادەتنى تېز تاشلىيالمايسەن. ئۇزاق ئۇخلىدىممۇ؟

— ياق، يەنە بىرئاز ئۇخلىۋالامسەن؟

— قانغۇدەك ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇدا ئىككى سوتكا ئۇخلاش لازىم. ياخشىسى، ناشتا قىلايلى. نان بىلەن پىچاق ئېگەرنىڭ خۇرجۇنىدا، ئۆزۈڭ ئال، مەن ئاتلارنى سۇغىرىپ قويۇپ كېلەي.

گرىگورىي ئورنىدىن تۇردى. شىنېلىنى سالدى، مۈرىسىنى

چىقىرىپ بىر كېرىلىۋالدى. ئاپتاپ قاتتىق كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. شامال دەرەخنىڭ ياپراقلىرىنى شىلدىرلىتاتتى، شۇڭا جىلغىنىڭ كۆي- ناۋاسىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى.

ئۇ سۇ ياقىسىغا چۈشتى، تاش بىلەن شاخ - شۇمبىدىن بىر جايدا كىچىككىنە توغان ياسىدى، قىلىچى بىلەن توپا قېزىپ، تاشلارنىڭ ئارىلىرىنى ئېتىپ، سۇ ئۆتمەيدىغان قىلدى. توغانغا سۇ يىغىلغان چاغدا، ئاتلارنى ئەكىلىپ سۇغاردى، شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يۈگەنلىرىنى ئېلىپ قويۇپ، يەنە ئوتلاشقا قو- يۇۋەتتى.

ناشتا قىلىۋاتقاندا ئاكسىنىيە سوراپ قالدى:

— بىز بۇ يەردىن نەگە بارىمىز؟

— موروزوۋسكاياغا. پلاتوۋغىچە ئاتلىق يۈرىمىز، ئۇنىڭ نېرىسىغا پىيادە ماڭىمىز.

— ئاتلارنىچۇ؟

— ئاتلارنى تاشلايمىز.

— ئىست، گرىشا! ئاتلار شۇنداق ياخشى تۇرسا، بولۇپمۇ قارا كۆككە قاراپ كۆزۈڭ تويمايدۇ، ئاشۇ ئاتنىمۇ تاشلاپ كېتىش لازىممۇ؟ ئۇنى نەدىن تاپقانىدىڭ؟

— تاپتىم...، — گرىگورىي كۆڭۈلسىز كۈلۈمسىرەپ قويدى، — بىر تاۋرىچاندىن تارتىۋالغانىدىم.

بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن گرىگورىي:

— مىڭ ئىچ ئاغرىتقان بىلەنمۇ تاشلاپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ... بۇ ئاتلارنى بىز ساتالمايمىز - دە، — دېدى.

— سەن نېمىشقا قورالىڭنى ئېلىپ ماڭىسەن؟ ئۇنىڭ بىزگە نېمە لازىمى بار؟ بىرى كۆرۈپ قېلىشنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن، بېشىمىزغا بالا تېپىۋالىمىز.

— كېچىدە بىزنى كىم كۆرۈپ قالىدۇ؟ مەن ئۇنى ئېھتىيات

ئۇچۇن يېنىمدا ساقلاۋاتىمەن، مەن قورالسىز يۈرۈشتىن قورقىمەن... ئاتلارنى تاشلايمىز — ۋاقتى كەلگەندە قورالنىمۇ تاشلايمىز، كەلگۈسىدە قورالنىڭ لازىمى بولمايدۇ.

نەشتىدىن كېيىن ئۇلار شىنېلنى ئاستىغا سېلىپ يېتىشتى. گرىگورىي ئۇيقۇ بىلەن كۈرەش قىلىشقا كۆچەنەتتى، ئاكسىنىيە جەينەكلىنىپ يېتىپ، ئۇنىڭ يوق چېغىدا قانداق تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى، شۇ ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت چەككەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى. گرىگورىي ئۇگدەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىر قېلىپتا چىقىرىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇراتتى، ئەمما ئۇيقۇدىن ئېغىرلاشقان قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈشكە قۇربى يەتمەيتتى. بەزىدە ئۇ ئاكسىنىيىنىڭ سۆزىنى پۈتۈنلەي ئاڭلىيالماي قالاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يىراقلىشىپ، غۇۋا ئاڭلىنىپ، ئاندىن پۈتۈنلەي جىمىپ قالاتتى. گرىگورىي چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى - دە، ئەمما بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن يەنە كۆزىنى يۇماتتى. هارغىنلىق ئۇنىڭ ئىستەك، ئىرادىسىدىن كۈچلۈكرەك ئىدى.

— ...ئۇلار سېنى سېغىنىپ، دادام نەدە؟ دەپ سوراپ يۈردى. مەن ئۇلارنى قولۇمدىن كېلىشىچە باقتىم، بارغانسېرى ئامراقلىقىم ئاشتى. ماڭا شۇنداق ئۆگىنىپ ئىجىل بولۇپ كېتىشتى - دە، دۇناشكىنىڭ قېشىغا كەم چىقىدىغان بولۇشتى. پولیوشكا بەك مۆلايىم، بەك ياۋاش، ئۇنىڭغا پۈرۈچ لاتىلاردىن قورچاق تىكىپ بېرەتتىم، ئۇ ئاشۇ قورچاقلار بىلەن گۆل بولۇپ، شىرەنىڭ ئاستىدا ئويناپ ئولتۇراتتى. بىر كۈنى مىشاتكا كوچىدىن يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى. پۈتۈن ئەزاسى تىترەپ تۇرىدۇ. «نېمە بولدۇڭ؟» — دەپ سورىدىم، ئۇ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى: «باللار مەن بىلەن ئوينىمايدىغان بولۇشتى، سېنىڭ ئاتاڭ باندىت دېيىشىۋاتىدۇ، ئاپا، ئۇ راست باندىتمۇ؟ باندىت دېگەن

قانداق ئادەملەر؟» مەن ئۇنىڭغا: «سىنىڭ ئاتاڭ ھەرگىز ياندىن ئەمەس. ئۇ شۇنداق... بەختسىز ئادەم»، — دېدىم. ئۇ شۇندىن كېيىن: «دادام نېمىشقا بەختسىز، بەختسىز دېگەن نېمە؟» — دەپ تولا سوئال سوراپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغا ھېچ گەپ بىلەن چۈشەندۈرەلمەيمەن... گىرىشا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى مېنى ئانا دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. ئويلاپ قالمىغىنىكى، ئۇلارغا مەن ئۆگەتكىنىم يوق. مىخايىل ئۇلارغا باشقىچە مۇئامىلىدە بولمىدى، مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ كەلدى. ئۇ مەن بىلەن سالاملاشمايدۇ، ماڭا تەتۈر قاراپ، يېنىمدىن چەتلەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەدىما باللارغا يېزا بازىرىدىن ئىككى قېتىم قەنت ئەكىلىپ بەردى. پروخور سىنىڭ گېپىڭنى تولا قىلىدۇ. يوقىلىپ كەتتى بۇ ئادەم دەپ قويىدۇ، ئۆتكەن ھەپتە سەن توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچى بولۇپ كىرىپتىكەن، ئۇن سېلىپ يىغلاپلا كەتتى... ئۇلار مېنىڭ ئۆيۈمدە تىنتىش ئېلىپ باردى، قورال ئىزدەپ ھەممە يەرنى ئاختۇردى — تۆرۈس ئارىلىقلىرىنى، گەمىنىڭ ئىچىنى قاراپ چىقتى، ئاختۇرمىغان يېرى قالمىدى...

گىرىگورىي ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاپ بولالماستىنلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ياش قارىياغاچنىڭ ياپراقلىرى شامالدا شىلدىرلايتتى. ياپراقلار ئارىسىدىن چۈشكەن سارغۇچ شولا يۈزىدە يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئاكسىنيە ئۇنىڭ يۇمۇق كۆزلىرىنى ئۇزاققىچە سۆيدى، ئاندىن گىرىگورىينىڭ قولىغا يۈزىنى يېقىپ، ئۆزىمۇ ئۇخلاپ قالدى، ئۇيقۇدا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

× ×

ئاي پېتىپ، كېچە ئاللا بىر يەرگە بېرىپ قالغان چاغدا، ئۇلار قۇرغاق سايدىن كېتىشتى. ئىككى سائەت يۈرگەندىن

كېيىن ئېدىردىن چىر دەرياسى ياقىسىغا چۈشتى. چىمەنزارلىقتا قىزىل ئاياغ قۇشلار سايرىشاتتى، دەريانىڭ قومۇشلۇق قولتۇقىدا پاقىلار گېلى يىرتىلغۇدەك كوركىرىشاتتى، نەدىدۇر يىراق بىر يەردە مۇشۇكياپىلاقنىڭ غۇۋا ئاھۇ زارى ئاڭلىناتتى.

دەريا بويىدا ياپيېشىل سوزۇلغان باغلار تۇماندا خىرە-شىرە قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

گرىگورىي كۆۋرۈككە يېقىن قالغاندا توختىدى. يېزىدا يېرىم كېچىنىڭ جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. گرىگورىي پاشنىسى بىلەن ئاتنى تۈرتۈپ، باشقا ياققا بۇرۇلدى، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشنى خالىمىدى. بۇنداق جىمجىتلىققا ئىشەنمەيتتى ۋە ئۇنىڭدىن قورقاتتى. يېزىنىڭ چېتىدە ئۇلار ئۆستەڭدىن كېچىپ ئۆتۈپ، ئەمدىلا تار كوچىغا بۇرۇلغانىدى، چوڭ ئېرىقتىن بىر ئادەم دەس ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە ئۈچ كىشى قوپتى.

— توختا! كىم بۇ؟

گرىگورىي گويا بېشىغا كالتەك تەگكەندەك، بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى. تىزگىننى تارتتى. ئۇ دەرھال ھوشىنى يىغىۋېلىپ: «ئۆز ئادەملەر!» — دەپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن جاۋاب قايتۇردى-دە، ئېتىنى شارتلا بۇراپ، ئاكسىنىيىگە: «ئارقىغا بۇرۇل! كەينىمدىن ماڭ!» — دەپ پىچىرلاشقا ئۈلگۈردى.

بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ئاشلىق يىغىش ئەترىتىنىڭ تۆت قاراۋۇلى قونۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە جايلاشقانىدى، ئۇلار ئۈنچىقماستىن، ئالدىرىماي بۇلارغا قاراپ ماڭدى. بىرى تاماكا چېكىش ئۈچۈن توختاپ، سەرەڭگە ياقتى. گرىگورىي ئاكسىنىيىنىڭ ئېتىغا كەلتۈرۈپ بىر قامچا سالغانىدى، ئات بىر ئىرغىدى-دە، ئۇچقاندەك چېپىشقا يۈز تۇتتى، گرىگورىي ئاتنىڭ بوينىغا ئېگىشىۋېلىپ، كەينىدىن چاپتى. كىشىنى قىينايدىغان سۈكۈنات

بىرەچچە مىنۇتقا سوزۇلدى. ئۇندىن كېيىن گۈلدۈر - قاراس قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. يالت - يۇلت يانغان ئوت ئۇچقۇنلىرى قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ ئۆتتى. گرىگورىي ئوقلارنىڭ ۋىژىلداپ چىققان ئاۋازىنى ۋە بىرىنىڭ سوزۇق ئاۋاز بىلەن:

— مىلتىقنى ئال! — دېگەن كوماندىسىنى ئاڭلىدى.

ئۆستەڭدىن 100 سارجىن نېرىدا گرىگورىي ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان كۆك بوز ئاتنى قوغلاپ يەتتى - دە، تەڭلىشىپ ماڭغاندىن كېيىن:

— ئېڭىش، كىسيوشا! پەسكە ئېڭىشىۋال! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئاكسىنىيە تىزگىننى تارتىپ ماڭدى - دە، ئارقىسىغا ئېگىلىپ. يانغا قىيسىيىپ قالدى. گرىگورىي دەرھال ئۇنى يۆلىۋالدى، ئۇنداق بولمىغاندا، ئاتتىن يىقىلغان بولاتتى.

— يارىدار بولدۇڭمۇ؟! قەيەرگە تەگدى؟! ئېيتقىنا!...، — دەپ سورىدى گرىگورىي خىرىلداپ.

ئۇ ئۈنچىقمىدى، بارغانسېرى گرىگورىينىڭ قولىغا ئېغىرلىقىنى سېلىۋالدى.

— خۇدا ھەققى! بىر نېمە دېسەڭچۇ! زادى نېمە بولدۇڭ؟!

ئەمما جىمىقىپ كەتكەن ئاكسىنىيەدىن نە بىرەر سۆز، نە ئىڭراش ئاڭلانمايتتى.

يېزىدىن 200 چاقىرىم يەردە گرىگورىي يولدىن شارتلا بۇرۇلۇپ، يارلىققا قاراپ پەسكە چۈشتى - دە، ئاتتىن چۈشۈپ، ئاكسىنىيىنى قولى بىلەن ئاستا كۆتۈرۈپ، ئاۋايلاپ يەرگە ياتقۇزۇپ قويدى.

ئۇ ئاكسىنىيىنىڭ يۇڭ كوفتىسىنى سالدۇردى، چىت كۆڭلىكىنىڭ مەيدىسىدىن يىرتتى. سىيلاپ - سىيپىلاپ يارىسىنى تاپتى. ئوق ئاكسىنىيىنىڭ سول تاغىقىغا تېگىپ، ئۇستىخاننى

چىقىپ، ئوڭ ئومۇرتقىسىنىڭ ئاستىدىن قىيپاش چىقىپ كەتكەن.
گرىگورىي قانغا بويالغان، لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى
بىلەن خۇرجۇنىدىن ئۆزىنىڭ ئىچ كۆڭلىكىنى، داكا ۋە پاختىنا
سېلىنغان قەغەز خالتىنى ئالدى. ئۇ ئاكسىنيىنى سەل كۆتۈرۈپ،
تىزىنىڭ ئۈستىگە ئالدى ـ دە، ئومۇرتقىسىنىڭ ئاستىدىن بۇل-
دۇقلاپ چىقىۋاتقان قاننى توختىتىشقا تىرىشىپ، يارىنى تېڭىشقا
كىرىشتى. كۆڭلەكنىڭ بىر قىسمى ۋە داكا دەرھال قارىيىپ،
بىردەمدىلا چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتتى. قان ئاكسىنيىنىڭ
سەل ئېچىلىپ قالغان ئاغزىدىنمۇ ئاقاتتى، كېكىردىكىدە قاننىڭ
بۇلدۇقلىغىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گرىگورىي ئۆلگۈدەك قورقۇپ،
چىرايى تاتىرىپ كەتتى ـ دە، ئىشنىڭ تامام بولغانلىقىنى،
ئۆز ھاياتىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ئەڭ قورقۇنچلۇق
ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندى...

ئۇ ئاكسىنيىنى كۆتۈرۈپ، يارنىڭ تىك يان باغرى بىلەن،
ئوت باسقان، قوي مايىقى تولغان چىغىر يول بىلەن ئاۋايلاپ
مېڭىپ، يارنىڭ ئىچىگە چۈشتى. ئاكسىنيىنىڭ بىئىختىيار ساڭگى-
لاپ قالغان بېشى گرىگورىينىڭ مۈرىسىدە ئىدى. ئۇ ئاكسىنيىنىڭ
چىنقىراپ، ئىنىدىكىپ نەپەس ئالغانلىقىنى ئاڭلايتتى ۋە ئۇنىڭ
بەدىنىدىن بارغانسېرى كۆپ قان كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە ئاغزىدىن
ئاققان قان ئۆزىنىڭ كۆكرىكىگە قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.
بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى ئاتمۇ يارنىڭ ئاستىغا چۈشتى. بۇ
ئاتلار پىشقىرىپ، ئېغىزدۇرۇقنى جىرىڭلىتىپ سۇتلۇك ئوتنى
قىرقىپ، چاينىشقا باشلىدى.

تاڭ ئېتىش ئالدىدا ئاكسىنيە گرىگورىينىڭ قولىدا جان
ئۈزدى. ھوشىغا كەلمەيلا ئۆلۈپ كەتتى. گرىگورىي ئۈنچىقماس-
تىن، ئۇنىڭ مۇزلىغان، قاننىڭ شورى تېتىپ تۇرغان لەۋلىرىدىن
سۆيدى، ئۇنى ئاۋايلاپ مايسا ئوتلار ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇپ

ئورنىدىن تۇردى. غايىب بىر كۈچ ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتەردى - دە، ئارقىسىغا داجىپ كېتىپ ئوڭدىسىغا چۈشتى، ئەمما چۆچۈپ، ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ كەتتى. يەنە بىر قېتىم يىقىلىپ كېتىپ، يالاڭبېشىنى تاشقا قاتتىق ئۇرۇۋالدى. شۇندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرماي، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، غىلاپتىن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، گور قېزىشقا باشلىدى، يەر نەم بولغانلىقتىن، قېزىش ئوڭاي ئىدى. ئۇ بەك ئالدىرىغان بولسىمۇ، دىم قىسىلىپ، كېكىردىكىنى بوغۇۋالدى - دە، يېنىكرەك نەپەس ئېلىش ئۈچۈن ئۈچىسىدىكى كۆڭلەكنى ياقىسىدىن تارتىپ يىرتىۋەتتى. ئەتىگەنكى ساپ ھاۋا تەرلەپ كەتكەن كۆكرىكىنى سالقىنداتتىپ قويدى - دە، ئەمگەك قىلىشمۇ ئۇنچىلىك تەسكە چۈشمىدى. ئۇ بىر مىنۇتمۇ دەم ئالماستىن توپىنى قولى بىلەن كۈرەپ تۇمىقىغا توشقۇزۇپ، بىر چەتكە تۆكۈپ تۇردى، ئەمما لەھەتنى بەلگىچە چوڭقۇرلۇقتا كولاش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت كەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئاكسىنيىسىنى يورۇق چاشگاھ ۋاقتىدا دەپنە قىلدى. ئۇ ئاكسىنيىنى لەھەتنىڭ ئىچىگە قويغاندىن كېيىن جانسىز ئاقىرىپ كەتكەن قوللىرىنى مەيدىسىگە مىڭگەشتۈرۈپ قويدى، چالا يۇمۇلۇپ، ئاسمانغا ھەرىكەتسىز قادىلىپ قاراپ قالغان ۋە خىرەلىشىشكە باشلىغان كۆزلىرىگە توپا كىرىپ كەتمىسۇن دەپ، بېشىغا سالغان رومىلى بىلەن يۈزىنى ياپتى. گرىگورىي ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئايرىلىشى بەك قىسقا ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنگەن ھالدا ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالاشتى...

قەبرىنىڭ ئۈستىدىكى نەم سېرىق توپىنى شاپىلاقلاپ، ئوبدان چىڭدىدى - دە، قەبرىنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئاستا تەۋرىنىپ، ئۇزاق تۇردى.

ئەمدى ئۇنىڭغا ئالدىراشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق ئىدى. پۈتۈن ئىش تامام بولغان.

ئەتىگەنكى گىرىمسەن تۇمان ئىچىدە قۇياش يارنىڭ بېشىدىن ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ نۇرى گرىگورىينىڭ قېلىن ئاقارغان يالاڭ بېشىنى كۈمۈش تۈسكە كىرگۈزۈپ، ئۆڭكۈپ كەتكەن ۋە ئۆزىنىڭ ھەرىكەتسىزلىكى بىلەن قورقۇنچلۇق بولغان يۈزىدە جىلۋىلىنەتتى، ئۇ ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بېشىنى كۆتۈردى - دە، تۆپىسىدە قاپقاراڭغۇ كۆرۈنگەن ئاسمانىنى ۋە قۇياشنىڭ كۆزنى چاقنايتىدىغان قارا گەردىشىنى كۆردى.

# 18

باش ئەتىيازدا، قار كېتىپ، قىش بويى ياتقان ئوت - چۆپلەر قۇرۇشقا باشلىغان چاغدا، دالادا باھار يانغىنى باشلىنىدۇ. شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن ئوت كەلكۈندەك ئاقىدۇ، قۇرۇغان ئوت - چۆپلەرنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يالمايدۇ، ئېگىز ئۆسكەن تۆگە تىكەنلەرنىڭ غولىغا پەرۋاز قىلىدۇ، قارا ئەمەننىڭ قوڭۇر ئۇچلىرىغا يامىشىپ چىقىدۇ، ئويمانلىقلارنى قاپلايدۇ...

شۇندىن كېيىن دالادا كۆيگەن ۋە يېرىلىپ كەتكەن يەردىن كۆيۈكنىڭ ئاچچىق ئىسى ئۇزاققىچە تارىلىپ تۇرىدۇ. ئەتراپنى كىشى زوقلانغۇدەك ياپيېشىل ياش مايسا قاپلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە، كۆك ئاسماندا سان - ساناقسىز تورغايلار قانات قېقىپ ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ، ئوزۇقلۇقى ياخشى مايسىزاردا ئۆتكۈنچى غازلار ئوتلىشىدۇ، يازنى ئۆتكۈزىدىغان ياۋا غازلار ئۇۋا سالىدۇ. دالا يانغىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن يەردە كۆمۈرگە ئايلانغان جانسىز تۇپراق ۋەھىمىلىك قارىيىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردە قۇشلار ئۇۋا قۇرمايدۇ، ياۋايى ھايۋانلار ئۇ يەردىن چەتلەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، پەقەت ئۇچقۇر شاماللا ئۇ يەردىن تېز ئۇچۇپ

ئۆتۈپ، كۆكۈچ كۆلنى ۋە ئاچچىق ئىس ـ تۈتەكنى يىراقلارغا ئەكىتىدۇ.

گرىگورىينىڭ ھاياتىمۇ ئۆرتەنگەن دالادەك قاپقارا بولۇپ قالدى. ئۇ يۈرىكىگە ئەڭ يېقىن ۋە قىممەتلىك نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم بولدى. رەھىمسىز ئەجەل ھەممىنى تارتىۋالدى، ھەممىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، پەقەت ئىككى بالىسى قالدى، ئۆزى بولسا، گويا ئەمەلىيەتتە بۇزۇلغان تۇرمۇش روزىگارىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ۋە باشقىلار ئۈچۈن قىممىتى باردەك، ھامان تىترەپ ـ قاخشاپ زېمىنغا يېپىشىپ تۇرۇپتۇ.

ئۇ ئاكسىنىيىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن دالادا ئۈچ كېچە-كۈندۈز مەقسەتسىز كېزىپ يۈردى، ئۆيىگىمۇ قايتمىدى ياكى گۇناھىنى بويىنغا ئېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ۋېشېنىسكاياغا بارمىدى، تۆتىنچى كۈنى ئۇ ئۇست ـ خوپېرسكايا بازىرىنىڭ بىر يېزىسىدا ئاتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، دوندىن كېچىپ ئۆتتى ـ دە، سىلاششېۋسكايا ئەمەنزارلىقىغا پىيادە يۈرۈپ كەتتى، بۇ ئەمەنزارلىقنىڭ بىر ياقىسىدا ئاپرېل ئېيىدا فومىن باندىسى دەسلەپكى قېتىم تارمار قىلىنغانىدى. ئۇ تېخى ئاپرېل ئېيىدىلا ئاشۇ ئەمەنزارلىقتا ئولتۇراقلىشىپ قالغان قاچقۇنلار بار ئىكەن دەپ ئاڭلىغانىدى. گرىگورىي فومىننىڭ قېشىغا قايتىشنى خالىماي، ئاشۇ قاچقۇنلارنىڭ قېشىغا كەتتى.

ئۇ چوڭ ئورماننىڭ ئىچىدە بىرنەچچە كۈن كېزىپ يۈردى. ئۇنى ئاچلىق ئازابى قىينىغان بولسىمۇ، ئادەمزاد ياشايدىغان يەرگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئاكسىنىيىنىڭ ۋاپاتى بىلەن بىللە ئەقىل ـ پاراسىتىنى ۋە بۇرۇنقى جاسارىتىنى يوقىتىپ قويغانىدى. سۇنغان شاخنىڭ قاراسلىشى، قېلىن ئورماندا بىرنەرسىنىڭ شىتىرلىشى، تۈن قۇشلىرىنىڭ ھۇۋلىشى ـــ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى گرىگورىينى قورقۇنچ ۋە ساراسىمىگە سالاتتى.

گرىگورىي پىشىپ يېتىلمىگەن قوۋۇنىاي مېۋىلىرى بىلەن، ئۇششاق كۆز قارىنلار بىلەن، ياڭاقنىڭ ياپراقلىرى بىلەن ئورۇق-لانغاچقا ئاتتىق جۇدەپ كەتتى. بەشىنچى كۈنى كەچقۇرۇن ئۇنى ئورماندا قاچقۇنلار ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ گەمىسىگە ئاپاردى.

ئۇلار يەتتە كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئەت-راپتىكى يېزىلارنىڭ ئاھالىسى بولۇپ، بۇلتۇر كۈزدىن باشلاپ ھەربىي سەپەرۋەرلىك باشلانغان چاغدا ئەمەنزارلىقتا ئورۇنلىشىۋالغانىدى. ئۇلار كەڭ - ئازادە گەمىنىڭ ئىچىدە دېگۈدەك ھېچ-قانداق موھتاجلىق تارتماي، ئۆز ئۆيلىرىدە تۇرمۇش كەچۈر-گەندەك كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلگەنىدى. كېچىلىرى پات - پات يېزى-لىرىغا بېرىپ ئۆي ئىچى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرغانىدى؛ قايتار چېغىدا نان، سۇخارى، سۆك، ئۇن، ياكىيۇ ئالغاچ كېلەتتى، يەيدى-غان گۆشلىرىنى چەت يېزىلاردىن ئاسانلا تاپاتتى، ئاندا - ساندا مال ئوغرىلاپ سويىۋالاتتى.

قاچقۇنلارنىڭ بىرى ئۆز ۋاقتىدا 12 - كازاك پولكىدا خىزمەت قىلغان بولۇپ، گرىگورىينى تونۇغانلىقتىن، ئۇلار ئوشۇق - تۆشۈك گەپ قىلمايلا ئۇنى ئۆز ئىچىگە قوبۇل قىلى-ۋېلىشتى.

× ×

گرىگورىي ئۆزىنى قىيناپ سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان ئېغىر كۈن-لەرنى ساناۋېرىپ، ئېزىقىپ قالدى. ئۆكتەبىرگىچە قەدەر ئورماندا بىر ئامال قىلىپ، كۈن ئۆتكۈزدى، ئەمما كۈز كۈنلىرىنىڭ يېغىنگەرچىلىكى ئۇندىن كېيىن سوغۇق باشلانغان چاغدا تۇيۇق-

سىز ئۇنىڭدا باللىرىنى، ئۆز يېزىسىنى سېغىنىش تۇيغۇسى يېڭىباشتىن كۈچىيىپ كەتتى...

قانداقلا بولمىسۇن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇ كۈن بويى تاختاي سۇپا ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، ياغاچتىن قوشۇق ۋە چۆچەك قاچىلارنى ياساش بىلەن شۇغۇللاندى. يۇمشاق گەج تاشتىن ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئويۇنچۇق ھەيكەللىرىنى ماھىرلىق بىلەن ياسىدى. ئۇ ھېچ نەرسىنى ئويلىماسلىققا، يۈرەكنى سىقىدىغان زەھەرلىك سېغىنىشنى كۆڭلىگە يېقىن يولاتماسلىققا تىرىشاتتى. كۈندۈزى شۇنداق قىلىش مۇمكىن بولدى، ئەمما قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىدە ئۆتكەننى ئەسلەشنىڭ قايغۇ - ھەسرىتى گىرىگورىيغا ئاراملىق بەرمەيتتى. ئۇ سۇپىنىڭ ئۈستىدە ئۇيان ئېغىناپ - بۇيان ئېغىناپ، ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمايتتى. كۈندۈزى گەمىدە ياتقۇچىلاردىن ھېچكىم ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىرەر ئېغىز شىكايەت ئاڭلىمايتتى، ئەمما كېچىلىرى ئۇ پات - پات چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى - دە، يۈز - كۆزىنى قولى بىلەن سىيلاپ - سىيپاپ قوياتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى ۋە يېرىم يىل ئىچىدە ئۆسۈپ كەتكەن قىلىن ساقىلى كۆز يېشىدىن چىلىق - چىلىق بولۇپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ باللىرى، ئاكسىنىيە، ئانىسى ۋە باشقا دۇنيادىن ئۆتكەن يېقىن تۇغقانلىرى پات - پات چۈشىگە كىرىپ تۇراتتى، گىرىگورىينىڭ پۈتۈن ھاياتى ئۆتمۈشكە ئايلانغان، ئۇنىڭ ئۆتمۈشى بولسا ناھايىتى قىسقا ۋە يامان بىر چۈشتەك تۇيۇلاتتى. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىمدە يەنە بىر قېتىم يۈرسەم، باللىرىم بىلەن دىدار كۆرۈشسەم، شۇندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى ئىدى، دەپ ئويلايتتى ئۇ پات - پات.

باش باھارنىڭ بىر كۈنى كۈتۈلمىگەندە چۇماكوف پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ بېلىگىچە سۇدا ھۆل بولغانىدى، ئەمما ئاۋۋال-

قىدەك بەردەم ۋە ھولۇقما ئىدى. كىچىككىنە دەش ئۇچاقنىڭ يېنىدا كىيىمىنى قۇرۇتقاندىن كېيىن، ئىسسىنىۋېلىپ، گرىگورىيېنىڭ قېشىغا كېلىپ، سۇپىغا ئولتۇردى.

ـــ مېلېخوف، سەن بىزدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن بۇيان تالاي يەرلەرنى ئايلاندۇق! ئاستراخان قېشىدىمۇ بولدۇق، قالماق دەشتلىرىنىمۇ كەزدۇق... يوروق ئالەمگە نەزەر تاشلاپ يۈردۇق! ياتلارنىڭ قېنىنى تۆككەنلىكىمىزنىڭ ھېسابى يوق، ياكوف يېفىموۋىچنىڭ ئايالىنى گۆرۈ تەرىقىسىدە تۇتۇپ تۇرۇشقا ئەكىتىشتى، مال ـ مۈلكىنى سۇپۇرۇپ كەتتى، شۇندىن كېيىن ئۇ ۋەھشىيلىشىپ كەتتى ـ دە، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە خىزمەت قىلغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى چېپىشقا بۇيرۇق بەردى. قارىغۇيۇق ھەممىنى ـــ مۇئەللىملەرنىمۇ، تۈرلۈك فېلشېرلارنىمۇ، ئاگرونوملارنىمۇ چېپىپ تاشلاشقا باشلىدۇق... چاپمىغان ئادىمىمىز قالمىدى! ئەمما ھازىر ئۆزىمىزنىمۇ بىتچىت قىلىپ تاشلىدى، پۈتۈنلەي بىتچىت قىلىپ تاشلىدى، ـــ دېدى ئۇ خۇرسىنىپ ۋە تىترەكتىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ـــ بىرىنچى قېتىم بىزنى تىشانىسكايا بوسۇغىسىدا، ئۇندىن كېيىن بىر ھەپتە بۇرۇن سولومنىي يېزىسى قېشىدا تارمار قىلدى. كېچىسى ئۈچ تەرەپتىن قورشىۋالدى، ئېدىرغا چىقىدىغان بىرلا يولنى قالدۇرۇپ قويدى، ئەمما ئۇ يەردە قار ئاتنىڭ قورسىقىغا چىقاتتى... تاڭ ئېتىش بىلەنلا پىلىموتلاردىن ئوق ياغدۇردى ـ دە، جەڭ باشلىنىپ كەتتى... پىلىموتلار بىلەن ھەممە ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى، مەن بىلەن فومىننىڭ ئوغلى ـــ ئىككىمىزلا جېنىمىزنى قۇتقۇزۇۋالدۇق، فومىن ئۆزىنىڭ ئوغلى داۋىدكانى بولتۇر كۈزدىن بۇيان ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەنىدى. ياكوۋ يېفىموۋىچنىڭ ئۆزىمۇ ھالاك بولدى... مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ھالاك بولدى. بىرىنچى ئوق پۇتىغا تېگىپ، تىزىنىڭ كاسىسىنى ئىككى

بۆلەك قىلىۋەتتى، ئىككىنچىسى ئوق بېشىغا تېگىپ، سىيپىلاپ
ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئاتتىن ئۆچ قېتىم يىقىلدى، بىز ئاتنى توختـ
تىتىپ، ئۇنى يۆلەپ ئېگەرگە ئولتۇرغۇزدۇق، ئۇ بىرئاز چاپقانـ
دىن كېيىن يەنە يىقىلدى. ئۈچىنچى ئوق ئۇنىڭ بېقىنىغا تەگـ
دى ... بىز ئۇنى شۇئاندىلا تاشلاپ كەتتۇق. مەن 100 سارجىن
يىراقلىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئارقامغا قايرىلىپ قارىسام، ئۇنى
ياتقان يېرىدە ئىككى ئاتلىق ئەسكەر قىلىچ بىلەن تاسما تىلـ
غاندەك پارە - پارە قىلىۋاتقانىكەن...

— زادى شۇنداق بولماقچىدى، — دېدى گرىگورىي پەرـ
ۋاسىزلىق بىلەن.

چۇماكوف بۇلارنىڭ گەمىسىدە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى
ئەتىگەن خوشلاشتى.

— نەگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى گرىگورىي.

— چۇماكوف كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ئاسان تۇرمۇش كەچۈرىدىغان يەرنى ئىزدەيمەن. سەنـ
مۇ مەن بىلەن كەتمەمسەن؟

— ياق، ئۆزۈڭ مېڭىۋەر.

— شۇنداق، مەن سىلەر بىلەن بىللە تۇرالمايمەن...
مېلېخوف، سېنىڭ قوشۇق - كاسا ياسايدىغان قول ھۈنىرىڭ ماڭا
باب ئەمەس، — دېدى چۇماكوف مەسخىرە ئارىلاش، شۇنىڭ
بىلەن تازىم قىلىپ، تۆمىقىنى ئالدى، — ئېيسا مەسىھ سىلەرنى
سالامەت قىلسۇن، تىنچ كۈن كەچۈرۈۋاتقان قاراقچىلار، نان -
تۇزۇڭلار ئۈچۈن، ئىسسىق ياتاقلىرىڭلاردا قونغانلىقىم ئۈچۈن
سىلەرگە رەھمەت. خۇدا سىلەرگە كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئاتا
قىلسۇن، ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ يەردە ھايات كەچۈرۈش ئىنتاـ
يىن زېرىكىشلىك ئىكەن. ئورماندا ياشاپ، ھارۋىنىڭ سۇنۇق
چاقىغا ئىبادەت قىلىش — شۇمۇ تۇرمۇشمۇ؟

گرىگورىي چۇماكوف كەتكەندىن كېيىن ئەمەنزارلىقتا يەنە بىر ھەپتە تۇرۇپ، ئۇندىن كېيىن يولغا ھازىرلاندى.

— ئۆيگە قايتامسەن؟ — دەپ سورىدى قاچقۇنلارنىڭ بىرى.

گرىگورىي ئورمانىدا تۇرغان جەريان ئىچىدە بىرىنچى قېتىم سەللا كۈلۈمسىرەپ قويىدى:

— ئۆيگە.

— باھارغىچە تۇرساڭ بولمامدۇ؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1 - ماي كەلگەندە بىزگە ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلان قىلىنىدىكەن، شۇ چاغدا تارقاپ كېتەتتۇق.

— ياق، كۈتۈپ تۇرالمايمەن، — دېدى گرىگورىي، ئاندىن خوشلاشتى.

ئەتىسى ئەتىگەن ئۇ تاتارسكى يېزىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن دوننىڭ ياقىسىغا كەلدى. شادلىق ھاياجاندىن چىرايى ئاقىرىپ، جانىجان ھويلىسىغا ئۇزاق قارىدى. ئاندىن كېيىن مۈرىسىدىن مىلتىقى بىلەن ئوقدانىنى ئالدى، ئوقدانىنىڭ ئىچىدىن يىپ - يىگنىلىرىنى، كاناپ رەخت پۇرۇچلىرىنى، بىر قۇتا مىلتىق مېيىنى ئالدى، نېمىشقىدۇر پاترونلارنى ساناپ باقتى، ھەممىسى 12 تىزىق بولۇپ، يەنە 26 دانە پارچە ئوق بار ئىكەن.

تىك يارنىڭ تۈۋىدە مۇز قىرغاقتىن يىراقلاپ كەتكەنىدى. سۈپسۈزۈك يېشىل سۇ چەت - چۆرىسى تىكەنلىك مۇزغا ئۇرۇلۇپ شالاپلايتتى. گرىگورىي مىلتىق بىلەن تاپانچىنى سۇغا تاشلىدى، ئاندىن ئوقلارنى سۇغا تۆكتى - دە، قولىنى شىنېلىنىڭ ئېتىكىگە پاكىز سۈرتتى.

يېزىنىڭ تۆۋەنرەك يېرىگە بېرىپ، مارت ئېيىنىڭ ئىللىق ھاۋاسىدا ئېرىپ تۇرغان كۆك مۇزنىڭ ئۈستى بىلەن دوندىن ئۆتكەندىن كېيىن چوڭ - چوڭ چامداپ، ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

ئۇ پرىستانغا چۈشىدىغان يەردە يىراقتىنلا مىشاتكىنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بارماسلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى.

مىشاتكا تاشلارنىڭ گىرۋىكىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان چوكا مۇزلارنى سۇندۇرۇپ، يىراققا ئاتاتتى - دە، كۆك مۇز پارچىلىرىنىڭ تۆۋەنگە، يارنىڭ ئاستىغا يۇمىلاپ چۈشكەنلىكىگە دىققەت بىلەن قاراپ تۇراتتى.

گرىگورىي قىيانىڭ لېۋىگە يېقىن بارغاندىن كېيىن دېمى سىقىلىپ، خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن:

— مىشاتكا! ... ئوغلۇم!...، — دەپ قىچقاردى.

مىشاتكا چۆچۈپ كېتىپ، ئۇنىڭغا يالت قىلىپ قاراپ قويۇپ، پەسكە قاراپ تۇردى. ئۇ قىياپىتى قورقۇنچلۇق بۇ ساقاللىق ئادەمنىڭ ئۆز ئاتىسى ئىكەنلىكىنى تونۇدى...

تېخى يېقىندىلا ئەمەنزارلىقتا بالىلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، كېچىچە پىچىرلاپ ئېيتىدىغان بىرمۇنچە شېرىن، يېقىملىق سۆزلەر — هازىر ئۇنىڭ كاللىسىدىن قېچىپ كەتتى. ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئوغلىنىڭ سوغۇقتا قىزىرىپ كەتكەن قوللىرىدىن سۆيۈپ تۇرۇپ، بوغۇق پەس ئاۋاز بىلەن پەقەت بىرلا سۆزنى تەكرارلاۋەردى:

— ئوغلۇم... ئوغلۇم!...

شۇندىن كېيىن گرىگورىي ئوغلىنى قولىغا ئالدى. ياشسىز، هاياجانلانغان ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە تەشنالىق بىلەن تىكىلىپ قاراپ سورىدى:

— سىلەر بۇ يەردە قانداق تۇردۇڭلار؟... هاممىڭ، پولىيۇشكا سالامەتمۇ؟

مىشاتكا ئاۋۋالقىدەكلا ئاتىسىغا قارىماستىن ئاستا جاۋاب بەردى:

— دۇنە ئاپام سالامەت، پولىيوشكا كۆزدە ئۆلۈپ كەتتى... بوغما كېسىلىدىن. مىخايىل تاغام ھەربىي خىزمەتتە...

شۇنداق قىلىپ، مانا گرىگورىينىڭ ئۇيقۇسىز ئۆتكۆزگەن كېچىلەردە ئارزۇ قىلغان تىلەكلىرىنىڭ ئازغىنىسى ئەمەلگە ئاشتى، ئۇ جانىجان ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپتۇ. قولىدا ئوغلى بار...

ئۇنىڭ ھاياتىدا بار - يوقى قېپقالغان نەرسىسى مانا مۇشۇ، ئۆزىنى ھازىرغىچە زېمىن بىلەن باغلاپ تۇرغان ۋە كۆننىڭ سالقىن نۇرى ئاستىدا تاۋلىنىپ تۇرغان ئۇشبۇ بىپايان دۇنيا بىلەن باغلاپ تۇرغان نەرسىسى مانا مۇشۇ.

**静静的顿河（4）（维吾尔文）**

译者：热合木吐拉·加里

责任编辑：贺加克

新疆青少年出版社出版（乌鲁木齐市建设路九号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷

850×1168毫米　32开本　26.25印张

1986年7月第1版　1987年6月第1次印刷

印数：——7,150

ISBN7－5371－0075－6/I－20

统一书号：M10124·235　定价：2.75元